www.birhon.com

سەيپىدىن ئەزىزى

# سۇتۇق بۇغراخان


مىللەتلەر نەشرىياتى

سەيپىدىن ئەزىزى

# سوتۇق بۇغراخان

(تارىخىي رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى



# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................ ( 1 )

## بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى باب — لاچىن پەرۋازى........................ ( 2 )
ئىككىنچى باب — ئوردۇ ئوقۇلىدا........................ ( 27 )
ئۈچىنچى باب — غاردىكى ئۇچرىشىش........................ ( 50 )
تۆتىنچى باب — مەخپىي پىلان........................ ( 60 )
بەشىنچى باب — مەشق قىلىش........................ ( 77 )
ئالتىنچى باب — ئوۋدىن كېيىنكى جەڭ........................ ( 89 )

## ئىككىنچى قىسىم

بىرىنچى باب — سۇباشىنىڭ ھىيلىسى........................ (120)
ئىككىنچى باب — قارا كىيىملىك ئادەم........................ (127)
ئۈچىنچى باب — سىرلىق دىۋانە........................ (134)
تۆتىنچى باب — تۈن يېرىمىغا تاك - تاك........................ (143)
بەشىنچى باب — تەختكە ئولتۇرۇش........................ (156)
ئالتىنچى باب — توي تەنتەنىسى........................ (170)

## ئۈچىنچى قىسىم

بىرىنچى باب — ئورۇن تالىلاش........................ (192)

ئىككىنچى باب — جاھىللار پىتنىسى ............ (204)

ئۈچىنچى باب — مېھرابتا ............ (215)

تۆتىنچى باب — ئېرىنغداش ............ (222)

بەشىنچى باب — قوش توي ............ (236)

ئالتىنچى باب — يەركەن دەرياسى بويىدىكى جەڭ ............ (267)


## تۆتىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — يېڭى ئوردىدا ............ (283)

ئىككىنچى باب — قوچقارنىڭ بايانى ............ (302)

ئۈچىنچى باب — ياغى قاپقانغا چۈشتى ............ (323)

تۆتىنچى باب — ئۈلغىيىش ............ (338)

بەشىنچى باب — ئىپارگۈلنىڭ ئەسلىمىسى ............ (364)


## بەشىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — دوستانە سەپەر ............ (404)

ئىككىنچى باب — قۇرۇلتاي ............ (448)

ئۈچىنچى باب — بايرام تەنتەنىسى ............ (462)

تۆتىنچى باب — دوستلۇق توختىمى ............ (485)

بەشىنچى باب — قوغدىنىش تەييارلىقى ............ (511)

ئالتىنچى باب — چېگرىدا جەڭ ............ (537)


## ئالتىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — پىلان باش كۆتۈردى ............ (546)

ئىككىنچى باب — بىلىگ قۇت بىرۇر ............ (574)

ئۈچىنچى باب — ئەلدە ئۆزگىرىش ............ (592)

تۆتىنچى باب — يۇرۇشكە تەييارلىنىش .................... (636)
بەشىنچى باب — زۇلمەتلىك ماكان .................... (653)


## يەتتىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — ئۇلۇغ يۈرۈش .................... (686)
ئىككىنچى باب — ھالقىنى ئۈزۈش .................... (718)
ئۈچىنچى باب — غۇلاش ھارپىسىدا .................... (744)
تۆتىنچى باب — گۈزەل پەرغانە .................... (785)
بەشىنچى باب — سەمەرقەنتكە تەھدىت .................... (826)


## سەككىزىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — سەمەرقەنتنى ئېلىش .................... (852)
ئىككىنچى باب — غالىبىيەت تەنتەنىسى .................... (881)
ئۈچىنچى باب — سەمەرقەنت مەدرىسىدە .................... (904)
تۆتىنچى باب — قەشقەرگە قايتىش .................... (932)


## توققۇزىنچى قىسىم


بىرىنچى باب — خان ئوغۇل ئىز باستى .................... (965)
ئىككىنچى باب — ئۇل سالغۇچىلار سۆھبىتى .................... (975)
ئۈچىنچى باب — نورۇز بايرىمى .................... (982)
تۆتىنچى باب — ئۈمىد دولقۇنلىرى .................... (996)

# كىرىش سۆز

سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدا بىر رومان يېزىش، ئۇزاقتىن بۇيان كەلگەن ئارزۇيۇم ئىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاتۇشتا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىكىمدىن تارتىپلا بۇ توغرىسىدا جىق ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلايدىغان. قەشقەر بويىچىلا ئەمەس، شىنجاڭ دائىرىسىدىمۇ مەشھۇر بولغان بۇ مازارنى كىشىلەر يىراق-يىراقلاردىن كېلىپ "ھەزسۇلتۇنۇم" دەپ تاۋاپ قىلاتتى. ئاتۇشلۇقلار بولسا بۇ مازارنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايتتى. بۇ مازار ئاستىدا ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار زامان-زامانلاردىن بىرى ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
دۈشەنبە بازىرى بار.
غېرىپلارنى قوللايدۇ،
ھەزسۇلتان مازىرى بار.

ھەزسۇلتاندا تۇغ-ئەلەم،
قولىدا قىلىچ-قەلەم.
يىغلىماڭلار ياش باللا،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ئالەم.

"ھەزسۇلتان" دېگەن سۆز "ھەزرەت سۇلتان" دېگەن سۆزنىڭ

جانلىق تىلدا ئىپتىلىشى بولۇپ "ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان" دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى، "سۇلتان" دېگەن سۆز ئەرەبچە "سەلتەنەت ئىگىسى" دېگەن بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخان نامغا ئۇلىنىك ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا "سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇكېرىم" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. "ئابدۇكېرىم" ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قويۇلغان ئىسمى.

كىچىك ۋاقىتلاردا ئاشۇ "ھەزسۇلتۇنۇم"غا بالىلار بىلەن بېرىپ ئوينايتتۇق. كېيىنرەك، مازارنىڭ شەيخى — ئاقساقال بوۋايدىن "ھەز-سۇلتۇنۇم" توغرىسىدا ئۇزاق-ئۇزاق قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئاڭلايتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ياش ۋاقتىمدا سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدا سىڭىپ قالغان بۇ تەسىر چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر نەرسە يېزىش ئارزۇسىنى پەيدا قىلغانىدى. لېكىن بۇ ئارزۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر ۋە ئىشنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. ئەمدىلىكتە، 65 يېشىمدا تارىخ توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىيرەك ماتېرىيال كۆرۈپ تەتقىق قىلىشقا ۋە بۇ رومانىنى يېزىشقا پۇرسەت بولدى.

ئۇيغۇر تارىخى ئۇزاق، مۇرەككەپ، باي مەزمۇنلۇق، شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەش پائالىيەتلىرى بىلەن تولغان تارىخ.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قەدەممۇقەدەم ئۆسۈش، بىرلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنى ئۇرۇقلار بىرلىشىپ قەبىلىگە، قەبىلىلەر بىرلىشىپ ئۇلۇسقا، ئۇلۇسلار بىرلىشىپ تېخىمۇ چوڭراق خەلقلەر تۈركۈمىگە تەرەققىي قىلغان. ئاندىن كېيىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مۇئەييەنلىشىپ مىللەت شەكلىنى ئالغان. بۇ جەريان 2000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئورخون-بالقاشتىن كوئېنلۇنغىچە، خېشى كارىدورى — دۇنخۇاڭدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 500 — 300 يىلدىن، مىلادىدىن كېيىنكى 5-ئەسىرگىچە، ئالاھىدىلىكى بىر-بىرىگە يېقىن بولغان نۇرغۇن تۈركىي ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر ياشىغان. يېقىنقى زامان ئالىملىرى شۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن قەبىلە ۋە خەلق تەرىپىدىن قوللىنىلغان تىلغا ئورتاق خاراكتېرىدە تەرىپ بېرىپ "تۈركىي تىللار" دەپ ئاتىغان.

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە، "دىڭلىڭ" دەپ ئاتالغان بىر خەلق بار. "دىڭلىڭ" دېگەن بۇ نام كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە تېلې، گاۋچې (قاڭقىلى) دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان.

دىڭلىڭلار دەسلەپتە بىر خىل قەبىلىلەر بىرلەشمىسى بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇيغۇرلار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر دېگەن نام يۈەنخې، خۇيخې، ۋېيخې، خۇيخۇ دەپ ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئاھاڭ جەھەتتىن تەرجىمە قىلىنغان. 5-ئەسىردىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش تۇپەيلىدىن، بۇ دائىرىدىكى ئاھالىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆزىگە لايىق رايونلارغا كۆچۈشتى. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاساسلىق يۇقىرىلىرى ئورخون، توغلا، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا جۇغلاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخىي پائالىيىتى 744-يىلدىن 840-يىلغىچە بولغان ئورخون ئۇيغۇر خانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خانلىقنىڭ ئىچكىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان. ئۇيغۇر خانلىقى 759-يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ "ئۆگلۈك-سۆيگۈن" (بولارنى خەنزۇچە

يازمىلاردا ئەن لۇشەن، شى سىمىن دەيدۇ) توپىلاڭلىرىنى تىنچىتقان. بۇ پائالىيەت بىلەن تارىختا كۆپ ھېكايە قىلىنغان "ئات-يىپەك بالالار سودىسى" بارلىققا كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانىدانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سودا يۈز يىل داۋام قىلغان.

840-يىلى، تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا ئۇلۇسلار بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇش ئاقىۋىتىدە ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ بىرلىكى شىكەست يېدى. ئورخون، توغلا، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ باشقا جايدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچۈشتى. بىر تۈركۈمى جەنۇبقا كۆچۈپ، كېيىنكى يىللاردا بۈگۈنكى خېبېي، شەنشى دائىرىلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. قالغان ئۈچ تۈركۈمى غەربكە يۈرۈپ، خېشى (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ غەربىي)، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئورۇنلىشىپ، شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن قېرىنداشلىرى ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خېشى ئۇيغۇرلىرى دۆلىتى، قاراقوچۇ-ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرغان.

قاراخانىلار دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان. بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە يەنە قارلۇق، باسمىل، چىگىل، تۈركەش، ياغما ھەم باشقا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ سوغدى قاتارلىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر ۋە كۆچمەن چارۋىچىلار بار ئىدى.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ دىن پۈتۈن قاراخانىلار

خاندانلىقنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا بولسا، بۇ ئۈچ تۇركۇم ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتكەن.

بۇ ئۆزگىرىشنى مەيلى جەمئىيەت خاھىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسۇن، ۋە مەيلى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسۇن، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا غايەت زور ئىنكاس قوزغىغان ھەم گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ زىددىيەتنى پەيدا قىلغان.

مۇرەككەپ زىددىيەتنى پەيدا قىلغۇچى يەنە بىر ئامىل قوراللىق توقۇنۇش، ياكى ئۇرۇش ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنى ئېلىپ ئېيتايلى، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى، خوتەن بۇددىستلار ھاكىمىيىتى بىلەن بەزىدە ئۇرۇشلارنى قىلغان. ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن سامانىلار خاندانلىقى ۋە غەزنىۋى خاندانلىقى بىلەن ئۇزاق ئۇرۇش قىلغان.

ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر ئاز ئەمەس. «كونا تاڭنامە»دىكى «ئۇيغۇرلار» بابىدا تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىننىڭ: "627 — 649-يىللىرىدا بەش تېكىن باشچىلىقىدىكى 20 قەبىلە ئۇيغۇر تالاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان" دېگەن سۆزى يېزىلغان. مەھمۇت قەشقەرى: "ئۇيغۇرلار ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل (ۋولگا) بويلىرىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ تىللىرى يەڭگىل-توغرا، ياخشى تىل" دېگەن. «سۇينامە»دە: "ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن ئېۋىرغۇل (قومىت بالىق — قۇمۇل)نىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان" دېيىلگەن. پارىژ ئالىي مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى ھىنرى ماسپى: "10-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر، قارلۇق، ئوغۇز...لارنىڭ ماكانى ئىدى" دېگەن. "ئۇيغۇرلار قەدىمكى

تۈرك قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ قالماي، ئۇلار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارالغان" (ۋ. ۋ. رادلوۋ). بارتولد رادلوۋنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ: "ئۇيغۇر — تۈرك" دەپ ئاتىغان.

ئورخون ئۇيغۇر خاقانى مويۇنچۇرنىڭ قەبرىسىدىكى 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەڭگۈ تاشتا: "قالىس بودۇن ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈزا يۈز يىل ئولۇرۇپ" دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى: "بۇ جايدىكى قالغان خەلقلەر — ئون ئۇيغۇر-توققۇز ئوغۇزلار يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشىدى" دېگەن بولىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار 3-ئەسىردىن خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان، كۆچمە دۆلىتى بولغان، جەمئىيىتى بولغان. 7-، 8-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي دۆلىتى (خاقانى) بولغان. قەدىمكى بۇددا دىنى كىتابىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغان بىر تېكىستتە: "ئۇيغۇر ئىلى ئالىك ئورتون ئۇلۇستا تۇسۇپ بالگوروپ" (ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئۇلۇستا ئىلىك — خاقان بولغان") دەپ يازغان. خەنزۇ تارىخچىسى خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تۇرپان» دېگەن ئەسىرىدە "ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى" دېيىلگەن. رادلوۋ: بىر قاتار ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يېزىلغان "ئۇيغۇر"، "ئون ئۇيغۇر"، "توققۇز ئۇيغۇر"، "ئوغۇز، توققۇز ئوغۇزلار" ھەممىسى ئوخشاش بىر خەلق — ئۇيغۇرلار، دەپ يازغان.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈيۇقسىز مەيدانغا چىقىپ قالغان ياكى تامامەن باشقا ياقتىن كېلىپ قالغان خەلق ئەمەس، ئۇلار قەدىمدىن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ كېچىكتىن چوڭغا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆسۈپ، ئۇلغىيىپ كەلگەن بىر خەلق. ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت (تىل-يېزىق) جەھەتلەردە

دەۋرمۇدەۋر تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ (غەرب-شەرقتىكى تۈركىي بولمىغان خەلقلەرنىڭمۇ) ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خەنزۇلارنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھەم ئەللەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقى تەبىئىي.

قاراخانىلار خاندانلىقى جۇڭگو تارىخىدا، ئۇيغۇر تارىخىدا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى (300 يىلدىن ئارتۇق) جەھەتلەردە كونا ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىم ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن ھەم قاراقوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدىغان چوڭ، قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن. دۇنياغا داڭلىق بولغان ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ شەۋكەتلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر — «قۇتادغۇ بىلىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ھەببەتۇلھەقايىق» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر: يۇسۇپ بالاساغۇنى، مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئەھمەت يۈكنەكىدەك ئۇلۇغ ئالىملار مۇشۇ دەۋردە دۇنياغا كەلگەن. شۇڭا، بۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى "گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى" دەپ ئاتاش توغرا، ئىلمىي يەكۈن.

ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھادىسە تۇيۇقسىز پەيدا بولمايدۇ. ئۇ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت ئامىللىرى يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ قوشنا

ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت ئاشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىي يەنە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، بۇ ھاكىمىيەت سىياسىي جەھەتتە، ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ تۇرىدىغان ئاقىلانىلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۆز دەۋرىنى سىلجىتىش خاراكتېرىدىكى يۈكسىلىش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلىتىش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا زور بولغان ئىلغار ئامىللارغا ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ئۇزاققىچە مۇقىم، تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان، ئىقتىسادىي پەيدىنپەي يۈكسىلىپ بارغان. شۇڭا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن ئىجادىي تۆھپىلەر بارلىققا كەلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان "گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋر"نىڭ مەنىسمۇ مۇشۇ يەردە.

شۇنىسى ئېنىقكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما پاكىتلارغا قاراپلا بۇ دەۋردە ئارانلا ئۈچ ئالىم ۋە ئۈچ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئالىملارمۇ ھەربىرسى يالغۇز بىردىنلا كىتاب يېزىپ شۇ قەدەر يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان دېيىش بىر تەرەپلىمىلىك. ئۇنداق ئۇلۇغ ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق مەشھۇر ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنىڭ يۈكسەك يىغىنچاقلانغان مەھسۇلى ئىكەنلىكى چوقۇم. ئەپسۇسكى، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ۋە بۇ خاندانلىقنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچى بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ۋە تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان يازما ھۆججەتلەر بەك ئاز.

بۇ روماندا ۋاقىت جەھەتتىن سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلى ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋردە بىرقەدەر چاپسان تەرەققىي قىلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان يۈكسىلىش كۆزدە تۇتۇلدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل، قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، ئىچكى ئەھۋالى بىرقەدەر مۇقىم، ئالغا بېسىشى تېزرەك مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بار:

1) ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسلىنىپ بىرقەدەر مۇكەممەل فېئوداللىق ھەربىي دۆلەت تۈزۈمى ۋە يانچىلىق-فېئودالىق ئىجتىمائىي ئىگىلىك مەيدانغا كەلگەن. قاراخانىلار خاندانلىقى بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھر، يەتتەسۇ رايونى ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان. بۇ دائىرە ئاسىيا بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ دائىرە ئىچىدە تۇراقلىق دېھقانچىلىق ئاھالىلىرى، شۇنداقلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى. ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ دائىرىدە فېئودال پومېشچىكلار، نەسەبلىك تۆرىلەر، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، قاراخانىلار خاندانلىقى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ شەكىللىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى يولغا قويغان، ماۋەرائۇننەھر رايونىدا بولسا "ئىلىكخان" ۋە "ئېكتار" شەكلى ئارقىلىق دۆلەت بىۋاستە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان. قۇللۇق دەۋرىنىڭ كونا تۈزۈملىرى سۇندۇرۇلۇپ، فېئوداللىق دەۋرىنىڭ يېڭى

تۈزۈملىرى تىكلەنگەن. ئىلگىرىكى يېرىك ۋە ئوتتۇرا قۇلدارلار يېڭى يېرىك، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن يەر ئىگىلىرىگە ئايلانغان. مەسىلەن، كۆپ مىقداردا يەر ۋە چارۋامالغا ئىگە بولغان ئىكتادارلار، خان جەمەتلىرى (بەگ-تۆرىلەر)، ھەربىي ئەمەلدارلار، چوڭ زېمىندارلار — بۇلار بولسا دۆلەتتە يۇقىرى ئىقتىسادىي ئىگىلىكتە ۋە مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى يۇقىرى تەبىقىلەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا چوڭ سودىگەرلەر، جازانىخورلار، قول ھۈنەر خوجايىنلىرى، كارخانىلار مەيدانغا كەلگەن. ئاز يەرلىك دېھقانلار ۋە ئاز ماللىق چارۋىچىلار (ياكى قول دېھقان-چارۋىچىلار) يىللىق، ئۇزاق يىللىق ۋە ئۆمۈر بويى سېتىلغان ئەر-ئايال دېھقان-چارۋىچىلار (كۆك-دېدەكلەر)، قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە تۆۋەن خىزمەتچىلەر — بۇلار بولسا تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان، ئەڭ كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت ئىدى. قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرى تېخى مەۋجۇت بولسىمۇ، فېئوداللىق تۈزۈم ئاساسەن تىكلىنىپ بولغان. يانچىلىق-فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل خاندانلىقنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئاساس سالغان.

2) ئىسلام دىنى شىنجاڭغا ئىلگىرىرەك ئايرىم-ئايرىم تارالغان بولسىمۇ، سۇتۇق بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە رەسمىي قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت دىنى ھېسابلانغان. سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىلار خاقانلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈچى ۋە ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى نامى بىلەن تارىختا مەشھۇر. ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەھكەم بۇددىستلار ھېسابلانغان قاراخانىلار خاق-

دانلىقى خەلقلىرى ئارىسىدا تارىلىشى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماي، ئۇ، نەبىشىي يوسۇندا ئادەت-يوسۇن، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردىمۇ نەسىر كۆرسىتىپ، بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولغان، شۇنىداقلا ئىسلام دىنى ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە بۇ ياقتىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ خوراسان ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى، خەلقلىرى بىلەن بولغان مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى كۈچەيگەن. كۆنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىكى كۆپلىگەن ئۇلۇسلار بىر خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپلا قالماستىن، بىر دىنغا — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ ئەھۋال قەبىلە، ئۇلۇس ۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ تەرەققىي قىلىشىدا، ئورتاق مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشتە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان.

3) قاراخانىلار خاندانلىقى دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ شەكىللىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇنلىشىش ئېھتىياجى بىلەن تىكلەنگەن. كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونىدا، قاراخانىلار خاندانلىقى ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارغا مەلۇم مەمۇرىي ھوقۇقنى بەرگەن. مەسىلەن: ئەدلىيە، ئامانلىق ساقلاش، خاندانلىق ئۈچۈن باج سېلىق توپلاش ۋەھاكازالار. ماۋەرائۇننەھر ھەم تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا بولسا، قاراخانىلار خاندانلىقى بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ بەلگىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ دائىرىدە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەنسەپكە تەيىنلىنىشى ۋە مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى خان تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. بۇ

ئەمەلدارلار، خاننىڭ پەرمانى ۋە مۇددىتاسى بويىچە ئىش بېجىرىشى كېرەك ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقى تۈزۈمىنىڭ بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ بىسالال يۈرگۈزۈلۈشىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار قانۇن ۋە نىزامىنى تۈرغۇزغان. مەسىلەن: جىنايەت قانۇنى، باج-سېلىق نىزامى، يەر-سۇ توغرىسىدىكى نىزام، قۇللار (ياكى قۇل دېھقانلار)نى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش نىزاملىرى ۋە باشقىلار.... دۆلەت تۈزۈمىدە ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئىلغار بولغان خەلقچىلىقمۇ بولغان. مەسىلەن: ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق بۇغراخاننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا دۆلەت قۇرۇل-تىيى ئېچىش، "تۈيغۇرۇش ھالقىسى" دەپ ئاتالغان ئۈچ كىشىلىك يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگان ۋە دۆلەت (ئوردا) كېڭىشى بولغان. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە مۇۋاپىق بولغان بۇ دۆلەت تۈزۈمى، ئاساسەن سۇتۇق بۇغراخان زامانىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەسەردە دۆلەت تۈزۈل-مىسىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىندى.

قاراخانىلار خاندانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت يىمىرىلىشكە يۈز تۇتۇپ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىدە تۇرۇپ كەلدى. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تاڭ سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ھەربىي ئىسيانلار تەرىپىدىن گۇمران بولۇپ چاك-چېكىدىن بۆسۈلدى. "مىلادى 860-يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چيۇ پۇ (؟— 860-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە پاڭ شۈن (؟— 869-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان ھەربىي ئىسيان پارتلىدى. مىلادى 874-يىلغا كەلگەندە، ئاخىر ۋاڭ

شىيەنجى (؟ — 878 - يىللار) باشچىلىقىدىكى پۈتۈن مەملىكەت كۆلەم-
لىك چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىدى.» 878 - يىلدىن كېيىن "خۇاڭ چاۋ
قوزغىلاڭچىلىرى ۋاڭ شىيەنجى ئىزىدىن مېڭىپ، 880 - يىلى تاڭ
سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەننى ئالدى..."، "...شۇنىڭ بىلەن
بەش دەۋر، ئون بەگلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى دەۋرى (906 — 960 -
يىللار) باشلاندى..." مىلادى 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان
بولسىمۇ "دۆلەت سىياسىتى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش بىلەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلقنىڭ قارشى-
لىقىنى باستۇرۇش، تاشقى جەھەتتە تامامەن مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇش
بولدى". شۇڭا "سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 320 يىل
ئىچىدە شىمالدىكى زېمىندا قالاق مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى باشتىن-
ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دەسلەپتە كىدان، كېيىن جۇرجىن،
ئاخىردا موڭغۇللار شۇنداق قىلدى." (جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭ،
خۇخۇا: «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات») شۇ مەزگىللەردە لياۋ
سۇلالىسى خۇاڭخېنىڭ شىمالىي رايونىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى.
ھازىرقى يىنچۈەننى مەركەز قىلغان رايوندا غەربىي شيا خانلىقى ۋە
گەنسۇ كارىدورىدا خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. دۇنخۇاڭ-
دىن تارتىپ جۇڭغار، تارىم ئويمانلىقلىرىدا قاراقوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى
بىلەن قاراخانىلار دۆلىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. بۇنىڭدىن باشقا
تىبەت ئېگىزلىكى ھەم ھازىرقى يۈننەن - گۇيجۇ ئېگىزلىكىدىمۇ بىر
قاتار ھاكىمىيەت گەۋدىسى شەكىللەنگەنىدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال
ئاستىدا قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان رەسمىي
مۇناسىۋىتى پەقەت قىسمەن ۋاستىلىك ئايرىم مۇناسىۋەتلەر ۋە تارقاق
دائىرىدىكى بىۋاسىتە سودا مۇناسىۋىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئەمەلدارلار خاننىڭ پەرمانى ۋە مۇددىئاسى بويىچە ئىش بېجىرىشى كېرەك ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ بىمالال يۈرگۈزۈلۈشىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار قانۇن ۋە نىزامنى تۇرغۇزغان. مەسىلەن: جىنايەت قانۇنى، باج-سېلىق نىزامى، يەر-سۇ توغرىسىدىكى نىزام، قۇللار (ياكى قۇل دېھقانلار)نى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش نىزاملىرى ۋە باشقىلار.... دۆلەت تۈزۈمىدە ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئىلغار بولغان خەلقچىللىقمۇ بولغان. مەسىلەن: ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق بۇغراخاننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا دۆلەت قۇرۇلتىيى ئېچىش، "ئۇيغۇرۇش ھالقىسى" دەپ ئاتالغان ئۈچ كىشىلىك يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگان ۋە دۆلەت (ئوردا) كېڭىشى بولغان. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە مۇۋاپىق بولغان بۇ دۆلەت تۈزۈمى، ئاساسەن سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەسەردە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىندى.

قاراخانىلار خاندانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت يىمىرىلىشكە يۈز تۇتۇپ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىدە تۇرۇپ كەلدى. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان تاڭ سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ھەربىي ئىسيانلار تەرىپىدىن گۇمران بولۇپ چاك-چېكىدىن بۇزۇلدى. "مىلادى 860-يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چيۇ پۇ (؟ — 860-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە پاڭ شۈن (؟ — 869-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان ھەربىي ئىسيان پارتلىدى. مىلادى 874-يىلغا كەلگەندە، ئاخىر ۋاڭ

شيەنجى (؟ — 878-يىللار) باشچىلىقىدىكى پۈتۈن جەمئىيەت كۆلەملىك چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىدى." 878-يىلدىن كېيىن "خۇاڭ چاۋ قوزغىلاڭچىلىرى ۋاڭ شيەنجى ئىزىدىن مېڭىپ، 880-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەننى ئالدى..."، "...شۇنىڭ بىلەن بەش دەۋر، ئون بەگلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى دەۋرى (906 — 960-يىللار) باشلاندى..." مىلادى 960-يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ "دۆلەت سىياسىتى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش، تاشقى جەھەتتە تامامەن مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇش بولىدى". شۇڭا "سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 320 يىل ئىچىدە شىمالدىكى زېمىندا قالاق مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دەسلەپتە كىدان، كېيىن جۇرجىن، ئاخىردا موڭغۇللار شۇنداق قىلدى." (جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭ. خۇخۇا: «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات») شۇ مەزگىللەردە لياۋ سۇلالىسى خۇاڭخېنىڭ شىمالىي رايونىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. ھازىرقى يىنچۈەننى مەركەز قىلغان رايوندا غەربىي شيا خانلىقى ۋە گەنسۇ كارىدورىدا خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. دۇنخۇاڭدىن ئارتىپ جۇڭغار، تارىم ئويمانلىقلىرىدا قاراقوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن قاراخانىلار دۆلىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى. بۇنىڭدىن باشقا تىبەت ئېگىزلىكى ھەم ھازىرقى يۈننەن-گۈيجۇ ئېگىزلىكىدىمۇ بىر قاتار ھاكىمىيەت گەۋدىسى شەكىللەنگەنىدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان رەسمىي مۇناسىۋىتى پەقەت قىسمەن ۋاستىلىك ئايرىم مۇناسىۋەتلەر ۋە تارراق دائىرىدىكى بىۋاستە سودا مۇناسىۋىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئاشۇ بىرلا مەزگىلدە خېشى كارىدورىدىن مەركىزىي ئاسىياغىچە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۈچ ئۇيغۇر هاكىمىيىتى تەۋەسىدە خېشى ئۇيغۇر دۆلىتىدە غەيرىي ئۇيغۇر مىللەتلىرىمۇ كۆپ بولغان، قاراقوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئۇنچە كۆپ بولمىغان، قاراخانىلار ئۇيغۇر خانلىقىدا بولسا مىللىي تەركىب مۇرەككەپرەك ۋە كۆپرەك بولغان. دىنىي بۆلۈنۈش بۇ ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى ئارىسىدا نوقۇل هاكىمىيەت جەھەت-تىكى، ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىكى بۆلۈنۈشنىلا كەلتۈرۈپ چىقارماي، بەلكى ئۇ، ئۈچ خاندانلىق تەۋەسىدىكى بىر خىل مىللەتنىڭ ياشاش شارائىتى، ئىجتىمائىي تەپەككۇرىدىمۇ غايەت زور ئىنكاس قوزغىغان ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ زىددىيەتنى بەرپا قىلغان.

شۇنداقتىمۇ بۇ ئۈچ دۆلەت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا پەرق چوڭ ئەمەس.

پۈتكۈل قاراخانىلار دەۋرىدە بۇ ئۈچ دۆلەت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بىر، مىللىي ئادەت-يوسۇنلىرى ئوخشاش ئىدى. تارىخىي شارائىت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئۈچ قىسىم ئۇيغۇرلار بۆلۈنۈش هالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، مىللىي ئەنئەنە جەھەتتىن ئوخشاش، قېرىنداش دۆلەتلەر ئىدى.

تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق شۇنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى، ئۇيغۇرلار بالقاشتىن كۇئىنلۇنغىچە، خېشىدىن پامىر-ئاموغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە قەدىمدىن تارتىپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ، ئۆسۈپ-ئۇلغىيىپ، كۆچۈپ-ئۇيۇشۇپ كەلگەن ئاساسلىق بىر خەلق. ئۇلار ئۆز كۈرەش پائالىيىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆزلىرى دەۋرمۇدەۋر تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن ئۆزى قاتناشقان تىل ئائىلىسىدە سۆزلىشىدىغان باشقا

خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارغا قوشنا بولغان قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە يادىكارلىقلار بۇنىڭغا بىر مىسالى.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ غەربىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش مەقسىتىدە غەربكە يۈرۈشلەر قىلىپ تۇرۇشى مەدەنىيەت تەسىرىنى كېڭەيتىشتە ئاساسىي بىر سەۋەب بولغان. غەربكە قىلىنغان چوڭ يۈرۈشلەر ئاساسەن سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدە باشلانغان. شۇڭا ئەسەردە سۇتۇق بۇغراخان غەربكە قىلىنغان يۈرۈشنىڭ ئاساسىي سەركەردىسى قىلىپ يېزىلدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇلارنىڭ تارىخىي-ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مىللىي خۇسۇسىيىتى، مەدەنىيەت، تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئورتاق مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىمىزنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

مەن بۇ روماننى يېزىش جەريانىدا بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي تارىخىي ئەسەر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ نوقۇل تارىخ ئەمەسلىكى، شۇنداقلا تارىخىي چىنلىقتىنمۇ چەتنەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. تارىخىي زور ۋەقەلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشتا سەنئەت قانۇنىيىتى يول قويغان دائىرىدە بەلگىلىك ئىزدىنىشلەر ئېلىپ باردىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىنى تەتبىقلاش كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقارمىدىم.

بۇ ئەسەرنى يېزىشتا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردىن بىرى تىل مەسىلىسى بولدى، كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئاپتور بايانىنى

هازىرقى زامان تىلى بىلەن، پېرسوناژلار تىلىنىمۇ ئاساسەن هازىرقى زامان تىلى بىلەن يېزىش، شېئىر، قوشاق، ماقال، تەمسىللەردە ئۆز ۋاقتىدىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، لېكىن هازىرقى كىشىلەرمۇ چۈشىنىدىغان بولۇش؛ چۈشىنىكسىزدەك تۇرغانلىرىغا ئىزا-هات بېرىش؛ مۇمكىنقەدەر ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى (بولۇپمۇ ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرىكى سۆزلەردە) ئىشلەتمەسلىك؛ ئايرىم ناملار، ئەمەل ئىسىملىرى، ئۇنۋانلار، جاي ئىسىملىرىنى ئەسلى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىپ ئىزاهات بېرىش پرىنسىپ قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئالاهىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيىتىگە تولۇق رىئايە قىلىنمىدى. مەسىلەن: بۇغرانىڭ قوشۇنى ئەمەس، بۇغرا قوشۇن؛ خاننىڭ ئوغلى (شاهزادە)، خاننىڭ قىزى (مەلىكە) ئەمەس، خان ئوغۇل، خان قىز؛ خان ئاغىچا ئەمەس تەركەن خاتۇن ۋە باشقىلار. تىل مەسىلىسىنىڭ توغرا هەل قىلىنغان بولۇشى ناتايىن. كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ تىلشۇناسلارنىڭ ۋە ئەدىبلەرنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ روماندا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى يۈز يىللىقىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى، يەنە سۇتۇق بۇغراخان هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى تارىخىي هايات، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات كۆزدە تۇتۇلغان هالدا، سۇتۇق بۇغراخان — قاراخانىلارنىڭ ئوبراز-لىق ۋەكىلى سۈپىتىدە بايان قىلىندى. روماندىكى يىللار (ئۇ چاغدا قانداق يىل نامى قوللىنىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس) ئۇچچۇق (مىلادى ياكى هىجرىيە) دەپ يېزىلماي، مۇچەل يىللىرى بىلەن، مەسىلەن: ئۈچىنچى يۈز يىللىقىنىڭ بىرىنچى يېرىمى، بارس يىلى، ياكى

سىچقان يىلى دەپ ئېلىندى.

بۇنداق مۇرەككەپ بىر تارىخىي روماننى يېزىش ئاسان بولمىدى. شۇنداقتىمۇ تارىخىي رومانلارنى يېزىشتا بىر باشلامتا بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ھەم ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتە قوشۇمچە پايدىلىنىدىغان بىر ئەسەر بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ روماننى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدىم. روماندا يېتىشسىزلىكلەر چوقۇم بار، ھەتتا خاتالىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدىكى، يەنى ئون بىرىنچى يۈز يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە مەھمۇت قەشقەرى...لەر ياشىغان دەۋردىكى تارىخىي، مەدەنىي ھايات توغرىسىدا يەنە بىر ئەسەر يېزىش نىيىتىم بار.

ئاپتور.

# بىرىنچى قىسىم

ئادەم ئۆز ئاخىرى بىر ئۇچۇم تۇپراق،
كەتتىمۇ ئەبەدكە كەلمەيدۇ بىراق.
شۇ ئۇچۇم تۇپراقتىن ئۈنەر قىزىل گۈل،
ۋە ياكى شۇمبۇيا ۋە ياكى يانتاق.



## بىرىنچى باب

# لاچىن پەرۋازى

كالا يىلى، كۈز پەسلى،
ئونىنچى يۈز يىللىقنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى،
قەشقەر ۋادىسىنى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ساپ، ئالتۇندەك نۇرى بېزەپ كۆز چاقناتتى. قەيسەر، مەزمۇت مۇزتاغ ئاتىنىڭ پەلەككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك ئاقباش چوققىسى تاڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ تېخىمۇ مەغرۇر پارقىرايتتى. ئۇ، كىشىگە گويا "مەن مۇشۇ دىيارنىڭ خوجىسى ھەم گۇۋاھچىسى" دېگەندەك مەيدىسىنى كېرىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى.

ئوردۇكەنتنىڭ① سۈزۈك، پايانسىز ئاسمىنىدا بىر لاچىن پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئاستانە ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ كۆڭ-پېتىشتىكى تاغلار تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىگەنكى ئۇچۇشى بۆلەكچىلا شوخ: تورۇپلا تىككىسىگە ئاسمانغا كۆتۈرۈلسە، تورۇپلا يېزىلار، دەريالار ئۈستىدە ئەگىيتتى ۋە شۇڭغۇيتتى؛ ئۇ، بۇ ئەركىن پەرۋازى بىلەن، سايراپ ياڭراتقان ئۆتكۈر ئاۋازى بىلەن گويا پۈتكۈل ئەلنى تاڭ خۇشاللىقى بىلەن تەبرىكلەۋاتقاندەك، ئويغانغان جانلارغا دىلكەشلىك قىلىپ، ئۇنى

---

① ئوردۇكەنت — شۇ ۋاقىتتىكى ئاستانە (ھازىرقى "خانئۇي" خارابىسى).

يايراپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى...

لاچىننىڭ پەرۋازىغا ماسلىشىپ مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندەك قەيەردىندۇ قىزلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى:

لاچىن كۆكتە ئۈزەيدۇر، كۆرسەتكىچۇ ئاداش،
بۇلۇت ئىچرە گىزەيدۇر، كۆرسەتكىچۇ ئاداش،
قانات قاقىپ سايرايدۇر، كۆرسەتكىچۇ ئاداش،
لاچىن بولۇپ قولۇمغا قونساڭچۇ ئاداش.

لاچىن پەرۋاز قىلغىنىچە كۈنپېتىش ياقتىكى تاغ جىلغىلىرىدىن بۇرۇلۇپ، تۈمەن دەريا بىلەن قىزىل دەريا ئارىلىقىنى بويلاپ تۆۋەنلىدى. ئەنە، ئۇنىڭ قاناتلىرى تەكتىدە گىلەمدەك گۈزەل ۋادىلار، ياپيېشىل دەرەخزارلىقلار، بۈك-باراقسان باغلار يېيىلىپ ياتماقتا. ناخشا ساداسى گويا پۈتۈن ۋادىغا يېيىلىۋاتقان قوياش نۇرىدەك تارالماقتا.

چىمەنزاردا ساندۇلاچلار① سايرايدۇ،
سايرايدۇ ئۇ گۈل دەردىدە ھارمايدۇ،
سايرايدۇ، ھارمايدۇ، ئويناپ يايرايدۇ،
ساندۇلاچتەك گۈلۈمگە قونساڭچۇ ئاداش.

ناخشا جاراڭلىماقتا، لاچىن پەرۋاز قىلماقتا. لاچىننىڭ قاناتلىرى ئاستىدىكى ئېتىزلاردا، ئۆستەڭلەردە، چۆللەردە سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرغۇزۇلغان ۋە ئەمدىلىكتە ھالسىزلىنىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان يېرىم ئاچ-يېرىم يالىڭاچ يانچىلار ئاران-ئاران قىمىرلاشماقتا... كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان جۇل-جۇل كىيىملىك قەلەندەرلەر بىلەن

① ساندۇلاچ — بۇلبۇل.

نوشقان مۇڭزار بازارلار ھېلىنىلا قىزىماقتا؛ ئىككى قاسنىقىدا نەيزە-قالغان تۆتغىسىچە تىك تۇرغان چېرىكلەر ساقلاۋاتقان كارامەت ئوردۇ بىنالىرى، ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ قاپقىلىرى ئېچىلماقتا... باغلانغان ياپچىلارنىڭ باشلىرىدا قامچا ئوينىتىپ كېتىپ بارغان ئاتلىق يوغان قورساقلار قۇل بازارلىرىغا ئالدىرىماقتا...

قىزىل سىرلىق قاپقىلىرى كېچە-كۈندۈز يېپىلمايدىغان، قىزىل موم شاملىرى بىلەن خۇش پۇراق كۈجىلىرى ھېچقاچان ئۆچمەيدىغان بۇتخانىلاردا سەھەردە كېلىپ ئىبادەت قىلىپ، تىلەك تىلەپ تاۋاپ قىلىۋاتقان قۇرۇق ئۈستىخان، جۇل-جۇل كىيىم ئەر-ئايال بىچارىلەر ئەمەلىكتە شۇ كۆڭلۈك تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سىرتقا ئاقماقتا...

راستىنى ئېيتىپ باققىنا، باقمامسەن ماڭا؟
سۆيۈنچ تۇمارىنى تاقمامسەن ماڭا؟
تولۇن ئايدەك يۈزۈڭنى ياقمامسەن ماڭا؟
كىرپىكىڭنى يا قىلىپ ئاتساڭچۇ ئاداش.


ناخشا جاراڭلىماقتا، لاچىن پەرۋاز قىلماقتا...ئۇ تاغنى بويلاپ ناخشا ئاھاڭىغا ماسلىشىۋاتقاندەك ئاستا، پەس ئايلانماقتا...

قۇياش خېلى ئۆرلەپ، بەدەنلەرنى ئوبدانلا قىزىتىشقا باشلىغان مەھەلدە كۆتۈپىتىش ياقتىكى ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە كېلىشكەن بوز ئارغىماقلارغا مىنگەن ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى. ئاتلارنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرى ۋە ئۈزەڭگىسىگە ناھايىتى رەتلىك ۋە سىپتا ئىشلەنگەن كۈمۈش نەقىش قويۇلغاندى. بۇلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ خان ئوردۇسىنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

دۆڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى ئەڭلا توختاشتى ۋە ئېغىشىغا سەدەپ قويۇلغان ئۈچ ساپلىق قامچىلىرىنى ئىلىندۇرغان

قوللىرىنى پېشانىسىگە قويغىنىچە ناخشا ئاۋازى تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى. ئاندىن بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشتى-دە، تاغ باغرىنى بويلاپ پەس تەرەپكە چۈشۈپ كېتىشتى.

ئاتلىقلارنىڭ بىرى ئون سەككىز ياشلاردا ئىدى. ئۇ بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەكلىۋالغان يىرىك، قارا، ئۇزۇن چېچىنى باستۇرۇپ كالۋۇتۇن بىلەن كەشتە بېسىلغان تەتىللا بوغمىچا چىگكەن، ئۇچىسىغا يېشىل يىپەك تون كىيگەنىدى. تونىنىڭ تۈز ياقىسىدىن ئېتىكىگىچە ئالتۇن رەڭ مەشۇتتىن كەشتە تىكىلگەن، خۇددى شۇنداق كەشتە كەڭ يېڭىدىمۇ جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئالتۇن توقىلىق، كەڭلىكى تۆت ئىلىك كېلىدىغان يىپەك بەلبېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كۈمۈش قىنلىق، تۇچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ، سېپىغا سەدەپ قويۇلغان جۈپ تىللىق چىرايلىق قامچىسىنى ئاتقا ئۇرماي پات-پات سىلكىپ قويۇشى ۋە ئۇچلۇق تۇمشۇقىغا مىس قاپلانغان، تۇچتىن ئىشلەنگەن دېۋىتكۈچى بار ئۆتۈكلۈك ئايىغىنى يۆلەڭشىتىپ قويۇشلىرىدىن مەغرۇرلۇق، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارا، يوغان كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇراتتى، قامچا تۇتقان قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدا ئەمدىلاتىنى باش كۆتۈرۈۋاتقان يۇمران مايسىدەك ناۋۇك بۇرۇتلىرىنى ئانچە-مۇنچە سىلاپ قوياتتى، بۇغداي ئۆڭ يۈزىدىكى قىزىل مەڭزىلىرى ۋە بەستىدىكى بېجىرىملىكىدىن ياشلىق كۈچى قايناپ-تېشىپ تۇرغان غەمسىزلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئاتتا كېتىۋاتقان بولسىمۇ خىيالى باشقا يەردە كېزىپ يۈرگەنىدەك ئويناق قارا كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلىپ، نېمىنىدۇ ئىزدەيتتى.



يىگىتنىڭ ھەمراھى ئۇستىخانلىقراق، گەۋدىسى چوڭراق، كەڭ پىشانە، ئۆزى كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭمۇ چېچى باش ئۈستىگە تۈرمەكلەنگەن بولسىمۇ ئىككى چېكىسىدىن بىر غېرىچتىن كوكۇلىسى قۇلاق ئاستىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا كەشتىسىز يېشىل تاۋار بوغمىچا چىگكەن، ئۈستىگە مەللە رەڭ يېپەك تون كىيگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېيىپ، ئۇنى كۈلدۈرەتتى، ئۆزىمۇ كۈلەتتى.

ئاتلار ئىگىلىرىنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك ئېغىزدۇرۇق-لىرىنى چىشى بىلەن ئويناپ، بويۇنلىرىنى ئېگىپ تىزگىن سېرىپ ئالدىراپ ماڭماقتا.

ناخشا بارغانسېرى ئۇچۇق ياڭرىماقتا:

بوز ئاتنىڭ يايلىسى يەرگە چۈشۈپتۇ،
تىزگىنىنى تارت ئۇنىڭ، تەرگە چۈشۈپتۇ،
تۇۋاقلىرى تەكتىدە چاقماق چېقىپتۇ،
ئات ئويناپ يانىمغا كەلسەڭچۇ ئاداش.

يىگىتلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە يەنە بىر دۆڭگە چىقىپ خۇددى بايىقىدەك ئەتراپقا قارىدى، ئۆزلىرىگە بۇرۇندىن تونۇش ناخشىغا قۇلاق سالدى ۋە ئاتلىرىنى دېۋىتىپ تۆۋەنگە چاپتى، ئۇلار ئاستا-ئاستا تاغ باغرىدىن بۇرۇلۇپ يۇرت ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تاغ يوتىسىغا يانداپ بىنا قىلىنغان كەڭرى ۋە تولىمۇ گۈزەل بىر باغ بولۇپ، ئۇ بۇ يۇرتتىكى باغلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سەرخىلى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا — بۈككىدە ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدا كۆكۈش قاشتېشىدەك سۈزۈك تىنىق سۇ بىلەن تولغان

بىر چاسا كۆل بار ئىدى، كۆلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە رەڭگا-رەڭ گۈللەر بىلەن قورشالغان بىر چاسا سۇپا ياسالغان بولۇپ، سۇپىغا تاشلانغان قىزىل چوغدەك گىلەم ئۈستىدىكى كۆرپىدە هال رەڭ دۇخاۋىدىن پۆچەقىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن نىمچا كىيگەن بىر جۈپ ئۇز قىز بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. قىزلار بىر-بىرىدىن ئوماق ۋە كېلىشكەن. بىرى، قولىدىكى بارىتنى① زوق بىلەن چالماقتا، ئۇنىڭ سېكىلەكلىرى ئىتىرىمەكتە، بويىنىغا ئاسقان زۇننارىنىڭ ياقۇت كۆزى ۋالىلدىماقتا، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۇلاقتەك كۆزلىرى كۈلۈمسىرىمەكتە؛ يەنە بىر قىز كىچىككىنە بىر داپنى بارىتقا تەڭكەش قىلىپ چالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنى، پېشانە-مەڭزىلىرى بىر-بىرىگە يارىشىپ كەلگەن، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى يىڭنە ئۇچىدەك تەر دانىچىلىرى بويىنىغا ئېسىلغان كەھرىۋا مارجاندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە نېمىدۇ يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى، بېقىشىدا گويا بىراۋغا چاقچاق قىلىشقا تەييار تۇرغاندەك جىلۋە ئوينايتتى. ئۇ، ناخشىنىڭ چۈشۈرگىسىدە يېلىلىق كۈلۈمسىرەپ، دوستىغا قاراپ قولىدىكى داپنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەنىلىك ئۇرۇپ قوياتتى.

لاچىن قوندى ئايلىنىپ تېرەك باشىغا،
سەن ئۆزەڭنى تەڭ قىلما ئاغىنىڭ تاشىغا،
تاش يۈرەكمۇ ئېرىيدۇ كۆزىنىڭ ياشىغا،
يېتەر، ئەمدى نازلانماي كەلسەڭچۇ ئاداش.

قىزلار ناخشىنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا كۆلگە بىر تاش

---

① بارىت — پىپا.

"بۇلتۇق" قىلىپ چۈشتى-دە، قىزلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. قىزلار ئىرغىپ قوپۇپ، سۇ چاچرىغان ئېتەكلىرىنى سىلكىشتى. شۇ چاغدا كۆلنىڭ نېرى تەرىپىدىكى ئېدىش ئېگىدىن بايىقى يىگىتلەر چىقىپ، كۆل بويىغا كەلدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ، قىزلارنى يەنە قورقۇتۇۋەتتى، قىزلار يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئاز-ماز رەنجىگەندەك ماي تارتتىيۇ، كېيىن يىگىتلەرگە قاراپ كۈلۈپ بېيىت ئېيتتى.

بارىستچى قىز:

خان ئوغۇل بولسا شۇنچە، ئېم بوپتىكەن،
يىگىتلەر قىز باللىغا ئاتمىغاي تاش.

داپچى قىز:

چۆچۈتۈش ئارسلانىنىڭ ئىشى ئەمەس،
كۈچى بولسا باتۇر بىلەن سىناشقاي باش.

بۇ كىنايىلىك چاقچاقتىن كېيىن ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈپ كېتىشتى. يىگىتلەر بىر-بىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، سەدەپ قامچىلىق يىگىت دەسلەپ باشلىدى:

پەرىلەرگە تاش ئاتمىدۇق، ئاتتۇق سۆيۈنچ،
ئاي ۋە يۇلتۇز بولۇپتىكەن قوشماق ئاداش.

يەنە بىر يىگىتمۇ ئۇلاپ ئېيتتى:

ھەيۋە قىلماق ئۇز قىزلارنىڭ ئىشى ئەمەس،
ئارسلانمۇ يار ئالدىدا قويىدىن ياۋاش.

ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشتى. يىگىتلەر خۇشال ھالدا قىزلار قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئايدىڭ، — دېدى سەدەپ قامچىلىق يىگىت بارىستچى قىزغا قاراپ كۈلۈپ، — مېنىڭ ئېتىم سۇتۇقفۇ، "خان ئوغۇل" دېمەڭ

دېگەنىدىم، ئەستىن چىقاردىڭىزمۇ-ھە؟

— ئېتىڭىز سۈتتۈق، بۇنى ھەممە بىلىدۇ، — دېدى ئايدىڭ لەۋ-لىرىنى چىشلەپ كۈلۈپ، — خان ئوغۇل بولغاندىن كېيىن بەرىبىر خان ئوغۇل-دە، مەن ئەگەر "خان قىز" بولسام، — دېدى ئۇ ۋە دەرھال ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ بېشىنى چايقىدى، — ھە... ياق، بولمايمەن...

— بولدى، ئايدىڭ، ئىزا تارتمايلا قويۇڭ، — دېدى داپچى قىز چاقچاق ئارىلاش، — خان قىز بولمىسىڭىز خان كېلىن، ھە، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراقى — خان ئاغىچا بولارسىز، تېخى.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ئايدىڭ داپچى قىزغا رەنجىگەندەك قىلىپ ئۇنى جەينەكلىگەن بولدى ۋە يەنە يۈزىنى ياپقان پېتى تەتۈر بۇرۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

سۈتتۈق يېنىچە بۇرۇلۇپ سۇپىغا يېقىن تۇرغان قامچىگۈلدىن بىر تال ئۈزۈۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تېخىچە ئالقىنىنى يۈزىدىن ئالمىغان ئاي-دىڭنىڭ بويىنىنى غىدىقلىدى. ئايدىڭ ئاۋال بىر قولى بىلەن گۈلنى نېرى ئىتتىرىپ بويىنىنى قاچۇردى. سۈتتۈق ئەپچىل ھەرىكەت بىلەن ئايدىڭنىڭ قول ئارىلىقلىرىدىن گۈلنى كىرگۈزۈپ قىزنىڭ بويىنى، مەڭزىنى غىدىقلاۋەرگەندىن كېيىن، ئايدىڭ ھەر ئىككى قولىنى ئىشقا سېلىپ بۇرۇلۇپ گۈلنى تارتىۋالدى ۋە سۈتتۈقنى غىدىقلىماق بولدى. سۈتتۈق كۈلۈپ دوستى ئارسلاننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— ھاي ئايدىڭ قىز، — دېدى ئارسلان قوللىرىنى كەڭ يېيىپ توسۇپ، — ئىش ئاشۇنداق، بىرى خان، بىرى خان ئاغىچا؛ بىرى كۈيئوغۇل، بىرى كېلىن؛ ئىشقىلىپ بىرى بولۇپ ئۆتىدىكەن-دە، مانا بىز يۇلتۇز بىلەن ئىككىيلەنمۇ...

يۇلتۇز تۇيۇقسىزلا ئارسلاننى ئىتتىرىۋەتتى. ئارسلان ئۆڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. قىز سەكرەپ قوپۇپلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئارسلاننى غىدىقلىغىلى باشلىدى. ئارسلان غىدىقتىن قاتتىق كۈلۈپ دومىلىدى ۋە دومىلا-دومىلا سۇپىدىن چۈشۈپ كەتتى. باشقىلار تېلىقىپ كۈلۈشكىنىچە ئولتۇرۇۋەردى.

— تاغام كۈتۈپ قالمىسۇن، — دېدى سۇتۇق بىرھازادىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ، — يۈرۈڭلار، بارايلۇق.

ئۇلار قوزغىلىشتى. ئايدىڭ باربىتىنى، يۇلتۇز داپنى ئالدى.

ئۇلار ئىككى يېقى بېدىش بولغاچقا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، تازا، پاكىز سۇپۇرۇپ سۇ سېپىلگەن يول بىلەن باغنىڭ تاشقىرىسىغا قاراپ مېڭىشتى. پىشىپ كەتكەنلىكتىن شەربەتتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان ياقۇتتەك سۈزۈك ئۈزۈم شىڭگىللىرى — مۇناقى، بىجاقى، سايۋا، چاراس، كىشمىش، قاشقىر ئۈزۈملەر باراڭ تېگىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز بېدىشلىكتىن چىققاندىن كېيىن كىچىك ئېرىقتىن لىككىدە سەكرەپ ئۆتۈپ، شاپتۇللۇققا كىردى ۋە يۇلتۇز-نىڭ قولىدىكى داپنىڭ ئىچىگە شاپتۇل ئۈزۈپ سېلىشقا باشلىدى. يۇلتۇز سارغىيىپ پىشقان چوڭ-چوڭ ئەتشاپتۇللارنى ئۈزۈپ، داپقا ئاۋايلاپ تىزىپ سالماقتا ئىدى. ئايدىڭمۇ ئاللاپ ئۈزگەن بىرنەچچە شاپتۇلنى ئەكىلىپ داپقا سالدى. قىزلار شاپتۇللۇقتىن يولغا قايتىپ چىققاندا ئارسلان ئۈزۈم باراڭلىرى ئارىسىدىن چىقىپ بىرنەچچە شىڭگىل ئۈزۈمنى شاپتۇللارنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى. ئۇلار ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئايدىڭنىڭ چىرايىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان يۇلتۇز:

— خان ئوغۇل نەگە مۆكۈۋالدى؟ — دەپ سورىدى ئارسلانغا قاراپ.

ئارسلان ئەمدى جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، بىر تۈپ چوڭ ئەنجۈر دەرىخى تېگىدىن سۈتۈق چىقتى. ئۇ، قولياغلىقىدىكى ئەن-جۈرلەرنى قويىدىغان يەر تاپالماي، بىرنەچچىسى شاپتۇل ۋە ئۈزۈم قويۇلغان داپ ئۈستىگە قويغان بولسىمۇ بەرىبىر سىغماي قالدى.

— مەڭلا، — دېدى سۈتۈق ئەنجۈرلەرنى ھەمراھلىرىغا ئۇزىتىپ، — داپقا سىغمىسا قورساققا سىغار.

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە ئەنجۈرلەرنى ئېغىزلىرىغا سالدى. ئۇلارنىڭ سىياقىدىن يەۋاتقان ئەنجۈرلىرىنىڭ كىشىگە ھۇزۇر بەرگۈدەك شېرىن-لىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار، ئەنجۈرنىڭ تاتلىق، شېرىن بولۇشى ھەققىدە سۆزلەشكەچ مېڭىپ باغدىن چىقىشتى.

باغ ئالدىدىكى دۆڭلەك ھويلا باتۇرتاغىنىڭ ھويلىسى ئىدى. ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پېشايۋانلىق بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، ھويلىنىڭ باغ تەرىپىگە قاراپ كەتكەن كىچىك بىر ئېرىقتا بەلدەك سۈزۈك سۇ ئىككىلا تەرىپى چىم قاپلانغان قىرغاقنى سۆيۈپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

پېشايۋانلىق ئۆيلەر ئالدىدىكى سەينانىڭ ئېرىق بويىغا يېقىن بۇر-جىكىدىكى سۇپىغا نىمكەشرەك گىلەم سېلىنغان بولۇپ، سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكى يوغان بىر تۈپ چىنارغا تاقالغانىدى. چىنارنىڭ يوغان غولىغا ھەر خىل تىپتىكى قىلىچ، قالقانلار ئېسىلغان ۋە ھەر خىل ئۇزۇنلۇقتىكى نەيزىلەر يۆلەپ قويۇلغانىدى.

سۈتۈق ھەمراھلىرى بىلەن چىنارنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، ئېگىز

بويلۇق، تەمبال، بېشى بىر يەرگە بارغىنىغا قارىماي ئەستىدىن كىرىچ ـ جاسارەت تېشىپ تۇرغان، چار ساقال بىر كىشى چاقچاق كەكىسى بىلەن يوغان بىر ئەيزىنىڭ سىپىنى سىلغايتۇاتاتتى. ئۇ ئىشقا شۇن‌ـ چىلىك بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، ئۆز يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەنلەرنى تۇيمايتتى ۋە تۇكۇچى يېشىلىپ كەتكەنلىكىنى ھە دەپ ئىشقا كاشىلا قىلىپ چۇشۇۋېلىۋاتقان چاچلىرىنى كۆزىدىن ئېرى قىلىش ئۈچۈن بېشىنى ئىككى تەرەپكە سىلكىيتتى.

ــ ھارمىغايلا باتۇرتاغا، ــ دېدى كەلگەنلەر ئىچىدىن سۇتۇق باشلاپ ئۇنىڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ــ قوللىرى بىردەممۇ بىكار تۇرمايدۇ ـ دە، بۇرھان ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرگەي.

باتۇرتاغا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئەزىمەتلەرگە زوقلىنىپ قارىۋېتىپ تاتۇق ئىزلىرى قالغان يۈزىدىكى تەرلىرىنى يېڭى بىلەنلا سۈرتتى.

ــ ئامىنابا، ــ دېدى ئۇ ئۇنىڭ قولىدىكى كەكە ۋە سول قولىدىكى ئەيزىنىڭ سىپىنى يەرگە قويۇپ، ــ بۇرھان دېگىنىڭىزدەك ياردەم قىلغاي، خان ئوغۇل!

باشقىلارمۇ سۇتۇقنىڭ كەينىدىن باتۇرتاغا بىلەن ئامانلىشىپ كۆرۈشتى.

باتۇرتاغا سۇتۇقنىڭ دادىسى بازىر قاراخاننىڭ تۇرغۇن قېتىم‌ـ لىق جەڭ يۈرۈشلىرىدە بىللە بولغان سادىق، يېقىن قولداشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا خانلىق چېرىكلەرنىڭ سۆكمەن①

① سۆكمەن ــ خان تەرىپىدىن باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

ئۇنىۋانىدىكى چېرىكباشى ئىدى. ئۇ سۆكمەن ۋاقتىدا چېرىكلەرنى
ئوبدان تەربىيە قىلغان، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا جەڭ مەشقىنى چىڭ
تۇتقان، رەسمىي جەڭلەردە بولسا چېرىكلەرگە چېۋەرلىك بىلەن باش-
چىلىق قىلىپ كۆپ قېتىم ئۇتۇق قازانغانىدى. چېرىكلەر باتۇرلۇقى،
ئەپچىللىكى، قورقماي ئالدىنى بۆسۈپ جەڭ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن
باتۇرتاغىنى ياخشى كۆرەتتى، بازىر قاراخانمۇ ئۇنىڭ ھەمىشە
ئۇتۇقلۇق جەڭ قىلىدىغانلىقى؛ جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزى مۇستەقىل
پىكىر يۈرگۈزۈپ، جانلىق سەپ تۈزۈپ، ماھىرلىق بىلەن ياغىنى
چىقىمدار قىلالايدىغانلىقى؛ شۇنداق تۇرۇقلۇق شۆھرەتتىن قاچىدى-
غانلىقى، تەمەگەر ئەمەسلىكى ۋە خاندانلىققا ساداقەتمەنلىكى ئۈچۈن
ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بوۋا-ئەجدادلىرى قۇللار تەبىقىسىدىن
ئىدى، بازىر قاراخاننىڭ دادىسى كۆل بىلگە باتىنىكىن ئورخون
دەرياسى بويىدىن ئالتاي تېغى ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بوۋىسى
ئېرتىش دەرياسى بويىغا مۆكۈنۈپ باسقۇن قىلىشقا تەييارلانغان يول
توسارلارنى سېزىپ قېلىپ باتىنىكىن خانغا مەلۇم قىلغان. باتىنىكىن
جەڭدىن كېيىن ئۇنى قۇللۇقتىن خالاس قىلىپلا قالماي بىر بۆلۈك
چېرىكلەرگە يۈزباشى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ دادىسى بولسا،
باتۇرتاغا تېخى كىچىكلىكىدىلا بازىر قاراخاننىڭ ئەڭ قەيسەر
چېرىك مىڭباشلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى
ياشىنىپ چېرىكلىك ئىشىدىن قېلىپ خان تەرىپىدىن تەركەن[1]
قىلىپ تەيىنلەنگەن. باتۇرتاغنىڭ ھاياتى خان چېرىكلىرى قاتارىدا
ئۆتكىنىگە ۋە بارا-بارا ئوردۇغا يېقىنلىشىپ خان جەمەتلىرى بىلەن

---

① تەركەن — ۋىلايەت ھۆكۈمدارى. خان تەرىپىدىن مەخسۇس تەيىنلىنىدۇ.

بىلله بولغىنىغا قارىماي، زاتىدىن تارتىپ ئېلىپ كەلگەن تەربىيە ۋە گۈدەكلىكىدە سىڭىپ كەتكەن يوقسۇللارغا مايىللىق ھېسسىياتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە ھەرقانچە چىقىمدار بولغان جەڭدىن كېيىنمۇ چېرىكلىرىنى ياغى تەرەپنىڭ چېرىك ۋە پۇقرالىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا قويمايتتى. تىنچ-ئامانلىق شارائىتلاردا يوقسۇللارغا قولىدىن كېلىشىچە غەمخورلۇق قىلىپلا قالماي، باي-تۆرىلەرنىڭ زۇلۇم سالغىنىنى كۆرسىلا چەكلەيتتى، ئاڭلىسا توسۇيتتى. شۇڭا، پۇقرالار ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى ئىززەتلىك، ئۆزى ئابرويلۇق ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئوردۇ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر بۆلۈك يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، ئەمەلدارلار ئۇنى ياقتۇرماي ئۆچ كۆرەتتى. پۇرسەت تاپسىلا ئۇنى چەتكە قاقاتتى. باتۇرتاغا بۇلارنى بىلەتتى، ئۇمۇ ئېپى كەلسىلا ھېلىقىدەكلەر بىلەن ئېلىشىپ تۇراتتى.

بازىر قاراخان ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاچكۆز، پارىخور، بۇلاڭچى ئەمەلدارلار دۆلەتنىڭ بەزى مۇھىم ھوقۇقىنى ئاستا-ئاستا ئىگىلىۋېلىشتى. يۇرتتا زوراۋانلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئوردۇ ئەتراپىدا بۇزۇقچىلىق ئاۋۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ يۇرتقا سالغان ئالۋاڭ-سېلىقلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار يەنىگىنىگە دۆلەتنىڭ پۇل ئامبىرىغا قول سوزىدىغان دەرىجىگە يېتىشتى، ۋەيرانچىلىق ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى...

بازىر قاراخان بۇ مەزگىللەردە ئېغىر ئاغرىق تۈپەيلىدىن زەئىپلىشىپ كەتكەن، ئۆز نامى بىلەن قىلىنىۋاتقان ناشايان ئىشلارنى چەكلەش، پاراكەندىچىلىكلەرنى تۈزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس

ئىدى، ئەلنىڭ رازى، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى، ئوردۇنىڭ ئىشلىرى
ئۇنىڭغا تۈز، توغرا يەتكۈزۈلمەيتتى، خاننىڭ ئەتراپىنى يىتتىخورلار،
ھەسەتخورلار، كۆڭلى قارا چېقىمچىلار قورشىۋالغانىدى. بۇ مۇنا-
پىقلارچە ئىش قىلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ كەينىدە بازىرخاننىڭ
دادا بىر ئاكىسى، تالاستا ئوردۇسى بار ئوغۇلچاق بۇغراخان يىراق-
تىن ھىمايە بولۇپ تۇراتتى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ
گۇناھلىق خىياللىرىنى بەھۇزۇر ئىشقا ئاشۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىر قىسىم ئوردۇ ئۆگىلىرى① ئوردۇدىن ھەيدىلىشكە، ئىشتىن
چەتلىتىلىشكە ئۇچرىدى. باتۇرتاغمۇ چەتكە تېپىلگەن
چېرىكباشلىرىنىڭ بىرسى ئىدى.

بازىر قاراخان ئۆلگەندە، ئەنئەنە بويىچە ۋە خاننىڭ ۋەسىيتىگە
ئاساسەن قاراخان بولۇشقا تېگىشلىك سۇتۇق تېخى كىچىك ئىدى.
بۇۋا قاراخان كۆل بىلگە باتىپكىندىن باشلاپ قۇرۇلغان، بازىر قارا-
خان ئوردۇسى ئىچىدىكى ئۈچ كىشىلىك "ئۇيغۇرۇش كېڭىشى" قارار
چىقىرىشتىن ئىلگىرىلا، ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ تالاستىكى ئوردۇ
"ئۇيغۇرۇش كېڭىشى" ئۇنى "قاراخان" دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن،
ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماي ئېلان قىلىنغان بۇ
قارار ئەڭ ئاۋۋال تالاس، ئاندىن ئىسپىجاپ، مۇھىمى قۇز ئوردۇ
بالاساغۇن قاتارلىق مۇھىم رايونلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.
تالاستىكى "ئۇيغۇرۇش كېڭىشى" قايتىدىن ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ
ماقۇللۇقىنى ئېلىپ سۇتۇقنىڭ قاراخان بولىدىغانلىقىنى، ئەمما، ئۇ
بالاغەتكە يېتىپ ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچە بولغان ۋاقىتتا ئوغۇلچاق بۇغرا

① ئۆگە — دانىشمەن، ئاقىل.

خان ۋاقىتلىق قاراخان بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇغراخان ئۇنۋانى "قاراخان"لىققا كۆتۈرۈلمىدى.

بۇ قاراردا ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ قانچىلىك ۋاقىت قاراخان بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، سۇتۇقنىڭ قايسى ۋاقىتتا بالاغەتكە يەتكەن دەپ ھېسابلىنىشى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، قاراخانىلار دۆلىتى ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە ئىتتىپاقسىزلىق بېسىلدى.

ئوغۇلچاق بۇغراخان ئومۇمىي قارشىلىق تۈپەيلىدىنلا بۇ قارارغا ماقۇل بولغان ۋە ئېلان قىلغان بولسىمۇ كۆڭلىدە غەم ساقلىنىپ تۇرۇۋەردى. قاراخانىلارنىڭ خانلىق تۈزۈمىدە "قاراخان" ئاتىلىشىلا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىق مەنسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولىدا توغرا تۇرۇۋالغان خان جەمەتىنىڭ ۋە ئاندىن كەلگۈسىدە باش كۆتۈرىدىغان سۇتۇقنىڭ قارشىلىقىنى بىر يولى سۇندۇرۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك يىقىتماقچى بولۇپ ئىككى ئەخمىقانە ئىشنى قىلدى: تالاستىن بازىر ئارسلان قاراخان ئوردىسى جايلاشقان بالاساغۇنغا خۇپىيانە جاسۇس ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئارسلان قاراخان ئېلان قىلىنىشىغا دەسلەپ قارشى چىققان بازىر ئارسلان قاراخان ئوردىسىدىكى ئەڭ ئابرويلۇق ئۈچ كىشىلىك "ئۇيغۇرۇش كېڭىشى"نىڭ ئەزالىرى بولغان بۇغۇرۇش①، يابغۇ②، تۇكسىنلارنى③ بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

---

① بۇغۇرۇش — بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر.
② يابغۇ — ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر.
③ تۇكسىن — ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر. بۇلار خاندىن تۆۋەن، باشقا ۋەزىرلەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئاندىن بۇ سۇيىقەستنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشى ئېلان قىلىپ نورۇز ئېيىنىڭ ئاخىرىدا سامانىلارنىڭ خانى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەتكە جەڭ قىلىش تەكلىپى ئەۋەتتى.

بالاساغۇنلۇقلار ئۈچ كىشىلىك "ئۇيغۇرۋۇش كېڭىشى"دىكى يۇغۇرۇش، يابغۇ، تۇكسىنلارنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق غۇلغۇلىدا بولۇشۇۋاتقىنىدا ئوغۇلچاق بۇغراخان بىلەن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەت ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىپ غۇلغۇلىلارنىمۇ، گۇمانلىرنىمۇ بېسىپ كەتتى.

قاراخانىلار ئېلىنىڭ دىققىتىنى چالغىتىش بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىپ سۇتۇقنى "ئارسلان قارا خان"لىقتىن مەھرۇم قىلىشقا قارىتىلغان بۇ جەڭ ئالدىراپ-سالدىراپ قىلىنغانلىقتىن ۋە ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ تالاستىكى ئاز چېرىكلىرىگىلا تايانغانلىقتىن، نەتىجە "ئەگرى توقماقتا دوناي ساپ" دېگەندەك تاماملاندى. نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئوغۇلچاق بۇغرا خان قاتتىق يېڭىلدى، ئۇنىڭ تالاسقا چېكىنىش يولىمۇ ئۈزۈپ تاشلىنىپ شەھەرگە كىرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تالاس پۇقراسىدىن ئون بەش مىڭ ئادەم ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەتكە ئەسىر ھېسابىدا قول بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ خاتۇنىمۇ بار ئىدى.

ئوغۇلچاق بۇغراخان قىزئوردۇ بالاساغۇنغا چېكىنىپ كەلدى. ۋەتتۇەردىكى چىقىپ كەتكەن ئوغۇلچاق بۇغراخاننى بالاساغۇنلۇقلار ھەر ھالدا ھۆرمەتنى قىلىپ، چېرىكلىرىگە ئاش بېرىپ قارشى ئالغانىدى. لېكىن، يوسۇن-ئادەتنى باھانە قىلىپ ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ سۇتۇقنىڭ ئانىسى — ئىنىسىنىڭ خاتۇنىغا ئۆيلىنىشى، ئۇنىڭ

ئەلى نىيىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىملىق سورۇنلاردا سۇتۇقنىڭ "قاراخان"لىق تورنىغا باشقىچە نىيەتتە بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەلنىڭ رايى ئۇنىڭدىن يېنىپ، كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئوغۇلچاق بۇغراخان ئاستا-ئاستا سەزسىمۇ، بەربىر ئوردۇ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم ئەمەلدارلار بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ غۇژمەك تۆرىلەرنىڭ پىچىر-پىچىرلىرىدىن ئادالەت، ئەل رايى كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خان جەمەتىنىڭ ئۆزىگە سادىق بىر قىسمىنى، ئوردۇ ئىچىدىكى ھەمتاۋاق تۆرىلەرنى ۋە ئۆزىگە ئەگىشىدىغان چېرىكلەرنى ئېلىپ بالاساغۇندىن ئوردۇكەنت قەشقەرگە كۆچتى، ئۆزىنىڭ ئوردۇسىنى "ۋاقىتىنچە" قەشقەردە قۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تەبىئىيكى، بۇ كۆچۈشتە سۇتۇقنىمۇ ئانىسى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى.

ئوغۇلچاق بۇغراخانغا ئائىت بۇ بىر قاتار ئويۇنلارنىڭ ھەممىۋاسىنى باتۇرتاغا كۆرۈپ، بىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ سۈكۈت قىلاتتى. بۇنداق قىلىشىدا يەنىلا سۇتۇقنى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتاتتى. مەرھۇم بازىر قاراخان ۋاپاتى ئالدىدىن باتۇرتاغىنى چاقىرىپ:

— سۇتۇقنى بۇرھان بىلەن ساڭا تاپشۇردۇم، — دېگەنىدى زەئىپ، پەس بولسىمۇ ئۈمىدلىك، قەتئىيلىك بىلەن، — مەن ئۆلسەم ئاكام ئۇنىڭغا كۈن بەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ قويسۈكمەن، ئۇنى تەربىيىلە، ئۆرگەت. ئۇنىڭغا بۇرۇننى ۋە كېيىننى تولۇق سۆزلەپ بەر. مۇھىمى، ھۈنىرىڭنى بەر...

باتۇرتاغا ۋەدە بەرگەن ۋە ساكبامونىنىڭ كىچىككىنە بۇتىنى

شېھى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلغانىدى.

مانا، ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتتى. باتۇرتاغا ۋەدىسىگە ئاساسەن سۈتتۇقىغا ئۆرگەتتى، ماھارىتىنى، ھۈنىرىنى، ئەقلىنى بەردى. زېرەك سۈتتۇق تېخى بىرمۇنچە جەڭ ماھارىتىدە باتۇرتاغىنى ھەيران قالدۇرۇپ باشقىچە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭىچە مۇداپىئە قىلىش ئۇسۇللىرىنى تاپقانىدى.

باتۇرتاغا ئوغلى ئارسلاننى، قىزى ئايدىڭنى ۋە بۇرۇن جەڭلەردە يانتاياق بولۇپ بىللە ئۆتكەن بىر دوستىنىڭ يېتىم قالغان قىزى يۇلتۇزنى بىللە تەربىيىلىگەنىدى. يۇلتۇز ئايدىڭ بىلەن بىر دېمەتلىك بولۇپ كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، بىللە ئوقۇپ، بىللە ئۆستى. يۇلتۇزنىڭ دادىسى جان ئۈزەر ۋاقتىدا ئاغىنىغا قىزىنى تاپشۇرۇپ: ”سەن بار قىزىم يېتىمسىرىمەيدۇ، مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدۇ“ دېگەنىدى.

مانا، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بۇ ئىككى جۈپ قىز-يىگىت قوش-ماقتەك بىللە تەربىيىلىنىپ، بىر-بىرىگە مېھرىبان بولۇپ ئىناق ئۆسمەكتە. ئۇلار بالاغەتكىمۇ يەتتى، چوڭ بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇلاردا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان خۇلق-مىجەزلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بالىلىقتىكى شوخلۇق ۋە چاقچاقلارنى تارتىنىماي قىلالماي-دىغان بولۇپ قېلىشتى. قانداقتۇر غايىب كۈچ ئۇلارنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ يېقىن تارتىپ، نېمىشقىدۇ ئۆزئارا ئۇدۇكلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ نېمە ئىش؟ بالىلار بۇنىڭغا تېخى جاۋاب بېرەلمەيتتى...

باتۇرتاغا بالىلاردىكى ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىشنى، ھەتتا ئۇ ئەڭ نازۇك ھېسسىي ئۆزگىرىش بولسىمۇ سېزىپ تۇراتتى. ئۇ، چەتنىڭ تەسىرى بولمىغان بۇ ئۆزگىرىش ئۆز شېخىدا مېۋە بەرسۇن

دەپ، ئۆز بىساتىدىكى ھېچقانداق گەپ-سۆز ياكى ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن چاندۇرۇپ قويمايتتى.

— ھە، كېلىڭلار، — دېدى باتۇرتاغا باللارغا قاراپ، — دۇنيادا جىم تۇرىدىغان بىرمۇ نەرسە يوق، — ئۇ، قولىدىكى نەيزىنى چىنارغا يۆلەپ قويۇپ سۇتۇققا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ماۋۇ چىنار جىم تۇرۇپتىمۇ؟ يەرچۇ؟ كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جىم ئەمەس. ئادەم تېخىمۇ جىم تۇرالمايدۇ-دە! جىم بولغاندا ئۆلىدۇ، ھەرقانداق نەرسە ئۆلگەندە ئاندىن جىم بولىدۇ. ھە، ھە... قېنى، ئولتۇرۇڭلار...

يۇلتۇز يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ ئۆيدىن خېلى چوڭ بىر مىس لېگەن ئېلىپ چىقتى، داپتىكى مېۋىنى ئېرىقتا يۇيۇپ كېلىپ لېگەنگە سېلىپ سۇپىغا قويدى. سۇتۇقنىڭ ياغلىقىدىكى ئەنجۈرنىمۇ يۇيۇپ كېلىپ لېگەنگە تىزدى. باللار باتۇرتاغىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇشتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز تاغا، — دېدى سۇتۇق بىرئاز ھاياجانلىنىپ، — ئادەم جىم تۇرمايدۇ، مەن چوڭراق ھەرىكەت قىلاي دەيمەن...

ھەممەيلەن سۇتۇققا تىكىلىشتى. تاغا بولسا سۇتۇقنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ سىناپ سورىدى:

— قانداق چوڭراق ھەرىكەت ئۇ، ئوغلۇم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— تاغام ئوغۇلچاقتىن خانلىقنى تارتىۋالماقچىمەن! — سۇتۇقنىڭ سالماق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باللار جىددىي قىياپەتتە بىر-بىرىگە قاراشتى. يۇلتۇز ئايدىڭغا

بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، ئايدىڭ يۇلتۇزنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى.


— ھە، ئارتۇۋالماقچىمەن! — دېدى سۇتۇق جىددىيلىشىپ. — ئارتۇۋالسام ئۇ، ئۆزلۈكىدىن بەرمەيدۇ. ئۇن ئالتە يېشىمدا بېرىشى كېرەك ئىدى، بەرمىدى. ئۇن سەككىزگە كىردىم، يەنە بەرمىسە... كۆردۈڭلارغۇ، ئەلنىڭ خاراپلاشقان ھالىنى، يات-ياغىنىڭ بوزەك قىلىشىغا يەنە چىداپ تۇرمۇبېرىمىزمۇ؟ بوۋىلىرىمىز مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن بەرپا قىلغان خاندانلىق ئاغامنىڭ كاساپىتىدىن بۆلۈنۈپ كەتسۇنمۇ؟

— سۆزىڭىز توغرا، ئوغلۇم سۇتۇق، — دېدى باتۇرتاغا ئۇنىڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ساقىلىنى ئاتىلاپ، — مەن سىزدىن بۇ سۆزنى خېلىدىن بېرى كۈتكەنىدىم. خانلىقنى قولىڭىزغا ئېلىش كېرەك، بەرمىسە سىز دېگەندەك تارتىۋېلىش كېرەك. ئەمما، تېخى ۋاقتى كەلمىدى.

— سىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىزنى ئانامنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى سۇتۇق غەزەپ بىلەن، — ئۇنىڭ قۇزئوردۇ بالاساغۇندىكى چاغدىلا قاراخانلىقنى ماڭا تاپشۇرماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خان جەمەتىدىكىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئەلگە بەرگەن ۋەدىسى نەگە كەتتى؟ قاچانغىچە كۈتىمەن؟ ۋاقىت ئۆزى كېلىپ بېرەمدۇ؟

سۇتۇق ئورنىدىن قوپتى، ئويچان قىياپەتتە ئاستا مېڭىپ بېرىپ چىنار شېخىغا ئېسىقلىق بىر قىلىچنى قىندىن سۇغۇرۇۋېلىپ چىنارنىڭ بىر چوڭ شېخىنى چېپىپ چۈشۈردى. بالىلار چۆچۈپ كېتىشتى.

— چىنار شېخىنى غەزەپ بىلەن چېپىپ چۈشۈرۈش، ئوغلۇم، ئاسان، — دېدى باتۇرتاغا ئورنىدىن قوپۇپ، — ئوردۇغا قېقىلغان



تۇۋرۇكنى چېپىپ چۈشۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس، خالىساڭ ھېلىمۇ ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىغانلىقى ئىشنىڭ قېيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سىزگە يەنە كۈچ كېرەك، ئۈملۈك كېرەك، دوستلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، تاۋلاش كېرەك.

سۇتۇق بىر ئاز ئۆزىنى بېسىۋالدى، دوستلارمۇ "توغرا، توغرا" دېيىشتى ۋە ئۇشۇق گەپ قىلماستىن، چېرىك مەشقى قىلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەشكە كىرىپ كەتتى.

بالىلار چېرىك مەشقى قىلماقتا، ئۇچىسىغا تەڭگىلىك قۇياق ۋە بېشىغا مىس باشلىق كىيگەن ياشلار باتۇرتاغىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قىلىچۋازلىق مەشقى ئۆتكۈزمەكتە. بالىلار غەزەپلىك، غەيرەت-لىك. ئۇلار گويا ياۋۇز ياغى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك قاتتىق ھەرىكەت قىلماقتا. بولۇپمۇ سۇتۇقنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ھەرىكىتى، قىلىچ ئۇرۇشلىرى، چەبدەسلىكى كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلار بىردەم مەشق قىلغاندىن كېيىن باتۇرتاغا قىلىچىنىڭ ئۇچىنى يەرگە قاراتتى. ھەممەيلەن "شاق" قىلىپ پۇتىنى جۈپلەپ توختىدى ۋە ئازراق دەم ئېلىشتى. دەم ئېلىش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە مەشقنى باشلىۋەتتى. ئەمدى بالىلار بىر-بىرى بىلەن ئېلىشماقتا. سۇتۇق بىلەن ئارسلان ئىككىسى قىلىچلىرىنى شۇنداق كۈچ بىلەن ئۇرۇشاتتىكى، ئەگەر توسقۇ ۋە قۇياق بولمىسا قانداق بولاتتىكىن-تاڭ... ئىككى قىز نەيزىلەشمەكتە. كۈچلىرى تەڭ، گايدا ئايدىڭ، گايدا يۇلتۇز ئۈستۈن كېلەتتى...

مەشق توختاپ ئۇلار سۇپىغا قاراپ ماڭغانىدى، ئايدىڭ كېتىۋې-تىپلا سۇتۇقنى ئارقىسىدىن چاپۇتلاپ يەرگە يىقىتتى. سۇتۇق چاپسان قوپۇپ ئايدىڭغا ئېتىلدى. لېكىن ئايدىڭ دەرھال تىزلىنىپ قول

كۆتۈردى:

— ئەتىكى خان باشچىم، بىر قوشۇق قېنىمنى قالدۇرغايلا، — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى. سۇتۇق ئايدىڭنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېتىپ:

— ئارقىدىن كېلىپ چاپۇتلىسا يىقىلمايدىغان كىم بار؟ — دېدى.

ئايدىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خان ئوغۇلنىڭ ھەمىشە ئالدى-ئارقىسىغا پەخەس بولۇپ يۈرۈشى ئۈچۈن بىر قېتىم چاپۇتلاپ قويدۇم، — دېدى.

ئۇلار كۈلە-كۈلە ئېرىقتا قول يۇيۇشتى. بىر-بىرىگە سۇ چېچىپ ئويناشتى، كېيىن سۇپىغا كېلىپ لىگەندىكى مېۋىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى...

— ھە باللار، — دېدى باتۇرتاغا باللارغا ئازراق ئېگىلىپ، — ئۆتكەن قېتىم گېپىنى قىلىشقان ئوردۇ ئۇرقۇلغا① يېڭى كىرگەن بالا بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋېلىڭلار. ئۇ ئوبدان بالا، ئۇنىڭ ئاتىسى مەرھۇم بازىر قاراخانىنىڭ ئۆگىلىرىدىن بولغان ئېسىل كىشى ئىدى، ئۇنى بالاساغۇندا ئوردۇ ئەمەس، ئەل ئىچىدىمۇ ھەممە كىشى ئوبدان كۆرەتتى، بالا ئاتىنىڭ ئىزىنى بېسىشى كېرەك.

— بىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇق، — دېدى سۇتۇق، — ئېتى "ئىلىك" ئىكەن. ئۆزىمۇ سىز دېگەندەك بالاساغۇنلۇقمەن دەيدۇ، دوستلىشىپ قالدۇق، راستلا ئوبدان، مىجەزى ئوڭلۇق.

— ياخشى، — دېدى باتۇرتاغا رازى بولۇپ، — ئۇ بالا كەلگۈسىدە

① ئۇرقۇل — مەكتەپ.

ئادەم بولىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ يەردە يالغۇزلۇق يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياردەم بېرىڭلار.

بالىلار ماقۇل بولۇشتى. شۇ ئەسنادا زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن باتۇر تاغىنىڭ بۇت قويۇلغان ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

# ئىككىنچى باب

## ئوردۇ ئوقۇلىدا

پېشايۋانلىق، تۈۋرۈكلىرى ھاۋا رەڭ سىر بىلەن سىرلانغان كەڭ ئوقۇل بىناسى ئازادە، پاكىز ئىدى. كۆك ۋە يېشىل رەڭلىك ئەينەك قويۇلغان كەڭ پەنجىرىلىرى ئۆتكۈر قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت قىلاتتى. سىنىپ ئىچىدە، تۆردىكى پەسرەك تاختا سۇپىدا، كۆرپە ئۈستىدە سالاپەتلىك كىيىنگەن، تۇرقى كېلەڭسىز، بومبا ساقال ئوقۇتقۇچى راھىب باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى تەكچىگە قويۇلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى چوڭ، قېلىن نومغا قاراپ بالىلارغا سۆزلىمەكتە. تۆۋەندە — گۈللۈك، قېلىن، يىپ پالاس ئۈستىدە ئوقۇغۇچىلار قاتار تىزىلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەر قاتاردا سەككىزدىن بالا، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا رېھىل①، ئۇنىڭغا كىچىكرەك كىتابلار قويۇلغانىدى. ئالدىنقى قاتاردا سۇتۇق ۋە بىرنەچچە ئالىپتە كىيىنگەن بالىلار، ئارقىدا ئارسلان، ئىلىك، ئۈچىنچى قاتاردا ئايدىڭ، يۇلتۇز ۋە يەنە ئىككى قىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىن قارىغاندا خان جەمەتىدىكى بالىلاردىن نامراتلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. باشقا قاتارلاردا قىز-ئوغۇل ئارىلاش ئولتۇرۇشاتتى، بەشىنچى قاتاردا، ئاددىيراق كىيىنگەن بىر جۈپ قىز-يىگىت

① رېھىل — كىتاب قويىدىغان كىچىك قاتلىما شىرە.

ئولتۇراتتى. يىگىت قاڭشارلىق، چاچلىرى بۇدۇرە، قارامتۇل چىراي، قوشۇمىسى تۈرۈك، قولى قاتمال، بارماقلىرىدا قاداقلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېغىر، جىسمانىي ئەمگەك قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىز بولسا زىلۋا بويلۇق، كەڭ پېشانە، قاڭشارلىق، قوشۇما قاش، ماڭلايلىرىدىن كىچىك تۈرۈلگەن سىكىلەكلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ، كۆلگۈنچەك قارا كۆزلىرىنى ئازراق قىسىپ، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە لاپ-لاپ قاراپ قوياتتى ۋە چۆچۈگەن باچكىدەك ئەتراپقا كۆز تاشلاپ قوياتتى.

ئوقۇتقۇچى راھىب بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدىن سۆزلىمەكتە ئىدى:

"ھايات كۆلپەتلىك ئىشتۇر. كىشى يەنە بىر دۇنيادىكى قۇتقا ئېرىشىشى كېرەك، نىرۋانىغا ئۆتۈشكە تىرىشىش كېرەك، پۈتمىشكە تەن بېرىشى كېرەك... بۇتساتۋا — ئۇلۇغ، دۇنيادا بۇتساتۋادىن ئۇلۇغ ۋە يۇقىرىسى يوق. ئۇلۇغ بۇتساتۋاغا تېۋىنىش ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىنقى ئىشى... دۇنيادىكى ھەممە يارالمىشلار تەڭسىز بولىدۇ. ئۇلۇسلار، كىشىلەر يۇقىرى-تۆۋەن بۆلۈنگەن بولىدۇ. تۆۋەنلەر يۇقىرىلارغا باش ئېگىشى، يۇقىرىلار بۇيرۇغانىنى قىلىشى كېرەك، تۆۋەنلەر يۇقىرىلارغا قارشى بولماسلىقى كېرەك. بۇ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى. بۇتساتۋانى ئۇلۇغلاش، بۇتساتۋا ئۇلۇغلىغان كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش كېرەك... تەڭرى بايلارنى باي قىلىپ ياراتقان، قول-دېدەكلەرنى نامرات قىلىپ ياراتقان..."

ئوقۇغۇچىلار كۆپ تەكرارلانغان بۇ دىنىي تەلىمنى دىققەتسىزلىك بىلەن ئاڭلىماقتا. بالىلارنىڭ گايىلىرى خۇش، گايىلىرى ناگولا، گايىلىرى خاپا... قوشۇما قاش قىز "قول-دېدەك" سۆزىنى ئاڭلى-

غاندا قولىغا يىڭنە سانجىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى ۋە تەرىنى تۇرۇپ ئوقۇتقۇچى راھىبقا قارىدى. ئۇنى تىترەك باستى. كېيىن ئوقۇتقۇچى راھىب شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گويا ئۆزىنىڭ قولدار خوجايىنى بولۇپ كۆرۈندى... قولدار كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چاڭگاللىرىنى ئېچىپ قىزغا خىرىس قىلىپ كەلمەكتە...

ئەنە، قولدارنىڭ ئىچكىرى-تاشقىرى ھويلىسى، قامچا تۇتقان بىر ئاقنانچى قىزنى چوڭ ئايۋانغا ئىتتىرىۋەتتى. قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئايۋان تۆرىدىكى تەكچىدە باداشقان قۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بۇتساتۋاغا قارىدى ۋە قوللىرىنى سوزغانچە تىزلىنىپ ماڭدى. ئىچكىرىكى ئۆيدىن "ھاي دېدەك!" دېگەن ئاۋاز چىقتى. لېكىن، بۇ ئاۋاز قىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. قىز قانداقتۇر بىر روھىي تەسىرات بىلەن بۇتساتۋانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئەركىنلىك، قۇت تىلەيتتى. ئۇ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلاتتى. "ئاھ، بۇتساتۋا، مېنى ئازاد قىلغىن، يا جېنىمنى ئالغىن، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى..." دەيتتى پىچىرلاپ. كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قورقۇنچلۇق ئەھۋال پەيدا بولدى: قارا تۈنەك ئىچىدە بۇتساتۋا ئاستا ھەرىكەتكە كەلدى. ئىككى قولى قىزغا سوزۇلغان، يوغان ئاغزى سەت ئېچىلغان بۇتساتۋا ئولتۇرغان پېتى ۋارقىراپ قىز ياققا سۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ئۆيدە دەھشەتلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. قىز قاتتىق قورقۇپ كەتتى ۋە ۋارقىرىغىنىچە ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىپ يەرگە يىقىلدى...

ئىچكىرىكى ئۆيدىن يەنە "ھاي دېدەك!" دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تېخى كۆزىنى ئاچا-ئاچمايلا

بىر چاڭگال ئۇنىڭ چېچىدىن قاماپ تۇتۇپ ئىچكىرىگە سۆرىدى، قىز سۆرىلىپ ئىشىكتىن كىرىپ كېتىپ بارغىنىچە ئارانلىقتا ئارقىسىغا بىر قارىغانىدى، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراۋاتقان بوتا-ۋانى كۆردى...

يەردە دومىلاپ ياتقان قىز قاتتىق ئۇرۇلغان قامچىنىڭ زەربىسى بىلەن كۆزىنى مىڭ تەسلىكتە ئاززاق ئېچىپ، ئالدىدا كېرىلىپ تۇرغان ئۆتۈكلۈك ئىككى پۇتنى كۆردى. ئۇ، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى... بېشىدا بوتساتۇۋادىنمۇ سەت، قورقۇنچلۇق، ئۇزۇن ساقال، كومشار بۇرۇن، يوغان قورساق قولدار قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ ھومىيىپ تۇرۇپتۇ. قىز بېشى ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن قامچىنى كۆرۈپلا قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى، كېيىن ۋاي-ۋايلاپ يەردە دومىلىدى...

— فايىسىڭ بار! — دەپ ۋارقىرىدى قولدار.

— خوش، — دېگىنىچە بىرسى كىردى، قولدار ئۇنىڭغا قولى بىلەن قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ "ئەپچىقىۋەت" دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى. خىزمەتچى ھوشسىز ياتقان جاننى قول-پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ كەتتى...

قىز يېرىم قاراڭغۇ بىر ئۆي ئىچىدە، پاخال ئۈستىدە ھوشىغا كەلدى، قارىغۇدەك بولسا، بەستلىك، قارامتۇل، بۇدۇرە چاچلىق بىر يىگىت ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ... قىز رەھمەت ئىپادىسىدە يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى...

ئۇ، بېقىنىنى بىرسىنىڭ جەينەكلەۋاتقىنىنى تۇيۇپ ئېسىنى يىغدى. راستىتىن ئۇ بىرسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى، چۆچۈپ ئىككى تەرىپىگە قارىسا، بۇ ئوقۇل، يېنىدىكى يىگىت ئۇنىڭغا

كۆلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ... قىز پۈتۈن بەدىنىنىڭ "تۇرىدە" قىلغاندەك بولغانلىقىنى سەزدى. يىگىت قىزلى "دەرىسكە قاراڭ" دېگەندەك قىلىپ ئوقۇتقۇچى ياققا ئىملاپ قويدى...

ئوقۇتقۇچى يەنە بىرنىمىلەرنى دەپ سۆزلەۋاتاتتى. تەگرى دەمدۇ، بۇتساتۇۋا دەمدۇ، باي ـ ئۇلۇغ، نامرات ـ پەس دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرى قىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان سۇتۇقنى ئارقىسىدىن كۆردى. كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئىپادىلىرى كۆرۈندى، ئۇ كۆلۈمسىرىدى ـ دە، يەنە خىيالغا كەتتى...

قەشقەر ـــ ئوردۇكەنت بازىرى قايىنىغان، تىقما ـ تىقماق ئادەملەر، مىغ ـ مىغ تۆگە، ئېشەكلەر، هارۋىلار، قاتار ئولتۇرۇشقان يايىمچىلار ۋە خېرىدار تەكلىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى قاپلىغان. ئەنە، قۇل بازىرى، كوچا چېتىدىكى بىر سۇپىدا ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىز قۇل، كۆك ـ دېدەكلەر روهسىز، رەتسىز تۇرماقتا. ئەرلەرنىڭ قوللىرى ئالدىغا قارىتىپ باغلىنىپ چېتىلغان، ئاياللارنىڭ بولسا قولدىن ئېشىلگەن ئاغامچا هالقىسىغا قول بېغىشلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. مادارسىز، يېرىم يالىڭاچ بۇ قۇللار ئېچىنىشلىق هالدا تۇرۇشماقتا ۋە قورقۇش، ئەندىكىش بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارامتۇل بىر يىگىت بىلەن قوشۇما قاش قىز ياندا تىك تۇرۇپتۇ. قىز ئويلىماقتا: "... كىمدۇ سېتىۋالار، باشلىرىمىزدا يەنە قانداق قامچا ـ توقماقلار ئوينار كىن؟!. سېتىۋېلىپ ئەركىن قىلىۋېتىدىغان بىرەر مەرت كىشى چىقىپ قالامدىكىن؟ ياق، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن... ئىشقىلىپ مۇشۇ يىگىتتىن ئايرىلمىسام بولاتتىغۇ..."

قۇللار تىزىلغان كەڭ سۇپىنى كىشىلەر ئوراۋالغان. گايىلىرى

ئادەتتىكى تاماشىچىلار، گايىلىرى بولسا قۇللارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئىچىدىن تىنىپ قويىدۇ. بىرنەچچە باي سۇپىغا چىقىپ قۇللارنى كۆرۈشكە باشلىدى. بىرسى قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ، يىگىتنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى، قىزنىڭ ئېڭىكىنى قامچىسى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئوڭ-سول قاراپ، رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى ۋە قۇللىرىنى ماختاۋاتقان "سېتىقچىلار"غا قاراپ توۋلىدى:

— هاي، ماۋۇ قۇللار كىمنىڭ؟ — قامچا بىلەن بىر جۈپ قول-كۆڭنى كۆرسەتتى ئۇ.

— مانا باي، مەن كەلدىم، — قۇل بازىرىنىڭ يېنىدىكى كۆتۈرە تاختاي سۇپىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان قۇل بېدىكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېگىز بوي، قاتاڭغۇر، كوسا بىر بېدىك يۈگۈرۈپ كەلدى. — قېنى، كۆرسىلە باي. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلىگە ئالتۇن، كۈمۈش دۆۋىلەپ بېرىدىغان ئەزىمەت كۆك ۋە گۈلدەك نازۇك دېدەكلەر...

باي ئۇنىڭ ماختاشلىرىغا ئېرەن قىلماي يىگىت بىلەن قىزغا قاراپلا تۇراتتى.

— باھاسى نەچچە پۇل؟ — سورىدى باي بېدىكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— كۆڭنىڭ باھاسى مىڭ بەش يۈز تەڭگە، — بېدىك يىگىتنىڭ قوۋۋەتلىك يالىڭاچ مۈرىسىگە پاقىشتىپ ئۇرۇپ قويدى، — سىلى بۇنى سېتىۋېلىش بىلەن يوقىتىدىغانلىرى مىڭ بەش يۈز تەڭگە، لېكىن، كۆڭ بۇنىڭلىك بايلىقنى نېرىسى بىر يىل، بېرىسى سەككىز-توققۇز ئاي تولۇق يارىتىپ بېرەلەيدۇ، ئاندىن پۈتۈن ئۆمرى ھايىنغا قالىدۇ، — ئۇ يەنە ئاغزى بېسىلماي سۆزلىگىنىچە قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان قول ئالغۇچى، ساتقۇچى ۋە باشقا تاماشا كۆر-
گۈچىلەرگە بىر قارىۋېتىپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى. —
مانا بۇ ئايغا ئوخشايدىغان دېدەكنىڭ باھاسىمۇ ئەرزان، ئىككى مىڭ
تەڭگە. ئۇ سىلىگە كەچكىچە ئىشلەپ بېرىدۇ، ئاخشىمى-ئەتىلىرى
ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى ساندۇلاچنىمۇ سۈزۈك ۋە
جاراڭلىق، ئۇ ئۇسۇلمۇ ئويناپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى
بۇلۇتتەك يېنىك، مېڭىشلىرى كېيىكتەك چاققان... ئۇنىڭ جامالى
بىلەن سىلى كېچىلىرى ئۆيلىرىگە بىر ئوتقاشنى كەم ياقىلا...

خېرىدار باينىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ، يىگىت بىلەن قىزغا ئېچىر-
قاپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ قۇلدار بولغانلىقتىن
دېدەكنىڭ ماختاشلىرىنى يىگىت بىلەن قىزنىڭ بەستىدە، رەڭگى-
روىيىدا كۆرۈپ تۇراتتى. باينىڭ بۇ ھالىتى دېدەكنىڭ يەنە بىر ئاش
پىشىم ۋاقىتقىچە ماختىشىغا سەۋەبچى بولدى. دېدەك ئاخىرى باينى
ئۆزلىرىنىڭ سودىسى ئۈستىگە قايتۇردى:

— قېنى، پۇللىرىنى سانىماملا باي!

— باھاسى بەك ئۈستۈن، — دېدى باي بىرھازادىن كېيىن
ئېسىگە كېلىپ، — سەن بىر كۆك بىلەن بىر دېدەككە ئون قۇلنىڭ
باھاسىنى سوراۋاتىسەن.

دېدەك ھارامزادىلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى-دە:

— سىلىدەك قول ئېلىپ ئادەتلەنگەن باي ئۈچۈن
بۇ باھا ئۈستۈن ئەمەس، — دېدى ۋە ئەتراپتا تۇرغانلارغا ئاڭلىتىپ
سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ قۇللار ئۆزەمنىڭ بولسا ئىدى، ھەر-
بىرىگە يۈز قۇلنىڭ باھاسىنى قويۇپ ساتاتتىم. مەن دېگەن باھا قۇل
ئىگىسىنىڭ قويۇپ بەرگىنى. ماڭا تېخى ئاز-تولا چاي پۇلى بېرىلا.

باي ھەرقانچە قىزىققان بولسىمۇ باھانى ئۈستۈن كۆردى.

— ئىككىسى ئىككى مىڭ تەڭگە! — دېدى ئۇ.

— سىلى قول ئالمايدىكەنلا، — دېدى بېدىك رەنجىگەندەك سالپىيىپ، — مەن سىلىنى قولىنىڭ كۆزىنى بىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن.

— بوپتۇ، سېنىڭ چاي پۇلۇڭ قوشۇلۇپ ئىككى مىڭ ئىككى يۈز بولسۇن، — دېدى باي بەلبېغىنى بوشاتقاچ.

— كەم بولار باي، — دېدى بېدىك. ئۇ بۇ باينىڭ يىگىت بىلەن قىزغا ھېرىس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز تەجرىبىسى بويىچە ئۇنىڭ جەزمەن ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى ۋە يەنە ھەۋىسىنى ئىشقا سالدى، — بۇ كۆڭنىڭ بىلەكلىرىنى كۆرسىلە باي، — دېدى ئۇ يىگىتنىڭ جەينىكىدىن كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ بىجىرىم، مۇسكۇللىرى چىڭ بىلىكىنى كۆرسىتىپ، — بۇ، ئۇن قولىنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلىدىغان قۇۋۋەتلىك قوللار، — ئۇ يىگىتنىڭ جەينىكىنى قويۇۋېتىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى، — بۇ قىزچۇ؟ بۇ تېخى شۇنچىلىك كىچىككى، ئۇنىڭ تولۇق يېتىلىشى سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن ئىشقا ئاشقۇسى، — بېدىك ماختىشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھېلىمۇ ئەتجانىنى ئاران يېپىپ تۇرغان كۆڭلەكنىڭ مۈرىسىدىن شارتتىدە تارتىپ قىزنىڭ بېلىگىچە يىرتىۋەتتى، — مانا، بۇنىڭ كۆكرىكىگە قارىسىلا...

ئۇ داۋاملىق سۆزلىيەلمىدى، قىزنىڭ دەھشەتلىك چىرقىراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىشى بىلەنلا، بېدىكنىڭ ئېڭىكىگە قارس قىلىپ بىر پەشۋا تەگدى. بۇ پەشۋانى يىگىت ئاتقان بولۇپ، بېدىك مۈدۈرۈشتىن ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىككىنچى پەشۋاسى كېلىپ تەگدى. بېدىك ئاغزى-بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى چاچرات-

قىنچە سۇپىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

يىگىت بىلەن قىزنى سېتىۋالماقچى بولغان باي ھەممىدىن بالدۇر چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە پۇل خالتىسىنى بەلبېغىغا ئېگىشىپ كەينىگە ياندى-دە:

— بۇلار قىپقىزىل توپىلاڭچىلار كەنغۇ، ئالمايمەن! — دېدى ئۇ.

ئەتراپتىن قىي-چۇ چىقىپ كەتتى. بېدىك بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ۋە قۇلدارىنىڭ بۇ يەردىكى قۇللارنى نازارەت قىلىشقا قويۇپ قويغان ئادەملىرىگە ۋارقىرىدى:

— ماۋۇ ئىككىسىنى ئەدەبلەڭلەر! چاچىسىنى بېرىڭلار!

قىز بۇ ۋاقىتقىچە كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىنى ئېرى-بېرى چېگىپ كۆكرىكىنى توسۇپ بولغانىدى. يىگىت بولسا غەزەپ بىلەن قۇل بېدىكلىرىگە ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى.

ئىككى قۇلنىڭ ھەرىكىتى قۇلدارلارنىڭمۇ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانىدى. شۇ تاپتا قۇل بازىرىدىكى سېتىلماقچى بولغان چوڭ-كىچىك قۇللارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن قۇل بازىرىنىڭ نازارەتچىلىرىمۇ چۆچۈپ كەتتى ۋە كالتەكچىلەرنى چاقىرىشتى. قۇل بازىرىدا ئۆرە-تۆپە باشلاندى...

بۈگۈن بۇ يەردە بىرنەچچە قۇل ۋە دېدەكنىڭ باشلىرى كېسىلىشى، بىرمۇنچە قول-ئاياغلار ناكار بولۇشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا تۇراتتى. يەتتە-سەككىزدەك كالتەكچىلەر بايىقى يىگىت بىلەن قىزغا ئاتلانغانىدى...

بىراق، شۇ چاغدا ھېچكىم توسۇۋالالمايدىغان ناغرا بىلەن سۇناي ئاۋازى يېقىنلىشىپ كەلدى. ناغرىنىڭ ئۇرۇلۇش رىتمى

بىلەن سۇنايدىن چىقىۋاتقان ئاھاڭ، بۇ يەرگە قاراخان تېكىنلىرى① كېلىۋاتقىنىنى بىلدۈرەتتى. ئوردۇكەنتتە سۇتۇقتىن ئىبارەت تېكىن ئۇنۋانلىق بىرلا خان ئوغۇل بارلىقىنى چوڭ-كىچىك ھەممە كىشى بىلەتتى.

خەقلەر چۇۋچۇپ ئارقىلىرىغا قاراشتى. كوچىدا بوز ئارغىماقلىق، سۇمباتلىق بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا قولداشى ۋە ئارقىسىدا ئوخشاش كىيىنگەن ئۇنىڭغا يېقىن يىگىتى بار ئىدى. ئۇ سۇپىغا، سۇپا ئەتراپىغا توپلاشقان كىشىلەرگە قارىدى-دە، ئويناقلاپ تۇرغان ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى ۋە بېشىنى ئېگىپ، يېنىدىكى قولداشىدىن بىرنېمىنى سورىغاندەك قىلدى. قولداشىدىن جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، سۇپا تەرەپكە كەلدى. كىشىلەر يول بوشاتتى، ھۆرمەت بىلدۈردى.

— بۇ يەردىكى نېمە ئالتوپىلاڭ بۇ؟ — سورىدى بوز ئارغىماقلىق يىگىتنىڭ يېنىدىكى تەمبەل يىگىت.

سۇپا ئۈستىدىكى كالتەكچىلەر باش ئېگىپ جىم تۇرۇشاتتى. قۇل بازىرى نازارەتچىلىرىدىن بىرى كېلىپ قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تىز چۆكتى-دە، بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— پەس، ئىپلاس قۇللار تەبىقىسىگە ئىبرەت قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق توپىلاڭ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۈگۈن مۇشۇ بازاردىلا بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىماقچى ئىدۇق، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئۆزلىرى شۇ پاتىپاراقچى-

① تېكىن — قاراخانىلار دەۋرىدە خان ئوغۇللىرى تېكىن دېيىلەتتى.

لىق ئۈستىگە كېلىپ قاللا...

قۇلدارلار، قۇللارنى ئېلىپ-ساتقۇچىلار، بەدىكەر ۋەشۇ ئەتراپتا تۇرغان خالايىق بوز ئارغىماقلىق خان ئوغلىنىڭ نېمە دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشىگە قاراپ باشلىرىنى ئەگكىنىچە جىم تۇرۇشاتتى. قۇللار بولسا ئەنئەنىگە مۇۋاپىق يەرگە چۆكۈنۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ھېلىقى يىگىت بىلەن قىز بولسا تۇرقىنىمۇ بۇزماي، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي ئاللىقايەرلەرگە قارىغىنىچە ھوشىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۈچ-جاسارەت ئۇرغۇپ، تېشىپ تۇرغان بەستلىرىدىن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، ئۆتكۈر كۆز قاراشلىرىدىن ھېچنېمىگە پەسەنت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. قارىغاندا ئۇلار، ئۆزلىرىنى قانداقلا قىلغىنى بىلەن ھامان ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى، يالۋۇرۇش، تىز چۆكۈش بىلەن ھېچقانداق نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

بوز ئارغىماقلىق خان ئوغۇل ئالدىدا پۈكۈلۈپ ئولتۇرغان قۇل بازىرى نازارەتچىسىدىن كۆزىنى ئېلىپ يىگىت بىلەن قىزغا چاندۇرماي زوقلىنىپ قارىدى-دە، قامچا دەستىسىنى سىلكىپ قويدى. بۇ تۇرۇشقا بېرىلگەن ئىجازەت ئىدى.

قۇل بازىرى نازارەتچىسى ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا باشقىلارمۇ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. قۇللارغا تېخى ئۆرە بولۇشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى، شۇڭا ئۇلار بېشىنى يەرگە قويغىنىچە دومچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

كالتەكچىلەر قىز بىلەن يىگىتنى دەسلەپ يۈكۈندۈرۈشكە ئۇرۇندى، بىراق، ئۇ ئىككىيلەن جەينەكلىرى بىلەن ئىتتىرىپ، تىزلىرى بىلەن تېپىچەكلەپ بويۇن بەرمەيتتى. ئۇلارغا تىغ سېلىش، كالتەك ئىشلىتىش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولسىمۇ،

ئالدىلىرىدا خان ئوغۇل تۇرغان چاغدا، ئىجازەتسىز ھەرىكەت قىلىش كالتەكچىلەرنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئىككى پەس قۇلنى مېنىڭ چۈشكۈنۈمگە ئېلىپ بېرىڭلار!، — دەپ بۇيرۇدى خان ئوغۇل قۇل بازىرى نازارەتچىسىگە. ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ تۇرۇپ يىگىت بىلەن قىزغا يەنە بىر قېتىم زوقلىنىپ قارىۋالدى، — بۇنداق ئاۋات بازاردا، خەلق ئالدىدا قۇل قىينىنى پۇرىتىپ يۈرگىچىلىكى يوق. مەن ئۇلارغا خانلىق ۋارىسىغا تازىم قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

— باش ئۈستىگە! — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى نازارەتچى ۋە كالتەكچىلەرگە ئىشارەت قىلدى.

كالتەكچىلەر يىگىت بىلەن قىزنى دۈشكەلەپ، ئىتتىرىپ بىرپەستىلا توپ ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

خان ئوغۇل شۇندىن كېيىنلا قامچا دەستىسى بىلەن قۇل بازىرى نازارەتچىسىنى ئىمىلاپ چاقىردى. نازارەتچى ئۆزىنى چاپىنىنىڭ پېشىگە پۈتلىشىپ يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، بوز ئارغىماقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېگىلىپ تۇردى.

— قۇللارغا بەك قاتتىق مۇئامىلە قىلىنمىسۇن! — دېدى خان ئوغۇل پەس، لېكىن قەتئىي تەلەپپۇزدا، — ئۇلارغا قىلىنغان ھەربىر قاتتىقلىق، ئۇلارنىڭ جېنىنى تىكىپ قويۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. قان تۆكۈش — بىزنىڭ نېرۋانىغا ئۆتۈشىمىزگە توسالغۇ بولىدۇ. بىلدىڭىزمۇ؟

— ئامىتابا! — دېدى نازارەتچى قول ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە چاپلاپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ.

— ئامىتابا! — دېيىشتى ھەممەيلەن نازارەتچىنىڭ ھەرىكىتىنى تەكرارلاپ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا خان ئوغۇل قامچا دەستىسى ئارقىلىق مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. توپ ھەرىكەتكە كېلىپ يول يۈرۈشتى. ئالدىن يۈرەر ناغرىچى ۋە سۇنايچى باشلاپ قەدەم تاشلىدى. خان ئوغۇلنىڭ ھەمراھلىرىمۇ يۈرۈپ كېتىشتى.

خالايىق ھەيران قېلىشقىنىچە تۇرۇپ قالدى. خان ئوغۇلنىڭ باياتىنقى ھەرىكەتلىرى غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قارشىلىق قىلغان ھېلىقى ئىككى قولنى قاتتىق جازالايدىغاندەك مەنە چىققىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ جېنى ئامان قالغانلىقىغا ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى. قاراخان ۋارىسى ھېسابلانغان خان ئوغۇلغا قارشى بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالمىغان قۇلدارلار، ئېلپساتارلار ۋە بېدىكلەر چىرايىدىن چاندۇرمىغاندەك قىلغىنى بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە قېلىشتى.

خان ئوغۇل چۇشكۇنكە يېتىپ كەلگەندە كالتەكچىلەر ئىككى قۇلنى موتاپ، قاراماپ تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. خان ئوغۇل قوۋۇق چېرىكلىرىگە ئىشارەت قىلدى، ئۇلار يول بوشىتىشتى، ھەممەيلەن ئىچكىرى كىرگەندىن كېيىنلا خان ئوغۇل كالتەكچىلەرگە:

— سىلەر قايتىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى، ئاندىن ئۆزى باشلاپ ئاتتىن چۈشۈپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى، — يىگىت، ئېتىڭ نېمە؟

يىگىت خان ئوغۇلنى بۇرۇن ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرمىگەنىدى. باياتىندىن بېرى سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىتنىڭ گەپ-سۆزى مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى تىنچىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ باش ئۈستىدىكى ئەجەل قۇشى ئۇچۇپ كەتمىدى، دەپ تونۇدىمۇ نېمە، قوپاللىق بىلەن:

— ئېتىم قىلىچ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئوھوي، ئالتىس ئېتىڭ بارىكەنغۇ؟ — دېدى خان ئوغۇل كۈلۈپ، — قاچاندىن بېرى قۇلسەن؟

— ئون يىلدىن بېرى،

— قايسى ئۇرۇقتىنسەن؟

— ئۇيغۇرمەن، — دېدى قىلىچ ۋە ئاچچىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — كۆچارلىق.

خان ئوغۇل قىلىچقا باشتىن ئاياغ بىر قارىۋېتىپ قىزغا بۇرالدى-دە:

— سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— قۇندۇز، — دېدى قىز ۋە قىلىچقا قاراپ قويدى.

— سىلەر قېرىنداشمۇ؟

يىگىت بىلەن قىز بىر-بىرىگە قاراپ قويدى-دە، سوئالغا جاۋاب بەرمەي ئىككىلىسى تەڭلا يەرگە قارىدى.

خان ئوغۇل بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— سىلەرنى بوش قىلدىم، — دېدى ئۇنىنى كۆتۈرۈپ، — باتۇر ئىكەنسىلەر، ئەركىن ياشاڭلار. خالىساڭلار نەگە كەتسەڭلارمۇ مەيلى. قاراخانىلار تۇپرىقىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارساڭلار ھېچكىم چېقىلال-مايدىغان پۈتۈك پۈتۈپ بېرىمەن...

يىگىت بىلەن قىز بىرپەس ھاڭۋېقىپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن پۈتۈشۈۋالغاندەك تەڭلا خان ئوغۇلنىڭ ئايىغىغا تاشلاندى-دە، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى.

— كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس، — دېدى خان ئوغۇل تەسىرلەنگىنىدىن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈن-

دەپ، — باتۇر باتۇرنىڭ قاياشى. ئۇرۇقتا مەن خان ئوغلى بولسامۇ، باتۇرلۇقتا سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن...

— بىزگە مەدەت بەرگەن خان ئوغۇلغا بۇرھان كۈچ-تۇر بەرگەي، — دېدى قىز مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن.

— بىزنى يېنىڭىزغا ئېلىپ قېلىڭ بىكەچ①، — دېدى قىلىچ ئىلتىجا بىلەن.

خان ئوغۇل يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قارىدى. سالاپەتلىك يىگىت ئارسلان بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى. خان ئوغۇل قەتئىيلىك بىلەن:

— بوپتۇ، قېلىڭلار، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىنى تەڭ كۆرەيلى! — دېدى.

. . . . . . . . . . . .

قىز سۈتۈقنىڭ كەينىدىن يەنە بىرھازا زوقلىنىپ قارىغاندىن كېيىن يېنىدىكى قىلىچقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى. قىلىچمۇ قۇندۇزغا ئوخشاش خىياللاردىمىدىكىن، ياكى قىزنىڭ خان ئوغۇلغا قاراپ قالغىنىنى ئاغزىدا سۆز بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مىننەتدارلىقنىڭ كۆز بىلەن داۋاملىق ئىپادە قىلىنىشى دەپ تونۇ-دىمىكىن، بىلىنەر-بىلىنمەس كۆز ھەرىكىتى بىلەن سۈتۈقنى ئىشارە قىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. قۇندۇزمۇ بىلىنەرلىك كۈلۈمسىرەپ يەنە ئالدىغا قارىدى...

ئوقۇتقۇچى راھىبنىڭ ئاۋازى قىزنىڭ خىيالىنى بۇزدى. ئۇ

① بىكەچ — خەلقنىڭ خان ئوغۇللىرى (تېكىن)غا ئىشلىتىدىغان ھۆرمەت سۆزى، شاھزادەم دېگەندەك.

پەس، بوغۇق ئاۋاز بىلەن چاق ئىڭگىرگەندە چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشاش سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ...مانا، ماخايانالار ئۈچۈن ئالىي بىلىنگەن ئۆزىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى، ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇتسانۋانىڭ مۇرىتلىرى بولغان خىنايالارنىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش. سىد-خارتخاگائۇتاما① تەلىم بەرگىنىدەك جانلىقلارنىڭ ھەممىسى “نورمالسىز”، “ئۆزىدىن تاشقىرى” ھەمدە “ئازاب” ئىچىدە بولىدۇ. بۇ يەردىكى “ئازاب”نىڭ سەۋەبچىسى بارلىقتىن ھالقىغان باقىلىقتا ئەمەس، شۇنداقلا بىزنى قورشاپ تۇرغان ئەتراپتىكى جانلىق ياكى جانسىزلار تەرىپىدىنمۇ كەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبچىسى شۇكى، ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان “سەزگۈ” بىلەن “ھەرىكەت”تىن ئىبارەت. ھەممەيلەنگە ئېنىقكى، “سەزگۈ” دېگىنىمىز ئاچلىق، ھالسىزلىق، كېسەللىك قاتارلىق قايغۇدىن تەشكىل تاپىدۇ. “ھەرىكەت” دېگىنىمىز، بىزنىڭ بەدەن، ئېغىز، تەپەككۇرىمىزدۇر. يەنى، بەدىنىمىز ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا ياكى گۇناھقا، ياكى ئېزگۈگە باشلايدۇ. ئېغىزىمىزمۇ ئوخشاشلا گۇناھ، ياكى ئېزگۈگە تەۋە سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، تەپەككۇرىمىزمۇ يا ئۇنىڭغا، يا بۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. مانا شۇنىڭ نەتىجىسىدە ياشاش بىلەن ئۆلۈم مەڭگۈ ئالمىشىپ تۇرىدىغان نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتلىقتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قايتا تۇرمۇشتا باي ياكى يوقسۇل، قول ياكى قۇلدار بولۇپ ئۆمۈر كەچۈرۈشنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ھاياتلىقتىكى ئازاب-

① ساكيامونىنىڭ نەسلى ئىسمى.

ئوقۇيەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى بارمۇ، يوق؟ ئۇ بار. مانا، بىز بىر ئايدىن بېرى ئۆگىنىۋاتقان «بۇددىزما كونىرا شاسترا» ناملىق بۇددا نومىنىڭ "تۆرىلىشنىڭ ئايرىلىشى" قىسمىدا ئويدان جاۋاب بېرىلگەن...

— سوئال سوراشقا بولامدۇ؟ — دېدى ياش، چېچەن بىر ئوقۇغۇچى.

ئوقۇتقۇچى راھىب تەكيە ئۇستىدىكى قېلىن نومدىن كۆزىنى ئېلىپ سوئال بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئوقۇغۇچىغا قېلىن قاشلىرى ئېگىدىن نارازىلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. بۇ ئوردۇ ئوقۇلى بولغاچقا ئوقۇۋاتقانلار خان جەمەتلىرى، ئوردۇ خادىملىرىنىڭ باللىرى ياكى ئوردۇ ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان باللار ئىدى. راھىبنىڭ بىلىم بېرىش ۋەزىپىسىلا بولۇپ، تەنبىھ بېرىش، سىرتتىكى ئوقۇلدىكىدەك ئۇرۇش، تىللاشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇڭا ئۇ خاپا بولغان بولسىمۇ دەماللىققا چېچىلماي قوپال ئاۋازدا:

— ھە، نېمە دېمەكچى ئىدىڭ ئىلىك؟ — دەپ سورىدى.

— مەن خېلىدىن بۇيان سوراي دېۋىدىم، — دېدى ئىلىك ئىككى چېتىدىكى باللارغىمۇ تەكشى نەزەر سېلىۋېتىپ، كۆزىنى ئاخىردا ئوقۇتقۇچى راھىبقا تىكىپ، — ئېزگۇ "سەزگۇ" ۋە "ھەرىكەت"تە بولغان يوقسۇللار، قۇللار قايتا تۆرىلىشتە باي بولۇپ يارالسا بۇنىڭ ئىسپاتى بارمۇ؟ بۇ ئەقىدىنىڭ بارلىق يارالمىشلار تەڭسىز بولىدۇ دېگەن ھۆكۈم بىلەن روبىرو كېلىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ ئۇستاز؟

— ھە، بۇ توغرۇلۇق ئىسپات... ھۆكۈم...، — ئوقۇتقۇچى راھىب ئىچىدە بىرمۇنچە غودۇڭشىپ مۇجمەل جاۋاب بەردى، — "ھەرىكەت"تىكى ئېزگۈلۈك "تەپەككۇر"دىمۇ بولۇشى لازىم. بىر نامرات يوقسۇل،

ياكى بىر پەس قۇل "تەن" "ئېغىر" ئارقىلىق باي، قۇلدار ئۇچۇن ھەرقانچە ئېزگۇ ھەرىكەتتە بولغانلىقى، ياكى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكىنى بىلەلەمۇ، ئوي-پىكرىدە ئېرىقچىلىك بارازى بولىدىكەن، ئۇ قايتا ئۆرەلمىشنە بەربىر يوقسۇل ياكى قۇل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ...

ئىلىك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەگەر باي بىلەن قۇلدار يوقسۇل بىلەن قۇلنى ناھەق ئۇرسا، ئۆلتۈرسىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ناھەق ئۇرىدىغان ئىش بولمايدۇ، — دېدى ئۇقۇتقۇچى راھىب كۆزىنى ئالايتىپ، — قۇل دېگەننىڭ ھامان گۇناھى بولىدۇ، ئۇنداق گۇناھى بولمىسا، بۇنداق گۇناھى بار...

— مەن ئويلايمەنكى، — ئىلىك يەنە مۇرەسسە قىلمايدىغان ئاھاڭ بىلەن داۋام قىلدى، — قۇلدار بىرەر-يېرىم قېتىم ئۇرماي نەسىھەت قىلسىمۇ بولىدىغان ئىشقا ئۇرسا، ئۇرسىمۇ بولىدىغان ئىشقا ئۆلتۈرسە ئۇنىڭ ئېزگۇ "ھەرىكەت"تىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھېسابلىنامدۇ، يوق؟ نېمە ئۇچۇن قۇلدارنىڭ ھەممە ھالىتى ئېزگۇ، قۇلنىڭ بولسا گۇناھ سانىلىدۇ؟

ئۇقۇغۇچى باللارنىڭ كۆپچىلىكى جىددىيلىشىپ بىر ئىلىككە، بىر ئۇقۇتقۇچى راھىبقا قاراپ قالدى. بۇ يەردىكى ئارسلان، قىلىچ ۋە قۇندۇزلار پۈتۈشۈۋالغاندەك تەڭلا سۈتۈۋقىقا قاراشتى. سۈتۈۋق بولسا ئۇقۇتقۇچى راھىب نېمە دەيدىكىن دېگەندەك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ ئۇقۇتقۇچى راھىبقا قاراپ ئولتۇراتتى.

— سەن نېمە دېمەكچىسەن؟ — ئۇقۇتقۇچى راھىب ئاچچىق بىلەن ئىلىككە ۋارقىرىدى، — سەن ساۋاقنىڭ ئىچىدىكى گەپنى قىل! مەن سۆزلىگەن ھۆكۈملەر تەڭرىنىڭ تەقدىردە كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە

پۈتكىنى. سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئەگرى ھۆكۈمگە، بۇتساتۇۋانىڭ ئەلچىلىرىگە تىل ئەككۈزگەنلىك بولىدۇ. — ئوقۇتقۇچى راھىب قولىدىكى قوش تارىشىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇردى.

— مەن ئەگرىلىكمۇ، بۇتساتۇۋاغىمۇ تىل ئەككۈزگىنىم يوق، — دېدى ئىلىك سالماقلىق بىلەن، — مەن ئوقۇلادا سۆزلىگەن ئۆگرەتمىلەر نېمە ئۈچۈن كىشىلەر تۇرمۇشىدا يوق، دەۋاتىمەن. ئەگەر بىز باي بارىتىلغان، يوقسۇللار يوقسۇل يارىتىلغان، ئۇلار بايلارغا تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ چوقۇم بويسۇنۇشلىرى كېرەك، كۆڭلىدە قارشىلىقمۇ بولماسلىقى كېرەك دېسەك، "ئېزگۈ" دېگەن نەرسە نەگە كەتتى؟ بۇ كۈنلەردە بايلار، قولدارلار يوقسۇللارنى، قۇللارنى ئۆز مەيلىچە ئۆلتۈرىدۇ، بازارلاردا ئېشەككە ئوخشاش ساتىدۇ...

— قۇلغا كالتەك تەگسە ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ — دېدى ئىلىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر بالا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تەنە قىلىپ، — سەن قۇلنىڭ بالىسىمىدىڭيا! — ئۇ ئىلىكنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

ھاكاۋۇرنىڭ كەينىدىكى قاتاردا ئولتۇرغان بىر بالا ئۇنىڭغا قوشۇ-لۇپ تازا كۈلگىلى تۇرغانىدى، سۇتۇقنىڭ تىكىلگەن سۇرلۇك كۆزىنى كۆرۈپ قېلىپ دەرھال ئاغزىنى يۇمۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقتى. ھاكاۋۇر ئەزۋەيلىدى:

— مانا، مېنىڭ دادامنىڭ مىڭ پاتمانلاپ يېرى بار، قۇللىرى بولسا ھېسابسىز. ئەگەر ئۇلار ياۋاشلىق قىلمىسا، دادامنىڭ قىلىچى شارت قىلىپ قىنىدىن چىقىدۇ، بىلدىڭمۇ؟ — ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغاندەك ھەرىكەت قىلدى.

— شۇ مىڭ پاتمان يېرىڭنى قۇل تېرىمىسا ساڭا نان نەدىن كېلىدۇ، — دېدى ئىلىك سالماقلىق بىلەن، — تەييار نانىنى يەيسەنۇ يەنە

ئۇ ئانىنى تەيياۋلاپ بەرگەن كىشىلەرنى مەيلىگىچە دۇميالىيەن، ئۆلتۈرىسەن...

— تەييار نان يەيدىغان كىم؟ سەن ئاتامغا تىل تەگكۈزمەكچى بولدۇڭمۇ تېخى، ئاتام ئوردۇدا نېمە ئىش قىلىدۇ بىلەمسەن؟ — ھاكاۋۇر قوپۇپ بىلەكلىرىنى شىمايلىدى ۋە تەييارلىقسىز تۇرغان ئۆلكىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ مۇشتىنى كۆتۈردى.

ئۇ ئۇرالمىدى، بۇرىلىپ، بىغىشىدىن چىڭ تۇتۇپ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سۇتۇقنىڭ كۆزلىرىنى كۆردى.

— خان ئوغۇل، — دېدى ئۇ تېرىكىپ سۇتۇقتا، — سىز مۇشۇ تاغ ئارقىسىدىن كەلگەن بىر ياقا يۇرتلۇق يالاڭتۆشنى مەندىن كاتتا كۆردىگىزمۇ؟! — ئۇ قولىنى بوشاتماق بولدى. لېكىن سۇتۇقنىڭ قولىدا ئامبۇردا قىسىلغاندەك قىسىلغان قولى بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىدى.

— ۋاي جان! — ئۇ چىرايلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ تولغىنىپ كەتتى، — ۋاي قولۇم...

سۇتۇق ھاكاۋۇرنىڭ قولىنى تازا قاتتىق بىر قىسىپ كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى، ھاكاۋۇر بوشىغان قول بېغىشىنى ئۇۋۇلاپ يەرگە يىقىلدى. ئوقۇتقۇچى راھىب كىتابىنى يىغىشتۇردى-دە، رېيىل بىلەن قوشۇپ قولتۇقلاپ تىكىۋەتتى.

ئوقۇلىنىڭ ئىچىدە جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئارقىدا ئولتۇرغان ھېلىقى خۇشامەتچى بالا ھەممىنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ باللارنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى. باللار ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈشتى.

— ئوقۇلداشلار! — دېدى سۇتۇق ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، — ئۆلكىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ باقساق بولىدۇ، بۇ بىر بىلىك-دە! ماۋۇ باتۇر

يىگىت، بىزنىڭ يېقىن ئادىشىمىز، — ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئىلىكنى يان تەرەپتىن بىر قولى بىلەن قۇچاقلىدى.

— راست گەپ، ئىلىك بىزنىڭ ئادىشىمىز!

— ئىلىك پۇقرالارنىڭ ئادىشى، ھەممىمىزنىڭ ئادىشى!

بالىلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېيىنكى جاراڭلىق ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، قۇندۇز ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسىۋاپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ ھەممەيلەن كۈلۈۋېتىشتى.

— مانا، باتۇر قىز! — دېدى سۇتۇق ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى چىقىرىپ، — بىز ئىلىك يىگىتتەك، قۇندۇز قىزدەك باتۇر بولايلى. ماۋۇ قول سويىدىغان پوكانچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى...

بالىلار روھلىنىپ كۈلۈشتى. ھاكاۋۇر ئورنىدىن قوپۇپ، چاپىنىنى قېقىپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەنىدى. سۇتۇقنىڭ تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئاستا قولىنى چۈشۈردى. ئاندىن ئۇ بوغچىسىنى ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

بالىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىقاس سېلىپ كۈلۈشتى...

ئەمدى بالىلار بىلگە تېكىنگە قاراپ ساۋاق ئاڭلىماقتا. سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ئاداشلىرى ئوقۇلدىكى ئۇستازلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك بىلگە تېكىننى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

— بىزنىڭ ئوقۇشتىن مەقسىتىمىز نېمە؟ — دېدى ئوقۇتقۇچى بىلگە تېكىن چار ساقاللىرىنى سىلاپ ۋە تەلپىكىنى يەرگە ئېلىپ قويۇپ داۋام قىلدى — بىلگ ئۆگىنىش، بىلىكلىك بولۇپ ئەل ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش.

قىلىچ بىلەن قۇندۇز ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى

ھاياجانلانماقتا. ئىلىك قولىغا قىستۇرۇلغان قومۇش قەلەمنى دۈۋەتكە پاتۇرۇپ، ئالدىراپ دەپتەرگە پۈتمەكتە.

ئوقۇتقۇچى چۆچەكتىن بىر يۇتۇم چاي ئوتلىدى ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— بىلىم دېگەن چەكسىز كەڭ ۋە چوڭقۇر نەرسە. بىلگەنسېرى بىلگىنىڭ ئېشىپ بارىدۇ، بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن جىگەرلىك بولۇش ۋە كۆڭۈل قويۇش كېرەك. بىلىم ئالدامچىنى ياقتۇرمايدۇ.

سۇتۇق ئىلىككە قاراپ قويدى، ئىلىك "توغرا" دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ھېلىقى ھاكاۋۇر بولسا ئەسنەپ ئەتراپىغا قارايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى دوستى كەينى-كەينىدىن ئاغزىغا گۈلە سېلىپ كالپۇكىنى سەتلەشتۇرۇپ چاينىماقتا.

ئوقۇتقۇچى داۋام قىلماقتا:

— دۇنيادا بىلىم جىق. بارلىقىنى ئۆگىنىۋالالمايسەن. بىرىنى، ئىككىنى، ئۈچىنى ئۆگەنگىن. بىرىنى پۇختا ئۆگەنسەڭ ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلسەڭ بولغىنى — ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. باشقا ئۇلۇسلار بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. ئازۇننىڭ تۈنۈگۈنىنى بىلەن بۈگۈنىنى بىلىش كېرەك. بۇ بىلگىنى ئەرەبلەر "تارىخ" دەپ ئاتايدۇ. ئۆز ئۇلۇسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرىنى بىلمەسەڭ، بۈگۈنكى ئىشلىرىنى بىلمەيسەن. ئۇلۇسقا ئوبدان ئىش قىلىپ بېرەلمەيسەن، — ئوقۇتقۇچى بىر ئاز تۇرۇۋالدى، چۈشەندىمىكىن دېگەندەك بالىلارغا بىر قاراپ چىقتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخى ئۇزاق. ئۇلار ئۆز تارىخىدا ھېچكىمگە بوزەك بولمىغان، بۇنىڭدىن بەش يۈز يىللار بۇرۇنقى "تۈرك

خاقان"لىقى كۆپلىگەن قېرىنداش ئۇلۇسلاردىن تەشكىل تاپقان. بىزنىڭ ئۇيغۇر، قارلۇق ئۇلۇسلىرىمىز ئۇنىڭ تۈپ گەۋدىسى بولغان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز ئېلىمىز، خاقانىمىز بار ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر تۇۋرۇكى بولغان، باشقا كۆپلىگەن ئۇلۇسلار بىلەن بىرلەشكەن يېڭى خانلىق بارلىققا كەلدى. بۇنى چەت ياقىلاردا قارا-خانلار دەپ ئاتاشماقتا... ھازىر بىز ئوقۇپ تۇرغان يېزىق، — ئوقۇتقۇچى ئالدىدىكى كىتابنى قولغا ئېلىپ بالىلارغا كۆرسەتتى، — بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى، بۇنىڭدىن مىڭ ۋە مىڭ بەش يۈز يىللار بۇرۇنلا "ئورخون يېزىقى" دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقىمىز بار ئىدى. شۇ يېزىقتا بىتىلگەن بىتىكلەر، ئەسلىمىلەر بار. بۇ يېقىن يىللاردىن بۇيان كۆپلەپ بىتىكلەر بارلىققا كەلمەكتە...

ئۇستاز بىلگە تېكىن تارىختىن ئۇزاق سۆزلىدى...

مۈگدەپ ئولتۇرغان بىر-ئىككى بالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بالىلار — سۇتۇق، ئېلىك، ئارسلانلار ھاياجانلىناتتى.

بىلگە تېكىن ساۋاقنى تۈگىتىپ كىتابلىرىنى يىغىشتۇردى. سۇتۇق ئېلىكنىڭ ئالدىدىكى قەغەزنى ئېلىپ مۇنۇ تۆرتلۈكنى ئوقۇدى:

تارىخنىڭ بەتلىرىدىن بولدى ئايان،
بوۋىلار ئۆتمۈشى روشەن بايان.
قىلىچلار قانلاردا سۇغۇرۇلغان، بىراق،
بىتىلگەن تاشلارغا مەڭگۈلۈك ئارمان.

— كىم پۈتتى؟ — سورىدى ئوقۇتقۇچى.

— ئېلىك! — كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى سۇتۇق.

— بەللى، ئوغلۇم ئېلىك، — دېدى بىلگە ئۇستاز خۇشاللىنىپ، — يارايسەن، سېنىڭ مۇشۇ قوشىقىڭنىڭ ئۆزىمۇ بىر قۇتلۇق بىتىك...

بالىلار خۇشال بولۇشۇپ چاۋاك چېلىشتى. ئۇستاز ئورنىدىن تۇردى.

## ئۈچىنچى باب

# غاردىكى ئۇچرىشىش

سوتۇق باتۇر تاغا بىلەن ئاتلىق ئاستىن ئاتۇشتىن ئارغۇ تەرەپكە — تاغ ئاغزىغا قاراپ سايلىقتا كېتىپ باراتتى. ئەتىيازنىڭ يېقىملىق سالقىنى باتۇرتاغىنىڭ ساقاللىرىنى تاراپ ئۆتمەكتە. سايدا ئۆسكەن، ئەمدىلا تىنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان شۋاق ۋە چىغلار ئىككىلەنگە ئېگىلىپ سالام بەرگەندەك لەرزان تەۋرىنەتتى.

— تاغا، — دېدى سوتۇق ئاللىقانداق ئوي-خىياللار ئىلكىدىن قۇتۇلغاندەك، — سىز زادى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندىڭىزمۇ؟

— مەن بىر سۆزلىشىپلا قانداقمۇ ئىشىنەي، ئوغلۇم؟ — دېدى باتۇرتاغا خىيالچان قىياپەتتە، — بىز سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلاپ باقساق دەيمەن.

— ئۇ ئۆزىنى نەدىن كەلگەن دەيدۇ؟

— كۇنپېتىش ياقتىن دەيدۇ. ئېتىنى ئەبۇ نەسىر سامانى دەيدى-كەن. ئۇ سامانىلاردىن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ھەمراھى بار ئىكەن. ئۇ كىشى ياش بولسىمۇ كۆرگەن-بىلگەنلىرى جىق، بىلىمى چوڭقۇر ئىكەن.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمە ئىكەن؟ — سورىدى سوتۇق.

— ئوبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامەت دەيدىكەن. نىشاپۇرلۇقمەن،

دەيدۇ.

— ھە، بەرىبىر سامانلاردىن ئىكەن-دە؟ — دېدى سوتۇق بىرئاز چۆچۈگەن ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سامانلار بىزگە ياغى تۇرسا، ئۇ ياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ؟...

— ئوغلۇم سوتۇق، ئۇلار ئىسلام دىنىنى تارقاتماقچى ئىكەن. بۇرۇن ھەر خىل دىنلار بولغان. كىشىلەر گايىدا كۆككە تېۋىنغان، گايىدا ئوتقا تېۋىنغان، سوغا تېۋىنغانلارمۇ بولغان، بىز تەڭرىگە تېۋىنىمىز، بۇتقا چوقۇنىمىز. كۈنپېتىش ياقتىن ئەيسا، مۇسا دەمدۇ، بىر خىل كىشىلەر چىقىپ ئۆز دىنلىرىنى تارقاتقاندى. كېيىن ئەرەبلەر ئىچىدىن مۇھەممەد دېگەن بىر كىشى چىقتى. ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقاتتى...

— بۇلار توغرىسىدا ئۇستاز بىلگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەنىدى، — دېدى سوتۇق سەل جانلىنىپ ۋە، — تاغا، بۇ دىنلارنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟ ئەيسا، مۇسالارنى بىز كۆرمىگەن. بىزنىڭ بۇتتىن بولسا ئاۋازمۇ چىقمايدۇ...

— ئۇ بىر لاي تۇرسا، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئاۋاز چىقسۇن، ئوغلۇم؟ بۇ ئەبۇ نەسىر دېگەننىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، ئۇنىڭ تەڭرىسى بىزنىڭ تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولسا، مۇھەممەد بۇتساتۇۋادىن كاتتا بولسا، ئويلىشىپ باقمايمىزمۇ...

— بۇ دىن بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئوي-پىكرىگە ماس كېلەمدۇ، يوق؟ بۇ دىننى مىڭ يىلدىن ئارتۇق بۇددا دىنىغا ئىشىنىپ كەلگەن، بۇددا دىنىنىڭ يوسۇنلىرى، بىلىگلىرى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خەلقىمىز قارشى ئالامدۇ، يوق، دېگەن مەسىلىنى ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دەپ قوشۇلدى باتۇرتاغا سۇتۇققا زوقلىنىپ قاراپ قويۇپ.

ئۇلار سايىنىڭ يىپىرىسىغا يەتكەندە، تاغا "مانا مازۇ ياقتا" دەپ، سول ياقتىكى بىر تار سايىنى كۆرسەتتى. ئۇلار سايىغا كىردى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر پارچە كۆك چۆپلۈك تۈزلەڭگە چىقتى. تاغ باغرىدا تۆگە، ئېشەكلەر ئوتلاپ يۈرمەكتە. ئۇ يەردە باشلىرىغا ئاق ياغلىق سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارا پۆپۈكلۈك يىپ بىلەن باغلىۋالغان، ئۇزۇن خالتا كىيىملىك بىرقانچىلىغان ئادەم تۆگە-ئېشەكلەر بىلەن ۋە يۈك-تاق بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. مۇنداقلا بىر قارىغاندا بۇلار بىر كىچىك كارۋانغا ئوخشايتتى.

سۇتۇقلار بىر غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئىككى كارۋانچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنى ئالدى. سۇتۇق دەماللىققا كارۋانچىغا ئەيمىنىپ قارىدى ۋە ئاتنى بەرگۈسى كەلمەي ئازراق تارتىندى، كېيىن تاغىنىڭ شەرتى بىلەن ئاتنى بەردى.

غار ئاغزىدا بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇتۇق بىلەن تاغا ئۇ ياققا قاراپ، بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇزۇن خالتا كىيىم كىيگەن، قارا ساقال-بۇرۇتلۇق بىر يات ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان چاققان شايى سەللە، توقۇلما ئۇزۇن چاپان كىيگەن ياش بولسىمۇ سالاپەتلىك بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇلار ئاۋال تاغا بىلەن سالاملاشتى، كېيىن بۇرۇلۇپ سۇتۇققا ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئىككى قوللاپ ئۇلارنى غارغا باشلىدى...

سۇتۇق چوڭراق ياشتىكى ئادەمنى تونۇدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى دوستلىرى بىلەن ئوۋغا چىققاندا ئۇ بىرمۇنچە ھەمراھلىرى بىلەن دالىدا ئۆستەڭ بويىدا يۈكۈنۈپ قىلىۋاتقانىكەن، شۇ چاغدا

سوتۇق ھەيران بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇپ يۈكۈنچىنى[1] كېيىن ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، "بىز ئاللا ئۈچۈن ئىبادەت قىلماقتىمىز" دېگەنىدى. كېيىن بۇ ئادەم "ئىسلام"، "ئاللا"، "ئىمان" دەپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلغانىدى. سوتۇق چۈشەنمەي قايتقان. ئۇ ئۇلارنى "مەغرىبتىن كەلگەن كارۋان" دېگەنىدى. بۇ دەل شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى.

غارنىڭ ئىچى ئۇنچە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، سوتۇققا غەيرىي كۆرۈندى. ئوتتۇرىدا ئېسىلغان قازان، ئۇنىڭ تېگىدە ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ئەتراپقا پالاس سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسىگە كۆرپىلەر قاتلاپ يىغىپ قويۇلغان. يۇقىرىدىكى ئىككى تۆشۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرى غار ئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. غارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تېمىغا بىر ئويۇقچا ئويۇلغان، ئويۇقچا ئالدىغا بىر كىشىلىك گىلەم، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ كىشىلىك ئۇزۇن پالاس سېلىنغانىدى.

ھېلىقى ياقىلىق ئادەم سوتۇقلارنى باشلاپ ئويۇقچا ئالدىدىكى تۆت قىرلىق قىلىپ تاشتىن ياسالغان سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار سۇپا لېۋىگىلا ئولتۇرۇشتى، ياقىلىق ئادەم كەشىنى سېلىپ سۇپىغا چىقتى ۋە ئويۇققا يېقىنچە ئولتۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شەۋكەتلىك شاھزادە، — دېدى چوڭ ياشتىكى كىشى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەكەللۇپ بىلەن ئالدىغا ئېگىلىپ.

سوتۇق چۈشەنمەي باتۇرتاغىغا قارىدى. باتۇرتاغا دولىسىنى قىسىپ قويدى. ئاۋۇ ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆز سۆزىنى چۈشەنمە...

---

① يۈكۈنچ — سەجدە قىلىش، ناماز ئوقۇش.

گەنلىكىنى سېزىپ، پارس ئاھاڭىدا، ئۇيغۇرچە سۆزلىدى:

— شاھزادە — خان ئوغلى دېمەكتۇر. ئۇلۇغ خان ئوغلىغا ھۆرمەت دېمەكچىمەن. مېنىڭ ئېتىم ئەبۇ نەسىر، ئۆزەم سامانىلاردىن، ئەبۇ نەسىر سامانى دەپ ئاتىشىدۇ.

— مېنىڭ خان ئوغۇل ئىكەنلىكىمنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ — سورىدى سۇتۇق، — بىزنىڭ تىلىمىزنى قانداق بىلىدىڭىز؟

— سىزنىڭ ئېلىڭىزگە مەن بىرنەچچە قېتىم كەلدىم. سىزنىڭ ئۇلۇسىڭىزنىڭ تىللىرىنى ئۆگەندىم. مەن سىزنى كۆپ قېتىم ئوۋغا چىققان، ئوۋدىن قايتقان ۋاقىتلىرىڭىزدا، ئات ئۈستىدە كۆرگەنمەن. شەھەر ئىچىدىمۇ بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. سىز ھەممىلا قېتىمدا جىق يارانلىرىڭىز بىلەن بىللە بولغانلىقىڭىزدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئايرىم سالام قىلىشقا پۇرسەت تاپالمىغانىدىم.

— سىزنى بۇنچە ئاۋارىگەرچىلىككە سالغان سەۋەب نېمە؟ — دەپ سورىدى باتۇرتاغا.

— ئاللا يولىدا، دىن ئۈچۈن ئاۋارە بولۇش تۈگۈل، ئۆلسەم ھەم ئارمان يوق.

— ئاللا دېگەن كىم ئۇ؟ — سورىدى سۇتۇق قىزىقىپ.

— ئاللا ئادەم ئەمەس، سىزنىڭ تىلىڭىزچە ئېيتقاندا تەڭرى دېگەن بولىدۇ، — دېدى ئەبۇ نەسىر ئازراق قورۇنۇپ.

— خوش، بىزدىن قانداق تىلىكىڭىز بار؟ — دېدى سۇتۇق.

ئەبۇ نەسىر سۆزنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەي، ئازراق ئويلى-ۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— سىز شەۋكەتلىك خان ئوغلى، سىز بۇ ئەلنىڭ كەلگۈسى خاقانى، سىز كۆپلىگەن باشقا ئۇلۇسلارغا باشلامچى بولىسىز. خالا-

يېقىنا باشلامچى بولغان كىشى ئاۋال ئۆزى توغرا يول تېپىشى كېرەك. مەن، ئەگەر سىز خالىسىڭىز، سىزگە ئاشۇ توغرا يولنى چۈشەندۈرۈپ قوياي دەيمەن. ئۇ يول — ئىسلام دىنى بولىدۇ.

— سىز مېنى ئىسلام دىنىغا كىر دېمەكچى بولسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئەمما كىرىش-كىرمەسلىك سىز شاھزادىنىڭ ئىختىيارىڭىز. مېنىڭ ۋەزىپەم: پەقەت سىزگە بىر توغرا دىن — ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش.

— بىرلا توغرا دىن؟ — سورىدى باتۇرتاغا ئەبۇ نەسىرگە تىكىلىپ — نىسارا دىنىچۇ، يەھۇدىي دىنىچۇ، بىزنىڭ بۇددا دىنىمىزچۇ؟

— باشقا دىنلار ئۈستىدە مەن سۆز ئاچماقچى ئەمەسمەن. پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ توغرىلىقىنى بايان قىلىمەن.

— قېنى، ئاڭلاپ باقايلى، بايانىڭىز قانداق؟

— ئاللاتائالا مۇھەممەدنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيى چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭغا بۇيۇردىكىم: سەن ئىنسانلارغا ئۆگەت، ئاللا بىر، مەندىن باشقا ئاللا يوق. سەن مېنىڭ ئەلچىم. سەن ئاخىرقى پەيغەمبەر، سەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

— ھە، ئاللانىڭ بۇ ئەمرىنى مۇھەممەدتىن باشقا ئاڭلىغانلار يەنە بارمۇ؟

— ياق، شاھزادە، بۇ راست، ئاللانىڭ ئەمرى.

— مۇسۇلمان بولۇشنىڭ يولى قانداق؟ — سورىدى باتۇرتاغا ئىسلام دىنىنىڭ شەرتلىرىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى: ئىمان — "لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا" دېگەن بۇ سۆزنى ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا دىلدىن ئەمەل قىلىش. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: "ئاللا بىر،

باشقا ئاللا يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى" دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مۇھىم شەرت — ناماز. بۇ سىزلەرنىڭ تىلىڭىزلاردا "تابىنىغ" دېيىلىدۇ. يەنى ئاللاغا چوقۇنۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش. ئۈچىنچىسى، مەككىگە بېرىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش. تۆتىنچىسى، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش. بەشىنچىسى، كەمبەغەللەرگە ئاشلىقتىن ئوندىن بىرىنى ئۆشرە، مال ۋە پۇلدىن قىرىقتىن بىرىنى زاكات بېرىش... ئىسلام دىنىنىڭ بۇ بەش شەرتىنى "پەرز" دەيمىز. بۇلار ئاللانىڭ ئەمرى، چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك. يەنە مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى بار، ئۇلارنى "سۈننەت" دەيمىز. ئاۋال ئىمان ئېيتىش ۋە نامازنى ئۆگىنىش...

ئەبۇ نەسىر روھانىي تەسىرات بىلەن سۆزلەيتتى.

سۇتۇق قاتتىق خىيالغا كەتتى. باتۇرتاغا بۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى...

شۇنىڭدىن كېيىن سۇتۇق خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ دوستلىرىدىن ۋە ئۇستازى باتۇرتاغدىن بەزىدە غەلىتە-غەلىتە سوئاللارنى سورايتتى. كۆپىنچە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرەتتى. جاۋابقا ھامان قانائەت قىلمايتتى. ئۇستازى باتۇرتاغنىڭ جاۋابىمۇ ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. شۇنداق كۈنلەردە سۇتۇق باتۇرتاغا بىلەن بىرلىكتە يەنە كارۋانلار يېنىغا بېرىپ، ھېلىقى غار ئىچىدە سۆھبەتتە بولاتتى. سۇتۇق ئۆز سوئالىغا پەقەت ئەبۇ نەسىر سامانىدىنلا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالاتتى، قانائەتلەنمىسىمۇ ئاللىقانداق بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ ئۇنىڭدا بېرىلگەن جاۋابقا رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى قوزغايتتى-دە، ۋاقتىنچە قانائەت ھاسىل قىلىپ قايتاتتى.

بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ئۆشرە-زاكات بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ياردەم قىلسا، بايلارنى چەكلەيدىغانلىقى، ئىلىم-بېرىمدە ئادىل بولۇشنى تەكىتلەيدىغانلىقى، سودىدا ئارتۇقچە پايدا ئېلىشقا قارشى ئىكەنلىكى، سۈتخورلۇق، زىنا، ئوغرىلىق، ھاراقكەشلىككە ئوخشاش يامان ئىشلارنىڭ ھارام دېيىلىپ يول قويۇلمايدىغانلىقى ئۇنى قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئەنە شۇ تەرىقىدە، مۇشۇ ئىككى ئاي ئىچىدە سۈتۈق باتۇرتاغا بىلەن پات-پات غارغا كېلىپ تۇردى ۋە ئاخىر ئىمان ئېيتىشنى تولۇق ئۆگىنىۋالدى:

— لائىلاھە ئىللاللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا.

— لائىلا... ئىلاھە... مۇھەممەدۇن...

— لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا.

— لائىلاھە ئىل-لەللا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا.

ئەبۇ نەسىر سۈتۈق بىلەن باتۇرتاغىنىڭ ئاخىرى "ئىمان"نى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولدى. سۈتۈق كۈلدى، تاغىمۇ سۈتۈققا قاراپ كۈلدى...

— ھۆرمەتلىك شاھزادە، — دېدى ئەبۇ نەسىر سامانى سۈتۈقنىڭ "لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا" دەپ توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئىمان ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، — مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانىڭ كالامى بولغان قۇرئاندا نازىل بولغان ئىسمىگە ئوخشىتىلغان مۇسۇلمانچە ئېتى بولىدۇ. مەن سىزگە ئۆز ئېتىڭىزدىن باشقا مۇسۇلمانچە بىر ئات قويۇپ بەرسەم، خالامسىز؟

سۈتۈق ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، مۇسۇلمانچە ئات قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەبۇ نەسىر سامانى مەمنۇن بولۇپ، تەكبىر ئېيتىپ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۈكۈنۈپ



ئولتۇرۇپ ئاللىقانداق بىر ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ يۈز - كۆزىنى سىپىغاندىن كېيىن:

— بۈگۈندىن باشلاپ مۇسۇلمانچە مۇبارەك ئىسمىڭىز ئابدۇكېرىم بولغاي، — دېدى ۋە بۇ ئىسمىنىڭ "كېرىمنىڭ قۇلى" دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى، "كېرىم" بولسا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چۈشەندۈردى. سۇتۇق بۇ ئاتنى خۇش بولۇپ قوبۇل قىلدى...

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇتۇق بىلەن تاغا ئەبۇ نەسرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بۇلار بۇ چاغدا مەملىكەتتە بىرىنچى تۈركۈمدىكى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، سۇتۇقنىڭ ئارقىسىدا مۇسۇلمانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى.

بىر ئايدىن كېيىن سۇتۇق، باتۇرتاغا، ئارسلان بولۇپ يىگىرمىدەك كىشى غارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ نەسرگە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. بۇلار ئىچىدە ئارسلان، ئىلىك، قىلىچلارمۇ بار. ئايدىنىڭ، يۇلتۇز، قۇندۇزلار بولسا ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەرلەر سىپىدە تۇرماي، ئايرىم ناماز ئوقۇيدىغان بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن غارنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا يۈزچە كىشى ناماز ئوقۇيدىغان بولدى.

## تۆتىنچى باب

# مەخپىي پىلان

ئالتۇنـدەك نۇر چاقناپ تۇرغان ھەيۋەتلىك خان ئوردىسى بۈگۈن تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئەتىگەن، گۈگۈم ۋاقتى، ئىچكىرىكى ھويلىدا ئارقۇلار① قوللىرىغا نەيزە، قالقان ئالغان ھالدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىشىپ تۇراتتى. ھويلىدا ئىشىكلىرى كەڭ ئېچىلغان، ئېگىز سارايلار ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەنجىرىلىرىگە ئۇزۇن-ئۇزۇن رەڭلىك شايى-ئەتلەس پەردىلەر تارتىلغان. ئوردىنىڭ ئىچى تېخىمۇ باشقىچە: يەرگە چىرايلىق زىلچىلەر، ئولتۇرىدىغان يەرلەرگە — زىلچىلەرنىڭ ئۈستىگە تاۋار يېكەندازلار سېلىنغان. تاملار ھەر خىل رەڭلىك گۈزەل سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن. سارايىنىڭ دۈگىلەك تۈۋرۈكلىرىگە قاپارتما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ تۈۋرۈكلەر ھەر خىل رەڭدە تۇرلۇك گۈل-گىيا ۋە باشقا ھەر قىسما نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تۇرۇسنى خۇددى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرغان ئادەم بىلىكىگە ئوخشايتتى. سارايىنىڭ يۇقىرى — ئوڭ يان تەرىپىگە بىر شىرە ۋە تۆت ئورۇندۇق قويۇلغان. بۇ شىرە ئالدىدا ئىككى كىشى ئولتۇرۇپ كۇسۇرلىشىپ سۆزلەشمەكتە. قوش ئىزىلىق بېغىر رەڭ

---

① ئارقۇ — ئوردۇ قاراۋۇلى.

چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن، قۇياقنى ئالدىغا قويۇپ، ئۇلا بىلەكىنى شىرەگە قويۇپ، يېشىل ياقۇت كۆزلۈك چوڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان ئوتتۇرانچى قولىنى كېپىگە ماسلاشتۇرۇپ شىرەگە ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويۇپ، سول مۇشتۇمىنى يوتىسىغا تىرەپ ئولتۇرغان يوغان گەۋدىلىك، قوپال سۆڭەك، بومبا ساقال كىشى — سۇباشى①؛ ئۇزۇن بويلۇق، شالاڭ بۇرۇت، كوسا، شەيتان كۆز، كۈلگەندە ئاللىقانداق خىرقىرىغاندەك چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ ئولتۇرغىنى، ئوردۇبېشى② ئىدى.

— سەگەك بولۇڭ، — دېدى ئۇ سۇباشىغا سەل ئېگىلىپ، — خاقان ئويلانماقتا. سىز ئۇنىڭغا ياخشى تايانچ بولۇشىڭىز كېرەك. خانغا ياردەم كېرەك، سىز بولسىڭىز سۇباشى، بارلىق چېرىك سىزنىڭ قولىڭىزدا.

— نېمە قىل دېمەكچىسىز؟!

— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم... تىش،... — ئۇ سۇباشىنىڭ پۇتىغا نوقۇپ، ئىچكىرىنى ئىملاپ قويدى. ئىچكىرىدىن ئوغۇلچاق بۇغراخان سۆزلىگەچ چىقىپ كەلدى:

— ھە، سۇباشى، ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟

— ئالتۇن تەنلىرى ساق بولغاي، ئۇلۇغ خاقان. — دېدى سۇباشى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە خانغا قاراپ ئىككى پۈكلىپ تازىم قىلدى.

---

① سۇباشى — قوشۇن باش قوماندانى.

② ئوردۇبېشى — ئوردۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، ساراي ۋەزىرى، خاقاننىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.

— قېنى، ما ياققا ئولتۇرىلى، — دېدى خان ۋە ئۇلارنى چوغدەك گىلەم ئۈستىگە تاۋار يېكەنداز سېلىنغان ئۆدۈلدىكى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. خان ئوتتۇردا چوڭ ياستۇقنى يېقىن تارتىپ ئولتۇردى. ئاۋۇ ئىككىسى ئىككى ياندا قورۇنۇپراق ئولتۇرۇشتى.

— خوش، نېمە يېڭىلىقلار بار؟ — دېدى خان سۇباشىغا قاراپ ۋە ئەمدى ئاق كىرگەن چىرايلىق ۋە تەكشى قىرقىلغان ساقىلىنى بىر قولى بىلەن سىلاپ قويدى.

— پۈتۈن ئەلدە كاتتىلارمۇ، پۇقرالارمۇ ئۇلۇغ خاقانىمىزنىڭ تاجۇتەختىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى تىلىمەكتە. شۇنداقتىمۇ يېقىندىن بۇيان "تەڭلىك" دېگەن بىر سۆز چىقىپ قالدى. بۇ گەپ كىشىلەردە ئەنسىزلىك پەيدا قىلماقتا، — دېدى سۇباشى.

— تەڭلىك؟ بۇ نېمە دېگەن گەپ ئىكەن؟

— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، ئۇلۇغ خاقانىم، باشقىچە ئېيتقاندا باراۋەرلىك دېگەن بولار ئىمىش.

ئوردۇبېشى كۆلۈپ خانغا بېشىنى ئازراق ئەگدى:

— ئۇلارچە، كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ خاقان، يېغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار خانمۇ، پۇقرامۇ تەڭ بولسۇن دەر ئىمىش.

— ئۇلار كىملەر ئىكەن؟ — دېدى خان لەگلەك دارقىراتمىسىدەك دىرىلداپ تۇرغان دېرىزە پەردىسىدىن كۆزىنى ئالماي.

— بۇنداق گەپلەر بىزنىڭ ئوردۇ ئوقۇلمىزدىن چىقماقتا، — دېدى سۇباشى سۆز قىستۇرۇپ، — ئوقۇتقۇچى بىلگە تېكىن ئوقۇغۇچىلارنى بۇزماقتا. بۇ تەتۇر قويۇن يەنە بالاساغۇندىن سوقماقتا. بالاساغۇنلۇق ئىلىك دېگەن بىر بالا بۇنداق سۆزلەرنى تاراتماقتا. ھازىر بۇ گەپلەر ئالا-تۇزگىمۇ چىققانلىقى مەلۇم...

— ھە، پالاساغۇندىن...، — دېدى خان ئويچان ھالدا، — ئۇلارنى چەكلەش كېرەك.

— چەكلەش كېرەك، ئوقۇلنى تاقاشقا بولىدۇ، تاشۇلىدىغان ئىش بۇزدىلارنىڭ گايىلىرىنى قىسىقتا① ئىپلىشىمۇ بولار، لېكىن گەپ بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەس، — ھەيبارلارچە كۈلدى ئوردۇبېشى.

— نېمە دېمەكچىسىز، ئوردۇبېشى؟

— ئۇلار بۇ ئىشلارنى قىلىشتا خان ئوغۇلغا يۆلەنمەكتە، — ئوردۇبېشى ئېھتىيات قىلىپ يەر ئاستىدىن خانغا قارىدى.

— خان ئوغۇلغا تىل تەگكۈزگۈچى بولماڭ، ئوردۇبېشى! — خان بىرئاز جىددىيلەشتى، — ئۇ بىزنىڭ بولغۇسى خاقانىمىز...

— تىل تەگكۈزۈشكە بېشىم ئون ئەمەس، ئۇلۇغ خاقانىم، بىراق...

— بىراق...گەپ مانا مەشەدە، — دېدى سۇباشى ۋە قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ يالغان يۆتۈلۈۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ كۈنىمىز قانداق بولاركىن؟!

— بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلۇغ خاقانىمىز ئۈچۈن ئويلاندىماقتىمىز...، — ئوردۇبېشى خاننىڭ ئۆزىگە قاتتىق تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرالمىدى. ئۇ، خاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرگە رازى بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئويلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقتى. ئوردۇبېشىمۇ، سۇباشىمۇ بۇ توغرىدا تېخى بىرنېمە دېيەلمەيتتى. لېكىن، ئۇلار بەك قورقۇپمۇ كەتمىدى، چۈنكى خان ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قەتئىي رەت قىلمىدى. بۇ ئىككى ئەرباب

---

① قىسىغ — تورمە.

خاننىڭ قوينىغا قول سېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق سوقۇۋاتقانلىقىنى پەملىۋېلىشتى: "خاننىڭ يۈرىكى ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىلەن بىر سوقىدىكەن!"

خان قاتتىق خىيالدا ساقىلىنى سىلاپ گىلەمگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئاۋۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە كۆز قىسىشىپ، نېمە چىقارگىن، دەپ خانغا قاراپ ئولتۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن خان بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلدى ۋە گىلەمگە كۆز تىككىنىچە دېدى:

— سۇتۇق؟!

* * *

سۇتۇق ئۆزى تۇرىدىغان ئوردۇكەنت "باغ ھويلا"دىكى پېشايۋاننىڭ ئېگىز پەلەمپەيلىرىدىن چۈشمەكتە. ئۇ كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغان كەمىرىنى بېلىگە چىڭ تارتىپ يېنىك دەسسەپ كېلەتتى. ئۇ پەستىكى ئارسلان بىلەن سالاملاشتى. دوستلار ئىناقلىق ئىپادىلىرى بىلەن كۈلۈشۈپ ماڭدى. سۇتۇقنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوخشاش قىلىپ سىماپ رەڭ كاناپتىن بەل چىقىرىپ تىككۈزگەن پەرىجە سۇتۇقنىمۇ، ئارسلاننىمۇ خوپ ياراشقانىدى. پەرىجىنىڭ يەڭ ئۇچى بىلەككە دەل كەلگۈدەك تار ئىدى، ئەمما جەينەكىچە ئۆرۈمە سېلىنغان بولۇپ، كالۋۇتۇن يىپتا گۈل چىقىرىلغانىدى. شۇڭا ھەر ئىككىسىنىڭ يەڭ ئۇچى ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇراتتى. پەقەت ئارسلانلا ئۆزىنىڭ بېغىر رەڭ كۆلەسىنى كىيگەچكە خان ئوغۇل سۇتۇقتىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئىككىسىدىلا بېغىر رەڭ كېپىنەك تونى ئوخشاش بولۇپ، بەكمۇ ياراشقانىدى. سۇتۇق ئەتراپقا كۆز تاشلىدى:

ئوڭ تەرەپتە راۋاقلىق باغ، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت. سول ياقتا

ئانارلىق، ئەنجۈرلۈك باغ. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تۈپ چوڭ چىنار ئۆز يوپۇرماقلىرى بىلەن چاۋاك چالماقتا... سۇتۇق قاپقىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئارقۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋاب ئىشارىتى قىلىپ ئالاغا چىقتى. ئارسلان بىلەن ئىككىسى ئارقۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىككى بوز ئارغىماققا مىنىشتى. ئۇلارنى ئىككى ئاتلىق ئارقۇ قوغداپ ئارقىدىن ماڭدى. سۇتۇقلار ئات ئويىنىتىپ يۈرۈپ كېتىشتى...

ئۇلار شەھەر مەيدانىنىڭ سول ياقىسىكى كوچىسىدىن كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. سۇتۇق كىشىلەر ھۆرمىتىگە كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بېرىپ، قولىدىكى سەدەب ساپلىق قامچىسىنى ئويناپ كەلمەكتە. ئۇ ئارىلاپ زوقلىنىپ ئېتىنىڭ بويۇن-قۇلاقلىرىغا قاراپ قوياتتى. ئۇلار مەيدانىڭ شىمالىي يېقىدىكى ھەيۋەتلىك ئوردۇ قاپقىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئىككى كىشى ئىتتىك كېلىپ ئاتنى ئالدى.

سۇتۇق ئارسلان بىلەن بىرلىكتە قاپقىدىكى بېشىغا مىس باشلىق، ئۇچىسىغا زەنجىرلىك قۇياق كىيگەن ئارقۇنىڭ پۈتلىرىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، سىپىنى يەرگە قويۇپ تۇتقان ئوڭ قولىدىكى نەيزىنى ئوڭ تەرىپىگە ئېگىپ بەرگەن سالاملىرىغا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قاي-تۇرۇپ ئىچكىرى كىردى. ئەتراپى ئۆيلەر بىلەن تولغان دەرەخلىك كەڭ ھويلىدىن ئۆتۈپ، ئارسلان بىلەن ئىككىنچى ھويلىغا كىردى. بۇ ھويلا تاشقىرىقى ھويلىدىنمۇ كۆركەم بولۇپ، ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدا كۆك خىشتا سېلىنغان ئېگىز ئىككى قەۋەتلىك بالىخانا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىكى كاھىشلار قۇياش نۇرىدا ۋاللىدايتتى. ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى چاقنانغىنا كۆل ئىچىگە ئارال سۈپىتىدە بىنا قىلىنغان سۈنئىي تاغنىڭ چوققىسىدا، گەۋدىسىنى تىك كۆتۈرۈپ، بىر-بىرىنى ئۇسۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان قىلىپ قاتۇرۇلغان ئىككى

سەركىسىنىڭ مۈڭگۈزىدىن بارماقتەك سۇ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى.
بۇ كۆل سەركەكۆل دېيىلەتتى. بالىخانىلىق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋە-
تىدىكى پېشايۋاندا كىشىلەر ئۆيدىن ئۆيگە كىرىپ چىقىپ يۈرمەكتە.
ئۇلار ئۈچىنچى ھويلىغا كىرىشتى. "چوڭ ھويلا" دەپ ئاتىلىدىغان
بۇ ھويلا راستىنلا چوڭ ئىدى، ھويلا بۈككىدە دەرەخلىك، گۈللار-
لىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كەڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر يول
تاكى چوڭ كۆلگىچە ئۆتتۈر باراتتى، بۇ يول كۆلنىڭ ئىككىنچى
تەرىپىدىن ھەيۋەتلىك پېشايۋانلىق سارايغىچە داۋام قىلاتتى. يەنە
بىر تارراق تاش يول چوڭ تاش يولنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ،
ئىككى ياندىكى ئىككى قەۋەت ئىمارەتكە تۇتىشاتتى.

سۇتۇق ئارسلان بىلەن چىنار دەرەخلىرى ئارىسىدىكى كەڭ تاش
يول بىلەن ئىچكىرىگە ماڭدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدە — شىلدىرلاپ
سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ ئىككى يېقىدا قاتار تىزىلىپ
تۇرغان ئارقۇلار ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى...

سۇتۇق پېشايۋانغا چىقىپ چوڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئىشىك
قاناتلىرى ئىچكىرىگە ئېچىلدى. ئۇلار ئوتقاشتەك قىپقىزىل تار گىلەم
سېلىنغان كەڭ ئايۋاندىن ئۆتۈپ، يەنە شۇنداق ئېچىلغان بىر ئىشىك-
تىن ئاستىغا چاچما نۇسخىلىق چوڭ گىلەم سېلىنغان، تاملىرىغا ئۇزۇن
ئەينەكلەر ئورنىتىلغان كاتتا سارايغا كىردى. "قونۇقلۇق" دەپ ئاتى-
لىدىغان بۇ ئۆيدە خانىنىڭ تەنتەنىلىك زىياپەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى.
يۇقىرى ئەمەلدارلار ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرى قوبۇل قىلىناتتى. سارايدا
چىرايلىق كىيىنگەن سېكىلەكلىك قىزلار ئېگىلىپ سۇتۇقنى قارشى
ئالدى، قىزلارنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان بىر چىرايلىق چوكان —
گۈللەيلى ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇلۇغ خان ئوغۇل خان ئالتۇنلىرىنىڭ ئالدىغا كىرەمدىكىن ياكى تەركىن بېگىمنىڭ① ئالدىغا؟

— ئەجەب كەچكە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىزغۇ، ئاغامنىڭ يېنىدا كىم بار؟

— سۇباشى بىلەن ئوردۇبېشى.

— ئاۋال شۇلارنىڭ يېنىغا كىرەي، ئانامغا مېنى كەلدى دەپ ئېيتىپ قويۇڭ.

— ئىلەل② بىكەچ، — دېدى تازىم قىلىپ گۇللەيلى ۋە يول ئېچىپ ئېگىلىپ تۇرۇشقان قىزلار ئوتتۇرىسىدىن سۇتۇقنى باشلاپ ئوڭ ياقتىكى ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. سۇتۇقنىڭ ئارقىسىدىن ئارسلان كېلەتتى. ئىشىك ئىچىگە ئېچىلدى. ئۇلار كىچىكرەك بىر چاسا ئۆيدىن ئۆتۈپ، كەڭ پەنجىرىلەر يورۇتۇپ تۇرغان، تاشقىرىسىدىن مېۋە دەرەخلىرى ئوراپ تۇرغان قونۇقجايغا كىردى.

سۇپىدا باشلىرىنى يېقىن كەلتۈرۈپ نېمىنىدۇ سۆزلىشىۋاتقان ئۈچەيلەن ئىشىك ئېچىلىش بىلەن چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈردى ۋە سۇتۇقنى كۆردى. سۇباشى بىلەن ئوردۇبېشى ئىلدام سۇپىدىن چۈشۈپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشتى.

— بىكەچنىڭ مۇبارەك تەنلىرى ساق بولغاي، — دېدى سۇباشى يەنە بىر ئاز ئېگىلىپ.

— قۇللىرى خان ئوغۇلنىڭ خىزمىتىگە تەييار، — دېدى ئوردۇ-

---

① تەركىن بېگىم — خان ئاغىچا، مەلىكە.

② ئىلەل — خانلارنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەندە دېيىلىدىغان سۆز. خوپ، خوش، لەۋەي دېگەندەك.

بېشى ۋە قوللىرىنى پېشانىسىگىچە كۆتۈرۈپ جۈپلەپ قويۇپ ئىككى پۈكۈلدى.

— ھەي ئۇردۇبېشى، — دېدى سۈتۈق ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، — بولدى، بىلىگىز سۇنۇپ كەتمىگەي. ماڭا قول كېرەك ئەمەس، قوللارنىڭ ئەركىنلىكى كېرەك، بىلدىڭىزمۇ؟! — كېيىن ئۇ سۇباشىغا بۇرالدى — سۇباشى قىسىغ-تۈنەكلىرىڭىز[1] ئازلىق قىلمامدۇ؟ شۇنداق، مىڭلاپ قوللارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قانلىرىنى شوراش ئاسان ئىش ئەمەس-تە! تۈنەككە تاشلاش، سېتىش، ئۆلتۈرۈش، يەنە كېلىپ، خاندانلىقىمىزنىڭ قىلچى بىلەن ئۆلتۈرۈش...، — سۈتۈق بېرىپ سۇپىدا ياستۇق يېنىدا ئولتۇرغان خانغا سالام بەردى:

— ئامان، تاغا!

— ھە، ئامان، ئۆزىڭىز نېمە بولدىڭىز، يەنە چېچىلىپ قاپسىزغۇ؟

— چېچىلىش كىچىك گەپ، يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدىم، — سۈتۈق كېلىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى ساڭگىلاتتى.

— سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى خان قول ئىشارىتى قىلىپ، — ھە، ئارسلانمۇ كېلىپ قاپتۇ، ھە، ئاتاڭنىڭ تېنى ساقمۇ؟

— ئامان، ئۇلۇغ خاقان! — دېدى ئارسلان خانغا تازىم قىلىپ، — ئاتام ياخشى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرىگە ھەشقاللا.

— ماڭا كايىماسسىز تاغا، — دېدى سۈتۈق ۋە بۇرۇلۇپ ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— سۇباشى، ئىلىكنى نېمىشقا قىسىغقا ئالدىڭىز؟

— ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۇرغان ۋە نەسەبىمىزنى ھاقارەتلىگەن

---

① تۈنەك — قاماقخانا، زىندان.

ئىكەن.

— ھەممىسى يالغان! ئىلىك ئوقۇتقۇچىدىن سوئال سورىغان ۋە پىكرىنى ئېيتقانىدى. سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئۇنى ئۇرماقچى بولغاندا مەن توسۇۋالدىم، قولىنى چىڭراق سىققان بولسام كېرەك. ئۇردى دېيىشكە توغرا كەلسە، مېنى ئۇردى، دېسە بولىدۇ، مېنى تۆلەككە ئالسىڭىز ئورۇنلۇقراق بولاتتى.

— يوقسۇ، بىكەچ. مېنىڭ ئۇن جېنىم يوق.

— قىلىچ بىلەن قولدۇرنى نېمىشقا تۆلەككە ئالدىڭىز؟

— ئۇلار مېنىڭ قۇللىرىم ئىدى. سېتىلىدىغان چاغدا بازاردىنلا قېچىپ كېتىپ كۆپ ئىزدەتكەنىدى. قارىسام ئوردۇ ئوقۇلىغا كىرىۋاپتۇ.

— ئۇلار قاچقان ئەمەس، سىز ئۇلارنى ساتماق بولغان جايدا بىر قۇل بىدىكى قىزنى ھاقارەت قىلدى. قىز بۇنىڭغا بويسۇنمىغان چاغدا بازار نازارەتچىلىرى ئۇلتۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتىكەن. مەن ئۇلارنى ئاشۇ ھالەتتە قۇتقۇزۇۋالدىم. ئوردۇ ئوقۇلىغا مەن كىرگۈزدۈم. ئۇلار ھايۋان ئەمەس، ئادەم. ئۇلارنى ئۇنچىۋالا بوزەك قىلىشقا، ئۆلتۈ-رۈشكە بولمايدۇ-دە؟ — دېدى سۇتۇق خېلىلا سالماق ئاھاڭدا قولىنى سىلكىپ.

— خان ئوغۇل...، — سۇباشى تەمتىرەپ گەپ قىلالماي قالدى.

— ئوغلۇم سۇتۇق، — دېدى خان سۇپىدىن چۈشۈۋېتىپ، — سىز دېگەن كىشىلەرنى تۆلەكتىن بوشاتسۇن، — خان بۇرۇلۇپ ئاۋۇ ئىككىسىگە قارىدى، — سىلەرنىڭ باشقا ئىشىڭلار بولمىسا رۇخسەت، — خان ئۇلارنىڭ "ئىلەل" دەپ كەينىچە دېگىنىپ ئىشىكتىن چىقىشىنى كۈتتى ۋە ئاندىن كېيىن سۇتۇققا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، —

ئۇلارنىڭ بىرسى سۇباشى، بىرسى ئوردۇبېشى، يۇقىرى ئورنى بار كىشىلەر، ئېغىر بولۇش كېرەك، ئوغلۇم.

— ئاشۇنداق كىشىلەر "ئورنى بار" بولۇپ قالغىنى چاتاق، تاغا، — دېدى سۇتۇق، ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى ۋەزىنلىك بولۇپ گەپنىڭ ئۇرغۇسى "چاتاق"تا ئىدى، — ئاۋۇ ئوردۇبېشى دېگەن بىر ھارامزادە، سۇباشى بىر قانخور.

— ئىشقىلىپ، ئېغىر بولماق كېرەك. سىز كىچىك بالا ئەمەس، چوڭ بولۇپ قالدىڭىز.

— راست، توغرا ئېيتىسىز، مەن چوڭ بولدۇم تاغا، ئاق-قارىنى توغرا پەرق ئېتەلەيدىغان بولدۇم.

— مەن سىزنى ياخشىراق پىشسۇن دەيمەن. سىز ھامان كەلگۈسى خاقان، كىشىلەر بىلەن ياخشى بولۇشىڭىز كېرەك.

— مەن ياخشى كىشىلەر بىلەن ياخشى بولىمەن. يامان كىشىلەر بىلەن ياخشى بولالمايمەن.

— سىزگە ھەممە تەييار، تاماشا قىلىڭ، ئوۋ قىلىڭ، پۇل، ئابروي دېسىڭىز بار.

— سىز خاتا ئويلايسىز، تاغا. ئەلنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئامانلىقى بولسىلا، ماڭا باشقا ھېچنىمە كېرەك ئەمەس.

— سىزچە مەن بۇ ئىشلارنى قىلالمايۋاتقانغا ئوخشايمەن، شۇنداقمۇ؟

— بۇنى مەندىن كۆرە ئۆزىڭىزدىن ۋە ئەلدىن سوراڭ! — سۇتۇق ئەستايىدىل ۋە سالماق ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنىڭ تاشتەك تورى بار ئىدى.

— سىز ئىسلام دىنىغا كىردىڭىزمۇ؟ — ئوغۇلچاق توساتتىن گەپنى

ئوراپ سورىدى.

— بۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشى.

— سىز ھەركىم ئەمەس، سىز خان ئوغۇلسىز. ھەربىر ئىشنى بىز بىلەن كېلىشىپ قىلىشىڭىز كېرەك.

سۇتۇق ئورنىدىن تۇردى-دە، يەڭگىل تازىم قىلىپ، ئوڭ ياقتىكى ئىشىك بىلەن چىقىپ كەتتى.

سۇتۇقنىڭ ئانىسى قولىدىكى تەسۋىنى سېرىپ، نەقىشلىق تەكچە-دىكى كىچىككىنە ئالتۇن رەڭ بۇتقا قاراپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ سىياقىدىن بۇتساتۋاغا ئىبادەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى ياكى كۆڭلىدە چىگىش ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى كەڭ ھال رەڭ روملى ئۇستىدىكى ئوشۇقىغىچە چۈشكەن ئاق شايى نىمچىنى چالا يېپىپ تۇراتتى. تۇرۇلگەن پېشانىسى ئۇستى-دىكى ئەمدى ئاق كىرگەن قويۇق چاچلىرى رومال چېتىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى ۋە خىيالچان سىياقىدىن چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقىسىدىكى پەنجىرىدىن كىرگەن كۈن شولىسى ئۇنىڭ روملىدا ۋە نىمچىسىدا پارقىرىماقتا. خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئانىنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئۇ، دۇنيالىقتا بىرلا جان-جىگەر ئوغلى سۇتۇقتىن ئەندىشە قىلاتتى. "ئوغلۇمنىڭ ھالى نېمە بولار، دۆلەت قۇشى بېشىغا قونارمۇ، ياكى..." ئۇ ئاخىرىنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى.

ئانا سۇتۇقنىڭ دادىسىدىن قېلىپ ئىككى يىل تۇل ئولتۇردى، كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ئادەتكە خىلاپ بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاكىسى ئوغۇلچاق بۇغراغا زورمۇزور تەگدى. ئۇ باشقا بالا تۇغمىدى، تۇغۇشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى، سۇتۇق ئۇنىڭغا يېتەتتى. ئۇ،



مۇشۇنداق گۈزەل ۋە چېچەن بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى توق ئىدى. ئوغۇلچاق بۇغراخاندىن رەنجىگەن ۋاقىتلىرىدا سۇتۇقنى ئويلاپ، خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كېچىلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئانا ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ ئۆز ئىنىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرغان خانلىقنى سۇتۇققا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك نىيىتىنى بىلەتتى، ئوغۇلچاق بۇغراخان بۇ نىيىتىنى يوشۇراتتى. ئەمدى ئۇ سۇباشى، ئوردۇبېشى بىلەن ۋە يەنە قانداقتۇر بەزى نامەلۇم كىشىلەر بىلەن يوشۇرۇن سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دىققەت قىلاتتى ۋە ئوغلىغا بىرەر پالاكەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ئانا! — دېدى سۇتۇق ئىشىكتىن كىرىپ ۋە ئىككى قولىنى كېرىپ ئانىسى تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى.

— ھە، ئوغلۇم! — دېدى ئانا ۋە بۇرۇلۇپ سۇتۇق تەرەپكە كەلدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئىككى مەڭزىگە سۆيدى، — نېمە بولدۇڭ، ھەر كۈنى كېلىپ تۇراتتىڭغۇ؟

— يامان بالىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، ئانا، — دېدى سۇتۇق، — سىزنى دېسەم بۇ ئۆيدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق. ئاۋۇنى — سۇتۇق تۇمشۇقى بىلەن ئىشىك ياقىنى كۆرسەتتى، — دېسەم كەلگىم كەلمەيدۇ.

— مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم بالام، — دېدى ئانا كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — بېرى كەل، يېنىمغا ئولتۇر. سەن ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرىكى ھەممە سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، — ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى ۋە كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى، — بالام، پەخەس بول، ئۇلار ساڭا تۇزاق تەييارلىشىۋاتىدۇ.

— ئانا، — دېدى سۇتۇق ئىشىككە قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ئۇلار تۇزاق قۇرۇشتىن بالدۇرراق ئىشنى جابلىۋەتسەك دەيمەن. مېنىڭ ئامالىم بار، دوستلىرىم بار.

— دوستلىرىڭ جىقمۇ؟

— بىرنەچچە يۈز.

— بىرنەچچە يۈز؟ ئاز، بەك ئاز، بالام. بىرنەچچە تۈمەن چېرىك ئۇنىڭغا قارايدۇ. سۇباشى تاغاڭ تەرەپتە...ماڭا قارا، ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرى ئۇنچە ئاسان پۈتمەيدۇ. سەن تەييارلىقنى كۈچەيت، دوستلىرىڭ مىڭغا، تۈمەنگە يەتسۇن. چېرىكلەر يېنىڭدا بار. باشلىرى بىلەن سۆزلەش. خانلىقنى ئالغىنىڭدىن كېيىن كۆپرەك ئەمەلدارلار، چېرىكباشلىرى ۋە ئەل سەن تەرەپتە بولسۇن...

— ياخشى ئانام، ئاپئاق ئانام! — ئانىسىنى قۇچاقلىدى سۇتۇق، — سىزنىڭ مۇشۇنداق دانالىقىڭىز، ئۇن تۈمەن چېرىكتىن كۈچلۈك.

— باشقا ئىشلارنى كېيىنگە قويۇپ تۇرۇش كېرەك. بالام، سەن راستلا ئىسلامغا كىردىڭمۇ؟! — ئانا ئوغلىغا ئانىلىق مېھرى بىلەن قارىدى.

سۇتۇق دەرھال ئانىسىنىڭ ئالدىدا نامازدا ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ كۆلۈمسىرىدى ۋە گېلىنى قىرىپ قويۇپ "لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممە-دۇن رەسۇلۇللا" دېدى.

— ۋاي بالام، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، بۇ قەيەرنىڭ گېپى؟ — ئانىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

— بۇ ئەرەبچە سۆز، — دېدى سۇتۇق ئانىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇ-رۇپ، — بىلەمسىز ئانا، مەن يامان ئىش قىلمىدىم، ئىككىلا ئالەمدە

ئەڭ ئۇلۇغ ئاللانىڭ يولىغا كىردىم. ئاللا بىر، ئۇنىڭدىن باشقا ئاللا يوق. مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى. مەن ھازىر ئېيتقان سۆزنىڭ مەنىسى مۇشۇ، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى مۇشۇ. ئاللا — تەڭرى دېگەن سۆز.

— ۋايجان، بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟

— كۈنپېتىش ياقتىن كەلگەن بىر ئادەم ئۆگەتتى.

— دېمەك، سەن — چوماق① بولۇپسەن-دە؟

— ھەئە، جېنىم ئانا، مەن سىزدىن سورىمايلا بۇ ئىشنى قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگەيسىز، — ئانىسىنى قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپ قويۇپ ئەركىلىدى. — بىراق بۇ زادىلا يامان ئىش ئەمەس.

— ھە، ياخشى ئىش بولسا مەن كەچۈرىمەن. ئەگەر بۇنىڭدىن يامانلىق چىقىپ قالسا...ھە، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— كەلگۈسىدە پۈتكۈل خانلىقنى مۇسۇلمان قىلىمەن.

— پۈتكۈل ئۇلۇسلارنى؟!...— ئانا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىدى، — بارلىق ئۇلۇسلارنى بىر دىنغا ئىشىنىدىغان قىلىش شۇنچىلىك ئاسان ئىش دەمسەن، بالام؟ ھازىرچە بۇ ئىشىڭنى قويۇپ تۇر. چوڭ تىلەك ئورۇنلانغاندىن كېيىن باشقىلىرىنى ئويلاشساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن.

— ئەلەل ئانا، تاپشۇرۇقىڭىزنى ئورۇنلايمەن.

— ھە راست، سۇتۇق، تويۇڭنى قانداق قىلىمىز؟ باشقا قىزلار ئاشۇ ئايدىڭ قىزغا يەتمەيدۇ، قانداق؟

---

① چوماق — بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا "مۇسۇلمان" دېگەن سۆز.

— قاراڭ كېيىككىنى، ھازىرلا بىخى باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇر، دېدىڭىزغۇ! — ئانىسىغا قاراپ كۈلدى سۇتۇق.

— ھە، مېنى گەپتە تۇتۇۋالدىڭ — دە؟ بوپتۇ، مەيلى. ئىككى تويىنى بىللە قىلايلۇق، قانداق؟

— سىزنىڭ مەيلىڭىزچە بولسۇن، ئانا، — سۇتۇق يەنە ئانىسىغا ئەركىلىدى.

ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

## بەشىنچى باب

# مەشق قىلىش

سۈتۈق دوستلىرى بىلەن ئاتلىق قومالتاغدىن يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئايلانما تاغ يوللىرىدىن ئۆتۈپ يۇشۇلداپ ئۆرلىگەن ئاتلار داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىدى. سۈتۈق ئاتنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا — كۈنپېتىشقا بۇراپ، ئۈزەڭگىگە دەسسەپ سەل كۆتۈرۈلدى ۋە قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ يىراققا قارىدى: ئوك ياقتا قاتمۇقات تاغلار، يىراق ئۇپۇقتا پامىر تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، مۇزتاغ ئاتىنىڭ ئاقباش چوققىسى ئاسمانغا قادالغاندەك تۇرىدۇ؛ تاغ باغرىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ سوزۇلغان يېزا-كەنتلەر ئوچۇق كۆرۈنمەكتە. تەكشى تۆپىلىكتە ياپراقلىرى سارغايغان دەرەخلەر ئارىسىدا ئوردۇكەنت شەھىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— شۇ قەدەر گۈزەل ماكان! — دېدى سۈتۈق يېنىدا ئاتلىق تۇرغان ئارسلانغا قاراپ، — بىراق كىشىلەر ئېغىر كۈنلەرنى كەچۈرمەكتە.

— راست دەيسىز، بەگەچ، — دەپ قوشۇلدى باتۇرتاغا ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغىراق كېلىپ — "سۇ كۆتۈرگەن خار، كوزا چاققان ئەزىز" دېگەندەك بىر زامانلار بولۇۋاتىدۇ، سۇ باشتىن لاي-دە! بۇلاقنى تازىلاش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشنى ھەممىيلەن سىزدىن كۈتمەكتە!

سوتۇق يېشىنى لىڭشىتقاچ ئاقباش چوققىلارغا قاراپ تۇردى. تۆۋەندىن داۋانغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاتلىق يىگىتلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى كۆلچىقىش ياققا بۇرىدى، سول ياقتا ئاستىن ئاتۇشنىڭ بىر ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قومالتاغقا يېقىن جايلاشقان ئۆگىمىرنىڭ يېزىسى ئۇچۇقراق كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىشىپ داۋاندىن ئېغىشتى. ئارقىدىن كەلگەن يىگىتلەرمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆۋەنلىدى ۋە ھايال ئۆتمەي سەپ تۈزەپ تۇرۇشتى.

باتۇرتاغنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن كېيىن مەشق باشلاندى. ئەنە، سوتۇق ئېتىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياغاچ ئۇچىغا كىيدۈرۈلگەن "باش"نى چاپماقتا... بىرنى چاپتى، ئىككىنى چاپتى، ئۈچىنچىسى چېپىلدى، تۆتىنچىنى چاپتى، بەشىنچى، ئالتىنچى "باش" يەرگە چۈشتى، يەتتە، سەككىزىنچىسى قىمىرلىمىدى.

سوتۇق ئېتىنى ئاران توختىتىپ ئارقىغا بۇرالدى ۋە باتۇرتاغا بىرقانچە كىشى بىلەن تۇرغان دۆڭنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. سوتۇق "باش" چېپىپ كېلىۋاتقان دوستلىرىغا قارىدى.

ئەنە ئۇلار؛ ئارسلان، ئايدىڭ، ئىلىك، قىلىچ، يۇلتۇز. يەنە يىگىرمىدەك يىگىت شۇ خىلدا "باش" چاپتى. گايىلىرى ئىككى-ئۈچ "باش"نى، گايىلىرى تۆت-بەش "باش"نى چاپالىدى. يالغۇز قىلىچ ئون "باش"نىڭ ھەممىسىنى چېپىپ چۈشۈردى. ھەممەيلەن ئۇنى ئالقىشلىدى. قوندۇز ھەممىدىن قىزغىن ۋە چىڭ چاۋاك چالدى.

قىلىچ ئادەتتىكى ئىشلاردا تولىمۇ تىرىشچان ئىدى. مەكتەپتە

بېرىلگەن ساۋاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشتە بەك كۆرۈنەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن مەشقتە ئۇ بەكمۇ تىرىشچان ئىدى. باتۇرتاغا بىرەر ھەرىكەتنى ئۆگەتكەندە ئۇ تازا زەڭ قويۇپ كۆرۈپ تۇرغاندىن باشقا ئۆزى قايتا-قايتا مەشق قىلاتتى، گاھىدا بوش ۋاقىت تاپسىلا قولىغا قىلىچ ياكى نەيزە ئېلىپ مەشق قىلغاندەك قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتى، گاھىدا باشقىلاردىن ئەتىگەنرەك تۇرۇپ ياكى كەچرەك يېتىپ مەشق قىلاتتى، ياكى باشقىلاردىن ئۆگىنەتتى. سۇتۇقمۇ كۆپ چاغلاردا قىلىچ بىلەن بىر جۈپ بولۇپ مەشق قىلاتتى. قىلىچ بولسا سۇتۇقنى شەيقەتچىم دەپ تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

چېنىقچە مەشقتىن كېيىن دەم ئېلىپ سالقىنلاپ ئولتۇرغان چاغدا، سۇتۇق يەنىلا ئاۋۇ كۈنى قىلغىنىدەك قۇياق، مىس باشلىقنى يېشىپ سېلىۋېتىپ، مەيدانغا چۈشۈپ كۆپچىلىككە قاراپ يەكتەز بولۇپ ئولتۇردى-دە:

— خوش، قايسىڭلار مەن بىلەن چېلىشىسىلەر؟ — دېدى.

سۇتۇقنىڭ يىگىتلىرى سۇتۇقتىن تەپ تارتمايدۇ، قورۇنمايدۇ دېگەن بىلەنمۇ خان ئوغۇل، بىر يېرى بىرنېمە بولۇپ قالمىسۇن دەپ بەزىبىر سەل ئايىشاتتى.

— يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ دەپ، يەنە مەيدانغا چۈشۈۋالدىڭىز-غۇ؟ — دېدى ئايدىڭ، — يىقىلىپ قالسىڭىز پاقلان بولۇپ ماڭامسىز؟

— تۇشقان ئايدىڭدا سەكرىگەندەك سەكرەپمۇ بېرەي، — دېدى سۇتۇق ئايدىڭغا قاراپ چاقچاق بىلەن.

— قىلىچ بىلەن تېخى چېلىشىپ باقمىدىڭىز، قىلىچ چۈشسۇن، — دېدى ئارسلان قىلىچقا شەرەت قىلىپ.

قىلىچ ھەقىقەتەن ئۇستا چېلىشچى ئىدى. مۇشۇ كۈنگىچە بىر-

قانچە قېتىملىق چېلىشتا قىلىچ تىغى يېگىلىپ ياقمىغانىدى. بۈگۈن ئۇ مەيدانغا چۈشكەن ۋاقىتىدىلا شەپقەتچىمنى ھەرگىز يەڭمەيمەن دەپ ئويلىغان بولغاچقا، تازا ياملاشقا كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ سۈتۈقنى يىقىتمىدى، ئەكسىچە ئۆزى يىقىلدى. بۇنى سۈتۈق سېزىپ قالدى.

— بۇ نېمە قىلىق؟ — سۈتۈق ئۆكدى، — يىقىلىدىغان پەيتتە مېنى يىقىتماي ئۆزى يىقىلىپ بېرىش مېنى ئايىغانلىقمۇ؟ ماڭا بۇنداق پالۋانلىق كېرەك ئەمەس! — سۈتۈق قايتىدىن چېلىشىمىز دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئاخىر قانتىق ئېلىشىشلاردىن كېيىن سۈتۈق يەنىلا يىقىلدى ۋە يىقىلغىنىغا ھەقىقىي تۈردە تەن بەردى، — مەيلى قىلىچۋازلىق، مەيلى نەيزىۋازلىق بولسۇن ياكى چېلىشتا بولسۇن، قارشى تەرەپكە ھەرگىز رەھىم قىلماسلىق كېرەك.

دەم ئېلىشتىن كېيىن ئاتلىق نەيزىۋازلىق باشلاندى. يىگىتلەر ئۇزۇن نەيزىلىرىنى ئوڭ قولى بىلەن ئالدىغا ئېگىشىپ تۇتۇپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قاتار تىزىپ قويۇلغان "ئادەم"لەرگە سانجىپ ئۆتتى. نەتىجە ئوخشاش بولمىدى. بۇدا سۈتۈق ھەممە "ئادەم"گە توغرا سانجىدى.

مىس باشلىق، تۆمۈر قۇياق كىيگەن، يۈزىگە سىم تور تارتقان باتۇرتاغا ئۇزۇن نەيزىسىنى قولىغا ئالغان ھالدا ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە سۈتۈقنى تەكلىپ قىلدى. سۈتۈقمۇ قولىغا نەيزە ئالغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار يۈزمۇيۈز كېلىپ، نەيزىلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ ئارقىغا بۇرۇلدى. ئەللىك - ئاتمىش غۇلاچتەك بارغاندىن كېيىن ئاتلىرىنى ئارقىسىغا بۇراپ توختىدى. ئىككىلىسى نەيزىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۇدۇل تەگلىگىنىچە بىر - بىرىگە قارشى ئات چاپتۇردى... خېلى جىددىي نەيزىلەشكەندىن كېيىن،

باتۇرتاغا سۇتۇقنىڭ مەيدىسىگە نەيزە ئۇچىنى سانجىدى، ئۇلار توختىدى. كېيىن، باتۇرتاغا ئاتلىق نەيزىلىشىشنى يەنە بىر قېتىم سۇتۇققا ئۆگەتتى.

ئەمدى ئاتلىق قىلىچۋازلىق باشلاندى. ئاۋال سۇتۇق بىلەن ئارسلان ئىككىسى تۇتۇشتى. ئىككى ئات يېقىن كەلگەندە ئالدى ئاياغلىرىنى تىك كۆتۈرۈپ كىشنەشتى. ئۇلار بەك چاققانلىق بىلەن ئېلىشتى، خۇددى راستتەك قىلىچلاشتى. ئاخىرى سۇتۇق قىلىچنى زەرب بىلەن ئارسلاننىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولدى. ئارسلان بېشىنى قوغداپ قىلىچنى كۆتۈرگەن پەيتتە، سۇتۇق چەبدەسلىك بىلەن قىلىچنى ئارسلاننىڭ مەيدىسىگە سانجىدى. سۇتۇق يەڭدى، كۆپچىلىك ئۇنى ئالقىشلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، باتۇرتاغىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يىگىت-قىزلار ئوندىن ئىككىگە ئايرىلدى. جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، قىلىچلىرىنى تۇتۇپ يىگىرمە غۇلاچ ئارىلىقتا "جەڭ"گە تەييار تۇرۇشتى. باتۇر-تاغىنىڭ قول شەرتى بىلەن ئات سېلىشتى ۋە قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى، تاغا ھەم ھاياجان، ھەم زوق بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ھەممىسى بەك چەبدەسلىك بىلەن ئېلىشاتتى. بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى يىقىلىپ توپىغا مىلىنەتتى. سۇتۇق ماھىرلىق بىلەن ئۇرۇشتى. قىزلارمۇ چاققانلىق بىلەن بىر-ئىككىسىنى يىقىتتى...

قىلىچۋازلىق مەشقى ئەنە شۇ تەقلىدتە خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى.

* * *

سۇتۇقلار قايتىپ، قومالتاغ داۋىنىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۆتتى. قاپ بەلگە كەلگەندە سۇتۇقنى يانداپ كېلىۋاتقان قىلىچ:

— بىكەچ، قاراڭ ئاۋۇنى! — دېدى بىگىزقولى بىلەن يىراق

تۆۋەننى كۆرسىتىپ.

سۇتۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، باشقا ئاتلىقلارمۇ توختىدى. ئۇلار تاغ باغرىدا ئۇزاققا سوزۇلغان بىرلىمىلەرنى كۆردى. ئاتنى چاپتۇرۇپ، سول ياقتىكى بىر دۆڭگە چىقىپ پېشانىلىرىگە قوللىرىنى قويۇپ قارىغانىدى، ئەمدى ئۇچۇقراق كۆرۈندى: قاتار تىزىلىپ كېتىپ بارغان ئادەملەر، ئالدى-كەينىدە ۋە ئوتتۇرىدا بىر نەچچە ئاتلىق.

سۇتۇق تۆۋەنگە ئات سالدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىشتى.

سۇتۇقنىڭ ئېتى هامان ئالدىنى بەرمەيتتى. شۇ تاپتا سۇتۇقنىڭ بېغىر رەڭ كېپىنەك تونى شامالدىن لەپىلدەيتتى. تەرگە چۆشۈپ، ياداپ قالغان ئاتلار بەسلىشىپ چاپا-چاپا قىزىپ كەتتى. باللار ئۆزەڭگىگە تېپىپ، ئارقىلىرىغا داجىپ، ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ چاپماقتا. ئىككى ئات قاتتىق چېپىپ كەتكەنىدى، كېيىن تىزگىنىنى تارتىپ، بىرىنى ئوڭغا، بىرىنى سولغا بۇراپ، چېپىپ دۆڭگە چىقىپ كەتتى. ئايدىڭنىڭ ئېتىنىڭ ئاغزى قاتتىقراق ئىدى. ئۇ ئىككى يېنىدىكى ئاتلارغا سىڭايان قاراپ ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئايدىڭ بارلىق كۈچى بىلەن تىزگىنىنى تارتتى.

— ئايدىڭ، پەخەس بولۇڭ، — دېدى سۇتۇق ئۇنىڭغا يانداپ كېلىپ.

ئايدىڭنىڭ جىرەن قاشقا ئېتى ئەپلەپ ئېغىزدۇرۇقنى چىشلە-ۋالدى-دە، بويۇن بەرمەي ئەپقاچتى.

— ۋاي بولمىدى! — دېدى سۇتۇق ئەنسىرەپ، ئېتىنىڭ بېقىنىغا دېۋىتكۈچى بىلەن ئۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

ئارسلان چېپىپ كېلىپ، سۇتۇقنىڭ ئىتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى:

— بولمايدۇ، سىزنىڭ ئىتىڭىزمۇ ئەپقاچىدۇ، قىلىچ، سىز بېرىڭ!

قىلىچ ئىتىنىڭ بېشىنى قويۇپ بەردى ۋە ئاتنىڭ بىقىنىغا تېپىپ غويۇلداپ "ئۇچۇپ" كەتتى.

ئايدىڭ قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ ئىتىنى ئەمدى توختىتالالمايتتى. ئات يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىشلىۋالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئەپقاچقان ئاتقا بەۋا كەلگىلى بولمايتتى. ئايدىڭنىڭ چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى. قىلىچنىڭ قارا ئارغىمىقى ئۇقتەك ئۇچماقتا ئىدى. ۋە قەدەممۇقەدەم ئايدىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇنى كۆرگەن جىرەن قاشقا تېخىمۇ ئىتتىك چېپىشقا باشلىدى. قىلىچ بىر دەم يانداپ چاپقاندىن كېيىن، جىرەننىڭ تىزگىنىدىن ئالدى ۋە تەڭ چېپىپ، ئاستا-ئاستا سول ياققا بۇرىدى. ئاخىر ئارقىدىكى دۆڭگە بۇرىۋالدى. ئاتلارنىڭ چېپىشى ئاستىلىدى ۋە ئاخىر بېرىپ توختىدى. قىلىچ ئايدىڭنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئايدىڭ كىچىك دۆڭنىڭ باغرىغا دەلدەڭشىپ بېرىپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتتى...

سۇتۇقلار چېپىپ كەلدى ۋە ئەنسىرەپ ئايدىڭنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. سۇتۇق ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئايدىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردى:

— قانداقراق، ئارتۇقچە مالاللىق يەتمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ۋە ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئايدىڭنىڭ چېكىسىدىكى تەرنى ئېرتتى...

ئايدىڭ "ھېچ گەپ يوق" دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ سۈس كۈلۈمسىرىدى.

سۇتۇقلار تاغنى بېغىرلاپ جەنۇب ياقتىن كېلىۋاتقان، بايا يىراقتىن كۆرۈنگەن ھېلىقى كىشىلەرگە يېقىنلاشتى: جۇل-جۇل

كىيىم كىيگەن قىرىق-ئەللىك قۇل دۈمبىلىرىگە كاتىل بىلەن يوغان تاش تۈز ئارتىلغان، زەنجىر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلغان، قالغان، كىشەنلىك پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ كەلمەكتە ئىدى. قاتارنىڭ ئالدىدا كومشار بۇرۇن، كالا كۆز، قارا ساقال، يوغان قورساق بىرسى ئاتلىق مۆگدەپ كېتىپ باراتتى. ئاخىردا ئاۋۇنىڭ تەتۈرى — مونەك-باش، ئۈرۈقبويۇن، يېپىقكۆز، پاناق، كوسا بىرسى كالتەكنى ئىگەرنىڭ قۇشبېشى ئالدىغا قويۇپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ باراتتى. قاتارنىڭ ئىككى يېنىدا نەيزە تۇتقان ئۆتتىن سەككىز كىشى قۇللارنى نازارەت قىلىپ كېتىپ باراتتى...

سۇتۇق قاتارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەي، سەن كىم! — دەپ ۋارقىرىدى سۇتۇق ۋە قامچىسى بىلەن ھېلىقى سېمىزنىڭ قورسىقىنى نوقۇدى.

مۆگدەپ كېتىپ بارغان سېمىز چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى-دە، سەت ۋارقىراپ ئاتتىن يىقىلدى. ئاندىن ئىنجىقلىغىنىچە ئاستا پەشلىرىنى قېقىپ قوپتى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — سورىدى سۇتۇق.

— مەن ئاددىي خىزمەتكارمەن، — خان ئوغۇلغا باش ئەگدى ئۇ.

— كىمنىڭ خىزمەتچىسىسەن؟

— ئوردۇبېشىنىڭ، — ئۇ بىرنېمە تېپىۋالغاندەك توساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆرەڭلىدى، — ھەئە، مەن ئوردۇبېشىنىڭ تاغىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ كىچىك سىڭلىسىنىڭ ئېرى بولىمەن.

— ئوھو! كاتتا كىشىكەنسەن!

— ھەئە، ئانچە كىچىك ئادەم ئەمەسمەن. ئوردۇ جەمەتى ئۇرۇقىغا تەۋە بولىمەن، — تېخىمۇ كۆرەڭلەپ مەيدىسىنى كەردى

ئۇ ۋە بۆرۈتنى سىلاپ قويدى.

ئۇنىڭ سەت ئەپىنى كۆرۈپ تۇرغان سۇتۇقنىڭ دوستلىرى تازا ئىلىقىپ كۈلۈشتى. سىمىز ئاۋال كۈلۈۋاتقانلارغا ھەيران بولۇپ قارىدى، كېيىن قوشۇلۇپ كۈلدى. ئەمما نېمىشقا كۈلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ، "مېنىڭ كېپىم يېقىپ كەتتى" دەپ خۇش بولدى بولغاي.

— كىيىملىرىنى سالسىلا كاتتا كىشى! — دېدى سۇتۇق كۈلكىسىنى توختىتىپ، — سال دەيمەن! — دەپ قامچىنى سىمىزنىڭ بېشىغا كۆتۈردى. سىمىز ئالاقزادە بولۇپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

ئارقىدىكى كوسا ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدى-دە، ئىرغىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆردەكتەك يورغىلاپ بېرىپ بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۈۋىنى چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئارسلان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قامچا بىلەن ئۇنىڭ پەللىكىگە بىرنى سالدى:

— ھەي باتۇر! چىق ما ياققا.

كوسا چىقىپ تىترىگىنىچە ئارسلانغا ئېگىلىپ يېلىنىشقا باشلىدى. ئارسلان ئۇنى ھەيدەپ سۇتۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

— ھە، كاتتا كىشىدىن يەنە بىرسى مەيەردىكەن-دە! — دېدى كوسىغا قاراپ سۇتۇق. ھەممەيلەن قىقاس سېلىپ كۈلۈشتى.

— يوقسۇ، مەن كاتتا ئەمەس، ئوردۇبېشىنىڭ ھويلىسى-دىكى — ... ئۇ ئېگىلەتتى، چىرايىدىن ئۇنىڭ كۈلگەنلىكى ياكى يىغلىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ئوردۇبېشىنىڭ ھويلىسىدىكى بەگچەك دېگىنە، — دېدى ئارسلان چاقچاق ئاھاڭدا. يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بۇنى كالتەكچى دېسە بولىدۇ. مۇشۇ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بۇنىڭ كالتىكىنى يېمىگەن كىشى يوق، — دېدى بىر يىگىت دۈمبىسىدىكى تاش تۈزنى يۇقىرىراق سىلكىپ.

يۈز - كۆزلىرىنى ساقال باسقان، چوۋۇق چېچى گەدىنىدىن ئاشقان، يەرتىق كىيىمدىن يوغان گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ يوغان ئاۋازى كىشىلەرنى جەلپ قىلدى.

— كالتەكچىنىڭ كالتىكىنى سۇندۇرۇۋېتىش كېرەك، — دېدى سۇتۇق ۋە ئاتتىن بىرىنچى بولۇپ سەكرەپ چۈشۈپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ پۇت - قولىنى بوشاتتى، ئۈستىدىكى ئېغىر تۈزنى ئېلىپ تاشلىدى، — مە، ماۋۇ قامچا بىلەن ئاۋۇ كالتەكچىنىڭ ساغرىسىغا ساناپ تۇرۇپ ئون بىر قامچا ئۇر! — دېدى ۋە ھەم غەزەپ، ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە زوق بىلەن قارىدى. ھېلىقى يىگىت سۇتۇقنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ۋە چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن پېتى ئۇ تەڭلىگەن قامچىنى قولىغا ئالدى ۋە يەنىلا سۇتۇقنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا تۇتقۇزۇپ، قامچىنىڭ بېغىنى قولىنىڭ بېغىشىغا ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن گەپمۇ قىلماستىن ھېلىقى كوسىغا قاراپ ماڭدى. كوسا بولسا سەت كۆزىنى ئىمىر - چىمىر قىلىپ بىر سۇتۇققا، بىر قامچا تۇتقان غەزەپلىك يىگىتكە قاراپ ئارقىسىغا شوخشۇيتتى.

— ھە، سەن غوجاڭغا يانماقچىمۇ؟ ئىسيان بۇ، ئىسيان!

يىگىت يەنىلا گەپ قىلماستىن كاپ قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى ۋە ئالدىغا بىر تارتىپلا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن دۈم ياتقۇزدى.

يەكتەكنى ئۈستىدىن كىيىۋالغان قوي يۇڭى يېپىدا سىپتا توقۇلغان

قىسقا يەڭلىك پەرىجىسىنى يۇقىرىغا قايرىپ قويۇپ، كوسىنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ساغرىسىغا ئون بىرنى ئۇردى-دە، سۇتۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ ئىككى قوللاپ قامچىنى سۇتۇققا ئۇتتى. سۇتۇق كۆلۈمسىرىگەن هالدا قامچىنى قولىغا ئالدى-دە، "ۋايجان، ۋايىيەي" دەپ ياتقان كوسىنىڭ ساغرىسىغا قاتتىق بىر قامچا سالدى. بۇ چاغدا ئارسلان باشلىق يىگىتلەر ۋە ئايدىنىڭ، يۇلتۇز، قۇندۇزلار كاتتىل ئارتىلغان قوللارنىڭ پۇت-قوللىرىنى بوشىتىپ، دۇمبىسىدىن ئېغىر يۈكنى چۈشۈرۈۋېتىشكەندى.

— يارايسەن يىگىت، — دېدى سۇتۇق هېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇرىسىگە قېقىپ، — هازىردىن باشلاپ سەن ئەركىن بولدۇڭ، خالىساڭ ئېتىڭ ئەركىن بولسۇن، هە ئەركىن، بىز بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟

يىگىت دەرهال تىزلاندى ۋە ئالقىنىنى جۈپلەپ رەهمەت ئېيتتى:

— ئۆزلىرىنى بۇرۇنمۇ كۆرگەنىدىم، بىگىملىشىسام ئۆزلىرى خان ئوغۇل بولىلا!؟ — يەنە ئالقىنىنى جۈپلەپ تازىم قىلدى، — ماڭا ئەركىنلىك بەرگەن كىشى ئۈچۈن ئۆلگۈچە خىزمەت قىلىشقا قەسەم قىلغانمەن. ئۆزلىرىگە ئۆلگۈچە چاكار بولۇشنى خالايمەن.

سۇتۇقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆكلەك-ئىشتان بىلەنلا قالدۇرۇلۇپ پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ، دۇمبىسىگە تۇز ئارتىلغان هېلىقى سېمىز "بەگ" بىلەن ئۇنىڭ بويىندىكى زەنجىرگە چېتىلغان، ئوخشاش تۇز ئارتىلغان هېلىقى كوسا، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن تەرلەپ-پىشىپ، ئىنجىقلاپ، يالىڭاياق پۇتىنى تەستە يۆتكەپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا يولغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نازارەتچىلەر ماڭدى. ئۇلارغا كىشەنمۇ سېلىنمىغان، زەنجىرگىمۇ باغلانمىغانىدى. ئۇلار

بىر پارچىدىن تاش تۇزنى قولتۇقلاپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۆز قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ كېتىشىپ بارماقتا ئىدى. ئاخىردا ياشانغان، چار ساقال بىر قول كوسىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، باشقا قوللارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېتىپ باراتتى. باشقا قوللار ئىككى ياندا قاتار بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا قوللىرىغا كالتەك ئېلىپ ئاۋۇلارنى يالاپ كېتىپ باراتتى. سۇتۇقنىڭ سىپىگە قېتىلغان ئازاد جەڭچى ئەركىن ھېلىقى سېمىز بەگنىڭ ئېتىنى مىنىپ، سۇتۇقلارنىڭ ئارقىدىن ماڭماقتا.

سۇتۇقلار تاغ باغرىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ ئازراق تۇرۇشتى، كېيىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈپ يۇرتقا قاراپ چاپتى... ئاخىر ئۇلار ئۈجمە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى.

## ئالتىنچى باب

# ئوۋدىن كېيىنكى جەڭ

كۆزنىڭ ئازا ياخشى مەزگىلى ئىدى. پايانسىز كەڭ دالىدا بىر توپ ئوۋچى ئاتلىقلار يۇلغۇن ۋە چىغ دۆۋىلىرى يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتۇپ ئالدىدىكى پەس تۆپىگە قاراپ ئات سېلىشتى ۋە تۆپىگە چىقىپ توختىدى. ئۇلار ئالدىلىرىدا ئېچىلغان كەڭ، گۈزەل يايلاققا كۆز سالدى...

سۇتۇق سول قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، قامچا ساڭگىلاپ تۇرغان ئوڭ قولى بىلەن پېشانىسىنى توسۇپ يىراقلارغا قارىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ــ ئارسلان، ئىلىك، ئايدىڭ، قىلىچ، يۇلتۇز، قۇندۇز، ئەركىن... ئارقىلىرىدا يەنە يىگىرمىدەك يىگىت بويۇنلىرىغا يا ئاسقان هالدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈشنىسىدىكى گۈل تىكىلگەن تېرە قومدۇغا① سېلىنغان ئوقلار باشلىرىدىن ئېشىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

— ئەجەب پەيز يايلاق-تە بۇ، — دېدى زوقلىنىپ سۇتۇق، — ئوتلىرى سارغىيىپ قالسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كۆزگى گۈزەللىكى بار.

— راست ياخشى يايلاق، — دېدى ئىلىك ۋە ئازراق ئويلىنىپ داۋام قىلدى، — يىلنىڭ هەر مەزگىلىنىڭ ئۆزىگە لايىق گۈزەللىكى

---

① قومدۇ ــ ساداق سالىدىغان غىلاپ (ئوقدان).

بولىدۇ. ئەتىياز باشلاپ بەرسە، كۈز يىغىدۇ. قىزىل ياپراق يېشىل ياپراققا قارىغاندا ھەم يېقىملىق، ھەم تىمەن. قىش سۇ بېرىدۇ، ئەتىياز چېچەك ئاتسا، ياز مېۋە بېرىدۇ، كۈز پىشۇرۇۋالىدۇ.

— توغرا. ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، — دېدى سۇتۇق ئويچان ھالدا، — بىزنىڭ ئۆمرىمىز چېچەك ئاتتىمۇ، يوق؟

— چېچەك ئاتماقتا، — دېدى ئىلىك بېشىنى سۇتۇققا بۇراپ، — يالغان چېچەك ئەمەس، مېۋە بېرىدىغان راست چېچەك. جىقراق ئېچىلىشى كېرەك. شۇنداق، دوستلار، چېچەكمۇ ئېچىشىمىز، مېۋىمۇ بېرىشىمىز كېرەك.

— ئىلىكنىڭ گەپلىرى ناھايىتى توغرا ئاغىنىلەر، ئۇنىڭ گەپلىرى بىزنىڭ روھىمىزغا مەدەت بېرىدۇ، — دېدى سۇتۇق يولداشلىرىغا قاراپ.

— دوست ئىككى خىل بولىدۇ، — دېدى ئىلىك ئويلاپ، — بىرى، يالغان دوست، بۇنداق دوستتىن تەڭرى ساقلىسۇن؛ يەنە بىرى، راست دوست. راست دوست داغسىز① دىلنىڭ چىن رىشتىلىرى بىر-بىرىگە باغلانمىسا، راست دوستلۇق بولمايدۇ. مانا بىزنىڭ دىل رىشتىلىرىمىز بىر-بىرىمىزگە قاتتىق باغلانغان. دوستىمىز سۇتۇق تېكىننىڭ ئالدىدا ئۇلۇغ ئىشلار تۇرۇپتۇ. بىز دوستىمىزغا — بولغۇسى خاقانغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئىلىك يىراققا كۆز تىكىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئازراق ئويلىغاندىن كېيىن، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بىر سۆزۈم ئەيتايىن، ئىشتىكىل يارۇ،
سۆيۈكلى دوستۇڭا ئاسقىل تۇمارۇ،

---

① داغسىز — باھاسىز.

بېزەكلى يۈزىگە، ياقما سۆزىگە،
ئارىغ دىل دوستنى تاپ، چىقار خۇمارۇ.

سۈتتۈق شېئىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك ھاياجانلاندى ۋە كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىلىكنىڭ قارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ: "ئارىغدىل دوستلۇق ئۈچۈن!" دەپ ئىلىككە كەسكىن قول سوزدى.

سۈتتۈق قولىنى قانداق ئىشەنچ بىلەن ئۇزاتقان بولسا، ئىلىكمۇ شۇنداق دوستلۇق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. ئۇلارغا ھاياجانلىنىپ قاراپ تۇرغان ئارسلان ئىككىسىنىڭ قولىنى ئۆز قولى بىلەن سىقىۋېلىپ "دوستلۇق ئۈچۈن" دېدى. ئاندىن كېيىن ئايدىڭ، يۇلتۇز، قىلىچ، ئەركىن، قۇندۇزلارمۇ ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، قىستاپ كىرىپ "دوستلىق ئۈچۈن" دەپ قوللارنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاتلىقلار توگرىكى ئوتتۇرىسىدا بىرىنى بىرى مەھكەم سىقىۋالغان قوللارنىڭ كۈچى بىلەن، "دوستلۇق ئۈچۈن" دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇلار ئارىغ دىل دوستلۇق ئۈچۈن قەسەمياد قىلاتتى. چىن قەلبلىرىدىن چىققان بۇ ئوتلۇق قەسەم ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا باغلانغان دوستلۇق رىشتىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. بۇ ئەھۋالدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ قاراپ تۇرغان يىگىرمىدىن ئارتۇق يىگىتلەرنىڭ ئالدىدىراق تۇرغان يېشى چوڭراق بىرسى قىلىچىنى "شارت" قىلىپ قىنىدىن چىقاردى، قىلىچىنىڭ بىسىغا سۆيۈپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى ۋە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ "خان ئوغۇل ئۈچۈن!" دەپ توۋلىدى. باشقا يىگىتلەرمۇ خۇددى شۇنداق ھەرىكەت بىلەن "خان ئوغۇل ئۈچۈن!" دەپ توۋلاشتى...

خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمگەن دوستلار ئاتلىرىنى يورۇتۇپ

تۈزەتلىدى، ئۇلار بىردەم سۆزسىز ماڭغاندىن كېيىن:

— ئازا ئات چېپىشقا لايىق يەر ئىكەن بۇ، — دېدى ئايدىڭ سۈتتۇققا قاراپ كۈلۈپ.

— يەنە چېپىشقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى سۈتتۇق چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ.

— چېپىشمايچۇ، مانا، بەيگىگە چۈشكۈچىلەر بولسا چىقسۇن! — دېدى ئايدىڭ.

— ئاۋۇ كۈنى بۇلار بىزنى ئالداپ كەتتى، — دېدى يۇلتۇز ئارسلانغا كىنايىلىك قاراپ، — بۇلار قابانىدەك يىگىتلەر تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇنداق ياخشى ئارغىماقلارغا مىنىۋېلىپ بىزنى بوزەك ئەتسە بولامدىكەن؟

— قانداق قىلساق بوزەك ئەتمىگەن بولىدىكەنمىز؟ — دېدى ئارسلان يۇلتۇزغا كۈلۈپ قاراپ.

— بىز قىزلار بىر ئۇن يېتىم يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئاندىن تەڭ ئات سالىمىز.

— توغرا گەپ. ئاشۇنداق بولغاندا، سىلەر بىزگە يېتىپ ئېشىپ كەتسەڭلەر، ئاندىن سىلەرگە قول قويىمىز.

— بولدى كېلىشتۇق. قېنى ئەمسە، مېڭىڭلار! — دېدى سۈتتۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

باشقىلارمۇ سۈتتۇق بىلەن تەڭ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز ئاتلىرىغا قامچا سېلىپ، كەڭ يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇلغان ئۇزۇن چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ سۈتتۇق بىلەن ئارسلاننىڭ ئاتلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئايدىڭنىڭ جىرەن قاشقىسى يۇلتۇزنىڭ توروق ئېتى بىلەن

بەسلىشىپ، تېزگىن سىيرىپ باراتتى. ئاتلار بىردەم بۆرە مېڭىشىدا يورۇتسا، بىردەم بوينۇنلىرىنى ئېگىپ چاپاتتى. سۇتۇقلار قىرغىش بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشتى. قىزلار توختاپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. بىرسىنىڭ كۆتۈرگەن قولى غىل-پال كۆرۈندى. ئۇلار قول كۆتۈردى-دە، ئاتلىرىنى بۇراپ نېرىسىغا چاپتى. سۇتۇق بىلەن ئارسلاننىمۇ تېپىرلاپ تېزگىن تارتىپ تۇرغان ئاتلىرىنى قويۇۋەتتى. قىلىچ بىلەن ئەركىن ئارقىلىرىدىن چاپتى. باشقىلارمۇ يولغا چۈشتى...

ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ قويۇپ، ئاتلىرىغا قامچا ئۇراتتى... "ۋاي ئايدىڭ، ئۇلار يېقىن كېلىپ قالدى!" دەپ ۋارقىرىدى يۇلتۇز ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئايدىڭغا. سۇتۇقلار دېگەندەك بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى.

كەينىدە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئات تۇۋاقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا. ئىككى ئارغىماق بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ، يەرنىڭ تانابىنى تارتىپ، غۇلاچلاپ چاپاتتى. ئالدىدىكى ئاتلاردىن ئېشىپ كەتمىگۈچە ئىككى ئارغىماقنىڭ كۆڭلى تىنمايدىغاندەك بىلىنەتتى.

يىگىتلەر يېتىشىپ كەلدى. قىزلارنىڭ ئۇرغان قامچىلىرىمۇ ئاتلارنى يەنە چاپسانلىتالمىدى. سۇتۇق يېتىپ كېلىپ ئايدىڭ بىلەن تەڭ چاپتى. ئارسلان ئوڭ ياقتا بۇرۇلۇپ يۇلتۇزنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ كەتتى. سۇتۇق بىر پەس يانداپ چاپقاندىن كېيىن ئايدىڭنى خۇددى ئوغلاق ئالغاندەك ئېتىدىن يۇلۇۋالدى. ئايدىڭ ئېگەرنىڭ ئالدىدا سۇتۇقنىڭ قۇچىقىدا ئوڭدا يېتىپ تېپىرلايتتى. "ۋايجان بېلىمدىن تۇتماڭ" دەپ ھەم كۈلەتتى، ھەم ۋارقىرايتتى. سۇتۇق

قوللىرىنى يۆتكىگەندىن كېيىن ئايدىڭ تىنجىدى. شۇندىن كېيىن سۇتۇق بىرىنچى قېتىم ئايدىڭنىڭ بېلىدە قىچىقى بارلىقىنى بىلدى. سۇتۇق ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا يۆتكىلىپ ئايدىڭنى ئېگەرگە مىنگۈزدى. ئۇلار بىرئاز پاراڭلىشىپ بىرپەس دۆڭنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئايدىڭ دۆڭنىڭ چۆپلۈك ئېتىكىنى كۆرسىتىپ "مەيەر ياخشى ئىكەن، چۈشۈپ ھاردۇق ئالمايمىزمۇ" دېۋىدى، سۇتۇق بۇنىڭغا خۇشال رازى بولدى. ئۇلار ئاتلارنى چۆپكە قويۇۋېتىپ، دۆڭنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى. ئارقىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان جىرەن قاشقا بوز ئارغىماق بىلەن قوشۇلۇپ ئوتلاشقا باشلىدى.

ئايدىڭ پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئالدىغا چۈشكەن چېچىنى ئۈينىغاچ يىراققا قاراپ دىمىقىدا ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ، بىر تال گىيانى چىشلەپ سۇزۇلۇپ ياتقان سۇتۇق قوشۇملىرىنى تۈرۈپ خىيال سۈرەتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى "تەختنى قانداق قىلىپ قولغا ئېلىش كېرەك" دېگەن ئوي سۇتۇقنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ تەختنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى، تاغىسى ئوغۇلچاق بۇغراخان بولسا خانلىقنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى كېچىك- تۈرمەكتە، ئۇنىڭ يامان غەرىزى بار ئىدى. ئۇ ئوردۇدىكى قارا نە- يەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ باشقىچە پىلان تۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ماڭىدىغان يول يا تەختنى تاپشۇرۇپ بېرىش، يا بولمىسا تەختنى قولدىن بەرمەسلىك — ئىككىنىڭ بىرى. ئەگەر ئۇ تەختنى بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەن بولسا، سۇتۇقنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتلىكاشاڭنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك-تە؟!

ئوردۇ تەختىدە ئولتۇرغان ئوغۇلچاق كىرىپ كەلگەن سۇتۇقنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. سۇتۇققا قاراپ

كۆلۈمسىرەپ قوچاق ئاچتى ۋە كېلىپ قوچاقلىدى، ئۇنىڭ ئالتە قولى بولۇپ، سۇتۇقنىڭ ئىككى بېقىنىدىن شۇنداق قامالىدىكى، سۇتۇق يا توۋلىيالمايتتى، يا ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايتتى. سۇتۇقنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ خۇشاللانغان ئوغۇلچاق گۈرۈلدىگەندەك قاتتىق كۈلەتتى. ئوردۇبېشى قىيە-قىيە قىلىپ قىسقا-قىسقا ۋە ئىنجىقلاپ كۈلەتتى. سۇباشى بۇرۇتلىرىنى دىرىلدىتىپ، ئاغزىنى يوغان كامادەك ئېچىپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ گۈكۈلداپ كۈلەتتى، قوبۇلخانىنىڭ ئىچىدە بېشىغا مىس باشلىق، ئۈچىسىغا قۇياق كىيىپ، سول قولىغا قالقان، ئوڭ قولىغا نەيزە ئېلىپ، تامنى چۆرىدەپ تۇرغان قاروغچى ئارقۇلار بىردەك قاقاقلىشىپ كۈلەتتى...

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۇتۇق چۆچۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ يۇلقۇنۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

— سۇتۇق نېمە بولدى؟ — دېدى ئايدىڭ سۇتۇقنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

سۇتۇق قوپۇپ ئايدىڭ بىلەن قاتار ئولتۇردى ۋە جىددىي قىياپەتتە ئايدىڭدىن سورىدى:

— تاغام راستىنلا خانلىقنى بەرمەسمۇ؟

— بەرمەيدىغان چېغى بار.

— مېنى قەيەرگە قويار؟

— يەرگىمۇ، ئاسمانغىمۇ قويالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا يوقىتىۋېتەرمۇ؟

— ئۇنىمۇ قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ بىر-بىرىگە سوئاللىق قاراشتى-دە، ئىككى-

لىسى جىم بولۇپ قالدى.

— يەلان قوزغالغۇچە بېشىنى مىجىۋېتىش كېرەك! — دېدى سۇتتۇق جىددىي قىياپەتتە ئارىغا چۈشكەن قىسقا جىملىقنى بۇزۇپ.

— شۇنداق، يىلانغا بەۋا كېلىش ئۈچۈن كۈچ ۋە يەم كېرەك. دوستلارنى كۆپەيتىش لازىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز ئايدىڭ، كۆزىڭىزمۇ، دىلىڭىزمۇ ئايدەك روشەن سىزنىڭ، شۇنداق قىلايلى.

سۇتتۇق ئايدىڭغا مەسلىكى كېلىپ قارىدى. ئۇ ئايدىڭنىڭ شوخ قارا كۆزلىرىنى بۈگۈنكىدەك ئويچان كۆرمىگەنىدى. ئايدىڭ قوشۇما قاشلىرىنى تۈرۈپ قەيەرگىدۇ تىكىلىپ قاراپ، يەنە شۇ چېچىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئايدىڭ زېرەك ۋە چەبدەس قىز ئىدى. سۇتتۇق ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ ئۆسكەن، بىللە ئوقۇلدا ئوقۇغان ۋە بىللە ئايدىڭنىڭ دادىسىدىن چېرىك مەشق ئۆگەنگەنىدى. ئۇلارنى ئۈزۈلمەس دوستلۇق رىشتىسى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىغانىدى. بۇ دوستلۇق ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئەلنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا باش قاتۇرىدىغان ئۇلۇغ ئارزۇغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاپادار دوستلۇق قارىشىدىن باشقا، كېيىنكى كۈنلەردە قەلبلىرىنى بىر-بىرىگە چىڭ باغلىۋالغان چىن مۇھەببەت رىشتىسى پەيدا بولدى. سۇتتۇق ئايدىڭدەك ھەم ئىدراكلىق، ھەم غەيرەتلىك بىر سەممىي دوستى ھەم ۋاپادار يارى بولغانلىقى ئۈچۈن بەك خۇش ئىدى. دوستلۇق، ئەل تەقدىرى تۈپ ئارزۇ بولغانلىقتىن ئۇلار مۇھەببەت توغرىسىدا ئاز سۆزلىشەتتى. لېكىن دىللىرى بىر-بىرىگە ئايان ئىدى. سۇتتۇق توي توغرىسىدا ئويلايدىغان بولسىمۇ، بۇ توغرىدا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. "ئەل

ئەقىدىرى...بىر مەزگىللىك ئەيپارلىق...قىلىچ قانغا بويۇلۇشى مۇمكىن. ئاقىۋىتى نېمە بولار؟!، تويىمىزچۇ؟!..." سۇتۇق مۇشۇ خىياللاردىن كېيىن ئايدىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئايدىڭ، بىزنىڭ ئىشىمىزچۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— تويىمىزنى دەيمەن.

— كېيىن توي ئۈستىگە توي بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ — ئايدىڭ نازلىق كۈلۈپ سۇتۇقنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. سۇتۇق ئايدىڭنى قۇچاقلىدى. ئوتلۇق قارا كۆزلەر ئۇچراشتى، سۆزۈك لەۋلەر بىر-بىرىنى تارتىپ يېقىنلاشتى...

"مانا مەيەردىكەن" دېگەن سۆز ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئىككىلىسى ئارقىسىغا قاراپ، ئاتلىق قىلىچنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئارسلان بىلەن يولتۇزنى كۆردى. سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ ئورنىدىن قوپتى، دوستلار چاقچاق قىلىپ كۈلۈشتى.

— دوستلار يول ئۈستىدە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئارسلان.

قىلىچ بوز ئايغىر بىلەن، جىرەن قاشقىنى يېتىلەپ كەلدى، سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ ئاتلاندى.

بىر تاغدىن ئېشىپ تۆۋەنلەۋاتقان ئۇۋچىلار ئات تىزگىنلىرىنى تارتىپ توختىدى ۋە بىر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. قىلىچنىڭ ئوق بىلىكىگە قوندۇرۇلغان بۈركۈت بىرنېمە سەزگەندەك قاناتلىرىنى يېيىپ-كۆتۈرۈپ بۆكلۈك بېشىنى سوزۇپ قويدى.

— ئالدىرىما جانىۋار، ساڭا نۆۋەت ئاز قالدى، — دېدى قىلىچ يەڭلىك تېرە قولقاپ كىيگەن قولىدىكى بۈركۈتكە قاراپ.

— ئارسلان، مانا كەلدۇق، بۇ بۇلتۇر بىز ئوۋقىلغان جاي، — دېدى سۇتۇق ئوڭ قولى بىلەن كەڭ ئوتلاق دالىنى كۆرسىتىپ.

قارشىسىدا قارا چوققىلىق ئېگىز تاغ تۆگىدىن سولغا سوزۇلغان. تاغنىڭ بېرىكى يوتىسىدا بىر توپ دەرەخ ۋە بىرنەچچە كىگىز ئۆي غوۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېشى تارراق كەلگەن ساي بارغانچە كېڭىيىپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە يىگىرمە-ئوتتۇز چاقىرىمچە كەڭ كۆندىكىگە ئايلانغان ۋە سول ياققا قاراپ بارغانچە تارىيىپ سوزۇلۇپ كەتكەن. كۆندىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىرەك بىر ئۆستەڭ سۇ ئوڭدىن سولغا پارقىراپ سوزۇلۇپ كۆرۈنمەكتە.

— ئاشۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئوتلاقتا كېيىك بولسا كېرەك، — دېدى سۇتۇق دالىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— چوقۇم بار! — دېدى ئارسلان، — توپ-توپ يۈرگەن كېيىكلەر بولىتۇر مەشەدە ئۇچرىغان ئەمەسمىدى. بۇدا جىقراق ئوۋلايلى بىكەچ. يىراق يەر، يەنە كېلىش ئاسان ئەمەس.

— بولىدۇ، — دېدى سۇتۇق، — ئاشۇ تاغ باغرىدا ئەل بار، قونساقمۇ بولار.

— بولۇشىنىغۇ بولار، — دېدى ئايدىڭ سۆز قوشۇپ، — ئاشۇ تاغنىڭ ئۇ ياقىدا ياغى بار، پەخەس بولۇشىمىزمۇ كېرەك.

— بىزمۇ ئاز ئەمەسقۇ، كېلىپ قالسا بىر ئېلىشىپ كۆرەرمىز. قېنى دوستلار، كەتتۇق.

ئۇلار دالىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى...

ئوۋچىلار تاغدىن چۈشۈپ، ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپلىرىغا سەپسېلىپ كېتىپ بارماقتا...

— يىگىتلەر! — دېدى سۇتۇق نەيزىنىڭ چېرىكلەرگە قاراپ، —

سلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ، غاز قانىتى بولۇپ مېڭىڭلار...

يىگىتلەر ئىككى يانغا يېيىلدى.

— تۈلكە، ئەنە! — دېدى يۈلتۇز ۋارقىراپ، — ئەنە، كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن كۆردۈم، سېرىق، ئوڭ ياققا يۈگۈرۈپ كېتىپ باردۇ، — ئوڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ خۇشال، ئالدىراش سۆزلەۋەتتى ئۇ.

— راست مەنمۇ كۆردۈم، — دېدى سۇتۇق، — قىزلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ-دە يۈرۈڭلار...

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يوغان، سېرىق تۈلكىنى ئۇچۇق كۆرۈشتى. تۈلكە ئارقىسىغا قاراپ چاپتى-دە، بىر چۆپلۈك ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ئۇ ھازىر چىقىدۇ. قىلىچ، بۈركۈتنى تەييارلا. ئەمدى ئاستىراق ماڭايلى، — دېدى سۇتۇق.

قىلىچ بۈركۈتنىڭ كۆزلىرى قوشۇلۇپ كىيگۈزۈلگەن بۆكىنىڭ يىپلىرىنى يېشىپ قويدى. تەجرىبىلىك بۈركۈت بېشىنى سىلكىپ، قاناتلىرىنى يېيىپ تەييارلاندى...

تۈلكە ئوتلاقتىن چىقتى ۋە بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ ئوۋچىلارغا قاراپ قويۇپ، ئوڭ ياققا قاتتىق يۈگۈردى. ئوۋچىلار تۆت-بەش يۈز غۇلاچ يېقىنلاشقاندا:

— ئەمدى بولىدۇ، — دېدى سۇتۇق قىلىچقا قاراپ.

قىلىچ بۈركۈتنىڭ بېشىدىكى قارا بۆكنى ئالغاندى. بۈركۈت بىرنېمىنى ئاختۇرۇپ ئەتراپقا ئالدىراش كۆز تىكتى.

قىلىچ ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ توختىدى ۋە:

— ئەنە، ئەنە! — دېدى قولى بىلەن تۈلكىنى كۆرسىتىپ.

بۈركۈت تۈلكىنى كۆرۈپلا گەۋدىسىنى رۇسلاپ، قاناتلىرىنى كېرىپ

تۈپۈشكە ئىنتىلدى. قىلىچ دەرھال ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سىلكىپ بۈركۈتنى قويۇۋەتتى. بۈركۈت قولىدىن چىقىپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى-دە، ئېگىزدىن تۈلكىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ۋە بىردىنلا غۇيۇلداپ تۈلكىگە ئېتىلدى. ئالاقزادە بولۇپ قاچقان تۈلكە ئۇدۇل يۈگۈرمەي، بىر ئوڭغا، بىر سولغا يۈگۈرۈپ، بۈركۈتنى ئازدۇرماقچى بولاتتى. بۈركۈت بولسا تۈلكىدىنمۇ چەبدەس كېلىپ، خۇددى بېلىق دېڭىزدا شۇڭغىغاندەك ھاۋادا شۇڭغۇپ شىددەت بىلەن قوغلىدى. شۇ تەرىقىدە بىرپەس قوغلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا قاناتلىرىنى سەل يىغىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشتى-دە، تۈلكىنى پومداقلاپلا تۇتۇۋالدى. بۈركۈت تۈلكىنى تۇمشۇقى ھەم سۆڭگىچىدىن قاماپ تۇتقانچە پۈكلىگەنىدى، تۈلكە بەل سۆڭەكلىرىنىڭ غۇچۇر-لىشىغا قوشۇلغان بىر خىل چىقىراق ئاۋاز بىلەن پۈكۈلۈپ جىمىقتى. بۈركۈت ئۆتكۈر تىرناقلىق كۈچلۈك چاڭگىلى بىلەن قاماپ تۇتقان پېتى بويىنىنى سوزۇپ، ئوۋچىلار ياققا قارىدى.

ئوۋچىلارمۇ ئات چېپىشىپ كەلدى. بۈركۈت ئۇلارنى قارشى ئېلىپ قاناتلىرىنى يېيىپ كۆتۈرۈلۈپ قويۇش بىلەن بىللە، مەغرۇرلى-نىپ، ئىككى پۈكلىنىپ ياتقان تۈلكىگە قاراپمۇ قويمىدى. سوتۇق بىلەن قىلىچ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، بۈركۈتنىڭ يېنىغا باردى ۋە بۈركۈتنىڭ تۈلكىنى قامىغان تىرناقلىرىنى بوشىتىپ، ئۆلگەن تۈلكىنى بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بۈركۈتكە تۈلكىنىڭ گۆشىدىن ئازراق يېگۈزگەندىن كېيىن، بۈركۈتنىڭ بۆكىنى كىيگۈزۈپ، ئۆلۈك تۈلكىنى بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراتتى.

ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز بۈركۈتكە تىكىلىپ، بۈركۈتنىڭ چەبدەسلىك بىلەن قىلغان ئوۋىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ

تۇراتتى.

— گۆشنى جىقراق بېرىڭلا، تويۇۋالسۇن. ھەر كۈنى بولۇۋېرىپ باقسىمۇ ئەرزىيدۇ بۇنى، — دېدى ئايدىڭ ئىككى چىشلەملا گۆش بەرگەن سوتۇقا.

— گۆشنى جىق يەپ تويۇۋالسا بۈگۈن بۇنىڭ بىلەن ئۇۋ ئۇۋلاش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى سوتۇق ئايدىڭغا.

قىلىچ تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان تۈلكە تېرىسىنى ئاتقا غانجۇغىلىدى. "تازا تولغان تۈلكە ئىكەن. نېمىدېگەن چوڭ-ھە! ساپسېرىق." دېيىشتى بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئاۋۇ يەردە بىر توپ كېيىك بار ئىكەن، — دېدى ئات چېپىپ كەلگەن بىر چېرىك. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن دەس تۇرۇشتى. قىلىچ بۈركۈتنى بىلىكىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ئاتلاندى...

دەرۋەقە، كەڭ ئوتلاقتا بىر توپ كېيىك ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. بىر تېكىسى بىر چەتتە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا قاراپ تىڭ-تىڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يىراقتا غاز قانىتى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىق كىشىلەرنى كۆردى-دە، قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىپ بىر چۆگىلىدى ۋە ئاستىراق يۈگۈرۈپ يۇقىرى ماڭدى-دە، تۆت پۇتى بىلەن تەڭ قاتىرىغا ئۈچ قېتىم ئېگىز سەكرەپ قويۇپ تاغ ياققا قاراپ چاپتى. بۇنى كۆرگەن كېيىكلەر قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراپ، ئاتلىقلارنى كۆردى ۋە تېكىنىڭ كەينىدىن چېپىشتى. يىگىتلەر ئات سېلىشتى. ئىككى قاناتتىكى چېرىكلەر يىراق ئايلىنىپ كېيىكلەرنىڭ ئالدىنى توستى. تېكە كەينىگە بۇرۇلۇپ توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشقا كېيىكلەر بىلەن بىللە ئارقىغا قاچتى، كېيىن ئالدىدىن كېلىۋاتقان ئوۋچىلارنى كۆرۈپ ئوڭغا، كېيىن سولغا بۇرالدى، يەنە ئاتلىقلار؛ شۇنداق

قىلىپ كېپىكلەر يۈگۈرۈپ چۆگىلەۋەردى. ئۇۋۇچىلارنىڭ ھالقىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارماقتا. كېپىكلەر بولسا ئايلىنىپ، ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ، ئاندىن قاياققا يۈگۈرۈشىنى بىلمەي، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تېكە خۇددى دارىدىن سەكرىگەندەك ئىرغىپ ئىككى ئاتلىق ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يەنە ئىككى كېپىك شۇنداق قىلدى.

— تېكىنى يىقىتىش كېرەك! — دېدى سوتۇق ئارسلانغا قاراپ.

ئارسلان تېكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. ھالقىدىكى كېپىكلەر پىرقىراپ بىرىپ ئاستا توختىدى.

— ئوق! — دېدى سوتۇق. ئۇ، قومدۇدىن ئوقنى ئېلىپ يانى بەتلىدى. ئېلىك، ئايدىڭ، ئەركىن، قۇندۇزلار سوتۇققا قوشۇلۇپ ئوقيانى تەڭ ئېتىشتى. بىر كېپىك "پوك" چۈشتى، بىرسى بىرەر غۇلاچ يۇقىرىغا تىك سەكرىدى-دە، ئازراق ئىرغاڭلاپ بىرىپ يىقىلدى، يەنە بىرى جايىدا ئاستا ئىككى ئايلاندى، كېيىن يەرنى ژىلداپ، ئاۋۋال ئالدىنقى، ئاندىن كېيىن ئارقا پۇتلىرىنى ئاستا پۈكۈپ، تامىقىنى يەرگە قويۇپ بويىنىنى سوزۇپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقاندەك ياتتى. ئۇنىڭ قورسىقىدا ساداق تىك سانجىلىپ تۇراتتى. قالغان كېپىكلەر ھالقىنىڭ باشلىرىدىن ۋىژىلداپ ئىرغىپ ئۆتۈپ كەتتى...

يىگىتلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ كېپىكلەرنى بوغۇزلىغىلى تۇردى. يۇقىرى ئىرغىپ يەرگە يىقىلغان كېپىك ئۇتقۇزماي خېلىغىچە سىڭايان پىرقىرىدى. يەنە بىرى قىمىرلىمىدى. ياۋاش ياتقان كېپىك بولسا، بېشىدا تۇرغان ئاتلىقلارغا مۆلايىم قاراپ قويدى ۋە پىچاق تۇتۇپ يېقىنلاۋاتقان "جاللات"قا ياۋاش مۆلدۈرلىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن "پىچىقىڭنى تارتساڭچۇ، مېنى ئامان قويساڭچۇ" دېگەن

بالىۋۇرۇشنى ئىپادىلەيدىغان ئاجىز نۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدى چاقناپ تۇرىدىغان ئويناقلىقىدىن قالغانىدى.

— ھاي! — دېدى ئاتتا ئولتۇرغان ئايدىڭ ھاياجان بىلەن، — قويۇڭ قىلىچ، بوغۇزلىماڭ ئۇ بىچارىنى، كۆزلىرى بەك چىرايلىق ئىكەن. ئەنە قاراڭ، ئۇ سىزگە مۆلدۈرلەپ يېلىنىۋاتىدۇ.

قىلىچمۇ كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئىككىلەنگەن بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، پىچاقنى تۇتقان پېتى توختاپ قالدى ۋە پىچاقلىق ئوڭ قولىنى تىزىغا قويدى.

— ۋاي راسەي، كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيدىكەن، — دېدى يۇلتۇز. قۇندۇزمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى:

— بىچارىلەرنىڭ باللىرى بولغىيدى، يېتىم بولۇپ قالمىسۇن.

— بەللى ئوۋچى قىزلار! كېيىككە ئىچى ئاغرىغان ئوۋچى بولمايدۇ، — دېدى سۇتۇق كولۇپ.

— مەن ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن كېيىك بوغۇزلىغاننى يامان كۆرىمەن، — جاۋاب بەردى ئايدىڭ.

— سىزمۇ ئاتتىڭىزغۇ؟ — دېدى قىلىچنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىلىك ۋە بېرىپ كېيىكنىڭ قورسىقىدا سانجىقلىق تۇرغان ئوقنى تارتىۋالدى، — مانا قاراڭ، بۇ كىمنىڭ ئوقى ئىكەن! — ئۇ ئوقنى ئات ئۈستىدىكى ئايدىڭغا سۇندى.

ئايدىڭ ئوقنى ئېلىپ ئۇنىڭ سېپىدىكى ئاي بەلگىسىگە قارىدى ۋە ئوق ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككى مەڭزى بىرئاز قىزاردى.

— مەن بۇ كېيىككە تېگەر دېمىگەنىدىم، — دېدى ئايدىڭ خىجىللىق بىلەن.

— ياشاپ كېتىڭ، پالۋان قىز. دۈشمەنگە ئوق ئاتالدىمۇ "مەن ئۇنىڭغا تېگەر، دېمىگەنىدىم" دەپ ئولتۇرسىڭىز بولامسىز؟ — سۇتۇق كۆپچىلىككە قاراپ جىددىي يوسۇندا داۋام قىلدى، — ئېتىشلاردا بولىدىغىنى، سىلەر مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭلار، مەن ئېتىڭلار دەپ بۇيرۇسام، مېنىڭ ئېتىمنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېتىپ تاشلىشىڭلار كېرەك. ئاتىنىلا ئەمەس، مەن ئات دېگەن ھەرقانداق ئادەمنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىشىڭلار كېرەك!

باشقىلار جىم بولۇپ قېلىشتى. سۇتۇق ئېتىنىڭ بويىنىنى بۇراپ، ئايدىڭغا دېدى:

— ئەنە قاراڭ، بىرسى كېلىۋاتىدۇ، — باشقىلارمۇ قاراشتى، — ھە، مانا بىزنىڭ ئارسلان. ئۇ يەنە بىر "بىچارە"نى ئېتىپ كەپتۇ.

— ئۇ "بىچارە" ئەمەس، — دېدى ئايدىڭ ئارسلاننىڭ ئېگىرى ئارقىسىغا غانجۇغىلانغان، ئۇزۇن قوش مۈڭگۈزلۈك بېشى ساڭگىلاپ تۇرغان تېكىنى ئوچۇق كۆرگەندىن كېيىن، — ئۇ كېيىكلەرنى باشلاپ قېچىپ بىزنى ئاۋارە قىلغان.

— ھە، ئەمدى خېلى يېقىن كەلدىڭىز. خوپ سىزنىڭچە بولسۇن، — دېدى سۇتۇق، كېيىن ئۇ ئارسلاننى ماختىدى، — ئۇلجا ئاز ئەمەس، قېنى يىگىتلەر، كەتتۇق...

ئاتلىقلار ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدى، توختاپ ئاتلىرىنى سۇغاردى، ئۆزلىرىمۇ يۈزلىرىنى يۇيۇشۇپ، سۇ ئىچىشتى. ئاندىن ئاتلىنىپ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ يۇقىرىلىدى...

— ئەنە كېيىك، توختايلى، — دېدى ئارسلان سول ياقتىكى چىغلىقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن، — بىكەچ كۆردىڭىزمۇ، ئەنە!

— كۆردۈم. قېنى، ئاستا قورشايلى.

ئۆۋچىلار بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا ئۇيان-بۇيانغا ماڭىدۇ. ئۇلار چىغلىق ئۈستىدە ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان مۈڭگۈز-قولاقلارغا قاراپ قويۇپ «چىمبە-رەك» ياساشقا ئالدىراپتتى...

مۈڭگۈزى كۆرۈنۈپ تۇرغان كېيىك بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى-دە، كېيىن چىغلاردىن ھالقىپ-سەكرەپ قاچتى. يول باشلىغۇچى-نىڭ ئارقىسىدىن باشقا كېيىكلەرمۇ قاچتى...

بىر توپ كېيىك چىغلىقنىڭ ئۇ ياقىدا ئۆركۈپ قاچماقتا. ئالدى-دىكى تېكە قويۇندەك چاپاتتى ۋە تۇيۇقسىز پۇتىنى تەڭ يەرگە ئۇرۇپ ئىرغىپ-ئىرغىپ توختايتتى؛ ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، «ياغى» ھۇجۇمىنى ۋە ئۆيۈرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك بولغاندەك شىددەتلىك قارايتتى ۋە يەنە سەكرەپ چاپاتتى. كېيىكلەرنىڭ قاتتىق قېچىشىغا قاراپ ئۆۋچىلار چارىسىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتى. قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئۆزگەرتتى.

كېيىكلەر غۇيۇلداپ چاپماقتا، ئۆۋچىلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، قوللىرىدا ئوقيا، نەيزە تۇتقان پېتى قوغلىماقتا... ئۆۋچىلار يېقىنلىشىپ كەلدى... سۇتۇق كېيىك توپىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، باشقىلارمۇ ئاتتى، كېيىك دومىلىدى. نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېيىكلەرگە يېقىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان ئىككى يىگىت نەيزىنى تەڭ ئاتتى. يەنە ئىككى كېيىك دومىلىدى...

— ئاۋۇنى قاراڭ! — دېدى ئارسلان سۇتۇققا ئىتنىڭ بېشىنى ئارتىپ، — ئاۋۇ تاغ باغرىدا بىرەر ئىش چىققان ئوخشايدۇ، — ئۇ كۈن-پېتىش تەرەپتىكى تاغ باغرىدا دەرەخلەر ئارىسىدىن بۇرۇقتۇم بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈننى كۆرسەتتى.

— توختاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى سۇتۇق تۈتۈنگە قارىغان پېتى.

ئاتلىقلار توختىدى...

سۇنۇق چېرىكلەردىن ئىككىسىگە ئېتىلغان كېپەكلەرنى ۋە بۇر-كۆتنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. ئاتنىڭ ئارقىسىغا غالجۇغلانغان كېپەكلەر يەرگە چۈشۈرۈلدى...

ئوۋچىلار سۇنۇققا ئەگىشىپ قوتۇن چىققان ئاۋۇلغا قاراپ ئات سالدى...

* * *

تاغدىن چۈشۈۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا تىكىلگەن قارا ئۆيلەردىن قويۇق تۈتۈن كۆتۈرۈلمەكتە. تۈتۈنلەر ئارىسىدىن گايىدا لاۋۇلداپ ئوتلار يالقۇنلايتتى. ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قىقاس-سۈرەنلىرى ئاڭلىناتتى. كالتەك-چوماق، پالتا-كەكە كۆتۈرگەن، باش-كۆزلى-رىدىن قان ئېقىپ تۇرغان كىشىلەر قىلىچ-نەيزىلىك ئاتلىق كىشىلەر بىلەن ئېلىشماقتا. بۇلارنىڭ تاغ ئارقىسىدىن كەلگەن باسمىچىلار ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. سۇنۇقنىڭ سەپ ئالدىدا "ئۇر!" دەپ سوزۇپ توۋلاپ بەرگەن بۇيرۇقى بويىچە، ھەممەيلەن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن پېتى قىلىچ-نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ باسمىچىلارغا ئېتىلدى...

كۆڭلەكسىز بەستلىك بەدىنى مىستەك پارقىراپ تۇرغان، قوللىرى يوغان، تېنى ئۇيۇلتاشتەك مەزمۇت، ئىشتانچاق، ئەمدىلەتىن بۇرۇت چىققان بىر يىگىت باسمىچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇ بىر تاش ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ قولىدىكى ئۇزۇن كالتەك بىلەن كەلگەن باسمىچىنى ئۇرۇپ يىقىتاتتى. ئۇ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر باسما-چىنى ئاتتىن دومىلاتتى. يەنە بىر باسمىچى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندى، ھېلىقى يىگىت كالتەك بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قىلىچىنى ئۇچۇرۇۋەتتى ۋە باسمىچىنى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ بېشىدىن

ئارتىلدۇرۇپ "ھايت" دەپ ئۇنىڭ تۇۋلىغىنىچە ئاتتاندى، بىر موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا بىلى بىلەن ئېسىلىپ، ئالدى "گۈپ" قىلىپ يەرگە چۈشتى. باسمىچىنى ئېتىۋاتقاندا يەنە بىر باسمىچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ ئۇردى... ئەمما، قىلىچ يىگىتكە تەگمەي، "چاق" قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى سۇتۇق ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. سۇتۇق باسمىچىنىڭ قىلىچىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا قەھرۇغەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇردى. سول دولىسىدىن كىندىكىگىچە كېسىلگەن باسمىچى قاتتىق ۋارقىراپ يىقىلدى. سۇتۇق يەردىكى قىلىچنى قىلىچى بىلەن ئېلىپ يىگىتكە تاشلاپ بەردى ۋە "ئاتلان" دەپ باسمىچىنىڭ ئېتىنى ئىشارە قىلىپ بۇرىلىپ كەتتى.

ئەنە، ئارسلان ئىككى باسمىچى بىلەن ئېلىشماقتا. ئاتلار ئايغىدا ئىككى باسمىچى دومىلاپ ياتاتتى. ئۇ يۇقىرىراقتا ئۈچ باسمىچىنىڭ سۇتۇققا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ غەزەپلەندى-دە، قەھرى بىلەن بىر قىلىچ سېلىپ ئېلىشىۋاتقان باسمىچىنىڭ بىرىنىڭ كاللىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى ۋە قاچقان ئىككىنچى بىرىنى تاشلاپ سۇتۇققا ياردەملىشىش كويىدا دەرھال ئۇ ياققا ئات سالدى. ئۇ، سۇتۇقنى دالدىغا ئېلىپ، باسمىچى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى... نەيزىلىك بىر باسمىچىنى ئاتتىن يىقىتتى، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەن يەنە بىرسىنى سۇتۇق ياندىن ئۇرۇپ ئاتتىن دومىلاتتى. ئارسلان قاچقان يەنە بىرسىنى قوغلاپ كەتتى. سۇتۇق ئۆڭ ياقىدا كۆيۈۋاتقان بىر قارا ئۆي ئالدىدا قولىدا ئۇزۇن كالتەك تۇتقان، قارا ساقاللىق، بېلىگە چىگە باغلىۋالغان گەۋدىلىك بىر كىشىنىڭ ئىككى باسمىچى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قارا ساقاللىق كىشى باسمىچىنىڭ ئۈچ

قېتىملىق زەربىسىنى ئۆرۈپ قايتۇردى، تۆتىنچى قېتىم ئىككى باسمىچى ئىككى قىلىچنى تەڭ ئۇرغانىدى، قارا ساقال كالتەك بىلەن قىلىچلارنى توسۇپ كەينىگە ئىتتەردى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تازا تىركەشكەندە، قارا ساقال كالتەكنى تارتىۋالغانىدى. بىر باسمىچى ئاتتىن يىقىلىشىغا ئۇنى بىر كالتەك بىلەن ئۇجۇقتۇردى. ئاتتىن ئېتىشىپ يىقىلماي قالغان يەنە بىر باسمىچى تېزلىك بىلەن ئۆزىنى ئوڭشاپ قارا ساقاللىققا قىلىچ كۆتۈرگەنىدى، ئۇنى سۇتۇق ئاتتىن دومىلاتتى. سۇتۇق يەردە ياتقان قىلىچنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئىلىۋېلىپ ساقاللىققا تاشلاپ بەردى. قارا ساقاللىق كىشى ئاتلىنىپ سۇتۇقنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئايدىڭ ۋە باشقا قىزلار ئەرلەردىن قېلىشماي سوقۇش قىلدى. ئايدىڭ بىر قىزنى ئالدىغا ئېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان باسمىچىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئاتتىن يىقتتى. ئايدىڭ قوغلاپ بارغىنىدا، ئارقا تەرىپىدىن دەل يۈرىكىگە ئوق سانجىلغان باسمىچى يەردە قىمىر قىلماي ياتاتتى. قىز بولسا ئاتتىن يىقىلغاندا ئاغرىپ كەتكەن دولىسىنى ئۇۋۇلاپ باش-كۆزى توپىغا مىلەنگەن ھالدا يەردە ئولتۇراتتى. ئايدىڭ قىزنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.

ئەمدى جەڭنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئۆزگەردى. چارۋىچىلار ۋە پادىچىلار ئاتلىق ۋە قوللىرىغا قىلىچ-نەيزە ئالغان سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ ئاداش-قولداشلىرى بىلەن بىللە باسمىچىلارغا شىددەتلىك زەربە بەرمەكتە. باسمىچىلار مۇداپىئەگە چۈشتى. قىلىچ بىر ئاتلىق باسمىچىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، سۇتۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سۇتۇقنى ئاران تاپتى. "ئەمدى ئايرىلمايمەن" دېدى ئۇ ئىچىدە. سۇتۇق

قانلىق قىلىچ كۆتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان ئېلىكنى توختىتىۋالدى. قىلىچنى قىزلارنى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. سۇتۇق باسمىچىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقانلىقىنى، ئاياللارنى، باللارنى قۇتقۇزۇش لازىملىقىنى ئېلىككە ئېيتىپ تۇراتتى. يۈزلىرى قارا ئىسلانغان، باشلىرى ياغلىق بىلەن تېڭىلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان قىزلار ئاتلىق يېتىپ كەلدى. سۇتۇق دەرھال بېرىپ سول بىلىكىنى تېڭىۋالغان يولتۇزنىڭ ھالىنى سورىدى. يولتۇز "ھېچقىسى يوق" دېگەندەك كۈلۈپ قويدى. سۇتۇق ئۇلارنى باشلاپ، موماي-بوۋاي، بالا-چاقىلارنى ئارقىدا ساق قالغان بىر قارا ئۆيگە يىغىشقا باشلىدى. باللار يىغلىشىپ، ئانىلىرىنىڭ بويۇنلىرىنى قۇچاقلىۋالغانىدى، ئانىلار باللىرىدىن ئەنسىرەپ، جەڭ بولۇپ ئۆتكەن ياققا قارىشاتتى...

— باسمىچىلار قاچتى! — دېدى ئېلىك تاغ باغرىدا ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىپ بارغان بىر توپ باسمىچىنى كۆرسىتىپ.

سۇتۇق قىزلارغا بۇ يەردىكى قېرى-چۆرى ۋە كىچىك باللارنى ياخشى قوغداشنى تاپشۇرۇپ، ئېلىك ۋە قىلىچ بىلەن باسمىچىلار ياققا چاپتى...

تىرىپىرەن بولغان باسمىچىلار تۈلكىدەك ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ قېچىشماقتا. سۇتۇقلار قوراللانغان ئاتلىق چارۋىچىلار بىلەن بىللە باسمىچىلارنى قوغلىماقتا... ھۇقۇيتىپ، قىلىچ-نەيزىلىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ چاپماقتا، ئۇلار يېقىنلاشتى... قىلىچ-نەيزىلەر "چىكا-چۇك، جىقا-جوق" قىلىپ، باسمىچىلار غەلىتە-غەلىتە ۋارقىراپ ئاتتىن ئۆرۈلمەكتە... كىيىملىرى يىرتىق، ئېتىغا ئوقيا تېگىپ يىقىلىپ، يۈز-باشلىرى قان ۋە توپىغا مىلەنگەن بىر باسمىچى ئورنىدىن تۇرۇپ

قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ پەرۋاسىز تۇراتتى. ئۇ: "قولۇڭدىن كەلگەننى قىل. ساڭا باش ئەگمەيمەن!" دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى كۆڭلەكسىز مىس بەدەن يىگىت ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ كۆتۈرگەندى، ئەمدى يېتىپ كەلگەن سۇتۇق ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— جىگىرى بار يىگىت ئوخشايدۇ، — دېدى سۇتۇق يىگىتكە، — بەلكى ئۇ بىزگە كېرەك بولۇپ قالار.

يىگىت قىلىچىنى چۈشۈردى. باسمىچى يەنە شۇ تۇرقىدا تىك تۇراتتى.

— بۇنى بىر چېرىككە تاپشۇرۇڭ! — دېدى سۇتۇق قىلىچقا، — ئامان ساقلىسۇن.

سۇتۇق يەنە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

قىلىچ ئاتلىق چېپىپ كېتىپ بارغان بىر چېرىكنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا بايىقى باسمىچىنى كۆرسىتىپ سۆزلىدى ۋە سۇتۇقنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىنى قويۇۋەتتى.

سۇتۇق، قىلىچ ۋە مىس بەدەنلىك يىگىت بىرقانچە چېرىكلەر بىلەن بىر سايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بارسا، ئارسلان چېرىكلەر، چارۋىچىلار بىلەن ئاتلىق توپلىشىپ تۇرۇشقانىكەن. سۇتۇق ھەيرانلىق بىلەن ئارسلانغا قارىدى.

— قالغانلىرى تاغدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى ئارسلان كۈنپېتىش ياقتىكى ئېگىز تاغنى كۆرسىتىپ، — تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈشكە بولمايدۇ، كۈنمۇ پاتاي دېدى.

— خوپ، يانايلى، — دېدى سۇتۇق ۋە باشقىلارنى باشلاپ ئارقىغا قايتتى...

— ئېنىڭ ئىسمە؟ — دەپ سورىدى سۈتۈق ئاتلىق ئىككى چېرىك ئېلىپ كېتىپ بارغان ھېلىقى باسمىچىدىن.

— قوچقار.

— ئۆيۈڭدە كىمىڭ بار؟

— ئۆيۈم يوق، يېتىممەن.

— قەيەردە تۇرىسەن؟

— تاغامنىڭ مېلىنى باقىمەن.

سۈتۈق ئويلاپ قالدى، «ھە، يېتىم بالا» ئىكەن دېدى ئۆز-ئۆزىگە، كېيىن سورىدى:

— بىز بىلەن كېتەمسەن؟

— قەيەرگە؟

— ئوردۇكەنتكە، ئۇ چوڭ شەھەر، بىلەمسەن؟

— ئاڭلىغان، بېرىپ باقمىغان. سىلەر سۆرەپ يۈرمەي مەشەدىلا چېپىپ تاشلاڭلار.

— ئۆلۈمدىن قورقمامسەن؟

— ئىتتىن قورققان گاداي بولمايدۇ.

— قارا بۇنىڭ نوچىلىقىنى، راستلا قوچقاردەك باتۇر. مەيلى، بىز كېيىن سۆزلىشىمىز.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. سۈتۈق ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدە قۇربان بولغان ساغىن ئاتلىق يىگىتنىڭ جەستىنى داغدۇغىلىق كۆمدى.

چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە باسمىچىلار ئوت قويۇۋەتكەچكە، قۇربان بولغان يىگىتنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن تەييار ساندۇق تاپالماي، بىلەكتەك-بىلەكتەك ياغاچلارنى تېپىپ كېلىپ بىر-بىرىگە جۈپلەپ

ئاخشاي ياساشتى. ئاختاينىڭ ئۈستىگە قىلىن كىگىز ۋە بۆگۈن ئۈۋلانغان كېيىك - جەرەنلەرنىڭ تېرىسىنى سېلىپ، يىگىتنى كىيىم- لىرى بىلەنلا ياخشىلاپ ئوراپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە مىنگەن ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ۋە ئوقيا، قىلىچىنى سېلىپ كۆتۈرۈپ دۆڭدە كولانغان ئورىغا قاراپ ماڭدى. سۈتتۇق ئالدىدا، كەينىدىن بوۋايلار ئوتقاشنى ئىككى قولى بىلەن ئالدىغىراق قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئارقىسىدىن ئاختاينى كۆتۈرگۈچىلەر ماڭدى. ئاختا راۋانىڭ ئارقىسىدىن چېرىكلەر، چوڭ، كىچىك چارۋىچىلار ماڭدى. ئالقىشنى جۈپلەپ، بەزىلىرى بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، بەزىلىرى ئۈن - تىنسىز بېشىنى سېلىپ تاغ - باغرىدا كۈن پاتقان مەزگىلدە ئۆزدۈرۈلگان بۇ دەپنە مۇراسىمى جىددىي تۈس ئالغاندى. كەڭ، چوڭقۇر كولانغان ئورىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، بومبا ساقال، سەل مۈكچەيگەن كىشى قولىدىكى ئوتقاشنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللىبىرنېمىلەرنى دىمىقىدا ئوقۇپ ئورىنى بىر ئايلىنىپ يەنە بايا تۇرغان ئۆز ئورنىغا — سۈتتۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ توختىماي ئوقۇيتتى. ئاخىردا ئاۋازى ئۈچكەندەك جىمىپ قالدى - دە، سۈتتۇققا قارىدى. سۈتتۇق بېشىنى لىڭشىتىپ قويىۋىدى، بومبا ساقال بوۋاي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى:

— ناموبۇت، نامودرام، ناموساڭ ① ئۇلۇغ بۇتساتۇا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئۇ بىزنى يامان ئادەملەردىن دائىم قوغداپ تۇرىدۇ. مۇبادا

---

① ھەرقانداق بۇددا نوملىرى "ناموبۇت، نامودرام، ناموساڭ" دەپ باشلىنىدۇ. بۇ "بۇتقا ئېتىقاد قىلايلى، بويسۇنايلى، راھىبلارغا ئىخلاس قىلايلى" دېگەن سۆز.

بۇگۈن خان ئوغۇل ۋە بۇ يىگىتلەرنى دەل ۋاقتىدا ئەۋەتمىگەن بولسا، بۇ قاراقچىلار ئۆيلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئات - كالا ۋە قويلىرىمىزنى قويماي ھەيدەپ كېتەتتى. بىزنى قوغداش يولىدا چىرىكلەردىن بۇ يىگىت قۇربان بولدى. ئۇنى ئۇلۇغ بۇتسا تۇۋا يېنىغا چاقىردى، — ئۇ قولىدىكى ئوتقاشنى ئورنىنىڭ ئىچىگە قارىتىپ بىر ئايلاندۇرۇپ چىقتى، — قېنى يىگىتلەر، باغىرساق ساغىنى تىنچ ياتسۇن.

— ئەل ئامانلىقى يولىدا جان بەرگەن چىرىك ساغىنىڭ ئورنى ئۇجماقتا بولسۇن! — بۇ ئورا بىردەمدىلا توپا بىلەن تولدۇرۇلدى، ئېگىزلەندى.

— قېرىنداشلار! — دېدى سۇتۇق يېڭى قەبرىگە توپا يۆلەپ بولغاندىن كېيىن، — ئازار چەكتىڭلار، چىقىمدار بولدۇڭلار. لېكىن سىلەر باتۇركەنسىلەر، بىز ھەرقانداق چاغدا بۇگۈنكىدەك ئۆم - ئىتتىپاق بولۇشىمىز، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئەلنى قوغدىشىمىز، ياغى - قاراقچىلارغا، باسمىچىلارغا بوزەك بولماسلىقىمىز، باش ئەگمەسلىكىمىز كېرەك.

سۇتۇق چارۋىچىلارنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختىغاندىن كېيىن باسمىچىلاردىن غەنىمەت ئالغان ئات ۋە قورال - ياراغلارنى ئۆي ۋە ئۆي - سەرەمجانلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلەرگە بۆلۈپ بەردى. سۇتۇقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن چارۋىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى، خۇشسۇسەن قېرى بوۋاي - مومايلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ، سۇتۇققا ۋە سۇتۇقنىڭ چىرىكلىرىگە يەكتىز بولۇپ تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى.

ئوۋ ۋە ئوشتۇمتۇت بولۇپ ئۆتكەن جەڭدە چارچىغان سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ چىرىكلىرى چارۋىچىلار بىلەن خوشلىشىپ گۆگۈمنىڭ ئىچىگە

كىرىپ كېتىشتى...

* * *

كەچ كۈزنىڭ يېقىملىق كېچىسى، كۆكتە يېرىم ئاي دالىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، يۇلتۇزلار بەس-بەس بىلەن ئىمىر-چىمىر پارقىرايتتى. ئۆستەڭدە ئاينىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا. سۇ بويىدا ئۈچ يەردە گۈلخان لاۋۇلدايتتى. چېرىكلەر گۈلخانغا ھە دەپ سۆكسۆك تاشلاپ ئۇلغايتىپ تۇراتتى.

ھەربىر گۈلخاننىڭ يېنىدا قىپقىزىل چوغ ئۈستىدە ئۇزۇنىسىغا ياغاچ ئۆتكۈزۈلگەن، باشسىز پۈتۈن كېيىكنى ئىككى كىشى ئىككى باشتا تۇرۇپ ئايلاندۇرماقتا. بىرسى ياغاچ چۆچەكتىن تۇز چاچماقتا. چاراسلاپ تۇرغان چوغ دۆۋىسى ئۈستىدە كېيىك كاۋىپى بارغانچە قىزىرىپ، ئەتراپقا مەززىلىك ھىدىنى چاچماقتا. ئۇ يەر، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى. نەدىدۇ قىزلارنىڭ كۈلكىسى ئاڭلانماقتا...

بىر گۈلخاننىڭ ئۇ ياقىدا سۇتۇق، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئارسلان، ئىلىك ئولتۇراتتى. سۇتۇقنىڭ قارشىسىدا بىر كىشى گۆشىيىپ ئولتۇ-رىدۇ. قىلىچ بىر چاپان ئەكلىپ سۇتۇقنىڭ دولىسىغا يېپىپ قويىدى. ئاينىڭ يېرىم يورۇقى ۋە گۈلخان يالقۇنىنىڭ نۇرىدا ئۇلار چالا-پۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باياتىن سۇتۇق بىلەن ئارسلان قوچقارغا جىق نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ جاھىللىق قىلماسلىقىنى، ئۇ ياقتىكى باشلىقلارنىڭ بۇغرالارنىڭ ئۈستىدە قىلغان سۆزلىرىنىڭ يالغان ۋە ئىغۋا ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. قوچقار خېلى يۇمشاپ قالدى.

— سەن بايا گۇناھكار ئەمەسمەن دېدىڭ، — دېدى سۇتۇق

قوچقارغا قاراپ، — بىزنى نېمە بىلەن ئىشەندۈرىسەن؟

— مەن ئۇلاردىن ئەمەس.

— ئۇلار كىملەر؟

— ئۇلار سامانىلار.

— سەن كىمسەن؟

— مەن نەمەنگانلىق، پادىچى. ئۇلار بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى بېسىۋالغان. بىزدىن چېرىك ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. نەمەنگاندىن ئالغان چېرىكلەرنى مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىغا قويدى...

— سەن نېمىشقا باسمىچىلىققا قاتناشتىڭ؟

— بىزنى زورلۇق بىلەن ئەكەلدى. مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، بۇلاڭچىلىق قىلمىدىم.

— كەلگەنلەر قانچە كىشى ئىدىڭلار؟

— مەن ساناپ باقمىغان، يۈزدەك كىشى بولۇشى كېرەك.

— ئوتتۇز يەتتە باسمىچى ئۆلگەن، — دېدى ئارسلان سۇتۇققا قاراپ، — ئاتمىشتەك باسمىچى قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئۆيۈڭدە يەنە كىملەر بار؟ — يەنە سورىدى سۇتۇق.

— ئانام، سىڭلىم بار.

— بىز بىلەن بىللە سامانىلارنى يوقىتىپ، تۇغقانلىرىڭنى قۇتقۇزۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن! — دېدى قوچقار جانلىنىپ، — جېنىم بىلەن خالايمەن. بىزنىڭ يۇرتتا ھەممە كىشى ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنى خالايدۇ، — قوچقارنىڭ چىرايىدا ئۈمىدلىنىش كۆرۈندى. ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ئىككى قولىنى سوزۇپ، يىغلىغان ئاھاڭدا دېدى، — شۇنداق قىلغىيلا تۆرەم. مەن خىزمەت قىلىمەن، مەن

يول بىلمەن، تاغلارنى بىلمەن...

سوتۇق ئارسلان، ئىلىك بىلەن قارشىۋېلىپ دېدى:

— خوپ! بىز ساڭا ئىشەندۇق. سەنمۇ بىزگە ئىشەن، بىزنىڭ دوستىمىز بول! — سوتۇق قوپتى، ئاۋۇ ئىككىيلەنمۇ قوپۇشتى. سوتۇق قوچقارنىڭ دولىسىغا ئوڭ قولى بىلەن يېنىك ئۇرۇپ دېدى — قوچقار يىگىت! راست دوست بولاسەن، بالغانمۇ، كېيىن كۆرەرمىز.

يىگىت ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئەگدى.

— ھە، قانداقراق، يىگىتلەر؟ — دېدى سوتۇق ئاستىغا بىرقانچە كېيىك تېرىسىنى سېلىپ، ئۈستىدىن چاپان-چارىلار يېپىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئىككى ياردار چېرىكنىڭ يېنىغا كېلىپ يېپىلغان چاپانلارنى قىمداپ تۇرۇپ، — ياراڭلار خېلى ئېغىرمۇ؟

— ھەشقاللا، — دېدى ئىككىيلەن ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ھېچقىسى يوق.

— سېنىڭ بىلىكىڭ يارىلاندىمۇ؟ — سوتۇق سول تەرەپتىكى يىگىتنىڭ يېپىلغان چاپىنىنى قايرىۋىدى، يىگىت ئوڭ قولى بىلەن سول دولىسىنى كۆرسەتتى.

— جەڭدىي ئۇرۇشتا نەيزىنىڭ ئۇچى مۇرەمگە تېگىپ، قۇياقنىڭ يېڭىنى يۇلۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. كېيىن مۇرەمگە قىلىچنىڭ ئۇچى تېگىپ كەتتى، ھېچقىسى يوق.

— مېنىڭ دۈمبەمگە نەيزە ئۇچى كىرىپ ئازراق تېرىسىنى زەخمە قىلغان، — دېدى ئوڭدا ياتالماي دۈم ياتقان يىگىت.

— ياخشى دەم ئېلىڭلار. سىلەر چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، — دېدى سوتۇق ئورنىدىن تۇرۇپ.

قىلىچ قوچقارنى باشلاپ كەتتى.

سۇتۇقلار، ئۈستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ گۈزەل كەچلىكنىڭ مەنزىرىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

— نېمە دېگەن ئوبدان كېچە...! — دېدى سۇتۇق زوق بىلەن.

ئۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، جاراڭلاپ چىققان قىزلارنىڭ ناخشا ئاۋازىغا قولاق سېلىپ توختاپ قالدى ۋە كۈلۈمسىرەپ، ناخشا ئاۋازى چىققان ياققا — ئۈستەڭنىڭ يۇقىرىسىغا ماڭدى.

ئايدىڭ، يۇلتۇز، قوندۇرلارنىڭ شوخ ناخشا ئاۋازى پۈتۈن دالىدا جاراڭلىماقتا، تاغ چوققىلىرىدىن ناخشا سادالىرى قايتماقتا. ھەممە كۆڭۈللۈك، تەبىئەت تېخىمۇ گۈزەللەشكەندەك. يېرىم ئاي گويا ئۇچلۇق باشلىرىنى ئېگىپ قىزلارنى تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ قىزىل مەڭىزلىرىگە نۇر چاچماقتا. يۇلتۇزلار تېخىمۇ بەكرەك جىمىرلىماقتا. چوڭ بىر يورۇق يۇلتۇز ئاي بىلەن بەسلىشىپ قىزلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرماقتا. لاۋۇلداپ-چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئۇچقۇنلىرى ئاسمانغا چېچىلماقتا. كاۋاپ ھىدى، سۇنىڭ شىلدىرلىشى، قىزلارنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى.... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ روھىغا سۆيۈنچ بېغىشلايتتى.

تاغ باشىدا كۆز قىسىپ يۇلتۇز كۈلەر،
گۈل ئىچىدە يارىنى كۆرگەنمىدۇ.
ئۈن سېلىپ شوخ ساندۇۋلاچ قوشسا قوشۇغ،
كۆيۈنىڭ مەنىسىنى بىلگەنمىدۇ.

ئاي ساڭا باقۇر سىڭار قاشىن تۈرۈپ،
كۆڭلىگە ياقماس سۆزۈڭ ئايغانمىدىڭ.

بەرمە ئازار ئۇ ساڭا ئامراق ئاداش،
ياكى يۇلتۇزغا قاراپ ئايغانىمدىلىك.

ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ ساما ئەركىن قىزى،
ساڭا باقسا كۆڭلىنى ياندۇرمىغىل،
دىلى نازۇك يۈرىكى چوغدەككىنە
بايقىماي سۆكرە "ئىسست" دەپ قالمىغىل.

قىزلارنىڭ ناخشىلىرى توختاپ، كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. سۈتۈقلار ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمىدېگەن ياخشى ناخشا بۇ؟ — دېدى سۈتۈق قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈپ، — مۇشۇنداق گۈزەل كېچىگە گۈزەل قىزلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى قوشۇلغاندا... ئاھ! ئەگەر قوشۇغچى بولسام...


— قوشۇغچى بولمىسىڭىزمۇ قوشۇغچىدىن قېلىشمايسىز، — دېدى ئايدىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سۈتۈقنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇلتۇر باغدا، كۆلنىڭ بويىدا ئېيتقان قوشۇغلىرىڭىز يادىڭىزدىن چىقمىغاندۇ؟

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە گۈلخان ياققا مېڭىشتى...

گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ تار، ئۇزۇن داستىخان سېلىنغان. داستىخانغا نان، قورۇلغان بۇغداي، قۇرۇت...لار چېچىلغان. بىرسى چوڭ چايجۇشتىن ياغاچ ئاياقلارغا چاي قۇيۇشتى، ئۈچ-تۆت كىشى ئىگەن-ئىگەنلەردە پارچىلانغان كېيىك كاۋىپى ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا قويدى. ئۇلار ئىشتىها بىلەن گۆشكە تۇتۇش قىلدى...

# ئىككىنچى قىسىم

دۆلەت قۇشى قونسا كېلىپ ساڭا ئوغلان،
كۆرەڭلىمە، كۆزۈڭگە باق ياخشى ئويلان.
ئۆز ئېلىڭگە جاپا ئەمەس، ۋاپا قىلساڭ،
ئۆزەڭ كەتسەڭ، روھىڭ كەتمەس، يوقتۇر ئارمان.



# بىرىنچى باب

## سۇباشىنىڭ ھېلىسى

ئونىنچى يۈز يىللىقنىڭ كېيىنكى يېرىمى، زىمىستان كۈنلىرى. قېلىن ياغقان قاردىن كېيىنكى ئوچۇق ھاۋادا ئوردۇكەنت ئاق تاۋار ياپقاندەك پارقىرايتتى. جاھان تىپتىنچ، ئىپكىن، بۇ تىنچلىقنىڭ ئەتىكى گۈلدۈرمامىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى سۇتۇقلاردىن باشقىلار بىلمەيتتى.

ئوغۇلچاق بۇغراخان بولسا بۇ "تىنچلىق" پەردىسى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئەنسىزلىكتىن كۆڭلى ئارامسىزلىناتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ بېزەكلىك ئىشخانىسىدا ئويچان مېڭىپ، قاتتىق خىيال سۈرۈش بىلەن كۈنلىرىنى كەچ قىلاتتى.

"...خانلىقنىڭ ۋارىسى... ئۇندىن كېيىن... ئاقىۋىتى نېمە بولار؟! يەنە كېلىپ ئۇ ئىنىمنىڭ ئوغلى-دە! بولمىسا... ياق! باشقا قونغان دۆلەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان... ياق، بولمايدۇ. دۆلەت قۇشى قولدىن كېتىپلا قالسا، مېنىڭ مال-مۈلۈكلىرىم، يەر-زېمىنلىرىم، قۇللىرىم — بۇلارنىڭ ھەممىسى قولدىن كېتىدۇ. بېشىمچۇ؟!... بۇ ھەممىدىن قورقۇنچلۇق... خانلىق، بايلىق، باش..."

خان ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن شالاڭ ساقىلىنى تاراپ، پەرىشان ھالدا ئويلىنىپ، ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن سىرتقا ئەلەڭلەپ قاراپ، قورقۇنچلۇق چىگىش خىيالنى يېشەلمەي قىينىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدا پەنجىرىنىڭ كۆزنىكىدىن ھەر خىل سۈرەتلەر كۆرۈنمەكتە... ئەنە سۇتۇق، ئۇ مىڭلىغان ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا بوز ئارغىماققا مىنىپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سۈرەن سېلىپ ئوردىغا چاپتۇرۇپ كىرىۋاتىدۇ... سۇتۇق، ئۇنى تونۇغان ئىككى قاراۋۇلچىنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلىدى... مانا، چوڭ-كىچىك پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرى بېلىنى پۈكۈپ تازىم قىلغىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي تىترىلىپ تۇرماقتا... قاچان ياسالغان دارلار بۇ؟ قوبۇلخانا ئالدىدىن تاكى قوۋۇقىچە قاتار ئىككى رەت دار، ھەربىرىدە بىردىن ئادەم تېنى ئېسىقلىق تۇرماقتا... ئەنە، سۇتۇق تەختتە ئولتۇرۇپ، خاننى سوراق قىلماقتا... ئەنە، قوللىرى باغلاقلىق خان دار ئالدىدا تىترەپ تۇرماقتا...

— كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ خاقان! — دېدى بىر تونۇش ئاۋاز ئېشىك ئالدىدا.

خان چۆچۈپ بۇرالغانىدى، تازىم قىلىپ تۇرغان ئوردىبېشىنى كۆردى.

— كەچۈرگەيلا، سۇباشى...

— ھە، كىرسۇن.

ئوردىبېشى تازىم بىلەن يەر ئاستىدىن خانغا قاراپ ئارقىسىچە ئېگىلىپ چىقىپ كەتتى. خان پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى ۋە پەرىشان ھالىنى يىغقان بولدى...

* * *

خان ئىشخانىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۆيدە سۇتۇقنىڭ ئانىسى تەركەن بېگىم كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتاتتى. دېدەك قىزلاردىن بىرى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىماقتا. يەنە بىر قىز خوفتىدا بىر چىنە چاي

ئەگىشىپ، كارىۋاتنىڭ باش يېقىدىكى كىچىك شىرەگە قويدى.

تەركەن بېگىمنىڭ سىڭلىسى گۈلەيلى ئالدىراپ كىردى ۋە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، تەركەن بېگىمنىڭ يېنىدا كىشى بارلىقىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى.

— قىزلار، چىقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى گۈلەيلىنىڭ قىياپىتىدىن بىرنېمىنى سەزگەن تەركەن بېگىم ۋە قوپۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

گۈلەيلى قىزلارنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى ۋە:

— خان ئاچا! ئۇلار يەنە كېلىشتى، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، — دېدى.

— بۇ يوشۇرۇن سىرنى بىلىش يەنە ساڭا قالدى، سىڭلىم پەخەس بول، لېكىن سىرنى بىلگىن.

— بۇنى ماڭا تاپشۇرۇۋېرىڭ، خان ئاچا.

گۈلەيلى ئاۋايلاپ ئىشخانا تەرەپتىكى تامغا تارتىلغان گىلەمنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ جايدا بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ ئېچىلمايدىغان بولغاچقا، بۇ تەرىپىگە گىلەم تارتىپ ئېتىۋەتكەن. گىلەم بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدا بىر گەزچە بوشلۇق بار ئىدى. گۈلەيلى شۇ بوشلۇقتا ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بىر-بىرلەپ ئىچىدە تەكرارلىماقتا ۋە ئۆڭى ئۆچمەكتە...

* * *

خان ئۆز ئىشخانىسىدا سۇباشى ۋە ئوردۇبېشى بىلەن پەس ئاۋازدا سىرلىق سۆزلەشمەكتە ئىدى. قىپقىزىل چوغدەك چىرايلىق

بېزەلگەن كەڭ ئىشخانىنىڭ سىرتىغا تولۇق قوراللانغان قاراۋۇللار قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نېمىدىندۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئىشىك ياققا قاراپ-قاراپ قوياتتى.

— ئوت بىلەن ئويناشماقچىمىز، بۇرادەرلەر،— دېدى خان بېشىنى مىدىرلاتماستىن كۆزىنى قۇۋۋەت بىلەن ئىككىسىگە توغرىلاپ،— ناۋادا ئىشىمىز ئوڭدىن كەلمىسە، كۆل بولۇپ كېتىمىز.

— ئىش ئوڭدىن چىقىدۇ، خاقانىم! — دېدى ئوردۇبېشى ھەييارلىق بىلەن كۆز ئويناتىپ،— بۇ ئوت قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىغان كۈچىمىز ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ. كىم كۆل بولىدىغانلىقىنى بىز يېقىن ئارىدا كۆرىمىز. كۆلنى بىز كۆككە سورۇيمىز.

ئۇ ماختانچاقلىق بىلەن خىرقىراپ كۈلدى. كېيىن خاننىڭ ئالايغان كۆزىگە قاراپ دەرھال توختاپ قالدى.

— شۇنداق، ئۇلۇغ خاقانىم،— دېدى سۇباشى،— بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، شۇڭا بىز پۇختا تەييارلىق قىلدۇق. ئەمدى چاپسان ھەرىكەت قىلمىساق، كېچىكىپ قالىمىز. سۇتۇق ئاتۇشقا كەتكىلى بىر قانچە ئاي بولدى. ھازىر ئۇ يەردىكى چوڭ ھويلىدا باردى-كەلدى جىق، دەيدۇ. ھويلىغا ئۆز كىشىلىرىدىن باشقىنى كىرگۈزمەيدىكەن. مېنىڭ چامامدا ئۇ چوقۇم چوڭ ئىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ...

— سىلەرنىڭ تەييارلىقىڭلار قانداق؟ — دېدى خان ساقىلىنى ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن تاراپ.

— تاغدىكى قوراللىق "باسمىچىلار"دىن بىر تۈركۈمى كېچىسى ئاتۇشقا كېلىپ، چوڭ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن...

— باسمىچىلار؟!

— شۇنداق، "باسمىچىلار" ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سادىق چېرىكلەردىن تەييارلاندى. باشلىغۇچى — يۈزباشى، ئۇ بارسەنەك كۈچلۈك ھەم جەبدەس كىشى.

— يۈزباشى چەبدەس يىگىت، كېيىن ئۇنىڭغا مىڭباشىلىق خىزمەت بېرىشكە ۋەدە بېرىلدى، — خىرقىراپ كۈلدى ئوردۇبېشى، — ئۇنىڭمۇ ھايات تۇرۇشى... ئۇ مىڭباشى تۇگۇل، تۈمەنباشى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ دۇنيادا ئەمەس، ئۇ دۇنيادا...، — ئۇ يەنە كۈلدى.

— ئىشنى قاچان باشلىماق دەيسىلەر؟

— مۇشۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، تۈن يېرىمىغا تاكتاك ئۇرغاندا، — جاۋاب بەردى سۇباشى.

— بۈگۈن ئايغا ئون ئىككى، دېمەك ئىندىنىغا؟

— شۇنداق، ئۇلۇغ خاقان، ۋاقىتنى چىڭ تۇتماسلىق بولمايدۇ.

خان ئاستا ئورنىدىن قوپتى، ئۇ ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئايلانماقتا. ئۇ ئايلىنىپ كېلىپ، ئارقىسى بىلەن دېرىزىگە يۆلىنىپ، قوللىرىنى مەيدىسىدە قوۋۇشتۇرۇپ چوڭقۇر ئويلاندى...

— خوپ، قارارىمىز شۇنداق بولسۇن! — دېدى خان ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، — ئىشنى پۇختا سەرەمجانلاشتۇرۇش كېرەك، مەن سىلەرگە ئىشەندىم.

ئىككىسى ئورنىدىن قوپۇشتى...

* * *

گۈللەيلى گىلەم كەينىدىن چىققاندا تەركىن بېگىم قارۇغباشى توغرۇلبەگ بىلەن باشلىرىنى يېقىن ئېگىپ سىرلىق سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇلار سۆزلىرىنى توختىتىپ گۈللەيلىگە قارىدى. ئۇ، ئېلى

بىرسى تۇتۇۋالىدىغاندەك چۆچۈپ، ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ھودۇقۇپ كەلدى-دە:

— ۋاي خان ئاچا، ئىش يامان، بۇ جاللاتلار پەيلىنى بۇزۇش-تى! — دېدى.

— ھودۇقما، بېرى كەل، ئولتۇر، — دېدى تەركەن بېگىم گۈللەيلىنى تىنچلاندۇرۇپ.

گۈللەيلى ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ئەمما ئەنسىزلىنىپ ئۆپكىسىنى باسالمايتتى.

— قېنى سۆزلە! — دېدى تەركەن بېگىم گۈللەيلى تەرەپكە بېشىنى ئېگىپ — ئۇلار نېمە قىلماقچى؟

— ۋاي خان ئاچا... ئۇلار خان ئوغۇلنى... ياق، ئېغىزىم بارمايدۇ، بەك قورقۇنچلۇق، ئۇنى قوتقۇزۇش كېرەك.

— ھە! شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى توغرۇلبەگ غەزەپلىنىپ قوپۇپ كېتىپ، — بۇ دۆيۈزلەرنىڭ ئەدىبىنى ئۆزەم بېرىمەن.

— ئولتۇرۇڭ توغرۇل، — دېدى تەركەن بېگىم قارۇغباشىنى بېسىپ، — ئەقىل بىلەن ئىش قىلغۇلۇق. خوش، سىڭلىم، نېمە گەپ؟ ئەمتىرىمە، بىر-بىرلەپ سۆزلىگىن، — دېدى تەركەن بېگىم كارىۋاتتىن پۇتىنى چۈشۈرۈپ، چۆچۈگەن ۋە بىئارام بولغان قىياپەتتە، — ئۇلار قاچان ھەرىكەت قىلماقچى؟

— مۇشۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، تۈن يېرىمىغا تاكتاك ئۇرغاندا!

— قانداق قىلىپ؟

— يالغان باسمىچىلار ئاتۇشتىكى چوڭ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرمەكچى.

— ھە، ھە... ئامىنابا، — دېدى ئانا چۆچۈپ، — بۈگۈن ئايغا ئون ئىككى، ئۈگۈن، ھە، ئىندىن ئون بەش، تۈن يېرىمىدا... چاللاتلار...

تەركىن بېگىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تەكچىگە قويۇلغان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇتساتۋانىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزىنى قىيەرگىدۇ تىكىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئالقىنىنى جۈپلەپ، ئىچىدە نېمىدۇ بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى. گۈللەيلىمۇ خۇددى شۇ تەرزدە "ئامىتابا"نى تەكرارلاپ، خان ئانىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

— ئىش چوڭ ۋە ئالدىراش، — دېدى تەركىن بېگىم بۇرۇلۇپ گۈللەيلىگە قاراپ ۋە خىيالىدىن خۇلاسە قىلغاندەك كەسكىن سۆزلىدى، — ئەھۋالنى دەرھال سۇتۇۋقىغا يەتكۈزگۈلۈك.

— مەن ھازىرلا ئاتۇشقا چاپاي خان ئاچا، — دېدى گۈللەيلى جىددىي قىياپەتتە.

— سەن يالغۇز بارامسەن؟

— مەن ئىشەنچلىك يىگىتلەردىن قوشاي، قېنى يۈرۈڭ، ئاتلارنى تاللايلى، ئىچكى ياقتىن ياردەم قىلىشقا مەن قارۇغچىلار بىلەن تەييار. قارداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويغانمەن. خان ئوغۇل چاپسان ھەرىكەت قىلسۇن. ھەرىكەت ۋاقتىنى ماڭا خەۋەر قىلىپ قويسىلا بولدى.

— خوپ، گۈللەيلى، ئىشەنچلىك يىگىتلەردىن ئېلىپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا مېڭىڭلار، تاغ ئاشماي ئىت يولى بىلەن ماڭساڭلار يېقىنراق، سەن چاپسانراق قايتقىن.

## ئىككىنچى باب

# قارا كىيىملىك ئادەم

يېرىم ئايدىلىق كېچە، ھەممە ياق جىمجىت، يىراقلاردا گايى-گايىدا ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئارىلاپ ھوقۇش "ھو"لىماقتا. قومالىتاغ ئىت يولىنىڭ ئاغزى ئالدىدىكى سايىدا يىراقتىن ئىككى قارا كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى... ئەنە، ئاي يورۇقىدا يېرىم ياتا كۆرۈنگەن ئاتلىقلار چاڭ كۆتۈرۈپ چېپىپ كەلمەكتە. ئالدىدا قارا ئارغىماققا مىنگەن، ئۇزۇن قارا كىيىم كىيگەن، يۈز-بېشىنى قارا رومال بىلەن ئورىغان بىر ئادەم؛ ئۇ ئارغىماققا مەدەت بەرگەندەك ئالدىغا ئېڭىشىپراق بولۇشقا چاپاتتى. ئۇنىڭ چاقنىغان كۆزلىرى ئەتراپقا قاراپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بەل قورۇلۇشىدىن ۋە بېشىدىكى قارا ياغلىقىدىن ئايال كىشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئارقىدا ئۇن-يىگىرمە غۇلاچ يىراقلىقتا بەستلىك كەلگەن بىر چېرىك تورۇق ئېتىنىڭ ئۇستىبېشىدا قامچا ئۇيىنىتىپ چاپتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ قالپىقىغا قادالغان كىچىككىنە سېرىق بايراق شامال تەپتىدىن دارقىراتمىدەك تىترەيتتى. ئاخىر ئۇلار ئىت يولىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى...

ئاستىن ئاتۇشتىكى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان چوڭ ھويلا. سۇتۇق قومباغ كەنتىگە جايلاشقان بۇ ھويلىنى ياخشى كۆرەتتى. قومباغنىڭ

ئەنجۈر ۋە ئانارلىق باغلىرى، شوخ بالىلىرى، نەغمە-ناۋا، ھويلىغا يېقىنلا يەردە ھەپتىدە بىر بولىدىغان ھوكا-سۈرمەلىك بازار ئۇنى قىزىقتۇراتتى. شۇڭا سۇتۇق ئوردۇ يېنىدىكى باغلىق ھويلىدىن زېرىكىپ، مەشەگە كېلىۋالغانىدى. سۇتۇق بۇ دۆرەم ئائىلىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى-ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ نۆۋەت كېلىشى بىكار ئەمەس ئىدى.

دوستلىرى بىلەن غارغا بېرىپ ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قىبلە تەرەپتىكى كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقىمۇ ئۈلگۈرەتتى. گايىدا ئۇ ئەبۇ نەسىر ئۆگىتىپ تەربىيىلىگەن ئىمامنىڭ ھويلىسىغا بېرىپ جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنىمۇ ئوقۇپ كېلەتتى. سۇتۇقنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلاپ بېرىشى بىلەن بۇ يۇرتتا مۇسۇلمان بولغانلار خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغانلارمۇ بار ئىدى، بىراق ئۇلار سۇتۇقتىن ھەزەر قىلىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. لېكىن، سۇتۇقنىڭ بۇ دۆرەم ئاتۇشقا كېلىشى بۇ ئىشلار ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى.

سۇتۇق تولاراق كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئەلنىڭ ھالىنى، تەلىپىنى ئۇقتى ۋە قولىدىن كەلگەن بەزى ياخشىلىقلارنى قىلدى. پۇقرالارنىڭ بۇرۇن "خان ئوغۇل" دەپ زورمۇزور ھۆرمەت قىلىشى ئەمدى سەمىمىي ھۆرمەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ توپىنى بارغانچە كېڭەيتتى. ئاھالىنىڭ مۇسۇلمان بولۇۋاتقان قىسمى بۇنداق كېڭىيىشتە ئاساسىي مەنبە ئىدى. "يۈز باتۇر" دەپ ئاتالغان ئىشەنچلىك بىۋاستە دوستلىرى چېرىكچە ماھارەتنى پۇختا ئىگىلەپ، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش، يەككمۇ-يەككە ئېلىشىش، ئات ئۈستى ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى

ماھارەتلىك باتۇرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ، ئاتلىق ئوينىغان كۈچ بولۇپ قالماقتا ئىدى. ئارسلان بىلەن ئىلىك ئىككىسى ئۇلارغا بىۋاسىتە باشچىلىق قىلاتتى، باتۇرتاغا مەنىۋى تەربىيە ۋە جىرىكچە مەشىق ئۆگىتىشتە ياشانغانلىقىغا قارىماي چوڭ كۈچ كۆرسەتمەكتە ئىدى. سۇتۇقنىڭ ۋاسىتىلىك دوستلىرىمۇ خېلىلا ئاۋۇماقتا ئىدى.

ئۇ يەنە ئىككى چېرىك كۈچىنى پۇتۇنلەي ئۆز قولىغا قاراتتى: بىرى — ئۇستۇن ئاتۇشتا تۇرغۇچى مىڭلىق چېرىك قىسىم — بۇ قىسىم ياشلاردىن تاللاپ ئويۇشتۇرۇلغان بولۇپ، خانلىقنى — ئوردۇنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغانىدى. مىڭباشى چەبەر بولسا خان ئوغۇلغا سادىق، ئۇنىڭ خانلىق مىراسنى قولغا ئېلىشىنى قوللىغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مىڭباشى ئىلگىرى باتۇرتاغىنىڭ قول ئاستىدا چېرىك بولغان، ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىسىنى ئالغانىدى، ئۇ باتۇرتاغىغا چوقۇناتتى. سۇتۇق باتۇرتاغا بىلەن بىللە مىڭباشىنى كۆندۈردى. ئۇرۇش ھالىتى يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، مىڭ-باشى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ سۇتۇق تەرەپتە تۇرىدىغان بولدى. يەنە بىر كۈچ — ئوردۇ قاراۋۇلچىلىرى ئىدى. بۇ خاننى ساقلايدىغان بىۋاسىتە كۈچ بولۇپ، تەجرىبىلىك چېرىك ئەمەلدارلار ۋە كۈچلۈك چېرىكلەردىن تەشكىل قىلىنغان بەش يۈز كىشىلىك جەڭگىۋار قوشۇن ئىدى. "تۆمۈر قوشۇن" دەپ نام ئالغان بۇ قىسىمغا سۇتۇقنىڭ "ئاكىسى" توغرۇلبەگ باشچىلىق قىلاتتى. توغرۇلبەگ سۇتۇقنىڭ دادىسى بازىر قاراخاننىڭ بىر قەدىناس دوستى — تۈمەنباشىنىڭ ئوغلى ئىدى. دادىسى جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بازىر قاراخان بېقىپ چوڭ قىلدى، چېرىكچە ئىشتا يېتىشتۈردى، سۇتۇق ئۇنى "ئاكا" دەپ ئاتايتتى. بازىر قاراخان ۋاپات بولۇش

ئالدىدا تۇغرۇلنى تەركىن بېگىمنىڭ سىڭلىسى گۈللەيلىگە تۆۋەنـ
دۈرۈپ قويىغانىدى ۋە قارۇغباشى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.
تۇغرۇلبەگ بولسا تەركىن بېگىمنى ئۆز ئانىسىدەك قەدىرلەيتتى،
سۇتۇقنى بولسا تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. تۇغرۇل ئۇغۇلچاق بۇغرا
خاننىڭ خانلىقنى خان ئۇغۇلغا تاپشۇرۇپ بەرمەيۋاتقانلىقىغا نارازى
ئىدى. بولۇپمۇ خاننىڭ خان ئۇغۇلغا قارىتىلغان سۇيىقەستلىك
ھەرىكىتىنى سېزىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ خانغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ
كەتتى. قارۇغباشى تەركىن بېگىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۇتۇققا
تۇيدۇرماي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، قول ئاستىدىكى
ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەرنى خان ئۇغۇل ئۈچۈن تەربىيىلەپ كەلدى.
بۇ قېتىم سۇتۇق ئاتۇشقا كېتىش ئالدىدا تۇغرۇل تەييارلىق ئەھۋالـ
لىرىنى ئېيتقاندا سۇتۇق بەك خۇش بولۇپ كەتتى. تۇغرۇلبەگنىڭ
ئاچقۇچلۇق پەيتتە سۇتۇق تەرەپتە قاتتىق تۇرۇشى تەركىن بېگىم
بىلەن بىللە ئوردۇ ئىچىدە تۇرۇپ سۇتۇققا ماسلىشىپ بېرىشى، ھەل
قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۇ ھەرىكەتتە سۇتۇقنى باشچى قىلغان بىر جەڭگىۋار قوشۇن
مەيدانغا چىقتى. باتۇرتاغا، ئارسلان، ئىلىك، ئايدىڭ، يۇلتۇز،
قىلىچ، قۇندۇز، ئەركىن، قوچقارلار ئاكتىپ قاتناشقۇچىلاردىن بولسا،
تەركىن بېگىم، تۇغرۇلبەگ، مىڭباشىلار تايانچ كۈچلەر ئىدى.
گۈللەيلىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى زور ئىدى. باتۇرتاغا بولسا ھەم
سىياسىي ئايغۇچى[1]، ھەم چېرىك ئۇستازلىق رولىنى ئويناپ
كەلمەكتە ئىدى.

---

① ئايغۇچى — مەسلىھەتچى.

چوڭ ھويلىدا، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆتۈرمە بىنانىڭ پەنجىرىلىرىدىن شام يورۇقلىرى ئوۋۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغدا ئۇ يەر-بۇ يەردە قارۇغچىلارنىڭ ئاستا مېڭىپ يۈرگىنى ھەرىكىتى بىلەن ئاي يورۇقىدا خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قاپقىدىن قىلىچ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىتتىك مېڭىپ پېشايىۋانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۇڭغا ئۈن بەش قەدەم مېڭىپ كېيىن سولغا بۇرالغاندا، بىر ئۆيدىن بىر ئايالنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. قىلىچ كىرگەندە، ئايدىڭ، يۇلتۇزلار ئەركىن، قۇندۇزلار بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

— بەللى، قىلىچسىز قىلىچ، بۇ نېمە بولغىنى؟ — كۈلۈپ چاقچاق قىلدى ئايدىڭ، — قىلىچىڭىزنى باسمىچىلارغا تارتقۇزۇپ قويدىڭىزمۇ يا؟ — ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— قىلىچسىز قىلىچ بولغۇچە، ئاياقلىق دىۋانە بولغان ياخشى، ئۇ ئىتلارنى قورقىتىدۇ-دە، — دېدى يۇلتۇز ئايدىڭنىڭ چاقچىقىنى قۇۋۋەتلەپ.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بولدى، چاقچاقنى قويۇڭلار، خان ئوغۇل ئۆيدىمۇ؟ — دېدى قىلىچ تېرىكىپ.

— خاپا بولماڭ بەگچەك، — دېدى ئايدىڭ كۈلۈپ، — ئۇلار ئۆيدە.

قىلىچ ئىچكىرىگە كىرگەندە سۇتۇق، باتۇرتاغا، ئارسلان ۋە ئىلكلەر جىددىي پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. قىلىچنى كۆرۈپ ئۇلار سۆزلىرىنى توختىتىپ بىرنەرسە كۈتكەندەك قىلىچقا قاراشتى.

— مىڭباشى قوشۇلدى، — دېدى قىلىچ، — بىز تەييار دېدى،

بىرقانچە باشلىقلارمۇ مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى قىسىپ قويىدى.

— ياخشى، قارارىمىز شۇ بويىچە بولسۇن، — دېدى سۇتۇق، — باشقا دوستلارغا تەييار تۇرۇشنى ئۇقتۇرايلى. ۋاقىت يەنە ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى كېچىسى. بۈگۈن ئون ئىككى، يەنە سەككىز كۈن بار، — ئاندىن سۇتۇق ئارسلانغا قاراپ دېدى، — توغرۇل ئاكام بىلەن ئالاقىلىشىپ قويساق بولىدۇ.

* * *

ئىككى ئاتلىق ئېت يولىدا — ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار كۆتۈرۈلگەن يالغۇز ئاياغ تارچۇقتا ئالدىراش ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە، ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن شېغىل ۋە توپا چاچرايتتى. كېپىنەك تونلار لەپىلدەيتتى. قارا تەرگە چۈشكەن ئاتلار ھاسىراپ چاپماقتا... ئالدىدا كېتىۋاتقان كىشى تاڭ ئېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاسمانغا قاراپ قوياتتى ۋە يەنە ئېتىغا قامچا ئۇراتتى. تاغلاردىن ئۆتتى، تۈزلەڭدىنمۇ ئۆتۈپ، قارىياغاچلىق، تېرەكلىك كوچىلارغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار نېرىدىن قارىغاندا خۇددى ئۇزۇن مۇساپىلىق بەيگىگە چۈشكەن ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار سايدىن ئۆتۈپ ئاتلىرىنى چاپتۇرغانچە قۇمباغ كەنتىگە كىرىپ كەلدى...

ئەنە، ئۇ ئىككى ئاتلىق چوڭ ھويلا قاپقىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. بېشىغا قارا ياغلىق چىگىپ، قارا كېپىنەك تون كىيگەن ئادەم ئاتنى چېرىككە بېرىپ قامچىسى بىلەن قاپقىنى قاقتى.

— كىم ئۇ؟ — دېدى قاپقا ئىچىدە تۇرغان ئىككى قارۇغچىدىن بىرى.

— مەن! قاپقىنى چاپسان ئېچىڭ.

قاروۇلچى بىردەمدىن كېيىنلا بىر ئەمەلدارنى باشلاپ كەلدى.

— كىم بۇ، تاڭ مەھەلدە قاپقا قاققان؟ — دېدى ئەمەلدار بوغان ئاۋاز بىلەن.

— مەن، ئوردۇكەنتتىن كەلدىم. قاپقىنى تېتىك ئېچىڭ! — دېگەن ئايال ئاۋازى ئاڭلاندى قاپقا تېشىدىن.

ئەمەلدار بۇ ئاۋازنى تونۇپ قېلىپ قاپقىنى تېتىك ئاچتى ۋە ئىچكىرى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— خان ئوغۇل ئۇخلاۋاتمىدىغاندۇ؟

— يوقسۇ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن بولدى كېچىسى ئۇخلىمايدۇ.

ئەمەلدار باشتىن ئاياغقىچە قارا كىيىم بىلەن پۈركەنگەن ئادەمنى باشلاپ پېشايۋانغا چىقتى. دالانغا كىرگەندىن كېيىن، يۆتىلىپ قويۇپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرگۈزدى.

سۇتۇقلار چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى. ئۇنى تونۇماي ھەيران قېلىشتى... قارا كىيىملىك ئادەم يۈزىدىكى قارا رومىلىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئېچىلدى ۋە دەرھال گۈللەيلىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈشتى...

## ئۈچىنچى باب

# سىرلىق دېۋانە

ئوردۇبېشى بىلەن سۇباشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغۇلچاق بۇغراخان ئولتۇرغان تۆت ئاتلىق ھەيۋەتلىك ھارۋا بىلەن يەنە ئوردۇغا خاس جابدۇنغان ئىككى ھارۋا شەھەردىكى چوڭ بۇتخانىنىڭ قاپقىسى ئالدىدىكى كىچىككىنە مەيداندا توختىدى.

ھارۋىغا قوشۇلغان ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ئالتۇندەك ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇراتتى. قوللىرىغا قىزىل پۆپۈكلىك نەيزە ئېلىپ بەللىرىگە كەڭ غىلاپلىق قىلىچ ئاسقان، بېشىغا مىس باشلىق، ئۈچىسىغا زەنجىرلىك قۇياق كىيگەن، بۇرۇتلىرى تەكشى قىرقىلغان، گەۋدىلىك ۋە سۇرلۇك ئەللىك نەپەر خان قاراۋۇلچىسى خاننىڭ ھارۋىسى توختاش بىلەنلا دەرھال چېكىنىپ تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا ئۆتتى. خان كەڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ھەيۋەت بىلەن ھارۋىدىن چۈشكەندە، ھەر ئون قەدەمدە بىر دېگۈدەك تۇرغان قوراللىق قاراۋۇلچىلار پۇتىنى جۈپلەپ، قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزىسىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قاڭشىرىغىچە توغرىلاپ، ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەتراپىغا قاراپمۇ قويماستىن بۇتخانىغا قاراپ ماڭدى. خاننىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدە بىر توپ قاراۋۇلچىلار ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ ماڭماقتا.

قاراۋۇلچىلار شەھەر كىشىلىرىنى يولنىڭ چېتىگە ھەيدەيتتى. ياش-

قېرى، ئەر-ئايال شەھەر كىشىلىرى خانغا يول بېرىپ ئارقىلىرىغا شوخلۇيتتى ۋە ئېگىلىپ تازىم قىلاتتى. ئارقا تەرەپتىكى بەزىلەر ھەيران قالغاندەك ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. بەزىلەر يېنىدىكىلەرنى نوقۇپ پىچىرلىشاتتى. توپ ئارىسىدا ئېشىكنى يېتىلىۋالغان ئاددىي يېزا كىيىمدىكى بىر ئەر كىشى بۇ سۈرلۈك ئەھۋالنى كۆرۈپ "پاھ! ئېمىدېگەن ھەيۋەت بۇ" دېگەنىدى، كىشىلەر ئۇنى ئىتتىرىپ ئارقىسىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ياقتىن قاڭشارلىق، چېقىر كۆزلۈك تۆلكە جۇۋا، كەمچەت تەلپەك كىيگەن، قارا ساقاللىق بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. ئىككى چاكار ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاتنىڭ ئىزگىنىدىن يېتىلىگەن، ئارقىسىدا پۇقراچە كىيىنگەن نەيزىلىك ئىككى چاكار يوغان قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە ئىدى. توپنى كۆرۈپ ئاتلىق قامچىسىنى شىلتىغانىدى، چاكارلار "پوش-پوش!" دەپ كىشىلەر توپىنى يېرىپ كىردى. قامچىسىنىڭ سېپىنى يوتىسىغا تىرەپ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كىشىلەرگە "مەن كىم" دېگەندەك كېرىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئاتلىق كىشى خاننى كۆرۈپ قالدى-دە، سەكرەپ ئاتتىن چۈشۈپ، قوللىرىنى قورسىقىدا قوشتۇرۇپ ئىككى پۈكۈلۈپ ئېگىشتى. ئۇ شۇنداق تۆۋەن ئېگىشتىكى، ئۇنىڭ كەمچەت تەلپىكى بېشىدىن چۈشۈپ، غىلدىرلاپ خاننىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان قارىغۇچىلارنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدا قالدى. تېخىچە ئېگىلىپ تۇرغان باي خان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا ئەنسىز قارىۋېتىپ تۇماقىنى ئىزدىدى. خالايىق تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

خان بۇتخانا قاپقىسى ئالدىغا كەلدى. قاپقا ئالدىدا ئىككى ياقتا ساغۇچ كاسايا كىيگەن بەشتىن ئون راھىب خاننى قارشى ئېلىش

ئۆچۈن تىزىلىپ تۇراتتى. ئالدىدىراق ئوتتۇرىسىدا، ئاۋۋالردىنمۇ بالا پەتلىكىرەك كاسايا كىيگەن بىر راھىب ئالقانلىرىنى جۈپلەپ كېلىپ پېشانىسىگە تۇتۇپ ئالدىغا ئېگىلىپ خاننى "خۇش كېلىپسىز خاقانىم" دەپ قارشى ئالدى. راھىب ئېگىشكىنىچە يېنىچە مېڭىپ، قوللىرى بىلەن خاننى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئالدىدا ماڭدى. خان قاپقىدىن كىرگەندىن كېيىن ھويلىدا ئىككى رەت بولۇپ قاتار تىزىلغان بالا راھىبلار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، كىچىكرەك يەنە بىر قاپقىدىن ئىچكىرىگە كىردى. بۇ كىچىكرەك بىر ھويلا بولۇپ، بۇ يەردە ياش راھىبلار قاتارى خاننى قارشى ئالدى.

خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى راھىبنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، تاش پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ قىزىل قاپقىدىن ئىچكىرى كىرىشتى، بۇ زور قىزىل تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان كەڭ، ئېگىز بىنا بولۇپ، ئوتتۇرىدا — ئېگىز سۇپىدا ساكيامونىنىڭ ئون گەزچە ئېگىزلىكتىكى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇتى قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە، پەسرەكتە تۇرلۇك قىياپەتتىكى قارۇغ راجا، بۇدىسامخالار بۇتلىرى قاتارى كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىشلىرىنى ئېچىپ غەزەپ ئىپادىلىرى بىلەن تىزىلىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تام تەكچىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ھەر خىل چوڭ-كىچىك مۇئەككەللەرنىڭ بۇتلىرى قويۇلغان. ساكيامونىنىڭ ئارقىسىغا ھەر رەڭ ۋە ھەر خىلدىكى تۇغ ئەلەملەر قادالغانىدى. بۇتنىڭ ئالدىدا، پەستە سەككىزدىن ئون ئالتە راھىب ئىككى ياقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىدىكى تەكىيىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا ھۆسن خەت بىلەن پۈتۈلگەن تۇرۇم نوم ۋە سوترىلار ئېچىپ قويۇلغانىدى.

خان ھەمراھلىرى بىلەن ساكيامونىنىڭ ئالدىدا يەرگە سېلىپ

قويۇلغان تىزلىققا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاۋال سەجدە قىلدى، كېيىن ئالقانلىرىنى جۈپتەكلەپ پېشانىلىرىگە تەگكۈزۈپ، باشلىرىنى ئېگىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئاندىن ئۇلار ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ راھىب بىلەن قاتار ئولتۇرۇشتى. خاننى باشلاپ كىرگەن چوڭ راھىب ساكيامۇنىنىڭ ئالدىدا ئىشىك ياققا يۈزىنى قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان يوغان دانىلىق ئۇزۇن تەسۋىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى سانىغاچ، يادقا بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى، ئولتۇرغان راھىب ئالدىلىرىدىكى كىتابلىرىغا قاراپ ئۈن چىقىرىپ ئوقۇشۇپ كەتتى. خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە قوللىرىنى پېشانىلىرىگە تەگكۈزۈپ بېشىنى ئېگىپ روھانىي قىياپەتتە سۈكۈتتە ئولتۇرۇشتى. چۈشىنىپ بولمايدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار بىلەن بۇتخانا ئىچى جاراڭلاپ-غۇڭۇلداپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن چوڭ راھىبقا ئەگىشىپ باشقا راھىبلار ئوقۇشنى توختاتتى. چوڭ راھىبنىڭ تەكلىپى بىلەن خان ۋە ھەمراھلىرى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى...

خان بۇتخانا قاپقىسىدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشىگە كىشلەر توپى ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەم ئاقساپ خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ قوشۇلۇپ مەيدىسىگە چۈشكەنىدى. ئۈستىگە ئۇزۇن جەندە كىيىپ، بوينىغا قىزىل-ئالا گۈللۈك خالتا ئېسىۋالغان، بېشىدا گۈللۈك ئۇزۇن كۆلا، چوڭ سېرىق مارجان تەسۋىسى مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. خان ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ توختىدى. بوۋاي قولىدىكى قوپال، ئەگرى-بۈگرى ھاسا تايىقىنى ئەگمە سېپى بىلەن سول قولىنىڭ بىلىكىگە ئىلىپ قويۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، خانغا سازا قىلدى: "ئەي خاقانلارنىڭ

خاقانى، جىمى ئالەمنىڭ ھىمايىچىسى، قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ دانا ئاتىسى ئۇلۇغ خاقان! مەرتىۋەڭ يۇقىرى بولغاي، جىققان دۆۋەڭ تېخىمۇ ئېگىز بولغاي، دۆلەت قۇشى بېشىڭدىن كەتمىگەي... بىچارە قۇلۇڭغا سېخىلىق ئىلتىپاتىڭ بىلەن رەھىم ئەيلىگەيسەن..."

"دۆلەت قۇشى بېشىڭدىن كەتمىگەي" دېگەندە خان بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلدى ۋە يېنىدىكى ئوردىبېشىغا قاراپ قويدى. كېيىن، يېنىدىكى ئاغىچىدىن① بىر كىچىك خالتا كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ بوۋايغا بەردى. بوۋاي خالتىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ سۆيدى ۋە پېشانىسىگە تەككۈزدى. خان ماڭدى، خاننىڭ كەينىدىكى قارۇغ-چى بوۋايغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ نېمىنىدۇ ئويلىدى. بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بوۋاي خالتىنى قوينىغا سالدى-دە "غىپ" قىلىپ توپنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى...

— بۇ بوۋاي كىمكىن، گەپلىرى مەنىلىكقۇ!؟ — سورىدى خان ئوردىبېشىدىن.

— بۇ بوۋاي ئوردىكەنتكە پەيدا بولۇپ قالغىلى بىرەر ئاي بولدى. مەن ئايغاقچىلاردىن ئاڭلاپلا تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدىم. مەلۇماتقا قارىغاندا بۇنى يەركەنلىك دەيدۇ، بۇددا دىنى تەلىملىرىنى پۇختا بىلىدىغان، ئۇلۇغ ئادەم دەيدۇ، — ئوردىبېشى نېمىگىدۇ ئەندىشە قىلغاندەك بوۋاي غايىب بولغان تەرەپكە قاراپ قويدى.

قارۇغباشى يەركەنلىك بىر ئەمەلدارنىڭ بىر دىۋانە بوۋاي توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئېسىگە ئالدى ۋە يېقىندا بۇ بوۋاينىڭ

① ئاغىچى — مالىيە ۋەزىرى، ئەرەبچە خەزىنىچى.

ئوردۇبېشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدى.

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى قارۇغباشى ئوردۇبېشىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. قارۇغچى قاپقىنى كېچىكىپرەك ئاچتى. ئۇ قاپقىدىن كىرىشىگە ئۆينىڭ نېرى تەرىپىدىكى يان ئىشىكتىن خۇددى مۇشۇ دىۋانىگە ئوخشاش بىر ئادەم چىقتى. ئۇ راۋۇرۇس مېڭىپ كېلىپ، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەكلىك ھاسىنى ئالدى-دە، پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا ھاسىسىنى سول قولىغا تۇتۇپ، تۇغما توكۇر كىشىدەك ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ ئاقساپ ماڭدى، ئارقا ئىشىكتە كۈتۈپ تۇرغان بىر ئادەم ئۇنى چىقىرىپلا ئىشىكنى ئېتىپ قويدى. قارۇغباشى بۇۋاي چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى، كېيىن ھەيرانلىق بىلەن يېنىدىكى قاپقاباقارغا قارىدى. قاپقاباقار "كىم بىلسۇن" دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ قارۇغباشى ئوردۇ قاپقىسىدىن كىردى. خان ۋە باشقىلار ئۆز ئىشخانىلىرىغا كىرىشىپ كەتتى...

قارۇغباشى ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ پۈتۈك شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىدىن "زادى بۇ بۇۋاي كىم؟" "ئېمىشقا ئۇ خانغا 'دۆلەت قۇشى بېشىڭىزدىن كەتمىسگەي' دەيدۇ." دېگەن سوئال كەتمەيتتى. "ئەجەب ئىش-ھە؟ ئۇ ئوردۇ بېشىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا يان ئىشىكتىن چىقىپ، ئارقا دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىدۇ؟ يەنە كېلىپ ساپ-ساق تۇرۇپلا توكۇر بولۇۋالىدۇ؟..."

مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى يەركەنلىك ئەمەلدارنىڭ بۇلتۇر كۈزدە ئۆيىنى كۆرگىلى يەركەنگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندە، مۇنداق ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى

ئېسىگە چۈشتى:

يەركەندە ھەممە بىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان دىۋانە بوۋاي ئاتلىق بىر ئادەم بار ئىكەن. بۇ ئادەم يەركەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئەسلىدە ئازراق يەر-سۈيى بار دېھقان ئىكەنىدۇق. يەركەنلىك بىر چوڭ يەر ئىگىسى ئۇ ياققا تارتىپ-بۇ ياققا سۆرەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ يەر-سۇلىرىنى تارتىۋاپتىكەن. يالغۇز بىر ئوغلى چاكارلىقتا ئاشۇ يەر ئىگىسىنىڭ ئۆگمىنىنىڭ كويلىسىغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. خوتۇنى ۋەيرانچىلىقتا، ئوغلىنىڭ ھەسرىتىدە يىغلاپ يۈرۈپ ساراڭ بولۇپ، ئاخىر ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. بوۋاي يەر ئىگىسى بىلەن داۋالىشىپ ئۇرۇشقاندا، ئۇرۇپ بىر پۇتىنى ناكار قىلىپ قويۇپتۇ. بوۋاي كوچىدا قېلىپ، سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىپتىكەن. ئۇ ئارىلاپ يوقىلىپ كېتىپ، باشقا يۇرتلارنى ئايلىنىپ قايتىپ كېلىدىكەن، بىر قېتىم ئۇزاق يوقىلىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندە، چاچ-ساقاللىرىنى قويۇۋەتكەن، جەندە-كۇلاھ كىيگەن بىر دىۋانە قىياپىتىدە بولۇپ قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى "دىۋانە بوۋاي" دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ كىملەردىندۇ تومۇر تۇتۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئاغرىق كۆرۈپ دورا بۇيرۇيدىكەن. ئۇندىن كېيىن تېخىمۇ داڭقى چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇلتۇر ئەتىيازدا دىۋانە بوۋاي ئۆزىنىڭ قەدىناس ئېشىكىنى مىنىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈندە كۆكراۋات دېگەن يەرگە كېلىپ ئىككى كۈن تۇرۇپتۇ. خەقلەر ئاغرىق كۆرسەتىپتۇ، ئاش-نان بېرىپتۇ. شۇ كۈنلەردە كۆكراۋاتقا بىر قارا ساقال ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ. "قەشقەرگە بارىتتىم" دەپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپتۇ ۋە دىۋانە بوۋاي بىلەن تونۇشۇپتۇ. ئۇ بوۋاينى قەدىرلەپتۇ، بوۋاي ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. كېيىن ئىككى يولداش قەشقەرگە

قاراپ يولغا چىقىپتۇ...

بىرقانچە كۈندىن كېيىن چوڭ سايىنىڭ بۇ ياقىدىكى قىزىل دېگەن يۇرتتا بىر تۆگىچىلەر كارۋىنى دىۋانە بوۋاينى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن هال-ئەھۋال سوراپتۇ، ئۇنىڭ قەشقەرگە ماڭغانلىقىنى بىلىپ يوللۇق نان ۋە بىرنەچچە تەڭگە پۇل بېرىشىپتۇ. كارۋان يەركەن ياققا قاراپ چوڭ سايغا كىرىپ كېتىپتۇ...

تۆگىچىلەر كارۋىنى چوڭ سايدىن ئۆتۈپ كۆكراۋاتقا يېقىن قالغاندا، بىرسى تەرەت قىلىش ئۈچۈن يول چېتىدىكى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا "ۋاي، مەيەرگە كېلىڭلار، ئادەم ئۆلۈكى!" دەپ ۋارقىراپتۇ. تۆگىچىلەر كارۋىنى توختىتىپ يۈگۈرۈشۈپ بارسا، قۇمدىن يېرىمى چىقىپ قالغان بىر جەسەت يېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەتنى شامال سوقۇپ ئېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ. جەسەتنى ئېچىپ چىقىرىپ قاراپ باقسا، جەسەت كۆڭلەك تامبال بىلەن، قورسىقىغا ئىككى يەرگە پىچاق سېلىنغان. قورسىقىدىن جىق قان ئېقىپتۇ. ئاغزى-بۇرۇنلىرىدىنمۇ قان چىقىپ قاپتۇ. "بىر يامان ئادەم ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ، بىچارىنى" دېيىشىپتۇ تۆگىچىلەر. بىر تۆگىچى دىققەت بىلەن قاراپ "ساقال-بۇرۇتلىرى ئەجەب دىۋانە بوۋاينىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇيا" دەپتىكەن، چوڭراق بىرسى: "ئېگىز-پەس سۆزلىمە، دىۋانە بوۋاينى قىزىلدا كۆردۇق ئەمەسمۇ" دەپتۇ. تۆگىچىلەر كەتمەن ئېلىپ كېلىپ باشقا بىر يەردىن ئادەم بويى گۆر قېزىپ جەسەتنى كۆمۈپ قويۇپ كېتىپتۇ.

قارۇغاشى داۋاملىق ئويلايتتى. "كۆكراۋاتتا بىر ئادەم دىۋانە بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ بىللە مېڭىپتۇ...، قىزىلغا كەلگەندە، بوۋاي

يالغۇز... جەسەتنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى يوق...دېۋانە بۇۋاي بۇلۇڭ ئەنسىياز قەشقەردە پەيدا بولۇپ قالدى... ئۇ، ئوردۇبېشىدىكى ئۆيىدە...".

## تۆتىنچى باب

# تۈن يېرىمىغا تاك-تاك

بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، جىمجىت كېچە، ئاتۇشتىكى سۇتۇقلارنىڭ چوڭ ھويلىسىدىمۇ ئوخشاشلا جىمجىتلىق، ھېچقانداق ئاۋاز يوق. پەقەت باغ ئوتتۇرىسىدىكى كۆتۈرمە بىنانىڭ پەنجىرىلىرىدىنلا چىراقنىڭ غۇۋا يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇقتا ھويلا تاملىرىنىڭ كەينىدە ئۆملىگەن ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

بېشىغا كۆز نۇرنى تېشىلگەن قارا خالتا كىيگەن، قولىغا قىلىچ ئالغان بۇ ئادەملەر ئۆملەپ يېقىنلاشتى ۋە زوڭزىيىپ ئازراق ئولتۇرۇشتى. كېيىن، ئاستا تامغا چىققان بىرسىنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن باشقىلارمۇ تامغا ياماشتى، تامدىن ئېشىپ چۈشتى-دە، سەگەك تېرەكلەر ئارىسىدا دەملىرىنى ئىچىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. كېيىن يەنە مىدىرلىدى ۋە ئاستا ئېڭىشىپ ئىلگىرىلەپ، كۆتۈرمە بىناغا يېقىن مېۋىلىك دەرەخلەر تۈۋىگە كېلىپ مۆكۈپ ئولتۇرۇشتى.

بىرپەستىن كېيىن ئاشۇ قارا باشلار ئىزى بىلەن قىرىق-ئەللىك قىلىچلىق ئادەم تام ئارقىسىدا پەيدا بولدى. ئالدىدىراق ماڭغان ئارسلاننىڭ شەرىتى بىلەن يىگىتلەر چاققانلىق بىلەن تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشتى ۋە سەگەك تېرەكلەر ئارىلىقىدا ئۆي تەرەپكە كۆز تىكىپ جىم ئولتۇرۇشتى...

* * *

ئوردۇكەنت خان ئوردىسى. خانىنىڭ ئىشخانىسىدا خان، سۇباشى ۋە ئوردۇبېشى جىددىي پاراڭلاشماقتا.

— مانا تاكتاك ئۇرۇشقا ئاز قالدى، — دېدى ئوردۇبېشى ھودۇقۇشنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ خىرقىراپ كۈلۈپ، — بارس ئۇۋۇسىدىلا مەجبىپ تاشلىنىدۇ.

— شۇنداق بولسىغۇ، — دېدى سۇباشى، — ھەي، كۆڭلۈم سەل ئېغىپ تۇرىدۇ، — ئۇ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تىنچسىزلىناتتى.

يۇرۇتنى تولغاپ ئۆيدە مېڭىپ يۈرگەن ئوغۇلچاق بۇغراخان كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى:

— ئەگەر بارس مەجبىپ تاشلانمىسىچۇ؟

— ھە، بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك! — دەپ سۆز قوشتى سۇباشى.

— چاتاق يوق، — كۈلدى ئوردۇبېشى، — ئىش پۇختا جايلاشتۇرۇلغان. ئۇندىن كېيىن... "باسمىچلار" بوش كەلمەيدۇ.

— ئوردۇبېشى، ئەگەر چاتاق چىقىپ قالسا... سىزنىڭ "باسمىچىلىرىڭىز"نى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى.

ئوغۇلچاق بۇغراخان سۇباشىغا تىكىلىپ قارىدى، سۇباشى بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى.

— تۈن يېرىمىغا تاكتاك ئۇرۇشقا يەنە قانچىلىك قالدى؟

— بىر ئاش پىشىم، — جاۋاب بەردى ئوردۇبېشى.

— ھە، بىر ئاش پىشىم...، — ئويلاپ قالدى خان، — بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئايان بولىدۇ...

— بىزنىڭ تەقدىرىمىز نۇرلۇق، ئۇلۇغ خاقانىم.

خاقان گەپ قىلمىدى، لېكىن ئوردۇبېگى بىلەن سۇيىقەستىگە غەمكىن، ئىشەنچسىز چىرايدا قاراپ، ھەدەپ ئېگىلىپ تاتلايتتى…

* * *

تەركەن بېگىم ئۆز ھەرىمىدە پەرىشانىدى. ئۇ بىردەم ئولتۇ- راتتى، بىردەم ماڭاتتى، بەش نەپەر قىز خىزمەتچىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا پايپېتەك بولۇشماقتا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىش- ماقتا. لېكىن ئانىنىڭ بىئاراملىقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە…

گۈللەيلى ئالدىراش كىرىپ كەلدى. تەركەن بېگىم چاپسان ئورنىدىن قوپتى ۋە سورىدى:

— تۈن يېرىمىغا تاكتاك ئۇرۇشقا قانچە قالدى، گۈل؟

— ئاز قالدى، خان ئاچا، بىر ئاش پىشىمچە قالدى.

— توغرۇلبەگ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇ يېقىن قاياشلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتسا كېرەك.

ئانا ئۆينى بىر ئايلىنىپ كېلىپ يەنە كۈرسىدا ئولتۇرۇپ ئىشىككە قادالدى.

* * *

ئوردۇكەنت شەھىرى ئەتراپىدىكى باغلىق ھويلا، ھويلا ئىچىدە قاراڭغۇدا كىشىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىپ-چىققانلىقى، پەنجىرىلەردىن ئۆينىڭ يورۇقىدا كىشىلەرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىرى ئالدىدا، تۆتى كەينىدە ئالدىراش ماڭغان بەش ئاتلىق كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ كېلىپ، قاپقا ئالدىدا توختىدى ۋە ئالدىراش ئاتتىن چۈشتى. قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ چېرىكچە كىيىملىرى، بېلىدىكى قىلىچلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالدىدىكى ئادەم

ئېتىنى باشقىسىغا بېرىپ "تاق، تاق، تاق" قىلىپ مەلۇم بەلگە بىلەن قاپقىنى قاقتى. ئىچكىرىدىن بىرسى قاپقىنى قىيا ئېچىپ، قاپقا ئالدىدا تۇرغان كىشىگە سەپسىلىپ قارىدى-دە:

— ھە، يۈزباشى، كىرىڭ! — دەپ، قاپقىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى، مېھمانلارنى ئاتلىرى بىلەن ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ قاپقىنى ياپتى ۋە تاقاق سالدى.

ئۆيدىن چىقىپ يۈزباشىنى قارشى ئالغۇچى يۈزباشىنىڭ ھەمراھ-لىرىنى قاپىقاباقارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مېنى چەبەر مىڭباشى ئەۋەتتى، — دېدى يۈزباشى ئورۇن-دۇقىغا ئولتۇرۇۋېتىپ باتۇرتاغىغا قاراپ، — مىڭباشى چېرىكلەرنى باشلاپ تۇتۇرگىگە كەلدى.

— ئۇ جاي بولامدىكەن؟

— ساي، قېلىن دەرەخلىك. ئادەم بارمايدۇ، ھەم شەھەرگە يېقىن ئىكەن، بۇ يەرگە ئون بەش چاقىرىمچە كېلىدۇ. مىڭباشى ۋاقتى كەلگەندە تىم① ئۈستىگە ئوت ياقسۇن، مەن چېرىك تارتىپ چاپسانلا يېتىپ بارىمەن، دېدى.

— تولا ياخشى. سەن قايتىپ كەتمە. بىز بىلەن بىللە بول، — دېدى سۇتۇق.

يۈزباشى تازىم قىلىپ ئۆيدىن چىقتى.

* * *

"تاك-تاك-تاك!..." قىلىپ ئۈچ قېتىم يېرىم كېچىگە تاكتاك

---

① تىم — ئوت يېقىپ خەۋەرلىشىدىغان دۆڭلۈك.

ئۆرۈلدى...

ئاتۇش چوڭ ھويلىدا كۆتۈرمە بىنانى ئوراپ ياتقان قارا كىيىملىكلەر دەرەخلەر ئارىسىدىن قوزغىلىپ قوللىرىدىكى يالىڭاچ قىلىچلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئۆمىلەپ ئۆي ياققا ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۆكۈپ ياتقان قىلىچلىقلارمۇ قوزغالدى...

* * *

ئوردۇكەنت شەھىرى — خان ئوردىسىنىڭ چوڭ قاپقىسىغا تۆت-بەش ئادەم يېتىپ كەلدى. بىرى يەنە بايىقى بەلگە بىلەن قاپقىنى قاقتى، قاپقىنى بىرەيلەن ئاۋايلاپ ئېچىپ، كەلگەنلەرنى كىرگۈزدى، ئۇندىن كېيىن، تام ياقىلاپ كەلگەن يىگىرمە-ئوتتۇز كىشىنى ئالدىرىتىپ ئىچكىرىگە كىرگۈزدى ۋە يەنە ئاۋايلاپ قاپقىنى ئەتتى...

* * *

ئاتۇش چوڭ ھويلىدىكى قارا كىيىملىكلەر پېشايۋانغا چىقىپ بىنانى ئورىۋالدى... كەينىدىكى يىگىتلەر ئۆيگە يېقىن دەرەخلەر ئارىسىغا كېلىپ زوڭزىيىپ، ئۆي ياقتىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى...

* * *

بەش كىشى ئوردىدا جىددىي ھالەتتە تۇرغان چېرىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ چوڭ سارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىك بېشىدىكى پانۇس يورۇقىدا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى نەپەر نەيزىلىك قاراۋۇلچى ئىشىكنى ئاچتى. كەلگۈچىلەر ئەمدى چوڭ سارايغا كىرگەنىدى، سول ياقتىكى كىچىك ئىشىكتىن خاننىڭ مەخسۇس قاراۋۇلچىسى چىقىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى بايقاپ خاننىڭ ئىشخانىسىغا يۈگۈرگەنىدى، قىلىچ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ بېرىپ گەپ-سۆزسىزلا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە تاشقى-

رىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. باشقىلار قىلىچلىرىنى قىندىن چىقىرىپ، ئۇلۇغ ياقتىكى خاننىڭ ئىشخانىسىغا ماڭدى، بەستى كىچىكرەك بىرسى سول ياقتا — ئەركىن بېگىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئىشىكتىن ھەيۋەت بىلەن كىرگەن سۇتوق، تۇغرۇلبەگ ۋە ئىلىكلەرنى كۆرگەن خان، سۇباشى، ئوردۇبېشى چاچراپ ئورۇنلىرىدىن قوپتى...

* * *

ئاتۇش چوڭ ھويلىدىكى قاراكىيىملىكلەر يالىڭاچ قىلىچلىرىنى تەييارلاپ كۆتىرىۋېلىپ بىنانىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن باستۇرۇپ كىرىشتى... لېكىن ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار ئۇ ياق-بۇ ياقنى ئاختۇرغۇچە، پېشايۋاندا قىلىچلاشقاننىڭ ئاۋازلىرى ۋە ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. ھەش-پەش دېگۈچە ئىشىك-دېرىزىلەردىن ئارسلان باشلىغان يىگىتلەر باستۇرۇپ كىردى... ئۆيدىمۇ قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئەركىن، يۇلتۇز، قۇندۇز، قوچقارلار بەك چەبدەسلىك بىلەن ئۇرۇشتى. يىگىتلەر قارا كىيىملىكلەرنىڭ بىرنەچچىسىنى يەرگە دومىلاتتى. يۇلتۇز يارىلىنىپ يىقىلغانىدى، قوچقار دەررۇ يېرىپ ئۇنى يۆلىدى. ئۇنىڭ سول قولى ئازىراق يارىلانغانىدى.

قىسقا، لېكىن كەسكىن جەڭدىن كېيىن قارا كىيىملىكلەر قىلىچلىرىنى تاشلاپ، تىزلىنىپ قول كۆتۈردى.

— سەنلەر كىم؟ — دېدى ئارسلان غەزەپ بىلەن.

— بىز تاغدىن كەلگەن، — دېدى ئېگىزرەك بىرسى.

— ھە، باسمىچىلار... باسمىچىلارغا ئۇۋال بولمايدۇ. ئەپچىقىپ باشلىرىنى ئېلىڭلار بۇلارنىڭ.

— ۋاي، بىز باسمىچى ئەمەس، — دېدى ئالدىراپ ھېلىقى ئېگىز ۋە بېشىدىكى قارا خالتىنى ئالدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ

ئېلىشتى.

— بىر خاقاننىڭ چېرىكلىرى، — دېدى يەنە بىرسى، — بىزنى ئۆلتۈرمىسىلە، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز.

يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يالۋۇرۇشتى.

— ئەمدى راست گەپنى قىلدىڭ، بۇلارنى قاماپ قويۇپ تۇرۇڭلار! — ئارسلان بۇيرۇق قىلدى.

يىگىتلەر "باسمىچىلار"نى ھەيدەپ ماڭدى. ئارسلان قوچقار يۆلەپ ئولتۇرغان يۇلتۇزنىڭ يېنىغا كەلدى. قۇندۇز قولياغلىقى بىلەن يۇلتۇزنىڭ قان چىقىپ تۇرغان بىلىكىنى باغلاۋاتاتتى. ئارسلان يۇلتۇزنىڭ يېنىغا تىزلاندى ۋە يانچۇقىدىن ياغلىق ئېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتتى....

* * *

ئوردىدا كۆرەش باشلىنىپ كەتتى. سۇتۇقنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن قوپقان خان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىرپەس نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇشتى-دە، كېيىن خان ئارقىسىغا داجىپ بېرىپ تامغا يۆلەندى، ئوردىبېشى شىرەنىڭ ئاستىغا مۆكتى. سۇباشى بولسا قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

— سۇباشى! — دېدى سۇتۇق، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم تاشلاپ — ھەيۋەڭنى قوي، قىلىچىڭنى تاشلا!

سۇباشى كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ھۇرپەيدى ۋە سۇتۇققا ئېتىلدى. سۇتۇق "ئارت" قىلىپ ئۆزىنى ئەپقاچقانىدى، ئۇنىڭ ئۇرغان قىلىچى بىكارغا كەتتى.

سۇتۇق ياردەمگە كېلىۋاتقان توغرۇل بىلەن ئىلىككە "سىلەر جىم تۇرۇڭلار" دېگەندەك قول شەرىتى قىلدى ۋە سۇباشىغا ھۇجۇم

قىلدى. قانتىق قىلىچۋازلىق بولدى، بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ قىستاپ چېكىندۈرەتتى. ئاخىر سۇباشى سۇتۇقنى تامغا قىستىدى. سۇتۇق قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى ئىتتىرىپ تىركەشتى ۋە كۈچىنى توپلاپ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ سۇباشىنى چېكىندۈرۈپ كېتىپ باراتتى، قىلىچ ئالدىراپ كىرىپ، سۇباشىنىڭ بويىنىغا شۇنداق قىلىچ ئۇردىكى، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن ئايرىلىپ يەرگە دومىلىدى، تېنى شېخى يوق پور كۆتەكتەك "گۈپ" قىلىپ كەينىچە يىقىلدى. قانغا مىلىنىپ دومىلانغان بېشىمۇ كۆزى ئوچۇق پېتى جىم بولۇپ قالدى.

سۇتۇق سالماقلىق مېڭىپ، تامغا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان خانىنىڭ ئالدىغا باردى.

— قاپقان ياخشى قويۇلماپتۇمۇ نېمە، تاغا! — دېدى ئۇ كىنايىلىك بىلەن، — ئەمدى قاپقانغا ئۆزىڭىز چۈشۈپ قالدىڭىز. سىزنىڭ خانلىقىڭىز ئاخىرلاشتى. سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قادالغان سۇتۇق ئەمدى تەختكە چىقىشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— . . . . . . . . . . .

— ھە، تېخىچە مات بولغانلىقىڭىزغا تەن بەرمەيۋاتامسىز؟ ئەمدى ئىلاجىڭىز يوق. قورقماڭ، بىز سىزنى ئۆلتۈرمەيمىز. ئەمما بىر شەرت بار: دەرھال بىر يارلىق پۈتىسىز، بۇ سىزنىڭ ئاخىرقى يارلىقىڭىز بولىدۇ. يارلىقتا "مەن بۈگۈن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خاندانلىقنى ئەسلى ۋارىسى بولغان سۇتۇققا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. بۈگۈندىن تارتىپ بارلىق پۇقرالار، خىزمەتچىلەر، چېرىكلەر سۇتۇقنى بۇغراخان دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك"، دەپ پۈتىسىز. مانا شۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز. بۇنىڭسىزمۇ بىز ئىشنى ئەپلەيمىز. ئەمما،

مۇنداق بولسا ئۆزىڭىزگە يامان بولماس، دەيمەن... قېنى يىگىتلەر، قەغەز-قەلەم بارمىكىن؟

سۇتۇق ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قەغەز-قەلەم ئالماقچى بولغانىدى، دوستلىرى بىر ئاۋاز بىلەن "سۇتۇق!" دەپ ۋارقىراپ ئوغۇلچاقنى كۆرسەتتى. سۇتۇق ئىلدام ئارقىسىغا بۇرۇلغانىدى، ئوغۇلچاق تامغا ئېسىقلىق قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ سۇتۇققا ئېتىلمىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىكەن، سۇتۇق چاققانلىق بىلەن قىلىچنى ئۇنىڭ سول بىقىنىغا بىر غېرىچچە تىققۇەتتى...

ئوغۇلچاق "ۋاي!" دەپ ۋارقىرىدى، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن قىلىچى قولىدىن تاراڭلاپ يەرگە چۈشتى. ئۇ قوللىرى بىلەن قان ئېقىپ تۇرغان بىقىنىنى تۇتۇپ، ئېگىشىپ چۆگىلىدى-دە، يۈزىچە دۈم يىقىلدى ۋە بىردەم تىپىرلاپ جىم بولدى...

— ماۋۇ ساچقاننى! — دېدى قىلىچ شىرەنىڭ تېگىدىن ئوردۇبېشىنى تارتىپ چىقىرىپ، — ئاسمانغا پىچاق ئاتاتتىڭ، ئەمدى ئەجەب ساچقان بولۇپ قاپسەنغۇ؟

ئوردۇبېشى ئۆمىلەپ بېرىپ سۇتۇقنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ زارلاپ كەتتى:

— خان ئوغۇل، يوقسۇ، ئۇلۇغ خاقانىم، مېنى كەچۈرگەيلا، مەن ئەسكى، مەن مۈشۈك، مەن ساچقان. نېمە دېسىلە شۇ. خاقانلىقنى قوللىرىغا ئالغان بىرىنچى كۈنى، مۇشۇ بىرىنچى سائەتتە، ئۇلۇغ خاندانلىقىمىزنىڭ نامى ئۈچۈن مېنى كەچۈرسىلە... مەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قارا يۈزلۈك بولۇپ قالدىم. مەن ئادەم ئەمەس...

— بولدى، ۋالاقلىماي ئورنۇڭدىن قوپ! — سۇتۇق قىلىچقا قاراپ دېدى، — بۇنى سولاپ قويۇڭلار، كېيىن توغرۇل ئاكام بىر تەرەپ

قىلۇن،

ئوردۇبېشى قىلچىنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىپ ئىنىڭ تەرەپكە ماڭدى.

— ئانام قەيەردە؟ — دەپ سورىدى سۇتۇق قارۇغباشىدىن.

— ئۆز ئۆيىدە.

— يۈرۈڭلار، ئانامنى يوقلاپ چىقايلى.

بۇلار شام بىلەن يوپيورۇق يورۇتۇۋېتىلگەن چوڭ ساراي مېھمانخانىغا چىقىشقا سۇتۇقنىڭ ئانىسى ئىككى قولتۇقىدىن ئايدىڭ بىلەن گۈللەيلى يۆلىگەن ھالدا كەينىدە تۆت قىز بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى...

سۇتۇق قىلچىنى قىنىغا سېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئانىسى تەرەپكە ماڭدى ۋە بىر تىزى بىلەن ئانا ئالدىغا تىزلاندى.

چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، لېكىن، ئىككى مەڭزىدە ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئېگىشىپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

— قوپۇڭ، ئوغلۇم، — دەپ ئوغلىنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن تۇرغۇزدى. ئانا ئون سەككىز ياشلىق ئوغلىنى بىرىنچى قېتىم "سىز" دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بايقىيالماي قالدى.

ئانىسىنىڭ تونۇش ئىسسىق لەۋلىرى پېشانىسىگە تەگكەندە، سۇتۇقنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، گوياكى ئىلگىرى بولمىغاندەك ئاجايىپ چەكسىز مۇھەببەتنى بىلدۈرىدىغان بىر يېقىملىقلىق ھېس قىلدى.

ئالادىن باتۇرتاغا، بىلگە تېكىن بىلەن سۇتۇقنىڭ دوستلىرى ۋە بىر قىسىم چېرىك ئەمەلدارلار كىرىپ ئانىغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ئىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ياخشى بولدى، — دېدى ئانا ۋە



ئوغلىغا قاراپ قويۇپ، باتۇرتاغنى يېنىغا كېلىشكە شەرەت قىلدى، — بۇ بىرىنچى قەدەم ھالقىلىق قەدەم. ئەمما شۇنى بىلمەك كېرەككى، چوڭ ئىشلار ئەمدى باشلىنىدۇ. نۇرغۇن خەتەرلەر ئالدىڭىزدا تېخى، — ئانا سۆزىنى توختىتىپ بىرپەس ئويلىدى، كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — تەختكە چىقىش ئاسان، ئۇنىڭدا مەزمۇت ئولتۇرۇش قىيىن. خەلق بىلەن بىللە بولۇش كېرەك، ئەلنىڭ غېمىنى يېيىش كېرەك...

— بەك توغرا گەپ! — دېدى باتۇرتاغا ئانىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئوغلۇم، ئانىڭىزنىڭ بۇ باھاسىز سۆزىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغايسىز.

ئانا پېشانىسىنى سىلاپ ئويلىدى-دە:

— قىلىدىغان ئىشلار جىق، ئاۋۋال ئوردۇ ئۇچلۇك ھالقىسىنى قۇرماق كېرەك. بۇ مەرھۇم بوۋىڭىز كۆل بانتېكىندىن باشلاپ قاراخانلار خاندانلىقىنىڭ ئوردۇ باشقۇرۇش نىزامى ئىدى. دادىڭىز رەھمەتلىك بازىرخانمۇ شۇنداق ئۇچلۇك ھالقا بىلەن دۆلەتنى باشقۇرغان. ئىش ئوغۇلچاقچا قالغاندىن كېيىن ئۇ بۇ ئەنئەنىنى بۇزدى. ئۆزىڭىزنىڭلا راست قىلدى.

— خاندانلىقنىڭ تۈپ ئاساسىي قۇرۇلمىسىغا قەتئىي ۋارىسلىق قىلىمەن، — دېدى سۇتۇق بېشىنى ئېگىپ، — خان ئانام ئەقىل كۆرسەتكەي...

— ئۇچلۇك ھالقا، باتۇرتاغا، بىلگە تېكىن ۋە ئارسلانلاردىن بولسا قانداق؟ — دېدى ئانا سەل ئويلىنىپ.

ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

ئۇلار ئانىنى باشلاپ، ئوتتاشلار بىلەن يورۇتۇلغان ھويلىغا

چىققاندا، ھويلىدا چىرىكلەر ئۆز قىلىچلىرى بىلەن ئۆز قالقانلىرىنى ئۇرۇپ ياكى ئۆز قالقىنىنى سەپدىشىنىڭ قالقىنىغا تەگكۈزۈپ، ھەم ئوڭغا، ھەم سولغا ئايلىنىپ تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى.

سۇتۇقنىڭ تەركىن بېگىم قاتارلىق چوڭلار بىلەن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن توغرۇلبەگ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— ئاياقتا تۇر!

ھويلا ئىچىدىكى چىرىكلەر شىپپىدە توختىدى ۋە يۈزىنى سۇتۇققا قارىتىپ مىدىر قىلماي جىم تۇرۇشتى.

سۇتۇق ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرغان چىرىكلەرگە قاراپ چىقتى ۋە سول قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى ئالدىغىراق ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ياشاڭ چىرىكلەر! — دېدى.

— خاقانىم ئامان، ئامان-ئامان! — دەپ بىردەك توۋلاشتى چىرىكلەر.

سۇتۇق چەبەر مىڭباشى بىلەن توغرۇلبەگكە قاراپ ئېيتتى:

— چىرىكلەر تارتۇقلانسۇن!

## بەشىنچى باب

# تەختكە ئولتۇرۇش

يولۋاس يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، ھاۋا ئوچۇق ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدا ئاچچىق سوغۇق شامال كېزىپ يۈرەتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئوردۇكەنت ئەنسىزلىك ھېس قىلدى. شەھەر كوچىلىرىدا چېرىكلەر كۆپىيىپ قالغان، ئۇلار كىشىلەرگە سۈرلۈك قارايتتى. كىشىلەرمۇ چېرىكلەرنىڭ سىياقىدىن بىرەر نەرسە بىلىۋېلىشقا قىزىقىپ يەر ئاستىدىن ئۇلارغا قارىشاتتى. ئادەملەر كوچىلاردا، ھويلىلاردا تۆت-بەشتىن باش قوشۇپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى: "نېمە ئىش بولغاندۇ، بۈگۈن ئەجەب باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغۇ؟" "خان ئوردۇسىنىڭ قاپقىقى تېخى ئېچىلماپتىغۇ؟"

ئوردۇ ئالدى مەيدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پاراڭلىشىۋاتقان كىشىلەر توپى بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. ئۇلار تالىشىپ پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرسى توپقا قاراپ شاپاشلاپ چىقىپ كەلدى ۋە توپنىڭ ئىچىگە كىرە-كىرمەيلا سۆزلەپ كەتتى:

— بىلەمسىلەر نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى ئۇ سىرلىق ئاۋاز بىلەن، — خان ئوغۇل تەختكە چىققۇدەك ئىمىش...

"ھە...!" دېيىشتى ھەممەيلەن ھەيرانلىق بىلەن.

— مەن تازا ئىشەنچلىك يەردىن ئاڭلاپ كەلدىم.

بۇ خەۋەر شەھەرگە چاپسانلا تاراپ كەتتى. ئادەملەر توپلىنىشقا

باشلىدى... چېرىكلەر كىشىلەرنى توسمايتتى. بەزىلىرى كۆز قىسىپ كۈلۈپ قوياتتى...

شۇنداق قىلىپ، مەيداندا ئادەملەر بارغانچە كۆپەيدى. ئۇلار ئوردۇ قاپقىغا تىكىلىپ تاقەتسىزلىك بىلەن يېڭى خەۋەر كۈتەتتى...

ئوردۇ قاپقىقى مەھكەم ئېتىكلىك. قاپقىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا قالقان-قىلىچلىق ئۈچ جۈپ قارىغچى گويا ياساپ قويغان بۇتتەك تىك تۇراتتى.

ئوردۇ ھويلىسى — ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى ھويلىلار جىمجىت... پەقەت ئىچكىرىدىكى ھويلا بىلەن تاشقىرىقى ھويلىنىڭ تام ياقىلىرىدا، ئوتتۇرا يول بويلىرىدا ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك قوراللانغان چېرىكلەر ھەيۋەتلىك تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. ھويلا سۈرلۈك تۈس ئالغان. چوڭ سارايىنىڭ پەلەمپىيى ئاستى-ئۈستىدە تولۇق قوراللانغان قارۇغچىلار سەپ-رۇس تۇرماقتا. ساراي ئىشىكىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا ئەركىن بىلەن قوچقار جىددىي قىياپەتتە تۇرماقتا. ئۇلار قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، نازارەت قىلغاندەك ھويلىغا تىكىلىپ قاراپ قوياتتى ۋە ئارىلاپ سارايىنىڭ ئىچىنى تىڭشايتتى.

سارايىنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرلۈك: تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ سارايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش ئادىم①، ئېنى ئوتتۇز بەش ئادىم كېلەتتى. ئاستىغا ئوتنىقاشتەك رەڭدار زىلچا سېلىنىپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرىغا تۈرلۈك سۈرەتلەر سىزىلغانىدى. پۈتۈن سارايىنىڭ چۆرىسىگە بەش ئادىم ئارىلىقىغا بىردىن قويۇلغان، ئالاھىدە نەقىش قويۇپ ئىشلەنگەن قىرىق تۈۋرۈكنىڭ ھەربىرىگە ۋاللىداپ

---

① ئادىم — قەدەم، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

ئۇرغان تۇققۇز كۆزلۈك نەيپەس مىس شامدان ئورنىتىلغانىدى. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا بىردىن قىلىچ ئېسىپ، قولىغا ئۈزۈن قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە ۋە پارىلداپ تۇرغان نەقىشلىك دۈگىلەك قالقان ئالغان ئوردۇ قاراۋۇلچىسى قويۇلغانىدى. سارايىنىڭ ئىچىدە چەت ئىشلار ئۇلچىسى، بىلگە تاياڭغۇ①، ساتقىچىلار ئۇلچىسى، ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى②، تارىغچىلار ئۇلچىسى، ئوتاچىلار ئۇلچىسى③، داستىخان بېگى، ياساقبەگ، تۇتۇقبەگ، مۇراسىمبەگ، سورۇنبەگ، كېچەشبەگ قاتارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلار، ھەرقايسى قوشۇن باشچىلىرى، ئېكىتالار④، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىر-بىرى بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشىپ، خاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. چىرايىدىن گايىلارنىڭ خۇشال، گايىلارنىڭ ئەندىشىدە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا مۇراسىم ۋاقتىدا چېلىنىدىغان بوم ئاۋازلىق كانايلار ئاللىقاندىن ئاھاڭغا سوزۇپ چېلىنىپ توختىدى. مۇراسىم قاتناشقۇچىلىرى مۇراسىم ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى بىلىپ، ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىشىپ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇنلارغا قاراپ مېڭىشتى.

تۆردە — سارايىنىڭ بېشىدا تەخت. بۈگۈن تەخت ئادەتتىكىدىنمۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تەختنىڭ ئىككى يېنىدا بەشتىن ئۈزۈن قىزىل نەيزە باشلىق ساپتا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت تۇغى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تۇغ ئۈزۈن چاسا بولۇپ، يۈزى

---

① تاياڭغۇ — ئاقارتىش ۋەزىرى.

② ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى — چارۋا ئىشلىرى ۋەزىرى.

③ ئوتاچىلار ئۇلچىسى — سەھىيە ۋەزىرى.

④ ئېكىتالار — يەر ئىگىلىرى.

ھال رەڭ رەختتىن، جۈرىسىگە تۆت ئىلىك يېشىل گىرۋەكلىك تۇتۇل-
غان، گىرۋەكلەردىن ئۈزۈن قىزىل پۆپۈكلەر ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.
تۇغنىڭ يۇقىرى ئوتتۇرىسىغا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ توققۇز
پۇتاقلىق دۆلەت بەلگىسى① زەر سېرىق يىپ بىلەن چېكىلگەن. ئۇنىڭ
ئاستىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا "قاراقاغان" دېگەن سۆز سېرىق يىپ
بىلەن چېكىلگەن.

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىلىك، تورقانبەگ، يولتۇز، قىلىچ ۋە
باش راھىب؛ سول تەرىپىدە توغرۇلبەگ، ئايدىڭبەگ، بىلگە،
بۆرى تېكىن ۋە بىر راھىب قاتار تىزىلىپ جىم تۇراتتى.

ئۈچىنچى قېتىم كاناي-دۇمباقلار چېلىنىپ، ئوردۇ ئىچى
ياڭرىدى.

چاۋۇش بوركۇتبەگ تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىقىپ ئېلان قىلدى:

— ئۇلۇغ خاقان، تەركىن بېگىملەر سارايغا چىقىدۇ!

سارايدىكىلەر ئىچكىرىكى ئىشىك ياققا بۇرۇلۇپ باشلىرىنى ئېگىپ
ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى.

سارايىنى جاراڭلاتقان كاناي-دۇمباق سادالىرى يەنە ياڭرىدى.

ئالدىدا — گۈللەيلى بىلەن قۇندۇز ئىككى قولتۇقىدىن
تۇتقان تەركىن بېگىم؛ ئارقىدىن باتۇرتاغا بىلەن بىلگە تېكىننىڭ
ئوتتۇرىسىدا خاقانچە كىيىنگەن سۇتۇق؛ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئالتە
قىز، تۆت قاراۇغچى تەنتەنىلىك مېڭىپ چىقىپ كەلدى. ئانا گۈللەيلى
بىلەن قۇندۇزنىڭ ھەمراھلىقىدا تەختنىڭ تۆۋەنكى سۇپىسىغا چىقىپ
كىشىلەرگە بۇرۇلۇپ توختىدى. سۇتۇق باتۇرتاغا ۋە بىلگە تېكىن

---

① دۆلەت بەلگىسى "توققۇز تۇغلۇق قاغان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىلەن تەخت سۇپىسى ئالدىدا ئىشىك ياقىسىغا قاراپ تۇردى. ساز توختىدى.

باتۇرتاغا تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن جاكا قىلدى:

— قارايۈز ئوغۇلچاق ئۇزاقتىن بۇيان خان ئوغۇلغا سۈيىقەست قىلىش رىجىسىنى تۈزۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ رىجىسى بىتچىت قىلىندى. ئۇزى جاجىسىنى يېدى. بۈگۈن خان ئوغۇل سۇتۇق، خاندانلىقىمىزنىڭ يوسۇنى بويىچە، خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، قاراخانىلار خاقانى بولدى. ئۇلۇغ خاقان سۇتۇق بۇغراخانغا خانلىق تاجى كىيگۈزۈلىدۇ!

گۈللەيلى يېشىل دۇخاۋا ياپىقان خونچىغا قويۇلغان پارقىراپ تۇرغان خانلىق ئالتۇن تاجىنى ئەكىلىپ باتۇرتاغىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە خونچىنى يۇقىرى تۇتۇپ بېشىنى ئەگدى.

ھەممەيلەن خان تۇرغان ياققا بۇرىلىپ بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ باش ئەگدى. باتۇرتاغا تاجىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ سۇتۇقنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى، ئون سەككىز ياشلىق قاۋۇل يىگىت سۇتۇقنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

— ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا قۇتلۇق بولغاي! — دېدى باتۇرتاغا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.

سارايدىكىلەرمۇ تەڭ ۋارقىرىدى:

— ئۇلۇغ خاقانغا قۇتلۇق بولغاي!!!

كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇردى.

سۇتۇق ئارقىسىغا بۇرىلىپ سۇپىغا چىقىپ تازىم قىلدى، ئاندىن ھۆرمەت بىلەن قاراخانىلار دۆلەت تۇغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇغىنى سۆيدى. كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ



ئالدىغا كېلىپ، بىر پۇتى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. ئاتا قوللىرى بىلەن سۇتۇقنىڭ ئىككى چېكىسىدىن تۇتۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئۇنى تۇرغۇزدى. ياغلىقى بىلەن مەڭزىدىكى خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېرتىپ بۇرالدى ۋە ئوغلىغا يول بەردى.

سۇتۇق ئاتىسىنى قولتۇقلاپ بىللە سۇپا يۇقىرىسىدىكى سالاپەتلىك ئىككى تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

باتۇرتاغا بىلەن بىلگە تېكىن ۋە ئارسلانلار تەختنىڭ تۆۋەنكى سۇپىدا تەختنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئورۇندۇق ئالدىغا كېلىپ تۇردى. خانىنىڭ تۆۋىنىدىكى سۇپىدا باتۇرتاغا بىلەن بىلگە تېكىننىڭ ئارقىسىدا گۈللەيلى بىلەن قۇندۇز خانغا يېقىن ئۆرە تۇردى. ئالتە قىز ۋە چېرىكلەر تەختنىڭ يان ۋە ئارقىسىدا ئۆرە تۇردى.

سارايدىكىلەر:

— خاقانىمىز ئۇزاق يىللار ئامان بولغاي!!! تەركىن بېگىمىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي — !!! دەپ ۋارقىراشتى.

سۇتۇق باتۇرتاغىغا قاراپ باش لىڭشىتتى.

باتۇرتاغا يۆگۈم قەغەزنى ئالدى، ھەممە ئاۋاز ۋە سادا دەرھال توختىدى.

باتۇرتاغا ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن جاكالىدى:

يارلىق

— دۆلەت ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، يوسۇنىمىز بويىچە، ئالىي ئۈچلۈك ھالقا قۇرۇلدى. ھالقا: يۇغۇرۇش مەرتىۋىسىدىكى باتۇرتاغا، يابغۇ مەرتىۋىسىدىكى بىلگە تېكىن، توك-سىن مەرتىۋىسىدىكى ئارسلانلاردىن قۇرۇلدۇ. بۇ ھالقا كۆل بىلگە

باتېكىن ئاتىدىن قالغان ئەنئەنە بويىچە خاننىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە خانلىقنىڭ پارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. بۇ ئۈچلۈك بىرىنچى قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا مۇنداق قارار قىلدى:

بىرىنچى، خەلققە جاپا، ئەلگە ئاسىيلىق قىلغان ئوغۇلچاق بۇغراخاننى خانلىقتىن قالدۇرىدۇ. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ جىمىكى دۆلەت ھوقۇقى سۈتۈق بۇغراخانغا تالىق.

ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى سۈتۈق بۇغراخان يېتەكچىلىكىدىكى يۇغۇرۇش باتۇرتاغا، يابغۇ بىلگە تېكىن، توكسىن ئارسلانلار قاتناشقان ئۈچلۈك ھالقا كېڭەشىپ باشقۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، تۆۋەندىكى كىشىلەر يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەندى:

— تەركىن بېگىم — دۆلەت ئىشلىرى باش ئايغۇچى.

— باتۇرتاغا — ئوردۇبېشى؛

— ئىلىك — تايىنغۇ①؛

— بىلگە تېكىن — بىلىگ ئاقارتىش ئۇلچىسى؛

— ئارسلانبەگ — چېرىك ئىشلىرى ئۇلچىسى؛

— توغرۇلبەگ — سۇباشى؛

— بارسبەگ — ئوردۇئاغىسى؛

— تورقابەگ — تارىغچىلىق ئۇلچىسى؛

— ئايدىڭ — چەت ئىشلار ئۇلچىسى؛

— تېكىن ئاغىچى — ئاغىچى②؛

— بۆرىبەگ — ئالىم-سالىق ئىشلار ئۇلچىسى؛

---

① تايىنغۇ — پۇتۈكچى ۋەزىر، ئەرەب تىلىدا ھاجىب.

② ئاغىچى — مالىيە ۋەزىرى، ئەرەبچە خەزىنىچى.

— يەگ بىلگە — دىنىي ئىشلار ئولچىسى؛

— قىلىچ — ئوردۇ قاراۇغباشى

تۆتىنچى، خانىدانلىقىمىز جاكالايدۇكى:

1) ئېلىمىزدە ئەركىنلىك، تەڭلىك، پاراۋانلىق، قوغدىنىش ئورۇندۇلىدۇ، قارشى بولغانلار جازالىنىدۇ؛

2) ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. باشقا دىنلار-دىمۇ ئىختىيارى بولۇش يۈرگۈزۈلىدۇ؛

3) ئېلىمىزدە قۇلدارچىلىق يوقىتىلىدۇ؛

4) هەر يىلدا بىر قېتىم تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە قەبىلە-ئۇلۇس ۋەكىللىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي ئېچىلىدۇ، دۆلەت ئىشلىرى ۋە خەلق ئىشلىرى كېڭەشلىدۇ؛

5) ئالىم-سالىقلار ئازايتىلىدۇ، خىيانەتچىلەر جازالىنىدۇ؛

6) ياشقا تولغانلارنىڭ چېرىك بولۇش بۇرچى بار. چېرىك ئىشلىرى كۈچەيتىلىپ، چەتنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە ۋە بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇلىدۇ؛

ئولچىلار دەرھال ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ، ئىشنى ئاقساتماي، خەلققە جاپا سالماي خانىدانلىقىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشسۇن!

كۆپچىلىك باش ئېگىپ تازىم قىلىپ يارلىقنى هىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

باتۇرتاغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخانغا قۇتلۇق بولغاي!!!

هەممە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋارقىراشتى:

— قوتلۇق بولغاي!!!

سۇتۇق، تەركىن بېگىم تەختكە ئولتۇردى، سۇتۇق ئولتۇرۇشقا قول ئىشارىسى قىلدى. سارايىنى ئىتتىرىشىپ ھەيۋەتلىك ساز ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. سارايىنىڭ ئىككى ياندىكى ئىچكىرىكى ئىشىكىدىن ئىككى توپ ئۇسۇلچى قىزلار چىقىپ كەلدى، ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېرىم ئۇسۇل بىلەن مېڭىپ كېلىپ ساراي ئوتتۇرىسىدا قوشۇلدى ۋە تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۇتۇق بۇغراخانغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى. كېيىن قىزلار ئارقىسىچە مېڭىپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە ئىككىگە بۆلۈنۈپ يۈزمۇيۈز قاتارلاشتى، كېيىن ئۇلار يەرگە قاتتىق تېپىپ شوخ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

سارايىنىڭ ئىككى يېقىدىن ئىككى توپ يىگىتلەر چىقىپ قىزلارغا قوشۇلۇپ ئويناپ كەتتى.

چىرايلىق كىيىنگەن كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئۇز قىزلار، قاۋۇل يىگىتلەر خۇددى بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك شۇنداق چاققان ئوينايتتىكى، ئۇلار ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، پۈتۈن ساراي جانلىنىپ كەتتى.

شوخ بىرلەشمە ئۇسۇل سەنئەتكە يۆتكەلدى. قىز-يىگىتلەر بىر جۈپ قىز-يىگىتنى دەۋر قىلىپ ئويناپتتى، ھالقا ئىچىدىكى قىز-يىگىتنىڭ چەبدەس ئۇسۇلغا تەڭكەش بولاتتى... قىز-يىگىتلەر ئويناپ كەينىگە چېكىندى ۋە بىرنەچچە قىز جىلدىرىملىق كىچىك داپ بىلەن ئويناشقا باشلىدى...

ئۇسۇل داۋام قىلماقتا... ئۇسۇل كۆرگۈچىلەرنىڭ گايىلىرى خوش، گايىلىرىنىڭ بولسا كۆڭلى خىرە، سۇتۇق خۇشال، بۈگۈن ئۇ تەختكە

چىقتى، خان بولدى، چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن ھەممىسى ئۇنىڭغا قارايدۇ. بۇ چوڭ ئىش. ئالەمچە چوڭ ئىش. سۇتۇق خۇش بولماي كىم خۇش بولسۇن؟! لېكىن، سۇتۇقنىڭ كۆڭلى تولمىغاندەك، يىراقلاردا — تۇمانلار ئىچىدە، قارا پەردىلەر ئارقىسىدا ياشقىچە، سىرلىق ئويۇنلار بولۇۋاتقاندەك ھېسسىيات ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلاتتى.

تەختنىغۇ ئالدى، ئۇنىڭدا چىڭ ئولتۇرۇش، ئەلنى ئۇزاق باشقۇرۇش قانچىلىك بولار؟ ئەل خاراپ، چەتتىن ياغىلار ھەيۋە قىلماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىك كۈچى بەك ئاجىز. بۇ ئەل، باشقا ياقالىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپمۇ قالارمۇ؟ يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن قاراخانىلار خاندانلىقى ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا روناق تاپامدۇ ياكى زاۋال تاپامدۇ؟

ئۆزىغۇ ئىسلام دىنىغا كىردى. گەرچە خانلىقنى ئېلىشتا ئىسلام مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغان بولسىمۇ باشقىلارنى بۇ يات دىنغا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشۈرمۇ؟ قارشى چىققۇچىلار ئىسيان قىلىپ، ئۇنىڭ تەختىگە خەۋپ تۇغۇلۇپ قالارمۇ؟

زالىم تاغىسى ئۆلدى، قانخور سۇباشىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. ئىلگىرىكى ئوردۇبېشى ساۋۇقبەگ قاماققا ئېلىندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى تېخى تىرىك، ئۇلار ئۆز بايلىقىنى ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ساقلاشقا ئۇرۇنماسمۇ؟

سۇتۇق، خۇشاللىق كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاشۇنداق خىياللارنى قىلغاندا، كۆزلىرى قەيەرگىدۇ تىكىلىپ قالاتتى. ئەمما بۇنداق خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن "لاپ" قىلىپلا ئۆتۈپ كېتەتتى-دە، تەخت، ئەل سوراش، بولغۇسى تەگداشسىز كۈچ — بۇلار ئاۋۇ كۆڭۈلسىز خىياللارنى بېسىپ كېتەتتى، سۇتۇق يەنە كۈلۈپ، ئىشتە-

ياق بىلەن ئۇسسۇللارنى تاماشا قىلاتتى...

ئانا "ھەي، بالام ياشلىق قىلىپ قالمىساڭ" دەپ ئويلىسا، "يىلاننىڭ بېشى يەنچىلدى، ئەمما تېنىسى بار، قارىياغاچنىڭ بېشىنى كەسكەن بىلەن يىلتىزىدىن يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ" دەپ چىگىش ئويلارغا چۆكەتتى.

قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، تاماشىغا بېپەرۋا قاراپ ئولتۇرغانلار — تېكىن ئاغىچى، بەگ بىلگە، بۆرىبەگ...لەر بولسا باشقىچە خىيال قىلاتتى:

"جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ مۇشۇنداق قىلىپ مۇشۇ شۇمتەك بېشىمىزغا ئولتۇرۇپ كېتەرمۇ؟ ئاۋۇ قىلچۋاز قىزنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ كېتەرمۇ؟ تېخى ئىسلام دىنى...بۇ يەنە بىر پالاكەت...

ئارسلان بىلەن ئايدىڭ ئاۋۇ خاپىغان ئولىچىلارغا قاراپ قوياتتى ۋە ئارىلاپ يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە قارىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار گويا "كۆردۈڭمۇ؟ سەگەك بولۇش كېرەك!" دېگەندەك بولاتتى.

تايىنغۇ ئىلىك بولسا، خۇشال كەيپىياتتا ئۇسسۇللارنى تاماشا قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزى ئۇسسۇلدا بولغان بىلەن سىياقىدىن، قانداقتۇر بىرنېمە ئويلاۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئۇ كاللىسىدا بىرەر نەرسە توقۇۋاتقان بولغاي، ئېھتىمالىم.

ئۇسسۇللار داۋام قىلماقتا ۋە پەدە يۆتكەپ، بارغانچە دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە. سارايىنى ياڭراتقان جاراڭلىق سازغا تەڭكەش بولۇپ ساما قايناپ كەتتى. تەرگە چۆمگەن قىز-يىگىت ئۇسسۇلچىلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ زوق بىلەن ئوينايتتى...

ئۇسسۇلچىلار سازغا ئەگىشىپ ھەرىكەتلىرىنى پەسەيتتى ۋە قاتار بولۇپ، يېنىك ئويناپ سۇنۇق ۋە ئانا ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلىشتى،

يەنە شۇنداق بىنىڭ ئويناپ ئارقىسىچە چېكىنىدى، ئۇلار بىرسى ساراي سەھنىسىدە تەختكە قاراپ تىزىلىپ تۇرۇشتى.

تاشقىرىدىن ئەركىن چېرىكلەرچە مېڭىپ كىرىپ ئۇسۇلچىلار قاتا-رىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدى. قىز-يىگىتلەر بۆلۈنۈپ يول بەرگەنىدى، ئەركىن ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ، يوغان ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئوردۇ ئالدىغا توپلانغان كىشىلەر ئۇلۇغ بۇغراخاننى قۇتلاپ تۇۋلاشماقتا. ئۇلار خاننى كۆرۈشنى خالايدىكەن!

سۇتۇق سوئال ئالامىتى بىلەن ئانىسىغا ھەم باتۇرتاغىغا قارىدى. باتۇرتاغا ئانىغا قارىۋالغاندىن كېيىن سۇتۇققا قاراپ:

— خەلقنىڭ تىلىكى ئورۇنلۇق، — دېدى سۇتۇق ۋە تەختتىن تۇردى، باشقىلارمۇ تۇرۇشتى.

سۇتۇق ئانىنى مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. گۈلەيلى بىلەن قۇندۇز دەرھال كېلىپ ئانىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇشتى. ئانا بىلەن سۇتۇق بۇغراخان مەيدىلىرىگە قوللىرىنى قويۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ تۇرغان كىشىلەر قاتارى ئىچىدىن تالاغا قاراپ ماڭدى. باشقىلار تىزىلغان رەتتە بويىچە ئىككىدىن تىزىلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ماڭدى...

سۇتۇقلار ئوردۇ قاپقىسىنىڭ پەشتىقىغا چىققاندا، مەيداندىن چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۇقانلاردىن ئېنىق سۆزنى ئۇققىلى بولمايتتى. مەيدانغا لىق تولغان كىشىلەر تۇۋلايتتى، تۇماق-لىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرەتتى...

باتۇرتاغا قولىنى كۆتۈرۈپ مەيداننى جىمىتتى ۋە مەيدانغا قاراپ قول كۆتۈردى.

مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارىغا دۆلەت تۇغى ئاستا كۆتۈرۈلدى.

سۇتۇق بىر تىزىنى پۈكۈپ تۇغقا تىكىلىپ ئولتۇردى. باشقىلارمۇ دەرھال تىزلىنىپ تۇغقا ھۆرمەت بىلدۈردى. مەيداندىكى خەلق ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن تۇغقا قارىشاتتى. تۇغ مۇنار ئۈچىدا يەلپۈلدەيدى. تاغا سۆز باشلىدى:

— جىمىكى خالايىققا ئايان بولغايكى، خان ئوغۇل سۇتۇق ئىبلى-مىزنىڭ يوسۇنى بويىچە بۈگۈن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇلۇغ خاقانىمىز — سۇتۇق بۇغراخانغا قۇتلۇق بولغاي!

يەنە پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان تېخىمۇ كۈچلۈك ھوگا كۆتۈرۈلدى. ھوگا ئىچىدىن "خانغا قۇتلۇق بولغاي!"، "خان ئوغۇلغا بارىكاللا!"، "ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خانلار تۇرغان پەشتاقنىڭ يۇقىرىسىدىكى كىچىكرەك پەشتاقتا گۈپۈرلىگەن ناغرا ۋە جاراڭلىق سۇناي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. چوڭ-كىچىك ئۈچ جۈپ ناغرا كۈچ بىلەن ئۇرۇلماقتا. ناغرىچىلارنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى كىشى سۇنايلىرىنى يۇقىرى-تۆۋەن ئوينىتىپ چالماقتا. ناغرا، سۇناي بىرپەس ياۋاشراق ئاھاڭدىن كېيىن بىردىنلا شوخ ئۇسۇل ئاھاڭىغا يۆتكەلدى. مەيداندا ئۇ يەر-بۇ يەردە كىشىلەر تۈگرىكى ئىچىدە ئۇسۇللار باشلىنىپ كەتتى.

ھېلىقى بىر توپ ئۇسۇلچى قىز-يىگىتلەر ئوردۇ قاپقىسىدىن چىقىپ ئۇسۇل ئويناپ مەيدانغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار كىشىلەر بوشىتىپ بەرگەن يول بىلەن ئويناپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈرەك ئىچىدە ئۇسۇل ئويناۋاتقانلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى...

## ئالتىنچى باب

# توي تەنتەنىسى

ياندۇرقى يىلى — توشقان يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى.

ئوردۇكەنتتىكى ھويلىنىڭ باراڭلىق راۋىقىدا تەركىن بېگىم يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. كەچ باھارنىڭ گۈزەل كۈنلىرى، ئەتراپتا گۈل-چېچەكلەر تولۇق ئېچىلغان، يېڭى ئېچىلغان ئەتىرگۈل، قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش بۇي ھىدى پۈتكۈل ھويلىغا تارالغان. ئالا-يېشىل ئېچىلغان شاپتۇل، ئالما چېچەكلىرى دەرەخلەرنى پۈركىگەن. قۇشلارنىڭ تولۇق ئاۋازدا ۋىچىرلاشلىرى كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ. ئۇزاقتا كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەيەردىدۇ بىر دەرەخ ئارىسىدا تومۇچۇق سايرىماقتا. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ھەم جاراڭلىق ئاۋازى بارچە قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان يېقىملىق ئۇچار-قاناتلار "ناخشىلىرىنى" تەڭكەش قىلغان. خان ئانا كائىناتنىڭ بۇ تەنتەنىسىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا شېرىن خىياللارغا چۆكمەكتە.

سۇتۇق بۇغراخان تەختكە ئولتۇرغىلى ئالتە ئايدىن ئاشتى. ئانا ئارمانىدىن چىقتى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ھەممە ئارمانى ئەمەس ئىدى. بىرى، ئەل تىنجىپ سۇتۇقنىڭ ئورنى مۇستەھكەملىنىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئوغلىنىڭ تويى. تەختنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئانا ئوغلىغا "باشقا ئىشنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ تۇرۇش كېرەك" دېگەنىدى.

ئەمدى تويىنى ئۆيلىشىش كېرەك. ھازىر سۇتۇق ئويناپ يۈرگەن بالا ئەمەس، ئۇلۇغ ئەلنىڭ خاقانى. خانىنىڭ ئاغىچىسى بولمىسا بولمايدۇ-دە. ئايدىڭمۇ تەڭ تۇش، زېرەك قىز. چوڭ توي ئۆتتى، ئەمدى بۇ تويىغىمۇ ۋاقىت كەلدى. توي ئۈستىگە توي، ئەجەب ياخشى...

ئۆي تەرەپتىن ئاڭلانغان ئايال ئاۋۇشى ئانىنىڭ خىيالىنى بۇزدى.

— كىم ئۇ؟ — سورىدى خان ئانا ئارقىسىدا تۇرغان ئىككى نەپەر خىزمەتچى قىزدىن.

— گۈللەيلى ئاچام — دېدى بىر قىز ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان گۈللەيلىنى كۆرسىتىپ.

گۈللەيلى راۋاققا چىقتى. ئۇ قىزلارنىڭ تازىمىغا باش لىڭشىتىپ:

— خان ئانا، خېلى ئۇزاق ئولتۇردىڭىز، ھاردۇق يېتىپ قالمىغىيدى...، — دېدى.

— ھە، قارا، گۈل، نېمىدېگەن گۈزەللىك بۇ، قاراپ تويمايدۇ، كىشى، — خان ئانا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ بىرئاز ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئادەم قېرىيدۇ، يەر-جاھان قېرىمايدۇ. ئۇ سانسىز ئادەملەرنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ يەنە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدە قېلىۋېرىدۇ. ئادەملەر ئۆتۈپ تۇرىدۇ، لېكىن دۇنيا يەنە ئادەم بىلەن تولغان. ئادەم ئۇلۇغ، ئۇ ئۆلىدۇ. لېكىن تۈگىمەيدۇ...قارىغىنا، گۈل، مېنىڭمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىم ئاز قالدى. مۇشۇ گۈزەل زېمىندىن، قۇشلارنىڭ شوخ سايراشلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ كىشىنىڭ. لېكىن نېمە چارە بار. پۈتمىشكە تەن بېرىش كېرەك-تە!

ئۇ بېشىنى ئارقىسىغا ئېگىپ، ئاق كىرگەن چاچلىرىنى سىلاپ قويدى.

— ۋاي ئاچا، نېمە دەۋاتىسىلا؟ باشقىچىلا گەپ قىلىۋاتىسىغۇ؟ سالامەتلىكلىرى ياخشى، ياشلىرىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، تېخى، — دېدى گۈللەيلى خان ئانىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇ راستىلا خان ئانىنىڭ چاچلىرىدا ئاق كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ئانىنىڭ چاچلىرى مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى چاپسان ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ ئاز دەرد تارتمىدى-دە؟ ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئېغىر كەلدى، كېيىن ئۆزى ياقتۇرمايدىغان قېيىن ئاكىسىغا تېگىپ، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر ئازاب بولدى. ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى گۇمانلىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئوغۇلچاق بىلەن ئېلىشىپ باقتى. لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئوغۇلچاق ئىنىسى بازىرخانغا ئوخشىمايدىغان قارا نىيەت ئادەم ئىكەنلىكىنى بارغانچە چۈشەندى. ئوغۇلچاقنى ياخشى گەپ بىلەن كۆندۈرۈشكە بولمىغاندىن كېيىن، ئانا ئوغلىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن باشقىچە يول تۇتتى. بۇ يول خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى، ھەممە ھوقۇق ئوغۇلچاق بۇغراخاندا. ئۇنىڭدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قان تۆكۈلۈشى مۇمكىن. خان ئانا ياش ئوغلى سۇتۇققا مۇشۇ يولنى ئۆگەتتى. سۇتۇقمۇ تەختنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىشقا بەل باغلىغانىدى. كۈرەش، قان تۆكۈش، خەتەر...مانا بۇلارنى ئويلىغاندا خان ئانا كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى.

مانا مۇشۇنداق ھەر خىل مۇرەككەپ خىياللار خان ئانىنى بىرنەچچە يىل ئىچىدە قېرىتىۋەتتى. ئۇ تېخى ئاتمىش ياشتىن ئاشمىغان بولسىمۇ، چاچلىرىنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كېتىشى ئەجەب ئەمەس

ئىدى.

— ئۇلار كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى خان ئانا گۈللەيلىدىن.

— كېلىشتى، ئۆيدە سىزنى كۈتمەكتە، — جاۋاب بەردى گۈللەيلى.

— باشلاپ چىقىڭ، مۇشۇ يەردە سۆزلىشەيلى.

گۈللەيلى كىرىپ كەتتى. خان ئانا قويۇپ قىزلارنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېلىنى رۇسلاپ راۋاقتا يېنىك قەدەم بىلەن بىرپەس ئايلاندى.

باتۇرتاغا، ئارسلان، ئىلىك ۋە بارسبەگلەر كېلىپ تەركىن ئېگىمگە سالام بېرىشتى، ئولتۇرۇپ ئامانلىق تېلىدى.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى خان ئانا سۆز باشلاپ، — سۇتۇق بىلەن ئايدىڭنىڭ تويى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەي دېگەنتىم. ھازىر توينىڭ ۋاقتىمۇ قانداق؟ توينى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ئويلىشايلىق.

كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئاق ساقىلىنى سىلاپ، ئانىنىڭ سۆزىگە زەڭ سېلىپ ئولتۇرغان باتۇرتاغا:

— ياخشى پىكىر، ئوبدان ئويلاپلا، باللارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش كېرەك. ۋاقىت يەتتى، كۆپ كېچىكىپ كەتسە بولماس، — دېدى.

ئولتۇرغانلار تاغىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. توينىڭ ۋاقتىنى بۇ يىل كۈزگە توختاتتى. "تەييارلىق ئۆلگۈرەرمۇ؟" دېدى بارسبەگ. كېيىن باشقىلار تەييارلىقنى بەكمۇ چوڭ ئۆتكۈزمەسلىك كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— ھازىر تولا داغدۇغا قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى

ئىلىك، ــ پۇلنى ئازراق خەجلەش، چەت ئەللەردىن ئادەم چاقىر-
ماسلىق كېرەكمىكىن دەيمەن. توي يوسۇنى ياخشى بولسىلا بولىدى.
ــ بەك توغرا گەپ، ــ دېدى ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ.
ــ توي كاتتا بولۇپ كەتسە، ئەلدە نارازىلىق چىقىدۇ، سۇتۇقنى
قوشۇلماس.

ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن توي كۈنىنى قاراخانىلار دۆلىتى
قۇرۇلغان بايرام كۈنى ــ توققۇزىنچى ئاينىڭ بىرىگە توختاتتى ۋە تەپ-
سىلىي سۆزلەشتى. تەييارلىق ئىشىغا بارسبەگ بىلەن ئىلىك مەسئۇل
بولماقچى بولدى. ئىلىك ھاجىپ بۇ مەسلىھەتنى سۇتۇق بۇغراخانغا
يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى.

* * *

باتۇرتاغنىڭ ھويلىسى شەھەر سىرتىغىراق جايلاشقانىدى.
ھەشەمەتلىك بۇ بىنانىڭ كەڭ ئازادە ھويلىسىدا ئادەملەر ئۇ ئۆيدىن
بۇ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى. ھويلا چاقماق بولۇپ
ئىشىك-دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايتتى. جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ
دېرىزىلىرى ھويلىنىڭ ئارقا بېغىغا قارايتتى. دېرىزىلىرى باغقا قاراپ
تۇرغان ئوتتۇرىدىكى كەڭ ئايۋان قىز-چوكانلار بىلەن تولغان
بولۇپ، ھەر خىل كۈلكە، چاقچاقلارنىڭ ئاۋازى ئۆينى بىر ئالغا-
نىدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭنىڭ كۆپلۈكىدىن كىملەر نېمە دەۋاتقانلىقىنى
چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇدۇل تامغا يۆلەپ قويۇلغان چوڭ شىرە
ئۈستىگە تاۋار-دۇردۇن، شايى-ئەتلەس ۋە باشقا ھەر رەڭدىكى
رەختلەر توپ-توپى بىلەن ئۇچلىرى ساڭگىلىتىپ قويۇلغان.

ئاياللارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر خىل ئىش بىلەن مەشغۇل، قوللىرى
توختىماي ئىشلەيتتى، ئېغىزلىرى توختىماي سۆزلەيتتى، گايىسى

ناخشا ئېيتسا، گايىسى بېيت ئېيتاتتى. گايىلىرى چاقچاق قىلىشىپ ئايۋاننى بېشىغا كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. كەشتە تىكىۋاتقان قىزلار توپىنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ.

— ۋۇي ئۇز قىز، سىزگە قاچان توي كېيمى تىكىمىز؟ — دېدى كۆزلىرى ئوينىاپ تۇرغان شوخ بىر قىز يېنىدىكى قارىمۇتۇق قىزنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ.

— مەن تېگىدىغان يىگىت تۇغۇلماپتۇ تېخى، تويىدۇم، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزەم ئۆلەي دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا كېپەنلىك تىكمەيسىزمۇ؟

— تىكسەك ئۆزەڭگىمۇ قوشۇپ تىك، ئۆلسەم سەن مېنى تاشلاپ كېتەر دەمسەن؟ — قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ۋۇي ئۆلۈپ كەتكۈچە چاپسانراق ئەرگە تېگىۋالغىن، — دەپ ۋارقىرىدى بىر قىز چاقچاقچى قىزغا قاراپ.

قىزلار يەنە كۈلۈشتى، بىر قىز قوپۇپ:

— سېنىڭ نېمانچە بېشىڭ قاتتىدۇ، ئىككىسى ئۆلگىلى تۇرغان ئىككى يىگىتنى ئالغاچ كېتىپ ئۇ دۇنيادا توي قىلسا بولمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىر قىز، — قىزلار پاراقلاپ كۈلۈشتى.

نېرىراقتا كىيىم تىكىۋاتقان قىز-چوكانلار توپى كەشتىچىلەرگە قارىتىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتتى:

گۈل تىكىپ، كەشتە تىكىپ،
بارماقلىرىڭ تالغاندۇ قىز.
ئۇنتۇما يارىڭنى ھەرگىز،
تەلمۈرۈپ قالغاندۇ، قىز.

ئاخشىمى گۈل تەكتىدە،
بەرگەن سۆزۈڭ يادىڭدىمۇ.
ئۆز سۆزۈڭدە تۇرمساڭ،
ئۇ، تۇرمىغاي يانىڭدىمۇ.

بېيت ئېيتقان قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

كەشتىچى قىزلار توپى ھېلىقى ئويناق كۆز قىزنىڭ باشلامچىلىقىدا جاۋاب قايتۇردى:

كەشتە تىكسەم قوللۇرۇم،
تالمايدۇ ھەرگىز غەم يېمەك،
يارۇ بىلەن كۆڭلىمىز بىر،
ئايرىلىپ قالغاي دېمەك.

ئۆز سۆزىدە تۇرمىغاننى،
دىلى ئارىغ يار دېمەس.
ئۆزىڭىز مەھكەم بولۇڭ،
بىز ئۇنچە بوش ياران ئەمەس.

كەشتىچى قىزلار يەنە چۇقان كۆتۈرۈپ كۈلۈشتى. ئۆيدىكى باشقا قىزلارمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈشتى. تىككۈچى قىز-چوكانلار دۇدۇقلاپ ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى. ئۇلاردىن بىرسى ئورنىدىن قوپۇپ بىلەكلىرىنى شىمداقلاپ ۋارقىرىدى:

— سىلەر بىزنى زاڭلىق قىلدىڭلار، بۇ قوشۇغچىلىق ئەمەس.

— قولىڭىزدىن كەلسە قوشۇغ بىلەن جاۋاب بېرىڭ، — دەپ تۇۋلىدى كەشتىچى قىزلاردىن بىرى. ئۆيدە چۇقان كۆتۈرۈلدى. بىرسى "توغرا" دېسە، يەنە بىرسى "توغرا ئەمەس" دەپ

ۋارقىرايتتى.

ئىچكىرىكى ئىشىك ئېچىلىپ يۇلتۇزنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋىدى، ۋىچىرلاۋاتقان قۇشقاچلار قارچىغىنى كۆرۈپ توختاپ قالغاندەك، قىز-چوكانلارنىڭ چۇقانلىرى شىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇلار بېشىنى تىقىپ ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

يۇلتۇز ئايدىڭ بىلەن گۈللەيلىنى باشلاپ كىردى. ئايدىڭ ناگولا كۆرۈنەتتى. ئۇ تويىنىڭ مۇنداق چاپسان بولۇشىغا قوشۇلمايتتى. "ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى تۇرغاندا، مۇنداق كىچىك ئىشلارغا ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. بىر نەچچە يىل كېچىكىپ توي قىلساق نېمە بوپتىكەن" دەيتتى ئۇ. سۇتۇقمۇ ئايدىڭنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلغانتى. لېكىن خان ئانا بىلەن ئىلىك سۇتۇقنى كۆندۈردى، سۇتۇق ئايدىڭنى كۆندۈردى، ھەممىسى ئۈندەۋاتسا كۆنمەي ئىلاجى قانچە؟ گۈللەيلى بولسا تويىنىڭ چاپارمىنى، ئۇ ئايدىڭغا توي تەييارلىقىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايتتى.

ئۇلار كىرگەندە، ئۆيدىكىلەر "گۇر" قىلىپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى ۋە ئايدىڭلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئالماشتۇرۇلغان قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تازىم قىلىشتى. ئايدىڭ باش ئېگىپ جاۋاب قايتۇردى.

— ئايدىڭ سىلەرنى كۆرگىلى كەلدى، — دېدى گۈللەيلى قىزلارغا قاراپ كۈلۈپ.

— قېنى قىزلار ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دېدى يۇلتۇز يېقىملىق ئاۋاز بىلەن.

يۇلتۇز راستلا يېقىملىق قىز. ئۇ قىز-چوكانلارغا ئۆزىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىدەك مېھرىبانلىق بىلەن قارايتتى. قىز-چوكانلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، كۆرسەتكەن ئىشنى قېتىقىنىپ ئىشلەيتتى.

يۇلتۇز ئايدىڭ بىلەن گۈللەيلىنى ئاۋال كەشتىچى قىزلارنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار قىزلارنىڭ ئەپچىل بارماقلىرىدا ئويناۋاتقان يىڭنىلەردىن ھاسىل بولۇۋاتقان ھەر خىل گۈللەرگە قايىل بولۇپ قاراپ تۇردى. بىر قىز دولىسىغا ئارتىقلىق ھەر خىل رەڭدىكى بىر توپ مەشۇت يىپتىن بىر تال قىزىل يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، شۇنداق چاپسان سۇغۇردىكى، باشقا يىپلار قىمىرلىماي قالدى. ئۇ يىپنىڭ ئۇچىنى تىلىدا نەمدەپ يىمىرىپ چاپسانلا يىڭنىگە ئۆتكۈزدى-دە، ئالدىدىكى كەرگىگە تارتىلغان يىپەك رەخت ئۈستىگە ئېگىلىپ، تېخى پۈتمىگەن ئانار گۈلىگە يىڭنە سانجىدى. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرى رەختنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن شۇنداق چاپسانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتىكى، ھەتتا كىشىنىڭ كۆزى كۆرۈپمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ يىڭنىسىدىن توق قىزىل ئانار گۈلى پۈتمەكتە. ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز، گۈللەيلى ئىلمە-توقۇلمىچىلىقنىڭ بۇ ماھىر ئۇستىسىغا قول قويدى. ئايدىڭ كەشتىچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان، گايىدا دوپپىغا گۈلمۇ تىكىدىغان. بۇ قىزنىڭ ئۇستىلىقىغا قاراپ ئۇ بىرئاز خىجالەت بولغاندەك قىلدى.

— نېمىدېگەن چەبدەسلىك، نېمىدېگەن ئۇستىلىق، ئېسىل، بەك ئېسىل، — دېدى ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ ۋە قىزنىڭ بېشىنى مۇلايىمغىنا سىلاپ قويدى. كېيىن ئۇلار ئاق، قىزىل، ھال يىپەك رەختلەرگە ھەر خىل گۈللەرنى تىكىۋاتقان كەشتە ماھىرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

يۇلتۇز ئۇلارنى ئوڭ تەرەپتىكى دوپپىچى قىزلارنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى، قىزلار ئورۇنلىرىدىن قوپماقچى بولغانىدى، ئايدىڭ ئۇلارنى توختىتىپ قويدى. قىزلار ئىشىنى داۋام قىلدۇردى. ھەربىر قىز بىر خىل رەختكە ھەر خىل دوپپا گۈللىرىنى تىكمەكتە. زەر

دوپپا، مەرۋايىت دوپپا، كالۋۇتۇن دوپپا، ئۈنچە دوپپا، تەتىللا دوپپا؛ يەنە چىمەن دوپپا، بادام دوپپا... لارمۇ بار. قىزلار گۈل تىكىشتىكى چاققانلىقى، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى تىزىشتىكى ئۇستىلىقى بىلەن ئايدىڭنى ھەيران قالدۇردى. گۈللەيلى قاتار قېلىپتىكى دوپپىلار ئىچىدىن مەرۋايىت تىزىلغان بىر چىرايلىق دوپپىنى ئېلىپ ئايدىڭغا كۆرسىتىپ ماختىدى ۋە بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى.

— ۋاي ئەجەبمۇ ياراشتىغۇ، تولۇن ئايمۇ خىجىل بولدۇ، — دېدى گۈللەيلى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— گۈل گۈلىگە كەلگەن مۇشۇدە، خاقان كۆرۈپ ئۆرۈلۈپ كەتمىگىيدى يەنە، — دېدى يۇلتۇز چاقچاق قىلىپ. باشقىلارمۇ كۈلۈشتى. ئايدىڭ ئىزا ئارىلاش كۈلۈپ يۇلتۇزنىڭ بېقىنىدىن چىمدىماقچى بولغانىدى، گۈللەيلى ئالدىغا كېلىپ قولىنى توسىدى. ئايدىڭ بېشىدىكى دوپپىنى گۈللەيلىگە بەردى.

ئۇلار ئايلىنىپ شىرەلەر ئۈستىگە ھەر خىل گۈللەر تىكىلگەن ھەر ياغزا رەختلەر ۋە پۈتكەن كىيىملەر ئارتىلغان يەرگە كېلىپ توختىدى. يىگىرمىدەك چوكان-جۇۋانلار كىيىم تىكمەكتە. ئىككى نەپەر ياشانغان ئايال ئۇستا ئۇلارغا ئىش كۆرسەتمەكتە. پۈتكەن كىيىملەر ئىچىدە ياقا-مەيدىلىرىگە، ۋە يەڭ-ئېتەكلىرىگە گۈزەل كەشتە تىكىلگەن بىر ئۇزۇن شەلپەر كۆڭلەك ئايدىڭغا ياقتى بولغاي، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كۆردى.

— بەك ياخشى تىكىلگەن، ئۇلۇسىمىز ئىچىدە مۇشۇنداق قولى گۈل ئۇستىلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، بۇ ياخشى ھۈنەرلەرنى ئەلگە تارقىتىش كېرەك ئىكەن، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خانىش تاجىسىنى ياساۋاتقان ئۈچ نەپەر

ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. تاج تېخى پۈتمىگەن، ئالتۇن قاداق، مەرۋايىت، كەھرىۋا ۋە باشقا قىممەتلىك نېسىل نەرسىلەرنى ئايال ئۇستىلار رەتلەپ تىزماقتا. ئايدىڭ ئەكس نۇر بېرىپ، كۆز-لەرنى چاقنىتىپ، قاماشتۇرىدىغان بۇ نەرسىلەرگە قاراپ تۇردى-دە:

— شۇنچە باھالىق نەرسىلەر، بۇلاردىن قانداق نەرسىلەرنى ياسىماقچى؟! — دەپ سورىدى گۈللەيلى بىلەن يۈلتۇزدىن.

— خان ئاغىچىغا تاج ياسىماقچى، — جاۋاب بەردى گۈللەيلى.

— ھەممە نەرسە ئۆز لايىقىدىراق بولغىنى ياخشىراق بولارمىكىن، ئوردۇغا كىرە-كىرمەيلا مۇشۇنچىۋالا پۇللۇق نەرسىنى باشقا كىيىۋالساق قانداق بولار؟ ئەل نېمە دەپ قالار؟ — ئايدىڭ ئىككىيلەنگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بىراق، سىز ئەمدى خان ئاغىچا ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇماڭ، — دېدى گۈللەيلى ئايدىڭغا چۈشەندۈرگەندەك، — ئىلگىرىدىن كېلىۋاتقان ئوردۇ يوسۇنى شۇنداقكەن. بۇلارنى قىلماي بولامدۇ؟ "ئەلگە كىرسەڭ ئېلىگچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىگچە" دەپتىكەن، توي دېگەن توي بولسۇن-دە. قېنى قىزلار، تونۇگۈنكى قوشۇغۇڭلارنى بىر ئېيتىۋېتىڭ-لارچۇ، — دېدى ئۇ قىزلارغا قاراپ.

كەشتىچى قىزلار قوشۇغنى باشلىۋەتتى، باشقىلار قوشۇلدى، جاراڭلىغان قوشۇغ ئاۋازى ئۆيىنى بىر ئالدى.

قوشۇغۇڭنى ئېيتساڭچۇ،
نازلىنىپ تۇرماي ئاداش.
بىز كىچىكتىن قوشۇغچى،
ئەسلىدە قوشماق ئاداش.

ئاق بالاخان سېنى دەيمەن،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

يارىم سېنى ياد ئەيلەپ،
قوشۇغ قوشتۇم گۈل باغدا،
مەن كويۇڭدا يىغلايمەن،
سەن يۈرۈيسەن ئۇ تاغدا.
ئاق بالاخان خۇشتارمەن،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

تەلمۈرۈپ يولغا قاراپ،
كۆزلىرىم تالدى يىگىت.
بىر قايرىلىپ باقمايدۇ،
يا كېتىپ قالدى يىگىت.
ئاق بالاخان خۇمارىم سەن،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئۇينايلى يار، گۈللەيلى،
گۈلزارلىقتا — بوستاندا.
باغرىمىز قېنىپ تويسۇن،
چىمەندە — گۈلىستاندا.
ئاق بالاخان دىلىم سەندە،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

قىزلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى، چۈچۈك ئاۋازلىرى ئايدىڭنى قايىل قىلدى. ئۇ قىزلارغا "بارىكاللا" ئېيتىپ ئاشقىرى ماڭدى.

قاتلاق تەييارلىقلار بىلەن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتتى. مانا توي كۈنى — توققۇزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى يېتىپ كەلدى. ئوردۇ تويغا بېزەندى. باغ ھويلىدا كىشىلەر ئەتىگەنلا قوزغالدى. ئايدىڭنىڭ ھويلىسىدا تاڭ ئېتىشى بىلەنلا توينىڭ قىزىقى باشلىنىپ كەتتى. كۆزگى قۇياش ھەممە ياققا نۇر چېچىپ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. سويۇلغان قوي-كالىلار داش قازانلاردا پورۇقلاپ قايىنماقتا. داستىخان، لۆڭگە، قاچا-قومۇچ، ئاپتۇۋا، چىلاپچا كۆتۈرگەن ۋە كۆزىلاردا شارابلار كۆتۈرگەن كىشىلەر شاپاشلاپ ئۆيدىن ئۆيگە قاتنىماقتا. ھويلىنىڭ بىر چېتىدە بىرنەچچە كىشى سۇكەن ۋە سېۋەتلەردىن ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەنجۈرلەرنى ئېلىپ، تازىلاپ چوڭ تاۋاقلارغا تىزماقتا. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا پىشۇرۇلۇۋاتقان تونۇر كاۋاپ، زىخ كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى پۈتكۈل ھويلىنى بىر ئالغانىدى. مېھمانلارمۇ كېلىشكە باشلىدى. كۈتكۈچىلەر ئۇلارنى ئۆيلەرگە ۋە ئارقا ھويلىدىكى شىپاڭغا باشلىماقتا ئىدى...

ئىچكىرىكى ھويلىدىكى ئايدىڭنىڭ ھۇجرىسىغا قىز-چوكانلار لىق تولغان، گۈللەيلىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلار ئايدىڭنى كىيىندۈرمەكتە...

چۈشتىن كېيىن كەچ پېشىندە ئايدىڭنى كېيىندۈرۈپ بولۇشتى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق كېيىندۈرۈپ بېزەلگەنىكى، خۇددى چۆچەكلەردىكى مەبۇدلاردەك ئاجايىپ بىر گۈزەللىككە ئايلاندى. ئۇنىڭغا ھال رەڭ كەشتىلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۇستىگە ئۇزۇن جىگەر رەڭ نىمچە كىيدۈرۈلگەن، نىمچىنىڭ ياقا-پەشلىرىگە، يەڭ ئۇچى، بەللىرىگە زەر كەشتە تىكىلگەن، كۆكرەكتىن تارتىپ پېشىگىچە شوخ ئانار گۈللىرى

چېكىلگەن، ئارقىسىغا ئۆرۈپ تاشلانغان چاچلىرىغا ئالتۇن چاچپاغ ئېسىلغان، قۇلاقلىرىغا ئېسىلغان گۆھەر كۆزلۈك، ئالتۇن زەنجىرلىك سۆۋكەدىن ئەكس ئەتكەن نۇرلار، كۆزلەرنى چاقنىتاتتى، بىلەكلىرىگە ھەر خىل مەرۋايىتلار قويۇلغان ئالتۇن بىلەزۈك، بارماقلىرىغا چەش، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان. پۇتىغا چىرايلىق ئالا-بېشىل گۈللەر تىكىلگەن قونچىلىق قىزىل چورۇق كىيگەن، بېشىغا ئالتۇن قاداق تاقىغان تەتىللا دوپپا كىيگەن، پېشانىسى ئۈستىدە قىمىرلاپ جۇلا چېچىپ تۇرغان ئالتۇن قاداقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچكەدەك چوڭلۇقتىكى مەرۋايىت پارقىراپ تۇراتتى، بويىنىغا ئېسىل ئۈنچە-مارجان، ھېققىلاردىن بېزەلگەن زۇننار ئېسىلغان. كېيىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، باش ئۈستىگە شەلپەر رەڭ نېپىز چوڭ يىپەك ياغلىق يېپىلغاندى. ئايدىڭ بايىقىدىنمۇ ئۈز بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نازلىق خۇمار كۆزلىرىنى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خۇش‌خۇي سىياقىنى، يىپەك رومال توسالىغىنى يوق، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىل رەڭگى بىلەن ئايدىڭنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشتى.

يۇلتۇز، گۈلەيلى، قۇندۇزلارمۇ مەخسۇس تىكىلگەن تويلۇق كىيىملىرى بىلەن ياسىنىشتى، نېرىقى ئۆيدىن چىرايلىق كىيىنىپ بېزەلگەن، بىر-بىرىدىن ئوماق-ئۈز خىزمەتچى قىزلار چىقتى. ئۆزئارا ماختىنىش، چاقچاق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. خىزمەتچى قىزلار قاتار تىزىلىپ كېلىپ ئايدىڭغا تازىم قىلدى. ۋە "يېڭى كىيىملىرى قۇتلۇق بولغاي خان ئاچا،" دېدى ھەممىسى تەڭ.

— سىلەرگىمۇ قۇتلۇق قىزلار، تېخىمۇ چىرايلىق، بەكمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىپسىلەر، — دېدى ئايدىڭ قىزلارنى ئەركىلىتىپ.

— قانچە چىرايلىق بولساقمۇ ئۆزلىرىگە يەتمەيمىز، — دېدى بىر

قىز، — ھۇر-پەرىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولار؟

سۇتۇق بۇغراخانغا ۋاكالىتەن قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىش ئۈچۈن ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ بىلەن ئىلىك ھاجىپلار كەلدى. گۈللەيلى چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىرگەندە، ئايدىڭ خىجالەت بولۇپ بېشىنى بۇراپ يانتۇ بولۇۋالدى. بارسبەگ بىلەن ئىلىك ھاجىپ تەڭلا:

— ئۇلۇغ سۇتۇق بۇغراخان نامىدىن گۈزەل ئاغىچامنى ئوردۇغا كۆچۈرۈپ كېتىشكە كەلدۇق، — دېدى.

ئايدىڭ ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى بۇرىدى، كېيىن ئازراق رۇسلىنىپ ئۇلارغا يېنىك تازىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى...

ئوردۇكەنتنىڭ چوڭ كوچىسىدا قىز كۆچۈرگۈچىلەر توپى چوڭ تەنتەنە بىلەن ئوردۇغا قاراپ كېتىپ بارماقتا. داقا-دۇمباق، ناخشا-قوشاق ئاۋازلىرى پۈتۈن شەھەرنى ياڭراتماقتا. كۆچۈر-گۈچىلەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆگە ئۈستىدىكى تېگىرمەكتە نېپىز قىزىل يىپەك رەخت يېپىلغان بېزەكلىك ئايدىڭ ئولتۇرۇپتۇ. ئېگىز نار تۆگە سۆلەتلىك بېزەلگەن، ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتىپ بوينىغىچە ئۇزۇن، چۇچىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان تاۋار يوپۇق يېپىلغان. بوينىغا قاتار ئېسىلغان پۆپۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قۇلاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بېشىغىچە كېيگۈزۈلگەن "بۆك"نىڭ ماڭلىيىغا قىزىل دۇردۇندىن ئىشلەنگەن چوڭ گۈل قادالغان. تۆگىنىڭ بېشىغا ھەر خىل رەڭلىك مەشۈت يىپلاردىن توقۇلغان نوختا سېلىنغان. ئۈستىگە قىزىل پەشمەت-شالۋۇر كىيىپ، بېشىغا قارا سالۋار تەلپەك، پۇتىغا چورۇق كىيگەن قارىمۇتۇق، پاكارراق ئون ئالتە ياشلاردىكى بالا كۈمۈش زەنجىرلىك چۇلۋۇرنى تۇتۇپ،

تۈگمىنى يېشەلەپ ماڭماقتا. ھەممىنىڭ كۆزى تېگىرمەكتىكى گۈزەل ئايدىڭدا. تۈگمىنىڭ لوكىلىرى ئارىسىدىن ساڭگىلىتىپ سېلىنغان كىچىك گىلەمنىڭ ئۈستىگە تۈز ئېگەر ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق تېگىرمەك ياسالغان. تېگىرمەك كىچىك گۈمبەز شەكلىدە تۆت تەرەپلىك ياسالغان بولۇپ، تۆت تەرىپىگە گۈل چەككەن پۆپۈكلۈك قىزىل پەردە تارتىلغان. ئايدىڭ يېرىم كۆتۈرۈلۈپ قويۇلغان پەردىلەر ئارىسىدىن ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، كىشىلەر ھۆرمىتىگە ئالقىشىنى جۇپلەپ جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ قاشلىرى ئاستىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ناگولالىق سېزىلىپ تۇراتتى. "غەلىتە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ" دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە، ئۇ. راستلا ئويلىمىغان يەردىن كارامەت ئىشلار بولۇۋاتاتتى. ئايدىڭ سۇتۇق بىلەن تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىشىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئوقۇل يولىدا قول تۇتۇشۇپ سەكرەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا بۇنداق ئىشلارنى نەدىمۇ ئويلىسۇن. كېيىن، ئايدىڭ بىلەن سۇتۇق ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇھەببىتى ئىشق-مۇھەببەتكە ئايلانغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، ئۇ بۇنداق ئىشلار بولار دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئۇ سۇتۇقنىڭ خان بولۇشىنى، بىر كۈنلەردە ئۆزىنىڭمۇ خانىش بولۇشىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ كۆككە كۆتۈرۈلگەن، جاھاننى بېشىغا كىيگەن بۇنداق كارامەت تەنتەنىنىڭ بولۇشىنىمۇ زادى ئويلاپ باقمىغان. ئۇ كۆپ قېتىم كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىدىمۇ بۇنداق ئاجايىپ ئىشنى كۆرمىگەنىدى. لېكىن، مانا بۇ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟! بۇلار كىم ئۈچۈن؟ ئاۋال خانغا، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇنىڭ ئىچىدە ئايدىڭمۇ بارغۇ؟! ئەلچى؟!... قىزلارنىڭ لەرزان ئۇسۇللىرى شوخ قوشۇقلىرى ئۇنىڭ خىياللىرىنى

خۇشاللىق دېڭىزىغا باشلاپ كېتەتتى. ئۇ كۈلەتتى. ئەمما، قاپىقىدا ناگولالىق ئالامەتلىرى ھامان سېزىلىپ تۇراتتى.

ئايدىڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە تويلۇق كىيىملەر كىيىپ، چىرايلىق بېزەلگەن كىچىكرەك ئىككى تۆگىگە مىنگەن، يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز كېتىپ بارماقتا. ئالدىدا گۆللەيلى، ئۇنىڭ ئالدىدا بارسبەگ بىلەن ئىلىك ھاجىپ بېزەلگەن ئارغىماقلارغا مىنىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئايدىڭنىڭ كەينىدە ئۇسۇلچى ۋە قوشۇغچى قىزلار، ئۇسۇل ئويناپ، قوشۇغ قېتىپ پىيادە ماڭماقتا. بۇلارنىڭمۇ ئالدىدا بېزەكلىك ئاتلار قوشۇلغان، گىلەم سېلىنغان ئوچۇق ھارۋا ئۈستىدە چىرايلىق كىيىنگەن، بەللىرىگە توقۇلمىلىق شايى رومال باغلىغان ناغرا-سۇناي-كانايچىلار زوق بىلەن قىزىل پۆپۈكلەر باغلانغان چالغۇلىرىنى چالماقتا. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ۋە ئەڭ ئارقىسىدا تۆتتىن تىزىلغان بەش قاتاردىن ئون قاتار نەيزە-قالقانلىق چېرىكلەر پىيادە كېتىپ بارماقتا. توپنىڭ ئىككى تەرىپىدە باش-ئاياغقىچە بىردىن قاتار تىزىلغان قىلىچلىق چېرىكلەر سەپ تارتىپ ماڭماقتا.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر توپى شەھەرنى ياڭراتقان داقا-دۇمباق، ناخشا-شۇغلار بىلەن ئوردۇ ئالدى مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. مەيدانغا توپلانغان كىشىلەر تىقما-تىقماق بولۇپ ئايدىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىلىشەتتى. ناغرا-سۇناي ئاۋازلىرى ئەۋجىگە چىقتى. قوشۇغلار ياڭرىدى، ئۇسۇللار قايناپ كەتتى، ئۇسۇلچى قىزلار ناغرىنىڭ رىتىم بىلەن ئورۇلغان سەنەم كۆيىگە تەڭكەش بولۇپ شادىيانە ئوينىماقتا.

خانقىز كېلۇر، توي كېلۇر —
ئۇيناك ئۇكام، يارى يار.
تۆگە- تايلاق، قوي كېلۇر —
ئۇيناك ئۇكام، يارى يار.
خان غوجامغا، ئۇردۇغا —
ئۇيناك ئۇكام، يارى يار.
پەرى كېلۇر، هۇر كېلۇر —
ئۇيناك ئۇكام، يارى يار.
كۆزلىرىڭ ئۇيناق ئىكەن —
ئۇيناتمىغىن، يارى يار.
قاشلىرىڭنى يا قىلىپ —
ئاتما مېنى، يارى يار.
ئۇۋال بولسا مەيلىمۇ —
مەن گادايغا، يارى يار.
سۆيۈنچ بازارىدا —
ساتما مېنى، يارى يار.
چىمەنىدىكى گۈللەردەك —
گۈلەيلى بىز، يارى يار.
يايلاقتىكى تۇلپاردەك —
سەكرەيلى بىز، يارى يار.
ساندۇلاچ- قۇشلار بىلەن —
كۈلەيلى بىز، يارى يار.
توي- تاماشا قاينىسۇن —
ئۇينايلى بىز، يارى يار.

كىشىلەر، ئىچىدىن بىرقانچە ئەر-ئاياللارمۇ قىزىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئىككى جايدا قىز-يىگىتلەر توساق توسىدى. گۈللەيلى ئۇلارغا تەڭگە چاچتى. قايناق تەنتەنە ئىچىدە ماڭغان كۆچۈرگۈچىلەر توپى گويا دەريادا ئاستا ئۈزۈپ كېتىپ بارغان بېزەكلىك كېمىگە ئوخشايتتى. قىز كۆچۈرگۈچىلەر توپى قاپقىغا يېقىن كەلگەندە ئالدىدىكىلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول ئاچتى. ئايدىڭنى كىچىك شوتا بىلەن تۆگىدىن چۈشۈرۈشتى. قاپقا ئۈستىدىكى ئېگىز پەشتاقتا ناغرا-سۇنايلار ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئايدىڭ يۇلتۇز بىلەن قۇندۇزنىڭ ھەمراھلىقىدا قاپقا پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلگەندە، يېپىق قاپقىنىڭ ئالدىدا بىر توپ قىز-يىگىتلەر شەلپەر رەختنى ئۇزۇنسىغا تارتىپ ئالدىنى توستى. گۈللەيلى ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاق داستىخانغا ئورالغان قوينىڭ پىششىق تۆشىنى ۋە بىر توپ تاۋار سۇندى. كېيىن تەڭگىلەر بىلەن چاچقۇ چاچتى. قاپقا ئېچىلىپ ئايدىڭلار ھويلىغا كىرگەندە، سۇتۇق بۇغراخان توغرۇلبەگ ۋە قىلىچ بىلەن ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئايدىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئايدىڭ خانغا تازىم قىلىپ، لېۋىنى چىشلەپ يەر ئاستىدىن قارىدى. ئۇ كۈلگۈنچەك خۇمار كۆزلىرىنى سۇتۇق بۇغراخانغا قانچە كۆرسەتمەسلىككە تىرىشسىمۇ، خان ئاللىقاچان بايقىۋالدى ۋە كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار ئىچكىرىگە يۈزلەنگەندىن كېيىن، قىلىچنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىرقانچە قىز يۆگەكلىك ئۇزۇن قىزىل پاياندازنى سالدى، يەنە ساز ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇسسۇل ئوينالدى، قوشۇغلار ئېيتىلدى. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئايدىڭ، ئارقىلىرىدا گۈللەيلى، يۇلتۇز، قۇندۇز ۋە ئىلىك ھاجىپ، توغرۇلبەگ، بارسبەگ، قىلىچلار پاياندار ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن مېڭىپ

پېشايۋانغا چىقتى ۋە ئوڭ ياققا بۇرۇلۇپ بىر سارايغا كىرىپ كېتىشتى، ھويلىدا ساز، ناخشا-ئۇسسۇل داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئۆيدە ئۇلارنى دېنىي ئىشلار ئۆلچىسى بەگ بىلگە بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى سېلىنغان ئازنا مەسجىدىنىڭ تۇنجى خەتىبى ئەبۇ نەسىر سامانى ۋە بىرقانچە ئەربابلار قارشى ئالدى. ئەبۇ نەسىر سامانى قىبلە تام ئالدىدىكى بىر كىشىلىك گىلەم جايىنامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ نىكاھ ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، باشقىلارمۇ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ باشلىرىنى ئېگىپ، يۈكۈنۈپ قاتار ئولتۇراتتى. دۇئادىن كېيىن گۈللەيلى چىنىدىكى تۇزغا چىلانغان بىر پارچە ناننى بۆلۈپ ئىككىسىگە يېگۈزدى.

ئۇلار قايتىپ پېشايۋانغا چىققاندا، يەنە مۇزىكا، ناخشا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. "تويغا قۇتلۇق بولغاي"، "خان بىلەن خانىش ئامان بولسۇن!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. گۈللەيلى يەنە سىقىملاپ تەڭگە ئېلىپ چاچقۇ چاچتى. خان بىلەن خانىش دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوڭغا بۇرۇلۇپ تەخت ساراي تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.


سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ بىلەن سارايغا كىرگەندە، خان ئانا، باتۇرتاغا، بىلگە تېكىن، ئارسلان ۋە باشقا ئوردۇ ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى قارشى ئالدى. قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدا شەھەرنىڭ تۆرىلىرى، كاتتىباشلىرى، باي سودىگەرلەر ۋە چېرىك ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى. خان بىلەن خانىش تەخت ئالدىدا ياندىشىپ تۇرغان خان ئانا بىلەن باتۇرتاغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈزمۇيۈز تۇردى، گۈللەيلى كېلىپ ئايدىڭنىڭ باش ئۈستىدىكى يېپىلغان قىزىل روماللىنى ئارقىسىغا ئېچىپ ئالدى، ئىككىيلەن خان ئانا بىلەن باتۇرتاغىنىڭ ئالدىدا

ئوڭ تىزى بىلەن تىزلىنىپ، ئېگىلىپ تۇرغان سول تىزىغا قوللىرىنى قويۇپ تازىم قىلدى. ئاۋال خان ئانا ئايدىڭنى، باتۇرتاغا سۇتۇقنى، كېيىن ئالمىشىپ پېشانىلىرىدىن سۆيدى. بىر قىز داستىخان سېلىنغان پەتنۇستا يالتىراپ تۇرغان خانىش تاجىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. گۈللەيلى ئۇنى ئېلىپ تۆتەيلەننىڭ يان تەرىپىدە تۇختىدى. ئانا تاجنى ئېلىپ ئايدىڭغا كىيگۈزدى. سارايىنى گۈلدۈرلەتكەن ساز ئاۋازى ياڭرىدى. كىشىلەر ئارىسىدىن "خان ئاغىچامغا قۇتلۇق!"، "تويغا قۇتلۇق"، "خان ۋە ئاغىچامنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولغاي!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. خان ئانا ئالدىدا، خانىش ئايدىڭ ئارقىسىدا مېڭىپ سۇپىدىكى تەختكە كۆتۈرۈلدى. ئانا ئوتتۇرىدا، ئىككى يېنىدا ئوغلى بىلەن كېلىنى ئۈچ تەختكە ئولتۇردى. تالادا قۇتلۇق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇدۇلدىكى ۋە ئىككى ياندىكى ئىشىكلەر كەڭ ئېچىلىپ، ئۇسۇلچى قىز-يىگىتلەر ئۇسۇل ئويناپ كىرىشتى. ساراي سەيناسىغا تولغان ئۇسۇلچىلار يۆتكىلىپ تۇرغان سازغا تەڭكەش قىلىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناشتى.

ئۇسۇللار ئەۋجىدىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، ساراي قايناپ كەتتى. توي تەنتەنىسى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلدى....

## ئۈچىنچى قىسىم

ھاياتىنىڭ قاموسىنى ئاچقان ئەمدى،
بەڭۋاشلىق، بىخۇدلۇقتىن قاچقان ئەمدى.
بىلىكىنىڭ كانىدىن گۆھەرنى تاللاپ،
خالايىق باشلىرىغا چاچقان ئەمدى.



## بىرىنچى باب

# ئورۇن تاللاش

سۇتۇق خان بولۇپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى يىلان يىلى، كۆكلەم كۈنلىرى ئىدى. چېچەك-چوكانلار يېشىلىپ، قىزىلگۈل پورەكلىرى يورۇغان، شاپتۇل، توغاچ چېچەكلىرى كۈلگەن چاغ. ئېتىز-ئېرىقلاردا كىشىلەرنىڭ ۋارقىراپ-چۇرقىراشلىرى، تۆگمىنىڭ قوڭغۇراقلىرى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىنىڭ روھىنى غىدىقلايدىغان بىر خىل يېقىملىق "نەغمە"گە ئوخشاپ ھەممە ياقنى قاپلىماقتا... ئەنە، ئاسماندا بىر توپ تۇرنا بۇلۇڭ چىقىرىپ يىپقا تىزغاندەك جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى ۋە شۇ بويىچە تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى...

بەشكىرەم تەرەپتىن چاڭ چىقىرىپ كەلگەن بىر توپ ئاتلىقلار ئۇزۇن سايغا كېلىپ ئاتلىرىنى ئاستىلاتتى. ئۇلار بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن شىمال تەرەپكە بۇرالدى. پۇرقىراپ تەرلەپ، تىزگىن تارتىپ كېتىپ بارغان سېمىز ئاتلار توپى ئىچىدە ئېگىز بوز ئارغىماق ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. چىلىق تەرگە چۆشكەن بۇ ئارغىماق كۆكسىدىكى كۈمۈش كەمەلدۇرۇكنى شاراقشىتىپ، بېشىنى ئىككى يانغا بۇراپراق ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ، بويىنىنى ئوينىتىپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئارغىماق ئۈستىدىكى يىگىت مەسلىكى كېلىپ ئېتىغا قاراپ قوياتتى ۋە "مېنىڭ ئېتىم ئۆتكۈزمەيدۇ" دېگەندەك، يانلىرىدا

كېلىۋاتقان شېرىكلىرىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويىۋاتتى. باشقا ئاتلىقلارنىڭ ئاتلىرىمۇ قېلىشمايتتى. ئۇلارمۇ بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ، تېزگىن تارتىسىپ ماڭماقتا. بۇ ئاتلار بوز ئاتقا راست يېتەلمەمدۇ، ياكى ئىگىلىرىنىڭ قويۇپ بەرمىگەنلىكىدىن ئۆتەلمەيۋاتامدۇ؟ بۇنى ئۇققۇپ بولمايتتى.

بۆرە مېڭىشىدا مېڭىپ، ئىككى يېنىغا يېنىك تاشلاپ كېتىپ بارغان بوز ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان قاۋۇل يىگىت سەدەپ ساپلىق قامچىسى بىلەن ئەتراپنى كۆرسىتىپ، يېنىدا كېلىۋاتقان شېرىكلىرىگە بىرنېمىلەرنى دەيتتى. باشقىلار باش لىڭشىتىپ جاۋاب بېرەتتى. ئەنە ئۇلار، سايلىقتىن چىقىپ سول ياققا بۇرالدى. كېيىن ئۇستىۋن ئاتۇش يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تاغ باغرىغا ئۆرلىدى...

— مەشەدە توختىساقمىكىن، بۇغراخان، — دېدى بىلىگ ئاقارتىش ئولچىسى بىلگە تېكىن يېقىنلاپ كېلىپ.

ئاتلىقلار توختىدى ۋە بىلگە تېكىنگە ئەگىشىپ ئاتنىڭ باشلىرىنى تۆۋەن بۇرىدى.

— مانا مەشە، بىز ئاتتىن چۈشۈپ، ئاۋۇ دۆڭگە چىقساق تېخىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى بىلگە تېكىن ئوڭ ياقتىكى دۆڭنى كۆرسىتىپ.

سۇتۇق بۇغراخانغا ئەگىشىپ ھەممىسى ئاتتىن چۈشتى. ئەركىن سەكرەپ ئېتىدىن چۈشۈپ چىلىق تەرگە چۆمگەن، تېنىمىسىز بوز ئاتنى ئالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقان چېرىكلەرمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتلارنى ئېلىشتى. سۇتۇق بۇغراخانلار دۆڭگە قاراپ مېڭىشتى...

سۇتۇق بۇغراخان خېلىدىن بېرى كونا ئاستانىنى يۆتكەشنى

ئويلاپ يۈرەتتى، ئەسلىدىكى ئوردۇ ئۇنىڭچە ياخشى جايغا چۈشمىگەن، كۈنچىقىش تەرىپى تاغ بولغان بىلەن، قۇرۇق، تويا تاغ، جەنۇب تەرىپى قۇملۇق، كۈنپېتىش تەرىپى يۇرتىغا تۇتاشقان. لېكىن بۇ شەھەر پايناپىقا ئورۇنلاشقان، سۇيى يېتەرسىز، دەل-دەرەخلىرى شالاڭدى.

سۇتۇق بۇ پىكرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ، مەسلىھەتلەشكەنىدى. ئۇلارمۇ قوشۇلغان بىلىگ ئاقارتىش ئولچىسى بىلگە تېكىن خاننىڭ پىكرى بىلەن يەر كۆرۈشكە بىرنەچچە قېتىم چىقىپ، ئاخىر ئۇ بۈگۈن خاننى باشلاپ ئۆزى لايىق دېگەن بۇ جاينى كۆرسەتمەكچى بولغانىدى.

— مەن مانا مۇشۇ جاينى لايىق كۆردۈم، — دېدى بىلگە تېكىن دۆڭگە چىققاندىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن كەڭ يېزا-كەنتلەرنى كۆرسىتىپ، — ئەنە، يۇقىرىدىكى تاغ ئارىلىرىدىن چۈشكەن چوڭ سۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يىراقلاپ كېلىپ ئاخىرى يەنە ئاۋۇ يەرگە كەلگەندە قوشۇلىدۇ. بۇ، تۈمەن دەريا بىلەن قىزىل دەريانىڭ قوشۇلۇشى.

— ھەئە، ئەجەب قىزىق. قېيىداپ ئايرىلىپ كەتكەن قىز-يىگىتلەرنىڭ قايتا قوشۇلغىنىغا ئوخشايدىكەن، — دېدى ئارسلان كۈلۈپ ۋە كۆز قىرى بىلەن خانغا قاراپ قويدى.

— شۇنداقمىكەن؟ — دېدى خان كۆزىنى يىراقتىن ئۈزمەي، — ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئۆتكۈزمىگەن كىشى بۇ سۆزنى ئېيتالماس.

— شۇنداق، — دېدى ئارسلان چاقچاق قىلىپ، — قىز-يىگىتلەردە بۇ خىل ئەھۋال ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ نازلىرى بولسا كېرەك.

— بولدى، قىزلارنىڭ گېپىنى قويۇڭ، — دېدى خان، — قاراڭ، نېمىدېگەن گۈزەل يۇرت! — ئۇ، ئوڭ قولىنى پېشانىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، يىراقلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى.

راستىلا گۈزەل كۆرۈنۈش: خۇددى يۇقىرىسىدىن تۆۋەنگە تارتىلغان ئالا-يېشىل گىلەمدەك كەڭ بوستانلىق كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. ئوڭ تەرەپتە مۇز چوققىلىرى ئاسمانغا تاقاشقان پامىر تاغلىرى، سول تەرەپتە قومالتاغ، باغرىدا كۆز يەتمەيدىغان بوستانلىق. شەرقىي جەنۇب تەرەپتە — يۇرتلار ئارقىسىدا قۇم-چۆللەر سوزۇلۇپ ياتاتتى؛ ئارقىدا — شىمال تەرەپتە بولسا، بەسلەشكەندەك بىر-بىرىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن قاتمۇقات تەڭرى تېغى بۇ گۈزەل ماكانغا قۇچاق ئېچىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

سۇتۇق بۇغراخان يىراقلارغا تىكىلىپ خىيالچان تۇرغان ئىلىك ھاجىپقا قارىدى ۋە:

— ھاجىپ بىرەر پارچە بېيىت ئېيتماسمىكىن، راستىنلا كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ بۇ ماكان، — دېدى.

ھەممەيلەن ئىلىك ھاجىپقا قاراشتى. ئىلىك سىياقىنى بۇزماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى رۇبائىنى ئېيتتى:

ئۇلۇسىمىز غۇرۇرى بۇ گۈزەل ماكان،
ۋە لېكىن يوقسۇلغا قالغىنى سامان.
ئالىپ بۇغراخان بەرگەندە مەدەت،
بولاردى شۇ جايلار ئەركىن-پاراۋان.

ئوقۇلغان شېئىر ھەممەيلەنگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى، لېكىن خان گەپ قىلمىغۇچە باشقىلار گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى، خاننىڭ خىيالچان تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ، جىمجىت، يەر ئاستىدىن خانغا

قاراپ قويۇشاتتى. خان بېشىنى كۆتۈردى-دە مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

ئەجدادلار خارلاندى، ئەل چەكتى ئارمان،
بولغايمىز بوقۇللار دەردىگە دەرمان،
بۇ خانلىق، بۇ شۆھرەت كىملەرگە كېرەك،
شۇ جانلار بولمىسا ئەركىن-پاراۋان.

دوستلار جانلىنىپ كەتتى. ئارسلان "قانداق" دېگەندەك كۈلۈپ ئۈلكىنىڭ دولىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى، بىلگە تېكىن بېيىتلەرنى ماختىدى.

— ياخشى جاي. ئىككى دەريا قولتۇقىدىكى ئاشۇ بوستانلىقتا يېڭى قەشقەر بىنا بولغاي، — دېدى بۇغراخان، — يۇرۇڭلار، بېرىپ جاينى كۆرەيلۇك...

بىرپەستىن كېيىن ئاتلىقلار چاڭلارنى ئارقىلىرىدا قالدۇرۇپ، چېچەكلىك مېۋە دەرەخلىرى ئارىسىغا جايلاشقان قورغان يېزىسىغا كىرىپ كەتتى...

* * *

شۇ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرى تۇتاشقان قولتۇقتا، تۈمەنگە يېقىن ئېگىزرەك بىر جايغا توپلانغان كىشىلەر، كۈنچىقىش ياقىغا قاراپ كىمنىدۇ كۈتۈشمەكتە. كۈزنىڭ يىلىلىق ھاۋاسى يۈزلەرنى سىلاپ ئۆتىدۇ. تۆۋەندە يېزا بازىرى. بۈگۈن بازار كۈنى بولمىسىمۇ ئادەم ئاز ئەمەس ئىدى. سېتىقچىلار ماختاپ-ۋارقىراپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە چاقىرماقتا. ئەنە بىر باققال كىشىنىڭ ئالدىدا ئاختاي ئۈستىگە تىزىلغان ھەر خىل مېۋىلەر: ئىچىدىكى سۈلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇشتەك ئەتشاپتۇللار، شۆپۈكى ئازراق قورۇلۇپ قالغان ئاق سېرىق ياما شاپتۇللار، قاتار

تىزىلغان كىچىك سېۋەتىلەردە شەربەتلىك كۈزگى ئەنجۈرلەر، شىگگىلى بىلەن ياتقۇزۇپ قويۇلغان مۇناقى ئۈزۈم، سايىۋا ئۈزۈملەر، ئانار، نەشپۈت ۋە باشقا مېۋىلەر...

باققال كىچىك تارازا بىلەن توختىماي مېۋە تارتماقتا...بىر تاۋۇزچى قولىدىكى قىڭراق بىلەن تاۋۇز پىچماقتا. ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ تاۋۇزىنى ماختاپ توۋلاپ قويىدۇ، خېرىدارلارغا ئىككى قوللاپ تىلىملەرنى سۇنىدۇ، ئۈزىتىلغان كىچىك دۇگىلەك مىس پۇللارنى تاختاينىڭ بىر چېتىدىكى غەللىسىگە سالىدۇ...

كۈنچىقىش تەرەپتىن دۈپۈرلىگەن ئاتلار ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەر ئۇ ياققا قاراشتى. ئادەم بويى كېلىدىغان باغ تېمى كەينىدىكى كىچىك يولدا چاڭ چىقىرىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى. ئۇلار بازاردىن ئۆتۈپ ئاتتىن چۈشتى ۋە يۇقىرى ماڭدى. سۇتۇق بۇغراخان ئالدىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىلگ ئاقارتىش ئۇلچىسى، يابغۇ بىلگە تېكىن، ئارسلان، چېرىك ئىشلىرى ئۇلچىسى، كۆكسىبەگ، تايىنغۇ ئىلىك ھاجىپ، دىنىي ئىشلار ئۇلچىسى بەگ بىلگە، سۇباشى توغرۇلبەگ، خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى ۋە ئوردۇئاغىسى بارسبەگلەر ئالى ئەمەلدارلار كىيىمدە تەنتەنىلىك قەدەم بىلەن ماڭماقتا. نەيزە، قالقانلىق ئوندەك چېرىك توپىنىڭ ئارقىسىدىن كەلمەكتە. ئەركىن بىلەن قوچقار سۇتۇق بۇغراخاننى ياندىپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار دۆڭگە چىققاندىن كېيىن، ئىككى ئەمەلدار شاپاشلاپ كېلىپ قارشى ئالدى ۋە ئىلگىرى باشلىدى. سەپلەپ تىزىلغان پىششىق خىشلار، ئۈستى-ئۈستىگە قويۇلغان خا، لىم، بادرالار ئارىلىرىدا كەتمەن، كەكە، ھەرە، ئەندۈۋا تۇتقان كىشىلەر سۇتۇق

بۇغراخانغا ئېگىلىپ سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى، سۇتۇق بۇغراخان قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ كۈلۈمسىرەپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ باراتتى.

ئۇلار تۈزلەپ قويغان، ھاك سىزىقلىرىنىڭ بۇلۇڭلىرىغا قوزۇق قېقىلغان كەڭ تۈزلەڭگە كېلىپ توختىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى.

بېشىغا سەللە ئورىغان، ئەرەبچىگە يېقىنراق كىيىنگەن دىنىي ئىشلار ئۇلچىسى بەگ بىلگە بىر قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ كالتە يۆتىلىۋالدى-دە، سۆز باشلىدى:

— ئۇلۇغ بۇغراخانىمىزنىڭ رازىلىقى بىلەن مۇشۇ ئورۇندا مەسجىد جامىئە بىنا قىلماققا قارار قىلىندى. ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەسجىدنىڭ ئۇلىغا بىرىنچى خىشنى قويۇپ بېرىشىنى سورايمىز.

چەتتىرەكتە تۇرغان بىر ئادەم كېلىپ، يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قولىدىكى پىشىق خىشنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن خانغا سۇندى. خان خىشنى ئېلىپ، بەگ بىلگىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، كولاپ قويۇلغان بىر ئورەككە ئاۋايلاپ قويدى.

— يېڭى مەسجىدىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا قۇتلۇق بولغاي، — دېدى بەگ بىلگە خەلققە قاراپ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

پۈتۈن مەيداندىن "قۇتلۇق!" "قۇتلۇق!" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بازاردىكى ۋە يىراق-يېقىندىكى كىشىلەر قوشۇلۇپ ئادەملەر كۆپىيىۋەردى. مەسجىد مەيدانى تولۇق، تۆۋەندىكى بازارغىمۇ ئادەم تولغانىدى. ھوگا-سۈرەن پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىدى...

سۇتۇق بۇغراخان ئۆز ئەربابلىرى بىلەن تۆۋەنگە ماڭدى. ئۇلار ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ بازارغا چۈشكەندە، تىقما-تىقماق كىشىلەر ئارقىلىرىغا قىستىلىپ تازىم قىلىپ خانغا يول بېرەتتى. ئۇلار ئادەملەر ئارىسىدىكى تار "يول"دىن ئۆتۈپ، ھېلىقى باغ تېمى يېنىدىكى يولغا كىرىپ كەتتى. بىرقانچە چېرىك ئاتلارنى يېتىلەپ ئارقىلىرىدىن ماڭدى.

بۇغراخانلار بىر كاتتا بىنا قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار تېمى كۆتۈرۈلۈۋاتقان چوڭ بىنانىڭ يېنىدا، ئەمدى يېپىلغان بىر ئۆگزىگە چىقىپ توختاشتى. سۇتۇق بۇغراخان ھەۋەس بىلەن بىنا قۇرۇلۇشىغا نەزەر سالدى. بۇنىڭ قانداقتۇر بىر چوڭ بىنا قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىشچىلار ھوگا-سۈرەن بىلەن قىزىپ ئىشلىمەكتە. ئىككى ئادەم بويى كۆتۈرۈلگەن تاملار ئۈستىدە ئەمگەك قايناپ كەتكەن. خان، تىك تۇرۇپ خىشنى تىزىۋاتقان بىر كىشىگە زەڭگىلىپ قاراپ قالدى. يىراقتىكى تام ئۈستىدە بىر كىشى خالتا بىلەن تارتىلغان لاينى تام ئۈستىگە تۆكمەكتە. بىرى قولىدىكى ياغاچ ئەندىۋا بىلەن لاينى يېيىلدۇرۇپ ماڭماقتا. تامچى ئۇستام تۆۋەندىن — ئىككى ياقتىن ئېتىلغان خىشلارنى تۇتۇۋېلىپ قەددىنى ئەگمەي لاي ئۈستىگە تاشلىماقتا. خىشلار خۇددى ئاۋايلاپ تىزغاندەك چۈشسىمۇ تامچى ئۇستام يەنە خىشلارنى تېپىپ-تەكشىلەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بېشى مۇكا ئېتىۋاتقان بابكارنىڭ بېشىدەك ئىككى يېقىغا بۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئالدىكى تىزىلىۋاتقان خىشنى، ئىككى ياقتىن ئېرغىپ چىقىۋاتقان خىشلارنى تەڭ كۆرىدۇ. قوللىرى بىر يېنىدىن ئالدىغا، ئالدىدىن يەنە بىر يېنىغا، يەنە ئالدىغا... ئۇسۇلچىنىڭ قوللىرىدەك

ئۇيناپ تۇرىدۇ. يەردىن خىش ئاشلاۋاتقانلارنىڭ "ھە، مانا كەتتى"، "ئۇستام، خىش كەتتى"... دېگەن ئاۋۋالاشلىرى ئۇستامنىڭ قۇلىقىدىن ئۆزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ قولى توختىسا ئىش توختايدۇ. بەلكى ئېتىلغان خىش يېنىپ خىش ئاتقۇچىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، خەتەر چىقىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇستام دەم ئېلىش ۋاقتى يەتمىگۈچە توختىمايدۇ.

ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىرسى قولىدىكى پالتا چاقىنىڭ چولىسى بىلەن خىشلارنى چوقۇپ كاۋاك چالمىسى سېلىپ ماڭماقتا. بۇ ئەپچىل ۋە چاققان ئەمگەككە قاراپ خاننىڭ زوقى كەلدى بولغاي، كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئەتراپقا قارىغانىدى، تاملار ئۈستىدە ئاشۇ خىل ئۇستىلارنى جىق كۆردى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ قويۇپ، پېشانە تەرلىرىنى بىلىكى بىلەن ئېرتىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

— قاراڭلار! — دېدى خان تامچى ئۇستىلارغا قارىغىنىچە، — بەك ئەپچىل، شۇنچە چاققان ئۇستىلار... ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ ئىشلەيدۇ...

قولىدا گەز ۋە بىر يۆگەك قەغەز تۇتقان چار ساقال، كېلىشكەن بىر ئادەم سول ياقتىكى تام ئۈستى بىلەن مېڭىپ كەلدى ۋە خانغا تازىم قىلدى:

— ئۇلۇغ خاقانىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!

— بۇ كىشىنى كىشلەر چەبدەس ئۇستام دەپ ئاتايدۇ، — دەپ ئۇنى خانغا تونۇشتۇردى ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ.

— ھە، چەبدەس ئۇستام، — دېدى خان ئۇنىڭ سىياقىغا سەپ-سېلىپ — ئىشتكەنمەن. ئېلىمىزگە سىزدەك داڭلىق، چەبدەس ئۇستىلار كېرەك. چەبدەس — بۇ نام ئىگىسىگە تازا لايىق ئىكەن.

— يوقسۇ، خاقانىم، بۇ نامغا لايىقلىقىمىز يوق، ئاتامنىڭ كەينىدە



يۇرۇپ مۇشۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالغانىدىم... بۈگۈن خاقانىمىزنىڭ مۇشۇ ئوردىسىنى قۇرۇشقا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشمەن.

چەبدەس ئۇستام قولىدىكى يۈگەك قەغەزنى ئېچىپ خانغا كۆرسەتتى، قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ، قۇرۇلۇشنى چۈشەندۈردى.

— بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پۈتەرمۇ؟ — سورىدى خان.

— كېلەر يىلنىڭ ئاخىرى... — ئۇستا ئويلاپ قالدى، — قۇرۇلۇش باشلانغىلى ئەمدى بىر يىلدىن ئاشتى. دوستلارنىڭ غەيرىتى چوڭ، نەققاشلىق ئىشلىرى نازۇك، قول تۇتىدۇ. ئىككى يىل دېگەندە، ياندۇرقى يىلنىڭ كۈزىدە پۈتتۈرگىلى بولارمىكىن...

— جايلاردىكى ئۇستا نەققاشلار توپلاندى، ئۇلار ئۇلگە-قېلىپلارنى تەييارلىماقتا، — دېدى بارسبەگ.

— خوپ، — دېدى خان رازىلىق بىلدۈرۈپ، — بۇ يىلدىن باشقا ئىككى يىل بولسۇن، ئوردۇ ئوردۇغا ئوخشاپ ياسالغىنى ياخشى.

— مانا بۇ يەر ئوردۇ ئالدى مەيدان بولماق، — دېدى بارسبەگ ئارقىدىكى كىچىك بوشلۇقنى كۆرسىتىپ.

ھەممەيلەن شۇ ياققا — كۈنپېتىش ياققا بۇرالدى، يىراقراقتا مەسجىد مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان كىشلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئوردۇغا مەسجىد يىراق ئەمەسكەن، — دېدى تېكىن ئاغىچى خۇشامەت بىلەن.

— بىلىگ يۇرتىنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ بەرسىلە، ئىشنى باشلىساق، — دېدى بىلگە تېكىن خانغا قاراپ.

— ھە، ھە، ئوردۇ، مەسجىد، بىلىگ يۇرتى...، — دېدى خان ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، كېيىن ئەتراپقا نەزەر سېلىپ چىقىپ، — بىلىگ — يۇرتى ئوردۇ بىلەن مەسجىد ئارىلىقى يىراق بولۇپ كەتمە-

سۇن. ئەنە ئاۋۇ يەر بولسا قانداق؟ — سول قولى بىلەن بىر كىچىك باغنىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقنى كۆرسەتتى.

ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— بىلىگ يۇرتىنى ئەلۋەتتە سېلىش كېرەك، — دېدى تېكىن ئاغىچى ھەييارلىق بىلەن، — خەزىنە بوشاپ قالاي دېدى، ئالدىرىمىساقمىكىن.

— خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى چىڭ تۇتساق ئاسان بوشىمايدۇ، تېكىن ئاغىچى، — دېدى كىنايە بىلەن ئارسلان — چوڭ دەرۋازىدىن، ئارقا ئىشىكلەردىن خەزىنىگە كىرىپ تۇرىدىغان قارا قوللارنى توسساق، بىر ئەمەس، بىرنەچچە بىلىگ يۇرتقا پۇل چىقىدۇ.

تېكىن ئاغىچى بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلگەندى، خان سۆزىنى كەستى:

— بىلىگ يۇرتى قۇرۇلۇشىنى كېيىنرەك سۈرسە بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭسىزمۇ خەزىنە بوشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۈچ چوڭ بىنا ئۈچ يىلدا پۈتسىمۇ بولىدۇ. ئاستانە باشقارمىلىرى ئاستا-ئاستا كۆچۈشكە تەييارلانسا بولىدۇ.

خان چەبدەس ئۇستام بىلەن خوشلىشىپ ئۆگزىدىن چۈشتى. باشقىلار كەينىدىن مېڭىشتى...

ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈپ، چېرىكلەر تۇتۇپ تۇرغان ئاتلار قېشىغا كېلىشتى. سۇتۇق بۇغراخان قوچقار تىزگىنىدىن تۇتقان، شاپشىپ تۇرغان بوز ئارغىماقنىڭ ئۈزەڭگىسىگە سول پۇتىنى قويدى. ئەركىننىڭ قولتۇقلىشىغىمۇ يۆلەنمەي چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى. باشقىلارمۇ ئۈزەڭگىگە پۇت قويۇشتى...

## ئىككىنچى باب

# جاھىللار پىتنىسى

بۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى سۇتۇق بۇغراخان چىگىش ۋە ئۈنكۈر خىياللارغا چۆكىدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى، ئۇ مۇرەككەپ يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.

ئەلدە قەدەممۇقەددەم كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولماقتا: تېخى ئازاد بولمىغان قۇللار كەينى-كەينىدىن ئازاد بولماقتا: قۇلدارلار، خان جەمەتلىرى — تۆرىلەرگە، ئېكتاردەپ ئاتىلىدىغان چوڭ يەر ئىگىلىرىگە ئايلانماقتا؛ شەھەر سودىگەرلىرى، قول ھۈنەر-ۋەنلىرى ئۇلغىيىپ قالدى. دۆلەت يەرلىرى ۋە ئوتلاقلىرى مەيدانغا كەلدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارغانسېرى ئۇلغىيىپ يىرىك يەر ئىگىلىكى تۈزۈمىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. دېمەك، تېرىلغۇ يەر-سۇلار دۆلەتكە، تۆرىلەرگە، ئېكتارلارغا مەركەزلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا، كىچىك يەر ئىگىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى، ئىلگىرىكى قۇللار بولسا يەرسىز ئىجارىكەش دېھقانلارغا، مەدىكارلارغا (بەزىلىرى قول ھۈنەرى ئىشچىلىرىغا) ۋە ھەر خىل يىللىقچىلارغا ئايلاندى. يىللىقچىلار بىر يىللىقتىن باشقا كۆپ يىللىق، ئەبەدىيلىك سېتىلغان مەدىكارلار، كۈڭلار، دېھقانلاردىن ئىبارەت ئىدى. بازاردا كۆپلەپ قۇل سېتىش ئازايدى. لېكىن دۆلەت يېرى، تۆرە يەرلىرى، ئېكتار

يېرى ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىگە يېپىشىپ باغلانغان، ئەقىدىسى تۈز قولىدا بولمىغان يېڭىچە قۇللار — دېھقان قۇللار بارغانچە كۆپىيىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۆتكەن بىر — ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئۆسۈپ چىققان يەر ئىگىلىكى بىخلىرى ئۇلغىيىپ، يېڭى تۈزۈم ئاساسەن مەيدانغا كەلدى. بۇ چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى، لېكىن، بۇ ئىلگىرىلەش يېڭى، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى.

بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرىقى يەنە بىر چوڭ ئۆزگىرىش دىنىنىڭ ئۆزگىرىشى بولدى. سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ نەسىر سامانى ۋە ئۇنىڭ ئوبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامەتكە ئوخشاش ياردەمچىلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئوچۇق مەيدانغا چىقتى ۋە ھەر خىل چارىلەر بىلەن ئىماملار ۋە باشلاپقى دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان موللىلارنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. شەھەر ۋە يۇرتلارغا مەسجىدلەر سېلىندى، ئىسلام دىنى چاپسان كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇددا دىنى بارا-بارا كاساتلاشتى، بۇتخانىلارنى توپا بېسىپ تور باغلىدى. ئەمما، بۇددا دىنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تېخى خېلى چوڭ كۈچكە ئىگە ئىدى.

ئەلدە، گايى جاھىل قۇلدارلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغىنىدىن باشقا ئىككى خىل يېڭى ئاساسىي زىددىيەت مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىۋەردى. ئۇنىڭ بىرى، يېڭى يەر ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى — چوڭ كىچىك يەر ئىگىلىرى بىلەن كەڭ دېھقان (قۇل)لار ئارىسىدىكى زىددىيەت؛ يەنە بىرى، ئىككى دىن — بۇددا دىنى

بىلەن ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى زىددىيەت. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئاساسىي نەرسىسى يەر ئىگىلىرى بىلەن بۇددا دىنى ئىدى. بۇ زىددىيەتلەر بارغانچە ئۆتكۈرلىشىشكە باشلىدى ۋە ئوردۇ ئىچىدىمۇ تەبىئىي يوسۇندا ئۆزىنى كۆرسەتتى. كونا قولدارلار، يېڭى يەر ئىگىلىرى، بۇددىستلار سۇتۇق بۇغراخاندىن نارازى ئىدى. كونىغا چىڭ چاپلاشقان جاھىللار بولسا بۇ نارازىلىقتىن پايدىلاندى، ياقا ئەللەرنىڭ جاسۇسلىرى چەت ئەل ئايغاقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىككى سەپتە يېڭى ھاكىمىيەتكە ھۇجۇم قوزغىدى: چوڭ يەر ئىگىلىرى — ئېكىنلار خانغا بېسىم ئىشلەتتى. بۇدداچىلار دىنى ھىمايە قىلىش باھانىسى بىلەن ئوچۇق قارشىلىق قىلدى. ھەتتا قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى. پۇقرالار بولسا يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن تېخى قانائەتلەنمەيتتى.

سۇتۇق بۇغراخان بۇ كەسكىن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش، چېرىك قوغدىنىش كۈچىنى ئۆلغايتىپ، يات ياغىنىڭ باستۇرۇپ كېلىش ئېھتىمالىغا قارشى تەييارلىق قىلىشى لازىم ئىدى. يەنە ئۇنىڭ "بىلگە ئوقۇل" دېگەن مەقستىمۇ تۈرلۈك قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى.

ياش بۇغراخان ئەنە شۇنداق قاتمۇقات، ئۆتكۈر زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇ تەختكە چىققاندا جاكا قىلغان: پاراۋانلىق، بىلىكلىك، بىرلىك، قوغدىنىش — دېگەن شوئارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئال سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بېشىنى قاتۇردى.

"ئۆچلۈك ھالقا" باتۇرتاغنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇنداق قارارغا كەلدى: ئەھۋال مۇرەككەپ، خاندانلىقتىن ھەممە تەبىقە تولۇق رازى ئەمەس. بەزىلەر ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى. تۆۋەن تەبىقە نامراتلار بولسا خاندانلىققا تېخىمۇ چوڭ تەلەپلەرنى قويماقتا. ئەگەر ھوشيارلىق بولمىسا خانلىق ھوقۇقى قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنىلا تۆت چاقىرىقنى قاتتىق تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك: پاراۋانلىق، بىرلىك، قوغدىنىش، بىلىكلىك.

— شۇنداق، "بىرلىك"نى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش ۋە چىڭ تۇتۇش كېرەك، — دېدى باتۇرتاغا پىكىرىنى چۈشەندۈرۈپ، — ھازىر ئوبدان ئويۇشماق كېرەك بولۇپ قالدى. تەتۈرلەرگە چوقۇم قارشى تۇرۇش، ئېكىن، ئېغىر-بېسىق بولۇش كېرەك، — بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن باتۇرتاغا خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دېدى، — سۈنى بىراقلا قويۇپ بەرمەي، ئاستا-ئاستا سىڭدۈرۈپ قويۇش كېرەك، مايسىلار لاتقىنىڭ ئېگىدە قالمىسۇن، چاپسانراق ئۆسىدىغان بولسۇن.

— توغرا گەپ، — دەپ قوشۇلدى خان ئاتا ۋە ئوغلىغا قاراپ داۋام قىلدى، — بالام، سىزنىڭ ئىسلامنى تارتىش نىيىتىڭىز ياخشى. بىراق بەك چاپسان بولۇپ كەتمىگىنى ياخشىراقتەك تۇرىدۇ. خالايىقنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىنىڭ خاھىشىنى زورمۇزور ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغاندەك...

سۇتۇق بۇغراخان تولۇق قوشۇلدى. باتۇرتاغا سىلەن خان ئاتىنىڭ سۆزلىرى ئۆچلۈك ھالقىنىڭ قارارى ھېسابلاندى.

* * *

ئىلگىرىكى ئوردۇبېشى ساۋۇقبەگنىڭ ھويلىسى ئاۋالقىدەك

ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى. قاپقا ھەم ئېتىكلىك، ئۇنىڭ ئالدىدا قارىغۇچىمۇ يوق. ئارقا ئىشىك ئىچىدىن تاقاق ئېلىنغان، جىم-جىتلىق. ئەمما ساۋۇقبەگنىڭ باجىسى، ئوردۇ باش خەزىنىچىسى تېكىن ئاغىچىنىڭ تەدبىرى بىلەن ساۋۇقبەگ جىم تۇرمىدى. ئۇ تونەكتىن چىققىنىغا بىر يىل ئۆتمەيلا، كونا دوستلار "يوقلاپ" تۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەدىردان دوستلىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىردانى تېكىن ئاغىچى چىقراق كېلىپ تۇرىدىغان بولىدى. ئىلگىرىكى سۇباشىنىڭ ئوغلى ھاكاۋۇرمۇ ئاز كەلمەيدۇ. ساۋۇقبەگ تالاغا چىقمايدۇ. دوستلىرى كېچىلىرى ئارقىسىغا ئادەم سالماي "غىپپىدە" كېلىشىدۇ. بۈگۈن ئاخشاممۇ ساۋۇقبەگنىڭ ئىككى قەدىردان دوستى ئارقا ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئاستا ئۇرۇپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى "غىپپىدە" كىرىپ، كۆتۈرمە سارايغا كىرىپ كېلىشتى. ھەر قېتىمقىدەك، بۈگۈن ئاخشاممۇ ھويلا خىزمەتچىسى ئارقا ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ مېھمانلارنى قارشى ئالدى. تېكىن ئاغىچى ئاۋال كەلدى. ئۇ، بۈگۈنمۇ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ بىر قولى بىلەن ئېچىلغان ئىشىكنى تۇتۇپ ئېگىلىپ تۇرغان خىزمەتچىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ پېشايۋان پەلەمپىيىگە چىقىۋېتىپ خىزمەتچىگە ئىشىكنى تاقاق سېلىپ ئاندىن يەردىكى كىچىك پانۇسنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچە قاراپ تۇردى، كېيىن يۇقىرى ماڭدى. ئۇ بۇ ئادەمنى قاچان، قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلاتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇنىڭ ئويىغا بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ھويلىسىدا كۆرگەن دىۋانە بوۋاي كېلەتتى. ئۇ بوۋاي تېكىن ئاغىچىنىڭ دەرۋازىسىغا پات-پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇ، ساپايى بىلەن بىر خىل بېيىتلەرنى ئېيتىپ سەدىقە تىلەيتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى خەزىنىچى ھويلىسىدا

ئېلىنىپ يۈرگەندە، يەنە شۇ دىۋانىنىڭ ساپايى بىلەن بېيت ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، دىۋانىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى ۋە خىزمەتچىسىگە ئۇنى ھويلىغا كىرگۈزۈشكە بۇيرۇدى. ئۇزۇن چار ساقاللىق، ئۇستىگە جەندە، بېشىغا كۇلاھ كىيگەن دىۋانە بوۋاي بىر يېقىغا ئازراق ئاقساپ، تاياق تايىنىپ ساپايىسىنى دولىغا ئۇرۇپ بېيت ئېيتقاچ كىرىپ كەلدى.

دۆلىتىڭ كەلسە قولۇڭغا،
ئۇنى يەرگە ئۇرمىغىل.
كەلسە غايىبتىن قىلىچ،
ھاڭۋاقتى بولۇپ قالمىغىل.

دىۋانىنىڭ سىياقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېيتى خەزىنىچىنى قىزىقتۇردى. دىۋانە بوۋاي يېقىنراق كېلىپ خەزىنىچىگە ھۆرمەت قىلدى. "ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي ئاغىچى!" دېدى ئۇ تازىم بىلەن ۋە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

"دۆلەت، قىلىچ، ھاڭۋاقتى..." دېدى خەزىنىچى ئۆز-ئۆزىگە، كېيىن:

— ساڭا دىۋانە بولۇش نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى، بوۋاي؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىر ماكانسىز ئاۋارىمەن، جاھاندارچىلىق.

— سېنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭ ئاز بولمىسا كېرەك؟

— كەچۈرمىشلىرىم ماڭا "ئۆزەڭگە ئىشىنىپ كەتمە، بارىسىمۇ قاپقانغا چۈشۈپ قالىدۇ" دېدى.

"بارىسىمۇ قاپقانغا چۈشۈپ قالىدۇ" دەپ تەكرارلىدى خەزىنىچى خىيالچان پەس ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، ئاغىچى، قاپقانغا چۈشكەن بارسنى ئەركىن ساچقان ياخشىراق.

— بۇ بوۋايغا پۇل ئەپچىقىپ بېرىڭلار، — دېدى ئاغىچى يېنىدىكى ئادەمگە، ئۇ، يەنە ئويلاپ دېدى:

— بارسنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

— قاپقانچىنى يوقاتقاندىلا مۇمكىن.

ئاغىچى ئويلىنىپ قالدى.

— خوش ئاغىچى، — دېدى دىۋانە خىزمەتچى بەرگەن بىر خالتا پۇلنى قوينىغا سېلىۋېتىپ، — ھەشقاللا، چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي — ئۇ، يەر ئاستىدىن ئاغىچىغا بىر قاراپ قويۇپ ئارقىسىغا بۇرالدى...

— خوش، كېلىپ تۇرارسەن.

— خالىساڭ، ئەلۋەتتە كېلىمەن.

شۇنداق قىلىپ دىۋانە كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئاغىچى ۋەزىرنىڭ قوينىغا قول سېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق سوقىدىغان-لىقىنىمۇ بىلىۋالدى. بىر كەلگىنىدە ئۇ "خەزىنە ئاچقۇچىدىن ئوردۇ ئاچقۇچى مۇھىم" دېگەنىدى ئاغىچىنى ئاگاھلاندۇرۇپ. كېيىن "دىۋانە ئۆلۈپتۇ" دېگەن گەپ تارالدى.

تېكىن ئاغىچى ئويلايتتى. "بۇ قانداقمۇ ئاشۇ دىۋانە بولسۇن؟! ئۇ بىر پۇتى توكۇر، قېرى دىۋانە ئىدى. بۇ، پۇتى ساق، قارا ساقال بېجىرىم ئادەم. يەنە ئۇ دىۋانىنى ئۆلۈپ كەتكەن، دېگەن ئىدىغۇ؟... بۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ئەجەب ئاشۇ دىۋانىغا ئوخشايدۇيا..."

ئۇ، خىزمەتچىگە بىر قاراپ قويۇپ سارايغا كىرىپ كەتتى.

— ئالدىلىرىغا چىقىمىدىم، جانابىي ئاغىچى، — دېدى ساۋۇقبەگ

ئىشىكنى ئىچىدىن ئېچىپ ھەيارلىق بىلەن خىرقىراپ كۈلۈپ ۋە ئۇ ئاغچىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ئاغچى ئۆيگە كىرىشىگە سابىق سۇباشىنىڭ ئوغلى هاكاۋۇر (ئۇنىڭ لەقىمى شۇنداق ئىدى) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر پۇتى بىلەن تىزلاندى ۋە ئاغچىنىڭ پېشىنى سۆيدى.

— ئورنۇڭدىن قوپ يىگىت، بۇ يارىمايدۇ، — دېدى ئاغچى ۋە هاكاۋۇرنىڭ بېشىدىن سىلاپ قويدى.

— سىز ئانامنىڭ جانجان دوستى، — دېدى هاكاۋۇر ئورنىدىن قوپۇپ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — مەن ئانامنىڭ ئۆچىنى ئالماي قويمايمەن، سىزدىن مەدەت تىلەيمەن... قانغا قان ئالىمەن، — ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— كۆز يېشى ئۆچ ئېلىشقا ياردەم بەرمەيدۇ، — دېدى ساۋۇقبەگ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — قىلىچ، خەنجەر، زەھەر.... — ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ قوللىرى بىلەن خۇددى بىرنېمىنى مىجىغاندەك قىلاتتى، — يۈرىكىنى مىجىپ تاشلاش كېرەك...

خىزمەتچى چاي كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئۇلار بېسىلدى. خىزمەتچى هاكاۋۇرغا چاي قۇيۇۋېتىپ دېدى:

— رەھىمسىز يۈرەكنى مىجىش ئۈچۈن، شەپقەتسىز يۈرەك بولۇشى كېرەك... قېنى بەگ ئوغلى چاي ئىچسىلە، — ئۇ چىنىنى هاكاۋۇرنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ، چۆگۈننى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئاغچى هەيران قېلىپ، سوئال ئالامىتى بىلەن ساۋۇقبەگكە قارىدى.

— ھە، بۇ ئۆز كىشىمىز، — دېدى ساۋۇقبەگ پەرۋاسىز، — ئىش

بىلەر ئادەم.

ھاكاۋۇر خىزمەتچىنىڭ سۆزىگە ھەيران قالىدى، ئۇنىڭ بىلەن خېلى سىرداش ئىدى.

— بۇ ھېلىقى "دىۋانە" بولمىسۇن يەنە، بىر يەرلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق ئۇنى ئۆلدى دېيىشكەنىدى، — دېدى ئاغىچى.

— شۇنداق، ئۇ ئۆلۈپتىكەنمىش، — ساۋۇق كۈلۈپ داۋام قىلدى، — ئادەم، دېگەن تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، كېرەك بولسا ئۆلۈپ يەنە تىرىلىۋېرىدۇ. روھ ئۆلمەيدۇ-دە، — ئۇ سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى — مانا بىزنىڭ قەدىردان دوستىمىز سۇباشىنىڭ روھى ھەمىشە بىز بىلەن بىللە. مېنىڭ چۈشۈمدىن چىقمايدۇ. ئۇ ھېلىگەر كۆزلىرىنى قىسىپ ھاكاۋۇرغا قاراپ قويىدى.

ھاكاۋۇر چوكىدە تىز چۆكتى ۋە ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، قىزارغان كۆزلىرىنى يۇقىرى تىكىپ قەسەم ئىچەتتى:

— ئاتامنىڭ روھى تىنچلانمىغۇچە، مەنمۇ تىنچ تۇرمايمەن!...

— بەللى يىگىت، — دېدى ساۋۇق ھاكاۋۇرنى تۇرغۇزۇپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى، — سىز ئاتىڭىزنىڭ دوستلىرىغا قوشۇلۇپ قولىڭىزغا ياراغ ئېلىشىڭىز كېرەك. ئاغىچى ھاكاۋۇرنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى.

ساۋۇق ئاستا كۈلۈپ قويۇپ ئاغىچىغا تىكىلىپ قارىدى، ئاغىچى بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ، ئاخىر ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىرەر يېڭىلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېنى چاقىرتقانسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، كۆكياردىكى مىڭباشى قوراللىق قوزغىلىشقا تەييارلىنىپ بولدى. قاغىلىق، يەركەن خەلقلىرى ئارىسىدا ئىسلامغا قارشىلىق كۈچلۈك ئىمىش. بولۇپمۇ چېرىكلەر ئىچىدە، شۇلاردىن خەۋەر

ئاپىزىن دېۋىدىم، — دېدى سازۇقبەگ.

— ياخشى گەپ، — دېدى ئاغىچى ۋە سەل ئويلىنىپ داۋام قىلدى، — ئەگەر، مىڭباشى ئۆزىگە ئىشەنسە، بۇ ياخشى ئىش، بىراق... ئىچكى ياقتىن ئوبدان ياردەم قىلىشىمىز كېرەك-تە؟

— بىز مىڭباشىلارغا ئەمەس، ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىشلىرى كېرەك. جانابىي ئاغىچى، يۈرەك چاڭگاللا چۈشكەندىن كېيىن، پۇت-قولنىڭ كارى چاغلىق.

— ئۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەك. چېرىكباشىلار قوزغالسا، پۇت-قول كېسىلگەندىن كېيىن، يۈرەكمۇ ئامالسىز قالىدۇ-دە؟

— مەن بارسبەگنى بېلى بوشراق ئادەم، بىزگە ياردەم قىلالماسمىكىن دەيمەن.

— ھە، ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى. سۇتۇق تەختكە چىققاندىن بېرى ئۆزگىرىپ كەتتى، بىز تەرەپتە تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوردۇ ئىچىدە بەگ بىلىگ، بۆرىبەگلەر بىز تەرەپتە. بىراق، دۆلەت قارۇغچى ئىشلىرىنى قولغا ئېلىش كېرەك ئىدى. ئايدىڭ خاتۇن كىشى بولغان بىلەن ئەردىن يامان. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى... كىم ئىدى، ئۇ قانداقراق؟

— ئۇ بىز تەرەپتىرەك. لېكىن ئايدىڭنىڭ كىشىسى ئەمەسمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ھوشيار بولۇش كېرەك. مىڭباشىنىڭ رىجىسىگە قوشۇلساق بولىدۇ. ئۇلار يەركەنگە كەلگەندە، بىزمۇ بۇ ياقتىن ئىش باشلايمىز.

— بۇ بەگ ئوغلىنى ئۇ ياققا ئەۋەتسەك، دەيمەن، بولمىسا بۇنىڭغا ئايدىڭنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى.

— قانداق يىگىت؟ — سورىدى ئاغىچى ھاكاۋۇردىن.

— باراي... بىراق، ئۆي-جاي، يەر...

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى ساۋۇق، — بىرەر گۇماشتا يېكىتىپ قويۇڭ. زىيان بولسا كېرەك يوق، كېيىن تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئاشۇرۇۋېمۇ ئالىسىز.

— مەيلى.

— ھەر ھالدا يولنى باشقا ياققا توغرىلاش كېرەكمىكىن...، — دېدى ئاغىچى.

ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى. يېرىم كېچە بولغاندا، خىزمەتچى كىرىپ چىنە، چۆگۈنلەرنى يىغىشتۇرغاچ "تاكتاك ئۇرۇلدى" دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئۇلار قوزغىلىشتى...

## ئۈچىنچى باب

## مېھرابتا

ئۇردۇكەنتنىڭ چوڭ مەسجىدى جامائەت بىلەن لىق تولغان. مەسجىد ئانچە ياسداق بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆتۈرمە سۇپىدىن كېيىن تاشقىرىقى مەسجىد دەپ ئاتالغان ئۈچ تەرەپلىك كەڭ پېشايۋان. ئوتتۇرىدا ئۈچ ئىشىكلىك، چوڭ خالار ئاستىغا تىكلەپ قويۇلغان يوغان تۈۋرۈكلەر بىلەن تولغان كەڭ تۆت چاسا ئۆي. ئىچكىرىكى مەسجىد دەپ ئاتالغان بۇ ئۆينىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىچكىرى ئويۇپ ياسالغان مېھراب، ئۇنىڭ ئوڭ ياقىدا تامغا تاقاپ قويۇلغان ئىككى گەزچە ئېگىز كېلىدىغان كىچىك سالاسۇنلۇق چاسا تاختا سۇپا. ئىچكىرى-تاشقىرى مەسجىدكە لىق تولغان ئادەملەر خۇتبە مۇنبىرى دەپ ئاتالغان تاختا سۇپىدا قولىغا قۇرئان ئېلىپ سۆزلەۋاتقان سەللىلىك ئادەمگە قاراپ تىزلىنىپ سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۈستىباشلىرى ھەر خىل، گايىلىرى باشلىرىغا كىچىك سەللە ئورىغان، كۆپلىرى سەللىسىز ھەر خىل باش كىيىم بىلەن. ھەممىسىنىڭ چاپانلىرى ۋە ئاياغ كىيىملىرى كونىچە بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن ۋاقىتلىرىدىكىدىن پەرق قىلمايدۇ. گايىلار باشلىرىنى ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئان سۆزىگە تەسىرلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ياكى، مۈگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ

بولمايدۇ. مېھراب ئالدىدا بىر ياش سالاپەتلىك كىشى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا بىر قانچە كاتتىباشلار ئولتۇرۇشىدۇ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ياش سالاپەتلىك كىشى خۇتبە ئوقۇۋاتقان سەللىلىك بوۋايغا قارىغاندى، بەشىنچى سەپتە ئولتۇرغان، كىيىملىرى ناچارراق ئوتتۇرا ياشلىق بىرسى يېنىدىكى بىرسىنىڭ بىقىنىنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ ئالدىغا ئىما قىلدى، "كۆردۈڭمۇ؟ سۇتۇق بۇغراخان" دېدى پىچىرلاپ. "ھە، شۇنداقمۇ؟ سەن نەدىن بىلىسەن؟" دەپ سورىدى يېنىدىكى ئادەم پىچىرلاپ. "بىلمەيچۇ" — دېدى مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۇ بىرى، — سەن مېنى كىچىك چاغلايسەن، ھە..." ئۇنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ باراتتى، يېنىدىكى ئادەم ئىملاپ ئۇنى بېسىپ قويدى. ئازنا مەسجىدىنىڭ ئىمامى خەتىب ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاپ سۆزىنى توختاتتى، قۇرئاننى قولتۇقلاپ تۆۋەن چۈشتى، مېھرابقا كېلىپ كۈنپېتىشقا قاراپ تىك تۇردى. كىشىلەر "گۇر!..." قىلىپ قوپۇشتى ۋە خەتىبكە قاراپ تەييار تۇرۇشتى. خەتىب "ئاللاھۇئەكبەر!" دەپ قوللىرىنى كېرىپ، باشماداقلىرىنى قۇلىقىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزدى، كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلدى. خەتىب قۇرئاندىن ئازراق ئوقۇپ ئاندىن يەنە "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئېڭىشتى، كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەرگە باش قويدى. جامائەتمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ ھەرىكەت مۇشۇ خىلدا ئىككى قېتىم تەكرارلاندى. خەتىبكە ئەگىشىپ كۆپچىلىك "ئامىن!" دەپ دۇئا قىلىشتى ۋە يۈز-ساقاللىرىنى سىلاپ ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ئالدىنقى سەپتىكىلەر يول بوشاتقانىدى، كېيىنكى سەپتىكىلەرمۇ چەتلەندى. ئاق يوللۇق، يېشىل بەقەسەم يەكتەك كىيگەن، بېشىغا ساغۇچ سەللە ئورىغان سۇتۇق بۇغراخان ئوك

قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ كۆلۈمسىرەپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ئارقىسىدىكى ئولچى، ئەمەلدارلار بىلەن چىقىپ كەتتى. جامائەتمۇ بىر-بىرلەپ تارقاشتى. خەتىپ ئادىتى بويىچە كىشىلەرنىڭ چىقىپ بولۇشىنى كۈتۈپ مېھرابتا بېشىنى سىلىپ ئولتۇردى. سول ياقتىكى سەپلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئادەم بېشىنى سىلىپ يالغۇز ئولتۇراتتى. مەسجىد خالى قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا مېڭىپ مېھراب ئالدىغا كېلىپ، خەتىپكە يۈزمۇيۈز تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— خەتىپ ئاخۇنۇم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي! — دېدى: ئۇ ئەرەبچە ئارىلاشقان سامانى شېۋىسى بىلەن.

— كىمسەن؟ — دېدى خەتىپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇمۇ سامانى شېۋىسىدە گەپ قىلدى.

— مەن، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ مەخپىي ئەمەلدارى بولىمەن. سەن مېنى بىلمەيسەن، ھۆرمەتلىك ئەبۇ نەسىر سامانى، مەن سېنى باخشى بىلىمەن، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى بىلىپ تۇرىمەن.

— نېمە ئۈچۈن مەخپىي، سەن نېمە ئىشقا كەلگەن؟

— مەنسىپىم مەخپىي، ئىشىممۇ مەخپىي. سەنمۇ بۇ يۇرتتا ئۇزاقتىچە مەخپىي ئىش قىلدىڭغۇ. ھازىر ئەمدى ئاشكارا خەتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى سەن. ماڭا ياردەم قىلىشىڭ كېرەك. ئۇ ئارقىسىغا سىرلىق قاراپ قويدى.

— مەن چۈشەنمىدىم، سەن نېمە دېمەكچى؟

— سەن چۈشىنىسەن سامانى، سېنىڭ چۈشىنىشىڭ كېرەك. سەن سامانىلاردىن. ماڭا ياردەم قىلغاندىن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىسەن.

— خوش، قانداق ياردەم كېرەك ساڭا؟

— سۇتۇق بۇغراخاننى ئاغدۇرۇشقا ياردەم قىلىشلىق كېرەك.

— ئۇنى ئاغدۇرۇش نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— بۇ بىزنىڭ دۆلەت مەخپىيىتىمىز.

— ئاغدۇرۇپ نېمە قىلماقچى؟

— ئۆز دوستلىرىمىزنى تىكلەيمىز. ئۇلاردىن كېيىن سامانىلار خاندانلىقىغا قارشىلىق قىلىدىغان بۇغرالار خاقان بولالمايدۇ. بۇ ماكانلار بىزگە بويسۇنىدۇ. سېنىڭ ئەجرىڭمۇ زايا كەتمەيدۇ.

— ياق، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، — دېدى ئەبۇ نەسىر سامانى ئورنىدىن قوزغىلىپ قەتئىي ئاھاڭدا، — مەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مۇقەددەس ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن، ئۇنى ئادا قىلماقچىمەن. تېخى ۋەزىپەم تۈگىمىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئامان بولۇش كېرەك، بىلدىڭمۇ؟

— سەن ئۆز دۆلىتىڭنى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك-تە!

— ماڭا دۆلەتمۇ كېرەك، مۇھىمى دىن كېرەك. ئاللا يولىدا قۇربان بولۇشقا قەسەمياد قىلغانمەن. سېنىڭ ئىشىڭ ئۆزەڭگە، مېنىڭ ئىشىممۇ ئۆزەمگە. ماڭا كاشىلا قىلما، سۇتۇق بۇغراخانغا تەگمە، ئۇ ئاللانىڭ سادىق بەندىسى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ بۇ ئەلدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە ئۇنى تارقاتقان ئۇلۇغ ئادەم. ئۇنىڭغا تەگكۈچى بولما! — ئەبۇ نەسىر سامانى ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

— سەن بىلەن يەنە سۆزلىشىمىز، ماڭا ياردەم قىلىشىڭ كېرەك، بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ — دېدى يوشۇرۇن ئادەم خەتىبنىڭ جاھىللىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ نىيىتىدىن يانماي، — ئەمما سەن بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنى ئاغزىڭدىن چىقىرىدىغان بولساڭ، كاللاڭ

كېتىدۇ، بىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ مۇرىتىڭ، ئاشۇ "سادىق" بەندەڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن بېشىڭنى ئالدۇرىمەن... سەن بۇياقلاردا دىن تارقىتىش باھانىسى بىلەن بىكار يۈرسىدىڭ-دە، ھە، بۇنىڭدىن قان-داق تانالايسەن، ھۆرمەتلىك ئەبۇ نەسىر؟ — ئۇ، خەتتىكى سۈرلۈك قاراپ قويۇپ ئارقىغا بۇرالدى ۋە بىچارە قىياپەتتە كىرىپ تاشقىرىغا ماڭدى...

ئەبۇ نەسىر سامانى ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە قېتىپ قالدى. "ئەجەپ ئىش، نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئادەم بۇ؟! مېنى قانچىلىك خەۋپلىك، ئېچىنارلىق ئىشقا ئىشلەتمەكچى ئۇ-ھە؟ يەنە ماڭا تۆھمەت قىلىپ بېشىمغا پالاكەت كەلتۈرمەكچى... ياق، قولۇمنى قانغا تىقىپ ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزى قارا بولمايمەن... خۇدا يولىدا، دىن يولىدا قۇربان بولىمەن..." ئۇنىڭ مېڭىسى قالاي-مىقان بولۇپ كەتكەن، دەھشەتلىك، چىگىش خىياللار ئۇنىڭ بېشىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ قاتۇرۇپ قويغانىدەك ئولتۇراتتى...

ئەبۇ نەسىر سامانى ئىلىم تەلەپ قىلىپ ياش ۋاقتىدىلا باغداتقا بارغان، باغدادتىكى بىر چوڭ مەدرىستە ئوقۇپ ئىسلام تەلىماتلىرىنى پۇختا ئىگەللىگەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئاللا يولىدا قۇربان بولۇشقا بەل باغلىدى. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ، يىگىرمە يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەلىماتلىرىنى ئەتراپلىق ئىگەللىدى. باغداتتا قۇرئاننى ئۇنىڭدەك چوڭقۇر يېشىپ بېرى-دىغان ئادەم كەم ئۇچرايدىغان بولدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى پۇختا ئىگەللىدى. چاھارىيارلار-نىڭ ھاياتى، تەشەببۇسلىرى بىلەن تونۇشتى ۋە ھەرقايسى يول-

مەزھەپلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى، كېيىن بىر مەزگىل ئۆزى ئوقۇغان چوڭ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلدى. ئۇ قىرىق بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىدى. چۈنكى ئۇ، پۈتۈن ھاياتىنى، بارلىقىنى، ئەقىل-ئىدراكىنى، شۆھرەت-ئابرويىنى، مال-مۈلكىنى دىنغا، دىننى تەرغىپ قىلىشقا، بېغىشلىغانىدى. ئۇ دىن ئۈچۈن ھازىرغىچە قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قانائەتلەنمەيتتى. ئۇ ئاللا يولىدا تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ شەرەپلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كېيىنچە ئەبۇ نەسىر ئاۋال سەمەرقەنتكە كېلىپ ئىككى-ئۈچ يىل بۇ ياقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگەندى. تۈركىي تىللاردىن باشلاپقى ساۋاتىنى ئىگەللىدى. ئۇ، سامانى شاھى ئەبىن ئەھمەت ۋاقتىدىكى ئىچكى توپىلاڭ تۈپەيلىدىن ئۇزاق تۇرالمىدى. كىچىك سودىگەر سۈپىتىدە قەشقەرگە كېلىپ بەش يىل تۇردى، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەندى، يوسۇن-ئادەتلەرنى بىلىۋالدى. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىنى چۈشەندى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ، بولۇپمۇ خانلىقنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ ئوغۇلچاق بۇغراخاندىن نارازى بولۇپ يۈرگەن پۇقرالار ئارىسىدىكى يوشۇرۇن تەرغىباتنى ئوردۇ ئىچىدىكى خاندانلىققا يېقىن جەمەتلەرگىمۇ چاندۇرماي يېيىشقا باشلىدى. مەشھۇر تەرغىباتلىرى ئىچىدە قالاق، جاھالەتتە قالغان، يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك ھالدىكى ئەرەبلەرنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قوناق ئۈندەك چېچىلىپ تۇرىدىغان قەبىلە ھالىتىدىن بىرلا ھالقىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، ئاندىن تىگىر ۋە پىرات دەريا ۋادىلىرىنى، كېيىن مىسىر، ھەبەش، مەغرىب ئەللىرىنى

ھەتتا ئاخىرىدا ئاندىلس① زېمىنلىرىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىدەك ھەۋەس قوزغايدىغان ۋەزلىرى بار ئىدى. تەبىئىيكى، بۇ زۇلۇمدىن تويغان، پاراۋانلىق ئىزدەيدىغان پۇقرالارنىلا جەلپ قىلىپ قالماستىن، قاراخانىلارنىڭ بىرلىكىنى، مۇستەھكەملىكىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئوردۇ جەمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى.
ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇ تەسىرى چوڭ، ئۆزىمۇ ئىشەنچلىك بولغان باتۇرتاغا بىلەن دوست بولدى. خانلىق ۋارىسى ياش سۇتۇقنىڭ مىجەز-خۇلقى، ئىدراكى ۋە قەيسەرلىكى ئۇنى قىزىقتۇردى. ئۇ ئوبدان ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزى باشلىق بولۇپ بىر كارۋان تارتىپ كەلدى. ئىشنى سۇتۇقتىن باشلاش ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ئىشلەشكە قارار قىلىپ، قول ئۇزارتتى...
ئەبۇ نەسىر سامانى قىمىرلىماي تىك تۇراتتى...

---

① ئاندىلس — ھازىرقى ئىسپانىيە ۋە پورتوگالىيىلەر جايلاشقان يېرىم ئارال. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كوردۋانى ئاساسىي پايتەخت قىلغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان. ئەرەب ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن دەسلەپ ئىشغال قىلىنغان.

## تۆتىنچى باب

# ئېرىغداش

ئارسلاننىڭ ھويلىسى تۆرىدىكى نەقىشلىق كۆتۈرمە ساراي كۈنپېتىشتىكى ئېرەك بويى قوياشنىڭ شولىسىدا يورۇپ تۇراتتى. پېشايۋاننىڭ ئەنجۇرلۇككە قارىغان بۇلۇڭىدا چېرىك ئولچىسى تۇكسىن ئارسلان خانىش ئايدىڭ بىلەن پاراڭلاشماقتا.

— بۇ يىقىنلاردىن بېرى خاننىڭ مىجەزى ئانچە ياخشى ئەمەس،— دېدى ئايدىڭ پەس شىرە ئۈستىدە لىگەندە تۇرغان ئەنجۇردىن بىرنى ئېلىپ، — بىلمەيمەن، كۆڭلى ئارامسىزدەكلا كۆرۈنىدۇ، ئۇيقۇسمۇ ئاز، — ئۇ، قولىدىكى ئەنجۇرنىڭ يۈزىگە ۋە ئارقىسىغا ئۈرۈپ قويدى-دە، يېمەي قايتۇرۇپ لېگەنگە قويۇپ قويدى.

— شۇنداق، مەنمۇ سېزىپ يۈرىمەن، خان شوخ ئادەم ئىدى، ئىلگىرى مۇنداق مىجەزى يوق ئىدى.— ئارسلان بىر شىڭگىل مۇناقى ئۈزۈمنى ئايدىڭغا سۇندى، — ئازراق يەپ بېقىڭ، ئەجەب ئوبدان ئۈزۈم.

ئايدىڭ ئۈزۈمنى ئېلىپ ئىككى تالنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالدى ۋە داستىخانغا قويۇپ قويدى.

— بىللە ئولتۇرۇپ سۆزلەشسەك دەيمەن، ھازىر ئەھۋاللارنى مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئايدىڭ.

— ۋاي دوستۇم ئايدىڭ، — دەپ ئۆيدىن خۇش ئاۋاز يۇلتۇز

چىقتى، — مۇشۇ بېتكىچلىكنى تويدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينىڭ
پارچە-پۇرات ئىشلىرىنى دېمەمسىز. ۋاي، نېمىشقا ھېچنېمە يېمەي
ئولتۇرىسىز؟ قارىسىڭىز مانا ماۋۇ ئانارنىڭ تۈزلۈكىنى، سىزگىلا ئوخ-
شايدۇ، — ئۇ ئانارنى ئايدىڭغا زورلاپ تۇتقۇزدى. — بېكەچ قانداقراق؟

— يىغلاپلا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىدۇ. تازا كەپسىز بولام-
دىكىن-تاڭ.

— كەپسىز بولمايچۇ، ئاتىسىنى دورايدۇ-دە، كىچىك بۇغرا
ئەمەسمۇ، ئېتى تازا كېلىشتى. بايتاش...

— تازا گەپكە ئۇستا-دە سىز، ھوي، سىلەردىن خەۋەر يوقمۇ؟

— ۋاي، قويمىغا ئايدىڭ، بىز تېخى ئۆزىمىزمۇ بالىغۇ؟

— بۇركۇتبەگ كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى خىزمەتچى بالا
پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چىقىپ.

— ھە، كىرسۇن، مەن قىچقارتقانىدىم، — دېدى ئارسلان، —
سىز ياخشى كەلدىڭىز ئايدىڭ، ئۇنىڭ سۆزىنى بىللە ئاڭلايلى. يۇل-
تۇز، تۇنۇگۇن يەركەندىن كەلگەن خەتنى ئەپچىقىڭا.

ئۆز ۋاقتىنىڭ يېرىم چېرىكچە قارۇغچىلار كىيىمىنى كىيگەن
بەستلىك كەلگەن قارا ساقاللىق چاۋۇشبەگ① بۇركۇت كىرىپ
كەلدى. ئۇ، ئاۋال ئايدىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە بۇغراخاننىڭ
تەن ساقلىقىنى سورىدى. كېيىن ئارسلان بىلەن ئامانلاشتى.

— ئولتۇرۇڭ بۇركۇتبەگ، — دېدى ئارسلان، — قانداق ئەھۋاللار؟

---

① چاۋۇش — جەڭ بولغاندا ئۇرۇش سەپلىرىنى تۈزەيدىغان، تىنچ
شارائىتتا خەلقنى زۇلۇمدىن ساقلايدىغان چېرىك ئەمەلدارى.
ساقچىلار باشلىقىغا تەڭ.

چىرىكلەر ئىچىدە گەپ-سۆز جىقراق بولۇپ قالدى، — دەپ سۆز باشلىدى بۇركۇتبەگ ئولتۇرۇپ "خان-ئولچىلار ئانداق بولۇپ كەتتى، بۇنداق بولۇپ كەتتى، ئوبدانلىقىنا دىنىمىزنى يوقىتىۋەتتى، ئىسلام دەيدۇ، كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز…"

— ھە، دېگەنىدەك راست ئەمەسمۇ؟ — دەپ قوشۇپ قويىدى ئايدىڭ، — كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ مۇۋاپىق بولغىنى بىلەن، جىددىي شارائىتلاردا جىقلىق قىلىدۇ. جەڭ بولۇپ قالسا چىرىكلەردە نەدىمۇ ئۇنچىلىك ۋاقىت بولسۇن؟!

— باش خەتىب پەتىۋاسىغا قارىغاندا "بىن ئىسلامى لاھەرەج" بولىدىكەن. يەنى بۇ ئىسلام دىنىدا ھەرەج تارتىدىغان ئىش يوق بولىدىكەن. ئەگەردە بەش قېتىملىقىغا يېتىشەلمىگەنىدەك دەرىجىدە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدە قازا قىلىپ قويۇپ، كېيىن ئوقۇسىمۇ بولغۇدەك، — دېدى كۈلۈپ يۇلتۇز.

— خەقنىڭ يەنە ئېيتىشىچە، — دېدى چاۋۇش بۇركۇتبەگمۇ، — چىرىكلەر جەڭ ۋاقتىدا ئوقۇمىسىمۇ، جەڭگە كېتىۋاتقاندا ئات ئۈستىدە، ياكى پىيادە ھالىدا نىيەت قىلىسىمۇ ناماز ئوقۇغانغا تەڭ كېلىدىكەن.

— پاھ، ھەممىگلار ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ كەتتىڭلارمۇ نېمە؟ — دەپ كۈلدى ئايدىڭ.

— گەپ باشقا ياققا كېتىپ قالدى، — دېدى ئارسلان باشقىلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ، — بىزنىڭ يۇلتۇز بۇ جەھەتتە ھەممىدىن ئېشىپ كېتىدىغانىدەك تۇرىدۇ.

ھەممەيلەن يەنە كۈلۈشتى. ئارسلان يۇلتۇز بەرگەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى:

"ئۇ ياقلاردا گەپ جىق. مىڭباشى چېرىكلەرنى باشلاپ كۆكيار تېغىغا چىققاندا، قوش قاناتلىق بىر مەبۇد ئاسماندىن چۈشۈپتۇ ئىمىش. ئۇ قولىنى بىر شىلتىسا تاغلار تۈزلىنىپ كېتەر ئىمىش، كۆزىدىن ئوت چىققاندا، يەر-جاھاننى كۆل قىلىۋېتەر ئىمىش. مىڭباشى چېرىك تارتىپ كېلەر ئىمىش. ئۇ مۇسۇلمان بولغانلارنى قىرىپ تاشلايدىكەن دېگەن گەپلەر بار. بەزى مۇسۇلمانلار ئىلگىرىكى دىنىغا قايتىپ كەتتى. كۆكياردىن كەلگەن بىر چېرىكباشى مىڭباشىنىڭ يېقىن ئارىدا چېرىك تارتىپ قاغىلىق، يەركەنگە كېلىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ..."، "قاراڭ — دېدى ئارسلان خەتنى ئايدىڭغا كۆرسىتىپ، — ئۇلار شۈك ئەمەس. دىنىنى باھانە قىلىپ، خانلىقنى بۆلۈۋەتمەكچى."

— بۇركۇت يىراقنى كۆرىدىغۇ، — دېدى كۈلۈپ ئايدىڭ، — باشقا ياقلاردىمۇ سىز ئۇققان گەپلەرمۇ ئاز ئەمەستۇ؟

— ھە، شۇنداق يىراق تۇگۇل مۇشۇ شەھەردىمۇ شۇ خىلدىكى گەپلەر ئانچە-مۇنچە چىقىپ قالدى. كونا دىندىكىلەر "بۇتخانىمىزنى ياساپ بەرسۇن، بىزنى ئىبادەت قىلغىلى قويسۇن" دەپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ...

— راست، مەن خانغا دېدىم، — دېدى ئايدىڭ بۇركۇتبەگنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئىسلامغا كىرگۈزۈشتە سەل ئالدىراشچىلىق، قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. خېلى جىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نەچچە ئەجدادتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىدىن كۆڭۈل ئۈزۈشى ئانچە تېز بولمايدۇ-دە؟

— بۇددا دىنىمۇ ئۇپۇل-توپۇل يامانغا چىقىرىۋېتىپ يۈرۈن ئەخمەق، دۆت ئىكەنمىز دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى بۇركۇتبەگ

تارتىنىپراق، — لاي بۇتقا چوقۇنۇشقۇ ئەمەلىيەتتە ئۇچىغا چىققان نادانلىق، شۇنداقتىمۇ بەزى ياخشى يوسۇنلىرى يوقىرالارنىڭ تۇرمۇشقا سىڭىپ كەتكەن تەرەپلىرىمۇ بار... مەنىڭچە تۇرۇم ئىسلام دىنىغا كىرگەنمەن...، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ ئوتتۇرا قاتلام ئەمەلدارلىرىمىز، كونا قۇلدارلاردىن بەزىلىرى بۇددا دىنىنىڭ ئاشۇ بەزى ياخشى يوسۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسلامنىڭ ھەممە نېمىسى يامان، بىر خۇدالىقنى تەرغىب قىلىش، قىيامەتنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆلۈش، قايتا تىرىلىپ يەنە بىر قېتىملىق ھاياتتا ئوبدان ياشاشنىڭ يولىنى توسۇغانلىق دەپ تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئارسلان.

— بۇددا دىنى ھىندىستاندىن كىرگىنى بىلەن بىزدىكى تەركىبىدە قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد قىلغان شامان، ئاتەشپەرەسلىك دىنلىرىنىڭ بەزى يوسۇنلىرىمۇ بار، — دېدى يۇلتۇز مۇلاھىزە بىلەن، — ئىسلام دىنى ئەرەبلەردىن تارقالغان بىلەن بىزدە ئۆزلەشكەندە بۇرۇنقى بەزى ياخشى يوسۇنلارنى ماسلاشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

— قۇترانقۇلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ غەرىزى دىندا ئەمەس، — دەپ سۆز ئارىلىدى ئايدىڭ، — ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەگمىسەك شامان دىنىمۇ ياخشى. پۈتكۈل ئەلنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ گېپىنى چىقسا دەۋا قىلىۋاتقان بۇددا دىنىدىنمۇ كېچىدۇ. قان تۆكۈشنى چەكلەش بۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ ئەڭ توپ ئەقىدىسى. ئەمما "بۇتسا تۇۋارىمىز" دەپ تووۇلاۋاتقان ئاشۇ مەلئۇنلار بىر كۈندە قانچىلىك قۇلنىڭ قېنىنى شوراپ قانچىلىك قولنى ئۆلتۈرۈۋاتقىنىنى يادىغىمۇ ئېلىشمايدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — قىزىشۇلدى يۇلتۇز، — بۇرۇنلاردىمۇ بىر بىرەر قۇلدارنىڭ بۇتخانىغا كىرىپ ئىبادەت قىلىپ باققىنىنى كۆرگەن

ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ بۇتساتقۇ دەپ چۇرقىراشقىنىمۇ كۆڭلىدىكى گەپ ئەمەس. خانلىقنىڭ بىرلىكى بۇزۇلسا، ئەل ۋەيران بولسا، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق ھاياتى دەخلىسىز بولسا... تىلەيدىغىنى شۇ!

— دىنلار توغرىسىدىكى تالاشلارنى قويۇپ ئىچكى ياغىلارنىڭ① ماجراسىنى سۆزلەشسەك قانداق؟ — دېدى ئارسلان بۇركۇتبەگكە قاراپ.

— ئىچكى ياغىلار بەزى جايلاردا باش كۆتۈرمەكتە. كۆكيارىدىكى مىڭباشىنىڭ تايانغۇچىسى شەھەردە. ساۋۇقبەگ بىر زەھەرلىك يىلان. ئۇ تۇنەكتىن چىققاندىن كېيىن تىنچ تۇرمىدى. تېكىن ئاغىچى، كونا سۇباشىنىڭ ئوغلى ھاكاۋۇر، يەنە كىملەردۇ كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە پات-پات يوشۇرۇن كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

— راست، ساۋۇقنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتچىنىڭ كىملىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئايدىڭ.

— ئۇ ھېلىقى "دىۋانە بوۋاي"غا ئوخشايدۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى يۇلتۇز ھەيران بولۇپ، — ئۇ قېرى ئۆلگەن ئەمەسمىدى؟

— ئۆلگەن قېرىنىڭ ئۆلۈكى سۇ ئىچىدە ئۇزاق تۇرغان، باش-يۈزلىرى ئىششىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن، تونۇپ بولمايدۇ. كىيىمى شۇ دىۋانىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئاتۇشلۇق بىر تاۋاقچى ئوشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەن. ئۇ قېرى يەنە بىر ھىيلىگەرلىك قىلغان ئوخشايدۇ.

— ئۇ ئەسلى "دىۋانە بوۋاي" ئەمەس، يەركەنلىك شۇنداق

① ياغى — دۈشمەن.

دۇۋانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان، توغرۇلبەگ ئۇنى پايلاپ يۈرگەندە، ئۇ ئۆلدى، دېگەن گەپ تارالغان. توغرۇل بەگنىڭ بۇنىڭدىن گۇمانى بار. مېنىڭچە ساۋۇقنىڭ خىزمەتچىسى — ئاشۇ قېرى بولۇشى بەك ئېھتىمال، — ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدى ئايدىڭ.

— ئۇنىڭ كەينىدىن پايلاقچى ئۈزۈلمىسۇن، — دېدى ئارسلان بۆركۆتبەگكە قاراپ، — ئاتۇشلۇق تاۋاقچىنى بىلىپ، ئۇنىڭ سىياقىنى سېلىشتۇرۇش كېرەك.

— يەنە، ئاغىچى بىلەن ھاكاۋۇرنىمۇ ئوبدان پايلاش كېرەك، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئايدىڭ، — ئاغىچى بىر تۈلكە، ئۇلار ھاكاۋۇرنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن پايدىلىنىشى تۇرغان گەپ. ئۇندىن باشقا ئوردۇ چوڭلىرىدىن بەگ بىلگە، بۆرىبەگ... لەرنىمۇ پايلاش كېرەك.

— توغرا، — دېدى يۇلتۇز، — بەگ بىلگە يېقىندا بىر قانچە يەردە "مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ بۇددا دىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا... پالان، پۇستان" دەپ، بەزى سورۇنلاردا كىشىلەرنى قۇترىتىپ يىغلاتقان ئىمىش.

— ھە، شۇنداق، — دېدى بۆركۆتبەگ، — بۆرىبەگ نامراتلارغا باج-سېلىقنى كۆپەيتمەكتە. "بۇ، يامان بولدى" دېسە، "خاندىن سوراڭ" دەپتۇ. يەنە ئۇ، "زامان تەتۈر بولۇپ كەتتى. قۇللاردىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئاستا-ئاستا ھەممە بايلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق..." دەپ، قۇلدارلارنى كۈشكۈرتۈپتۇ.

— مانا كۆردىڭلارمۇ؟ — دېدى ئارسلان، — بىرى "دىن" دېسە، بىرى "قۇل" دەيدۇ. بىرى كىشىلەرگە ئېغىرچىلىق سېلىپ خانىغا

دۆڭگەيدۇ. تاشقىرىدا بۆرە، ئىچىمىزدە تۈلكە. بىر ياقتىن چىشلەپ، بىر ياقتىن كولاپ خانلىقىمىزنى ئۆرۈمەكچى. هوشيار بولۇش كېرەك دوستلار، هوشيار بولۇش كېرەك. بۈركۈتبەگ، سىز پايلاش ئىشىنى كۈچەيتىڭ. ئىلاجى بار بىرەرسىنى قاپقانغا چۈشۈرۈش كېرەك. يۇلتۇز، چېرىكلەر باشلىقلىرىغا ئادەم ماڭغۇزۇپ، هوشيار بولۇشنى ئېيتىش كېرەك. بىز ياغى قىلمىشلىرىنى توپلاپ خانغا ئېيتىشىمىز كېرەك. ئايدىڭ، سىز خاننى خەۋەرلەندۈرۈپ قويارسىز...

* * *

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قوبۇلخانىسىدا "ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش هالقىسى"نىڭ كېڭەيتىلگەن كېڭەشمىسى ئېچىلدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەس، دۈگىلەك شىرەگە چوڭ پەتنۇستا هەر خىل مېۋىلەر تىزىلغان. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا خان ئانا — تەركىن بېگىم ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىنى يېشىل ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان. خان ئانىنىڭ ئوڭ ياقىدا ئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، ئۇزۇن قارا-كۆك گۈللۈك پەرىجە كىيگەن يوغۇرۇش باتۇرتاغا ئولتۇرىدۇ، ئۇ بىر قولى بىلەن ساقاللىرىنى تاراپ چىشلەپ نېمىلەرنىدۇ خىيال قىلماقتا. خان ئانىنىڭ سول ياقىدا سۇتۇق بۇغراخان ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئويچانلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قولىدىكى پۈتۈكنى ئوقۇپ ۋاراقلىماقتا. ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ يېنىدا ئولتۇرغان ئايدىڭ بىلەن پەس ئاۋازدا نېمىنىدۇ سۆزلەشمەكتە. توغرۇلبەگ جىلە بولۇپ يۇلتۇزغا بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرمەكتە.

تويۇقسىز ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ، ئىككى ياشلىق بايتاش دەلدۈگۈنۈپ يۈگۈرۈپ كىردى ۋە ئۇدۇل ئايدىڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ

"ئانا، ئۆزۈم" دەپ چۇچۇك سۆزلىدى. ئانا بىر ساپ ئۆزۈم بېرىپ چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىغا باردى. دادىسى كۈلۈمسىرەپ بېشىنى سىلاپ قويدى-دە، يەنە ئوقۇۋەردى. ئانا شەرەت بىلەن ئۇنى قىچقىرىۋالدى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ ئەركىلەتتى. گۈللەيلى كىرىپ خان ئانىنىڭ تىزىغا يۆلىنىپ، شىنگىلە-دىن ئۆزۈم ئۆزۈپ ئاغزىغا سېلىۋاتقان بايتاشنى بىرنېمىلەرنى دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەركىن ئىشىكتىن ئاۋايلاپ كىردى-دە، ئىشىك يېنىغا كەلگەن بايتاش بىلەن گۈللەيلىگە يول بېرىپ:

— بۆركۆتبەگ كەلدى، — دېدى ئۇ ئۆيدىكى جىملىقنى بۇزۇپ. خان خەتتىن كۆز ئۈزمەي، "كىرسۇن!" دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئەركىن چىقىپ هايال بولماي بۆركۆتبەگنى باشلاپ كىردى ۋە چىقىپ ئاستا ئىشىكنى ياپتى.

— ئولتۇرۇڭ، بۆركۆتبەگ، — دېدى ئايدىڭ ئوڭ ياقىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

بىرپەستىن كېيىن ئىشىك ئىچىگە ئېچىلدى ۋە ئالدىراپ ئارسلان كىرىپ كەلدى.

— ئىشلار چاتاق، — دېدى ئۇ توغرۇلنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئورۇن-دۇققا ئولتۇرۇپ، — كۆكياردىكى مىڭباشى قاغىلىقتا باستۇرۇپ كەپتۇ. قاغىلىقتىكى چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ، بىر قىسمى گايى باشلىقلىرى بىلەن يەركەنگە قېچىپ كەپتۇ. ئەگەر يەركەندىمۇ شۇنداق بولسا ئىش چاتاق.

— ئېھتىمالىم يەركەندىمۇ شۇنداق بولار، — دېدى خان قولىدىكى خەتنى ئالدىدىكى پەس شىرەگە قويۇپ، — بىر يەركەندىلا بولسا

چوڭ گەپ ئەمەس، باشقا جايلاردىچۇ بارمان① ۋە باشقا يامانلاردىچۇ؟ يامانلار، ماچىن② بىلەن بىرلىشىپ كەلسىچۇ؟ ئىش چىقىشىمۇ تەييار تۇرۇش كېرەك.

— ئىش چىقسا، چاتاق بولسا ھودۇققۇلۇق ئەمەس، — دېدى باتۇرتاغا ساقاللىرىنى سىلاپ، — بىز زېرەك بولساق، يامان ئىشتىن ياخشىلىق چىقۇر.

ئىشىك ئېچىلىپ بىلگە تېكىن سالماقلىق كىرىپ كەلدى.

— كېچىكىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ، — دەرس ئۈستىدە ئىدىم، باللار سوراقلار تاشلاپ، ھايال بولۇپ قالدىم، — ئۇ ئوتتۇرىدىراقتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— قانداق سوراقلار؟ — دېدى خان ئانا قىزىقىپ.

— يەنە شۇ ئەل ئارىسىدىكى گەپلەر. "زادى قايسى دىن دورۇس؟"، "بىزنىڭ ئۇلۇسىمىزنىڭ ئەسلى نەسلى"، "ئاسماننىڭ سىرى"...

— سىزنىڭ يۈكىڭىزمۇ يەڭگىل ئەمەسكەن ھۆرمەتلىك بىلگە تېكىن، — دېدى خان ئانا كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر بىزگە ئۇلاردىنمۇ كاتتا سوئاللارنى يېشىشكە توغرا كەلمەكتە، ئەلنىڭ تەقدىرى! كۆكيار مىڭباشى توپىلاڭ قىلىپ چېرىكلىرىنى باشلاپ قاغىلىققا كىرىپتۇ. ئەل ئىچىدە ھەر خىل مىش-مىشلەر كۆپەيدى. بىز ئەمدى بۇ توغرىدا چاپسانراق بىر قارارغا كېلىشىمىز كېرەك.

— قېنى، بۇركۇتبەگنىڭ سۆزىنى ئىشىتەيلۇك، — دېدى خان

① بارمان — ئاقسۇ.

② ماچىن — خوتەن.

ئۇنىڭغا قاراپ.

— ھاكاۋۇر يەركەن يولىدا قولغا چۈشتى، — باشقىلار بىر-بىرىگە قاراپ قوزغىلىشىپ قويىدى، — ساۋۇقنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتچى يوقاپ كەتتى...

— ئاپلا، ئۇنى قولدىن چىقارماسلىق كېرەك ئىدى. سورۇشتە قىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئارسلان.

— ئۇ تاغدىكى تۇغقانلىرىمنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ سوراپ كەتكەنىدى، دەيدۇ. ئۇ ھاكاۋۇر بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەن. ھاكاۋۇر بۇنى بويىنىغا ئالدى. ئۇ يېڭىساردىن ئۆتۈپ چۆلگە كەلگەندە، ھازىر كېلىمەن دەپ يوقاپ كەتتى، دەيدۇ. ئۇ، "ساۋۇقبەگ مېنىڭ تاغلىق تۇغقۇنۇم، دېگەن" دەيدۇ. ئۇ خىزمەتچى يېڭىساردا ئارقىلىرىغا كىرگەن بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى پايقاپ قالغان بولسا كېرەك.

— ھاكاۋۇر يەنە نېمىلەرنى ئېيتتى؟ — سورىدى خان.

— ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار شەھەر ئىچىدە تەييارلىنىپ، كۆكيار مىڭباشى يەركەننى ئېلىپ بۇ ياققا ماڭغاندا ھەرىكەت قىلماقچى ئىكەن.

— ئۇلار كىملەر ئىكەن؟

— ساۋۇقبەگ، ئاغىچى تېكىن، ھاكاۋۇر، يەنە ھېلىقى "خىزمەتچى"مۇ بولسا كېرەك. ئۇ ساۋۇق بىلەن دائىم يوشۇرۇن سۆزلىشەتتى. مېنى كۆكيارغا باشلاپ ماڭغان شۇ دەيدۇ. يەنە ئۇ، بۆردەبەگ، بەگ بىلىگلەرمۇ بولسا كېرەك، ئۇلارمۇ ساۋۇقنىڭ ئۆيىگە كېچىلىرى كېلىدىغان دەيدۇ. باشقىلىرىنى مەن ياخشى بىلمەيمەن، دەيدۇ.

— ياخشى بىلمەسلىكى ئېھتىمال، — دېدى باتۇرتاغا، — ئۇلار

بۇنىڭغا ھەممىنى بىلگۈزمەيدۇ. بۇنىڭ دادىسى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش قەھرىدىن پايدىلانغان.

— بۇركۈتبەگ، مەن سىزگە ئېيتمىدىممۇ؟ — دېدى تۇغرۇل نارازى قىياپەتتە، — ھېلىقى "خىزمەتچى" دېگەننى قولدىن چىقارماسلىق كېرەك ئىدى. ئۇ ياقا ئەلنىڭ ئايغاقچىسى. ئۇ، ئىلگىرى بەركەنلىك دىۋانە بوۋاينى يەركەن يولىدا ئۆلتۈرۈپ، شۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان، كېيىن بىزنىڭ سېزىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىپ ئاتۇشلۇق بىر قېرى تاۋاقچىنى ئۆلتۈرۈپ، دىۋانە كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ سۇغا تاشلاپ قويۇپ يوقالغان. ئاندىن، ئىككى يىل ئىلگىرى — ساۋۇق تۇنەكتىن چىقىشتىن بىر يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە "تاغلىق تۇغقىنى" بولۇپ پەيدا بولغان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزمۇ شۇنداق.

— سىز كېچىكىپ ئىگەللىگەنسىز، — دېدى بارسبەگ، — ئىگەللىگەندىن كېيىن قاچۇرماسلىق لازىم ئىدى.

— ئىش ئۆتتى، تەگمەيلى، — دېدى خان، — ھوشيار بولۇش كېرەك. ئۇ، يەنە باشقا سىياقتا، باشقا جايدا كۆرۈنۈشى ئېھتىمال. خوش، بۇلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— بىزنىڭ پىكرىمىز، — دېدى بۇركۈتبەگ، — بۇلارنى چاپسان قولغا ئېلىش كېرەك.

— بەگ بىلگە، بۇ بەگلەرنىچۇ؟ — سورىدى ئايدىڭ.

— ئۇلارنىمۇ قوشۇپ. يەنە ئوردۇكەنت شەھەرباشى تېكەبەگ، ئۇندىن باشقا ئىلگىرىكى چوڭ راھىب. ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ئىككى يەردە. بىرى، ساۋۇقنىڭ ئۆيى، يەنە بىرى، تېكەبەگنىڭ ئۆيى. يېقىندىن بېرى ھەرىكەتلىرى قويۇقلاشتى.

— تېكەبەگ، مېنىڭچە تۈپ يۆلەنچۈكى، — دېدى خان شىرەدىكى قەغەزنى ئېلىپ ئىككى ۋاراق ئۆرۈپ، — بۇ، ئارسلان تېكىن بىلەن توغرۇل سۇباشىنىڭ ئېنىقلىمىسى، — ئىززاھات بەردى خان، كېيىن خەتنى ئوقۇدى، — تېكەبەگنىڭ قولغا چۈشكەن بىتىكچىسى (ئۇ، ئۆز يۇرتى مەكىتكە بارغاندا قولغا ئېلىنغان، تېكەبەگ تېخى بىلمەيدۇ) تاپشۇردى: كۆكيار مىڭباشى يەركەننى ئالغاندىن كېيىن، تېكەبەگ باش بولۇپ ئوردۇكەنتتە قوزغالماقچى. ئاۋۋال قىلىچنى ۋە ئۇنىڭ قارۇغچى چېرىكلىرىنى يوقىتىپ، ئاندىن خاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى (ئانا چۆچۈپ، قوزغىلىپ قويىدى) كېيىن، ئارسلان بىلەن توغرۇلبەگنى جايلىماقچى — قاراڭلار، سىلەرنىڭ بېشىڭلارمۇ ئۇلارغا كېرەك ئىكەن، هە، قاراڭلار، خانلىقنىمۇ قۇرۇپ بولغان. تېكەبەگ خان، تېكىن ئاغىچى يۇغۇرۇش، كۆكيار مىڭباشى سۇباشى، ئوردۇ ئاغىسى يەنە شۇ ساۋۇقبەگ. بىچارە، چۈشىدە كۆرۈپ يۈرگەن ئورنىغا يەنە چىقماقچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ رېجىسى باشقا ياقلاردىنمۇ ئېنىقلانغان. شۇنداقمۇ توغرۇلبەگ؟

— شۇنداق.

— ئىش ئايدىڭلاشتى، — دېدى باتۇرتاغا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — دېمەك، ئۇلارنىڭ رېجىلىرىنى باشلاشقا ئۇزاق قالمىدى. شاياتۇن-لارنى چاپسانراق قاپقا سېلىش كېرەك. چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

— دۈج كەلگەن ئاپەتنى يوقىتىپ، خەلقنى ساقلاش كېرەك، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان قەتئىيلىك بىلەن، — مىڭباشىنىڭ تۇپىلە-ڭىگە قارشى جەڭ قىلىپ ئۇنى باستۇرۇپ يەركەننى ساقلاش، قاغىلىقنى قايتۇرۇۋېلىش لازىم، بۇ ئىشقا سۇباشى توغرۇلبەگ باش

بولسۇن. ئوردۇكەنتتىكى ئاياتۇنلار ئۇۋۇسىنى قېزىپ، باتۇرتاغا ئېتىغاندەك قاپقا سېلىش كېرەك. بۇ ئىشقا ئارسلان باش بولسۇن، بۇركۇتبەگ ياردەم قىلسۇن. ئۇبدان تەييارلىنىپ پۇختا ئىش قىلماق كېرەك. قېرى راھىبقا تەگمەي تۇرۇڭلار، بەگ بىلگە بىلەن بۆربەگ ياۋاشلىق قىلسا كەچۈرۈشكە بولار. سادىقنى تېپكىن ئاغىچى، تۇمەنباشى ھەم ساۋۇققا قارىتىش كېرەك. — سۇتۇق بۇغراخان خان ئانىغا قاراپ قويدى. خان ئانا رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، باشقىلار قوشۇلدى.

## بەشىنچى باب

# قوش توي

قىلىچ بىلەن قۇندۇزنىڭ تويى بولغىلىۋاتىدۇ. يۇلتۇز ئۇنى دوستلىرى بىلەن ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى. يۇلتۇزنىڭ ئىچكىرىكى ھويلىسى، ئۇدۇل ئامغا تاقاپ سېلىنغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئۆيگە تولغان قىزلار قۇندۇزنى ئارىغا ئېلىپ، شوخ چاقچاقلار قىلىشماقتا. قىزلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى ئۆيگە تولغان. قۇندۇز تويغا بېزەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئۇز بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزغۇچ مەڭزىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئويناق كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ئۇ قىزلارنىڭ چاقچاقلىرىغا كۈلۈپ قوياتتى. لېكىن ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى يەنە تۈرۈلەتتى. قىزلار قۇندۇزنىڭ بۇ قىلىقىنى توي ئالدىدىكى قىزلارنىڭ ناز-خۇلقى ھېسابلاپ تېخىمۇ چاقچاق ياغدۇرۇشاتتى. توي ئالدىدا ھەربىر قىزنىڭ، ئەگەر ئۇ ئۆزى خالىغان توي بولسا، شېرىن تۇيغۇلىرى ۋە ئۆزى سۆزلەپ بېرەلمەيدىغان ياخشى ھېسسىياتلىرى بولۇشى تەبىئىي. مۇنداق ھېسسىياتلار قىزلاردا ھەر خىل ئىپادىلىنىدۇ. گايىلىرى خۇشلۇقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالسا، گايىلىرى لەۋلىرىنى چىشلەپ خۇشلۇقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. قۇندۇزدىمۇ بۇ خىل شېرىن تۇيغۇ-ھېسسىياتلارنى يوق دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئۇمۇ تويى بولۇۋاتقان بىر قىز-دە. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقى يوق ئەمەس. ئۇ ئانىسىنى ئويلايتتى. ئۇ

ئانىسىنى بىلمەيتتى، لېكىن، ئۇنىڭ بويىندىكى ئانىسى قالدۇرۇپ كەتكەن تۇمارى ئانىسىنى ئەسكە سالاتتى. ئاھ! بۇ خۇشاللىق كۆڭلىرىدە ئانىسى پەيدا بولسا. نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولغان بولاتتى-ھە؟ ئەپسۇسكى، ئانىسى يوق. ئانىسى زادى ھاياتمىدۇ؟ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن سۆزگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ، بار بولسا نېمىشقا ئارزۇلۇق قىزىنى ئىزدەپ تاپمايدۇ، راستلا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇيا؟! مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، قۇندۇزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولماي ئىلاجى يوق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقى يالغۇز بۇلا ئەمەس. قىلىچ بىلەن تويى بولغىلىۋاتىدۇ. ئۇ قىلىچنى ياخشى كۆرمەمدۇيا؟ ياق، مۇنداق دېيىش قۇندۇزغا ئەڭ چوڭ ھاقارەت بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ دۇنيادا ھازىرغىچە بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان جاندىن ئەزىز كىشىسى — قىلىچ. قىلىچمۇ قۇندۇزنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن قۇندۇز قىلىچنى ئۆز ئاكىسىدەك سۆيەتتى. ئىككىلىسى يېتىم قالغاندىن كېيىن قولدارنىڭ ئۆيىدە تارتمىغىنى قالمىدى. ئاخىرى ئۇنى قىلىچ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ئۇلار يىراق يۇرتلارغا بېرىپ جاپالىق كۈن ئۆتكۈزدى. قىلىچ راستلا ئاكىسىدەك كۆيۈمچانلىق بىلەن قۇندۇزنىڭ بېشىنى سىلايتتى. شۇڭا قۇندۇز قىلىچنى "قىلىچ ئاكا" دەپ ئاتىدى. كېيىنرەك قىلىچ دېگەن نامنى دېمەي "ئاكا" دەپ ئاتايدىغان بولدى. قۇندۇز ئاكىسىنى ئويلەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سىڭىللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى بەكمۇ خالايتتى. بۇ تىلىكىنى ئۇ قىلىچقىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان، "مېنىڭ بىر ئوبدان يەڭگەم بولسا، ئۈچىمىز بىللە ئۆمۈر بويى ئىناق ياشساق، ھە، ئاكا" دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى قىلىچقا، قىلىچ قۇندۇزغا جاۋاب بەرمەي كۈلۈپلا قويغانىدى. سۇتۇق بۇغراخان

بۇ ئىككىسىنى قۇل بازىرىدىن ئازات قىلغاندا، "سىلەر ئاكا-سىڭىلمۇ، يا ئاداشمۇ؟" دېگەندە ئىككىلىسى جاۋاب بەرمەي، يەرگە قاراۋالغانىدى. شۇنىدىن كېيىن ئوقۇلدا، ئوردۇ ئىچىدە، دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇلارنى چوقۇم توي قىلىدىغان جۈپلەر دېگەن قاراش ئاللىقاچان مۇقىملىشىپ بولغانىدى. دوست-ئاغىنىلىرىنىڭ چاقچاقلىرىمۇ مۇشۇنىڭدىن يىراق كەتمەيتتى. ھەتتا سۇتۇق بۇغراخان، ئايدىڭ، ئارسلان، يولتۇزلارمۇ "تويىنى قاچان قىلىمىز" دەپ بۇلارنى جىق ئويالدۇراتتى. بۇنداق شارائىت ئاستىدا "توي قىلساق بولارمۇيا؟" دېگەن ئويلار مېڭىسىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى، "ئاكا-سىڭىلدەك تەك ئۆستۇق، لېكىن ھەممىسلا توي قىلىڭلار دەۋەرسە، ئىلاجى يوق ئىش ئوخشايدۇ-دە" دەپ تەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى ئۇلار. يېقىندا بۇغراخان ئايدىڭغا "قىلىچ بىلەن قۇندۇزنىڭ تويىنى قىلىدىغان ۋاقىت ئاللىقاچان كەلدى، ئەمدى كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك، دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چىڭ تۇتۇپ توي تەييارلىقىنى قىلدى. مانا بۈگۈن توي بولىۋاتىدۇ.

كەچقۇرۇن كۆز قاراڭغۇلاشقاندا، قىلىچ دوستلىرى بىلەن قىزنى كۆچۈرگىلى كەلدى. قىز-يىگىتلەر داقا-دۇمباق، ناخشا-قوشاقلار بىلەن يوسۇن-ئادەت بويىچە قۇندۇزنى قىلىچنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ باردى. قاپىقىدا توساق، ھويلىدا چاچقۇ، ئۆيدە نەغمە-نۇسۇل، ھەممىسى قايناپ كەتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ دوستى ساندۇلاچ بارىبىت ئوتقان بېشىغا ئاق كىرگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنى باشلاپ قىلىچنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. بۇ ئايالنى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ساندۇلاچ ئوقۇلدىن قايتىشتا بارىبىت چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانىدا كۆرگەنىدى. ئۇمۇ كىشىلەر قاتارىدا

تۇرۇپ ئاڭلاپ، بۇ ئايالنىڭ باربىت چېلىپ، قوشاق ئېيتىشىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇنى قۇندۇزغا ئېيتقاندا، قۇندۇز "بىر چالدۇرۇپ ئاڭلىساق بولىدىكەن" دېگەنىدى. ساندۇلاچ توي ئۈستىدە ئاڭلىتىش ئۈچۈن، باربىتچى ئايالنى باشلاپ كەلگەنىدى. باربىتچى ئايال ئوردۇكەنتكە كەلگىلى بىرنەچچە ئاي بولغان، "كەمبەغەلگە شەپقەت بار" دېگەن بۇ شەھەردىن ھېچقانداق بىرەر مەدەت ئالالمىغانىدى. ئۇ بۇ شەھەردىن ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ دېرىكى چىقىپ قالار دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇنىڭدىنمۇ دېرەك يوق. ئۇلار ھويلىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇ ھويلىدىن ئەلنەغمە، قوشاق ئاۋازى چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— گۈل قىزىم، بۇ ھويلىدا بىرەر مەرىكە بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى قىزغا قاراپ.

— نېمە مەرىكە بولاتتى، توي بولۇۋاتىدۇ.

— كىمنىڭ تويىدۇ — بۇ؟

— بۇنى كىرگەندىن كېيىن كۆرىسىز، — دېدى ساندۇلاچ ۋە باربىتچى ئايالنى باشلاپ دەرۋازىدىن كىردى.

— ئاچا، قورسىقىڭىز ئاچتۇ بەلكى، مەيەرگە كېلىڭ، — دېدى ساندۇلاچ باربىتچى ئايالنى باشلاپ كىرىپ، ھويلىدىكى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ. ئۇ ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. باربىتچى ئايال پۇتلىرىنى سوزۇپ باربىتنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ھەر خىل كىشىلەرگە ۋە تاۋاق-تاۋاقتا ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقان تاماقلارغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ھېچقايسىسى پەرۋا قىلمايتتى. ئۆيدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان نەغمە-ناۋا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويلايتتى ئۇ: "كىمنىڭ تويى بولغىيدى، بۇ؟ بىرىگە

تويى-تاماشا، بىرىگە ئاچ-زارلىق. تەڭرى بۇ دۇنيانى شۇنداقمۇ تەڭسىز يارىتارمۇ؟!... بولسا ئۇلارنىڭمۇ تويىنى قىلىدىغان ۋاقت بولۇپ قالدى، بىراق قۇللارغا توي نەدە...»

ساندولاچ ئۆيدىن بىر پارچە گۆش، بىر نان سېلىنغان تاۋاقنى، يەنە بىر قىز بىر چىنە بىلەن بىر چۆگۈن چاينى ئەپچىقىپ باربىتچى ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى، ساندۇلاچ:

— بۇ تويىنىڭ نېسىۋىسى ئاچا، قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋالسىلا، توي قىلىۋاتقان قىز-يىگىتكە دۇئا قىلىپ قويارلا! — دېدى.

— ھەشقاللا گۈل قىزىم، تەلەيلىك بولغايلا — دېدى باربىتچى ئايال، ئۇ گۆش بىلەن ناننى ئىشتىا بىلەن يېدى. كېيىن ھېلىقى قىز قويۇپ كەتكەن چۆگۈندىن چاي قۇيۇپ بىر پىيالە ئىچىپ، ساندۇلاچتىن سورىدى، — توي قىلىۋاتقان قىز-يىگىت تەلەيلىككەن، بۇلار زادى كىم بولىدۇ؟

— كىم بولاتتى دەيلا. قىلىچ بىلەن قۇندۇز. قىلىچنى ئاڭلىغانمۇ؟ نامى بار يىگىتقۇ ئۇ، ئوردۇ قارۇغباشى؟

— ھە، كاتتا كىشىنىڭ تويىكەن، تەڭرى قۇت بەرگەي، — دېدى باربىتچى ئايال.

— مەن سىلىنى مۇشۇ تويغا باربىت چېلىپ، قوشاق ئېيتىپ بېرەمدىكىن دەپ باشلاپ كەلدىم. تاماقلىرىنى يەپ بولسىلا. ئاندىن ماۋۇ ئۆيگە كىرەمسىز، — دېدى ساندۇلاچ نەغمە چېلىۋاتقان ئۆي تەرەپنى كۆرسىتىپ.

باربىتچى موماي گۆش بىلەن ناننى يەپ چاي ئىچكەندىن كېيىن چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، تاتارغان رەڭگى-روپى ئېچىلىپ قالدى. باربىتنىڭ ياماقلىق كونا كىيىملىرى ۋە چۇۋالچاق چاچلىرى ئىچىدە

چىرايلىق سىياقى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاپاكەشلىكىدىن بېشىغا ۋاقىتسىز ئاق كىرگەن بولسىمۇ، يېشى قىرىق بەش ئۆپچۆرىسىدە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. چىرايلىق قويۇق كۆزلىرى ئەتراپىغا ئۆتكۈر مەنىلىك قارايتتى. بۇ دىۋانە ئايالنىڭ ھېسابسىز دەرد-ئەلەملەر تارتقانلىقىنى، ئەمدى سىزىق كىرگەن پېشانىسىدىن ۋە تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىدىن بىلىپ ئېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەرگە كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي، باربىتچى ئايال دەپ نامى چىقتى. ئۇنىڭ باربىتقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىدىغان مۇڭلۇق قوشاقلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. سۇنۇق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بولسا كۆزىدىن ياش چىقماي قالمايتتى. لېكىن ئۇ يەنە ماكانسىز دىۋانە. تاپقان پۇلى قورسىقىغا ئاران يېتەتتى. ئۇ: "بۈگۈن تويغا نېمە ئۈچۈن قىچقىرىپ كەلگەندۇ، شۇنچىۋالا نەغمىچىلەر تۇرسا؟!... بۇ باي قىز-يىگىتلەر زاڭلىق قىلىپ ئوينىماقچىمۇ-يا؟..." دەپمۇ ئويلايتتى.

باربىتچى ئايال تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ساندۇلاچ ئۇنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. ئۇ كىرىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ نەغمە ئاڭلىدى. ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدا ئىشتىياق بىلەن چېلىۋاتقان بىر باربىتچى ئەر كىشىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ باربىتقا خېلى ئۇستا ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا ساتارچى، تەمبۇرچى، دۇتارچى ھەم نەيچىلەر بار ئىدى. ئالدىدىراق ئۇزۇن چار ساقال بىر كىشى چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالۇن چالاتتى. باشقا چالغۇچىلار قالۇنچىغا ئەگىشەتتى. ئەلنەغمىچىلەر نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى تۈگىتىپ، يەنە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پەدىگە ساز چالدى. كېيىن ئۇلار سازلىرىنى ئاستا توختاتتى. يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ئۆيدىكى قىز-

يىگىتلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى. تۆردە ئولتۇرغان قىلىچ بىلەن قۇندۇزمۇ سازچىلارغا يەڭگىل تازىم قىلدى.

— يولتۇز ئاچا، مانا مەن ماۋۇ بارىبىتچى ئاچامنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى ساندۇلاچ بارىبىتچىنى كۆرسىتىپ، — مەن سىزگە ئېيتقان تىمغۇ، بارىبىت، قوشاققا بەك ئۇستا. قۇندۇزمۇ بىر ئاڭلىساق دېگەندى.

بارىبىتچى ئايال ئورنىدىن قوپۇپ تۆر تەرەپكە قاراپ تازىم قىلىپ ئولتۇردى.

— بەك ياخشى، ئاڭلايلۇق، — دېدى يولتۇز ۋە بارىبىتچى ئايالغا قاراپ سورىدى، — ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز ئاچا؟

— بىر ماكانسىز دىۋانىمەن، — دېدى ئۇ ۋە گەپ ئارىلىقىدا يەر ئاستىدىن قىز-يىگىتكە قارىغانىدى، نېمە ئۈچۈندۇكى يۈرىكى دۈپۈلدەپ، تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. قانداقتۇر بىر تونۇش سۈرەتنىڭ سايىسى "لەپپىدە" قىلىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولدى...

ئۆيدە ئولتۇرغانلار تويۇقسىزلا "گۈر" قىلىپ ئورۇندىن تۇرۇشتى ۋە ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن كىشىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنى قارشى ئېلىشتى. بۇ، يولتۇزنىڭ ئېرى، ئوردۇ چېرىك ئىشلار ئولچىسى، تۇكسىن ئارسلان ئىدى. بارىبىتچى ئۇنى تونۇمىسىمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ ئاستا ئورنىدىن قوپتى.

— ئولتۇرىلى، ئولتۇرىلى، — دېدى ئارسلان كۈلۈمسىرەپ ۋە كېلىپ تۆر تەرەپتە ئولتۇردى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزى بارىبىتچى ئايالغا چۈشۈپ ھەيران بولدى. ياسانغان قىز-يىگىتلەر ئارىسىدا بۇنداق بىر ياماق كىيىملىك دىۋانە ئايالنىڭ ئولتۇرۇشى ئۇنى ھەيران قالدۇرماي قويمايتتى، ئەلۋەتتە. يولتۇز ئارسلاننىڭ دىققەت قىلغانلىقىنى سېزىپ دېدى:

— بۇ ئاچىمىز ئۇستا باربىتچى، قوشاقچى ئىكەن. ساندۇلاچ تونۇيدىكەن. ئۇ باشلاپ كەلدى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ. تويىمىزغا توي، نەغمە ئۇستىگە نەغمە قوشۇلىدىكەن-دە؟ — دېدى ئارسلان كۈلۈمسىرەپ. — سىلى بۇ شەھەرلىك بولمىسىلا كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. زامانىڭ كاجلىقىدىن ۋەيران بولغان بىر ئاۋارىمەن

— باشقا تۇغقانلىرى يوقمۇ؟

— يوق... ھە، بار ئىدى، بىر جۈپ كۆز قارىچۇقۇم بار ئىدى، ئۇلار ئەمدى يوق. بەلكى ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى چۆللەردە قاغجىراپ ياتقاندۇ... ۋە ياكى ئۇ بوتىلاقلىرىم غېرىپ ئانىسىنى ئىزدەپ، بوزلاپ يۈرىدىغاندۇ...، — باربىتچى ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ، گېلى بوغۇلغاندەك قىلدى. كېيىن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە دېدى: — ۋاي! نېمە-لەرنى دەۋاتىمەن، بۇ قايغۇلۇق سۆزلەرنى بۇ يەردە ئېيتىشنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى...، — باربىتچى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

باربىتچىنىڭ سۆزى كۆپچىلىككە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. گايى قىزلار كۆز ياشمۇ قىلدى. قىلىچ بولسا قانداقتۇر بىر سىرلىق ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندەك باربىتچىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلاتتى. بولۇپمۇ باربىتچى "بىر جۈپ كۆز قارىچۇقۇم"، "بوتىلاقلىرىم" دېگەن سۆزلەرنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەزايى-بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى-دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى. ئۇ، "بۇ... قانداقچە ئۇ بولسۇن؟!" دەپ ئويلىدىيۇ، پىكىرلىرى چىگىش-لىشىپ كەتتى. ئاۋالقى خۇش خۇي سىياقىدا غەم بەلگىلىرى كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋالنى سېزىپ تۇرغان ئارسلان بىلەن يولتۇزمۇ ھەيران بولۇپ

بىر-بىرىگە قاراشتى. قۇندۇز بىلەن ساندۇۋلاچ ئارسلان بىلەن يۈز-
ئۆزغا قاراپ قالدى. ئۆيدە قايغۇلۇق جىمجىتلىق پەيدا بولدى.
بارىبىنچى ئايال بولسا كۆز ئالماي قىلىچقا قارايتتى. قىلىچ يۈكىنى
ئېلىپ، ياغلىق بىلەن پېشانە تەرىنى سۈرتكىلى تۇرغاندا، بارىبىنچى
ئايال ئۇنىڭ ئوڭ چېكىسىدىكى ماشىنىڭ مەڭىنى كۆرۈپ "ئاھ!" دەپ
سالدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ياش ۋاقتىدا بوۋاقنىڭ چېكىسىدىكى مەڭگە
سۆيۈۋاتقان بىر كۆرۈنۈش ئۆتۈپ كەتتى...

— بۇ نېمە بولغىنى باللار؟ — دېدى ئارسلان كۈلۈپ، — توي دېگەن توي بولسۇن-دە، ئوينايلى، ناخشا ئېيتايلى.

— شۇنداق قىلىلى، — دېدى يۇلتۇز كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — مۇشۇ ئاچامنىڭ بارىبىت قوشۇغىنى ئاڭلىساق قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېيىشتى قىز-يىگىتلەر.

— قېنى ئاچا، كۆز-قۇلىقىمىز سىلىدە، — دېدى ساندۇۋلاچ.

ئايال رۇسلىنىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بارىبىتنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سازلىدى. بارىبىت كونا، كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تارلىرى ئايالنىڭ چەككەن بارماقلىرى ئاستىدا ناھايىتى ساز جاراڭلايتتى ھەم قەدىناس ئىگىسىنىڭ مۇڭىغا مۇڭ قوشاتتى. ئايال بارىبىتنى سازلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەم يېقىملىق، ھەم مۇڭلۇق ئاھاڭنى باشلاپ چالدى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بارىبىتقا تەڭكەش قىلىپ قوشۇغىنى باشلىۋەتتى:

بىر قوشۇغ ئەيتايىن ئىشتىكىل يادوس،
مەن بىتىم بارىبىنچى غەرىپ دىۋانە.
بۇ ئاۋۇن چۆلدە سەرگەردان بولغان

يۇرتۇم يوق، ماكانسىز، گاداي ۋەيرانە.
باربىتىقا جان يېپىدىن تارلار سالدىم،
زارىمنى، ئاھىمنى كۈيلىگەي ئۇ دېدىم،
ئۇ ماڭا قەدىناس، سىرداش ھەم مۇڭداش،
جاھانغا دادىمنى جارلىغاي دېدىم.
باربىتنىڭ مۇڭىغا قۇلاق سالغايسىز،
زەرداپلىق يۈرەكتىن قىلىدۇ بايان.
قۇللارنىڭ جاپالىق كەچمىش كۈنلىرى،
پىيپانىڭ تىلىدىن بولىدۇ ئايان.
ئاتامنىڭ ئەتىۋار قىزى ئىدىمەن،
كىچىكىمدىن ئۇ ماڭا ئۆگەتكەن باربىت،
دېدى ئۇ: "بودۇندىن ئۆگەنگىن قوشۇغ،
تۇز بەرگەن ئېلىڭنى دائىم ئەستە تۇت.
كىم بىلسۇن بۇ پەلەك تەرسالىقىنى،
ئاپىرىپ جاللاتنىڭ ئالدىغا ئاتتى.
بىر پۇچەك پۇلى يوق، پۇچۇق نېنى يوق،
تاياققا، توقماققا، قامچىغا ساتتى.
نەدىكىن ئۇ بىر جۈپ كۆزۈم قارىچۇقى،
چۆللەردە سۆڭەكلىرى قۇرۇپ ياتقاندۇ.
ۋە ياكى ئانىسىز بوتىلاقلاردەك،
ناغلاردا ياش تۆكۈپ بوزلايدىغاندۇ.
"ئامان" ئىدى قۇلۇنۇمنىڭ ئېتى چىرايلىق،
ئامراق ئىدى باغرىمغا زادى قانمىغان،
قوزامغا ئات قويۇلغان "چىمەنگۈلۈم" دەپ،

ئۇ تېخى بوۋاق ئىدى سۈتكە قانمىغان،
ئادالەت نەدىكىن-تاڭ، ھېچ بىلمىدىم.

. . . . . . . . . . . .

بارغانچە مۇڭلۇق، بارغانچە زارلىق ئېيتىلغان قوشۇق بارىسىغا ئەگىشىپ بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. ئايال شۇنداق تەسىرلىك قوشاق ئېيتاتتىكى، ئۆيدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىپلا ئالدى، ھەممەيلەن دىققەت بىلەن كۆز تىكىپ ئاڭلايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇندۇزمۇ بار. قىلىچ بولسا ئالاھىدە ھاياجان بىلەن ئاڭلايتتى، ئۇ توختىماي پېشانە تەرلىرىنى سۈرتەتتى... بولۇپمۇ ئايال تاراملاپ كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ "نەدىكىن ئۇ بىر جۈپ كۆز قارىچۇقۇم" دېگەندە، قىلىچ ئىختىيارسىز تەۋرەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ بىر قولىدا يېنىدا ئولتۇرغان قۇندۇزنىڭ قولىنى بارغانچە مەھكەم قىساتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىگە قانماي تىكىلەتتى. قۇندۇزمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتى. ئايال پىغانلىق ئاھاڭ بىلەن زارىنى كۈچەيتىپ: "ئامان"، "چىمەنگۈل" دەپ، ئۇلارنىڭ كىچىكلىكىدىكى كونا ئاتلىرىنى تىلغا ئالغاندا، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئەمدى ئانىسى ئىكەنلىكىدە گۇمان قالمىدى. قىلىچ چاچراپ ئورنىدىن قوپتى-دە "ئانا!!!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ باربىتچى ئايالنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانا قوشىقىنى توختىتىپ، باربىتچى يەرگە قويۇپ ئوغلىنى قۇچاقلاپ چېكىسىدىكى مېڭگە سۆيۈپ يىغلايتتى. ئانا-بالا بىرپەس يىغلاشقاندىن كېيىن ئانا يىغلاپ تۇرۇپ "ئاۋۇ قىز ئەسلى نەدىن ئىكەن بىلەمسەن، بالام؟" دەپ سورىغانىدى، قىلىچ: "ئۇ بىر بىچارە ئىكەن. ئاشۇ قىزىل بۇرۇن كىچىكىدە يەنە بىر قولدارغا سېتىپتىكەن" دېدى.

ئانىنىڭ بېشى قېيىپ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇ، دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ، ھەيران بولۇپ ئولتۇرغان قۇندۇزنىڭ بويندىكى تۇمارنى ئېلىپ قارىدى-دە، ئۇنى باغرىغا باستى ۋە ئۇنى پېشلەپ، ئامانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى: "بولمايدۇ، زادى بولمايدۇ... سىلە ئاكا-سىڭىل-بىر تۇغقان" دېدى ئانا. "ۋاي ئانا، نېمە دەۋاتىسىز، بۇ راستمۇ زادى!؟" دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى قىلىچ. "راست، راست بۇنىڭغا ئىشەن" دېدى ئانا ۋە ياشلىرىنى سۈرتۈپ كۆپچىلىككە قاراپ: "ۋاي ئوغۇللىرىم، قىزلىرىم، بۇلار ئاكا-سىڭىل، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئامان، ماۋۇسى قىزىم چىمەن، ئۇلار ئاكا-سىڭىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ" دېدى ئۇ ئامان بىلەن چىمەننى قۇچاقلاپ يىغلاپ. ئەمدى چۈشەنگەن چىمەن ئانىسىنى قۇچاقلاپ ۋارقىراپ يىغلىدى. ئانا ۋە ئوغۇل-قىز قۇچاقلىشىپ ھۆركىرەپ ئۇزاق يىغلاشتى...

ئۆيدىكىلەرگە ئىش ئايدىڭلاشتى. ئۇلار ئىنتايىن تەسىرلەندى، كۆزلەردىن ياشلار تۆكۈلدى. لېكىن "بۇ ئىش زادى قانداق بولغان؟!" دەپ ئەقلىغە سىغدۇرالمايتتى ئۇلار. ئارسلان بىلەن بۆلتۈز بېرىپ، ئانا-بالىلارنى جۇۋۇتۇپ، ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— ئىشىنىڭ تەكتى بىزگە چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى ئارسلان ئانىنى جۇۋۇتۇپ، — توي ئەلۋەتتە بولمايدۇ. بۇ چوڭ ئۇقۇشۇلماسلىق، بالىلاردا ئەيىپ يوق، بۇ تويىنى قىلىشقا قوشۇلغانلاردىمۇ ئەيىب يوق، ئەيىب زاماندا. سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىڭىز بەك ياخشى بولدى. ئانا-بالا، ئاكا-سىڭىللار تېپىشتى، بۇ تېخىمۇ چوڭ توي. بۇنىڭ ئۈچۈن ساندۇلاچقا ھەممىمىز ھەشقاللا دېيىشىمىز كېرەك. ئەمدى سىز بىزگە ئىشىنىڭ ئۆتمۈشىنى تولۇق

سۆزلەپ بەرسىڭىز!

ھەممەيلەن دىققەت بىلەن ئاڭغا تەلمۈرۈشتى. ئانا بۇلنۇز سۇنغان بىرچىنە چاينى ئىچىپ كۆڭلى ئازراق جايىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

"سۆزلىسە سۆز تۈگىمەيدۇ بالىلىرىم، بىزنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى ئىت-ئېشەكمۇ كۆرمەيدۇ، — دەپ سۆزىنى ھاياجان بىلەن باشلىدى ئانا، — بىز كۇچارلىق. مەن دادامنىڭ بىر يېتىم قىزى ئىدىم، بوۋاقلىقىمدا ئانام ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. دادام مېنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان. دادام سازچى ئىدى. ئۇنىڭ ساز چېلىپ، قوشاق قوشۇپ تاپقان ئاز-ماز نەرسىسى بىلەن بىز كۈن كەچۈرەتتۇق. مەن ئاۋاللىرى دادامغا ئەگىشىپ يۈردۈم. كېيىن قوشىقىغا قوشاق ئېيتىشىپ بېرىدىغان بولدۇم. ئون ئىككى يېشىمغا يەتكەندە، دادام ماڭا بارىبىت ئۆگەتتى. بىللە سازچىلىق، قوشاقچىلىق قىلىدىغان بولدۇق. مەن ئون بەش ياشلارغا كىرگەندە، بىر ياش بالا ساز ئۆگىنىش ئۈچۈن دادامغا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇ مەندىن تۆت-بەش ياش چوڭ ئىدى. ئۇ دادامنىڭ بىر دوستىنىڭ ئوغلى ئىكەن، ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قاپتىكەن، ئۇ ئوغۇل بىر-ئىككى يىلدىلا سازنى ئۆگىنىۋالدى. تەمبۇرنى ياخشى چالاتتى. ئەمدى بىز سازچىلار تۆگرىكى بولۇپ قالدۇق. دادام قالۇن چالىدۇ، مەن بارىبىت چالىمەن، ھېلىقى ئوغۇل تەمبۇر. بىز توي-مەرىكىلەردە، بازارلاردا ساز قىلىدىغان، قوشاق ئېيتىدىغان بولدۇق. خېلى نامىمىز چىقىپ قالدى بولغاي، ئۆز يۇرتىمىز ۋە باشقا يۇرتلاردىن كىشىلەر كېلىپ ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس بولۇپ قالدى.

ئىشقىلىپ قورسىقىمىز توق، كىيىمىمىز پۈتۈن. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتۈۋەردى. دادام بىچارە تويۇقسىز ئاغرىپ قالدى، بارغانچە چىرايى سارغىيىپ ئاجىزلىشىپ كەتتى. سارغىمۇ قاتنىشالماي، قان تۈكۈرۈپ يېتىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي بىز دادامدىن ئايرىلىپ قالدۇق. دادام ئۆلەر ئالدىدا مېلىقى ئوغۇل بىلەن ئىككىمىزنى ئالدىغا چاقىرىپ: "ھالىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى قوشۇپ قويارمەن دېگەنىدىم، ئارمىنىدا كېتىدىغان بولدۇم، ئىككىڭلار ئايرىلماڭلار، ۋاپالىق ئەر-خاتۇنلاردىن بولۇڭلار، مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن" دېدى، دادام ئۆلگەندىن كېيىن بىر قېرى ئايال تۇغقىنىمىز كېلىپ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ، بىزگە قاراشتى. دادامنىڭ يىلىنى قىلغاندىن كېيىن، يارانلار، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلەرنى چاقىرىپ بىزنىڭ توينىمىزنى قىلىپ قويدى. ئۇ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى..."

ئۆيدە ئولتۇرغانلار بارغانچە ھاياجان بىلەن ھېكايىنى ئاڭلايتتى. ئايالنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئارسلان بىلەن يۇلتۇزبەك تەسىرلەندى. قىلىچ بىلەن قۇندۇز ئاكا-سىڭىللىق مۇھەببىتى بىلەن تولغان كۆزلىرىنى بىر-بىرىگە تىكەتتى. ئايال بىر يۇتۇم چاي ئوتلاپ، پېشانىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

"....شۇنداق باللىرىم، كۆردۈڭلارمۇ، مانا بۇ چاچتىكى ئاقلارنى. مەن بۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلاردىن چوڭ بولساممۇ تېخى يېشىم ئەللىكتىن ئاشقىنى يوق. جەبىر-جاپا كىشىنى ئاسانلا ئۆپرىتىپ قويىدىكەن.... شۇنداق قىلىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىلەن دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ سازچىلىق قىلدۇق. خەلقتىن قوشاق ئۆگەندۇق. ئۆزىمىزمۇ يېڭى قوشاقلارنى قۇراشتۇرىدىغان بولدۇق، ئۆز ئىشىمىزنى ياقتۇرات-

ئۇق. بېشىدەم سازچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۆگىنەتتۇق، بىر بالىمۇ بولۇپ، ئۇ ئىككى ياشتا كىرىپ قالدى... ھە، كۆپلەر مۇشۇنداق تىنچ ئۆتۈۋەرگەندۇ دەمسىلە؟ ياق. پالاكەت ئەمدى باشلاندى. تېخى ئاتقۇلۇقلىرىمىز چىققەن. بىركۈنى ئەمدى ئۆيگە قايتىپ تۇرساق بىر ئادەم ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ گەپ-سۆز قىلماي ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئېچىپ كىرىشى بىزنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇزۇن ساقاللىق، قىزىلكۆز، كېلەڭسىز كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشىلا كىشىنى قورقۇتاتتى. "خوش كەپلا، ئولتۇرسىلا" دېدۇق بىز ئۇنى تەكلىپ قىلىپ. "مەن مېھمان بولغىلى كەلگىنىم يوق، سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم" دېدى ئۇ قوپال ئاۋاز بىلەن غودۇڭشىپ. "بەگ غوجام سىلەرنى يۆتكەپ كەل دېدى. سىلەرنىڭ ساز، قوشاقلىرىڭلار ئۇ كىشىگە يېقىپ قاپتۇ، بىلدىڭلارمۇ" دېدى ئۇ قولىدىكى قاتلاقلىق قامچا بىلەن ئېتىكىنىڭ توپىسىنى قېقىپ. بىز ئۇ بەگنىڭ ئۆيىدە بىرەر مەرىكە بولغۇدەك، بىزنى ساز قىلىپ بەرسۇن دېگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمىز، ئىش بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ تەتۈرى بولۇپ چىقتى. بىزنى ئۆز ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىدىكەن، بىز ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، كۆڭۈل ئېچىش ۋاقىتلىرىدا ساز قىلىپ بېرىدىكەنمىز. بۇنى راست دەپ ئويلامسىلەر، ياق، ئالدامچىلىق. سەن ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئىش تۈگىدى-دە! بۇ بەگ كۇچار دىيارىدا ھەممىگە خوجايىن بولغان، قامچىسىدىن قان تامىدىغان مۇشتۇمزور، چوڭ قۇلدار ئىدى. ئۇنىڭ دوست-تۇغقانلىرى، يالاقچىلىرى "بېگىم" دەپ ئاتىسا كۆپچىلىك قۇل-نامراتلار "قىزىل بۇرۇن" دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ قورسىقى يوغان، ئېشەك باش، داپ قۇلاق ۋە چوڭ قىزىل

بۇرۇنلۇق بەك سەت ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارغا شۇن
داق لەقەم قويغان. "قىزىل بۇرۇن" دېسە ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم
يوق، ئۇ يۇرتلاردىكى يەر، سۇ ھەممىسى شۇنىڭ. قوللىرىنىڭ سانى
يوق. نەيزىلىك چېرىكلىرىمۇ بىرنەچچە يۈزگە يېتىدۇ. بۇ يۇرتلاردا
ئۇنىڭ قامچىسى تەگمىگەن، كالتىكىنى يېمىگەن ئادەملەر ئاز. ئۇنىڭ
سۆزىگە سۆز ياندۇرۇشقا بولمايدۇ، سۆز ياندۇرساڭ ئەتىسى ئۆزەڭنى
قول بازىرىدا كۆرىسەن. بۇ كىچىك گەپ تېخى. يا كالتىكىنىڭ
ئاستىدا، يا قاراڭغۇ تۈنىكىدە ئۆلىسەن. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمىگە
نېمە دېيىش كېرەك؟! "بېگىم ساز ئاڭلىغۇسى كەلگەندە، بىز بېرىپ
چېلىپ بېرەيلى، ئۆيىمىزدىن ئايرىلمىساق" دېسەك، ئۇ "ھە،
بېگىمگە سۆز قايتۇرغىلىۋاتامسەن؟ بۇ ئۆي تېخى سېنىڭمۇ؟ ئاستى
بېگىمنىڭ. ئۆينى سېلىشتا داداڭ غوجامدىن قەرز ئالغان، چاپسان
نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇر" دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قامچا ئويۇ-
نىتىپ. مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆي ئۆزىمىزنىڭ، بىز
زادى بارمايدىغىنى، دېگەنىدى، ئۇ قامچىلاشقا باشلىدى. ئېرىم
قامچىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئۇرغانىدى، ئۇ يىقىلغان
ئورنىدىن مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ قوپۇپ، چۈشۈپ قالغان بۆكىنىمۇ
قارىماي تالاغا قاچتى. ئەمدى نېمە بولار دەپ قورقۇپ تۇرسام، ئۇ
ئىككى نەيزىلىك چېرىك باشلاپ كېلىپ ئېرىمنى باغلاتتى، كېيىن
قامچىسى بىلەن يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇپ قان چىقاردى. مەن ئۇنىڭغا
يېلىندىم. ناھايىتى ئالساڭ جانىنى ئالارسەن، قىلغىنىڭنى قىل دەپ
ئېرىمنى يۆلەپ تۇرىۋەردىم. ئىككى ياشلىق ئوغلۇم ئامان پېشىمنى
چىڭ تۇتۇپ، ئارقامغا مۆكۈپ يىغلايتتى. ئۇ، ئۆيدىكى نەرسە-
كېرەكلىرىمىزنى ئېلىشقىمۇ قويماي، بىزنى ھەيدەپ ماڭدى، ماڭماي

ئېلاجىڭ قانچە؟ ئېرىمنىڭ قوللىرى باغلاندى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا نەيزە-قامچا. كۆرگۈلۈكىمىز شۇنىڭدىن باشلاندى. چېرىكلەر بىزنى قىزىل بۇرۇننىڭ ھويلىسىغا ئەكىلىپ، ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى بىر كونا ئۆيگە تاشلىدى. كېيىن بىرسى كىرىپ ئېرىمنىڭ قولىنى بوشىتىۋەتتى ۋە بىر ياغاچ تاۋاقتا، ياغاچ قوشۇق سېلىنغان ئوماچ ئەكىلىپ بەردى. بۇ قىزىل بۇرۇننىڭ بىزگە "كۆڭۈل بۆلگىنى" بولسا كېرەك دېدۇق. گېلىمىزدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئامانغا زورلاپ بىرنەچچە قوشۇق ئىچكۈزدۇق. ئەتىسى چاشگا ۋاقتىدا ھېلىقى كېلەڭسىز ئادەم بىزنى باشلاپ ئىچكىرىدىكى ھويلىدىكى بىر كۆتۈرمە ئۆيگە ئەكىردى. ئۆي بەك سۆلەتلىك، بىز كۆرمىگەن نەرسىلەر جىققەن. ئۇدۇلدىكى تامنىڭ ئالدىدا، قېلىن كۆرپە ئۈستىدە تەكيىگە يانپاشلاپ قىزىل بۇرۇن يېتىپتۇ. ۋايجان، ئۇنىڭ سەتلىكىنى دېمەمدىغان، قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. دېۋە دېگەن مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن. ئېرىم بىلەن بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. ئامىنىم تىترەپ ئارقامغا ئۆتۈۋالدى. "ئولتۇرۇڭلار" دېدى قىزىل بۇرۇن. بىز چۆچۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئاۋازى كىشى قورققۇدەك يوغان ۋە سەت چىقتى. تىزلىنىپ ئۇدۇلدا ئولتۇردۇق. "باللار سىلەرنى ئازراق خاپا قىلغان ئوخشايدۇ، كېرەك يوق، ئۆيۈڭلارغا باشقا بىرسى بېرىپ ئولتۇردى، — دەپ يەنە ھېلىقىدەك سەت ئاۋاز بىلەن سۆزلەيتتى ئۇ، — ئەمدى سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار مۇشۇ يەر. ئاڭلىسام ئۇستا سازەندە ئىكەنسىلەر، بىزنىڭ ھويلىمىزغا سىلەردەك ئادەم كېرەك. گايىدا ساز چېلىپ قوشاق ئېيتىپ بېرىسىلەر، ئۇندىن كېيىن ئۆينىڭ خىزمىتىگە قارىشىپ بېرىسىلەر، تاماق-كىيىمىڭلار بىزدىن بولىدۇ" دېدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قىزىل بۇرۇن ھويلى-

سىدىكى "سازچىلىق" تۇرمۇشىمىز باشلىنىدى. ئەدىكى سازەندە
دېمىسىز، ھالىمىز قۇلىدىن بەتتەر بولىدى. گايى كۈنلىرى قىزىل
بۇرۇننىڭ كۆڭۈل ئاچقۇسى كەلگەن ۋاقىتلاردا، بېھىسى كەلگەندە،
ياكى توي-تۆكۈن بولغاندا ساز چالدۇرىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا
بولسا، ئېرىم ئاتخانىدىكى ئاتلارغا قارايدۇ، مەن بولسام باشقا دېدەك-
لەر بىلەن بىللە، ئۆي خىزمىتى قىلىمەن، مېنىڭ يېشىم چوڭراق
بولغانلىقتىن نان يېقىش، كىر يۇيۇش، بالا بېقىش... دېدەك ئېغىر
ئەمگەكلەرنى قىلدىم. كۈن چىققاندىن تارتىپ تۈن يېرىمىغىچە بىر-
دەم ئارام ئالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە
تەپمەك" دېگەندەك تىل-ھاقارەت، قامچىلارنىڭ دەردى. قىزىل
بۇرۇننىڭ ئىككى خاتۇنى بار ئىدى، چوڭى تۇغماس، كىچىكىنىڭ
ئۈچ-تۆت ياشلاردا ئىككى يىغلاڭغۇ بىشەم بالىسى بار ئىدى.
ئۇلارنىڭ ئۇرۇشمايدىغان كۈنلىرى يوق. قولى قىچىشسا مېنى ئۇرۇپ
ئوينايدۇ. "ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقامنى" قىلىپ، ئۇ
ئىككى خاتۇن بىر-بىرىگە دارتىمىلاپ مېنى تىللايدۇ، بەزىدە
شۇنداق سەت تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىدۇكى، چىدىغىلى بولمايدۇ.
ئېرىم بولسا سەككىز-ئون ئاتنى بېقىش، ئېغىل تازىلاشتىن باشقا
ھويلا سۈپۈرۈش، ئوتۇن يېرىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن باش كۆتۈ-
رەلمەيدۇ. قورساق تويغۇدەك تاماق يوق، ئاشقان-تاشقان تاماق،
كۆكىرىپ قالغان زاغرىلارغا ئوخشاشلار بىزنىڭ تامىقىمىز. بۇنداق
"تاماق"لارنىڭ ياخشىراقى ئۇنىڭ "بارس" دېگەن ئەتىۋار ئىتىغا
تېگىپ، ئاشقىنى بىزنىڭ. ئامان ئارقامدىن ئەگىشىپ "ئانا، نان!"
دەپ يىغلىغىنى يىغلىغان.

...كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى. ئامان بەش

باشقا كىرگەندە ئۇنى قوي بېقىشقا سالدى. چاپا-ئەلەم، ئاچلىق جېنىمىزنى بەك قىيناۋەتتى، ئېرىم جان ئاچچىقىدا قىزىل بۆرۈننى تىللاپ بىر قوشاق قېتىۋالغان، ئۇنى كىشى يوق يەردە ئېيتىپ ئۇچىمىز كۆڭۈل-كۆكسىمىزنى بوشىتىۋالاتتۇق. قىزىل بۆرۈن مېھمان قىچقارغان بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىزنى ساز قىلىپ بېرىشكە چاقىرىپتۇ. "باش-كۆزۈڭنى رۇسلىۋېلىش، چوڭ مېھمانلار بار" دەپ ئاگاھلاندۇردى كېلەڭسىز بىزگە. قاراڭ بۇ گەپنىڭ "چىرايلىق"لىقىنى. باش-كۆزۈڭنىڭ نېمىسىنى رۇسلايسەن؟ قورساقنىچۇ؟ تاماق بولمىسا ئۇنى رۇسلىغىلى بولمايدۇ-دە. ئەتىگەندىن بۇيان نان يېقىپ، بالا بېقىپ، ئات بېقىپ، ئوتۇن يېرىپ، قوي بېقىپ، سۇ توشۇپ هالى قالمىغان، ئاچلىقتىن قورسىقى كولدۇرلاپ تۇرغان سازچىلار قانداقمۇ "ساز" قىلسۇن؟! لېكىن ئىلاجىڭ قانچە. قىزىل بۆرۈننىڭ مېھمانخانىسىغا كىرسەك، شاراب ئىچىپ، ناز-نېمەتلەرنى يەپ، بىرمۇنچە باي بېگىملەر ئولتۇرۇپتۇ. بىزنى پەگا-دىكى كىگىزنىڭ پېشىگە ئولتۇرغۇزدى. مەن باربىت، ئېرىم تەمبۇر چالدۇق. ئامان دادىسى ياساپ بەرگەن كىچىك دېپىنى چالدى. ئۇ يەر-بۇ يەردىن ساز قىلىپ قوشاق ئېيتقان بولدۇق. ياخشى ساز بىلەن قوشاق نەدىن چىقسۇن؟ قىزىل بۆرۈنغا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا غەزىپىڭ قايناپ تۇرسا، يەنە ئاچ، ماغدۇرسىز. "ياخشىراق چېلىش-مامسەن! نان يېمىگەندەك ئاۋازىمۇ چىقىشمايدۇ بۇ نېمىلەرنىڭ، مېنىڭ گۆش-ياغلىرىمنىڭ كۈچى نەگە كەتتى؟" دېدى قىزىل بۆرۈن ۋارقىراپ. بۇ گەپ بىزگە يامان ئەلەم قىلدى، "ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك" ئېرىمنىڭ غەزىپى تېشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قاراپ "چالايلى" دېگەن ئىشارەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، ئۇ تەمبۇرىنى قولىغا ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. مەن بارىتنى قولۇمغا ئالدىم. قارىسام ئېرىم ھېلىقى قىزىل يۇرۇقنى تىللايدىغان قوشقىنىڭ ئاھاڭىنى باشلىۋەتتى. مەن قورقۇپ كەتتىم. بىلىنىش ئالامىتى بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئاخىرى "بولمايدۇ، بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايلى" دېدىم مەن شىۋىرلاپ. ئۇ خۇددى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قوشاقنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ تەمبۇرىنىڭ ۋە قوشىقىنىڭ ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ۋە سۈرلۈك ئىدى. بۇنداق ئاۋازنى مەن ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان.

بەگ دەيدۇ، بېگىم دەيدۇ،
بەگ بەتتە پولۇ يەيدۇ.
ئاۋۇندىكى ھەممە بەگ،
بىزنىڭ بەگكە يەتمەيدۇ.

تۈمەن پاتمان يېرى بار،
مىڭ-مىڭلىغان قۇلى بار.
ئېرى ئۆلسە كالتەكتە،
يېتىم ئوغۇل-قىزى بار.

ئىچەر ئۇ ئادەم قېنى،
ھەسەل، گۆش، ياغ يېگىنى.
ئۇنى باققان قۇللارنىڭ،
يەم بولدى قوشقا تېنى.

ئۇ سەمىرىپتۇ نوڭگۇزدەك،
ماڭرايدىكەن ئىشەكتەك.
كۆزى دېدەكلەر ئاچۇزار،
بوزلايدىكەن بوتىدەك.

ئۆيدە سىڭلاپ ئۇلاغى،
ئۆزى سەت بىر داپ قۇلاق.
قىزىل بۇرنى شوخلىدەك،
تويماس بىر يوغان قورساق.

تۇتماسىۇ قۇل ئاھلىرى،
نامراتلارنىڭ زارلىرى.
يۈرىكىگە قادىلۇر،
يوقسۇللارنىڭ خەنجىرى.

چىداپ بولماس كالتەككە،
پىچاق يەتتى سۆڭەككە.
يەتمىگۈچە تۇرمايمىز،
ئاخىر ئەركىن تىلەككە!

. . . . . . . . . . . .

قوشاقنىڭ ئاۋىلىدا قىزىل بۇرۇن رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. كېيىن قوشاق ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سىزىپ، تەرىنى پۇرۇشتۇرۇپ بىزگە قارىدى. قوشاق ئۇنى قاتتىق سۆككەندە "توختات!" دەپ ۋارقىرىدى قىزىل بۇرۇن ئالدىدىكى شىرەگە قولىنى

قاتتىق تۇرۇپ. ھازىرغىچە كىشى تىل تەگكۈزۈپ باقمىغان، بۇ ئالەمنىڭ خوجايىنىغا بۇ قاتتىق ھار كەلدى بولغاي، ئۇ تىترەپ كەتتى. يوغان قورسىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ-چۈشۈپ تۇرۇشى چاپانلاپ كەتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ يوغان قىزىل بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يارىلىرى ئالدىدا بۇنداق قوشاقنىڭ ئېيتىلىشى ئۇنىڭ "ئاكاك قارىغاي" دەپ يۈرگەن يۇقىرى ئىناۋىتىگە زەربە بولدى. ئۇ ئاچچىقىغا چىدىماي "يوقات بۇنى، ئەپچىقىپ كالتەكلەڭلار!" دەپ سەت ۋارقىرىدى. كالتەكچىلىرى ئېرىمنى سۆرەپ تاشقىرىقى ھويلىغا ئەپچىقتى ۋە كالتەكلىگىلى تۇردى. ۋاي بالىلىرىم، شۇ ۋاقىتتا ئامىنىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كالتەك ئاستىدا ئىڭراپ ئېغىناۋاتقان جان-جىگىرىمىزگە قاراپ قانداق ئازابلارنى تارتقانلىقىمىزنى مەن سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ئامان بالامنىڭ دادىسىدىن كۆزىنى ئالماي مېنىڭ بوينۇمدىن قۇچاقلاپ، تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ "دادا، ۋاي جېنىم دادا" دەپ ۋارقىرىغىنى ھازىرمۇ قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ...

باربىتچى ئايال ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالدى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى. قىلىچ ئانىسىنى قۇچاقلاپ: "ئانا! جېنىم ئانا..." دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ئارىسىدىمۇ كۆز ياشلىرىنى ئېرتمىغان ئادەم قالمىدى، بەزى قىزلار مىشىلداپ يىغلايتتى. ئارسلان بىلەن يۇلتۇزمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، باشلىرىنى ئېگىپ ئولتۇراتتى. ئايال يىغىسىنى بېسىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

"...بالام بىلەن ئىككىمىز كالتەكلەپ يېرىم جان قىلىپ تاشلانغان دادىسىنى ئاران «ئۆيىمىز»گە ئېلىپ كىردۇق. قانلىرىنى سۈرتۈپ، سۇ ئوتلىتىپ، تاڭ ئاتقۇچە بېشىدا يىغلاپ ئولتۇردۇق. تاڭ يورۇغاندا

ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى، مەن ئەمدى سۆگدىگەن ئاتامنى قولۇمغا ئېلىپ تامغا يۆلەنگەنتىم، ھېلىقى كالتەكچىلەر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، ئېرىمنى قوللىرىنى باغلاپ سۆرەپ ماڭدى، بالام بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ يېلىنىپ باقساقمۇ ئىلاجىمىز بولمىدى. ئۇنى سۆرىگىنىچە ئەپچىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن يۈگۈرگەنتۇق، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ بىزنى چىقارمىدى. بالام بىلەن ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ پەرياد قىلاتتۇق. 'يەنە نېمە قىلار، كالتەكلەرمۇ، ياكى تۈنەككە تاشلارمۇ؟ يا بولمىسا...' ئاخىرىنى ئويلاشمۇ بەك ئېغىر ئىكەن. ئاھ! بالىلىرىم، سىلەرگە مەن قايسى تىلىم بىلەن ئېيتاي. كېيىن ئاڭلىسام كالتەك بىلەن مىجىپ تاشلانغان يېرىم جان ئېرىمنى ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆلۈكىنى سورىسام بېرىشمىدى، قەيەرگە كۆمۈۋەتتى؟ ياكى ئىتقا تاشلاپ بەردىمۇ؟ ئۇنىسىنى بىلمىدۇق"

ئانا-بالىلار يەنە قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشتى، ئارسلانمۇ يىغلىدى. يولتۇز بىلەن ساندۇلاچ يىغلىغانچە كېلىپ ئانا-بالىلارنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى. قۇندۇز يولتۇزنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. ئۆيدە يەنە يىغا ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. باربىتچى ئايال يىغىسىنى پەسەيتكەندىن كېيىن، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

"بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىدى، تېخى كۆرگۈلۈكىمىز بار ئىكەن، ئانا-بالا ئىككىمىزنى ھايۋاندىن بەتتەر ئىشلەتتى. قوشاقتىن قورقتى بولغاي، ساز چالدۇرمايدىغان، قوشاق ئېيتقۇزمايدىغان بولدى. دادىسى ئۆلگەندە قورسىقىمدا ئۈچ ئايلىق قالغان بۇ بىچارە قىزىم تۇغۇلدى. قول موماي بۇنىڭغا چىمەن دەپ ئات قويۇپ بەردى.

يىللار ئۆتۈپ ئامان بەش ياشتىن ئەمدى ئاشقاندا، ئۇنى مال باققۇ-
زۇش ئۈچۈن باشقا پادىچىلارغا قوشۇپ چۆلگە ھەيدىتىۋەتتى. ئەمدى
ماڭا بالا دەردى قوشۇلدى...“

ئايال قۇندۇزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق، بالىلىرىم، ”ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار“ دەپ چىمەن-
نى ئاران بالالىقتا بېقىپ ئىككى ياشقا كىرگۈزدۈم. ئىشەككە تەك
ئىشلەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتەكنىڭ دەردى. ئاخىرى زارلاپ
يۈرۈپ ھالىمدىن كېتىپ قالدىم. قاخشىغىنىڭ بىلەن نېمە چارە بار.
ئۇنىڭغا بەۋا كېلەلمەيمەن-دە؟ بىر كۈنى يىغلاپ ئولتۇرسام قول
موماي كىرىپتۇ، ”ۋاي قىزىم، ئىش چاتاق، بۇ جاللاتلار ئامانىنى
ئىگىسىز قول قىلىۋېلىش ئۈچۈن، سېنى ئىشقا يارىماس دەپ
يوقاتماق بولۇۋاتىدۇ. مەن ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتىنى
ئاڭلاپ قالدىم...“ دېدى. ماڭا يەنە ئەندىشە چۈشتى. مەسلىھەتلىشىپ
چىمەننى مومايغا تاپشۇردۇم. بوينىغا مانا مۇشۇ تۇمىرىمنى ئېسىپ
قويدۇم، — ئانا چىمەننى قۇچاقلاپ يىغلىدى. چىمەن ئانىسىنى
قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىدى، — ...ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن، ئاخشىمى تېخى ئۇخلىماي ئويلاپ ئولتۇراتتىم، ئىشىكنى
ئەنسىز ئېچىپ ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى كونا
كىگىز ۋە ئارغامچىنى كۆرۈپ قورقۇپ يۈرىكىم قىنىدىن چىققۇدەك
بولدى. ئۇلار كېلىپلا پۇت-قولۇمنى باغلىدى، ئاغزىمغا لاتا تىقتى.
ئاندىن مېنى كىگىزگە ئوراپ ئارغامچا بىلەن قاتتىق باغلىدى. ۋارقى-
راشقىمۇ، تېپچەكلەشكىمۇ ئىلاجىم يوق. كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ ئارقا
ئىشىك ئالدىدا تەييار تۇرغان بىر ھارۋىغا سالدى، ئېلىپ ماڭدى.
ئەمدى ئۆلدۈم، دەپ ئويلىدىم... تاڭ ئېتىپ، كۈن ئارغامچا بويى

ئۆرلىگەندە بىر جاڭگالدا ھارۋىنى توختاتتى. ئاندىن مېنى ئادەم يوق قۇم دۆۋىلىك، يۇلغۇنلۇق جاڭگاللىغا باغلاقلىق بويىچە تاشلاپ كېتىشتى. ۋارقىراي دېسەم ئۈنۈم چىقمايدۇ. قۇم ئۈستىدە دومىلاي-مەن. ئۇسساپ ھالىم قالمىدى. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم ئايلىنىدۇ. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېسىمدىن كېتىمەن... بىر ۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاستا ئاچسام ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ "يەنە تىرىك ئىكەن" دېدى-دە، ئارغامچىنى بوشىتىپ، مېنى كىگىزدىن چىقىرىپ، قول-پۇتلىرىمنى بوشاتتى. خۇشلۇقۇمدىن گەپ قىلالماي يىغلاپ كەتتىم. "ھېچ گەپ يوق قىزىم، ئامان قالدىڭ" دېدى بوۋاي ۋە بېلىگە ئېسىقلىق قاپاقتىن سۇ ئىچكۈزدى، ماڭا جان كىردى. مەن بوۋايغا ھالىمنى قىسقا سۆزلەپ بەردىم. "يۈر مەن بىلەن، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى" دېدى بوۋاي ۋە مېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بوۋاي ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ ئاۋۋال قىزىق چاي، كېيىن نان بەردى. سۆز سورىمايلا ياتقۇزۇپ قويدى. كەچقۇرۇن ئۇيقۇدىن ئويغانسام، بوۋاي يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. "ئەمدى ئامان قالدىڭ، مېنىڭ قىزىم بولغىن بىللە تۇرايلۇق" دېدى بوۋاي. خۇددى ئاتا-بالىدەك بىللە تۇردۇق. ئۇ ئوتۇنچىلىق قىلىدۇ، مەن ئۆيگە قارايمەن. كېيىن ئۆچكە ئېلىپ باقتۇق، گايىدا ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىمىز... كېيىن بىلدىم: بۇ قىزىل بورۇننىڭ ئۆيىدىكى قۇل مومايىنىڭ ئېرى بولۇپ، بىر ئېشىكى بىلەن ئوتۇنچىلىق قىلىدىكەن.

ئاردىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا "يەنە بىر يېڭى بۇغراخان چىقىپتۇ ئىمىش، ئۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلار ئىمىش،" دېگەن مىش-مىشلار تارالدى. شۇ ئارىدا قىزىل بورۇننىڭ ئۆيىدىكى قۇل مومايمۇ قايتىپ كەلدى. كۆز يېشى قىلىپ كۆرۈشتۇق. مانا مۇشۇ كونا

قەدىناس باربىتنى ئالغاچ كەلگەنىكەن، بەك خۇش بولۇپ كەتتىم. مېنىڭ يادىم ئامان بىلەن چىمەندە ئىدى. ئولتۇرۇپ مومايدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم، موماي ئۆزى بىلگەن ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى... مومايىنىڭ ئېيتىشىچە: چىمەن چىرايلىق ئۆسۈپ، بەش-ئالتە ياشقا يەتكەندە، قىزىل بۇرۇن ئۇنى يەنە بىر قولدارغا سېتىۋېتىپتۇ. ئامان تاغدا مال بېقىۋاتقان يېرىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ... گەپىنىڭ بۇ يېقىنى سىلەر بىلىسىلەر باللىرىم..."

باربىتچى ئايال بىر چوڭقۇر تىنىپ، قىلىچقا قاراپ توختىدى. قىلىچ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ سۆز باشلىدى: "...چۆل-باياۋاندا مال بېقىپ يۈرۈپ ھالىم قالمىدى. ئاچ-زارلىق، بىر ئوغلىقى يۈتۈپ كەتسە، بېشىڭغا بالا، تاياق ئاستىدىن قۇتۇلالمايسەن. كېيىن ئانامنى يوقىتىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم... ئاخىرى بىر كۈنى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. دەپ قاچتىم. بىر چوڭ بازارغا كېلىپ نان تىلەپ يۈرسەم، بىرسى مېنى باشلاپ بىر چوڭ ھويلىغا ئېلىپ باردى. ئۇمۇ بىر چوڭ باينىڭ ئۆرنىكەن. "ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت" ئىكەن، بۇ يەردىمۇ ياخشى كۈن كۆرەلمىدىم. قارىسام ئۇ باينىڭ ئۆيىدە ماۋۇ ئۇكام يىغلاپ-قويۇپ ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. تونۇشتۇق، بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولۇشتۇق. قىيىن-قىستاقتا ئاي-يىللارنى ئۆتكۈزدۇق، كېيىن ئۇ باي بىزنى ئاۋات دېگەن جايدا يەنە بىر بايغا ساتتى. ئۇنىڭ چوڭ خوجايىنى خان ئوردىسىدا كاتتىباش دەپ ئاڭلىدۇق. كېيىن باي بىزنى مۇشۇ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ ساتماقچى بولۇپ تۇرغاندا بىر ئاتلىق يىگىتلەر كېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئۇلۇغ سۇتۇق بۇغراخان بىلەن مانا مۇشۇ

ئارسلان ئاكام ئىدى...»

ئانا ھاياجانلىنىپ ئارسلانغا قارىدى ۋە ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا تازىم قىلدى. «مىڭ ياشقا كىرسىلە ئوغلۇم. ئاۋۇ يەنە بىر كىشىگە، بۇغراخان دېدىڭمۇ بالام، ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، مەندىن جىق ھەشقاللا ئېيتىپ قويسىلا،» دېدى. كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— «مەن بالىلىرىمنىڭ مۇنداق ياخشى كۈنلەرگە يەتكىنىنى نەدىن بىلەي، ئۈن-تىنى يوق، ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ دەپ ئويلىدىم. ھايات بولسا بىر دېرىكى چىقىپ قالار دەپ، بوۋاي، موماي بىلەن خوشلىشىپ بارىبىتنى قولۇمغا ئېلىپ يولغا چىقتىم. بارىبىتچىلىق، قوشاقچىلىق بىلەن قورساق باقتىم، ئۇزاق-ئۇزاق يۇرتلارنى كەزدىم. شەھەرلەرنى ئايلاندىم، سەرگەردان بولۇپ بالىلىرىمنى ئىزدىدىم، خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئاخىر مۇشۇ شەھەرنى چوڭ شەھەر دەپ ئاڭلاپ ئىز-دېرىكى چىقىپ قالار دەپ كەلدىم. كەلگىنىمگە ئۈچ-تۆت ئاي بولدى. بۈگۈن بۇ يەردە بالىلىرىم بىلەن ئۇچرىشارمەن دەپ زادىلا ئويلىمىغاندىم...» — ئانا كۈلۈمسىرەپ بالىلىرىنى قۇچاقلىدى. باشقىلارنىڭمۇ چىرايى ئېچىلدى.

— بەك ياخشى بولدى ئاچا، — دېدى ئارسلان، — ھەممىمىز بىر چوڭ ساۋاق ئالدۇق. ئۇزاق يىللار جاپالىق، سەرگەردانلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئانا-بالىلارنىڭ تېپىششى بۇمۇ چوڭ بىر توي، چوڭ خۇشاللىق. سىلى ئەمەس، بىزمۇ بەك خۇش بولدۇق. ئەمدى بىز باشقىچە توي قىلىمىز، سىلى بالىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئۈچ-تۆت كۈن دەم ئالسىلا.

ئانا ئارسلاننىڭ سۆزىگە خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈردى.

باشقىلارمۇ قوشۇلدى. لېكىن "باشقىچە توي"نىڭ قالداق توي ئىكەن- لىكىنى ئانىسىمۇ ۋە ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەرمۇ چۈشىنەلمىدى. قىلىچ بىلەن ئادارگۈل ۋە ئەركىن بىلەن قۇندۇز بىر-بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىۋالدى. بۇنىڭ مەنىسىنى بۇلاردىن باشقا ئارسلان بىلەن يۇلتۇزلا بىلەتتى.

ئاخشىمى ئارسلان بىلەن يۇلتۇز مەسلىھەتلىشىپ ئىككى جۈپ قىز-يىگىتنىڭ تويىنى بىللە قوش توي قىلىدىغان بولدى. ئىككى جۈپ: بىرى، قىلىچ-ئادارگۈل، يەنە بىرى، قۇندۇز-ئەركىن. بۇنىڭ سەۋەبىنى يۇلتۇز ئارسلانغا چۈشەندۈردى، ئاڭلىغانلىرىنى ئىلگىرى مۇنداقلا ئېيتقان بولسىمۇ، تولۇق ئېيتمىغان. ئۇ ۋاقىتتا يۇلتۇزنىڭ ئۆزىمۇ قىلىچ بىلەن قۇندۇزنىڭ ئايرىلىشىغا قوشۇلمايتتى. ئەمدى ئەھۋال باشقىچە بولۇپ چىقتى.

ئىش مۇنداق ئىدى:

قىلىچ بىر كۈنى ئاتلىق كوچىدا كېتىپ بېرىپ بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ بىر قىزنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، پەرۋاسىزلا كېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، قىزنى يۆلىدى. پۇتى سۇرۇلۇپ قاناپتۇ. سول قولىنىڭ بېغىشى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ، قىزنى ئات ئالدىغا ئېلىپ ئەمچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئەمچى قولىنى سىلاپ تېڭىپ قويدى، پۇتىنى سۈرتۈپ باغلاپ قويدى. كېيىن قىلىچ قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. قىز كۆز يېشى قىلىپ رەھمەت دېدى. ئانىسى "ئۆزلىرىگە مىڭ رەھمەت. قىزىم ئادارگۈلنى قۇتقۇزۇپ قويۇپلا" دېدى. كېيىن قىلىچ ئادارگۈلنى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇچراتتى. قىز ئۇنىڭغا بەك ھۆرمەت قىلاتتى. بىر قېتىم قىز مەكتەپ- تىن قايتىۋېتىپ يولدا قىلىچنى ئۇچراتقاندا باشقىچىراق ئىپادە

بىلدۈردى، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ئۆيۈلۈپ قىلچىنىڭ كۆزىگە قارىيالمىدى. "سىزنى ئاخشام چۈشۈمدە كۆرۈپ قالدىم" دېدى قىز ۋە يۈزى قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. راست، ئۇ قىلچىنى چۈشىدە چىق كۆرەتتى، قىلىچ سەزدى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ھۆرمەت قىلدى. "رەھمەت سىڭلىم" دېدى ئۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى. قىز لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ئەمما ئادار-گۈلنىڭ سىياقى پات-پاتلا قىلچىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى.

ئەركىننىڭ قىلىچ بىلەن قۇندۇزغا قاراپ مەسلىكى كېلەتتى. بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ قۇندۇزنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. گايى كېچىلىرى ئويلاپ ئۇخلىيالمايتتى. "غەلىتە ئىش!؟" دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. دېمىسىمۇ قۇندۇز بەكلا سۆيۈملۈك قىز. ئۇنىڭ قىلچىتەك ياخشى دوستى بار-دە. ئۇلار بەك ئامراق... شۇنداق بولۇپ قالسىغۇ!... بۇ تازا قىزىق ئويلاش بولدى-دە، دەيتتى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ. بىركۈنى قۇندۇز بىر ئالمىنى ئىككىگە بۆلۈپ قىلىچ بىلەن ئەركىنگە بەرگەنىدى، ئەركىننىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، ئۇ ئىختىيارسىز قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قارىغانىدى، قۇندۇز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ، قىلىچ بىلەن كۈلۈپ سۆزلىشىپ كەتتى. قۇندۇز بۇنىڭ بىلەن "سىز كۆزىڭىزگە ئاۋايلاڭ، مېنىڭ مۇنداق ئوبدان دوستۇم بار" دېمەكچى ئىدى، ئەركىن بۇنى چۈشەنىدى، ئۇلارنىڭ سەمىمىي مۇھەببەتلىرىگە ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلاتتى، لېكىن قۇندۇزنىڭ سۈرىتى گايىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ "لاپپىدە" ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئەركىن "ياق، بۇلار مېنىڭ ياخشى دوستلىرىم" دەپ ئۆزىدىكى خاتا خاھىش ئالامەتلىرىنى رەت قىلاتتى.

ئاشكارا بولىغان بۇ مۇھەببەت پىلىرىنى يۇلتۇز بىلەتتى. ئابال-
لارنىڭ ئۆز تىللىرى، ئۆز قۇلاقلىرى بولىدۇ-دە.
"بۇ بەك ياخشى بولدى" دېدى ئارسلان يۇلتۇزنىڭ سۆزىنى
دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئۇلار بۇ تۆت ياشنى جۈپلەپ،
قوش توي قىلىشقا قارار قىلىشتى. سۇتۇق بىلەن ئايدىڭغا ئېيتىپ،
ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى.
ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئارسلان قۇلدۇز بىلەن ئوردۇغا باردى.
— توي ياخشى ئۆتكەندۇ؟ — دېدى ئۇلارنى كۆرۈپلا سۇتۇق
بۇغراخان.
— توي ياخشى تۈگۈل، زادى بولمىدى، — دېدى ئارسلان
كۈلۈمسىرەپ. ئايدىڭ ئەنسىرەپ سورىدى:
— نېمە گەپ، بىر يامان ئىش چىقتىمۇ؟ يۇلتۇز جاۋاب بەردى:
— ئىش چىققاندىمۇ، چوڭ ئىش دەڭا؟
خان بىلەن خان ئاغىچا ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قاراشتى. ئارسلان
تويىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن
خانىش ئايدىڭ ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.
— بۇغۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. ئانا-بالىلار تېپىشىپتۇ. ئەمدى
قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپ سورىدى سۇتۇق.
يۇلتۇز قوش توي قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى.
— سىنىڭ بىلمەيدىغىنىڭ يوق، يۇلتۇز، — دېدى ئايدىڭ
كۈلۈپ، — قىز-يىگىتلەر بىلەن سۆزلىشىش كېرەك.
— تۆتىلىسى چوقۇم خۇش بولىدۇ. تويىنى ھازىرقى تەييارلىق
بىلەن كېلەر ھەپتىلا قىلىۋەتسەك، — دېدى ئارسلان ئايدىڭنىڭ
سۆزىگە ئۇلاپلا. سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ قوشۇلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قوش توي بولدى، قىلىچنىڭ ھويلىسى توي تەنتەنىسى بىلەن يەنە جانلىنىپ كەتتى. ھېلىقى چوڭ ئۆيدە قىز-يىگىتلەر تولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تۆردە ئەمدى توي كىيىملىرى بىلەن بېزەنگەن ئىككى جۈپ قىز-يىگىت: قىلىچ-ئادارگۈل، ئەركىن-قۇندۇز تىزىلىشىپ، خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇشقان، ئەركىن بىلەن ئادارگۈل قورۇنۇپراق ئولتۇرۇشىدۇ. ئارسلانمۇ بار، ئۇنىڭ يېنىدا ياربىنچى ئايال، يۇلتۇز يەنە تويىنىڭ باشقۇرغۇچىسى. ساندۇلاچ مېھمانلارنى كۈتۈپ پىرقىراپ يۈرىدۇ. ئۆيدە ساز، ناخشا-قوشاق قايناپ كەتتى. نەغمە-ناۋا ئاۋازلىرى ھويلىدىن ھالقىپ كوچىلاردا ياڭرىماقتا.

قىز-يىگىتلەرنى بىر قىسىم دوستلىرى بىلەن باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ چىقىشتى. ئۇ يەردە ئىككى قېتىم نىكاھ ئوقۇلدى. ئاخۇنۇمغا تون كىيگۈزۈلدى. كېيىن كۆپچىلىك يىگىت-كېلىنلەرنى مۇبارەكلەشتى.

نىكاھتىن كېيىن قىلىچ بىلەن ئادارگۈلنى تەنتەنە بىلەن ئىچ-كىرىدىكى ھويلىدىكى بېزەلگەن بىر ئۆيگە يۆتكەپ كىرىشتى. ساز-قوشاق، ئويۇن-چاقچاقلار قايناپ كەتتى.

ئەركىن بىلەن قۇندۇزنى قىز-يىگىتلەر، ئەلنەغمىچىلەر داپ، دۇمباق، ناخشا-قوشاقلار ۋە توساق چاچقۇلار بىلەن ئەركىننىڭ ھويلىسىغا يۆتكىدى.

قوش توي خۇشلۇق ئۈستىگە خۇشلۇق قوشۇۋەتتى. ھەممە خۇش: يىگىتمۇ خۇش، كېلىنمۇ خۇش، يارانلارمۇ خۇش. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئايدىڭ خانىشنىڭ تويغا ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرى تويىنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى...

# ئالتىنچى باب

## يەركەن دەرياسى بويىدىكى جەڭ

كۆكيار مىڭباشى قاغىلىقنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شەھەر، يېزىلارمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئۇرۇشتا قان تۆكۈلگەندىن تاشقىرى، كۆكيار مىڭباشى ئىسلام دىنىدىن چېكىنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ بېشىنى ئالدى. مۇسۇلمان چېرىك ۋە ئەمەلدارلارمۇ چېكىنىش ئالدىدا بىرمۇنچە "كاپىر" ئەمەلدارلار ۋە راھىب-لامالارنىڭ بېشىنى ئالدى. بۇ سوقۇش ئەمەلىيەتتە دىنىي ماجىراغا ئايلاندى. خەلقمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەھەردە مۇسۇلمانلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. يېزىلاردا بۇددا دىنىغا ئىشەنگۈچىلەر كۆپچىلىك ئىدى. كۆكيار تېغى رايونىغا بولسا تېخىچە ئىسلام دىنى بارمىغانىدى. مىڭباشى ئىسلامغا قارشى تۇرۇپ بۇددانى قوغدايتتى.

كۆكيار مىڭباشى ئەسلىدە كۆكيارلىق بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى پۈتۈن كۆكيارنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇ، ئەڭ جاھىل روھانىي بۇددىست ئىدى، قۇللارنى ئېزىشتە دىنىنى ئاساسىي قورال قىلاتتى. ئوغلىنى كىچىكىدىن تارتىپلا بۇتخانىدا راھىب بولۇشقا بەرگەن. كېيىن بىرەر مەنسەپ تېگىپ قالار دەپ ئۇنى بۇتخانىدىن قايتۇرۇپ چېرىكلىككە بەردى. ئۇ، قەدەممۇقەدەم كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرى مىڭباشىلىق چېرىك مەنسەپكە

ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئۇنى كۆكيار مىڭباشى دەپ ئاتىدى.

كۆكيار مىڭباشى ئىسلام دىنىغا قارشى چېرىك ئەمەلدارلار ئىچىدە ئەڭ قاتتىقى بولۇپ چىقتى. باشقىلار ئاستا-ئاستا ئىسلام دىنىغا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇ "بۇتنى قوغداش، مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇش" نىيىتىدىن كەچمىدى. ئاخىرى ئۇ، سۇتۇق بۇغراخاندىن قورقتىمۇ، ياكى تەييارلىق قىلماقچى بولدىمۇ، ئۇلۇش يىلى چېرىكلەرنى باشلاپ كۆكيارغا چىقىپ كەتتى. تاغ رايونىدا بۇددا دىنىنى چىڭ ساقلىدى، ئىسلامغا قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدىكى بىرىنچى مۇسۇلمان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھىمايىچىسى سۇتۇق بۇغراخانغا قارشىلىق ئېلان قىلدى. خان تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۇنىڭغا "نەسىھەت" قىلدى، تەھدىتمۇ سالدى، كۆكيار مىڭباشى كۆنمىدى. ئاخىرى يالغۇز كۆكيار رايونىدىلا ئەمەس، ئەلنىڭ باشقا جايلىرىدا ئىسلامغا قارشى كىشىلەرنىڭ قوراللىق تىرىكى بولۇپ قالدى. كۆكيار مىڭباشىنىڭ ئوردۇكەنتتىكى بۇغراخانغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

كۆكيار مىڭباشىنىڭ دادىسى بۇقابەگ چوڭ قول سېتىقچىسى ئىدى، سودىسىنى ئاساسەن تاغ رايونلىرىدا ئېلىپ باراتتى. ئۇ تاغلارنى ئاتلاپ پامىر ئېتەكلىرىدىن گوما تاغ باغىرلىرىغىچە باراتتى. يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى پامىرغا ماڭمايدىغان بولۇپ قالدى، كۆپرەك تاغ ئارىلاپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ سايلىرىغىچە بارىدىغان بولدى. ئۇ تاغلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن يەرلىك خەلق بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چەتتىن كەلگەن بۇددىچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ خېلى جىق چېرىكلىرى بار ئىدى.

بۇقابەگ بۇ جايلارغىچە كېلىپ، بۇددا چېركىلىرى بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇشۇپ قالدى. ئۇ، بىر ئىلاج قىلىپ بۇدداچى چېركىلەرنى باشلاپ كېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە قاغىلىق، يەركەنكە، ھەتتا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى، ئىسلامنى يوقىتىپ، بۇددانى تىكلەشنى ئويلايتتى. ئۇ، بۇ پىكرىنى ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە ئوغلى قوشۇلدى. بۇقابەگ بىر قېتىم قاراقۇرۇم ياقىنى قايتىپ كېلىپ ئوغلىغا خۇش خەۋەر ئېيتتى. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى بۇددا باشلىقلىرىغا ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ تولۇق قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇلار تازا خۇش بولدى، — دېدى ئۇ ئوغلىغا ۋە بۇددا باشلىقلىرىنى ماختاپ كەتتى، — بىر چوڭ راھىب بارىكەن، پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆرسىلا باش قويىدىكەن. مەنمۇ ئىككى قېتىم باش قويدۇم. بېشىمنى سىلاپ باش-ئايىغىمغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دوست بولۇشۇپ كەتتۇق. ئەمدىلىكتە بولسا تەپ تارتماي كىرىپ كېتىۋېرىمەن. ئۇ، ئورنىدىن قوپۇپ مېنى قارشى ئالىدۇ، دېگىنە...

— سىزنى بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن-دە؟

— شۇنداق بولماي. بىر دىنداش بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم بارغاندا قۇرۇق قول بارمايمەن-دە؟

— ھە-ھە، سىلەرنى دوست قىلغان مۇشۇ "پۇل قول" بولسا كېرەك. قاراڭ ئاتا، ئازۇندا ئۆز چۈنتىكىنى ئويلىمايدىغان ئادەم يار دېسە مەن ئىشەنمەيمەن. "قول ئىچىگە ئېگىلىدۇ"-دە؟

— ئۇنداقمۇ دېمە، بىزگە ياردەم قىلغىلىۋاتىدىغۇ، بۇ تېشىغا ئېگىلگەنلىك ئەمەسمۇ؟

— ھە، شۇنداق، ئىچىگە ياخشىراق ئېگىلىش ئۈچۈن ئىشتا ئازراق ئېگىلىپ قويماي بولمايدۇ، بىر دىنىدا بىز. ئۇنىڭدىن ئاشقىرى بۇ ياقلارغا كەلسە "قول قورۇق" قالمايدۇ. ھە، ھېلىقى چېرىك باشى نېمە دەيدىكىن؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قويۇۋەر. "قوي ئۈچۈن جېنىم تەييار!" دەيدۇ، ئۆزى بارستەك ئادەم. "قاس-قاس-قاس" ماڭسا يەر تىترەپ كېتىدۇ. "مەن چېرىك باشلاپ بارىمەن" دەيدۇ ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، "مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرى مېنىڭ نەيزەم ئېشىدا ئوينىسۇن!" دەيدۇ.

— ئاتا، كېيىن بارس ھەممە ياقنى بېسىۋېلىپ، شىرغا يول بەرمەسمىكىن، دەپ قورقىمەن.

— ئېخى يوق ئىشتىن قورقۇپ يۈرەمسەن؟ سېنىڭ چېرىكىڭ جىق. ئۇلار ھەممە چېرىكنى ئېلىپ كەلسىمۇ، سېنىڭكىگە يېتەلمەيدۇ. يامىنىغا كەلسە چەترەك بىر-ئىككى شەھەرنى بېرىپ قويارمىز.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاخىر بۇدداچى چېرىكلەر بىلەن بىرلىشىپ "ئىسلامنى يوقاتماق" بولۇشتى.

بۇ يىل يازدا بۇقا بەگ ئىككى قېتىم ئۇ ياققا بېرىپ قايتتى. كېيىنكى بېرىپ قايتىشىدا بىر ياشراق راھىب بىلەن، بىر چېرىكباشىنى باشلاپ كەلدى. راھىب يەرلىك راھىبلار بىلەن بىللە ئىبادەتكە باشلامچىلىق قىلىشقا كىرىشتى، چېرىكباشى بولسا كۆكيار مىڭباشىنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. بۇقابەگ ئۇلارنى پايپېتەك بولۇپ كۈتەتتى.

قاغىلىققا قىلىنغان ھۇجۇم توۋىۇقسىز باشلاندى. بۇددا چېرىكلىرى

تاغ ئارىلاپ گويا بىلەن قاغىلىق ئارىلىقىدىن چۈشتى. سېكىيادىن كۆكياردىن چۈشۈپ، يەركەن دەرياسىنى بويلاپ ئۆۋەنلىدى ۋە كود- چىقىشقا بۇرالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىرى بويىچە بىرى كونىپىشتىن، بىرى شىمالدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

قاغىلىقتىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چېرىك باشلىقلىرى كۆكيار مىڭباشىغا ناقابىل تۇرۇشىنىلا ئويلايتتى، كۈچىمۇ ئۇلارغا يېتەتتى. لېكىن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ كېلىدۇ، دەپ زادى ئويلىمىغانىدى.

كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئىككى ياقلاپ باستۇرۇپ كەلگەن ياغى، يېزىلاردا دېھقانلارنى قىرىپ، زىرائەت، خامانلارنى دەپسەندە قىلدى. قارشىلىق كۆرسەتكەن قورالسىز خەلقنى چېپىپ-يەنچىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالغان شەھەر- دىكى چېرىكلەر ياخشى ئۇرۇشالمىدى، بىرەر كۈن ئۇرۇشۇپ، كەچقۇرۇنلۇقى مىڭباشى ئۆلگەندىن كېيىن چېرىكلەر باشسىز قېلىپ پىتىراپ بىرقانچە يۈزباشىنىڭ باشچىلىقىدا يەركەن تەرەپكە قاچتى، كۆپلىرى يېزىلارغا پىتىراپ كەتتى.

ھەممە پالاكەت يەنە قاغىلىق خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشتى. ئىلگىرى- دىنلا "قولدىن قولغا ئۆتۈپ" تۇرىدىغان بۇ شەھەر كىشىلىرى يېڭى "خوجايىن"لارغا تاماق ۋە ئوتۇن-سامان بېرىشلىرى كېرەك بولدى.

كۆكيارلىقلار قاغىلىقنى ئالغاننىڭ ئەتىسىلا شەھەردە ئالاتوپىلاڭ، تالان-تاراج كۆتۈرۈلدى: نەيزىلىك چېرىكلەر ئوتۇن-سامان ئارتقان ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان دېھقانلارنى تېپىپ قوغلايدۇ؛ قوللىرىنى ئارقىغا باغلاپ، بىر-بىرىگە چېتىلغان چېرىكلەرنى قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ-سۇرۇپ ھەيدەيدۇ؛ شەھەر ئوردۇسى ئالدىدىكى

كىچىك مەيداندىكى دارغا ئېسىلغان ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكىنى چۈشۈرۈپ "يېڭىلار"نى ئاسماقتا؛ بىر توپ چېرىكلەر تېخى يېڭى سېلىنغان بىر كىچىك مەسجىدنىڭ ئىشىك-تاملىرىنى ئۆرۈمەكتە. ئۇزۇن قىزىل تونىنىڭ ئۈستىگە سېرىق رەخت ئارتىۋالغان، قولىدىكى تەسۋىسىنى سىرىپ تۇرغان بىرسى ئېگىزرەك بىر جايدا قاراپ تۇرىدۇ؛ ئۇ، مەسجىدنىڭ ۋەيران قىلىنغىنىغا مەز بولدى بولغاي كۈلۈمسىرەپ بۇزغۇچىلارنى ئالدىرىتىدۇ؛ دۇكانلار يېپىق، بازار توختىغان؛ ئۇ يەر-بۇ يەردە ئىشىك ئالدىدا بوۋاي-مومايلار ئەنسىرىگەن قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ ۋە ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ قويىدۇ. ئەنە، چوڭ كوچىدىن بىر توپ كىشىلەر چاڭ توزۇتۇپ چىقىپ كەلدى. ئىككى نەيزىلىك چېرىك قوللىرى ئارقىسىغا باغلانغان چېرىك باشلىقى كىيىمىدىكى بىر ئادەمنى ئېلىپ مېڭىپتۇ، بويىنىغا سېلىنغان زەنجىردىن بىرى يېتىلەپ مېڭىپتۇ، ئارقىسىدا ئوندەك چېرىك، ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدا ئۇششاق بالىلار شاپاشلىشىپ مېڭىپتۇ. بالىلار ئارىسىدا بىر ياشانغان ئايال بېشىدىكى رومىلى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ كېتىپ بارماقتا. بەش-ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا ئايالنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ سوكۇلداپ كېتىپ بارىدۇ. چېرىكلەر ئېلىپ ماڭغان ئادەم بۇ شەھەردە خېلى ئابرويلۇق بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت ھەم ئېچىنىش ئىپادىلىرىنى بىلدۈرمەكتە. ئاۋۇ باشلىق بولسا، ئانچە پەرۋاسىز، كىشىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ، بەزى كىشىلەرگە يولۇققاندا بېشىنى ئېگىپ ئامانلىشىپ قويىدۇ...

* * *

بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇددا چېرىكلىرى يەركەنگە قاراپ ماڭماقچى، ئۆز ۋاقتىنىڭ ئوبدان قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئۈچ مىڭچە

چېرىك ئاتلىق، ئىشەكلىك، پىيادە چاك چىقىرىپ پوسكامغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار پوسكامدا بىرەر كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن يەركەنگە قاراپ ماڭماق بولغانىدى، لېكىن، بۇ ئىش ئاسان بولمىدى.

يەركەندىكى بۇغرا قوشۇنى قاغىلىق قولدىن كەتكەندىن كېيىن چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش پىلانى ئاۋال يەركەننى قوغداش، دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن قارشى ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار يەركەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا دۈشمەننى قارشى ئېلىشقا تەييارلاندى. ئۇرۇشقا مىڭباشى قۇتلۇق قوماندانلىق قىلماق بولدى. ئۇنىڭ چېرىكلىرى ئىككى مىڭغا يەتمەيتتى. ئۇ، دۈشمەننىڭ سانى جىقلىقىنى، يەنە ئىلگىرىدىن ئۇرۇشقا ئۇستا دەپ ئاتالغان بۇددا چېرىكباشى بارلىقىنى بىلەتتى. قۇتلۇق مىڭباشى ئۇلار بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن ماچىن ياقتىن بېسىپ كەلگەن چېرىكلەر بىلەن قانلىق جەڭلەر قىلغان، ئاخىر ئۇلارنى ماچىنغىچە قوغلاپ بارغانىدى. شۇ ۋاقىت-لاردا قۇتلۇق مىڭباشى بىرنەچچە قېتىم تىغمۇتىغ ئېلىشقان چېرىكباشى توما بۇ قېتىم كۆكيار مىڭباشى بىلەن بىللە كەپتۇ. قۇتلۇق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرئاز چۆچۈدى. ئەمما، ئۇ چېرىكلىرىگە ھەم ئۆزىگە ئىشىنەتتى. قۇتلۇق ئېگىز بويلۇق، ئۇستىخانلىرى يوغان، گەۋدىلىك نوچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇرۇشقا كىرگەندە، ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ياغىغا غەزەپ بىلەن ئېتىلغاندا ياغى پىتىراپ قاچاتتى. قۇتلۇق مىڭباشى قەشقەردىن ياردەم كېلىشكە ئىشىنەتتى. سۇباشى توغرۇلبەگ ئىككى مىڭدەك چېرىك بىلەن يولغا چىققانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپقانىدى.

قۇتلۇق مىڭباشى بىر مىڭ چېرىكنى دەريا كېچىكىدىن ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بەش يۈز كىشىنى بىرەر چاقىرىم كەينىدە دەرەخلىككە مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. ئۆزى كېچىك بېشىدىكى قارا ئۆيدە تۇراتتى.

ئەنە، ياغى چېرىكلىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن چاڭ-توزانلىرى خېلى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى ۋە ھوگا-سۈرەن بىلەن پوسكامغا كىرىپ جىمىپ قالدى.

قۇتلۇق دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتەتتى...

كەچ كۈز، سېرىق ياپراقلار ھەممە ياقنى پۈركىگەن. جاھاننى قىزارتىپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى يەركەن دەرياسىنىڭ يۈزىدە، ئېتىزلاردىكى قەغەزدەك نېپىز، سىلىق مۇزلاردا پارقىرايتتى. ھەممە ياق جىمجىت. ئۇ يەر-بۇ يەردە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراپ قويۇشلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق. ئادەتتە تاڭ ئېتىشى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدىغان ئەمگەكچان، شوخ يېزىلارنىڭ ھەيران قالغۇدەك جىمىلىقى كىشىگە قانداقتۇر بىرەر پالاكەتنىڭ كېلىش ئالدىدىكى ئەندىشىلىك ھېسسىياتنى سەزدۈرەتتى...

قۇتلۇق مىڭباشى چېرىكلەرگە ئاگاھ بولۇشنى ئۇقتۇرغان. ئۇنىڭ چېرىكلىرى دەريا بويىدا بىر پۈتى بىلەن تىزلىنىپ، نەيزىسىنىڭ سېپىنى يەرگە قاداپ ئۇ قاتقا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ. ئۇ يەر-بۇ يەردە چېرىك قاتارلىرىدا چېرىكباشىلىرى ئوڭ قولىدىكى قىلىچنى ئەتۈرى بىلەن دولىغا قويۇپ ئۇ قاتقا قاراپ تىك تۇرىدۇ...

ئەنە، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ھەرىكەت قىلغان ئادەملەر كۆرۈندى... "ياغى! ھوشيار بولۇڭلار!" دېدى قۇتلۇق مىڭباشى. بۇ سۆز

ئېغىزدىن ئېغىزغا سەپ بويىچە بارلىق چېرىكلەرگە يەتكۈزۈلدى. ياغى چېرىكلىرى دەريا بويىدىكى دۆڭگە چىقىپ قاتار سەپ تارتتى. ئۇلارنىڭ سېپى قوتلۇقنىڭ سېپىدىن ئېشىپ كەتتى. ياغى چېرىكلىرى سېپى ئوتتۇرىسىدا — كېچىك بېشىدا قارا خەت يېزىلغان سېرىق تۇغ تۇتقان ئادەمنىڭ ئىككى يېنىدا كۆكيار مىڭباشى بىلەن بۇدداچىلار چېرىكباشى توما ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇرماقتا. تۇغدىكى خەت ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئانچە ئوچۇق كۆرۈنمەيتتى. سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن "فويى ئوچۇن!" دېگەن يوغان خەتلەر كۆرۈندى.

بىرپەستىن كېيىن، ياغى سېپى تەرەپتىن قورالسىز، چېرىكچە سۆلەتلىك كىيىنگەن بىر كىشى كۆكيار مىڭباشىنىڭ شەرتى بىلەن چېرىكچە مېڭىپ توپتوغرا بۇ تەرەپكە كېلىۋەردى. ئۇ سۇغا كىرىپ ماڭدى ۋە كېچىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېلىگىچە سۇغا كىرىپ توختىدى. بۇ ياقتىنمۇ بىر چېرىكباشى قوتلۇقنىڭ شەرتى بىلەن خۇددى شۇنداق قىلدى ۋە بېلىگىچە سۇغا كىرىپ ئۇ تەرەپ ئادىمى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇردى. ئۇلار چېرىكچە سالام بېرىشكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ بىرنېمە دېدى. بۇ تەرەپمۇ بىرنېمە دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار خۇددى بۇيرۇق بېرىلگەندەك تەڭلا ئارقىلىرىغا بۇرۇلۇپ يېنىشتى.

ئۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قائىدىلىرى بويىچە ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ ئاۋال ئالاھىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلتىماتوم مەنىسىدىكى بۇ تەلەپنى رەت قىلسا ئۇرۇش باشلىنىتتى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قارشى تەرەپنىڭ ئەل بولۇش تەلىپىنى بۇ تەرەپ

قەتئىي رەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەل بولۇشىنى قايتۇرۇپ تەلەپ قىلغانىدى،

ئىككى ۋەكىل قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ھەر ئىككى تەرەپتە جىددىي ھالەت پەيدا بولدى...

ياغى سېپى كاناي-سۇناي، داپ-دۇمباق ئاۋازلىرى ئاستىدا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار سەپ-سەپ بولۇپ دەريا بويىدىكى دۆڭدىن ھالقىپ دەرياغا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە... سۇ بويىغا كەلگەندە ياغىنىڭ ئىككى مىڭباشى تۇغ بىلەن توختىدى. چېرىكلىرى ئىلگىرىلەپ سۇغا كىردى. سۇ بويىدا كاناي-دۇمباقچىلار كۆچەپ چالماقتا... ئەنە، ياغى چېرىكلىرى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى... چوڭقۇردىن ئۆتتى...


قۇتلۇق مىڭباشى چېرىكلەرگە قارشى ھۇجۇمغا شەرەت قىلدى. دەريا بويىدىن، خۇددى تاشقىندەك يامرىغان چېرىكلەر توپى نەيزە-قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغانچە ياغى سېپى تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى.

دەھشەتلىك گىچىرماچ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى... ۋارقىراپ يىقىلغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى، يەردە دومىلىغان باشلار، كۆپتەك دومبىيىپ ياتقان تەنلەر... قۇتلۇق ئۆز چېرىكلىرىنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ چېرىكلىرى ياغى چېرىكلىرىنى كەينىگە سۈرۈپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ باردى ۋە قاتتىق زەربە بەردى... ياغى سېپىنىڭ تەييار ئوقيالىق قىسىملىرى باستۇرۇپ كەلدى ۋە بۇ ياقىنىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرىنى ئېتىپ يىقىتتى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سۇ ئىچىدىكى ياغى چېرىكلىرى قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ تەرەپ كۆپ چىقىم بەردى ۋە قۇتلۇقنىڭ بۇيرۇقى

بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇرۇپ چېكىندى... شۇ ئارىدا قۇتلۇقنىڭ بەش يۈز كىشىلىك ئەييار قوشۇنى ئېتىلىپ جەڭگە كىردى. جەڭ يەنە ئەۋجىگە ئالدى. ئۇلار ياغى چېرىكلىرىنى ئۇرۇپ-ئۆلتۈرۈپ سۇلۇق نېرىسىغا چېكىندۈردى. ياغى چېرىكلىرى ھودۇقۇپ قېچىشقا باشلىدى، كۆكيار ۋە توما مىڭباشىلار قىرغاققا چېكىندى. توما ئارقىسىغا قول شىلتىپ بىرنېمە دەپ ۋارقىرىغانىدى، ياغى چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىقلار قىسمى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ چاپتۇرۇپ كەلدى... بۇ ياقتىن نۇرغۇن چېرىكلەر باشلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلار چېكىندى... ياغى چېرىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. قۇتلۇق جەڭگە كىردى. ئۇ قاچقان چېرىكلەرنى قايتۇرۇپ باشلامچىلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ياغىنى توسىدى. ئۇ شۇنداق چاققان ۋە غەزەپلىك ئۇرۇشاتتىكى، چېرىكلىرى ئۇنى كۆرۈپ روھلىنىپ ئۇرۇشتى. قۇتلۇقنىڭ ئاتلىقلار قىسمى يېتىپ كەلدى. ئاتچىسى قۇتلۇقنىڭ ئارغىمىقىنى يېتىلەپ كېلىپ مىنگۈزدى. ئاتلىق، پىيادە ئارىلاش جەڭ قىزىپ كەتتى...

قۇتلۇق تۆت-بەش ياغى چېرىكلىرى بىلەن قىلىچلىشىۋاتاتتى، بىرسى ۋارقىرىدى، ئارقىسىغا قارىسا كۆكيار مىڭباشى ئاتلىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇرغىلى تۇرغانىكەن. قۇتلۇق قىلىچىنى قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، سول قولى يارىدار بولدى، ئۇنىڭغا قارىماي قۇتلۇق ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. باشقا ئىككى ئاتلىق چېرىك قۇتلۇققا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ياغى چېرىكلىرىنى قوغلاپ كەتتى...

قۇتلۇقنىڭ چېرىكلىرى چېچىلىپ كەتتى. بىرمۇنچىلىرى قېچىپ ئۆزىنى يىراققا ئالدى. دەريا بويىدا بىرقانچە توپقا ئايرىلغان ئۆتكۈر جەڭ داۋام قىلماقتا. قۇتلۇقنىڭ توپىغا ئۆزلىرىگە قارىغاندا سانى جىق، كۈچلۈك چېرىكلەر كۆكيار مىڭباشىغا ئەگىشىپ ھۇجۇم



قىلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قۇتلۇقلارنى ئورىۋالدى. قۇتلۇق يارىدار بولغاندىن كېيىن چېرىكلەر چۆچۈپ قېلىشتى. ئەمما، قۇتلۇقنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان سول قولىنى ساڭگىلىتىپ ئوڭ قولى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ غەيرىتى ئاشتى. ئۇلار ياغى مۇھاسىرىسىنى توسۇۋېلىشماقتا، جان تىكىپ قۇتلۇق مىڭباشىنى قوغدىماقتا. لېكىن ياغى چېرىكلىرى كۈچلۈك كەلمەكتە، مۇھاسىرە ھالقىسى تارايماقتا، قۇربان بېرىش كۆپەيدى، لېكىن قۇتلۇقلار جان تالىشىپ جەڭ قىلماقتا...

قۇتلۇق كۆكيار مىڭباشى بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا. ئۇ يارىسىدىن قىينىلىپ، قىلىچلىق ئوڭ قولى بىلەن يارىدار سول قولىنى تۇتقانىدى، كۆكيار مىڭباشى پەيت كەلدى، دەپ قۇتلۇقنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى... ئەمما، قۇتلۇق بېشى ئۈستىدە كېلىۋاتقان ياغى قىلىچىنى قىلىچى بىلەن ئۇرۇپ ئىرغىتىۋەتتى ۋە كۆكيار مىڭباشىنىڭ مەيدىسىگە قىلىچ ئۇردى. ياغى بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇپ كەينىگە داجىدى ۋە ئالدىغا پۈكۈلۈپ ئاتتىن يىقىلدى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن قۇتلۇق چېرىكلىرى تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى...

مۇھاسىرە ئازراق چېكىندۈرۈلگەنىدى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن بىر توپ توما چېرىكلىرى قۇتلۇقنىڭ توپىغا باستۇرۇپ كەلدى، مۇھاسىرە ھالقىسى يەنە تارىيىشقا باشلىدى. مىڭباشى توما توپىنى يېرىپ ئىچىگە كىردى ۋە قىلىچىنى بېشىدا ئوينىتىپ قۇتلۇققا ئېتىلدى. قانسىراپ ھالسىزلىنىپ تۇرغان قۇتلۇق، ئۆزىنى ئات ئۈستىدە يۆلەپ تۇرغان چېرىكنى ئىتتىرىۋەتتى-دە، توما بىلەن ئېلىشتى. ھېلىقى چېرىك قۇتلۇققا ياردەملىشىش ئۈچۈن توماغا ئۇمتۇلغانىدى، لېكىن، تومانىڭ

قەتۇر ئۇرغان قىلىچى بىلەن ئاتتىن يىقىلدى. قۇتلۇق بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ توما بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا ئېتى يارىدار بولۇپ يىقىلدى. قۇتلۇق بېسىلىپ قالغان پۇتىنى ئاتنىڭ ئاستىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى، توما ۋارقىراپ كېلىپ ئۆلۈمگە قىلىچ ئۇردى... لېكىن ياندىن ئۇرۇلغان دەھشەتلىك قىلىچ بىلەن تومانىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى، تېنىسى يەرگە چۈشكىلى تۇرغاندا ئات ئۈركۈپ ئەپقاچتى. ئۈزەڭگىگە پۇتى ئىلىنىپ قالغان باشسىز تەن ئاتنىڭ قورسىقى ئاستىدا پۇلاڭلايتتى. ئات سۇدىن ئۆتۈپ كەتتى...

— ئامانمۇ سەن دوستۇم؟ — دېدى سۇباشى توغرۇلبەگ قىلىچى بىلەن ئاتنىڭ ئۈزەڭگە تاسمىسىنى كېسىپ قۇتلۇقنىڭ پۇتىنى بوشىتىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ياغىنى قاچۇرماڭلار يىگىتلەر! — دېدى توغرۇلبەگ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ ياغى چېرىكلىرىنىڭ سېپىنى چېكىندۈرگەن چېرىكلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ.

دەريا بويلاپ ياغى سېپىگە ھۇجۇم قىلغان توغرۇلبەگ چېرىكلىرى، قۇتلۇق چېرىكلىرى بىلەن ياغىنى ئۇرۇپ چېكىندۈردى. ياغى چېرىكلىرى سۇدىن ئۆتۈپ قېچىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا يۇقىرى-تۆۋەندىن قىرغاقنى بويلاپ ھۇفۇيتىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشىۋاتقان توغرۇلبەگ چېرىكلىرىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى. توغرۇلبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ياغىنىڭ يان ۋە ئارقىسىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بۇ چېرىكلەر ئالدىغا كەلگەن ياغىنى چېپىپ-دومىلىتىپ بۇ قاتقا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ياغى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسماققا ئېلىندى. بەلگۈچە سۇغا كىرگەن چېرىكلەر قاتتىق

ئېلىشتى. ئاتلىقلار، پىيادىلەرنىڭ باشلىرىدا قىلىچ-تەبىرىلەر ئوينى-
ماقتا. ئاتلار كىشنەپ ئالدى ئايغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۇغا
يىقىلماقتا، سۇدا باشلار، تەنلەر ئاقماقتا، چۆكمەكتە، سۇ قانغا
بويالدى... ئاخىر ياغى چېرىكلىرى قورال تاشلاپ قول كۆتۈرۈپ
ئەل بولدى...

دەريا بويىدا ئىككى چېرىك ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان
يارىدار قۇتلۇق، يېنىدا قوللىرىنى بەللىرىگە تىرەپ مەغرۇر تۇرغان
توغرۇلبەگكە قاراپ كۈلۈپ قويدى...

## تۆتنچی قسم

ئۆتكەنلەر ,,قۇۋۋەت بەلگىسى بىلىم،، دەپتۇ،
بىلىم بىلسەڭ بەختلىك بولۇر، ئوقۇ دەپتۇ.
بىلىمسىز نادانلارنىڭ ھالىغا ۋاي،
بىلىم ئال، ئەلگە قوش قۇۋۋەت، تۆھپە دەپتۇ.



## بىرىنچى باب

# يېڭى ئوردىدا

ئونىنچى يۈز يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئىت يىلىنىڭ تومۇز كۈنلىرى، قۇياش تەپتى ھەممە ياقنى قىزدۇرماقتا. بېشىغا كۆك گۈللۈك ئاق دوپپا كىيگەن، ئۈستىگە يوللۇق يەكتەك، پۇتىغا كەش-مەسە كىيگەن ئاق ساقال چەبدەس ئۇستام ئات بىلەن قورغان يېنىدىن تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلىمەكتە. ئۇستام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، بىر كالتە ئاھاڭدا ئىچىدىن گۈڭگۈلدايتتى، ئۇنىڭ ناخشا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ياكى قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بەلكى، بىرەر ئايەتنى يادقا ئوقۇۋاتامدىكىن. سۇتۇق خان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي چەبدەس ئۇستام مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇ ئىمان، ناماز قائىدىلىرىنى چاپسانلا ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بەش ۋاخ نامازدىن قالمايتتى. ئالدىراش نەققاشلىق ئىشى ئۈستىدە بولسىمۇ، ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئىشنى توختىتىپ، تاھارەت ئېلىپ، نامازغا باراتتى. شۇ تاپتا بەلكىم، ئۇ ئىچىدە ئۆزى يارىتىدىغان بىرەر غەزەلنى ئوقۇپ كېتىپ بارىدىغاندۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا سەنئەت خۇمارى بولغاچقا بىر ئەلنەغمىچى قوشنىسىدىن تەمبۇر ئۆگەنگەنىدى. ۋاقتى بوش بولسىلا تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇ تەمبۇر تارىنى مۇڭلۇق ئاھاڭغا چېكىپ زوقلىناتتى.

بىر سۆزۈم ئەيتايىن، ئىشىنگىل يارۇ،
سۆيۈكلى دوستۇڭا ئاسقىل تۇمارۇ.
بېزەكلى يۈزىگە، باقما سۆزىگە،
ئارىغ دىل دوستنى تاپ، چىقار خۇمارۇ.

ھە، چەبدەس ئۇستام بايىتىنىدىن بىرى ئايەت ئەمەس، ئاخشا ئوقۇپ كېتىپ بېرىپتۇ-دە!

چەبدەس ئۇستام ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ قوشاقنى ناخشىغا قوشۇۋالغانىدى. ئۇ، يۈزىنى بېزەكلىگەن، چىرايلىق سۆزلەيدىغان، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال ۋاپاسىز دوستنىڭ جاپاسىنى ئاز تارتمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ "ئارىغ دىل" "سۆيۈكلى" دوستنى خۇمار قىلاتتى، شۇنداق مەردانە دوستنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىشقا تەييار ئىدى. چەبدەس ئۇستام كېيىن بۇ قوشاقنى يازغان كىشىنى بىلگۈسى كېلىپ ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئۇ كىشىنىڭ ئوردۇ بىتىكچىسى ئىلىك دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنە تەڭلىكىنى، ئەركىنلىكنى سۆزلەيدىغان قوشاقلىرى جىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قوشاقلىرى قولدىن قولغا، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەلگە كەڭ تارالغانلىقىنىمۇ ئۇقتى. ئۇستام ئۇنداق قوشاقلاردىن بىرمۇنچىسىنى تېپىپ ئوقۇدى. ئىلىك دېگەن بۇ كىشىگە غايىبانە مۇھەببەت باغلاپ قالدى. ئۇ قوشاقچىنىڭ قوشاقلىرىنى دائىم سۆزلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى ۋە "بۇ مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس، ئىلىك ھاجىپنىڭ سۆزى" دەپ تەكىتلەپ قويىدىغان بولدى.

چەبدەس ئۇستام كىچىكىدىلا ئۆز ۋاقتىدىكى مەكتەپتە ساۋات چىقارغانىدى. كېيىن ئۇ دادىسىدىن بىردىنبىر بايلىق بولۇپ مىراس قالغان نەققاشلىق ھۈنىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئۆگەندى ۋە

يىگىرمە ياشلىرىدىلا ئۇستا نەققاش بولۇپ يېتىشىپ قەشقەر، نەۋسەدە داڭلىق ئۇستا بولۇپ نام چىقاردى. ئۇ بايلارنىڭ چوڭ ئىمارەتلىرىگە، ئوقۇللارغا ۋە بۇتخانىلارغا نەقىش سالاتتى. گەجدىن نەقىش سالغاندىن باشقا، ئۇ ياغاچقا ئويما نەقىشمۇ سالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ نەقىشى يوق مەشھۇر بۇتخانىلار ئاز ئىدى.

چەبدەس ئۇستام ئىسلام دىنىغا ئانچە ئارقىغا تارتمايلا كىردى. ئۇ بۇددا دىنىغا قارىغاندا ئىسلام دىنىنى بەكرەك ياقتۇرۇپ قالدى. بۇنىڭ نېمىشقا شۇنداقلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ خۇراپاتچى روھانىيلاردىن ئەمەس، ئۆز كەسپىگە ھەۋەس قىلغان ئادەتتىكى مۇسۇلمانىدى. ئىمان-كالامىنى، بەش ۋاخ نامازنى قولدىن بەرمەيتتى. شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن "جەننەت، دوزاخ دېگەن نېمىلەر راست بارمىدۇ؟" دەپ سورىغاندا، "ئۇنى بارغاندا كۆرەرمىز، ھەر ھالدا جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىش كېرەك" دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۇ.

چەبدەس ئۇستام سۇتۇق بۇغراخاننى ياخشى خان دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ مەسجىد، مەدرىس سالدۇرغانلىقى ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. بولۇپمۇ نەققاشلىققا ئېتىبار بېرىلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇش بولدى. شۇڭا يېڭى ئاستانىگە سېلىنغان ئۈچ چوڭ بىناغا زور ئىشتىياق بىلەن نەقىش سېلىشقا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىنى تولۇق ئىشقا سالدى. ئوردۇدىن يەنە قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە باشقا جايلاردىنمۇ ئۇستىلارنى ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپى چەبدەس ئۇستامنىڭ خىزمەتداشلىرى، دوستلىرى ئىدى. ئۇ ئۇستىلارنى ئۈچ بىناغا بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆزى بولسا جىقراق ۋاقىتنى ئوردۇ بىناسىغا سەرپ قىلدى. ئۇ ئۈچ-تۆت

يىلدىن بېرى جاپالىق ئىشلىدى، لېكىن، ئۇچ چولك بىنالىق نەقىش-لىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكەنلىكى ئۈچۈن، خۇمارىدىن چىقتى. بۇ يېقىن كۈنلەردە ئۇ ھاردۇق ئېلىۋاتقان بولسىمۇ خىيالى يەنىلا نەقىشلىرىدە بولغانلىقتىن گايىدا بىنالارغا كىرىپ ئارىلاپ چىقاتتى.

چەبدەس ئۇستام سالپاڭ قۇلاق ئالا ئېتىنى توختىتىپ، پۈتلىرىنى ئاۋايلاپ ئۈزەڭگىدىن چىقىرىپ چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقانىدى، بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئالدى ۋە يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى.

— ھە تارىغچىمۇسەن ئوغلۇم، — دېدى ئۇ سۆگەتكە ئات باغلاۋاتقان قارا ساقاللىق كىشىگە قاراپ، — يۈر، ئاۋۇ دۆڭگە چىقىپ ئازراق ئولتۇرايلى.

تارىغچى چەبدەس ئۇستامنى يۆلەپ دۆڭگە بىللە چىقتى، ئۇلار تۈمەن دەرياسىغا قاراپ ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇشتى.

— ھارمىغايلا ئۇستام، — دېدى تارىغچى بىلىگە قىستۇرۇقلۇق ئورغاقنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، — كۈن ئىسسىقىدا يولغا چىقىپلىغۇ؟

— ئۆيدە ئولتۇرغۇم كەلمىدى، يېڭى شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقاي دېدىم، ھە ئۈزەڭچۇ، تېرىكچىلىكىڭ قانداقراق؟

— قانداق بولاتتى، يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى، ۋاي قۇللۇقتىن چىقتىڭلارمۇ، ئۆزەڭلار يەر تېرىيسىلەرمۇ، ئاقىدى، كۆكىدى... دېيىشتى. "قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سېلىش" دېگەن مۇشۇنداق بولامدىكىن-تاڭ؟ جاھاندارچىلىق مۇشۇنداق، — ئۇ ياقتىكى كەڭ ئېتىزلارنى كۆرسەتتى ئۇ.

ئېتىزلاردا پىژ-پىژ ئاپتاپتا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىش-تانچاق، ياكى يىرتىق كۆڭلەك تارىغچىلارنىڭ ھالسىز ھەرىكىتى

كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر كىچىككىنە خامانلىقتا ئىشتانچاق، ئەتلىرى قارامتۇل، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر تارىغچى، ئوڭ قولى بىلەن دولىسىدىكى ئارا سېپىنى تۇتۇپ، سول قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ "لاي-لاي" ئېيتىپ چۆكىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بويۇنلىرى بىر-بىرىگە چېتىلغان، ئۇمشۇقلىرىغا تور سېلىنغان ئىككى كالا، ئۈچ ئېشەك ئاياغ ئاستىلىرىدىكى بۇغدايني دەسسەپ-يەنچىپ ماڭماقتا. ھايۋانلار پۇشقۇرۇپ باشلىرىنى سىلكىيدۇ ۋە پات-پات ھورۇنلۇقى تۇتۇپ توختاپ قالىدۇ. كېيىن يەنە تارىغچىنىڭ ھەيدىشى بىلەن ئاستا ماڭىدۇ. تارىغچى بېشىنى كەينىگىرەك ئېگىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ "لاي-لاي"نى داۋام قىلدۇرماقتا:

مال ئورۇق، ئادەم ئورۇق،
نانمۇ يوق، ساندۇق قۇرۇق،
دەسسەڭلار، يەنچىڭلار،
جانىۋارلار، لاي-لاي...
چۇ!...

— بىچارە، راستىنلا ماللىرىمۇ، ئۆزىمۇ ئورۇق، — دېدى چەبدەس ئۇستام ئىچ ئاغرىتىپ، — ھوي، بۇ ھېلىقى تۇردى بوۋاينىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، تۇت جان، ھالى يوق، بىرلا ئېشەك ئۆزىنىڭ. قالغان ماللارنى لايىقۇتقا ئالغان. قانداق قىلسۇن؟ نالىغىنى نالىغان. قارىسىلا، لاي-لاي ئەمەس، يىغا ئۇ.

ئۇلار چولاقبەگنىڭ ئورمىسىنى ئورۇۋاتقان ھاشارچى نامراتلار، ئىكەن. چەبدەس ئۇستام يىراقتا ئورما ئورۇۋاتقان يېرىم يالىڭاچ تارىغچىلارنى چالا كۆردى ۋە قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ دىققەت

بىلەن قارىشىدى، تەرگە چۆمگەن، سول تارتىپ ئىلگىرلىشىپ تۇرما ئۇرۇۋاتقان تارىغچىلارنى ئوچۇق كۆردى. ئەللىك گەزچە ئۇزۇن- لۇقتىكى تارىغچىلار سېپىنىڭ ئارقىسىدا ئىككى يەردە ئىككى ئادەم قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇرۇپ قوياتتى. «قانخورلار...» دېدى چەبدەس ئۇستام غەزەپلىنىپ ۋە تارىغچىلارنى كۆرمەسكە تىرىشىپ يېشىنى بۇرىدى.

— ئەجەب چوڭ ئىمارەتلەرغۇ بۇ؟ — دېدى تارىغچى دەريانىڭ ئۇ ياقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ بىنانى كۆرسىتىپ، — ئاز پۇل كەتمىگەندۇ.

— سۆزىڭىز يوللۇق، — دېدى ئۇستام ئازراق ئوڭايسىزلىنىپ، — بىرى مەسجىد، — ئۇ قولى بىلەن ئېگىز ئىككى مۇنارىلىرى ئەڭ چوڭ، كەڭ بىنانى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ مەدرىس، — مەسجىدنىڭ جەنۇبىراقتىكى يېشىل ساپاللىق دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنانى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ بولسا ئوردۇ، خان ئوردۇسى، — ئۇ، كۆپلىگەن گۈمبەزلەر، ئوتتۇرىسىدا ئوردۇ سارىيىنىڭ چوڭ يېشىل گۈمبىزى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردۇ بىناسىنى كۆرسەتتى... كېيىن ئۇ جىم بولۇپ قالدى.

— كىشىلەر بۇ يېڭى شەھەر ياخشى جايغا چۈشتى، دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاخىرى ياخشى بولغاي، — دېدى تارىغچى.

چەبدەس ئۇستام قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قارىغانچە جىم ئولتۇرماقتا ئىدى. قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ بىنانىڭ ئەتراپىدا يەنە باشقا قۇرۇلۇشلارنى سېلىۋاتقان تامچى، ياغاچچىلارنىڭ ھەرىكىتى، كىچىك، كونا بازاردا سېتىقچى-ئېلىمچىلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە پىيادە، ئېشەكلىك كىشىلەرنىڭ مېڭىپ يۈرۈشلىرى كۆرۈنۈپ

تۇراتتى.

"يېڭى ئاستانە، — دەيتتى ئىچىدە چەبدەس ئۇستام، — ئۇ تولۇق پۈتۈشى لازىم. سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئاستانىدا ياخشى دەۋر سۈرگەن. كىم بىلىدۇ، ئىلگىرىكى خانلاردەك، بۇ خانمۇ بارا-بارا بېرىپ يامان بولۇپ چىقامدۇ تېخى".

چەبدەس ئۇستام ئورنىدىن تۇردى ۋە دۈگدىن چۈشۈپ ئارىغچى بىلەن خوشلاشتى...

* * *

قەشقەردىكى يېڭى ئوردۇ پۈتتى. بىرىنچى قېتىملىق ئىش باشلاش مۇراسىمى بولماقچى ئىدى، ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ بىلەن ئوردۇ قارۇغباشى قىلىچ ئالدىراشلىق بىلەن تەييارلىقلارنى تەكشۈرمەكتە. بارسبەگ چوڭ ساراي، ئىشخانا، تەخت ساراي، مېھمان سارايلارنىڭ بېزىلىشى قانداقلىقىنى، پەردىلەرنىڭ قانداق ئېسىلغانلىقىنى، گىلەملەر، قاچا گۈللەر... ھويلا-ئارام، ئوردۇ ئالدىنىچە ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. قارىغاندا، تەييارلىقلار جايىدا ئىدى. ئىشنى باشلاشقا بولاتتى. قىلىچ قارۇغچىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، چېرىكلەرنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تەكشۈردى. بىرنەچچە قارۇغچى باشلىقلىرى بىلەن ئوردۇنىڭ تاشقىرىسىنى — ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتى. قارۇغچىلار جايىدا قويۇلغان، قوراللىرىمۇ تۈزۈك ئىدى. چوڭ قاپقىغا قويۇلغان قارۇغچىلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى كۆپەيتتى. قارۇغچى چېرىكلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنىڭ بوشلۇقى قىلىچقا يارىمىدى. "چېرىك ھەرقاچان ئۆزىنى مەزمۇت باتۇر، ئالىپ تۇتۇشى كېرەك" دەپ كايىدى ئۇ. ئوردۇنىڭ چوڭ-كىچىك سارايلىرىدا، ئىشخانا ئۆيلىرىدە، ھويلىلاردا ئوردۇ خادىملىرى ئالدىراش تەييارلانماقتا ئىدى... ئۇلار

سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە باشقا كاتتىباشلارنى كۈتەتتى. خان ھەمراھلىرى بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇغىلى مەسجىدكە كەتكەندى.

خان يېڭى ياسالغان مەسجىدتە بىرىنچى قېتىملىق جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، تاشقىرىقى مەسجىدكە چىقتى. ئۇ چىرايلىق يۆگەلگەن سەللە، بەقەسەم تونى بىلەن كىشلەرگە ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارقىسىدا، ئەتراپىدا يېقىن ھەمراھلىرى ئۇنى ئوراپ كېلەتتى. ئالدىدا قارۇغچىلار ئادەملەرنى كەينىگە ياندۇرۇپ يول ئاچاتتى. جۈمە مەسجىدىنىڭ خېتىبى ئەبۇ نەسىر سامانى خاننىڭ يېنىدا، چوڭچىسى چوشۇرۇلگەن سەللە بىلەن مەغرۇر كېلەتتى. "مەن قالدىم خاقان، — دېدى ئەبۇ نەسىر پەلەمپەيگە كەلگەندە، — خوش، ئاللاھۇ تابارەك ۋە تائالا يار بولغاي."

خان ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى-دە، پەلەمپەيدىن چۈشۈشى بىلەنلا ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ باش ئېگىپ تۇرغان چەبدەس ئۇستامنى كۆردى.

— ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چەبدەس ئۇستام، — خان بۇرىلىپ ئۇستامغا قول بەردى ۋە ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ كەينىگە چېكىنگەن ئۇستامغا قاراپ دېدى، — بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ نەقىش ئۇستاتلىق ھۈنەرلىرىنى تاماشا قىلىمىز-دە! ھە، راست، بۇ مەسجىد نېمە دەپ نام بەرسەك بولار، ئۇستام؟

كىشلەر مەسجىدتە ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ، مەسجىد ئالدى مەيدانىدا ھېيت قىلىدۇ. "ھېيت گاھ" دېسەك قانداق بولاركىن ئۇلۇغ خانىمىز.

— بەك ياخشى، ياخشى ئات بولدى. شۇنداق بولسۇن.

— "ھېيت گاھ"... ياخشى نام بولدى بۇ. قېنى يۈرسلە، ئەمدى ئوردۇنى كۆرەيلۇك.

خان ھەمراھلىرى بىلەن ئوردۇ ئالدىغا كەلگەندە، تىقما-تىقماق بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنى قارشى ئالدى. خان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىن قارۇغچىلار ئاچقان يول بىلەن مېڭىپ ئوردۇغا قاراپ ماڭدى. ئوردۇ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيدىن سۇپىغا چىقىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ خەلققە ھۆرمەت بىلدۈردى. خەلقتە تېخىمۇ زور روھلىنىش پەيدا بولدى ۋە "ئۇلۇغ خاقان ئامان!" دەپ ۋارقىراشتى.

خان يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىككى ياندا تۇرغان بارسبەگ بىلەن قىلىچنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سوزۇپ ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ بىلدۈرگەن ھۆرمىتىگە جاۋاب ھۆرمەت قايتۇردى ۋە بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئاۋال قاپقىغا، كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ قاپقا يۇقىرىسىغا قارىدى. ئۇچتىن بىر قىسمى چوڭ چاسا تاشلار بىلەن تىكلەنگەن ئېگىز تاملار ئارىسىغا ئورنىتىلغان يوغان قىزىل قاپقا ئېچىقلىق تۇراتتى. قاپقا قاناتلىرىنىڭ ئوتتۇرا لېۋىدە سېرىق تۇچتىن ياسالغان چوڭ ھالقىلار پارقىراپ تۇراتتى. ھەر خىل گۈللەر چۈشۈرۈلگەن قاپقا بېشىدا تاشتىن چىرايلىق ياسالغان تۆت تەرىپى ئوچۇق چاسا پەشتاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا تۆت تەرەپكە قاراپ تۆت نەيزىلىك قارۇغچى ھەيكەلدەك جىم تۇراتتى.

سۇتۇق بۇغراخان بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىرگەندە، ئوڭ ياقتىكى تام تۈۋىدە چار ساقال ئېگىز بىر ئادەم ۋە چاپىنىدا رەڭ داغلىرى بار يەنە بىر قاۋۇل قارا ساقال ئادەم خانغا تازىم قىلدى.

— بۇ كىشى ئۇستا خەنجەر ئۇستام، — دېدى بارسبەگ ئاق ساقال كىشىنى خانغا كۆرسىتىپ، — بىناكارلىق ئۇستىسى، قولى ئالتۇندەك ئادەم. بەك جاپالىق ئىشلىدى. بۇ كىشى بولسا سۇرەتچى ئۇستا دەريا

ئۇستام، — دېدى قارا ساقال كىشىنى كۆرسىتىپ، — داڭلىق سۈرەتچى، گۈلچى، ئوردۇنى گۈللەشتە ھەممە ھۈنىرىنى كۆرسەتتى، — ھە، بىلىمەن، — دېدى خان ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، — رەھمەت ئۇستىلىرىم. ئۇستا خەنجەر، ئۇستا دەريا، بەنە، سىرتۇ ئارقىسىدىكى چەبدەس ئۇستامنى كۆرسەتتى، — چەبدەس ئۇستام، رەھمەت سىلەرگە، سىلەر ئۆلۈشىمىزنىڭ داڭقى، ئاللا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي.

كېيىن ئۇستىلار بىلەن بۇغۇرۇش باتۇرتاغا ۋە باشقا ئەربابلار كۆرۈشتى.

بارسبەگ خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چوڭ پەنجىرىلىرىدىن تاشقىرىسىدىكى كەڭ پېشايۋاننىڭ ئېگىز تاش تۈۋرۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن، كەڭ ئايۋانغا باشلاپ چىقتى. خاننىڭ كەينىدە باتۇرتاغا ۋە ئۈچ ئۇستام، ئۇلاردىن كېيىن باشقا ئوردۇ ئەربابلار ماڭدى. خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پەنجىرە ئەتراپلىرىغا سىزىلغان نەقىشلەرنى ۋە پەنجىرىلەر ئارىلىقىغا سىزىلغان ھەر خىل گۈللەر، سۈرەتلىرىنى زوق بىلەن تاماشا قىلىپ مېڭىشتى ۋە ئىچكىگە ئېچىلغان سۆلەتلىك ئىشىكتىن بىر چوڭ چاسا سارايغا كىرىشتى.

— بۇ سارايغا "ئانار سارىيى" دەپ نام بېرىلدى، — دەپ ئىزاھات بەردى بارسبەگ، — سارايىنىڭ نەقىش ۋە گۈللىرى ئانار ۋە ئانار گۈلىدىن ئىشلەنگەن.

خان ۋە ھەمراھلىرى سارايىنى كۆزدىن كەچۈردى. سارايىنىڭ پەنجىرە ۋە تەكچە ئۇيۇقلىرى ياقىلىرىغا ئاق كەجگە گۈزەل سەنئەت بىلەن ئانار، ئانار گۈللىرى نەقىشلىرى سىزىلغان، يېشىل ياپراقلار ئارىسىدىن ئېگىلىپ تۇرغان قىپقىزىل ئانار گۈللىرى ۋە ساڭگىلاپ

تۇرغان قىزغۇچ ئانارلارنىڭ سۈرەتلىرى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تورۇسقا قاراشتى. ئۇنىڭ ئېگىز تورۇسىنىڭ چاسىلىرىغا سىزىلغان ئانار گۈللۈك، ياكى گۈللۈك ئانار دەرەخلىرى كىشىنىڭ زوقىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تارتىپ، كۆز ئالال- مايدىغان دەرىجىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— بۇياق بولسا، — دېدى چېرىكلەر ئۇلچىسى ئارسلان توكسىن، سولراقتىكى ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى قارۇغچى تۇرغان ئايۋاننى كۆرسىتىپ — بىزگە تەۋە بولۇپ قالدى. بىر كىچىك ساراي بولۇپ ئەتراپىدا ئىشخانىلار بار.

— بەك ئەدگۈ ① ياسالغان، — دېدى خان ۋە ئۇستىلارغا قاراپ كۈلۈپ رازىلىق بىلدۈردى.

ئۇلار ئوڭراقتىكى ئوخشاش ئايۋاندىن ئۆتۈپ ئوخشاش چوڭلۇق- تىكى يەنە بىر سارايغا كىردى. بۇ سارايىنىڭ بېزىلىشى باشقىچە ئىدى. ئويۇلغان نەقىشلەر، سىزىلغان سۈرەتلەر گۈزەل يايلاقنى كۆرسىتەتتى. تاغ باغرىدىكى كۆل ئوتلاقتا — بىر يەردە ئۇيۇر-ئۇيۇر يىلقىلار، بىر جايدا پادا-پادا كالىلار، يەنە بىر جايدا ئوتلاپ كېتىپ بارغان ئاق- قارا قويلار، كەچلىكى، قوشقا يانغاندا قوزىلىرى ئېمىۋاتقان ساغلىقلار... گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. يۇقىرى تورۇسىدىمۇ شۇنداق گۈزەل سۈرەتلەر كۆز چېقىپ تۇراتتى. تاملارنىڭ بىرىدە ئالدىغا ئېگىشىپ، سالما بىلەن ئايغىرنى قوغلاپ كېتىپ بارغان ئاتلىق يىلقىچى يىگىتنىڭ سۈرىتى، بىر تامدا، يايلاۋاتقان قويلىرىغا قاراپ تاش ئۈستىدە نەي چېلىپ ئولتۇرغان قىزىل باش ياغلىقلىق بار قىزنىڭ سۈرىتى... ئىشىككە يۇدۇل

---

① ئەدگۈ — ياخشى، ئوبدان.

يامدا ئات ئۈستىدە ئوقيانى چەنلەپ بىر توپ كىيىكنى قوغلاپ كېتىپ بارغان ئوۋچىنىڭ سىياقى بىر قارىغاندا خالىغا ئوخشاپمۇ كېتەتتى. بۇ سۈرەتنى كۆرگەندە سوتۇق كۆلۈمسىرەپ ئارسلانغا قاراپ قويدى.

— بۇ سارايغا نېمە دەپ ئات بەردىڭلار؟ — دېدى سوتۇق بارس-بەگكە قاراپ.

— يايلاق ساراي.

— يايلاق ساراي... ھە، ھە، سۆلىتىگە تازا يارىشىپتۇ.

— ماۋۇ نەرەپ ئاقساقالنىڭ ئىشخانىسى بولسا كېرەك. شۇنداق-مۇ؟ — ئۇ كۆلۈپ باتۇرتاغىغا قارىدى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى باتۇرتاغا، — لېكىن شۇنىسى باركى، سارايغا چۈشلۈق ئادەم يوق-دە.

كۆپچىلىك كۆلۈشتى.

ئۇلار يەنە ئوگراقتا بۇرۇلۇپ ئوخشاش ئايۋاندىن ئۆتۈپ، چوگراق، يورۇقراق بىر سارايغا كىرىشتى.

— سەيلە ساراي — دېدى بارسبەگ خانغا يېقىنراق كېلىپ، — ساراي سەيلىگاھ پۈرىقىنى بېرىدۇ.

— پۈرىقى تولۇق، دەل ئۆزى، — دېدى باتۇرتاغا.

سەيلە ساراي تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئۆز ياسالغان: پەنجىرە، ئۆيۈقلار گىرۋەكلىرىگە، ئىشىك ياقىلىرى، تورۇسنىڭ چەتلىرىگە ئويۇلغان ئېسىل سەنئەتلىك نەقىشلەرگە ئارىلاپ يېشىل بوياق بېرىلگەن. پەنجىرىلەر ئارىلىرىغا ھەر خىل مەنزىرە رەسىملىرى — مېۋىلىك باغلار، تاغ ئارىلىقىدىكى كۆللەر، شارقىراتمىلار، ئاقباش تاغ چوققىلىرى، ئېتىز-زىرائەتلەر، دەريا ۋادىلىرى... سىزىلغان. تورۇسقا چاسا قىلىپ گۈل-سۈرەت نۇسخىلىرى سىزىلغان. بۇ نۇسخىلارغا بەك

ئۈستىلىق بىلەن رەڭ بېرىلگەن، نۇسخا گۈللەر ئارىلىقلىرى ۋە گۈل شەكىللىرى شۇنچىلىك ئىنچىكە، توغرا ھېساب بىلەن سىزىلغانلىقى، كۆرگەنچە كىشى ھەيران قالاتتى. سارايىنىڭ شىمالىغا قارىغان تېمىدا، ئېگىز، كەڭ پەنجىرىلەر ئوتتۇرىسىدا قوش قاناتلىق ئىشىكلەر سارايىنى تولۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار يان ئىشىك تەرەپكە ماڭغانىدى، تاشقىرىدىن ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىكنى تاشقىرىغا ئاچتى. خان پۈتۈن بىنانى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تاش تۈۋرۈكلۈك ئايۋاندىن تاشقىرىغا چىقىرىپ ياسالغان، سۆلەتلىك چوڭ پېشايۋانغا چىقتى. پېشايۋاننىڭ ئۇڭ ياقىدا يۆلەنچۈك كارىۋاتتا ئايدىڭ خانىش ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يۈلتۇز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى سۆزلەۋاتاتتى. بەش ياشلىق خان ئوغۇل تونغان ئويناۋاتقان يېرىدىن قوپتى ۋە:

— ئانا، دادام كەلدى، — دېگىنىچە خانغا قاراپ يۈگۈردى. خان تونغاننىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە ئايدىڭ تەرەپكە بۇرالدى. ئايدىڭ كارىۋاتتىن تۇرۇپ خاننى قارشى ئالدى، ئەربابلار ئايدىڭغا تازىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

— دادا، ئەنە بايتاش ئاكام، — دېدى تونغان باغدا كېلىۋاتقان ئاكىسىنى كۆرسىتىپ، — ئاكا، چاپسان ماڭ، دادام كەلدى.

باغنىڭ تۆرىدىكى "تەركىن ساراي" تەرەپتىن ئۈستى يېپىق، تورۇسىغا گۈللەر نەقىش قىلىنغان تاش يولدىن خان ئوغۇل بايتاش بىر كۈچۈكنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ:

— ئانىكا دادام كەلدى، — دەپ ۋارقىراپ قويۇپ بۇ تەرەپكە قاراپ قەدىمىنى ئىلداملاتتى.

سۇتۇقنىڭ ئاستى تەركەن بېگىم ئۆز نامىغا سېلىنغان ئاشۇ "تەركەن سارايى"نى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوغلى، كېلىنى، نەۋرىلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇراتتى. ئوردۇ بىناسىنىڭ خۇددى كېچىكلىتىپ قويغان نۇسخىسىغا ئوخشايدىغان بۇ ساراي ئازادە، ئىنچ، گۈزەل بىر بىنا ئىدى. تەركەن بېگىم بىنانىڭ كىندىكىدىكى دۈگىلەك سارايدا ئوغلى بىلەن ئۇزاق-ئۇزاق پاراڭلىشاتتى ۋە "ئوچلۇك ھالقا"نىڭ دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلايتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئىشقا ئازراق ئارىلىشىپ، جىمقىراق دەم ئالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا، چاچلىرىغا ئاقلار كىرگەن، ئازراق مۈكچىيىپ قالغان ئانا ئىككى قولتۇقىدىن يۆلىگەن كۈلەيلى ۋە قۇندۇزلارغا ئېغىرلىقىنى سېلىپ ئاستا مېڭىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە كۆرپە، ياستۇق كۆتۈرگەن ئىككى قىز بىللە كېلەمەكتە ئىدى.

بايتاش يۈگۈرۈپ تاش پەلەمپەيدىن پېشايۋانغا چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىققان جېگەررەڭ، سالپاڭ قۇلاق چىرايلىق كۈچۈك خانغا قاراپ "ھاۋ، ھاۋ" دەپ ئىككى قېتىم قاۋىدى.

— ھە، بايتاش، كۈچۈكۈڭنىڭ ئاچچىقى يامانغۇ، ئوغلۇم؟ — دېدى خان قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ تۇرغان كۈچۈككە قاراپ كۈلۈپ.

— سىزدىن قەنت سوراۋاتىدۇ، — بايتاش يانچۇقىدىن بىر پارچە قەنتنى ئېلىپ دادىسىغا بەردى، — بۇ سىزگە موللاق ئېتىپ بېرىدۇ.

خان قەنتنى ئېگىزرەك تاشلاپ بەرگەنىدى، كۈچۈك سەكرەپلا ئاغزىغا ئالدى ۋە ئالدىغا بىر، كەينىگە بىر ئىككى قېتىم موللاق ئاتتى، كېيىن يەنە خانغا تەلمۈردى، ھەممەيلەن كۈلۈشتى. خان

پەلەمپەيگە كېلىپ قالغان ئانىسىغا قارىدى ۋە ئالدىراپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئانىسىنى قولتۇقلاپ ئەپچىقتى. ھەممەيلەن ھۆرمەت بىلەن ئانىغا تازىم قىلدى.

— تەركىن بېگىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — دېدى باتۇرتاغا كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن.

— رەھمەت تاغا! ئۆمۈر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ مىڭ ياشقا كىرمەيدۇ كىشى، — دېدى ئانا ۋە بىرئاز ئويلاپ داۋام قىلدى، — ئادەم ئۆلىدۇ، ئوردۇ، ساراي، باغ-تاغ... ھەممىسى قالىدۇ، ئادەملەر ئۆلمەيدۇ. كەتكەنلەر قالغانلارغا ئەدگۈ نام قالدۇرۇپ كەتسە، ئاژۇندا① بۇنىڭدىن ئەدگۈ ئىش يوق. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھۆرمەتلىك بىلگە تېكىن؟ — ئۇ ئارقىدىراق تۇرغان بىلگە تېكىنگە قاراپ كۈلدى.

— بەك توغرا تەركىن بېگىم، — دېدى بىلگە تېكىن ئالدىغىراق مېڭىپ، — ئادەم، بۈگۈن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەتە ئۈچۈنمۇ ياشىشى كېرەك.

— ئەدگۈ، ئەدگۈ، — دېدى ئانا كېيىن سۇتۇققا قاراپ، — بالام بۇ سۆز يادىڭىزدا بولسۇن. ئەتە ئۈچۈن ياشاڭ، ئوردۇ سىزگە قۇتاتقاي، سىز بودۇنغا قۇتاتقايسىز، — دېدى.

— سۆزلىرىڭىز ھەمىشە يادىمدا بولغۇسى ئانا. بودۇن ئۈچۈن، ئەتە ئۈچۈن...، — سۇتۇق ئاخىرقى سۆزنى گوياكى قەسەمياد قىلغاندەك دولقۇنلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتتى.

— خوپ، ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى ئانا ئوغلىدىن رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئازراق دەم ئالاي، ئۆز ئىشىڭلارنى

---

① ئاژۇن — دۇنيا، جاھان.

قىلىڭلار! — ئۇ كارىۋات تەرەپكە بۇرالدى، كۆللەيلى بىلەن قوندۇز قولتۇقلىدى.

خان ۋە ھەمراھلىرى ئاتا بىلەن خوشلىشىپ سەيلە سارايغا قايتىپ كىردى ۋە بارسبەگنىڭ باشلىشى بىلەن سول قولغا بۇرالدى. ئۇلار كەڭ ئېگىز ئايۋاندىن مېڭىپ ئەنتەنىلىك تەختى سارايغا كىردى، بۇ ساراي ئېگىز، چاسا كەلگەن بولۇپ، ئالتۇن سېرىق گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تاملارغا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان، تورۇسقا كىچىك چاسا ئۇلگىلەر، ئوتتۇرىسىغا دۈگىلەك كۆزگۈ ئەينەك① ئورنىتىلغان. يۇقىرىغا قارىغاندا ھەممە كۆزگۈلەردىن قارىغان كىشىنىڭ سۈرىتىنى كۆرگىلى بولاتتى. سۈتۈق بىلەن يېقىن ھەمراھلىرى تورۇسقا قارىشىپ ھەيران بولغىنىچە كۆلۈشتى ۋە بىناكار ئۇستامنى ماختاشتى. ئېگىز-ئېگىز پەنجىرىلەردىن قوياش نۇرى چۈشۈپ، تەختى سارايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. كۈن-پېتىش ياقتىكى چوڭ قاپقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان تامغا ئېگىز ئىشىك ئورنىتىلغان. ئىشىك ئۇدۇلىدا ئېچكىرىرەك كىرگەن، ئارقا ۋە يان تەرەپلىرىگە چوڭ پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان، ئۇيۇقتا سۇپا ئۈستىگە سېرىق رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن تەخت قويۇلغان. تەخت ئالدىغا باش-چىشلىرى بىلەن سويۇۋېلىنغان چوڭ ئاق ئېيىق تېرىسى سېلىنغان، يەرگە بىر پۈتۈن ماچىن نۇسخا چوڭ زىلچا سېلىنغان بولۇپ، تەخت ئالدىدىن تارتىلغان قىزىل پاياندازئۇدۇل-دىكى ئايۋانغا سوزۇلغان، خان ھەمراھلىرى بىلەن شۇ پاياندازلىق ئايۋانغا قاراپ ماڭدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئاجايىپ كاتتا، ئېگىز،

---

① كۆزگۈ ئەينەك — كۆرىدىغان ئەينەك.

دۆڭلەك بىر سارايغا چىقىشتى.

— خان سارىيى، — دېدى بىناكار ئۇستام خانغا يېقىنراق كېلىپ، — بۇ سارايىنى ياساشتا چوڭ يىغىنلار، داغدۇغىلىق زىياپەتلەر كۆزدە تۇتۇلدى.

— ئوھوي!... ئۇستام، ھە، جەننەتمۇ مۇشۇنچىلىك گۈزەل بولار، — دېدى باتۇرتاغا يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرىدىغان كۆك ئاسماندەك تورۇسقا قاراپ.

— ئۇستىلىرىمىنىڭ ئىپسىل قوللىرىغا ئاللا مەدەت بەرگەي، — دېدى سۇتۇق ۋە ئۇستىلارنى ماھارەتلىك ھۈنىرى بىلەن تەبرىكلىدى. كېيىن ئۇ تامغا دىققەت قىلغاچ يېقىن باردى. تام ئېگىز، كەڭ كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئورنىتىلغان چوڭ كۆزگۈ ئەينەك يۈزىگە ئۆز نەقىشلەر سىزىلىنغان. ئۆزىگە خاس رەڭلەردە ئايرىم-ئايرىم سىزىلىنغان ئۈزۈم، ئانار، ئالما، شاپتۇل، گىلاس ۋە باشقا مېۋىلەر نەقىشلىرى ئارىلىرىدىن كىشىلەرنىڭ پارچە-پارچە سۈرەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بەك ئەدگۈ، بەك ئىپسىل، — دېدى خان خۇشال بولۇپ ۋە ئارقىسىغا بۇرالدى.

— مانا ماۋۇ ياقتا، — بارسبەگ، چوڭ ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ قاناتنى كۆرسەتتى، — بىز كۆرۈپ كەلگەنگە ئوخشاش سارايلار بار. سارايلار ئىچكىرىسىدە ئارسلانبەگنىڭ، ئوردۇ بىتىكچىسىنىڭ، توغرۇلبەگنىڭ، قىلىچبەگنىڭ ئىشخانىلىرى بار.

— بارسبەگنىڭمۇ بار، — دېدى قىلىچ يوغان ئاۋاز بىلەن. ھەممەيلەن كۈلۈشتى. قاپقا تەرەپكە قارىغان ئىشىك ئېچىلدى.

— ئىلىك كەلدى! — دېدى ئەركىن ۋە ئارقىدىن ئەگىشىپ كىرىۋاتقان ئىلىكنى كۆرسەتتى.

خان دەرھال ئىشىككە قاراپ، كۈلۈمسىرەپ كىرىۋاتقان ئىلىكنى كۆردى.

— ھا، دوستۇم ئىلىك، — خان ئىلىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، — مانا قاراڭ، شۇنچىمۇ كېچىكىپ كېتەرسىزمۇ؟ كەتكىنىڭىزگە قانچە يىل بولدى؟

— ئۈچ يىلدىن ئاشتى، — دېدى ئىلىك، — ئانام قويۇۋەتمىدى. ئۇندىن كېيىن بالاساغۇندىكى ياخشىراق ئوقۇشتىن كېچەلمىدىم.

— بىلگە تېكىن! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاستانىمىز قەشقەرنىڭ ئوقۇش ئىشى بالاساغۇنغا يەتمەيدىكەن، قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇ قەدىم ئاستانە ئەمەسمۇ؟ ئارتۇقچىلىقى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. بىزمۇ ئىشلىرىمىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىمىز، بارا-بارا ئاشۇرۇۋېتىمىز تېخى، — دېدى بىلگە تېكىن.

— ئەلۋەتتە، چوقۇم ئاشۇرۇۋېتىش كېرەك، ئىلىك بالاساغۇن مېۋىلىرىدىن ئېلىپ كەلدى-دە. ئەمدى بۇ كىشىنى قويۇۋەتمەسلىك كېرەك، — دېدى باتۇرتاغا كۈلۈپ.

— ھە، قاراڭ، مەن سىزنى تونۇۋالدىم. مانا يارانلار بىلەن كۆرۈشۈڭ، — خان بۇرۇلۇپ ھەمراھلىرىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

ئىلىك كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشتى. ھەممىسى بىر-بىرلەپ ئىلىك بىلەن كۆرۈشتى. بەگ بىلگە قوپالغىنا ئامانلىشىپ قويدى.

— قاراڭ بۇ سارايلارنى، — دېدى خان قول ئىشارىتى بىلەن سارايىنى كۆرسىتىپ، — ئوردۇ، چوڭ مەسجىد، راست، يەنە چوڭ ئوقۇل يۇرتى، بۇنى سىز ياقتۇرارسىز، ئەلۋەتتە. بىنالار كاتتا، لېكىن،

ئىلشىمىزكېرەك...دوستۇم! ئوردۇمىزنىڭ بېشكىچلىكى سىزنى كۈتمەكتە، ئوردۇ كۈتمەكتە. ئاستانە كۈتمەكتە — دېدى يەنە سۆتۈق خۇشال كەيپىياتتا.

ھەممەيلەن خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈشتى ۋە كۈلۈشۈپ ئىلىكنى مۇبارەكلىدى، بەگ بىلگە بىلەن يەنە ئىككى-ئۈچ كىشى خۇشال بولمىدى.

— ئەڭ مۇھىمى، يېڭى ئوقۇل سىزنى كۈتمەكتە، — دېدى بىلگە تېكىن توپتىن ئىلگىرىرەك چىقىپ.

— بېشكىچلىك ئوقۇتقۇچىلىققا دەخلى قىلمايدۇ، — دېدى باتۇر تاغا، — ئىلىك ۋاقىت چىقىرىپ بىلىك بېرىپ تۇرۇشقا بولىدۇ-دە.

— مەن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەسمەن، يەنە داۋاملىق ئوقۇسام دەيمەن... — دېدى ئىلىك كەمتەرلىك بىلەن.

خان ئىلىكنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى، دوستۇم. سىزگە سۆزمۇ قىلىشقا رۇخسەت يوق، — ئۇ كۈلگىنىچە ئىلىكنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — بىز ئوردۇنى كۆرۈپ بولدۇق. سىز ئايرىم كۆرەرسىز. يۈرۈڭ، مەن سىزنى، ئانام ۋە ئايىدىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرەي.

خان ھەمراھلىرىغا قاراپ باش ئېگىپ خوشلاشتى ۋە ئىلىكنىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ ئىچكىرىگە ماڭدى. باشقىلار تازىم قىلىپ خان ۋە ئىلىكنى ئۇزىتىپ قېلىشتى.

## ئىككىنچى باب

# قوچقارنىڭ بايانى

سارايىنىڭ ئۇلۇغ يېقىدىكى ئىشخانىسىدا سۇتۇق بۇغراخان ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ چۆگىلەپ ماڭغىنىچە خىيال قىلماقتا ئىدى. كۈنچىقىش ياقتىكى چوڭ پەنجىرىلەردىن كىرگەن ئەتىگەنكى قۇياش شولىسى ئۆينى نۇرغا تولدۇرغان. خان دىمى سىقىلغاندەك بولدى ئېھتىمالىم، بېرىپ ئوتتۇرا پەنجىرىنى ئاچتى، ئۇرغۇپ كىرگەن يازنىڭ ئەتىگەنلىك يېقىملىق سالقىنى ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئۆزگەرتەۋەتتى. خان كۆڭلى ئارام ئالغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ بېرىپ پەنجىرىنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان ھال رەڭ نېپىز پەردىسىنى، تارتىپ قويدى ۋە يەنە ئۆينى ئايلاندى...

"ئىشنىڭ بېرىشى ياخشى، ئەمما كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئانىسى 'سەن بودۇنغا قۇتاتقايسەن' دېگەنىدى. ھازىرغىچە قۇتاتقىنى قانچىلىك، كەلگۈسىدە قانچىلىك بولار؟! قۇلدارلىق چەكلەندى. لېكىن تارىغچىلار 'قوشتىن چىقىپ سۆرەمىگە چۈشتۇق' دەۋاتىدۇ. بۇرۇنقى قۇلدارلارنىڭ بىر قىسمى چوڭ يەر ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ يەنىلا تارىغچىلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتىدۇ؛ چوڭ-چوڭ سېتىقلىق، قول ھۈنىرى كارخانىلىرى پەيدا بولدى. بۇ ياخشى ئىش. سېتىقچىلار ۋە قول ھۈنەر ئىشخانا ئىگىلىرى يەر تېرىش ئىمكانىيەتىدىن مەھرۇم بولۇپ شەھەرگە كىرىپ قالغان بىر قىسىم نامرات

ئارىغچىلارنى ھەم شەھەردىكى ئاددىي پۇقرالارنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەرزىمەس ئىش ھەققى بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋېلىپ، ياكى قورسىقى تويمايدىغان ياكى يىراققىمۇ كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ...

شەھەرلەردە چوڭ سېتىقچىلار كىچىك ياپىمچىلارنى، چوڭ ھۈنەر ئىشخانا ئىگىلىرى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنى چەتكە قېقىپ خانىۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سېتىقچىلار ۋە ئىشخانا ئىگىلىرى ئارىسىدىمۇ يەر ئىگىلىرى، بايلار ئارىسىدىكىدەك بايلىق تالىشىش، مەنسەپ تالىشىش ئۆزئارا قەستلەش... ساۋۇقبەگنىڭ خانلىقنى ئاغدۇرۇش قەستى يوقىتىلدى. يەنە ئاللىقانداق يوشۇرۇن قەستلەر يوقمىكىن؟!

ئىسلام دىنىغا قارشىلىق يوقىتىلدى. مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى يۈز مىڭلىغان كىشىگە يەتتى. لېكىن، ئەلنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا، يەتتەسۇ، ئىلى، قوچۇ يايلاقلىرى تېخى مۇسۇلمان بولغىنى يوق. يەنە تۇسالغۇلار، تەتۈر شامالالار كېلىپ چىقماسمىكىن؟!

ئوقۇش-بىلگە ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى بەك ئاستا. بۇددا دىنىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىشى بىلەن بىلگە ئاقارتىش ئىشلىرىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلماي قالمىدى. كىشىلەر، ئۆگرەتمەنلەر بەك ئاز. بىر-ئىككى مەدرىس بەك ئازلىق قىلىدۇ...

چېرىك ئىشلىرىچۇ؟ ئەل قارۇغچى ئىشلىرىچۇ؟ تېخى بەك يېتەرسىز. چېرىكلەر سانى ئاز، چېۋەر چېرىكباشلىرى ئاز... ئەل ئىچى ئامانلىقى... يەنە ئەل چېگرىسىنىڭ ئامانلىقى... سامانىلار..."

خان خىيال سۈرگەن پېتى كېلىپ ئورۇندۇقنا ئولتۇردى، پەلچىرىد-

دىن كىرگەن يۇمشاق سالقىن شامال ئۇنىڭ قارا ساقاللىرىنى تاراپ،
قىپقىزىل دۈگىلەك يۈزىنى سىلاپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدە
ھارغىنلىق سېزىلەتتى. ئۇ ئەمدى ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان كىشىگە
ئوخشىمايتتى. قوشۇمىسى تۈرۈكلۈك، غەمكىن، خىيالچان سىياقىدىن،
ئۇ ئېغىر يۈك گەۋدىسىنى باسقان ياشىنىپ قالغان كىشىگە ئوخشايتتى.
ئۇ، ئولتۇرغان پېتى سول قولىنىڭ ئالقىنىغا سول چېكىسىنى
قويۇپ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئالدىدىكى شىرەنى سالماق-
لىق چېكىپ خىيال قىلاتتى. "سامانىلار..." دەپ تەكرار ئويلايتتى
ئۇ، "سامانىلار" دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئايلىنىۋەردى. بۇ
سۆز خانىنىڭ كۆز ئالدىدا گايىدا گۈلدۈرماما بىلەن، گايىدا دەھشەت-
لىك بوران بىلەن ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك
قارا بۇلۇتقا ئوخشاش كۆرۈنەتتى...

سۇتۇق بۇغراخان بېرىپ ئىشكاپتىكى تۆت قاتلاقلىق خەرىتىنى
ئالدى ۋە ئۇنى شىرە ئۈستىگە يېيىپ ئاچتى. يەر شەكلى ئالا-يېشىل
سىزىلىپ مەملىكەت، شەھەر، رايونلار ۋە دەريالارنىڭ ناملىرى
ئۇيغۇرچە ھەرپ بىلەن كۆرسىتىلگەن بەلگىلەرگە ئېگىلىپ كۆز
يۈگۈرتتى ۋە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىنى بىر قاراپ چىقتى: شىمالدا
ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، بالقاش كۆلىدىن ئۆتۈپ، چۇ ۋە تالاس
دەريالىرىنى بويلاپ كېلىپ تەڭرىتاغ بىلەن، كېيىن پامىر بىلەن
تۇتاشقان كەڭرەك يېشىل چېگرا سىزىقىغا ئالاھىدە كۆز يۈگۈرتتى.
چېگرا سىزىقى غەرب، جەنۇب ۋە شەرقىي-جەنۇبقا سوزۇلدى،
كېيىن پامىر، كوئىنلۇن قىرلىرىدىن ئۆتۈپ قوچۇ، شىشا خانلىقىنىڭ
چىقىشىدىكى چېگرىسىنى بويلاپ دۇنخۇاڭغا تۇتاشتى. ئۇنىڭدىن
كېيىن، سالىن تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتىكىنى بويلاپ، گوبى

چۆللىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئايلىنىپ يەنە ئالتاي تاغلىرى بىلەن تۇتاشتى. خانىنىڭ كۆزى ئايلىنىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا، يەتتە سۇنىڭ غەربىدە "سامانىلار دۆلىتى" دەپ ھەم ئۇيغۇر ھەم ئەرەب يېزىقىدا چوڭ يېزىلغان جايغا كېلىپ توختىدى.

بۇ كەڭ گۈزەل ماكاننى سامانىلار بېسىپ ياتقىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى. «ماۋەرائۇننەھر» دەپ ئاتالغان سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا ئارىلىقى، كەڭ پەرغانە، شاش① تۈزلەڭلىكى ۋە نەمەنگان، سەمەرقەنت، بۇخارا، غەزنە، ئافغانىستان... شەھەرلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەر ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ياشايتتى.

سامانىلار ئوتتۇرا ئاسىياغا ئونىنچى ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا بېسىپ كەلگەن. ئونىنچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ زۇلۇم-زورلۇقى ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتكەنىدى. سامانىلارنىڭ كېڭەيمىچى خانى نۇھ 11 ئىبنى مەنسۇر دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئەس-يادى قاراخانىلار خاندانلىقى دائىرىسىنى بوغۇزىغا پاتسۇن-پاتمىسۇن يۇتۇۋېلىش ئىدى. ئۇلار يەتتەسۇغا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. خاقانىيەگە (قەشقەر رايونىغا) بىر-ئىككى رەت تېگىپ باقتى، لېكىن ھەممىسىدە دەككىسىنى يېدى. ئەمما، سامانىلار يامان غەرىزىدىن يانمىغانىدى. سۇتۇق بۇغراخاننى ئويلىتىپ تۇرغان نەرسە ئەنە شۇ ئىدى. باشقا قوشنىلار بىلەن بۇ چاققىچە مۇناسىۋەت ياخشى. بولۇپمۇ چىن خاقانى بىلەن دوستانە ئالاقە ئورنىتىلغان. ئىلىم-سېتىم، باردى-كەلدى خېلى

---

① شاش — تاشكەنت.

قويۇق، لېكىن، سامانلار خانلىقى بولسا چوڭ خەۋپ ئىدى...

خان خەرستىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدە يەنە ئايلاندى، مېڭىسىدە بولسا چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ مەسىلىنى يېشەلمەي قىينىلاتتى. "خەتەر، خەتەر... — دەپ ئويلايتتى ئۇ — ئەلنى قوغداش كېرەك... جان تىكىپ قوغداش كېرەك!..." ئۇ خىيالىدىن خۇلاسە چىقىرىپ يەڭگىللىكنى ھېس قىلدى ۋە پېشانىسىدىكى قورۇقلار تۈزلەندى، لەۋلىرى يەنىلا شۇنداق، مەردانىلىق بىلەن "ئەلنى قوغداش كېرەك..." دەپ پىچىرلىدى.

— مانا كىملەر كەلدى، قاراڭ، — دېگەن خانغا ئەڭ يېقىن تونۇش ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، خانىش ئايدىڭ يان ئىشىكتىن ئىككى كىشىنى باشلاپ كىرىۋېتىپتۇ.

— قوچقار ئەمەسمۇ بۇ؟ — دېدى خان ۋە كۈلۈپ قۇچاقلىرىنى كېرىپ بېرىپ قوچقارنى قۇچاقلىدى، — ئامان كەپسەن، مانا قارا، ھەيۋەتلىك يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، خۇددى تولغان قوچقارنىڭ ئۆزى. ھە، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — سورىدى قوچقارنىڭ كەينىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى قامەتلىك قارا ساقال كىشىگە قول بېرىپ.

— بۇ كىشى مېنىڭ ياخشى يولدىشىم. بىللە بېرىپ، بىللە كەلدۇق...

— ئۇنتۇپ قالغان بولسىلا كېرەك، — ئايدىڭ سۆز قوشتى، — ئۇ ياققا مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئەمەسمۇ؟

— ھە، ئەلبەتتە، يادىمغا كەلدى. ئامان بېرىپ كەپسىلەر.

— رەھمەت، ئۇلۇغ بۇغراخانغا ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەي.

— ھە، رەھمەت...

ئاڭغۇچە باتۇرتاغا، ئارسلان ۋە توغرۇللار كىرىپ كەلدى.

— ھە، كېلىڭلار، ياخشى كەلدىڭلار. ھانا قاراڭلار، كېلەر كەلدى؟ — دېدى خان قوللىرى بىلەن مېھمانلارنى كۆرسىتىپ.

كىرگەنلەر قوچقار ۋە ئەلبەگ بىلەن سىمىمىي كۆرۈشتى. خان ھەممەيلەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— قارا، قوچقار، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى خان، — نەچچە يىل بولدى؟

— ئۈچ يىل بولدى. توپتوغرا ئۈچ يىل.

— مەن سېنى كەلمەي قويارمىكىن دەپتىمەن.

— ئۇنداقمۇ بولامدىغان؟ ئۇزاقراق يۈرۈپ كەتتۇق، سودا كارۋىنى بولۇپ باردۇق. دوستۇم ئەلبەگ، — ئۇ دوستىنى كۆرسەتتى، — سېتىقچى بولدى، مەن ياردەمدە بولدۇم. سەپەردىن سەپەر چىقىپ ۋاقىت ئۇزىراپ كەتتى، پۇلنىمۇ تازا تاپتۇق.

— بارمىغان شەھەرلەر قالمىدى. ئوش، نەمەنگان، شاش، سەمەرقەنت، بۇخارا. يەنە قايسى ئىدى؟ — سورىدى قوچقار ئەلبەگدىن.

— غەزنە، ھېرات... قايتىشتا بۇ تەرەپ بىلەن، — ئۇ قولى بىلەن شىمالنى كۆرسەتتى، — يەتتەسۇ بىلەن قايتتۇق، ئۇ يايلاقلاردا بالاساغۇن...

— ھە، راست، بالاساغۇن، پىشپەك، توقماق... ھەربىر شەھەردە بىرنەچچە ئاي، بەزىلىرىدە بىرەر يىل تۇردۇق. جىق تۇرغىنىمىز سەمەرقەنت بولدى.

— ھە، ئۇ توغرا بوپتۇ. سەمەرقەنت ھازىر ئۇلارنىڭ ئاستانىسى، — دېدى ئارسلان ۋە قىزىقىپ سورىدى، — پۇلدىن باشقا تاپقان

نەرسەڭلار ئاز ئەمەسكە ئوخشايدۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ بىر بارساق تاغام ئەمەنگانىنىڭ بىر كات-تىپىشى بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ بىر چوڭ چارۋىدار ئەمەسمىدى، پۇل سۆزلىتىدۇ-دە. بىزنىڭ ئالدىمىز پاراشمۇ نېمە، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي سەمەرقەنت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پۇل ئۆتىدىغان كاتىپى بولۇپ قاپتۇ. خەزىنىچىگە ئوخشامدۇ، نېمە، ئاداش؟ — قوچقار ئەلىبەگدىن سورىدى.

— ياق، ئۇنچە ئەمەس، تاغاڭنى بەك كۆتۈرۈۋەتتىڭ، ساللىق — ئالىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەئە، ئىشقىلىپ ئورنى كىچىك ئەمەس. ئۇنىڭ قولى بىلەن بىر خەتنى پۈتتۈرۈۋالىمىز، شۇنىڭ بىلەن نەگە بارساق ھەممىسى تەييار.

— قېنى قوچقاربەگ، — دېدى ئايدىڭ كۈلۈپ، — كۆرگەن-بىلگەن-لىرىڭنى تولۇقراق سۆزلەپ بەرگىن.

قوچقار بەلبېغىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ يۈزىدىكى تەرنى سۈرتتى. چاي ئەكىرگەن قىزغا كۈلۈپ قاراپ قويدى ۋە چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى...

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن قوچقارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنىڭغا دۆلەت قارۇغچى ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئەلىبەگنى قوشۇپ، ئۇلارنى سېتىقچى كارۋىنى قىلىپ كۆنپېيتىش ياققا ئەۋەت-كەنىدى. ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە: خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سامانىلار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىش؛ سامانىلارنىڭ قاراخانىلار دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىشى ئېھتىمالىنى ۋە بۇ تەرەپكە قاراتقان چېرىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىلىشتىن

ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئۇزاق ۋاقىت كېرەك ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا سامانىلار خاندانلىقىغا نۇھ II ئىبىن مەنسۇر دېگەن ئادەم خان ئىدى. ئۇ سەمەرقەنتتە تۇراتتى. بۇخارانى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق، غەزنە، ھېراتنى تۈرك نەسلىدىن بولغان ئالىپ تېكىننىڭ ئوغلى تېخى ناھايىتى ياش بولغان سىبۇق تېكىن باشقۇراتتى. قوچقار تاغىسى ئارقىلىق شۇنى بىلدىكى، ئەبۇ ئەلى سىمجۇق بىلەن مەنسۇر ئارىسىدا، سىبۇق تېكىن بىلەن مەنسۇر ئارىسىدا زىددىيەت بار ئىكەن، قوچقار بىلەن ئەلى مۇشۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە قىزىقتى. قوچقارنىڭ تاغىسىنىڭ ئەبۇ ئەلى سىمجۇق بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن، ئەبۇ ئەلى قوچقارنىڭ تاغىسىنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقىغا يېقىن جايدا تۇرغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، يېقىندا ئۇنىڭدىن سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىنى سۈرۈشتە قىلغانىكەن. قوچقارنىڭ تاغىسى ئۇلارغا: "سىلەر بۇخاراغا بېرىڭلار، خەت يېزىش خەتەرلىك. بىر ئىلاجى قىلىپ بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى بىلەن كۆرۈشۈڭلار. مېنىڭ سالامىنى ئېيتىڭلار. تونۇشقاندىن كېيىن قەشقەر ياقتىن كەلگەنلىكىڭلارنى ئېيتساڭلار بولىدۇ" دېدى.

قوچقار بىلەن ئەلى يەككە ئاتلىق كىچىك كارۋان بولۇپ ئىككى ئاتقا ئۆزلىرى مىنىپ، بەش ئاتقا مال ئارتىپ سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتى. بىرنەچچە كۈن سەھرا-قىشلاقلاردا، چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇخاراغا يېتىپ باردى. ئۇلار سەمەرقەنتتىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى توپ ساتتى. بىر قىسىم تاۋار-دۇردۇن، ئەتلەس-شايى، ماتا-چەكمەنلەرنى ۋە ئالتۇن-كۈمۈش، قاشتېشى، مارجانلىرىنى سېلىپ بىر

دۇكان ئاچتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇخارا بايلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ نامى چىقتى، بولۇپمۇ چىن تاۋارلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتتى. دۇكىنىدا خېرىدارلار كۆپىيىپ قالدى، خېرىدارلار ئىچىدە ئادەتتىكىدەك يۇپۇقراچە كىيىنگەن بىر ئادەم جىقراق كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى، كۆزى ئاستىدا قانداقتۇر بىرەر سىر يوشۇرۇنغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ قوچقارلاردىن بىرەر نەرسىنى بىلىشكە قىزىققاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى قوچقارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇنالمىدى.

ـ ئەلى، دىققەت قىلدىڭمۇ؟ ـ دېدى قوچقار ھېلىقى خېرىدار بىر قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ـ بۇنىڭدا بىر گەپ بار، قويىنىغا قول سېلىپ بېقىش كېرەكمۇ قانداق؟

ـ شۇنداق قىلىلى، كەلگىنىمىزگە يېرىم يىلچە بولدى، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر شەپە كۆرۈنمىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بايىقى "خېرىدار" كېلىپ دۇكاننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە قوچقار بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە چىنىگە كۆك چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

ـ رەھمەت، ـ دېدى "خېرىدار" چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، ـ ھە، كۆك چاي، لېكىن بىزنىڭ كۆك چايلىرىمىزغا ئوخشىمايدىكەنغۇ؟

ـ شۇنداق، جاناب، بۇ چاي يىراق چىندىن كەلگەن.

ـ ئۆزىڭىزلەر قەيەردىن كەلگەن؟

ـ قەشقەردىن.

ـ قەشقەردىن؟ قاراخانىلار دۆلىتىدىن دەڭ، بۇ يىپەك ماللار قەيەرنىڭ؟

ـ مانا بۇ ماللار، ـ قوچقار تاختا تەكچىگە تىزىلغان توپ-توپ

تاۋارلارنى كۆرسەتتى، — ئىچكىرى چىننىڭ ماللىرى، مانا ئۇلار قەشقەرنىڭ. سەمەرقەنت ئەتلەس-شايىلىرىدىنمۇ بار، — ئۇ، بوشىغان چىنىگە چاي قۇيۇپ داۋام قىلدى، — سەمەرقەنتتە بىزنىڭ ماللىرىمىز خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئۇچرىدى. ئوردۇ ئەربابلىرىمۇ كۆپ مال ئېلىشتى، سالىق-ئالىم باشلىقى ئېركەشبەگ...

— ئېركەشبەگ؟ — دېدى "خېرىدار" ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىز ئۇ كىشىنى قانداق تونۇيسىز؟

— ئۇ كىشى مېنىڭ تاغام بولىدۇ.

— ھە، ھە، دېمەك، سىز نەمەنگانلىق ئىكەنسىز-دە، ماۋۇ كىشىچۇ؟

— بۇ كىشى قەشقەرلىق. ئېتى ئەلبەگ.

— ئىككى سېتىقچى، بىرى نەمەنگانلىق، بىرى قەشقەرلىق؟! — دېدى خېرىدار ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — يەنە چىن ماللىرى... ئېركەشبەگنىڭ تۇغقىنى؟!..ھە، ئېتىڭىز؟


— قوچقار.

— ھە، قوچقار، ماڭا ئەنە شۇ كۆك چايدىن ئىككى قۇتا بېرىڭ.

قوچقار دەرھال ئىككى قۇتا كۆك چاينى تاختا تاكچىسىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. "خېرىدار" يانچۇقىدىن بىر سىقىم ئەرەبچە خەتلىك تامغا ئۇرۇلغان مىس پۇلنى چىقىرىپ قوچقارغا بەردى.

— خوپ، بىز بەلكى يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئۇ خۇش چىراي بىلەن ۋە يۈرۈپ كەتتى...

سۇتۇق بۇغراخان، ئايدىڭ ۋە باشقىلار دىققەت بىلەن قوچقار-نىڭ خۇددى چۆچەك سۆزلىگەندەك ھەرىكەت بىلەن سۆزلەۋاتقان سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.



— شۇنداق قىلىپ، "خەبەردار"نىڭ يۈرىكى توغرا سوقىدىكەن-دە؟ — دېدى باتۇرتاغا.

— ھە، قوينىغا قول سېلىپلا بىلدىم.

— خوش ئۇنىڭدىن كېيىن؟... — سورىدى جان.

— ھە، گەپ كەينىدە، — دېدى قوچقار چايدىن بىر ئوتلاپ ۋە ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى...

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى، بۇخارانىڭ كوچىلىرىدا ئادەم سىيرەكلىپ قالغان. قوچقار بىلەن ئەلى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋاتاتتى، ئارقىسىدىن بىر قول قوچقارنىڭ دولىسىغا تەگدى، ئۇ كەينىگە قارىسا، تونۇش "خەبەردار" تۇرۇپتۇ.

— سىز مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ جىددىيرەك قىياپەتتە.

— قەيەرگە؟ — دەپ سورىدى قوچقار، "خەبەردار"نىڭ سىرلىق ئەپتىدىن ئاز-تولا ئەنسىرىگەندەك بولۇپ، — نەگە؟

— ئارقامدىن مېڭىۋېرىڭ، ھېچ گەپ يوق. نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى كېيىن بىلىسىز.

— قورقماڭ، — قوچقار ئەلىگە قاراپ كۆز قىسىپ قويۇپ، "خەبەردار"نىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى...

ئۇلار ئۇزۇن گۈزەردىن ئۆتۈپ، يەنە بىر تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئوڭغا بۇرالدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئېگىز پەشتاقلىق قاپقىسى بار چوڭ مەسچىتتىن ئۆتۈپ كېيىن سولغا بۇرالدى. كوچا كېڭەيدى، قاتار-قاتار خام خىش تاملىق ئۆيلەردىن كېيىن ئېگىزرەك، پىششىق خىش تاملىق ئىمارەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇلار بىر كىچىك سەيناغا چىقتى. ئۇ يەردە سەينانىڭ ئوڭ ياقىدا

يوغان قاپقىلىق، سالاپەتلىك چوڭ ئىمارەت ئالدىغا باردى.
قوچقار بۇ سۈرلۈك بىنانى بىلەتتى، بۇ ئەبۇ ئەلى ئەمىرنىڭ
ئوردۇسى ئىدى. ئوردۇغا يېقىنلاشقانچە "مېنى ئوردۇغا ئېلىپ كىرەر-
مۇ؟" دەپ ئويلىدى قوچقار ۋە يۈرىكى ئۈچ-تۆتنى ئوشۇق سوقۇۋەتتى.
لېكىن "خەبەردار" قالقان-نەيزىلىك نەۋكەرلەر قېتىپ تۇرغان
دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، ئوردۇنىڭ يېنىغا بۇرالدى. "قاپقىدىن ئۆتۈپ
كەتتۇق، لېكىن يەنە ئوردۇ ئەتراپى... — ئويلىدى قوچقار، — بىرەر
يامان ۋەقە بولارمۇيا؟!..." قوچقارنىڭ يۈرىكى بۇدا بەش-ئالتىنى
ئوشۇق سوقۇۋەتتى. "يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم" دېدى قوچقار، ھەر ھالدا
"كۆرۈم"دىن ئۈمىد چوڭ، قورقماسلىق كېرەك دەپ ئۆزىنى
بېسىشقا تىرىشتى، لېكىن كۆڭلىدە ئەنسىرەش بېسىلمايتتى. قاراڭغۇ
چۈشۈپ كۆز قاراڭغۇلىشىپ قالدى. "خەبەردار" يەنە ئوڭغا بۇرۇلۇپ،
ئوردۇنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇ تار كوچىدا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن
بىر چوڭ قارا قاپقا ئالدىدا توختىدى ۋە قاپقىنىڭ ھالقىسىنى
بوشراق ئۇردى. ئۇستىخانلىق، قارا تەنلىك، بومبا ساقال بىر ئادەم
قاپقىنى ئېچىپ "خەبەردار"غا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يول بەردى.
"خەبەردار" كەينىگە قاراپ، قوچقارنى ئارقىسىدىن مېڭىشقا شەرەت
قىلىپ قويۇپ قاپقىدىن كىردى. قوچقارمۇ ئەگەشتى. ئۇلار مېۋى-
لىك دەرەخلەر ئارىسىدىكى تار يولدىن ئۆتۈپ، بىر چوڭ پېشايۋانغا
كۆتۈرۈلدى. "خەبەردار" قوچقارغا "سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ" دەپ
قويۇپ، قوش قاناتلىق ئېگىز ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.
قوچقار ئەمدى ئانچە قورقمىدى، ئۇ ئەتراپقا قارىدى. باغقا قاراپ
تۇرغان كەڭ پېشايۋانغا قارىغاندا، بۇياق ئوردۇنىڭ ئارقىسىدىكى باغ
ھويلىغا ئوخشايتتى. باغنىڭ ئوڭ ياقىدا بىر كۆل، كۆلنىڭ ئۇ

تەرىپىدە بىر راۋاق غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ماڭغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. قوچقارنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. «نېمە بولسا، كۆرگۈلۈكنى كۆردۈك قوچقار، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ئەمدى تەۋەككۈل، ئۆزەڭنى چىڭ تۇت»

ئىشىك ئېچىلىپ «خەبەردار» قايتىپ چىقتى ۋە قوچقارنى ئىچكىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. «خەبەردار» قوچقارنى ئەگەشتۈرۈپ، كەڭ ئېگىز ئايۋاندىن ئۆتۈپ سول ياقتىكى ئۆيگە كىرگەندى، ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزى ياققا كېلىۋاتقان قارا كەكە ساقاللىق، بويى ئېگىزرەك، بېشىغا سەرپۇچ كەمچەت تۇماق كىيگەن بىر ئادەمنى كۆردى: ئۇ كىشى كۈلۈمسىرەپ قوچقارنى قارشى ئالدى.

— كېلىڭ مېھمان، — دېدى ئۆي ئىگىسى خۇش چىراي ۋە قوچقارغا قول بېرىپ كۆرۈشتى، — يىراقتىن كەلگەن مېھمانغا ئوخشايسىز.

— ئەمىر ئەبۇ ئەلى، — دېدى «خەبەردار» ئەمىرنى كۆرسىتىپ، — جانابىي ئەمىر سىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىدىلەر.

— رەھمەت، ئەمىر جانابلىرىنىڭ تەنلىرى سالامەت بولغاي.

— ھە، رەھمەت سىزگە. قېنى ئولتۇرايلى.

ئەمىر چوڭ ياستۇق قويۇلغان قېلىن كۆرپىگە ئولتۇردى. كۆرپە ئالدىدىكى پەس چاسا شىرەنىڭ بۇ ياقىدا ئەمىرگە ئۇدۇل قوچقار ئولتۇردى. شىرەنىڭ ئوڭ ياقىدا «خەبەردار» ئولتۇردى. قوچقارنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى جۈمە مەسجىدىنىڭ ھويلىسىدا كۆرگەن ئۇزۇن ئالا-يېشىل تون كىيگەن سەللىلىك ھاكاۋۇر ئەمىر ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى ئۇ چاغدىكىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— تاغام ئېبىركەشبەگ ئەمىر جانابلىرىغا سالام ئېيتتى، —

دېدى ئۇ.

— ھە، رەھمەت، سىز ئىركەشىبەگنىڭ جىيەنى بولىدىكەنسىز-دە؟ ئۇ كىشى بۇخاراغا كېلىپ خېلى زامان تۇرغان. ئىككىمىز كونا دوستلاردىن بىز. قانداق تەنلىرى ساقمىكىن؟

— خۇداغا شۈكۈر، ياخشى تۇرۇۋېتىۇ.

— تاغىڭىز نەمەنگانلىق ئەمەسمىدى؟

— شۇنداق.

— سىز قەشقەرگە قانداق بېرىپ قالغانسىز؟

— سوئالىڭ چوڭى ئەمدى كېلىپتۇ، — دېدى ئارسلان، — نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟

— گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتتىم. ئايلاندۇرۇپ گەپ قىلمەن دەپ پەلمپەتىشكە ئۆچرىغاندىن كۆرە، ھەق گەپنى قىلىپ ئۆلسەمۇ مەيلى، دېدىم.

— خوپ، ئۇنىڭدىن كېيىن...؟ — سورىدى سۇتۇق بۇغراخان.

قوچقار ئەبۇ ئەلى سىمجۇق ئەمىرگە قانداقچە قەشقەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى، خان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى دۆلەت باشقۇرۇش، ئىسلام دىنىغا ئۆتتۇش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى، ئەمىرنىڭ قىزىقىپ ئاڭلىغانلىقىنى، بىرمۇنچە سوئاللارنى بەرگەنلىكىنى، قوچقار تارتىنماي جاۋاب بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىلەرنى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئۇ يافقا كىم ئەۋەتكەن؟ — دەپ سورىغانىدى ئەمىر، — قەشقەرگە يېقىن چېگرادىكى بىر چېرىك-باشى، ئاتى ئېسىمدە يوق، دەپ جاۋاب بەردىم، — دېدى قوچقار ۋە ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

— سۇتۇق بۇغراخان مەرت كىشى ئىكەن. سىز بۇلاڭچى بولسىڭىزمۇ ھەم سىزنى ئۆلتۈرمەپتۇ، يەنە ئىشىنىپ ئۆز يېنىدا تۇتۇپتۇ، — دېدى ئەمىر، "شۇنداق، يەنە كېلىپ يېقىن دوستلىرى قاتارىدا كۆردى" دېدىم مەن.

— سىز، بۇغراخاننىڭ تەختىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغانلىقىنى ئېيتتىڭىز. ئەنە شۇ جەرياننى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

قوچقار سۆزلەپ بەردى. سۆزلىگەندىمۇ تازا ھاياجانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. چۈنكى ئۇ، سۇتۇقنىڭ دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق ھەرىكىتىدىن تارتىپ، تەختنى ئىگەللىگىچە بولغان جەريانغا ئۆزى قاتناشقانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەڭ چوڭ ئالامەت ۋەقە بولۇپ، ئۇ بۇنى بىرمۇنچە دوستلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن ھەم بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى.

قوچقار سۇتۇقنىڭ ئوردۇغا كېچىسى قانداق بېسىپ كىرگەنلىكىنى، كېيىن تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، ئەبۇ ئەلى بەك قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى. تۈرۈلگەن قوشۇملىرى كۆتۈرۈلۈپ يېيىلدى.

— ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئەسلىدە سۇتۇق بۇغراخان ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرمەي، بىرەر جايدا ساقلاپ قويماقچى ئىدى. لېكىن، ئامال قانچە؟ تاغىسى ئۆز ئۆلۈمىنى ئۆزى تاپتى...

— ھە، ھە... توغرا، جانغا كەلگەن قىلىچنى قايتۇرماسا باش كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

قوچقار "سۇتۇق بۇغراخان بۇ دىياردىكى تۈرك ئۇلۇسلىرىنىڭ

ھالىغا بەك كۆڭۈل بۆلدۇ" دېگەندە، ئەبۇ ئەلى ياستۇققا يۆلىنىپ
يانپاشلاپ ياتقان ھالىتىنى بۇزدى، تۈز ئولتۇرۇپ پىيالىدىن بىر
يۇتۇم چاي ئىچتى. ئۇ پىيالىنىڭ چېتىگە چېكىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا
چۆمدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينى ئۈچ-تۆت قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ
ئورنىدا ئولتۇردى. ئەمدى ئۇ ھېلىقى "ھېكايە" ئاڭلاپ ئولتۇرغان
ئەمىرگە ئوخشىمايتتى.

— سىز قايتىپ، سۈتۈق بۇغراخانغا شۇنى ئېيتىڭكى، بىزنىڭ
نىيەتلىرىمىز بىر يەردىن چىقتى. بىز سۈتۈق بۇغراخانغا ياردەملىشىپ،
تۆر تۇغقانلىرىمىزنى قۇتقۇزۇشقا تەييار بىز. يەنە ئالىپ تېكىننىڭ
ئوغلى سىبۇق تېكىن غەزنە شەھىرىدە، ئەمىرنىڭ قولىدا قوشۇنى
بار. ئۇ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ... — ئەمىر ئازراق ئويلاپ قالدى ۋە
سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنسۇرخان قاراخانىلارغا كۆز تىكمەكتە.
ئۇنىڭدىن بۇغراخان ھوشيار بولسۇن.

— چۈشەندىم، ئەمىر جانابلىرى.

— سىز يېقىن ئارىدا قايتامسىز؟

— ھە، ئەمىر جانابلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، ئەمدى ئاز-پار مال
قالدى، سېتىپ سۇ قىلىۋەتسەم ئۇزاققا قالماي قايتىمەن.

— سەمەرقەنتكە يەنە بارارسىز؟

— بارىمەن. ئۇ يەردە ئاز-تولا ئالغۇ-بەرگۈ قىلىدىغان ئىشىم
بار.

— تاغىڭىزغا سالام ئېيتىڭ، ئىلاجى قىلىپ بۇخاراغا بىر كېلىپ
قايتسۇن.

— سالاملىرىنى چوقۇم يەتكۈزىمەن.

— بۇ كىشى بىلەن تونۇشتىڭىز. دوست بولۇپ قېلىڭلار، — دېدى

ئەمىر "خېرىدار"نى ئىشارەت قىلىپ، — بەلكى كەلگۈسىدە يەنە كۆرۈشۈپ قالارسىزلەر. ئىسمى غۇلامخان، ئوردۇ باش بېتىكچىسى.

قوچقار غۇلامخان بىلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ سەمىمي كۈلۈشۈپ قويدى.

— سۇتۇق بۇغراخان قوبۇل كۆرسە، ئىككىمىزنىڭ ۋەكىللىرى كېلەر يىلى بىرەر جايدا ئۇچراشسا، — ئەبۇ ئەلى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە داۋام قىلدى، — ئورنى سىزنىڭ يۇرتىڭىز نەمەنگاندا بولامدۇ، ياكى بۇغراخان لايىق تاپقان باشقا جايدا بولامسۇ مەيلى. سىز كېلەر يىلى باھاردا — شاپتۇل چېچەك ئاتقان مەزگىلدە نەمەنگانغا بىر كەلسىڭىز... ياكى بۇغراخان ۋەكىللىرىنى باشلاپ كېلەرسىز. ياكى، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنى باشلاپ كېتەرسىز، بۇ ھەقتە بۇغراخان ئۆزى قارار قىلسۇن...

قوچقار بۇغراخانغا ئېيتىدىغان باياناتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ چاي ئىچتى ۋە پېشانە تەرىنى ئېرتتى.

— ئوھوي...! — دېدى ئايدىڭ خانىش، — ئەمىر بېشىڭىزنى ئالمىغىدى، دەپ ئەنسىرەپ جېنىم ئاز قالدى.

— ھېچ ۋاقىتتا مەن شۇ كۈنكىدەك ئەنسىرىمىگەنىدىم، — دېدى ئەلسبەگ، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئاغىنەم يوق، ئايلا، ئاغىنەمدىن ئايرىلىپ قالمىغىدىم، دەپ دۇكان ئالدىدا بىر كۆزۈمنى تۆت قىلىپ ئولتۇرسام، بىر چاغدا پالاقلاپ چىقىپ كەلمەسمۇ، يەنە تېخى خۇشلۇقىنى دېمەمدىغان، كېلىپلا مېنى قۇچاقلاپ كەتكىنى.

كېيىن قوچقار سۇتۇق بۇغراخانىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۇ ياقتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى، بايلارنىڭ قورساقلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كېتىپ بارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سەمەرقەنت كاتتا شەھەر ئىكەن دەپ قوشۇپ قويدى قوچقار، — ئېگىز پەشتاقلىق مەسجىد، مەدرىسلەر ۋە ھەيۋەتلىك ئوردۇلار تولۇپ كېتىپتۇ. قايتىشتا شاش بىلەن قايتتۇق. شاشمۇ گۈزەل شەھەر ئىكەن. لېكىن، سەمەرقەنتكە يەتمەيدىكەن.

— سىلەر كۆپ ئەزىيەت تارتتىڭلار، — دېدى خان، — رەھمەت، بىرەر مەزگىل دەم ئېلىڭلار. يەنە داۋان ئېشىشقا تەييارلىنىش كېرەك.

— قوچقار ياخشى يىگىت، — دېدى ئاغا قوچقارلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — قولىدىن ئىش كېلىدۇ.

— خىزمىتى تايىنلانغانمىدى؟ — سورىدى خان ئارسلاندىن.

— ياق، ئوردۇ خادىمى بولۇپ ئىشلەپ تۇرغانىدى. ئەلبەگ دۆلەت قارۇغچى ئىشلارنىڭ خىزمەتچىسى.

— ئەلبەگكە مەسئۇل خىزمەت بېرىش كېرەك. قوچقارنى... — خان ئويلاپ تۇرغاندا ئايدىڭ خانىش سۆز قوشتى:

— تاشقى ئىشلاردا ئىشلىسە قانداق؟

— بولىدىغان گەپ، تازا لايىق، — دېدى باتۇرتاغا.

ھەممەيلەن نەگىلا خىيالغا چۆشۈپ قالدى. ئەبۇ ئەلى سىنجۇقنىڭ سۆزلىرى ھەم خۇشاللىق ھەم قايغۇنى يەتكۈزگەنىدى. ھەمكارلىق ياخشى ئىش، بۇ ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، بەك ياخشى بولدى. لېكىن خەۋپمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ سامانىلار ھۇجۇمى!...ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى قاچان، قانچىلىك كۈچ بىلەن؟! دەرھال كەلسە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟...ئەلنىڭ ئىچىدە بىرلىك مۇستەھكەممۇ؟ چېرىك كۈچ يېتىشەرمۇ؟...

— بىرلىك بوش، كۈچ تېخى ئاجىز، — دېدى باتۇرتاغا باشقىلار-

نىڭ خىيالىنى بۇزۇپ، — ئەبۇ ئەلىنىڭ "ھوشيار بولسۇن" دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر.

— توغرا، ھوشيار بولۇش كېرەك، — دېدى ئارسلان، — سامانىلار ھەرھال چوڭ كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلالمايدۇ. ئاۋال بىرەر تۈمەنلىك لەشكىرىي كۈچ بىلەن چېقىلىپ، بىزنى سىناپ بېقىشى مۇمكىن.

— قانداقلا بولسۇن بىزمۇ چېرىك كۈچلىرىمىزنى كۈچەيتسەك بولىدۇ، — دېدى توغرۇل سۇباشى، — ئەگەر دۈشمەن ئىككى قول ھۇجۇم قىلسا، بىزمۇ ئىككى قول تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

— ئىلىك خانلار بىلەن بىرلىكنى كۈچەيتىمىز كېرەك، — ساقاللىرىنى سىلاپ دېدى تاغا.

— ئىلاجى بار چاپسانراق قۇرۇلتاينى ئېچىشىمىز كېرەك. تاشقى ئەللەر بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ، — دېدى ئايدىڭ، — بولۇپمۇ چىن خاقانى بىلەن، — قوشۇپ قويدى ئۇ.

خان ئورنىدىن تۇرۇپ خىيالچان ھالدا ئۆينى بىر ئايلاندى. كېيىن پەنجىرە ئالدىغا بېرىپ تالاغا قاراپ تۇردى. باشقىلار خاننىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى. خان ئۆرۈلۈپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە پەرمان ئاھاڭىدا دېدى:

— ئىچكى - تاشقى ئەھۋال مۇرەككەپ. ھوشيار بولۇش، ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك. بىرلىكنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن كېلەر يىل يازدا ئىلىك خانلار، خانلار ۋە يۇقىرى باشلىقلار قۇرۇلتىيىنى ئېچىش، قىشتا ئايرىم ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئىدىقۇت - قوچۇ خانلىقىغا يەنە ماچىن خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىشىمىز كېرەك. بۇ تەرەپلەرگە ئارسلانبەگ بارسۇن. قۇرۇلتايغا دۆلەت

ياساق پۈتۈكى تەييارلاش كېرەك؛ خەزىنىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن بايلارغا سېلىقنى كۆپەيتىش ۋە پۇل-مېلى جىقلاردىن دۆلەتكە پۇل قەرز ئېلىش كېرەك. چېرىك ئېلىش، قوشۇننى ئۇلغايتىش چارىلىرىنى يۈرگۈزسەك بولىدۇ. قۇتلۇق تۈمەنباشى ئۈچ تۈمەن چېرىك بىلەن ئارقىدا تەييار تۇرۇشى لازىم. دوستلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇش، ياغىغا ناقابىل تۇرۇش، چېگرا ئەللەر ئۆزئارا دوستلۇقنى ئۇلغايتىش زۆرۈر. يېقىن ئارىدا چەت ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەيدانىمىزنى بايان قىلىپ ئۆتسەك بولغۇدەك. بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى بىلەن چىڭ دوست بولۇش، كۆلۈگە ئەتىيازدا نەمەنگانغا بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئىلاجى بار بىرەر ئوبدان كېلىشىم هاسىل قىلىش كېرەك...

باشقىلار خاننىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قوشۇلدى ۋە نېرى-بېرى تەكلىپ، قوشۇمچىلاردىن كېيىن بۇغراخاننىڭ سۆزلىرى دۆلەتنىڭ قارارى بولسۇن دەپ كېلىشتى ھەم يېقىن ئارىدا ئوردۇ كېڭەشمىسىنى ئېچىپ يەنە بىر قېتىم كەڭرەك دائىرىدە مەسلىھەتلەشمەك بولدى.

## ئۈچىنچى باب

# ياغى قاپقانغا چۈشتى

قىشنىڭ قاراڭغۇ بىر كېچىسى، بېشىغا قارا خالتا كىيگەن بىر ئادەم باتۇر تاغىسىنىڭ ئارقا ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئاستا ئىچكىرىگە ماڭدى، تامدا يەنە بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى... ئۇ باتۇر تاغا پەنجىرىسى ئاستىدا ئەتراپنى بايقاپ بىرپەس ئولتۇردى. ھويلىدىكى قارۇغچىنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كەينىگە يوشۇرۇندى... كېيىن يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ئاستا پەنجىرىنى ئاچتى ۋە پەنجىرە ئۈستىگە چىقتى. ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ، قىلىچىنى چىقىرىپ ئۆي ئىچىگە چۈشتى...

شۇ چاغدا تاراقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، تاشقىرىقى ھويلىدىن كىرگەن قارۇغباشى پەنجىرە سىرتىدا ئەپچىل مۈكۈنۈپ يات كۆلەڭگىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى پايلىدى. ئۇزاق كۈتمەيلا يات ئادەم قايتىپ چىقتى. ئۇ تېخى يەرگە دەسسە-دەسسىمەيلا قارۇغباشى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئېلىپ يەرگە باستى-دە، بېشىدىكى قارا خالتىسىنى چەبدەسلىك بىلەن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ياغىنىڭ قورسىقىغا دەسسەپ، ئوڭدا ياتقان ياغىنىڭ مەيدىسىگە قىلىچىنى سانجىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— سەن كىم؟ سۆزلە، بولمىسا ھازىرلا ئۆلىسەن!

— مەن ئېيتاي، — دېدى قورقۇپ كەتكەن ياغى تىلى كالۋالا-

شىپ، — مەن ئېيتاي. ...مېنىڭ ئېتىم پالۋان...، — ئۇزۇن بۇرۇنلۇق، گەۋدىسى يوغان پالۋان ئورنىدا ياتقان بويىچە لاغىلداپ تىترەيتتى.

— سېنى كىم ئەۋەتتى، خۇپىيانە كېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— مېنى ئورۇنباسار قارۇغچى باشى كەنجىبەگ ئەۋەتكەن، باتۇر تاغنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدىم...

قارۇغباشى پالۋاننى قورالسىزلاندۇردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ ئەھۋالنى تەپسىلىي سورىدى، ئىش ئايدىڭلاشتى. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

بىر كۈنى كېچىسى بىر ئادەم پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر ئوردۇ ئالدىدىن ئۆتۈپ جەنۇب تەرەپتىكى بىر خالتا كوچىغا بۇرالدى. بىرپەس مېڭىپ بىر قاپقا ئالدىدا توختىدى. ئۇلار يېرىم ئېچىلغان قاپقىدىن كىرىپ، ئاستا پېشايۋانغا چىقتى. بىر ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن قارىسا غوۋا چىراق نۇرى ئاستىدا ئىككى كىشى باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ بىرنېمىلەرنى سۆزلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار پەنجىرىگە ئاستا چېكىلگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ پەنجىرە تەرەپكە قارىدى. ئۆي ئىگىسى بولغان ئاستانە قارۇغچىباشى دالانغا چىقىپ قاراڭغۇدا تاشقىرىدىن كىرگەن ئادەم بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى. ئۇ، "باشلاپ كىر" دېگەن شەرەتنى قىلىپ ئۆيگە كىردى. ئاندىن ئۆيدە قولىنى دېڭگايتىپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغان يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ، ئالدىراش ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى.

بىرسى دالاندىن ئىشىكنى ئېچىپ پالۋاننى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى. قارىسا ئۆيدە ئادەم يوق، چىراق پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا پالۋاننىڭ تېنى ئەيمەندى، غەلىتە ئىش، ئۇ يەردە ئادەم يوقمۇ؟ نېمىشقا بۇ ئادەم يوق ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويغاندۇ.

پالۋان خىيالچان بېرىپ پەنجىرىنىڭ تەكچىسىگە ئولتۇردى.

ئىچكىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. ئۇ، چۆچۈپ ئورنىدىن قوپتى.

— ھە، پالۋان كېلىپ قالغان ئىكەن-دە، — دېدى قارۇغچىباشى ئارقىسىدىن كىرگەن قارا ساقاللىق، سۆلەتلىك كىيىنگەن بىر ئادەمنى كۆرسەتتى، — مانا بۇ كىشى چولڭ ئەرباب، خەزىنىچى جاناب بولىدۇ. سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى.

ھودۇقۇپ تۇرغان پالۋان گەپ-سۆزسىز ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. بۇ ھەرىكىتى ھۆرمەت بىلدۈرۈشمۇ، ياكى سۇر باسقانلىقىنىمۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— ساڭا قارۇغچىباشى تاپشۇرغان ئىشنى يۇقىرىدىن بىز مەسلىھەتلەشكەن، بۇغراخانمۇ بىلىدۇ، بىز ساڭا ئىشەنىدۇق. بۇ ئىش ياخشى ئورۇنلانسا ساڭا ئاتاق ۋە ئورۇن بېرىلگۈسى.

— قانداق، پالۋانبەگ، ئەمدى كۆڭلۈڭ تىنغاندۇ؟...ھە، بىللە بارىدىغان ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ ئۇلار ئۆزەڭگە تونۇش، باتۇر يىگىتلەر.

— ئۇلارغۇ باتۇردۇ. مېنىڭ يۈرىكىم پوكۇلداپلا تۇرىدۇ. مۇنداق ئىشنى مەن قىلىپ كۆرمىگەن...

— سەن پالۋان ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاغىچى، — بۇنچىلىك ئىشلاردا يۈرەك پوكۇلدىسا قانداق بولىدۇ؟ پوك-پوك يۈرەك ئادەم ئىتقا ئوخشاش قەدىرسىز ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىقىمۇ چىقمايدۇ، ئورنىمۇ بولمايدۇ.

"ئاتاق، ئورۇن..." دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ ئىككىلىنىشىنى ئازايتتى، لېكىن كۆڭلى تىنچىپ كەتمىدى.

— ماڭا قارا، پالۋان! ئاغىچى ساڭا ئاتاق، ئورۇن بېرىشكە ۋەدە قىلدى. يەنە... سېنىڭ ھېلىقى بىر چېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن ئىشىڭ...، — قارۇغچىباشى ھودۇقۇپ قالغان پالۋانغا قاراپ كۈلدى، — ھە، ياق، ئۇ ئىشنى مەن باستۇرۇپ قويدۇم، قورقما...بولدى، ئۇ سۆزلەرنى قويايلۇق. بۈگۈن كەچكە... بىر ئىش يادىڭدا بولسۇن، — دېدى ئاغىچى بىلەن بىللە ئورنىدىن قوپۇپ، — ئەگەر ئىش ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئورۇنباسار قارۇغچىباشى كەنجىبەگ ئەۋەتكەن دەيسەن. قالغان ئىشنى بىز جايلايمىز، سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز... قېنى ماڭ، كېچىكىپ قالىسەن.

پالۋان ئېغىر قەدەم بېسىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە دالاندا تۇرغان ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

تېكىن ئاغىچى بىلەن قارۇغچىباشى بىرئاز جىم بولۇپ قېلىشتى. ئىككىلىسىدە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە بار ئىدى.

— ھېچ ئىش چىقماس-ھە، — دېدى ئاغىچى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بۇ پالۋانىڭىزدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم.

— يوقسۇ، چاتاق يوق. ئۇ بىزنىڭ تورىمىزنىڭ ئىچىدە. كۆكۈلىسى قولىمىزدا، قاچالمايدۇ، بۇ ئىشنى خالىمىسىمۇ ئورۇنلايدۇ.

— ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن؟

— ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز جايىنى تاپىدۇ. ئەگەر پالۋان قولغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، پالاكەت كەنجىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ.

— ھە، ئىشلار جايىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان دەڭ. بوش كەلمەيدىغان ئادەم-دە، سىز.

— بۇنچىلىك ئىش قولىمىزدىن كەلمىسە، قارۇغچىباشى بولالماي-

مىز، ئاغىچى.

ئۇلار كۈلۈشتى.

— سىزنى قارۇغچى باشلىقلىقىغا بىكار كۆرسەتمىگەنمىز، دوستۇم، ئالدىمىزدا قىلىدىغان جىق ئىشلار بار تېخى.

— چۈشىنىمەن، — بۇ سۆزنى قارۇغچىباشى شۇنداق جىددىي قىياپەت بىلەن ئېيتتىكى، ئۇ، گويا، ھەرقانداق ئېغىر ۋەزىپىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار دەك تۇراتتى.

بۇ قېتىمقىسى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ساۋۇقبەگلەرنىڭ قەستىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىمقى سۇيىقەست ئىدى.

تېكىن ئاغىچى يېرىم كېچىگىچە ئويلا - ئويلا، ئاخىرى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن باش قوشۇشۇپ پىكىرلەشمەكچى بولدى.

بۇ نۆۋەتتىكى باش قوشۇش دىنىي ئىشلار ئولچىسى بەگ بىلگەنىڭ "ئائىلە مېھماندارچىلىقى"دا بولدى. تېكىن ئاغىچى بۈگۈن ئۆزى ئازراق گەپ قىلىپ كۆپرەك باشقىلارغا نەزەر سالاتتى. بەگ بىلگە بولسا خۇشال، جىق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولمايتتى. بۆرىبەگ بېشىنى مەيدىسىگە ئېگىپ پۈشۈلداپ ئولتۇراتتى. ئۇلار "باغدات خەلىپەمىنىڭ ۋەكىلى" بىلەن ئالاقىچى شەھەر قارۇغچىباشىنى كۈتەتتى. ئاخىرى ئۇمۇ تالادىنلا سۆزلەپ كىرىپ كەلدى:

— مەن كېچىكىپ كەلدىم، كەچۈرۈڭ سورايمەن. بەگ بىلگە جانابىنىڭ تامىقى سوۋۇپ قالمىغاندۇ دەيمەن، — ئۇ باشقىلار بىلەن ئامانلاشتى، بېشىنى ئالدىغا ئەگدى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېگىلگەن باشلارغا سىرلىق ئالىيىپ قويۇپ سۆزلىدى، — باتۇر قېرىنى جازالاش قارار قىلىندى، يارانلار...

— ھە!... — دەپ چۆچۈدى، بەگ بىلگە، — باتۇر تاغنى يوقىتىش ئۇنىڭغا نېمىگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ؟

— بۇ چۈشىنىشلىكقۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى تېكىن ئاغىچى، — سۇتۇق ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. ئۇ يوقالسىلا سۇتۇقنىڭ ئوڭ قولى كېسىلىدۇ.

— بۇ شۇنداق ئاسان ئىشمىكەن؟ — دېدى بۆرىبەگ ئەنسىرىگەن قىياپەتتە.

— باغدات خەلپەمنىڭ ۋەكىلى يولىنى ئوبدان كۆرسىتىپ بەردى، — قارۇغچى باشى ئاغىچىغا قارىدى، — ئاغىچى ئىككىمىز ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق.

— ھە، سىز ئۆزىڭىز بۇنداق ئىشلارغا ئەپچىلغۇ؟ — دېدى ئولچى ۋە ئۇنىڭ چىرايى بىلىنەر-بىلىنمەس سارغايدى.

— بۇ خەلپەم ۋەكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى، ئۇنىدىن كېيىن بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئىشتە! — قارۇغچىباشى سىناق كۆزى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويدى، — راستىنى ئېيتسام، ئىش باشلىنىپ كەتتى. بۇنىڭغا ھەممىمىز شېرىك، ھېلىقى قىلىچ تۇتقۇچى نوچىمىز تازا كۆنمەي تۇرىدۇ. "يۇقىرى بىلەمدۇ؟" دەپلا سورايدۇ. ئاغىچى بىلەن بىللە تۇرۇپ دەرقەمتە سۆزلەشمەك ئۇ باش تارتمايدۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى تېرىكىپ بۆرىبەگ، — مەسلىھەتلەشمەيلا ئىشنى باشلاپ قويۇپ، ئاندىن...

— تېرىكىشنىڭ ئورنى يوق، — دېدى قارۇغچىباشى دوق بىلەن، — ھەممىمىز بىر يىپقا باغلىنىپ بولغان بۆرىبەگ، ئەگەر بۇ يىپنى ئۈزمەك بولغان كىشى... ھە، ئۇ ياقىنى ئېيتمىساممۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— سىز شۇنچىلىك ئاسان چاغلايسىز؟ — دېدى بۆرىبەگ تەتۈر

قاراپ.

— بولدى، تالىشىشنىڭ ئورنى يوق. شۇنداق بولسۇن، قارۇغچىباشى ئىش بىلەر ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە تېكىن ئاغىچى... ئاخىرەدىن خاتىرجەم بىز، — دېدى بەگ بىلگە ۋە بىرئاز ئويلاپ تۇرۇپ دېدى، — مىڭباشى بىلەن مەن ئىككى قېتىم سۆزلەشتىم. گەپنىڭ ئۇچ-ۇقىنى تېخى ئېيتقىنىم يوق. ئۈمىد بار. بۆرىبەگ بىلەن ئىككىمىز سۆزلەشسەك.

— مېنى تارتماي قويمايسىلە-دە؟

— سىز ئاللىقاچان تارتىلىپ بولغان بەگ، — دېدى بەگ بىلگە ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ.

* * *

پالۋان قولغا چۈشكەندىن بېرى بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىندى. ھەتتا يۇقىرىدىنمۇ مەخسۇس كىشى كېلىپ سوراق قىلىپ باقتى. ئۇ: "مېنى شەھەر ئورۇنباسار قارۇغچىباشى كەنجىبەگ ئەۋەتكەن، باشقىسىنى بىلمەيمەن." دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسە ئېيتمىدى.

دۆلەت قارۇغچى ئىشلار ئولچىسى بۆركۈتبەگ بۇ ئىشنىڭ چىگىشىنى ئۆزى يېشىپ چىقماق بولدى، ئۇ كەنجىبەگنىڭ بۇنداق ئىش قىلماسلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. گۇناھنى كەنجىبەگكە دۆڭگەپ قويۇپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئۆزلىرىنى يوشۇرۇش — بۇ ياغىنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بۆركۈتبەگ سېزىۋالدى. ئۇ كەنجىبەگنى "قولغا ئالدى" ۋە ئۇنى ئالاھىدە تۇنەككە "سولاپ" قويدى.

— سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇ كەنجىبەگ بىلەن ئىشخانىسىدا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، — قانداق قىلىپ بىرلىسمۇ ياغىنىڭ

سىرىنى ئېچىش كېرەك.

— ئىش خېلى چىگىش، — دېدى كەنجىبەگ، — ساۋۇقبەگلەر قەستى ئاشكارا بولغاندا، يىلاننىڭ بېشى يوشۇرۇنۇپ قالغانىدى. شۇ يىلان بېشى ھەرىكەت قىلماقتا. ئويۇننىڭ يىپ ئۇچى چەت ئەل پايلاقچىسىنىڭ قولىدا. تېخى ئاغچىلار بولسا بىر ئويۇلچۇق.

— ئۇ چەت پايلاقچى يوقىلىپ كەتمىگەنمىدى؟

— مېنىڭچە، ئۇ يوقىلىپ كەتمىگەن، يوشۇرۇنۇۋالغان، خانىقا مەسجىدىنىڭ ئىمامىدىن گۇمانىم بار. ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

— ھېلىقى باغداتلىق ئىمامنى دەڭ. توغرا، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىشقا بولىدۇ. ھازىر شەھەردە باغداتتىن كەلگەن ئىمام، شەيخلەر، مەككىدىن كەلگەن سەئىدلەر، بۇخارادىن كەلگەن مۇپتى-ئىشانلار كۆپىيىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق ئادەملەر بارلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

— ئەبۇ نەسىر سامانىچۇ؟

— ئۇ قېرىنىڭ ھېچقانداق گۇمانلىق ھەرىكىتى سېزىلمىدى. ئۇ دىن دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەم. پايلاقچىلار ئۇنى قوزغىيالمىغان بولۇشى ئېھتىمال.

— بۇ دورقى ئىش توغرىسىدا سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟

— باتۇرتاغىغا قەست قىلىشى، چەت ئەل پايلاقچىسى بىلەن باغلىنىشلىق. پايلاقچى ئۆزى قىلالمايدۇ. تېخى ئاغچى، بەگ بىلگە، بۆرىبەگلەرنىڭ ھەرىكىتى گۇمانلىق، بۇلارنىڭ سېپى ئۇرۇنباسار شەھەر قارۇغچىباشى. بۇ ساپ "باغداتلىق ئىمام"نىڭ قولىدا...

كەنجىبەگ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى توغرۇلبەگنىڭ تاپشۇرۇقى

بىلەن چەت ئەل پايلاقچىسىنى پايلىغانلىقى، ئۇ پايلاقچى بەر- كەنلىك دىۋانە بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ سۈرىتىدە ھەرىكەت قىلغانلىقى، ساۋۇقبەگلەرنىڭ قەستى ئاشكارا بولۇشنىڭ ئالدىدا يوقىلىپ كەتكەنلىكى، بۇلتۇر پەيدا بولۇپ قالغان خانىقا مەسجىدنىڭ "ئىمامى" شۇ پايلاقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى...

— توغرا ئويلاپسىز، — دېدى قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ ئۇنى ئايلىنىپ يۈرگەن بۈركۈتبەگ توختاپ، — سىزنىڭچە، تۇرناغىنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى چەت پايلاقچى ئورۇنباسار قارۇغچىباشىنىڭ قولى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان، يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟

— خۇددى شۇنداق، لېكىن ئۇلار پالۋاننى يوقىتىۋەتسە سىر يېپىق قېلىۋېرىدۇ، — بۈركۈتبەگ يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ كەنجىبەگنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— پالۋاننى قارۇغچى تۈنۈگۈندىن يۆتكەپ كەتمەك قانداق؟

— بولمايدۇ. ياغىي ئەنسىرەپ، چەت پايلاقچى قولدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ.

— سىز يەنە "تۈنەك"تە تۇرۇپ تۇرۇڭ. ۋەزىيەتنى ياردەمچىڭىز باتۇرخانغا تاپشۇرۇڭ. دۆلەت قارۇغچىسىدىن ئىككى يىگىت ئۇنىڭغا ياردەم قىلسۇن.

— چۈشەندىم.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى.

* * *

كەچلىكى، خۇپتەن ۋاقتىدا قارۇغچى باشلىقى كىيىمدە كىيىنگەن بىر ئادەم بىر قارۇغچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ تۈنەكنىڭ ئۇلى يان

تەرىپىدىن كېلىپ، قاپقىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن باتۇرخان ئۆزىگە ئوخشاش بەستى چوڭ بىر قارۇغچىنى باشلاپ كىرىپ كەتتى. باتۇرخان ئۇلارنى كۆرۈپ "ئۇلار بىردىن چاپسان چىقىشمۇ نېمە" دەپ ئويلىدى. ھويلىغا كىرىش بىلەن ھېلىقى ئىككى كىشى كىشەنلىك پالۋاننى ھەيدەپ چىقتى ۋە قاپقىدىن چىقىپ سول يان ياققا قاراپ مېڭىپ كەتتى. باتۇرخانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن پايلاپ ماڭدى. لېكىن، شەھەر تېشىغا چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇلار تىڭ-تىڭلاپ ئىزدەپ يۈرەتتى، "گۈپۈر-گۈپۈر" ئاۋاز ئاڭلاندى. باتۇرخانلار بىر باغنىڭ تام ئارقىسىغا بارسا قاراڭغۇدا ئۈچ ئادەم ئېلىشىۋېتىپتۇ... پالۋان بىرسىنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپ يىقىتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن يەنە بىرنى قولىدىكى كىشەن بىلەن ئۇرۇپ چېكىندۈردى. ئۈچىنچىسى ئادەم كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پالۋانغا ئارقىدىن پىچاق ئۇردى. پالۋان كىشەنلىك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پىچاق سالغاننى ئۇرماقچى بولغانىدى، مادارى كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى... باتۇرخان كېلىپ ئۇنى كەينىدىن يۆلىۋالدى. "سەن ئاۋۇنى قوغلا!" دېدى ئۇ قارۇغچىغا قېچىپ كېتىپ بارغان بىرسىنى كۆرسىتىپ ۋە ئۆزى پالۋاننى يەرگە ياتقۇزدى. سول ياق مەيدىسىدىن قان ئېقىۋاتقان پالۋان مادارسىز ھالەتتە كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ چۆچۈدى. "پالۋان، مەندىن قورقما، ساڭا قەست قىلغانلارنى بىلەمسەن، كىم ئۇ؟" دېدى. پالۋان "بىلمەيمەن، ئۇ يات ئادەم...— دېدى ئارانلىقتا كالپۇكلىرىنى ئۆمەللەپ، — ئورۇنباسار قارۇغچىباشى...ئورۇنباسار شەھەر قارۇغچىباشى...ھەممە ئىشنى قىلغان شۇ..." پالۋان قانلىق مەيدىسىنى تۇتۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ

گەپ قىلالماي قالدى. باتۇرخان ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، "هازىر سېنى قۇتقۇزىمىز، قورقما" دېدى ۋە ھېلىقى "يات ئادەم" قاچقان ياققا يۈگۈرۈپ كەتتى...

باتۇرخان بىر-ئىككى كوچىدىن ئايلىنىپ ئۇنى تاپالمىدى. كېيىن، ئۆزىگە تونۇش خانىقا مەسجىدىنىڭ هويلىسىغا كىردى. مەسجىدنىڭ سول ياقىدا قاتار سېلىنغان هۇجرىلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەنىدى. باتۇرخان ئەمدى كەينىگە يانماي دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان جىددىي ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. باتۇرخان دەرهال بىر تۈۋرۈكنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالدى. بىر ئادەم ئىلدام كىرىپ بىر هۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۇ بەخىرامان هالەتتە دالاندىكى سۈپۈرگە بىلەن ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ سۈپۈرگىنى ئۆز جايىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىچكىرى كىرىپ چىراق ياقتى.

باتۇرخان تۈۋرۈك كەينىدىن چىقىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ هۇجرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەنجىرىدىن قارىۋىدى، ئۆي ئىچىدىكى كىشى ئۈستىدىكى قارۇغچى كىيىملىرىنى ئالدىراپ يېشىپ ساندۇققا تاشلاپ، ئاندىن يەنە ئالدىراپ-هاسىراپ چاپان كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، بىردىنلا ئىشىكنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ قالدى.

ئۇ دەرهال ئىشىكنى قاققانىدى، ئۆي ئىچىدىكى كىشى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ "سالماق" ئاۋاز بىلەن "كىم ئۇ" دەپ سورىدى. "مەن، ئىمام ئاخۇنۇم، ئىشىكنى ئاچسىلا" دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ، يۈرىكى ئازراق جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ئۇنى كۈتمەي

ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن قارۇغچىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىمانى ئۇچۇپلا كەتتى. ئۇ، تاتارغان چىرايىنى ۋە پۇت-قوللىرىنىڭ تىترىشىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

— مەرھەمەت، قارۇغچى جاناب، يۇقىرى ئۆتسىلە،— دېدى ئۇ،— ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن.

— ئىمام ئاخۇنۇم، ئەجەب ھودۇقۇپ تۇرىلىغۇ، نېمە بولدى؟

— يوقسۇ، ھېچ...— كېيىن ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا ئورۇندى،— مەن ئۆزلىرىنى تونىمىدىم...

— تەقسىر، بۇ قېتىمقى ئويۇندا ئۇتتۇلۇپ قالدىلىغۇ دەيمەن؟

— بۇ نېمە گەپ!؟ مەن بىر ئىمام. ئويۇن-پويۇن دېگەننى بىلمەيمەن. مەن باغدات خەلىپەمنىڭ يېنىدىن كەلگەن، خۇدا يولىدا خىزمەت قىلغۇچى كىشىمەن.

— ھە، خۇدا يولىدا؟!... خۇدا يولىدا پالۋاننى ئۆلتۈرۈش كېرەك بولۇپ قاپتۇ-دە!

— ھە!..— دېدى ئۇ، "قاتتىدە" قالغان يۈرىكىنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ،— پالۋان دېگەن كىم ئۇ؟ قارۇغچى جاناب، ھېچ چۈشەنمەيمەن. مەن بىر تەقۋادار كىشى. مەن ئىبادەتتىن باشقىنى بىلمەيمەن.

— تەقۋادار؟— دېدى باتۇرخان كىنايە بىلەن. كېيىن "شارت" قىلىپ ئۇنىڭ تۇمىقىنى يۇلۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئوڭ پېشانىسىدە كۆزىگىچە سوزۇلغان تاتۇق كۆرۈندى،— بۇ تاتۇق "تەقۋادار" لىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك؟ قولۇڭنى كۆتۈر!— دەپ ۋارقىرىدى باتۇرخان.

قوللىرىنى ئاستا كۆتۈرگىلى تۇرغان "ئىمام" تۇيۇقسىزلا باتۇر-

خانىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە يەكتىكىنى يىشىپ تاشلاپ ئۈنىڭغا ئېتىلدى. باتۇرخان ئۇڭدا ياتقىنىچە ئىككى پۇتى بىلەن ئۇنى تېپىپ يىقىتتى، ئاندىن ئۈنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ غەزەپ بىلەن ئىككى مۇشت سالدى. بۇلۇڭغا يىقىلىپ تۈگۈلۈپ قالغان "ئىمام" ئارقىسىغا جەينەكلىگەن بىلۇپ كىگىز ئاستىدىن بۇرۇنلا يوشۇرۇپ قويغان پىچاقىنى ئېلىپ باتۇرخانغا ئېتىلدى. باتۇرخان ئۈنىڭ قولىغا بىرنى تېپىپ پىچاقنى ئىرغىتىۋەتتى، ئاندىن ئۈنى ئىككى دولىسىدىن تۇتۇپ بىر كاللا ئۇرغانىدى. "ئىمام" ئارقىسىغا تىكىراڭگىنىدە يىقىلدى. ئۇ ھالسىز ياتقان بولۇپ يەردىكى پىچاققا يەنە قول سوزغانىدى، باتۇرخان ئۈنىڭ قولىغا دەسسەپ تۇرۇپ پىچاقنى تارتىۋالدى.

— باتۇر بولساڭ پىچاقنى نېمە قىلىسەن؟ قوپ، — دېدى باتۇرخان ئۈنى تۇرغۇزۇپ.

"ماغدۇرسىز" تۇرغان ئىمام يىقىلىپ كېتەي دېگەن بولۇپ بىر مۇدۇرۇپلا باتۇرخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ باتۇرخاننى يىقىتىۋالدى. ئۇلار دومىلىشىپ قاتتىق ئېلىشتى.

ئىمام باياتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن باتۇرخاننى يىقىتىۋالغاندا ئۈنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق دىسلىۋالغانىدى. باتۇرخان ئېلىشىشتا "ئىمام"نىڭ ئاچ بېقىنىغا بىرنەچچىنى سېلىۋەتكەن بولسىمۇ "ئىمام"مۇ بوش كەلمەي باتۇرخاننى قاتتىق مۇشتلاپ تامغا قىستاپ قويغانىدىن كېيىن پەنجىرىگە ئۈزىنى ئاتتى. باتۇرخان ئۈنىڭ پۇتلىرىدىن كاپپىدە ئېلىپ يېرىمى پەنجىرىنىڭ تېشىغا چىققان "ئىمام"نى كەينىچە سۆرەپ تارتىۋالدى ۋە ئۇرۇپ يەرگە دۈم ياتقۇزدى، دۈمبىسىگە تىزلاپ تۇرۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ،

تامغا ئېلىنغان تۇرۇن ماتا لۆڭگە بىلەن قاتتىق باغلىدى. ئاندىن ئۇنى تۇرغۇزۇپ تامغا يۆلەندۈرۈپ قويدى.

— خوش، جانابىي "تەقۋادار"، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ سېنىڭ پېشانەڭدىكى تاتۇقنى سەن ئۆلتۈرگەن دىۋانە بوۋاي سېلىپ كەتتى، ئۇ ئۆلمىدى، شېھىت بولدى. ساۋۇقبەگنىڭ ئۆيىدىكى "ئۆي خىزمەتچىسى" ئۇنىڭ تاغلىق تۇغقىنى ئەمەسمىدى؟ ئېخ، تاغقا "تۇغقان كۆرگىلى كەتكەنمىش؟" "خانىقا مەسجىدىنىڭ ئىمامى، خۇدا يولىدا ئىشلىگۈچى تەقۋادار جاناب! قېنى ئەمدى نېمە دەيسەن؟

"ئىمام" گەپ-سۆزسىز بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. باتۇرخاننىڭ قارۇغچىسى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— تۇتتۇڭمۇ؟ — دېدى باتۇرخان ئۇنىڭغا قاراپ.

— تۇتتۇم. قارۇغچىغا تاپشۇردۇم.

— پالۋانىنچۇ؟

— ئۇنى ئەملەشكە ئەۋەتتىم.

— ياخشى. ئۆينى ئاختۇر!

قارۇغچى ئۆينى ئاختۇردى، ساندۇقتىن قارۇغچى كىيىمىنى تېپىپ يانچۇقىنى ئاختۇرغانىدى، "بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشى پالۋاننى ئېلىپ چىقىپ باشقا جايدا سوراق قىلىدۇ. ئورۇنباسار شەھەر قارۇغچىباشى" دېگەن خەت چىقتى. قارۇغچى خەتنى باتۇرخانغا سۇندى...

ئۇلار قوللىرى باغلانغان پايلاقچىنى ھەيدەپ ماڭدى. باتۇرخان قارۇغچى كىيىمى ۋە پىچاقنى ئېلىپ ئارقىدىن ماڭدى...

قارۇغچىباشى تونەككە قامالدى. ئۇ، پاكىت ئالدىدا ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى، چەت پايلاقچى پالۋاننىڭ پاش قىلىشى ۋە

ئورۇنباسار قارۇغچىباشنىڭ ئىقرارى بىلەن باتۇرتاغنى ئۆلتۈرۈش قەستىنى يوشۇرۇشقا ئىلاج تاپالمىدى. يەركەنلىك دىۋانە بوۋاينى ئۇ ئاۋال "بىلمەيمەن" دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىشتە كۆمۈۋەتكەن دىۋانە بوۋاينىڭ كىيىملىرىنى كۆرسەتكەندە باشقا ئىلاج قىلالمىدى.

لېكىن، ئۇ، ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىنى قاتتىق تۇرۇپ يوشۇردى...

## تۆتىنچى باب

# ئۇلغىيىش

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوقۇش-ئاقارتىش ئۈلچىسى بىلگە تېكىن كۈنچىقىش ياقتىن پىيادە مېڭىپ ئوردۇ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئوردۇ ئالدىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ سول ياققا بۇرالدى ۋە ئۆتكۈر قۇياشنىڭ تەپتىدە چىققان پېشانە تەرلىرىنى ياغلىقىغا ئېرتىپ ئازراق ماگدى. كېيىن كۈنچىقىش ياققا قاراپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئېگىز ئىككى پەشتاقلىق، پىششىق خىشتىن گۈلدار قىلىپ سېلىنغان يوغان قاپقىغا قاراپ توختىدى. پەشتاقلار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن قاپقىنىڭ پېشانىسىدە ئۇيغۇرچە ھەم ئەرەبچە "خانلىق بىلگە يۇرتى" دەپ سېرىق رەڭ بىلەن يېزىلغان خوش خەت قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ خەت ئۇزاق بوشلۇققا نۇرلار چاچقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. "ئەجەب ياخشى، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — شۇ نۇر ئەلنى يورۇتسا، ئۇلۇسنىڭ كۆزىنى ئاچسا ئەجەب ئەمەس". ئۇ قاپقىغا زوق بىلەن بىرپەس قاراپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ھەر قېتىم بىلىگ يۇرت قاپقىسى ئالدىغا كەلگەندە، مەغرۇر ھېسسىيات بىلەن بىر قاراپ قوياتتى. بۈگۈن توختاپ، ئالاھىدە سۆيۈنچ بىلەن قارىدى. ئۇ خوشال ھالدا قاپقىدىن ئىچكىرىگە كىردى. قاپقىدىن كىرگەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىلىگ يۇرتىنىڭ كەڭ ھويلىسى يېيىلدى. ياغاچ، ئالما،

نەشىۋت، ئۇچىمە دەرەخلىرى بىلەن تولغان بۇ كەلا، تۆت چاسا هويلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان پېشايۋانلىق هۇجرىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاپقىنىڭ ئوڭ ھەم سول ياقىدا قاپقىغا بىر تۇتاش ئۇزۇنچاق پەنجىرىلىك ئىككى ئۆيدە بالىلارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازلىرى پۈتۈن هويلىنىڭ جىملىقىنى بۇزاتتى. "بالىلار... ئاھ، بالىلارمۇ ئوقۇماقتا، — دېدى بىلگە تېكىن ئۆز-ئۆزىگە، — مۇشۇنداق ئوقۇللار جىقراق ئېچىلسا..."

ھازىر قەشقەر شەھىرىدە ۋە باشقا چوڭراق شەھەرلەردىلا بۇ خىلدىكى باشلانغۇچ ئوقۇللار ئېچىلغانىدى. بۇ ئوقۇللار دىنىي ئوقۇل بولۇپ، ھەپتىيەك، قۇرئاننىڭ پارچىلىرى، باشلاپقى دىنىي بىلىملەر ئوقۇلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا دەرسلەردىن گەپ ئېچىشقا بولمايتتى. چۈنكى، دەرس بېرىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كەم، يوق دېيەرلىك ئىدى. پۈتۈن ئەلدە بىردىنبىر ئالىي ئوقۇل — مۇشۇ خانلىق بىلىگ يۇرتى بولۇپ، ئوتتۇز-ئوتتۇز بەش ياشلارغىچە بولغان ياشلار ئوقۇيتتى. دىن، دىنىي ئاقائىدلەر، قۇرئاننىڭ تەبىرىنى ئوقۇغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ ۋە تىبابەتچىلىك دەرسلىرىمۇ ئوقۇلاتتى.

بىلگە تېكىن مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىكى تار يولدىن ئۆتۈپ، مەدرىسە بىناسىغا قاراپ ماڭدى ۋە پەلەمپەيدىن مەدرىسىنىڭ سۇپىسىغا كۆتۈرۈلدى. بۇ سۇپا بىلەن تۆت چاسا بىنانى ئايلىنىپ چىقىشقا بولاتتى. بىلگە تېكىن ئادىتى بويىچە مەدرىس بىناسىغا زوق بىلەن نەزەر سالدى. مەدرىسنىڭ ئاستىنقى يېرىمى ئېگىز تۆت چاسا بولۇپ، تۆت بۇلۇڭ ئۈستىدە گۈللۈك ئېگىز پەشتاقلار، تاملارغا سىبلىنغان ئاق-يېشىل نەقىشلەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ

قىلاتتى، تۆت پەشتاق ئوتتۇرىسىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان گۈمبەزنىڭ يېشىل ساپال خىشلىرى كۈننىڭ نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇ، بېزەكلىك چوڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، مەدرىس ئىچىدىن قاتتىق ئاۋازلار بىلەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى، ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە ئوقۇغۇچىلار ئۆرە-تۆپە بولۇپ ۋارقىرىشىپ نېمىلەرنىدۇ تالىشىۋاتقانىكەن. گايى باللار خۇددى ئۇرۇشىدىغاندەك تاكال-لىشاتتى. ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ چۇقانلار ئارىسىدىن "بىلگە تېكىننىڭ توغرا..." "بەگ بىلگەنىڭ توغرا" دېگەن ئىككى خىل سۆزلەرنى ئاران ئاڭلىدى. ئۇ تالاش-تارتىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، بۇلتۇردىن بېرى ئوقۇغۇچىلار ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن: بىر بۆلىكى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بىلگە تېكىننىڭ كۆز قارىشىنى قوللايتتى. يەنە بىر بۆلىكى، ئىسلام دىنى دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بەگ بىلگەنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتقۇچىسى ئىلىك ھاجىپنىڭ كۆز قارىشىنى ياقلىغۇچىلارمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ تېخى سانى ئاز ئىدى.

بىلگە تېكىن يېشىل سىرلانغان چوڭ تۇۋرۇكلەرنى ئارىلاپ ئىلگىرى ماڭدى، ئۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۇقانلىرى "شىپپىدە" توختىدى. باللار ئوقۇتقۇچىسىغا يول بېرىشتى ۋە ئۇلار قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئوقۇتقۇچى باللار ئارىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل تام ئالدىدىكى تاختىنا سۇپىسىغا چىقىپ، پەس، چاسا شىرەنىڭ ئۇ ياقىدا باللارغا قاراپ ئولتۇردى. تۇۋرۇكلەرنى ئارىلاپ سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى ئالدىدا

كىچىك پەس جاسا شىرە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب، دەپتەرلەر ۋە دۇۋەت، قومۇش قەلەم قويۇلغان ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئۈن چىقارماي ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىلگە تېكىن تارتىنىپ ئولتۇرغان باللارغا دىققەت بىلەن بىر قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ كالتە يۆتىلى مەدرىسە ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇ سەللىسىنى شىرەنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويدى. كۇلاھ ئىچىگە كىيگەن چېتى گۈللۈك ئاق دوپپىسىنى بېسىپ، ئۇزۇن چار ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى. ئۇ باللارنى غەمخورلۇق بىلەن سۆيەتتى. باللارمۇ بۇ ئاق كۆڭۈل، بىلەرمەن ئۇستازىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى.

— خوش، باللار، — دېدى ئوقۇتقۇچى يوغان، سالماقلىق ئاۋازى بىلەن، — ئەجەب شوك بولۇپ كەتتىڭلارغۇ، نېمە توغرىدا تالاشتىڭلار؟

باللار شۈك، گايلىرى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان، گايلىرى بىر-بىرىگە ئىما-شەرەت بىلەن "گەپ قىل" دەيتتى. لېكىن ھېچ-قايسىسى باشلاپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. سەللىلىك بېشىنى ئويىنىتىپ، ئۇزۇن شالاڭ ئاق ساقاللىرىنى گىلدىڭلىتىپ قېرى بەگ بىلگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىچىك قەدەم بىلەن دىكىلداپ، تۇم-شۇقىنى سوزۇپ، كۆزىنى قىسىپ ئىككى ياققا قاراپ تازىم قىلىپ تۇرغان باللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ سۇپىغا چىقتى ۋە بىلگە تېكىن بىلەن سوغۇقلا ئامانلىشىپ قويۇپ باللارغا ئالايدى.

— مەن سىلەرگە تەكرارلايمەن: ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەڭلار.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى باللار قوشما ئاۋازلىرى بىلەن.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى راست مۇسۇلمان باللىرىغا ئوخشۇ-دۇڭلار.

بەگ بىلگەمۇ تۇرغان ئورنىدا بىر ئايلىنىپ، بالىلار ئولتۇرۇشتى.

ئالدىغا ئولتۇردى.

باشقا بىرپەس شىرە

— بالىلار قېنى باشلايلى، — دېدى بىلگە تېكىن، — ئادىتىمىز بويىچە بۈگۈن، يەنى پەيشەنبە مۇزاكىرە كۈنى، نېمىدىن باشلايمىز؟ مېنىڭچە، باياتىن سىلەر تالاشقان مەسىلىلەردىن باشلايلى. قېنى، كىم سۆزلەيدۇ؟

— مەن باشلاي،... — دېدى ھودۇقۇپ، ئوتتۇرىدىراق ئولتۇرغان، چەكمەن يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن بەلباغ باغلىغان، بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان بىر بالا ئورنىدىن قوپۇپ، — يەنىلا ئۆتكەن قېتىمقى گەپلەر،... زاڭلىق قىلماڭلارچۇ، — دېدى ئۇ كۈلگەن بالىلارغا، — شۇنداق، بىرى، ئاللانىڭ قۇدرىتى. يەنە بىرى، ئىگىدارچىلىق مەسىلىسى.

بىلگە تېكىن ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىۋاتقان ئىلىك ھاجىپقا قاراپ تۇردى. قېلىن قارا ساقال-بۇرۇتلۇق، ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان بۇ قاۋۇل يىگىت ئاستا كېلىپ، ئارقا تەرەپتىكى بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بوش ئورۇنغا ئولتۇردى. يانلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار قوزغالغانىدى، ئۇلارنىڭ تىزلىرىنى بېسىپ قويدى. بىلگە تېكىن يېنىغا شەرەت قىلىشقا قولىنى كۆتۈرگەنىدى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن "جىم" دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى.

— ھە، يەنە شۇ گەپلەر، دەڭ، — دېدى بىلگە تېكىن ئۆرە تۇرغان ئوقۇغۇچىغا قاراپ، — بولىدۇ، داۋاملىق مۇزاكىرە قىلايلى. قېنى كىم سۆزلەيدۇ؟

— ئاللانىڭ نەقدىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشنىڭ ئۆزى،

ئاللاغا قارشىلىق، — دېدى بەگ بىلگە ۋە ئىككى ياقىغا قاراپ قورغىلىپ قويدى، ئۇ تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى، ساقلى تىترەيتتى.

— بىز ئاللاغا قارشى ئەمەسمىز، لېكىن، ھەممە ئىش ئاللانىڭ تەقدىرىسىز بولمايدۇ، دېگەن سۆز توغرا ئەمەس، دەيمىز، — دېدى يەنە بىر بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ قايناپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر ھەممە ئىش ئاللانىڭ تەقدىرىسىز بولمايدىغان بولسا، مېنىڭ سۆز قىلىشىم، مېنىڭ مېڭىشىممۇ شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى بەگ بىلگە قايناپ، — ئىككى دولاڭدا ئىككى پەرىشتە بار، سېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى ئۇلار سېنىڭ يادىڭغا سالىدۇ، سەن قىلىسەن. سەن ھازىر سۆزلەشتىن بۇرۇن ئاللا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بۇيرۇق قىلغان، پەرىشتىلەر سېنىڭ ئېسىڭگە سالىدۇ، سەن سۆزلەيسەن.

— كاپىرلاردىمۇ پەرىشتە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر ئوقۇغۇچى.

— بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ، كاپىر-دە! — جاۋاب بەردى بىلگە بەگ.

— ئۇنداق بولسا، كاپىرلار قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟

— ھە، ھە... سەن ئاللاغا شەك كەلتۈردۈڭ، — دېدى بەگ بىلگە تىترەپ، ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە "ئىماندىن ئازدىڭ"، — دەپ قويۇپ بىر چۆكىلەپ ئورنىدا ئولتۇردى. ئوقۇغۇچىلار يەنە كۈلۈشتى.

— ئاللاغا شەك كەلتۈرگەنلەرگە بىزنىڭ بىلىگ يۇرتىمىزدا ئورۇن يوق، — دېدى ئاق سېمىز كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن

قويۇپ ۋارقىراپ،

بىر نەچچە جايدىن توغرا، توغرا دېگەن ئاۋازلار چىقتى.

— مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئېگىزدىن مۇھاكىمە قىلىش لازىم. بۇنداق دېيىش ئاللاغا شەك كەلتۈرۈش بولمايدۇ. ئاللا ھەممە ئادەمگە، ھەربىر ئادەمنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئۆز تەقدىرى بىلەن بۇيرۇق بېرىپ تۇرىدىغان بولسا، — دېدى ئارقىدىراق، چەتتىرەك ئولتۇرغان يېشى چوڭراق بىر ئوقۇغۇچى سالماق بىلەن، — بىر ئاللانىڭ تۈمەن-تۈمەننىڭ ئىشلارغا قانداقمۇ چولىسى تەگسۇن؟!

— ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئاللا بار، — دەپ ۋارقىرىدى، ھېلىقى ئاق سېمىز ئوقۇغۇچى.

— ئاللا بىر ئەمەسمۇ دوستۇم؟ — دېدى ئاۋۇ ئوقۇغۇچى كىنايە بىلەن، — لائىلاھە ئىللەللانى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟!

بالىلار ۋارقىراپ كۈلۈشتى. سېمىز بالا ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن دومسىيىپ ئولتۇردى.

— ھەممە ئىش، بارلىقنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ، — دېدى بەگ بىلگە ئۈنىنى ئېگىز چىقىرىپ، — دۇنيانىمۇ، بىزنىمۇ، سىزنىمۇ ئاللا ياراتقان. ئاللا بار دېسە، بار بولسەن، يوق دېسە، يوق بولسەن...

— بۇنداق دېيىش جانابىي بەگ بىلگە، — دېدى سالماق بىلەن بىلگە تېكىن، — دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. دۇنيا ئەزەلدىن مەۋجۇت، ئۇ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ... بىز ئەمدىلاتىن ئىسلامنىڭ دۇنيانى بىلىش قاراشلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋاتىمىز. تېخى بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى بىز بۇتقا چوقۇناتتۇق. بۇتنىڭ لايدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، ياسالغاندىمۇ ئۆز قولىمىز بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى

بىلىپ تۇرۇپ چوقۇناتتۇق. ئەمما، ئېكىزىدىن ئالغاندا بىزنىڭ چوقۇنغىنىمىزلا بۇت ئەمەس، بەلكى بۇددانىڭ دۇنيا ھەققىدىكى، ھايات ھەققىدىكى قانۇنىيەتلىرى ئىدى. كىشىلىك دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەممە تەلىمات، ھەممە دىنلار نوقۇللا "ئاللا ياراتقان" دەپلا چۈشەندۈرمەيدۇ. ئېيتىلىشتا شۇنداق بولغىنى بىلەنمۇ ئۇنى چۈشەندۈرۈشتە ئايرىملىق پەرقلىرى بار، بىزنىڭ خەلقىمىز مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ئىسلام دىنى ھەممىلەنگە، ھەتتا ئالىملىرىمىزغىمۇ تېخى يېڭى دىن. تالاش-تارتىشلارنىڭ بولۇشى ئەقىلغە مۇۋاپىق. ھەممە پىكىرلەرنى ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ چەتكە قېقىۋېرىش ئىلىم ئادىمىنىڭ ئىشى ئەمەس. خوش، دۇنيا ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى، ھەتتا بۇددا دىنى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرىمۇ بارلىقى راستمۇ، يالغانمۇ؟ ئۇ قانداق تەرەققىي قىلىپ كەلگەن؟

— ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن، — دېدى ئىلىك ھاجىپ بەگ بىلگە تاتىرىپ تىمىقىنى ئاتىملاۋاتقاندا ئورنىدىن قوپۇپ، بالىلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ھاجىپ ئالدى تەرەپكە ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — دۇنيا مەۋجۇت نەرسە، ئۇنى سەن بار دېسەڭ بار بولۇپ، يوق دېسەڭ يوق بولۇپ كەتمەيدۇ، — ئۇ سۇپا ئالدىغا كېلىپ بالىلارغا بۇرالدى، — ئۇ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. يەنە، دۇنيادىكى نەرسىلەر ئۆز ئالدىغا يەككە تۇرالمايدۇ. ئۇ بىر-بىرى بىلەن ياردەملىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ.

— توغرىراقى، بىر-بىرى بىلەن چېلىشىپ ئۆسۈپ بارىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى بىلگە تېكىن

— بۇ ھېلىقى ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ گەپلىرى، — دېدى چىچاڭشىپ

بەگ بىلگە، — فارابى دىنسىز، دەھرى، ئۇ كونا يۇنانلىق ئەقلىدىن ئازغان ئارىستوتىلنىڭ مۇرىتى...

— بىزدە، جانابىي بەگ بىلگە، — دېدى ئىلىك ھاجىپ يانغا ئۆتۈپ، — ئاشۇ يۇنانلىق ئارىستوتېلدەك "ئەقلىدىن ئازغان" ئادەملەر چىقسا ياخشى بولاتتى. ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ بەك توغرا قىلغان، شۇڭلاشقا ئۇ ئۇلۇغ ئادەم بولغان. مانا، سىز ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان باغدادتا مۇھەممەد فارابىنىڭ تەلىملىرىنى ئەڭ چوڭ مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ فارابىغا مۇرىت بولۇش بەك ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

بالىلار ئارىسىدا ھاياجانلىنىش ۋە خۇشاللىق كەيپىياتى كۆرۈلدى. بەزىلىرىنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ ئاللاغا قارشىلىق، — دېدى بەگ بىلگە، كەشى بىلەن شىرەنى ئۇرۇپ چېچىلىپ، — ئۇتتۇر كەلگەنلا ئادەملەرنىڭ پەلپەتىش گەپ-سۆزلىرىنى تەلىمات دەپلا مۇھاكىمە باھانىسى بىلەن دەھرىلىك ئۇرۇقى چېچىش، مۇقەددەس دىنىمىزغا قارشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ناھايىتى دەھشەتلىك، بىزنىڭ ئىسلام دۆلىتىمىزدە بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. بىزگە ھازىر مۇھاكىمە ئەمەس، قاتتىق قوللۇق كېرەك، — ئۇنىڭ سەللىسى چۇۋۇلۇپ بويىنىغا چۈشۈپ قالدى، ساقاللىرى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى، — مەن بۇنداق مۇھاكىمە، تەتقىقات دەپ مۇقەددەس ئەقىدىمىزگە قىلىنغان ھاقارەتلەرگە چىداپ تۇرالمايمەن...

ئۇ ئالدىراپ كەشىنى كىيىپ، سەللىسىنى قولتۇقلاپ شاپاشلاپ تاشقىرىغا ماڭدى. بىر بۆلۈك تالىپلار راھەتلىنىپ كۈلۈشتى.

— بىزمۇ كېتىمىز! — دېدى سىمىز بالا، — يۈرۈڭلار!

ئۈچ-تۆت بالا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بەزىلىرى باشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى...

— خاپا بولسا ياخشى ئەمەس، — دېدى بىلگە تېكىن كۈلكىلەرنى بېسىپ، — بىزچە تالىشىش دېمىمىز، ئەرەبچە بۇنى مۇنازىرە دەيدۇ. بۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزئارا تالاشتۇرۇش دېگەن سۆز.

— مەن جانابىي بەگ بىلگە ئېيتقاندەك دىنغا قارشى تۇرغىنىم يوق، — دېدى ئىلىك چۈشەندۈرۈپ، — مەن تېخى ئاللاغا شەك كەلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكىنىم يوق. مەن دۇنيا نەدىن كەلگەن، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر قانداق بار بولۇپ تۇرالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى ئېيتتىم. يۇنانلىق ئارىستوتېل بۇنىڭدىن مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئادەم. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېڭى قاراشلارنى ئېيتىپتىكەن، بىز نېمىشقا ئويلىيالمايمىز. ئۆزىمىزدىن چىققان فارابى ئۇلۇغ ئادەم، ئۇ جاھىل ئەرەب، پارس پەلسەپىسىگىمۇ تەۋرىنىش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرى بىزگە ياخشى ئۈلگە ئەمەسمۇ؟!

تالىپلار ھاياجان بىلەن ئىلىك ھاجىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

— بىزگە دۇنيا توغرىسىدىكى يېڭى قاراشلار جىقراق سۆزلەپ بېرىلسە ئىكەن، — دېدى ھېلىقى بۇرۇتلۇق بالا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جانابىي ئىلىكنى جىقراق ئاۋارە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، — بىلگە تېكىن سوئال قىياپىتى بىلەن ھاجىپقا قاراپ قويدى، ھاجىپ بېشىنى ئېگىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، — بالىلار، سىلەر يەنە نېمىنى تالاشقانىدىڭلار؟

— قۇلدارلىق ياخشىمۇ، زېمىندارلىقمۇ؟ دېگەن تالاش، — دېدى

بۇرۇتلۇق بالا، — بەزىلەر، "قۇلدارلىق ياخشىكەن. قۇللار تىنچ ئىشلەيتتى. ئەمدى تارىنچىلار چاتاقچى بولۇپ كەتتى، گەپكە كىرمەيدۇ" دەيدۇ. گايىلار، "پۇت-قوللىرىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ ئىشلەتسەك قانداق گەپ قىلاتتى؟ تېخى كىشلەرنى خالىغانچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتسا، ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ يەنە زېمىندارلىق ياخشى ئىكەن" دەيدۇ. يەنە گايىلار "تارىنچىلارنىڭ قوشتىن چىقىرىپ سۈرەمگە سېلىشى دېگىنى راست. هازىرمۇ ئەركىن ئەمەس" دەيدۇ.

— سىز قايسىسىنى توغرا دەيسىز؟

— مەن... — ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ ئوڭايسىزلانغاندەك قىلدى، — مەن ئاخىرقى قاراش ئورۇنلۇقمىكىن دەيمەن.

— مىكىن دېمەي، ئورۇنلۇق دەۋېرىڭ، — دېدى ئىلىك هاجىپ، — "قوشتىن چىقىرىپ سۈرەمگە سېلىش" — نامراتلارنىڭ بۇ سۆزى بەك توغرا ئېيتىلغان. يەنە "ئوقتىنى ئېلىپ يۈگەن سېلىش" دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش كېرەك. هەممە زېمىن يەنە خوجايىنىنىڭ ئىلكىدە. نامراتلار باي ئۈچۈن تۈنەك ئازابىدا ئىشلەيدۇ. ئوقتىمۇ يوق، يۈگەنمۇ يوق بىر زامان بولسا، نامراتلار ئۆز زېمىنىدا، ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىسە... مۇشۇنداق ئەركىن زامان بولسا ئەجەب ياخشى بولغان بولاتتى.

— سىزچە ئۇ ئەركىن زاماننىڭ نامىنى نېمە دېسەك بولار؟ — سورىدى بىلگە تېكىن.

— ئۇ ئەركىن زاماننىڭ نامى نېمە؟ مەن تېخى جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئىزدىنىش كېرەك.

بالىلار يەنە سوئاللارنى قويدى. جەددىي مۇزاكىرە بولدى.

— جانابىي هاجىپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدى تالىپلار، — دېدى

بىلگە تېكىن ئاخىردا، — ئاللاغا شەك كەلتۈرمەسلىك، دۇنيانى توغرا تونۇش، كۆپچىلىككە ئەركىن زامانىنى ئارزۇ قىلىش، ئىزدە-نىش... توغرىسىدا رىغبەت بېرىش — بۇلار ياخشى پىكىرلەر. ھاجىپ-نىڭ قاراشلىرى ئورۇنسىز ئەمەس، ئىزدىنىش كېرەك. ئوقۇش-بىلىم ئېلىش، ئىزدىنىش، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دېگەن سۆز. ئىزدىنىش كېرەك. ئىزدىنىش ئۈچۈن مول، چوڭقۇر بىلىك كېرەك. خوپ ئالىپلار، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلەشسەك قانداق؟

بىلگە تېكىن ئىلىك ھاجىپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. بالىلار قوپۇپ ھۆرمەت بىلەن ئىككى ئۇستازىنى ئۇزاتتى...

* * *

بارلىق ئۇلچىلار، ئوردۇ ئەمەلدارلىرى نۆۋەتتىكى ئوردۇ كېڭەشمىسىگە يىغىلىپ بولغان. سۆلەتلىك تەخت سارايى ئادەم يوقتەك جىمجىت ئىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاغزىنى قولى بىلەن بېسىپ قىسقا يۆتەل-گەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالاتتى. تەخت سارايىنىڭ چوڭ مېھمان سارايىغا قارىغان ئىشىكى تاشقىرىغا ئاۋازسىز ئاستا، كەڭ ئېچىلدى. كىشىلەر ئىشىك ياققا بويۇنلىرىنى سوزۇشتى.

— خاقانىمىز ئۇلۇغ بۇغراخان ئايدىڭ خانىش بىلەن تەخت سارايىغا كىرىدۇ!

ئىشىك ئاغىسىنىڭ بۇ تەنتەنىلىك ئاۋازى سارايىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئادەملەر ئىشىك ياققا توغرىلاندى.

سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئايدىڭ خانىش خان ۋە خانىش كىيىملىرىدە سالماقلىق مېڭىپ كىردى. ئۇلارنىڭ نامى، كىيىملىرى سۇرلۇك، ئەمما، كىشىلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىياقلىرى-دىن سۇر ئەمەس، بەلكى يېقىملىقلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ

ئارقىسىدا، ئوتتۇرىدا يۇغۇرۇش باتۇرتاغا، ئىككى يېنىدا ياغقۇ بىلگە تېكىن، تۇكسىن ئارسلان بىلەن ئىلىك ھاجىپ بىللە كېلەتتى.

خان بىلەن خانىش گۈللۈك ئۇزۇن گىلەم ئۈستىدە، ئىككى ياقتا قاتارلىشىپ، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تازىم قىلىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سۇپا ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. تەخت ئالدىغا بارغاندا ئارقىلىرىغا بۇرالدى.

— ئولتۇرىلى، جانابلار! — دېدى سۇتۇق. ئۇ ئاۋازىنى ياۋاش چىقارماق بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇيرۇق ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى.

خان ۋە خانىش ئولتۇرغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئۆز رەتى بويىچە ئولتۇرۇشتى. تەخت سۇپىسىنىڭ ئىككى چېتىدىن باشلىنىپ، تۆردىن تۆشۈككە سوزۇلغان ئىككى قاتاردا، ئوڭ ياقتا يۇغۇرۇش باتۇرتاغا، تۇكسىن ئارسلان، يابغۇ بىلگە تېكىن ۋە باشقىلار، سول ياقتا تېكىن ئائىغىچى، بەگ بىلگە، بۆرىبەگ ۋە باشقىلار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

سۇتۇق بۇغراخان تەمكىن، سالماق ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئاللاتائالا شۇنداق بىر خىسلەتلىك دۇنيا ياراتقانكى، ئۇنىڭدا ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان، ھەر خىل دىنغا ئىشىنىدىغان، ھەر خىل ئۇقەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ياشىماقتا. بىزمۇ شۇ قاتاردا. باشقىلار بىزگە يات، بىز باشقىلارغا يات. بىراق بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز، بىزگە دوست بولغۇچىلارغا بىز دوست، بىزگە ياغى بولغۇچىلارغا بىزمۇ ياغى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇنداق ئەستايىدىل ۋەزىن ئاڭلاندىكى، سورۇندىكىلەر ئىختىيارسىز قايىل بولدى.

سۈتۈق بۇغراخان سۆزىنى توختىتىپ، كۆپچىلىككە بىر سەپىلىپ چىققاندىن كېيىن، بىلگە تېكىننى قول ئىشارىتى بىلەن كۆرسىتىپ: "جانابىي بىلگە تېكىن بىزگە ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى تونۇشتۇرۇپ بەرسۇن" دېدى.

بىلگە تېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋال سۈتۈققا، ئاندىن كۆپچىلىككە تازىم قىلىپ بولۇپ سۆز باشلىدى:

— بىزنىڭ شەرقىمىزدە قېرىنداش قوچۇ خاندانلىقى بار. ئۇلارنىڭ نېرىسىدا، بىزنىڭ شەرقىمىزدە تۈبۈتلەر، سېرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار بار. ئۇلارنىڭ نېرىسىدا سېلىنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ دەريا بار. دەريانى پاسىل قىلغان ھالدا شىمالدا كىدانلار قۇرغان قاراختاي خانلىقى بار. جەنۇبتا بولسا ئىچكىرى چىن، يەنى سۇڭ خانلىقى بار. بىزنىڭ شىمالىمىزدىكى قوچۇ ئېلىنىڭ شىمالىدا نايمان، كېرەي ئۇلۇسلىرى بار. بىزنىڭ غەربىمىزدە سامانىلار خاندانلىقى بار. ئۇلارنىڭ غەربىدە خارەزىم، غەزنە ھەم ئابباسىلار خاندانلىقى بار. تۈبۈتلەر، سېرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، كىدانلار، ئىچكىرى چىنلىقلار بۇددا دىنىغا ئىشىنىدۇ. بىزنىڭ قېرىندىشىمىز قوچۇ دۆلىتىدىكى ئادەملەرمۇ شۇ دىنغا ئىشىنىدۇ، نايمان ۋە كېرەيلەر شامان دىنىغا ئىشەنگۈچىلەر. بىزنىڭ غەربىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار.

بىلگە تېكىن سۆزىنى توختىتىپ سۈتۈققا يېنىككىنە تازىم قىلىپ، سۆزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

— ئەتراپىمىزدىكى ئەللەر، ئۇلۇسلار بىلەن كەلدى-باردىمىز ياخشى، — دېدى سۈتۈق، — چۆل-جەزىرە، تاغ-داۋانلار بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىمىزغا بۇ چاغقىچە توسقۇن بولا-

مەدى. بىزنى بىئارام قىلىۋاتقىنى بىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز سامانىلار، — سۇتۇق بىر ئاز ئويلىنىپ، توختاپ ئېلىپ ئارسلانغا ئىشارە قىلدى، — ئۆكسىن ئارسلانبەگ ئەلنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا سىلەرگە سۆزلەپ بەرسۇن، — دېدى.

ئارسلان كۆكياردىكى بۇدداچىلارنىڭ توپىلاڭى، غەربتىكى باغدات خەلپە ۋەكىلى دەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ چاتاق سېلىۋاتقانلىقى، سامانىلار دۆلىتىنىڭ بېسىپ كېلىش غەرىزى، چېگرىدىكى توقۇنۇشلار، ئۇ ياقتىكى خەلقنىڭ قىيىن ئەھۋاللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— ئەلنىڭ ئىچكى-تاشقى ئىشىنى چوڭقۇرراق ئويلىشىشقا توغرا كەلدى، — دېدى خان ۋە ئولتۇرغانلارغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — دۆلەت بىرلىكىنى كۈچەيتمەك، ئەل پاراۋانلىقىنى ئاشۇرماق، تاشقى يېغىغا تەييار تۇرماق، بىلىگلىكنى ئاشۇرماق — بىزنىڭ ئۇزاق ئىشىمىز. بىزنىڭ ئىش باشلىغىنىمىزغا ئون بەش يىل بولدى. ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرىدا يۇقىرىقىدەك ئۇتۇق ئاز ئەمەس. لېكىن، يەنە يېتەرسىزلىكلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس، ئەل تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقلار بار. قۇلدارلىق تۇسالغىنى بىلەن زېمىندارلىق كۈچەيدى. باشقا يېڭى ئىشلارمۇ تۇغۇلماقتا. خەزىنىمىز خېلىلا قۇرۇق. بىزنىڭ ئېلىمىزگە چېگرىداش ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە كۈچەيتىلدى، لېكىن، سامانىلار دۆلىتى ياغىلىق قىلماقتا، چېرىك كۈچىنى ئۇلغايتىش كېرەك. كىشىلىرىمىز بىلىگسىز ھايات كەچۈرمەكتە. بىر نەچچە ئوقۇل، بىلىگ يۇرتىنىڭلا بولۇشى بەك يېتەرسىز. ئۇلۇغ خاندانلىقىمىزنىڭ بارچە ئېلىك خانلىرى، خانلار، ئايماقلار بىر تەندەك ئۇيۇماق كېرەك. خاندانلىقىمىزنىڭ ئەلچىلىرى

ئىلىك خانلارغا بېرىپ كەلدى. قوچۇ خانلىقىغا ئارسلانبەگ بېرىپ قايتتى. ئىدىقۇت بىز بىلەن ھەمكارلىقتا بىللە ئۆتۈشكە، ئۈزئارا نىزا، ئاداۋەت قىلىشماسلىققا سۆز بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەتتە سۇ خانلىقىنىڭ ئىلىك خانى — ئارسلان ئىلىك، يەنە ئىلى بالىقىمۇ بۇ يىل ياز ئاخىرىدا ئىلىك خانلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزمەككە قېتىلدى. بۇ يىل توققۇزىنچى ئاي بىزنىڭ ئۇلۇغ خاندانلىقىمىز قۇرۇلغان مەرەم كۈنى. قۇرۇلتاينى ئاشۇ مەرەم كۈنلەردە ئۆتكۈزسەك دەيمىز...

خان باشقىلارنىڭ پىكىر بېرىشلىرىگە يول بېرىپ سۆزىنى توختىتىپ، ئولتۇرغانلارغا بىر نەزەر سېلىپ چىقتى. تەخت سارايىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ سۆزلىرى ئەدگۈ، — دېدى يۇغرۇش باتۇر تاغا ۋە ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى — بىرلىك بولمىسا كۈچ بولماس. قاداش① ئىلىك خانلار ئەلنىڭ بىرلىكىنى ئۇلغايتماقنى ئىستەيدۇ. قۇرۇلتاي چاقىرماق كېرەك.

— ئەلنىڭ بىرلىكىدە گەپ يوق ئەمەس، — دېدى بىلگە تېكىن، — قايسى دىنغا تايىنماق كېرەك؟. ئىلى بالىق، قوچۇ، ماچىن ياقلاردا بۇدداغا تايىنىدۇ. ئىسلام دىنى شامىلى يېتىپ بارغان بودۇن ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا تايىنمىساق، باشىڭ كېتەر ئىمىش دېگەن قورقۇنچلار بار ئىكەن....

— قورقسا قورقسۇن، — دېدى دىنىي ئىشلار ئۇلچىسى بەگ بىلگە قوپۇپ ۋە ساقىلىنى گىلدىڭلىتىپ تىترىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىسلام دىنىمىز دۆلەت دىنى. باشقىلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى

---

① قاداش — قېرىنداش.

شەرت. ياخشىلىقچە قوبۇل قىلمىسا كۈچ ئىشلىتىش كېرەك، دىنىي پېشۋايىمىز ئۇلۇغ بۇغراخان ئەلۋەتتە شۇنداق پەرمان بېرىدۇ.

— جانابىي بەگ بىلگە! سۆزىڭىزنى چۈشىنىپ سۆزلەۋاتامسىز؟ — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن قانداق دىنىي پېشۋا بولاي؟

— خاتا سۆزلىدىممۇ دەيمەن. توغرا، "مۇھەممەد ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر" دېگەن، بايات①. ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئۇلۇغ بۇغراخان ئىسلام دىنىمىزنىڭ باش پاناھى... — بۇغراخانىنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزىنى يۆتكىدى بەگ بىلگە، — شۇنداق، قىلىچ كۈچى بولمىسا كاپىرلارنى ئىسلام دىنىمىزغا تابىندۇرماق قىيىن.

— بىزنىڭ قولىمىزدىكى قىلىچنى بودۇننى قىرماققا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، — دېدى بىلگە تېكىن نارازى بولۇپ، — ئۇنى ياغىغا ئىشلەتمەك كېرەك. ئىسلام دىنىنى ئۆگۈت قىلماق كېرەك. دىنغا تابىنماققا كۈچ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

باتۇر تاغا بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ سىياقىدىن بىلگە تېكىننىڭ سۆزىگە قايىل بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامنى ھەممە كۈچىمىزنى سەرپ ئېتىپ قوغدىماق كېرەك، — دېدى بەگ بىلگە تېرىكىپ، — بىزنىڭ مەدرىسلىرىمىزدە دەھرىلىك ئۆگۈت قىلىنماقتا. ئارىستوتېلدەك كاپىرلار، فارابىدەك دەھرىلەرنىڭ جۆيلۈشلىرى ئۆگۈت قىلىنماقتا. بىزنىڭ مەدرىسلىرىمىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ بىلىگلىرىنى ئۆرگەتمىكى كېرەك ئىدى. تارىخ،

① بايات — خۇدا.

تىل، پەلسەپە... يەنە نېمىلەرنىدۇ تالىپلىرىمىزغا سىڭدۈرۈۋاتىمىز...

— بولمىغۇر گەپ، — دېدى ئىلىك ھاجىپ سالماقى، يوغان ئاۋاز بىلەن، — دىن بىر خىل بىلىم، سىز قارشى بولغان تارىخ، تىل، تەبابەت، ھەتتا ئىلمى مەنتىق ئۆگىنىلمىسە، بىزنىڭ بىلىم يۇرتىمىزنىڭ مەسجىدتىن ئايرىمىسى بولماي قالار. ئۇلۇسىنى بىلىكلىك قىلماق، ئەلنىڭ بىلىم دەرىجىسىنى ئاشۇرماق — بىزنىڭ بۇرچىمىز، خاندانلىقىمىزنىڭ بۇرچى. بۇ بۇرچ ئادا قىلىنمىسا بىزنىڭ دۆلەت تۇتقانىمىزنىڭ مەنىسى يوق. بەلكىم، بىرىپ-بىرىپ دۆلىتىمىز يوقىلىشى تۇرغان گەپ... "قۇت بەلگىسى — بىلىم" دەيدۇ بۇدۇن... — ئىلىك بىرئاز ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بەزى كىشىلەر "دىن"نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، بىراق بۇدۇن پاراۋانلىقى بىلەن كارى يوق. قولدارلارنىڭ ئورنىنى ئالغان زېمىندارلار كۆپچىلىك تارىغچىلارنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش قىينىماقتا. بەزىلەر ئىلگىرى قۇللارنى قانداق چىڭ تۇرۇپ ياقلىغان بولسا ھازىرمۇ ئەڭ ئەشەددىي ئەزگۈچى زېمىندارلارنى، پۇلدار بايلارنى شۇنداق ياقلىماقتا. يەنە كۆپلەپ دىن پېشۋالىرى — قازى-ئەلەملەر، خەتىب-ئىماملار نامراتلارنىڭ شىلىلسىگە مىنىپ "دىن" قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ، زېمىندارلارغا، بايلارغا ياردەم قىلماقتا. بۇدۇننىڭ زارىغىمۇ قۇلاق سالماق كېرەك-تە!

خان بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدىمۇ، قانداق، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى. باتۇرتاغا كالتە يۆتىلىپ ساقىلىنى سىلاپ قويدى.

— بۇنداق سورۇندا ئويلاپ گەپ قىلماق كېرەك، ئىلىك ھاجىپ، — دېدى بۆرىبەگ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، — گېپىڭىز دۆلەتىمىزگە، دۆلەت ئىشلىرىغا قارشىلماقتا.

— ئىلىك هاجىپ توغرا گەپ قىلدى، — دېدى خانىش ئاي-
دىڭ، — بىزنىڭ دۆلىتىمىز بودۇننىڭ دۆلىتى بولمىقى كېرەك.
بودۇننىڭ زارىغا قۇلاق سالماق، باشلاپ سىزنىڭ ئىشىڭىز، جانابىي
بۆرىبەگ. سىزنىڭ سالىقلىرىڭىز پۇلى بارلاردىن يالىداپ تۇتۇپ
كېتىپ، نامراتلارغا يېپىشماقتا. ئۇلار بىرنۆۋەتتە قورۇقدىلىپ بولغاندا
نېمىسىنى بېرىدۇ؟ كىشىلەر ئېيتقاندەك "ئالىمچى ئارسلان، بېرىنچى
ساچقان" بولۇپ قالامدۇ؟

خان ئاخىرقى سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى. باشقىلارمۇ كۈلۈم-
سىرىشىپ، چىرايلىرىدىكى جىددىيلىك ئۆزگەرگەندەك بولدى.

— شۇنداق، توغرا گەپ، — دېدى خان، — چوڭ ئالىمچى—مەن.
ئالىمچىلار كىمدىن قانچىلىك ئالماقنى بىلمىكى كېرەك ئىدى. خەزى-
نىدار تېكىن ئاغىچى يەنە بىر چوڭ ئالىمچى، باش خەزىنىچى-
دە؟ — خان ئۇنىڭغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى، ئۇ ئوڭاي-
سىزلاندى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قارىشىۋالدى، — مۇنداق كېتىۋەرسە
"مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن" بولۇپ قالمىغاي يەنە؟ تېكىن
ئاغىچى ئىلىك هاجىپ ۋە بۆرىبەگ بىلەن بىللە ياساق-ئالىم
توغرىسىدا بىر يېڭى بىر بەلگىلىمە بېتىپ چىققاي.

بۇنىڭ بىلەن خان باياتىنقى تالاشنى تۈگەتكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— تاشقى ئەللەر بىلەن دوستلۇقتا ئۆتمەكتىمىز، — دېدى چېرىك
ئىشلار ئۇلچىسى ئارسلانبەگ، — بىراق، سامانىلار كۈنپېتىشتىن
بىزگە ئۆچلۈك قىلماقتا، چېگرىمىزغا پات-پات بېسىپ كىرىپ، قورالسىز
كىشىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، تالان-تاراج قىلماقتا. ئەل خەتەرگە دۇچ
كەلمەكتە. سەگەك بولمىساق بولمايدۇ.

— شۇنداق، سەگەك بولۇش كېرەك، — دېدى بىلگە تېكىن قوشۇ-

لۇپ، — ياغى ياسلىقىنى قىلۇر. ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ چېلىشماق كېرەك. سامانىلار ئىككى دەريا ئارىسىنى، سەمەرقەنتنى، شاش، پەرغانە تۈزلۈكىنى بېسىۋېلىپ، ئۇ ياقلاردىكى بىزنىڭ ئۇلۇس قاداشلىرىمىزنى ئەزمەكتە، تالىماقتا. ئۇلارنىڭ بىلەن توختىماستىن، ئۇلار ئىچكىرىلەپ كىرىپ بىزنى يۇتماقنى ئويلىماقتا. بىز خاندانلىقىمىزنى قوغداپ قېلىشتىن باشقا، كۆنپېتىشتىكى قاداش ئۇلۇسىمىزنىڭ زارىغىمۇ قۇلاق سالماقىمىز كېرەك.

— ئارتۇق كەتتىڭىز، جانابىي تۇكسىن، — دېدى تېكىن ئاغىچى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، — بىز باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىمىزنى يەم قىلالمايمىز، ئۆز يېرىمىزنى ساقلاپ قالساق بولغىنى...

— ھە، بۇ توغرا گەپ، — دېدى بۆرىبەگ، — ئۇنىڭدىن كېيىن، سامانىلارنىڭ كۆچىنى تۆۋەن چاغلىماسلىق لازىم، "ئوت بىلەن ئويناشقاننىڭ قولى كۆيەر" دېگەن سۆز بار بودۇندا.

— ياتقان يىلانغا تەگسەڭ بولماس، — دېدى ساقلىنى گىلدىڭلىتىپ بەگ بىلگە دەرھال. — سامانىلار ئىسلام دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھۇئائالا يولىدا چېلىشماقتا. باغدات خەلىپەم ئۇلارغا شەپقەت قىلماقتا. ئۇلارغا تېگىشمەك — گۇناھكار بولماق دېمەكتۇر...

— ئۇلار باغدات خەلىپەم نامىدىن ھەممە يەردە قان تۆكسە مەيلىمۇ؟ — دېدى بارسبەگ، — قان تۆكۈش، كىشىلەرنى بوزەك قىلىش، يۇرتنى خاراب قىلىش يوللۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرماق يولسىزلىق ئىكەن-دە؟

— ئۆز ئېلىنىڭ ياغىسىنى قوللاش پەسكەشلىك، — دېدى خانىش ئايدىڭ غەزەپلىنىپ، — ياغى قىلىچىنى بويىنۇڭغا تىرەپ تۇرسا، سەن ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تۇرساڭ؟! ياق، جانابىي ئولىچىلار، بۇنداق

قىلماق ئۆز ئېلىگە گۇناھ قىلماق دېگەن سۆز، ئۇنداقتا بىزنىڭ خاندانلىقىمىز، دۆلىتىمىز نېمىگە كېرەك؟ بىز ياغىنىڭ ئەلنى تالاپ، ئۇلۇسنى قىرىپ، قان ئاققۇزۇشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرالمايمىز، — خان ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ قويدى. خاننىش بارغانسېرى غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بىز ئەلنى، ئۇلۇسنى جان تىكىپ قوغدىغۇچىلاردىن بولماقىمىز كېرەك...

— كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ خاننىش، — دېدى بەگ بىلگە ئورنىدىن قوپۇپ، — مەن ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، مەن...

— سىز، سىلەر شۇنداق دېمەكچى جانابىي بەگ بىلگە، — دېدى خان سالماقلىق بىلەن كىنايىلىك ئاھاڭدا، — بۇ ئەلگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا يول قويغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدە مۇنداق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ يوشۇرۇن قەست قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. دۆلەت قارۇغچىسىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى شۇنىڭ بىرسى ئەمەسمۇ؟ چەت ئايغاقچىسىنىڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئون بەش يىلدىن ئارتۇق يوشۇرۇنۇپ يۈرەلىشى، بىزگە بىرمۇنچە سىرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېردۇ، — باشقىلار يەر ئاستىدىن ئاۋۇ ئولچىلارغا قاراپ قويۇشتى، ئۇلار ئوڭايسىزلىنىپ قەيەرگە قاراشلىرىنى بىلەلمەي قېلىشتى، خان ئۇلارغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — "ئوت بىلەن ئويناشماسلىق"، "ياتقان يىلانغا تەگمەسلىك" دەپ دوق قىلىشلار بىزنى ھېچ قورقۇتالمايدۇ. ئوت سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئوتاشماق بولغاندا، قولۇڭنىڭ كۆيگىنىگە قارىماي ئۇنىڭ بىلەن "ئويناشماق" كېرەك. بولمىسا، ئۆيۈڭ كۆيۈپ كۈل بولىدۇ، سەنمۇ خاراب بولىسەن. ياتقان يىلانغا تەگمەي، ئۇنى ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ.

ئۇنىڭدا زەھەر بار. بىز زەھەرنى يوقاتمىقىمىز، ئۇنى ئۆچۈرمىكىمىز كېرەك...

خاننىڭ شايە سەللە بېسىپ تۇرغان قوشۇمىسى بارغانسېرى تۈرۈلدى، كالتە قارا ساقىلى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى، ئۇ يەرگە قاراپ، ئازراق توختىۋالدى، — دىن توغرۇلۇق گەپ-سۆزلەر بولدى. بىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى كەڭ تاراتماققا ئىرىشتىمىز. ئىسلام دىنى بىزنىڭ دۆلەت دىنىمىز، بۇنىڭدا ئېغىشمايمىز. بىراق، باشقا دىندىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشتە ئادەم ئۆلتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئۆتكەن بىرمەزگىلدە گايى جايلاردا بۇنداق ئىشلارمۇ بولدى. ئۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلغاندا ئوبدان ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، ھەرقانچە زورلىغاندىمۇ قان ئاققۇزماسلىق كېرەك. قازى-ئەلەم، خەلپەت-ئىماملارنىڭ ئىسلام دىنىنى باي بولۇۋېلىشنىڭ، تەييارتاپلىقنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىپ بايلار بىلەن بىرلىشىپ كىشىلەرنى تالاشلىرىغا بولمايدۇ. باغداد خەلىپىسى، ئىسلام شەيخى دېگەن كىشىلەرنى مەن كۆرگىنىم يوق. ئەگەر ئۇلار باياتىنىڭ پەرزى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە قايچى ئىش قىل دېسە بىز ئۇنىڭغا قوشۇلمايمىز. دىنىي مەدرىسلەرنى ئېچىش كېرەك، لېكىن بۇ مەدرىسلەردە باشقا بىلىملەرنىمۇ ئوقۇتۇش، ئەلنى ئويغاتماق ۋە ئاقارتماق كېرەك. ئالۋاڭ-ياساق ئالماي بولمايدۇ. بىراق "ئالىمچى ئارسلان، بېرىمچى سىچقان" بولماسلىق كېرەك. نامراتلار "سىچقان" بولۇپ قالمىسۇن. ئالۋاڭ-ياساق كېلىشكەن ئۆلچەم بويىچە بولسۇن. كىم قانچىلىك بېرىشكە تېگىشلىك بولسا شۇنچىلىك بەرسىلا ھېچكىم "سىچقان" بولۇپ قالمايدۇ، بۆرى يەنە بۆرى پېتى

تۇرىدۇ. بىز تاشقى يېغىنغا قارشى تەييارلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن
خەزىنىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەل ئىچىدە ۋە سىرتىدا
ئالىم-ساتىمنى ئۇلغايتىش كېرەك. كۈنپېتىش ۋە كۈنچىقىش
تەرەپلەردىكى ئەللەر بىلەن كۆپرەك ئالىم-ساتىم قىلماق كېرەك.

خان ئازراق توختاپ كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن داۋام قىلدى:

— چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇقنى كۈچەيتىش كېرەك. بىزنىڭ دەي-
دىغىنىمىز ئەلنىڭ ئامانلىقى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن، بىزگە دوست
بولغۇچىلارغا بىز دوست، بىزگە ياغى بولغۇچىلارغا بىزمۇ ياغى.
بۈگۈنكى كېڭەشىمىز تۈگىدى.

خان، خانىش ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئورۇنلىرى-
دىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

* * *

سۇتۇق بۇغراخان مېھمانخانىدا ئىلىك ھاجىپ ۋە بارسبەگ
بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، ئەركىن تاشقىرىدىن كىرىپ:

— ئۇلار كېلىشتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— كىرسۇن، — دېدى خان.

ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىلدى. ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار
كىرىپ كەلدى.

— بۇ كىشى چىن خاقانىنىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن سودا
ۋەكىلى، — تونۇشتۇردى بارسبەگ ئۇزۇن چاساقال، ئېگىز بوي-
لۇق بىر ئەمەلدارنى كۆرسىتىپ، ئۇ سۇڭ خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى-
دەك ئۇزۇن ياقىسىز تون كىيگەنىدى. بېشىدا ئىككى
تەرىپىدە لىڭشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلىق قالپىقى بار ئىدى. ئۇ
ئاۋال يۇمشاق گىلەمگە تىزلىنىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ۋە كەڭ

يېگىننىڭ ئوك تەرىپىدىن سۇك خاقانىنىڭ مەنسەپكە تەيىنلىگەنلىك دەستىكىنى چىقاردى، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىمىنى ئىلداملىتىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆرە تۇرغان سۇتۇق بۇغراخانغا يەنە تازىم قىلدى.

— ئۇلۇغ سۇك خاندانلىقىنىڭ ۋەكىلىنى قارشى ئالىمىز، — دېدى خان ۋەكىلنىڭ تازىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ خاقانى ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ بىزنى قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن بەك خۇشال بىز، — دېدى ۋەكىل ئىككىلىنىپ، كېيىن ئارقىسىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش كىيىم كىيگەن، تازىم قىلىپ تۇرغان، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشىنى تونۇشتۇردى، — بۇ كىشى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئەللەر بىلەن سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ ئېگىلىپ خانغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

خان ھاجىپ بىلەن ئوردۇ ئاغىسىنى ۋە چىن دۆلىتىگە بارىدىغان ئەلچى ئەركىنبەگنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ۋەكىل جانابلىرى بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدىكەن، — دېدى خان كۈلۈپ.

— ئاز-ماز يامىدايمەن، — دېدى ۋەكىل خۇش بولۇپ، — بېشبالىقتا ئون يىلدىن ئارتۇق تۇرغانىدىم. قايتقىلى ئۈچ يىل بولغان، يەنە سىزنىڭ دۆلىتىڭىزگە كېلىشكە بۇيرۇق ئالغاندا، بەك خۇشال بولدۇم. يولغا چىقىش ئالدىدا سۇك خاندانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانى



بۇغراخان ئالىيلىرىغا سالام ئېيتىشىمنى تاپشۇرغانىدى. بۇ سالامنى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن بەك خۇشالمەن.

— رەھمەت. مۇرتى كەلگەندە خاقانغا بىزدىن سالام ئېيتقايسىز.

— ئەلۋەتتە، سالاملىرىنى يەتكۈزىمەن.

سۇتۇق بۇغراخان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەلنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، تاشقى سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇردى، سامانىلارنىڭ دۈشمەنلىك غەرەزلىرى توغرىسىدىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتتى. ۋەكىل ئىككى دۆلەتنىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ دوستلۇق ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە بولىدىغانلىقىنى، غەربىي شىيا خانى سۈك بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى، ئەمدى، ئۈزۈلۈپ قالغان بۇرۇنقى ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسان بولغانلىقىنى سۆزلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆزئارا سودىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا سۆزلەر بولدى...

## بەشىنچى باب

# ئىپار گۈلنىڭ ئەسلىمىسى

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ ئايدىڭ كېچىسى. ئىلىك هاجىپنىڭ مېۋىلىك باغ هويلىسى، ئاي شولىسى شاپتۇل، ئالما چېچەكلىرىدىن ئۆتۈپ هويلىنى ئالا - بۇلا يورۇتقان. هويلىدا ئايلىنىپ يۈرگەن نەيزە - قالقانلىق قارۇغچى ئايغىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق. ھەممە ياق جىمجىت.

هويلىنىڭ كۈنپېتىش تۆرىگە يۆلەپ سېلىنغان چىرايلىق بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ پەنجىرىسى جەنۇب ياققا قارىغان بىر ئۆيدە قىلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە بېشىنى ياستۇققا سىڭايان قويۇپ ئىلىك هاجىپ شېرىن ئۇيقۇغا چۆكۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئاي دېسە ئاي، كۈن دېسە كۈن بىر گۈزەل يېتىپتۇ. توي بولغىنىغا بىر ھەپتە بولغان بۇ ياش كېلىن نېمىشقىدۇ ئۇخلىماپتۇ...

ئۇ يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان ئېرىگە زوق بىلەن بىر قاراپ قويدى - دە، ئېرىنىڭ مەيدىسىگە چۈشۈپ قالغان تاۋار يوتقاننى يۇقىرى تارتىپ قويدى. ئاندىن ئۆزىمۇ يوتقىنىنى يۇقىرىراق تارتىپ يەنە ياستۇققا يۆلەندى. لېكىن ئۇ ئۇخلىيالماي چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئارىلاپ بېشىنى قىشايتىپ هاجىپقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۆينى تولۇق يورۇتقان تولۇن ئاي نۇرى ئاپئاق ياستۇققا چۆككەن بۇ گۈزەلنىڭ جامالىدا سەيلە قىلاتتى،

ئۇنى ئەركىلەتتى، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن لەۋلىرىدىن، ئالمىدەك يۈزۈك، قىزىل مەڭزىدىن سۆيەتتى، ئۇنىڭ بارلىق سەركۈزەشتىلىرىگە گۇۋاھ بولغان ئاي ئۇنىڭ ئەركىلىكىنى، ئۇنىڭ تويىنى تەبرىكلەيتتى، ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەك تۇيغۇلىرىغا ھەمداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلەم قاشلىرى تېگىدە ئويناپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدە مەرۋايىتتەك پىلدىرلاپ ئەكس ئەتكەن ئاي نۇرى گوياكى بۇ ئويناق كۆزلەرنى قىزغانغاندەك پارقىرايتتى ۋە ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تەگمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىپ توختىماي نۇر چاچاتتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ مەيدىسىگە تاشلانغان ئۇزۇن جىلۋىلىك قارا چاچلىرىنى ئاي نۇرى گويا يەنە ئۇزارتقۇسى كەلگەندەك ياۋاش تاراپ سۆگۈپ ئۆتەتتى...

ياش كېلىن قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى قەيەرگىدۇر قاداپ ھامان خىيال قىلاتتى...قارشىسىدىكى ئىككى پەنجىرە ئارىلىقىدىكى تامدا ھەم ئېچىنىشلىق، ھەم كۆڭۈللۈك سۈرەتلەر خۇددى مىكنوۋي سۈرەتلىرىگە ئوخشاش ئۆتەتتى...

...ئەنە قۇللار بازىرى. چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال قۇللار ئارىسىدا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىگە يېپىلغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال يەتتە ياشلىق بىر قىز بالا بىلەن تۇرۇپتۇ. بالا ئايالنىڭ يىرتىق پېشىنى چىڭ تۇتۇۋالغان، ئۇ بازاردىكى ئالا كۆز، قامچىلىق كىشىلەردىن قورقۇپ، بارغانچە ئانىسىنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا قىسىلىدۇ. پېشانىسىگە چۈشكەن چاچلىرى ئارىسىدىن ئانىسىغا قاراپ قويىدۇ. ئۇ قامچىدىن بەك قورقىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك نەرسە يوق بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ قىزچاق. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئانىسىنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ دومبالىشىۋاتقاندا، ئانىسىنىڭ قانلىق پۇتلىرىغا

ئېلىپ قىقىراپ يىغلىغان. ئۇنىڭ يىغىسى بەگلەرنىڭ كۆڭلىگە تەگكەندە، قاتىلىق قامچىلار قىزچاقنىڭمۇ بېشىدا ئويناپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىمۇ تىلىۋەتكەن. ئانا قىزىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى قارىماي تۇرۇۋېپمۇ بىلىپ تۇراتتى. ئۇ "قورقما قىزىم" دېگەندەك قىلىپ قىزى-نىڭ بېشىنى سىلاپ قوياتتى. قىز دادىسىنى بىلمەيدۇ. ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادىسىمۇ بىر سېتىلغان قۇل ئىكەن. ئۇ قىزى تۇغۇلۇپ بىر ئاي ئۆتمەي بايىنىڭ بىر ئېشىكىنىڭ پۇتىنى "سۇندۇرۇپ قويغان"لىقى ئۈچۈن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. كېيىن ئانا ھەم ئاچلىق، ھەم تاياق ئازابىدا بالىسىنى قوينىدىن چۈشۈرمەي بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ، ئەمدى باي "بالىلىق قۇل، ئىشى ئاۋۇمايدۇ" دەپ مۇشۇ بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كەلگەنىكەن. بىرھازادىن كېيىن، بىر يوغان قورساق، بومبا ساقال ئادەم كېلىپ، ئانا-بالىنىڭ باش-ئايىغا سەپسېلىپ چۆگىلىدى. بۇ "ماللار" ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى بولغاي، ئۇ كۈلۈپ قويدى. "يارايدۇ، ئۇستىخانلىرى جايىدا، ئۆي خىزمىتىگە بولىدۇ، بالىسىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئىشقا يارايدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن يوغان قورساق "مال ئىگىسى"نى قىچقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سودىلاشتى. ئاخىرى يانچۇقىدىن بىر خالتا ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت چاڭگال مىس پۇلنى بىر-بىرلەپ چىقاردى. لېكىن پۇلنى بەرمىدى. ئۇلار باشلىشىپ، بازارنىڭ بىر چېتىدە ئالدىدىكى كىچىك پەس چاسا شىرەگە قەغەز، قومۇش قەلەم، دۇۋەت قويۇپ ئولتۇرغان بىر قېرى كوسا پۈتۈكچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. پۈتۈكچى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاتار قىلىپ خەت يازدى. ئاندىن خەتنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى:

"مەن بىردون قارا بۇقاغا بىر چىشى قۇلنى كىچىك قىزى بىلەن

ئەللىك تەڭگە ساتتىم. بۇ قۇل مىڭلىق يىل، تۈمەنلىك كۈن قارا بۇقانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئەگەر يارسا ئۇنى تۇتسۇن. يارسا باشقا كىشىگە سېتىپ ئەتسىمۇ بولىدۇ. بارماق باسقۇچىلار

بېردۇن، قارا بۇقا.

ئىت يىلى، سەككىزىنچى ئاينىڭ بەشى"

ساتقۇچى-ئالغۇچىلار رازى بولۇپ ئۆز ئىسىملىرى ئۈستىگە بارماق باستى. قارا بۇقا خەتنى قوينىغا سېلىپ، پۇلنى بېردۇنغا بەردى. كېيىن ئىككىلىسى پۈتۈكچىگە "قەلەم ھەققى" بېرىپ ئارقىلىرىغا بۇرالدى...

كېلىن ئۆلۈك قولىنى بېشى ئاستىدىن ئېلىپ مەيدىسىگە قويدى ۋە ئازراق قوزغىلىۋالدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، تامدا باشقا سۈرەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى...

كۈزنىڭ بىر كۈنى، قوناق ئورۇلۇپ، پاختا تېرىلىۋاتقان چاغ، قەيەردىدۇ چېلىنغان، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى گويا جاپاكەش نامراتلارنى جۇۋۇتۇپ، پۈتۈن يېزا ئاسمىنىدا يېيىلىپ ياڭرايدۇ. ھەممە ياق كۈز ئاپتىپىنىڭ ئىسسىق قوينىغا چۆم-گەن. ئوڭغۇل-دوڭغۇل تار ھارۋا يولىدا قورسىقى ئېگەرنىڭ قوش بېشىغا تېگىپ تۇرغان قارا بۇقا ئۇزۇن ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى ئۆلۈك يوتى-سىغا باغلىۋالغان ھالدا ئات ئۈستىدە مۈگدەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا قوللىرىدىن باغلانغان قۇل ئانا مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئانىسىنىڭ جۇل-جۇل ماتا كۆڭلىكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قىز قولچاق ئانىسىغا قاراپ قويۇپ سوكۇلداپ دېگۈدەك كېتىپ بارماقتا... بىراقتىراق — ئۆلۈك ياقتا بىر قوناق ئېگىزىدا بىر توپ كالا، ئېشەك، قويلار ئوتلاۋېتىپتۇ.

ئېرىقنىڭ چېتىدىكى دۆڭدە ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر پادىچى
بالا نەي چالماقتا. پۇتىغا نېرە چورۇق، ئۈستىگە تىتىلىپ كەتكەن
كۆڭلەك، ئەنلىرىنى چالا ياپقان تىزىدىن ئاشقان ئىشتان كىيگەن
بۇ بالىنىڭ قانچىلىك ئازاپ تارتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش تەس
ئەمەس. بەلكى، ئۇمۇ سېتىۋېلىنغان بالا قۇل-كۈڭ بولغىيدى؛
بەلكى دادىسى كالتەك ئاستىدا، ئانىسى ئاچلىقتا ئۆلگەندە، بىر
كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققۇزۇپ يىغلاپ قالغان بول-
غىيدى. ئۇ ئۆزى ياسىۋالغان قومۇش نەينى چالماقتا. كۆزلىرىدىن
تارام-تارام ياشلىرى تۆكۈلمەكتە. ئۇ ياشلار نۇرغۇن پاجىئەلىك
ۋەقەلەرنى، نۇرغۇن قانلىق كەچمىشلەرنى ۋە تۈگىمىگەن پىغانلارنى
سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ياشلار پاجىئە بۇلىقى بولغان تۈمەنلىگەن
جۈپ ھەسرەتلىك كۆزلەردىن ئاققان سانسىز ئىسسىق ياشلاردىن
گۇۋاھلىق بېرىدۇ...

پادىچى بالا نەي چالماقتا، كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقماقتا. نەي
ئۇنىڭ كونا دوستى، ئۇنىڭ مۇڭدىشى ھەم ئۇنىڭ سۇنۇق، زەخمە
كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان بىردىنبىر يارى. بۇنداق مۇڭ-زارلىق
نەي چېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم ئەمەس، كۆزلىرىدىن
ياش تۆكۈشىمۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەس، ئەلۋەتتە...

پادىچى بالا نەي چالغاچ يىراقلارغا قاراپ بىر ئاتلىق، بىر
پىيادە كىشىنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى غۇۋا كۆردى. ئۇ قوشۇمىلىرىنى
تۈرۈپ سىنچىلاپ قاراپ، ئاتلىق سېمىز ئادەمنىڭ باغلانغان بىر ئايالنى
يېتىلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى-دە، دىلى ئازابلاندى.
بولۇپمۇ، ئايالنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ دىككادەپ كېتىپ بارغان
قىزچاقنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى

ئەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ قىزدەك كەچمىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك ۋاقتىدا باغلانغان دادىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ئاشۇنداق سوكۇلدىغانىدى.

پادىچى بالا نەينى ئەۋجىگە ئالدۇردى. نەي مۇڭى يىراقلارغا تارالماقتا، بالىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقماقتا...

كېلىن ئۇ كۆڭۈلسىز ئۆتمۈشلىرىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى بولغاي، سول يېنىنى بېسىپ سىڭايان ياتتى. ئەمما، مېڭىسىنى چۇلغىۋالغان خىياللار ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرمىدى. بۈگۈنكى بەختلىك كۈنلىرىدە، ئۇ ئۆتكەن ئازابلىق كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟! ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇزۇن گۈللۈك پەنجىرە پەردىسىدە باشقىچە كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈشكە باشلىدى...

...قارا بۇقا باينىڭ يېرىم يوروق كونا بىر ئۆيى. قىز ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ئاق قوناق ئۇسۇلغان يېرىم تاغارنى يىقىتتى ۋە تاغارنىڭ بوغۇقلۇق ئۇچىدىن تۇتۇپ سۆرەشكە باشلىدى. كۈچى يەتمىسىمۇ تىنىپ-تىنىپ، پېشانە تەرلىرىنى سۈرتۈپ تاغارنى ئاخىر ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ياغۇنچاق بار سۇپىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. كېيىن تاغار-دىن غەلۋىرگە قوناق ئۇستى، ئۇنى ياغۇنچاقنىڭ يېنىغا قويدى، ئۆزىمۇ ئەپلەپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قوناقنى قىسقا ساپلىق ياغاچ كۈرە بىلەن ياغۇنچاقنىڭ بوغۇزىغا قويۇپ، ئۇنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. چوڭ كىشى ئايلاندۇرىدىغان ياغۇنچاقتا قىزنىڭ قولىمۇ يەتمەيتتى، كۈچىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن ئىلاجى قانچە؟ ئۇ يوغان، ئېغىر خام خىش ئەكىلىپ تىزىپ شۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ سوزۇلۇپ، كۈچىنىپ بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ياغۇنچاقنىڭ

سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى كۈچەپ ئاران ئايلاندۇراتتى، ئايلاندۇرا-ئايلاندۇرا چېپىلداپ يەرگە چۆمدى...

مانا ئەمدى ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەن، ئۇستىخانلىرى چوڭىيىپ، قاش-كۆزلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان قىز ياغۇنچاق ئايلاندۇرماقتا. ئۇنىڭ قارا كۆز، قوشۇما قاشلىق گۈزەل ھۆسنى جۇلدۇر كىيىم، چاڭگا چاچلار ئىچىدە ئۇماقلىقتا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياغۇنچاقنى ئايلاندۇرۇشى ئاۋالقىدىن يەڭگىلرەك بولسىمۇ، يەنىلا پېشانىلىرىدىن تەر قۇرۇمايتتى. ئۇ قەيەرگىدۇ قاراپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر ئويلايتتى: قانداق قىلىش كېرەك؟ دادام ئانامغا ئوخشاش ئۆلۈپ بېرىش كېرەكمۇ ياكى ھاياتلىق ئىزدەش كېرەكمۇ؟ جەبىر-جاپا، تاياق، كالتەك، تىل-ھاقارەت...ئاھ! قانداق قىلىش كېرەك؟"
ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى يەنە خىيالىغا چۈشتى... ئەنە ئۇن ياشلىق قىز پۇتلىرىدىن ئاققان قانلارغا قارىماي مال باقماقتا.. ئەنە ئۇن ئىككى ياشتىن تارتىپ قۇچاق-قۇچاق كىرلەرنى يۇماقتا... ئۇ ئۇن تۆت ياش ۋاقتىدا تاغار يۈدۈپ ھارۋىدىكى ئاشلىقنى ئۆيگە توشۇماقتا...ئۇن بەش ياشلىرىدا كىچىككىنە قاراڭغۇ "ئۆي" دە قۇرۇق ئوت ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلىماقتا.... توخۇ قىچقاردى، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، سەكرەپ قوپۇپ چىقىپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، ياغاچ سوغا بىلەن سۇ توشۇپ چوڭ-چوڭ ئىدىشلارنى تولدۇرماقتا...ئەنە ئۇ بېقىپ كەلگەن ماللىرىنى قوتانغا سولاپ، ئانىسىدىن ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ كىرسە، چىرايلىرى سارغىيىپ ھالى كەتكەن ئانىسى يىرتىق پالاس ئۈستىدە ئىڭراپ يېتىپتۇ. ئۇ بالىستى قولى بىلەن شەرەتلەپ يېنىغا قىچقاردى ۋە ئاڭلانار-ئاڭلانماس ئاۋاز بىلەن "بىچارە قىزىم، يېتىم، پاناھسىز قالدىڭ..." دېدى ۋە قاتتىق يۆتىلىپ

چىقلا قان قۇستى، كېيىن قىزىنىڭ پېشانىلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىلاپ، ياشلىرىنى سۈرتتى... ئاندىن ئېنىسى، پۇت-قوللىرى بوشاپ، كۆز يۇمدى. قىز ئانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ زار-زار قاخشىدى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئاتباقار بوۋاي كىرىپ يەنە قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى... ئەنە، قىز ئەمدى تولا يۆلەنگەن غېرىپ قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى سىقىمداپ يىغلىماقتا. ئەنە، قىز ئانىسىنى يادلاپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپ ياتقان بىر كېچىسى، قارا بۇقىنىڭ بەتبەشرە ئوغلى كىرىپ كەلدى، ئۇ بۆرە قويغا خىرىس قىلىپ يۈگۈرگەندەك قىزغا ئېتىلدى. قىز ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشتى. بوۋاي قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىرىپ قىزنى قۇتقۇزدى، باسقۇنچىنى ئەيىبلەپ چىقىرىۋېتىپ، قىزنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قىز بوۋاينىڭ كەپىسىدە ياتىدىغان بولدى...

قىزنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئالدىدىكى تام گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈپ، قىزىل-ئالا بۇلۇتلار ئىچىدە ئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئانىسى پەيدا بولدى. قىز چۆچۈمىدى. لېكىن قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ ياغۇنچاقنى ئايلاندۇرۇشتىن توختاپ، قوللىرىنى ئانىسىغا سوزۇپ ياشلار تۆكتى، "ئانا جېنىم ئانا، مەن قانداق قىلىمەن؟" دېدى. "جېنىڭنى چەتكە ئال قىزىم، ئۆزەڭنى ئاسرا" دېدى ئانا ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىزى بىلەن خوشلىشىپ غايىب بولدى... قىزدا تۇيۇقسىزلا ئاجايىپ كۈچلۈك غەيرەت پەيدا بولدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ مۇشتلىرىنى تۈردى. "جېنىمنى چەتكە ئالىمەن، قاچىمەن، چېلىشىمەن!!!" دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ئەزەپ بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك

بولدى، چىشلىرى غۇچۇلداپ كەتتى. ئۇ بەدىنىدە قانداقتۇر بىر يەڭگىللىك ھېس قىلىپ ئورنىدىن دەس قوپتى. كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈلدى. ”قاچىمەن، بۇ ئۆنەكتىن ئۇزاق جايلارغا كېتىمەن!“ دېدى قىز، ئۇنىڭ مۇشتلىرى تېخىمۇ چىڭ تۈرۈلدى...

...ياش كېلىن خىيال دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى سۈرەتلەرنىڭ توختاپ قېلىشىدىن قورقاتتى. چۈنكى، ئۇ شېرىن خىياللىرىغا يېقىنلاشقانىدى. پەنجىرە پەردىسىدە سۈرەتلەر توختىمىدى، يېڭى سۈرەتلەر پەيدا بولدى...

...قىز يۈگۈرگىنىچە بوۋايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ئويغاتتى. ئۆزىنىڭ قېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ روھى مەدەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى، ”قىزىم، قاچ، غەيرىتىڭگە بارىكاللا“ دېدى بوۋاي ئانچە ئويلاپ تۇرمايلا. كېيىن ”قاچان قاچىسەن، نەگە بارىسەن؟“ دەپ سورىدى. ”مۇشۇ كېچە...ھازىرلا“ دەپ جاۋاب بەردى قىز كەسكىن. ”لېكىن قەيەرگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن“ دېدى ئۇ ناگولالىق بىلەن. ”ئاۋۇ پەس تاغنىڭ ئۇ ياقىدا مېنىڭ بىر نامرات بوۋاي دوستۇم بار. ئۇنى كىشىلەر ”ئەدگۈ بوۋا، دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ تاغ باغرىدا، بىر يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ تېرەك بار. سەن بېرىپ شۇنى تاپ، كېيىن سەن قانداق تىرىكچىلىك قىلىسەن، ئۇ ساڭا يول كۆرسىتىدۇ“ دېدى...

ئەنە، يېرىم ئايدىك جىمجىت كېچە، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بېشىنى يىرتىق ياغلىقى بىلەن چىڭ تېڭىۋالغان، جۇل-جۇل كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن بىر چىگە بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان قىز تاياق تايىنىپ، مۈدۈرۈپ-چوقۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ بىلىگىچە سۇ كېچىپ ئۆستەڭلەردىن ئۆتىدۇ، دۆڭگە چىقىدۇ،

بەسكە چۈشىدۇ. ئۇ يالاڭ ئاياغلىرىنىڭ تىلىنىپ قان ئاققىنىغا قارىماي غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئەنە، ئۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ، تەرگە چۆمۈپ كىچىك تاغ ئۈستىگە چىقتى، ئازراق دەم ئېلىپ تۆۋەنلىدى. قىز تاڭغا يېقىن ئاخىرى تېرەك ئالدىدىكى يالغۇز ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بىرھازادىن كېيىن بوۋاي ئىشىكنىڭ لوكىنى ئېچىپ چىقتى. ئۇ قىز بىلەن ئازراق سۆزلەشكەندىن كېيىن قىزنى ئۆيگە شەرەتلەپ ئىچكىرى ماڭدى، قىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.... تاغ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ نۇرى گويا قىزدىن ھال سورىغاندەك غېرىبانە يالغۇز ئۆينى قىزغۇچ قوينىغا ئالدى...

...ئوھ! قىز ئىسيان قىلدى، قاچتى، دوزاختىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپتى. گويا ئۇ بوۋاينىڭ ئىشىكىنىڭ بەختىيار بوسۇغىسىدىن ئىچكىرى كىردى. بىراق... قىز قاچتى، لېكىن قۇتۇلمىغانىدى...

...ئەنە بوۋاينىڭ ئۆيىدە قىز كونا يوتقانغا ئورۇنۇپ شېرىن ئۇخلىماقتا. ئەتىسى چۈشكە يېقىن بولغاندىمۇ ئۇ ئويغانمىدى. بىچارە كېچىچە ئازاپلىق يول يۈرۈپ ھارغان ئەمەسمۇ. ئاخشام بىر كېچىلا ئەمەس، ئۆمرىدە ئارامخۇدا ئۇيقۇ كۆرمىگەن قىزغۇ، ئۇخلىمامدىغان؟

بوۋاي ئەتىگەن قوپۇپ قىزنىڭ چىرايلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا چىقىپ، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ ئۆز ئىشىغا كەتكەنىدى. بىر ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ ۋارقىرىشىمۇ، ياكى ئىشەك ئۆرۈلدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر قورقۇنچلۇق ئاۋاز قىزنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئاران كۆزىنى ئېچىپ ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇراتتى، دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن ئىشىك تاراقلاپ ئىچكىرىسىگە ئۆرۈلۈپ ئىككى پارچە بولدى. بىرسى ئىشىكنى دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئېسىنى بىلەلمەي تۇرغان قىزنىڭ كۆزىگە ئات

پاقىغۇچى بوۋاي سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتىكى دېۋىگە ئوخشاش بىرنەرسە كىرىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. قىز ئورنىدا ئولتۇرۇپ يوتقاننى بېلىگىچە ئوراپ تىترەيتتى، ئاغزىچە ئۇ دولىسىغا تەگكەن قامچا زەربىسىدىن چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ تولغىنىپ دەس قوپتى، ئەمدى ئۇ ئالدىدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تومشۇقىنى ئۆمەللەپ، قويغا ئېتىلغىلى تۇرغان بۆرىدەك ھومىيىپ تۇرغان مەخلۇقنىڭ — زومىگەر قارا بوقىنىڭ ئوغلى "ئالا بوقا" (كىشىلەر ئۇنىڭغا شۇنداق نام قويغان) ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆردى.

— ھە، قېچىپ قۇتۇلىمەن دېدىڭمۇ پەس دېدەك؟ — دېدى ئالا بوقا قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ قىزغا يېقىنلىشىپ، — قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ؟

ئۇ ۋارقىراپ قامچا بىلەن قىزنىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. قىز بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇلغان قامچىدىن يۈز-بېشىنى قوللىرى بىلەن توسىدى. كېيىن قامچىنى يۆگەپ تۇتتى ۋە "ئەمدى مەن سەندىن قورقمايمەن، ئادەم يەيدىغان بۆرە، ئېشەك ئەمەسمەن" دېدى. قىز قامچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ قاتتىق تارتتى. ئاشۇنداق غەزەپ بىلەن چاپسان ھەرىكەت قىلغانىدىكى، قامچىنىڭ قانداقچە قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئالا بوقىنىڭ بىلىكىدىكى قامچا سېپىنىڭ تاسمىسى ئۈزۈلگەنىدى. ئۇ ئارقىسىغا دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. قىزنىڭ قىياپىتىدىن راستلا قورقۇنچ كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر قولىدا قامچا، كۈچىنى توپلاپ دۈشمىنى بىلەن ئېلىشىشقا تەييار تۇراتتى. ئالا بوقا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىگە قىز قامچا بىلەن ئۇنى تازا سالدى... لېكىن ئالا بوقا قىزنى يىقىتتى، ئۈستىگە مىنىۋېلىپ قىزنىڭ يۈز-كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. قىزنىڭ

ئاغزى-بۇرنىدىن قان ئاقتى. قىز يېنىدا تۇرغان بىر يېرىندى ئۇنىۋنى ئاستا ئالدى ۋە ئالا بۇقىنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ سالدى. ئالا بۇقا "ۋاي" دېگىنىچە قان ئېقىۋاتقان پېشانىسىنى تۇتتى. قىز ئۇنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، ئىشىك تەرەپكە قاچتى... لېكىن، قىز قاچالمىدى، ئالا بۇقا ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىدىن تۇتۇ-ۋالدى. قىز بېشىنى ئارقىسىغا ئېگىپ داجىدى. ئالا بۇقا ئۇنى ئۆرۈپ دۈم يىقىتتى ۋە قويىنىدىكى كەندىر تانا بىلەن قىزنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىۋالدى...

ئەمدى باشقا كۆرۈنۈش: ئالا بۇقا ئاتتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. قوللىرى باغلانغان قىز ئالدىدا، ئۇنىڭ كەينىدە تاغدىن ھالقىپ يوتىغا چۈشكەندە، ئاخشام بۇ يەردىن قانداق ماڭغانلىقى قىزنىڭ ئېسىگە كەلدى. كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن ئون بىر يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردە قوللىرى ئارقىسىغا باغلاقلىق ئانىسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ سوكۇلداپ كېتىپ بارغان كىچىكلىكى كەلدى. ئۇنىڭ غەزىپى تاشتى. "يەنە شۇ ئازابلار، ئانام بىچارە...، — دېدى ئىچىدە، — ماڭمايمەن، ھېرىپ كەتتىم" دەپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇندىن كېيىن ئالا بۇقا قىزنىڭ قوللىرىنى ئالدىغا قىلىپ باغلاپ، ئۆزى ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇنچە ئاتنى چاپتۇردى. قىز ئازراق يۈگۈرۈپ باقتى... كېيىن يىقىلدى. ئۇ سۆرۈلۈپ-ئۇرۇلۇپ بىرپەس ئۆتكەن-دىن كېيىن ئېسىنى بىلمەي قالدى... ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ھاجىپنىڭ قارۇغچىسى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئىش قىزنىڭ يادىدىن زادى چىقمايتتى. ئۇ ئۆزى كۆرمىگەن شۇ ۋەقەنى يەنە ئويلىدى...

...ئەنە، پەنجىرە پەردىسىدىكى سۈرەتتە تاغ باغرىدا كېلىۋاتقان

ئىككى ئاتلىق كىشى پەيدا بولدى. ئالدىدىكى قېلىن ساقال-بۇرۇتلۇق، چاقناق كېيىنىپ، بېلىگە خەنجەر ئېسىۋالغان كىشى قامچىسىنى ئوينىتىپ، تورۇق ئېتىنى يورغىلىتىپ ئىلگىرىلىمەكتە. قىلىچلىق بىر قارۇغچى يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار تار يولدىن توپا توزۇتۇپ يېزىغا يېقىنلاشقاندا، ئالدىدىكى ئاتلىق يىراقتا يان يولدا بىر ئاتلىق ئادەم بىرنېمىسىنى سۆرۈتۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى ۋە ئارقىسىدىن ئەمدى يېتىپ كەلگەن قارۇغچىدىن سورىدى:

— قارا، ئاۋۇ ئادەم بىرنەرسىنى ئاتقا سۆرۈتۈپ كېتىپ بارىدۇ، ئۇ نېمىدۇ؟ كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، ھاجىپ، كۆردۈم. ياغاچقا ئوخشامدۇ قانداق؟

— ياق، ياغاچقا ئوخشىمايدۇ. بېرىپ كۆرۈپ باقايلى!

ئۇلار شۇ ياققا ئات چاپتۇرۇشتى... بارغانچە روشەن كۆرۈندىكى، ئاتلىق ئادەم بىر ئايال كىشىنى سۆرۈتۈپ كېتىپ بېرىپتۇ. ھاجىپ ئېتىغا يانا قامچا ئۇرۇپ يېقىنلاشتى، سۆرەلگەن ئادەم باغلانغان ئاغامچىنى بويلاپ چاپتى. كېيىن، بېلىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئاغامچىنى كېسىپ تاشلىدى...

— سەن ئۇنى باغلا! — دېدى ھاجىپ قارۇغچىغا چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئارقىسىغا بۇرالغان ئالا بۇقىنى كۆرسىتىپ ۋە ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ سۆرەلگەن ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېگىشتى ۋە سوزۇلۇپ دۈم ياتقان ئادەمنى ئوڭدا قىلدى. ئۇ كۆردىكى، كىيىملىرى يىرتىلغان تىزلىرى، قورساقلىرى ۋە يۈزى تىلىنىپ قانغا مىلەنگەن بىر قىز. ئۇ قىزنى مىدىرلىتىپ باقتى، كۆز ئاچمىدى. دەرھال تومۇرىنى تۇتقانىدى، ئۆلمىگەنلىكى بىلىندى. ھاجىپ ئۆلۈم

ھالسىزدىكى بۇ بىچارە قىزغا قاراپ قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، مۇشتلىرى تۈگۈلەتتى، كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى.

— مانا ئۇنى باغلىدىم ھاجىپ، — دېدى قارۇغچى قولى ئارقىسىغا، پۇتلىرى ئۈزەڭگە بىلەن قوشۇپ ئاتنىڭ قورسىقىدىن ئۆتكۈزۈپ باغلانغان ئات ئۈستىدىكى ئالا بۇقىنى كۆرسىتىپ.

ھاجىپ غەزەپلەنگىنى بويىچە ئورنىدىن قوپتى، نەشتەردەك نەيزىسىنى ئات ئۈستىدە تىترەپ ئولتۇرغان ئالا بۇقىغا تىقتى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ مەخلۇقنى خەنجىرى بىلەن پارە-پارە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى، ئۇ ئېتىغا مىندى.

— ماۋۇ چاپانغا قىزنى ئورا، — دېدى قارۇغچىغا ئۈستىدىكى يەكتىكىنى يېشىپ تاشلاپ بېرىپ، — ئاستا، ئاۋايلا، ھە، بولدى، ئەكەل، مېنىڭ ئالدىمغا.

ھاجىپ بىھوش جاننى ئېتى ئالدىغا ئالدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىۋىدى. قارۇغچى ئېتىغا مىنىپ ئالا بۇقىنى ئېتى بىلەن يېتىلەپ ماڭدى...

قىز خىيالىدىن نەتىجە چىقارغاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يەڭگىللىدى ۋە چىرايى ئېچىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى تۈگىمىگەنىدى. ئۇ كېيىنكى يىللاردىكى بەختلىك كۈنلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟! ئۇ ھاجىپنىڭ ئاي شولىسىدا پارقىراپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىككى مەڭزىگە زوق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. ئۇ يەنە خىيال قىلاتتى...

...ئۇ پەنجىرىدىن يۈزىگە چۈشكەن كۈن نۇرىدا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئاچتى. ئۆينىڭ تورۇسىغا ۋە ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ

كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. پاكىز، ئىككى پەنجىرىسى كۆزنەكچىسىغا قاراپ تۇرغان چىرايلىق بىر ئۆي، ئۇ. ئۈستىگە بىر قىزىل-ئالا گۈللۈك يوتقان يېپىنغان ھالدا كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ. "قىزىق ئىش، ئۇخلۇم-مۇ، چۈشۈممۇ؟ مېنى ئالا بۇقا ئاتقا سۆرۈتۈپ ئەكېتىپ باراتتىغۇ؟! بۇ ئۆيگە قانداقچە كېلىپ قالدىم؟ غەلىتە گەپ؟!" قىز ئۇيقۇسىغا قېنىپتۇ، ئەلۋەتتە قانىدۇ. پۈتۈن بىر تۈن ۋە يېرىم كۈن ئۇخلىغان-لىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئۇ ئويلا-ئويلا قاچاندۇ بىرسى كىيىملىرىنى يىرتىپ تېنىسىگە سوغۇق بىرنەرسىنى سۈرتكەندە، ۋۇجۇدى قاتتىق ئاغرىپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلدىدى. پېشانىسىنى تۇتسا، بېشى، يۈزى قېتىش ئاق لاتا بىلەن چىڭ ئوراپ قويۇلغانىكەن. ئۇ ئاستا يوتقانىنى ئاچقانىدى، ئۈستىگە ئالدى ئېتەك ئۇزۇن بىر ئاق كۆڭلەك كىيدۈرۈلۈپ قاپتۇ، كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، مەيدە، قورساقلىرى، پۇت-پاقالچەكلىرىنىڭ بىرقانچە جايلىرىمۇ شۇنداق ئاق لاتىلار بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىشلارنى مېڭىسىگە سىغدۇرالماي ئوڭدىسىغا يېتىپ، تورۇسقا قاراپ قاتتىق ئويلىدى. ئۇ ھەتتا ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنىمۇ سەزمىدى...

"ۋاي قىزىم، ئويغىنىپسەنغۇ" دېگەن ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئىشىك ياققا قاراپ، يېنىغا كۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر ئايالنى كۆردى. ئۇ قورقۇپ پۇتلىرىنى يىغىپ ئازراق قورۇندى. لېكىن، ئايالنىڭ كۈلۈمسىرىگەن مېھرىلىك چىرايى ئۇنى تىنچلاندۇ-راتتى. ئۇ نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھەيرانلىق بىلەن ئايالغا قاراپ قالدى.

— ياخشى ئۇخلىدىڭمۇ، قىزىم؟ — دېدى ئايال بىر ئورۇندۇقنى

كارىۋات يېنىغا قويۇپ، — ھە، كۆزلىرىڭ جايىغا كېلىپ قاپتۇ. ئوبدان ئۇخلىدىڭ. مەن تۈن بويى بىرنەچچە قېتىم كىرىپ قارىدىم. شۇنداق قاتتىق جۆيلۈدۈڭكى، قارا باستى بولغاي، گايىدا، ۋارقىراپ يىغلاپمۇ كەتتىڭ. گايىدا، ئىنجىقلاپمۇ قويسەن. ئىنقلىپ ئوبدان ئۇخلىدىڭ. ئەتىگەندىن بېرى قىمىر قىلمىدىڭ. قېنى، يۇقىرىراق كۆتۈرۈلۈپ يۆلەن. ھە، ھە، يەنە ئازىراق، ھە، بولدى. ئەنلىرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ھە، ئاغرىيدۇ، ئەلۋەتتە، — ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قىينىلىۋاتقان قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى، — ئاخشامقى ھالىڭنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، يېرىم ئۆلۈك جان ئىدىڭ.

قىز ئۈنچىقارماي ھەيرانلىق بىلەن ئايالنىڭ سىياقىغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ئايال ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئىسسىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بېشىنى سىلاپ تۇرغان ئانىسىنىڭ مېھرىبان قىياپىتى ئۆتۈپ كەتتى. ئايال مېھرىبانىكەن. لېكىن، ئۇ قانداقمۇ ئانىسىغا ئوخشىسۇن؟ ئانا دېگەن، ئانا-دە؟ ئەمما، قىز ئۆمرىدە ئاتىباقار بوۋايدىن باشقا ئۆزىگە بۇنداق مېھرىبانلىق قىلغان يەنە بىر كىشىنى ئۇچراتمىغانىدى. "ياخشى كىشى ئىكەن. دۇنيادا مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن-ھە! ئەمما، بۇ ئايال نېمىشقا بۇنداق سىلىقلىق قىلىدۇ؟ باشقا بىر گەپ بولمى-سۇن، يەنە؟!" قىز قولىدا سۇ ۋە لۆڭگە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايالغا قاراپ ئازراق داجىدى. ئايال ئۇنى سەزمەي، سۆز قىلغاچ كېلىۋەردى.

— ئەمدى يۈز-كۆزلىرىڭنى تازىلاش كېرەك. قورسىقىڭمۇ تازا ئاچتى تايىنلىق. قېنى، قوللىرىڭنى ئەكەل قىزىم.

ئايال قىزنىڭ قوللىرىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، تازىلىدى.

ئۇ سۆزلەپلا تۇراتتى:

— ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن ئىش بۇ؟ قارا، لۆڭگىنىڭ قاپقارا بولۇپ كەتكىنىنى، — ئۇ لۆڭگىنى يۆيۈپ قىزنىڭ يۈزىنى تازىلاشقا كىرىشتى، — ئەمدى يۈزۈڭنى... ئاھ بىچارە، يۈزۈڭنىڭ تازىلايدىغان يېرىمۇ ئازلا قاپتۇ، ھە، كېرەك يوق، مانا، ھە، تازىلاندى، قارا قىزىم قاش-كۆزلىرىڭنى، ئەخلەتتىن چىققان ئالتۇندەك بولۇپ قالدىڭ...

ئايال قىزنىڭ تېگىلمەي قالغان يېرىم پېشانىسى بىلەن قاش-كۆزىنى ۋە يېرىم-يېرىم ئىككى مەڭزى بىلەن ئېغىز-بۇرنىنى ئاۋايلاپ، قايتا-قايتا سۈرتۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، قان ئارىلاش لايلار يوقىلىپ، قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدىكى قوي كۆزلىرى، ئاپئاققىنا يېرىم مەڭزى، قاڭشارلىق بۇرنى، مىدىرلىماي تۇرغان سۈزۈككىنە لەۋلىرى راستىنلا، ئەخلەتتىن چىققان ئالتۇندەك پارقىراپ ئېچىلىپ چىقتى...

— ئانا، مەن هېچ نەرسىنى چۈشەنمەيمەن، — دېدى قىز ئانىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — ئېيتىڭا، مەن قەيەردە، سىز كىم بولىسىز؟!

— سەنمۇ، قىزىمسەن...

ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ پۇت ئۇچى بىلەن دەسسەپ قارۇغچى كىرىپ كەلدى. قىز ئۇنى كۆرۈپ، تېنى ئەيمىنگەندەك بولدى.

— ھە، كەلدىڭلارمۇ، كەل، قارا، قىزىمىز ئويغاندى. راستىنى ئېيتقاندا تىرىلدى. قىزىم، مانا بۇ، سېنى قۇتقۇزغان كىشىنىڭ بىرسى، ھاجىپ ئاكاڭنىڭ قارۇغچىسى. كەل بالام، بۇ قىزغا سەن ھەممىنى سۆزلەپ بەر، مەن تاماق تەييارلاپ كىرەي، قىزىم، سەن ھوشسىز ياتقاندا، نېمىلەر بولغانلىقىنى مۇشۇ ئاكاڭ سۆزلەپ

بېرىدۇ...

ئايال چىقىپ كەتتى، قارىغۇچى ئورنىدۇقتا ئولتۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ قىزغا قارىدى. ئۇ، يوقىرىدا ئېيتىلغان تۇنۇگۈن بولغان ئىشنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى...

قىز ھاياجان ئىچىدە قارىغۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھاجىپقا، قارىغۇچىغا، مېھرىبان ئانىغا ئىچ-ئىچىدىن قايناپ تۇرغان مىننەتدار-لىقنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيتتى...

"ئويغاندىمۇ؟" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاڭغىچە كېلىشكەن، قويۇق قارا ساقال-بۇرۇتلۇق، قىز تونۇمايدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

— ئويغاندى، — دېدى قارىغۇچى ئورنىدىن قوپۇپ ئورۇندۇقنى كارىۋاتقا يېقىنراق سۈرۈپ، — سىزنى قۇتقۇزغان ھاجىپ دېگەن ئاكىمىز...

قىز دەس قوپۇپ ھاجىپنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلىپ رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇ قوزغالدى، لېكىن، تەنلىرى ئاغرىپ، چىشىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە ئارقىسىغا يۆلەندى. ھاجىپ قىزنى تىنچىتتى:

— قوزغالماڭ سىڭلىم، سىزگە ھازىر تېخى قوزغىلىشقا بولمايدۇ.

— رەھمەت سىزگە، ھاجىپ ئاكا، — قىزنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سۈڭگۈپ چىقىپ مەڭزىدىن دومىلىغان ياش تامچىلىرى زادىلا توختىمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى، سۈزۈك لەۋلىرى كۈلۈمسىرەيتتى...

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق سىڭلىم، بىز سىزدەك تۇمەنمىڭ-لىغان دېدەك-كېنىزەكلەرنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىدۇق. بىزنىڭ جاۋابكار-

لىقىمىز بار... ياخشى دەم ئېلىڭ، ئەمدى سىزنى ھېچكىم بىردىن ئارتتۇرۇپ ئەپچىقىپ كېتەلمەيدۇ...

قىز كۈلەتتى، خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلەتتى. ئۇ ھاجىپنىڭ سەمىمىي، ئالىيجاناب سۆزلىرىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيتتى.

ئانا بىر پەتنۇستا بىر چۆگۈن چاي، بىر ھېجىر قايماق، بىر قاتلىما نان كۆتۈرۈپ كىردى.

— بولدى ئەمدى، قىزىمنى ھاردۇرۇپ قويماڭلار، قالغان گەپلەرنى ئالدىرىماي سۆزلىشىۋالىمىز. قېنى چىقىڭلار، مەن قىزىمغا تاماق بېرەي...

— بولىدۇ، چىقىمىز، مانا بۇ كىشى مېنىڭ ھامماچام بولىدۇ. سىزمۇ "ھامماچا" دېسىڭىز بولىدۇ. ھە، راستلا سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمىدى؟

— مېنىڭ ئېتىم يوق. ئانام "بالام" دەيتتى. قولدارلار "دېدەك" دەيدۇ...

— ھە، ھە، ئېتىڭىز يوق ئىكەن-دە؟ — ئويلىدى ھاجىپ، — ئىپارگۈل دەپ ئات قويساق قانداق؟

— ۋاي، ئەجەب ياخشى ئات بولدى بۇ، — ھامماچا كۈلدى.

— خوش، ئىپارگۈل! — ھاجىپ قارۇغچى بىلەن چىقىپ كەتتى. ھامماچا ئىپارگۈلگە ئاۋايلاپ تاماق يېگۈزۈشكە باشلىدى...

* * *

ئىپارگۈل خىيالىنى ئۈزۈپ ئۆرۈلگىنىچە ئوڭدا ياتتى، چىرايىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ مۇگدەۋاتقانلىقىنى سەزدى. سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىنىڭ مەيدىسىگە قولىنى قويۇپ، زوق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ياتتى. كىرپىكلىرى

ئۆلىنىپ-ئۆلىنىپ، كېيىن ئۇخلاپ كەتتى...

ئىپارگۈل ئۆلۈك ھاجىپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىنكى بەختلىك كۈنلىرىنى ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن ئەسلەيتتى. بۈگۈن جىق خىيال قىلىپ ھاردى بولغاي، ئۇيقۇسى كۈچلۈك كەلدى...

ئىپارگۈل ئۈچ ئاي دېگەندە يارىسى ساقىيىپ ئورنىدىن قوپتى. ھاماچا ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈپ باقتى. ھاجىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چىقىش ئالدىدا بىر قېتىم، ئاخشىمى ئىشتىن قايتقاندا بىر قېتىم كىرىپ ھال سورايتتى ۋە خەت ئۆگىنەتتى. گايىدا يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتابلاردىن قىزىقارلىق ھېكايە-قوشاقلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئىپارگۈلنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆزى ئېچىلىشقا باشلىدى، يېڭى-يېڭى ئىشلارنى بىلدى، خەتنى تونۇپ، ھاجىپ ئېيتىپ بەرگەن جۈملىلەرنى ئاستا يازالايدىغان ۋە ھەجىلەپ ئوقۇيالايدىغان بولدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىككىلىسى خۇش بولۇپ كۈلۈشەتتى...

ئىپارگۈل ساقىيىپ ئورنىدىن قوپقاندىن كېيىن ھاماچا ئۇنى يۇيۇپ تاراپ كىيىندۈردى. كېيىن ئۇ ئىپارگۈلنىڭ ئۆمرىدە تارغاق-سۈزگۈچ كۆرمىگەن چاچلىرىنى ئاۋايلاپ يېشىپ تارىدى، بىلىگە چۈشكەن قارا چاچلار قىزنىڭ جامالىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ قىزغا خىناي تاۋاردىن تىكىلگەن كۆڭلەكنى، گۈللۈك قىزىل بۆكنى، كۈللۈك پوپۇچنى كىيگۈزدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس شۇنداق بىر ساھىبجامال پەيدا بولدىكى، ھاماچا ھەيران قېلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى. ئۇ بۇنداق گۈزەللىنى كۆرمىگەن، پەقەت چۆچەكلەردىكى پەرىلەرنى شۇنداق ئۆز دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ كەينىگە چېكىنىپ قىزنى بىر

ئايلىنىپ چىقتى ۋە:
— ئۇھ، قىزىم، پەرىسىنى گۈزەل دەيدىكەن، ئۇمۇ سەنچىلىك گۈزەل بولماس، — ئۇ شىرەدىكى كىچىك كۆزگۈنى ئېلىپ ئىپارگۈلگە بەردى، — مانا، ئۆزەڭنى كۆرۈپ باق، ئىپارگۈل. قارا بۇ ئېتىكنى ئاكاڭ ئۆزەڭگە تازا لايىق قىلىپ قويۇپتۇ. ئەمدى ئەخلەتتىن چىققان گۆھەر بولدۇڭ.

ئىپارگۈلمۇ ئۆزىنى كۆزگۈدىن كۆرۈپ "ئۇھ" دەپ دېمىنى ئىچىگە تارتتى، ئۆزىگە ئىشەنمەي كۆزگۈدە ئۇ ياق-بۇ ياقنى قاراپ:
— ۋاي ھامماچا، بۇ مەنمۇ؟ ياق، ياق، ئىشەنمەيمەن. بۇ بەك گۈزەل، بەك گۈزەل قىز. بۇ قانداقمۇ مەن بولاي؟! — ئۇ كۆزگۈنى ئايلاندۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۆزى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، يوقاپ كەتمىگىيدى دەپ قورققاندەك، دەرھال كۆزگۈنى ئۆرىدى، يەنە ئۆزىنى كۆرۈپ خۇش بولدى، — ياق، ھامماچا، بۇ قانداقمۇ مەن بولاي؟!

ئۇ راستىنلا ئۆزىنىڭ كۆزگۈ ئەكسىنى تونۇيالمايتتى. ئۇ كۆزگۈ دېگەن نەرسىنى كۆرمىگەن. يۈز-كۆزلىرىنى باغلاقلىق ۋاقتىدا ھامماچا بىر كۈنى كۆزگۈدە كۆرسەتكەندە چۆچۈپ كەتكەنىدى. بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ كۆرۈنگىنىنى ئۇ چۈشەنمىگەنىدى. كېيىن-كېيىن ھامماچىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن بىلىپ قالدى. لېكىن، ھېلىقى كۈنى كۆزگۈدە كۆرگەن ئۆزى بۈگۈنكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ يەنە سىنچىلاپ قاراپ، قاش-كۆزلىرىنىڭ، كالپۇك-چىشلىرىنىڭ ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئازراق ئىشەنگەندەك بولدى.
"ھە...مەن بىلمىگەن ئىشلار جىققا ئوخشايدۇ" دېدى ئۇ ئىچىدە.
— بۇ سەن قىزىم، كۆزگۈدە كۆرۈنگەن خۇددى مېنىڭ ئالدىمدا

تۇرغان ئىپارگۇلنىڭ ئۆزى. كۆردۇڭمۇ قىزىم، سەندەك سانسىز غۇنچىلار زالىملارنىڭ زۇلمىدا ئېچىلماي قۇرۇپ كەتكەن.

قىز شۇ تاپتا ئۆز ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ خۇشاللىقىنى ئانىسى بىلەن شېرىك قىلماق بولدى، لېكىن، ئىلاجى يوق، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى ئانىسىدەك بېشىنى سىلىغان، ئانىسى قىلالمايدىغان چارىلەر بىلەن ئۇنى ساقلايتقان ھامماچىسى تۇراتتى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە ھامماچىنى قۇچاقلىدى:

— جېنىم ھامماچا، ئانام بولسا قانچىلىك بولاتتى، سىز مېنىڭ ئانام، قەدىردان ئانامسىز...

ئۇنىڭ ياشلىرى تۆكۈلەتتى، ھامماچىمۇ كۆز يېشى قىلدى.

— شۇنداق قىزىم، مەن سېنىڭ ئاناڭ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دېدى ئۇ.

* * *

شۇنداق قىلىپ ئىپارگۇل بۇ ئائىلىنىڭ راست ئىپارگۇلى بولۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھاجىپ ئۇنى قىزلار ئوقۇلىغا بەردى. ئۇ شۇنداق تىرىشىپ ئوقۇدىكى، ئۆزىنى مەنسىتمىگەن گايى سۆلەتلىك قىزلاردىن ئۆتۈپ كەتتى...

ئىلگىرىكى ئوغۇل-قىزلار بىللە ئوقۇيدىغان ئوقۇل كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئىككىگە ئايرىلىپ كەتكەنىدى. قىزلار ئوقۇلى چوڭ مەدرىسىدە ئەمەس، باشقا بىر باغلىق ھويلىدا ئىدى. بۇ ئوقۇلغا قۇندۇز باشچىلىق قىلاتتى. ھاجىپ، ئايدىڭ، يۇلتۇزلار دەرس بېرەتتى. بىلگە تېكىن گايىدا كېلىپ ئايدىڭغا ياردەملىشىپ تارىختىن سۆزلەپ بېرەتتى. بەگ بىلگە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ دىنىي دەرس بەرگەنىدى، كېيىن

بەزى قىزلارنىڭ نارازىلىقى ۋە زاڭلىق قىلىشىدىن قېچىپ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئاخىرقى كەلگىنىدە "...ئاياللار پېرىم ئادەم، ئۇلار ئەرلەر بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان..." دەپ سۆزلىگەندە قىزلار ئۇنى تازا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكەنىدى.

ئېلىك ھاجىپنى بولسا قىز ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات دەرسىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى بەزى قائىدىلىرىگە قارىتا ئېيتىدىغان سۆزلىرى قىزلارنى قىزىقتۇراتتى.

— دىنىي كۆز قاراشلار ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن ئوقۇلمىزنى ئىككىگە ئايرىۋەتتى، — دېدى ئۇ، ئوقۇل بۆلۈنگەندىن كېيىن، — مۇشۇسى ياخشى بولىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى بىلىملىك ئايال ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ ھەدىس شەرىپلىرىنىڭ چىنلىقى ياكى ساختىلىقىنى ئايرىشتا كېيىنكى كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغانىدى. شۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ، مەيلى قانداق سەۋەب ياكى قايسى مۇددىئادا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سەۋەب ۋە مۇددىئالارنى دەمەشقلىقلەر بىلەن كۇفىلىقلارنىڭ قانداق شەرھلىشىدىن قەتئىينەزەر تۆگە ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى. بۇنىڭغا قاتناشقانلىقىنى ئېيتىشتىكى سەۋەب شۇكى ئاياللارمۇ، يەنە كېلىپ رەسۇلۇللانىڭ خوتۇنى بولغان ئايالمۇ تالانى تەرك قىلمىغان. ئۇ قاتناشقان ئۇرۇشلارمۇ شۇ بىر قېتىم ئەمەس... بىزنىڭ خوتۇن، قىزلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم.

ئېلىك ھاجىپنىڭ بۇنداق سۆزلىرى ئوقۇغۇچى قىزلارغا ياقاتتى. تۆۋەندە دىن ئۆگىنىدىغان گاھى قىزلارغا ياقمىسىمۇ، ئۇلار گەپ

قىلالمايتتى.

ئىپارگۈل ئوقۇۋادا ئىككى يىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئوتتىسىگە ئۆيىدە ئاكىسىدىن ئۆگىنىپ خېلى نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. ئۇ، ئانا-ئانىسىنىڭ ۋە سانسىز قۇللارنىڭ بېشىغا دوزاخ ئازابىدا ئۆلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنىڭ، سانسىز كۆز-دىدەكلەرنىڭ ئېچىلماي قۇرۇپ كېتىپ بارغانلىقىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى ئاز-تولا چۈشەندى. ئەمدى ئۇ ئاشۇ بىچارىلەرنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدى. كېيىنكى ۋاقىت-لاردىن بىرى، ئۇ ئاكىسى بىلەن بۇ توغرىدا جىقراق پاراڭلىشىدىغان بولدى. ئۇ ئوقۇغان دەرسلەر ئىچىدە، ھاجىپ بېرىدىغان ئەدەبىيات دەرسىگە جىقراق قىزىقاتتى. ھاجىپ ئۇنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئەدەبى-ياتنى جىقراق ئۆگىتەتتى. قىز، ئاستا-ئاستا شېئىر-بېيىتلەر يازىدىغان، يازغان نەرسىلىرىنى ناخشىلارغا قوشۇپ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىپارگۈلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان قانداقتۇر يېڭى كەيپىيات پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، نېمىنىدۇ ئارزۇ قىلاتتى، كىمنىدۇ كۆرگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ قانداقتۇر غەلىتە ئويغۇلار بىلەن شېئىر يازغۇسى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئۇ، شۇنداقمۇ قىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەت بېسىلمايتتى، ئۆتىقلى بولمايدىغان، بىلگىلى بولمايدىغان سىر غەيرىي نەرسە ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك ۋە ئۇنى ئىدىقلىغاندەك قىلاتتى. بىر جۈپ ئۆتكۈر قارا كۆز ئۇيالدۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلگەندەك قىلاتتى. "ئاھ! نېمىدېگەن ئۆتكۈر كۆزلەر بۇ؟! ھەم دەھشەت، ھەم يېقىملىق. ئۇنى ئۇچراتمىغان ياخشى..."

مۇشۇنداق ئويلار بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئارقا باغ

ياقىنكى بېشايۋاندا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ھاجىپقا، ئۇ سورىغان كىتابنى ئېلىپ چىقىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ قارا كۆز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ تېنى "جۇغغىدە" قىلىپ كەتتى. قىز قېتىپ قالغاندەك قىمىرلىماي تۇرۇپ قالدى. ھاجىپمۇ قادىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئىككىلىسى دۇنيانى ئۇنتۇغان، ئىككى جۈپ كۆز گويا بىر-بىرىگە ئوت يالقۇن-لىرىنى چاچاتتى، ئەركىلىتەتتى، كۈلەتتى، سۆزلىشەتتى. چاقناپ تۇرغان بۇ نۇرلار ئىچىدىكى ئاۋازسىز سۆزلىششلەر بىلەن بۇ كۆزلەر بىر-بىرىگە يۈرەك سىرلىرىنىڭ مەنىسىنى ئېچىپ بېرەتتى. بىر-بىرىگە رىشتە تارتاتتى. "ئاھ! بۇ كۆز نېمىدېگەن كۈچلۈك پارقى-رايدۇ، ھېلىقى غايىب كۆز مۇشۇ بولمىسۇن، يەنە"

ئىپارگۈلنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى ۋە ئېسىگە كېلىپ كۆزلى-رىنى يۇلۇۋالدى-دە، بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئارقىسىغا يېرىم بۇرۇلۇپ، كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ھاجىپنى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرەپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قىزارغان يۈزى كۈلەتتى، چىچىلما، لېكىن ئەركىلەتكۈچ خىياللار ئۇنى چىرمىۋالدى. ھېلىقى بىر جۈپ كۆز ئايلىنىپ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇدۇلىدا توختايتتى، يەنە كېتىپ قالاتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى...

ئىلىك ھاجىپ قىز كىرىپ كەتكەن ئىشىككە بىرپەس قاراپ تۇردى-دە، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى ۋە بىر ئايلىنىپ ئورنىغا ئولتۇردى، ئۇنىڭدىمۇ چىچىلما خىيال، كۆز ئالدىدا بىر جۈپ كۈل-گۈنچەك شۇمار كۆز... "قىزىق! ئەجەب بىر ئىش بولدى بۇ! مەن

نېمە قىلدىم؟ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويدۇممۇ؟ قوللىرىمىز ھەمىشە تۇتىشىدىغان، بۇنداق ئەھۋال بولمايتتىغۇ؟!" ئۇ، ئۇزاق ئويلىدى، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھەر خىل ھېكايىلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى... "ھە، سۆيگۈ دېگەن مۇشۇ ئىكەن-دە!" دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

ئىلىكنىڭ يېشى ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ بويتاق ئىدى. دادىسى سوتۇقنىڭ دادىسى بازېرخانىنىڭ چېرىك ئەمەلدارى ئىدى. ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قالدى. بالاساغۇندا تول ئانىسىنىڭ قولىدا ئۆستى. ئۇ ئالتە ياشتىلا مەكتەپكە كىردى، ئېگىز چاپسان ئۆسۈپ باردى. ئون ئىككى يېشىدىلا زېرەكلىكى بىلەن بالىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ دوستى باتۇرتاغىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئوردۇكەنتكە كېلىپ سوتۇق، ئارسلانلار بىلەن بىرەر يىل ئوقۇدى. سوتۇق ئۇنى ياخشى كۆرۈپ دوست قىلىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ، بالاساغۇندىكى ئوقۇلنىڭ ئوردۇكەنت ئوقۇلىغا قارىغاندا ئارتۇقلۇقىنى بىلدى. ئانىسىنىمۇ سېغىندى. شۇڭا بىلەن سوتۇققا قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ قايتىپ كەتتى. بالاساغۇندا بەش يىلدىن ئارتۇق ئوقۇدى. بۇ كۈنلەردە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ھاممىسىنىڭ قولىدا قالدى. ئۇ ئوقۇپ ئوبدان يېتىشتى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى، تەلەپلىرى ئوقۇل دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتتى بولغاي، ئاخىرى ئوقۇل ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇنىڭ دۇنياغا قارىشىدا، كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە قارىشىدا، ئادەملەرنىڭ تەڭلىكى ۋە ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىدا يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولدى. بۇ مەسىلىلەرگە ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب

بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر مەزگىل ئارىستوتېلغا چوقۇندى. ئۇنىڭغا قايىل بولدى، ئەمما بەزى مەسىلىلەرگە ئارىستوتېلدىنمۇ تولۇق جاۋاب ئالالمىدى. فارابى ئۇنى خېلى قايىل قىلدى، ئۇنىڭغا مۇخلىس بولدى. ئەمما، ئۇ فارابىمۇ تاپالماي كەتكەن دۇنيا سىرىنى ئېچىشقا نىيەت باغلىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيلىنىش، ئائىلە، ھەتتا خىزمەت دېگەن نەرسىلەرنى ئويلىمايتتى. شۇنداقتىمۇ سۇتتۇقنىڭ قايتا-قايتا تەلىپى بىلەن ھاممىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇ رەت قىلالماي ئوردۇغا ھاجىپمۇ بولدى. ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ئۆيلىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بۇ "ئەجەب ئىش" بولمىدى، تەبىئىي ئىش بولدى. سۆيۈنچ ئاخىرى ئۇنى يەڭدى، ئۇنىڭ سۆيۈنچ ئالدىدا تەسلىم بولماي ئىلاجى يوق ئىدى. بىر جۈپ ئەركىلەتكۈچ قوي كۆز ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇنداق ئەپلەپ چاڭگىلىغا ئالدىكى، قېنى ئۇنىڭ قوللىرىدىن، ياق، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چىرمىشىۋالغان رىشتىلىرىدىن قۇتۇلالىسۇنچۇ!؟ "ئاھ! سۆيۈنچ، شۇنداقمۇ كۈچلۈك نەرسىمىدۇ؟" دېدى ئۇ ئىچىدە ۋە تەسلىم بولغانلىقىغا قايىل بولدى. "قايىل بولماي ئىلاجىڭىز قانچە؟" دېگەن بىر شوخ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاقلىرى يېنىدا جاراڭلىدى، ھېلىقى ئەركە كۆزلەر يەنە "لاپ" قىلىپ چاقناپ ئۆتۈپ كەتتى...

كۈزنىڭ بىر يېقىملىق كۈنى. ھاجىپ ئىشتىن قايتىپ ئىپارگۈلنىڭ يانىغا كىرىپ چىقتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا "ئىپارگۈل باغدا، بالام" دېدى ھاممىسى. ھاجىپ بىلەن ئىپارگۈلنىڭ بىر-بىرىنى ئىزدىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئەمدى ھاممىسىغا سىر ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئىزدىشىشلەرنى كۆرگەندە ھامماچا خۇش بولاتتى.

ھاجىپ باغقا چىقىپ، پېشايۋاندىلا ئىپارگۈلنىڭ يېنىك ئاۋاز

بىلەن ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلىدى. قارىسا باشاق ئوتتۇرىسىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىپارگۈل يىراقلىقتىكى دەرەخلەرگە قاراپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. دەرەخ ئارىسىدا قۇشلار خۇددى ئىپارگۈلگە تەڭكەش بولغاندەك سايراۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھاجىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا مېڭىپ كېلىپ توختىدى ۋە ناخشىنى ئاڭلىدى:

سايرىسا ساندۇۋاچ سەھەردە،
گۈل كۈلۈپ بەردى جاۋاب.
جىلۋە قىپ ئاچتى جامالىن،
ئاتتى كۆز نازلىق قاراپ.

كىم بىلۇر بىلگەنمىدۇ ئۇ،
غۇنچە گۈلنىڭ زارىنى.
بىلمىسە گۈلگە ئۇۋال،
قاخشاتمىغاي دىلدارىنى.

كۆز يېشى، شەبنەم دېمەڭ
نۇر چاقنىغان گۈل بەرگىدە.
تامچىلار مىڭ تامچىلار،
گۈل-غۇنچىلار، يوق ئەركىدە.

ھاجىپ يېقىنراق كېلىپ شۇ ئاھاڭدا ناخشا بىلەن ئىپارگۈلنىڭ ناخشىسىغا جاۋاب بەردى:

ساندۇۋاچ تەلمۈردى كۆتتى،
تا تاڭغىچە گۈلگە قاراپ.

سايرىدى خەندان تۇرۇپ،
گۇل-غۇنچىدىن ئالغاچ جاۋاب،

ساندۇلاچىدىن ئۆزگە بىلمەس
گۇل-چىمەنىنىڭ دادىنى.
سۆيۈنچ بولغاندا بىلۇر،
سۆگىنىڭ پەريادىنى.

چاقنىغان شەبنەمدە كۆردى،
ساندۇلاچ ئۆز ئەكسىنى.
سۆگۈ تۇمارىن ئېسىپ،
يېزەندى راسلاپ بەستىنى.

ھاجىپنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇيىلىپقىنا قويغان ئىپارگۇل كۈلۈمسىرەپ ھاجىپقا يېقىن كەلدى.

— غەزەلگە ئۇستا ئىكەنسىز، ھە، مەن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاپتىمەن. بىراق، سىز كىشىنىڭ غەزىلىنى يوشۇرۇن ئاڭلايدىكەنسىز.

— كىشىنىڭ غەزىلىنى ئەمەس، گۇلنىڭ دادىنى.

— ھە، گۇلنىڭ دادىنى ساندۇلاچتىن ئۆزگە بىلمەيدىكەن-دە؟

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. لېكىن...

— لېكىن، ساندۇلاچ گۇلنىڭ نۇر چاقنىغان بەرگىگە تېخى قونمىدى دېمەكچىمۇسىز؟

— ...

قىز قىزىرىپ ئاستى كالپۇكىنى چىشلەپ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى. ئۇلار باغدا قاراڭغۇ چۈشكۈچە شېرىن پاراڭلارنى سۆزلىشىپ

ئۆلتۈرۈشتى. ئەگەر ھامماچا تاماققا قىچقارمىسا قاچانغىچە ئولتۇراتتىكىن ـ تاڭ...

بۇ ئىككىيلەننىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالى، ئىشقىلىپ، ئوردۇ ئىشى، مەكتەپتە ئوقۇش، بىرى ئۇستاز، بىرى شاگىرت، بىرى "ئاكا"، بىرى "سىڭىل"، بىرى ساندۇلاچ، بىرى گۈل... بولۇپ داۋاملاشتى. ئادەملەرمۇ بارغانسېرى پىشىپ باردى، مۇھەببەتمۇ يېتىشىپ ئۆستى... ئاخىرى ئۇلار بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن تويىمۇ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ تويلىرى ئۇنتۇلماس، كۆڭۈللۈك بولدى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خانىش ئايدىڭ بىلەن ئۆز دوستلىرىنى باشلاپ بۇ تويغا كېلىشلىرىنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان. سۇتۇق دوستىنى ۋە كېلىنچەكنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىدى. ئايدىڭ ئىپارگۈلنىڭ بويىنغا پارقىراپ تۇرغان يېشىل مونچاقلىرى بار كۈمۈش تۇمار ئاستى. يۇلتۇز ئۇنىڭ بويىنغا قىزىل شايى رومال باغلاپ قويدى. ئىپارگۈل تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى.

ئۇلار توي قىلدى، مەقسەتلىرىگە يەتتى. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسەتلىرى ئەمەس ئىدى. ھاجىپ ئېيتقاندەك ئۇلار "باشقا ساندۇلاچلار بىلەن تەڭ سايرىشى، باشقا گۈللەر بىلەن تەڭ كۈلۈشى كېرەك" ئىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسەتلىرى ئىدى. ئۇلار بۇ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت نۇرغۇن جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلىشلىرى كېرەك. ئەمما، ئۇلار ئاشۇ "تەڭ سايراش"، "تەڭ كۈلۈش" مەقسىتىگە يېتەلەمدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرگۈچى تېخى يوق ئىدى....

* * *

بالاساغۇن ئىلىك خانلىقى تەۋەسىدە كۈتكەن يەردىن ۋەقە

چىقتى — تالاس يايلىقى ئايماق باشلىقى ئاغابى توپىلاڭ كۆتۈردى.

ئاغابى خانلار جەمەتىدىن بولغان باي چارۋىدار ئىدى. ئۇ سابىق خان ۋاقتىدا ئوردۇ ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، دائىم يۇقىرى ئۆرلەشكە ئۇرۇنۇپ يۈرەتتى. ئارسلان ئىلىك خان بولغاندىن كېيىن ئۇ ھەم ئەندىشە قىلدى ھەم نارازى بولدى. چۈنكى، ئارسلان ئىلىكنىڭ ئادىللىقى بىلەن ئۇنىڭ شەخسىي غەرىزى چىقىشالمايتتى. ئارسلان ئىلىك ئۇنىڭغا ئوردىدىن مەنسەپ بەرمىدى. ئاغابى قېيداپ يۈرۈپ ئىلىك ئۇنىڭغا ئوردىدىن مەنسەپ بەرمىدى. ئاغابى قېيداپ يۈرۈپ

ئاغابى يۇرتىغا بېرىپ "ئۆزى بەگ، ئۆزى خان" بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمران چومىقى قول ماڭچىلارنىڭ بېشىدا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر ئوينىغىلى تۇردى. ئۇ ئۆز تەۋەسىدە ئۆزاقىغا قالمايلا ئۆزىنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئاز-تولا نارازى بولىدىغانلارنى باستۇردى. كېيىنرەك ئايماقتىكى چېرىكباشىنىمۇ قوغلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىگەللىدى. مىڭلىق چېرىكنى خانلىققا مەلۇم قىلمايلا ئۈچ-تۆت مىڭغا يەتكۈزدى-دە، ئۆزىنى "تۇمەنباشى" دەپ جاكالىدى.

ئارسلان ئىلىك خان ئاغابىنىڭ ئەدەپ كېتىپ بارغان بۇ قىلمىشلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەرنى قىلىپ كۆردى. "بۇ ئىشلار توغرا ئەمەس" دېسە، ئۇ، "بۇ جاي مېنىڭ ئىلكىمدە، ئۆزلىرى باش قاتۇرمىسىلىمۇ بولىدۇ" دەپ رەت قىلدى. نەسىھەت ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى ئەۋەتسە "خانىڭغا ئېيت، مەنمۇ خان جەمەتى، قاچىسىنى شىلتىمىسۇن" دەپ تىللاپ قايتۇردى.

ئاغابې قوتراپ بېرىپ ئاخىرى قورالىلىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ ئاۋال ئۆز تەۋەسىدىكى خانلىق ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈردى، ياكى قوغلىۋەتتى. "ئارسلان خان بولالايدىكەنۇ، مەن نېمىشقا خان بولالمايدىكەنمەن؟ ئۇ تەختتىن چۈشسۇن" دەپ جار سالدى.

ئارسلان ئىلىكخان ئۇنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى، بىرنەچچە ئايلىق ئۇرۇشتىن كېيىن خان قوشۇنلىرى ئۇنى تالاس دەرياسىنىڭ ئۇ ياقىغىچە قوغلاپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ياۋاش بولۇپ ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئاغابې ئەمدى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. "يا ئەل بولۇش، يا بوش كەلمەي ئېلىشىش كېرەك. ئارسلاننىڭ چېرىكلىرى جىق، كۈچ يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ... ھە، كۆنۈپېتىشتىكى ئاكاملار يۆلەك بولماسمۇ؟!...، ھە، ھە، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ بېقىش كېرەك..." دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە مۇشۇ ئويلاردىن كېيىن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك قىلدى...

كۈز قۇياشىنىڭ قىيپاچ شولىسىدا پارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدىكى ياپىلاق تاش ئۈستىدە ئىككى كىشى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاغابې، ئۇ بېشىغا كەمچەت تۆپىلىك تىك تەلپەك كىيگەن، ساقال-بۇرۇتلىرىغا ئاق كىرگەن. قوپال گەۋدىسى بېسىپ تۇرغان قورسىقى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى — ۋېجىك. تاقىرباش، كوسا، شەيتان كۆز ئادەم. يىراقراقتا بىر يىگىت بىر كىچىك تاشتا ئولتۇرۇپ، ئوتلاۋاتقان ئۈچ ئېگەرلىك ئاتقا قارىغىنىچە قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا دىمىقىدا غىڭشىماقتا.

ئاغابې قولىدىكى قاتلاقلىق قامچا بىلەن ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا

ئۇرۇپ، قاپقىنى سىلىپ ئولتۇراتتى.

— ئاناڭ گۆرى سامانىلارنىڭ بىر يامان ئىللىتى بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەسلىھەتچىسىگە قاراپ، — بىزگە يۆلەك بولماقچى، بىراق شەرتى ئېغىر، شۇنداقمۇ؟

— ھازىر بىزگە ئۇلارنىڭ ياردىمى كېرەك، شەرتىنى بارا-بارا كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى مەسلىھەتچى ھەيران كۆزىنى ئوينىتىپ، — ئۇلار تۇزاق قويسا، بىز قاپقان قويمايمىزمۇ!

— ئارسلان خان تۇزاق-قاپقانلىرىڭنى قوشۇپ ئىرغىتىۋەتسىچۇ؟

— سامانىلارنى نوچا دەيدۇ، بالاساغۇندا توختاپ قالماستىن، تېخى، قەشقەرگىمۇ بارغۇدەك.

— ئۇ ۋاقىتتا بىز نەدە قالدۇق؟

— بالاساغۇن خانلىقىنى بېرىمىز، دېدىغۇ؟

— كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە دەۋېرىدۇ-دە... ھەي، سەن يەنە بىر بېرىپ كەلسەڭ. بىز ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بالاساغۇننى ئالغاندىن كېيىن سامانىلارغا نەۋە بولساقمۇ بولايلىيۇ، ئەمما ئۇلار چېرىك-لىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك.

— كېيىن كۆرمەيمىزمۇ؟

— ياق، گەپچە سامانىلارنىڭ پەيلى يامان، داۋاندىن ئۆتۈ-ۋېلىپ، سېنى ئېپىپ دۇملىتىۋېتىشى تۇرغان گەپ.

— مەيلى، يەنە بىر بېرىپ كېلەي. ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىگە تاماق، ئاتلىرىغا يەم-خەشەكنى بىز بېرىدىكەنمىز.

— بولىدۇ، دېگىن. لېكىن، تالاڭچىلىق قىلماسلىققا گەپ بەرسۇن...

ئىككىسى ئورنىدىن قوزغالدى، ئۇلار يىگىت ئەكەلگەن ئاتلارغا

سىنىپ، دەريانى بويلاپ كىگىز ئۆيلەر، مال-ۋارانلارنى ئارىلاپ ئۆۋەنلەپ كەتتى...

ئاغابى ئارسلان ئىلىكنىڭ قوشۇنىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن پاچە-قىغا پىت چۈشكەندى. خانلىقتا مۇشت ئىتىپ قويدى، ئاخىر چاناق بولغۇدەك. ئۆز كۈچۈك يەتمەيدۇ، يۆلەك تېپىش كېرەك. يۆلەك كىم بولاتتى؟ تاغ ئارقىسىدىكى دوستى-دە! گايى ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا "هەي، چاغلىشىپ ئىش قىلىلى" دېسە، ئۇ "نېمىدىن قورقىسەن، تاغ ئارقىسىدا دوستلىرىمىز بار" دېگەندى. مانا ئەمدى شۇ "دوست"نى ئىزدەش لازىم بولۇپ قالدى. دوستى بولسا "بىرەر تەتۈر شامال چىقىپ قالماسمىكىن" دەپ تاغ ئارقىسىدا ماراپ ياتاتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ بۇرنىغا يەپ قايتقانىدى. ئارسلان ئىلىكخانىنىڭ چېرىكلىرىنى بىرنېمە قىلغىلى بولاتتى، بىراق، ئۇنىڭ پۇقرالىرى يامان ئىكەن. ئىچىنى بۇزماي تۇرۇپ بالاساغۇن ئىلىكخانلىقىنى يوقىتىش تەسلىكىنى ئۇلار بىلىپ بولغانىدى. ئەتتەك، بىرەر كاتتىباشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولسىچۇ... ئۇلار ئۇ ياق-بۇ ياقنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئاخىر ئاغابىنى تاپتى. ئۇ ئارسلان ئىلىكخانغا قارشى ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئەس-يادى خان بولۇش ئىكەن. يەنە كېلىپ خان جەمەتىدىن بولغىنى ئوبدان بولدى-دە،... تالاسقا قاماق تاشلاپ بېقىش كېرەك... هە، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى. دەريا سۈيى بۇلغاندى. قاماقنى تاشلى-غىچە بېلىق ئۆزى سۈڭگۈپ كېلىپ قالدى، ئەجەب ياخشى بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاغابىغا يۆلەك كېرەك بولدى. سامانىلارغا بولسا بىر ئەپلىك چوماق كېرەك ئىدى. ئىش تازا جايىدىن چىقتى. ئاغابى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسىنى يۆلەك ئىزدەپ ئەۋەتتى. مەسلىھەتچى

ئاغاسىنىڭ ئاغ ئارقىسىدىكى دوستىنىڭ ئىككى قوللاپ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى. بۆلەك بولمامدىغان، دەرھال چېرىك ئەۋەتمەك بولدى. «ئاغابىي بىلەن تىلىكىمىز بىر» دېدى دوستى. بىراق ئۇ ياقىنىڭ شەرتى ھە دېگەندە ئاغابىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. دوستى «بالاساغۇن ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاغابىي خان بولىدۇ. بىرلا گەپ، بىزنىڭ كېيىمىزدىن چىقمىسا بولدى» دەپتۇ. بۇ گەپكە قارىغاندا ئاۋال خان قىلىپ، كېيىن جۆرۈۋەتمەكچىدى. قوي بېشىنىڭ بىر قۇلىقىنى ساڭا بېرىپ قويۇپ، قالغىنىنى ئۆزى سوقمىسىدى، دېگىنە؟ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ يېسە، يەنە مېڭىسىنى چېقىپ يېيىشىمۇ تۇرغان گەپ. ساڭا نېمە قالدى؟!

ئاغابىي مۇشۇنداق ئەندىشە بىلەن مەسلىھەتچىنى يەنە بىر قېتىم دوستىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. «چاتاق يوق، بىز ئاغابىنى خان تىكلەپ كېلىمىز. ئاغاخان دوستىمىز باشقىنى ئويلىمىسۇن...» دەپتۇ دوستى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇزۇك ئوخشايدۇ. «ئاغاخان» دەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ھېلىتىنلا «خان» دېگىنىنى قارىمامدىغان! بۇنىڭغا قارىغاندا راست چاتاق يوق ئوخشايدۇ...

مەسلىھەتچى ئۈچىنچى قېتىم بارغاندا سامانىنىڭ تۈمەنباشىسى ھەيدەرخاننى باشلاپ كەلدى. ئۇلار يوشۇرۇن سۆزلىشىپ كېلىشتى. ھەيدەرخان يەنە بىر ئايدىن كېيىن چېرىك باشلاپ كەلمەك بولدى.

كەچ كۈز، قىرو چۈشۈپ قالغان چاغ ئىدى. بىر كېچىسى ئاغابىي ئويۇقسىز دەريادىن ئۆتۈپ ئارسلان ئىلىكخان قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، ھۇجۇم شىددەتلىك بولدى. ھەيدەربەگنىڭ بىر تۈمەن چېرىك ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بۇ تەرەپ خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا باشتا ياغىسى خام چاغلىدى، كېيىن چېكىنىشكە توغرا كەلدى.

ئۇرۇشۇپ-چېكىنىپ، بىر تاغ باغرىدا ياغىنى توختاتتى، ئىز ئىزگىشىش جېڭى بولدى...

ياغى قانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئارسلان ئىلىگخان قوشۇنى قالغان بولۇپ ياغىنى ياندۇرۇپ تۇردى، ھۇجۇم قىلمىدى. جەڭ مۇشۇنداق بىرەر ئاي داۋام قىلدى...

بۇ مەزگىل ئىچىدە خانلىق ئۆز قوشۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئۇدۇل سەپكە يەنە بىر تۈمەن چېرىك قوشقاندىن باشقا، تالاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ئېقىنىدىن ئىككى تۈمەن چېرىكنى ئۆتكۈزۈپ، ياغىنىڭ ئارقىسىدىن ئورغاقسىمان توساق ياسىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەيدەرخان ئارقا سېپىدىن ئۈزۈلۈپ قالغاندى.

بىركۈنى سەھەردە خانلىق قوشۇن تاغ باغرىدىن ئەگمە سەپ بىلەن ياغىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ياغى بۇ ھەيۋەتلىك ھۇجۇمدىن ھودۇقۇپ قالدى-دە، ناھايىتى زور چىقىم بېرىپ چېكىندى، خانلىق قوشۇن ئۇلارنى دەريا بويىغا قىستاپ كەلدى. ئەمدى ياغى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋالسا پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكۈدەك ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. بىراق...

خانلىق قوشۇن ئۇرۇپ-يىقىتىپ ياغىنى دەرياغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. تالاس دەرياسىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى شۇ تاپتا نېپىز مۇز ئاستىدا كۆرۈنمەيتتى. مۇزنىڭ يۈزى كۈن نۇرىدا پارقىراپ ياتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيۇر-تۇيۇر كىرىپ كەلگەن چېرىكلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا دەريا يۈزى بۆلۈنۈپ پارقىراتمىسىنى يوقاتتى. كەڭ دەريانىڭ مۇزلۇق يۈزى ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. جاھاننى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ-جارقىراپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ ماڭغان ئاتلىق-پىيادە ئادەملەر، پۇتلىرىنى سۆرەپ كېتىپ بارغان

پارسدارلار... «مۇز كۆتۈرەلەرمۇ؟» دېگەن قورقۇنچلۇق سوئال بىلەن ئاياغ ئاستىدىكى تايغاق مۇزغا قاراپ قوياتتى.

خۇداغا شۈكۈر، ئارقىدىن ئۇرۇپ قوغلاش توختاپ قالدى. ئاۋۇ بالاساغۇنلۇقلار ئەجەب تاماشا كۆرگەندەك قارىشىپ تۇرۇشىدىغۇ؟! ئەپلەپ دەريادىن ئۆتىۋالسا جان ئامان قالار... ئەدىكىنى، جاننىڭ تېخىمۇ چوڭ دەھشەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟!

دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بىر توپ ئاتلىق ئۇ ياققا ئۆتۈپ دەريا لېۋىدىكى ئادەملەر بىلەن ئازراق ئېلىشىپ قويۇپلا سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. سامانىلارنىڭ تۈمەنباشى ھەيدەرخان بىر توپ چېرىكلىرى بىلەن ئاللىقاچان جېنىنى ئېلىپ قاچقانىدى. ئۇ ئۇز يېرىگە ئۆتۈپ كېتەلەرمۇ؟

ئالاس دەرياسىنىڭ كەڭ، ئۇزۇن مۇزلۇق قويىنىغا ئادەملەر تىقىلىشقا باشلىدى. ئالدىدىكىلەر دەريا لېۋىگە چىقالمايتتى. قىرغاقتا ئۇزۇن سەپ تارتىپ خانلىق قوشۇن توسۇپ تۇراتتى. ئاغابى قاپقان سۆرىگەن بۆرىدەك ھودۇقۇپ ئاران دەريانىڭ ئۇ قات يېقىسىغا بارغانىدى، قىرغاقتىكى خانلىق چېرىكلىرىنى كۆرۈپ ئىمانى ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ چېرىكلىرى ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئادەملەر ئارىسىدا دەھشەتلىك ۋارقىراشلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەمدى ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ يانالمايتتى. يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىش خەتەرلىك ئىدى. گايى كىشىلەر قوراللىرىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ دەريانىڭ ئىككى يېقىدا تۇرغان خانلىق قوشۇنغا تەسلىم بولۇشقا باشلىدى.

بىرھازادىن كېيىن قاتتىق قارسىلدىغان ئاۋاز بىلەن دەريا مۇزى ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. مۇز ئۈستىدە تۇرغان تۇرغۇن

چېرىكلەر سۇغا چۆكتى. مۇز چوڭ-كىچىك پارچە بولۇپ بۆلۈنۈ-ۋەردى، ئادەملەر چۆكۈۋەردى. مۇز پارچىلىرىغا ئېسىلىۋالغانلارمۇ بىللە چۆكەتتى. ئۇ قاتتىق بىغىنراقتا بىر توپ ئادەم ئاياغ ئاستىدىكى كەڭ تاختا مۇز بىلەن ۋارقىرىغانچە چۆكۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرسى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ سەت ۋارقىرىدى، ئۇ — ھەمىشە چۈشىدە خانلىق تاجىسىنى كۆرىدىغان ئاغابى ئىدى.

دەريانىڭ ئىچى-تېشى بىر قىيامەتكە ئايلاندى. كىشىلەر ۋارقى-رىغانچە پالاقلاپ سۇغا چۆكمەكتە، شەپقەتسىز سۇ ئۇلارنى مۇز ئاستىغا تارتىپ يۇتۇپ كەتمەكتە ئىدى. دەھشەت، بەك ئېغىر دەھشەت! قانداق قىلىش كېرەك! ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى يوق. سۇغا چۈشەك ئۈزەلمۇ تۈگەيسەن. بىرلا چارە قىرغاق يېنى-دىكىلەرنى تارتىۋېلىش كېرەك... خانلىق چېرىكلىرى ئاۋال تەسلىم بولغانلارنى تارتىۋېلىشتى. كېيىن، ئىشقىلىپ يېقىن كەلگەنلەرنى ئارغامچا تاشلاپ، نەيزە سۇنۇپ قۇتقۇزۇۋەردى. بىراق، ئۆلگىنى جىق، قۇتۇلغىنى ئاز بولدى...

شۇنداق قىلىپ، كەچلىكى كۆز قاراڭغۇلاشقاندا "تالاس جېڭى" ئاياغلاشتى. ئاغابىنى دەريا سۈيى مۇزلار ئاستىغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى...

ئۇنىڭ يۆلەك دوستى ھەيدەرخانچۇ؟ ئۇ بىر سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ قاچتى، قۇتۇلدۇم، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، قۇتۇلالـمىدى، باغى ئارقىسىغا مۆكتۈرۈلگەن ئىككىنچى سەپكە تۇتۇلدى. ئۇنىڭ قېچىشىنى كۆزلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان خانلىق قوشۇن-لىرى ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى پاك-پاكىز جايلىۋەتتى. ھەيدەرخان

قولغا چۈشتى...


شۇنداق قىلىپ ئالاس بايىلىقىدا ئاغابى قوزغىغان، تاغ ئارقىسىدىكى دۈشمەننىڭ قولىشى بىلەن قوتۇرغان توپىلاڭ تىنجىتىلدى.

بۇ بولسا، بالاساغۇن ئىلىكخانلىقىنىڭلا ئەمەس، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭمۇ بىر چوڭ ئۇتۇقى بولدى.



# بەشىنچى قىسىم

تارىخنى بىزگە كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك»،
ئەجدادلار سىڭدۈرگەن باھاسىز بىلىك.
ئېلىگە تەڭداشسىز قۇتلۇق خەزىنە ئۇ،
ئۆگەندى ئۇندىن ئەدەب ئارسلان ئىلىك.



# بىرىنچى باب

## دوستانە سەپەر

قاراخانىلار خاندانلىقى ئۇيغۇرۇش ھالقىسىنىڭ قارارى بويىچە، باشقا خانلىقلارغا بارىدىغان ۋەكىللەر يۇرۇپ كەتتى.

تۇكسىن ئارسلان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق ئاستانىسى بېشبالىققا قاراپ يولغا چىققىنىغا بۈگۈن بىر ئايدىن ئاشتى.

تاغنى بويلاپ ياپپېشىل گىلەمدەك ئۇزۇن سوزۇلغان ئوتلاقنى كۈزنىڭ ئاپتىپى قىزىتماقتا. ئوتلاقتا تىكىلگەن ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر چۆرىسىدە چېرىكچە كىيىنگەن كىشىلەر يېنىك قەدەم بىلەن ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ قاراۋۇللۇق قىلماقتا.

ئۇلار كىگىز ئۆيىنى ھۆرمەت بىلەن ئاسرىماقتا. ئۇزاق ئۆتمەي بىر چوڭ ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى كۆتۈرۈلۈپ، ئارسلانبەگ چىقتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا ھەۋەس بىلەن نەزەر سالدى. ئوڭ ياقتا ئاسمانغا تاقاشقان ئاقباش بوغدا چوققىسى پارقىرىماقتا. ئۇ گوياكى كۈلۈمسىرەپ، پامىر باغرىدىن كەلگەن قەدىرلىك مېھمانلارنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئارسلانبەگ ئۆينى بىر ئايلىنىپ كېلىپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، بوغدا چوققىسىغا يەنە سىنچىلاپ قارىدى، "نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك تاغ، — ئويلىدى ئارسلان، — خۇددى مۇزتاغ ئاتىنىڭ پالۋان ئوغلىغا ئوخشايدۇ. كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشتىكى ئىككى تاغ

چوققىسى بىر-بىرى بىلەن قوچاقلاشسا، ئېمىدىكەن ياخشى... يەنە كۈنلۈن، ئالتاي تاغلىرى... بار، بۇ تاغلار خۇددى بىر ئانىنىڭ قوشماق بالىلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ كارامەت تاغلارنىڭ كەڭ كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەزىم دەريالار — تارىم، يۇرۇڭقاش، ئىلى، ئېرتىش، ئالاس... يەنە سىر، ئامۇدەريالار بۇ ئەللەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرماقتا.

ئارسلان كۆكسىنى تولدۇرۇپ ساپ ھاۋادىن بىر نەپەس ئالدى ۋە سولغا بۇرۇلۇپ، سالماق قەدەم بىلەن ئۆيچان ماڭدى. ئۇ قارۇغچى چېرىكلەرنىڭ ھۆرمىتىگە باش ئېگىپ قويۇپ يىراقلارغا كۆز تىكىپ ئىلگىرى ماڭماقتا. ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان ئاتلار، يىراقتا بىر توپ كىگىز ئۆي چۆرىسىدە ئوتلاۋاتقان قوي ۋە كالىلار ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى... ئۇ ئالدىراپ مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان، بىرسى ئات توقۇسا، بىرسى ئاتقا نەرسىلەرنى غانجۇغىلاۋاتقان چېرىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ يۇقىرى ماڭدى، قارۇغباشى بىلەن بېشبالىقتىن كەلگەن ئەمەلدار كېلىپ سالاملاشتى.

— ناشتا قىلىۋالسىڭىز، — دېدى قارۇغباشى، — ئاندىن ئاتلانساق بولار.

— بېشبالىقتا يەنە قانچىلىك قالدى؟ — سورىدى ئارسلان.

— ئەتىلىككە يېتىپ بارىمىز، — جاۋاب بەردى بېشبالىقتىن كەلگەن ئەمەلدار، — سۇباشى بۆكەخان بۈگۈن ئالدىلىرىغا چىقماقچى.

ئۇلار كېلىپ ئاق چېدىرنىڭ ئالدىغا گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. داستىخانغا قاتلىما، توقاچ، بوغۇرساق، چەلپەك، قورۇتۇلغان پىششىق قايماق، ئېرىمچىك، قوي

گۆشى، پىششىق تۇخۇملار قويۇلغان. چىرىكچە چىرايلىق كىيىنگەن قارىمۇتۇق بالا چىرىك چۆگۈندىن سۇتلۇك چاي قويۇپ ئارسلانغا سۇندى…

چايدىن كېيىن ئارسلان يولداشلىرى بىلەن ئاتلىرىغا مىنىپ تاغ بويلاپ كۈنچىقىش ياققا يول ئالدى. چاڭ-توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى يىراقتىنلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياخشى ئارام ئالغان، تويغان ئاتلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ، تىزگىن سىرىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئارسلاننىڭ جىرەن ئېتى باشقا ئاتلارغا يول بەرمەي، بېشىنى يېنىك ئوينىتىپ، بۆرە مېڭىشىدا لەپىلدەپ ئىلگىرىلەيتتى…

كۈن قايرىلغاندا، ئۇلار بوغدا باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ دەم ئالدى. چىرىكلەر چۆپلۈككە كىگىز سېلىپ سوغۇق تاماق تەييارلىدى. ئارسلان ئۆستەڭنى بويلاپ يۇقىرى ماڭدى ۋە قايتىپ، ئۆستەڭ بويىغا سېلىنغان ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە، تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قاراپ ئولتۇردى. بوغدا سۈيىنىڭ شوخ سەكرەشلىرى، كىشىگە زوق بېرىدىغان "ناخشىلىرى" مۇزتاغ ئاتا دەريالىرىغا ئوخشايدىكەن، لېكىن بۇ سۇلار تېخىمۇ چوڭ "ناخشىچى"غا ئوخشامدۇ، نېمە؟ دەرد-ئەلەملىرى چوڭراقمىكىن-تاڭ؟! يامىر سۇلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭدىنمۇ چوڭغۇ! ھە، شۇنداق. گايىدا ئۇلار ھەيۋەت ئاۋاز بىلەن غارقىراپ، تاغلارنى غۇلىتىپ، تاشلارنى دومىلىتىپ، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تۈزلەڭلىكلەرگە ئېتىلغاندا، بۇ سۇلاردىن پەيدا بولغان غەزەپلىك دولقۇنلار دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ. مۇشۇنداق يۈزلىگەن سۇلار

قوشۇلۇپ ئۇلغايغاندا جاھاننى تىترەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ يەنە نېچە ئېلى بىلەن ئېرتىش دەرياسى. ئەلگە بەھرى بار، بابانلارغا قەھرى بار ئۇ ئەزىم دەريالارنى كۆرسىڭىز، ئىچ-ئىچىڭىزگە پاتماي خۇشال بولىسىز...

“شۇنداق، تاغلار داۋالغۇسا، دەريالار غەزەپكە كەلسە، مەن-مەن دېگەنلەرمۇ بەۋا كېلەلمەيدۇ” دېدى ئارسلان ئۆزىگە-ئۆزى. ئۇ، ئۈستەڭ سۈيى بىلەن مۇنداق ئوبدان مۇڭداشقانلىقىدىن خېلى رازى بولغانغا ئوخشايتتى. ئۇ يەنىلا سۇنىڭ شوخ “ناخشىلىرى”نى ئاڭلاپ، كۆپۈكلۈك سەكرەشلىرىگە قاراپ ئولتۇردى...

ئارسلان ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى ساپ ھاۋالىق ئۈستەڭ بويىدا بىرپەس دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە ئاتلاندى.

كەچ پېشىن ۋاقتى. تۇۋاقلىرى قىزىغان ئاتلار توپا توزۇتۇپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئەتراپقا دىققەت بىلەن كۆز تىكىپ كېتىپ بارغان قارۇغباشى ئۇڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، ئۆزەڭگىگە پۇتلىرىنى تىرەپ يىراققا قارىدى.

— بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قولىنى پېشانىسىدىن ئالماي تۇرۇپ.

ئارسلانمۇ، بېشبالىق ئەمەلدارىمۇ شۇنداق قاراشتى. راستىنلا يىراقراقتا بىر ئاتلىق بۇ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ چاپارمەن بولسا كېرەك، — دېدى ئەمەلدار، — ئالدىلىرىغا چىققان سۇباشى يېقىنلاپ قالغان ئوخشايدۇ.

چاپارمەن يېقىنلاشتى ۋە ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ چېرىكچە سالام بەردى. ئاتلىقلار توختىدى. چاپارمەن يېقىن كېلىپ ئەمەلدارغا دېدى:

— سۇباشى يېتىپ كەلدى!
— قەيەرگە كەلدى، ئارىلىقى قانچىلىك بار؟
— ئاز قالدى، ئۇلار بازاردىن چىققاندا، مەن بۇ ياقتا ئات سالغاندىم، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يىراقتىكى كۆتۈرۈلگەن چاڭنى كۆرسەتتى، — ئەنە كېلىشتى.
— قېنى. ماڭايلۇق ئارسلانبەگ، — دېدى ئەمەلدار!

ئۇلار ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىپ، پۇتلىرىنى دېۋىتتى...

ئارسلانلار كۆزلۈك زىرائەتلىرى يېغىلىۋاتقان، دەرەخ ياپراقلىرى سارغايغان يېزىلارنى بويلاپ بىردەم ماڭغاندىن، ئالدىدىن بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار يېقىن كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئارسلانلار تەرەپكە قاراپ كېلىشتى. چېرىكچە كىيىم كىيگەن، بېلىگە خەنجەر ئاسقان قارا ساقال-بۇرۇتلۇق، يوغان گەۋدىلىك بۆكە سۇباشى يوغان قەدەم بىلەن توپنىڭ ئالدىدا كېلەتتى. ئارسلانلارمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلار ياققا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى. ھەر ئىككى تەرەپ رۇبىرو توختاشتى. سۇباشى غۇلاچلىرىنى ئېچىپ كەلدى. ئارسلانمۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئىككىيلەن سەممىي قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنى تونۇشتۇرغىلى تەييارلانغان ئەمەلدار بىر چەتتە قېلىپ، تونۇشتۇرۇشمۇ ھاجەت بولماي قالدى. ئۇلار كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئەمەلدارلار كۆرۈشتى. سۇباشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بەك قىزغىن ئىدى. ئارسلان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. لېكىن، ئۇلاردىن، ئادەملەردىنلا ئەمەس، ئاتلاردىنمۇ ھارغىنلىق كۆرۈلۈپ تۇراتتى. مەنزىلگە يېتىپ كەلدى، بۇ خۇشاللىق ئەلۋەتتە. ئەمما قەشقەردىن چىققاندىن بېرى بىر ئايدىن ئارتۇق يول مېڭىش، يەنە كېلىپ، ئۇزاق-ئۇزاق چۆل-

جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈش ئېغىر سەپەر بولغانىدى.

— ئۇلۇغ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ چېرىك ئولچىسى ئارسلانبەگنى قارشى ئالىمىز! — دېدى سۇباشى ۋە ئىككى قەدەمچە كەينىگە يېنىپ قوللىرىنى جۈپتەكلەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئېلىگە كېلىپ قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشقانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشمەن. سىزنى ئاۋارە قىلدۇق، بۆكە خان سۇباشى، — دېدى ئارسلانمۇ ئاۋال مۇسۇلمانچە سالام بېرىپ ئاندىن بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ.

بۆكە سۇباشى ئارسلاننى ئاتلىنىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئاتلىنىپ يولنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار بولۇپ تۇرغان قارشى ئالغۇچى چېرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەندە، چېرىكلەر يالاڭ قىلىچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ "خۇش كەلدىڭىز!" دەپ تەڭ ۋارقىراشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئارسلاننىڭ قاراۋۇلچىلىرى، ئاندىن سۇباشىنىڭ چېرىكلىرى يولغا چۈشتى...

شۇ كۈنى كەچلىكى ئارسلان سۇباشى بىلەن بىللە دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى بىر كىچىك بازارغا كېلىپ مەخسۇس تەييارلانغان سارايغا چۈشتى. تاماقتىن كېيىن بۆكەخان ئارسلاننى دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى پەنجىرىدىن كىرگەن قۇياش نۇرى، ئارسلاننىڭ يۈزىنى سىلاپ ئويغاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئۇخلاپ ئوبدان ھاردۇق ئالغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن بەل-پۇتلىرى يەنىلا ئۇيۇشۇپ تۇراتتى. ئارسلان ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىققاندا، قارشى تەرەپتىكى ئۆيدىن بۆكە سۇباشى چىقتى. ئۇلار سالاملىشىپ ھال سوراشقاندىن كېيىن ئەتىگەن-

لىك ئاداقغا كىرىشىپ كەتتى...

ئۇلار ئاتلىنىپ بازاردىن چىقىپ شىمال تەرەپتىكى يولغا قاراپ بۇرالغاندا، ئاغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئۆلەڭ تەرەپلىرىدىن يېقىملىق ئېپىستىپ تۇراتتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى بېشبالىق بۈگۈن ئەتىگەندىلا مېھمان كۈتۈشكە تەييارلىنىشقا باشلىغانىدى. جەنۇبقا قارىغان شەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقى ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك ئەلەملەر قادالغان، قوۋۇقنىڭ ئىككى ياق سېپىلى ئۈستىدە نەيزە قالقانلىق چېرىكلەر قاتار تىزىلغان. قوۋۇقتىن باشلىنىپ بىر چاقىرىم-چىلىك يولنىڭ ئىككى يېقىدا، قارشى ئالغۇچى چېرىك ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار، خىزمەتچىلەر، چېرىكلەر ھەم باشقا ئەر-ئايال شەھەر-لىكلەر يولغا قاراپ مېھمانىنى كۈتۈشتى. شەھەردىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى پەشتاقتىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ ئاۋازدىن سېپىل سىرتىدىكى قارشى ئالغۇچىلار مېھماننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى... ئەنە ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئاتلىقلار توپى ئالدىدا ئۈچ نەپەر ئاتلىق ئەمەلدار يول باشلاپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئون غۇلاچچە يىراقلىقتا ئارسلانبەگ، بۆكە سۇباشى، قارۇغباشى، ئۇلاردىن كېيىن ئەمەلدار ۋە چېرىك-لەر كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار قارشى ئالغۇچىلارغا يېقىنلاشقاندا، سېپىل قوۋۇقى ئۈستىدىكى پەشتاقتىن ناغرا، سۇناي ۋە كاناي ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ئارسلانبەگ، بۆكە سۇباشى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ قارشى ئالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ماڭدى. قارشى ئالغۇچىلار "خۇش كەلدىڭىز!" دەپ ۋارقىراشتى. چېرىكلەر يالاڭ قىلىچنىڭ پايىنكى بىلەن سول بىلىكىدىكى قالقانىنى

تۇرۇپ "ئامان-ئامان!" دەپ ئەڭ ئاۋاز بىلەن توۋلىشاتتى. قوۋۇق ئالدىدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان تۇردۇ ئەمەلدارلىرى ئارسلاننى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ۋە شەھەر ئىچىگە باشلىدى...

بېشبالىق شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىغا يېقىن جايدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئېگىز مېھمانخانىسىنىڭ ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان پېشايۋانىدا ئارسلانبەگ سالماق قەدەم بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ، پېشايۋاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كېلىپ توختاپ، شەھەردىن يەتمىش-سەكسەن چاقىرىم يىراقلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەت-لىك تەڭرى تاغقا نەزەر سالدى. قارىغاي بەلباغلىق تەڭرى تېغى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلۇپ مۈگدەپ ياتقاندەك كۆرۈ-نەتتى. ئارسلان بېشىنى بىرئاز كۆتۈرۈپ، بوغداغا قارىدى. بوغدا ئالدىنقى كۈندىكىدىن چوڭراق، ئېگىزرەك كۆرۈندى. ئاسمان بىلەن ئوينىشقان باتۇرتاغ ئۇنى بەك سۆيۈندۈردى. يېشىل ئاسمان تېگىدە، قۇياش نۇرىدا پارقىرىغان بوغدا گويا ھېلىھەم ئارسلاننى قارشى ئېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بوغدا چوققىسى ئارسلاندا بەك يېقىملىق، سۆيۈنۈشلۈك ھېسسىيات پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئايغىر-بۇلاقتىن ئۆتۈپ، توقسۇن تۇزلەڭلىكىگە ئىگىلىگەندە، كۆز ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ پەيدا بولغان بۇ ئېگىز چوققىغا ھەۋەس بىلەن ئۇزاق قارىغانىدى. بۇ چوققا ئۇنىڭغا ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ كۈچلۈك مەدەت بېرەتتى. ئارسلان قەشقەردىن يولغا چىققاندىن بېرى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ ئىككى ئايغا يېقىن يول ماڭدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تەڭرى تېغى ئۇلۇغ تاغ ئىدى. لېكىن ئۇ بوغدا چوققىسىنى كۆرگەندىلا، تەڭرى تېغىنىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ قانچىلىك زور دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئات ئۈستىدە يول

ماڭغاندا، قونالغۇغا چۈشكەندە، تاغ ئارىلاپ ماڭغاندا. ئارىلاپ-ئارىلاپ بوغداغا ئۇزاق-ئۇزاق قاراپ قالاتتى. ئۇ بوغدانىڭ كۈنپېتىشقا قارىغان كۆكسى ئاستىدىكى بىر كىچىك شەھەرگە كېلىپ چۈشكەندە، بوغداغا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنكى قونالغۇ ئوتلاقتا بوغدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرۇپ ئامانلاشتى ۋە مۇز تاغ ئاتىنىڭ سالامىنى سۇندى. ئۇ يەنە ئالدىنقى كۈنى بوغدا باغرىدىن چۈشكەن دەريا سۈيىدىن قېنىپ ئىچتى. ئۇ سۇنىڭ شوخ "ناخشىسى"نى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتى. مانا بۈگۈن شۇ بوغدانىڭ كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالغانلىقىنى كۆرمەكتە... ئۇ ئويلىغىنىچە بوغداغا قاراپ ئۇزاق تۇردى. كېيىن ئايلىنىپ پېشايۋانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تەگرى تېغىنى بېغىرلاپ ئۇزۇن سوزۇلغان يېزىلار كۆرۈندى.

سېپىلنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىنىڭ تېشىدا، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە هەيۋەتلىك بىر بىنا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇ بولسا بىزنىڭ خان ئوردۇمىز، — دېدى ئارسلانغا ھەمراھ بولۇشقا بەلگىلەنگەن بىر ئەمەلدار مېھمانىنىڭ سۆلەتلىك بىناغا تىكىلىپ قارىغىنىنى كۆرۈپ، — بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىدىقۇت خانىمىز ياز كۈنلىرى قوچۇدىكى قىشلىق ئوردۇدىن كېلىپ مانا شۇ ئوردۇدا تۇرىدۇ.

— بەك ياخشى، گۈزەل ئوردۇ ئوخشايدۇ، — دېدى ئارسلان ۋە بېشىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ يەنىمۇ يىراققا قارىدى. يىراقتا، يۇرتنىڭ ئۇ چېتىدە، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلغان قۇملۇقنى كۆردى. قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىدە، ئوڭ يېقىدا بىر تاغ قارىيىپ ياتاتتى. ئودۇلىدا يىراق-يىراقتىكى ئۇپۇق ئۈستىدە ئېگىز تاغلار غۇۋا

كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاشۇ تاغلار ئالتۇن تاغلىرى[1]، — دېدى ھېلىقى ئەمەلدار، ئۇ مەنسىپى بويىچە خاننىڭ مېھمانلىرىنى كۈتىدىغان مېھمانخانا باشلىقى ئىدى، — ئۇ ياقلارمۇ بىزنىڭ خانلىقىمىزغا قارايدۇ. بۇ ياقتا، كۈنپېتىشتا ئىلى بالىق خانلىقى بار، چەك ئارىمىز سايرام كۆلىگىچە بارىدۇ...

ئارسلان ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىسىزمۇ بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي بىلەتتى. لېكىن ئەمەلدارنىڭ سۆز ئورغۇسىدا ئۆز خانلىقىغا ساداقەت، يۇرتىغا مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە توختىماي باش لىڭشىتىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ئۆز ئوردىسىدا ئارسلانبەگنى قوبۇل قىلدى. ئارسلانبەگ بۆكە سۇباشى بىلەن ئوردۇ قوۋۇقى ئالدىدىكى چوڭ چاقماق سەيناغا كەلگەندە ئوردۇ ئاغىسى بىرنەچچە ئوردۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن كېلىپ ئۇلار بىلەن ئامانلاشتى. كېيىن ئۇلارنى ئوردۇغا باشلاپ ماڭدى، ئارسلان بۇ سۆلەتلىك بىناغا قاراپ زوقلاندى، كۆڭلىدە بولسا قەشقەردىكى بۇغراخان ئوردىسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆردى، "ئۇنىڭغا يەتمىسمۇ، قېلىشمايدىكەن" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. يوغان سۆلەتلىك قىزىل قوۋۇقنىڭ ئۈستىدە ئۈچ قەۋەتلىك راۋاقتا نەيزىلىك قارۇغچىلار كۆرۈنەتتى. ئۇلار قوۋۇقتىن كىرىپ مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسۈپ تۇرغان كەڭ چاقماق ھويلىغا كىرىشتى. بۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

---

① ئالتۇن تاغ — ئالتاي تېغى.

ئاشۇلاردىن ئۆتۈپ، ئۇدۇلىدىكى بىر چوڭ بىنانىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ بىنانىڭ ئايۋىنىدىن نېرى ياققا ئۆتۈپ كىچىكرەك بىر كۆللۈك هويلىنىڭ تۆرىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ ئالدىدا خانلارغا خاس سۆلەتلىك كىيىنگەن ئېگىز بويلۇق، ساقال-بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئەمەلدار ئارقىسىدا چىرايلىق كىيىنگەن ئۈچ نەپەر بالا چېرىكلەر تۇرۇشاتتى. ئۇ كىشى ئارسلاننى كۆرۈپلا كۈلۈپ ئالدىغا ماڭدى. "ئۇلۇغ خاقانىمىز سىزنى قارشى ئېلىپ ئالدىڭىزغا چىقتى" دېدى سۇباشى ئارسلانغا. دېمىسىمۇ ئارسلان ئۇ كىشىنىڭ ئىدىقۇت خان ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپلا بىلىپ بولغانىدى. ئارسلان ئۆزىنى رۇسلاپ قەدەملىرىنى تېزلەتتى ۋە ئالدىدا كۈلۈپ كېلىۋاتقان خانغا يېقىنلاشتى.

— هارماڭ قېرىندىشىم! — دېدى خان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئاندىن ئارسلاننى قۇچاقلىدى. ئارسلان ئۆزىدە قانداقتۇر بىر يېقىنلىقنى ھېس قىلدى، — خوش كەلدىڭىز، سىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدى خان ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ.

ئارسلان هاياجان ئىچىدە خان بىلەن كۆرۈشتى. خان ئارسلاننى باشلاپ ئىچكىرى ماڭدى، ئۇلار كەڭ، چاسا پېشايۋاندىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن تاملىرى بېزەلگەن كىچىكرەك بىر سارايغا كىرىشتى. ئىدىقۇت خان ئارسلانبەگنى قىزىل، ئالا زىلچا ئۈستىگە سېلىنغان ئاق ئېيىق تېرىسىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزىمۇ ئارسلاننىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بۇ ئارسلانغا، توغرىراقى ئارسلان ئارقىلىق قاراخانىلار خاندانلىقىغا ۋە سۇتۇق بۇغراخانغا بىلدۈرۈلگەن كاتتا هۆرمەت ئىدى. چۈنكى، ئارسلان يولغا چىقىش

ئالدىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش مۇرا-
مىسى، ئىدىقۇت خاننىڭ قايسى دەرىجىلىك ئەمەلدارغا قانداق
مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ئىككى ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاناپىن
ئۆگىنىشقان، ئۇلارنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇنلىشالماي ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ
قالماسلىقى ئۈچۈن مەخسۇس مەشىقمۇ قىلغانىدى. ئىدىقۇت خاننىڭ
ئۆزىنى خان قاناتىدا كۆرۈپ كۆرۈشكەنلىكىدىن ئۇ بەكمۇ سۆيۈندى.
سۇباشى، ئوردۇ ئاغىسى، ئارسلاننىڭ قارىغاشى تۆۋەندە
ئولتۇرۇشتى.

— ئۇزاق يول مېڭىپ قىينالدىڭىز، — دېدى ئىدىقۇت خان
ئارسلانبەگكە قاراپ، — بىرنەچچە كۈن ئوبدان دەم ئېلىڭ.

— ئۆزلىرىگە ھەشقاللا ئۇلۇغ خاقان، — دېدى ئارسلان ۋە
قوينىدىن بىر تۇۋار لېپاپىنى ئېلىپ خانغا سۇندى، — سۇتۇق بۇغرا-
خان ئۆزلىرىگە سالام دېدى.

خان لېپاپىنى ئېچىپ ئىچىدىن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان خەتنى
يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئوقۇدى. خەت ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ
چىرايىدا بىردەم جىددىيلىك، بىردەم خۇشاللىق كەيپىياتى سېزىلىپ
تۇراتتى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

"قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئىدىقۇت خانىغا!

قاراخانىلار خاندانلىقىمىزنىڭ ئوردۇسى قەشقەر بالىقتا
تۇرۇشلۇق ئىنىلىرى سۇتۇقتىن سالام.

بىزنىڭ ئەل ئىشلىرىمىز يار-يۆلەك بولۇشلىرى بىلەن ئوبدان
كېتىپ بارىدۇ. پاراۋانلىق، بىلىملىك، بىرلىك، قوغدىنىش دەپ
قويۇلغان بىراق نىشانىمىز قەدەممۇقەدەم ئۇتۇققا ئىگە بولماقتا.
ئىشىمىزدە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يېقىندىن بېرى

كۈنپېتىشتىن سامانىلار ياغى بولۇپ بىزنىڭ ئېلىمىزگە بېسىپ
كېلىشكە تەييارلىق قىلماقتا ئىكەن. بىز «ئاداشقا ئاداش، ياغىغا
ياغى» دېگەن ئۇرانىمىز بويىچە ھەممە ئۇلۇسلار بىلەن ئىناق
ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇنداقلا ياغىنى ئۇرۇپ ياندۇرۇشقا
تەييارلانماقتىمىز. سىلىنىڭ خانلىقلىرى بىلەن بىزنىڭ خانلى-
لىقىمىز قېرىنداش، ئۇلۇسلىرىمىز قېرىنداش. ھەممىمىزنىڭ تىلى
بىر، يېزىقىمىز بىر، ئادەت-يوسۇنلىرىمىز بىر، نىيىتىمىز بىر.
سىلىنىڭ بىز بىلەن بىللە ھەمدەملىك قىلىشلىرىغا ئىشىنىمىز.
بۇلتۇر ئەۋەتكەن پۈتۈكلىرى بىزنى بەك خۇش قىلغانىدى.
ئەل ئاداشلىقى دۆلەت ئىتتىپاقلىقى ئۇتۇق بىلەن بىللە روناق
تېپىشىمىزنىڭ ھالقىسى.

يېقىندا ئىلىك خانلار قۇرۇلتايىنى ئاچماقچىمىز ھەم يەنە
دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقنىڭ مەرىسىنى ئۆتكۈزمەكچىمىز. ئەگەر
مالال كەلمىسە، كېلىپ قۇرۇلتايىمىزغا ۋە تويىمىزغا قاتنىشىپ
بېرىشلىرىنى سورايمىز.

قالدى ئىشلارنى ئارسلانبەگ تولۇق سۆزلەپ بېرەر. ئۇزاق
يىللار ئامان بولۇشلىرىنى تىلەپ، ئىنىلىرى: سۇتۇق.

بارس يىلى 9-ئاي.»

ئىدىقۇت خان پۈتۈكنى ئوقۇپ بولۇپ، ئارسلانبەگكە قاراپ
كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— ئەدگۈ، بەك ئەدگۈ. ئۇلۇغ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قارا-
خانىلار دۆلىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەل-ئۇلۇسنى ئەدگۈ كۈنلەرگە
يەتكۈزۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن بەك خۇش بىز. توغرا سۆز، بىزنىڭ
ئۇلۇسىمىز بىر، تىل ۋە پۈتۈكىمىز بىر. تىلىكىمىز بىر. دىنىمىزنىڭ

باشقا-باشقا بولۇشى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا كاشىلا قىلماسلىقى كېرەك. بۇغراخاننىڭ ئەل پاراۋانلىقى ۋە ئەلنى قوغداش ئۈچۈن قىلىپ كەلگەن ئۇلۇغ ئىشلىرىدىن بەك خۇش بىز...

ئارسلانبەگ خاننىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى. خاننىڭ سۆزىدىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۈمىدى يەردە قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ بەك خۇش بولدى.

ئىدىقۇت خان ئارسلان بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى. سۆزلەشكەنچە ئۇلارنىڭ ئىناقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار گويا بىرى خان، بىرى تۇكسىن ئەمەس، ھەيۋەتلىك بىر قەيسەر ئارسلانغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەزمۇت ئىرادىلىرى تۆت تاغ، ئىككى قوملۇق باغرىدا ياشاۋاتقان كىشلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى.

ئىدىقۇت خان تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئارسلانبەگنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، دۆگىلەك، تورۇسى ئېگىز بىر چوڭ سارايغا باشلاپ كىرىشتى. بۇ ساراي ئارسلاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. تورۇسنىڭ كىندىكىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان چاقماق پانۇس ئىچىدىكى شاملارنىڭ يورۇقى قىزىل قەغەزدىن ئۆتۈپ ئۆينى قىزغۇچ يورۇتۇپ تۇراتتى. سارايىنىڭ تاملىرىغا يايلاق ۋە ھايۋانلارنىڭ بوياقلىق سۈرەتلىرى، ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغانىدى.

خان مېھمان ۋە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەس دۆگىلەك شىرەنىڭ چۆرىسىدىكى كۆرپىلەر ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇشتى. كېيىن، ئوردۇ ئاغىسىنىڭ ئىملىشى بىلەن، لېگەنلەردە تاماقلار كۆتۈرگەن چىرايلىق قىزلار كىرىشتى.

سارايىنى كاۋاپ ھىدى قاپلىدى. جىق سېكىلەكلىك قىزلار لېگەننى ئاۋايلاپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ كەينىچە ئارقىلىرىغا يېنىشتى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا پۈتۈن قوزا كاۋىپى، كاۋاپنىڭ چۆرىسىگە چەلپەك، پىياز، ئاچچىقسۇ، قارمۇچ...لار قويۇلدى. ئوردۇ ئاغىسى لېگەندە تۇرغان پىچاق بىلەن كاۋاپتىن كېسىپ خان ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى تەخسىلەرگە سالدى.

— قېنى باقىلى، — دېدى خان ئارسلاننى تەكلىپ قىلىپ، — بىزدە قوزا كاۋىپىنى سىلەردەك ياخشى قىلالماس.

— يوقسۇ، بەك ياخشى ئىكەن، — دېدى ئارسلان كاۋاپقا قول سوزۇپ.

ھەر خىل تاماقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ تۇردى...

ئارسلانبەگ بېشبالىققا كېلىپ ئون بەشىنچى كۈنى ئىدىقۇت خان ئۇنى ئوۋغا تەكلىپ قىلدى.

بىر توپ ئاتلىقلار، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىغا تولغان باراقسان يېزىلاردىن توپا توزۇتۇپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار چەكسىز كەڭ قۇملۇققا قاراپ ئاتلىرىنى قويۇۋېتىشتى. ئىدىقۇت خان ئېگىز، چىرايلىق ئاق ئارغىمىقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ باشقا ئاتلارغا يول بەرمەي يۈرۈتۈپ كېتىپ بارغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن زوقلىناتتى. تۆت تاي غان ئاتلارنىڭ ئالدىدىراق چېپىپ كېتىپ باراتتى. ئارسلان بولسا ئوردۇدىن ئەۋەتىلگەن بوز ئارغىماققا مىنگەندى. ئارغىماقمۇ خاننىڭ ئارغىمىقىدىن قېلىشماي كېتىپ باراتتى. ئارسلان ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ياخشى كۆرىدىغان بوز ئارغىمىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇ ئارغىماق بىلەن سېلىشتۇردى. بۇ ئارغىماق ئۇنىڭ ئارغىمىقىدىن قېلىشمايدىغاندەك قىلاتتى، ئەلپازىدىن

قارىغاندا، يۈگۈرۈشتە بەلكىم ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئارغىمىقى زېرەك ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئوۋغا چىققان ۋاقىتلىرىدا، ياكى چېرىك مەشىقى قىلغان چاغلاردا ئۇنىڭ ئارغىمىقى نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى. چۇلۇۋۇرنى قويۇۋەتسىمۇ ئەركىلەپ ئارسلاننىڭ كەينىدە ماڭاتتى. ئىست، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى-دە! ئاخىرى ئارسلاننىڭ قولىدا قېرىپ ئۆلدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئارسلان سوزۇلۇپ ياتقان قەدىناس بوز ئارغىمىقىنىڭ چېكىلىرىنى سىلىغاندا، ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەنىدى. بۇ ئارغىماق چېپىشتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسىمۇ، ئىگىسىگە بولغان سۆيۈنچىتە ئۇنىڭغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئارسلانغا قەدىناس ئىدى... ئارسلان تىزگىن تارتىپ كېتىپ بارغان بوز ئارغىماققا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى-دە، يىراققا كۆز سالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئەمدى قۇملۇقنىڭ ئالدىدىكى كەڭ ئوتلاققا كىرگەنىدى.

"كېلىپ قالدۇقما؟" دېدى خان يېنىدا تورۇق ئارغىماققا مىنىپ كېلىۋاتقان بۆكە سۇباشىغا قاراپ.

— ھە، كېلىپ قالدۇق، بۇلتۇر بىز ئوۋ قىلغاندا يۇقىرىقى يول بىلەن كىرگەنىدۇق، — دېدى سۇباشى خانغا قاراپ.

ئۇلار قۇملۇققا يېقىنلاشقاندىن كېيىن سۇباشى ئارقىسىدىكى ئۈچ نەپەر چېرىكنى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ قاراشقا بۇيرۇدى. باشقا چېرىكلەر ئوتلاقنىڭ شىمال يېقىنى بويلاپ، كۈنپېتىشقا سوزۇلۇپ ئۇزۇن سەپ تارتتى. خاننىڭ قارۇغچىسى توتقۇچى گۈللەپ ئىشلەنگەن يانى ئۇنىڭغا سۇندى. يەنە بىر قارۇغچى ئوخشاشلا ئوقيانى ئارسلانغا سۇندى. ئىككىسى كەشتە تىكىلگەن، پۆپۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ساداقلىق قومدۇنى بويۇنلىرىغا ئاستى. خان ئوۋچىدا خاس چاققان

ھەم پۇختا كىيىنگەنىدى. ئارسلانمۇ سۇباشى ئەۋەتكەن ئۇۋ كىيىمىنى كىيگەن. ئۇلار شۇ تاپتا جەڭگە كىرىشكە تەييارلانغان ئالپلارغا① ئوخشايتتى.

ئات چاپتۇرۇپ كەتكەن ئۈچ نەپەر چېرىك قۇم دۆۋە ئۈستىگە چىقىپ، ئۈزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ يىراقلارغا قارىدى، كېيىن، بىرسى ئېتىنى بۇ ياققا بۇراپ، قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. بۇ "ئىلىك كەلدى" دېگەننىڭ دېرىكى ئىدى. خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ، تويغۇن تايغانلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا قارىغىنىچە ئوتلاقلىقتا چاپتى. ئاتلار قىزىپ ئىلگىرىلىدى…

— ئەنە، ئەنە، چىقتى! — دېدى خان خۇشال ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال ئېتىنى قويۇپ بەردى.

يېگىرمىدەك ئىلىك سۆكسۆكلۈك قۇم دۆۋىلىرىدىن ئىرغىپ چىقىپ، ئوتلاققا چۈشتى. ئۇلار ئالدىدىكى ئۇزۇن شاخ مۈڭگۈزلۈك ئەركەك ئىلىككە ئەگىشىپ جېنىنىڭ بېرىچە چېپىشاتتى… ئىلىكلەر ئوتلاق چېتىغا بارغاندا، قاتار تۇرغان چېرىكلەرنى كۆرۈپ سولغا بۇرالدىيۇ، قومۇلۇقتىن چىققان ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ئوڭغا بۇرالدى. ئىدىقۇت خان، ئارسلانبەگ شېرىكلىرى بىلەن ئىلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىشتى. تايغانلار ئاتلارنىڭ ئالدىدا ئوقتەك چېپىپ بېرىپ ئىلىكلەر توپىغا يېقىنلاشتى. بىر تايغان بىر كىچىك ئىلىكنى ھەيدىسى بىلەن ئۇرۇپ يەرگە دومىلاتتى. ئىلىك قوپۇپ قاچقىلى تۇرغاندا ئۈستىگە ئېتىلىپ كانىيىدىن چىشلىۋالدى. بىر يىگىت كېلىپ،

① ئالپ — باتۇر، قەھرىمان.

ئىلىكنىڭ پۇتلىرىنى باغلىغاندا، ئاندىن تايغان چىشىنى قويۇپ بەردى، يىگىت چىرايلىق كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىلىكنىڭ بوغۇزىغا پىچاق تۇردى... ئوۋچىلار پىتىراپ-پىرقىراپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئىلىكلەرنى ئوراپ ھۇجۇم قىلدى. خان ئوقيانى بەتلەپ، يېيىنى قاتتىق تارتىپ قويۇپ بەرگەنىدى، ساداق غۇيۇلداپ بېرىپ قېچىپ كېتىپ بارغان ئىلىكنىڭ سۆڭگىچىگە قادالدى. ئىلىك بىر دومىلاپ قوپۇپ ئاقساپ قاچتى. بىر تايغان سۆڭگىچىدە ساداق، ئىڭاڭلاپ كېتىپ بارغان توكۇر ئىلىكنى يەرگە باستى. ئارسلانبەگ ئىتنى توختىتىپ ئوۋنىڭ جىددىي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ تۇردى. ئىلىكلەر پىرقىراپ چاپماقتا، چىرىكلەر ئوقيا بىلەن ئاتماقتا، بىر چېرىك بىر ئىلىكنى قوغلاپ بېرىپ نەيزە ئېتىپ يىقىتتى. تايغانلار ئىلىكلەرنى قوغلاپ تېخىمۇ ھودۇقتۇرماقتا ئىدى. خان ئىلىكلەر ئارىسىدا ئات چېپىپ يۈرىدۇ. بىر ئەركەك ئىلىك ئارسلاننىڭ ئۇدۇلىدىن چېپىپ كېلىپ ئوڭغا بۇرالدى. ئارسلان ئۇنى ئاتقانىدى، تەگمەي قالدى. ئارسلان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئارغىمىقى ئىلىككە يېتىشىپ قالدى. ئارسلان ئىتنى توختىتىپ، ئوقيانى بەتلەپ ئاتتى. ئىلىك بىرنەچچە موللاق ئېتىپ يەردىن قوپتى. لېكىن ماڭالماي دەلدۈگۈنۈپ قالدى. ئارسلان يېتىپ بارسا ئىلىك يېلىنىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئارسلاننى كۆرۈپ قوپۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، بولالمىدى. ئۇنىڭ سۆڭگىچىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ساداقنىڭ ئۇچى ئىلىكنىڭ قاق يەللىكى ئۈستىدە لىڭشىپ تۇراتتى. ئارسلاننىڭ يىگىتلىرى يېتىپ كېلىپ ئىلىكنى بوغۇزلىدى...

ئوۋ قىزىپ كەتتى. تىرىك قالغان ئىلىكلەر "ياغى"نىڭ چەمبىرى-

كىنىڭ تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىرىلىپ تۈگىشىگە كۆزى يەتتى. بىر نەركەك ئىلىك قويۇنىدەك ئېتىلىپ، ئاتلىقلارنىڭ بېشىدىن ئىرغىپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا ئىلىكلەرمۇ شۇنداق ئىرغىپ ئۆتتى. نەۋەككۈل ئېتىلغان ئوقيالار بىلەن ئىككى ئىلىك دومىلاپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ "جەڭ" ئاياغلاشتى...

ئوۋچىلار قايتىپ ئوتلاق چېتىغا يېقىنلاشقاندا، كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا تەگدى، كىشىلەرنىڭ ئوۋ بىلەن ئۇنتۇپ قالغان ئىشتەيلىرى ئېچىلدى... ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، يۈز-قوللىرىنى سۈرتۈشتى ۋە سۇسىز ئېرىق بويىدىكى جىگدە دەرەخلىرى يېنىغا سېلىنغان زىلچا ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. بىرپەستىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، ھەر خىل سوغۇق تاماقلار كەلتۈرۈلدى، سۈتلۈك چاي قويۇلدى. ئوۋچىلار ئۇسسىغان چېغى، ئاۋۋال چايغا تۇتۇش قىلدى. ئارقا-ئارقىدىن پىيالىلار چايغا سۇنۇلاتتى. كېيىن زىخ كاۋاپلارمۇ كەلدى.

— ئىلىك گۆشى كاۋىپى ياخشى بولىدۇ، — دېدى خان قولىدىكى زىخ كاۋاپتىن بىر پارچىنى چايناپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، كىشى ئۆزى ئاتقان ئوۋ گۆشى تېخىمۇ تەملىك تېتىيدۇ، — دېدى ئارسلان.

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن كاۋاپ يېيىشتى. ئاندىن قوغۇن-تاۋۇز، ئۈزۈملەر كەلتۈرۈلدى. تاماق يەپ بولۇپ خان كۆرپىگە ئوگدىيىچە سوزۇلدى. ئارسلان مېڭىپ بېرىپ ئۆزى مىنگەن، تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ تېتىك تۇرغان بوز ئارغىماققا بىرئاز قاراپ تۇردى ۋە قارىغىنىچە ئاتنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ كەتتى. بېشىنى شۇ

ياقىغا بۇراپ ئوڭدىسىچە ياتقان ئىدىقۇت خان ئارسلاننىڭ ھەرىكىتىنى بايقىدى ۋە "بوز ئارغىماقنى يارىتىپ قالغان ئوخشايدۇ" دېدى ئىچىدە.

كۈن قايرىلىپ، ئاغامچا بويى قالغاندا، ئوۋچىلار قايتىشقا ئاتلاندى. ئۇلار قۇرۇق ئېرىقتىن ئۆتۈپ بىر قومۇشلۇق ئارىسىدىكى يولدىن كېتىپ بارغاندا، تايغانلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىپ، يەرنى پۇراپ پىرقىراشقىلى تۇردى. "توڭگۇز بولسا كېرەك" دېدى تايغان باققۇچى چېرىك. ئاتلىقلار ئىز-ئىزلەپ ماڭغان تايغانلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. ئۇلار پەسرەك قومۇشلۇققا چىققاندا، تايغانلار قاۋىغان بويى چالا-بۇلا كۆرۈنگەن ئىككى توڭگۇزنى قوغلاپ كەتتى. ئوۋچىلار ئات سېلىشتى. چوڭ تايغان يېتىپ بېرىپ بىر ئەركەك توڭگۇز بىلەن ئېلىشىپ قالدى. ئىت قاتتىق ۋاڭشىدى، توڭگۇز قاچتى. ئۇلار يېتىپ بارسا تايغان يەردە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، ئۇزۇنسىغا يېرىلغان قورسىقىدىن ئۈچەي-قېرىنلىرى چىقىپ قاپتۇ. تايغان باققۇچى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، يانچۇقىدىن زەي يىپ جۇۋالدۇرۇز ئېلىپ ئىتنىڭ قورسىقىنى تىكىشكە باشلىدى. ئىت غىڭ قىلماي سوزۇلغان پېتى ياتاتتى. ئوۋنىڭ ئاساسىي "قەھرىمانى" نىڭ ھالىغا قاراپ ئوۋچىلار ئىچ ئاغرىتتى. خاننىڭ ئىچى تېخىمۇ ئاغرىدى. ئۇ بۇ قەدىناس پالۋان "دوستى"نى ياخشى كۆرەتتى. "ھەي، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ" دېدى خان ئەپسۇسلىنىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياتقان تايغانغا قاراپ. "چاتاق يوق، ئۇ جايىدىن قوپسىلا ئۆلمەيدۇ. بىز ماڭىلى" دېدى تايغان باققۇچى.

ئۇلار ماڭدى. باشلىرىنى بۇراپ ئىتقا قاراپ قويۇشاتتى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى. يېرىم

چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئىت ئاستا قويۇپ دەلدۈگۈنۈپ ماڭدى، كېيىن تېز ماڭدى، ئاندىن سەكىلەپ ماڭدى. "تۆلەيدۇ" دېدى تايغان باققۇچى ھاياجانلىنىپ. ھەممەيلەن خۇش بولۇشتى. ئىت يېتىپ كېلىپ، ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يەنە توڭگۇز ئىزدەشكە باشلىدى...

ئۇلار تېخى ئۇزاق ماڭمىغانىدى، چېرىكلەر قومۇشلۇقتىن بىر ئۆلۈك توڭگۇزنى سۆرەپ چىقىشتى. ئۇ، بۇ ياققا قاچقان مېكىجىن ئىكەن. تايغانلار قاۋاپ سول ياققا چاپتى. ئوۋچىلار بارسا قومۇشلۇقنىڭ چېتىدە بىر جىغانىنى چۆرىدەپ ئىتلار قاۋاۋېتىپتۇ. ھېلىقى قاۋان توڭگۇز بېلىنىڭ تۆۋىنىنى جىغان ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئىتلارغا خىرىس قىلىۋېتىپتۇ. خان يېنىدىكى چېرىكدىن ئوقيانى ئېلىپ، توڭگۇزنىڭ كۆكسىنى چەنلەپ ئاتتى. توڭگۇز يىقىلدى. ئىتلار ئولىشىپ ئۇنى تالاشقا باشلىدى. ھېلىقى يارىدار تايغان ھەممىدىن قاتتىق تالىدى. كېيىن ئۇ توڭگۇزنىڭ بوغۇزىدىن چىشلەپ غىزىلداپ تۇرۇپ، ئالدى ئاياغلىرىنى يەرگە قاتتىق تىرەپ، ئارقىسىغا داجىپ بارلىق كۈچى بىلەن سۆرىدى. توڭگۇز راستىنلا سۆرۈلۈپ چىقتى. ئۇ توڭگۇزنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ تۇرۇپ راسا تالىدى. "تالا، دەردىڭ چىقسۇن" دېدى خان تايغانغا مەسلىكى كېلىپ.

ئوۋچىلار يولغا چۈشتى. ئازراق مېڭىپ بىر چىغلىققا چىقتى. ئىتلار قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قالدى. قارىغۇدەك بولسا، چىغ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى توشقان ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ. تايغانلار چاپتى. چوڭ تايغان پەللىكىنى يەرگە قويۇپ قاراپ تاماشا قىلدى. ئازغىنا يۈگۈرۈپ تايغانلار يېتىۋالدى، ئىككى تايغان ئىككى توشقاننى بېلىدىن چىشلەپ ئېلىپ كەلدى.

بۇ ئوۋ تازا ئەرزانغا چۈشتى. توشقانلار ئۆلدىمۇ، هوشىدىن كەتتىمۇ، ئۇنىڭغا هېچكىم پەرۋا قىلماي ئاتقا غانجۇغىلىدى...

"ئەتە! تۈلكە؟..." دەپ ۋارقىرىدى بىرسى. قارىغۇدەك بولسا، بىر ئۇزۇن سېرىق تۈلكە چىغلىق ئارىسىدا قېچىپ كېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ قاچقانچە ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇاتتى. بۇ ئوۋ تايغانلارغا ئاسان چۈشمىدى. تۈلكە بىردەم چىغلار ئارىسىدا غايىب بولاتتى، بىردەم چۆپلۈك ئېرىق ئىچىگە كىرىپ يوقىلاتتى. تايغانلار ئاخىر ئوراپ-قوغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ئالدى. بىر تايغان ياندىن ھېرىپ مەيدىسى بىلەن بىر ئۇرغاندى، تۈلكە دومىلاپ كەتتى. ئۇ قوپقۇچە، يەنە بىر تايغان كېلىپ باستى-دە، ئۇنىڭ بوغۇزىنى قاتتىق چىشلىدى. تۈلكە خىرقىراپ، تېپىرلاپ، ئاخىر جان بەردى. تۈلكىنى چۆرىدەپ تىك ئولتۇرۇشقان تۆت تايغان ئات چېپىشىپ كەلگەن ئوۋچىلارغا، ئارقىدىراق سوكۇلداپ كەلگەن چوڭ تايغانغا مەغرۇرلۇق بىلەن قارايتتى. "بارىكاللا، بۇلارغا يەم بېرىش كېرەك" دېدى خان ئارقىسىدىكى تايغان باققۇچىغا قاراپ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، غانجۇغىدىكى خۇرجۇنىدىن پىششىق گۆش ئېلىپ ئىتلارغا بۆلۈپ بەردى. ئىتلار ئىشتەي بىلەن يېدى. تايغان باققۇچى تۈلكىنى غانجۇغىلىدى...

ئوۋچىلار يېزىغا يېقىن قالغاندا، خان ئالدىدا كېتىپ بارغان ئاتلىقنىڭ غانجۇغىسىدىكى توشقاننىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. توشقان غانجۇغا باغلانغان ئالدى ئىككى قولىنى چىشى بىلەن يېشەتتى. خان يېنىدا كېتىپ بارغان ئارسلانغا شەرەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى. باشقا بىرسى ئالدىدىكى ئاتلىققا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندى، خان ئۇنى توسۇپ قويدى. بىرپەستىن

كېيىن توشقان "پالاققىدە" يەرگە چۈشتى-دە، بىر دومىلاپ قوپۇپ،
قۇيرۇقىنى تىككۈەتتى. باشقىلار ئاتماقچى بولغاندا خان "ئاتماڭلار،
كۆرىدىغان كۈنى بار ئىكەن" دەپ ئاتقۇزمىدى. "ھەي قارۇغباشى،
توشقاننى مەھكەم تۇتۇڭ. قېچىپ كەتمىسۇن يەنە" دېدى خان
ئالدىدىكى ئاتلىققا. "باغلاقلىق، ئۆلگەن توشقان نەگە بارىدۇ،
دەيلا" دېدى قارۇغباشى. لېكىن ئۇ گۇمانلىنىپ قولىنى ئارقىسىغا
سوزۇپ توشقاننى سىلىماق بولغانىدى، توشقان يوق، ھەممەيلەن
قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئۇ خىجالەت بولۇپ قالدى. "قارىڭ، ئۆلۈك
توشقانمۇ قاچىدىكەن!" دەپ ۋارقىراپ-ۋارقىراپ كۈلدى خان...
ئۇۋچىلار يۇرتقا كىرگەندە، كۆز قارايغانىدى...

* * *

بۈگۈن ئىدىقۇت خانىنىڭ ئارسلانبەگكە بېغىشلانغان زىياپىتى
بولدى. سۆلەتلىك مېھمانخانىدا بېشبالىقنىڭ مۆتىۋەر ئەمەل-
دارلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرى ساھىبخان بىلەن مېھماننى كۈتۈپ
ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوردىنىڭ ئولچىلىرى، ئوتتۇرا،
چوڭ ئەربابلىرى، سۇباشىدىن تارتىپ تۇمەنباشىچە بولغان
چېرىك ئەمەلدارلار؛ چوڭ زېمىندارلار، چارۋىدارلار، ئاتاقلىق
سودىگەرلەر بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پاراڭلىرى ساراي
تاملىرىدىن يانغان سادا بىلەن قوشۇلۇپ غوڭۇلدايتتى. بۆكە
سۇباشى ھەممىدىن خۇش ئاۋاز، ھەرىكەتچان ئىدى. ئۇ سالاپەتلىك
كىينگەن چېرىك باشلىقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئوردۇ ئەربابلىرىنىڭ
يېنىغا بېرىپ ئازراق پاراڭلاشتى. كېيىن، يوغان قورساق، بۇز-
بۇرۇنلىرى مايلاشقان قارا ساقاللىق پۇلدارلار بىلەن سالاملىشىپ
ئۆتۈپ، ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ئوچ

نەپەر خەنزۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ قارشى ئالدى. سۇباشى مېھمانلار بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوردۇ ئەمەلدارلىرىغا خاس خەنزۇچە كىيىنگەن ئوزۇن چار ساقاللىق بىرسى كۆڭۈل بۆلۈپ سۆزلەشتى. ئالچىنبەگ تىلماچلىق قىلدى.

كىشىلەر ئارىلاپ سارايىنىڭ ئىچكىرىكى ئىشىكىگە قاراپ قويۇ-شاتتى. خان بۈگۈن ئارسلانبەگ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم سۆزلە-شەتتى. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق سۆھبەت سەممىي دوستانە بولغا-نىدى. قوچۇ خانلىقى قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، بىرلىكتە ئەلنى پاراۋان قىلىش، بىرلىكتە غەربتىن كېلىدىغان چەت ياغىدىن ئەلنى قوغداش — مانا بۇ، سۆھبەتلەرنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئارسلانبەگنىڭ كېلىشتىن مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ بۇ ئۇتۇق بىلەن قايتىپ بارغاندا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ رازى بولۇشىغا ئىشىنەتتى. بۈگۈنكى سۆھبەت ئاۋۋالقىلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

سارايىنىڭ ئىشىكى ئىچىگە ئېچىلىپ، خان، خانىش ئارسلانبەگ بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. سارايدىكىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تازىم قىلىشتى. خان ئارسلانبەگنى باشلاپ ھالقا بولۇپ تۇرغان مېھمانلار ئالدىدىن ئايلاندى، ئوردۇ ئاغىسى ۋە ئولچىلارنى، ئوردۇ ئەمەلدار-لىرىنى، باي-زېمىندارلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇلار چىنلىق خەنزۇ مېھمانلار يېنىغا كەلگەندە، ئوردۇ ئاغىسى:

— مانا بۇ كىشى چىن خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې بولىدۇ، — دەپ ھېلىقى ئوزۇن چار ساقال كىشىنى تونۇشتۇردى.

ۋاڭ يەندې ئىككى مۇشتىنى پېشانىسىگە قويۇپ، سول ئايىغىنى

ئازراق ئارقىغا سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىنى بىرىم ئېگىلىپ خانغا باش ئەگدى ۋە:

— ئۇلۇغ ئىدىقۇت خانىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! — دېدى.

ئاندىن ئارسلانبەگنىمۇ يەڭگىل تازىم قىلىپ قويدى.

— ئەلچى ۋاڭ يەندې بىزنىڭ كونا دوستىمىز بولۇپ قالدى، — دېدى خان ئارسلانبەگكە قاراپ ۋە ئۇنى ئەلچىگە تونۇشتۇردى، — بۇ كىشى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ چېرىكلەر ئۇلچىسى قېرىنداشىمىز ئارسلانبەگ.

ئۇردۇ ئاغىسى ۋاڭ يەندېنىڭ يېنىدىكى خەنزۇلارنى تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى ئەلچىنىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى، مانا بۇ كىشى چىن خاندانلىقىنىڭ سودا ۋەكىلى.

ئۇلارمۇ خانغا ۋە ئارسلانبەگكە ھۆرمەت بىلدۈردى.

ئۇردۇ ئاغىسى مېھمانلارنى زىياپەت سارىيىغا تەكلىپ قىلدى. خان ۋە مېھمانلار سارايغا كىرىپ كېلىشتى. سارايدىكى بېزەكلەر ئارسلانبەگنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. خان، خانىش، ئارسلانبەگ بىلەن سارايىنىڭ تۆرىدە، پەس شىرە ئالدىدىكى كۆرپە ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى.

شىرەلەرگە تاماق تارتىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىككى يېقىدا ئۇردۇ كاتتىباشلىرى ۋە ۋاڭ يەندې، تۆۋەندە باشقىلار ئولتۇرۇشتى. چوڭ ئاۋاقتا خۇددى تىرىكتەك بويىنىنى سوزۇپ ياتقان قوزا ئىلىك كاۋىپى قويۇلدى. باشقا شىرەلەرگىمۇ كاۋاپلار كەلتۈرۈلدى. ھەر خىل تەملىك تاماقلار كېلىۋەردى. ئارسلان ئارىلاپ تام ۋە تۇرۇستىكى رەسىملەرگە زوق بىلەن قاراپ قوياتتى. تاملاردا قارلىق چوققىسى

كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل گەۋدىلىك تاغ باغرىدىكى كەڭ باغلار، ئەر-ئايال سازچىلار، ئۇسۇلچى قىزلارنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان، چىرايلىق كېيىنگەن، ئۇزۇن چاچ، كالتە سېكىلەكلىك قىزلار، نازلىق جىلۋە بىلەن مېھمانلارغا قارايتتى. بىر توپ قاناتلىق قىزلار ئۇزۇن قىزىل-يېشىل دۇردۇنلارنى يەلپۈتۈپ، بوغدا چوقىقلىرىغا قاراپ ئۇچاتتى. بەزىلىرى ئاقباش چوقىقىنى ئايلىنىپ كۆتۈرۈلۈپ پەلەكتە پەرۋاز قىلاتتى. ئارسلانبەگ سۈرەتلەرگە قاراپ تويمايتتى، "بۇ يەردىكى سۈرەتچىلەر بىزنىڭ يۇرتتىكىلەردىن ئېشىپ چۈشىدىكەن" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

تاماقتىن كېيىن تاماشا سارىيىدا ئويۇن كۆرسىتىلدى. بىرلەشكەن ساز، قوشما غەزەللەر، يالغۇز ۋە قوشما ئۇسۇللار توختىماي قاتارىغا داۋام قىلدى. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ كىچىك جىلدىر داپلىق ئۇسۇلى ئارسلانغا بەك ياقتى. ئويۇن تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلدى...

ئەتىسى ئارسلانبەگ ۋاڭ يەندېنىڭ ئەلچى بويىچە ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئالچىنبەگ ۋاڭ يەندېنى باشلاپ ئوردۇنىڭ مېھمان سارىيىغا كىرگەندە، ئارسلانبەگنىڭ قارۇغچىسى ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، بىر ياسىداق ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە "ئارسلانبەگ بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن چىقىدۇ. ئەلچىدىن كەچۈرۈم سورىدى" دېدى. ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تامدىكى بىر كۆپلىت شېئىرگە كۆزى چۈشتى. شېئىر سېرىق سىرلىق، قىزىل گىرۋەكلىك تاختايغا ئۇيغۇرچە چوڭ، مەشقلىق قارا خەت بىلەن يېزىلغاندى. ۋاڭ يەندې تامغا يېقىن بېرىپ شېئىرگە "ئەجەب چىرايلىق يېزىلغان خەت ئىكەن. شېئىرگە ئوخشايدۇ، بىراق چۈشىنەلمەيمەن" دېدى يېنىدا ئولتۇرغان ئالچىن-

ەگكە قاراپ. "شۇنداق، شېئىر" دېدى ئالچىنبەگ ۋە شېئىرنى ئوقۇپ بەردى:

بىلگىلى ئەرەندىن كېلۇر ئەزگۇلۇك،
بىلگىسىز نادانىدىن نارى كەزگۇلۇك.
بىلگەدىن ئۆگرەنگىل كېلۇر قۇت ساڭا،
بىلگىسىز ياماندىن يىراق تەزگۇلۇك.

ئالچىنبەگ بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

— ھە، بەك ياخشى، مەزمۇنى بەك چوڭقۇر ئىكەن، — دېدى ۋاڭ يەندې تەسىرلىنىپ، — سىزمۇ شائىرلىقتا قىلىشمايسىز ئالچىنبەگ، شېئىرنى باشقا تىلغا شېئىر بىلەن ئاغدۇرۇش تىلماچ شائىرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئۇ ئالچىنبەگنىڭ ئۇنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققاندا، يول ئۈستىدە چۈي يەنىنىڭ شېئىرنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالدى:

ۋاڭ يەندېنىڭ قونالغۇ جايى بار كۆل بويى. كەچلىكى. ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي دەريا سۈيىدە پارقىرايتتى. يىراقتىن ئاڭلانغان لەرزان، مۇڭلۇق نەي ئاۋازى جىمجىت، گۈزەل كېچىدە كىشىگە زوق ۋە ئىلھام بېرەتتى.

يېشىل چۆپلۈككە تىكىلگەن سۆلەتلىك ئىككى چوڭ قارا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئىككى مومىغا چوڭ قىزىل پانۇس ئېسىلغان، قارا ئۆي ئالدىدا ۋە ئەتراپىدا قارۇغچى چېرىكلەر تۇرۇشاتتى.

خەنزۇچە ئۇزۇن چاپان ۋە بېشىغا قارا موزا كىيگەن ۋاڭ يەندې كۆل بويىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئىككى قېتىم مېڭىپ، كېيىن، كېچە مەنزىرىسىگە قاراپ توختىدى. ئۇ كۆل ئىچىدىكى ئايغا قاراپ، بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قاراپ

بېشىنى يەڭگىل ئىغاڭلاتتى ۋە خەنزۇ تىلىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ ھەرىكەت بىلەن شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى.

شېئىر ئوقۇش باشلانغاندا، ئۇنى قارشى ئېلىشقا بېشىلىقتىن كەلگەن ئالچىنبەگ كېلىپ، ئورنىدا توختاپ، دىققەت بىلەن شېئىرنى ئاڭلاپ تۇردى ۋە تۈگىگەندە:

— بەللى، ئەلچى...، — دېدى ئارقىسىغا بۇرالغان ئەلچىگە قاراپ، — ياخشى يېزىلغان شېئىر ئىكەن، سىز بەك ياخشى ئوقۇدىڭىز.

— ھە، سىز مەشەدىمىدىڭىز؟ — دېدى ئەلچى كۈلۈپ، — ئەمما، مەن ئۇيغۇرچە ئوقۇشنى بىلمەيمەن، بۇ سىزگە خاس.

— ھە، مەن ئالدىنقى يىللىرى سىزنىڭ ئەلچىمىز بىلەن سىلەرنىڭ ئېلىڭلاردىكى ۋاقتىمدا بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغانىدىم، مەسىلەن: مەشھۇر شائىر چۈي يۈەن، لى بەي، دۇپۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بەزىلىرىنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان ۋە يادلىۋالغانىدىم. سىز ئوقۇغان بۇ شېئىر چۈي يۈەننىڭ شېئىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈگەندە مۇنداق بولىدۇ:

بۇ ھاياتلىق يولىدا مەن تاشلىدىم ئىلدام قەدەم،
مېنى يىللار تاشلىۋېتەرمۇ دېگەن تەشۋىشتەمەن.
شۇڭا ئۈزسەم ئەتىگەندە تاغدا مۇلەن گۈلىنى،
ھەمدە ئۈزدۈم سۇ بويىدا سۇ گۈلىنى كەچتەمەن.

كېزىدۇ ئالتۇن قۇياش بىرلە كۈمۈش ئاي توختىماي،
ئۆتىدۇ كۆكلەم بىلەن كۈز ئۆزئارا نۆۋەتلىشىپ.
مەن غازاڭ پەسلىنى ئويلانغاندا قورققۇم كېلىدۇ،
سولمىغيدى دىلبىرىم، بىۋاق قىرو پەسلى كېلىپ.

ئۇلار كۈلۈشتى.

— ئۇزاق يول يۈرۈپ ھاردىڭىز. بېشبالىققا يېتىپ بارىدىغان يولمۇ ئاز قالدى.

— ھېچ گەپ ئەمەس، ئىككى ئايلىق ئاتلىق سەپەر ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. يول خەتەرلىك ئىكەن. قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز بولمىدى. سىز كونا دوستىمىزنىڭ ئۇزاق يول بېسىپ پېقىرنى قارشى ئالغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت.

— ھېچقىسى يوق. بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز...

...ئەلچىنىڭ يۇقىرىقى خىياللىرىنى ئارسلاننىڭ "كەچۈرگەيسىز" دېگەن ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرالدى، "كۈتكۈزۈپ قويدۇم... قېنى ئولتۇرىلى" دېدى ئارسلان.

ئۇلار خېلى ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئەلچى سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى، چىن خاقانى ئىچكىرىدىكى ئىشلار بىلەن بولۇپ، قارا خانلار خاندانلىقى بىلەن ئالاقە قىلالمايۋاتقانلىقىنى، يېقىن ئارىدا بىرەر ئەلچى ئەۋەتىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى سۆزلەپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا زىچ ئالاقە ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا توختالدى. ئۆزئارا سودىگەر ۋە كارۋانلار ئەۋەتىش توغرىسىدىكى بۇرۇنقى توختاملارنى يېڭىلاش ۋە يېڭىدىن بارىدىغان سودا كارۋانلىرى، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىككى تەرەپ تەڭ كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارسلان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، سۇڭ دۆلىتى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىش كېرەكلىكى توغرىسىدا توختالدى. ئۇ، ۋاڭ يەندېنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سۇڭ

دۆلىتىگە ئەلچى ۋە سودا ۋەكىللىرى ئەۋەتىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇ ئىشلار توغرىسىدا سۇتۇق بۇغراخاندىن رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن، ۋاڭ يەندې بىلەن يەنە ئالاقە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۆھبەتتىن ھەر ئىككىيلەن رازى بولۇشتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە بېشبالىق خان ئوردۇسىنىڭ ئالدىدا چېرىكلەر ئىككى قاتار تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. قوۋۇق ئالدىدىكى بۆكە سۇباشى نېمىنىدۇ كۈتۈپ، سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. «ئەنە، كەلدى» دېدى بىرسى ئاتلىق ئوردۇ ئالدىغا كىرىپ كېلىۋاتقان ئارسلانبەگنى كۆرسىتىپ. ئۇ چېرىكلەر قاتىرىنىڭ بېشىدا ئاتتىن چۈشتى. بىر چېرىك ئەمەلدار ئۇنى چېرىكلەر ئارىسىدىن باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئارسلاننىڭ قارۇغباشى ۋە قارۇغچىسى بىللە كېلەتتى. قوۋۇق ئالدىدا بۆكە سۇباشى ئارسلاننى كۈتۈپ ئالدى ۋە «خان سىزنى ئۇزاتماقچى» دېدى. «مەن كېتەر ئالدىدا خان بىلەن كۆرۈشۈپ كەتمەكچى ئىدىم» دېدى ئارسلان خىجالەت بولغاندەك قىلىپ.

قوۋۇق ئىچكىرىسىدىن ئوردۇ ئاغىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا خان چىقىپ كەلدى، ئۇ ئارسلانغا قاراپ كۈلۈپ كېلەتتى.

— شۇنداق قىلىپ بىزنى تاشلاپ كەتمەكچى بولدىڭىز، دوستۇم، — دېدى خان ئارسلاننىڭ قوللىرىنى سىقىپ.

— ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز. ئۆزلىرىنى بەك ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق. قېرىندىشىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا سالام دەڭ. بۇ خەت ئۇنىڭغا، — خان لىپپىلىق خەتنى بەردى.

— قېرىنداشلىق سالاملىرىنى چوقۇم يەتكۈزىمەن. ئۆزلىرىمۇ بىزنىڭ يۇرتلارغا بېرىپ قايتقايلا.

— ئامالىق بولسا.

خاننىڭ شەرتى بىلەن ئىككى چېرىك يان تەرەپتىن ئىككى ئارغىماقنى يېتىلەپ كەلدى. بىرى بويۇن، قۇلاقلىرىدىن قۇيرۇقىچە كۆك يوپۇق بىلەن يېپىلغان ئېگەرسىز، ئېگىز قۇلا ئارغىماق ئىدى. يەنە بىرى ئېگەرلىك بوز ئارغىماق ئىدى. بۇ ئارغىماق ئارسلانغا تونۇش ئىدى. شۇ تاپتا ئاتلار ئورنىدا تۇرالماي تىپىرلايتتى.

— مانا بۇ، سۇتۇق بۇغراخانغا ئەرزىمىگەن سوغىمىز، — دېدى خان قۇلا ئارغىماقنى كۆرسىتىپ، — مانا، بۇنىسى سىزگە. ئۇ، سىز بىلەن ئۇۋدا تونۇشقان ئەمەسمىدى؟ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ھېچ ئايرىلغۇسى يوق، — كۈلدى خان.

— بەك رەھمەت. بۇ ئىككى ئات بىزنىڭ ئىناق قېرىنداشلىقىمىزنىڭ گۇۋاھچىلىرى.

— توغرا ئېيتتىڭىز. خوش، يولدىن قالماڭ، ئاق يول تىلەيمىز.

خان ئارسلانبەگ بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئارسلان خوشلىشىپ بۇرۇلۇشقا تەمشەلگەنىدى.

— قېنى ئاتلىنىڭ، مۇشۇ بوز ئاتنى مىنىڭ، مەن كۆرۈپ تۇراي — دېدى خان.

ئارسلان مەمنۇنلۇق بىلەن خان تەقدىم قىلغان بوز ئارغىماققا چاققان مىندى. ئارسلان مېڭىشقا ئالدىرىغان ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتقانىدى، ئۇ ئالدى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ تىكلەندى ۋە قاتتىق كىشنىدى.

ئارسلان قوۋۇق ئالدىدا، پەلەمپەي ئۈستىدە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان خان بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلىشىپ ئارقىسىغا بۇرالدى. ئاتلىق بۆكە سۇباشى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭدى. ئارقىلىرىدىن

ماڭغان ئىككى نەپەر قارۇغباشنىڭ كەينىدىن چاپچىپ تۇرغان قۇلا ئارغىماقنى ئىككى چېرىك ئىككى ياندىن تىزگىنىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى. مەيداندىن چىقاردا ئىككى ياقىغا قاتار تۇرغان سۇباشنىڭ چېرىكلىرىمۇ ئارقىلىرىدىن ئەگەشتى...

ئۇلار مەيداندىن چىقىپ كەتكىچە خان قاراپ تۇردى، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قول كۆتۈرگەن ئارسلانغا قاراپ، قول كۆتۈرۈپ ئۇزاتتى...

* * *

قاراقوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قاراقوچۇ شەھىرىنىڭ سېپىلى ئۈستىدىكى كەڭ يولدا ئارسلانبەگ قوچۇ خانلىقىنىڭ باش ئولچىسى بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئارسلان بۇ يەرگە كەلگىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇ بېشبالىقتىن كەلگۈچە تاغلار ئېشىپ، چۆللەر كېزىپ ھارغانلىقتىن ئىككى كۈن ئارام ئالدى. بۈگۈن ئەتىگەن باش ئولچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستانىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن سېپىل ئۈستىگە چىققانىدى.

ئۇلار بىر ئېگىز راۋاق ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئۇنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلدى. ئارقىلىرىدىن بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە قارۇغچىلار بىللە ماڭدى. ئىككى ئايلانما پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار چوڭ چاقماق پەنجىرىلىك ئۆيگە چىقتى. تاش، ياغاچتىن مەھكەم ياسالغان بۇ ئۆيدىن پۈتكۈل ئاستانە چالا-پۇلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يۇقىرى چىقايلۇق، — دېدى باش ئولچى ئارسلانغا، — ئۇ يەردىن ھەممە ياق ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

يەنە بىر ئايلانما پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار راۋاقنىڭ ئۈستىگە

چىقتى، تاش سالاسۇنلۇق بۇ جايدىن ئاستانە تۈگۈل، پۈتكۈل ئەتراپ — يېزا - كەنت، تاغ - ئېدىر، چۆل - قۇملۇقلارنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

— مانا ئالىپ تاغ، — دېدى باش ئولچى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەگرى تېغنى كۆرسىتىپ، — بۇ تاغنى كىشىلەر "ئەركىن تاغ" دەپمۇ ئاتىشىدۇ. كېيىنكى يىللاردا "ئەگرى تاغ" دەپ ئاتايدىغان بولدى. ھەيۋەت تاغ، ئۇ، تۇرمۇشىمىزنىڭ بۆلىقى.

— راستىنلا ھەيۋەت تاغ، ئالىپ تاغ ئىكەن، — دېدى ئارسلان، — ئالىپ، ئەگرى، ئەركىن، دېمىسىمۇ شۇنداق — ئالىپلارنىڭ ئالىپى. تاغلارنىڭ ئەگرىسى، بوشلۇقنىڭ ئەركىن ئوغلانى. قاراڭ، ئاۋۇ بوغدا چوققىسىنى، ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ، كۆك بىلەن ئوينىشماقتا... — ئارسلان بۇ سۆزنى شۇنداق مەغرۇر ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئېيتتىكى، باش ئولچى ۋە باشقا ئەمەلدارلار قايىل بولغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

— شۇنداق، بەك توغرا باھا، — دېدى باش ئولچى، — ئۇنىڭ ئاق بېشى قارا بۇلۇتلارنى بۆسۈپ چىقىپ كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغاندا كىشىنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ.

— شۇنداق، بۇلۇتلار جۇدۇنلۇق بولسىمۇ، ئۇ ئۆتكۈنچى. بوغدا تىنىڭ تۇرغىنى تۇرغان، — دېدى ئارسلان. كېيىن ئۇ تاغ باغرىدىن تۆۋەنگە — كەنتلەرگە تۇتۇنلۇق ئاغامچىدەك سوزۇلغان كارىزلارنى كۆزدىن كەچۈردى، — سىلەر يەر تەكتىدىكى سۇنى ئېلىشقا ئۈستىكەنسىلەر.

— ئەگرى تاغ بەرگەن سۇنى چۆل يۇتۇۋالىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ. سۇ بولمىسا تىرىكچىلىك بولمايدۇ-دە. قاراڭ ئارسلان-

بەگ، ئاۋۇ بېرىكى، تاغ ئالدىدىكى ئۆيىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، كۆردۈم، بەك چوڭ جاي بولسا كېرەك.

— چوڭ جاي، ئۇلۇغ جاي. بىزنىڭ بۇتخانىمىز. ئۇ يەردە بۇت بار. بۇ ئۆينى "بېزەكلى" دەپ ئاتايمىز.

— بەك ياخشىكەن. مەن چوقۇم بېرىپ كۆرىمەن، — دېدى ئارسلان، كېيىن بۇرۇلۇپ كۈنپېتىشقا، كۈنچىقىشقا، تۆۋەندە — تاغ باغرىدا، قۇملۇق قوينىدا سوزۇلۇپ ياتقان بوستانلىققا كۆز سالدى، — گۈزەل ماكان. بەك گۈزەل، — دېدى ئۇ ھوزۇر بىلەن.

كۈننىڭ ئۆتكۈر ئاپتىپى قىزدۇرۇپ، پېشانىلىرىدىن چىم-چىم تەر چىققىلى تۇرغاندا، ئۇلار راۋاقتىن تۆۋەنلىدى...

ئەتىسى ئارسلان بېشبالىقتىن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئوردۇ ئاغىسى بىلەن بېزەكلى بۇتخانىسىنى زىيارەت قىلغىلى چىقتى. كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە ئۇلار ئاتلاندى. باغلىق ھويلىلار ئارىسىدىكى ئىككى تەرەپىدىكى ئۆستەڭدە شىلدىرلاپ سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرغان يوللار بىلەن ئۇلار بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن كەنتنىڭ چېتىگە چىقتى. ئالدىلىرىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان قىزىل-ئالا تاغ ئېچىلدى. سول ياقتىكى سايدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار يېقىنلاپ بارغاندا، تاغ قولتۇقىدا، يۇقىرىراقتا ھەيۋەتلىك بىر بىنا ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇنىڭ قىزىل ساپال ئۆگزىلىرى، چوڭ-كىچىك مۇنارىلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. كەڭ چاقماق ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بۇ ئېگىز-پەس بىنالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىلىرىدىن ئېگىز ۋە سۆلەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

"بېزەكلى»، — دېدى ئارسلان ئىچىدە ۋە ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلىدى، — كىشىلەر دائىم ئۈچ چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنى ماختى-

ئىبادەتخانىسى. بىرى، قەشقەر بۇددا ئاتتى. بىرى، خوتەن بۇددا ئىبادەتخانىسى، يەنە بىرى مۇشۇ «بېزەكلىك»". ئۇ "بېزەكلىك"نى ئەڭ چوڭ، گۈزەل ئىبادەتخانا دەپ ئاڭلىغان. شۇڭلاشقا، ئۇ قەشقەردىن چىقىشتىن بۇرۇنلا "بېزەكلىك" ئىبادەتخانىسىنى بىر كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا كىشىلەر مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا جابدۇنغانىدى. ئۇلار كىمنىدۇ كۈتۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ شەھەر تەرەپكە قارىشاتتى... ئاخىرى، ئوردۇ ئاغىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارسلانبەگ چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئىككى قارۇغباشى ۋە تۆت نەپەر چېرىك كېلەتتى. ئۇلار تاغنىڭ بېلىگە چىققاندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قاتار سەگى تېرەكلەر ئارىسىدىكى يولدىن مېڭىپ تاغ باغرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا، بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتا ھەشەمەتلىك بۇتخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېقىنلاشقانچە بىنانىڭ قەددى چوڭايدى. ئۇلار كىچىك سېپىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان دۈگىلەك تامنىڭ ئىچىدە تىزىلىپ تۇرغان قىزىل ئۆگزىلىك ئىمارەتلەرنى كۆردى. يوغان ئىككى قاناتلىق قوۋۇق ئۈستىگە قىزىل سىر بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە "بېزەكلىك" دېگەن خەت يېزىلغان گىرۋەكلىك ئۇزۇن تاختا ئېسىلغان. ئارسلانبەگ توختاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ تاختايغا قارىدى. "«بېزەكلىك»، گۈزەل ئات، ئىچى ئوبدان بېزەلگەن بولسا كېرەك." دەپ ئويلىدى ئۇ، بۇ ئىمارەتلەر ئارقىسىدىكى تاغ يونىلىرىدا كۆپلىگەن گەمە بۇتخانىلىرىنىڭ ئىشىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئوردۇ ئاغىسى ئوچۇق قوۋۇق ئىچىگە دىققەت قىلىپ قالدى، ئارسلان ئۇ ياققا قارىغانىدى، ياشانغان بىر راھىب كەينىدە

ئەگەشكەن ئىككى ياش راھىب بىلەن چىقىپ كەلدى. ئۇ قوزۇق پەلەمپەيدىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى قولىنىڭ ئالقانلىرىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە قويۇپ ئازراق ئېگىلدى. "ئامىتابا" دېدى ئۇ غورۇڭلاپ چىققان ئاۋاز بىلەن، كېيىن تۈزلىنىپ "ھارمىغايلا، قۇتلۇق مېھمان" دېدى. ئارسلانمۇ ئوخشاشلا دىنىي تەكەللۇپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇ ئەمدى مۇسۇلمان بولسىمۇ، بۇددا دىنىنىڭ يوسۇنلىرى ئۇنىڭغا يات ئەمەس ئىدى. ئارسلان راھىبنىڭ سىياقىغا سەپسالدى. ئۇ يۇقىرى تەبىقە-لىك راھىبلارغا خاس سالاپەت بىلەن كىيىنگەن. يەڭلىرى كەڭ، ئۇزۇن، سېرىق يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن بويىنىنى ئايلاندۇرۇپ ئارقىسىغا تاشلانغان قىزىل سېرىق يوللۇق رەخت تىزلىرىدىن تۆۋەن چۈشۈپ تۇراتتى. چىلاندەك يوغان، جىگەر رەڭ كەھرىۋا ماجانلىق تەسۋى پارقىراپ قورسىقىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇڭ بىلىكىگە بىر كىچىك سېرىق تەسۋى ئورىۋېلىنغان. چاچسىز يۇپيۇمىلاق بېشى پارقى-راپ تۇرىدۇ. ئاق كىرگەن قويۇق قاشلىرى يېيىپ تۇرغان كۆزىدە قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. بۇ سىر بۇددا ئىلاھى-نىڭ قۇدرىتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرامدۇ، ياكى يالغاندىن كىشىلەرنى ئالداۋاتقىنىغا ئۇيالغانلىقتىنمۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى. راھىب سىڭا-يان بولۇپ قوللىرى بىلەن ئارسلاننى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزى ئالدىدىراق يانداپ ماڭدى. ئۇلار دەرەخلىك ھويلىدا قوللىرىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ تىزلىنىپ تۇرۇشقان راھىبلار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، پەلەمپەيدىن سۇپىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار تاشلىق سالاسۇن بىلەن ئورالغان چاقماق سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان ئېگىز قىزىل بىنانىڭ قىزىل قوۋۇقىدىن ئىچكىرى كىردى. ئۇدۇلدا ساكيامونىنىڭ

پاداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھەيكىلى، ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا باشقا بىر-مۇنچە بۇددا مۇئەككەللىرىنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان. ئۆينىڭ ئىچى ئالدىغا ھەرخىل قىياپەتتىكى بۇددا كاھىنلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قاتار قويۇلغانىدى. ئۇلار ئارقا ئىشىكتىن يەنە بىر ھويلىغا كىرىپ، ئاۋۇنكىدىن ئېگىزرەك بىر تاش سۇپىغا چىقتى. ئۇ يەردىن يەنىمۇ چوڭ بىر بىناغا كىرىپ، بايىقىلاردىنمۇ چوڭراق، ھەيۋەتلىكرەك بۇت-مەبۇدلار ھەيكەللىرىنى ۋە تاملاردىكى، تورۇستىكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى سۈرەتلەرنى كۆردى. "راست ياخشى بېزەلگەنىكەن" دېدى ئارسلان ئىچىدە.

بۇ بىنانىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئۈچىنچى ھويلىغا كىرىشتى. ھويلا كەڭ، ئىككى چېتىدە پېشايۋانلار ئاستىدا چىرايلىق پەنجىرىلىك ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ-كىچىك راھىبلار قاتار تىزىلىپ قارشى ئالاتتى. ئۇلار باشتىكى ئىككى سۇپىدىنمۇ چوڭ ۋە ئېگىز بىر تاش سۇپىغا چىقتى. بۇ يەردىن "بېزەكلىك" تاملىرىنىڭ تاشقىرىسىدىكى تاغ ئېتەكلىرىنى، يېزا، كەنتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئارسلانلارنى باشلىغان راھىب ئېگىز قوۋۇق ئالدىغا كەلگەندە، ئىككى قاسناقتا تۇرغان ئىككى نەپەر ياش راھىب قوللىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ، راھىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلدى. راھىب باشلىرىغا قولىنى تەككۈزگەندىن كېيىن ئارقىسىغا چېكىندى.

ئارسلان بۇ چوڭ بىنانىڭ تاشقى قۇرۇلۇشىغىلا قايىل بولدى. بىنانى ئايلاندۇرۇپ پېشايۋان چېتىگە تىرەپ تىكلەنگەن يوغان، ئېگىز قىزىل تۈۋرۈكلەر تۆت تەرەپتىن بىنانى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئارسلان ئىچكىرى كىرىپلا قوچاق يەتمەيدىغان ئالامەت چوڭ قىزىل تۈۋرۈكلەرنى

كۆرۈپ، قاتمۇقات ئېگىز تۆگزىنىڭ مەزمۇت تۇرالغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرگەندە ئىككى ياندا تۇرغان چوڭ ياشلىق ئىككى راھىب ئالدى بىلەن باش راھىبقا بۇددا دىنى قائىدىسى بويىچە ھۆرمەت بىلدۈردى. كېيىن، ئارسلان ۋە باش ئولچىغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلارنى ئالدىلىرىغا قىبلىن نوملارنى قويۇپ، ئىككى قاتار ئولتۇرۇپ، غۇڭشىغان چوڭ ئاۋازلار بىلەن ئوقۇۋاتقان راھىبلار ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ماڭدى. ئاخىرى ئۇلار روبىروسىدا ھەممىدىن چوڭ ياسالغان ھەيۋەتلىك ساكيامونىنىڭ ھەيكىلىنى كۆردى. ئادەم بويىدىن ئېگىز سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان بۇ ساكيامونى بىر قولىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. ھەيكەلنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. باش راھىب ئارسلاننىڭ بۇ بۇتقا قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ "بۇت قويۇلغان سۇپا ئۈچ غۇلاچ، ھەيكەل بەش غۇلاچ، پۇتۇن ئېگىزلىكى سەككىز غۇلاچ كېلىدۇ" دەپ چۈشەندۈردى. بۇت ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپكە ئىككىدىن تۆت مەبۇد، ئۇلارنىڭ كەينىدە تۆتتىن سەككىز مۇئەككەللەرنىڭ ھەيكىلى تىك تۇراتتى. تۇرلۇك قىياپەتتىكى ۋە تۇرلۇك ئوبرازلارنى ئىپادە قىلىدى-غان بۇ مەبۇد ۋە مۇئەككەللەر گويا ساكيامونىنى قوغداۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭ دىنىي مەرىپەتلىرىگە تەبىر بېرىپ جاھانغا جار قىلىۋاتقاندى-دەك بىلىنەتتى. باش ئولچى بالا راھىب ئېلىپ كېلىپ بەرگەن ئۇچى يېنىپ تۇرغان ئۇزۇن، قىزىل نوكچىنى ئېلىپ بۇت ئالدىدىكى ئوقۇر شىرە ئىچىگە قادىدى. كېيىن راھىبنىڭ ھەمراھلىقىدا يەرگە قويۇلغان دۈگىلەك ياستۇققا تىز چۆكۈپ بۇتقا چوقۇندى. ئارسلان مۇسۇلمان بولسىمۇ بۇتقا چوقۇنۇش ئۇنىڭغا يات تۇيۇلمىدى. ئۇ

كىچىكلىكىدە دادىسى باتۇرناغىغا ئەگىشىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇت-
خانىغا بېرىپ بۇتقا چوقۇنغانلىقىنى ئەسلەپ بىر خىل تونۇشلۇق
سېزىم ھاسىل قىلدى. ئەمدى ئۇ بۇتقا ئەمەس، ئاللاغا چوقۇنىدۇ.
ئۇ ناماز ئوقۇغاندا، "بۇت، دەرگاھىڭدا ساقلىغىن" دېمەيدۇ. "ئاللا
بىر، مۇھەممەد ئۇنىڭ رەسۇلى، مەن سادىق بەندە" دەيدۇ. شۇ تاپتا
ئۇ ئۆز شەخسىيىتى ئۈچۈن ئەمەس، بىر مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ
ئەلچىسى بولغانلىقتىن، بۇت ۋە چوقۇنۇشلارغا ھېچقانداق ئىپادە
بىلدۈرمەي قاراپ تۇرىۋەردى. بۇتخانا راھىبلىرى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خان-
لىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ دىنىي ئېتىقادىتىكى ئوخشىمايدىغان يوسۇنلارنى
بىلگەچكە، باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ
چوڭ راھىبقا ئەگىشىپ بۇتخانىنىڭ يان ۋە ئارقا تاملىرىدىكى ھەرخىل
سۈرەتلەرنى تاماشا قىلدى. قاتار تىزىلغان خىلمۇخىل ھەيكەللەرنىڭ
ئۈستىدىكى تاملارغا بىر-بىرىدىن گۈزەل ۋە يېڭىچە رەڭلىك سۈرەت-
لەر سىزىلغان. بۇرھانلارنىڭ ئەجدىھاغا مىنىپ ئاسمانغا چىقىپ
دېۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشى؛ قاناتلىق ھۆرلەرنىڭ جىنلارنى قوغلاپ
زەربە بېرىشى، شىر ۋە يولۋاسلارغا مىنگەن كىشلەرنىڭ غار ئىچىدە
دېۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىشى؛ بۇتقا ئەگەشكەن راھىبلارنىڭ يەتتە
قات ئاسماندىكى قاتمۇقات راۋاقلىق بىنالار ئۈستىدە ئايلىنىپ
ئۇچۇشى، بۇلۇت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ساز قىلىۋاتقان، ناخشا
ئېيتىۋاتقان ۋە ساما بوشلۇقىدا ئۇسۇل ئويناۋاتقان ھۆرلەرنىڭ
پەرۋاز قىلىشلىرى... بۇ ئاجايىپ-غارايىپ سۈرەتلەرگە زوق
بىلەن قاراپ چىقتى.

ئۇ بۇ سۈرەتلىك مەنزىرىلەرنى قەشقەرنىڭ ئىلگىرىكى بۇتخانى-
دىكى سۈرەتلەر بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزى كۆرگەن

بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ئىچىدە بۇ "بېزەكلىك" ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالەمدىلىكىگە، ماھىر ئۇستىلارنىڭ نەپىس سەنئەتلىرىگە قايىل قالدى... ئۇندىن كېيىن ئۇلار يۇقىرىقى تاغ باغرىدىكى گەمە بۇتخانىلارنى زىيارەت قىلدى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ گۈزەل سۈرەتلەرنى تاماشا قىلدى.

بۈگۈن قوچۇ بالىقنىڭ ئاياغراقىدىكى، چوڭ گۈزەل ئوردۇ بېغىدا ئارسلانبەگ ھۆرمىتىگە زىياپەت بېرىلدى. باغ مېھمان ۋە كۈتكۈچىلەرگە تولغان. باغ قوۋۇقىدىن كىرگەندە، ئوڭ ياقتا كارىز تىلىمىسىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ. ئارسلان باش ئولچى بىلەن قوۋۇقتىن كىرىپلا كۆزى دەرھال تىلىمغا چۈشتى. "ئەجەب سۈزۈك سۇ، شوخ ئېقىشىنى قاراڭ" دېدى باش ئولچىغا قاراپ. "شۇنداق، يەر تومۇرىدىن ئايلىنىپ چىققان ئەركىن تاغ سۈيى، ئۇ تىرىكچىلىك بۇلىقى" دېدى باش ئولچى.

ئۇلار مېۋىزارلىق ئارىسىدىكى يولدىن ئېچكىرىلىدى. كىشىلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلار باغ ئوتتۇرىسىدىكى سالاسۇنلۇق سۇپا ئالدىغا كەلگەندە ئوردۇ ئەربابلىرى، چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار ۋە يۇرت كاتتىلىرى قارشى ئالدى. سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئارسلان باغقا نەزەر تاشلىدى. راستىنلا بەك ئوبدان، گۈزەل باغكەن. سۇپىدىن ئوڭ ۋە سولغا سوزۇلغان كەڭ، ئۇزۇن ئۈزۈم بارىڭىدا كۈز ئاپتىپىدا سارغايغان ھەر خىل ئۈزۈم شىڭگىللىرى ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى قىزىل، سېرىق ئالما، ئانار، شاپتۇل، نەشپۈتلەر گويا مېھماننى قارشى ئېلىپ كۈلىدۇ. سۇپىنىڭ نېرى-رافىدا چوڭ-چوڭ قوغۇنلار تىزىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ نېرىسىدا كاۋاپدانلاردىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ، مەززىلىك كاۋاپ ھىدى باغقا تولغان.

سۇپىدىكى داستىخانغا باغنىڭ ياخشى مېۋىلىرى قويۇلغان، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ لېگەنگە شىڭگىلى بىلەن ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئۇزۇن مۇناقى ئۈزۈملەر ئارسلانغا گويا "يېمىسىڭىز مەيلىڭىز" دەپ نازلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئارسلان شىڭگىلىدىن بىر تال ئۈزۈمنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغاندا، ئۇنى يېمەي ئىلاجى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. راست دېگەندەك بۇ ئۈزۈم قەشقەر ئۈزۈملىرىدىن ھەم ئۈز، ھەم شېرىن ئىكەن. ئۇ ئالدىدا تۇرغان كاسىدىن بىر پارچە قوغۇننى يەپ كۆرۈپ، بۇنى قەشقەر قوغۇنىغا سېلىشتۇرۇشقا پېتىنالمىدى...

زىياپەت باشلاندى. كاۋاپ كەينىدىن مەززىلىك تائاملار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. چۈشتىن كېيىن باشلانغان زىياپەت كەچكىچە داۋام قىلدى. ئېرىراقتىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقان سازەندە-لەرنىڭ ساز-ناخشىلىرى زىياپەتنىڭ پەيزىگە پەيز قوشۇپ تۇردى. ناخشا-ئۇسۇل، قوشاقلار كەينى-كەينىدىن قايناپ تۇردى. كەچقۇرۇن بولغاندا، ساز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر زوق بىلەن سازەندىلەر ئولتۇرۇشقان ياققا قاراپ بويۇندىشاتتى. بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ شوخ، چاققان ئۇسۇللىرىدىن كېيىن كەكە ساقال بىر سازچى غىجەك-نى بىر شوخ ئاھاڭغا باشلىۋەتتى. باشقا سازچىلار ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلدى. بىرپەستىن كېيىن سازچى ناخشا باشلىدى.

قاتار-قاتار قاپقارا تاغدا،
ئەركىن تىنچ ئورمانلىقتا،
ئارچا-سۆگەت ئاستىدا،
ئامراق قۇشلار سايرار،
تەرەڭلىك قۇرۇقلۇقتا،

ئاتقاغسىز① مەنگى خۇش قىلغۇر يول —
ئانىگەنەگ ئورۇنلاردا.
غىجەك ئاھاڭىنى تەكرارلىدى، سازچىلار، ناخشىچىلار ئاۋاز قوشتى:

"هوي، هوي، هوي، هوي!"

سازچى ناخشىسىنى داۋام قىلدۇردى:

تەرەك قات-قات بۈك تاغدا،
ئەسلى قالىن ئورماندا،
ئېگىز تىك قىيا ئاستىنتا،
تۆگەل جىمجىتلىقتا،
ئىرماش-چىرماش سۆگۈت ئاستىنتا،
ئىنچىكەگىنە سۇۋ قىرغاقىندا،
ئامان ئۇلتۇرارغا لايىق يول —
ئانىگەنەگ ئورۇنلاردا.

كۆپچىلىك ئاۋازى جور بولدى:

"هوي، هوي، هوي، هوي!"
يىراق بولۇك تەرەك تاغدا،
سەۋىگىلىگ ئورماندا،
زۇمرەت سۇۋلار بويىنتا،
جىم-جىم تۆزلەگدە،
سەگىز يىپلگە تەبرەنمىگەن —
سۇرلۇك شۇ جايدا،

① ئاتقاغسىز — ئەندىشىسىز.

بىر يالغۇز خۇش بولغۇلۇق ئۇل —
ئانگتنەگ ئورۇنلاردا.
"هوي، هوي، هوي، هوي!"
كۆكەرىپ تۇرۇر كۆركلۈگ تاغدا،
كۆگۆل ياراشى ئەدگۈ ئورۇنتا،
كۆپ باراقسان سۆگۈتلىكتە،
تۆركەش ئاققان سۇۋلىقتا،
كۆز قاچقۇنلاردىن① نەرى
كۆرۈنمىش، بىلىلمىش ئورۇنتا،
كۆسەنچىگسىز② چىن كۆگۆللۈك ئۇل —
ئانگتنەگ ئورۇنلاردا.

ساز، ناخشىلار يەنە "هوي-هوي"لاپ داپۇدۇمباقنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئاۋال ياۋاش ساماغا ئوينىشىپ، كېيىن ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ، بىر-بىرىنى ئايلىنىپ پىرقىراشقا باشلىدى. ساز، سازغا ئەگىشىپ ئۇسۇل بارغانسېرى چاپسانلاپ قايناپ كەتتى...گايىلار ھېرىپ-ھۆمۈدەپ چەتكە چىقتى، بىرمۇنچىلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ پىرقىراۋەردى. يىقىلغانلارنى كىشىلەر كۆتۈرۈپ چەتكە ئالغاندا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆزىنى يۇمۇپ پىرقىراۋەردى... شۇنداق قىلىپ، ئۇسۇلچىلار ئازىيىۋەردى. ئاخىر بىر جۈپ قىز-يىگىت قالدى. ئۇلار ئازراق

① كۆز قاچقۇنلار — بۇددا دىندا ئېيتىلىدىغان ئالتە ئوغرى — كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن، ئاڭنى كۆرسىتىدۇ.
② كۆسەنچىگسىز — غەمسىز.

پىرقىرىغالىدىن كېيىن، بىرپەس ياۋاش ئويىنىدى-دە، يەنە پىرقىراشقا باشلىدى. بىردەم ئۇنداق، بىردەم تەتۈر پىرقىراشتى. پىرقىرىدى، پىرقىرىدى، پىرقىرىدى... توختىمىدى، بارغانچە چاپسانلىشىپ كەتتى. پېشانىلىرىدىن تەرلەر ئاققىلى تۇردى. ئۇلار كۆزىنى ئاچمايلا پىرقىرىغانچە چاپانلىرىنى يېشىپ ئىرغىتىپ تاشلىدى. پىرقىراۋەردى... ئاخىرى كىشىلەر هوگا-سۈرەن بىلەن كېلىپ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا تاشلاشتى ۋە كۆتۈرگەن پېتى سۇپىغا ئېلىپ كەلدى. ئارسلان باش ئولچى ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن قوپۇپ ئۇلارنى خۇشال تەبرىكلىدى. سازچىلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ سازنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى.

كۆپچىلىك ناخشىلارغا ئەگىشىپ چاۋاكقا كېلىشتۇرۇپ "هوي، هوي-هوي... هوي-هوي، هوي، هوي، هوي!" دەپ ۋارقىرىشاتتى. پۈتكۈل باغ كارامەت خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن تولدى...

* * *

بۈگۈن ئارسلان يولغا چىقتى. باش ئولچى بىر قىسىم ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەر بىلەن ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار يۇرتتىن چىقىپ ئاتلىرىنى يورۇتۇپ بىرپەس ماڭغاندىن كېيىن، تاغ باغرىدىكى ئاچا يولغا كېلىپ توختىدى. مېهمان ۋە ئۇزاتقۇچىلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قۇچاقلاشتى، خوشلاشتى. ئارسلان ئاتلاندى...

باش ئولچى باشلىق ئۇزاتقۇچىلار ئارسلانلار ئۇزاپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇشتى... بىرىپ-بىرىپ ئارسلانلار كۆرۈنمەي قالدى. ئاسماندىكى سۇ دولقۇنىغا ئوخشاپ لەپىلدەپ ئېقىپ تۇرغان ساغىم ئۇلارنى قۇچاقلاپ قوينىغا ئالغاندى....

# ئىككىنچى باب

## قۇرۇلتاي

قاراخانىلار خاندانلىقى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ بايرام كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسىنىڭ قارارى بويىچە بايرامنى ئوبدان قارشى ئېلىش ۋە بايرام ئالدىدا قۇرۇلتاي ئېچىش جاكالانغاندى. بۇلتۇردىن تارتىپ پۈتۈن ئەلدە ئالدىراش تەييارلىق باشلىنىپ كەتتى. ئاستانە قەشقەردە تەييارلىق قىزىپ كەتتى: شەھەر ئىچى-تېشىنى پاكىزلاش، سالپى-سايىق كوچا-كويلارنى تەرتىپكە سېلىش، دەرەخ، گۈلزارلىقنى كۆپەيتىش، بولۇپمۇ ئوردۇ، مەسجىد، مەدرىسلەرنى سىرلاپ، گۈللەش ئالاھىدە ئىش قىلىپ تۇتۇلدى. ھازىر ئەمدى قەشقەردە يالغۇز ئۈچ چوڭ بىنالا ئەمەس، كۆپلىگەن بىنالار — دۆلەت ئىدارە ئورۇنلىرى، تۆرىلەرنىڭ، يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قاتلام ئەمەلدارلار، دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئېكتارلارنىڭ سالاپەتلىك سارايلىرى مەيدانغا كەلدى. چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى ۋە ئالىي، تۆۋەن مېھمانخانىلارمۇ سېلىندى. كىچىك ئوقۇللار ۋە يېڭى-يېڭى مەسجىدلەر بارلىققا كەلدى. شەھەرنىڭ غەرب، شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرىدە، تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ گۈزەل باغ-بوستانلار پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاۋۋالقى كىچىك دائىرىلىك قەشقەر ئورنىدا ئون بەش يىل ئەتراپىدا بىر گۈزەل يېڭى ئاستانە قەد كۆتۈرۈپ چىقتى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يېڭى مەركىزى

بولغان بۇ شەھەر ئۆزاق ئۆتمەي، يالغۇز تۈركلەر دۇنياسىدىلا ئەمەس، سودا، مەرىپەت، ھۈنەر سەنئىتى جەھەتلەردە پۈتۈن ئاسىيا ۋە ياۋروپادا داڭلىق شەھەرگە ئايلاندى.

قۇرۇلتايغا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا بىرنەچچە يىل ئىلگىرى قارار قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېچىكىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ۋاقىت يېتىپ كېلەي دېدى، ئۇيغۇرۇش ھالقىسى، بارلىق ئوردۇ ئەمەلدارلىرى ئالدىراشلىق بىلەن تەييارلاندى.

سەككىزىنچى ئاي يېتىپ كەلدى. بايرامغا بىرەر ئايدەك ۋاقىت قالدى. قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي قاتناشچىلىرى — ھەربىر ئىلىك خانلار قەشقەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئىلىك خانلار، خانلار ئايرىم-ئايرىم ياخشى قارشى ئېلىندى. قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى بۆكە سۇباشى ئالاھىدە قارشى ئېلىندى.

سەككىزىنچى ئاينىڭ باشلىرى، قەشقەرنىڭ ياخشى ياز ئايلىرى. چۈشتىن كېيىن ئاتلىق ئەمەلدارلار، ئاتلىق چېرىكلەر تۈمەندىن ئۆتۈپ ئاتۇش يولى بىلەن يۇقىرىلىماقتا ئىدى. ئۇلار قورغان يېزىسىنىڭ چېتىگە كېلىپ توختاشتى. يېزا چېتىدە ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ بىر تۈپ رىدە ئاستىدىكى سەيناغا كىگىز، گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان، داستىخانلارغا نان، يازلىق مېۋىلەر تىزىلغان. ئۆرە-تۆپە كىشىلەر شاپاشلاپ يۈرۈشىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئۇ ياقىدا ئەر-ئايال ياشلار سەپ تارتىپ تىزىلغان، ئارىلاپ ناغرىنىڭ ۋە سۇنايىنىڭ ئاۋازى كىشىلەرنىڭ چۇقانلىرى ئارىسىدا ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

شەھەردىن چىققان ئاتلىقلار كەلگەنىدىن كېيىن، قارشى ئېلىش

مەيدانى قايناپ كەتتى. ئاتلىق چېرىكلەر ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، بولۇڭ ئىككى ياقىسىدا تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئەمەلدارلار ئاتتىن چۈشۈپ دەم ئېلىشتى. كىشىلەر ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاتۇش تېغى ياقىغا قاراپ قويۇشاتتى...

"چاپارمەن كەلدى!" دەپ ۋارقىرىدى بىرسى. يىراقتا — تاغ يوتىسىدىكى يىپتەك سوزۇلغان يولدا توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر قارا كۆرۈندى... ئۇ بارغانچە يېقىنلاشتى. ئەمدى بېشىنى قىزىل ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان بىر ئاتلىقنىڭ قويۇنىدەك چېپىپ كېلە-ۋاتقانلىقى ئوچۇق كۆرۈندى... ئۇ كۆۋرۈك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ تەرگە چۆمگەن ئېتىنى بىرسىگە بەردى-دە، ردە ئاستىغا كېلىپ ئوردۇ قارۇغباشى قىلىچقا ئالدىراپ سۆزلىدى:

— كېلىۋاتىدۇ، توققۇز ھۇجرىدىن ئۆتۈپلا ئىلگىرىلەپ چاپتىم، ھازىر كېلىدۇ...

— ھە، سەن دەم ئالغىن، — دېدى قىلىچ چېرىككە، كېيىن كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ يۇقىرى قارىدى.

"كەلدى، كەلدى" دېدى كىشىلەر. ئەمدى تاغ باغرىدىكى تۇزلەڭلىكتە چاڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى.

بىرپەستىن كېيىن مېھمانلار يېتىپ كەلدى. ناغرا-سۇناي ۋە كىشىلەرنىڭ ھوگا-سۈرەنلىرى ياڭراپ كەتتى. ئوتتۇرىدا بۆكە سۇباشى كەلمەكتە. ئۇ ئېگىز تورۇق ئاتقا مىنگەن، بېشىنى قىزىل ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان، جىگەررەڭ ئۇزۇن يەكتەكنى ئۈستىدىن كەمەر باغلىۋالغان، كەمەردە ساپ غىلاپلىرى پارقىراپ تۇرغان خەنجەر ئىككى يېنىدا ئۇنىڭغا ئوخشاشلا كىيىنگەن، چوڭ گەۋدىلىك قىلىچلىق ئىككى چېرىكباشى كەلمەكتە. كېيىنكى قاتارلاردا ئەمەل-

دارلار، قىلىچلىق چېرىكباشلىرى ۋە نەيزە-قالقانلىق چېرىكلەر.

كۆۋرۈكنىڭ نېرىراقتا مېھمانلار ئاتتىن چۈشتى. كۆۋرۈك ئالدىدا تۇرغان توغرۇلبەگ، بۆرىبەگ، قىلىچ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئالدىغا ماڭدى، ئۇلار ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى. قارشى ئېلىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى...

مېھمانلار باش-كۆزلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، رىدە ئاستىدىكى داستىخانغا تەكلىپ قىلىندى. بىرپەس ئارام ئالغاندىن كېيىن، مېھمانلار مېھمان ئىگىلىرى بىلەن شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى...

* * *

ئوردىدىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىشخانىسىدا ئۇيغۇرۇش ھال-قىسىنىڭ مەجلىسى بولماقتا. سۇتۇق بۇغراخان باشچىلىق قىلدى. بارسبەگ، توغرۇلبەگلەرمۇ بۇ باش قوشۇشتا بار ئىدى. بۈگۈنكى بۇ باش قوشۇشتا قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىقى تەكشۈرۈلمەكتە ئىدى.

— ئىلىك خانلار ۋە ئىدىقۇت خانىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ بولدى، — دېدى بارسبەگ، — ھەممىسى ئامان-ئېسەن، كەيپىياتلىرى ياخشى. ئات ئۈستىدە ھېرىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ھارغىنلىق كۆرۈل-مەكتە. باتۇرتاغا مېھمانخانىغا بېرىپ ھال سورىدى.

— ھەممىسى كېلىشىپتۇ، — دېدى باتۇرتاغا، — دەم ئېلىشقا ۋاقىت بېرىش كېرەك بولدى. مەن ئۇلارغىمۇ ئېيتتىم. ئۈچرىشىش ۋاقتىنى ئۈچ كۈندىن كېيىنگە توختاتساق.

— ياخشى گەپ، — قوشۇلدى سۇتۇق، — بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، — ئۇ بارماقلىرى بىلەن ساندى، — يەنە بىر كۈن قوشايلۇق، ئىندىن، بۈگۈندىن باشقا ئۈچ كۈن دەم ئالسۇن. چىندىنلىقتا كۆرۈشسەك،

قانداق؟

ھەممەيلەن قوشۇلدى. بۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بارـ
پەگكە تاپشۇرۇلدى.

ـــ قۇرۇلتايدا سۆزلىنىدىغان سۆز ۋە دۆلەت پەلگىلىسى كۆپ
قېتىم ئالقىلاندى. يەنە قانداق ئىشلار بار، ـــ دېدى سۇتۇق بىرئاز
ئويلىنىپ، ـــ ئاۋۋالدىن ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئىشانىمىز: پاراۋانلىق،
بىلىگلىك، بىرلىك، قوغدىنىش؛ كېيىن چەت بىلەن ئالاقىدە
"ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى" دېگەن سۆزنى قوشتۇق. ئىلىك ھاجىپ،
سىزنىڭ يەنە سۆزلىرىڭىز بار بولغاي...

ـــ بەش سۆزلۈك ئىشان بەك ئەدگۈ، ـــ دېدى ئىلىك ئىككـ
لەنگەندەك بولۇپ، كېيىن سۆزنى داۋام قىلدى، ـــ ئەلنىڭ پاراۋانـ
لىقى ئالدى بىلەن تەييار تاپلار ئۈچۈن بولماقتا. مەن "تەڭلىك"
دېگەن بىر سۆزنى قوشاق دەيمەن. "بىلىگلىك"دە دىن بىلىگى
باشقا بىلىگلەرنى بېسىپ كەتمەكتە. "ھەر بىلىگ ئۆز ئالدىغا بولسۇن"
دېمەك بولارمۇ؟ "بىرلىك"دە ھەربىر خانلىقلارنىڭ بىرلىكىنى
كۆچەيتمەك ئۈچۈن پۈتۈن بىرلەشكەن دۆلەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ
ئەركىگە تەگمەسلىك سۆزلەنسە؛ بىرقانچە خانلىقلار، ياكى خانلىقـ
لارنىڭ كۆپ قىسمى تېخى ئىسلام دىنىغا كىرگىنى يوق. قاراقوچۇ
خانلىقى بولسا جىق يىراق. "دىنىدا مەيلىچە بولۇش، كۆچ ئىشلەتـ
مەسلىك" دېگەن سۆز بېكىتىلسە. "ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى"
سۆزى ياخشى ئېيتىلغان.

ـــ مانا قاراڭ، دوستىمىز ئىلىك بىزدىن جىق ئويلايدۇ، ـــ دېدى
سۇتۇق كۈلۈپ، ـــ ياخشى ئويلىنىش، ياخشى سۆزلەر... "تەڭلىك"
.... ـــ ئۇ ئويلىنىپ توختاپ قالدى...

— تەڭلىك — بۇ چوڭ سۆز، ھاجىسپ، — دېدى بىلگە تېكىن ئويچان سىياقتا، — تەڭلىكنى قانداق ئورنىتىش كېرەك؟ تۆرىلەر، ئېكىتالار، بەگ ئىگىلىرىنى دېھقانلارغا، نامراتلارغا تەڭ قىلىش كېرەكمۇ، ياكى دېھقان ۋە نامراتلارنى ئۇلارغا تەڭ قىلىش كېرەكمۇ؟ بىرىنى چۈشۈرۈپ، بىرىنى تىكلەش؛ ياكى بىرىنى كېسىپ، بىرىگە ئۇلاش... قانداق تەڭ قىلماق كېرەك؟ ياخشى سۆز. لېكىن چوڭ گەپ، قىيىنراق گەپ... بىرىنى يۆلەپ، بىرىنى بېسىپراق قويساق قانداق بولاركىن؟!... بۇ ئىشنى ئۆتكەن قېتىم ھاجىپ ئېيتقاندىن كېيىن جىق ئويلىدىم. لېكىن ئۆزۈپ گەپ قىلىش قىيىندەك تۇرىدۇ...

— ئويلاشقا تېگىشلىك ئىش، — دېدى خانىش ئايدىڭ، — ئەگەر تەڭلىك بولمىسا كۆپچىلىك بودۇن پاراۋان بولمايدۇ، بودۇن پاراۋان بولمىسا، ئەل پاراۋان بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋال ھازىر ئەمدى ئوچۇق كۆرۈنمەكتە. لېكىن، قانداق "تەڭ" قىلىش كېرەك؟ مەنمۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— بىز ئىككىمىز بۇ ئىش ئۈستىدە جىق ئويلاشتۇق، — دېدى خان خانىشقا قاراپ، كۈلۈپ — ئاخىر ئايدىڭ "تەڭلىك" دېگەن سۆزدە مېنى سۇندۇردى. لېكىن، قانداق "تەڭ" قىلىشتا بىر يەرگە كېلەلمىدۇق. بۇ، ئېيتقاندەك، ھەم چوڭ ئىش، ھەم قىيىن ئىش...

— بۇ ئىشنى يەنە ئويلىشايلۇق، — دېدى ساقىلىنى سىلاپ ئويلاپ ئولتۇرغان باتۇرتاغا، — بىرىنى چۈشۈرۈپ، بىرىنى تىكلەش؛ ياكى، بىرىنى كېسىپ، بىرىگە ئۇلاشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرساق، بىلگە تېكىن ئېيتقاندەك بىرىنى يۆلەپ، بىرىنى بېسىپراق قويۇش، تىزگىننى تارتىپ قويۇش ياخشى بولارمىكىن؟!

— خوپ، باتۇرتاغىنىڭ سۆزىچە بولسۇن، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان، — ئەگىلىك توغرىسىدىكى تالقىمىزنى قۇرۇلتايدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئېلىپ بارايلى. دۆلەت قانۇنىچۇ؟ — ئۇ سوئال ئالامىتى بىلەن بىلگە تېكىنگە قارىدى.

— بەلگىلىمە توغرىسىدا باشقا پىكىر يوق، — دېدى بىلگە تېكىن، — ئىنچىكىلەپ يېزىشنى ئىلىك خانلارغا قالدۇرساق. دۆلەت قانۇنى ھەممە پارچە ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى قىيىن.

— خوپ، ئۇنداق بولسا، سۆز بىلەن بەلگىلىمىنى باسمىدا بېسىپ تەييارلاش كېرەك، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان، — ئاۋۋال ئوردۇ ئولچەلىرىغا، ئاندىن كېيىن قۇرۇلتايغا تارقىتىپ بېرىش كېرەك. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ئوردۇ كېڭەشمىسىنى ئاچايلۇق. يىگىرمىنچى كۈنى قۇرۇلتاينى ئاچايلۇق. قانداق، ئۈلگۈرىمىزمۇ؟

— ئۈلگۈرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ھاجىپ.

— ئەلنى قوغداش ئىشىنى كۈچەيتمەك لازىم، — دېدى سۇتۇق ۋە جىددىيرەك ئاھاڭ بىلەن داۋام قىلدى، — كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، سامانىلار، بىر ياقتىن ئۇ ياقتىكى قېرىنداش ئۇلۇسلارنى قىينايدىكەن، يەنە بىر ياقتىن بۇ ياققا باستۇرۇپ كېلىپ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا. قۇرۇلتايدىن كېيىن تەييارلىقنى ئالدىرىتىش كېرەك.

— بىرەر جاۋابكار كىشى ئەۋەتىپ، بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق بىلەن ئۇچرىشىش كېرەك ئىدى، — دېدى بىلگە تېكىن، — ئۇ بىزنى كۈتكىلى ئۈچ يىل بولدى. چاپسانراق كىشى بارسا بولارمىكىن؟

— بۇ ياخشى پىكىر، — دېدى باتۇرتاغا، — بۇ بىزنىڭ تەييار-

لىقىمىزنىڭ بىر بۆلىكى بولۇشى لازىم. راستىنلا ئەمىر ئەبۇ نەلى سىزنى كۆتكىلى ئۈچ يىل بولدى. چاپسانراق كىشى بارسۇن،

— كىم بارسا بولار؟ — سورىدى سۇتۇق بۇغراخان.

— قوچقار قايتىپ كەلگەندە، ئەبۇ نەلى ئوردۇ باش بېگىچىسى غۇلامخان دېگەن ئادەمنى ئۆزگەنگە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىزدىن قىلىچ بارسا قانداق؟ ئۇ بارايدۇ. يەنە ئۇ ئوردۇ قارۇغباشى-دە، — دېدى ئايدىڭ.

— مەيلى، — دېدى سۇتۇق، — ئۇ قوچقار بىلەن بىللە بارسۇن،

سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى. ئەتىگەندىلا ئوردۇ ئىچىدە قاتىلاڭچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ئوردۇ يىغىن سارىيى پاكىز تەييارلانغان. شىرە-ئورۇندۇقلار رەتلىك تىزىلغان، ئىشىكنىڭ يېنىدا قىلىچلىق ئىككى قارۇغچى تۇرىدۇ. بېشىغا پۆپۈكلۈك بۆك، ئۈستىگە كالتە قىزىل پەشمەت، پۇتلىرىغا گۈللۈك جىگەر رەڭ پوپۇچ كىيگەن ياش ئوردۇ خادىملىرى شىرەلەرگە قەغەز، دۇۋەت-قەلەم... لەرنى تىزىماقتا...

چوڭ مېھمانسارىيىدا ئوردۇ ئولچىلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلار تۆرە-تۆپە، بىر-بىرى بىلەن پاراڭلاشماقتا...

ئوردۇنىڭ چوڭ قوۋۇقى ئالدىدا ئىككى ياقتا، قوۋۇق قاسنىقىدا، قوۋۇق ئىچىدە نەيزىلىك قارۇغچىلار قاتار تىزىلغان. قوۋۇق ئالدىدا ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ بىرنەچچە ئەمەلدارلار بىلەن مېھمانلارنى كۈتمەكتە...

قوۋۇق ئۈستىدىكى پەشتاقتىن تويۇقسىز كاناي ۋە ناغرا ئاۋازى ياڭرىدى. ئوردۇ ئالدىدا نېرىراقتا تۇرغان كىشىلەر توپى كۆنىيىتىش

ياقتىكى كوچىغا قاراشتى. بارسبەگلەر ئۆزلىرىنى تۈزىتىپ ئۇ ياققا يۈزلەندى. بىر توپ ئاتلىقلار ئوردۇ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. بۇلار بۆكە سۇباشى، ئولچى، بىر قىسىم بەگ ۋە ئەلىك خانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قارۇغچىباشى ۋە تۆت قارۇغچى، ئارقىلىرىدا مېھمانلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە قارۇغچىلار كەلمەكتە ئىدى.

مېھمانلار قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشتى. بارسبەگ ۋە قالغان ئەمەلدارلار ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ بىللە ماڭدى. ئۇلار قوۋۇقتىن كىرىپ ئوڭ ياققا بۇرۇلدى ۋە كەڭ، ئېگىز، يورۇق ئايۋان بىلەن ئىچكىرى قاراپ مېڭىشتى...

مېھمانلار مېھمانسارايغا كىرىشتى، سارايدىكى قالايمىقان ياراڭ توختاپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئۇلارغا بۇرۇلدى. ئاڭغۇچە ئىچكىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ خانىش بىلەن چىقىپ كەلدى، ئەمدى كىشىلەر ئۇ ياققا قاراشتى. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئايدىڭ مېھمانلار بىلەن سەممىي كۆرۈشتى، كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋاب قايتۇردى. بارسبەگ خان، خانىش مېھمانلار ۋە باشقىلارنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. كىشىلەر خانغا ئەگىشىپ مېڭىشتى.

چوڭ چاقماق سارايغا ئادەم تولدى. سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ بىلەن گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان، ئۇزۇن، پەس شىرە قويۇلغان تاختا سۇپىغا چىقتى. لېكىن باشقىلارنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشمىدى. بارسبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن باتۇرتاغا، بىلگە تېكىن خان بىلەن خانىشنىڭ ئىككى يېقىغا ئۆتتى. بۆكە سۇباشى تاغىسىنىڭ يېنىغا، ئولچىنبەگ بىلگە تېكىننىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇندىن كېيىن، ئىلىك خانلار، ئولچىلار ۋە باشقا خانلار چىقىشتى. خاننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار كۆپچىلىككە يۈزلىنىپ شىرە ئالدىدىكى كۆرپىلەر

ئوتتىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىغىن قاتناش-
چىلىرىمۇ ئولتۇرۇشتى. جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەردىن باشقا، قەشقەر
شەھىرىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق
كىشى يىغىنغا قاتناشتى. بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، سۇتۇق
بۇغراخان سۆز باشلىدى:

— قاراخانىلار خاندانلىقىمىزنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

داغدۇغىلىق ساز چېلىندى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن قوپتى، ساز
تۈگىدى.

— قۇرۇلتايغا ۋە دۆلەت تويىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇزاق
يوللارنى بېسىپ ئاستانىمىزغا كەلگەن قارا قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى
ئىدىقۇت خانىنىڭ ئەلچىسى بۆكە سۇباشى، ماچىن خانلىقى خانى
شىرخانىنىڭ ئەلچىسى ئۇلچىنبەگنى قارشى ئالىمىز.

يەنە ساز چېلىندى. كىشىلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ھەر بىر ئىلىكخانلار، خانلارنى ۋە باشقا مېھمانلارنى قارشى
ئالىمىز!

يەنە ساز چېلىندى.

تۆردىكى مېھمانلار جاۋاب ھۆرمىتى بىلەن تازىم قىلىشتى. سۇتۇق
بۇغراخانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەممەيلەن ئولتۇردى.

بۇغراخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىز دۆلەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋاقىتتا، پاراۋانلىق،
بىلىمگىلىك، بىرلىك، قوغدىنىش، دەپ جاكا قىلغانىدۇق. كېيىن،
چەت بىلەن ئالاقە قىلىشتا “ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى” دېگەننى
قوشتۇق. ئۆتكەن يىگىرمە يىلدىن بۇيان شۇ نىشانغا قاراپ ئىش قىلىپ
كەلدۇق، بىراق، ئېلىمىز ئوبدان پاراۋان بولالمىدى. بىلىگ ئۆگۈت

ئىشىمىز ئارقىدا. ئەلنى قوغداش كۈچىمىز يەنە بوشراق، ئەل بىرلىكىنى ھەرقايسى ئىلىكخانلار ۋە باشقا خانلار ئۆز خانلىقىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ۋە پۈتۈن ئەلنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئويۇشقاقلىق بىلەن ئىشلەپ كەلدى، بۇنىڭدىن بەك خۇش بىز. شۇنى خۇشلۇق بىلەن جاكالايمىزكى، قاراقوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇت خانى ۋە ماچىن خانى شىرخان قۇرۇلتايىمىزغا ھەم دۆلەت تويىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. بىز بىلەن بىللە چېلىشماققا نىيەت بىلدۈردى. چىن كۆڭلىمىزدىن ھەشقاللا ئېيتىمىز. سامانىلار پادىشاھلىقى پەرغانە، شاش، بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە سىر دەريا بىلەن ئامۇ دەريا ئارىلىقىدىكى قېرىنداش ئۇلۇسلىرىمىزنى بېسىپ ياتقىلى ئۇزاق بولدى. ئۇلار يەنە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىق قىلماقتا. سامانىلار پادىشاھى مەنسۇر يېقىندىن بېرى بىزنى قورقۇتۇش ئۈچۈن داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۈچ يىلدىن بېرى بىزنىڭ چېگرىمىزغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپ كىردى. يەتتەسۇغا كۆپرەك ئۇرۇندى، بىز ئۇرۇپ ياندۇردۇق. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ چوڭ كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېلىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەييارگەرلىك باشلىدۇق. بىز چەت ئەللەر بىلەن تىنچ، ئىناق ئۆتۈشنى خالايمىز. ئەگەر باستۇرۇپ كەلسە سوققا بېرىمىز.

بىزگە ئەلنىڭ ئىشىنى ياخشىلاش ۋە تاشقى ياغىغا تەڭ كېلىش، ئەلنى قوغداش ئۈچۈن تولۇقراق بىر بەلگىلىمە كېرەك بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە بولغان بەلگىلىمە، تەرتىپلەرنىڭ بەزىلىرى ئىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز، بىر دۆلەت ئىشلار بەلگىلىمىسى تۈزۈپ چىقتۇق، بۇ سىلەرگە تارقىتىلدى، بۇنىڭغا قاراپ ھەربىر ئىلىكخانلار يېڭىچە بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. جانابىي بىلگە تېكىن دۆلەت

ئىشلار بەلگىلىمىسى ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتسۇن...
بىلگە تېكىن دۆلەت ئىشلار بەلگىلىمىسىنى ئوقۇپ، بەزى جايلىرىغا چۈشەنچە بەردى.

بەلگىلىمىنىڭ بىرىنچى قىسمى دۆلەت توغرىسىدا بولۇپ، ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتى ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، باسمىل، تۈرگەش قاتارلىق ئۇلۇسلاردىن ۋە ھەربىر ئېلىكخانلاردىن ئۇيۇشقان، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنى تۈپ ئاساس قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

دۆلەتنىڭ بارلىق ئالىي ھوقۇقى بۇغراخانغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۈچ بەش يىلدا بىر قېتىم ئېلىكخانلار ۋە خانلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ چوڭ ئىشلار مەسلىھەت قىلىنىدىغانلىقى؛ ئاستانىدە «ئۈچ-لۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسى» بولۇپ، قۇرۇلتايدىن يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورۇن ئىكەنلىكى؛ خان لازىم تاپقان ۋاقىتتا ئوردۇ كېڭەشمىسى ئېچىپ نۆۋەتتىكى ئىشلار تاالقىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىدە چېرىك ھوقۇقى، ئالۋاڭ-ياساق ئېلىش ھوقۇقى، قاماش ۋە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى، چوڭ ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ھوقۇقى خاندانلىققا تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمى دۆلەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا بولۇپ، بۇغراخاندىن قالسا جايلاردا ئېلىكخانلار ئۆز دائىرىسىدە ئالى ھوقۇقلۇق بولۇپ، ھەممە ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلىقى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن، تۆۋەندە بولسا ئايماقباشى، بەگ ياكى قەبىلە باشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنىدىغانلىقى، قۇلچىلىققا يول

قويۇلمايدىغانلىقى بېرىلگەن. يەر، يايلاق، كۆل، ئۆستەڭ، ئورمان دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇپ، دۆلەت بىر قىسمىنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنى تۆرىلەر، ئېكىنتارلار، يۇقىرى ئەمەلدارلار ۋە ئىجارىچى زېمىندارلار باشقۇرىدىغانلىقى؛ ياقىچى تارىغچىلارنىڭ ۋە ئامراتلارنىڭ يەر تېرىش، ئىجارە ھەققى تۆلەش ۋە بايلارنىڭ يېرىدە، ئۆيىدە، ھۈنەرۋەنلىكىدە ئىشلەش مەجبۇرىيىتى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ تۆتىنچى قىسمى، دۆلەت كىرىمى توغرىسىدا بولۇپ، دۆلەت يېرى، چارۋىچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكتىن كىرگەن كېرىمدىن باشقا، ئاشلىق مەھسۇلاتىدىن، مېۋىدىن ئۆشرىگە ئوندىن بىرىنى، چارۋا مالدىن ئوندىن بىرىنى، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر پۇل كېرىمىدىن بەشتىن بىرىنى زاكاتقا، قىرىقتىن بىرىنى جازانىخورلارنىڭ كىرىمىدىن ئۈچتىن بىرىنى دۆلەتكە بېرىشى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ بەشىنچى قىسمى، چېرىك ئىشلار توغرىسىدا بولۇپ چېرىك ئالىي ھوقۇق بۇغراخانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، دۆلەتنىڭ كۆچى جان تىكىپ ئەلنى قوغدىشى شەرت ئىكەنلىكى، ئوردىدا چېرىك ئولچى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سۇباشى، يۈزمىڭباشى، تۈمەنباشى، مىڭباشى، يۈزباشى، ئونباشى دەپ بۆلۈنىدىغانلىقى، چېرىكلەرنىڭ ئەلنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بارلىقى، چېرىك بولۇشقا چاقىرىلغانلارنىڭ باش تارتماي چوقۇم كېلىشى، چېرىكلەرنىڭ خەلقنىڭ جېنىغا، مۈلكىگە، پۇلىغا، مېلىغا تەگمەسلىكى ۋە خەلقنىڭ چېرىكلەرنى قوللىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ ئالتىنچى قىسمى، جىنايەتچىلەرگە جازا بېرىش توغرىسىدا بولۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، تۈنەككە ئېلىش ۋە تىل

جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. ئادەم ئۆلتۈرگەن، دۆلەتكە قارشى ھەرىكەت قىلغان، چەت ئەلگە سېتىلغان (ياكى پايلاقچىلىق قىلغان)، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان، ئوت كېتىشتىن پايدىلىنىپ ئومرىلىق قىلغان، ئۈچ قېتىم تەكرار ئوغرىلىق قىلغان... لارغا تۆلۈم جازاسى بېرىش؛ ئادەم ساتقان، ئوردۇ، مەسجىد (بۇتخانا) نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان، چېرىك قورال ئوغرىلىغان، دۆلەتكە باج تۆلىمىگەن، ئادەم ئورۇپ يارىدار قىلغان، ئىجارە ھەققى تۆلىمىگەن، ئارتۇق ئىجارە ھەققى ۋە ئارتۇق جازانە ئالغانلار، يانچۇقچىلار... غا تۆنەك ياكى تۆنەك ئورنىغا مال جەرىمانە قويۇشمۇ كۆرسىتىلگەن؛ تەن جازالىرى: ئوغرىنىڭ ئوڭ قولى، بۇلاڭچىنىڭ ئوڭ پۇتى، خانغا قارشى سۆز قىلغاننىڭ تىلى، ئوت قويغاننىڭ سول قولى، ئالدامچى، خىيانەتچىنىڭ تىلى، زىناخورنىڭ بۇرنى، چېرىكلىكتىن قاچقاننىڭ سول پۇتى كېسىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بىلگە تېكىن بەلگىلىمىنى ئوقۇپ ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن، بۇغراخان كۆپچىلىكنىڭ ئويلىشىنى تاپشۇردى ۋە بۇگۈنكى قۇرۇلتاينىڭ ئولتۇرۇشى يىپىلدى.

ئويلىشىشلار، ئۆزئارا پىكىر ئېلىشىشلار، چوڭ-كىچىك ھالقىلاردا ئالقىلاشلاردىن كېيىن، ھەممەيلەن خاننىڭ سۆزىگە ۋە بەلگىلىمىگە قوشۇلدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگرمە بەشىنچى كۈنى ئىلىكخانلار، بەزى ئەمەلدارلار سۆز قىلغاندىن كېيىن، بۇغراخان سۆز قىلىپ قۇرۇلتاينى تارقالدى.

## ئۈچىنچى باب

# بايرام تەنتەنىسى

بۇگۈن — سەككىزىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى — دۆلەت تويىنىڭ ھارپىسى. سۇتۇق بۇغراخان بۇگۈن ئەتىگەنرەك قوپتى. يۈز-كۆز-لىرىنى يۇغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىردى. چىرايلىق قېرىغان ئاقباش ئەركىن بېگىم كۆرپە ئۈستىدە ئىككى ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئوغلى كىرگەندىن كېيىن ئانا ئورنىدىن ئازراق قىمىرلاپ قويدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق، ئانا؟ — سورىدى بۇغراخان ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

— خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس. ئىككى پۇتۇمنىڭ ماغدۇرى يوق. ئۇيقۇم قېچىپ قالدى. كېرەك يوق....، ھە، مەندىن ئەندىشە قىلماڭ، ئىشىڭىزغا پۇختا بولۇڭ، — ئانا ئوغلىنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ بىرەر نەرسە ئويلىغاندەك قارىدى. "يېشى چوڭ بولۇپ قالدى، — دەپ ئويلىدى ئوغلىغا قارىغانچە، — توغرا، بۇ ئەمدى ئات چېپىپ يۈرگەن گۆدەك ئەمەس، تەختكە يىگىرمە ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئولتۇرغانىدى، مانا ئەمدى توپتوغرا قىرىق ياشقا كىردى... يۈكى ئاز ئەمەس،.تە! يېقىندىن بېرى بىرئاز تېرىككەك بولۇپ قالدى. بۇ ياخشى ئەمەس..."

— بۇگۈن تويىمىزنىڭ ھارپىسى، ئانا. سىزگە قۇتلۇق بولسۇن.

— بىللە بولسۇن. مەن ئېھتىمالىم كېلەر يىلقى توينى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزەلمەسمەن. قېرىدىم، تۇرمۇش شۇنداق نەرسە، بىرىنى ئۈزىدۇ، بىرىگە قۇچاق ئاچىدۇ...، — ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ياشلىرىنى سۈرتتى.

— مالال بولماڭ ئانا. بىز تېخى سىز بىلەن بىللە جىق تويلارنى ئۆتكۈزىمىز.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي... ئۆز ئىشىڭىزغا پۇختا بولۇڭ، بالام. ئىدراكىڭىزغا ھەممە قايىل. ئەمدى ئۆزىڭىزنى توختىتىپ، چىراق ئويلاپ ئىش قىلىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى. "يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس" دەيدىغۇ كىشىلەر. قورۇلتاي ئوبدان ئېچىلدى. ئەل دادىغا، دوستلار سۆزىگە چىراق قۇلاق سالماق كېرەك.

— رەھمەت ئانا، كۆڭلۈمدە چىڭ تۇتىمەن.

— ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ مۇردىسىنى قەيەرگە قويماقچى؟

— شۇ ئىشنى سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دېگەنىدىم.

— ئاتۇش قۇمباغقا قويۇڭلار. بىزمۇ ئاخىر شۇ يەرگە بارىمىز... ئۇ بېرىپ تۇرسۇن. ئەبۇ نەسىر ئوبدان ئادەم، ئىسلام دىنىنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ ئادەم. ئۇنىڭ جايى جەننەت بولغاي. ھازىرسىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئاندىن ئۇنىڭ بالىلىرىغا قارىشىش كېرەك. ئانىلىرى ئۆلۈپ كەتكەنىغۇ دەيمەن...

— سىزنىڭ پىكرىڭىزچە بولسۇن. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. ئەبۇ نەسىر بىزگە ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانچىلىق پەرزلىرىنى ئۆگەتكەن پېشۋايىمىز. ئاتۇش قۇمباغقا قويۇلغىنى ياخشى.

— شۇنداق قىلىڭلار. ئاتۇش قۇمباغ ئوبدان جاي. شېھىتلەر ماكانى شۇ يەردە بولسۇن. قۇمباغنىڭ شۇ كەنتىگە "مەشھەد" دەپ

نام بېرىڭلار...

— خوپ، ئانا. بەك ياخشى، يۇرتىمىزنىڭ نامى "مەشھەد" بولسۇن، شېھىتلەر ماكانى بولسۇن...

گۈللەيلى كىرىپ خان ئانىغا ۋە خانغا تازىم قىلدى.

— گۈللەيلى، چاينى مەشەگە ئېلىپ كىرسۇن. سۇتۇق بىلەن بىللە ئىچىمەن. ھە، ئايدىڭ ھەم باللارمۇ كىرسۇن.

گۈللەيلى تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى...

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چاشكا بولۇپ قالدى. يازنىڭ ئاپتىپى ئەتىگەندىلا ئوردۇ ئارقىسىدىكى ھويلىنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى. گۈللەر ئېچىلىپ ھۆسنىگە تولغان. باراقسان دەرەخلەر ياپراقلىرى يېنىك شامالدا شوخ چاۋاك چېلىشماقتا. تەبىئەت گۈزەل، ھەممە خۇش. سۇتۇق بۇغراخانلا ناگولا. ئۇ پېشايۋاندىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا غەمكىن ئولتۇرۇپ ھويلا سەيناسىدا قىلىچ ئويۇنى قىلىۋاتقان ئوغۇللىرى بايتاش بىلەن تونغانىنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتمەكتە. ئون بەش ياشلىق تونغان كىچىكلىكىگە قارىماي، يېشى ئون يەتتىگە تولغان ئاكىسى بايتاشقا تەڭ كەلمەكتە. يەتتە ياشلىق خان قىز ئالانۇرخېنىم ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراپ ئاكىلىرىغا مەدەت بەرمەكتە. سۇتۇق ئوغۇل باللىرىغا قاراپ مەسلىكى كېلىپ كۈلۈپ قويىدۇ، لېكىن، ئانىسى بىلەن بولغان سۆھبەت ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى بولغاي، كۆڭلى خىيالدا. "... يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس"... بىزمۇ بارىمىز، ئۇ يەرنىڭ نامى مەشھەد بولسۇن... توغرا، ھەممىمىز ئاخىر بارىمىز. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، تەن بېرىش كېرەك. ئەمما دۇنيادىن قانداق كېتىش مۇھىم... ياخشى كېتىشمۇ، ياكى يامان كېتىشمۇ؟... مەن ياخشى كېتەلەيمەنمۇ؟! ھازىرچە ئىش

يامان ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟!... ئەلنى پاراۋان قىلىش ۋە قوغداش!... بەك ئالىي ۋەزىپە. ئەمما، بەك قىيىن ئىش..."

ئايدىڭنىڭ ئىشكنى ئېچىپ ئۆيدىن چىققان ئاۋۇشى سۇتۇقنىڭ خىيالىنى بۇزدى.

— قاراڭ باللارنى، كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ، — دېدى ئايدىڭ سۇتۇقنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، كېيىن، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئېرىگە ھەيران بولۇپ سورىدى، — نېمە بولدى سىزگە؟ ئەجەب ئويچان كۆرۈنىسىزغۇ؟!

— ئانام ماڭا چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۆتكەن يولىمىزنى ئويلاش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئىش مۇشكۇل، يول تايغاق.

— بۇ ئوبدان ئويلاش بوپتۇ. بۇ دورقى قۇرۇلتاي ئوبدان ئۆتتىغۇ؟ ئەل بىرلىكى بولسا، باشقا ئىشلارنى قىلماق ئاسان بولىدۇ. خاتىر-جەم بولۇڭ، بىللە چېلىشىمىز، ئەلنى رازى قىلىمىز!

خان قىز ئالانۇرخېنىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئايدىڭنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويىدى.

— دادا، ئانا! قاراڭلار، قاراڭلار، بايتاش ئاكام تونغان ئاكامنى ئۇتتى.

راستتىنلا شۇنداق بوپتۇ. بايتاش بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ تۇرغان تونغاننى قىلىچى بىلەن قىستاپ يىقىتقىلى تۇرۇپتۇ. "بولدى ئاكا، دادام لار كۆرۈپ قالمىسۇن" دەيتتى تونغان ئاكىسىغا يېلىنىپ، سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ مەز بولۇپ كۈلۈشتى. ئىككى قىزنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيدىن چىققان خان ئانا ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇردى. سۇتۇق بىلەن ئايدىڭ قوپۇپ خان

ئانىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

— بەللى، يارايسەن، — دېدى خان ئانا كۈلۈپ، — بولدى ئەمدى بايتاش، ئۇكاڭ سەندىن كىچىك بولغاندىكىن ئۇكاڭغا يول قوي.

بايتاش تونغاننى قويۇپ بېرىپ، قىلىچىنى دولىسىغا قويۇپ يوغان دەسسەپ ئارقىسىغا ماڭدى.

گۈللەيلى خان ئانىغا ئورۇندۇق قويدى. ئۇلار قاتار ئولتۇرۇپ، خان ئوغۇللىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا كۈلۈشتى.

تونغان قوپۇپ كېيىملىرىنى قاقتى. يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا بەك ھار كەلدى بولغاي، يۈزى قىزاردى. ئۇ ئۈچ ئېلىش كويىدا بولدى. مومىسىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ كۈلۈشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئىزا قىلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، بايتاش بۇرۇلۇپ ئۆزىنى راسلىغىچە قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈردى. ئاندىن بايتاشنى چاپۇتلاپ يىقىتىپ، مەيدىسىگە دەسسەپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— ھەسەپ ئەمەس، ھەسەپ ئەمەس! — دەپ ۋارقىرايتتى بايتاش ياتقىنىچە تېپىرلاپ...

— ھەسەپ ئەمەس، ئارقىدىن كەلدىڭ، — دېدى خان قىز ئالانۇرخېنىم ۋە كىچىك ئاكىسىنىڭ پېشىدىن كۈچىنىڭ بېرىچە تارتتى. ئانا، سۈتۈق، ئايدىڭلار ھۇزۇر قىلىپ كۈلۈشتى.

* * *

كەچ بولدى. پامىر ئارقىسىغا ئېگىلگەن قۇياش ئالا بۇلۇتلارنى قىزارتىپ قىزغۇچ شولىسىنى چاچماقتا ۋە ئاستا تاغ كەينىگە مۆكمەكتە.

ئاستانىنىڭ ئوردۇ ئالدى تەرىكە تۇسىنى ئالغان، مەيدان سۇپۇرۇلۇپ سۇ سېپىلگەن، مەيدان چېتىدىكى ئىشىك ئالدىلىرىدا ئەتىگەندىلا ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بالىلار ئوينىشىپ يۈرىدۇ. كىشىلەر ئۇ ياق-بۇ ياققا ئالدىراش ئۆتۈشمەكتە. ئوردۇ قوۋۇقى ئالدىدا ۋە ئۇستىدىكى پەشتاقتا قىلىچ ۋە نەيزىلىك چېرىكلەر تەق تۇرۇشىدۇ. قوۋۇق ئالدىدا ۋە ئىچىدە بىرنەچچە ئەمەلدارلار مېھمانلارنى كۈتمەكتە.

ئاتلىق، پىيادە، سۆلەتلىك كىيىنگەن ئەر-ئايال كىشىلەر ئىككى ياقتىكى كوچىدىن مەيدانغا كىرىپ ئوردۇ تەرەپكە قاراپ يۈرمەكتە. ئەمەلدارلار قوۋۇق ئالدىدا مېھمانلارنى قارشى ئېلىپ قوۋۇق بىلەن ئىچكىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلماقتا. قوۋۇق ئىچىدىكى ئەمەلدارلار بولسا ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ئوڭ ياقتىكى ئۇزۇن ئايۋانغا باشلاپ ماڭماقتا...

تەنتەنىلىك بېزەلگەن مېھمانسارايغا ئەر-ئايال مېھمانلار ئارقا-ئارقىدىن كىرىشمەكتە. چوڭ ئىشىكنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قارۇغچى كىيىمدىكى چىرايلىق ئىككى بالا مېھمانلارغا ئىشىك ئېچىپ بەرمەكتە. ئىشىكنىڭ ئىچىدە ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ بىلەن ئوردۇ قارۇغباشى قىلىچ مېھمانلارنى تازىم بىلەن قارشى ئېلىپ، يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلماقتا. تۆردە باتۇرتاغا، بىلگە تېكىن ۋە ئىلىك ھاجىپلار مېھمانلارنى قارشى ئالماقتا.

چوڭ دۆگىلەك ساراي مېھمانلار بىلەن تولۇشقا باشلىدى. بەزىلەر بىر-بىرى بىلەن خۇشال سۆزلەشمەكتە. كۆپلىرى سارايىنىڭ تاملىرىدىكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى بىر-بىرىدىن گۈزەل، نۇز نەقىش

ۋە سۈرەتلەرنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىشماقتا. سارايىنىڭ گۈمبەز-لىك دۈگىلەك تورۇسى ھەممىدىن گۈزەل، ھەم مەزمۇنلى، ھەم رەڭگى ياقۇتنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان يۇزلەرچە گۈللۈك چاسا سۈرەتلەر كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. گۈل كاسىلىرىنىڭ كىندىكىدىكى ياڭاقچىلىك دوملاق ئەينەكلەردە شاملارنىڭ يورۇقلىرى پارقىرايدۇ. تورۇسقا قارىغاندا بىر باش ھىرنەچچە بولۇپ دوملاق ئەينەكلەر ئىچىدە تەپمۇتەڭ تۇچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ ئاجايىپ سەنئەتتىن كىشىلەر پەيز ئېلىپ كۈلۈشمەكتە...

تۆردىكى چوڭ ئىشىك ھەيۋەتلىك ئېچىلدى. بارىسبەگ ئىشىك يېنىغا بېرىپ تەنتەنىلىك جاكا قىلدى:

— ئۇلۇغ خاقانىمىز بۇغراخان ھۆرمەتلىك خانىش بىلەن سارايغا كەلمەكتە!

سارايدىكى ئاۋازلار شىپپىدە توختىدى، كىشىلەر ئىشىك ياققا قاراشتى...

قارا ساقاللىق، خاقان كىيىمى كىيگەن، بېشىدا تاج، يېنىغا سەدەپ ساپلىق خەنجەر ئاسقان سۇتۇق بۇغراخان، تاجلىق دوپپا كىيگەن، ئۆزىگە خاس بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن خانىش ئايدىڭ بىلەن ئىشىكتە كۆرۈندى. ئۇلار سارايغا كىرمەكتە. سۇتۇق بۇغرا-خاننىڭ كۈلۈمسىرىگەن قاۋۇل قامىتى، خانىش ئايدىڭنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان مەغرۇر سىياقى تەسىر قىلدى بولغاي، كىشىلەر ئارد-سىدا پىچىرلاشقان ئاۋازلار چىقتى. بولۇپمۇ ئاياللار بىر-بىرىنى نوقۇپ قۇلاقلىرىغا بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. بەزى ئاياللار خان بىلەن خانىشنى كۆرگەندە، بىر قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، كۆزل-

رىنى يوغان ئېچىپ، ئاۋازىنى ئىچىگە تارتقىنىچە قاراپ قالدى. پۈتۈن ساراي خان ۋە خانىشقا تازىم قىلدى، ئۇلار كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردى.

خان بىلەن خانىش ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ ئاۋال بۆكە سۇباشى بىلەن، ماچىن ئەلچىسى ئۇلچىن بىلەن، ئاندىن تىزىلىپ تۇرۇشقان ئىلىك خانلار ۋە ئۇلچى، بەگلەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆزئارا تويىنى قۇتلۇقلاشتى. كېيىن ئەربابلار بىلەن ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن ئامانلاشتى. ۋە ئۇلار بىلەنمۇ قۇتلۇقلاشتى. ئاندىن، بارسبەگ ئۇلارنى سول ياقتا قاتار تۇرۇشقان چەت ئەل ئەلچىلىرى يېنىغا باشلاپ كەلدى.

— ھە، بىز تونۇش، سۈڭ دۆلىتىنىڭ ۋەكىلى، — دېدى خان قاتار بېشىدا تۇرغان خەنزۇچە ئەمەلدارلار كىيىمدىكى كىشى بىلەن ئامانلىشىپ.

— ئۇلۇغ سۈڭ دۆلىتىنىڭ خانى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت تويىنى قۇتلۇقلايدۇ، — دېدى سۈڭ دۆلىتىنىڭ سودا ۋەكىلى قوش مۇشتىنى پېشانىسىگە كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئازراق ئېگىپ.

— ھەشقاللا، — دېدى خان، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ.

ۋەكىلنىڭ يېنىدا تۇرغان يەنە بىر ۋەكىل خەنزۇچە تازىم قىلدى. خەنزۇچە چىرايلىق بېزەلگەن ئىككى نەپەر ئايال خان بىلەن خانىشقا ئىككى قولىنى بېقىنىغا قويۇپ ئازراق ئېگىلىپ خەنزۇچە سالام قىلدى. خانىش ئايدىڭ بۇ ئاياللارنىڭ گۈزەل كىيىنىشىگە ئۇلارنىڭ ئۈنچە-مارجانلار ئېسىلغان، بېزەكلىك چاچلىرىغا قىيىقىنىپ سەپسالدى...

سۇتۇق بۇغراخان بىلەن خانىش ئايدىڭ شۇ يوسۇندا تيەن جۇ①، توفەن②، جوباگى③، چىننى④ ئەلچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ قۇتلۇقلاشلىرىغا جاۋابەن رەھمەت بىلدۈردى. قاغارنىڭ ئاخىرىدا قەدىم ئوتتۇرا شەرق فورمىسىدا كىيىنگەن، بېشىغا بېشىل سەللە ئورىغان سامانىلار خاندانلىقى ئەلچىسى تۇراتتى، نۆۋەت ئۇنىڭغا كېلىپ، يوسۇن بويىچە ئۇ:

— مەلىك ۋە مەلىكە ئالىيلىرىنى قۇتلۇقلايمەن، — دېدى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، لېكىن ئېگىلمىدى.

سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئەلچىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى، ھاكاۋۇرلۇقى خانىنى خاپا قىلدى. يەنە كېلىپ ئۇ دۆلەتنى، تويىنى ئاغزىغا ئالمىدى.

— بىزنى راست قۇتلۇقلاشنى خالىمايدىغانلارغا بىز ئېلىمىزنىڭ داڭقىنى تاڭمايمىز، — دېدى سۇتۇق ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — جانابىي ئەلچى! خانىڭىز ئېبىن مەنسۇرغا شۇنى ئېيتىپ قويۇڭكى، بىز قوشنا ئەللەر بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى خالايمىز. بىز ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى. سىلەر تەرەپتىن بىزنى بوزەك ئېتىش بولسىمۇ، بىز سۆزلىشىپ ئۆزئارا تالاش ئىشلىرىنى تۈگىتىشنى خالايمىز. ئەگەر خانىڭىز ئۇنىسا، بىز ئەلچى ئەۋەتەيلۇق.

— بۇغراخانىڭ سۆزلىرىنى بىزنىڭ ئۇلۇغ سۇلتانىمىزغا يەتكۈزى-

---

① تيەن جۇ — ھازىرقى ھىندىستان - پاكىستان دائىرىسى.

② توفەن — ھازىرقى تىبەت، چىڭخەي دائىرىسى.

③ جوباگى — ھازىرقى موڭغۇل، ئالتاي، زايسان دائىرىسى.

④ چىننى — ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىلىرى.

مەن، — دېدى سامانىلار خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ئوڭا يېزىلانغانىدەك بولۇپ.

— مېھمانلار بۇ ياقىقا مەرھەمەت قىلايلى، — دېدى بارسبەگ يوغان ئاۋاز بىلەن ئىككى قوللاپ ۋە ئوڭ ياقتىكى ئوچۇق ئىشىكنى كۆرسەتتى.

سۇتۇق بۇغراخان خانىش بىللە مېھمانلارنى باشلاپ ئىچكىرى، كەڭ دالاندىن ئۆتۈپ، "باغ سارايى" دەپ ئاتالغان گۈزەل سارايغا كىردى. ئۇلار دۈگىلەك شىرە چۆرىسىدىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى. بۇ سارايدا ئولتۇرغاندا، كىشى ئۆزىنى خۇددى بىر گۈزەل باغدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. تامدىكى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى بىر بىرىدىن گۈزەل نەقىشلىق گۈللەر كۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. نەقىشلەر ئارىلىرىدىكى كۆزگۈ ئەينەكتىن ئادەملەرنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەردىن تورۇسقىچە كۆتۈرۈلگەن ئوچۇق پەنجىرىلەر ۋە ئېگىز گۈللۈك ئوچۇق ئىشىكلەردىن يازنىڭ كەچكى سالقىنى كىرىپ تۇراتتى. شىرە ئۈستىگە ھەر خىل داڭلىق شارابلار قويۇلغان. ئوردۇ خادىملىرىغا خاس كىيىنگەن قىز-يىگىتلەر ئاشۇ ئىشىكلەردىن كىرىپ-چىقىپ قاتناپ، ئېسىل تائاملارنى توشۇيتتى. ئاۋۋال تۈرلۈك كاۋاپلار كەلتۈرۈلدى: ئىلىك قوزىسىنىڭ كاۋىپى، قوتاز موزىيىنىڭ كاۋىپى، ئاندىن كېيىن قوي قوزىسىنىڭ پۈتۈن، زىخ كاۋاپ ۋە چاۋا كاۋاپلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى شىرەلەرگە تىزىلدى. كاۋاپ پۇراقلىرى سارايىنى تۈگەل قاپلىدى. مېھمانلار زوقلىنىپ كاۋاپقا تۇتۇش قىلدى، شارابلار ئىچىلدى. مېھمانلار كاۋاپلار ۋە شارابلارنى يەپ ئىچكەچ داڭلاپ سۆزلەشتى... كېيىن مانتا، پولو، چۆچۈرە ۋە ھەر خىل باشقا-باشقا تاماقلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى...

زىياپەتتىن كېيىن، مېھمانلار يەنە ھېلىقى چوڭ دۆڭلەك سارايغا قايتىپ چىقىشتى. تام تۈۋىگە ئايلاندۇرۇپ كۆرپىلەر سېلىنغان، كۆرپە ئالدىغا، گىلەم ئۈستىگە پەس ئۇزۇنچاق شىرە قويۇلغان، شىرەنىڭ ئۈستى ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن لىق تولدۇرۇلغان. سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ بىلەن مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

تۇيۇقسىزلا سارايىنى ياڭراتقان ساز ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. سازچىلار ئىككى ياقتىكى بالىخانىدا-ئوڭ ياقتا ناغرا، داپ، سۇنايچىلار؛ سول ياقتا ھەر خىل زەي ۋە سىم تارلىق چالغۇلۇق سازچىلار بىر-بىرىگە تەڭكەش قىلىپ ساز چالاتتى. ساز جاراڭلىق ۋە تەنتەنەلىك ئاھاڭغا بىرپەس چېلىنغاندىن كېيىن، لەرزان سەنەم پەدىسىگە يۆتكەلدى. سارايىنىڭ ئىككى ياقىدىكى ئىشىكتىن گۈزەل بېزەلگەن ئوندىن يىگىرمە قىز-يىگىتلەر سازغا كېلىشتۈرۈپ كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، ئوڭ قولىنى بېشىغا ئېگىپ، سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەردانە مېڭىپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشتى. قىز-يىگىتلەر بىرمۇ بىر بولۇپ ئارىلاشتى، كېيىن تۆر تەرەپكە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار ھالقا بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى. بىرپەستىن كېيىن سازغا ئەگىشىپ ئۇسۇل چاپسان يېڭى پەدىگە ئۆزگەردى. ئاخىرىدا ساز، ئۇسۇل ئەۋج ئالدى. قىز-يىگىتلەر بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن چەبدەس ئويناشتى ۋە تازىم بىلەن سارايدىن چىقىشتى. ئۇسۇل كۆپچىلىكنى قايىل قىلدى.

ئەمدى بىرجۈپ قىز-يىگىتنىڭ يەككە، شوخ سازغا ئوينىغان ئېيتىشىش ئويۇنى باشلاندى. خۇش ئاۋاز، چاقچاقلىق ئويۇن مېھمانلارنى تازا كۈلدۈردى. ئۇندىن كېيىن داپچى قىزلار ئويۇنى كۆرسىتىلدى، يالغۇز، كۆپلۈك ناخشىلار ئېيتىلدى. ئاخىردا يالغۇز

قىزنىڭ لىگەن ئىچىدىكى ئۇسۇلى كۆرسىتىلدى:

بىر قىز، بىر يىگىت كېلىشتۈرۈپ مېڭىپ سارايغا كىرىپ كەلدى. قىز شۇنچە گۈزەل بېزەلگىنىگە قارىماي، يالىڭاياغ ئىدى. يىگىت گىرۋەكلىك بىر سېرىق تۈچ لېگەننى داپ قىلىپ چالاتتى. قىز يىگىتنى چۆرىدەپ، لېگەننىڭ ئارقىسىغا بىر قولى بىلەن تۇرۇپ قويۇپ ئازراق ئويىنىدى. كېيىن يىگىت لېگەننى گىرۋىكى بىلەن يەرگە پىرقىراتتى. لېگەن پىلدىرلىغۇچتەك پىلدىرلىدى. قىز قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى ئايلىنىپ چۆگىلىدى. كېيىن لېگەن لەپەڭلەپ يېرىپ توختىدى. قىز سەكرەپ بېرىپ لېگەننىڭ ئىچىگە كىردى، يىگىت ئىچكىرىدىن تاشلاپ بەرگەن داپنى تۇتۇپ ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى، قىز داپقا ئەگىشىپ "لېگەن ئۇسۇلى"نى باشلىدى. داپ ئاۋال ياۋاش چېلىندى. قىز لېگەنگە تاپىنى بىلەن تېپىپ، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، دولا، مەيدىسىنى سىلكىتىپ ئوينىدى. ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىكى جىلدىرلىما بىلەزۈكىنىڭ ئاۋازى داپ ئاۋازىغا زىل ئاۋاز قوشاتتى. كېيىن، قىز ئارقىسىغا ئېگىلىپ، قوللىرىنى لېگەنگە، پۇتلىرىنىڭ يېنىغا قويدى ۋە پۇتلىرىنى ئاستا قوللىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى، بېشىنى پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزدى. ئاندىن پۇتلىرىنى ئايلاندۇرۇپ لېگەنگە قويدى. تېنىسىنى تۈزلەپ پەللىكىنى لېگەنگە قويدى. كېيىن پۇتلىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇردى. قىز ئولتۇرغان بويى بەل، بويۇن، قوللىرىنى ئوينىتىپ، ئازراق ئوينىغاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا تىك تۇرۇپ ئويناشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ چاققان ئاياغ ئويۇنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنداق چاققان ھەرىكەت قىلاتتىكى، كۆرۈپ پەرق ئېتىشكە ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى. ئاخىردا ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ

ئۇزاق ۋە چاپان پىرقىرىدى... كىشىلەر قايىل قالدى. ماختاش
ئاۋازلىرى ئاڭلاندى...

* * *

بۈگۈن توققۇزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى — قاراخانىلار خاندان-
لىقى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بايرام كۈنى.

قۇياش توينى مەرەكلەپ، كىشىلەرنى ئەركىلىتىپ، ئەتىگەندىلا
ئاستانىنى ئىللىق نۇرى بىلەن پۈركىدى. قەشقەر شەھىرى ھەر
كۈنكىدىن ئەتىگەنىرەك ئويغاندى. كۈن تېرەك بويى ئۆرلىمەيلا
كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى
چىرايلىق، تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگەن قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە
چاقچاق قىلىشاتتى. قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. يۇقىرى ياشتىكىلەر
ئۆز ئارا توي بىلەن مەرەكىلەپ بىر-بىرىگە تازىم قىلىشاتتى. ئازنا
مەسجىدىنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا ياڭرىغان ناغرا-سۇنايلار
ئاۋازى كىشىلەرنىڭ پەيزىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. شەھەر سەينالە-
رىدا ۋە كەڭ كوچىلاردا، چىمەنزارلىقلاردا ناغرىغا تەڭكەش قىلىپ
ئەر-ئاياللار ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. قەشقەر بېزەلدى، قەشقەر
كۈلدى، قەشقەر قاينىدى.

"تۈمەنتۇ چېچەكلەر، يازىلدى كۆلە،
ئىغار تولدى كافور ئاژۇن ھىد بىلە."

دېگەنىنىڭ ئۆزى بولدى... ئادەملەر توپ-توپى بىلەن
شەھەرنىڭ جەنۇبىغا — تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرى قوشۇلغان
جايدىكى ياپيېشىل مەيدانغا ئېقىشقا باشلىدى...

ئىككى دەريا سۈيى بىر-بىرىنى مەرەكلەپ، قۇچاقلىشىپ ئويناق-
شىپ ئاقماقتا. تۈمەن دەرياسىنىڭ ئۇ يېقىدا، يارنىڭ ئۈستىدە،

ئېگىز-پەس، كۆمۈلاچ لاي ئاملىق باغلار، ئاملار ئۈستىدىن شاپتۇل، ئوغاچ، ئالمىلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوڭ-سولدا، يىراقلار ئارىلىقىدىكى يولدا ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە ئادەملەر چاڭ كۆتۈرۈپ كەلمەكتە، ئۇلار دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈپ، مەيداندىكى ئادەملەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرمەكتە...

ئىككى دەريا قولتۇقىدىكى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ئوتلاق، يېشىل مەيدان تىقما-تىقماق ئادەملەر بىلەن تولغان. گۇرۇلدىگەن كۆچلۈك ئاۋاز ئېچىدىن، ۋارقىرىغان بەزى توم، بەزى زىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. باققاللار، سامسىپەزلەر، مانتىپەزلەر... نەرسىلىرىنى ماختاپ، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراشماقتا. ئۇ يەر-بۇ يەردە توپ-توپ بولۇۋالغان كىشىلەر كۈلۈشۈپ تاماشا كۆرمەكتە. بىر سورۇندا تېكە ئويناتماقتا. ساقال-مۈڭگۈزلۈك كىچىكرەك ئاق تېكە بىر ياغاچتىن ياسالغان تاختا پەرنىڭ پەشتاقلىرىدىن بىر-بىرلەپ چىقماقتا. بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى ماختاۋاتقان تېكىچى قولىدىكى تاياقنى پەشتاققا ئۇرۇپ "قېنى، ئەل-ئاغىنىلەرگە بىر سالام قىلىۋەتسلە" دېگەندى، تېكە ئالدى ئاياغلىرىنى يۇقىرى پەشتاققا قويغان پېتى ئالدىغا، ئوڭ ۋە سولغا باش ئەگدى. ئادەملەر كۈلۈشتى. تېكە ئاۋايلاپ چىقىپ تۆت پۇتى بىلەن پەشتاقنىڭ ئالقىدەك كىچىك يۈزىگە چىقتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، تىترەپ تۇراتتى. تاياقلىق تېكىچى بۇيرۇق بېرىۋىدى، ئۇ يەنە تېكىچىنىڭ ئوڭ دولىسىغا چىقتى ۋە تاياقنىڭ ياغاچقا ئۇرۇلغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ، بىر يەرگە يىغىلغان پۇتلىرىنى جايىدا دەسسەپ بىر چۆگىلەپ چىقتى، ئاندىن يەنە كىشىلەرگە سالام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چىققان "يولى" بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى...

قەپەردىدۇ بىر پەردە ناغرا-سۇناي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. كىشلەر
شەھەر ياقىغا قاراشتى. سۇتۇق بۇغراخان، خانىش ئايدىڭ ئوردۇ
كاتتىباشلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىشمەكتە ئىدى. خەلق ھوكا-سۈرەن
بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. ئۇلار ۋاقىتلىق ياسالغان ئۈستى يېپىق
تاختا پەرەسگە چىقىشتى. تاختا پەرە ئۈستىدىكى مېھمانلار، ئىلىك-
خانلار، باشقا ئەمەلدارلار ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن
ئامانلاشتى. كېيىن بۇغراخان ھۆرمەت بىلدۈرگەن خەلققە قول
كۆتۈرۈپ جاۋاب قايتۇردى ۋە مېھمانلار بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن
ئويۇنلار داۋاملىشىۋەردى...

ئالدى بىلەن ئات ئۈستىدىكى ھەر خىل چېرىك مەشقلىرى
كۆرسىتىلدى: قويۇق كىيگەن قىلىچلىق يىگىتلەر كۆرۈكتىن
ئۆتتى. ئاندىن ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئىككى تەرەپ
بولۇپ ئات ئۈستى قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ياغاچ بېشىدىكى
"ياغى"نىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئېلىپ تاشلاش... ئويۇنلىرى كۆر-
سىتىلدى. ئاخىردا قىز چېرىكلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ،
ئاتلىرىنى ياتقۇزۇپ، يارىدارلارنى ئات ئالدىغا ئېلىپ قاچقان چېۋەر
مەشقلىرى كۆرسىتىلدى. يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوينالغان ئات
ئويۇنلىرى تاماشىچىلارنى ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئاتقا
چاققانلىقى، ئاتلارنىڭ قىزلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلىقى ھەممىنى
قايىل قىلدى. كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئېتىش، يانپاشقا ئېلىپ ئېتىش،
ئوڭدا يېتىپ بېشىدىن ھالقىتىپ ئېتىش ۋە باشقا چېلىش ھۈنەرلىرى
قىزىپ كەتتى، چىدىماسلىق قىلىش، قىزىرىشلار بولمىدى. قەدىم-
دىن تارتىپ ئۇيغۇر چېلىشىدا چىرماق سېلىش، پۇتىغا ئېسىلە-
ۋېلىش، بويىنىنى سىقىۋېلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىناتتى.

بۇنداق قىلىش مەردانىلىق ئەمەس، چىدىماسلىق دەپ ئەيىبلىناتتى. بۇگۈنمۇ ئۇيغۇرچە چېلىشنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار قىلىندى، ئۇتۇپ چىققان پالۋانلارنى ئىككى كىشى ناختاپەرە ئالدىغا ئەكىلىپ، بۇغراخانغا تازىم قىلدۇراتتى. تۆۋەندىكى خادىملار ئۇلارنىڭ بوينىغا قىزىل تاۋار رەختلەرنى ئېسىلدۇرۇپ قوياتتى...

ئوغلاق ئويۇنى باشلاندى. ئادەملەر سورۇننى بۇزۇپ يىراق چېكىنىشتى. ئوغلاقچىلار ئاتلىق ئىككى رەت بولۇپ تەييارلاندى. بىر كىشى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئالغان ئۆلۈك قىزىل توپاقنى ئېلىپ كېلىپ، ئاتلىقلار ئالدىغا تاشلىدى. ئۇ بىر ئاز چېكىنىپ قولىنى كۆتۈرگەندى، ئوغلاقچىلار يەردىكى توپاققا ئېتىلىشتى. ئۇلار ئاتتىن ئېگىلىپ، توپاقنى تالىشىپ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئالالمىدى. كېيىن، قارا ئايغىر مىنگەن بەستلىك بىر يىگىت توپاقنى يۇلۇۋېلىپ ئالدىغا ئالدى ۋە توپنى يېرىپ ئېلىپ قاچتى...ئوغلاق قىزىپ كەتتى. ئۇلار بىردەم قوغلىشاتتى، بىردەم توپ بولۇپ بىر-بىرىدىن توپاقنى تالىشاتتى، بىرى تارتىۋېلىپ قاچسا، باشقىلىرى قوغلايتتى. ئاخىر، ئوغلاقچىلار يەنە مەيدانغا ئات چېپىشىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېلىقى قارا ئايغىرلىق يىگىت ئېگەر ئالدىدا توپاقنى چىڭ تۇتۇپ، ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ كېلەتتى... ئۇ ناختاپەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە توپاقنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ بۇغراخانغا تاشلىدى. ئۇنىڭ، ئۆز ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرغان ئېتى ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتتى. خادىملار يىگىتنىڭ ئايغىرنىڭ بوينىغا قىزىل تاۋار ئاستى...

دەرياغا يېقىن جايدا ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەر

شۇ ياققا قاراپ مېڭىشتى، سۇتۇق بۇغراخان، خانىش ئايدىڭ باشلىق بارلىق ئوردۇ خادىملىرى ۋە مېھمانلار بارسبەگنىڭ باشلىشى بىلەن شۇ يەرگە ياسالغان تاختاپەرىگە چىقىشتى، دەريابويىدا ئېگىز تىكلەنگەن دار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەندىر ئارغامچىلاردىن تارتىلغان دار قاناتى قېقىلغان ئادەم يوتىسىدەك ئىككى قوزۇقتىن باشلىنىپ كۆتۈرۈلەتتى. ئون غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئالماشتۇرۇپ باغلانغان ئىككى چوڭ بادىرنىڭ چەمگىدىن ئۆتۈپ سەگى تېرەك بويى ئېگىزلىكتىكى ئىككى قىزىل توغ لەپىلدەپ تۇرغان تەختىراۋانغا باراتتى. دار تېگىدە يېشىل كىيىم-دىكى ئىككى بالا ناغرا ھەم سۇنايى چالاتتى. كىشىلەر توپى ئىچىدىن بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئۇستىگە كۆك شىم-پەشمەت، پۇتىغا پوپۇچ كىيگەن ئوتتۇرا ياشتىكى دارۋاز ئۇستا چاپسان مېڭىپ كېلىپ دار ئاستىغا كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۇگەل قىزىل كىيىنگەن، پەشمەت ئۇستىدىن قىزىل بەلباغ باغلىغان، بېشىغا چۆچىلىق قىزىل سەللە ئورىغان قىزىل پوپۇچ كىيگەن ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر چىرايلىق بالا سەكرەپ، يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ دار تېگىدە قاتىرىغا بەش-ئالتە موللاق ئېتىپ توختاپ ئۇستىگە قارىدى. كىشى-لەر ئارىسىدىن "دارۋاز، بالا دارۋاز" دېگەن ئاۋازلار چىقتى. ئۇ ئۇستا دارۋاز بىلەن بىللە ئاۋۋال تاختاپەرە تەرەپكە، كېيىن كۆپچى-لىككە ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئاندىن ئۇستا قول شەرىتى بىلەن ناغرا-سۇنايىنى توختاتتى ۋە دارنى بويلاپ مېڭىپ كۆپچىلىككە بىر-نېمىلەرنى دېدى. دارۋاز قىزىل پوپۇچىنى سېلىپ، دار بېشىدا تىك تۇردى ۋە ئىككى ئادەم ئەكىلىپ بەرگەن، ئوتتۇرىسىدىن ئۇلانغان ئۇزۇن بادىرنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن، ئېگىز دارغا قاراپ تەييار تۇردى. ئۇستا يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ دار

تېگىگە كېلىپ توختىدى ۋە ناغرىچىغا قاراپ ئىشارەت قىلدى. ناغرا-سۇنايىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاستىدا دارۋاز بالا دارغا چىقتى ۋە تەڭشەك بادىرىسىنى ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىدە چىڭ تۇتۇپ چەبدەس مېڭىپ كەتتى. بالا دار ئۈستىدە ئىغاڭلىماي تىك ماڭاتتى. ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇملىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى دار ئاغامچىسىنى بويلاپ يۇقىرى تىكىلگەن، ئەمما، ئۇ كۈلۈمسىرەپ، خۇددى يەر ئۈستىدىكى ئېگىزرەك بىر دۆڭگە چىقىپ كېتىپ بارغاندەك خاتىرجەم ماڭاتتى. ئۇنىڭ قىزىل كىيىملىك، قىزىل يۈز ئۇز بەستى كىشىلەرنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. گويا، پەلەك پەرىسى بىلەن توي قىلغىلى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ بارغان بۇ چىرايلىق يىگىت شۇ تاپتا قانچىلىغان قىز-چوكانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترەتكەندۇ-ھە؟...

دارۋاز بالا بادىرىلار چەمكىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ تىك تارتىلغان دار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېيىن ئۇ دار ئۈستىدە بىردەم پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، بىردەم پۇتلىرىنى ئىككى ياققا تاشلاپ ئويۇن كۆرسەتتى. دارۋاز ئۇستا دار ئاستىدا يۈرۈپ بالىغا ئامانلىق تىلەيتتى ۋە بىر قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ نەھد ئېيتاتتى. تەختىراۋانغا ئىككى غۇلاچ قالغان يەنىمۇ تىك دارغا كېلىپ دارۋاز بالا توختىدى ۋە سول پۇتىنى ئوڭ پۇتىنىڭ تىزىغا قويۇپ، بىر پۇت بىلەن خېلى ئۇزاق تۇردى. يۇقىرى قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدىن غۇلغۇلا ۋە ھۇقۇيتىش ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار "چاپسانراق چىقىپ كەتسۇن!"، "بولدى چۈشۈپ كەتسۇن!" دەپ تۇۋلاشاتتى. دارۋاز ئالدىغا ئېگىلىپ، دارنى سالماق بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ يەنە ئۆرلىدى. ئۇ تەختىراۋانغا ئىككى پۇتىنى ئالغاندا، بارلىق مەيدان "ئۇھ!..." دەپ چىڭدىلىپ تۇرغان ئۆپكىسىنى

بوشاتتى. "ئۇھ، جەھەننەم ئاز قالدى، ئەمدى دارنى كۆرەيمەن" دېدى توپ ئارىسىدا تۇرغان چىرايلىققىنا بىر قىز. "ھە، بولتۇر نورۇز ھەرىمىدە دار باغلىغاندىمۇ شۇنداق دېگەنىدىڭىزغۇ؟" دەپ سۆز قىستۇردى يەنە بىر قىز. "بولتۇر يۈرىكىمنى ئالغانىدى بۇ ئوغۇل... — ئۇ بىر ئاز ئىزا تارتقاندەك قىلىپ توختاپ قالدى-دە، كېيىن، — ئاشۇ بالىنى يەنە بىر كۆرگۈم كېلىپ كەلگەنىدىم..." دەپ سالدى. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكىلەر كۈلۈشۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى. قىز يۈزىنى ئېتىۋالدى...

دارۋاز تەختىراۋاندا تۇرۇپ ئاۋۋال بۇغراخانغا ۋە مېھمانلارغا، كېيىن تاماشىچىلارغا تازىم قىلدى. ناغرا-سۇنايلار توختىدى. دارۋاز پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. تاماشىچىلارمۇ دەم ئېلىپ قالدى. ئاسماندا كىچىككىنە، چىرايلىق ياسالغان تەختىراۋاننىڭ ئۈستىگە يېپىلغان كۆك-قىزىل تاۋارلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆت تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، بىر ياقىدا دار، بىر ياقىدا چىغىرىق، ئىككى ياقى ئوچۇق-بوش ئىدى. تەختىراۋان ئىچىگە قوچاق ئولتۇرغۇزۇپ، ئاسمانغا يېپىسىز ئېسىپ قويۇلغان قوچاق تۆيىگە ئوخشاپ كېلەتتى.

دارۋاز ئۈستىنىڭ شەرىتى بىلەن ناغرا-سۇناي چېلىندى. بالا قوپۇپ تەختىراۋاندىن ساڭگىلاپ تۇرغان چىغىرىققا چۈشتى. ئۇ ھەر خىل چىغىرىق ئويۇنى كۆرسەتتى. ئۇنىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن تاشلىۋەتتى. بىر مۇنچە كىشىلەر "ۋاي" دەپ قالدى. دارۋاز پەسكە چۈشۈپ كەتمىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى چىغىرىق تانىلىرىغا ئىلىنىپ قالغانىدى... ئۇ چاققانلىق بىلەن قايتىدىن تەختىراۋانغا كۆتۈرۈلدى-دە، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىرنىيمىلەرنى قىلدى. كېيىن

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى راسلاپ تۆۋەن سەكرىدى...

تاماشىچىلار ئارىسىدىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر بارلىق دىققىتى بىلەن قاراپ تۇرغاندا، يەرگە چۈشۈپ كېتىپ بارغان دارۋاز يۈتى بىلەن ئىلىنىپ، بېشى تۆۋەن ساڭگىلاپ قالدى. يۈتكۈل مەيدان قاتتىق تارتىلغان يا بوشىغاندەك ئۆز جايىغا چۈشتى. تاماشاچىلار ئىچىدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. بۇغراخانمۇ قاتتىق تىكىلىپ تۇرغان كۆزىنى بوشاشتۇرۇپ، بويىنىنى قويۇپ بەردى ۋە ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتتى. خانىش ئايدىڭ چۆچۈپ ئىرغىپ قوپتى، كېيىن "ئۇھا..." دەپ ئورنىغا ئولتۇردى. سەھنىدىكى ئەمەلدارلار ۋە مېھمانلاردىمۇ بىرپەسلىك ئەنسىزلىك يۈز بەردى...

دارۋاز تەختىراۋانغا چىقىپ كۆپچىلىككە تازىم قىلدى. كېيىن ئۇ تۆۋەندىكى تۆت تۆۋرۈكنىڭ بىرىگە باغلاپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان ئاغامچىنى تۇتۇپ سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. دارۋاز ئۇستام دارۋاز بالىنى ۋە ناغرا-سۇنايچى بالىلارنى باشلاپ، بۇغراخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلىشتى. خاننىڭ خىزمەتچىلىرى كۆك يوپۇقلۇق بىر تورۇق ئاتنى ئەكىلىپ دارۋاز بالىغا تارتۇق قىلدى. ئۇستىغا تون كىيگۈزدى، ئىككى سازچىنىڭ بويىنىغا قىزىل تاۋار ئاستى.

ئەمدى بەيگىنى كۈتۈش كېرەك ئىدى. تاختاپەرىدىكىلەر دەم ئېلىشتى. تاماشىچىلار ئارىلاپ تاماشا قىلىشتى...

مەيداننىڭ يۇقىرىسىدا، ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلىك ۋە سۆگەتلىك ئارىسىدا قىز-يىگىتلەرنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ھەر خىل ئويۇنلىرى بولۇۋاتاتتى. قىزلار جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ چىم-چاچاق تېپىشمەكتە. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ قوشاق ئېيتىشىدۇ:

چىم-چاچاق چىمادۇرمەن،
ئۈستەڭنى چاپادۇرمەن،
كاتتا قۇلۇپنى سەپ قويۇپ،
دادىكامنى ئاچ قويادۇرمەن.

. . . . . . . . . . . .

ئىككى ياقتا بىر قىز، بىر يىگىت ئۇلارنى ئارقىلىرىدىن كۈچەپ ئىتتەرمەكتە. قىزلار تەرلەپ-پىشىپ قارشى تەرەپنىڭ ئاغامچىسىنى چېنىنىڭ بېرىچە تەپمەكتە. چىم-چاچاقلار توختاپ قىزلار ئالمىشىپ تۇرماقتا.

يەنە بىر تەرەپتە قاپاق تېرەكنىڭ ئېگىز شېخىغا سېلىنغان ئىلانغۈچ ئويۇنى بولماقتا ئىدى. ئۇزۇن قارا چاچلىق، سىياقى بەلەن بىر قىز توختىغان ئىلانگۈچتىكى قىزنىڭ چۈشۈشكە ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى چىقتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىككى ئاغامچىنى چىڭ تۇتۇپ، بېلىنى ئازراق ئېگىپ، پۇتلىرى بىلەن ئاغامچىنىڭ ھالقىسىنى كۈچ بىلەن تەپمەكتە. ئارقىسىدا بىر يىگىت ئۇنى ئىتتەرمەكتە. قىز ئاستا-ئاستا ئۆرلىدى. ئۇ ئۆرلىگەنچە خۇش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئۇزۇن ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئالدىغا كۆتۈرۈلگەندە، بېلىدىن ئايرىلىپ شامالدا يەلپۈلدەيتتى. كەينىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇنى يىقىلمىسۇن دەپ ئايىغاندەك بېلىدىن قۇچاقلايتتى. قىز ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇچماقتا. ئۇنىڭ ئىلانگۈچى تېرەك شېخى بىلەن تەڭلەشتى... ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كۆتۈرۈلدى. قىز ئىلانگۈچنى قاتتىق تېپىپ، كۆڭلىكى ئىچىگە شامال تولدۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە بىر چۈشۈپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ ئوقتەك ئۇچماقتا. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ۋارقىراشقا باشلىدى" ۋاي... بولدى، توختا!...".

"ئەجەب ياخشى ئۇچىتى بۇ قىز، بىر ھادىسە بولمىغىدى..." دېيىشتى. باياتىن قىزنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋاتقان يىگىت تىمتاس بولۇپ قالدى. ئۇ ياندا تۇرۇپ ئىلانگۈچنىڭ ئۇچىشىغا ئەگىشىپ بېشىنى ئۇ ياققا-بۇ ياققا تولغايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، پېشانىسىدە تەر تامچىسى كۆرۈلدى. ئۇ مۇشۇ كەمگۈچە بۇ ئادىتىدىن بۇنداق ئەنسىرىمىگەنىدى. قىز تۆۋەنلىگەندە، يىگىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ چۆچۈدى، يەنە ئىككى قېتىم ئۇچقاندىن كېيىن كەينىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە، "قو-قو...يت!..." دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەيداندا ياڭرىدى. يىگىتنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. كىشىلەرمۇ "ئۇھ...!" دېيىشتى. قىز ئىلانگۈچنى تەپمەي ئۆز مەيلىگە قويىۋەتتى. ئۇ ئىككى تال ئاغامچىنى گىرەلەپ كۈلۈمسىرەپ تىك تۇراتتى. ئىلانگۈچ بارا-بارا ئاستىلاپ توختىدى. يىگىت ياردەملىشىپ ئۇنى ئىلانگۈچتىن چۈشۈردى، قىز ھامان كۈلەتتى... ئاندىن، باشقا بىرسى ئىلانگۈچقا ئولتۇردى....

بىر ياقتا "ساغادى" ئويۇنى بولماقتا ئىدى. بىرنەچچە كىشى كۈچەپ چىغىرىقنى ئايلاندۇرماقتا. يەرگە تەككۈزمەي ئېسىلغان چاقپىلەكنىڭ چەتلىرىگە چىگىتىپ ئېسىپ قويۇلغان ئوچۇق ساندۇقلاردا قىز-يىگىتلەر ساندۇقنىڭ چېتىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئاۋۋال چاقپىلەك ئاستىراق ئايلانغاندا، ئولتۇرغانلار پەرۋاسىز كۈلۈپ ئولتۇرۇشتى. چاقپىلەكنىڭ ئايلىنىشى چاپسانلاشقاندا، بىر تۆۋەن چۈشۈپ، بىر يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ساندۇقتىكى ئادەملەر ۋارقىراشقىلى تۇردى. بەزىلىرى كۈلۈپ ۋارقىراشسا، گايىلىرى ۋاي "بولدى، توختات!" دەپ توۋلىشاتتى. گايىلىرى بولسا يۇقىرىدىن "ھۆ...!" دەپ قوشاتتى. ئاخىرى ساغادى توختىدى. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك

چىرايلىرى ساپسېرىق بولۇپ كەتكەن، بەزىلىرىنى بولسا دوستلىرى قولتۇقلاپ چەتكە ئېلىپ كېتەتتى... ئاشۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئادەملەر ئولتۇرغان ساغادى يەنە ئايلىناتتى. يەنە قىقاس-سۈرەن، كۈلكە....

ناغرا-سۇناي ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر تۈمەن دەرياسىنىڭ ئۇ ياقىدىكى يولغا قاراشتى. "كەلدى، ئەنە كەلدى!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئاختاپەرە ئۈستىدە بۇغراخان ۋە مېھمانلارمۇ بەيگىنى كۈتۈپ، كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

ئاخىر بەيگە كۆرۈندى ۋە قاتارلىشىپ مەيدانغا كىرىشكە باشلىدى... جەدە قاشقا ئاتقا مىنگەن ئون بەش ياشلاردىكى بىر بالا ئالدىدا كەلدى. ئۇندىن كېيىن باشقىلار... ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ بېشىدىن قويۇپ بېرىلگەن، توختىماي چاپقان بەيگىلەر چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەندى. بىرىنچى بەيگىگە — بالا ھەم ئاتنىڭ بويىنغا ئۇزۇن تاۋار ئارتىلدى. باشقا بالىلارنىڭ بېلىگە كۆك دۇردۇن بەلباغ باغلاندى...

ئاختاپەرىدىكىلەر تۆۋەن چۈشۈپ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، تاماشىچىلارمۇ شەھەرگە ۋە ئەتراپ يېزىلارغا تارىدى.



## تۆتىنچى باب

# دوستلۇق توختىمى

ياندۇرقى يىلى ئەتىيازنىڭ يىلىلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى، كۈن قايرىلغان، ھاۋا ئوچۇق، ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلار بويلىرىدا يېشىل چىمەنلەر كۆكىرىپ چىققان ھارۋا يولىدا ئۈچ ئادەم، ئىككى ئات، بەش خېچىرلىق بىر كىچىك كارۋان كېتىپ باراتتى. كارۋان ئالدىدا باي سودىگەر قىياپىتىدىكى بىر ئادەم قامچىسىنىڭ سېپىنى ئېگەرگە تىرەپ ئات ئۈستىدە مۈگدەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئادەتتىكى سودىگەر كىيىمىدىكى قارا ساقاللىق بىر ئادەم ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا تىنىمسىز كۆز تىكەتتى ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا بۇرنىدا غىڭشىلدايتتى. ئەڭ كەينىدە بېشىغا تىك كۆرپە تۇماق، پۇتىغا كۆن چورۇق كىيگەن، بېلىگە پىچاق ئاسقان، مالاي قىياپىتىدىكى بىر يىگىت خېچىر مىنىپ كېلەتتى. ئۇ قولىدىكى ئۇزۇن قامچا بىلەن خېچىرلارنى باشقۇراتتى ۋە ئارىلاپ "ھايت-ھۇيت..." دەپ قوياتتى.

قەشقەردىن يولغا چىقىش ۋاقتىدا بارسبەگ بۇلارنى "بىر كىچىك كارۋان — دوستلۇق كارۋىنى" دېگەنىدى ھەم قىلىچقا "توختى تاۋار" دەپ ئات قويۇپ بەرگەنىدى. ئۇلار تاغ-داۋانلار ئېشىپ، دەريا-كېچىكلەر كېچىپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ، بۈگۈن نەمەنگانغا يېقىنلاپ كەلدى. ئارقىلىرىدا يەنە، ئىككى چاقىرىمچە

يىراقتا بىرەر يۈزچە ئاتلىق چوڭ كارۋان توپا توزۇتۇپ كېلەتتى.

— ئەنە، يېتىپ كەلدۇق! — دېدى قوچقار خۇشال ھالىدا، — قىلىچبەگ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەنە نەمەنگان، — ئۇ يىراقلار ئارىسىدا ئۇرۇلۇپ ياتقان شەھەرنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— ھە، كۆردۈم، — دېدى چۆچۈپ بېشىنى كۆتەرگەن قىلىچ شەھەرگە قاراپ، ئاندىن ئۇ قوچقارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، — نەمەنگانغىمۇ يېتىپ كەلدۇق، لېكىن مېنىڭ ئېتىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟

— شۇنداق "توختى تاۋار"، ئۆگەنگەن ئادەت-تە!

— ئەمدى ئادەتلەرنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك.

— خوپ، چۈشەندىم، — قوچقار ئارقىسىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھەي خېچىرچى! قامچاڭنى چاپسانلات! كۆردۈڭمۇ شەھەرنى!

— كۆردۈم، كۆردۈم خوجايىن، — دېدى خېچىرچى خۇشال ۋە ئىككى پۇتى بىلەن خېچىرنىڭ بىقىنىغا دېۋىتىپ، قامچىسىنى ئوينىتاتتى...

"كارۋان" كۈن پېتىش ئالدىدا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۇنچە چوڭ بولمىغان بىر سارايغا چۈشتى. ئېگىز بويلۇق، چار ساقال ساراي-ۋەن ئۇلارنى ئىسسىق قارشى ئالدى. قوچقار كونا تونۇش سارايۋەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قوچقار "توختى تاۋار"نى سارايۋەنگە "يېڭى مېھمان، ئاسىي بار تاۋارچى، خەقلەر «توختى تاۋار» دەپ ئاتايدۇ" دەپ تونۇشتۇردى.

ئىككى "سودىگەر" قوچقارغا تونۇش ئىككى ئېغىزلىق ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۆزلىرى ئىچكىرىكى ئۆيگە جايلىشىپ، يۈك-تاقلارنى دالانغا ئورۇنلاشتۇردى. خېچىرچى بولسا ئات، خېچىرلارنى ئاتخانى

ىدىكى ئۈۋۈرۈكلەرگە ئېگىز باغلاپ سوۋۇتتى. ئۆزى ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىك بىر ھۇجرىغا جايلاشتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، قوچقار چىقىپ كەتكەندى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ خۇشال قايتىپ كەلدى.

— ئىش جايىدا، — دېدى ئۇ پالاس ئۈستىدە خۇرجۇنغا بېشىنى قويۇپ ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان قىلىچنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، — غۇلامخان كەلگىلى بىر ھەپتە بوپتۇ، ئۇ بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى سوراپ، ئاغامنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم كېلىپ كېتىپتۇ.

— ھازىر ئۇ نەدىكەن؟ — سورىدى قىلىچ پۇتلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇپ.

— يېزىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭكىگە كېتىپتۇ. ئۆگۈنلۈككە قايتىپ كەلگۈدەك...

ئۇلار كۆك چاي ئىچكەچ سۆزلىشىپ ئۇزاق ئولتۇردى...

غۇلامخان — بۇ ئادەم بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇقنىڭ باش پۈتۈكچىسى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى قوچقار بۇخاراغا بارغاندا، ئۇ قوچقارنى يوشۇرۇن ئېلىپ كىرىپ، ئەمىر ئەبۇ ئەلى بىلەن كۆرۈش-تۈرگەن. ھە، ئاشۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەلى: ”سۇتۇق بۇغراخانغا سالام ئېيتىڭ، بىز بىرلىشىشنى خالايمىز. ئەگەر ئۇنىسا، نەمەنگانغا بىر ۋەكىل ئەۋەتسۇن، شۇ جايدا بىر كېلىشىم تۈزسەك“ دېگەنىدى. ئەبۇ ئەلى غۇلامخاننى نەمەنگانغا ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقا-نىدى. كېيىنكى يىللاردا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ئالدىراشراق بولدى. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ”ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسى“نىڭ ئاساسىي دىققىتى كۆپرەك ئەلنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيت-تىشكە سەرپ قىلىندى. ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن بۇلتۇر قۇرۇلتايمۇ

ئېچىلدى، ئەمدى، سۇتۇق بۇغراخان ۋەكىل ئەۋەتىشنى قايتا قارار قىلىپ، ۋەكىلنىڭ بۇ يىل تۆتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نەمەنگانغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بۇخارا ئەمىرىگە خەۋەر قىلدۇرغانىدى. غۇلامخان ئەنە شۇ خەۋەرگە ئاساسەن نەمەنگانغا كەلگىلى بىر ھەپتە بولغانىدى. غۇلامخاننىڭ نەمەنگاندا يېقىن تۇغقانلىرى بار ئىدى، ئۇ بۇرۇن گاھى يىللىرى دەم ئېلىپ، ئويناپ كېتىش ئۈچۈنمۇ كېلىپ تۇراتتى.

قوچقار غۇلامخاننىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ كەلگەندىن كېيىن، قىلىچ خۇش بولدى، ئىككىسى كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئۇخلاپ قالدى...

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن سارايۋەن نەمەنگاننىڭ مەشھۇر سودىگىرى، ھۆپىگەر سېيىت خوجىنى باشلاپ كىردى.

— قېنى ھوجرىغا، — دېدى سارايۋەن ئىشىكنىڭ تاشقىرىسىدا تۇرۇپ ۋە ئىككى قوللاپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئۆكۈزدەك سېمىز سېيىت خوجا بېشىنى تۆۋەنرەك ئېگىپ ئىشىك-تىن كىردى. ئۇنىڭ ئالدى ئوچۇق بەقەسەم يەكتەكتىن پەشمەت ئۈستىدىن شايى بەلباغ باغلىغان يوغان قورسىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، خوجايىن كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دېدى قوچقار سېيىت خوجىنى قارشى ئېلىپ، — قېنى يۇقىرى چىقسىلا، مانا بۇ كىشى قەشقەرنىڭ نامدار تاۋار سودىگىرى توختى تاۋار بولىدۇ، — ئۇ ئورنى-دىن قوپۇۋاتقان قىلىچنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— ھە، يېڭى مېھمان ئىكەن-دە، — دېدى سېيىت خوجا "تاۋارچى" بىلەن سالاملىشىپ، — بىز نەمەنگانلىقلار مېھماندوست ئادەملەر بىز. ياخشى كەپسىز، كېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ خىرقىراپ

ۋە تۆردە — كۆرپە ئۈستىدە ئاران ئولتۇرۇپ قاتتىق يۆتەلدى.

"ئاۋارچى" ھۆپپىگەرنىڭ سەت قىياپىتىگە ۋە ئوڭايسىز ھەرىكىتىگە سەپسالدى. سېيىت خوجا ھەددىدىن زىيادە سېمىز ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى بىر سامان تىققان تاغارغا ئوخشايتتى. ئۇ يۆتۈلداپ دەم ئالغاندا، مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرغان پۇتلىرىنى بېسىۋالغان كۆپتەك قورساقى بىر كۆتۈرۈلۈپ-بىر چۈشۈپ تۇراتتى. كېلەڭسىز ساقال-بۇرۇت ئۈستىگە ئۆسۈپ چىققان ئىككى مەڭزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قونغان مۆشتەك چوقۇر بۇرنىنى كۆرگەندە، چوڭ ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلەتتى. بالىلار بولسا يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا باپ كەلمىگەن ھارامزادە كۆزلىرى پىلدىرلاپ كىشىگە يەرنىڭ ئاستىدىن قارايتتى. ئۇ قىسقا قوللىرىنى قورساقىنىڭ ئۈستىگە ئالسا، ئەپلەشمەي چۈشۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ قوللىرىنى بىر ئېلىپ، بىر چۈشۈرۈپ ھەپىلىشىپلا ئولتۇراتتى، پات-پات تېلىقىپ، چىڭقىلىپ يۆتۈلەتتى. يۆتەلگەندە چىرايى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. "قىخ..." قىلىپ كۈلگەندە، كانىيىدىن ھەر خىل ئاۋازلار چىقىپ كېتەتتى، قورساقى دىڭگىلايتتى...

— تونۇشۇپ چۈپقەت بولايلۇق. سىز قەشقەرنىڭ نامدار ئاۋارچىسى بولسىڭىز، بىز تەمەنگانىنىڭ، پەرغانىنىڭ نامدار ئاۋارچىسى بولىمىز، — "قىخ" قىلىپ كۈلدى سېيىت خوجا، — قوچقار باي ئۆز بالىمىز، ياخشى بۇرادەر. لېكىن بىزگە ياخشى ماللارنى ئاز ئېلىپ كېلىدۇ. شاش، سەمەرقەنت، بۇخارادىن كەلگەن سودىگەرلەر چىننىڭ ئاۋار-دۇردۇنلىرىنى، قەشقەرنىڭ بەقەسەم-ئەتلەسلىرىنى كۆپ سورايدۇ، بىلدىڭىزمۇ قوچقارجان!

— قوچقار بۇ قېتىم سىزگە ئاتاپ ياخشى ماللاردىن جىق ئېلىپ

كەلدى باي، — دېدى "توختى تاۋار" كۈلۈپ، — بىز سىز بىلەن بىرىنچى نۆۋەت كۆرۈشمەكتىمىز. ئەمما چۈپقەت بولغىنىمىزغا كۆپ يىللار بولدى. سىزگە نېمە كېرەك بولسا يەتكۈزۈپ بېرىمىز. خاتىرجەم بولۇڭ.

— قىخ... ھە... مانا، مانا، بەك ياخشى. بىزگە مانا شۇنداق دوستلار كېرەك. قول كەتتى بۇرادەر، — سېيىت خوجا بىر قولىغا تايىنىپ ئاران ئېگىلىپ "توختى تاۋار"غا قول سوزدى. ئۇ قول ئېلىشقاندىن كېيىن بىراقلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ بېشىنى ئەگدى، — قېنى ئاغىنە، بۇ قېتىم قانداق ماللار...

— قانداق مال دېسىڭىز بار، خوجايىن، — دېدى قوچقار ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ، — بەش خېچىر تاللانغان ئەڭ ئېسىل چىن تاۋار-دۇردۇنلىرى ۋە قەشقەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك يىپەك ماللىرى بار.

— ھا، بەللى، دوست دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا، جېنىڭنى بەرسەڭمۇ ئەرزىيدۇ. ھە، ئاغىنە، باھاسى...

— باھاسى ئىلگىرىكىدىن ئەرزانراق، — دېدى قوچقار، — بۇ دورەم بىزنىڭ باي ئاغىمىز ئۆزى كەلدى ئەمەسمۇ؟

— بارىكاللا، بارىكاللا، يارايسەن قوچقارجان، يارايسەن.

— بۇ، ئۆزلىرىگە ئەرزىمىگەن سالاملىق، — دېدى "توختى تاۋار" نېرىراقتا ئۈستى يېپىق تۇرغان پەتنۇسنى ئېلىپ، سېيىت خوجىنىڭ ئالدىغا ئېچىپ قويدى. سېيىت خوجا پەتنۇستىكى گۈللىرى پارقىراپ تۇرغان بىر توپ چىن تاۋىرى، بىر جۈپ تاقا بەققەسەمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ پەتنۇسقا يەنە بىر قاراپ چىقتى-دە، كۆزلىرىنى ئۇۋىنىتىپ كۈلدى:

— قىخ... دوستۇم، كېرەك ئەمەس ئىدى، رەھمەت، رەھمەت.

— ئەرزىمەيدۇ، بىز ئەكەلگەن ماللارنى سىزگە ئۆتكۈزسەك، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن...

— بەك ياخشى، بەك ياخشى...

— جانابىڭىزنىڭ بىزگە بەزى ياردىمىڭىز كېرەك بولۇپ قالارمىكىن. بىزنىڭ ئاكىمىز بىرىنچى قېتىم كەلدى ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن،...

— ھە، بولدى، ئۇ ياقىنى ماڭا قويۇپ بەر، — دېدى سېيىت خوجا مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — بۇ شەھەرنىڭ كاتتىباشلىرى مېنىڭ قولۇمدا، بىلدىڭمۇ؟ قىخ...

— باي ئاكامنىڭ بۇرۇتى قىمىرلىدىمۇ، بولدى، — دېدى سارايۋەن خۇشامەت ئاۋازى بىلەن، — بۇ كىشى چىمچىلىقى بىلەن شەھەرنى پىرقىرىتىدۇ، ھا. ھا. ھا... — سارايۋەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يالغان كۈلدى. سېيىت خوجىمۇ قورساقلىرىنى دىڭگىلدىتىپ خىرقىراپ كۈلدى. كېيىن ئۇ شۇنداق قاتتىق يۆتەلدىكى، قولاق-بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. مۈشۈكنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. مېھمانلار بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى...

ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى، قوچقارنىڭ ئاغىسىنىڭ ئۆيىدە دوستلار ئۇچراشتى. قىلىچ غۇلامخان بىلەن خۇددى كونا دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ سەمىمىي كۆرۈشتى. غۇلامخانمۇ قىلىچنىڭ دولىسىدىن ئىككى قولىنى ئالماي قايتا-قايتا ئامانلىق سورىدى. بۇ، ئىككىيلەننىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار راستتىنلا كونا دوستلاردەك يېقىن ئىدى. بىرقانچە يىلدىن بېرى بىر-بىرى توغرىسىدا جىق ئاڭلاپ كۆرۈشمەيلا دوست بولۇشۇپ كەتكەن، غۇلامخان قوچقار بىلەن بولسا ئۇچىنچى قېتىم كۆرۈشمەكتە...

بۇگۈنكى ئولتۇرۇشتا ئۇلار ئۆزئارا ئاخبارات ئالماشتۇردى. قىلىچ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە چېرىك ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئەلنىڭ ئىچكى بىرلىكى كۈچەيتىلگەنلىكى، ئىلىگخانلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتاينىڭ ئۇتۇقى... توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى. غۇلامخانمۇ سامانىلار بېسىپ ياتقان پەرغانە، شاش، سەمەرقەنت، بۇخارا دائىرىلىرىدە خەلقنىڭ ئېغىر ئازاب تارتىۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ ئۈستى-ئۈستىگە سېلىنغان ئالۋاڭ-ياساق، ھاشار، چېرىك تۇتۇش ۋە ئەمەلدارلارنىڭ، روھانىلارنىڭ بۇلاش-تالاشلىرى نەتىجىسىدە كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا كەڭ توختالدى. كېيىن ئۇ خان-بەگلەرنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلىش، پارىخورلۇق، دۆلەت مۈلكىنى تالاشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىپ كېتىپ بارغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن، غۇلامخان: "سىلەرگە دەم ئېلىش كېرەك، ئۇزاق سەپەردە ھاردىڭلار. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە سۆزلەشەك" دېدى. قىلىچ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە باش قوشۇپ، ئەگەر يامان پەيلىدىن يانمىسا، سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش كېرەك بولغاندا بىرلىشىپ قوراللىق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەپسىلى سۆزلەشتى. قىلىچ سامانىلارنىڭ قاراخانىلارغا ھۇجۇم قىلىش-قىلماسلىق ئېھتىمالىنى سورىغاندا، غۇلامخان: "ئۇلار چوڭ يۈرۈشنى پىلانلىماقتا. لېكىن ئالدىن بىر سىناپ كۆرۈش ئۇرۇشى قىلىپ

باقماقچى، بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، ئۇلار بۇ يىل كۈزدە بۇ ئۇرۇشنى باشلايدۇ.” دېدى. قىلىچ بۇ خەۋەرگە بەك دىققەت قىلدى. “ئېنىق خەۋەرمۇ؟” دەپ سورىدى ئۇ. “ئېنىق، سىزنىڭ سەمەرقەنتتىكى تاغىڭىزدىن كەلگەن خەۋەر. چېگرىغا ئالدىراش چېرىك توپلاۋاتى- دىغۇ؟” دەپ قەتئىي ئېيتتى غۇلامخان. قىلىچ سوتۇق بۇغراخاننىڭ بۇنىڭغا قارشى تەييارلىقى بارلىقىنى ئېيتىپ، سامانىلار قانچىلىك كۈچ بىلەن كىرىشى مۇمكىنلىكىنى سورىدى، غۇلامخان ئوتتۇز مىڭ ئادەم- لىك كۈچ تەييارلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇشىدى- غانلىقىنى، بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن ئىچكىرىگە كىرمەكچى ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ سۆزلىدى. “چوڭ ھۇجۇمى قاچانراق بولار؟” دەپ سورىدى قىلىچ. غۇلامخان سامانىلار بۇ قېتىمقى سىناق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن رەسمىي تەييارلىق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا تەييارلىق ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. “شۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىمقى سىناق ئۇرۇشتا ئۇ يېڭىلسە، ئىچكى جەھەتتىكى قىيىنچى- لىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بۇنداق بولسا، ئۇنىڭ تەييارلىقىنى كەينىگە سۈرىدۇ” دەپ قوشۇپ قويدى غۇلامخان.

ئۇلار بۈگۈن جىددىي سۆزلەشتى ۋە ئەھۋاللارنى خېلى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىنكى تۈندە ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقىسى ئاخىرقى سۆھبەت بولدى ھەم دوستانە، نەتىجىلىك سۆھبەت بولدى:

غۇلامخان بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق نامىدىن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پەرغانە، شاش ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى تۈرك

ئۇلۇسلىرىنىڭ سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىدا ئىزىلىۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا خۇرسەنلىك بىلدۈردى. ئۇ ئەبۇ ئەلى ئەمىرنىڭ غەزنە ئەمىرى سىبۇق تېكىن ۋە باشقا ۋەتەنداشلىرى بىلەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇ دىيارلى قۇتقۇزۇشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە زۆرۈر تېپىلىدىغانلا بولسا ئىچكى جەھەتتە چېرىك كۈچى بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

قىلىچ غۇلامخاننىڭ سەممىيىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئەمىر ئەبۇ ئەلى ۋە سىبۇق تېكىن ئەمىرلەرنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سامانىلار تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلىشىغا ياردەملىشىدىغانلىقىغا خۇرسەنلىك ئىزھار قىلدى ۋە سۇتۇق بۇغراخان نامىدىن رەھمەت بىلدۈردى.

سامانىلارنىڭ بۇ يىل كۈزدە قىلىدىغان سىناق ئۇرۇشىغا ئەبۇ ئەلىنىڭ ئارىلاشماسلىقى، قاراخانىلارنىڭ چوڭ چېرىك يۇرۇشىگە ماسلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرۇلۇق كېلىشتى ھەم ئىككىلا تەرەپ چېرىك كۈچى جەھەتتە پۇختا تەييارلىق قىلماقچى بولدى.

ھەر يىلى ئەتىيازدا مۇشۇ جايدا ئىككى ياقنىڭ ئالاقىچىلىرى كېلىپ ئۇچرىشىپ تۇرماقچى بولدى.

— بەك ياخشى بولدى، — دېدى قىلىچ خۇشال كەيپىياتتا، — بۇ، قېرىنداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ كېلىشىمى بولدى.

— شۇنداق، بىزنىڭ بۇ كېلىشىمىمىز كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن چوڭ كۈچنى كۆرسەتكۈسى، — دېدى غۇلامخان ۋە سورىدى، — بۇ كېلىشىملىرىمىزنى قەغەزگە پۈتىمىزمۇ، قانداق؟

— قەغەزگە پۈتۈش خەتەرلىك، — دېدى قىلىچ چۈشەندۈرۈپ، — قەغەزگە پۈتۈش بەتە بىر جەھەتتىن كۆڭۈل توختىتالمالىقنىڭ

بەلگىسى، بىز ئىككىمىز بۇ كېلىشىمنى كۆڭلىمىزگە پۈتۈۋالايلۇق. بىزنىڭ سەممىي-ساپ كۆڭلىمىزنى ھېچكىم ئوغرىلىيالمايدۇ.

— بەك ئوبدان گەپ بولدى بۇ، — دېدى قوچقار، — بۇغراخان بىلەن ئەمىرنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرى ئىككى ۋەكىل، ئىككى دوستنىڭ كۆڭلىگە پۈتۈلگەن كېلىشىم. قەغەز كۆيۈپ كېتىدۇ، سىيا ئۆچۈپ كېتىدۇ، سادىق كۆڭۈللەرگە پېتىلغان ئىناقلىق تامغىسى بولسا ئۆچمەيدۇ.

— ياخشى گەپ، مەيلى، — دېدى غۇلامخان قوشۇلۇپ، — بىز ئۇلۇسىمىز ئىرادىسىنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولايلۇق.

ئۇلار تۈگەل رازىلىق بىلەن سۆھبەتنى تۈگەتتى، دوستلار سەممىي قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

* * *

قىلىچ بىلەن قوچقار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر ھەپتىچە دەم ئالدى ۋە نەمەنگان شەھىرىنى، ئەتراپ يېزىلارنى تاماشا قىلدى.

بۈگۈن ئۇلار سېيىت خوجىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى، سېيىت خوجا ئۆزىنىڭ شۇنچە پېخسىلىقىغا قارىماي، مېھمانلارنى "سېخىلىق" بىلەن كۈتۈۋالدى. مېھمانلارغا بۇلتۇر كۈزدىن ئېشىپ، سېسىپ قالغان ئۈزۈملەردىن قىلىنغان "قول بالىسى" مۇسەللەسنى زورلاپ ئىچكۈزدى. "مېنىڭ ئىچىمىسگەن شارابلىرىم يوق، ھېچبىرى ئۈزۈمدە ياسىغان مۇسەللەسكە يەتمەيدۇ..." دەپ ماختاندى ئۇ ئىچىملىكنى. "ھەببەللى، مانا پولۇ...، ھە، لالەخان، چاي دەملەپ كېلىڭ. ياخشى كۆك چايدىن بولسۇن." دېدى خوجا يېنىچە كېلىپ پولۇ ئۇسۇلغان لېگەننى داستىخانغا قويۇۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا.

قوچقار ئېمىشقىدۇ بۇ ئايالنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئۆزىچە قىزىقىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بېشىدىكى رومىلى يۈزىنى يېپىۋالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى. ئايال لېگەننى داستىخانغا قويۇۋېتىپ، يەر ئاستىدىن قوچقارغا قارىغاندى، قوچقارنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي تۇرغاندا، سېيت خوجىنىڭ "لالەخان" دېگەن سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەشتەر سانجىلغاندەك ئېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى ئاجايىپ كۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى خالايتتى، ئەپسۇسكى، لالەخان كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى. قوچقار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە قېتىپ قالدى: "ئاھ! نېمىدېگەن ئۆتكۈر كۆزلەر؟! ئۇ نېمىشقا يۈرەك رىشتىلىرىڭنى تىترىتىدۇ؟ 'لالەخان'؟! ھە، شۇ لالە بولمىسۇن، يەنە؟! ياق، بۇنىڭ ئىسمى ئاخىرىدا 'خان' بار. بىراق ئۇ ئەجەب مەنىلىك قارايدىغۇ؟ زادى كىم بۇ؟..."

قىلىچ قوچقاردا پەيدا بولغان بۇ ئۇشتۇمتۇت خىيالغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى. سېيت خوجىنىڭ سۆزى قوچقارنىڭ خىيالىنى بۇزدى:

— قېنى، ئەزىز مېھمانلار، باقىلى، مانا بۇ بەقەسەم پولۇنىڭ ئۆزى بوپتۇ-دە... بىزنىڭ خوتۇن پولۇغا شۇنچە ئۇستا ئىكەنكى، نەمەنگاندا بىر دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ... قېنى، باقىلى.

قىلىچ ئالا بولۇپ قالغان پولۇنى زورمۇزور يېگەن بولۇپ ئولتۇراتتى. قوچقارنىڭ بولسا كېكىرىكى بوغۇلۇپ غىققىدە تويغانىدى. ئۇ ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى... ئەنە لالەخان چەينەك، چىنە قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى، لېكىن ئۇ يېرىم يېپىلغان

يۈزىنى تۆۋەن ئەگكەن پېتى پەتنۇسنى سىيىت خوجىنىڭ ئالدىغا قويۇپ تەتۈر بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. قوچقار ئارماندا قالدى، ئۈمىد بىكار كەتتى. يەنە كىرىپ قالارمىكىن-تاڭ؟!

قىلىچ سىيىت خوجىنى تاماشا قىلاتتى. خوجايىن سۆزلىگەچ پولو يەيتتى. ئۇ پۇشۇلدايتتى، داستىخاندىكى مايلىق لۆڭگە بىلەن پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى ئېرتىپ قوياتتى. لېگەن يېرىملىدى، توگەپمۇ قالاي دېدى. خوجايىن: "ھە، مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسى ئېگىز ئىكەن-دە؟ مەيلى، زورلىمايمىز." دەپ قويۇپ باش ئالماي پولو يەيتتى. ئۇ لېگەننى سۈپۈرۈپ، بىر تال گۈرۈچمۇ قالدۇرماي ئالدىغا يىغدى. "بىر تال گۈرۈچنى قالدۇرۇپ قويسا كۆپۈرلۈق بولىدۇ، دەپتىكەن ئىمام ئەزەم" دېدى ئۇ ۋە ئەڭ ئاخىرقى كاپام پولونى چىڭ ئۇگۇچلاپ ئاغزىغا سالدى. ئۇ ئاغزىدىكى قالغان پولونى يۇتۇپ، بارماقلىرىنى بىر-بىردىن يالاپ چىقتى. كېيىن تازا بىر كېكىرىپ چىنىلەرگە چاي قۇيدى. "مېھمانلارنىڭ پولوغا ئانچە زوق-لىرى يوق ئىكەن، قېنى چاي ئىچەيلى" دېدى ئۇ مېھمانلار ئالدىغا چاي قۇيۇپ...

قىلىچ بىلەن قوچقار سارايغا قايتتى، قوچقار ئويچان ئىدى. قىلىچ سورىدى:

— نېمە بولدى قوچقار، ئۇشتۇمتۇتلا ئويچان بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھېچ... ھە، غەلىتە بولۇپ تۇرىمەن. ھېلىقى خاتۇن... ھە، شۇ، مېنىڭ بىر كىچىك دوستۇمنى ئەسلەتتى.

— ئەسلەتكەن بولسا، شۇ ئۆزى بولمىسۇن يەنە؟

— شۇمىدۇ؟ كۆزلىرى ئوخشاپ كەتتى. بەلكى... ياق. بۇ خاتۇننى "لالەخان" دېدى.

— كىچىك دوستىڭىزنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟

— لالە

— ئايرىلغىنىڭىزغا قانچە يىل بولدى؟

— ئاشۇ، سىلەر تەرەپتە قالغاندىن بېرى كۆرگىنىم يوق. سىلەر مېنى تۇتۇۋالغىلى قانچە يىل بولدى؟

— يىگىرمە يىل بولۇپ قالدى، ئېھتىمالىم.

— ھە، شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىدىم. بىر كەلگىنىمدە سورۇشتە قىلسام "ئەرگە تېگىپ مەرغىلانغا كەتكەن، ئىز-دېرىكى يوق،" دېيىشكەنىدى.

— دۇنيادا ئويلىمىغان ئىشلار بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان قىلىچ، — "لالە"گە "خان"نى قوشۇپ "لالەخان" دەپ ئاتاشلىرى بەك ئېھتىمال. كېيىن ئۇ خوتۇن سىزگە نېمىشقا شۇنچە سىنچىلاپ قارايدۇ؟ ماڭا نېمىشقا قارىمايدۇ؟ مەرغىلاندىن يېنىپ كەلگىلى بولمامدىكەن؟ ھازىر ئېرى بارمۇ، يوق؟ مانا بۇلارنى ئېنىقلاش كېرەك. سىز بۇ خوتۇن بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ چارىسىنى قىلىڭ. ئۇمۇ بەلكى سىزنى ئىزدەۋاتقاندۇ.

ئۇلار ئۇخلاشقا ياتتى، قىلىچ غۇلامخان بىلەن قىلغان كېلىشىم توغرىسىدا، بۇ يىل كۈزدە دۈشمەن بارغاندا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئويلاپ ياتاتتى، قوچقار بولسا ئوڭدا ياتقىنىچە، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قاراپ بايىقى ئايالنى، ھېلىقى يەر ئاستىدىن قارىغان قۇدرەتلىك كۆزلەرنى ئويلايتتى. كېيىن ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇزاق ئۆتمۈشكە قايتىپ كەتتى...

... قوچقار بىلەن لالە كىچىكىدىن بىللە پادا باقاتتى. قوچقار تاغىسىنىڭ قويىنى، لالە سىيىت خوجايىنىڭ كالىسىنى باقاتتى. ئۇن

ئۈچ ياشلىق قوچقار ئون ئىككى ياشلىق لالەگە خۇددى ئاكىسىدەك غەمخورلۇق قىلاتتى..

بىر كۈنى قوچقار قويلىرىنى يېزا چېتىدىكى بىر ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، بىر دۆڭدە ئولتۇرۇپ نەي چېلىۋاتاتتى، لالەنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ قوپۇپ قارىسا، بىر ئېتىزلىقتا بىر ئايال لالەنى ئۇرۇۋېتىپتۇ. قوچقار نەينى بېلىگە قىستۇرۇپ شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. بارسا، ئايال: "سەن شۇم نېمىشقا كالىلىرىڭنى مېنىڭ ئېتىزىمغا قويۇۋېتىسەن؟" دەپ تاياق بىلەن لالەنىڭ باش-كۆزلىرىگە ئۇرۇۋېتىپتۇ. لالە قوللىرى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى توسۇپ يىغلاۋېتىپتۇ. "ئۇنى ئۇرماڭ!" دېدى قوچقار چوڭ كىشىدەك ۋە ئايالنىڭ قولىدىكى تاياقنى تۇتۇۋالدى-دە، ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ، يۈگۈرۈپ كەلگەن لالەنى قۇچاقلىۋالدى. ئايال يەردىكى تاياقنى يەنە ئېلىپ، ئىككىلىسىنى ئۇرغىلى تۇردى. قوچقار لالەنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ قاچتى. ئايال ئازراق قوغلاپ بېقىپ، يېتىشەلمىگەچ ۋارقىراپ تىللىغىنىچە قالدى...

پادىچى بالىلار كالىلارنى ھەيدەپ قويلارغا قوشتى ۋە ھېلىقى دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. لالە قوچقارنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. "ھەممىسى بوزەك ئېتىدۇ..." دېدى ئۇ، كېيىن گەپ قىلالماي ۋارقىراپ يىغلىدى. "يىغلىما لالە، مېنىڭ ئاتا-ئانام يوق، سېنىڭ داداڭ بارغۇ؟ بىز بوزەك بولمايمىز. يەنە بىرئاز چوڭ بولۇپ ئالايلۇقچۇ، ئاندىن كۆرىمىز" دەيتتى قوچقار لالەنى جۇۋۇتۇپ ۋە بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن لالەنىڭ يۈز-كۆزىنى سۈرتتى.

بىر كۈنى، كەچ كۈز بولۇپ قالغان چاغ. لالە بىلەن قوچقار

قوي-كاللارنى قويۇپ بېرىپ، يەنە شۇ دۆڭگە چىقىشتى. ئۇلار ماللارغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. "قاراڭ ئاۋۇ قوچقارلارنى، — دېدى لالە، — يەنە سوقۇشقىلى تۇردى". بىر ئاق قوچقار ئوتلاۋاتسا، بىر قارا قوچقار يانداپ كېلىپ بىر مۈڭگۈزى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا ئۇستى. ئاق قوچقار بېشىنى كۆتۈرۈپ، "چاقچاق قىلما" دېگەندەك قارا قوچقارغا قاراپ قويدى. قارا قوچقار يەنە بىرنى ئۇستى. ئاق قوچقار-نىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەينىچە ئارقىغا ياندى. قارا قوچقارمۇ ياندى، ئىككىسى ئۈچ-تۆت غۇلاچ بەردىن يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر باش ئۇرۇشتى. ئىككىنچى قېتىم كەينىگە جىقراق يېنىشتى. بىر ئارغامچا بويى يەرگە بېرىپ توختاپ بىر-بىرىگە ھومىيىشتى ۋە ئۇدۇللاپ يۈگۈرۈشتى. ئاق قوچقار غەزەپ بىلەن يۈگۈردى، يۈگۈرگەنچە كېلىپ، تىزلىنىپ تۇرۇپ قاتتىق باش ئۇردى. قارا قوچقار كەينىگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاق قوچقار يەنە كەينىگە يېنىپ ئىككى غۇلاچ بەردىن يۈگۈرۈشكە تەييارلانغاندى، لېكىن، قارا قوچقارنىڭ قوپالمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى-دە، بويىنىنى بۇراپ باشقا ياققا مېڭىپ كەتتى. لالە قوچقارلارنىڭ سوقۇشۇشىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى ۋە ۋارقىراپ كۈلدى.

— قارا، قارا، قوچقار ئاكا، ئاۋۇ قوچقار قوپالماي قالدى.

— ھە، ئۇ ئۆزىگە باقماي ھەمىشە ئاشۇنداق يوغانچىلىق قىلىدۇ.

— سەنمۇ ئاشۇنداق شوخ قوچقار بولامسەن؟

— بىكاردىن تېگىشىپ يىقىلىپ ياتقانلىق شوخلۇق بولامدىكەن، بىكاردىن چېقىلماسلىق، چېقىلغاننىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك، كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، ئاق قوچقار بولىسەن، دېگىنە... بوزەك بولمايدىكەنەن.

راست، ئاۋۇ كۈنى، چوڭ بولغاندا بوزەك بولمايمىز، دېدىڭغۇ؟ قاچان چوڭ بولىمىز؟

— بەش يىلدا، ئون يىلدا...

— ۋاي-ۋۇي، بەك ئۇزاق ئىكەن. مېنىڭ ئانام يوق، ئۇ ۋاقىتقىچە قىيىنىلىپ كېتىمەن، — ناگولا بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى لالە.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما لالە. مەن بار، ئىككىمىز ئايرىلمايمىز، — قوچقار مەيدىسىگە بېشىنى قويغان لالەنى ئاكىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ، بېشىنى سىلىدى. ئاندىن ئازراق ئويلاپ ئىككىسى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى باشلىدى. لالە بېشىنى كۆتۈرۈپ قوشۇلدى.

قوزىچاقلار مەرەيدۇ،
يېتىم قالغان ئوخشايدۇ.
بوز تورغايلار سايرايدۇ،
دانىسىز قالغان ئوخشايدۇ.

ئانىسىز يېتىم باللا،
يىغلايدىكەن ياش تۆكۈپ.
دادىسى يادىغا يەتسە،
بوزلايدىكەن تىز پۈكۈپ.

بوزەك ئەتمە يېتىمنى،
يوقمىكەن ئەتتى ئۇنىڭ؟
شۇ يېتىملەر ئاھلىرى،
جېنىڭنى ئالماسمۇ سېنىڭ؟

. . . . . . . . . . . .

قوچقار خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. ئۇ يىنىچە يىتىپ ئاشۇ جاپالىق كۈنلىرىنى ۋە لالە بىلەن ئۆتكۈزگەن باللارغا خاس مۇھەببەتلىك-دوستانە ئۆتمۈشلىرىنى ئۇزاق ئويلاپ ياتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە قوچقار خىچىرچى بىلەن شەھەر تىشىدىكى ئۆستەڭگە ئات سۇغارغىلى باردى. ئۇلار ئەمدى ئات-خىچىرلارنى سۇغىرىشقا باشلىغانىدى، بىر ئايال كىلىپ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىراقىدا ئولتۇرۇپ، يۈزىنى رومىلى بىلەن يىرىم يوشۇرۇپ كوزىسىغا سۇ ئالغىلى تۇردى. ئۇنى كۆرۈپلا قوچقارنىڭ يۈرىكى "قاتتىدە" قىلىپ كەتتى. بۇ، شۇ لالەخاننىڭ ئۆزى ئىدى. لالەخان سۇ تولدۇرۇلغان كوزىنى ئۆستەڭ بويىغا قويۇپ، داكا رومال ئىچىدىن قوچقارغا بىر قارىۋالدى. قوچقار بۇنى سەزمىدى. ئۇ "لالەخان"نىڭ ئاشۇ "لالە" ئىكەنلىكىگە تېخى تولۇق ئىشەنمىگەنىدى. ئۇ "نىمە بولسا بولسۇن" دەپ بىر سۆز تاشلاپ بىقىشنى خالايتتى، لېكىن قانداق قىلىپ سۆز ئىچىشنى بىلمەيتتى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ يادىغا ھىلىقى باللىق ۋاقتىدىكى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسى چۈشۈپ قالدى. "ھە، مانا بۇ ئوبدان چارە." دىدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئات سۇغارغان بولۇپ قەدىمكى ئاھاڭدا ئاستا ناخشا باشلىدى:

قوزىچاقلار مەرەيدۇ،
دانىسىز قالغان ئوخشايدۇ.

قوچقار ناخشىنىڭ ئۈچىنچى قۇرىنى باشلاي دەپ تۇرۇۋىدى، لالە شۇ ئاھاڭدا:

بوز تورغايلار سايرايدۇ،

دېدى.

— ۋاي لالە، — دېدى قوچقار، ئۆزى قانداقچە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى، — ئاھ لالە، بۇ راستىمۇ؟ مەن...

— بولدى، سىز قوچقار، — دېدى لالە خان ئىززا ئارىلاش كۈلۈپ، — ئاق قوچقار ئەمەسمۇ!

— ۋاي شۇمۇ يادىڭىزدا بارىكەن-ھە!

— بولمايچۇ، ھەممىسى يادىمدا. سىزنىڭ يادىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن بىلەن... — لالە خان گېلى بوغۇلغاندەك بولۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

— ياق لالە، مەنمۇ ئۇنتۇمىدىم، يادىمدا، ھەممىسى يادىمدا. ئۇنۇتۇلغۇنكىدەكلا يادىمدا...

— مېنىڭ گېپىم جىق، بەك جىق. باشقا سۆزلىشەيلۇق، بولامدۇ؟

— مەيلى، مېنىڭمۇ گېپىم جىق. قاچان، قەيەردە؟

— مەن ئىزدەيمەن.

قوچقار لالەخان ئۆزاپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. لالە خان بۇرۇلۇشقا بېرىپ ئارقىسىغا قارىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتلار بار ياققا يۈگۈردى ۋە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان خېچىرچىنى قۇچاقلاپ پىرقىرىتىۋەتتى...

قوچقار قايتىپ سارايغا كېلىپ قىلچقا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. لالەخانمۇ قايتىپ دادىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. "دادا، ئىشىنەمسەن؟ ئۇ، قوچقار، ئۆلمەپتۇ، بار ئىكەن، شۇ قوچقارنىڭ ئۆزى" دەپ ئۇ دادىسىنى ئىشەندۈردى. لالەخاننىڭ دادىسى قوچقارنىڭ

دادىسى بىلەن بېغىنى دوست ئىدى. ئۇ قوچقارنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى كۆرەتتى. قوچقار چېرىكلىكتە ئۆتۈلۈپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، "ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك" دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنى قارشىلىقىغا قارىماي بىر پەرغانىلىققا بەرگەنىدى. ئۇ پەرغانىدىن قايتىپ كەلگەندە، لالەگە: "قوچقارنى ئەمدى ئويلىمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ." دېگەنىدى. لېكىن، قىزى باشقا ئەرگە تەگمەي قوچقارنى كۈتۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. "يېشىڭ ئوتتۇز بەشكە كېلىپ قالدى قىزىم، لايىقلارنى قايتۇرۇۋەرمە، ئۆل ئۇلتۇرۇش ياخشى ئەمەس" دەپ نەسىھەت قىلغانىدى ئۇ قىزىغا. لالە بولسا ھامان قوچقارنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قوچقار بىركۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. "باشقا ئەرگە تېگىپ نېمە قىلىمەن، — دەيتتى ئۇ دوستلىرىغا، — ئەرگە تەگدىمغۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا پەرغانىلىق ئېرىم مېنى ياخشى كۆرگەن، ئازار قىلمايتتى. لېكىن، شۇ قوچقار يادىمدىن چىقمايتتى... ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى. قويۇڭلار، ماڭا نەسىھەت قىلماڭلا، قوچقار كەلسۇن-كەلمسۇن، ئەرگە تەگمەيلا قوياي." دەيتتى ئۇ كەسكىن ھالدا. ئۇ ئەمدى قوچقارنى تاپقانلىقىنى دادىسىغا ئېيتقاندا، دادىسى "قوچقارنى مەن يامان دېمەيمەن قىزىم. ئۇ بەلكى بالا-چاقىلىق بولغاندۇ، — قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئويلىدى بوۋاي، — خاتالاشمىسام ئۇ بۇ يىل ئوتتۇز سەككىزگە كىرىپ قالدى...". "ئەگەر ئۇنىڭ بالا-چاقىسى يوق بولسىچۇ؟" دەپ سورىدى لالەخان دادىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ. "ئۇنداق بولسا ئويلاپ كۆرەرمىز" دېدى بوۋاي.

لالەخان ئىككى باسقۇچتىن ئۆتتى: بىرى، قوچقار بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشلۇق ئالدى. يەنە بىرى، دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالدى.

ئەمدى ئىش قوچقارنىڭ بالا-چاقىسى بار-يوقىدا قالدى. "قوچقار ئۆزى ئۆنارمۇ؟!" بۇ سوئال لالەخاننىڭ كۆز ئالدىدىن "لاپ" قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئىشنىڭ ئۇ ياقىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى.

بۈگۈن ئاخشام لالەخان ئويغا چۆكۈپ ياتاتتى. گادىرماش ئويلار ئۇنى شۇنچە ئۇرۇۋالغانىدىكى، كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئاسان بولمىدى. ئۇ قوچقار بىلەن قەيەردە، قانداق ئۇچرىشىشنى ئويلاپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي ياتتى.

ئەتىسى سېيىت خوجا پولۇغا جىقراق گۆرۈچ سېلىشنى ئېيتتى. چۈش ۋاقتىدا ئۇ دۇكاندىن قايتىپ كېلىپ: "لالەخان، پولۇدىن بىرلېگەنگە تولدۇرۇپ ئۇسۇپ، سارايدىكى بىزنىڭ ئىككى مېھمانغا ئاپىرىپ بېرىپ كەل، بىلدىڭمۇ؟" دېدى. بۇ گەپ لالەخاننىڭ ئويغا تازا ماس كەلدى. ئىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئېپى بولامدىغان! لالەخان ئاۋۋال بىر لېگەن پولۇنى ئۇسۇپ سېيىت خوجا بىلەن خانىمغا ئەكىرىپ بەردى. يەنە بىر لېگەن پولۇغا گۆشنى جىقراق بېسىپ، ئۈستىگە ئىككى توقاچنى يېپىپ، داستىخان بىلەن ئوبدان ئوراپ دولىسىغا قويدى-دە، دەرۋازىدىن چىقىپ ساراي ياققا مېڭىپ كەتتى ...

لالەخان قوچقارنىڭ سارايىنىڭ قايسى ھۇجرىسىدا ئىكەنلىكىنى، كىم بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى ئالدىنقاچان بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ساراي دەرۋازىسىدىن كىرىپ توپتوغرا ئاشۇ ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەمدى ھۇجرا ئىشىكىگە كەلگەندە، ئىچكىرىدىن قىلىچ چىقىپ قالدى.

— خوجايىن ئاش ئەۋەتىپتى، — دېدى ئۇ رومىلى بىلەن يۈزىنى يانتۇ توسۇپ.

دېدى
— ھە، خوجايىن سىيىت خوجا ئاش ئەۋەتكەن دەك؟ — دېدى قىلىچ كۆلۈپ ۋە لالەخانغا يول بەردى، — قوچقار، مېھمان كەلدى! — دېدى ئۇ ئىچكىرىگە قاراپ ۋە لالەخانغا بۇرالدى، — قېنى سىڭلىم، ئۆيگە كىرىڭ. قوچقار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار. بىرئاز كېچىكىپ قايتىمەن.
لالەخان بوسۇغىدىن يەڭگىل ئاتلاپ كىرگەندە، ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان قوچقارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.
— ۋاي، لالەخانمۇسىز؟ — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ، — قېنى ئۆيگە، ياق، ماياققا، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىڭ!
ئۇيلىمىغان يەردىن كېلىپ قالغان ياخشى "مېھمان"، ئېپىدە كېلىپ قالغان "ساھىبخانا" — ئەجەب ياخشى-ھە؟ ئىش ئوڭىغا كەلسە، ھەممىسى جايىدا بولىۋېرىدىكەن. ھازىر پولۇغا نۆۋەت يوق، سوۋۇپ قالسىمۇ مەيلى، ئۇ شىرە ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرغاي.
ئىككىلەن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، بىرى رومىلىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلىسا، يەنە بىرى قىچىشقان گەدىنىنى قاشلاپ قويىدى.
— ئۆزلىرىنى قەيەردىن سورايمىز ئاق قوچقار، — دېدى لالەخان ئاخىرى باشلاپ سۆز ئېچىپ ۋە كۈلۈپ قوچقارغا قارىدى.
— قەشقەردىن...
— ھە، ئۇ جاي نەدە، يىراقمۇ؟
— قاتمۇقات تاغلارنىڭ كەينىدە. بەك يىراق، يېقىندا قايتماقچى بىز.
— ھە، قايتىش كېرەك ئەلۋەتتە. باللار كۈتۈپ قالدۇ-دە!
— ...
ئىككى كونا ئاداش شۇنداق قىلىپ مۇڭداشتى، بىر-بىرىگە ئەھ-

ۋاللىرى ئايدىڭلاشتى... كېيىن ئىككىلىسى تەك شۈك بولۇپ قالدى، بىرھازادىن كېيىن جىمجىتلىقنى يەنە لالەخان بۇزدى:

— مەن سەن بىلەن كېتىمەن! — كەسكىن سۆزلىدى ئۇ، كۆزىدىن چىققان ياشلىرى قۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ ھازىرلا ئاشۇ قاتمۇقات تاغلار كەينىدىكى ئۇزاق جايغا كېتىشكە تەييارلانغانىدى.

— بولمايدۇ، لالە، داداڭ يالغۇز.

— مەن كېتىمەن دېدىم كېتىمەن. دادام ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى كۆرەلەيدۇ. ئەگەر سېنىڭ بالا-چاقاڭ بولمىسا، ئىككىمىزنىڭ بىللە تۇرۇشىمىزغا دادام رازى.

— يول ئۇزاق، تاغ-داۋانلار ئېگىز. خاتۇن كىشىگە قىيىن سەپەر...

— ھە!...، — دېدى لالە شارتتىدە بېشىنى بۇراپ قوچقارغا قاراپ، — "تاغ-داۋان" قانداق بولىدۇ، "خاتۇن كىشى" قانداق بولىدۇ، قېنى، مەن كۆرۈپ باقاي، ئاشۇ تاغ-داۋانلار "خاتۇن كىشى"بولغان مېنىڭ بېلىمنى ئېگەلەمدىكىن؟! — ئۇ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن قوپتى ۋە كەشنى كىيىپ خوشمۇ دېمەي تالاغا ماڭدى.

قوچقار "لالەخان، توختا" دېگىنىچە ئىشىك ئالدىدا قاراپ قالدى. ئەمدى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان قىلىچ لالەخاننىڭ خاپا، شاپاشلاپ مېڭىشىغا، قوچقارنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغان قىياپىتىگە قاراپ توختاپ قالدى. لېكىن، ھەيران قالمىدى. ئۇ قوچقاردىن ئەھۋالنى ئۇققىنى "كېرەك يوق، پالۋان خاتۇن ئىكەن. سېنى مات قىپتۇ، كۆردۈڭمۇ؟" دېدى قىلىچ. كېيىن ئۇلار خېلىلا سوۇۇپ قالغان ئاشنى ئېچىپ يېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن لالەخان كۆرۈنمىدى. قوچقار ئات سۇغارغىلى چىققاندا، ئۇ سۇغىمۇ چىقمىدى. قوچقار جىمى بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا، تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەيتتى. قىلىچنىڭ "قارىغىنا سېنى، ئۆزەڭنى چاغلىماي ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇپ، ئەمدى نېمە دېيسەن؟ خوپ بولدى!" دېگەن سۆزى ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلاتتى. بىراق، قىلىچ كۈلۈپ دولىسىغا ئۇرۇپ: "قورقما دوستۇم، لالە قوچقاردىن قالمايدۇ" دېگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق جايىغا چۈشۈپ قالدى. "ھە، قىلىچنىڭ بۇ سۆزىدە بىر گەپ بار. ئالدىنقى كۈنى لالەنىڭ دادىسى بىلەن سۆزلەشكەن ئەمەسمىدى؟" دەپ ئۈمىد قىلدى.

ئەسلىدە قوچقار لالەنى خاپا قىلاي دېمىگەنىدى. ئۇ، لالە كەتسە دادىسىنىڭ يالغۇز قېلىشىدىنلا ئەنسىرىگەنىدى. قوچقارنىڭ سۆزى لالەنىڭ كۆڭلىگە تەگكەن بولسىمۇ، بالىلىق ۋاقتىدىكى دوستانە مۇھەببەتنى ھېچنېمە سۇندۇرالمىغانىدى. بەلكى ئۇ بارغانچە پىشىپ، قارشىلاشقىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلانغانىدى. ئەنە شۇ كۈچ لالىنى ئۇزاقتىن بېرى چاڭگىلىغا ئېلىپ تىزگىنلەپ كەلگەنىدى. ئۇ قوچقارنى ئۇزاق يىللار كۈتكەنلىكى ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايتتى. ئۇ ئاخىر قوچقارنى تاپتى. لېكىن، قوچقار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى خام چاغلاپ "تاغ-داۋان"، "خاتۇن كىشى" دېسە، بۇ سۆزنى يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدە ساقلىغان كىشى دېسە ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئەلەم قىلمىسۇن؟!

كىچىك كارۋان قايتتى... ئەنە، ئات خېچىرلارغا مىنگەن، خېچىر ھەيدىگەن ئۈچ كىشى نەمەنگان يېزىلىرىدىن چىقىپ، تاغ يوللىرىنى بويلاپ كەلمەكتە. ئۇلار بىر بۆكتەردىن ئېشىپ كەڭ بىر سايغا كىردى. قىلىچنىڭ كەيپى خۇش، نېمىنىدۇ ئىزدەۋاتقاندەك ئات

ئۈستىدە ئەتراپقا كۆز سېلىپ ماڭماقتا. خېچىرچى ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ناخشىسىنى بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ كېتىپ بارىدۇ. قوچقار بولسا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈيچان كېتىپ بارماقتا. ئۇلار سايىنىڭ ئىچىدە بىر سۇ كېچىكىدىن ئۆتۈپ بولغاندا قىلىچ ۋارقىرىدى:

— قوچقار! قارا، ئاۋۇ كىمدۇ؟ — ئۇ ئات چاپتۇرۇپ شۇ ياققا كەتتى. كېيىن قوچقار ئېتىنى ئىلداملىتىپ بارسا، قىلىچنىڭ ئالدىدا بىر ئەركىشى تۇرغانىكەن، قوچقارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى. قوچقار قىلىچقا سوئاللىق قارىدى.

— ھە، قېنى ئاپە، كىمكىن؟ — دېدى قىلىچ كۈلۈپ قوچقارغا.

— ۋاي ئاكەي، — دېدى قوچقار ھەيران بولۇپ. ئۇ ئاۋۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتەي دېسە، ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى. قىلىچ بولسا توختىماي كۈلەتتى. ئۇ قوچقارغا "كۆزۈڭنى يۇم" دېدى. ئاۋۇ كىشىنى ئۇنىڭغا روبىرو تۇرغۇزغاندىن كېيىن "كۆزۈڭنى ئاچ!" دېدى. "ھە...!" دەپ چۆچۈپ كەتتى قوچقار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ۋە ئازراق ئارقىسىغا داجىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا پۈختا ئەرەنچە كىيىنگەن لالە كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ پۇتىغا قىزىل كۆن ئۆتۈك كىيىپتۇ، يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن كۆك بەلباغ بىلەن بېلىنى چىڭ باغلاپتۇ. بېشىغا نېپىز ئاق كىگىز قالپاق كىيىپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر چىرايلىق يىگىت بوپتۇكى، كىشىنىڭ زوقى كېلەتتى. پەقەت مەيدىسى يەكتەكنى ئازراق كۆتۈرۈپ تۇرغىنى بولمىسا.

— ۋاي لالە، بۇ سەنمۇ؟ — دېدى قوچقار ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ، — ئاھ! نېمىدېگەن پالۋانسەن؟!

— شۇنداقمۇ؟ خاتۇن كىشىمۇ پالۋان بولامدىكەن؟! — دېدى

لالە قولىدىكى تاياق بىلەن قونچىنى ئۇرۇپ، بىر پۇتىنى ئويىنىتىپ، ئەرەنچە ھەرىكەت بىلەن،

ئەمدى يېتىپ كەلگەن خېچىرچىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھەممىسى بىللە كۈلۈشتى. قوچقار ئىزا ئارىلاش يەرگە قارىدى.

ئۈچ كىشىلىك كىچىك كارۋان ئەمدى تۆت كىشىلىك بولدى. ئۇلار، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ، چاقچاق، كۈلكە بىلەن سوغۇق گۆش، نان-پان يەۋېلىشقاندىن كېيىن سەپەرنى داۋام قىلدۇردى...



## بەشىنچى باب

# قوغدىنىش تەييارلىقى

قىلىچ قوچقار بىلەن سۇتۇق بۇغراخانغا ئۆز ئىشلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بەردى. بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇقنىڭ ۋەكىلى غۇلامخان بىلەن كېلىشكەن توختام سۇتۇق بۇغراخاننى بەك خۇش قىلدى. غۇلامخان يەتكۈزگەن، بۇ يىل كۈزدە سامانىلارنىڭ سىناق ھۇجۇمى قىلىش خەۋىرى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇغراخاننىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ تىنچلىق بىلەن تالاشنى ھەل قىلىش تەلىپىنى سامانىلار خانى مەنسۇرنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدىلا مەلۇم بولدى. بۇ ئەھۋال بولسا بۇغراخاننىڭ بارلىق پىلانلىرىنى باشقىدىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلاتتى.

مەلۇماتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇغراخاننىڭ كەيپىياتى بىراقلا ئۆزگەردى. ئورنىدىن قوپۇپ ئىشخانىسىدا ئايلاندى. بىر ئايلىنىپ بېرىپ چوڭ پەنجىرىنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى تارتتى ۋە پەنجىرىنىڭ ئىككىلا قانىتىنى تاشقىرىغا قاتتىق ئىتتىرىپ ئېچىۋېتىپ، باغدىكى ھويلىدە ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرىگە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇ شاپتۇل چېچەكلىرىنىڭ بىرىدىن بىرىگە قونۇپ قاناتلىرىنى ئويىنىتىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چېچەك ھەرىلىرىگە قاراپ ئويلايتتى: "بۇ ھەرىلەر شۇنچە ئەركىن، شۇنچە راھەت ئوينايدۇ،

تاماشا قىلىشىدۇ... ئادەملەرچۇ؟! ئادەملەرگىلا ئەمەس، مۇشۇ ھەرىلەرگىمۇ ئامانلىق بولمايدىغان كۈنلەر كېلىپ قالارمۇ؟!... دۆلەتكە، ئەلگە ياغى كۆز تىكمەكتە..." ئۇ پەنجىرە ئالدىدىن ئارقىسىغا بۇرۇلغاندا، قىلىچىنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى، قىلىچىنىڭ يېنىدا قوچقارنىڭ ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆردى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇلارغا قاراپ يېقىن كەلدى. قىلىچ قوچقارنى تۇرتۇپ ئويغاتماق بولدى.

— تەگمەڭ ئۇخلىسۇن، — دېدى بۇغراخان، — ئۇيقۇسىز قاپتۇ. يول ئۇزاق، جىق قىينالدىڭلار، ئەمەسمۇ؟

قوچقار چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ياپىرەي، كېتىپ قاپتىمەن-دە؟ — دېدى ئۇ خىجالەت بولۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.

— ھېچقىسى يوق قوچقار، مانا قايتىپ كەلدىڭغۇ؟ — دېدى بۇغراخان كۈلۈپ.

— ھە، راست. بىز قوش ئولجا بىلەن قايتتۇق، — دېدى قىلىچ قوچقارغا قاراپ كۈلۈپ، — ئۈچ كىشى بېرىپ تۆت كىشى بولۇپ قايتتۇق. يەنە كېلىپ كونا دوستتىن بىرنى ئالغاچ كەلدۇق...

— بەللى، شۇنداق دەڭلار تېخى، قوچقار، ئىش جايىدىغۇ؟ قۇتلۇق بولسۇن، ئۇ كىم ئىدى؟ — سورىدى بۇغراخان.

— بىللە پادا باققان بىر ئادىشىم، — دېدى قوچقار ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپ.

— تازا ياخشى بوپتۇ. پادا باققان چاغدىكى دوستنى ياغاق چاققاندا تاشلىۋەتسە بولمايدۇ، — دېدى بۇغراخان ۋە قىلىچقا، — بۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، بۇ خۇش خەۋەرنى خانىش

ئايدىڭغا ئېيتىڭ، — دېدى

بۇغراخان ئۆيىنى يەنە بىر ئايلىنىپ بايىقى خىيالىغا قايتتى. "نېمە قىلىش كېرەك؟" دېگەن سوئال ئۇنىڭ بېشىنى ئورىۋالدى...

— ئىش ئايدىڭلاشتى، — دېدى ئۇ قىلىچ بىلەن قوچقارنىڭ ئالدىدا توختاپ كەسكىن ھالدا، — ئەلدە جەڭ تەييارلىقىنى جاكالاش كېرەك بولدى. قېنى، ياغى سىناپ باقسۇن، دەككىسىنى بېرەيلۇك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تۈگەل جەڭگە تەييارلىق قىلايلۇق. قىلىچ، سىز ئىلىك ھاجىپقا ئېيتىڭ، بۈگۈن كەچقۇرۇن "ئۇيغۇرۇش ھالقىسى"نىڭ باش قوشۇشىنى قىلايلۇق...

كەچقۇرۇنلۇقى "ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسى"نىڭ باش قوشۇشى بولدى.

"ھالقا"نىڭ ئۈچ ئەزاسىدىن باشقا خانىش ئايدىڭ ۋە توغرۇل-بەگلەر قاتناشتى. قىلىچ مەلۇماتچى سۈپىتىدە قاتناشتى. باش قوشۇش بۇغراخاننىڭ ئىشخانىسىدا بولدى.

بۇغراخاندىن باشقىلىرى كېلىپ بولدى.

— خان ئازراق كېچىكىپ كەلمەكچى. ئۇ، ئاۋۋال قىلىچ ئۆزىنىڭ سەپىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسۇن، دېدى، — دېدى خانىش ئايدىڭ.

قىلىچ مەلۇمات بەردى. ئىككى ئىش ئۈستىدە: بىرى، سامانىلارنىڭ ئېزىشى ئاستىدىكى تۈرك ئۇلۇسلىرىنىڭ ئەھۋالى؛ يەنە بىرى، غۇلامخان بىلەن كېلىشكەن توختام توغرىسىدا سۆزلىدى. بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىگەندە، ئولتۇرۇشتىكىلەر قىزىقىپ ئاڭلىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ دىققىتى كېيىنكى مەسىلىگە كۆپرەك يۈزلەنگەندى. ھەممەيلەن "توختام"نى بىلىشكە بەك قىزىقاتتى.

شۇڭا، قىلىچ بۇ مەسىلىگە كۆچكەندە، كەيپىيات باشقىچە بولدى. ئەمىر ئەبۇ ئەلىنىڭ قاراخانىلار دۆلىتىگە بولغان دوستانە سەممىيەتىنى، سۇتۇق بۇغراخاندىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، ئولتۇرغانلار خۇشال بولۇپ جانلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ توختامنىڭ "بۇغراخان قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىدۇ؛ غەزنە ئەمىرى سىبۇق تېكىن بولۇشىدۇ" دېگەن مەزمۇن ئېيتىلغاندا، ئولتۇرغانلار كۈلۈمسىرەپ، بىر-بىرىگە قاراپ جانلىنىپ كېتىشتى.

— بۇنىڭغا ئىشەنچىڭ تۈگەلمۇ؟ — دەپ سورىدى ئارسلان قىلىچتىن.

— گەپ يوق! — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى قىلىچ.

— سىبۇق تېكىننىڭ قوشۇلۇشىغا ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ — دېدى گۇمانلىنىپ تۇغرۇلبەگ، — ئەمىر سىبۇق تېكىن ئەبۇ ئەلىنىڭ ئىشەنچلىك دوستى ئىكەن، غۇلامخاننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار كېلىشىپ قويغان چېغى بار، — دەپ چۈشەندۈردى قىلىچ ۋە يەنە، — سىبۇق تېكىن بىزنىڭ تۈرك ئۇلۇسىدىن ئىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قىلىچ سامانىلارنىڭ بۇ ياققا باستۇرۇپ كېلىشى توغرىسىدا، نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ قاراخانىلار ئېلىنى بېسىۋالماقچى بولغانلىقى، ئۇ بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى، لېكىن، نۇھ مەنسۇرنىڭ قاچان چوڭ يۈرۈش قىلىدىغانلىقىغا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. "بۇ يېقىن يىللاردا ھەرىكەت قىلالماس، ئۇلارغا كۈچىنى ئۇلغايتىشقا ۋاقىت كېرەك بولىدۇ" دېگەن سۆزىنى يەتكۈزگەندە، ئولتۇرغانلار غۇلغۇلا قىلىشتى.

— ئۇلارنىڭ بېسىپ كېلىشى چوقۇم، — دېدى خانىش ئايدىڭ، —

ياغىغا ۋاقىت كېرەك بولسا، بىرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك!

— توغرا!، شۇنداق! — دەپ قوشۇلدى باشقىلار.

— بىراق، بۇ يىل كۈزدە ئۇلار چېگرىدىن بېسىپ كىرىپ بىر سىناق جېڭى قىلار ئىمىش، — دېدى قىلىچ ئاگاھلاندۇرۇپ.

بۇ سۆز ئولتۇرغانلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ يىل؟! سىناق جېڭى!؟“ ”دېيىشتى بەزىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ.

— بۇ ئېنىق خەۋەرمىكەن — دەپ سورىدى بىلگە تېكىن.

— بۇ سۆزنى ئەبۇ ئەلى كېلىپ ئېيتىپتۇ، سۇتۇق بۇغراخانغا چوقۇم يەتكۈزۈش كېرەك دەپتۇ، — دېدى قىلىچ ۋە، — غۇلامخانمۇ بۇ خەۋەر ئېنىق دېدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق، گەپ ئېنىق، — دېدى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان باتۇرتاغا، — ئاۋۋال بېلىمىزنى تۇتۇپ سىناپ باقماقچى. بېلىمىز بوش بولسا، ئېلىپ ئاتماقچى!

— توغرا گەپ، — دېدى ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان بۇغراخان، — بېلىمىزنى مەھكەم باغلاش كېرەك. سىناپ باقسۇن، — ئۇ ھۆرمەت قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغان ئۆيدىكىلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى-دە، ئۆزىمۇ ئولتۇردى، — قىلىچ، سۆزلەپ بولدىڭىزمۇ؟

— سۆزلەپ بولدۇم، ھەممىنى سۆزلەپ بولدۇم.

— قېنى، تالقالايلۇق، تەييارلىق قىلىش كېرەك، — بۇغراخان بىرئاز ئويلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بەلنى مەھكەم باغلاش كېرەك، ياغى تۇمشۇقىنى تىقىدىكەن، ئۇرۇپ ياندۇرۇش كېرەك. ئۇرۇپ ياندۇرالايمىزمۇ، يوق؟ بېلىمىزنى سالماقلاپ باقايلۇق. گەپ چېرىك قوشۇنىنىڭ كۈچىدە.

— چېرىك قوشۇنىنىڭ كۈچى يامان ئەمەس — دېدى ئارسلان، — ئۇزاقى بىلى "ئۇيغۇرۇش ھالقىسى" قوغدىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقارغاندىن بېرى چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى. بىراق كۈچنى رەتلەش ۋە ئۇلغايتىش كېرەك ئىدى...

— قانداق قىلىپ؟ — سورىدى بۇغراخان.

— قوشۇندا چېرىك سانى ئاز ئەمەس، — دېدى توغرۇلبەگ، — ھازىر، بىرى، قورال-ياراغنى ياخشىلاش كېرەك؛ يەنە بىرى، چېرىكلەرنىڭ ئەل ئۈچۈن جاننى ئايىماي جەڭ قىلىش غەيرىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. باشقا چېرىك قوشۇنلىرىنىمۇ قادىنلار قوشۇنىغا ئوخشاش يېتىشتۈرۈش كېرەك.

بۇغراخان كۈلۈپ خانىش ئايدىڭغا قاراپ قويدى.

— دېمىسىمۇ، قادىنلار قوشۇنى بەك ياخشى، — دېدى خانىش ئايدىڭ، — بارسىڭىز كۆرىسىز. يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز بوش كەلمىدى. ئۇلار ئۆز ئىستىكى بىلەن قوشۇنغا بارغان ئەمەسمۇ؟

— بىز ياغىنىڭ جەڭ قىلىش چارىسىنى تېخى ياخشى بىلمەيمىز، — دېدى باتۇرتاغا كالتە يۆتىلىپ، — سەن جەڭ قىلىۋاتقان ياغىنىڭ قانداق قىلىچ ئۇرۇشنى بىلمىسەڭ، سېنىڭ قىلىچىڭ زايا كېتىدۇ، قىلىچ يەپ ئۆلىسەن.

— چېرىكلەر كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە جەڭ قىلىش چارىسىنى ئۆگىنىشتىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، — دېدى ئويچان ئولتۇرغان ئىلىك ھاجىپ، — ياغىغا قارشى ئۆچلۈكنى ئاشۇرۇش، چېرىك ۋە چېرىكباشىلىرى تۈگۈل، پۈتكۈل ئەلگە: "ياغى بېشىڭنى ئالماقچى، يۇرتۇڭنى ئالماقچى، سەگەك بول" دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئاۋال يۇقىرى ئەمەلدارلاردىن باشلاش كېرەك. "جەڭ

قىلىپ ئۆلۈپ بېرىش نېمىگە كېرەك؟»، «ھەممىمىزنىڭ مۇسۇلمان، ئۇلۇغ باغدات خەلىپىسىنىڭ غۇلاملىرى»، «بىرلىشىپ كەتسەك بولماسمۇ؟»... دېگەندەك ئۇسەك سۆزلەر ئاز ئەمەس. بىر چەك تەييارلىقنى جاكالىغاندىن كېيىن بۇنداق پۇتلىكاشاڭلار چوقۇم كۆپىيىدۇ...

— توغرا گەپ، — دېدى بىلگە تېكىن قوشۇلۇپ، — بۇ خاتا تونۇشنى تۈگەتمەي، جەڭدە ئۇتۇپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ئوردىنىڭ ئۆزىدىن باشلىماق كېرەك.

— بىلىشىمچە خەزىنە بوشاپ قالاي دېدى، — دېدى خانىش ئايدىنىڭ، — بۇنىمۇ ئويلىشىش كېرەك، مېنىڭچە، ئاۋۇ يوغان قورساقلارنىڭ يېغىنى ئاز-تولا شىلىش كېرەكمىكىن؟

باشقىلار كۈلۈشۈپ، باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

«ئۇيغۇرۇش ھالقىسى»نىڭ ئولتۇرۇشى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. چوڭ-كىچىك نۇرغۇن ئىشلار تالقىلاندى ۋە بىرلىككە كېلىندى. يىغىپ ئېيتقاندا: پۈتكۈل ئەلنى ئاياققا تۇرغۇزۇش، ھەرقانداق كاشىلىلارنى بۆسۈپ، ئەلنى قوغداش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىلا ئوردۇ كېڭەشمىسى ئېچىپ، چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا قارار قوبۇل قىلىندى. كېڭەشمىدە ئارسلانبەگ ئاۋال سۆز قىلماق بولدى.

* * *

ئوردۇنىڭ كېڭەش سارىيىغا ئوردۇ ئەربابلىرى تۈگەل يىغىلغانىدى. ئەمەلدارلار سىياقىدىن ھېچ ئىش يوقتەك قىلغان بىلەن، كۆڭۈللىرى دەككە-دۈككىدە ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئوردۇدا تارالغان «مىش-مىش»لەر بىرەر چوڭ ۋەقە بولىدىغانلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. "بۈگۈنكى كېچىكىش ئادەتتىكى كېچىكىش بولماس..." دەپ ئويلىشاتتى ئولچىلار ۋە ئەمەلدارلار. بەزىلەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، بىر-بىرى بىلەن پىچىرلىشاتتى، پىچىرلاشقاچ ئارىلاپ ئىشىككە قارىشىپ قوياتتى.

ئىچكىرىنىڭ ئىشىكى "شارت" قىلىپ ئېچىلىشى بىلەنلا ھەممەيلەن تەڭلا ئىرغىپ قوپۇشتى. سۇتۇق بۇغراخان خانىش ئايدىڭ بىلەن كىرىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئىككى قولىنى ئالماشتۇرۇپ مەيدىسىگە قويۇپ باشلىرىنى ئەگدى. ئۇلار بۇغراخانغا قارىمىغان بولسىمۇ، قاتتىق باسقان قەدەم ئاۋازىدىن ئۇنىڭ جىددىي كەيپىياتىنى بىلىپ تۇراتتى. خان بىلەن خانىش تۆردىكى ئورۇندۇقلار ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— ساق بولۇڭلار! — دېدى بۇغراخان سۈرلۈك، چۈس ئاۋاز بىلەن.

— ئۇلۇغ خاقانىمىز ئامان بولغاي! — دېدى كۆپچىلىك باشلىرىنى يەنىمۇ ئېگىپرەك يوغان، تەڭ ئاۋاز بىلەن. بۇ ئاۋازلاردىن ساراي گۈلدۈرلەپ كەتتى.

بۇغراخان باشقىلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ ئولتۇردى.

ئولتۇرغانلار يەر ئاستىدىن بۇغراخانغا قارىشاتتى. ئۇ قاپاقلىرى سېلىنغان، ئويچان، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ھەممە جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتەتتى.

— ئەلگە ئاپەت كەلمەكتە، يارانلار، — دېدى ئۇ سالماق، يوغان ئاۋاز بىلەن، — ياغى بېسىپ كەلمەكچى، ئۇلار يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلماقچى، بىز ئېلىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىشىمىز

كېرەك. بىزگۈنكى كېڭەشمىزدە مۇشۇ ئىشنى تالقىلىشىمىز كېرەك. چېرىك ئىشلىرى ئولچىسى ئارسلانبەگ ئاۋال سۆزلىسۇن.

ئارسلانبەگ كېڭەشكە تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى. ئۇ سامانىلار خانى نۇھ II ئىبنى مەنسۇر قوشۇن ئەۋەتىپ ئەلنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قايسى ئىشلارنى قانداق قىلىش لازىملىقىنى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق تەلەپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

"پۈتكۈل ئەلنى ئاياققا تۇرغۇزۇپ دۆلەتنى قوغداشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش"

"چېرىك كۈچىنى تولۇقلاش ۋە ئۇلغايتىش"

"ھەممە ئىشنى قوغدىنىش جېڭىگە قارىتىش"

"خەزىنىنى تولۇقلاش، جەڭگە كاپالەتلىك قىلىش"

"يەتتەسۇ ئىلىكخانى پالدۇرراق جەڭگە راسلىنىش، باشقا ئىلىكخانلار ۋە باشقا خانلىقلار تەييار تۇرۇش".

دىنىي ئىشلار ئولچىسى بەگ بىلگە قوپۇپ تازىم قىلىپ ئاۋال سۆز ئالدى:

— ئەلنى قوغداش ياخشى ئىش، — دېدى ئۇ بېشىنى سىلكىپ، ساقىلىنى گىلدىڭلىتىپ، — قان تۆكۈلۈشنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. يەنە كېلىپ، سۇلتان مەنسۇر خان دىنىي قېرىندىشىمىز، ھەممىمىز مۇسۇلمان... شۇڭا، ئىشنى يەنىمۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ كۆرسەك...

— ئاللا ئۇنىڭ قان تۆكۈشىنى راۋا كۆرەمدىكەن؟ — دېدى ئاقارتىش ئىشلىرى ئولچىسى بىلگە تېكىن، — ياغى بېسىپ كىرىپ بېشىمىزنى ئالسۇنمۇ، بىز "مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز" دەپ بېشىمىزنى

تۇتۇپ بېرەيلۇك؟ بۇ بولمىغۇر گەپ!

— ئەگەر ئۇ بىزنى قېرىنداش دەپ بىلسە، بىز ئۇنىڭغا قېرىنداش،— دېدى باتۇرتاغا پەس، لېكىن كەسكىن ئاۋاز بىلەن،— ئۇ بىزگە ياغىلىق قىلسا، بىزمۇ ئاڭا ياغى. ياغىغا باش ئېگىش — گۇناھ، بەگ بىلگە، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك!

بەگ بىلگە "ھە، ھىم..." دەپ يەنە سۆز قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن، باشقىلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن پېشانىسىنى ئېرىتىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— خەزىنىنى قانداقچە تولۇقلاش كېرەك؟ — دېدى تېكىن ئاغىچى سۆز ئېلىپ،— جەڭ بولسا، پۇل ئاز كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق

— پۇل يەتمەيدۇ، دەپ ياغىغا تىز چۆكۈش كېرەكمۇ؟ — دېدى ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ،— پۇلنىمۇ تېپىش كېرەك، جەڭنىمۇ قىلىش كېرەك.

— ئەمەلدارلار، ئاۋۋال ئوردۇ ئەمەلدارلىرى خەزىنىگە ئازراق قول سوزىدىغان بولسۇن، بەلكى ياردەم قىلسۇن. باشقىلاردىنمۇ ئېلىش كېرەك.

— كىمدىن ئالىمىز؟ ياساق ئاز ئەمەس،— نارازىلىق بىلدۈردى ياساق ئولچىسى بۆرىبەگ.

— يوغان قورساقلارنىڭ يېغىنى ئازراق شىلىش كېرەك،— دېدى خانىش ئايدىنىڭ،— ئۇ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىش كېرەك-تە، ئېغىناپ ماڭالماي قاپتۇ. قانداق دېدىم، تېكىن ئاغىچى؟ — خانىش ئۇنىڭغا كىنايىلىك سىلەن كۈلۈپ قارىدى، باشقىلارمۇ كۈلۈشتى.

— ھە، خوش، شۇنداق، ھەئە...، — دېدى تېكىن ئاغىچى ھودۇقۇپ.

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.

— چېرىك قوشۇنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن چېرىك ئېلىش كېرەك، — دېدى ئىلىك ھاجىپ، — لېكىن نامراتلاردىن ئېلىش، بايلاردىن ئالماسلىقنى توسۇش كېرەك. بايلار نامراتلارغا چېرىك سېلىق سالىدىغان، كۆك-مالايلىرىنى ئۆز ئوغلى ئورنىغا بېرىدىغان ئىشلارنى چوقۇم چەكلەش كېرەك. بويسۇنمىغانلارنى جازالاش كېرەك.

— ھەممىنى ئەلنى قوغداشقا قارىتىش كېرەك، — دېدى بۇغراخان جىددىي ھالدا، — دىنىي ئىشلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بىز ئۇلۇغ دىنىمىزنى ساقلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەل خاراپ بولسا، بودۇن خارلانسا دىننى ساقلىغىلى بولمايدۇ. بىز بېسىپ كەلمەك بولغان ياغىغا قارشى تۇرىمىز. ھازىر ئالۋان-ياساق جىق، كىشىلەر نارازى بولماقتا. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەزىنە بوشاپ قالدى، ئالىنغان ئېلىملار قەيەرگە كەتتى؟ تېكىن ئاغىچى، بۆرىبەگ، سىلەر بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭلار كېرەك. — خان ئۇ ئىككىسىگە غەزەپ بىلەن قارىدى، ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن ئەگدى، — ھە، جاۋاب بېرەلمەيسىلەرغۇ؟ ئاۋۋال ئۆزەڭلارنىڭ قولۇڭلار پاكىز ئەمەس، باشقىلار بىلەن شېرىك سىلەر. "قويىنۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرى". ئەل پۇلى، دۆلەت بايلىقى غەيرىي يانچۇقلارغا كىرىپ كەتمەكتە، نامراتلار ئېزىلمەكتە، بايلارنىڭ قورسىقى يوغىنىماقتا. خانىش ئايدىڭ راست ئېيتتى، ئۇلارنىڭ بېغىنى شىلىش كېرەك. ئىلىك ھاجىپ، يارلىقنى ئوقۇڭ.

ئىلىك ھاجىپ ئورنىدىن قوپۇپ، قولىدىكى يۆگەكلىك قېلىن ئاق قەغەزنى ئاچتى، ھەممەيلەن "گوررىدە" قوپۇشتى ۋە ھۆرمەت بىلەن

تەق تۇرۇشتى. ھاجىپ سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن يارلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى:

"قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەلنى قوغداش يارلىقى:

ئىلىكخانلارغا، خانلىقلار، ئۇلۇس ۋە ئۇلۇس ئۇيۇملىرىغا، يارلىق چېرىك ۋە چېرىكباشلىرىغا، جىمى خىزمەتچى ۋە ئەمەلدارلارغا، جىمى بودۇن ۋە ئەلكۈنگە!

بىزنىڭ ئەلگە ياغى كەلمەكچى!

بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە ئىشنى ئەلنى قوغداشقا قارىتىش كېرەك!

پۈتكۈل ئەل دۆلەتنى قوغداشقا ئاتلىنىش كېرەك!

چېرىك كۈچىنى تولۇقلاش ۋە ئۇلغايتىش كېرەك. كىم چېرىك بولۇشقا لايىق بولسا شۇ چېرىك بولسۇن.

خەزىنىنى كۆپەيتىش كېرەك. پۇلى بارلار جەڭگە ياردەم قىلىشلىرى كېرەك.

بۇ يارلىققا قارشىلىق قىلغانلارغا جازا بېرىش كېرەك.

ئۇلۇغ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بۇغرا خانى سۈتۈق ئابدۇكېرىم

بارس يىلى تۆتىنچى ئاي،

قەشقەر."

ھەممەيلەن يارلىققا قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— كېڭەشمىز تۈگىدى، — دېدى بۇغراخان ئورنىدىن قوپۇپ، ئاندىن، — ئۇلار كېلىشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى بارسبەگدىن.

— كېلىشتى، — جاۋاب بەردى بارسبەگ.

— قېنى يۇرۇڭلار، چىقىپ يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسلىھەت

لىشەيلى، — دېدى بۇغراخان ۋە خانىش ئايدىلىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان ئوردۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىسىدىن مېھمانخانا تەرەپكە ماڭدى...

— ئۇلۇغ بۇغراخان كىردى! — دەپ يوغان ئاۋاز بىلەن جاكالىدى ئىشىك ئاغىسى.

سارايدىكى مېھمانلار "گۇر" قىلىشىپ قوپۇشتى ۋە بۇغراخاننى كۆرۈش بىلەنلا:

"ئۇلۇغ خاقانىمىز ئامان!" دەپ سارايىنى گۈلدۈرلىتىپ بىر ئېغىزدىن ۋارقىراشتى.

سۇتۇق بۇغراخان مېھمانلار بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپ ئوردۇ ئەربابلىرى بىلەن بىللە تۇرغان ئىلىك ھاجىپقا:

— قېنى، ھاجىپ، يارلىقنى ئوقۇڭ، — دېدى.

ئىلىك ھاجىپ يارلىقنى ئوقۇۋاتقاندا، بۇغراخان ئىلگىرى-كېيىن تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ چىقتى. ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلارنىڭ گايىلىرى شايە بەلباغ ئۈستىگە بەقەسەم چاپان، باشلىرىغا دوخاۋا تەلپەك كىيگەن، گايىلىرى كەمچەت ياقىلىق پۈچقاق جۇۋا، ئۆرە كەمچەت تۇماق كىيگەن، ساقاللىرى پارقىراپ، يۈزلىرى ياغلىشىپ تۇرغان "يوغان قورساقلار" ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئاۋۇلارغا قارىغاندا ئاددىيراق، لېكىن سۆلەتلىك كىيىنگەن ئۇزۇن ساقال، كەكە ساقاللىق بايلار قول قوشتۇرۇپ، باش ئېگىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئەلدە تۈگۈل، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە داڭ چىقارغان، بەزىلىرى خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۆرىلەر، سودىگەرلەر، ئونلىغان-يۈزلىگەن يېزا-كەنتلەرنىڭ خوجايىنى بولغان ئېكتارلار، زېمىندارلار، يۈزلەپ ئات-تۆگىسى بار كارۋانچى-

لار... بار ئىدى، سۇتۇق بۇغراخان ئىنتايىن چاپسان ئۆسۈۋاتقان بۇ بايلارنى ئانچە ياخشى كۆرمىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ بايلار بولمىسا بولمايدىغاندەك قىلاتتى، "قىزىق ئىش؟! چوڭ قولدار بايلار يوقالدى دېسەك، ئەمدى ئۇلاردىنمۇ جىق چوڭ بايلار چىقتى..." دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ بايلارنىڭ پۇلى نەدىن كەلگەنلىكىنى، نامراتلار ئەمگىكى ھېسابىغا بۇلارنىڭ قورساقلىرى يوغىناۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، بۇ ئىش قانداقتۇر توغرا بولۇۋاتقاندەك سېزەتتى. سۇتۇق قولدارلىقنى يوقاتتىم دەپ پەخىرلىنەتتى، بۇنىڭ نامراتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا "نوقتىنى ئېلىپ يۈگەن سېلىش" ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇ چۈشىنەتتى. لېكىن "بۇلار بولسىمۇ يامان ئىش ئەمەس ئىكەن، كېرەك بولغاندا خەزىنىگە لازىم بولىدۇ..." دەپ ئويلىدى ئۇ شۇ تاپتا ئۇلارغا يەنە بىر قاراپ چىقىۋېتىپ. لېكىن بىردىنلا بىلگە تېكىن بىلەن ئىلىك ھاجىپنىڭ: "بۇ مەرەزلەرنى كىشىلەرنىڭ شىللىسىدىن ئېلىپ تاشلىمىغۇچە، نامرات بودۇن ئەركىن بولالمايدۇ" دېگەن سۆزلىرى يادىغا چۈشتى. "بۇنداق دەيدىغانلار كۆپىيىپ يۈزلىگەن-مىڭلىغان بىلگە تېكىن، ئىلىكلەر چىقماقتا. تارىخچى بودۇن بۇلارنى قوللىماقتا..." دەپ ئويلىدى بۇغراخان، ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىقرار قىلاتتى. لېكىن، بارغانچە كۆپىيىۋاتقان بايلارنى ئۆزىگە يۆلەنچۈكتەك ھېسابلايتتى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى، مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي ئەمگەك ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلغاندا بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى، ياكى چۈشىنىشنى خالىمايتتى. سۇتۇق ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ رەنجىتمەي دۆلەتنى ئۇلغايتىشنى ۋە ئەلنى پاراۋان قىلىشنى ئويلايتتى. لېكىن، بارغانسېرى قىستاپ

كېلىۋاتقان بۇ ئىككى چوڭ تاغ ئۆزىنى بېسىپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك كۆرۈنەتتى. "قانداق قىلغان ياخشى؟" دەپ ئويلايتتى ئۇ ھامان.

بۇگۈنمۇ شۇ سوئال ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. "ھازىرقى گەپ — ئەلنى قوغداش، ھەممىنى مۇشۇنىڭغا بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ تۇرايلۇق، كېيىن بىر گەپ بولار" دەپ ئويلىدى ئاخىرى ئۇ.

— يارلىقنى ئاڭلىدىڭلار، — دېدى بۇغراخان ئىلىك ھاجىپ يارلىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — قېنى، ئەلنى قوغداشقا سىلەر قانداق ياردەم قىلالايسىلەر؟

— خانلىقنىڭ يارلىقىنى قوغدايمىز، — دېدى بىرسى ئالدىنقى قاتاردىن، — بىز چوقۇم ئىشىنىمىزكى، ئۇلۇغ خاقانىمىزنىڭ باشچىلىقىدا...

— بىزگە قۇرۇق گەپ كېرەك ئەمەس، — دېدى بۇغراخان، — راستىنى ئېيتقاندا، خەزىنىمىز بوشاپ قالدى. جەڭگە پۇل كېتىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە قېنى كىم قانچە چېرىكنى باقىدۇ؟ توغرۇل سۇباشى، بايلارغا ھېساب كۆرسىتىپ بېرىڭ.

توغرۇلبەگ قوينىدىن خەت پۈتۈلگەن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇدى:

— بىر چېرىك ئۈچۈن: كىيىم ئەللىك تەڭگە، قورال-ياراغ ئەللىك تەڭگە، جابدۇقلۇق بىر ئات ئىككى يۈز تەڭگە، تاماق كۈنىگە بىر تەڭگىدىن بىر يىلغا ئۈچ يۈز ئاتمىش تەڭگە. ھەممىسى بولۇپ بىر چېرىككە ئالتە يۈز ئاتمىش تەڭگە كېتىدۇ. ئون چېرىككە ئالتە مىڭ ئالتە يۈز تەڭگە، يۈز چېرىككە ئاتمىش ئالتە مىڭ تەڭگە، مىڭ چېرىككە ئالتە يۈز ئاتمىش مىڭ تەڭگە.

— خوش، قېنى، كىم قانچىلىك چېرىكنى بىر يىل باقىدۇ؟ — دېدى سۇتۇق ھەممىسىگە سىناق بىلەن قاراپ. ئۇنىڭ كۆزى كېلىپ كەمچەت ياقىلىق پۇچىقاق جۇۋا، ئۆرە كەمچەت تۇماق كىيگەن بەردى بايغا تىكىلدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇلار ئەلدە داڭقى بار بۇ باينىڭ ئاتىغان سانىنى ئۆلچەم قىلىشماقچى ئىدى. سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئۇنىڭ قانداق باشلاپ بېرىشىگە دىققەت قىلىپ قاراپ تۇراتتى.

بەردى باي قوينىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن پېشانە تەرىنى ئېرتتى. ئۇ قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي قىينىلاتتى. "قانچىلىك دېيىش كېرەك؟ جىق دېسەك، يۈرىكىڭ قىيمايدۇ، ئاز دېسەك، خانىنىڭ ئاچچىقى يامانراق تۇرىدۇ. بەش يۈز دەيمۇيا؟ ياق، بەك جىق. ئىككى يۈز دېسەم بولارمۇ؟ بۇمۇ كىچىك سان ئەمەس. ئاۋال "يۈز" دەپ تۇراي. بولمىسا يەنە قوشارمەن..." بەردى باي بۇ ئېغىر تاغنىڭ ئاستىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئازاب بىلەن ئويلاۋاتقاندا، بۇغراخاننىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— بەردى باي! ھەممەيلەن سىزنىڭ باشلاپ بېرىشىڭىزنى كۈتمەكتە.

— ھە، ھە... شۇنداق... مەن... — تىلىنى يالماپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى بەردى باي، — مەن يۈز چېرىكنى بېقىشقا... شۇنداق قىلىپ بىر چېرىك ئۈچۈن ئالتە يۈز ئاتمىش بولسا، جەمئىي ھېسابى ئاتمىش ئالتە مىڭ تەڭگە بېرىسەم... — ئۇ يەنە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلىنىپ تۇرغاندا بۇغراخان سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ياخشى باشلىدىڭىز، باي. باشقىلارنىڭمۇ غەيرىتى تايىنلىق.

كىيىمنى پىچىپ بەرمىسە ماتاغا قاچا تۇرۇسالمايدىغان ئوخشايسىلەر، بىر پىچىپ بېرەيلى، — ئۇ ئارقىسىغا قاراپ دېدى، — ئىلىك ھاجىپ، پىچىمىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭا.

ئىلىك ھاجىپ قولىدىكى ئۇراقلىق قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، بايلار ئۆزلىرىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى. ھەرقايسىسى ھەر خىل سىياقتا گويا ئۆلۈم ھۆكمىدەك بىر دەھشەتنى كۈتۈشەتتى. ھاجىپ ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ پۈتۈكنى ئوقۇدى:

— بەردى باي ئىككى مىڭ چېرىك، بىر چېرىك ئۈچۈن ئالتە يۈز ئاتمىش تەڭگىدىن ھېسابلىغاندا جەمئىي پۇلى: بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى تۈمەن تەنگە...

ساراي "گۇررر..." قىلىپ قالدى. بەردى باي چىرايى تاتىرىپ ئارقىسىغا داجىغانىدى، يېنىدىكى ئىككى كىشى ئۇنى يۆلىۋالدى.

— "ئالىمچى ئارسلان، بىرىمچى سىچقان" دېگەن مۇشۇدە، باي، — دېدى بۇغراخان كىنايىلىك كۈلۈپ، — سىز ئالغاندا تۈمەنمىڭ كىشى زارلىغان ئەمەسمىدى؟ ئوقۇڭ ئىلىك ھاجىپ.

ھاجىپ ئەنسىز كىشىلەرگە بۇ "دەھشەتلىك ھۆكۈم"نى ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ تىزىمىدىن مۇنداق ھېساب كېلىپ چىقتى:

"بىر باي — بەردى باي ئىككى مىڭ چېرىك ئۈچۈن بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى تۈمەن تەڭگە؛ ئون بەش باي بىرى مىڭدىن، بەش مىڭ چېرىك ئۈچۈن توققۇز يۈز توقسان تۈمەن تەڭگە؛ يىگىرمە ئالتە باي بىرى بەش يۈزدىن ئون ئۈچ مىڭ چېرىك ئۈچۈن سەككىز يۈز ئەللىك سەككىز تۈمەن تەڭگە؛ ئەللىك باي بىرى يۈزدىن، بەش مىڭ چېرىك ئۈچۈن ئۈچ يۈز ئوتتۇز تۈمەن تەڭگە؛ جەمئىي توقسان ئىككى باي، ئوتتۇز بەش مىڭ چېرىك ئۈچۈن ئىككى

مىڭ ئۈچ يۈز ئون تۈمەن تەڭگە...»

سارايدا غۇلغۇلا، غودۇڭشىشلار ئاز بولمىدى. كۆزى قارىيىپ، بېشى ئايلىنىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالغانلارمۇ بولدى. ئارسلاپ مىشىلدىغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇردى. ئەگەردە ئوردۇ ئىچىدە خاننىڭ ئالدىدا بولمىسا يىغا-زارى كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى...

* * *

بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان چېرىك كۈچلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقتى. چېرىك قوشۇنلىرى ئاستانىنىڭ شىمالىدا، قورغاننىڭ نېرى يېقىندىكى تاغ باغرىدا سۇتۇق بۇغراخاننى كۈتەتتى. بۇغراخان تۈمەن دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈپ، يېزىلار ئارىسىدىكى يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇغراخان ئالىي چېرىك كىيىمىدە ئاق ئارغىماققا مىنگەن هالدا ئەتراپقا سەپسېلىپ كېتىپ بارىدۇ. سول يېنىدا چىپار ئارغىماق ئۈستىدە خانىش ئايدىنىڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ئون ياشلىق خان قىز ئالانۇرخان تورۇق ئاتقا مىنىپ، ئانىسىغا بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭماقتا. بۇغراخاننىڭ ئوڭ يېقىدا ئون بەش ياشلىق خان ئوغلى تونىغان چاپچىپ تۇرغان جەدە قاشقىغا مىنىپ ماڭماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىلگە تېكىن، ئارسلان، ئىلىك هاجىپ، قىلىچ، بارسبەگلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردۇنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى ۋە چېرىكباشلىرى، نەيزە-قالقانلىق چېرىكلەر كەلمەكتە. بۇغراخاندىن ئون غۇلاچچە ئالدىدا ئىككى يانغا قاتار تىزىلغان ئاتلىق قارۇغچىلار، قاتارنىڭ باش ئوتتۇرىسىدا ئەركىن كېتىپ باراتتى.

تاغ باغرىدا تۇغ-ئەلەملىك قوشۇنلار كۆرۈندى. تۇغلار

يەلپۈلدىمەكتە، تەيزە، تۆمۈر قۇياقلار پارقىرىماقتا. بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە، خان ئۇغۇل باياتاش بىلەن توغرۇلبەگ ئاتلىرىنى يۈرۈتۈپ ئالدىدىن كەلدى. بۇغراخانلار توختىدى. ئالدىدىكى قارۇغچىلار ۋە ئەركىنمۇ توختاپ يول بەردى. خان ئوغۇل بىلەن سۇباشى توغرۇلبەگ ئۈچ-تۆت غۇلاچچە نېرىدا توختاپ، يالاڭ قىلىچىنىڭ پەيىنكىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ، ئۆزەڭگىدە تىك تۇرۇپ تەڭ ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە قوشۇن تەييار!

بۇغراخان ئۇلارنىڭ باياناتىغا ھۆرمەت بىلدۈردى. خان ئوغۇل بىلەن توغرۇلبەگ ئاتلىرىنى بۇرىدى، قارۇغچىلار يەنە قاتارلاندى، ئەركىن قاتار ئالدىغا چۈشتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار قوشۇن تەرەپكە قاراپ قوزغالدى.

بۇغراخان بىلەن خانىش ئايدىڭ ئوخشاش بىر ئويدا كېتىپ باراتتى. باياتىن خان ئوغۇل باياتاش چېرىكچە سالام بەرگەندە، خانىش ئايدىڭنىڭ ۋۇجۇدىدا "شۇررىدە" قىلىپ بىر لەرزەتلىك تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى. خان بىلەن خانىش ئىختىيارسىز بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى. ھازىر بولسا خانىش ئايدىڭ چېرىكچە چىرايلىق كىيىنگەن قاۋۇل ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن زوقلىنىپ قاراپ ئويلايتتى. "قاتارغا قوشۇلدى دېگەن مۇشۇ. دادىسىدەك قاۋۇل يىگىت بولدى. ئۇنىڭ تۇرقى ئەجەب دادىسىنىڭ ياشلىق ۋاقتىغا ئوخشايدۇ..." ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ئوغلىغا سۆيۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيگۈسى كېلەتتى. بۇغراخان ئويلايتتى: "مانا قاراڭ، تۇنۇگۈنكى تەنتەك بالىنىڭ بۈگۈن يارامىلىق يىگىت بولۇپ قالغىنىنى!" دېگەندەك، خان

ئوغۇل دادىسىنىڭ ياشلىقىغا چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بۇغرا خان ئوغلىنىڭ سىياقىنى ئويلىغاندا، ئۆزىنىڭ ياشلىقى ئېسىگە چۈشۈپ كەتتى: ئەنە ئۇنىڭ باتۇرتاغنىڭ ھويلىسىدا قىلىچۋازلىق ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتى... ئەنە، ئۇ ئوۋدا بىر توپ كىيىكنى قوغلىغان تايغاننىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ... ئەنە ئۇ ئوردۇ تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن قىلىچلاشماقتا... ئەنە، ئۇ ئوردۇ سەيناسىدا توپلانغان كىشىلەرگە سۆز قىلماقتا... ئۇ ئوغلىنىڭ سۈرىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. راستتىنلا بەك ئوخشايدۇ، يېشىمۇ يىگىرمە. لېكىن، دەۋر ئوخشىمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا دادىسى تەخت تالىشىپ يۈرگەن بولسا، ئەمدى ئوغلى سۇباشى بىلەن بىللە خاندانلىقنىڭ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلماقتا...سۇتۇق بۇغراخان بايتاشنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيىلىدى. بولۇپمۇ چېرىك ئىشلىرى جەھەتتە، ئۇنىڭغا يالغۇز چېرىكچە جەڭ ماھارەتلا ئەمەس، ئۇرۇش بىلىگى ئۆگەتتى. باشقا بىلىگلەرنى ئۆگىنىشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. بايتاش كىچىكىدىنلا ھوشيار بالا ئىدى. ئوقۇلدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا باشلى-غاندىن كېيىن، كۆز قارىشىدا، چېرىك مەشغۇلاتىدا ئۇنىڭ ئىدراكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتى. ئۇنىڭ موممىسى تەركەن بېگىم بىلەن باتۇرتاغا چوڭ ئۈمىد بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ كەلدى. "تەركەن بېگىم، كۆڭۈللىرى تىنچ بولغاي، خان ئوغۇل چوقۇم دادىسىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ" دەيتتى باتۇرتاغا بايتاشقا مەسلىكى كېلىپ. ئايدىڭ بال-لىرىغا قاتتىق تەلەپچانىدى. بايتاشنىڭ تونغان بىلەن ئالانۇرغا ئۈلگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. تونغانمۇ ئاكىسى بايتاشتىن قېلىشماي-دىغاندەك قىلاتتى. ئالانۇر خېنىم قىز بولۇشىغا قارىماي، ھېلىتىنلا ئۆزىدىن چوڭ ئوغۇل بالىلار بىلەن بەسلىشىدۇ. ئوقۇل ئىچىدە

باللارنىڭ ئالدىدا، زىبەك خان قىز بولۇپ يېتىشمەكتە. سۇتۇق بۇغراخان بىرقانچە يىل ئىلگىرى باياشنى چېرىكلىككە بەردى. ئۇ توغرۇلبەگكە تاپىلاپ: «بونى قاتتىقراق بىر چېرىكباشىغا بېرىڭ. مەنسەپ بەرمىسۇن، بىر چېرىككە ئوخشاش كۆرسۇن.» دېگەنىدى. توغرۇلبەگ خان ئوغلىنى قاتتىق قوللۇق، چېرىك ماھارىتى ئۈستۈن بولغان قۇتلۇق تۈمەنباشىنىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتتى. خان ئوغۇل ئاتا-ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆزىگە تەلەپچان بولدى. بەك چاپسان ئۆسۈپ، پىشىپ باردى. «يىگىت يارايدۇ! بىر قوشۇنغا باشچىلىق قىلىشقا كۈچى يېتىدۇ.» دەيتتى قۇتلۇق تۈمەنباشى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ.

بۇ قېتىم ياغمىغا قارشى ئۇرۇش ھازىرلىقى باشلىنىپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىش توغرۇل سۇباشىغا تاپشۇرۇلغاندا، سۇباشى خان ئوغۇل باياشنى خاندىن سورىۋالغانىدى. «جەڭنى كۆرسۇن، چېنىقسۇن» دېدى ئۇ خانغا. خان خانىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ رازى بولغانىدى، «ھازىرچە ئۇنىڭغا مەنسەپ بەرمەڭ» دېدى خان توغرۇلبەگكە. بۈگۈن خان ئوغۇلباشى بىلەن بىللە يۇقىرى دەرىجىلىك چېرىك ئەمەلدار سۇپىتىدە خانغا بايانات بەرمەكتە. ئۇنىڭ مەنسىپى يوق، لېكىن، خان ئوغۇل-دە. مۇشۇ مەنسەپمۇ يېتەرلىك. شۇنداق، گايىدا ھەممە مەنسەپدارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، مەنسەپ دەرىجىسى يوق يۇقىرى ھوقۇقلۇق مەنسەپدارلارمۇ بولىدۇ. بەربىر ئۇ ئەتىكى خان، ھوقۇقنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدا بولىدۇ، ئۇ پۈتكۈل خانلىق چېرىك قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىدۇ...

بۇغراخان قوشۇنغا يېقىنلاشتى. تۆتۈركىنىڭ ئۈستىدىن باشلاپ

ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ، توققۇز ھۇجرىنىڭ ئارقىسىدا جەنۇبىي تاغ باغرى بىلەن سەپ تارتىپ تۇرغان قوشۇنلار ئەمدى ئۇچۇق كۆرۈندى. خاننى كۆرگەندىن كېيىن پۈتكۈل سەپ بويىچە كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك ئاۋاز كەڭ دالىنى ياڭرىتىۋەتتى. بۇ ئاۋاز-نىڭ ئىنكاسى تاغلاردا جاراڭلىماقتا ئىدى. ئاۋازغا دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندا "ئامان!..." دېگەن سۆزنى پەملىگىلى بولاتتى. سۇباشى توغرۇلبەگ خان ئوغۇل بايتاش بىلەن بىللە بۇغراخاننى قوشۇن سېپىنىڭ ئوڭ قانات بېشىغا باشلىدى. بۇ يەردە قادىنلار قوشۇنى ئاتلىق سەپ تارتىپ تىزىلغانىدى. خان، خانىش يولداشلىرى بىلەن قوشۇنغا يېقىنلاشقاندا، ئوخشاش چېرىكچە كىيىنگەن، ئوخشاش ئاق ئاتقا مىنگەن ئىككى ئايال چېرىك باشى ئارغىماقلىرىنى ئويىنىتىپ كېلىپ توختىدى ۋە قىلىچلىرىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ جاراڭلاپ تۇرغان قوش ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ بايانات بەردى:

— قادىنلار قوشۇنى ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ بۇيرۇقىغا تەييار!

بۇغراخان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، زوق بىلەن ئۇلارنىڭ باياناتىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ ئايال چېرىكباشلىرىنىڭ بىرسى — بەستلىك، تولۇق كەلگەن، قوشۇننىڭ تۈمەنباشى يۇلتۇز؛ يېنىدىكى جۇغى كىچىكرەك، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان يەنە بىرسى بولسا تۈمەنباشىنىڭ ئورۇنباسارى قۇندۇز ئىدى. قادىنلار قوشۇنى قۇرۇلغاندا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن بۇغراخانغا تەلەپ يېزىپ قاتناشقانىدى. ئارسلان يۇلتۇزنىڭ چېرىك قوشۇنغا بېرىشىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ چېرىكلەر ئارىسىدا، جەڭدە بىر چەبدەس ئەر كىشىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئارسلاننىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى رازى بولمىغا-

دەك قىلاتتى. "مەن قارشى ئەمەسمەن، ياش چوڭقىيىپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن..." دېگەندە يولتۇز ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ جىددىيلىك بىلەن: "ھە، سىز شۇنى دېگەندە باشقىلار نېمە دەيدۇ؟ مەن تېخى قىلىچ تۇتالايمەن." دېگەنىدى. ئەركىن بولسا راستىنى ئېيتقاندا، قوندۇزنىڭ چېرىك قوشۇنىغا بېرىشىغا قوشۇلمايتتى. لېكىن، قوندۇزنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ غىڭ قىلالمىدى. ئۇ سىڭلىسى بولغاندىن كېيىن قىلىچ بىرنېمە دەرمىكىن، دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. قىلىچ بولسا "ئەل ئۈچۈن جان تىككەن ياخشى ئىش" دېدى. ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاش بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ يالغۇز، مېھرىبان سىڭلىسىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

قادىنلار قوشۇنى قۇرۇلغىنىغا ئاران ئۈچ يىل بولغىنىغا قارىماي، بەك چاپسانلىق بىلەن ئۆسۈپ، ئۇلغىيىپ باردى. ئاۋۋال مىڭ كىشىلىك بولۇپ، يولتۇز بىلەن قوندۇز مىڭباشى، مىڭباشىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ بەلگىلەنگەن. كېيىن كۆپىيىپ، ھازىر بەش مىڭغا يەتتى. چېرىك سانى ئاز بولسىمۇ، كۆپىيىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنداقلا ئۇ قادىنلار قوشۇنى بولغىنى ئۈچۈن سۇباشى توغرۇلبەگ ئۇنى تۈمەنلىك قوشۇن ھېسابلىدى. باشلىقلىرىغا تۈمەنباشى، ئورۇنباسار تۈمەنباشى نامىنى بەردى. كىشىلەر بۇ قوشۇننى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى ھۆرمەتلەپ: "قادىن قوشۇن" دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈن تاغ باغرىغا تىزىلغان قوشۇنلار قۇتلۇق تۈمەنباشىنىڭ قوشۇنى، شىربەگ تۈمەنباشىنىڭ قوشۇنى ۋە چەبەر تۈمەنباشىنىڭ قوشۇنلىرى ئىدى. ھەرقايسىسى يىگىرمە مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. چەبەرنىڭ لەقىمى "بارس" ئىدى. كىشىلەر بۇ قوشۇنلارنى قىسقارتىپ "قۇتلۇق قوشۇن"، "شىر قوشۇن"، "بارس

قوشۇن" دەپ ئاتايتتى. خانلىق بۇ نامىلارنى بېكىتتى. قوشۇنلارنىڭ بېشىغا قادىسىن قوشۇن قويۇلغان، خانىمۇ بىرىنچى بولۇپ بۇ قوشۇنغا كەلدى.

يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز خانغا بايانات بەرگەندىن كېيىن، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ خاننىڭ ئالدىغا چۈشتى. خان ۋە خانىش يانلىرىدا قاتار تۇرغان بايتاش ۋە توغرۇل بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئۇلار قوشۇنغا يېقىنلاشقاندا، يېڭىچە، لېكىن كۈچلۈك خاتۇنلار ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ھوگا ئاۋازلىرىدىن "ئامان..." دېگەن سۆزنى ئاران ئايرىغىلى بولاتتى. خان قوشۇننىڭ بېشىغا باردى. قوشۇن بېشىدا باشقىلاردىن پۈزۈرراق كىيىنگەن ئۈچ ئاتلىق چېرىك قىزىل بىر تۇغنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچلىق ئىككى ئاتلىق قىز تۇراتتى. تۇغ ئۇزۇن ئۈچ بۇرجەك قىزىل دۇردۇندىن تىكىلگەن بولۇپ، چەتلىرىگە سېرىق چۇچىلار تۇتۇلغان، ساپ تەرىپىگە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ توققۇز شاخلىق دۆلەت بەلگىسى زەر سېرىق يىپ بىلەن چېكىلگەن، ئۇنىڭ تۆۋىنىگە ماش رەڭلىك يىپتىن "بۇغرا قوشۇن" دېگەن سۆز يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چېكىلگەن. تۇغنىڭ سېپى ئۇچىدا بىلەكتەك يوغان قىزىل پۆپۈكلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى.


تۇغ تۇتقان چېرىكلەر ئارىسىدا، يىراقتا بىر ئاتلىق قىز چېرىك "قادىسىن قوشۇن" تۇغىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. بۇنداق تۇغ ئايرىم قوشۇن تۇغى بولۇپ، ئۇزۇن تۆت بۇرجەك يېشىل رەختتىن، ساپ تەرىپىگە تۇقيا بەلگىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇن نامى زەر سېرىق مەشۇت يىپتىن چېكىلگەن، سېرىق گىرۋەكلىك ئىدى، بۇغراخان

ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا ئۇزۇن بىر گەزچە ئېگىز كۆتۈرۈلدى. ياندىكى قىزىل چېرىكلەر قىلىچلىرىنى پېشانىسىگە قويدى. بۇغراخان ئۆزەڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ ئوڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ شۇ پېتىچە قوشۇنغا بۇرۇلۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن "قاداشلار ئامان!" دەپ توۋلىدى. قوشۇن بويىچە "بۇغراخان ئامان" دېگەن ئاۋازلار تەك كۆتۈرۈلدى. سۈتۈق بۇغراخان قوشۇننى بويلاپ ماڭدى. باشقىلار ئەگەشتى. دۇمباق-سۇناي ئاۋازلىرى ياڭرىدى. خان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېرىكلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ماڭدى. قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە خان توختىدى. دۇمباق-سۇنايمۇ توختىدى. خان قوشۇنغا ئالدىنى قىلىپ "قاداشلار ئامان!" دېدى. قوشۇننىڭ "ئامان-ئامان!" دېگەن ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى...

بۇغراخان "قۇتلۇق قوشۇن"نىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قۇتلۇق تۈمەنباشى ئاتلىق كېلىپ، يالاڭ قىلىچىنى پايىنكى بىلەن پېشانىسىگە قويۇپ: "قۇتلۇق قوشۇن ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ بۇيرۇقىغا تەييار!" دېدى. خان جاۋاب ھۆرمىتى بىلدۈردى. كېيىن قۇتلۇق تۈمەنباشى خاننى قوشۇننىڭ بېشىغا باشلاپ باردى. بۇ يەردىمۇ ئۈچ ئاتلىق چېرىكلەر بۇغرا قوشۇن تۇغىنى، ئۇنىڭ كەينىدە "قۇتلۇق قوشۇن" تۇغىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خان ھۆرمەت بىلدۈردى. كېيىن قوشۇندىن ھال سورىدى، قوشۇن جاۋاب قايتۇردى. خان قوشۇننى بويلاپ ماڭدى، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بۇ قوشۇننىڭ ئالدىغا ئون قاتار پىيادە چېرىكلەر، ئارقىلىرىغا ئون قاتار ئاتلىق چېرىكلەر تىزىلغانىدى. خان دۇمباق-سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ئاستىدا كېلىپ، ئوتتۇرىدا توختاپ قوشۇنغا سالام بەردى...

شۇنداق قىلىپ بۇغراخان "شىر قوشۇن" ۋە "بارس قوشۇن"نى-

مىسمۇ ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن كۆزدىن كەچۈردى.
سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خېلى رازىلىق
بىلەن قايتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئويلايتتى: "خەۋەرلەرگە قارىغاندا،
ياغى ئەللىك مىڭ چېرىك بىلەن كېلەر ئىمىش، بىزنىڭ ئاتمىش بەش
مىڭ كىشى. ئۇنىڭدىن باشقا توغرۇلبەگنىڭ يەنە ئوتتۇز مىڭ
كىشىلىك تەييار كۈچى بار... چېرىك باشلىرى جەڭدە سىنالغان،
پىشقان باتۇر. ياغىنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈن كېلىپ ئۇنى چېكىنى-
دۈرۈشتە گەپ يوق... بەلكى ياغى بارلىق كۈچى بىلەن باستۇرۇپ
كېلەر. يامان يېقىنى ئويلاش كېرەك. بۇنداق ئېھتىماللىغا قارشى
ئەلنىڭ پۈتكۈل چېرىك كۈچىنى تەييار تۇرغۇزۇش كېرەك.
يېڭىدىن يۈز مىڭ چېرىك ئالماقچى بولغان ئىشنى چاپسان ئورۇنلاش
كېرەك..." خان بۇ قاراشلىرىنى يېنىدا كېتىپ بارغان ئارسلان،
توغرۇلغا ئېيتتى. ئۇلار تولۇق قوشۇلدى. "توغرا، — دېدى ئارسلان، —
بۇنىڭدىن باشقا، چېرىك يېشى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ قاچان چاقى-
رىلسا شۇ زاماتلا كېلىشكە تەييار تۇرۇشلىرى ئۈچۈن بىر بۇيرۇق
چاكالاش كېرەك". خان ئىلىك ھاجىپقا بۇيرۇق تەييارلاشنى
تاپشۇردى.



## ئالتىنچى باب

# چېگرىدا جەڭ

چېگرىغا يېقىن قىشلاقنىڭ ئىككىلا تەرىپى ئىككى تەرەپ چېرىك قوشۇنلىرى بىلەن تولغانىدى. كۈزگى قوياش نۇرى ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ قىشلاقنى قىزدۇرۇپ كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ جايدىكى كۆچمەن ئاۋۇللار بىرنەچچە ئاي ئىلگىرىلا "يېغى بولغۇدەك" دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچكىرىرەك كۆچۈپ كەتكەن. كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا قاراپ سوزۇلغان دالىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن ئۆستەڭنىڭ سۈزۈك سۈيى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شوخ ئاقماقتا. ئوڭ ۋە سول ياقتىكى تاغ باغىرلىرىدا ئىككى قوش تىكىلگەن. قوشۇنلار سېپى ئىككى قانات بولۇپ ئۇزاق سوزۇلغانىدى.

بۇغرا قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىدا خان ئۇغۇل بايتاشنىڭ ۋە تۇغرۇلبەگنىڭ سۆلەتلىك قارا ئۆيى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ قارا ئۆي ئۈستىدە "بۇغرا قوشۇن" دەپ چوڭ قىزىل خەت چېكىلگەن، قىزىل پۆپۈكلۈك يېشىل چېرىك تۇغى ھاۋادا مەغرۇر يەلپۈنمەكتە. ئوڭ قول تەرەپتە "قۇتلۇق قوشۇن"، سولدا "شىر قوشۇن" سەپ تارتىپ جەڭگە تەييار تۇرۇشۇپتۇ. ھەربىر قوشۇننىڭ سېپى ئوتتۇرىسىدا — ئالدىدا چېرىك تۇغىنى تىك تۇتقان ئاتلىق چېرىك، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئارغىماققا مىنگەن تۈمەنباشى قارشى تەرەپتىكى

ياغى چۈشكۈنگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا. ھەربىر مىڭلىق قوشۇن ئالدىدا مىڭباشىلار ئوخشاشلا تۇرماقتا ئىدى. پىيادە چېرىكلەر ئارقىسىدا ئاتلىق چېرىكلەر سەپ تارتىپ، جەڭگە تەييار تۇرۇشاتتى. "بارس قوشۇن" بىلەن "قادىر قوشۇن" ئارقىدىكى تاغنىڭ ئوڭ-سول ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانىدى.

ياغى چۈشكۈنى تۇتۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتى چوڭ، باش قوشى قوشۇننىڭ ئارقىسىدا ئىدى. قارا ئۆينىڭ يۇقىرىسى ۋە قارا ئۆي ئۈستىگە قادالغان توغلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ياغى چېرىكى چېگرىدىن بېسىپ ئۆتكىلى بىر ھەپتە بولدى، چېگرىدىكى بۇغرا چېرىكلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي بېسىپ كىرگەن جايدىكى ئاۋۇللارنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈردى، قارا ئۆيلەرگە، مال قوتانلىرىغا ئوت قويۇپ بۇلاپ-تالىدى. ئۇلار قىزىلئۆي دالىسىنىڭ ئۇ يېقىدىن ئېشىپ چۈشكەندە، بۇغرا چېرىكلىرىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنى كۆرگەندىن كېيىنلا توختاپ قالدى. بىر ھەپتىدىن بېرى بىرنەچچە قېتىم ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىپ سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. بۇ تەرەپ "دەرھال چېكىن!" دېسە، ئۇ تەرەپ "ئەل بول!" دەيتتى. تىغمۇتىغ جەڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. بۈگۈن كۈن چىقىشى بىلەنلا توغرۇلبەگ بايتاش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرقى تەلەپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ئاخىرقى تەلەپ: "چاپسان چېكىنىشىڭ كېرەك! بولمىسا ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزەڭگە" دېيىلگەنىدى. كۈن چاشكا بولدى، ئەلچىدىن خەۋەر يوق. بايتاش ۋە توغرۇللار چېدىر ئالدىدا كۆز ئۈزمەي ئۇياققا قاراپ تۇرۇشماقتا... "ئەنە، ئات!" دېدى بىرسى قارشى ياقنى كۆرسىتىپ. راستىنلا ئۇ ياقتىن ئەلچى مىنىپ كەتكەن

ئات ئۈستەڭدىن ئۆتۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئاۋال ئات ئۈستىدە ئېنىق بارلىقى ياخشى كۆرۈنمەيدى، ئات يېقىنلاشقاندا ھەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى، ئېگىرىگە ئەلچى باغلانغان ئات كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپلا توغرۇلبەگ غەزەپ بىلەن: "جەڭگە تەييار بولۇڭلار!" دەپ ۋارقىرىدى. قوشۇندا جىددىي ھەرىكەتلىنىش باشلاندى، شاراقلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، قىلىچلار قىنىدىن سۇغۇرۇلدى. ساداقلار قوم-دۇدىن ئېلىندى. نەيزىلەر راسلاندى. ياغى سېپىمۇ قوزغىلىپ قالدى. ئەلچىنىڭ تېنى باغلانغان ئات كېلىپ خان ئوغۇل بىلەن توغرۇلبەگنىڭ ئالدىدا توختىدى. ياغىنىڭ بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكىتىنى كۆرگەن توغرۇلبەگ تىترەپ كەتتى ۋە غەزەپ بىلەن توۋلىدى: "ياغىغا قارشى ئالغا!!!"

سۇباشىنىڭ جەڭگىۋار بۇيرۇق ئاۋازى دالىدا ياڭرىدى، قوشۇن قوزغالدى. ئالدىدا پىيادە، ئارقىدىن ئاتلىقلار تۈمەنباشىغا ئەگىشىپ كەڭ دالىدا چاڭ كۆتۈرۈپ ئالغا ماڭدى. يېرىم چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، تۈمەنباشىلىرى ئاتلىرىنى توختاتتى. پىيادىلەر سىڭباشىلىرىنىڭ ئارقىلىرىدىن ئىلگىرىلىدى. ئاتلىقلار تۈمەنباشىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى...

بۇغرا قوشۇنلىرى ئۈستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن ياغىنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى قوزغالدى... بارا-بارا ئىككى سەپ تىغمۇتىغ يېقىنلاشتى... جەڭ باشلىنىپ كەتتى...

دۇمباقلار ئاۋازى پۈتكۈل دالىنى گۈلدۈرلەتمەكتە ئىدى. قىلىچلارنىڭ ۋە نەيزىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى، بويىنغا قىلىچ، ياكى قورسىقىغا نەيزە ئۇرۇلغان چېرىكلەرنىڭ ۋاقىراشلىرى جەڭ مەيدانىنىڭ دەھشىتىنى

كۆرسەتمەكتە. خان ئۇغۇل بايتاش بىلەن توغرۇلبەگ ئېگىزدىكى بارگاھ ئالدىدا تۇرۇپ دىققەت بىلەن جەڭنى كۈزەتمەكتە. ئۇينىڭ ئىككى يېنىدا، ئالدىدا بىرنەچچە يۈز قاۋۇل چېرىكلەر، قاراۋۇللار تەييار تۇراتتى. ئىككى چاپارمەن چېرىك بارگاھ بىلەن قۇتلۇق ۋە شىربەگ تۇمەنباشىلىرى ئارىلىقىدا ئات چاپتۇرۇپ، بۇيرۇق ۋە خەۋەرلەرنى يەتكۈزمەكتە ئىدى...

جەڭ ئۇلغايدى. مەيدان گويا كى بىر دېڭىز دولقۇنىدەك چاڭ توزانلار ئارىسىدا بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا، بىر دەم ئىككى يانغا داۋالغۇيتتى... كۈن قايرىلىپ پېشىن بولغاندا، ياغىنىڭ ئاتلىقلىرى جەڭگە كىردى. ئۇلار قىقاس-سۈرەن بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ بۇغرا چېرىكلىرىنى چېكىندۇرۇپ ئۈستەڭ بويىغا قىستاپ كەلدى. توغرۇلبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىچ-نەيزىلىك ئاتلىقلار بارلىق كۈچلىرى بىلەن "ئۇررا!..." دەپ تۇۋلاپ كەڭ سەپ بويىچە جەڭ مەيدانىغا ئات سالدى. ئۇلار تاغنى ئالقان قىلغۇدەك غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئۈستەڭدىن ئۆتتى ۋە ياغى بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. ياغى ئاتلىقلىرى ئازراق چېكىنىپ، كېيىن قارشى ھۇجۇم بىلەن قىستاپ كەلدى، بۇغرا ئاتلىقلىرى ئارقىلىرىغا بىر يېنىپ، كېيىن ياغىنى ئارقىغا سۈردى. ھوگا-سۈرەن چۈشتىن ئاۋالقىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قوشۇن باشلىرىدا قىلىچ-نەيزىلەر ئوينىماقتا، ئاتلار كىشنەپ ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈستىدىكى ئادەم-پادىمى بىلەن يەرگە يىقىلماقتا...

جەڭ شىددەت بىلەن داۋام قىلماقتا. بۇغرا قوشۇن ياغىنى ئۇرۇپ-قىرىپ، ئاساسى چۈشكۈنىگە يېقىن قىستاپ باردى. كۈن تېرەك بويى قالغاندا، ياغىنىڭ تەييار ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرى

تاغ ئارقىسىدىن ھۇقۇيتقىنىچە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كەلدى. بۇغرا قوشۇنلىرى بىرپەس تىركىشىپ قاتتىق ئېلىشتى... كېيىن بولالماي ئارقىغا سۈرۈلدى... ئۈستەك بويىغا كەلدى... ئۈستەڭدىنمۇ ئۆتتى. ياغى قوشۇنلىرى ئادەم جەسەتلىرىنى دەسسەپ قوتراپ-ۋارقىراپ ئىلگىرىلىمەكتە... خان ئۇغۇل جىددىيلىشىپ توغرۇلغا قارىدى، توغرۇل "ئالدىرىماسلىق كېرەك، قوتراش-يېڭىلىشنىڭ باشلىنىشى" دېدى... ئەنە، ياغى قوشۇنلىرى تېخىمۇ قىستاپ كەلدى. توغرۇل بايتاشقا جىددىي بىر قاراپ قويۇپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئوڭ-سول تاغ ئارقىسىدىن "بارس قوشۇن" ئات چاپتۇرۇپ ئۇرغۇپ چىقتى ۋە "ئۇرر!..." دەپ تولۇلغىنىچە قويۇندەك ئېتىلىپ ياغى سېپىنىڭ ئوڭ-سول قانىتىنى بۆسۈپ ئارقىغا ئۆتتى. "قادىن قوشۇن" دۆڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ چىقتى ۋە ياغى سېپىگە يېقىن توختاپ، يۇلتۇزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. مەرگەن ئاياللارنىڭ ساداقلىرى زايە كەتمىدى، ھەربىر ئوقى ياغى چېرىكلىرىنى دومىلىتىپ تۇردى. "قادىن قوشۇن" بىرپەس ئىلگىرىلەپ يەنە توختىدى. ئەمدى يۇلتۇز شەرەت بىلەن ياغى ئاتلىقلىرىنى ئېتىشنى بۇيرۇدى. ئاتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يەرگە ئېغىناپ چۈشۈشكە باشلىدى. ياغى سېپى چېكىنىپ ئۈستەڭنىڭ ئۇ ياقىغا ئۆتتى... ياغى سېپىنىڭ يەنە بىر قىسمى كېلىپ "بارس قوشۇن"غا ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. "قادىن قوشۇن" ئاشۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن "ئۇرر!!" دەپ تولۇلغىنىچە ئات سالدى ۋە جەڭگە كىرىپ كەتتى. "بارس قوشۇن"نىڭ بىر قىسمى ئارقىدىن كەلگەن ياغىنى ئۇرۇپ چېكىندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ياغى سېپى ئىسكەنجىدە قالدى...

بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا،
"قادىر قوشۇن" سول ياقتا ياغى سىپى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، بىر قىسىم قادىر چېرىكلەر ياغى ئاتلىقلىرىنىڭ ھالقىسىغا كىرىپ قالدى. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، ئەمما چىقىش كۆرىشىكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خان ئوغۇل بايتاش چىداپ تۇرالمىدى-دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە تۇغرۇلنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئېتىنى قويۇپ بەردى. تۇغرۇلنىڭ شەرىتى بىلەن قارۇغچى قىسىم بايتاشنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى. بايتاش بەك چەبدەسلىك بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇ ياغى ئاتلىقلىرىنىڭ ھالقىسىنى بۆسۈپ، قادىر چېرىكلەرنى قۇتقۇزدى ۋە قوشۇن بىللە جەڭ قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. بايتاشنى كۆرگەن يۈلتۈز تېخىمۇ روھلىنىپ "ئۇررا!" دەپ توۋلىغىنىچە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياغى ئاتلىقلىرىنىڭ تۈپىگە بۆسۈپ كىردى ۋە چەتتىرەك ئاز بىر قىسىم چېرىك بىلەن بىللە ئۇرۇشۇۋاتقان قۇندۇز تەرەپكە يېقىنلىشىپ ئوق تەرەپتىن ئات سالدى...
قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ياغى چېرىكلىرىنىڭ كۆپلىرى قىرىلىپ كەتتى، ئالدىدىن ئارقىدىن، ئوڭدىن سولدىن بېرىلگەن زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر قېچىشقا باشلىدى. بايتاش قوشۇننىڭ ئالدىدا قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپماقتا ئىدى... ياغى قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. بايتاش قوشۇن بىلەن ياغى چېرىكلىرىنىڭ قوش بېشىغا بېسىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ قارا تۆۋىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئەتراپتا قورالىنى تاشلاپ يۈكىنىپ ئولتۇرغان ياغى چېرىكلىرىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. ياغى چېرىكلەرنىڭ باشلىقلىرى ئاللىقاچان تىكىۋېتىپتۇ. بايتاش قۇتلۇق تۇمەنباشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قوغلاشقا ماڭغىلى تۇرغاندا،

تومۈرۈلۈپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئۇ خان ئوغۇلنى توسىدى:

— قوغلاشنىڭ كېرىكى يوق. ياغمباشى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشتى، چېرىكلىرىمىز ھاردۇق ئالسۇن، — دېدى ئۇ خان ئوغۇل ۋە قۇتلۇق تۈمەنباشىغا.

تۈمەنباشى، مىڭباشىلار چېرىكلەرنى توختاتتى. ئۇلار چۈشكۈن ئەتراپىغا بېرىپ دەم ئېلىشقا ۋە چېرىكلەرنى ئىدىتلاشقا ماڭدى، ھەربىر مىڭباشى قايتىشتا يارىدار بولغان ئۆز چېرىكلىرىنى قۇتقۇزۇشقا، ئەل بولغان ياغى چېرىكلىرىنى ھەيدەپ قايتىشقا ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ياراغلارنى يىغىشقا بىر قىسىم چېرىك ئاجراتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى، قوشۇن قايتتى. جەڭ مەيدانىدا خۇددى يۇلتۇزدەك ئوتقاشلار پارقىرايتتى، ئاختۇرۇش، قۇتقۇزۇش، ھەيدەش، يىغىش داۋام قىلماقتا.

— قۇندۇز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دېدى كىيىملىرى يىرتىق، بېشى ۋە قوللىرى قان، يۈز-كۆزى قارا-ئالا بىر قىز چېرىك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ يۇلتۇزغا، — باياتىندىن بېرى خېلى ئىزدىدۇق، تاپالمىدۇق.

— قولىدا ئوتقاش بار چېرىكلەر مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دېدى يۇلتۇز بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — قۇندۇزنى تاپماي قويمايمىز.

ئوتقاش تۇتقان چېرىكلەر يۇلتۇزنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، بىرمۇنچە ئەر چېرىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. جەڭ مەيدانىدا قۇندۇزنى ئىزدەش باشلاندى. "قۇندۇز!!!" دەپ توۋلىغان ئاۋازلار قاراڭغۇدا يىراقلارغىچە ياڭرايتتى. چېرىكلەر ئۆلۈكلەر

ئارىسىنى ئاختۇردى، يىراقتا يارىدار بولۇپ قالغان بولسا ئاڭلىسۇن دەپ ۋارقىراپ باقتى، شۇنداقتىمۇ تېپىلمىدى.

بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ئۇلار پۇتى ئېغىر يارىدار بولغان بىر قىزنى تېپىشتى... قىز چېرىك يۇلتۇزغا "قۇندۇز ئاچام ياغىنى قوغلاپ كېتىپ بېرىپ يارىدار بولۇپ يىقىلغاندا، بىر ياغى ئۇنى ئات ئۈستىگە ئېلىپ قاچقاندى. بىز قوغلاپ يېتەلمىدۇق" دەپ مەلۇمات بەردى. يۇلتۇز ئورنىدا قاققان مىختەك توختاپ قالدى. چېرىكلەر ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراشتى. يۇلتۇز گەپ-سۆزسىزلا ئاتقا مىنىپ چۈشكۈن تەرەپكە ماڭدى. چېرىكلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشتى...


خان ئوغۇل بىلەن سۇباشى ئاستانىگە قايتىپ بايانات بەرگەندە، سۇتۇق بۇغراخان ئۇرۇش غالىبىيىتىدىن بەك خۇرسەن بولغاندى. لېكىن قۇندۇزنىڭ ياغى قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ مەيۇسلەندى. ئايدىڭ كۆزلىرىنى يۇمماي ياش تۆكەتتى.

— ياغى يېڭىلىپ قاچتى، ئۇتتۇق چوڭ. قۇندۇزنى ئاخىرى تېپىۋالىمىز، — دېدى بۇغراخان تەسەللى بېرىپ. يۇلتۇز ئايدىڭنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاشلىدى.



# ئالتىنچى قىسىم

"ئوقۇشلۇغ ئوقار ئۇ، بىلىگلىگ بىلىر،
بىلىگلى، ئوقۇغلى تىلەككە تېگەر"،
بىلگە ئول، بېرۇر قۇت، بېرۇر ئەرك باشقا،
بىلىگدىن ئىلىگكە ئۇلۇغلۇق كېلىر.



## بىرىنچى باب

# يىلان باش كۆتۈردى

قەشقەرنىڭ يېقىملىق كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تېرەك بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى ئاسماننى قۇچاقلاپ ئەركىلەتمەكتە. باغدىكى دەرەخلەر شاخلىرىنى يەڭگىل ئېگىپ كىمگىدۇ "سالام" قىلماقتا. باغقا قارىغان پېشايۋاندا ئىپارگۈل ئويچان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئورۇندۇقتا يېنىچە ئولتۇرۇپ، شىرەگە بېلىنى تىرەپ باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتا. ئۇنىڭ كۆزى بىر ۋاقىتتا ئىلىك بىلەن ناخشا ئېيتىپ، شېرىن سۆيگۈلىرىنى ئىزهار قىلىشقان بوستانغا چۈشتى-دە، شۇ ۋاقىتتىكىدەكلا لەپىلدەپ تۇرغان سۆيۈنچ چوغى ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىرىدىن يالقۇنلار چېچىپ قىزدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىدە ئارىلاپ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇنى يەنە سەزدى-دە، "پىسىڭگىدە" كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ ئانار رەڭ سۇزۇك لەۋلىرى ئېچىلىپ، ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنگەندە كۆزلىرىمۇ كۈلدى، ھۆسنىدە ئاجايىپ بىر خۇش خۇي گۈزەللىك پەيدا بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئىلىكنى كۆرگۈسى كەلدى.

ئىپارگۈلنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل سىياقىنى كۆرگەندە، ئىلىك بەك خۇش بولاتتى، ئۇنىڭ قىزىل ئالمىدەك مەڭىزلىرىگە، كۈلگۈنچەك كۆزلىرىگە سۆيەتتى. ئىپارگۈل يەنە ئېچىلىپراق كۈلۈمسىرىدى.

ئەمما، يەنە دەرھال قوشۇمىلىرىنى تۈرۈۋالدى.

ئۇ نېمىنى ئويلايدىكىن-تاڭ؟ ئائىلىسىنىمۇ ياكى ئۆزىنىمۇ؟ ئۇ ئەمدى كىچىك قىز ئەمەس، ياش چوكانمۇ ئەمەس، بەلكى ئىككى باللىق جۇۋان. باللىرىنىمۇ بىر چىرايلىق چوڭ بولماقتا. ئۇلار قورچاقلاردەك سەكرىشىپ ئويناپ ئاتا-ئانىسىنىڭ زوقىنى كەلتۈردۇ. ئۆزلىرى يېتىشەلمىگەن بىلەن، ھامىنى بالىلارغا ئۆز نەۋرىلىرىدەك كۆيۈنۈپ قارايدۇ. ئائىلىسىدىن غەم قىلىدىغان يېرى يوق. ئۆزى بولسا يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالدى. يېقىندا مەدرىسنى پۈتتۈردى، ئىلىك ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتتى. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇشقا شەرت تۇغدۇرۇپ بېرىپلا قالماي، ئۆيدىمۇ ئوقۇيتتى. ۋاقىت تاپسىلا، ئىلىك ئىپارگۈل بىلەن بىلىم توغرىسىدا سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭغا سوئاللارنى بېرەتتى، قىيىن مەسىلەرنى يېشىشنى تەلەپ قىلاتتى، گايىدا ئىلىك مەسىلىنىڭ سەلبى تەرەپدارى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن جىددىي مۇنازىرە قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق تالاش-تارتىشلار قىلاتتىكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەر-خاتۇن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. بەزىدە ئىلىك ئەتۈر "دەلىل" لەر بىلەن ئىپارگۈلنى ئالدىرىتىپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، ئىپارگۈل قىزىرىپ دۇدۇقلىناتتى ۋە كۆڭلىدە: "بۇ ئادەم ئاشۇ گەپلەرنى راست دەۋاتامدۇ، نېمە؟" دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى. ئىلىك قايىللىق بىلەن چىرايىنى ئېچىپ كۈلگەندىلا، ئىپارگۈل ئېرىنىڭ ئاتايىن مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۈلەتتى. لېكىن ئۇ يېڭىلىپ قالغانلىقىغا تەن بېرىپ، ئىلىكنىڭ مەسىلىنى يېشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ خېلى بىرنېمىلەرنى بىلىۋالاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، بەزىدە ئىپارگۈل مۇنازىرىدە ئىلىكنى ئالدىرىتىپ

قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلىك "ئەل" بولغانلىقىغا قارىماي ئىقرار
بولاتتى. ئۇ ئىچىدە ئىپارگۈلنىڭ ئىدراكىدىن خۇش بولاتتى، لېكىن، ئۇنى ماختىمايتتى. "بىلىمنىڭ پۈتىسى جىق، بالدىقى تۆگىمەس" دەيتتى ئۇ ئىپارگۈلگە تەلەپچانلىق بىلەن. دېمەك، ئىپارگۈل ئۆزىدىن تېخى قانائەتلەنمىسىمۇ، ھەر ھالدا نارازىمۇ ئەمەس ئىدى.

ئۇنداق بولسا ئىپارگۈل نېمىنى ئويلايدۇ؟ ئېرىنىڭ ئورنىدىن، خىزمىتىدىنمۇيا؟ بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ غەم قىلمايدۇ. ئىلىك ئوردۇدا ئۈچىنىڭ بىرى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى "دوستۇم" دەپ يېقىن كۆرىدۇ. يېقىندا باتۇرناغا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇغراخان ئىلىكنى ئوردۇ ھاجىپلىقىدىن كۆتۈرۈپ باش ئولچى قىلدى ۋە "ئۈچلۈك ئويغۇرۇش ھالقىسى"دىكى ئورنىنى يۇقۇرىغا كۆتۈردى. ھازىر ھەممە ئۇنى ئىلىك ئولچى دەپ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىكنى كىشىلەر بىلگۈچ، ئۇستاز دەپ ھېساپلايدۇ. دېمىسىمۇ ئىلىك ھازىر قەشقەر تۇگۇل قاراخانىلار دۆلىتىدە داڭقى چىققان ئالىم بولۇپ قالدى. "خانلىق بىلىگ يۇرتى"دا يىراق-يىراق ئەل يۇرتلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن دەرس ئالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بۇنداق بىلگىلىك ئۇستازى بىلەن ماختىنىشىدۇ.

ئىپارگۈلنىڭ غەم قىلىدىغىنى باشقىسى ئەمەس، دۆلەت ئىشى ئىدى. ئۇ بىلىگ يۇرتىدا، ئۆيدە، كىشىلەر ئارىسىدا جىق نېمىلەرنى ئۆگەندى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىدىن "بىلىگ قۇت بېرۇر"، "دۆلەت ئارىغ بولسا، بودۇن ئەركىن بولۇر" دېگەن سۆزلەر بەك توغرا ئىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغاندى. بۇ سۆزلەرنى ئۇ ئىلىكتىن ئاڭلىدىمۇ، ياكى ئۆز مېڭىسىدە پەيدا بولدىمۇ، بۇنىسى ئېنىق

ئەمەس. "بىلىگ قۇت بېرۇر" دېگەن سۆز ئۇنىڭ دىلىدىن چىقمايتتى، تىل ئۇچىدىن كەتمەيتتى. ئۇنى ئوقۇلداشلىرىغا، ئاداشلىرىغا دائىم ئېيتىپ يۈرەتتى.

ئۇ، ئۆگەنگەن تارىختىن، ئۆزى ياشاۋاتقان تۇرمۇشتىن بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. كېيىن ئۇ ئىلىكنىڭ "دۆلەت ئارىغ بولغاي"، "بودۇنغا ئەرك كېرەك" دېگەن سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان بولدى. "ئارىغ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇ بارغانچە چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، "دۆلەت ئارىغمۇ يوق؟!" "بودۇن ئەركىنمۇ يوق؟!" دېگەن سوئاللار ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئايلىنىپلا يۈرەتتى. ئېلىكتىن سورىغاندا، ئۇ "ئۆزۈڭگىز تېپىڭ" دەپ جاۋاب بەردى. ئاخىر ئۇ جاۋاب تاپتى: "دۆلەت ئارىغسىز"، "بودۇن ئەركسىز".

ئۇ سۇتۇق بۇغراخانغا سادىق، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئەمەستەك تۇيغۇنى غۇۋا سېزەتتى. سۇتۇق ئەلنى قوغداشتا چىڭ. ئۆتكەن نۆۋەت چەتتىن كەلگەن ياغىنى ئۇرۇپ قايتۇردى. لېكىن، ئوردۇدا نېمىشقا ھېلىغىچە يامان ئادەملەر ھوقۇقدار بولۇپ يۈرىدۇ؟ سۇتۇق بۇغراخان "پاراۋانلىق" دېدى. لېكىن، ئەلنىڭ ئەھۋالى تېخى بېتەرلىك ئوڭلانغىنى يوق. ئېپارگۇل ئۆزىنىڭ دېدەك ۋاقتىدىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، قول-دېھقان-لارنىڭ تېخىچە ئاۋۋالقىدەك ئازاپلار بىلەن ئۆلۈم قىرغىقىدا ياشاۋات-قانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ھالى-دەردىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. يېقىندا ئۆز يېزىسىغا بارغاندا، تارىغچىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېچىندى. ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ ئاشۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى يادىغا چۈشكەندە، ئۇنىڭ كېلىدىن تاماق ئۆتمەي

قالاتتى.

"ھە، شۇنداق، ئۇلار ئەركىن" دەيتتى ئۇ ئۇھلىنىپ. "قانداق قىلىش كېرەك؟" دېگەن سوئال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كەتمەيتتى. ئۇ بۇ سوئالنى ئېلىك ئۇلچىغا ئېيتقاندا، ئېلىك: "توغرا، قانداق قىلىش كېرەك؟" دەپ سوئالغا سوئال قايتۇراتتى.

بۈگۈنمۇ ئىپارگۈل پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ شۇ ئىشلار ئۈستىدە ئويلايتتى... ئەنە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باغنىڭ ئىچكىرىسىدىن چىققان ئېلىك پەيدا بولدى. ئۇ بىر شىڭگىل مۇناقى ئۈزۈم بىلەن ئازراق يېرىلىپ قالغان، بىر چېتىدىن سۈزۈك دانىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئانارنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كېلەتتى. ئېلىك ئادىتى بويىچە، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى قوپۇپ يۈز-كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن بېغىنى ئايلىناتتى. قايتىشىدا چىرايلىق ئېچىلغان گۈل، يا بولمىسا پىشقان مېۋە ئېلىپ قايتاتتى.

ئېلىك يىراقتىنلا گەپ قىلىپ كەلدى:

— ئىپارگۈل، مانا بۇ ئۈزۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟ بەك شېرىن. ئەتىگەنلىكى نان بىلەن يېسە... سىز ئۈزۈمنى بۇنداق يېيىشنى ياخشى كۆرىسىزغۇ! — ئۇ سۆزلىگەچ پەلەمپەيگە يېقىن كېلىپ قالدى، — ماۋۇ ئانارنى قاراڭ. مانا ئۇ كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىزغۇچ سۈزۈك دانىلىرىنى قاراڭ، سىزنىڭ لەۋلىرىڭىزگە ئوخشايدۇ...

ئېلىك پېشايۋانغا چىققاندا، ئىپارگۈل كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن قوپتى ۋە مېۋىلەرنى ئېلىپ ئىچكىرىدىن چىققان خىزمەتچى قىزنىڭ قولىدىكى لىگەنگە سالدى.

— ئاھ! مەن شۇ ئانارغا ئوخشسام ئەجەب ياخشى بولاتتىغۇ، — دېدى ئۇ ئارقىسى بىلەن تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، — ئانارنىڭ سىرتى

يۈرەكلەرگە داۋا-دە! ئىپارچۇ؟ كىشلەرگە پۇراقتىن كۆرە ئەرك كېرەك.

— ھە، شۇنداق، ئەرك كېرەك. بۇ سۆزىڭىز توغرا. بەك توغرا سۆز. ئەركسىزلىكنىڭ ئۆزى كىشىگە تاغدىنمۇ ئېغىر، تاشتىنمۇ قاتتىق. ئەركسىز تۇرمۇش — دوزاخ. ھە، سىز بۇنى ياخشى بىلىسىز، سىز ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن... شۇنداق، تارىخچى نامراتلارنىڭ، قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شىللىسىدىكى كۈلپەتنى يەڭگىللىتىش كېرەك ئىدى، ئۇلار ئازراق جاپا تارتىدىغان بولسا ياخشى بولاتتى...، — ئۇ بارغانچە يىراقلارغا تىكىلىپ ھاياجانلىناتتى.

— شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

— ...

ئىلىك ئويچان ھالدا پېشايۋاننى ئايلىناتتى. ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. جاۋاب بېرىش ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ ئاساندەك، بىر تۇرۇپ قىيىندەك تۇيۇلاتتى.

"بۇ دۇنيا توغرىسىدا ئاشۇنداق چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقاندا، بۇ دۇنيانىڭ قۇرۇلۇشىنى تەڭسىزلىك دېگەندە، قۇرۇلىدىغان يېڭى دۇنيا قانداق بولىدۇ؟" دېگەن سوئاللار جاۋاب كۈتۈپ قاتار تۇراتتى. بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قىيىن ئىدى. ئىپارگۈل، ياكى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تېخى بۇنداق سوئاللارنى توغرىسىدىن توغرا بېرىپ باقمىدى، لېكىن، بۇ سوئاللار ئىلىكنىڭ مېڭىسىدە دائىم ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ دائىم ئويلايتتى، بەزىدە ئويلاپ كېچىلىرى ئاز ئۇخلايتتى. ئىپارگۈل ئۇنىڭ مېڭىسىدە بەك ئېغىر يۈك بارلىقىنى بىلەتتى. سوراۋېرىپ قىيناشنى خالىمايتتى. ئۇنى جۇۋۇتۇپ ئۇخلىتاتتى.

ئۆلمەك پېشايۋانىدا ئايلىنىپ ئويلايتتى. ئىپارگۈل ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق ۋە ئاياش بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ۋاي دادا، ئانا، ئاۋۇ ئۇكامنى قارا، — دەپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان قىزچاقنىڭ ئاۋازى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۆلمەك توختاپ قىزنىڭ ئالدىغا ئېڭىشتى. ئۇ گەپ قىلاي دەپ تەمشەلگەندە، ئۆيدىن قولىدا تاياق تۇتقان بىر ئوغۇل بالا دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي، ئۇدۇل كېلىپ قىزچاقنى تاياق بىلەن ئۇردى، تەگمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تايىقىنى ئىپارگۈل تۇتۇۋالغانىدى.

— ئوغلۇم چاقماق، نېمە بولدى؟ — سورىدى ئۆلمەك قىزچاقنى قوغداپ.

— گۈلنۇي قىلچىمنى تاشلىۋەتتى، ئۇيۇمەن تازا، — چاقماق ئانىسىنىڭ قولىدىكى تاياقنى تارتاتتى.

— نەگە تاشلىۋەتتى؟ — سورىدى ئانىسى.

— كاتتىنىڭ ئارقىسىغا، ئەمدى قىلچىم يوق، — چاقماق كالپۇك-لىرىنى ئۆمەللەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— قىزىم، ئۇنىڭ قىلچىنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟ — سورىدى ئۆلمەك.

— ئوينىشىپ تاشلىسام كاتتىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتتى.

— يۈر گۈلنۇر. بىز ئۇنى تېپىپ چىقايلۇق، — ئۆلمەك قىزىنى باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئىپارگۈل ئوغلىنى جۇۋۇتۇپ تۇراتتى، گۈلنۇر قىلچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئارقىسىدا ئۆلمەك:

— مانا چاقماق، قىلچىڭ تېپىلدى. قىزىم، قىلچىنى ئۇكاڭغا

تۇت، — دېدى.

گۈلنۇر قىلىچنى ئىككى قولى بىلەن ئېگىز تۇتۇپ ئالدىغا ئېگىلىپ چاقماقتا سۇندى. چاقماق كىچىككىنە ياغاچ قىلىچنى ئېلىپ ئاچىسىنىڭ بېشىغا تەگلىدى، ئاچىسى دادىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

ئۆيدىن خىزمەتچى قىز چوڭ پەتنۇستا ناشتىنىڭ مەزەلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەگە قويدى.

— بولدى ئەمدى، كېلىڭلار، ناشتا قىلىلى، — دېدى ئىپارگۈل.

ئۇلار شىرەگە يىغىلىپ ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چاقماق دادىسىنىڭ بېقىنىغا قىسىلىپ ئولتۇرغان ئاچىسىغا قاراپ گۈلۈمسىرەپ قوياتتى. گۈلنۇر كۆلۈمسىرەپ كۆزىنى قىسىپ قوياتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە مەھرى كېلىپ ئىشتىها بىلەن غىزالىنىۋا- تاتتى، ئىلىكنىڭ قارۇغچىسى بىلەن، ئېغىز - بېشى قان، كىيىملىرى يىرتىلغان بىرسى ئۆي تەرەپتىن ھودۇقۇپ چىقتى.

— ۋاي ئۇستاز، بولمىدى، ئۇستاز... ئۇلار، ئۇستاز...

ئىلىك چۆچۈپ قوپتى:

— نېمە ئىش بولدى؟ ھودۇقماي سۆزلەڭ!

— ھە، ھېلىقى...ئاۋۇ ئەزەم مەسجىدىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىزنىڭ بىلىگ يۇرتىنى چېقىۋاتىدۇ...

ئىلىك ئۇنچە ھەيران قالمىدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ۋەقەنىڭ بولۇش ئېھتىمالىنى مۆلچەرلەپ قويغانىدى.

— يۇرۇڭلار. سىز ئوردىدىن قارۇغچىلارنى باشلاپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ قارۇغچىسىغا ۋە ئىپارگۈل تۇتۇپ تۇرغان يەكتەكنى كىيدى.

— مەنمۇ بارايمۇ؟
— ياق، كېرەك ئەمەس.
— پەخەس بولۇڭ.
ئېلىك سالماق بىلەن مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

*
*
*

ئېلىكنىڭ ھېلىقى تاياق يېگەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەن بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار بىلىگ يۇرت قوۋۇقى ئالدىغا كەلدى. قوۋۇق ئالدىدا توپلانغان كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشماقتا، بىلىگ يۇرت ھويلىسىدىن چۇقان-سۈرەن ئاڭلانماقتا ئىدى.
— ھاي، ئېلىك ئۇستاز كەلدى، يول بېرىڭلار! — دېدى بىر يىگىت ۋە كىشىلەرنى ئارقىلىرىغا چېكىندۈردى. ياشانغان بىر ئادەم ئېلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى:
— بۇ بولمىغۇر ئىش جانابىي ئېلىك. بۇلارغا يول قويۇشقا بولمايدۇ! ئېلىك ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي بېشى بىلەن ئالدىنى ئىشارە قىلدى-دە، كىشىلەر ئېچىپ بەرگەن يولدىن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىر توپ قۇراملىق يەتكەن يىگىتلەر بىلەكلىرىنى شىمايلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە كالتەك-لىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىلىگ يۇرت ھويلىسىغا كىرىپ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى، بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىشلىرىنى كۆردى، بىلىگ يۇرت ھويلىسىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ھۇجرىلارنىڭ ئىشىك-پەنجىرىلىرى چېقىلغان. بىرمۇنچە كىشىلەر ھويلا ئوتتۇرىسىدا، ھۇجرىلار ئالدىدىكى پېشايۋانىدا ئۇرۇشماقتا ئىدى. كىيىمى يىرتىق، باش كۆزى قان كىشىلەر ئاز ئەمەس، بىر توپ

كالتەكچىلەر دەرىخانىغا كىرىشكە ئۈمتۈلمەكتە ئىدى، بىلىگ يۇرتىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا يەنە بىر توپ كالتەكلىك كىشىلەر ئۇلارنى توسماقتا ئىدى...

— توسما، قويۇۋەت، بولمىسا كالتەك ئاستىدا ئۆلىسەن!

— بىلىگ يۇرتىنى چېقىشقا بولمايدۇ. كەينىڭگە قايت، بولمىسا كالتەك يەيسەن.

— ئۇر، بېسىپ كىر!

— ھەرگىز كىرگۈزمەڭلار، ئۇرۇڭلار!

— ...

ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلىرى قۇلاق-مېڭىنى يەيتتى.

ئىلىكنىڭ ھويلىغا كىرگىنىنى كۆرگەن بىرسى:

— ئۇستاز كەلدى، ئۇستاز كەلدى، — دەپ توۋلىدى. ۋاقىراشلار پەسەيدى.

— ئەنە، ئىلىك دېگەن كەلدى...، — دېيىشتى بىرقانچىسى ئۈنىگە ئالمىسىپ.

ئىلىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن شاگىرتلىرىغا مېھرىبانلارچە تىكىلدى. ئىككى يېنىنى ئورىۋالغان ۋە ئارقىسىدىن ئەگەشكەن كالتەكلىك، قۇرۇق قول يەڭ شىمايلىغان كىشىلەر بىلەن ئالىمانلار توپىنى يېرىپ مەدرىس پېشايۋانىغا قاراپ ماڭدى. پېشايۋان ئالدىدىكى كالتەكچىلەرمۇ ئاستا-ئاستا بىر-ئىككى قەدەم كەينىگە يېنىپ يول بەردى. لېكىن ئۇلار ئىلىككە يەر ئاستىدىن ھومسىياتتى. ئىلىك سالماق بىلەن مېڭىپ سۇپىغا چىقتى ۋە:

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، يارانلار، گەپ بولسا، ئالدىرىماي سۆزلىشەيلى، — دېدى.

— بۇلار زومىگەرلەر، بۇلار لۈكچەك، پاچاقلىرىنى چېقىش كېرەك، — دەپ ۋارقىرىدى بىرسى.

— بۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى يەنە بىرسى.

غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— بۇ كاپىرلارنىڭ بۇتخانىسىنى چاققىنىمىز چاققان.

— بۇلار دەھرىلەر، بۇلار ئۇلۇغ دىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا...

— دەھرىلەرنىڭ باشلىقى ئىلىك دېگەن كاپىر مۇشۇ، — دېدى قارا، سېمىز، بېشىنى كۆك ياغلىق بىلەن تېڭىۋالغان بىر كالتەكچى قولىدىكى كالتەك بىلەن ئىلىكنى كۆرسىتىپ.

— دىنىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!

— ئۇرۇڭلا! — دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ پېشايۋان تەرەپكە ماڭدى ھېلىقى قارا سېمىز، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ كالتەكچىلەر چۇقان كۆتۈرۈپ ئالدىغا سىلجىدى. قارشى تەرەپمۇ "جەڭ"گە تەييارلاندى، يەنە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇ ئارىدا قارا سېمىز غالجىرلارچە سۇپىغا ئېتىلىپ چىقىپ ئىلىككە كالتەك ئۇرماقچى بولغانىدى، بىرسى ئۇنىڭ كالتىكىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئاڭغىچە ئۇ ئىلىككە مۇشت ئاتتى. ئىلىكنىڭ ئاغزىدىن قان ئاقتى. ئۇ ئاغزىنى تۇتۇپ، سۇنغان ئوتتۇر چىشىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قان چۈشتى. ئىلىكنىڭ قارۇغچىسى يۇگۇرگەن پېتى كېلىپ قارا سېمىزنى بىر مۇشت بىلەن سۇپىدىن دومىلىتىۋەتتى ۋە ئىلىكنى قوغدىغاچ غەزەپ بىلەن "ئۇرۇڭ!" دەپ ۋارقىرىدى.

يىگىتلەر كالتەكچىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئۇن-ئۇن بەش كىشى يەرگە دومىلىدى... قوۋۇقتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن قارۇغچىلار توپى ئۇلارنى ئوروۋالدى. ئىلىكنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى كالتەكچىلەرنى ئوراپ-قىستاپ ئۇراتتى. ھازىر ئەمدى كالتەكچىلەر ئازچىلىق ئىدى. ئۇلار يېڭىلدى.

— توختاڭلار يىگىتلەر، ئۇرۇشنى توختىتىڭلار، — دېدى ئىلىك بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ئۇرۇش توختىدى، لېكىن غەزەپ تۈگىمىدى.

— بىلىگ يۇرتىنى چاققان لۈكچەكلەرنى تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئەمدى سۇپىغا چىققان قارۇغباشى.

قارۇغچىلار ئەمدى قوزغالغانىدى، ئىلىك ئۇلارنى توختاتتى.

— توختاڭلار، — دېدى ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئۇلارنى تۇتماڭلار...

"بولمايدۇ"، "بۇلارنى جازالاش كېرەك!"، "بۇلارنى كەچۈرمەيمىز!" دېگەن ئاۋازلار ئىلىكنىڭ سۆزىنى بۆلدى. ئىلىك بىرئاز توختاپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇلار ئالدانغان كىشىلەر، گۇنا ئالدامچىلاردا، كىم دىننى راست قوغدايدۇ، كىم يالغان قوغدايدۇ؟ بۇنى ئايرىپ بىلىش كېرەك. سىلەر ئەزىم مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇنى ياخشى ئويلاڭلار. سىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان ئىش بۇزدىلارنى ئايرىۋېلىڭلار. كالتەكچىلەرنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى بىرئاز پەسەيدى، — ئالدانغانلىقىڭلارنى بىلەڭلەرلا بولدى. ئىككى بىلىگ يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىناق ئوقۇلداش

بولۇشۇڭلار كېرەك. ئالدام خالتىغا چۈشمەڭلار! — ئىلىك قارۇغچىلارغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىپ دېدى — قويۇپ بېرىڭلار بۇلارنى، قايتىپ كەتسۇن، ياخشى ئويلانسۇن!

ئوقۇغۇچىلار ۋە قارۇغچىلار ئۇلارغا يول بېرىشتى، ئۇلار كالتەكلىرىنى سۆرەپ ماڭغانىدى، قارۇغباشى "كالتەكلەر قالسۇن!" دېدى. ئۇلار كالتەكلەرنى ئاستا يەرگە قويۇشتى. گايلىرى ئاچچىق بىلەن تاشلىدى ۋە باشلىرىنى ئېگىپ قوۋۇق تەرەپكە مېڭىشتى. توپنىڭ ئارقىسىدا ماڭغان ھېلىقى قارا سېمىز ئادەم ئورنىدا توختاپ، ئاستا ئارقىسىغا بۇرالدى ۋە يەنە بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنەچچە قەدەم ئارقىسىغا ماڭدى-دە، ئىلىككە قارىماي تۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئاندىن يەنە شۇ بويىچە بېشىنى كۆتۈرمەي كالتەكچىلەر توپىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى.

* * *

بىلىگ يۇرتتا غەلۋە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان بەك خاپا بولدى. بولۇپمۇ ئىلىككە قول تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەم ئاچچىقى كەلدى، ھەم ئەنسىرىدى. ئۇ ئارسلاننى ئەۋەتىپ ئىلىك ئولچىنىڭ ھالىنى سورىدى. بۇغراخاننىڭ دوستلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرسى ئارسلان، يەنە بىرسى ئاشۇ ئىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەلەمچى، بىرسى قەلەمچى ئىدى. ئۇلار بۇغراخانغا چوڭ ياردەم قىلىپ كەلگەن، ئەل ئىشىغا كۆپ تۆھپە قوشقانىدى. ئىلىك يىگىرمە يىلغا يېقىن ئوردۇ پۈتۈكچىسى — ھاجىپ بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ بۇغراخاننىڭ ھەر خىل يوللاردىن توغرا ئۆتۈشىدە ئوبدان ياردەمچى بولغانىدى ۋە بۇغراخاننىڭ "بىلىگلىك" دېگەن ئۇرانىنى نەملىگە ئاشۇرۇشتا

تۆپلىك رول ئوينىغانىدى. بىلىگە تېكىن ۋە باشقا بىلەرمەنلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. لېكىن ئىلىك بولمىغاندا، بىلىگىنىڭ نىشانى قاياققا قاراپ كېتىشى بەلگىسىز ئىدى. بۇنىڭدىن بۇغراخان بەك خۇش ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئوردۇنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىدىن ئازات قىلىپ، ئاساسىي زېھنىنى كۆپرەك ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشىغا، ئەل ئاقارتىش ئىشىغا ئىشلەتسۇن دېگەن. ئىلىكنىڭمۇ ئارزۇسى خۇددى شۇ ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئىلىكنىڭ "ئەركىنلىك" دېگەن غايىسىگە تولۇق قوشۇلالمايتتى. ئەسلىدە بۇغراخانمۇ "ئەركىنلىك" دېگەنىدى. شۇڭا ئۇ باشتا قاتتىق تۇرۇپ قۇللۇقنى يوقاتتى. قۇللارنى، تارىغچىلارنى قولدارلاردىن ئەركىن قىلدى. لېكىن، ئىلىك يەنە "ئەركىنلىك" دەپ چىقتى. سۇتۇق ئاۋالىرى "يەنە قانداق ئەركىنلىك" دەپ ئويلىدى، كېيىنچە ئىلىكنىڭ سۆزلىرى، تەكرار چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن، نامرات تارىغچىلارنىڭ تەلەپلىرىدىن كېيىن ئۇ "بۇرۇنقى ئەركىنلىك راستتىنلا يېتەرسىز ئىكەن" دېگەن ئويغا كەلدى. ئەمما بولۇپمۇ ئىلىك ئېيتقان "ئەركىنلىك"نى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. "ھەممە ئەركىن بولۇپ كەتسە، بىرلىك ئىرادە بولمىسا دۆلەتنى قانداق باشقۇرغىلى بولسۇن" دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئىلىك "دۇنيانى باشقىدىن قۇرۇش كېرەك"، دەيدۇ. ھازىرقى دۇنياچۇ!؟ ئۆزىنىڭ تەختى-بەختىچۇ؟ بېشىدىكى دۆلەت قۇشىچۇ؟ ئىشنىڭ تەكتى بۇغراخانغا راستتىنلا قورقۇنچلۇق ئىدى. لېكىن ئۇ ئەلنىڭ تېخىمۇ تولۇقراق ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە قوشۇلاتتى، بۇ نۇقتىغا ئۇ قارشى بولمايتتى، قارشى بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇ ياخشى چۈشىنەتتى. يەنە ئۇ ئىلىكنىڭ سۇتۇقنى، دۆلەتنى قوغدايدىغانلىقىنى، ياخشى يولغا ئۈندەيدىغانلىقىنى بارا-

بارا چۇشەندى. شۇنداق قىلىپ بۇغراخان ئىلىكنى قوللايتتى ھەم ئەلسىرەيتتى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇ ئىلىكسىز، ئىلىكنىڭ مەپكۇرىسىگە تەرەپدار بولغان ئادەملەرسىز تەختتە چىڭ ئولتۇرالمايتتى، ھەتتا خانىش ئايدىڭمۇ ئىلىكنىڭ مەپكۇرىسىگە مايىل ئىدى. بۇنداق روھىي كۈچ ئالدىدا سۇتۇقنىڭ بويسۇنماي ئىلاجى يوق ئىدى. يەنە، ئۇ ئىلىكنى ئۆزىنىڭ سەممىي، قەدىردان دوستى ۋە كەم بولسا بولمايدىغان سەپدىشى دەپ ھېسابلايتتى. مۇشۇنداق بىر قەدىردان دوستىنىڭ يامانلاردىن چىشى چۇشكۇدەك دەرىجىدە ئازار يېگەنلىكى، ئۆزىنىڭ بىر ئىپتىخارى بولغان داڭلىق بىلىگ يۇرتىنىڭ ئۇرۇش-چىقىشقا ئۇچرىغانلىقى، شۇ تاپتا سۇتۇقنى ئىنتايىن غەزەپلەندۇردى. سۇتۇق شۇ كۇنى چۇشتىن ئاۋۋال ۋەقەنى ئاڭلىغاندا قاتتىق كايىپ، بىلىگ يۇرتقا باستۇرۇپ كىرگەن چوماقچىلارنى دەرھال تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرمەكچى بولدى. لېكىن خانىش ئايدىڭ ئۇنى توسىدى. "بۇ ئىش تۇيۇقسىز بولغان ئەمەس، كەينىدە يۆلەنچۇكى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى تۇتۇش بىلەن ئىش پۇتمەيدۇ. ئىلىك ئولچى بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك" دېدى ئايدىڭ.

چۇشتىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىكنى سوراپ كېلىشكە جابدۇنغانىدى، ئاڭغىچە ئىلىك ئۆزى ئوردىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ سارايغا كىرىشى بىلەن سۇتۇق ئالدىراپ بېرىپ ئىشىك ئالدىدا قارشى ئالدى.

— ۋاي دوستۇم، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى ئۇ ئىلىكنى قۇچاقلاپ، — قانداقراق؟ — ئۇ ئىلىكنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالدى، ئىلىكنىڭ كوماك چىشىنى كۆرگەندىن كېيىن غەزەپلەندى، — لۈكچەكلەر! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كېيىن ئىلىكنى باشلاپ

ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەرزىيەت تارتتىڭىز، — دېدى خانىش ئايدىڭ بىلەر-بىلمەس بېشىنى ئېگىپ.

خان بىلەن خانىشتىن كېيىن ئىلىك ئولتۇردى. ئارسلان بىلەن قىلىچ كىرىپ كەلدى. ئۇلار خان بىلەن خانىشقا سالام بەردى. ئۇلار ئىلىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىللە كەلگەنىدى.

— ھېچقىسى يوق. بۇ ھەيران قالارلىق ئىشمۇ ئەمەس، — دېدى ئىلىك كۈلۈمسىرەپ، — خانىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە ھەشقاللا.

— خانلىق بىلىگ يۇرتىنى چېقىش، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئۇستازىغا قول تەگكۈزۈش — بۇ، خاندانلىقىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت، مەن... دوستۇم، مەن ئاللىقاچان ئۇلارنى تۇتۇپ چارە قىلىشقا بۇيرۇق قىلماقچى ئىدىم، ئايدىڭ...

— شۇنداق، مەن ئالدىرىمايلى دېدىم، — دېدى ئايدىڭ خانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئاتمىغان ئوقنى ئاتقىلى بولىدۇ. چەنلەپ ئېتىش، جايىغا تەگكۈزۈش ياخشى ئىش بولىدۇ.

— توغرا گەپ، — دېدى ئىلىك خانىشنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، — ئۇلارنى تۇتۇشقا بولاتتى. بەلكى، يارانلار ئەدىبىنى تازا بېرەتتى. خانىشىمىز ئېيتقاندەك، ئوقنى جايىغا ئېتىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئادەم بار.

— ھېچ بولمىغاندا، سىزگە مۇشت ئاتقان لۈكچەككە چارە قىلماق كېرەك ئىدى، — دېدى سۇتۇق.

— ئۇنىڭغا ئىلىك ئۇلچى كەچۈرىلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلدى، — دېدى قىلىچ، — ئۇ ئادەم بۈگۈن چۈشتە كېلىپ مېنى تاپتى، خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلىدى. ماڭا ئەھۋالنى ئېيتىپ

بەردى، ئۇ بىر قاسساپ ئىكەن، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، ساددىراق ئادەم بولغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ياماللار پايدىلانغان.

— بۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، — دېدى ئارسلان، — ياغمىنىڭ يېقىن يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان قارشىلىق، بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ بىر پارچىسى. زەھەر چاچقۇچى يىلان بىزنىڭ ئوردۇدا، بىزنىڭ يېنىمىزدا.

— شۇنداق، — دېدى خانىش، — يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى يېنىمىزدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن بۇ يىلان يەنە زەھىرىنى چاچماقتا. قىلىچ، قېنى، سىز بىلگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېقىڭا.

— تېكىن ئاغىچى بىر زەھەرلىك يىلان، — دېدى قىلىچ سۆز باشلاپ، — ھەممە ياماللارنىڭ چۇلۋۇرى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ تىزگىنى چەتنىڭ قولىدا...

قىلىچ ئۆزى ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى...

ئەل ئىچىدە قارىمۇ قارشىلىق باشتىنلا بار ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇ ئازايمىدى، بەلكى كۈچەيدى. سۇتۇق بۇغراخانغا قارشى گۇرۇھلار بىرنى يوقاتسا، يەنە بىرى چىقىپ تۇردى. تۆت-بەش يىلدىن بېرى يەنە بىر يېڭى قارشى گۇرۇھ پەيدا بولغان، بۇلار دىنىنى بايراق قىلىپ، قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئەنئەنىسىگە، بۇۋىسى بانتېكىنىنىڭ يولىغا قارشىلىق قىلغان تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈردى، يېتىمچى سۇباشىنىڭ بېشىنى ئالدى. ئاۋۋالقى ئوردۇ ئاغىسى ساۋۇق-بەگ ساقلىنىپ قالدى. كېيىن ساۋۇقبەگ ئۆلتۈرۈلدى، سۇباشىنىڭ

ئۇغلى ھاكاۋۇر قويۇپ بېرىلدى. يېڭى پىتنىچىلەر قوشۇلۇپ تۇردى. يېڭى چوڭ-چوڭ يەر ئىگىلىرى، بەردى بايغا ئوخشاش سۈتۈق بۇغراخاننى خەتەرلىك دەپ ھېسابلىغان چوڭ بايلار كېلىپ چىقتى. ئوردۇدا ئىككى "يىلان" ساقلىنىۋەردى: ئۇنىڭ بىرى، مۇلۇكدارلارنىڭ ۋەكىلى، يەنە كېلىپ خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى. ئۇنىڭ "دىۋانە دوستى" يوقالدى. لېكىن، يېڭى "دوستى" شەيخ جالالىددىن بىن سالاھىددىن دېگەن كىشى پەيدا بولدى. يەنە بىرى، ئىلگىرىكى چوڭ راھىب، كېيىنكى كاتتا مۇدەررىس، ئوردۇ دىنىي ئىشلار ئولچىسى بەگ بىلگە. ئۇ ئۆلگىلى ئىككى يىل بولدى. لېكىن، ئۇ تەييارلاپ كەتكەن ئىزباسار ئوغلى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشتى. بۇنى ياقلىغۇچى-لار ئانچە ئاز ئەمەس. بۇلارغا تاغ ئارقىسىدىن غايىب روھ مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ...

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى بىر كۈنى، ئوردۇ كېڭەشمىسىدىن قايتىشتا تېكىن ئاغىچى ئەتراپىغا بىر قارىۋېلىپ، يېنىدا كېتىپ بارغان ئوردۇ دىنىي ئىشلار ئولچىسى بەگ بىلگىگە: "بۇگۈن كەچقۇرۇن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، بىر يېڭى دوست بىلەن تونۇشىمىز" دېدى. بەگ بىلگە بېشىنى ئېگىپ قويدى، كېيىن ئۇلار ئايرىلدى. بەگ بىلگە يول بويى ئويلاپ ماڭدى: "ئۇنىڭ گېپى ئەجەب سىرلىققۇ؟! بۇ يېڭى دوست كىمدۇ؟..." ئۇ شۇنداق ئويلىدى، لېكىن ھەيران قالمىدى. "يېڭى دوست" نىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئۇ بىلەتتى، ئۇ ئۇنى كۈتەتتى. ساۋۇق ئۇنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكارى ئاۋۋالقى "دىۋانە"، كېيىنكى "خەتىب ئاخۇنۇم" يوقالدى. بەگ بىلگە "خىزمەت-كار" بىلەن كېيىنرەك تونۇشقان بولسىمۇ، كۆچلۈك ئىرەك تېپە-ۋالغانلىقىغا بەك خۇش بولغانىدى. ئاۋۋال ئۇنىڭ قانداق يوقىلىپ

كەتكىنىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشتى، كېيىن تېكىن ئاغىچى ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ قاتتىق ئەندىكىپ، ئۆچكە ساقىلى گىلدىڭلاپ كەتكەن، ئۆزىگە باغلاقلىق يىپنىڭ ئۇچى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك چۆچۈگەن. تېكىن خەزىنىچى "قورقماڭ، ئۇ چىنىڭ ئادەم ئىكەن" دېگەندىن كېيىن يۈرىكى بېسىلغانىدى. ساۋۇقبەگ ئولتۇرۇلگەندە، ئۇ ئۇنچە قورقۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭمۇ "چىنىڭ ئادەم"لىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. "خىزمەتكار" يوقالدى — تىرەك يىقىلدى، بۇ يامان بولدى. خەزىنىچىغۇ ھوقۇقدار ئادەم. ئەمما ئۇ كۈچلۈك تىرەك بولالمايدۇ-دە! شۇڭا ئۇ بىرەر "يېڭى دوست"نىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتەتتى.

كەچقۇرۇن بەگ بىلگە خەزىنىچىنىڭكىگە بارغاندا، قوۋۇق ئالدىدا تۇرغان بىرسى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كىرگەندىن كېيىن قوۋۇقنى ئاۋايلاپ ئېتىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. غۇۋا شام يورۇقى يورۇتۇپ تۇرغان ئايۋاندىن ئۆتكەندە، كۈتكۈچى بەگ بىلگىگە تونۇش بولغان تېكىن خەزىنىچىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىچكىرى كىرگۈزدى. ئۇ كىرىشى بىلەنلا بىر ئادەم ھاپىلا-شاپىلا يېنىغا قويۇلغان يوغان سەللىسىنى كىيدى، خەزىنىچى قوپۇپ بەگ بىلگەنى قارشى ئالدى:

— كەلسىلە، كەلسىلە جانابىي ئەلچى، — دېدى ۋە قوپۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان چوڭ سەللىلىك، چار ساقال ئادەمنى تونۇشتۇردى، — مانا بۇ كىشى يېقىندا باغداد شەھىرىدىن كەلگەن دوستىمىز شەيخ جالالىددىن بىن سالاھىددىن جانابلىرى بولىدۇ.

بەگ بىلگە مېھمان بىلەن ھاياجان ئىچىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مېھمانمۇ قول بېرىپ سەمىمىي كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن بىر خىل

ھاكاۋۇرلۇق سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ بەگ بىلگەنىڭ باش ئاپىشىغا
سەپىلدى. ئۇلچىنىڭ خۇشامەت كۈلكىسى ۋە ساقىلىنىڭ كىلدىڭ-
لاپ تۇرۇشى ئىيمىشقىدۇ ئۇنىڭغا ياقمىدى. "سەن مېنىڭ قولۇمدىكى
بىر ئوچۇم سېغىز لاي، نېمە خالىسام شۇنى ياسايمەن" دەيتتى ئۇ
كۆڭلىدە. كېيىن "بۇ لايدىن مەزمۇت نەرسە ياساشقا بولمامسىكىن"
دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدىن "لاپ" قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار
كۆرپە ئۈستىگە پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەگ
بىلگە ھىجىيىپ سۆز باشلىدى:

— ئۇلۇغ باغدات خەلىپەمىنىڭ يېنىدىن كەلگەن شەيخ ئەزەم
جانابلىرىنى خۇرسەنلىك بىلەن قارشى ئالىمىز.

— قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى ۋەزىر جاناب-
لىرى بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن زىيادە خۇرسەنمەن.

— بىز يەنە بىر باشچىغا ئىگە بولدۇق، بەگ بىلگە ئۇستاز، —
دېدى ئاغىچى ھىجىيىپ.

— بەك ياخشى. ئەدگۇ، ئەدگۇ. بىز مانا مۇشۇنداق دانا باشچىنى
ئۇزاقتىن بۇيان تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ كۈتكەنىدۇق.

— باشچى بولۇشقا ئەرزىمەيمەن، جانابىي ئولچى، ئاللا يولىدا!
دىن ئۈچۈن بولغان ھەققانىي كۈرەشلەردە ھەربىرلىرىگە ئاز-تولا
بولسىمۇ ياردەم قىلالىسام، پەۋقۇلئاددە خۇرسەنمەن. ئاللاھۇ تابارەك
ۋە تائالا پېقىر بەندىلىرىگە رەھمەت قىلغاي، ئامىن! — شەيخ
جالالىددىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇرلۇك قىياپەت بىلەن ساقاللىرىنى
سىلىدى. ئاۋۇ ئىككىيلەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلىشتى.

شەيخ جالالىددىن دۇئا قىلغاچ يەر ئاستىدىن بەگ بىلگىگە زەڭ-
سالدى، ئۇنىڭ روھىي ھاياجانلانغانلىقىنى كۆرۈپ، "چاڭگىلىمغا

چۈشۈپ بولدۇڭىزمۇ ئۇلچى؟» دېدى ئىچىدە.

خىزمەتچى چاي ئەكىردى، ئۇلار مەزەگە باقتى. كېيىن تاماق كىردى. ئۇلار تاماق يېگەچ پاراڭلاشتى، ئۇ ياندىن-بۇ ياندىن ئادەتتىكىچە داۋام قىلدى. بۇ قېتىم غەيرىي گەپ ئېچىلمىدى. ئاخىردا ئۇلار كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ ئايرىلىشتى. مېھمانلار يەككە-يەككە قايتىشتى.

بىر يىلدىن كېيىن بەگ بىلگىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باشلانغان مەدرىس پۈتتى. ئۇ دېگەندەك "كۆزىنىڭ ئۇچۇقىدا ئۆزى ياساتقان مەدرىسىنى كۆردى". خانلىق بىلىگ يۇرتتا ئۇستاز ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىلىگ ئىختىلاپلار كۆپەيگەندىن كېيىن، بەگ بىلگە مۇدەررىسلىكتىن قالغاندى. گايى ئوقۇغۇچىلارمۇ كەلمەي قويدى. بەگ بىلگە قېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ، ھاسىغا تايىنىپ يۈرۈشتىن باشقا ھەددىدىن ئارتۇق پالاقلاپ يۈرۈشكە ھالى يەتمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئوردۇ كېڭەشمىسىگىمۇ چاقىرىلمىدى. بۇغراخان ئۇنى "دەم ئالسۇن" دېگەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلچىلىقمۇ قولدىن كەتتى، بەگ بىلگىنىڭ بازىرى يوقالدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق بىر مەخسۇس مەدرىس بىنا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. خەزىنىچى تېگىن ئاغىچى ئۇنى قوللىدى. مەدرىس پۇلىنى "دىنغا سادىق" بايلار ئىئانە قىلدى. بەردى ياي بۇ قېتىم تۇيۇقسىز سېخى بولۇپ كېتىپ باشلامچىلىق قىلدى. ئاخىر مەدرىسمۇ پۈتتى. خانلىق بىلىگ يۇرتى بىلەن ئېلىشىدىغان مۇنبەر بارلىققا كەلدى.

مەدرىسنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كۈنى بەگ بىلگە ئىككى تالىپنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئۇششاق دەسسەپ

دوقاقلاپ مەدرىس ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ يەردە بايلار، سەللىسى يوغان بولسىمۇ بىلىدىغىنى ئاز موللىلار ۋە كونا-يېڭى ئالىملار بولۇپ ئىككى-ئۈچ يۈز كىشى بار ئىدى. يەنە ھەممىسى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ تۇرغان شەيخ جالالىدىنمۇ بار ئىدى. ئۇ يەردى باي بىلەن ئالدىغا چىقىپ بەگ بىلگىنى قارشى ئالدى.

مۇراسىم كۆڭۈلسىز، يىغا-زارى بىلەن دېگۈدەك ئۆتتى.

— مەن مۇقەددەس دىنىمىزغا قارشى بولغان دەھرىلەر بىلەن كۆرەش قىلىشقا چىنىمنى تىكىپ قويىدۇم، — دېدى بەگ بىلگە تىترەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار ئاپئاق ئۈچكە ساقىلىغا دومىلاپ چۈشەتتى. باشقىلارنىڭ بەزىلىرىمۇ كۆز يېشى قىلدى. بۇ قېرىنىڭ كالپۇكىنى ئۆمەللەپ، يىغلاپ تۇرۇپ كۆچەپ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتماي قويمايتتى. ئۇلارنىڭ روھىنى "سادافەت" دېگەن ئۇلۇغ نەرسە ئىگەللىۋالغان، ئەگەر مۇشۇ شەيخلەر قۇرئاننى تۇتۇپ ئۇلارنى بۇيرۇيدىغان بولسا، ئۇلار ئاللا يولىدا قۇربان بولۇشقا تەييار تۇرغان پىدائىلار ئىدى.

شەيخ جالالىدىن يەر ئاستىدىن ھىيلىگەر كۆزىنى يۈگۈرتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر توپ سادىق مۇرىتلىرىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى. بەگ بىلگىدىن بولسا ئۇ ھامان گۇمانلىناتتى. "ئۇ راستىنلا ئاللا-نىڭ سادىق بەندىسىمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىدە قانداقتۇر بىر سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ نەرسە ئۇنىڭ ئاغزىدا ئاللا، دىن، كۆڭلىدە مەنسەپ-ئابروي دەيدىغان مەككار سىرنى سەزدۈرىدۇ". "بەردى بايچۇ؟ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە پۇل-مال بېرىشچى، ئاللا، دىن ۋە كۆز ياشلىرى بولسا سېھىرگەرنىڭ ياغلىقىدىلا ئىبارەت..."، "مەيلى، ماڭا

كېرىكى — ئۇلارنىڭ غەزىپى، كالتىكى...ھە، لازىم بولغاندا، مېنىڭ خەنجىرىم ئۇلارنىڭ قولىدا قان تۆكۈشى مۇمكىن..." شەيخ جالالىددىن ئويلاپ، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ "سادىق مۇرىت"لارنىڭ كۆز ياشلىرىنى غەزەپكە ئايلاندۇرماق بولدى.

— جانابىي ھەق ئائالانىڭ سادىق بەندىلىرى! مۇقەددەس دىنىمىزنى كۆز ياشلىرى بىلەنلا ھىمايە قىلىپ قالغىلى بولمايدۇ...، — ئۇ بىرپەس تۇرۇپ بىر تۈرلۈك روھىي سېھىرلىك ئاۋاز بىلەن دېدى، — دەھرىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش، ئۇۋۇسىنى ئالقان قىلىش كېرەك. ئۇلار يەر يۈزىدىن تازىلانسۇن! — ئولتۇرغانلاردا جانلىنىش پەيدا بولدى. ئۇ ئاۋازىنى بىرئاز چۈشۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق ئۇستاز بەگ بىلگە ئالىيلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىز كېرەك. بۇ زاتنىڭ تەشەببۇسى ۋە رەھبەرلىكىدە بۇ مۇقەددەس مەدرىسىمىز بىنا بولدى...، — بىرمۇنچىلىرى بەگ بىلگە رەھمەت ئالامەتلىرىنى بىلدۈرۈشتى، — مەن بۇ مەدرىسىمىزگە "مەدرىس ئەزىم" دەپ نام قويۇشنى تەكلىپ قىلمەن. چۈنكى، بىزنىڭ مەدرىسىمىز ھەممە مەدرىسلەرنىڭ ئۇلۇغى بولغۇسى...

كۆپچىلىك "توغرا"، "بولىدۇ" دېيىشتى. ئۇلار شەيخنىڭ يېنىدا چاقچاقلىغىنىچە سەللە ئورىغان، قىياپىتىدىن سۇر يېغىپ تۇرغان قارا ساقاللىق بىر كىشىگە "نېمە دەركىن" دەپ قاراشتى. بۇ بولسا بەگ بىلگىنىڭ ئوغلى ئابدۇل جاپپار بىن بىلگە ئىدى. ئۇ بەگ بىلگىنىڭ ئالاھىدە تەربىيىلىشى بىلەن ئوبدان ئىزباسار بولۇپ يېتىشكەنىدى. ئۇ ئوتتۇز ياشقىچە قەشقەردە خانلىق بىلىگ يۇرتىدا ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسى بىر ئىلاجى قىلىپ

باغدادقا ئەۋەتىپ ئون يىل ئوقۇتتى. ئۇ ئەرەبچە، پارسچىنى ئوبدان بىلىدىغان، دىن قائىدىلىرىنى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى خېلى ئىگەللىگەن موللا بولۇپ قايتتى. ئۇ باغدادتىكى ۋاقتىدا شەيخ جالالىددىن بىلەن تونۇشقانىدى. كېيىنرەك دوست بولۇپ قېلىشتى. ئۇ ۋاقىتتا جالالىددىن ھېچبىر "شەيخ"كە ئوخشىمايتتى، بىر ئادەتتىكى ئىمام ئىدى. ئۇ ئابدۇل جاپپارغا ياخشى تەسىر بەردى. ئۇ قايتىشىدا جالالىددىن ئۆيىگە مېھمانغا ئېيتىپ ئۇزىتىپ "قەشقەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز" دېگەنىدى. ئابدۇل جاپپار شەيخ جالالىددىننىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان سىرلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى پايقىغانىدى. شۇڭا ئۇ چوڭ شەيخ ۋە ئۆلىما قىياپىتىدە قەشقەردە پەيدا بولۇپ قالغاندا، ئابدۇل جاپپار ھەيران قالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن "كونا دوست"لارچە ئۇچرىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي "بېكىنچە سىرلىق دوست" بولۇشتى. ئابدۇل جاپپار شەيخنى "ئۇلۇغ ئۇستازىم" دېسە، شەيخ ئۇنى "كەلگۈسى سەركەردە" دەپ، ئەمەلدە بىرى بىرىدىن پايدىلانسا، بىرى بىرىنى ئوينىتاتتى. ئۇلار بۇنداق ئويۇننى ئويناشقىلى تۇرغىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. شەيخ جالالىددىن پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرى دادىسىدىن كۆرە، ئوغلى ئابدۇل جاپپارغا چوڭ ئۈمىد باغلىغانىدى. ئابدۇل جاپپار باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشقا بىر جۈمە مەسجىدىگە خەتىپ بولدى. ئۇ دىن توغرىسىدا ۋەز ئېيتاتتى، كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ساددا دىل كىشىلەر ئىچىدە خېلى ئابرويغا ئىگە بولۇپ قالدى. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرقى سۆز ھېسابلايتتى. كېيىنرەك ئۇنىڭ ۋەزلىرى سىياسىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى.

— باغداد خەلىپەمىنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئۇستاز شەيخ

جالالىددىن بىن سالاھىددىن مەدرىس ئەزىمگە باش مۇدەررىس بولماقچى، بىز مۇنداق ئۇلۇغ پېشۋايىمىزنىڭ تەربىيىسىگە نائىل بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى شەرەپلىك ھېسابلايمىز، — دېدى ئابدۇل جاپپار شەيخكە قاراپ قويۇپ ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — پېقىر ئۇستاز شەيخنىڭ شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇستازغا ياردەم قىلماقچىمەن. ھەممىمىز بىر نىيەتتە بىلىم تەھسىل قىلىپ، مۇقەددەس دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئاللا يولىدا شېھىت بولۇشقا دائىم تەييار تۇرمىقىمىز كېرەك. بىز مەدرىسىمىزنى بىنا قىلىشقا ياردەم بەرگەن بەردى بايغا ۋە باشقا بايلىرىمىزغىمۇ تەشەككۈر بايان قىلىمىز...

— ئەزىمەيدۇ، — دېدى بەردى باي پۇشۇلداپ، — بىز بارلىق مۈلكىمىز، ھەتتاكى كېرەك بولسا جېنىمىز بىلەن دىنىمىزنى ساقلاشقا، دەھرىلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەييارمىز.

شۇنداق قىلىپ مەدرىس ئەزىم ئىش باشلىدى. بىر يىل ئۆتتى، ئىككى يىل ئۆتتى، ئۈچ يىل ئۆتتى... تالىپلار كۆپەيدى. بۇلارنىڭ كۆپرەكى خانلىق بىلىگ يۇرتىغا بېرىشنى خالىمايدىغان، ياكى بىلىگ يۇرتتىن ھەيدەلگەنلەر، بايلار، موللىلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئوقۇشنىلا خالايدىغان، باشقا ئىشلار بىلەن چاتىقى يوق ئادەتتىكى تالىپلارمۇ بار ئىدى. شەيخ جالالىددىن بىلەن ئابدۇل جاپپار بىر قىسىم روھانىي سەۋدايىلارنى تەييارلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار جۈمە نامازلىرىدىن كېيىن ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە تەرغىباتلار ئېلىپ باردى. بۇنىڭ تەسىرىمۇ ئاز بولمىدى. شەيخ جالالىددىننىڭ مۇرىتلىرى، دوستلىرى كۆپەيدى، ئۇ ئۆز ئىشىدىن رازى ئىدى. ئابدۇل جاپپار بولسا دادىسىنىڭ ئالدىنقى

يىلى ئۆلەر ئالدىدا: "...كۆزۈم يۇمۇلدى، ئەمما روھىم ئۆلمىگەي!" دېگەن سۆزىنى يادىدىن چىقارمىدى. ئۇ ھەر نامازدا دادىسىنىڭ روھىغا سېغىناتتى، دادىسىنىڭ روھى بولسا ئۇنىڭغا "مەدەت" بېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ قەشقەردە سۇتۇق بۇغراخانغا ۋە ئۇنىڭ خاندانلىقىغا قارشى يەنە بىر قارا كۈچ پەيدا بولدى...

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ يالغۇز ۋەز-نەسىھەت بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ-دە؟ شەيخ ئابدۇل جاپپار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىشنى خانلىق بىلىگ يۇرتىنى بۇزۇشتىن باشلاشقا قارار قىلدى. خانلىق بىلىگ يۇرتى ئۇلار ئۈچۈن دەھشەت ئىدى. ئىلىك بولسا ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ئىدى...

ئۇلار بۈگۈن ئابدۇل جاپپار بىن بىلگەنىڭ ئۆيىگە توپلىنىشتى. بۇنداق توپلىنىشلار ئادەتتە "زىياپەت" باھانىسى بىلەن بولاتتى. بۈگۈنكى "زىياپەت"كە ئابدۇل جاپپار، شەيخ جالالىدىندىن باشقا، بەردى باي ۋە ھاكاۋۇرمۇ قاتناشتى. ھاكاۋۇر سابىق سۇباشىنىڭ ئوغلى. ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش مەقسىتىدە ساۋۇقبەگنىڭ ئارقىسىغا كىرگەنلىكى، ساۋۇقبەگنىڭ ئۆيىدىكى "خىزمەتچى"دىن جىق مەدەت ئالغانلىقى، كېيىن، قاغىلىقتا كۆكيار مىڭباشىنىڭ توپىلاڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىپ بارغاندا يېڭىساردا قولغا چۈشكەن، كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ يېقىن دوستى، ئوردۇ خەزىنىچىسى تېكىن ئاغىچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. يەنە شۇ خەزىنىچىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈنەكتىنمۇ چىققاندى. باشلاپقى يىللىرى، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ دادىسىنىڭ مۈلكىنى باشقۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي ۋەيرانچىلىققا چۈشۈپ

قالغان بايلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مىڭلىغان تارىخچىلارنىڭ بويىنىغا يەنە دادىسىنىڭ كونا بويۇنتۇرۇقى سېلىندى. ھازىر ئۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى ياخشى باسقان داڭلىق ئېكىنا — چوڭ زېمىندار بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇغراخانغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۇنى ئۆچمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايلىقىغا قول تېگىدىغان بولۇپ قالدى. يۇقىرى سېلىق، چېرىك بېقىش يۈلى تۆلەش ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى بارغانچە كۈچىيىپ كەلدى، دادىسىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بەختكە يارىشا شەيخ جالالىددىن دەپ بىر پېشۋا پەيدا بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلگە ئاشسا ئۈمىد يوق ئەمەس...

— بەردى باي ۋە باي ئوغلىدەك تۈۋرۈكلىرىمىز تۇرغاندا، بىزگە ھەرقانداق دەھشەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، — دېدى ئابدۇل جاپپار ئۇ ئىككىسىگە خۇشامەت قىلىپ.

— جانابىي شەيخ جالالىددىندەك پېشۋايىمىز تۇرسا دېسلە، — دەپ قوشۇپ قويدى بەردى باي.

— خۇداۋەندە كېرىم سىزلەردەك سادىق بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى شەيخ ۋە تۆۋەنرەك ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلۇغ دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئاۋال دەھرىلەر تۈۋىسىنى پاچاقلاش كېرەك.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇل جاپپار خۇپىيانە قوترىتىش پۈرىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئاۋاز بىلەن، — خەزىنىچى ئاغىچى ئۆتكەن قېتىمقى مەسلىھەتىمىزگە قوشۇلدى. "ئاۋۋال قول-قانىتىنى قىرقىش كېرەك" دېدى ئۇ.

— تالىپلار چىقمۇ؟ — سورىدى باي ئوغلى ئەندىشە بىلەن.

— گەپ يوق، تالىپلاردىن باشقا ئۈزلىرى ۋە بەردى باي تەييارلىغان يىگىتلەرمۇ بار. يەنە، بازاردىن پۇلغا ئامراقلاردىنمۇ تەييارلىدۇق.

ئۇلار تەييارلىق پۈتكىنىدىن خۇرسەن بولۇشتى. تالىپلارغا شەيخ يەنە بىر قېتىم ۋەز ئېيتىپ بەرمەك بولدى. "دەھرىلەر ئۆۋىسى بۇزغۇلۇق!" دېگەن پىتنىنى يەنە بىر نەچچە كۈن كۆچەيتىپ، كېلەر جۈمە كۈنى، تالىپلار بىلىگ يۇرتتا يوق ۋاقىتتا ئىش باشلاشقا قارار قىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ خانلىق بىلىگ يۇرتىنى چېقىش يۈز بەرگەندى.

* * *

قىلچىنىڭ تەپسىلىي باياناتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان ئويلاپ قالدى.

— شۇنداق، بۇ تۇيۇقسىز بولغان ئىش ئەمەس. بۇ باشلىنىشى، تېخى ئۇلارنىڭ قىلغۇلۇقى جىق، — دېدى ئىلىك، — يىلان ئۆۋىسىدىن بېشىنى چىقاردى. ئەمدى ئۇ تولۇق چىقسۇن.

— توغرا گەپ، — دەپ قوشۇلدى خانىش ئايدىنىڭ، — ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى تاغ ئارقىسىدا، پاناھى ئوردىدا. ئۆتكەن قېتىمقىدەك يەنە بىر قەپەز ئويۇن ئويناشلىرى تۇرغان گەپ. بۇ ئىشقا شەھەر قارۇغچى ئىشلار باشلىقى كەنجىبەگ ۋە ئوردۇنباسارى قوچقارلار مەسئۇل بولسۇن.

— توغرا، ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى تاغ ئارقىسىدا. بۇ قېتىم بۇ ئالۋاستىنىڭ يۈز پەردىسىنى ئېچىش كېرەك.

— ياخشى گەپ، — دېدى بۇغراخان ۋە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى.

## ئىككىنچى باب

# بىلىنگ قۇت بېرۇر

خانلىق. بىلىنگ يۇرتىنىڭ ئۇلى بارغانچە چىڭىدى. ئۇ ئالىملار ماكانىغا، بىلىم ئۇچىقىغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئۇلىنى لىگشتىشقا ئۇرۇ- نۇش، بۇ "ئۇچاق"تىكى چوغ يالقۇنى بىلەن ئۇيىنىشىش خەتەرلىك ئىدى. مەككار، ماشايىخلار، ھەييار بايلار بوۋىلىرىنىڭ روھىنى قىچقى- رىپ ھەرقانداق دۇرۇد ئوقۇمىسۇن، چوغ يالقۇنى كۈچىيىۋەردى، بارغانسېرى ئۇزاقلارغا تارىلىۋەردى. بۇ بىلىنگ يۇرتى ئەمدى يىگانە تىكىلگەن دەرەخ بولماستىن ئۇنىڭ كۆپلىگەن شاخلىرى ئۆسۈپ چىقتى ۋە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئىلىم-مەرىپەت قانات يېيىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئەل سىرتىدىن بىلىم ئىزدىگەنلەر بارغان- سېرى كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن نادامەت چەككەن تەتۈرلەرنىڭ كۆزىنى ياشلىدى.

بىلىنگ يۇرتىنىڭ دەرسخانىسى كېڭەيتىپ ياسالدى. ئارقىدىكى باغنىڭ چۆرىسىگە ئايلاندۇرۇپ مۇدەررىس ۋە تالىپلار ئۈچۈن ھۇجى- رىلار بىنا قىلىندى. ھازىر ئەمدى بىلىنگ يۇرتىدا ئۈچ-تۆت يۈز ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئەلنىڭ يىراق-يېقىندىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا بىلىم ئالغان ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپ يۇقىرى بىلىم ئېلىپ قايتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىلىكخانىلار ئاستا-

يىلىرىدە ۋە باشقا شەھەرلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇ. يالغۇز ئەرلەرلا ئەمەس، كۆپلەپ خاتۇن-قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇپ تۇردى. ئاستانىدە "خاتۇنلار بىلىگ يۇرتى" دەپ ئاتالغان مەخسۇس بىلىگ يۇرتى بارلىققا كەلدى. خانلىق بىلىگ يۇرتىنىڭ تارمىقى ھېسابلانغان بۇ بىلىگ يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ چىققان خاتۇن-قىزلاردىن ئاتاقلىق بىلىم ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقماقتا. ئۇلارمۇ ئەرلەر بىلەن بىللە ئەلنىڭ ئايماقلىرىدا بىلىم-مەرىپەت تارقاتماقتا.

شۇنداق قىلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئىلگىرى سېلىنغان ئۇل ئاساسىدا يېڭى، كەڭ، چوڭقۇر، يۈكسەك ئىلىم-مەرىپەت دەۋرى — ئۇلۇغ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تارىختىكى گۈللەنگەن دەۋرى باشلاندى. ئۇ بارغانچە ئۇلغىيىپ، ئەجدادلارنىڭ تىلىكى، ئۇلۇغ ئالىم فارابىنىڭ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشماقتا ئىدى...

تۆت-بەش يۈز كىشى سىغىدىغان كەڭ-ئازادە دەرسخانىدا، ئۈچ يۈزدەك ئوقۇغۇچى شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا دەرس مۇنبىرىگە ئالدىلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى ۋە ئىلىك ئۇستازنى كۈتۈشەتتى. ئۇلار ئەزەم مەدرىسىنىڭ كالتەكچىلىرىنىڭ خانلىق بىلىگ يۇرتىنى چاققانلىقى توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۇستازى ئىلىكنى ئۇرغانلىقى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بەزىلەر غەزەپلىنىپ: "ئۇلار چاقسا بىز چاقمامدىكەنمىز، بىز ئۇرالمامدىكەنمىز، بىز مۇشۇنداق بوزەك بولۇپ يۈرىۋېرىمىزمۇ؟!" دېسە، بەزىلەر "بىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويمىساق بولمايدۇ!" دەيتتى قايناپ. بىرسى ئىككىلەنگەندەك قويۇپ: "ئۇلارنىڭ چاققىنى، ئۇرغىنى توغرا ئەمەس. لېكىن، بىزنى 'دەھرى' دېگەنلىكىنى ئويلىشىش كېرەك" دېدى پەسرەك ئاۋاز بىلەن. "بۇ گەپمۇ راست" دېدى بىرى ئوتتۇ-

رىدىن، قويۇپ. "سىلەر، بىز دەھرى، شۇڭا ئۇلار توغرا قىلدى، دېمەكچىمۇسىلەر؟ — دېدى ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان قارا ساقال-بۇرۇت-لۇق بىر يىگىت قايناپ، — ئانداق بولسا، ئالدىغا بېرىپ سەجدە قىل، ئۇلار دۇمبالاۋەرسۇن!" چوڭ گەۋدىلىك يەنە بىر ئوقۇغۇچى قوپۇپ: "ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى دەھرى. دىن نامى بىلەن دىنغا بۇز-غۇنچىلىق قىلماقتا. ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بۇرمىلى-ماقتا، بىزگە تۆھمەت قىلماقتا. ئۇلارنى قوللايدىغانلار بىزنىڭ ئارى-مىزدىن كەتسۇن!" دېدى ۋارقىراپ-تىترەپ ۋە ئۇ مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈردى. "توغرا گەپ، ئۇنداق پىتنىچىلەرگە يول قويماي-مىز!"، "ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى بىزنىڭ بىلىگ يۇرتىمىزنى بۇلغىماي بۇ يەردىن كەتسۇن!" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

كۆپچىلىك ئالدىنقى ئۈچىنچى قاتاردىكى بىرسىگە قارىشاتتى. ئۈچىنچى قاتاردىن بىر ئوقۇغۇچى سالماقلىق قوپتى ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ سۆز باشلىدى:

— قاداشلار، كىم دىنىمىزنى قوغدىغۇچى، كىم دەھرى؟ بۇنىڭغا ئىش يۈزى جاۋاب بەرسۇن. "كالتەكچىلەردە گۇناھ يوق" دېدى ئۇستاز ئىلىك. بۇ راست گەپ. گۇناھ، كالتەك تۇتقانلاردا، — ئۇ بىرپەس ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — ئۇلۇغ ئۇستاز فارابىنىڭ بىر شېئىرى ئېسىڭلاردا باردۇ، بەلكىم:

ئەي قېرىنداش خالى تۇر، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا،
ھەق-ئادالەتنىڭ قېشىدىن سەن ماكان تۇت دائىما.

بىز ناھەقتىن قېچىپ، ئۇنىڭغا ئېغىشماي قارشى تۇرساق، ھەق-ئادالەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمىساق بولغىنى. ھەرقانداق ناھەقلىق، ئادالەتسىزلىك ئاخىر يېڭىلىدۇ، ئۇلار بىزنى يامان دەپ

تىللايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ياماللىقىنى كۆرمەيدۇ، ياكى يوشۇرىدۇ "يىلان كەندو ئەگرىيىن بىلمەس، تۆۋە بويىن ئەگرى تىر"① دېگەن ئەمەسمۇ ماقالدا. ئەگرى بىلەن تۈزنى كىشىلەر ئايرىۋالالايدۇ... بىزنىڭ ساۋاقداشلىرىمىز ئارىسىدا قارشى پىكىردە بولغانلارنىڭ بولۇشى يامان ئىش ئەمەس. بۇنداق پىكىرلەر ئىشنى ئالقىشلاشقا، ئېنىقلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار ئاخىر ھەق بىلەن ئادالەتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. بەزىلەر بىلىشنى خالىماي كالتەكچىلەر ياققا ئۆتۈپ كەتسىمۇ مەيلى. ياكى قايتىپ كېلىدۇ، ياكى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇنداقلارنىڭ جېنىغا ۋاي...

ئوقۇغۇچىلاردا جانلىنىش پەيدا بولدى. "ئاداش تېكىن راست دەيدۇ" دېيىشتى.

ئاداش تېكىن ئالىملىقتىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ياخشى ئۆگەندى، بەك چاپسان ئۆستى. بىر يىل ئۆتمەي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاداش بولۇشۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇنى ئوقۇلداشلار يېقىن كۆرۈپ "ئاداش تېكىن" دەپ ئاتايتتى. ئۇنى ئوقۇلداشلار باشلىقى قىلىپ كۆتۈرگەندە، ھەممىسى ھەتتا پىكرى ئوخشىمايدىغانلارمۇ چاۋاك چېلىشقا-ندى. ئۇ تالاشلاردىكى چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرەتتى، ياكى ئۇستازلارنىڭ يېشىپ بېرىشىگە سۇناتتى. ئۇستازلار ئۇنىڭ يەشكە-نىگە قوشۇلاتتى ۋە ئۇنى ماختىشاتتى. بولۇپمۇ ئۇستاز ئىلىك ئاداش تېكىننى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا چوڭ ئۈمىد باغلايتتى. ئۇمۇ ئۈمىدكە لايىق ئۆسمەكتە ئىدى. ئاداش تېكىن يەنە سۆز قىلماقچى ئىدى، ئىشىكتىن ئىلىكنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

---

① يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگىنىڭ بويىنىنى ئەگرى دەر.

ھۆرمەت ئالامىتى بىلەن ئۇ ياققا قاراپ توختاپ قالدى، ئوقۇغۇچىلار بۇرۇلۇپ، كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان ئۇستازىنى كۆرۈپ «گۇررىدە» قوپۇشتى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇستازدىن ئالماي، ئۇنىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىپ باشلىرىنى ئاستا بۇراشتى. كېيىن ئالدىغا قاراپ تەق تۇرۇشتى. ئۇستاز دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ «ئامان قاداشلار!» دېگەندىن كېيىن، ھەممىسى بىر ئاۋاز بىلەن «ئامان ئۇستاز!» دېيىشتى. ئۇستاز ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بىلىگ يۇرتىنى چىقىش ۋەقەسىدىن كېيىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن قەدىردان ئۇستازىغا سەممىيەت بىلەن تەلمۈرۈشتى.

— ئاداش تېكىن، سۆزىڭىزنى نېمىشقا توختاتتىڭىز؟ — دېدى ئىلىك ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىسىغا قاراپ.

— ياق، مۇنداقلا، — دېدى ئۇ تارتىنچاقلىق بىلەن، — ئوقۇلداشلار بىلەن ئۆتكەن ھەپتىدىكى ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىۋاتقاندۇق.

— ئاداش تېكىن سىزلەرگە قانداق جاۋاب بەردى؟ — سورىدى ئىلىك ئوقۇغۇچىلاردىن.

— ئەدگۇ سۆز قىلدى، — دېدى ئوتتۇرىدىن بىر ئوقۇغۇچى قوپۇپ، — ھەق-ئادالەتتە چىڭ تۇرماق كېرەك.

— توغرا گەپ، ھەق-ئادالەتتە چىڭ تۇرماق كېرەك، — دېدى ئىلىك قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، — لېكىن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، شۇنداق چىڭ تۇرۇش كېرەككى، ھەرقانداق بوران-چاپقۇن سېنى يىقىتالمىسۇن، لىڭشىتالمىسۇن. ھەق-ئادالەتكە قارشىلار بىلەن بەك ئېغىر ۋە چوڭ چېلىشىش بولىدۇ. بۇ چېلىشىش يولىدا كىم مەزمۇت

ماڭالسا، شۇ بودۇننىڭ پالۋىنى بولىدۇ. ئۇ ئۆلسىمۇ، ئاتى ئۆلمەيدۇ. يامانىڭ كۆزگۈسىدىن ئۆزەڭنىڭ ياخشى چىرايىنى كۆرەلەيسەن. بۇ دۇنيا، ياخشىنىڭ يامان بىلەن، يېڭىنىڭ كونا بىلەن كۆرىشىدە ئۆزگىرىدۇ، ئالغا باسىدۇ. يامانلار ياخشىلارنى، كونىلار يېڭىلارنى تىللايدۇ، ئۇرىدۇ، چاقىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ئەمما ياخشىلار، يېڭىلار تۈگەپ كەتمەيدۇ، بەلكى بارغانچە كۆپىيىدۇ ۋە ئۆسىدۇ. ئاخىر ئۇلار ئۈستۈن بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولمىغاندا، دۇنيا، ئالەم ئۆزگەرمىگەن بولاتتى، ئۆسمىگەن بولاتتى، بەلكى بۇ قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. مانا بۇ — دۇنيانىڭ، ئالەمنىڭ، بارلىقنىڭ، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى...

"تۆۋەنلەشنىڭ بولۇر ئەۋجى ھامان،
يوقىتىش بولغاي ئۇرۇشتا دائىمان"

تۆۋەنلەش — كۆتۈرۈلۈش، يەنە تۆۋەنلەش — يەنە كۆتۈرۈلۈش. مۇشۇنداق تەكرارلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر تەكراردا بىر ئۆرلەش بولىدۇ. بۇنداق تەكرارلىنىش — كۆرەش دېگەن سۆز. كۆرەشتە يوقىتىش بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بۇنداق يوقىتىشلار بەدىلىگە تېخىمۇ يېڭى ۋە يۈكسەك ئۆرلەشلەر پەيدا بولىدۇ. قارشىلىق قانچە چوڭ بولسىمۇ ئالغا بېسىشنى، يوقىتىش قانچە ئېغىر بولسىمۇ ئۆرلەشنى توسالمايدۇ، بەلكى ئۇنى كۈچەيتىدۇ، ئالغا سۈرىدۇ. بۇ قارشىلارنىڭ تىلىكىنىڭ تەتۈرىچە بولىدۇ. ھەقىقەت پارقىرايدۇ، ھەقسىزلىق گۇم بولىدۇ...

ئوقۇغۇچىلار بارلىق ھېسسىياتى بىلەن بېرىلىپ ئۇستازىغا كۆز تىكىپ، ئۇستازىنىڭ بۇ كارامەت سۆزلىرىنى دىلىغا بېكىتىۋېلىشقا تىرىشاتتى ۋە ئالدىراپ ئالدىدىكى دەپتىرىگە پۈتۈشەتتى. ئىلىك

بارغانسېرى جانلىنىپ سۆزلەيتتى.

— بۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى خەلقچىللىق، ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق توغرىسىدا كۈرەش قىلىپ يۈكسەك تەپەككۇر ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان قەدىم يۇنان پەيلاسوپلىرى ھېراكلىت، دىموكرىت، پلاتون، ئارىستوتېلدەك ئۇلۇغ ئالىملار قارشىلىق، ھاقارەت ۋە ئۆلۈم خەۋپىگە ئۇچرىغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەلىملىرى بارغانچە ئۇرلىنىپ كېڭەيمەكتە...، — ئىلىك ئۇستاز بىرپەس دېمىنى ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىككى زىت نەرسە بىر-بىرى بىلەن دائىم كۈرەش قىلىدۇ، ئاخىر بىرىنى بىرى يېڭىدۇ، بۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقىدۇ. بۇنداق نەتىجە گايىدا تەتۈر بولىدۇ. ئەمما، ئاخىرقى نەتىجە ئۇ، ياخشى بولىدۇ. گەپ، ھەق قايسى تەرەپتە؟ شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەق ھامان يېڭىلىق تەرەپدارلىرى تەرەپتە بولىدۇ. يېڭى كونىنى باسىدۇ، مۇشۇنداق بېسىشلار بىلەن يېڭى قەدەممۇقەدەم يەنە يېڭىلىنىپ، ئۇلغىيىپ ئۆسۈۋېرىدۇ... سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدا زىتلىق بارمۇ، يوق؟

— يوق، — دەپ جاۋاب بەردى بىر ئوقۇغۇچى.

— نېمىشقا؟

— سىز ئۇستاز، بىز ئوقۇغۇچى. بىز ئوقۇشنى خالايمىز، سىز بىزگە ئۆگىتىسىز، تالاش يوق.

— بۇنداق ئەمەس دوستۇم، زىتلىق بار. ئۇ بىلگىلىك بىلەن بىلگىسىزلىكنىڭ زىتلىقى. بىزدە ئارىلىق بار، پەرق بار. مۇشۇ پەرقنىڭ ئۆزى زىتلىق. شۇڭا بىزنىڭ ئارىمىزدا كۈرەش بولىدۇ. ئاخىر بىلگىمىز تەڭلىشىدۇ، ئىككىمىز يېقىنلىشىمىز، پەرق يوقىلىدۇ. ياخشى نەتىجە چىقىدۇ، بۇ ئاددىيراق مىسال. يەنە بىر مىسال: ئەزىم

مەدرىسى بىلەن بىزنىڭ بىلىڭ يۇرتىمىز ئارىسىدا زىتلىق بار. بۇ زىتلىقنىڭ تېگى باشقىراق — بىر-بىرسىنىڭ تەتۈرى. ئۇلار بىزنى "دەھرى" دەيدۇ. بىزنى مۇشۇ نام بىلەن ئابرۇيسىزلاندۇرۇپ موللاق ئاتقۇزماقچى. بىز ئۇلارنى كونىچى، ئەل ئارزۇسىغا قارشىلار دەيمىز. ئۇلار بىزنى يامان دەيدۇ، بىز ئۇلارنى يامان دەيمىز. ئارىمىزدا تالاش-كۆرەش بولىدۇ. ئۇلار بىزنى تىللايدۇ، بىلىڭ يۇرتىمىزنى چاقىدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق ئىشلارنى قىلىدۇ. بىز تىللىمايمىز، ئۇرمايمىز، ھەقنى سۆزلەيمىز. ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ، بىز يېڭىمىز، زىتلىق تۈگەيدۇ. ئەمما، باشقىچە زىتلىق، يېڭى چىققان كونىچى "ئەزىم مەدرىسى" بىلەن، يېڭىچە ئۆسكەن "خانلىق بىلىڭ يۇرت" ئارىسىدا، باشقا تون كىيگەن "ئابدۇل جاپپار" بىلەن، جىقراق ھەقىقەتكە ئىگە بولغان "ئىلىك" ئارىسىدا تالاش، كۆرەش داۋام قىلىدۇ... ھەقسىزلەر مۇشت ئاتىدۇ، ھامان ئۇتىلىدۇ. ھەقلىقلەر يول سۆزلەيدۇ، ھامان ئۇتىدۇ. بۇنى بۇدۇن "ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ، ئېگىلسىمۇ، سۇنمايدۇ." دەپ خۇلاسىلىغانغۇ؟...

ئىلىك بۈگۈن دەرسنى ئۇزۇنىراق سۆزلىدى. بۈگۈنكى دەرس پەلسەپە ئىدى. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قارىمۇقارشىلىقنىڭ ھەممە نەرسىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدا كۆرەش بولىدىغانلىقىنى، ئاخىر بىرلىككە كېلىپ ياخشى نەتىجە چىقىرىدىغانلىقىنى، لېكىن، يېڭى زىددىيەت پەيدا بولىدىغانلىقىنى، ھەق-ئادالەت ۋاقىتلىق يېڭىلسىمۇ ئاخىر ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈردى. ئۇ بۇ دەرستە يەنە، بالىلارنىڭ غەرەپسىلەن ئالدىراپلا ئۆچكە ئېلىش، چېقىشقا چېقىش بىلەن جاۋاب

بېرىش كويىغا كىرىپ قالماسلىقنى مەقسەت قىلغانىدى. ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىپادىلىرىگە قارىغاندا، بۇ مەقسىتى ھەل بولغانغا
ئوخشايدۇ.

— ئاراڭلاردا پىكىر ئوخشىماسلىق بولۇشى ياخشى ئىش، — دېدى ئۇ، — ئوخشىماسلىق بولسا تالاش بولىدۇ، تالاش بولسا ھەق-ناھەق ئايرىلىدۇ، كۆزىمىز يەنىمۇ روشەن بولىدۇ. تالاشقىلار، چوڭقۇر تالقىلاڭلار. بىراق، تالىشىش بىلەن يىراقلىشىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئوقۇلداشلاردا ياردەملىشىش، بىرلىك بولۇشى كېرەك... بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە سۆزلىشەيلى.

ئۇستاز ئورنىدىن قوپتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ قوپۇشتى ۋە بۇرۇلۇپ ئۇستازى تا ئىشىكتىن چىققىچە ھۆرمەت بىلەن جىم تۇرۇشتى.

* * *

"خاتۇنلار بىلىگ يۇرتى"نىڭ باغ ھويلىسى، كەچ كۈزكى قۇياش شولىلىرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قىزىل ياپراقلاردا پارقىرىماقتا. دەرەخ تۈۋىلىرىدە، ئېرىق بويلىرىدا توپ-توپ بولۇپ چوخچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى قىز-خاتۇنلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى تاراپ، ئالمىدەك قىزغۇچ مەڭىزلىرىنى سۆيمەكتە. ئۇلار ئىلىك ئۇستازنىڭ ئۆتكەن ھەپتە خانلىق بىلىگ يۇرتىدا پەلسەپە دەرسىدە سۆزلىگەن سۆزىنى ئوقۇماقتا. ئۇ سوزنى ئاداش تېكىن خاتىرىلىۋېلىپ باستۇرغانىدى. بۇنى سۇتۇق بۇغراخان كۆرۈپمۇ بەك تەسىرلەنگەن ۋە "ئىلىك راستىنلا ئۇلۇغ ئۇستاز" دېگەنىدى. خانىش ئايدىڭ يۇلتۇزغا: "بەك ئەدگۈ سۆز، خان خۇش بولدى. سىزنىڭ بىلىگ يۇرتىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوبدان ئوقۇسۇن" دەپ تاپىلىغان، يۇلتۇز تۈنۈگۈنكى

تارىخ دەرسىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ سۆزنى ياخشى ئوقۇشنى تاپشۇرغانىدى.

يۇلتۇز ئەپارگۈل بىلەن باققا كىرىپ كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى.

— ئامان، ئاداشلار! — دېدى يۇلتۇز كۈلۈمسىرەپ.

— ئامان، ئۇستاز! — دېيىشتى ئوقۇغۇچىلار ياڭراق ئاۋاز بىلەن.

— ھە، ئوقۇۋاتقىنىڭلار نېمە؟ — دېدى يۇلتۇز ياڭاق دەرىخى ئاستىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن بېسىلغان دەرسلىكنى ئېلىپ دېدى، — ھە، ئۇستاز ئىلىكنىڭ دەرسى، قانداقكەن؟

بارغانچە كۆپەيگەن ئوقۇغۇچىلار ۋارقىرىشىپ كەتتى: "ۋاي، بەك ياخشى"، "ئەدگۈ، ئەدگۈ" "بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئۇستاز ئىلىك يەنە بىر قېتىم ئاچتى"...

— سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدا زىتلىق بارمىكەن؟

— بار، — دېدى بىر پاكار، چىرايلىق قىز ئالدىغا ئۆتۈپ، — مەن پاكار، سىز ئېگىز.

ھەممىسى ۋارقىراپ كۈلۈشتى. بۇ خۇش چاقچاق قىزنى يۇلتۇز ياخشى كۆرەتتى.

— ئېگىز، پەسلىكمۇ بىر زىتلىق، — دېدى يۇلتۇز پاكار قىزنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، — لېكىن بۇ بىر خىل ئادەتتىكى ئوخشىماسلىق. بىزنىڭ ئارىمىزدا چوڭراق زىتلىق بار، سىلەر بىلگىلىك بولۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارسىلەر، ئىستىكىڭلار چوڭايماقتا. مېنىڭ بىلگىم يەتمەيۋاتىدۇ. ئىستەك بىلەن ئىستەكنى قاندۇرالماسلىق — بۇ زىتلىق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، ئوقۇلداشلار، دۇنيانىڭ ئۆزى بىر-بىرىگە

قارشى بولغان زىتلىقلار بىلەن تولغان، زىتلىق بولمىسا، دۇنيا بولمىغان بولاتتى. بىزمۇ بولمىغان بولاتتۇق... ھە، بۇ گەپلەر توغرى- سىدا ئۇلۇغ ئۇستاز ئۆتكەن دەرسىدە ياخشى سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى پىششىق ئۇقۇش كېرەك. ئۇ يەنە سىلەرگە بۇ توغرىدا جىق سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز ئۆز دەرسىمىزنى ئوقۇيلۇق، يۇرۇڭلار،

ئوقۇغۇچىلار يۇلتۇز بىلەن ئىپارگۈلگە ئەگىشىپ دەرسخانىغا كىرىشتى.

يۇلتۇز تارىخ دەرسىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئوقۇغۇچىلار سۆيۈملۈك ئۇستازىغا مېھرىبانلىق بىلەن نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ دەرسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا.

يۇلتۇزنى ئوقۇغۇچىلار چىن كۆڭلىدىن سۆيەتتى. ئۇنىڭ ياخشى دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم تونا- لايدىغان بىر ئەرباپ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرەتتى. يۇلتۇز راستىنلا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ يېتىشكەن بىر ئۇيغۇر خاتۇن ئالىمى بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆتكەن يىگىرمە بەش يىلدىن ئارتۇق ھاياتى، ئۇنى ناۋلاپ يېتىشتۇرگەن جەڭگىۋار ھايات بولدى. ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ ئىناق دوستلىرى سۇتۇق، ئايدىڭ، ئارسلان بىلەن بىللە ئوينىپ، بىللە ئوقۇلدا ئوقۇپ چوڭ بولدى. كېيىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىپ سۇتۇقنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ خاندانلىق ئوردى- سىنىڭ چېرىك ئولچىسى ئارسلانغا تەگكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىتىك- چىلىكىنى قىلىپ يېقىندىن ياردەملەشتى. ئۇ يالغۇز ئارسلاننىڭلا ئەمەس، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ، ئايدىڭنىڭمۇ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇنى ئوردىدىكىلەر قەدىرلەيتتى. خان ئانا-

تەركىن بېگىم بولسا ئىككى-ئۈچ كۈن ئۇنى كۆرمەي قالسا قىچقىرد-
ۋالاتتى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان خۇمار
كۆزلىرىگە، سۈزۈك لەۋلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ چۈچۈك ۋە مەنىلىك
سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. باتۇرناغا ھايات ۋاقتىدا ئايدىڭ بىلەن ئوخشاش
ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى. ئۇ، يۇلتۇزنىڭ چاققان ۋە چىرايلىق قامىتىگە
قاراپ زوقلىناتتى، ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ئارمانلىرىنىڭ
يالغۇز قىزىنىڭ كۆرەش ئەمەلىيىتىدە ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خۇش
بولاتتى. ئايدىڭ بولسا كىچىك چېغىدىكىدەكلا بۇ ئالىم دوستىنى
ياخشى كۆرەتتى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى ئايدىڭنىڭ ئادىشى بولغان-
لىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، خاندانلىقىنىڭ بىردانا ئەربابى بولغانلىقى
ئۈچۈن پەخىرلىنەتتى. يۇلتۇز تىرىشىپ ئىشلەيتتى ھەم تىرىشىپ
ئوقۇيتتى. ئۇ، ياش ۋاقتىدىن تارتىپ تارىخ دەرسىگە قىزىقىدىغان،
تارىخچى ئالىم بىلگە تېكىننىڭ دەرسىنى مەكتەپتە قىزىقىپ ئاڭلاش
بىلەن قالماستىن، كەچلىرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قوشۇمچە دەرس
ئالىدىغان، سوئاللىرىغا جاۋاب ئالىدىغان ۋە تارىخىي ھېكايە-قىسسە-
لەرنى ئاڭلايدىغان، شۇنداق قىلىپ، ئوقۇپ-ئىزدىنىپ، تارىخ
ئىلمىدىن يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئالىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ
چېرىك بىلىمىنى ۋە چېرىك مەشقىنىمۇ قىزىقىپ ئۆگىنەتتى. ئالدىنقى
يىللىرى سامانىلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە قارشى چېرىك تەييارلىقى
باشلانغاندا، ئۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەستىقى بىلەن "قادىنلار
قوشۇنى" قۇرۇپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇرۇش توغرىسىدىكى
جىددىيلىك بىرمەھەل پەسەيگەندىن كېيىن، بىلگە تېكىننىڭ تەكلىپى
بويىچە "خاتۇنلار بىلگە يۇرتى"نىڭ باشلىقى ۋە تارىخ ئۇستازلىقىغا
تەيىنلەندى. يېقىندىن بېرى بىلگە تېكىن قېرىغانلىقتىن، دەرس

بېرەلمەس بولۇپ قالغاچقا "خانلىق بىلىگ يۇرتى"دا ئۇنىڭ دەرس-
نى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ يۇلتۇز داڭلىق تارىخ
ئوقۇتقۇچىسى ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستاز بولۇپ قالدى...

بۈگۈن يۇلتۇز ئوقۇغۇچىلارغا تارىختىن خېلى ئۇزاق سۆزلىدى.

— بىزنىڭ ئۇيغۇرلار قەدىمىي ئۇلۇس، — دەپ سۆزىنى يىراقتىن باشلىدى يۇلتۇز، — بۇ ئۇلۇسنىڭ چىقىش قەبىلىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار بۇنىڭدىن بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى ئۇلۇس بولۇپ ئۆز ئۇيۇمىنى قۇرغان. ئۇلار باشقا قاداش قەبىلىلەر بىلەن بىللە بالقاش كۆلى، ئالتاي تاغلىرى، ئىلى دەريا بويلىرى، يەتتەسۇ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، پامىر، كوئېنلۇن ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. كېيىن ئۆزگەن، شاش، سەمەرقەنت، بۇخاراغىچە بارغان ۋە سىر دەريادىن ئۆتۈپ ئامۇ دەرياغىچە يېتىپ بارغان...

يۇلتۇز ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى ۋە باشقىلار توغرىسىدا توختالدى. "ئۆز ئۇلۇسىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن كىشى ئۆز ئۇلۇسىغا خىزمەت قىلالمايدۇ" دېدى ئۇ سۆزىنى خۇلاسىلەپ.

يۇلتۇز باشقا قوشنا ئەللەردىن ھونلار، چىنلار، كىدانلار، تۈبۈتلەر ۋە چەت ئەللەردىن ئەرەب، يۇنان، مىسىر، ھىند تارىخىدىنمۇ دەرس بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى بەك قىزىقىپ ئاڭلايتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ دەرسنى ھەم تەسىرلىك ھەم ھاياجان بىلەن، ھەم نەپرەت، ھەم شەپقەتلىك قىزىقىش بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ دەرسى ئوقۇغۇچىلاردا ئۈمىد، ئۇمتۇلۇش، كۈچ پەيدا قىلاتتى.

خانلىق بىلىگ يۇرتىدا ۋە خاتۇنلار بىلىگ يۇرتىدا ئىلىم

نۇجۇم، ھېسابتىن باشقا، دۆلەت دىنى ھېسابلانغان ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى دەرس ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ دەرس ۋاقتىدا قەشقەردە يېتىشكەن، چەتتە ئوقۇپ كەلگەن ئالىملار دەرس ئېيتاتتى. قەشقەر بۇ چاغدا دىنىي ئۆلىمالار يېتىشتۈرىدىغان بىر ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغانىدى. دائىملىق دىنىي دەرسنى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇل پەتتاھ بىلەن بىر چاغلاردا ئەبۇ نەسىر بىلەن بىللە سۇتۇقنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا قاتناشقان نىشاپۇرلۇق ئۆلىما ئوبۇل ھەسەن مۇھەممەد كارامەت بېرەتتى. ئەبۇل پەتتاھ ئاۋال دادىسىدىن، كېيىن مەدرىسىدىن ئوبدان دىنىي تەھسىل ئالغانىدى. ئارىلىقتا باغدادقىمۇ بېرىپ كەلدى. كېيىن قەشقەر جۈمە مەسجىدىگە خەتىپ بولدى.

ئۇ ئۆلىمالىقتا ئابدۇل جاپپاردىن بىلگەدە قېلىشمايتتى. ئۇ مولايىم، ياۋاش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىرلىرىگە قولاق سالىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى يامان كۆرمەيتتى. ئەبۇل پەتتاھ جۈمە مەسجىدىگە خەتىپ بولغاندا مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇغاندا، ئانچە قېينالمايتتى. ھەممە جامائەت ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىدۇ. گاھىدا خۇتبە ئوقۇغاندا، جامائەت ئارىسىدا مىشىلداپ يىغلىغانلارمۇ بولىدۇ، يىغلىغۇچىنىڭ يىغىسى خۇتبىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، ئۇنىڭدىكى روھانىي كۈچىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى خەتىپ ياخشى بىلەتتى. ئەبۇل پەتتاھ خەتىپ جۈمە مەسجىدىگە ئەركىن، خۇشال بېرىپ قايتاتتى. ئەمما بىلىك يۇرتىدا دەرس ئۆتۈش ئۇنىڭغا ئاسانغا چۈشمەيتتى. ياشلارغا دىنىي تەلىم بېرىش مۇقەددەس ۋەزىپە، بۇنىڭدىن ئۇ خۇش ئىدى. لېكىن ئۇنى قىينايدىغىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل سوئاللىرى ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئالداشنى خالىمايتتى،

ئۇلارنى ئالدىغىلى بولمايتتى. ئۆزىدىمۇ ئۇرغۇن سوئاللار بار ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار خەتىبنىڭ دەرسىگە قارشى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە چۈشەنمىگەن، قايىل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى سورىغان بىلەن، دىن دەرسىنى يەنىلا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزلىرى توغرا دەپ ھېسابلىغان قائىدە، ئەدەب، يوسۇنلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. بولۇپمۇ، قۇرئاندا سۆزلەنگەن پەلسەپە تەلىماتلىرىنى دىققەت بىلەن ئوقۇيتتى. توپلىشىپ، ئىلىك ئۇستازىنىڭ پەلسەپە دەرسىگە سېلىشتۇرۇپ تالقىلايتتى.

ئەدەبىيات دەرسىنى يىگىرمە يىلغا يېقىن ئىلىك بەردى. ئۇ ھەم پەيلاسوپ، ھەم سىياسەتچى ئىدى. ئەدەبىياتچىلىقتا بولسا ئادەتتىكىچە ئەمەس، يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ پەلسەپىنى ئەدەبىياتقا بىرلەشتۈرۈشنى، بولۇپمۇ بودۇن ئەدەبىياتى ئىچىدىكى پەلسەپىنى خىللاپ چىقىرىپ، پەلسەپىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى ياخشى كۆرسىتىپ بېرەتتى. يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىمۇ، ئۇ پەلسەپىنى مەزمۇن قىلاتتى. ئۇ فارابىنى ئۇستاز قىلغان، راستىنلا فارابىنىڭ ئوبدان شاگىرتى بولۇپ يېتىشتى. ئىلىك ئۆتكەن ھاياتىدا ھەم ئۆگەندى، ھەم ئۆگەتتى. ئۇ دەرس ئارقىلىق ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بىرقانچە پەيلاسوپ، تارىخچى، ئەدەبىياتچىلارنى يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىرى يۇلتۇز، ئاداش تېكىن، ئىپارگۇل... لەر ئىدى. ئىپارگۇلنى بولسا ئۇ ئائىلە ئىچىدىمۇ ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي تەربىيىلىدى. ئاخىر ئۇنىڭغا ئەدەبىيات دەرسىنى يۈكلىدى. ئىپارگۇل ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ ئاۋۋاللىرى دەرس بېرىشنى ھۆددە ئالالماي قورقتى،

كېيىن، ئىلكىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ماقۇل بولدى. مانا، ئوقۇغۇچى بولغىنىغا ئىككى يىل بولدى. ھازىر ئەمدى ئۇ دادىل ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدا ئەدەبىياتچى ئالىملىقنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئىلىك بەك خۇش بولدى.

ئىپارگۈل ئىلكىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن بودۇن ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ تىرىشىپ قوشاق، بېيىت، مەسەل، ماقال، چۆچەكلەرنى يىغاتتى، رەتلەپ دەرسلىك ئورنىدا ئوقۇغۇچىلارغا بېرەتتى. "ئەل ئەدەبىياتى بىزگە باھاسىز بىلىگ بېرۇر" دەيتتى ئوقۇغۇچىلارغا ۋە تەمسىل-ماقاللارنى يېشىپ بېرەتتى.

ئۇ بۇ قېتىمقى دەرستە بىلىگ توغرىسىدىكى تەمسىل، ماقاللاردىن مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

"كېڭەشلىك بىلىگ ئۈزرەشۇر،
كېڭەشسىز بىلىگ ئۈپرەشۇر."

بۇ ماقالنى چۈشەندۈرۈپ ئىپارگۈل: "كېڭەش — بۇ يەردە ئەل، ئەلدىن بىلىگ ئال، يارانلار بىلەن ئالقىلا، بىلىگ ئەل ئىچىدە، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر سەن ئۆزەڭنىڭ بىلىگىڭ بىلەنلا بىلدىم دېسەڭ، ئالغا باسالمايسەن، بەلكى ئۆپىراپ تۈگەيسەن" دەيتتى.

"ئۆلا بىلسە يول ئازماس،
بىلىگ بولسا سۆز يېزماس."

مانا كۆردىڭلارمۇ ئوقۇغۇچىلار، ئەل بىزگە: "يولدىن ئازمايمەن دېسەڭ، يول داۋامىنى توختىتىپ قويماي ئۆلاشنى بىل. سۆزدىن ئازمايمەن دېسەڭ بىلىگ ئال." دەيدۇ. بۇ يەردە يول، تىلەك، مەقسەت مەنىسىدە، بۇ ماقالنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر. ئۆتكەن

دانالار بېيىتلاردا مۇنداق دېگەن:

ئەردى ئۇزا ئەرەنلەر،
ئەردەم بەگى بىلىگ تاغ.
ئايدى ئۆكۈش ئۆگۈدلەپ،
كۆڭلۈم بولار ئاڭا ساغ.

ئىلگىرى شۇنداق ئەرەنلەر بولغانكى، ئۇلار نەسىھەتتە بىلىگ تېغىنىڭ چوققىسىغا چىققان: ئۇلار نەسىھەت، پەزىلەت ئۆگەتتى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم ساق، خاتىرجەم بولاتتى دېمەكچى، بىلىگ چوققىسىغا چىققىن. شۇ چاغدا سەن ئوبدان ئۆگىتەلەيسەن، مېنىڭ كۆڭلۈم تىنجىيدۇ دېگەن گەپ. مانا مۇشۇ بېيىتنىڭ ئۆزى بىرگە چوك بىلىگ، ياخشى ئۆگۈت. يەنە ئالايلۇق:

"ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلا،
ئەلدە ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىگىڭ ئۇلا."

"مەندىن، بىلگەندىن ساۋاق ئال، نەسىھەت تىلە، ياخشى ئادەم بول، ئەلدىن ئۆگىنىپ، ئەلگە يارامىلىق ئۇلۇغ بىلىگ ئىگىسى بول. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئانائەتلىنىپ توختاپ قالماي، ئۇنى ئۇلاپ تولۇقلا، بىلىگ ساتىر، بىلىگ چەكسىز دەپ بىزنى ئۆگىتىدۇ ئەل".

باشقا ئوبدان ماقال-تەمسىللەرمۇ ئاز ئەمەس:

ئاشىچ① ئايۇر تۇبىم ئالتۇن.
قىمىچ② ئايۇر مەن قايدامەن.

"سەن مەنلا بار، تاۋۇم تۇگمەس ئالتۇن دەپ ماختانما، سېنى

---

① ئاشىچ — قازان.

② قىمىچ — چۆمۈچ.

باقىدىغان، مېنىڭ قورسىقىمنى تويغۇزىدىغان باشقىلارمۇ بار. دۇنيادا مەنلا بار، دېمە." دېگەن سۆز.

يەنە:

ئارىلىق ئېرىقنى ياغلىق،
ئەرمەكو باشى قانلىق.

"سەن قورسىقىمنى تويغۇزۇپ ياخشى ياشايمەن دېسەڭ، تىرىشچان، ئەمگەكچان بول. ئەگەر ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئىشلىمىسەڭ ئاچ قالىسەن، بېشىڭ قان بولىدۇ." دېگەن سۆز.

يەنە:

تولۇم ئانوتسا قۇلۇن بولۇر،
تولۇم ئۇنۇتسا بولۇن بولۇر.

يەنى "قورال تەييار تۇرسا، ياغىنى يېڭىسەن، قورالىنى ئۇنتۇساڭ ئەسىر بولىسەن." دېمەكچى. بۇ، ئەلنى قوغداش ئۈچۈن سەگەك بول قىلىچنى قولدىن چۈشۈرمەي تەييار تۇرۇش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ.

"كۆردۈڭلارمۇ ئوقۇلداشلار، ئەل ئەدەبىياتى، قوشۇغ، بېيىت، ماقال، تەمسىللەر بىزگە ئەل تىلىنى، ئەل نەسىھىتىنى سۆزلەيدۇ. بىزنىڭ ئەل تىلىنى ئۇنتۇماي، بىلگىلىك، ئەل ئۈچۈن پايدىلىق، ئەلنى قوغدايدىغان ياخشى ئادەم بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىش كېرەك..."

بۇ قېتىممۇ ئىپارگۇل ھەم چۈشىنىشلىك، ھەم يېقىملىق سۆزلىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەر قېتىمقىدەك كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى...

## ئۈچىنچى باب

# ئەلدە ئۆزگىرىش

قەشقەرنىڭ ئاۋات كەنتىدە توپىلاڭ چىقتى، قان تۆكۈلدى. كىچىك ماجرا، قان تۆكۈلۈش بۇرۇنمۇ بولۇپ تۇرىدىغان. لېكىن بۇ دورەمقىسى چوڭ ئىش بولدى. ئىلگىرى يەر ئىگىلىرى تارىغچىلارنى ئۆلتۈرۈپ قان ئاققۇزىدىغان، بۇ قېتىم يەر ئىگىلىرىنىڭمۇ قېنى ئاقتى. ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

قەدىمكى ئوردۇكەنتنىڭ يېقىنىدىكى ئاۋات كەنتى ئوردۇ خەزىنىچىسى تېكىن ئاغىچىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئاۋات بىرقانچە كەنتلەرنى ئىچىگە ئالغان "باش كەنت" ئىدى. باش كەنتتە چوڭ يەر ئىگىسى، باشقا كەنتلەردە كىچىك يەر ئىگىسى بار ئىدى. خەزىنىچىنىڭ بايلىقى كۆپىيىپ ئۇنىڭ تەسىرى ئاۋاتتىن ئېشىپ ئايماقنىڭ خېلى كەنتلىرىگە يېتىپ باردى. ئاۋۇالقى چوڭ يەر ئىگىسى خەزىنىچى بولغاندىن كېيىن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ ھوقۇقتىمۇ، مەنسەپتىمۇ، بايلىقتىمۇ داڭلىق ئېكتارلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مەنسەپتە بولسا ئۇ باشقا ئېكتالاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. خەزىنىچىنىڭ گوماشتىسى ئاۋات كەنتنىڭ چوڭ يەر ئىگىسى پالتۇبەگ خەزىنىچىنىڭ ئىگىلىكىدىكى بىر يېرىم تۈمەن پاتمانلىق يەر، بىر مىڭ بىر يۈزدىن ئارتۇق پۈتۈن تارىغچىلارنى باشقۇراتتى. ئىلگىرىكى قۇللاردىن تارىغچىلارغا ئايلانغان بۇ جانلار دەھشەتلىك ئېزىلىشلەرگە چىدىماي قارشىلىق

كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن بۇنداق قارشىلىقلار يەنە نامراتلارنىڭ پاجىئەسى بىلەن ئاياغلىشاتتى. بۇ قېتىم چوڭ توپىلاڭ بولىدى، بۇنىڭغا بايلارنىڭ بېشى قاتتى.

كەچ كۈز، قوناق يىغىلىۋاتقان چاغ. ئاۋۇئىنىڭ تۆۋەنلىدىكى كەنتتە قوناق ئورۇۋاتقان، قوناق بېشى ئۈزۈۋاتقان ۋە خامانغا باش توشۇ- ۋاتقان نامرات ئارىغچىلار ماغدۇرسىز ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. ئىشتانچاق، قارا تەنلىك ئادەملەر سۆرەپ كېتىپ بارغان هارۋىلارنىڭ ياغسىز چاقىدىن چىققان چىرقىراق ئاۋاز جانغا تېگىدۇ، خاماندىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق "لاي-لاي" ئاۋازى قاغجىرىغان تەنلەرگە سۇ سەپكەندەك ئارام بېرىدۇ.

ئەنە، ئىشتانچاق، چار ساقاللىق بىر ئارىغچى قوناق بېشى باسقان هارۋىنى سۆرەپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇ هەر قەدىمىنى مىڭ بالالىقتا يۆتكەپ چىشلىرىنى مەھكەم بېسىپ ماڭماقتا. سۆڭەكلىرىگە يېپىشىپ تۇرغان تېرىلىرىدىن تەپچىپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى سۈرتۈشكە ماجالى يوق. باش-كۆزىدە ئايلىنىپ يۈرگەن كالتەك ئۇنى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ ئاھ ئۇرىدۇ. ساقال-بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان قاۋۇل بىر يىگىت ئورغىقىنىڭ سېپىنى مەھكەم سىقىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دادىسىنىڭ چېكىۋات- قان بۇ ئازابىغا چىدىماي كۆزلىرىدىن ياش تۆكىدۇ. ئۇ ئورغاقنى قوناق شاخلىرىغا شۇنداق غەزەپ بىلەن ئۇرىدىكى، شۇ تاپتا ئۇ يوغان قورساقلارنىڭ كاللىسىنى مۇشۇنداق كەسكىسى كېلەتتى.

ئەسلىدە، دادىسى ئاغرىپ قالغىنىغا ئۈچ ئايچە بولغانىدى. ئۇ قورسىقى ئاغرىپ كېچىلىرى كۆز يۇمماي تاڭنى ئاتقۇزاتتى. ئاۋۋال- لىرى ئۇماچ ئاران سىڭەتتى، ئەمدى سۇنىمۇ ياندۇرىدىغان بولۇپ

قالدى. يىگىت دادىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ رۇخسەت سوراپ دادىسىنىڭ ئىشىنىمۇ قوشلاپ قىلىشنى ئېيتتى. لېكىن ئۇناشمىدى، بەلكى تەكىيە تۇتۇپ ياتقان بوۋاينى كالتەكلەپ قوغلاپ چىقىپ ئىشقا سالدى. بۈگۈن مانا ئۈچ كۈن بولدى، بۇ بىچارە ئاشۇن-داق ئازاپ چەكمەكتە. بۇنىڭغا جانجىگەر ئوغلى قانداقمۇ چىدى-يالسۇن؟! "قانداق كۈن بۇ. ...دەپ ئويلايتتى يىگىت — شۇ يوغان قورساقلارنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويسام... ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ ھەممىسىنى كۆل قىلىۋەتسە... يەر يېرىلىپ بۇ قانخور-لارنى يۇتۇۋەتسە... ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك كۈنلەر بۇ؟ جېنىڭ-دىن ئەزىز داداڭنىڭ ئۆلۈم گىردابىدا ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا قانداقمۇ چىدايسەن!..."

"ۋاي ئادەم ئۆلدى!" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، يىگىت قارىغۇدەك بولسا، بىر كالتەكچى يەردە دومىلاپ ياتقان دادىسىنى تېپىپ-دەسسەپ دومىلىتىۋېتىپتۇ. ئۇ قانداقچە بارغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. بىرىپلا كالتەكچىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ قولاق تۈۋىگە غەزەپ بىلەن بىر مۇشت سالدى، كالتەكچى تىك موللاق ئېتىپ، ئاغزى-بۇرنىدىن قان كەتتى. يىگىت "ۋاي دادا، جېنىم دادا" دەپ دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن دادىسىدىن ئاۋاز چىقمايتتى. باش-كۆزلىرى يېرىق، ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇرغان بىچارە بوۋاي، ئارام ئالغاندەك كۆزلىرى ئوچۇق، تىنچ ياتاتتى. ئۇ، بۇ زۇلۇم دۇنياسى بىلەن. كالتەك ئاستىدا ۋىدالاشقانىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئوچۇق قالغانلىقى ئاشۇ ئازاب ئوتلىرى ئىچىدە قالغان يالغۇز ئوغلىنىڭ ئارمانى بولسا كېرەك... توپلانغان ئارىغچىلار كۆز يېشى قىلىشتى...

يىگىت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ دەس قوپتى، بېرىپ، يەردە ۋاي-ۋايلاپ ياتقان كالتەكچىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ، قەھرى بىلەن يەنە بىر مۇشت سالدى. كالتەكچى قايتىدىن يەرگە دومىلىدى، كېيىن ئۆمىلەپ قوپۇپ قاچتى. يىگىت ھارۋىسىنىڭ ئاقاق كالتىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاقساقلاپ كېتىپ بارغان كالتەكچىنىڭ بېشىغا شۇنداق غەزەپ بىلەن ئۇردىكى، ئۇنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ، ئۈن چىقىرالماي يېتىپ قالدى، يىگىت كۆكسىنى تولدۇرۇپ يوغان بىر نەپەس ئالدى. ئۇ پۇخادىن چىققانىدى. يىگىت يېنىپ كېلىپ "مانا، ئۆچۈڭنى ئالدىم، جېنىم دادا" دېگەندەك دادىسىنىڭ جەسىتى ئالدىدا يۈكۈنۈپ باش ئەگدى. بىر ياشانغان تارىغچى بوۋاينىڭ قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ كۆزلىرىنى يۇمغۇزۇپ قويدى...

ئەتراپتا غۇلغۇلا قوزغالدى. پالتۇبەگنىڭ كالتەكچىلىرى تېپىرلاپ قېلىشتى. تارىغچىلارغا ئەندىشە چۈشتى. بەزىلىرى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئاستا كېتىپ قالدى. "قانداق قىلىش كېرەك؟" قول ياندۇرغانلار دارغا ئېسىلىدىغان تۇرسا، پالتۇبەگ بىر ئادىمىنىڭ ئۆلگىنىگە قاراپ تۇرماسلىقىنى تارىغچىلار بىلەتتى... دېگەندەك، ئۇنىغا يېقىن كالتەكچىلەر بىلەكلىرىنى شىمايلاپ، كالتەكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى...

يىگىت كالتەكچىلەرگە قارىغىنىچە قانلىق كالتەكنى قاتتىق سىقىملىۋالدى ۋە ئاستا-ئاستا قوپۇپ، يوغان-يوغان دەسسەپ كالتەكچىلەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. قورقسىمۇ، قورقمىسىمۇ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تەنلىرى قارايغان، يوغان گەۋدىلىك بۇ يىگىتنى قانداقتۇر كۆرۈنمەس بىر كۈچ مەدەت بېرىپ ئالدىغا ئىتتىرىپ كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى.

"كېلە قانخورلار، ئەمدى قورقمايمەن، دادامنىڭ، دادىلارنىڭ، ئانىلار، بالىلارنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن" دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە.

تارىغچىلار بىر-بىرىگە قاراشتى. ئاق ساقاللىرى چاچلىرى بىلەن قوشۇلۇپ گەجگە-مەيدىلىرىنى ياپقان بىر بوۋاي قولىدىكى ئورغىقنى كۆتۈرۈپ گەپ-سۆزسىزلا يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. قالغان تارىغچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمىمۇ ئورغاق-كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى...

يىگىت يېقىن بارغاندا، ئۇنىڭ دەھشەتلىك قىياپىتىدىن كالتەكچىلەر ئالاقزادە بولۇپ توختاپ قېلىشتى. كېيىن ئىككى كالتەكچى ئۇنى ئورماقچى بولۇپ كەلگەنىدى، يىگىتنىڭ كالتەك زەربىسى بىلەن ئىككىسى ئىككى ياققا يىقىلدى. ئارقىدىكى كالتەكچىلەر شۇ ھامان يىگىتنى ئورىۋالدى، لېكىن دەماللىققا ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىدى. ئاڭغىچە قالغان تارىغچىلار يېتىپ كېلىشتى، كالتەكچىلەر ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، تارىغچىلار كالتەكچىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ يەنە ئىككىسىنى يىقىتتى، قالغانلىرى باش-كۆزلىرىنى چاڭگاللاپ كالتەكلىرىنى سۆرەپ تىكىۋەتتى...

ئىش يامانغا ئايلاندى. پالتۇبەگ كۈچ ئىشلىتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— قورقماڭلار، — دېدى بوۋاي تارىغچىلارنىڭ ئەندىشىلىك قىياپىتىگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، — ئەمدى پىچاق بېرىپ سۆڭەككە يەتتى... ئەنە قاراڭلار، بىز يالغۇز ئەمەس، قېرىنداشلار بىزگە كۆمەكلىشىش ئۈچۈن كەلمەكتە، — ئۇ ئەتراپتىن ئارا-ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تارىغچىلارنى كۆرسەتتى. بوۋاي ھاياجان بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇردى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — جاندىن

تويدۇق. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

تارىغچىلار توپى ئۈلگىسىۋەردى. بوۋاينىڭ غەزەپلىك، تىترەپ چىققان ئاۋازى ئۇلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى. يۇرت مۆتىۋەرى بۇ دانا بوۋايغا تارىغچىلار ئىخلاس قىلاتتى. بۇرۇندىنلا ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ "بوۋا" دەپ ئاتىشاتتى.

— بوۋا راست دەيدۇ، قانغا قان، جانغا جان ئالايلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمدى يېتىپ كەلگەن قارا ساقاللىق، يىرتىق كىيىملىك بىر تارىغچى.

— جاندىن تويدۇق. بۇنداق ياشاشتىن ئۆلگەن ياخشى، — دەپ ۋارقىرىدى بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ باغلىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق، قامەتلىك بىر ئايال قولىدىكى ئورغاقنى پۇلاڭلىتىپ.

ئەتراپتىن "قانغا قان، جانغا جان!" دېگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. بوۋاي يول باشلىدى. تۆت-بەش يۈز ئەر-ئايال تارىغچىلار توپى توپا توزۇتۇپ بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار پالتۇبەگنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. تارىغچىلار توپى شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان دەريا تاشقىنىغا ئوخشايتتى. بۇ قۇدرەتلىك تاشقىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتكۈل كەنتنى تىترىتىۋەتتى... پالتۇبەگنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئالدىلىرىنى توسقان نەيزە-قىلىچلىق يەرلىك چېرىكلەر ئۇلارنى توختىتالمىدى، ئېلىشىش باشلاندى. تارىغچىلار ھويلىغا بېسىپ كىردى... ئۇزاق ئۆتمەي تارىغچىلار چېرىكلەرنى يېڭىپ قوراللارنى قولغا ئالدى. ئەللىك-ئاتمىش چېرىكتىن ئون-ئون بەشى ئۆلدى، يىگىرمىسى باغلىۋېلىندى. ئون نەچچىسى قوراللىرىنى تاشلاپ ياۋىداق ئاتقا مىنىپ قاچتى... تارىغچىلاردىنمۇ بەش كىشى ئۆلدى، توققۇز كىشى يارىدار بولدى...


تارىغچىلار كۆپەيدى، بىرمۇنچىسى ئاتلىق، قوراللىق بولدى. غەزەپلىك ئادەم دولقۇنى داۋالغۇپ تۇلغىياقتا ئىدى... "ئانغا قان، جانغا جان!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە تارىغچىلار بەگ ھويلىسىغا قوۋۇقىدىن سىغماي، ئېگىز تاملىرىدىن ئاتلاپ ھويلا ئىچىگە ئاقماقتا ئىدى... ئۇلار ئىشىك-پەنجىرىلەردىن ئۆيلەرگە ئېتىلماقتا ئىدى...

— خاتۇن-بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! نەرسە-كېرەك بۇلاشقا بولمايدۇ! — دەپ توۋلايتتى بوۋاي پېشايۋانغا چىقىپ.

تارىغچىلار شۇنداق قىلدى. ئۇلار بوۋاينىڭ سۆزىنى پەرماندەك ئىجرا قىلاتتى. تۆت-بەش نەيزىلىك تارىغچى ئىچكىرىسىدىن بىرقانچە ئايال ۋە بالىلارنى ھەيدەپ چىقىپ، ھويلىنىڭ چېتىدىكى بىر ئەسكى ئۆيگە سولاپ قويدى. ئىشىككە دەرھال "قارۇغچى" قويۇلدى. بوۋاينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارقا ھويلىدىكى ئاشلىق ئامبىرىغىمۇ "قارۇغچى" قويۇلدى. بوۋاي تەيىنلىگەن بەش-ئالتە كىشى ئالامانغا باشچىلىق قىلاتتى...

كۈن قايرىلىپ كەچ پېشىن بولغاندا، پالتۇبەگ ئىككى يۈزگە يېقىن مۇنتىزىم چېرىك باشلاپ كەلدى. بۇ چېرىكلەر خەزىنىچىنىڭ باشقا كەنتلەردىكى قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. ئۇزۇن قارا بۇرۇتلۇق، قىلىچ ئاسقان، قالقانلىق بىرسى چېرىكلەرنى باشلاپ ئالدىدا سەپ تارتىپ كېلەتتى. پالتۇبەگ سەپنىڭ ئارقىسىدا قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتلىق كېلەتتى.

كونا چېرىك، تەجرىبىلىك بوۋاي تارىغچىلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، باشلىقلىرىنى تەيىنلەپ، بىر قىسمىنى ھويلىغا، ئىككى قىسمىنى ھويلىنىڭ تېشىغا — ئىككى ياقتىكى تام كەينىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ راسلىنىپ تۇردى.



چېرىكلەر نەيزە-قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپان ئىلگىرى
لىدى. كېيىن ھېلىقى بۇرۇتلۇقنىڭ ئارقىسىدىن "تۇررا!" دەپ تۇۋلاپ
يۈگۈردى. ئۇلار ھويلىنىڭ ئارقا تېمىغا ياماشقاندا، ئارىغچىلار
ھويلىدىن سەكرەپ چىقىپ ئېلىشىپ كەتتى. قىلىچ، قالقان ئاۋازلى
رى، ۋارقىرىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. پالتۇبەگ يىراقراقتا ئات
ئۈستىدە تۇرۇپ قىلىچىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى.
ھە دېگەندە ئارىغچىلاردىن چىقىم جىقىراق بولۇپ كەتتى. كېيىن
بوۋاينىڭ شەرتى بىلەن ئىككى ياقتىكى ئام ئارقىسىدىكى ئارىغچىلار
يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ قالغان چېرىكلەرگە ئىككى
ياندىن ھۇجۇم قىلدى، ئۇرۇش قايناپ كەتتى. ئارىغچىلار قورالغا
ئىگە بولدى. ياش ئارىغچىلار ئاجايىپ غەيرەت بىلەن ئۇرۇشاتتى.
يايداق ئات مىنىۋالغان قاۋۇل يىگىت يوغان بىر قىلىچ بىلەن بىرنى
ئولتۇرۇپ بىرنى يىقىتاتتى... ئاخىرى چېرىكلەر چىداشلىق بېرەلمەي
چېكىندى... يىگىت چېرىكلەر ئارىسىدىن پالتۇبەگنى ئىزدەيتتى.
كېيىن ئۇنىڭ ئېتىنى ئارقىسىغا بۇراپ قاچقىنىنى، ئارىلىقنىڭ يىراقلى
قىنى كۆرۈپ قالدى-دە، "ئەتتەڭ!" دەپ قولىنى چىشلىدى.
قولغا چۈشكەن چېرىكلەر بىر ئامبارغا قاماپ قويۇلدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى. كەنت ئىچىدە توپىلاڭ، ئارىغچىلار
ھېلىغىچە ئەنسىز ئىدى. ھويلىدا ئۆرە-تۆپە يۈرگەن ئارىغچىلار
ئۆيدىن چىققان بوۋاينى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا توپلاندى. ئۇنىڭغا
خىلمۇخىل پىكىر ۋە سوئاللار يېغىپ كەتتى:

— بوۋاي سىز گەپ قىلىڭ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ قانخور
بەگنىڭ بېشىنى ئېلىش كېرەك ئىدى، ئۇنى قوغلىمايمىزمۇ؟

— ئۆي-ۋاقتى، ئاشلىقنى بۆلۈۋېلىش كېرەك ئىدى...

— ئويلاپ ئىش قىلايلى ئاغىنىلەر، — دېدى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ گەپ قىلماي بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغان قارا ساقاللىق ياشراق ئارىغچى قوپۇپ، — ئۆلتۈرۈش، بۆلۈۋېلىش ئاسان، لېكىن چېرىكلەرگە تەڭ كېلىش ئاسان ئەمەس، ئۇلار قاراپ ئولتۇرىدۇ، دەمسىلەر؟...

— بولىدىغان ئىش بولدى. باشقا كەلگىنىنى كۆرىمىز، — دەپ ۋارقىرىدى يەنە بىرسى توپ ئىچىدىن.

— جانغا-جان، قانغا-قان ئالىمىز، تويدۇق بۇ جاندىن! بۇندىن كۆرە ئۆلتۈرۈپ ئۆلگەن ياخشى، — دېدى كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن، يۈز-قوللىرى قان بىر يىگىت قولىدىكى قانلىق قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ.

— بولىدىغان ئىش بولدى. قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويدۇق، — دېدى بوۋاي ئاخىرىدا سالماق ئاۋاز بىلەن، — بۇ بىزنىڭ مەيلىمىز ئەمەس، ئاشۇ باش كېسەرلەر ئۆزى قىلدۇردى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟! ئۆلتۈرۈۋالغىلى، بۆلۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇلار دېگەندەك قاراپ ياتمايدىغۇ! — بوۋاي بىر-پەس ئويلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزمۇ قاراپ ياتمايلى. بىرى، شەھەرگە ئادەم چاپتۇرۇپ ئىلىك ئۇستازنى تېپىش كېرەك. ئۇ كىشى بىزنىڭ ھالىمىزنى بىلىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، يەنە بىرى، كېچىچە كەنت-كەنتكە بېرىپ قاداشلارنى قوزغايلى، كۈچىمىز ئۇلغايسا، بەگلەرمۇ ئاقىۋىتىنى ئويلىشىدۇ. يەنە بىرى، قوغدىنىش ھەققىدىمۇ كاللا قاتۇرايلى. ئۇلار كېچىچە چېرىك ئېلىپ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. خاتۇنلار، بالىلار، بوۋايلاردىن باشقا ھېچكىم ئۆيىگە كەتمىسۇن، يىگىتلەر تۆتكە بۆلۈنۈپ، مۇشۇ تۇرغان جايىمىزنى ۋە كەنتىمىزنى ساقلايلى!...

— توغرا گەپ!

— قاراپ ئولتۇرساڭ بېشىڭ كېتىدۇ! بوۋاينىڭ دېگىنىنى قىلىمىز!...

ئىلىك ئۇستازغا بايىقى قارا ساقاللىق تارىخچى ئەۋەتىلدى. ئەتراپ كەنتلەرگە ئادەم ماڭغۇزۇلۇپ، رەت-رېتى بىلەن ھويلىغا تىزىلغان نەيزە-قىلىچلىق، كالتەك-ئورغاقلىق تارىخچىلار تۆتكە بۆلۈنۈپ كەنتنى قوغداشقا ماڭدۇرۇلدى. بوۋاي بىر قىسىم تارىخچىلار بىلەن ھويلىدا قالدى...

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن باشقا كەنتلەرمۇ قوزغالدى. يېزىلارنى ئالامانلارنىڭ چۇقانلىرى قاپلىدى، تارىخچىلار غەزەپكە كەلگەنىدى. بەگ-تۆرىلەرنىڭ قاچقىنى قاچتى، قالدىسى جاجىسىنى يېدى...

* * *

بەگلەرمۇ كېچىچە ئۇخلىمىدى. پالتۇبەگ باشقا بەگلەر بىلەن بىللە غەلىيانچىلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى. كەنتلەردىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ ھويلىسىنى ساقلايدىغان ئائىلە چېرىكلىرىنى توپلىدى. شەھەرگە-تېكىن ئاغىچىغا كىشى چاپتۇرۇپ يۇقىرىدىن ئۈمىد كۈتتى. خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى چوقۇم چېرىك باشلاپ ئۆزى كېلىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى، تېخىچە خەۋەر يوق. كەنت-كەنتلەردىن غەزەپكە كەلگەن ئىسيانچى تارىخچىلار ئۆملىشىپ ئۇلغايماقتا. ئۇ پۈتكۈل ئايماققا يامراپ كەتسە، تۈگىگىنىڭ شۇ. قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئالدىنى ئېلىش كېرەك...

چۈش بولاي دېگەندە، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق چېرىكنى باشلاپ پالتۇبەگ ئۆز كەنتىگە "يۈرۈش" قىلىپ كەلدى. يەنە ئىككى توپ چېرىك باشقا كەنتلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ پىلانى

"ئاۋۋال غولنى سۇندۇرۇپ، ئاندىن شاخلىرىنى چاناش" ئىدى.

نەيزە-قىلىچلىرىنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان چېرىكلەر سەپ تارتىپ چوڭ قەدەملەر بىلەن كەنتكە قاراپ كەلمەكتە. پالتۇبەگ خۇددى دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغاندەك ئەلپازىدا سەپنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى يالاڭداپ ئاتلىق كېلەتتى. ئالدىدا كەڭ سەپ تارتىپ، مەيدىلىرىنى كېرىپ تۇرغان مىڭدىن ئارتۇق ئارغىچىلار قوشۇنىغا يېقىنلاشقانچە، پالتۇبەگنىڭ چىرايى سارغىيىپ، قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ چېرىكلەرگە "ئالغا!" دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، ئاستا سەپنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ قالغانلىقىنى سېزىپ چۆچۈدى. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىغا قانداقمۇ قىلىچ ئۇرسۇن؟! ئارقىسىغا يېنىپ قىلىچ ئۇرمىسغىدى تېخى...

پالتۇبەگ بىر چېرىك باشىنى قىچقىرىپ، چېرىكلەرنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. چېرىكلەر سېپى نەيزىلىرىنى ئالدىغا تۈز تەڭلەپ توختىدى. قارشى ھۇجۇمغا تەييارلانغان ئارغىچىلارمۇ توختاپ قالدى. تىغمۇتىغ تۇرغان ئىككى سەپ "ھە" دېسە ئېتىلىدىغاندەك تەييار تۇرۇشاتتى...

يىراقتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. ھەممەيلەن شۇ ياققا قاراشتى...

— ھاي، ھاي، ئۇرۇشماڭلار!... — دەپ ۋارقىراپ ئوردۇ قارۇغچىلىرىنىڭ يۈزباشى شەھەر تەرەپتىن ئات چېپىپ كېلەتتى.

يۈزباشى ئېتىنى چاپتۇرغان بويى ئاۋۋال ئارغىچىلار سېپىگە كېلىپ چوڭ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۇرۇشماڭلار! ئوردۇ بەگلىرى كېلىۋاتىدۇ!

ئۇ ئاندىن چېرىكلەر سېپىگە يېرىپ ئاشۇنداق ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە شەھەر يولى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ كۆرۈندى. ھەممىيلەن شۇ ياققا تىكىلەتتى.

بىر توپ ئاتلىقلار يېقىنلاپ كەلدى. قىرىق-ئەللىك ئاتلىق چېرىكلەر ئالدىدا كۆلۈك ئاتلارغا مىنگەن ئىلىك ئۇستاز، خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى ۋە ئوردۇ قارۇغباشى قىلىچ كېلەتتى. خەزىنىچىنىڭ چىرايلىرى سارغايغان، كەيپىياتى ئەندىشىلىك ئىدى، قىلىچ جىددىي ھالدا ئىككى سەپكە قاراپ كېلەتتى. ئىلىك ئۇستاز بولسا ئات ئۈستىدە تەمكىن ئولتۇرۇپ تارىغچىلار سېپىگە جىنقراق نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ سىياقىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككى سەپنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ توختىدى.

ئىلىك ئولچى ئادەم ئەۋەتىپ بوۋاينى ۋە پالتۇۋەگنى قىچقارتىپ كەلدى. قىلىچ تۇتقان بوۋاي ئىككى نەپەر نەيزىلىك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق كەلدى. بوۋاي ئىلىك ئۇستازغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدى، خەزىنىچى ئۇنى كۆرۈپلا تەتۈر قارىۋالدى.

— سەن تېخى بىزگە ھومىيامسەن؟ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك ئىكەن-دە! — دېدى بوۋاي قىزىپ.

— ئامان، بوۋا! — دېدى ئىلىك مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — باشقىلارنى باققان نامراتلار ھەممىدىن كۈچلۈك، سەۋر قىلىڭ.

پالتۇۋەگمۇ ئىككى قىلىچلىق چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ خەزىنىچىنىڭ چىرىيىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ، كالپۇكلىرى مىدىرلاپ، يىغلاپ تاشلىغىلى تاس-تاس قالدى. باشقىلار بولمىغاندا، ئۇ خوجايىنىنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىغانمۇ بولاتتى. ئۇ "خەزىنىچى چوقۇم چېرىك ئەۋەتىپ ناھى-

چىلارنى باستۇرىدۇ" دەپ كۆتكەنىدى، ئۇنداق بولماي چىقتى. خەزىنچى يەنە كېلىپ ئىلىك ۋە قىلىچ بىلەن چىقىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ سىياقى يامان؟ بىر گەپ بار...ئۇ ئىلىك بىلەن سوغۇققىنا سالاملىشىپ، قايناپ كەتتى:

— ئوردۇ بەگلىرىمىنىڭ چىققىنى ئويدان بولدى. مانا قارىسامدىغان، كەنتلەرنى توپىلاڭ قاپلاپ كەتتى. ئۆلتۈرۈش، بۇلاش...

— "تاش ئاتقانغا تاش ئات" دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەبگارلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويماي بولمايدۇ...

— تىلىڭنى تارتىپ گەپ قىل بەگ، — دېدى بوۋاي سالماقلىق بىلەن، — كىم كىمگە تاش ئاتتى؟ ئاتام زامانىدىن تارتىپ سەن بەگ - تۆرىلەرنى بېقىپ كېلىۋاتقان كىم؟ قول تارىغۇچىلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى ئېزىپ، سېتىپ، ئۆلتۈرۈپ، قىرىپ، ئېسىپ، ئېشەك ئورنىدا خورلاۋاتقان كىم؟ سەن تەييارتاپ قانخور ئەمەسمۇ؟ يەنە تېخى سەن بىزگە "تاش ئاتقان"، بىز "ساڭا تاش ئاتقان" بولدۇقمۇ؟ تۈنۈگۈن بىكاردىن بىكار بىر بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىڭ... ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ بىزگە تىرىكچىلىك يولى يوق. پىچاق سۆڭەككە يەتتى. ئەمدى چىداپ تۇرالمايمىز. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ...

بوۋاي بارغانچە قىزىپ سۆزلىدى، ئۇنىڭ ھەققانىي سۆزى خەزىنچى بىلەن بەگكە خەنجەردەك سانجىلىپ قىينايتتى، ئۇلار يەر ئاستىدىن ھومىيىپ بوۋايغا قارايتتى. ئىلىك ئۇستاز بولسا بوۋاينىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ كۆلۈمسىرەيتتى. ئۇ سۆزلەشكە ئۇمتۇلۇۋاتقان پالتۇبەگنىڭ سۆزىنى كەستى:

— ھەق سۆز، ئاش ئاتقۇچى كىم، تاش ئاتقۇچى كىم؟ بۇ ئەلگە

ئاپان...ھە، ھازىر ئالىشىدىغان چاغ ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپ دەرھال قايتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆيلىرىڭلەرگە تارقىلىڭلار، خاندانلىقنىڭ پەرمانىنى كۈتۈڭلار. بۇ خاننىڭ ئۆزىنىڭ ئەمرى، كىم بويسۇنمىسا جازا بېرىلىدۇ، — ئىلىك ئازراق ئويلاپ قوشۇپ قويدى، — پەرماندىن ئىلگىرى تارىغىچىلارنى ئاق قىلىپ چىقىشىمۇ يول قويۇلمايدۇ!

ئىلىكنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ ناگوللىغى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى بولغاي، ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا ئازراق قان يۈگۈردى.

— بىز خاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنىمىز، — بوۋاي ۋە خەزىنىچى بىلەن بەگكە قاراپ دېدى، — بىز نامراتلار ئەمدى بوزەك بولمايمىز!

بەگ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئۇمتۇلغەندى، خەزىنىچى ئۇنىڭغا غودۇڭشىدى:

— خاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق كېرەك، بەگ...

بوۋاي بىلەن بەگ ئۆز "قوشۇن"لىرى تەرەپكە ماڭدى. بەگ ئويلايتتى: "خاننىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلماسلىق جىنايەت. لېكىن بۈگۈن ئەجەب ئىش ئويلىغان جايىدىن چىقمىدىغۇ؟! خەزىنىچى نېمانچە غەمكىن؟ بىزنى ياقلاپ بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ قويمىدىغۇ؟! ئەجەب ئۇ ئىلگىرىكى سۈرلۈك ئۇلچىغا ئوخشىماي قالدى... بىر گەپ بار. ئەگەر ئۇ ئۇلچىلىقتىن چۈشۈپ كەتسە!... ياق، خۇدا ساقلىسۇن، ئۇنداق بولغاندا ئەمەل-مەنسەپلىرىمىز بىلەن، پۈتكۈل مال-مۈلۈكلىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىمىز! ئاھ... نېمىدېگەن دەھشەتلىك...خان خەزىنىچىگە خاپا بولغانمىكىن-تاڭ؟..."

بەگنىڭ ئۆيى ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىپ كەلدى. خان خەزىنىچىگە قاتتىق كايىغانىدى. "ئەگەر تارىخچىلارنىڭ يەنە قېنى تۆكۈلىدىغان بولسا، سىز جاۋابكار!" دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى خان ئاخشام.

ئاخشام ئەۋەتىلگەن بوۋايىنىڭ چاپارمىنى تۈن يېرىمىدا يېرىپ ئېلىككە ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ چاپارمەننى باشلاپ دەرھال ئوردۇغا بارغانىدى. ئۇ خانغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە چاپارمەننى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چاپارمەن ئاۋال ھودۇقۇپ سۆزنى ئەپلەشتۈرەلمىدى، خان "ئولتۇرۇڭ، ئالدىرىماي سۆزلەڭ" دېگەندىن كېيىن، ۋەقەنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ كېيىن شۇنداق ھاياجانلىنىپ، تارىخچىسىغا سۆزلەپ كەتتىكى، شۇ چاغدا ئۇ خانىنىمۇ، ئوردۇنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇ ئېتىز بېشىدا ئاداشلىرىغا بىرەر ئېچىنىشلىق ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندەك، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى شىلتىپ، بىردەم قوپۇپ، بىردەم ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئېلىك ئۇنىڭغا زوقلىناتتى. بۇغراخان بۇ تارىخچى ئوغلىنىڭ تېخى پېشانىسىدىكى، قوللىرىدىكى، يىرتىق ئاق ماتا كۆڭلەكلىرىدىكى قان يۇقۇندىلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ساددا قىياپىتىگە ئېچىنىش بىلەن نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ قەتئىي، ئۆتكۈر سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭغا سوئال بېرىشكە ئورۇن قالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە قىلچە گۇمانلىنىدىغان يەر يوق ئىدى. ئۇ ھەقىقەتنى سۆزلەيتتى. خان ئۈنچان قوپۇپ دالاندىكى قارۇغچىسىنى قىچقاردى. تارىخچى چۆچۈپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ئېلىككە ئەندىشىلىك قارىدى. "ئىش چاتاق، بايىقى سۆزلىمەي، تۈگىشىپ كەتتىكەن گادايى، بۇ خان تۇرسا، بۇ يەر سېنىڭ خامانلىقىڭ بولمىسا... داڭقان پۈتى گەپ قىلىۋېرىپ، توۋا، ئەمدى..." دەپ

ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. كېيىن ئىلىكنىڭ "قورقما" دېگەن سەرتىنى كۆرۈپ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى پەسەيدى "راست، ئىلىك ئۇستاز بارغۇ، ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى خانغا قورقماي سۆزلەپ بەر، دېگەن ئەمەسمىدى..."

— بۇ كىشىگە چاي-تاماق بېرىپ دەم ئالدۇرۇڭ،— دېدى خان ئىشىك ئالدىغا كىرىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرغان قارۇغچىغا، كېيىن چاپارمەنگە قارىدى،— ئىش ئايان بولدى، سىز دەم ئېلىڭ. قاداشلىرىڭىزدىن ئەندىشە قىلماڭ!

تارىخچى خانغا ۋە ئىلىككە بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئۇ قارۇغچىنىڭ ئالدىغا بارغاندا "كۆردۈڭمۇ!" دېگەندەك ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن چىقىپ كەتتى.

سۇتۇق بۇغراخان دەرھال "ئۈچلۈك ھالىقا"نىڭ ئەزالىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى. ھەممەيلەن تەڭ، ئەھۋالنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى، ناھەق قان تۆكۈشكە چىدىماي ئىسيان كۆتۈرگەن تارىغچىلارنى قوغداش ۋە ياردەم قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— ھەممە گەپ خەزىنىچىدە،— دېدى ئارسلان،— ئۇ ئاخشام ۋەقەنى ئاڭلاپلا رەھىم قىلماي باستۇرۇشقا پالتۇبەگكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

خان باشقا ئۇلچىلارنى يىغدى. ئارسلان ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپ مەسلىھەت سورىغاندىن كېيىن، گايى ئۇلچىلار: "يول قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ گادايلارنىڭ خانلىقىمىزغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى" دېسە، گايىلار: "بۇ خاندانلىقىمىزغا ئەمەس، خانلىقىمىز نامىدىن زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئىسيان، ھەقلىق ھەرىكەت، قوللاش

كېرەك"! دېيىشتى.

— سىز نېمە دەرسىز جاناب خەزىنىچى؟ — سورىدى سۇتۇق بۇغراخان تېكىن ئاغىچىغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ خانىم، بەگلەر تارىقچىلارنى ئەزگەن بولۇشلىرى مۇمكىن. بىراق ئۇ گادايلارمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويمىسا بولمايدۇ. بۇ ئىش ئاخىرى خاندانلىقىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

— ھە، "گادايلار" چېكىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى ئىلىك خاپا ھالدا، — ياكى سىزنىڭ بەگلىرىڭىزنىڭ كالتەكلىرى كۆپىيىپ كەتتىمۇ؟ نامراتلارنى ھايۋاندەك دۇمبالاپ ئىشلىتىشكە، ئۇنى ئاز دەپ يەنە خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە بولامدىكەن؟

— بۇداقى ئىشنىڭ قانداق تۇغۇلغانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ؟ جانابىي ئاغىچى — دېدى خان ئاچچىقى كېلىپ، — ئاچ-زار، كېسەل بىر بوۋاينى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، يەنە ئۇنىڭ ئوغلى گۇناھكار بولامدۇ؟ خوپ، كىم ھەق، كىم ناھەق؟ بۇنى كېيىن سۆزلىشىمىز تېخى. سىز ئىلىك ئۇستاز بىلەن دەرھال بېرىپ چېرىكلەرنى چېكىندۈرۈڭ، ئەگەر يەنە قان تۆكۈلىدىغان بولسا، سىز جاۋاب قىلىسىز.

شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ئەتىگەنلىكى ئىلىك ئۇستاز خەزىنىچى بىلەن ئاۋاتقا چىققانىدى...

* * *

سۇتۇق بۇغراخان تارىقچىلار توپىلىڭى ۋەقەسىنى تېخى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، يەنە يېڭى ۋەقە چىقتى. ئۇنىڭ ياغىلىرى بۇغراخانغا يەنە "شاھ" بەردى. "قېنى سېنى كۆرۈپ

باقايلى" دېمەكچى ئىدى ئۇلار...

تويلاڭ ۋەقەسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئوردۇ مۇزاكىرىسى ئىككى كۈن داۋام قىلدى. پىكىرلەر بىرلىككە كېلەلمەدى. ئاساسىي ئىختىلاپ كىمنى ئەيىبلەش مەسىلىسى ئىدى. خەزىنىچى تەرەپ "تويلاڭچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك" دەيتتى. ئىلىك تەرەپ "ھەق كىمدە بولسا شۇنى قوللاش، ئەيىب كىمدە بولسا شۇنى جازالاش كېرەك" دەيتتى. ئىلىك تارىغچىلارنى قەتئىي قوللاپ، ئۇلارنىڭ "تىرىكچىلىك، يەر دېگەن تىلىكىنى قاندۇرۇش كېرەك" دەيتتى. خان ئىككى ئارىلىقتا قالدى. تارىغچىلارنى قوللاش كېرەك، ھەق شۇلاردا. لېكىن بەگلەرنى جازالاشمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇلار بايلىققا ئىگە. يەنە تۆرىلەر، ئەمەلدارلار، چېرىك باشلىقلىرى بار. قانداق قىلىش كېرەك؟! خانىش ئايدىڭنىڭ ئىلىكلەر تەرەپكە يان بېسىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان... ئۇنىڭ سۆزىنىڭمۇ يولى بار. دېمىسىمۇ تارىغچىلارغا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتىپ بارىدۇ...

كېڭەشمىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بۇغراخان ئىلىك ئۇستاز باشلىق بىرنەچچەيلەنگە بىر پەرمان پۈتۈكى تەييارلاشنى تاپشۇردى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى: تارىغچىلارنىمۇ، يەر ئىگىلىرىنىمۇ رەنجىتمەسلىك، مادارا قىلىش ئىدى. ئىلىكلەر بۇنداق پەرمانغا قەتئىي قوشۇلمىسىمۇ، خاننىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شەھەردە غوۋغا كۆتۈرۈلدى. غوۋغا ئاۋۋال ئەزىم مەدرىسىدىن باشلىنىپ، بارا-بارا بارلىق مەسجىدلەرگە تارالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتتى. "ئەزىم مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشۇپتۇ، بۇ ئىشنى تايىنلىق خانلىق بىلىگ يۇرتىدىكىلەر قىلغان، بۇنىڭ ئارقىسىدا

ئادەم بار...» دېگەن مىش-مىشلار... كېيىنرەك ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلەر ئۇلغىيىپ يۇقىرى پالداقتا كۆتۈرۈلدى: «ئۇلۇغ ئالىمىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ ئاشۇ دەھرىلەرنىڭ ئىشى، ئارقىدىكىسىنى تېپىپ چىقىش كېرەك...»

كىشىلەر ۋەقە يۈز بەرگەن ئەزىم مەدرىسىسى ياققا ئېقىشقا باشلىدى. ئەلپىكىنى پېشانىسىگە بېسىپراق، تاردىچىچە كىيىنگەن ئىككى يىگىت كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالدىراپ مەدرىس ياققا كېتىپ باراتتى. ئۇلار مەدرىس ھويلىسىغا كىرگەندە، ھويلا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. سۇپىدا ئاق يېپىلغان جىنازىدا ئابدۇل جاپپارنىڭ جەستى تۇراتتى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە بىرقانچە ئەر-ئاياللار ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، بىرقانچە سەللىلىك ۋە سەللىسىز ئادەملەر شاپاشلاپ يۈرەتتى. ئۇلار مەدرىس ياققا قارىدى، كىشىلەرمۇ شۇ ياققا تىكىلىشتى. مەدرىس بىناسىدىن بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان چار ساقال، سالاپەتلىك كىيىنگەن شەيخ جالالىددىن، بەردى باي، بەگ ئوغلى ۋە بىرقانچە يارانلىرى سۈرلۈك قىياپەتتە چىقىپ جىنازا ئالدىدا توختىدى. شەيخ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە بىر قاراپ چىقتى، ئاندىن ماتەم ئاھاڭىدا سۆز باشلىدى:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىزلەركى، ئاللانىڭ سادىق قۇلى، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ پېشۋاسى ئۆلىمايى ئىكرام ئابدۇل جاپپارنى قاتىللار ئۆلتۈرۈپ كېتىشتى. بۇ، ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېغىر ماتەم، — ئۇ قايغۇلۇق قىياپەتتە توختاپ قالدى ۋە مىشىلداپ، قولياغلىقىنى قولتۇقىدىن ئېلىپ كۆزىنى سۈرتتى. كىشىلەر ئارىسىدىمۇ پىخىلداپ يىغلاشلار پەيدا بولدى. گايىلىرى ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلايتتى. ئاۋۇ ئىككى يىگىت بىر-

بىرنى شەرەتلەپ، توپنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتتى. شەيخنىڭ قىياپىتىدە بىر خىل «غەزەپ» ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، ساقاللىرىنى سىلكىتىپ سۆزلەپ كەتتى، — مۇسۇلمان بۇرادەرلەر! ئاللاھۇ تابارەك ۋە تائالانىڭ سادىق بەندىسى، مۇھەممەد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جان پىدا ئۈممىتى، بىزنىڭ قەدىرلىك ئۇستازىمىز شەيخ ئابدۇل جاپپار ئاللا يولىدا، دىن يولىدا، شېھىت بولدى. ئۇنى مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان دەھرىلەر ئۆلتۈردى. بىز ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالمىساق، ئاللا بىزنى كەچۈرمەيدۇ، مۆمىنلەر...

شەيخنىڭ بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان نۇتقى تۇيۇقسىزلا پەسىيىپ كەتتى. ئۇ توپ ئارىسىدا بىرەر قورقۇنچلۇق ئىشنى كۆرگەندەك ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە بەردى بايىنى ئىلگىرى سۈرۈپ «سىز سۆزلەڭ» دېگەن شەرەتنى قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ دالدىسىغا ئالدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان كىشىلەر بىر-بىرىگە قاراشتى. شەيخنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن «دەھشەت» ھىلىقى ئىككى يىگىت ئىدى. بۇ يىگىتلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. جۈمەدە خۇتبە ئوقۇغاندا، مەدرىستە ۋەز ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ شەيتان كۆزلىرى بۇ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشقانىدى. بىرنەچچە قېتىم يول ئۈستىدىمۇ ئۇلارنى ئۇچرىتىپ چۆچۈپ ئۆتكەنىدى. ئەنە شۇ ئوتلۇق كۆزلەر يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى بۈگۈن باشقىچىراق بولسىمۇ، كۆزلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. تەجرىبىلىك شەيتان كۆزلەرنىڭ ئۆز رەقىبىنىڭ كۆزلىرىنى تونۇماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— شەيخ جالالىدىن باغدادى ياخشى سۆز قىلدى، بۇرادەر-

لەر، — دەپ سۆز باشلىدى بەردى باي، — بىز ئۇلۇغ ئۆلىمايىمىز، ئۇستازىمىز ئابدۇل جاپپارغا ئېچىنىش بىلەن ماتەم بىلدۈرىمىز. ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى ئېيىپ جازالايمىز. لېكىن، گەپ ئۆلتۈرگۈچىدىلا ئەمەس، ئارقىسىدىكى چوڭ قاتىللاردا. بىزنىڭ دىن يولىدا جان پىدا تالىپلىرىمىز بولتۇر دەھرىلەر مەدرىسىگە بېرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. بىرسىگە مۇشتمۇ تەگكەنىدى. ئۇلار بىزدىن ئۆچىنى ئالدى، بىزمۇ ئىنتىقام ئالىمىز. قانغا قان، جانغا جان!

كىشىلەر ئارىسىدا "ئىنتىقام ئالىمىز، قانغا قان ئالىمىز!" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. سۇپىغا يېقىن تۇرغان بىر توپ كىشىلەردىن بۇنداق ئاۋاز چىقىراق، چوڭىراق چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق، بېشىغا سەرپۇچ تەلپەك، ئۈستىگە بەقەسەم يەكتەك كىيگەن بىرسى سەكرەپ سۇپىغا چىقتى. ئۇ تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاغىنىلەر! ئويلاپ باقىلى، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئۇستازىمىز دەھرىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ — كىشىلەر ئىچىدىن "قاراپ تۇرمايمىز!"، "ئىنتىقام ئالىمىز!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى، — بىز ئەلۋەتتە قاراپ تۇرالمايمىز. بۈگۈن بوش كەلسەك، ئەتە باشقا ئۇستازلىرىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۆگۈن مەدرىس-مەسجىدلىرىمىزنى چاقىدۇ، ئاندىن خۇدانىڭ سادىق بەندىلىرىنى بىرنى قويماي قىرىدۇ، بىز قاراپ تۇرمايلى. بىزنىڭ ئۇلۇغ خانىمىز بۇغراخان ئادىل پادىشاھ. بىز شېھىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا بارايلى. ئۇ كىشى بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى يەردە قويمايدۇ!...

"بولىدۇ، خانغا بارايلى!" دېگەن ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلدى. سۇپا ئالدىدا تۇرغان تالىپ سىياقىدا كىيىنگەن ياشلار سەكرەپ چىقىپ

جىنازىنى كۆتۈرۈپ سۇپىدىن چۈشتى. ئالدىدا بىرقانچىسى "پوش-پوش" قىلىپ يول ئاچتى. جىنازىنىڭ ئەتراپىنى كىشىلەر ئوراپ ماڭدى. ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى جىنازا ئالدىدا يىغلاپ مېڭىشتى...
ئۇلار شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى بىر ئايلىنىپ ئوردۇ ئالدىغا ماڭدى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى...

ئۇلار كەلگەندە ئوردۇ قوۋۇقلىرىدا، خانلىق بەلگە يۇرتى ئەتراپىدا قوراللىق چېرىكلەر سانجاق-سانجاق تۇرۇشاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى كېتىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن نامايىشنىڭ باشلامچىلىرى ئەيمەندى. لېكىن، ئۇلارمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار جىنازىنى ئوردۇ قوۋۇقى ئالدىغا قويۇپ ۋارقىراشتى: "قانخاقان ئالىمىز!"، "ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈشىنى تىلەيمىز!"، "قاتىللارغا جازا بەرسۇن!" دېگەن ۋارقىراشلار چىقىپ تۇردى. ئۇلار خېلى ۋارقىراشقاندىن كېيىن، ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ ئوردۇدىن چىقتى. ئۇنىڭ چىقىشى بىلەن ۋارقىراشلار تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ، مەيدان جىمىغاندىن كېيىن سۆز قىلدى:

— يارانلار! ئادەم ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس. ھەقىقىي قاتىلنى تېپىپ ئۇنىڭغا چوقۇم جازا بېرىش كېرەك. ئۇلۇغ خانىمىز سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا قايتىپ جاۋاب كۈتۈشۈڭلارنى تاپشۇردى. شەھەر تىنچلىقىنى بۇزماسلىق كېرەك، ئىش چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، قايتىڭلار!

يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ئاستا-ئاستا ئارقىلىرىغا بۇرۇلۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئەگەشتى. ھېلىقى تالىپلار يەنە ۋارقىرايتتى.

تالىپ سىياقىدىكى بىر سەللىلىك تېز قەدەم تاشلاپ ئالدىغا

كەلدى ۋە ئوردۇ ئاغىسىغا قاراپ:

— چوڭ قاتىل ئۆلۈككە جازا بېرىلسۇن! — دەپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىرىدى.

— ئويلاپ سۆزلەش كېرەك. كىشىگە تۆھمەت قىلىشقا بولمايدۇ! — دېدى بارسبەگ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇپ.

— مانا بۇ نېمىگە، ئۆلۈكنىڭ نامى ئويۇلغان بۇ قانلىق خەنجەرگە نېمە دەيسىز؟ — دېدى ئۇ تالىپ غەزەپ بىلەن ۋە لاتىغا ئورالغان قانلىق خەنجەرنى بارسبەگكە سۇنۇپ.

كىشىلەر ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە قاراشتى.

— خەنجەرنى ماڭا بەر! — دېدى بارسبەگ ۋە ئېلىپ قاراپ ئۆلۈكنىڭ خەنجىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى، "بىر ئويۇن بار" دەپ ئويلىدى ئۇ، كېيىن كىشىلەرگە ئىش ئېنىقلىنىدىغانلىقىنى ۋە قايتىشلىرىنى ئېيتتى.

ئوردۇ ئاغىسى قايتا-قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئازىيىپ مەيدان بوشاپ قالدى. ئالدىدىكى بىر توپ كىشىلەر ۋارقىرىغانچە ئوردۇ قوۋۇقىنىڭ پەلەمپىيىگە يېقىنلاپ بارغانىدى، ئىككى ياندىكى چېرىكلەر ئۇلارنى قىسىپ كەلدى. ئوردۇ ئاغىسى گەپ-سۆزسىز ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئالدىدىكى تالىپلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بىر توپ كىشىلەرلا قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارمۇ ئالدى-كەينىگە قاراپ بېقىپ جىنازىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئوردۇ ئالدىدىن چېكىندى.

* * *

ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىككى چوڭ ۋەقە سىرتۇق بۇغراخاننىڭ باش قېتىنچىسىنى ئاشۇردى. ئۇ بۇنىڭسىزمۇ خېلىدىن

بېرى ئەل ئىشىنى چوڭقۇر ئويلاپ كەلمەكتە ئىدى...

قاراخانىلار خاندانلىقى بارغانسېرى ئۇلغايدى، كېڭەيدى، ئەلدە بىرلىك كۈچەيدى. ئوقۇش-ئاقارتىش ئىشلىرى خېلى ئۆسۈپ قالدى. دۆلەت بىرلىكىمۇ كۈچەيدى، ئىلىكخانلىقلار ۋە باشقا خانلار سۇتۇق بۇغراخاننى قوللايدۇ. ئايماق، كەنتلەر پەرمانغا بويسۇنىدۇ. سۇتۇق بۇغراخاننى ئالاھىدە خۇش قىلىدىغان يەنە بىر ئىش، قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن ماچىن خاندانلىقى قاراخانىلار خاندانلىقىنى قوللىدى، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، سەمىمىي دوستلۇق ئورنىتىلدى.

بۇ ئەھۋاللارنى ئويلىغاندا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. ئەمما ئىشنىڭ يەنە بىر ياقىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى: ئەل ئىچى دېگەندەك تىنچ ئەمەس. تارىخچىلار بىلەن يەر ئىگىلىرى ئارىسىدا، خەلق بىلەن ئەمەلدارلار ئارىسىدا زىتلىق كۈچىيىپ قالدى. دىنىي زىددىيەتلەر تۈگىمىدى. پاراۋانلىق تېخى تۆۋەن. ئوقۇش-ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. چەت ياغىنىڭ بېسىپ كېلىش ۋەھىمىسى كۈچەيدى. چەتنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل كېلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ياخشىلاش كېرەك. چەتنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشلا ئەمەس، ئۇ ياققا بېرىپ سامانىلار زۇلمى ئاستىدىكى تۈرك ئۇلۇسلىرىنى قۇتقۇزۇش كېرەك. چېرىك كۈچى تېخى بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ...يەنە دۆلەت خەزىنىسى...

بۇغراخان تارىخچىلار قوزغىلىڭىدىن كېيىنلا ئوردۇدىكى بەزىلەرنىڭ چەت بىلەن باغلانغان سۇيىقەستىنى ئويلاپ غەزەپلەندى.

ئاخشام كەنجىبەگنىڭ بەرگەن ئاخباراتىدىن مەلۇم بولدىكى

ياغىنىڭ ئۆيىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋېتىپتۇ. ئىش مۇنداق بوپتىكەن:

بۇلتۇر خانلىق بىلىگ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، شەيخ جالالىددىن يېڭى قەست تەييارلىغانىكەن. قەست — ئىلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش بوپتۇ. ئۇنى يوقاتماي ئوردىدا ئۈستۈنلۈك ئالغىلى، خەزىنىچىنىڭ يۇقىرى ھوقۇقىنى تىكلىگىلى بولمايدۇ، لېكىن، ئىلىكنى يوقىتىش ئاسان ئەمەس. كىشىلەر ئۇنى ياقلايدۇ.

ئاخىر چارە تېپىلدى: "ئۆز مۇرتىنىڭ قولى بىلەن تۈنجۈقتۇرۇش، بۇ ئوبدان چارە، ئەپلىك چارە" دېدى شەيخ كۆڭلىدىن خۇش بولۇپ. كېيىن ئۇ بۇ چارىنى ئىنتايىن مەخپىي ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئويلاپ، خەزىنىچىدىن باشقا كىشىگە ئېيتماسلىققا قارار قىلدى. خەزىنىچى ئەلۋەتتە قوشۇلدى ۋە شەيخنىڭ ئىش بىلەرمەنلىكىنى ماختىدى. ئەمما، "ئىش قەتئىي پاش بولۇپ قالماسلىقى كېرەك" دەپ ئاگاھلاندۇردى، شەيخ ۋەدە بەردى. ئۇ خەزىنىچىدىن ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا كۈچلۈك، ئاغزى چىڭ ئىككى ئادەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خەزىنىچى رازى بولدى.

شەيخ قەشقەردە پەيدا بولغان كۈنلىرىدىن باشلاپلا قاسساپ پالۋانغا كۆزى چۈشكەنىدى. "ئىندەككە كەلسىلا ئىشقا يارايدىغان ئادەم" دەپ ئويلايتتى ئۇ. كېيىنكى كۈنلەردە، پالۋاننىڭ بەش نامازدىن، جۈمەدىن قالماي مەسجىدكە كېلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا "روھانىي مېھرىبانلىق" كۆرسەتتى. پالۋانمۇ شەيخنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى. شەيخنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيىگە بېرىپ

سالام بېرىپ، «نەسىھەت» ئاڭلاپ تۇرىدىغان، گايىدا قوي گۆشىنىڭ ئۇبدان جايلىرىدىن «نېسىۋە» ئاپىرىپ بېرىپ «دۇئا» ئېلىپ تۇرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن پالۋاندىكى سادىدا «دىندار»لىق ۋە ئاللا يولىدا پىداكارلىق، شەيخكە بولغان ئىخلاس بارغانچە ئېشىۋەردى، شۇنداق قىلىپ، شەيخ كۆزىنى باغلاپ نەييارلىغان بۇ «بۇركۈت»نى بىرىنچى قىلىپ خانلىق بىلىگ يۇرتىنى چېقىش ئىشىغا سېلىپ كۆردى.

ئۇ شەيخنىڭ ئۇيلىغان يېرىدىن چىقمىدى. ئىلىككە مۇشت ئاتتىيۇ، لېكىن ئىلىكنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزىگە ئېرىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى، ئۆيىگە بېرىپ توۋا قىلدى. پالۋان ئىلىككە ئابدۇل جاپپارنىڭ بىلىگ يۇرتىنى چېقىش قەستىنى سۆزلەپ بېرىۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئىلىك بولسا چارە قىلىش تۈگۈل، ئۇنى ھۆرمەتلىدى، ئۇلار دوست بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلىكنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدۇ، ئىلىك ئۇنى ئىسسىق قارشى ئالىدۇ، ئەمدى يامانلارغا ئالدانماسلىقنى جېكىلەيدۇ. پالۋان ئىلىكنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ «ئەجەب ئۇلۇغ ئادەمكەن، ئاللا مۇشۇنداق ئادەملەرنى چىقراق ياراتسا بولمامدىكىنا» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىلىك ئەۋلىياغا ئوخشايتتى. پالۋان ئىلىكنى ھەرقېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ «ئۇلۇغ ئادەم»گە مۇشت ئاتقانلىقىغا نومۇس قىلاتتى ۋە يەر ئاستىدىن مۇشتى تەگكەن ئىلىكنىڭ پېشانىسىگە، سۇنغان چىشىغا قاراپ قويىاتتى-دە، «بۇ ئەۋلىيا ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ ئويلايتتى. بۇ يىل قۇربان ھېيتتا پالۋان بىر سېمىز پاقلاننى ئۆشنىگە ئارتىپ ئىلىكنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلدى. ئىپارگۈل بىلەن ھاماچا پاقلاننى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېيتىسمۇ، پالۋان گەپ قىلماي، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ بېشىنى

ئېگىپ تۇرۇۋالدى. ئىلىك ئۇستاز كېلىپ قېلىپ ئەھۋالنى ئۇقتى، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چاي قويدى. ئۇ پالۋاننىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن پاقلاننى قوبۇل قىلدى ۋە بىرەر سوۋغا بىلەن ياندۇرۇشنى ئويلاپ ئۆيگە قارىغانىدى، تامدا ئېسىقلىق خەنجەرگە كۆزى چۈشتى. بۇ خەنجەرنى يېڭىسارلىق بىر پىچاقچى دوستى سوۋغات قىلغانىدى. ئۇنىڭ سېپىغا "ئىلىك ئۇستازغا" دېگەن سۆز چېكىپ سوقۇلغانىدى. ئىلىك خەنجەرنى ئېلىپ كېلىپ پالۋانغا سۇندى، "قاساپ پىچاققا ئامراقتۇ، سىزگە خاتىرە بولسۇن" دېدى. پالۋاننىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمىدى، ئۇ قىزىرىپ كەتتى، قويۇپ يېرىم ئېگىلىپ تازىم قىلدى... شۇنىڭدىن كېيىن پالۋاننىڭ ئىلىك ئۇستازغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئىلىكنى سېغىنغان چاغلىرىدا تامدا ئېسىقلىق تۇرغان خەنجەرنى ئېلىپ توپىسىنى سۈرتۈپ، ئايلاندۇرۇپ قاراپ، يەنە ئېسىپ قوياتتى. بىركۈنى خاتۇنى ئۆي تازىلاۋاتقاندا، خەنجەر تامدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنداق خاپا بولۇپ خاتۇنىغا مۇشت كۆتۈردىكى، ئەگەر ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالمىغاندا، بۇ مۇشت بىلەن خاتۇننىڭ ھالى قانداق بولاتتىكىن - تاڭ! "بىلەمسەن گالۋاڭ، بۇ ئۇلۇغ كىشى بەرگەن تەۋەررۈك" دېدى ئۇ ۋە كۆتۈرۈلگەن مۇشتىنى چۈشۈرۈپ، خەنجەرنى جايىغا ئاستى. كېيىن مېھماننى قارشى ئالغىلى ھويلىغا چىقتى.

شەيخ پالۋاننىڭ ئىلىككە سادىق مۇرىت بولۇپ باغلانغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنىدى. بىركۈنى پالۋان ئۆيىگە كەلگەندە سىناپ: "پالۋان، ئىلىك ئۇستاز سىزگە مېھرىبانغا ئوخشايدۇ، بۇ سىز ئۈچۈن شەرەپ، ئۇ ئۇلۇغ ئادەم" دېگەندە، پالۋان: "ئۇلۇغ بولمايچۇ، دۇنيادا ئاشۇنداق ئوبدان ئادەمدىن يەنە بىرسى بار دېسە

مەن ئىشەنمەيمەن" دېدى.

— سۆزىڭىز بەك توغرا، — دېدى شەيخ كۆزلىرىنى قىسىپ ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ، — لېكىن، ئاشۇنداق دانا كىشىگە مۇشت ئېتىپ قويغىنىڭىز ياخشى بولمىغان-دە...

پالۋان قىزىرىپ ئوڭايسىزلاندى:

— ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇل جاپپار مېنى ئالداپ كەتكەن... ئۇستازىمىنى كەچۈردى، — دېدى.

شەيخ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال قارماقنى تاشلىدى.

— بىلەمسىز، پالۋان، يەنە شۇ ئادەم ئۇستازىڭىز جېنىنى ئالماقچى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى پالۋان ۋە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — نېمە دېدىڭىز؟ كىم، قانداق قىلىپ؟!

— يەنە شۇ سىزنى مۇشت ئاتقۇزغان ئادەم. بۇدا مۇشت بىلەن ئەمەس، پىچاق بىلەن...

— مەن ئۇستازنى جېنىم بىلەن ساقلايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلسىلا شەيخىم، مەن ئۇستازنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىتنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!

— بارىكاللا! جانابىي ھەق تائالانىڭ دانا بەندىسىنى قوغداش يولىدا بۇنداق جان پىدا بولغان كىشىنى ئۇ ئۆز دەرگاھىدا ساقلىغاي.

پالۋان ئۆزىنى ئۇنتۇغان دەرىجىدە غەزەپلەندى. ئۇ خۇددى ھازىرلا بېرىپ ئابدۇل جاپپارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تەييارلانغانغا ئوخشايتتى.

— ئۆلتۈرۈك دوستۇم، — دېدى شەيخ، — مەن سىزنىڭ غەيرىتىڭىزگە قايىلمەن، ئالدىراشقا بولمايدۇ، ۋاقتى-جايىنى تاللاش كېرەك.

ئىش ئەپلىك بولسۇن، ئۇ كىشىنىمۇ قوغداش كېرەك، ئۆزىمىزنىمۇ ساقلاش كېرەك.

— خوپ، شەيخىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمەن، — دېدى پالۋان ئازراق جايىغا چۈشۈپ، — لېكىن، ئۇستازنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ئەۋلىيا بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماي قويمايمەن.

— ھەببەللى، بەك ياخشى، — دېدى شەيخ پالۋانغا بېشىنى ئېگىپ، — ۋاقتى يەتكەندە مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن...

ئەسلىدە شەيخ جالالىددىن ئوبدانىراق تەييارلىنىپ، پۇرسەت كۈتمەكچى ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت تارىغچىلار قوزغىلىڭى چىقىپ قالدى. ئەمدى بۇ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىش كېرەك بولدى. گادايلار پېشۋاسىغا نەيزە ئۇرۇپ، خانغا بېسىم ئىشلىتىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنىدى. "بۇركۇت"مۇ تەييار ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئەتىسى كۈنى شەيخ خەزىنىچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ چارىسىگە كۆندۈردى.

كەچلىكى شەيخ قاساپ پالۋاننى چاقىرىپ"ۋاقتى كەلدى" دېدى ۋە چارىنى، جايىنى ئېيتىپ بەردى. پالۋان ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ پىچاق ئىزدىدى، تامدىكى خەنجەرگە كۆزى چۈشكەندە: "توغرا، ئۇستازغا قەست قىلغۇچى شەيتاننىڭ كاللىسىنى ئۇستازنىڭ خەنجىرى بىلەن ئېلىش كېرەك!" دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ خەنجەرنى ئېلىپ، ئاشخانىدىكى يوغان بىلەيگە بىلەشكە باشلىدى...

تۈن يېرىمى بولغاندا كېچىدىكى ئاينىڭ يورۇقىدا پالۋان ئاتلاندى ۋە تام بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ھەممە ياق جىمجىت، يالغۇز پالۋان-

نىڭ ئاۋايلاپ باسقان ئاياغ ئاۋازلىرى شىپىلداپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى... ئاخىرى ئۇ، ئەرزىم مەدرىسىنىڭ ئىچى ئارقىسىدا پەيدا بولدى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ تامدىن يامىشىپ ئۇ ياققا چۈشۈپ كەتكىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پالۋان ئاستا كېلىپ ھۇجرىنىڭ ئارقا پەنجىرىسى تۈۋىدە ئولتۇردى. ئازراق دېمىنى ئالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. پەنجىرىدىن چۈشكەن ئاي يورۇقىدا، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان ئابدۇل جاپپار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خورەك تارتقان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پالۋان پەنجىرىنى ئىتتىرىپ باقسا ئېچىلمىدى. ئۇ پەنجىرىنى بىرنى ئۇرۇپلا سۇندۇرۇپ، سەكرەپ ئۆيگە كىردى-دە، ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتقان ئابدۇل جاپپارنى دۈم بېسىپ، ئۇنىڭ سەللىسىنى ئاغزىغا تىقتى، بېلىدىكى چىگە بىلەن ئاۋۋال قوللىرىنى، كېيىن پۇتلىرىنى مەھكەم باغلىدى. ئاندىن ئابدۇل جاپپارنى يېنى ياتقۇزۇپ، تىزى بىلەن بېلىگە دەسسىدى. ئۇنىڭ ساقىلى بىلەن قوشۇپ ئېڭىكىدىن قاماپ، بېشىنى ئارقىسىغا قايرىدى. ئاندىن خەنجەرنى بېلىدىن ئالدى-دە، ئابدۇل جاپپارنىڭ ئالىيىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ "دوزاختا يول بولسۇن، ئىتنىڭ بالىسى" دېدى، خۇددى قۇربانلىق قوي بوغۇزلىغاندەك خاتىرجەم ھالدا "ئاللاھۇئەكبەر" دەپ خەنجەرنى ئابدۇل جاپپارنىڭ بوغۇزىغا ئۇردى. ئېتىلىپ چىققان قان تامغا چاچرىدى. ئابدۇل جاپپار تىپىرلاپ-خىرقىراپ كېيىن جىمىپ قالدى...پالۋان بىرنېمىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى پەنجىرىگە ئاتقاندا، بېلىدىكى خەنجەر چۈشۈپ قالدى. ئۇ تامدىن ئاتلاپ چۈشكەندە، كۆزىدە چاقماق چاققاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيتتى...

پالۋان ئېسىگە كەلگەندە، بىر ئۆينىڭ ئىچىدە، كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، ئالدىدا ئىككى يىگىت قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغانىدى، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، بولالمىدى. "قوزغالماڭ، پالۋان، — دېدى بىر يىگىت، — بېشىڭىز قاتتىق يارىدار بولغان". يىگىت ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى: مەدرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى يولدا بۇ ئىككى يىگىت ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئىككى ئادەم ھۆمۈدەپ-ھاسىراپ تاغاردا ئېغىر بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بېرىپتۇ. يىگىتلەر بىر ئىش بارلىقىنى پەملەپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قوللىرىنى باغلاپتۇ. تاغارنى ئاچسا پالۋان چىقىپتۇ. ئۇ، گەپ قىلالماپتۇ، ھوشسىز ئىكەن، كوچىنىڭ نېرىسىدىن ئىككى قارۇغچى چىقىرىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. پالۋاننى بولسا شەھەر قارۇغچى مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ... پالۋان ئاڭلاپ ھەيران بولدى، "سىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ مەن ئۇستازنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈردۈم. ئۇستاز ساق قالدى. مەن ئۆلسەم مەيلى" دېدى-دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى. كېيىن ھوشىغا كېلىپ پالۋان ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئىش ئايدىڭلاشتى. قارۇغچى مەھكىمىسى سۈيىقەست ئىشىغا چارە قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەندى، بامدات نامىزىدىن كېيىنلا نامايىشچىلار كوچىغا چىقىپ كەتتى. قارۇغچى باشلىقلىرىمۇ شۇ ئىش بىلەن بولۇپ كەتتى.

كەنجىبەگ ئەھۋالنى ئۇقتى. ئۇ، شۇ ئاخشىمى شەيخ جالالىددىننى تۇتتى. ئاندىن، بەردى باي بىلەن باي ئوغلىنىمۇ تۇتتى. كەنجىبەگنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆزىتىشى بويىچە قىلغان گۇمانى توغرا چىقتى. قوي تېرىسىگە ئورالغان بۆرە ئاشكارا بولدى. لېكىن

بۇنىڭ ئوردۇدا ئىزدىكى بار ئىدى. بۇ ئىزدەك — خەزىنىچى ئىدى. كەنجىبەگنىڭ بىر ئولچىنى تۇتۇش ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن، ئۇنى خاننىڭ قارار قىلىشىغا قالدۇردى...

سۇتۇق بۇغراخان باغنىڭ يوشۇرۇن ساقلىنىپ تۇرۇشىغا غەزەپلەندى، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى پاش قىلغانلىقىغا يەنە خۇش بولدى. بۇغراخاننىڭ دوستلىرىمۇ "بۇ يامان ئىش، ھەم ياخشى ئىش بولدى" دېيىشتى. مانا مۇشۇنداق قىيىن، چىگىش ئىشلار سۇتۇقنى قىينايتتى. ئۇ ئوڭ - سولدىن چوڭ ئىككى تاغ قىستاپ كېلىۋاتقاندەك، يۇقىرىسىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قانداقتۇر بىر دەھشەت بېسىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يېقىنقى ۋەقەلەر بولسا بۇ بېسىمنى كۈچەيتىۋەتتى. "قانداق قىلىش كېرەك؟" بۇ سوئال سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆز ئالدىدىن زادى كەتمەيتتى. بىرگە جاۋاب تاپسا يەنە بىرى كېلەتتى. بۇدا بۇ سوئال ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىن قاتتىقراق قويۇلدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

"چارە تېپىش كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — يا يول تېپىپ ھەممە ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇش، يا بولمىسا ئاشۇ تاغلار ئارىسىدا مىجىلىپ تۈگەش كېرەك!... ياق، تۈگەپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ تۈگىشىملا ئەمەس، ئەلنىڭ تۈگىشى بولىدۇ... چوقۇم يول تېپىش كېرەك، چارە تېپىش كېرەك... ئەل بار، كۈچ بار..."

سۇتۇق بۇغراخان ئاخشام تۈن يېرىمىدىلا "ئۇيغۇرۇش ھالقىسى"نىڭ ئەزالىرى ئارسلانبەگ ۋە ئىلىك ئولچىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى. ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان ئۇستاز بىلگە تېكىنمۇ مەسلىھەتكە تەكلىپ قىلىندى. خانىش ئايدىنىڭ، ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ،

توغرۇلبەگ ۋە قىلىچلارمۇ قاتناشتى. شۇ تاپتا، ئاخشام توختاپ قالغان مەجلىس داۋام قىلماقتا.

سۇتۇق بۇغراخان خېلىدىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىلىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئەھۋالى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىنى، يېقىنقى ۋەقەلەر قىيىنچىلىقلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم ھەل قىلىشقا نىيەت باغلىغانلىقىنى ئېيتىپ، "نىيەتقۇ نىيەت. لېكىن، قانداق چارىلەر بىلەن بۇ قىيىنچىلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆزلىگەن نىيەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟" دېدى ۋە دوستلىرىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن نەزەر سالدى.

بۇ مەسىلىلەر سۇتۇقنىڭ دوستلىرىمۇ ئويلىشىپ كېلىۋاتقان ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى، مۇرەككەپ، قىيىن مەسىلىلەر ئىدى. بىلگە نېكىن ئۆيدە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك ئويلايدىغان، بولتۇر سۇتۇق بۇغراخان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئويلىغانلىرىنى ئېيتقانىدى. ئارسلان بىلەن توغرۇل چېرىك ئىشلىرى يېقىندىن جىقراق ئويلايتتى، خانىش ئايدىڭ بىلەن قىلىچ چەتنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل كېلىش توغرىسىدا ئويلايتتى. ئىلىك ئۇلچى بولسا ئىشنى تۈپتىن ھەل قىلىشنى ئويلايتتى. بۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلارمۇ جىددىي ئويلاشتى ۋە پىكىر ئېلىشتى.

— ئىشنى ئەكتىدىن ئويلاش كېرەك، — دېدى ئىلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئۇل چىڭ بولمىسا تام تۇرمايدۇ. يىلتىزمۇ سۇ ئىچمىسە دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ. يەر مەسىلىسى — تۈپلۈك مەسىلە. كۆپ يەر ئىگىلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ يەرسىزلەرگە بېرىش كېرەك ئىدى. يەرسىزلەرمۇ ئۆز يەرلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپ قورساق باقسۇن...

— توغرا گەپ، — دېدى بىلگە تېگىشلىك ئاق ساقاللىرىنى سىلاپ، — بۇ توغرىدا خېلىدىن بېرى ئويلاشتۇق. تارىخچىلار زۇلۇمغا چىدىماي كۆتۈرۈلدى. ياغى بولسا سۇيىقەست بىلەن خاندانلىقنا بېسىم ئىشلەتمەكتە. ئۇلار نېمىشقا ئېلىك ئۇستازنى تاللىدى؟ ئېلىك ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان كۆز قاراشلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىدى، دەپلا بىر ئىككى-سىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ بولدى قىلماسلىق لازىم. ئەمدى تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان بىر قارارغا كېلىش ۋاقتى كەلدى، ئېلىك ئۇستاز ئېيتقاندەك ئەلنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىش كېرەك. قىسقىسى، ئەل تۈزۈمىدە بىر چوڭ ئۆزگىرىش قىلىش، ئەرەبلەر سۆزى بىلەن ئېيتقاندا "ئىسلاھات" قىلماق كېرەك...

سۇتۇق بۇغراخان قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇراتتى. باشقىلارمۇ ئويغا چۈشۈپ قالدى. بۇ، راستىنلا باش قاتۇرىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. "كىچىك ئىش ئەمەس، — دەپ ئويلايتتى سۇتۇق بۇغراخان، — تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش، ئۆزگەرتىش، يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش، پۇللىرىنى تارتىۋېلىش...بۆلۈپ بېرىشقۇ ئاسان گەپ، لېكىن ئۇلار بېرەمدۇ، بەرمەسمۇ؟...زورلۇق بىلەن تارتىۋالساق، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمامەن!...

— "تارتىۋېلىش، بۆلۈپ بېرىش" ئوبدان چارە، — دېدى خانىش، — كۈچ ئىشلىتىش كېرەك. چەتنىڭ پايلاقچىسى شەيخ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى شېرىكىنى تۇتۇشلا يەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوردىدىكى كونا تېرىكىنى يوقىتىش كېرەك. ئېلىش-بېرىش، تەكشۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت پەرمانى چىقىرىش، ئەگەر بويسۇنمىسا جازا بېرىش كېرەك، —

خانىش بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — يەر ئىگىلىرىدى-گىمۇ مۇۋاپىق قالدۇرۇش كېرەك. قانچىلىك ئېلىپ، قانچىلىك قالدۇرۇش كېرەك؟ كىمگە قانچە بېرىش كېرەك؟ بۇ، ئوبدان ئويلاي-دىغان ئىش.

سۈتۇق بۇغراخان ئويچان ھالدا پىكىرلەرنى ئاڭلايتتى.

— ئۇلار قىلىچ بويىنىغا ئەگمىگىچە تەن بەرمەيدۇ، — دېدى ئارسلان، — ئۇلاردىن قورقساق كۆپچىلىكتىن ئايرىلىمىز، كىمدىن قانچىلىك ئېلىش، كىمگە قانچىلىك بېرىشنى ئويلاشقان ياخشى. مېنىڭچە ئاۋال چېرىكلەرگە، چېرىك ئۆيلىرىگە، قوشۇندىن قايتقان چېرىكلەرگە بېرىش، يېرى ئاز چېرىكباشلىرىغا بېرىش كېرەك. چېرىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى گادايى بالىلىرى، ئۇلار جان تىكىپ ئەلنى قوغدايدىغانلار، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنچ بولمىسا، دۆلەتتىن رازى بولمىسا بولمايدۇ.

— چېرىكلەر ئۆيى، بالا-چاقىلىرىدىن كۆڭلى ئارام تاپسا چېرىك كۈچىمىز چىڭ بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى توغرۇلبەگ.

قىلىچ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن دېدى:

— ھازىر ئەلدە زىتلىق چوڭ، بايلار-گادايلار ئىككى تەرەپ، چېكى ئوچۇق. دۆلەت قايسى تەرەپتە تۇرىدۇ؟ چوقۇم بودۇننىڭ ئەڭ كۆپ سانىنى تۇتقان، بايلارنى، بىزنى، دۆلەتنى بېقىۋاتقان تارىغچىلار، ھۈنەرۋەنلەر تەرەپتە تۇرۇش كېرەك. بۇ تۈپلۈك ئىش. شۇنداق قىلغاندا بودۇن رازى بولىدۇ، بىزنى ياقلايدۇ، ئازچىلىق نارازى بولۇپ بىزگە قارشى بولسا، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. يۆلەن-چىكىمىز چىڭ بولسا، قورققۇلۇق ئەمەس...

دوستلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇغراخاننىڭ چىرايى ئېچىلغاندەك، مېڭىسىدىكى چىگىش يېشىلگەندەك بولدى.

— ئوبدان سۆزلەر بولدى، — دېدى بۇغراخان، — ئالدىمىزدىكى ياغىغا قارشى تۇرايلىق، ئىشنى تەكتىدىن ھەل قىلىش، تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش، بارلاردىن ئېلىپ يوقلارغا بۆلۈپ بېرىش — بۇ، بەك ئوبدان پىكىرلەر. شۇنداق قىلايلۇق. ھازىرغىچە "بېسىشمۇ"، "يۆلەشمۇ" بوش بولدى. ئەمدى قاتتىقراق بېسىش، ئوبدانراق يۆلەش كېرەك. ئۇلىنى كۈچەيتىش، بىنانى قوغداشنىڭ تۈپلۈك يولى. توغرا گەپ... — بۇغراخان بىرئاز ئويلىنىپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بىز كۆپچىلىك بودۇن تەرەپتە ھەم چېرىكلەر تەرەپتە تۇرىمىز. لېكىن، بايلارنىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلار ئۇل بولمىسىمۇ، بىر ئاساسىي غول شاخ. ئۇلار بولمىسىمۇ بولمايدۇ. كىمدىن قانچىلىك ئېلىپ، كىملەرگە قانچىلىك بېرىش كېرەك؟ بۇ، ياخشى ئويلايدىغان ئىش. بولمىسا چاتاق مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ. مېنىڭچە: ئۆزىگىمۇ قالدۇرۇش، دۆلەتكە، يۇقىرى ئەمەلدارلارغا، يۇقىرى چېرىكباشلىرىغا، چېرىكلەرگە، ئاندىن نامراتلارغا بۆلۈش كېرەك. كىمگە قانچىلىك بۆلۈش تېگىدىغانلىقىنى ئىلىك ئۆلچى تۇغرۇلبەگ، بارسبەگ ۋە قىلىچلار مەسلىھەتلىشىپ بىر پىكىر تەييارلىسۇن...

— خاننىڭ پىكىرلىرى بەك توغرا. شۇنداق قىلايلۇق، بىر پىكىرمۇ تەييارلايلۇق، — دېدى ئىلىك سالماق ئاۋاز بىلەن، — ئۆزىگە قانچىلىك قالدۇرۇش، كىملەرگە قانچىلىك بۆلۈش كېرەك؟ ئۆزىگە كېرىكىدىن ئوشۇق ھەتتا بىرنەچچە ھەسسە ئوشۇق قالدۇرۇش-قىمۇ بولىدۇ. كۆپ قالدۇرسا، ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى سۇندۇرغىلى

بولمايدۇ. بۇلۇپ بېرىشتە دۆلەتكە بىر قىسمىنى قالدۇرغان ياخشى. دۆلەت ئالمىسىلا بولماي، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزى باقىدىغان بولسۇن، ئۇنىڭدىن قالغىنىنى ئاۋۋال تارىغچى، ئىشلەمچى نامراتلارغا، ئاندىن چېرىكلەرگە ۋە چېرىكباشلىرىدىن يېرى، پۇلى ئازلارغا بېرىش؛ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمەلدارلارغا بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇلار يېرى جىق، پۇلى جىق ئادەملەر. ئايرىم يېرى يوق، پۇلى ئاز، پارا يېمەيدىغان ئەمەلدارلارغا بولسا ئاز-تولا بېرىشنىمۇ ئويلاشساق بولار...

— قاراڭلار، دوستىمىز ئىلىك ھەمىشە بىزگە بىگىز سانجىغىنى سانجىغان، — دېدى بۇغراخان كۈلۈپ، — بۇمۇ ياخشى، كىشى ئۇخلاپ قالمايدۇ. باشقىلار نېمە دەيسىلەر؟

باشقىلار قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۈتۈق بۇغراخان رازى بولدى.

* * *

نۆۋەتتىكى ئوردۇ كېڭەشمىسى ئالدىدىن ئولچى ئەربابلار تەخت سارايىدا جەم بولۇپ خاننى كۈتەتتى. كىشلەر جىمجىت، قورقۇنچ باسقاندەك يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. سۈتۈق بۇغراخان چىققاندا، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ، باشلىرىنى ئەگدى. خان خانىش بىلەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، باشلىرىنى ئەگكىنىچە قول قوۋۇشتۇ-رۇپ تۇرۇشاتتى.

— ئولتۇرىلى جانابلار، — دېدى خان ۋە قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ چىقتى. بەزىلەر ئەنسىز، بەزىلەر ئەركىن ئول-تۇرۇشتى، خەزىنىچى بولسا قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ ئەندىشىلىك

ئۆلتۈردى. — بىرنەچچە كۈندىن بېرىكى ئىشلار توغرىسىدا كېڭىشەيلۇق، — دېدى خان.

— كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ خان، — دېدى تىترەپ قويۇپ ئالۋاڭ-ياساق ئولچىسى، — تارىغچى گادايلار ئەزۋەيلەپ كەتتى. ئۇلار ئالۋاڭ تۆلەشكە قارشى، بەگلەرگە پۈت ئاتماقتا، يەنە تىغ كۆتۈرۈپ، توپىلاڭ چىقىرىپ ئادەم ئۆلتۈردى. ئاندىن قالسا، ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈرۈش ئىشى... بۇنداق ئىشلار بولىۋەرسە دۆلىتىمىزنىڭ ئورنى، داڭقى قانداق بولاركىن...

— مۇشۇنداق بولىۋەرسە، يول قويىۋەرسەك دۆلىتىمىز خاراپ بولىدۇ، — دېدى ئىلىك غەزەپ بىلەن قوپۇپ، — ئۇلارنىڭ ھېچ نېمىسى بولمىسا ئالۋاڭنى قانداق تۆلەيدۇ؟ ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈرۈش ئويۇننىڭ سىرى ئېچىلدى. بۇ ئىشنى ئويۇشتۇرغۇچى تەن ئېلىشى كېرەك!

— تارىغچىلارغا ئالۋاڭ-ياساق ئېغىرراق بولۇپ قالغان، ئۇنى ئازايتىشقا بولىدۇ، جانابى ئۇستاز، — دېدى خەزىنىچى ئوڭايسىز ئورنىدىن قوپۇپ قاملاشمىغان كىنايە بىلەن، — لېكىن، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەشتىرى بۇغراخانغا قارىتىلدى. ئۇلار كىمدىن يەر تەلەپ قىلماقچى؟ ئۇلارنى قوللاشنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلىشىش كېرەك! — ئۇ ھىيلىگەر كۆزى بىلەن ئىلىككە قارىۋېلىپ داۋام قىلدى — ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈرۈش ئويۇشتۇرغۇچىنى باشقا يەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىق كېرەك... قانلىق خەنجەر، گۇۋاھلىق بەرمەسمىكىن!...

— توغرا گەپ، — دېدى بىلگە ئېكىن، — ئىشنىڭ تۈگۈنى ئەنە شۇ قانلىق خەنجەردە، خەنجەر ئويۇننىڭ سىرىنى ئاشكارا

قىلىش كېرەك.

— ئۇلۇغ خاندانلىقىمىز ئوردىسىدا يىگىرمە يىللار زەھىرىنى چېچىپ كەلگەن يىلاننى ئۇۋىسىدىن تۇتۇپ چىقىش كېرەك! — دېدى ئايدىڭ غەزەپ بىلەن، كېيىن، — ئۇنىڭ چەت ياقىلىق يېڭى پىرى قاپقانغا چۈشتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئولتۇرغانلار چۆچۈپ بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى، گۇمانلىق كۆزلەر كېلىپ خەزىنىچىگە تىكىلدى. ئۇ قوينىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتتى ۋە چاندۇرمىغان بولۇپ دېدى:

— بەك توغرا. ئويۇننىڭ يىلتىزى ئوردىدا، ئۇنى كولاپ چىقىرىش كېرەك، قانداق دېدىم، جانابىي ئىلىك ئۇستاز!...

— يېتەر، ئەمدى، جانابىي خەزىنىچى، — دېدى خان سالماق ئاۋاز بىلەن، — ئويۇنلارنى يىغىشتۇرۇش ۋاقتى كەلدى. بۇ يېڭى ئويۇن ئەمەسلىكى ئۆزىڭىزگە ئايان. ساۋۇقبەگ گۇرۇھىنىڭ باشلىقى كىم؟ كۆكيار مىڭباشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خاننى ئاغدۇرماق بولغان كىم؟ "دىۋانە" دوستۇڭنى يوشۇرالامسەن؟ يېڭى دوستۇڭ، كېيىن باغدادلىق شەيخچۇ؟ مەككارلىق بىلەن ئابدۇل جاپپارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىلىك ئۇستازغا ئارتماق بولغان كىم؟... بۇ قىلمىشلىرىڭدىن تانالامسەن؟ — خان بارغانچە قىزىپ سۆزلىدى، — چەت ياغى پايلاقچىسى بىلەن بىرلىشىپ خاندانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان قىلمىشىڭدىن تانالامسەن، ئىتنىڭ بالىسى! — خان شىرەگە قاتتىق مۇشتلاپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — سەن يەنە بىزنى ئالدىماقچىمۇسەن؟!

خەزىنىچى تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى:

— ئۇلۇغ خانىم، مەن گۇناھكار، مېنى كەچۈرگەيلا...

— جاللات! — ۋارقىرىدى خان.

ئىككى جاللات كىرىپ، يىلىنىپ-يىغلاپ تۇرغان خەزىنىچىنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سارايىنى قاتتىق سۈر باستى.

بۇغراخان ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇدۇل قاراپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— بىز بوشلۇق قىلدۇق. بۇلارنىڭ شەيتانلىقى بىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ قاتتىق قوللۇق بولمىدۇق. ساۋاقنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بىز مۇنداق قارارغا كەلدۇق:

1. چەت ياغى پايلاقچىسى، ئاتالمىش "باغدادلىق شەيخ" بىلەن بىرلىشىپ ئاغدۇرمىچىلىق ئېلىپ بارغان تېكىن ئاغىچى، بەردى باي، ھاكاۋۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛

2. بۇ مۇناپىقلارنىڭ بارلىق مۈلۈكلىرىنى خانلىققا ئېلىپ، بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى, تارىغچىلارغا، نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىش؛

3. بۇ مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پۈتكۈل ئەلگە جاكالاش؛

4. ئەلدىكى تارىغچىلار، مالچىلار، چېرىكلەرنىڭ تىلەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەر، سۇ، مالنى تەڭشەش؛

5. خاندانلىقىمىز نامىدىن يەر-سۇ، مال تەڭشەش پەرمانى چىقىرىش.

پەرماننى ئوردۇ ئاغىسى بارسبەگ ئوقۇپ بەرسۇن.

ئوردۇ ئاغىسى پەرماننى ئوقۇدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ھۆرمەت بىلەن ئاڭلىدى:

"قاراخانىلار خاندانلىقى دۆلىتىنىڭ يەر، سۇ ۋە چارۋا مال تەڭشەش پەرمانى:

يەر ۋە مالغا ئىگە بولۇشتىكى ئېغىر تەڭسىزلىك ئەلگە ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەكتە. بارلارنىڭ بەك جىق، يوقلاردا يوق. چوڭ يەر ئىگە-لىرى ئۆزىنىڭ يەرلىرىگە باغلىۋالغان يەرسىزلەرنى، ئاز يەرلىكلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىغانچە ئۇرماقتا، ئۆلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ يېرى بار، چېرىكى بار. ئامرات تارىغچىلار، مالچىلار دوزاخ ئازابىغا چىدىماستىن قارشىلىق قىلماقتا. تىلەكلەر قويماقتا. دۆلىتىمىز تارىغچىلارنىڭ "تىرىكلىك، ئەركىنلىك، يەر" دېگەن تىلەكلىرىنى قوللايدۇ. كىشىلەر ئۆز يەرلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنى باقالايدىغان، يالّلانغانلار ئۆزىگە لايىق ئىش ھەققى ئالالايدىغان بولسۇن.

دۆلىتىمىز يەر-سۇ، مال-ئوتلاقلارغا ئىگە بولۇشتىكى تەڭسىزلىكنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇشۇ پەرماننى چىقاردى.

ئېلىش:

1) يەر ئىگىلىرىنىڭ يۈز پاتمانلىقتىن① ئوشۇق يەرلىرى دۆلەتكە ئېلىنىدۇ. قالدۇرۇلغان يەرنىڭ لايىقىدىن ئوشۇق يەرگە سۇمۇ ئېلىنىدۇ.

2) چارۋا ئىگىلىرىنىڭ قوي ھېسابىدا بەش مىڭ قويىدىن ئارتۇقى ئېلىنىدۇ. قالدۇرۇلغان مالغا كېرىكىدىن ئارتۇق ئوتلاقمۇ ئېلىنىدۇ.

3) چېرىكباشلىرىدىن، تۆرىلەردىن ئېلىنمايدۇ.

بېرىش:

ئېلىنغان يەر-سۇ، مال-ئوتلاقلاردىن ئوندىن ئىككىسى دۆلەتكە قالدۇرۇلۇپ، قالغىنى بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

① بىر پاتمان — 132 كىلوگرام، 13 مو، 8.50 چارەكلىككە توغرا كېلىدۇ.

1) يەرسىز ئىجارىچى، يالانما تارىخچىلارغا ئۆي بېشىغا ئون پاتمانلىقتىن، يېرى ئازلارغا بەش پاتمانلىقتىن يەر، تېگىشلىك سۇ بېرىلىدۇ.

2) بىر چېرىك ئۆيگە (ئۆيگە قايتقانلارمۇ بار) ئون پاتمان، ئونباشىغا ئون بەش پاتمان، يۈزباشىغا يىگىرمە پاتمان، تۈمەنباشىغا ئەللىك پاتمان، سۇباشىغا يۈز پاتماندىن يەر ۋە تېگىشلىك سۇ بېرىلىدۇ.

3) مالسىز چارۋىچىلارغا يۈز قوي، ئاز ماللىقلارغا ئەللىك قوي، چارۋىچى چېرىكلەر ئۆيگە ئىككى يۈز قوي، چېرىكباشلىرىغا بەش يۈزدىن مىڭغىچە قوي ھەم تېگىشلىك ئوتلاق بېرىلىدۇ.

باشقا بەلگىلىمىلەر:

1) يەر ئىجارە ھەققى، جازانە ئۆسۈمى ئازايتىلىدۇ. دۆلەت سالىقى ــ يوقلاردىن ئالماسلىق، ئازلاردىن ئاز ئېلىش، جىقلاردىن جىق ئېلىش يولىغا قويۇلىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالۋاڭ ـ ياساق ئېلىشىغا يول يوق.

3) ئادەم ئۇرغۇچىغا قاماق جازاسى، ئۆلتۈرگۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

يەر ئىگىلىرىنىڭ ئايرىم چېرىك تۇتۇشىغا بولمايدۇ.

مۇشۇ پەرمانغا بويسۇنمىغانلارغا دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنمىغانلار قاتارىدا جازا بېرىلىدۇ.

بۇ پەرماننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتلىك، ئايماقلىق، يېزىلىق "تەڭشەش تۈگرىكى" قۇرۇلىدۇ.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان.

توڭگۇز يىلى، بەشىنچى ئاي."

پەرمانىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەممە بىردەك "ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ پەرمانىغا قايىل بىز!" دېدى تازىم قىلىپ.

— يەنە ئوردۇ ئەمەلدارلىرىدا ئالماشتۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدۇق، — دېدى خان ۋە قولىغا بىر قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇدى:

— چەت ئەل ئىشلىرىغا يەنە خانىش ئايدىڭ باشچىلىق قىلىدۇ.

— ئىلىك ئۇستاز — بىلىگ ئاقارتىش ئۇلچىسى.

— بارسبەگ ھاجىپ — ئوردۇ پۈتۈكچىسى.

— قىلىچبەگ ئوردۇ ئاغىسى.

— كەنجىبەگ — قارۇغچى ئىشلار ئۇلچىسى.

— بۆركۈتبەگ — ئاغىچى.

— ئەركىن — ئوردۇ قارۇغباشى.

— قوچقار — شەھەر قارۇغچىباشى.

چېرىك ئىشلار ئۇلچىسى يەنە ئارسلانبەگ.

سۇباشى يەنە توغرۇلبەگ.

ئالۋاڭ-ياساق ئۇلچىلىقى تارىغ-چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلچىلىقىغا شىربەگ قويۇلسۇن.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ تازىم بىلەن تۆگەل رازى بولغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

## تۆتىنچى باب

# يۇرۇشكە تەييارلىنىش

سۇتۇق بۇغراخان تەختكە ئولتۇرغىلى يىگىرمە توققۇز يىل بولدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئەلدە ئاجايىپ زور ئىشلار بولدى، ئۇتۇق-يېڭىلىش، يەنە ئۇتۇق... بۇغراخان ۋەزىيەت تەرەققىيا- تىدىن رازى ئىدى. ئالدىنقى يىلى يەر، سۇ، مال، ئوتلاق تەڭشەش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەل تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولدى. يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرى ۋە چارۋىدارلارنىڭ ماللىرى مەلۇم ساندا ئازىيىپ ھەيۋىسى سۇندۇرۇلدى. يەرسىز، ئاز يەرلىك تارىغچىلار ئاز-تولا يەرلىك بولدى، ھوقۇقلۇق بولدى. چېرىكلەر چېرىكتىن تارتىپ سۆكمەنگىچە جىقراق يەر-سۇ، مال-ئوتلاققا ئىگە بولدى. يەر-سۇ، مال-ئوتلاققا ئىگىدارلىقتىكى ئۆزگىرىش، ئاۋۋال دۆلەتنىڭ، ئاندىن تۆرىلەرنىڭ، چېرىك ئەمەلدارلارنىڭ، كېيىن يەنە ئىكتار- يەر ئىگىلىرىنىڭ، ئاندىن قالسا چېرىكلەرنىڭ، تارىغچىلارنىڭ بولدى. تارىغچىلار ئىگىسىزلىكتىن ئىگىلىككە ئايلاندى. چېرىكلەر يەر، مالدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ھەم چېرىكلەرگە يۇقىرى سىياسىي ھوقۇق بېرىلدى. بۇ، فېئوداللىق تۈزۈمدىكى چوڭ ئىسلاھات ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، خانىدانلىقتا ھەربىي فېئودال دۆلەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. بۇ ئەھۋال ئەلنىڭ ئەمىنلىكى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇردى، دۆلەتنىڭ كۈچى ئۇلغايدى.

ئەلدە تەبئىي زىتلىق بار ئىدى. تۈپ زىتلىق — يۇقىرى بىلەن تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ زىتلىقى ۋە ئىككى خىل دىنىدىكىلەرنىڭ زىتلىقى ئىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا، ھەمسەپدار ئارىسىدا زىتلىق ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ خىل زىتلىقلار بىر دەرىجە پەسىيىپ قالدى.

مۇشۇنداق ئوبدان ۋەزىيەتتە سۇتۇق بۇغراخان "كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلىش ۋاقتى كېلىپ قالدى" دەپ ھېسابلىدى. ئۇ قارا قوچۇ خانلىقى، ماچىن خانى ۋە ئېلىكخانلارغا بىلدۈرگۈ يوللىدى. ئۇ "ئۇيغۇرۇش ھالقىسى"نىڭ قارارى بىلەن يۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن چېرىك كېڭەشى چاقىردى. بۈگۈن ئەنە شۇ چېرىك كېڭەشنىڭ مەجلىسى ئېچىلدى. كېڭەش ئەزالىرىدىن باشقا، قۇتلۇق سۇباشى، شىربەگ سۇباشى، بارسبەگ سۇباشى، چەبەربەگ سۇباشى ھەم باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك چېرىك ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار قاتناشتى. شەھەر قارۇغچىباشى قوچقار، ئوردۇ قارۇغباشى ئەركىن-لەرمۇ قاتناشتى. كېڭەشكە خان ئوغۇل بايتاشمۇ قاتناشتى.

سۇتۇق بۇغراخان چېرىك كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە رەتكە سېلىشنى ئىككى يىل ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرغان: چېرىكنىڭ سانىنى ئىككى يۈز مىڭغا يەتكۈزۈش، قوشۇننى ئەللىك مىڭدىن تۆتكە بۆلۈش. قۇتلۇق-بەگ، شىربەگ، بارسبەگ، چەبەربەگلەرنى سۇباشىلىققا بەلگىلەش ۋە شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاش؛ ئارسلانغا "ئالىپ ئارسلان" دەپ نام بېرىش، توغرۇلبەگكە ئالىپ[1] سۇباشى دەپ نام بېرىش قارار قىلىنغانىدى. ئىككى يىلدىن بېرى چوڭ ئىشلار قىلىندى،

[1] ئالىپ — ئالىي، ئۇلۇغ مەنىسىدە.

قارار ئەمەلگە ئاشتى. "قۇتلۇق قوشۇن" ئاتۇش ئارغۇغا، "بارس
قوشۇن" كۈچارغا، "شىر قوشۇن" يەركەنگە ئورۇنلاشتى. بەش
تاللانغان "ئوردۇ قوشۇن" بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئوردىنى، خاننى
ساقلاش ئىدى. ئوردۇ قاراۋۇلباشى بۇ قوشۇننىڭ تۈمەنباشى
ھېسابلىناتتى. بۇ قوشۇن ئۈستۈن ئاتۇش ئۈچما راۋاندا ۋە تۇتۇرۇ-
گدە بۆلۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەتتەسۇدا بەش تۈمەنلىك
قوشۇن، بالاساغۇندا يەتتە تۈمەنلىك تەييار قوشۇن قۇرۇلدى.
قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىختىيارىدىكى پۈتكۈل قوشۇن ئۈچ يۈز
ئوتتۇز مىڭغا يەتتى. پۈتكۈل ئەلنىڭ قوشۇنى "بۇغرا قوشۇن" دەپ
ئاتىلاتتى. چېرىك تۇغىغا "بۇغرا" دەپ يېزىلاتتى.

بۈگۈنكى كېڭەشنىڭ كۈنتەرتىپى: بۇغرا قوشۇننىڭ ئەھۋالى ۋە
كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئىدى. ئالىپ سۈباشى
توغرۇلبەگ قوشۇننىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى، ئادەم سانى، قورال-
لىنىشى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى. سۈباشىلار قوشۇمچە قىلدى.
ئۇلار قوراللارنى ياغى قورالدىن ياخشى قىلىش كېرەكلىكى، ئاتلارنى
خىللاش لازىملىقى ۋە يېمەكلىك، كىيىم، ئاتلارغا يەم يېتىشتۈرۈش
توغرىسىدا سۆزلىدى.

كېڭەشكە ۋە بۇغراخانغا قوشۇننىڭ ئەھۋالى چۈشىنىشلىك ئىدى.
شۇڭا بۇ توغرىدا جىق توختىلىش بولمىدى. بۇغراخان چۈشكەن
پىكىرلەرگە قېتىلغاندىن كېيىن، قوشۇننى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرى-
سىدا توختالدى:

— قوشۇننىڭ ئۇرۇشچانلىقىنى كۈچەيتىمەك كېرەك. "بۇغرا
قوشۇن" ئېتىغا لايىق قوشۇن بولسۇن. ياغى كۈچلۈك، ئۇنى خام
چاغلىماسلىق كېرەك. ياغى قوشۇنىغا تەڭ كېلىشلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن

ئۇستۈن تۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ ئۇلغايتىش كېرەك...

بىز ياقى ئەللەر بىلەن ئىناق تۇرۇشنى خالايمىز. سامانىلار بىلەنمۇ ئىناق بولۇش ئۈچۈن جىق تىرىشتۇق، بولمىدى. ئۇ ئەلچىمىزنى رەت قىلدى، ئەلچى ئەۋەتسۇن دېسەك ئەۋەتمىدى. يەنە ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ بىزنى يوقاتماقچى. بىز ئېلىمىزنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باستۇرۇنچىلىقىغا يۈرۈش قىلىشقا قارار قىلدۇق.

غەربكە "يۈرۈش" مۇنداق ئۇيۇشتۇرۇلدى:

— يۈرۈش ئىككى يول بىلەن — بىر يول قەشقەر-ئوش-ئۆزگەن؛ يەنە بىر يول قەشقەر-بالاساغۇن ئارغۇ-ئۆزگەن. ئۇندىن كېيىنكى يۈرۈش كېيىن بەلگىلەنمەكچى. سۇتۇق بۇغراخان "تۈمۈر قوشۇن" بىلەن بىرىنچى يولدىن بارماقچى. ئالىپ ئارسلان "چەبەر قوشۇن" بىلەن ئىككىنچى يولدىن باردۇ.

هەر يول قوشۇندا — گەۋدە قوشۇن، "باشلامچى قوشۇن"، "ئوڭ قانات قوشۇن"، "سول قانات قوشۇن" ۋە "يەتكۈزۈپ بەرگۈچى قوشۇن" دەپ بۆلۈش؛ يەنە بىر "چاپارمەن" يۈزلۈك ۋە "پايلاقچى" يۈزلۈك يېتىشتۈرۈش، قوشۇننىڭ يېرىمى ئاتلىق، يېرىمى ياۋداق بولۇش بەلگىلەندى.

سۇتۇق بۇغراخان يۈرۈش ۋاقتى توغرىسىدا كېيىن قارار قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يۈرۈش تەييارلىقى توغرىسىدا چوقۇم ئاشكارا قىلىپ قويماسلىقنى تاپىلىدى.

* * *

بۈگۈن قۇربان ھېيت، سۇتۇق بۇغراخان ئەتىگەندىلا باللارنى باشلاپ ھېيت نامىزىغا ماڭدى. بۇغراخان ياقا-پەشلىرىگە زەر تۇتۇل-

خان تۆمۈر يەلك بەقەسەم تونىنى كىيىپ، بېشىغا يېشىل شايى سەللە ئورىتانىدى. خان ئوغۇللىرى پايتاش بىلەن تونغان باشلىرىدا يېشىل سەللە، بىكەچلەرچە كىيىنگەن ھالدا دادىسىنىڭ ئىككى يېنىدا ماڭدى.

بۇغراخان ئوردۇ قوۋۇقىغا چىققاندا، ئارسلان، قىلىچ، ئەركىنلەر بىر قىسىم ئوردۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئوردۇ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئازنا مەسجىدكە قاراپ مېڭىشتى. ئادەملەر بارغانچە كۆپەيدى. ئۇن قەدەم ئالدىدا قىلىچ-قالقانلىق تۆت قارۇغچى چېرىك يول ئېچىپ ماڭدى. ئىككى يان ۋە ئارقىدىمۇ چېرىكلەر قارۇغداپ كېلەتتى. ئۇلار ھەر يۈز قەدەمدە توختاپ "تەكبىر" ئېيتاتتى-دە، يەنە ئىلگىرىلەيتتى. مەسجىد ئالدىدىكى مەيدانغا كەلگەندە، ئادەم تولۇپ كەتتى، قىستا-قىستاڭدا كىشىلەر بۇغراخاننى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. مەسجىد قوۋۇقى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە چېرىكلەر كىشىلەرنى توسۇپ قالدى. بۇغراخان پەلەمپەي ئۈستىگە چىقىپ، توختاپ "تەكبىر" ئېيتتى. پۈتكۈل مەيداندىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ "تەكبىر" ئېيتتى. مەيداننىڭ ئۈستىدە تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئاۋازىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالىپ روھانىي ئاۋاز ساداسى كۆتۈرۈلدى. "مۇقەددەس" بايرامدا خان بىلەن بىللە ئاللاغا سېغىنىپ تەكبىر ئېيتىش، كىشىلەردە بىر خىل روھانىي غۇرۇرلۇق سەزگۈسى پەيدا قىلاتتى. بۇغراخان تەكبىردىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، كۆپچىلىككە سالام بەردى. خەلقمۇ سالام بىلەن خانغا ئېگىلدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ھەمراھلىرى بىلەن مەسجىدنىڭ ئېگىز پەشتاقلىق چوڭ قوۋۇقىدىن ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. مەسجىد ھويلىسىدا ئوردۇ ئەربابلىرى، شەھەر ئەمەل-

دارلىرى، مۇدەررىس-ئۆلىمالار بۇغراخاننى قارشى ئالدى. خەتىب ئاخۇنۇم ئىچكىرى باشلىدى... ئۇلار تاشقىرىقى مەسجىدكە كىرىشى بىلەن، ئولتۇرغان جامائەت "گۇر" قىلىپ ئورنىدىن قوپۇشتى، بۇغراخان ئىچكىرى مەسجىدكە كىرىپ، ئۆرە تۇرۇپ، يول ئېچىپ بەرگەن جامائەتكە ھۆرمەت سالىمى بېرىپلا ئۇزۇن قاتارلاشقان سەپتە ئولتۇردى. ئىككى ئوغلى ئىككى يېنىدا، بىللە كەلگەن باشقىلارمۇ خان بىلەن بىر سەپتە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە بەش سەپ جامائەت بار ئىدى. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىدە مەرتە-ۋىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان بىلەن ئۆزىدىن ئاۋال سەپ تۈزگەن جامائەتنى ئاتلاپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش گۇناھ ھېسابلانغانلىقتىن خان كەلگەن يېرىدە ئولتۇرۇۋەردى. جامائەتمۇ قورۇنمىدى. ئاندىن پەشتاقتا، تاشقىرىقى مەسجىدنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى "سەففەك-سەففا" ئېيتىلدى. ناماز باشلاندى...

نامازدىن چىقىپ بۇغراخان سالام بىلەن تازىم قىلغان ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، يول بويى ئاجىز-غۇرۋالارغا سەدىقە ئورنىدا ھېيتلىق بېرىپ ئوردۇغا قايتتى ۋە سەللە كىيىملىرىنىمۇ سالماستىن ئۇدۇل ئانىسىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. تەركەن بېگىم ئادەتتىكىچە ھوي-لىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بېزەكلىك ئوردۇ مەسجىدىدە خاتۇنلار بىلەن ناماز ئوقۇدى. خاتۇنلار نامىزىغا "شەراپەت بۇۋىم" دەپ ئاتالغان، شەھەردىكى داڭلىق بۇۋىم ئىماملىق قىلغانىدى. ھويلىدىكى ئەر-ئاياللار، چوڭ كىچىك ھەممەيلەن تەركەن بېگىم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى. ئىلگىرى ھەر يىلى تەركەن بېگىم ئازنا مەسجىدنىڭ سول يېنىدىكى ئاياللار مەسجىدىدە ئايال جامائەتلەر بىلەن ھېيت نامىزىنى ئوقۇيتتى. بۇ يىل ماغدۇرسىزلىقتىن بارالمىدى. ئۇ

ئەمدى نامازلى تۈگىشىپ، پېشايۋاندا كۆرپە ئۈستىدە ياستۇققا يۆلەنگەنىدى. ئايدىنىڭ نەۋرىسى بىكەچ ئەلىنى كۆتۈرۈپ چىقى. قىزى ئالانۇرخېنىم ۋە بالىنىڭ ئانىسى چېچەنىمۇ بىللە كىردى. خان ئانا تۈزلىنىپ ئولتۇردى.

— ھېيتلىرى قۇتلۇق بولغاي خان ئانا، — دېدى ئايدىنىڭ قولىدا بالا، تازىم قىلىپ، ئالانۇرخېنىم بىلەن چېچەنمۇ تازىم قىلدى، — مانا قارىسىلا، ئوبۇل ھەسەن ئىبلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھېيتلىرىنى قۇتلاپ كەلدى.

ئانا ئېڭىشىپ تۇرغان بىر يېرىم ياشلىق بۇدۇرۇق چەۋرىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيدى.

— سىلەرنىڭمۇ ھېيتىڭلار قۇتلۇق بولغاي بالىلىرىم، — خان ئانا بالىنى ئەركىلىتىپ دېدى، — ساڭىمۇ قۇتلۇق بولغاي بالىچاق، ئىلاھىم يەنە توقسان توققۇز ھېيتنى ئۆتكۈزگىلى نېسىپ قىلسۇن.

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن، — دېيىشتى ئايدىڭ بىلەن چېچەن.

چېچەن — ئارسلان بىلەن يۇلتۇزنىڭ قىزى، تەركىن بېگىمنىڭ نەۋرىسى خان ئوغۇل بايتاشنىڭ خاتۇنى، سۈتۈق بىلەن ئايدىڭنىڭ كېلىنى ئىدى. بىكەچ ئەلى بولسا تەركىن بېگىمنىڭ چەۋرىسى، سۈتۈق — ئايدىڭ، ئارسلان — يۇلتۇزنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ خان ئائىلىسىدە ئەڭ ئەتىۋار بوۋاق بولۇپ، خاندانلىقنىڭ كەلگۈسى ئىزباسارلىرىدىن بولغان بۇ بوۋاقنى ھەممىسى قەدىرلەيتتى. تەركىن بېگىم بولسا جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى.

كىچىككىنە بىكەچ ئەلى مومىسىنىڭ قولىدا تىنىمسىزلىق قىلىپ، بىردەم مومىسىنىڭ چېچىنى تارتاتتى، بىردەم تومپاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە ئۇراتتى، بىردەم بارمىقىنى كۆزىگە تىقاتتى.

موما چەۋرىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ، قوللىرىنىڭ ئالقىنىنى غىدىقلايتتى. ئايدىڭ بىلەن چېچەن سەككىز ياشتىن ئاشقان چوڭ موممىسىنىڭ بىر يېرىم ياشلىق چەۋرىسى بىلەن ئويناشقىنىغا قاراپ زوقلىناتتى، كۈلۈمسىرەپ بىر-بىرىگە قارىشاتتى. بىرى سەككىز ئىككى ياش، بىرى بىر يېرىم ياش، بىرىنىڭ پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان، بىرسى ئەمدى جاھانغا كۆز ئاچقان. بىرى كۈندىن-كۈنگە يوقىلىۋاتقان، بىرى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ئىككى ئادەم، كونا-يېڭى ئىككى شەيئى. قاراڭ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك مۇھەببەتنى! چوڭ موما بىلەن چەۋرىسى بوۋاقنىڭ بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ خۇش ئاۋاز ئويناۋاتقىنىنى دېمەمسىز! بوۋاقمۇ چوڭ موممىسىنىڭ ئاق چاچلىرىغا، قورۇق يۈزلىرىگە قىزىقىپ ئەركىلىسۇن، سەممىي ئەركىلەتكىنى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كەلسۇن، موممىسىنىڭ مۇھەببىتىچۇ؟ بوۋاق ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ بالىسى — چەۋرىسى-دە! بۇ، ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىققان بوغۇنچىسىغا ئۇ قانداقمۇ ئامراق بولسۇن؟! بۇغۇ شۇنداق. ئادەتتە ئادەم قېرىغانچە بالىلارغا ئامراق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆز ئەۋلادىغا بولغان مۇھەببىتىدىن باشقا، ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغان پېشقەدەم كونا ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ باشلاپقى قەدەملىرىنى قويغان يېڭى ئادەمگە بولغان سەممىي ئۈمىدى مۇھىم سەۋەب بولسا كېرەك. ئادەم ياشلىقىدا بالىنى ئۇنچە ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ بالا تېپىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۆزى "بالا"-دە! ئۇنىڭ ئۆمۈر يولى تېخىمۇ ئۇزاق. تېخى ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرىدۇ. لېكىن كىشى يېشى چوڭايغانچە بالىنى ياخشى كۆرىدۇ. قېرىغاندا بولسا تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمرى

ئاخىرلاشتى، ئۆنىڭ ئىزىنى باسىدىغان، ئۆمرىنىڭ باشلاپقى قەدىمىنى باسقان يېڭى ئىنسان بارلىققا كەلدى. بىرى ئۆلسە بىرى تۇغۇلىدۇ. ئادەم قېرىيدۇ، ئىنسانلار قېرىمايدۇ. ھازىر دۇنيادا بار بولغان ئادەملەر يۈز يىلدىن كېيىن ھەممىسى دېگۈدەك تۈگەپ كېتىدۇ. ئەمما دۇنيادا ئادەملەر يەنە شۇنداق جىق. بەلكى ئاۋۋالقى-دىنمۇ جىق. قېرىلار بالىلارغا ئورۇن بېرىدۇ. بالىلارمۇ بوۋىلىرىنىڭ-دادىلىرىنىڭ، مومىلىرىنىڭ-ئانىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، كېيىنكىلەرگە ئورۇن بېرىدۇ. ئالەمدىكى نەرسىلەر شۇنداق ئالمىشىپ تۇرىدۇ. قايتا پەيدا بولغان يېڭىسى ئاۋۋالقىسىغا قارىغاندا يۇقىرىراق سۈپەتتە، قابىلىيەتتە ئىگە بولىدۇ. دېمەك، قېرىلارنىڭ بالىلارنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشى — ئۆزىنىڭ ئىزباسار-لىرىغا ئۈمىد باغلاش ۋە ئۇلارنى سەممىي ھۆرمەت قىلىش بولسا كېرەك. بۇ، ئاڭلىق، ئاڭسىز شۇنداق بولىدۇ. بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىچىدە يەنە ئارمان بار. ئارمانغا ئۈمىد يوشۇرۇنغان. بۇ ئادەملەر ئېڭىدىكى تۇغما ھېسسىيات بولسا كېرەك.

تەركىن بېگىمنىڭ ئۆز چەۋرىسى بىلەن سەممىي مېھرىبانلىق بىلەن ئويناۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرغان ئايدىڭ بىلەن چېچەن بوۋاقنىڭ ئوماقلىقىغا، مومىسىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىگە ئاجايىپ شېرىن ھېسسىيات بىلەن مەنىلىك تەسىرگە چۆمەتتى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىككى ئوغلى بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسىنىڭ خۇشال كەيپىياتتا بىكەچ ئەلى بىلەن ئويناۋاتقان-لىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى. ئايدىڭ قوپۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى، چېچەن بالىنى ئالدى. سۇتۇق بۇغراخان ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى، ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، كۆزىگە

ياش ئالدى.

— ھېيتىڭىز قۇتلۇق بولغاي، ئانا، — دېدى بۇغراخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە.

— سىزنىڭ ھېيتىڭىزمۇ قۇتلۇق بولسۇن، — دېدى ئانا، ئۇنىڭ سۆزلىرى تىترەپ چىقتى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ نەۋرىلىرى بايتاش بىلەن تونغانىغا قارىدى، ئۇلارمۇ مومىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاتارلىشىپ يۈكۈندى. مومىسى نەۋرىلىرىنىڭ پېشانىلىرىدىن سۆيدى.

باغدىن ئاۋاز چىقتى. ئۇ ياققا قاراشقانىدى، باغدا، ئىككى يېقى بۈككىدە ئېچىلغان قىزىل گۈللۈك تاش يولدا ئارسلان-يۇلتۇز، توغرۇلبەگ-گۈللەيلى، قىلىچ-ئادارگۈل ۋە ئەركىنلەرمۇ پەيدا بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار خۇش ئاۋاز پاراڭلىشىپ كېلەتتى. يۇلتۇزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار پېشايۋانغا چىققاندا، خان ۋە ئانىدىن باشقا ھەممىسى قوپۇپ قارشى ئالدى. مېھمانلار زىلچا ئۈستىدىكى ئۇزۇن تاۋار كۆرپىلەرگە ئولتۇردى، دۇئا قىلىپ تەركىن بېگىمنىڭ ھېيتىنى قۇتلىدى ۋە ئامانلىقىنى سورىدى. ئاياللار بىر-بىردىن كېلىپ خان ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ بېشىنى ئەگدى. ئانا ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.

— رەھمەت باللىرىم، ھەممىڭلارنىڭ ھېيتىڭلار قۇتلۇق بولغاي. جامائەت جەم بولدۇق. پەقەت ئىككىيلەن كەم...

— ئەنە، ئۇلارمۇ كەلدى، — دېدى پېشايۋاننىڭ تۆۋرىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئالانۇر خېنىم قولى بىلەن باغ تەرەپنى كۆرسىتىپ.

راستىنلا، ئىلىك ئۇستاز بىلەن ئىپارگۈل گۈللۈك ئىچىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار پېشايۋانغا چىقتى. ھەممىسى قوپۇپ قارشى

ئالدى. ئىپارگۈل خان ئانىنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى. خان ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— ھېيتلىرى قۇتلۇق بولغاي خان ئانا، — دېدى ئىلىك ئۇستار ئولتۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ، — ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، ئامىن، — ئىلىك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۈز-ساقاللىرىنى سىلىدى، باشقىلار ئەگەشتى.

— رەھمەت باللىرىم، بىللە بولسۇن، بۈگۈن ئۇرۇق-جەمەت، دوست-يارانلار دەقەمتە بولدۇق. ئۇلۇغ ئايەم كۈنى، ياخشى بولدى، — ئانا تىترەپ ئولتۇرغان ئەركىننى كۆرۈپ دېدى، — ھە، ھە، راست، يەنە بىرسى كەم — قۇندۇز، بالام ئەركىن، ناگولا بولما، قۇندۇز ئامان، مېنىڭ چۈشلىرىمدىن ئايان، ئۇنى ياغى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، ئۇ دانا، پالۋان ئۆلمەيدۇ، يول تاپىدۇ، ئاخىرى كۆرىشىمىز، ئانىڭ ئامانمۇ؟ بارىبىت قوشۇغىنى سېغىندىم، كېلىپ كەتسۇن.

— شۇنداق، قۇندۇز بىزنى كۈتمەكتە. بىز بېرىپ چوقۇم ئۇنى قۇتقۇلدۇرىمىز — دېدى خان ئانىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— چوقۇم قۇتقۇزۇش كېرەك — دېدى ئىلىك، — ئۆزەڭ بېرىپ قۇتقۇلدۇرىسەن. ئەركىن، ئۇ ياقتىكى تۇغقانلارنى قۇتقۇزىمىز، قۇندۇزنىمۇ قۇتقۇزىمىز. بىز قۇتقۇزغۇچىلار، بىز زىندان چاقىقۇچىلار ھەم قورغۇچىلار، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا شۇنداق بولىمىز. — ئۇ ئايدىڭىنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مانا بۇ بىكەچ ئەلىمۇ قاتارغا قوشۇلدى. راستمۇ ئوغلۇم؟ مانا قاراڭلار، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ "راست" دەۋاتىدۇ.

— كېيىن دۆت بولۇپ، ئەسلى-نەسلىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا بولدىغۇ؟ — دېدى سۇتۇق بۇغراخان كۈلۈپ، باشقىلارمۇ كۈلۈشتى.

— ئۇنداق بولماس، ئاللا ئىنساپلىق قىلار، — دېدى خان ئانا.

بۇۋاق يۇلقىنىپ ھەممەيلەنگە قىزىقسىنىپ قاراپ كۈلدى، خان ئانا ۋە باشقىلارمۇ كۈلۈشتى.

— قاراڭلار، بۇ ۋەدە قىلدى، ئەل ئوغلى بولىمەن دەۋاتىدۇ، — دېدى ئايدىڭ كۈلكە ئارىلاش.

— شۇنداق، ئەلنىڭ ئوغلى بولۇش كېرەك، ئەلنىڭ قىزى بولۇش كېرەك، — خان ئانا قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ئويچان سۆزلىدى، — ئېلىگە نەپ بەرمىگەن ئادەمنىڭ ئۆمرىدە نېمە مەنە بولسۇن؟! دۇنياغا كەلدىڭمۇ، ئەل ئۈچۈن ئىش قىلىپ ياخشى ئۆتۈشۈڭ كېرەك. يىغلاپ تۇغۇلۇپ، كۈلۈپ ئۆلۈشۈڭ كېرەك. بالا تۇغۇلغاندا يىغلايدۇ. ئۇ ھايات تۇغۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى. يىغلىمىسا، كىندىك ئانا پەللىگە ئۇرۇپ يىغلىتىدۇ. ئۇ كېيىنكى ئۆمرىدە يىغلايدۇ. لېكىن ئازراق يىغلاپ، كۆپرەك كۈلگىنى ياخشى. ئەڭ مۇھىمى، ئۆلگەندە يىغلاپ ئۆلمەي كۈلۈپ ئۆلۈش كېرەك. ئەل سەندىن رازى بولمىسا، ئەلەمدە، ئارماندا كەتسەڭ — يىغلىغىنىڭ شۇ. ئەل رازى — خۇدا رازى. ئۆزەڭ رازى كەتسەڭ — كۈلگىنىڭ شۇ. شۇڭا مەن دەيمەن: "يىغلاپ تۇغۇلۇپ، كۈلۈپ ئۆلۈش كېرەك..." — خان ئانا ھارغىنلىق كەلدى بولغاي، چوڭقۇر تىنىپ توختاپ قالدى.

ئولتۇرغانلار شۈك، دىققەت بىلەن خان ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئىلىك ئۇستاز ھەربىر سۆزگە بېشىنى لىڭشىتىپ، رازىلىق بىلدۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— خان ئانا بەك توغرا سۆز قىلدى، — دېدى ئۇ، — بۇ سۆز ھەممىمىزگە قۇتلۇق نەردەم ①. بولۇپمۇ بۇ يەردە ئولتۇرغان ياشلار

① نەردەم — نەسىھەت مەنىسىدە.

ئۈچۈن بەك مۇھىم. ئەل سىنى ئاسراپ چوڭ قىلسا، ساڭا تۈز بەرسە، سەن ئۈنىڭغا ۋاپا قىلماي، جاپا قىلساڭ، سىنى تۈزكور قىلمامدۇ؟ شۇنداق، تۈزنى ھالال يېيىش كېرەك. ئۆلگەندىن كېيىن قەبرەڭ غېرىپ بولۇپ قالمىسۇن، — ئۇ تورۇسقا قاراپ بىرپەس ئويلىدى، كېيىن مۇنۇ شېئىرنى ئېيتتى:

ئېلىڭنىڭ تۈزىنى يېگەيسەن ھالال،
تۈزچىنىڭ ئالدىدا بولمىغىن مالال.
تۇپاڭدىن مەي ئۈچۈن ياسالسا كوزا،
تۈزى يوق تۇپراقتىن پۈتمىگەي ساپال.

ھەممەيلەن خۇشال جانلىنىپ كەتتى.

— ئۇستاز ئۇستازلىقىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ، — دېدى خان ئانا كۈلۈمسىرەپ، — بەك ياخشى قوشۇغ ئېيتتى. يادىڭلاردىن چىقارماڭلار بالىلىرىم. تۈزچىنىڭ ئالدىدا مالال بولماي، يۈزۈڭلار ئاق بولغاي!...

— تۈزچىنى خىجىل قىلمايمىز موما، — دېدى بايتاش مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەلگە نەپ بەرمىگەن جاننىڭ بىزگە كېرىكى يوق.

— سەنچۇ تونغان؟ — سورىدى ئانا ئارقىسىدا ئولتۇرغان تونغاندىن.

— ئاكامدىن قالسام قۇلىقىمنى كېسىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

تونغاننىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى.

— بەللى، بارايسەن ئوغلۇم، — دېدى ئانا نەۋرىسىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مەڭزىگە سۆيۈپ ئەركىلىتىپ.

— كۆك قوچقار قۇربان بولۇشقا تەييار تۇرماقتا، — دېدى لالەخان

چاقچاق ئارىلاش ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئېگىلىپ. گۈللەي-
لىنىڭ ئىزىنى باسقان بۇ لەۋەن ئايالغا قاراپ ئۇلار كۈلۈشتى ۋە
ئورنىدىن قوپۇشتى. ئىككى قىز خان ئانىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە
قولتۇقلاپ پېشايۋان سۇپىسىنىڭ لېۋىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.
ئۇ يېنىغا ئىلىك ئۇستازنى قىچقاردى. ھەممەيلەن خان ئانىنىڭ
ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— قۇربانلىقنى سۈتۇق بوغۇزلىسۇن! — دېدى ئانا ئوغلىغا قاراپ
كۈلۈمسىرەپ.

سۈتۇق بۇغراخان تۆۋەن چۈشۈپ يوغان، سېمىز، مۈڭگۈزلىرى
ئۆرۈلۈپ كەلگەن كۆك قوچقارنىڭ يېنىغا كەلدى. قىيامەتتىمۇ ئۇنى
مىنىپ سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرگۈچىلەرگە
"قۇربان" بولۇشتىن بىخەۋەر تۇرغان بۇ جانىۋار چۆرىسىدە ئولىشىپ
تۇرغان شەپقەتسىز مۇسۇلمانلارغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ھازىرلا
"قۇربان" بولۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. قىيامەت
قايىم بولغاندا، مەھشەرگاھدا "پۇلسىرات"نىڭ ئالدىدا مۇشۇ زاماند-
اشلىرى بىلەن "ئۇچرىشىدىغان"لىقىنى ئۇ تېخىمۇ بىلمەيتتى.

قوچقارنى چۆلۈۋۈرىدىن تۇتۇپ تۇرغان گەۋدىسى يوغان، ئېگىز
يوكانچى قوچقارنى پۇتلىرىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ باستى، پۇتلىرىنى
ئالماشتۇرۇپ بېلىدىكى چىگە بىلەن باغلىدى. ئاندىن ئۇ بېلىدىكى
غىلاپتىن سېپىغا گۈل ئويۇلغان چوڭ پىچاقنى سۈتۇق بۇغراخانغا
سۇندى. بۇغراخان ئوڭ تىزىنى قوچقارنىڭ قورسىقىغا قويۇپ،
تۇمشۇقىدىن تۇتۇپ بېشىنى كەينىگە قايرىدى-دە، "بىسمىللا،
ئاللاھۇئەكبەر" دەپ قوچقارنىڭ بوغۇزىغا پىچاق ئۇردى، قان
ئېتىلىپ چىقتى. قوچقار بىرپەس تېپىرلاپ، كېيىن جىم بولۇپ

قالدى. قالغان ئىشقا پۇكانچى ئۈتۈش قىلدى...

لالەخان خان ئانىسى ۋە باشقىلارنى پېشايۋاننىڭ ئۇ يېقىدىكى هېيتلىق شىرەگە تەكلىپ قىلدى.

* * *

ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خان ئانا ۋاپات بولدى. هېيت كۈنىدىكى ئەردەم سۆزلىرى ئەمدى ۋەسىيەت بولۇپ قالدى.

بامداتتىن كېيىنلا ھەرقايسى مەسجىدلەرنىڭ جامائەتلىرى، ۋە باشقا شەھەرلىكلەر ئوردۇ قوۋۇقىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قوۋۇق ئۈستىگە قارا تۇغ ئۈچى تۆۋەنرەك قىلىپ ئېسىلغان. نەيزىسىگە ساڭگىلىتىپ ئۇزۇن ئاق باغلىغان چېرىكلەر قوۋۇقنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قېتىپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن قوۋۇقتا ئۈستىگە قىزىل-ئالا كەشتە چېكىلگەن چوچىلىق ئاق يوپۇق يېپىلغان، بەل ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن تار يېپەك گىلەم جايناماز ساڭگىلىتىپ سېلىنغان جىنازا كۆرۈندى. جىنازىنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئارسلان، ئارقا پۇتلىرىنى بايتاش بىلەن تونغان كۆتۈرگەندى. جىنازا ئاستا پەلەمپەيدىن چۈشۈرۈلۈپ، كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، توغرۇل، قىلىچ، ئەركىن، قوچقارلار جىنازىنى يۆتكىۋالدى ۋە ئازنا مەسجىد تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. جىنازا ئالدىدا تۆتتىن تىزىلغان بەش قاتار چېرىك ئارقىسىدا خان، ئىلىك، ئايدىڭ، ئارسلان، نەۋرە-كېلىنلەر، ئوردۇ ئەمەلدارلىرى، يارى-دوستلار، ئۇندىن كېيىن جامائەت كېلەتتى. جىنازا قولدىن قولغا يۆتكىلىپ تۇردى...

جىنازىنى ئازنا مەسجىدنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كىرگەندە، ھويلىغا ئادەم لىق تولغانىدى. جىنازا ھويلىنىڭ تۆرىگە، مەسجىد

سۇيىمىسغا قويۇلدى. مېيىت نامىزى ئوقۇلدى. نامازنى ئازنا مەسجىدىنىڭ خەتىبى ئەبۇل پەتتاھ چۈشۈردى.

جىنازا مەسجىد ئالدىدىكى مەيداندا ئىككىدىن قاتار قىلىپ تۆت كۆلۈك قوشۇلغان، گىلەم سېلىنغان ھارۋىغا ئاۋايلاپ قويۇلدى. ھارۋا ئالدىدا ئىككى چېرىك ئاتلارنىڭ ئۇزۇن تىزگىنلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. شاش ئاتلار بۈگۈن گويا ھازا تۇتقاندەك ياۋاش تۇرۇشاتتى. ھارۋىنىڭ ئالدى ئۈستىدە تۆتتىن ئون قاتار تىزىلغان ئاتلىق چېرىكلەر قوزغالدى، ھارۋا ماڭدى. ئارقىدىن سۇتۇق بۇغرا-خان، خان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى ئاتلىق ئەگىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئون قاتار ئاتلىق چېرىك ۋە بىرمۇنچە ئاتلىق تالىپلار، ئەمەلدارلار ماڭدى. جىنازا ئاستىن ئاتۇشقا قاراپ يول ئالدى...

كۈن چۈش بولغاندا قومالتاغ باغرىدا جىنازا ھارۋا يولى بىلەن ئوڭغا بۇرالدى. سۇتۇق بۇغراخان خاس قارۇغچىلىرىنىڭ قوروقلىشى بىلەن جامائەتتىن ئايرىلدى-دە، "ئىت يولى" بىلەن تاغ كېسىپ ئاتۇشقا ئۆتتى...

كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا جىنازا مەشھەدگە يېتىپ كەلدى. سۇتۇق بۇغراخان بىر قىسىم چېرىكلەر ۋە تۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىلەن قەبرىستانلىققا بېرىپ جىنازىنى قارشى ئالدى. ئاندىن مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى... تەركىن بېگىمنىڭ جەسىتى سۇتۇق خان بولغاندىن كېيىن بالاساغۇندىن يۆتكەپ كېلىنىپ قايتا دەپنە قىلىنغان نەسلى ئېرى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى بازىرخاننىڭ سول يېقىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ يېقىدا بىر بوش ئورۇن قالدۇرۇلغان، بۇ ئورۇنغا ئاخىرى كىم كېلىدىغانلىقى ھەممىگە

مەلۇم ئىدى. لېكىن، بۇ توغرىدا ھېچكىم ئېغىز ئاچمايتتى. گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلانغاندا، بۇغراخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە "بىر كۈنى، ئاشۇ بوش ئورۇنغا، مېنىڭ ئۈستۈمگىمۇ يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىدۇ..." دەپ ئويلىدى... يەرلىكتە قويۇش تامام بولغاندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ، ئارسلان ۋە باشقىلار بىلەن نېرىراقتىكى باتۇرتاغنىڭ قاتۇرۇلغان قەبرىسىگە بېرىپ ماتەم بىلدۈردى. ئەبۇل پەتتاھ خەتىب باتۇرتاغنىڭمۇ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇدى. خانىش ئايدىڭنىڭ كۆز ئالدىدىن مېھرىبان دادىسىنىڭ سۈرىتى كەتمىدى. ئۇ، تاكى قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغۇچە مىشىلداپ يىغلىدى...



## بەشىنچى باب

# زۇلمەتلىك ماكان

سەمەرقەنتتىكى نۇھ II ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئوردۇسى ھەشەمەتلىك، لېكىن، جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. ساراي شائىرلىرى تەرىپىدىن "سامانىلارنىڭ يېگانە سۇلتانى" دەپ ماختىلىدىغان بۇ سۇلتان يېقىن زامانلاردىن بېرى غەم-ئەندىشىگە چۆشۈپ قالغانىدى. نۇھ II ئىبنى مەنسۇر بۈگۈنمۇ كىشى قوبۇل قىلمىدى. ناشتىدىن كېيىن ئۇ ئوردۇ بېغىدا ئايلىنىپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزماقچى بولغانىدى، لېكىن ئارام تاپالمىدى. ئۇ قاپقارا ئۇزۇن ساقاللىق، بېشىغا كۆلا بۆك، ئۈستىگە زەرلىك چاپان كىيگەن، سالماق قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغان، ئۆزىگە ئارتۇقچە تەمەننا قويمىدىغان كۆرەڭ كىشى ئىدى. ئۇ گۈللۈكلەرنى بىرپەس ئارىلاپ يۈردى، ئاندىن ئانارلىق ئارىلىرىدىن قىپقىزىل ئانارلارغا قاراپ ئۆتتى ۋە باغ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاققا چىقتى. ئارقىسىدىن ئىككى نەپەر كېنىزەك بىلەن لەشكىرىي سىپاھلارچە كىيىنگەن مەخسۇس ئالتە نەۋكەر كېلەتتى. ئۇ باغ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىغا سېلىنغان راۋاققا چىققاندا ئۇ يەردە يەنە ئىككى كېنىزەك قوللىرىنى مەيدىلىرىگە قويۇپ باش ئېگىپ تازىم قىلدى. راۋاق ئوتتۇرىسىدا شىرە، ئۈستىدە ئۈزۈم، شاپتۇل، ئانار، ئەنجۈرلەر قويۇلغانىدى. بىر قىز چەينەكتىن كۆك چاي قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ شىرەدىكى نازۇنېمەتلەرگىمۇ،

ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈرگەن كېنىزەكلەرگىمۇ نەزەر سالماي ئەتراپقا
قارايتتى. كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان "جەننەت" باغ-راۋاقنىڭ كۈز-
پېتىش يېقىدا كەك، ئۈزۈن تال بارىكىدا سارغايغان مۇناقى ئۈزۈم-
لەر، سۇيى تېشىغا تەپچىپ تۇرغان قىزغۇچ سايىۋى ئۈزۈملەرنىڭ
شىڭگىللىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۆرۈنمەس سازچىلارنىڭ چالغان
لەرزان ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېدىشنىڭ ئوڭ تەرىپى
ئانارلىق، سول تەرىپى ئەنجۈرلۈك باغ ئىدى. باغ ئالدىدا، ئۈزۈن
كەتكەن گۈلزارلىقنىڭ ئاياقىدا قەد كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل سەمەرقەنتكە
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردۇ جايلاشقانىدى. راۋاقتىن باغ، گۈللەر ۋە
ئۇنىڭ كەينىدە چوڭ، ئۈزۈن تۆۋرۈكلۈك پېشايۋاندىن پەردە
تارتىلغان ئېگىز پەنجىرىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سۇلتان ئورۇندۇققا
ئولتۇرغاندىن كېيىن، باراڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر ئايال چىقىپ
كېلىپ ئۇنىڭغا تازىم قىلدى ۋە ئارقىسىغا قاراپ چاۋاك چالدى.
باراڭ كەينىدە بىر توپ قىزلار ئۇسۇل ئوينىغىنىچە باراڭغا كىرىپ
كەلدى ۋە ئىككى تەرەپكە رەت بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى. سۇلتان
ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە پەرۋاسىز يۆلىنىپ ئوردۇنىڭ يېشىل گۈمبەز-
لىك ئۆگزىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇنار ئۈستىدىكى
ئورغاق ئايغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئويلايتتى، ئويلىرى يىراقلارغا
كېتىپ، ھازىرقى ئەھۋالغا كېلىپ تاقىلاتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ
مېڭىسىدىن "ئاشۇ ئورغاق ئاي قانچىلىك تۇرالاركىن!" دېگەن ئوي
"لاپ" قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك ئورنىدىن
قوزغىلىپ قويدى. ئۇ بۇنداق يامان ئاقىۋەتنى ئويلىماسلىققا
تىرىشتى. "ياق، مېنىڭ سەلتەنىتىمنى ھېچكىم تارتىۋالال-
مايدۇ، — دەپ ئۆزىنى جۇۋۋەتتى ئۇ، — مەن ھەرگىز بوش كەلمەيمەن.

ئۇلۇغ سامانىلار خاندانلىقىنىڭ قۇدرىتىگە قانداق كۈچ تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ئاللا بىزگە مەدەتكار...” ئۇ ئۇسۇلچىلارنىڭ چاقنىغان ھەرىكەتلىرىگە كۆز تاشلىدى...

ئېيتماقچى، سامانىلار خېلى ئۇزاق يىللاردىن بېرى قۇدرەتلىك خاندانلىق بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ دۆلەت پۈتكۈل خوراساندا ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەش بىلەنلا قالماستىن، ئىككى دەريا ئارىلىقىغا ئۆتتى. ئاندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالدى. بۇ جەرياندا نۇھ II ئىبنى مەنسۇر ھەممىدىن شۆھرەتلىك نام چىقاردى. ئۇ، سەمەرقەنتنى مەركەز قىلىپ، بۇخارا، شاش، قوقەنت، پەرغانە، نەمەنگان، ئۆزگەنگىچە ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قويۇپ، ئاۋۋالقى يەرلىك ئەمىر-ھاكىملارنى يوقاتتى. لەشكىرىي كۈچىنى مۇھىم شەھەرلەرگە تارتىپ، قاراخانىلار دۆلىتى چېگرىسىغىچە — يەتتەسۇ ۋە قەشقەر بوسۇغىسىغىچە تاقىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەي، خاقانىيە ۋە يەتتەسۇنى تامامەن ئېلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى باسماق بولدى. ئاۋۋاللىرىدا ئۇنىڭ ئىشى خېلى ئوڭلۇق ماڭغانىدى. ئۇ ئۆز مەقسىتىنىڭ ”ئەمەلگە ئېشىشىغا“ قاتتىق ئىشەندى...

لېكىن، سۇلتان نۇھ II مەنسۇر چۆچۈرنى قازانغا سالماي تۇرۇپ خام يېتى سانىدى. بۇ جايلارغا بېسىپ كىرگەندە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى، پۇقرالارغا سالغان كۆتۈرگۈسىز ئالۋاڭ-ياساقلىرى، لەشكەرلىرى ۋە بەگ-سىپاھلىرىنىڭ ئەلنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى، دىنىي خۇراپاتنىڭ كۆپىيىشى، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋە ئۆلىمالارنى چەتكە تېپىش... قاتارلىق مۇستەبىت قىلمىشلىرى ۋە سىياسەتلىرى بۇ ئەلنى ئۆزىگە قارشى تەييارلاپ قويدى. قىرغىنچىلىققا، بۇلاڭ-تالاڭغا چىدىمىغان خەلق قارشىلىق

كۆرۈنۈشكە باشلىدى، يەرلىك دىنىي ئۆلىمالارنىڭ نارازىلىقى كۈچەيدى. ئۆز ئەمەلدارلىرى، ھەتتا خان-ئەمىرلەر ئارىسىدىمۇ ئىختىلاپلار چىقىشقا باشلىدى... نۇھ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا كۆز ئالدىدا، ئەلنىڭ قىشلاقلىرىدا، تاغلىرىدا، ھەممە جايدا قاراڭغۇدا لاۋۇلداپ تۇرغان كۆپلىگەن گۈلخانلار پەيدا بولاتتى. ئۇ بۇ گۈلخانلارنىڭ ئۇچقۇنداپ، كېڭىيىپ كېتىشىدىن، دەھشەتلىك يالقۇنلار كۆتۈرۈلۈشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. يەنە ئۇ ئالدىنقى يىلى قاراخانىلار دۆلەت چېگرىسىغا ئۆتۈپ ئۇرۇنۇپ باققانىدى، دەككىسىنى يەپ قايتتى. ئۇلارنى خام چاغلىغىلى بولمايدىكەن، چوڭراق لەشكىرىي كۈچ ئىشلىتىش كېرەك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. بەختكە قارشى ئۇ دۆلەت بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلار سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىغا زور ئەندىشىلىك كۈچ بولۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى ئاڭلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخان بۇ ياققا يۈرۈش قىلىپ ئۆچ ئالار ئىمىش... سۇلتان بۇ خەۋەرگە ئاۋۋاللىرى ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. لېكىن، كېيىنكى ئەھۋاللار بۇ ئىشنىڭ بولۇشىنى، شۇنداق بولۇشىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى...

سۇلتان نۇھ II مەنسۇر بارغانچە چىگىش ۋە قورقۇنچلۇق خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقماقچى بولدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ راۋاقنى بىر ئايلاندى. لېكىن ئىسكەنجە يوقىلىش تۇگۇل، ئۇ بارغانچە قىسىپ كەلمەكتە ئىدى: ئەلنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇتۇق ھۇجۇم قىلسا... ئاھ! نېمە-دېگەن دەھشەتلىك...!

ئۇ قول شەرىنى بىلەن ئۇسۇلچىلارنى قوغلىۋەتتى، سازمۇ توخ-

تىدى، ئۇ ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ئوردۇ ئۈستىدىكى ئورغاق ئايغا قارىغانىدى، ئاي ئاستا يېقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى... جاھان مالىمان بولۇپ كەتتى. ئەلنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئوت يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى، "بۇغرا" قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ كەلمەكتە... "ئاھ دەھشەت، بەك قورقۇنچلۇق!" دېدى ئۇ ئاۋازىنى چىقىرىپ. ئەمما ئاۋازىنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— پەرمانلىرىغا تەييارمەن، ئۇلۇغ سۇلتانىم! — دېدى نەۋكەر لەشكىرىي يۈرۈشتە مېڭىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئالدىدا تەق تۇردى.

سۇلتان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، راۋاقتىن چۈشتى ۋە قاپاقلىرىنى سېلىپ، ئۈزۈم بارىڭى تېگىدىن مېڭىپ ئۆي تەرەپكە قاراپ كەتتى. نەۋكەر كېنىزەكلەر ئارقىسىدىن ماڭدى. ئارقىدىراق ماڭغان ئىككى كېنىزەك سۇلتاننىڭ خاپىغان سىياقىغا سەپسالدى-دە، يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە قاراپ، تىللىرىنى چىقىرىپ قويدى...

ئۇ پېشايۋانغا چىقىشىغا، ئىچكىرىدىن، ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللا، لەشكىرىي ۋەزىر ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىلنى باشلاپ چىقتى. سۇلتان ئۇلارنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، تام تۈۋدىكى زىلچا ئۈستىگە سېلىنغان قېلىن ئەتلەس كۆرپىگە ئولتۇردى.

— تاغلىقلار قۇتراپ كەتتى، ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى لەشكىرىي ۋەزىر ئەبۇ ئىبراھىم ئولتۇرۇپ. — "ئەل ئوغلى"نىڭ تۇپىلاڭچىلىرى تاغدىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلار قالايمىقان گەپ قىلىپ نادان تارىغچىلارنى قۇتراتماقتا.

— نېمە دەيدىكەن؟ — دېدى سۇلتان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ئەدەبسىز گەپلەر، جانابىي ئالىيلىرىغا...

— ئېيتۇۋېرىڭ، — دېدى سۇلتان ۋەزىرگە يەر ئاستىدىن قاراپ.
— "مەنسۇرنىڭ قانخورلۇقىغا قارشى ئاتلىنىڭلار"، "سامانىيلارنى ھەيدەپ چىقىرىمىز"، "مەنسۇرنى دارغا ئاسىمىز..."
سۇلتان ھەيران قالىدى. چۈنكى، بۇنداق تىللاشلارنى ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئەمەس ئىدى.
— ئەل ئوغلى دېگەن زادى قانداق نېمە ئۇ؟ ئەسلى-نەسلى نەدىن ئىكەن؟
— قوقەنتلىك بىر گادايىنىڭ بالىسى. زېمىندارنىڭ تۈنىكىدىن قېچىپ چىققان. كېيىن ئۆزىدەك بىر مۇنچە يالاڭتۆشلەرنى توپلاپ تاغقا چىقىۋالغان.
— "ئەل ئوغلى" دېگىنى نېمىسى؟
— تارىغچىلار بەرگەن نام ئىمىش.
— بىر قاچقۇن ئوغرىغا كۈچۈڭلار يەتمەمدۇ؟
— ئۇ يالغۇز ئەمەس سۇلتانىم، — ۋەزىر ئېگىشىپ پەس ئاۋاز بىلەن دېدى، — ئىچىمىزدە يۆلەنچۈكى بار.
— كىم ئىكەن ئۇ؟ — سۇلتان بىلنەرلىك ئۆكدى.
— ۋەزىر ئابدۇل كېرىم. يەنە مۇدەررىس مۇفتى شاھاۋۇدۇن.
— دەلىل؟
— ئۇلارنىڭ ئەل ئوغلىغا ئەۋەتكەن ئالاقچىسى تۇتۇلدى. چوڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانلىرى بار ئىكەن.
— بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ خائىنلىق قىلمىشلىرىدىن مېنىڭمۇ گۇمانىم بار ئىدى، شاھىم، — دېدى ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللا، — ئەسلىدە يەرلىكلەرنى چوڭ مەنسەپكە قويۇش خەتەرلىك ئىدى.
— ھېچ خەتىرى يوق، — دېدى سۇلتان خاتىرجەم ھالدا، —

يالغۇز ئۆزىمىزنىڭكىلەر ھەممە مەنسەپنى ئوتتا بولارمىدى؟ ھېچ گەپ يوق. يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىدىن چىققىنى ئوزۇق. بۇلار چاڭگىلىمىزدا. ئاۋال تاغ يولۋىسىنى يوقىتىش كېرەك. ئۇ خەتەرلىك. سىز جانابىي ۋەزىر بىر بۆلۈك كۈچلۈك لەشكەر ئەۋەتىپ تاغلىقلارنى باستۇرۇڭ. ئەل ئوغلى دېگەن ئوغرىنى چوقۇم تىرىك قولغا چۈشۈ-رۈپ، قوتۇرغانلارغا ئىبرەت قىلىش كېرەك. ھازىر دۈشمەننىڭ چوڭراقى كۈنچىقىشتىن كەلمەكتە. ئۇرۇش باشلانغۇچە بۇ ئىشنى تۈگىتىش كېرەك. لەشكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى قانداق بولدى؟

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پەرمانلىرىغا ئاساسەن، قاراخانىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان لەشكەرلەر ئورۇنلاشتى. بىرىنچى سەپ — ئوش، چىمكەنت (ياكى ئارغۇ)، ئۆزگەن، جەمئىي ئەللىك مىڭ لەشكەر. ئۆزگەن ئوقتا قىلىنىپ ئوتتۇز مىڭ كىشى تەييارلاندى. ئىككىنچى سەپتە پەرغانە، قوقەنت، شاش، جەمئىي يەتمىش مىڭ. يەنە پايتەختتە جەمئىي ئەللىك مىڭ كىشى. بۇنىڭدىن باشقا بۇخارادا ئوتتۇز مىڭ، غەزنىدە يىگىرمە مىڭ كىشى بار. ئۇلار تەييار كۈچ. جەمئىي ئىككى يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىلىك لەشكەر، مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— سىز دېگەن تەييار كۈچ، بۇخارا، غەزنىدىكى ئەللىك مىڭ لەشكەر ئىشەنچلىكمۇ؟ بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق ۋە غەزنە ئەمىرى سىبۇق تېكىنلەر ئارقىدىن خەنجەر ئۇرماسمىكىن؟!

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇ مۆلچىرىنى ياخشى ئويلىشىش كېرەك، جانابىي ۋەزىر — دېدى نۇردۇ ئاغىسى، — يېقىندا بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا

ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېكىن قاراخانىلارغا قارشى ھېچنېمە دېمەيدۇ. بۇنىڭدا بىر گەپ بار.

— ئەبۇ ئەلى ئىشەنچىسىز، سىبۇق بولسا زاتى تۈرك ئەسلىدىن، — دېدى سۇلتان، — دەلىلسىز گۇمان بىلەن ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق كېرەك. لېكىن، دىققەت قىلىش لازىم. سىزنىڭ لەشكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزدا بىر ئاجىزلىق بار، ۋەزىر. بىرىنچى سەپ ئاجىز. ئۇ ياققا يۈرۈشكە كۈچى يەتمەيدۇ. ئەگەر دۈشمەن ئۆتۈپ كەلگەندە، ئىككىنچى سەپتە يوقاتماقچى سىز. بۇ بولمايدۇ، دۈشمەننى ئۆز يېرىدە يوقىتىش، بولمىغاندا چېگرىدا قاتتىق توسۇش كېرەك. بىرىنچى، ئىككىنچى سەپ كۈچىڭىزنىڭ سانىنى ئالماشتۇرۇڭ، پايتەخت كۈچىدىن يىگىرمە مىڭ ئادەم ئېلىپ پەرغانىنى كۈچەيتىڭ. ئارقا ياقتىن ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرىمىز، ماۋەرائۇننەھردىكى ئەمىر ناسىر قوشۇنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندەك تۇرىسىز، شۇنداق بولغاندا بارلىق كۈچىڭىز ئىككى يۈز يەتمىش مىڭغا يېتىدۇ. قاراخانىلار بىر يۈز ئەللىك مىڭ، كۆپ بولسا ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن بىزگە تاقابىل تۇرۇشى ئېھتىمال. بىزنىڭ كۈچىمىز دۈشمەن كۈچىدىن سوقۇشۇش ماھارىتىدە ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، ساندا ئۇلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك.

— خوپ ئۇلۇغ سۇلتانىم، ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن.

— تاغلىق توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش سىزنىڭ لەشكىرىي تەييارلىقىڭىزنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بولۇشى كېرەك. ئۈچ ئاي ئىچىدە ئەل ئوغلىنى تۇتۇڭ، بولامدۇ؟

— ئەمرلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىمەن، ئۇلۇغ شاھىم!

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن مەنسۇر خاتىرجەم بولغاندەك قىلدى. كەچلىكى، كەيپ-ساپا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاخشىمى باشلانغان ئەيش-ئىشرەت تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلدى، ئاخىرى مەس مەنسۇرنى يۆلەپ ياتاققا ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، كېنىزەكلەر، سازچىلار تارالدى.

* * *

سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ مەغرىب تەرىپىدىكى ھاۋالىق دۆڭ باغرىغا خەزىنىچى ۋەزىر ئېركەشبەگنىڭ ھويلىسىغا جايلاشقانىدى. ئېركەشبەگ ئەسلى نەمەنگانلىق، قوچقارنىڭ تاغىسى، چارۋىدار، كېيىن نەمەنگاندا داڭلىق سودىگەرلەردىن بولۇپ قالدى. سەمەرقەنتكە كۆچۈپ كېلىپ، ئاستا-ئاستا ئوردۇ ئەربابلىرىغا يېقىنلاشتى. تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، راستىنى ئېيتقاندا تەڭگە-تىللانىڭ ياردىمى بىلەن ئوردۇنىڭ ئادەتتىكى ئەمەلدارى بولدى. كېيىن يەنە يامىشىپ خەزىنىچى ۋەزىر بولدى. نۇھ II مەنسۇر ئۇنى يامان كۆرمەيتتى. ئۇ پۇلغا ئامراق ئادەم. ئەمما ئۇ ئېلىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ ئويلايتتى، ئەنە شۇ ئېركەشبەگنىڭ ھويلىسى. سىرلىق چوڭ ھالقىلىرى بار، سۆلەتلىك داۋۇزىدىن كىرگىنىڭىزدە، ئالدىڭىزدا كەڭ باغلىق ھويلىنى كۆرىسىز. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەرەبلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىگە لايىق يوسۇندا ساراي ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ ئەتراپى مېۋىلىك، گۈللۈك باغ. بىنانىڭ يان تەرىپىدە، ئالمىزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گىلەم سېلىنغان چوڭ چاسا كارىۋات ئۈستىدە قۇندۇز كۆرپىدە ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى.

كەچ كۈز. قايرىلغان قوياش شولىسى قۇندۇزنىڭ ئاق كىرگەن

چاچلىرىنى سىلىماقتا. ئۇ سارغايغان ياپراقلارنىڭ لەيلەپ تۆكۈلۈشىگە خىيالچان سەپسېلىپ ياتاتتى. يەنە ياز كېتىپ كۈز كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بەشىنچى كۈزنى ئۆتكۈزمەكتە. يەنە قانچە كۈز كېلىپ كېتەركىن-تاڭ؟ ھامان بىر كۈنى بۇغرا قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ، ئەركىن ئۇنى ئازاد قىلماي قويمايدۇ. بەلكى "نامەلۇم" ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلار. سەمەرقەنتتىمۇ ھىمايىچىلىرى چىقىپ قالدىمىغۇ؟ ئېركەشبەگ قۇندۇزغا خەتەرلىك كۈنلەردە، ئۆلۈم خەۋپى ئالدىدا باش پاناھ بولدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى فىرزەندەك بېقىۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم... قۇندۇز مۇشۇ-لارنى ئويلاپ، كېيىن خىيالى ئۇزاق سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىگە ئۇچۇپ كەتتى:

قۇندۇز چېگرىدىكى جەڭدە، سامانىلار بىلەن باتۇرلارچە سوقۇشۇپ ئۆزى ئورۇنباسار تۈمەنباشى بولغان "قادىر قوشۇن"-نىڭ قەھرىمانلىق نەمۇنىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ ياغىنى قوغلاپ زەربە بېرىپ، تۇيۇقسىز سول دولىسىغا ئۇرۇلغان قىلىچ زەربىسى بىلەن ئېتىدىن يىقىلدى. كېيىنكىسىنى ئۇ بىلمەيتتى. تۈن يېرىمىدا ئېسىگە كېلىپ، بىر تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاقتا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قوپۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن قوپالمىدى. ئۇ سول قولىنى كۆتۈرەلمەيت-تى، بېشى، پۈتكۈل تېنى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بىرسىنىڭ "ئۆلۈپ قالمىسۇن، ساق ئاپىرىش كېرەك" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. ئاندىن بىر چېرىك ئاق لاتا بىلەن ئاۋايلاپ ئۇنىڭ دولىسى-دىكى يارىنى باغلىدى. قاتتىق ئاغرىسىمۇ، ئۇ چىشلىرىنى چىڭ بېسىپ، ئىڭ قىلمىدى. "غەيرىتىڭ بار ئىكەن، يارايسەن، ھاياتلا قالساڭ، بىر گەپ بولار" دېدى چېرىك قۇندۇزغا. كېيىن ئۇ كېتىپ

بىر چۈچەكتە سۇ ۋە نان ئەكەلدى، ئۇنى قۇندۇزنىڭ ئالدىغا قويۇپ كېتىپ قالدى. قۇندۇز چېرىكنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، "بۇ يامان ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ" دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇدىن قېنىپ ئىچتى، ناننى يېگىسى كەلمىدى. ئۇ، يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا ياتتى. يۇلتۇزلار كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ قۇندۇزغا مەدەت بېرەتتى. "ئاھ! يۇلتۇزلار شۇنچە ئەركىن، شۇنچە شوخ، ئەنە ئۇلار ماڭا كۆز قىسىۋاتىدۇ... بىزنىڭ يۇلتۇز نېمە بولغاندۇ؟ ئامان بولسا بولدىغۇ. ئانام، ئاكام قىلىچ، ئېرىم ئەركىنلەرچۇ؟ ئۇلار مېنى ئويلاپ زار-زار يىغلىغاندۇ؟ بىچارە ئانام، يۈرەكلىرى قان بولۇپ كەتتى ھەقىچان! ئۇ ئاز دەرد تارتقانمىدى..." قۇندۇز ئۆزىدە قاتتىق ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق سەزدى ۋە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سامانلار قوشۇنى بىر تاغدىن ئېشىپ ئۇ ياققا ئېڭىشتى. چېرىكلەر بەك قالايمىقان، ئاتلىق، پىيادە، بەزىلەر-نىڭ باش-كۆزلىرى تېڭىلغان، گايىلىرى تاياق تايىنىپ، ئاقساپ كېتىپ باراتتى. چېرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سول قولىنى ياغلىق بىلەن بويىنىغا ئېسىپ ئالغان قۇندۇز ئاتلىق كېتىپ باراتتى. قۇندۇز ياغى چېرىكلەرنىڭ بۇنچىۋالا خارابلىقىغا قاراپ كۈلگۈسى كەلدى ۋە مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ھېلىقى چېرىك ئات ئۈستىدە مۆكۈدەپ قۇندۇزغا ياندىش كېتىپ باراتتى. قۇندۇز ئۇنىڭغا سەپسالاتتى. چېرىك كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا، كېيىن قۇندۇزغا قاراپ قويۇپ يەنە مۆكۈدەشكە باشلىدى. "سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟" دەپ سورىدى قۇندۇز ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن. چېرىك قۇندۇز-نىڭ بىرىنچى قېتىم سۆز قىلغىنىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە كۆڭۈلسىز دېدى:

— نېمە بولاتتى، ئېتىم ئامانقۇل،

— پېشانىڭىزدىكى تاتۇق...

— مۇشۇلار تۇرۇپ يارا قىلغان.

— نېمىشقا؟

— چېرىكلىكتىن قاچتىڭ دەپ.

— مۇشۇلار، دېگىنىڭىز كىملەر؟

— مۇشۇ ياقىلىقلارچۇ.

— سىز نەلىك؟

— مەن قوقەنتلىك، مېنى چېرىككە تۇتۇپ كەتكەندە، ئاتا-ئانام يىغلاپ — قاقشاپ قالغانىدى. بىچارىلەرنىڭ ھالى نېمە بولدىكىن؟ — چېرىك يەڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى.

— ئاتا-ئانىڭىز بارلىق ئادەملەرمىدى؟

— نەدىكىنى، تارىغچى-كەتمەنچى. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مېھنەت قىلىپمۇ قورسىقى تويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىشە، ئالۋاڭ-ياسىقى جاننى ئالىدۇ.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۆزى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، قورساق تويغۇزىدىغان چاغلارمۇ كېلىپ قالار.

— ھەي بىلمەيمەن، تاڭ.

— سىزنىڭچە بۇلار مېنى نېمە قىلار؟

— ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ساق ئېلىپ بېرىپ سەمەرقەنتتىكى پادىشاھقا بەرمەكچى. ئۇنىڭدىن باشقىسىنى مەن بىلمەيمەن.

ئىككىلىسى شۈك بولۇپ قالدى. ئامانقۇل ئويغۇسى ئېچىلىپ، قاندىقتۇر بىر مۇڭلۇق ئاھاڭغا پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ماڭدى. ناخشىنىڭ سۆزلىرى ئوچۇق ئەمەس ئىدى. قۇندۇز دىققەت قىلىپ

"ئۆرگۈلدى پەلەك، چۆگىلىدى پەلەك... مېنى شۇنچە قىيناپسەن... مەن ساڭا نېمە قىلغان..." دېگەن سۆزلەرنى ئاران بىلەلىدى.

بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن چېرىكلەر توختاپ قالدى. ئامانقۇل يەنە بىر چېرىك قوشۇلۇپ قۇندۇزنى ئىلگىرىلەپ ئېلىپ ماڭدى. يېڭى قوشۇلغان چېرىكنىڭ قاپىقى يامان ئىدى. ئامانقۇل ئۇنىڭدىن پەخەس بولاتتى، قۇندۇز بىلەن سۆزلەشمەيتتى. بىركۈنى ئاۋۇ چېرىك يوق ۋاقىتتا، ئۇ قۇندۇزغا "ئاۋۇ خۇمپەر بىزلەردىن ئەمەس، دىققەت قىلىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن" دەپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى چېرىك ئۇزاق يوللار بېسىپ، شەھەر-چۆللەرنى كېزىپ قۇندۇزنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەلدى.

قۇندۇزنى كىچىك تۈڭلۈككى بار بىر قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىلىپ سولاپ قويدى. بۇ جاينىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى ئايال بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا بىر ياش ئايال سۇ، تاماق بېرىپ تۇردى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سۆزسىز كىرىپ-چىقاتتى. قۇندۇزنىڭ يارىسى يامان بولۇپ كەتكەندى، كىچىك سەللىلىك بىر بوۋاي دورا سېلىپ، تېڭىپ يۈردى. شۇ شەكىلدە قۇندۇز بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزدى. بىركۈنى بىر چېرىك ئۇنى باشلاپ، چوڭ بىر ھويلىدىن ئۆتۈپ، كاتتا بىر بىناغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە چېرىكچە كېيىنگەن بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ ئاۋۋال "ئادەمگەرچىلىك" بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلدى.

— سەن جەڭ مەيدانىدا قولغا چۈشكەن ياغىنىڭ چېرىكىسەن، — دېدى ئۇ قۇندۇزغا، — سېنى دارغا ئېسىشىمىز مۇمكىن. بىراق ئايال — خاتۇن كىشى بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىدۇق. بۈگۈن مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگىن، سەن ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟

— سەن دېگەندەك بىر چېرىكمەن.
— قايسى قىسىمدا، مەنسىپىڭ نېمە؟
— بۇغرا چوڭ قوشۇنىنىڭ "قادىنلار قوشۇنى"دا بىر چېرىك.
— مەنسىپىڭ؟
— بىزنىڭ قوشۇندا "مەنسەپ" دېگەن نەرسە يوق.
— ئېتىڭ نېمە؟
— بۇغرا قىزى.
— "بوغرا قوشۇنى"نىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالامسەن؟
— خالىمايمەن.
— نېمىشقا؟
— ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ چېرىك سىرى.
— سەن جاھىللىق قىلماقچى ئوخشايسەن. سەن مېنىڭ سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، بىزنىڭ سۆزلەتتىدىغان چارىلىرىمىز بار.
— قولۇڭدىن كەلگەننى قىل.
— سەن ياخشى ئويلان. تاقاشساڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن، — دېدى چېرىك ئەمەلدار ھەيۋە قىلىپ.

قۇندۇزنى مۇشۇ يوسۇندا ئەپچىقىپ بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلدى. كېيىنكى سوراقلاردا دوق قىلدى، كاچاتلىدى، ئۆلتۈرىمىز دەپ قورقۇتتى. لېكىن قۇندۇزدىن ھېچبىر پايدىلىق جاۋاب ئالالمىدى. قۇندۇزنىڭ قارشى جاۋابى ۋە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرۇشى ئۇلارغا دەككە بولدى. قۇندۇز يېتىۋەردى...

بىر كۈنى بىر چېرىك قۇندۇزنى باشلاپ سوراققا بارىدىغان ھېلىقى ھويلىدىن ئۆتۈپ كىچىكرەك بىر بىناغا ئېلىپ كىردى. ئۇ

يەردە ياشانغان بىر ئايال ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئايال قۇندۇزنى يامان ئەمەس بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر بوپا كۆتۈرۈپ كىردى ۋە قۇندۇزغا دېدى:

— سىڭلىم، ماۋۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئەۋرەز، سۇ بار. بىر يۇيۇنۇۋېلىپ ماۋۇ كىيىملەرنى يەڭگۈشلىۋالغىن. ئاندىن تاماق يەيسەن.

— رەھمەت، ماڭا سىلەرنىڭ كىيىمڭلارنىڭ كېرىكى يوق. يۇيۇنسام بولدى. ئەگەر سىزگە ئېغىر كەلمىسە، ماڭا بىر قېتىم يىپ، بىرتال يىڭنە بەرسىڭىز.

— ئېغىر كەلگىنى نېمىسى؟ — ئۇ چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي يىپ-يىڭنە ئەكىردى، — سەن ماۋۇ كىيىملەرنى يەڭگۈشلىۋال كىيىملىرىڭنى مەن ياماپ بېرەي.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى قۇندۇز. ئۇ ئايالنىڭ مۇلايىم مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ بىرئاز بوشاشتى.

ئايال چىقىپ كەتتى. قۇندۇز ئويلايتتى: "قىزىق، ئەجەب مېنى بۇ يەرگە يۆتكىدى، يەنە ياخشى كىيىملەر، تاماق... بىر گەپ بار. ئالدامچىلىق قىلماقچى بولار..."

قۇندۇز راستتىنلا كىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قازناقتا كىرىپ يۇيۇندى، كېيىن ئىچكى كىيىملىرى بىلەن ئولتۇرۇپ پەشمەت-شالۋۇرىنى يامىدى. قولى ساقايغانىكەن، باغلاقلىق لاتىنى يېشىپ ئېلىۋەتتى. چاچلىرىنى تاراپ، ياماق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەنىدى، ئۆز سىياقى ئەسلىگە كېلىپ قالدى. ياماق كىيىملەرمۇ ئۇنىڭ بەستىگە يارىشىپ تۇراتتى.

ئايال كىردى. يۆگەكلىك بويىچە تۇرغان كىيىمگە، قۇندۇزنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ ھەيران قالدى.

— سىڭلىم، ماۋۇ كىيىملەرنى نېمىشقا كىيمىدىڭ؟ قارىغىنا، بۇ كىيىملەرنى كىيگەندە پەرىلەردەك گۈزەل بولۇپ كېتەتتىڭ، — ئۇ بوپىنى ئېچىپ ئەتلەس ئىشتان، كۆڭلەك، تاۋار پەشمەت ۋە قىسقا سېرىق كۆن ئۆتۈكنى كۆرسەتتى.

— مېنىڭ مۇشۇ كىيىملىرىم ھەممىدىن ئەلا. ياغىنىڭ ئەتلەسلىرىدىن ئۆزەمنىڭ بىرتىق كىيىملىرىم مىڭ ئارتۇق.

— راستىنلا، ئۆز كىيىملىرىڭ بەك يارىشىپتۇ. قارا، چىرايىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكىنىنى. بىر كۆزگۈئەينەك بولسىغۇ، — ئايال بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ دېدى، — بىلدىڭمۇ سىڭلىم، پادىشاھى ئالەم سېنى قوبۇل قىلماقچى.

قۇندۇزنى بۇ سۆز ئەندىكتۈردى. لېكىن ئايالغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتى.

— ئۇ "پادىشاھى ئالەم" مېنى قوبۇل قىلىپ نېمە قىلماقچى ئىكەن؟

— ئۇنى بىر ئاللا ئۆزى بىلىدۇ.

— مەن ئۇنى كۆرۈشنى خالىمايمەن.

ئايال چۆچۈپ تاشقىرىغا قارىدى:

— ۋايەي، ئاستىراق سۆزلىگىن. "خان ئاغزى مايمۇن" دېگەننى ئاڭلىمايمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ ۋە قۇندۇزغا ئېگىلىپ داۋام قىلدى، — كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ساڭا قايىلمەن. "قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى تۈگۈل، قىزلىرىمۇ باتۇر بولار ئىمىش" دېگەن گەپ راست ئىكەن. لېكىن چوڭلۇق قىلمىغىنىڭ ياخشى.

— مەن قورقمايمەن، سىزنىڭمۇ مۇشۇلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرگىنىڭىزدىن ئۆلگىنىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟!

— بۇنداق دېسەڭ ماڭا بەك ئۇۋال بولىدۇ، سىڭلىم، — دېدى ئايال ۋە خېلىغىچە سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى-دە، ياشلىرىنى سۈرتتى، — بىر باغرى قان بىچارىمەن، مېنىڭ دەردىم سېنىڭكىدىن قېلىنماس، بەلكىم. ياشلىقىمدا ئېرىمدىن ئايرىپ زورلاپ مۇشۇ گۆرگە تاشلاشقانىدى. تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتىمەن. يۈرەكلىرىم كاۋاپ بولۇپ تۈگىدى.

ئايال مەيدىسىنى تۇتۇپ كەينىگە داجىدى، قۇندۇز يۈلەپ قارىسا ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز ئايالنى ياتقۇزدى. ئۇ بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ ياتقاندىن كېيىن چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، كۆزىنى ئاچتى. قۇندۇز ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىندى ۋە كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ ئاچا، بىلمەپتىمەن، قانداقراق؟

— كېرەك يوق، ئۆتۈپ كەتتى... سەندىن يامانلىمايمەن، غەيرىتىڭگە بارىكاللا سىڭلىم، — ئايال كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئالدى، قۇندۇز مەيدىسىنى ۋە چېكىلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىككى چېرىك كېلىپ قۇندۇزنى قاتمۇقات ھويلىلاردىن ئېلىپ ئۆتۈپ، بىر سالاپەتلىك سارايغا، ئۇندىن كېيىن بىر ياسىداق ئۆيگە ئەكىردى. تۆردە مەنسۇرشاھ، بىر ياقتا ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللا، بىر ياقتا خەزىنىچى ئېركەشبەگ ئولتۇراتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ. پادىشاھى ئالەم سىزنى سۆھبەتكە چىقاردى، — دېدى ئوردۇ ئاغىسى چەتتىكى گىلەم ئۈستىنى كۆرسىتىپ.

قوندۇز ئۇلارغا ئۇندىمەي قاراپ چىقتى. تۆردە ئولتۇرغاننىڭ نۇھ II ئىبن مەنسۇر ئىكەنلىكىنى، قالغان ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭ باش شېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— مەن تىنچ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. گەپ-سۆزلىرىڭ بولسا ئېيتىۋېرىش.

مەنسۇر چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوزغىلىپ قويدى، كېيىن ئۆزىنى تۇتتى.

— شۇنى بىلىپ قوي، سەن بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئەسىرەسەن، — دېدى ئۇ كىنايە بىلەن.

— سەنلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئەسىرە بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئارمانىم يوق.

— سەن خاتۇنلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكىنى قىلما، مېنىڭ سوئاللىرىمغا ياخشى جاۋاب بەرسەڭ، ياخشى كۈن كۆرىسەن، بەلكى يۇرتىڭغىمۇ قايتىشىڭ مۇمكىن. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چېرىكلىرى قانچە؟

— پۈتكۈل ئەل بۇغراخاننىڭ چېرىكلىرى.

— سەن قايسى قوشۇندىن؟

— قادىنلار قوشۇنىدىن.

— ئېتىڭ نېمە؟

— بۇغرا قىزى.

— سېنىڭ خانىڭ قاچان بىز تەرەپكە باستۇرۇپ كەلمەكچى؟

— ئۇلۇغ قاراخانلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخان ياغىغا ياغى، ئاداشقا ئاداش. سەن ياغىلىق قىلىۋېرىدىكەنسەن، ئۇ خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ سېنىڭ جاجاڭنى بېرىدۇ.

— تىلىڭنى تارت!

— خالىغىنىڭنى قىل!

— دارغا ئېسىلسەن!

— بۇغرا قىزى ئەل ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن قورقمايدۇ.

— زىندانغا تاشلانسۇن!

ئىككى چېرىك كېلىپ قۇندۇزنىڭ يېنىدا تەق تۇردى.

— خاتۇن كىشىنىڭ ئەقلى كەم بولىدۇ ئۇلۇغ شاھىم، ئەقلىغە كېلىپ قالار بەلكىم، — دېدى ئوردۇ ئاغىسى چېرىكلەرنى توختىتىپ.

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! ئەگەر ئىلتىپات قىلسىلا، بۇ قەشقەرنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا بەرسىلە، مېنىڭ بوسۇغامنىڭ ئاستىدا چىرىپ ئۆلسۇن! — دېدى خەزىنىچى ئېركەشبەگ قوپۇپ مەنسۇرغا تازىم قىلىپ.

مەنسۇر رازىلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى. چېرىكلەر ئوردۇ ئاغىسىنىڭ شەرتى بىلەن چىقىپ كەتتى. ھېلىقى ئەمەلدار قۇندۇزنى باشلاپ ئەپچىقىپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئايلار، يىللار، ئۆتۈپ كەتتى...

قۇندۇز يېنى ياتقىنچە تۆكۈلۈۋاتقان سېرىق ياپراقلارغا قاراپ ئويلايتتى. ياپراقلار ئۇنىڭ ئۆيىنى يۆتكىۋەتتى. "ياپراقلار ئامالسىز تۆكۈلمەكتە. ئۇ بەرگىدىن ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن تۆكۈلمەي قانداق قىلسۇن؟ يەرگە چۈشكەندە ئەمدى ئۇ دەرەخ شېخىدا تۇرغان چېغىدىكىدەك شوخ ئوينيالمايدۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا سېسىپ تۇپراق تېگىدە قالىدۇ، يوق بولۇپ كېتىدۇ. قاراڭ قىزىق ئىش. بۇلتۇر قىش ئۇ يوق ئىدى. باھاردا پەيدا بولدى. يازدا ھۆسنىگە تولۇپ يايرىدى، ئەمدى تۆكۈلۈپ يوق بولماقتا... شۇنداق، ھەممە نەرسە

شۇنداق ئىكەن، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ! سەنچۇ؟ — دېگەندەك بولدى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ كەينىدە بىرى، — سەنمۇ شۇ ئەقىدىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن قۇندۇز!... توغرا، تۇغۇلدۇم، ئەلەم ئارتتىم، لېكىن سۇتتۇق بۇغراخاننىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلدۇم، ئانامنى تېپىۋالدىم. ئەسلىدە تونۇماي يۈرگەن قىلىچ ئاكامنىمۇ تونۇۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن... ئاھ نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك كۈنلەر ئىدى ئۇ چاغ... ئەمدىچۇ؟ مەن غېرىپ قالدىمۇ، بەرگىمدىن ئۈزۈلۈپ ئاشۇ ياپراقلاردەك تۆكۈلمەنمۇ؟ تۇپراق تېگىگە چۆكۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ كېتىمەنمۇ؟ مەنمۇ ئۆمۈرنىڭ شەپقەتسىز تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايمەن، ئەلۋەتتە. ياق، مەن تېخى سارغايمىدىم، بەرگىم مەھكەم. مەن ياشايمەن، بۇغراخاننى، ئانام، ئاكامنى، ئەركىننى كۆرىمەن... ئاھ، قاچان كېلەركىن، شۇ ئارمانلىق كۈنلەر...“

— سىڭلىم بۇغرا قىز، — دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى. ھېلىقى تۇتقۇنلۇقتىكى ۋاقىتتا تونۇشقان ”ئاچا“ بىر لېگەندە ئۈزۈم، شاپتۇل كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. — ئەجەپ ئۇزاق يېتىپ كەتتىڭىزغۇ؟ مانا قاراڭ، بۇ ئۈزۈم، شاپتۇللارنى، نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇددى سىزنىڭ مەڭىزىڭىزگە ئوخشايدۇ. ھازىرلا باغدىن ئۈزۈپ كەلدىم. — ئاچا لېگەننى كارىۋاتقا قويدى. قۇندۇز ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— رەھمەت ئاچا، راستلا ياخشى ئىكەن، — ئۇ ئۈزۈمدىن بىر شىڭگىلنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن بىر دانىنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالدى.

— ئەجەب سولغۇن كۆرۈنىسىزغۇ، بۇغرا قىز؟ — بۇ ھويلىغا كەلگەندىن كېيىن قۇندۇزنى شۇنداق دەپ ئاتىشاتتى، — ئارتۇق ئويلاشنىڭ كېرىكى يوق.

قۇندۇز ئېركەشبەگنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خاتۇن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن راست ئاچا-سىڭىلدەك ئىناق بولۇپ كەتتى. بۇ ئايالنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى قۇندۇز بىلمەيتتى. بەلكى ئېركەشبەگ بۇنىمۇ "ئازاد قىلىپ" ئەكەلگەنمىكىن؟

— بۇغرا قىز، — دېدى ئاچا قۇندۇزنىڭ غەمكىن سىياقىغا سەپسېلىپ، — دۇنيانىڭ ئىشى ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئارمىنىڭىزغا يېتىسىز. ئېركەشبەگدەك بىر چوڭ ئەرباب سىزگە ئاتىدارلىق قىلىۋاتسا.

ئېركەشبەگ قۇندۇزغا راستىنلا ئاتىسىدەك غەمخورلۇق قىلدى. زىندانغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز قىزى رەيھان بىلەن تەڭ كۆرۈپ باقتى. باشلاپقى ۋاقىتلاردا قۇندۇز چۈشىنەلمىدى. "بۇ ئادەم ماڭا نېمانچە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە بىر ئويۇن بولمىسۇن" دەپ ئويلىدى. ئۇ ئېركەشبەگكە ئادەتتىكىچە تەكەللۇپ بىلەن رەھمىتىنى ئىزھار قىلىپ يۈردى. بۇنى ئېركەشبەگ سەزدى بولغاي، بىر كۈنى ئۇ قۇندۇز بىلەن مۇڭداشتى.

— قىزىم، مەندىن ھەرگىز گۇمانلانما. مېنى ئاتاڭ ئورنىدا كۆر، بىلدىڭمۇ؟

— رەھمەت سىلىگە. ماڭا راستىنلا چوڭ ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىلا.

— سەن، سىلەرنىڭ ئىچكىلاردىكى قوچقار دېگەن ئادەمنى بىلەمسەن؟

— بىلمەن، — ھەيران قالدى قۇندۇز.

— ئۇ سىلەرگە نەمەنگاندا بىر ئاغام بار، دەپ ئېيتمىغانمىدى؟

— ئېيتقان. ئېنى ئېركەشبەگ دېگەن.

— قوچقارنىڭ ئاشۇ تاغىسى ئېركەشبەگ دېگەن مەن بولىمەن.

قۇندۇزدا دەرھال خۇشاللىق بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. كەپقۇ جايىدىن چىقىۋاتىدۇ. بىراق "ئېركەشبەگ" بولۇۋالغان باشقا بىرەر بەگ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە! لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ مۇئامىلىسى ئۇنداققا ئوخشىمايدۇ.

— قىزىم قۇندۇز! — دېدى ئېركەشبەگ قۇچىقىنى ئېچىپ، — قوچقاردىن خەۋەر ئالدىم قورقما!

قۇندۇز ئېركەشبەگنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىدىغان يېرى قالمىغانىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار سىردىشىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار راستىنلا ئاتا-بالىدەك ئىناق بولۇشۇپ كەتتى. ئېركەشبەگ بارا-بارا قۇندۇزنىڭ ئىدراكىنى ۋە قەھرىمانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بىر ئەربابى قاتارىدا ھۆرمەتلىدى. ئۇنىڭدىن جىق ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى.

بىر شوخ ئاھاڭدىكى ناخشا قۇندۇزنىڭ خىيالىنى بۇزدى، ئۆي تەرەپتىن قولىدا دۇتار، ئىككى تال ئۇزۇن چېچى ئارقىسىغا تاشلانغان، ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا كىيگەن رەيھان شوخ ناخشا ئېيتىپ كېلەتتى:

"قايان كەتتىڭ بىلمەيمەن —
ئامان يار،
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن —
ئامان يار.
ئايدىڭدىكى ئويۇننى —
ئامان يار،

ئۇنتۇدۇڭمۇ بىلمەيمەن —
ئامان يار.
باغرىڭ شۇنچە قاتتىقمۇ —
ئامان يار،
ئايدىن خىجىل بولماسەن —
ئامان يار...»

— ھا، ھا... ئاچا-سىڭىل بىر بولۇپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپتۇ. ھا، ھا، ھا...

— قارا ئىگىلار سىلەرنى، ئۆزەڭلارچە مېنى تاشلاپ قويۇپ مۇڭداشقىلى تۇرۇپسىلەر-دە؟ مەن سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، سىلەر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. بوتىلاق بوغرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ قانداق دېدىم بوغرا قىز؟ — رەيھان سۆزلىگەچ كېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇردى ۋە قۇندۇزنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ دېدى، — ۋاي-ۋۇي، قاپاقلىرىڭدىن قار يېغىپتىغۇ كىشىلەرنىڭ؟ قېنى يىغلاپ بېقىڭچۇ، مەن كۆرۈپ باقاي! — ئۇ قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ ئۇلارغا تىكىلىپ ئالدىغا ئېڭىشتى. ئاچا بىلەن بوغرا قىز ئۇنىڭغا زوقلىنىپ كۈلۈشتى، ئۇنىڭ يارىشىملىق قىلىقلىرىغا زوقلاندى.

رەيھان كېلىشكەن، گۈزەل چوكان ئىدى. بەستى قۇندۇزغا تەڭ كېلەتتى، كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىدى. پەرقى: قۇندۇزنىڭ كۆزلىرى تۇم قارا، ئويچان ئىدى. رەيھاننىڭ قوي كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. قۇندۇزنىڭ چىرايى قارامتۇل، قاشلىرى قوشۇما، قاپقارا ئىدى، رەيھاننىڭ كۆزى ئوي كۆز، چىرايى ئاپئاق، قاشلىرى سەكرەپ تۇراتتى.

— ئۈزلىرىنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلەيمىز گۈزەل چوكان؟ رەيھانگۈل بولمىسا، گۈلزارلىقنىڭ ھۆسنى بولمايدۇ-دە! — دېدى ئاچا.

— راستىنلا، بوتىلاق سىز رەيھان. شوخ ئويناقلىرىڭىز كىشىنى شەيدا قىلىدۇ، — دېدى قۇندۇز شوخ كۈلۈپ.

— ۋايجان، بولدىلا، يامان كۆتۈرۈۋەتتىڭلار مېنى. ماقۇل، رەيھانگۈلمۇ بولاي، بوتىلاقمۇ بولاي. ئويناپ-كۈلەيلى، ماقۇلمۇ ئاداش؟

رەيھان دۇتارنى قۇندۇزنىڭ قولىغا بەردى. "ھېلىقى، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ناخشىلىرىڭىزدىن بولسۇن. لېكىن، يىغلىمايسىز. ئېيتىپ قوياي" دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

قۇندۇز دۇتارنى سازلىدى. ئاچا رەيھانغا چاقچاق قىلدى:

— ئويناپ-كۈلەيلى، دەيسىزۇ، يەنە يۈرەكنى ئېزىدىغان ناخشىدىن بولسۇن، دەيسىز. بۇ قانداق بولغىنى رەيھانگۈل؟!

— شۇنداق، ئاچا. خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن. يۈرەك، ئۇ، بىر پارچە گۆش بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خاپىلىقنى تېپىپ، خۇشاللىقنى قارشى ئالىدىغان سەزگۈ بولىدىكەن. ئىككى باشنى بىر قازانغا سىغدۇرۇش تەس ئىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇغرا قىز؟ "دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ باشىغا، چىدىغىلى بولمايدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىغا" دەيدىكەنغۇ؟ بېشىڭنى يەيدىغان ئوغۇللارنىڭ كېپىنى قارا، قىز بالىنىڭ باشىغا دەرد كەلسە مەيلى ئىكەن-دە؟ ئەسلى باغرى قاتتىق شۇ ئەرلەر ئەمەسمۇ؟ قولۇمدىن كەلسە دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى يوغۇپ تاشلىسام، دەيمەن.

— ھەممىنى دېمەڭ، پادىشاھلار بارغۇ؟ — چاقچاق قىلدى ئاچا.

— ئاۋال شۇ مۇتتەھەملەرنى بوغاتتىم.

— سۆيگەن غۇلامىڭىزنى ئايرىپ قويارسىز، ئېرىڭىز نەمەسمۇ؟!

— ھى... ئىككىنچىسىگە شۇنى بوغىمەن دەڭا. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئالدىڭىزدا "ۋاي، ئايلىناي، چۆگىلەي، كۆزلىرىڭدىن..." دەيدۇ، لېكىن ئارقىڭىزدا... بولدىلا، ئۇنداق گەپنى قىلمايلى. قېنى ئاداش، بىر غەزەل ئېيتىڭا.

قۇندۇز دۇتارنى سازلىغاچ رەيھاننىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ دۇتارنى بىر پەدىگە چالغاندىن كېيىن، يىراقلارغا كۆز تىكىپ غەزەلنى باشلىدى:

يار سەندىن ئايرىلىپ قالدىم تېچۈن، ھەيرانىمەن،
ئايرىلىپ سەندىن جۇدالىق يولىدا ۋەيرانىمەن.

تەلمۈرۈپ گۈل-غۇنچىلارغا، كۈتىمەن تاڭ ئاتقۇچە،
تاڭ سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل كەبى بىدارىمەن

شامىنىڭ نۇرىدا كۆردۈم نۇر جامالىڭ ئەكسىنى،
كۆيسەم ئارمان يوق، پىراقىڭ ئوتىدا پەرۋانىمەن.

سېغىنىپ ئېيتسام غەزەل، ساراڭ دېگەي بەلكى مېنى،
ئاشقى ھىجرىدە سەرسان، مەشۇقى دىۋانىمەن.

ئايرىلىشنىڭ دەردىنى ئايرىلمىغان بىلمەس، بىراق،
ياقا يۇرتتا بىناۋا، كۆڭلى سۇنۇق بىگانىمەن.

قىلما ئەم يادوست، ئۆزەلمەس رىشتىمىزنى شۇم رەقىب،
ئاقىۋەت دىدار كۆرۈشمەك يولىدا مەردانىمەن.

قۇندۇز غەزەلنىڭ ئاخىرىنى پىغانلىق ئاۋاز بىلەن جۆشۈردى. ئاچا بىلەن رەيھان قۇندۇزنىڭ ھەم مۇڭلۇق ھەم مەردانە غەزىلىنى چوڭقۇر تەسىرات ئىچىدە ئاڭلىدى. قۇندۇزنىڭ مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتى. ئۇلارمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، گەپ قىلىشماي جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

رەيھان جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ دوستۇم. يار بىلەن، يارانلار بىلەن كۆرۈشىسىز، — كۈلۈمسىرەپ چاقچاق قىلدى ئۇ، — ئەركىنىڭىزنى كۆرگەندە ئەركىلەرسىز تېخى؟

ئۇلار كۈلۈشتى.

— سىزنىڭ شوخ خۇلقىڭىز كىشىنىڭ كۆڭلىگە راستىنلا ئوبدان ئارام بېرىدۇ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ.

— ئۇنىڭدىنمۇ شوخلىرى بار تېخى. مەن سىزگە بىر غەزەل ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەكىلىڭا دۇتارنى، — ئۇ دۇتارنى ئېلىپ سازلىدى، — بۇ كونا غەزەل، كىشىگە ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىتىدۇ، — ئۇ دۇتارنى ساز قىلىپ غەزەلنى باشلىدى، ئۇنىڭ چىرايى كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى:

بېزىنىپسەن بەك گۈزەل، ھۆرلەر كەبى جانانە قىز،
گۈل-گۈلىستانلار ئارا گۈل تاجىسى رەيھانە قىز.

بىر كۆرۈپ قانسام جامالىڭ ھۆسنىگە ئەي نازىنىن،
جىلۋە قىلىپ نازىڭ بىلەن قىلما مېنى ۋەيرانە قىز.

سر بىقىپ قويساڭچۇ يارىڭنىڭ پەرىشان ھالىغا،
رەھىم قىل، ئاغرىتما جانىنى، ئەي پەرى دىلدارە قىز.

بەر ئىجازەت كۆزلىرىڭگە باققىلى بىر لەھزىگە،
قىل ئاتا دەردىگە دەرمان كۆزلىرى خۇمارە قىز.

ئىشق ئوتى سەۋداسىدىن ئەندىشىدە، كۆڭلۈم ھامان،
كىرپىكىڭنى يا قىلىپ ئاتما مېنى مەردانە قىز.

بەر قولۇڭنى چىقسۇن ئارمان، بولدى بەس، قىلما ئۇۋال،
باغرىمىز قانسۇن، كېتەيلى باغ ئارا سەيلانە قىز.
دەپتىكەن ئۆتكەن زاماندا بىر يىگىت.
— ئۇندىن كېيىنچۇ؟ — دېدى قۇندۇز.
— ئۇنىڭدىن كېيىن، — دەپ غەزەل بىلەن جاۋاب بەردى رەيھان:
ئاشىق-مەشۇق جۈپ بولۇپ مېڭىپتۇ خۇشال سەيلىگە،
مەشۇقى تەسلىم بولۇپتۇ ئاشىقنىڭ مەيلىگە.
قۇندۇز قوشۇلدى:
ئاشىقى بولماسمۇ مەپتۇن مەشۇقى خوش پەيلىگە،
جېنىنى بەرمەسمۇ بۇلبۇل نازىنىن گۈل لەيلىگە.
ئۇچەيلەن تەك راھەتلىنىپ كۈلۈشتى...
شۇ كۈنى ئاخشىمى ئېركەشبەگ بىر خىل ئۆزگىچە كەيپىيات بىلەن ئۆيىگە قايتتى. ئۇ، پېشايۋاندا بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇرغان قۇندۇزنى قىچقىرىپ، ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ ئىشىكنى ئەتتى. قۇندۇزغا بېشىنى ئېگىپ سۆز باشلىدى:

— ئۇلتۇر قىزىم، ئۇلتۇر. پادىشاھنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى. بۇغراخانلار يېقىندا كېلەر ئىمىش. دېگەن خەۋەر كۆچىيىپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. كۆز ھەرىسى قەھرىلىك بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرساڭمىكىن.

— ياخشى خەۋەر ئىكەن، تاغا. مەن دېمىدىممۇ، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىراق، مەن قەيەردە بولسام ئۇ بەربىر قىلغۇلۇقنى قىلىدىغۇ؟

— مەن ھىراتتىكى بىر دوستۇمغا قول قىلىپ بېرىۋەتتىم، دەيمەن. يولنى باشقا ياققا سالىمىز.

— يول ئۇستىدىچۇ؟

— ئەرەنچە ياسىنىسەن، ئۆزەڭمۇ شۇنداق كىيىنىشكە ئامراققۇ؟ سېنىڭ قامىتىڭدىن بىلىنمەيدۇ.

— كىم بىلەن؟

— مەن ئىشەنچلىك ھەمراھ قوشىمەن. ھېلىقى، سېنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەلگەن چېرىك يادىڭدا باردۇ؟ ئەنە شۇ يىگىت بىللە باردۇ، ئۇ سېنى قوغدايدۇ.

— بىلىمەن، يادىمدا، ئېتى ئامانقۇل، ئۇ، ئوبدان ئادەم.

— راست ئوبدان ئادەم. قوقەنتلىك، چاپاكەش. ئۇ مېنىڭ قىشلاقتىكى ھويلامدا تۇرىدۇ. ئۇ سېنى ئەكەلگەنلىكىنى، ساڭا قاتتىق ئىچىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.

— مەيلى، تاغا. سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزچە بولسۇن. ئەمما، بىزنىڭكىلەر كەلگەندە، مەن بۇ يەرگە دەرھال قايتىشىم كېرەك.

— ئۇنىڭدىن غەم يېمە.

ئۇلار مەسلىھەتنى بېكىتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كېچىسى يولغا

چىقىشقا تەييارلىق قىلماقچى بولدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن كېچىسى رەيھان بىلەن ئاچا ئارقا دەرۋازا ئىچىدە سەپەرگە ھازىرلانغان ئىككى ئەر كىشىنى ئۇزاتماقتا. رەيھان ئېسەدەپ يىغلايتتى، قاۋۇل، چىرايلىق يىگىتنى قاسماي قۇچاقلاپ سۆيەتتى. ئاچا رەيھاننى ئاجرىتىۋېلىپ "خۇدايىمغا ئامانەت بالىلىرىم" دېدى ۋە يېشىنى سۈرتتى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەندە رەيھان ھۆركىرەپ يىغلاپ قالدى. ئاچا دەرۋازىنى ياپتى.

*　　　*　　　*

نۇھ II مەنسۇرنىڭ ئوردىدىكى ئېگىز چاسا سارىيى. ئېگىز-كەڭ پەنجىرىلەردىن قۇياش شولىسى سارايىنى يورۇتقان. تۆر تەرەپتە، سۇپىدا زىلچا ئۈستىدىكى قېلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە شاھ مەنسۇر ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتىدۇ. ئۇ خىيالچان، ئېمىندۇ ئويلايتتى... بىر ئايال ئاياغ تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۇسۇلچىلار... — مەنسۇر ئۇنىڭغا قارىماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئايال ئىككى قېتىم چاۋاك ئۇرۇشى بىلەن ساز ياڭرىدى. بىر-بىردىن گۈزەل ياسانغان قىزلار قاتار كىرىپ شاھنىڭ ئالدىغا تىزىلدى ۋە ھەممىسى تەڭ شاھقا تازىم قىلدى. كېيىن قاتار بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى.

ئىككىگە بۆلۈنۈپ سارايىنىڭ ئىككى تېمى تۈۋىدە سازچىلار ئولتۇرۇپ ئىشتىياق بىلەن ساز قىلاتتى. ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غىجەكلەر تەڭكەش قىلاتتى. داپچىنىڭ قولىدىكى يوغان داپ بىردەم كۆتۈرۈلۈپ، بىردەم چۈشۈپ داراڭلايتتى. ئۇسۇلچى قىزلار كەڭ-چاسا

ئىران زىلچىسى ئۈستىدە لەرزان ئۇسۇل ئوينىماقتا. قىزلارنىڭ قىزىل پوپۇچلۇق ئاياغلىرى ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن دەسسىمەكتە. شاھنىڭ چىرايلىرى ئېچىلدى. ئۇ ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۇسۇلنى، ياق، ئۇسۇلچىلارنى تاماشا قىلماقتا. بولۇپمۇ ئۇ بىر گۈزەل قىزغا ئالاھىدە ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. ئۇ ساقىلىنى سىلاپ، كۆزىنى قىسىپ يالدا تۇرغان ئايالىغا قارىغانىدى، ئايال كۈلۈپ بېشىنى ئېگىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىشارەت ئارقىلىق سۆزلىشىدىغان يوشۇرۇن تىلىنى ئۆزلىرى ئوبدان چۈشىنىشەتتى...

مۇشۇ ۋاقىتتا سەردار ئەبۇ ئىبراھىمنىڭ ئىشخانىسىغا قوللىرى كەينىگە قىلىنىپ گەۋدىلىرى بىلەن قوشۇپ باغلانغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كەڭ گەۋدىلىك، ھەيۋەتلىك بىر ئادەمنى ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كېلىپ توختاتتى. سەردار ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەي-تىپ سىنچىلاپ قارىدى. كىرگەن ئادەم سەردارغا پەسەنت قىلماي سىڭايان قاراپ خاتىرجەم تۇراتتى. سەردار ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئېگىل-مەي تىك تۇرغان ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ غەزەپلەندى.

— ئېتىڭ نېمە "پالۋان"؟ — دېدى ئۇ كىنايە بىلەن.

— ئېتىم ئەل ئوغلى!

— قايسى ئەلنىڭ ئوغلىسەن؟

— سېنى، ھەممىنى بېقىۋاتقان جاپاكەش ئەلنىڭ.

— سەن تاغقا چىقىپ، كىشىلەرنى ئالداپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟

— سېنىڭ تەختى-بەختىڭنى ۋەيران قىلماقچى.

— تىلىڭنى تارت، ئەبلەخ! سەن ھازىر قەيەردە تۇرغىنىڭنى

بىلەمسەن؟

— قانخور ئىبراھىم ئالدىدا تۇرىمەن.

— ئەپچىقىپ كالتەكلەڭلار! — ۋارقىرىدى سەردار ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ غەزىپىنى باسالماي چۆگىلىگىلى تۇردى.

چېرىكلەر ئەل ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى شەھەر ئېشىدىكى دار مەيدانىغا شەھەردىكى كىشلەرنى يىغدى. ئوندىن ئارتۇق چېرىك باغلانغان ئەل ئوغلىنى يالاپ ئېلىپ چىقتى. كىشلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قىلغان گۇدۇڭلىشىشلار ئاڭلاندى. ئەل ئوغلىنى دار سۇپىسىغا ئەپچىقىپ توختاتتى. سېمىز، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق بىر جاكاچى ئېگىز كۆتەك ئۈستىگە چىقىپ شاھنىڭ پەرمانىنى جاكالىماقتا. ئۇ گاللىرى قۇرۇپ كەتكىنىگە قارىماي ۋارقىراپ قىينىلىپ سۆزلەيتتى. "...ئەگەر كىمدۇكىم شاھقا قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھالى مانا مۇشۇ ئوغرى ئەل ئوغلىنىڭ ھالىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ تاغدىكى شېرىكلىرى كېلىپ ئەل بولسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ..." جاكاچىنىڭ ئاۋازى چىقماي قالدىمۇ، ياكى پەرمان تۈگىدىمۇ، ئۇ گاللىرىنى قىرىپ توختاپ قالدى.

ئەل ئوغلىنى دار ئاستىدىكى كۆتەككە چىقاردى. بوينىغا سىرتماقنى سالدى. "مېنىڭ قېنىم بىكار كەتمەيدۇ، بۇرادەرلەر، ناگولا بولماڭلار. ئەزىز يارانلار، قوزغىلىپ زالىم قانخور مەنسۇرنى ئاغدۇرۇڭلار. ئۇنى مانا مۇشۇ دارغا ئېسىشنى ئۇنتۇماڭلار...!" ئەل ئوغلىنىڭ غەزەپ بىلەن چىققان يوغان ئاۋازى يىراقلارغا كەتتى. كىشلەر ئارىسىدا ھاياجانلىنىش كۆچەيدى، ئاياللار كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى.

قاتار تىزىلىپ تۇرغان چېرىكلەر سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر چېرىك ئەمەلدار يالاڭ قىلىچنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەسكە قاتتىق

ئەگدى. ئىككى چەرىك سىرتماقنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تارتىشقا تەييارلاندى. بىرسى بېرىپ ئەل ئوغلىنىڭ پۇتى ئاستىدىكى كۆتەكنى ئەمدى تەپمەكچى بولۇپ تۇرغاندى، باش-يۈزى قارا مايا بىلەن باغلانغان بىر توپ ئاتلىقلار مەيدانغا باستۇرۇپ كىردى. مەيداندا ئالتوپىلاڭ چىقىپ چەرىكلەر ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئىككى كىشى ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە سۇپىغا چىقتى-دە، قىلىچى بىلەن دار ئاغامچىسىنى كېسىپ تاشلىدى، ئەل ئوغلىنىڭ قوللىرىدىكى باغلاقنىمۇ كەستى. ئاندىن ئۇنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ ئەپقاچتى. بۇ ئىش شۇنداق چاپسان بولدىكى، چەرىك ئەمەلدارلار، چەرىكلەر نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قالدى. "قوغلاڭلار!" دەپ ۋارقىرىدى چەرىك ئەمەلدار بىرھازادىن كېيىن. چەرىكلەر ئەسلىرىنى يىغىپ ئاتلىقلار كەينىدىن پىيادە يۈگۈرۈشتى...

مەنسۇرنىڭ ئاتلىق چەرىكلىرى شەھەردىن چىققاندا ئەل ئوغلى شېرىكلىرى بىلەن ئۇزاق تاغ باغرىدا چاڭ چىقىرىپ، تاغقا ئۆرلەپ كېتىپ باراتتى...

# يەتتىنچى قىسىم

ئاداشقا ئاداش بول ياغىغا ياغى،

ئاسرىغىل ئېلىڭنى ئەتىۋا باغى.

پاچاقلا ياغىنىڭ تەختى - بەختىنى،

ئەل ئامان، يۇرت ئامان، دەرياسى، تاغى.



### بىرىنچى باب

# ئۇلۇغ يۈرۈش

ئۈنىنچى يۈز يىللىقىنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، ئەجدىھا يىلى، ئەتىياز، پۈتكۈل قەشقەر باھار پەيزىگە چۈمگەن. بۈگۈن ئەتىگەندىلا شەھەردىن ئۈستۈن ئاتۇش تەرەپكە قاراپ ئاتلىق، پىيادە كىشىلەر خۇددى دەريادەك ئۈزۈن سوزۇلۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئارىلاپ توپ-توپ چېرىكلەر ئادەملەردىن ھالقىپ ئىلگىرىلىمەكتە.

سۇتۇق بۇغراخان خانىش ئايدىڭ بىلەن خان ئوغۇللىرى بايتاش، تونغان، خان قىز ئالانۇر خېنىم بىلەن، ئالپ ئارسلان ۋە باشقا ئەربابلار بىلەن شەھەردىن چىقىپ تۈمەن دەريا كېچىكىدىن ئۆتۈپ، قورغاننىڭ باغلىق ھويلىلار ئارىسىدىكى يولدا ئاتلىرىنى بۇردى. ئالدىدا ئۈچتىن تىزىلغان توققۇز ئاتلىق چېرىك، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاتلىق چېرىك قاراخانىلار دۆلەت تۇغىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇلار ئۆرۈك، ئالما چېچەكلىرى بىلەن پۈركەلگەن يېزىلاردىن ئۆتۈپ، ئېگىز-پەس تاغلارغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە...

ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئايغىدىكى تاغ باغرى، ئەتراپ ئادەملەر بىلەن تولغان. تاغ يوتىسىدا، مەھەللە چەتلىرىدە، يول بويلىرىدا توپلانغان كىشىلەرنىڭ، شىمالغا ۋە كۈنپېتىشقا سوزۇلغان يول چەتلىرىگە تىزىلغان چېرىكلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى، سۇناي-ناغ-رىلارنىڭ ئېگىز-پەس ئاۋازلىرى بىلەن بۇ جاي گويا بىر چوڭ

تۈي-مەرىكىگە تەييارلانغانغا ئوخشايتتى. چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چوڭ چاسا گىلەمنىڭ ئىككى چېتىدە باش ئولچى ئىلىك، ئوردۇ ئاغىسى قىلىچ، ئوردۇ باش پۈتۈكچىسى — ھاجىپ بارسبەگ، ئەل قارۇغچى ئىشلىرى ئولچىسى كەنجىبەگ، خەزىنىچى ئاغىچى بۆركۈتبەگلەر، يەنە بىرقانچە ئوردۇ ئەربابلىرى، ئۆلىمالار، بايلار ۋە يۇرت چوڭلىرى ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقا ۋە يانلىرىدا چېرىك ئەمەلدارلار، ئالپلار ئۆرە-تۆپە يۈرۈشەتتى.

كىشىلەر كۆز ئۈزمەي شەھەر تەرەپكە قارىشاتتى... شەھەر ياقتا يول چېتىدىكى ئېگىز دۆڭدىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ "خان كەلدى" دېگەنلىكنى ئۇقتۇراتتى. ئادەملەر ئۇ ياققا تەلمۈرۈشتى...

ئۇچمىراۋان داۋىنىدىن ئېشىپ بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەلدى...

سۇتۇق بۇغراخان خانىش ئايدىڭ بىلەن ئوڭ سولدا خان ئوغۇللىرى ۋە خان قىزنى ئېلىپ كۆلۈك ئاتلاردا كېلەتتى. ئارقىدا ئالپ ئارسلان، يولتۇز، ئالپ سۇباشى توغرۇلبەگ، ئۇلاردىن كېيىن ئوردۇ قارۇغباشى ئەركىن، شەھەر قارۇغچىباشى — بۇغرا خانىڭ خاس قارۇغچىسى قوچقار...لار، ئارقىلىرىدا ئىككى يۈز نەپەر خاس قارۇغچىلار كېلەتتى. خان ۋە ھەمراھلىرى يېقىنلاشقاندا داقا-دۇمباق تېخىمۇ ياڭرىدى. "ئامان-ئامان!"، "خان ئامان!" دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇ ئاۋازلار شامال ھەم كۈن-پېتىش ياقتىكى يول بويلاپ تىزىلىپ تۇرغان، ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان چېرىكلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاغزىغا ئۆتۈپ، ئۇزاق-ئۇزاقلاردا ئاڭلىناتتى. ئەتراپ كەنت-تاغلاردا داغدۇغا سادالىرى ياڭرايتتى.

بۇغراخان تۇغ - ئەلەملەردىن يىگىرمە غۇلاچچە نېرىسىدا ئاتتىن چۈشتى، ھەممە ياق جىم بولدى. ئۇ كېلىپ ئۇزاتقۇچى ئەربابلار بىلەن ئامانلاشتى. ئاندىن خان ئوغۇللىرى، خان قىز ۋە باشقىلار ئىككى ياققا تىزىلدى. سۇتۇق بىلەن ئالىپ ئارسلان بىرىپ ئوڭ ياققا بىر چېدىرنىڭ قولىدا ئېگىز لەپىلدەپ تۇرغان دۆلەت تۇغىنىڭ ئالدىدا توختىدى. چىرايلىق چېرىك كىيىملىرى كىيگەن بۇ ئىككى نەپەر، ئۇلۇغ يۇرۇش سەركەردىلىرى باشلىرىنى تىك تۇتۇپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تۇغقا قاراپ تۇرۇشتى ۋە ئوڭ قوللىرىنى ئاۋۋال ئېگىز كۆتۈرۈپ، كېيىن چېكىلىرىگە قويۇپ دۆلەت تۇغىغا چېرىكچە سالام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى. تۇغ تۆۋەن ئېگىلدى. خان چېرىكچە يۈرۈش بىلەن قەدەم تاشلاپ بېرىپ تۇغ ئالدىدا ئوڭ تىزىنى پۈكۈپ تۇغنى سىقىملاپ سۆيدى ۋە قويۇپ ئارقىسىغا چېكىندى. ئالىپ ئارسلانمۇ شۇنداق قىلىپ، چېكىنىپ خان بىلەن تەڭ تۇردى.

گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارغا قاراپ ئىككى ئاق ساقال بوۋاي ئۈستىگە بىردىن شىرمان نان، چۆچەك تۇز قويۇلغان پەتنۇسنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئاۋۋال خان ناندىن بىر بۇردا سۇندۇرۇپ چۆچەكتىكى تۇزغا پاتۇرۇپ ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىپ ئارسلانمۇ شۇنداق قىلدى. يوغان سەللە ئورىغان، ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن بىر ئاقساقال كىشى "ئامىن!" دەپ قول كۆتۈردى. باشقىلارمۇ "ئامىن!" دەپ قول كۆتۈرۈشتى. پۈتكۈل دالادا بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ "ئامىن!" دېگەن ئاۋاز گۈلدۈرلىدى. "ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا ھەم ئالىپ ئارسلانغا ئاللا يار بولغاي، ياغى ئۈستىدىن غالىب بولۇپ قايتقايلا، ئاق يول بولسۇن، ئاللاھۇئەكبەر!" دەپ

ئاقساقال يۈز-ساقاللىرىنى سىلىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئولچى-ئەربابلار، ئۆلىمالار، يۇرت كاتتىلىرى بۇغراخانغا تازىم قىلىپ ئاق يول تىلىدى. خان ئىلىك ئۇستاز بىلەن قول ئېلىشقاندا، "خوش دوستۇم، بىز قان تۆكۈلۈشىنىڭ قەدىمىنى باشلىدۇق، ئۇلاجىلىق قانچە؟ بۇ ئەل ئامانلىقى، جىغراق قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،" دېدى. "شۇنداق، كىشى كايىسدا ئۆز خاھىشىغا قارشى ئىشنىمۇ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئامان بولۇڭ" دېدى ئىلىكخاننىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ، داغدۇغا ئاۋازلىرى ئىچىدە بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كىشىلەر ئاڭلىمىدى. ئىككىلىسى جىددىيلەشكەن كۆڭۈل ئىپادىلىرىنى سەزدۇرمەسلىككە تىرىشتى.

سۇتۇق بۇغراخان سول ياقتا، ئارسلان ئوڭ ياقتا قارۇغچىلىرى تۇتۇپ تۇرغان ئاتلىرىغا مىندى. ئاۋال كۆپچىلىك بۇغراخاننى ئۇزاتتى، كىشىلەر يول ئاچتى. بۇغراخان ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ تاغ بويلاپ يۇقىرىغا سوزۇلغان يولغا قاراپ ماڭدى، چوقان-سۈرەنلەر ئەۋج ئالدى. "ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي"، "ئامان-ئامان" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بۇغراخان ئەركىن باشلىغان قارۇغچىلار قوشۇنى بىلەن خەلق قاتارىدىن ئۆتۈپ، ئاتۇشتىن نېرى تاغ ئىچكىرىسىگە سوزۇلغان قوشۇن قاتارىدىن يۇرۇپ ئۇزاپ كەتتى. ئۇزاتقۇچىلار تاكى بۇغراخاننىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇشتى. خاننىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن ماڭدى...

ئاندىن ئالىپ ئارسلان ماڭدى. ئۇنىمۇ خەلق تەنتەنە بىلەن ئۇزاتتى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن تىزىلغان قوشۇنلار ئارىسىدىن مېڭىپ، چۆلنى كېسىپ، تاغلارغا قاراپ شىمال

نەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئارقىسىدىن قوشۇن ماڭدى...

بۇ سەپەر — سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى باش بولغان ئۇلۇغ چېرىك يۈرۈشى ئىدى. يۈرۈشنىڭ نىشانىسى سامانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى مەركىزى بولغان سەمەرقەنت ئىدى.

ئىككى يول قوشۇنى ئۆزگەندە ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇغراخان پەرغانە، قوقەنت ئارقىلىق سەمەرقەنتكە؛ ئارسلان تەمەنگان-شاش ئارقىلىق سەمەرقەنتكە بارماقچى. بىرىنچى يولنىڭ قوشۇنى قىزىل ئۆيىنى مەركەز قىلىپ چېگرىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان. ئىككىنچى يولنىڭ قوشۇنى بالاساغۇندىن سامانىلار چېگرىسىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغانىدى...

سۇتۇق بۇغراخان بىرنەچچە كۈن يۈرۈپ قىزىلئۆيگە باردى. قۇتلۇق سۇباشى ئون چاقىرىم يەرگىچە چىقىپ قارشى ئالدى. قىزىلئۆي بازارنىڭ ئىچى-تېشى چېرىك بىلەن تولغانىدى. بۇ "گەۋدە قوشۇن" بولۇپ خانىنى كۈتەتتى. "باشلامچى قوشۇن"دا ئون مىڭ چېرىك بولۇپ چېگرىغا تاقاپ تېرەكداۋاننىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇندىن كېيىن "ئوڭ قانات قوشۇن" قىلىپ ئون مىڭ چېرىك جايلاشتۇرۇلغانىدى، قىزىلئۆيدە "گەۋدە قوشۇن"دىكى يىگىرمە مىڭ چېرىك خانىنى كۈتەتتى. ئارقىدىكى "سول قانات قوشۇن"دا ئون مىڭ چېرىك، "يەتكۈزگۈچى قوشۇن"دا بەش مىڭ چېرىك كېلەتتى. قوشۇننىڭ ئالدى-كەينى يىغىلىپ رەتلەنگۈچە بۇغراخان قىزىلئۆيدە بىر ھەپتە تۇرۇپ، قۇتلۇق سۇباشىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدى. تۈمەنباشى، مىڭباشىلارنىڭ كېڭەشمىسىنى ئۆتكۈزدى.

چېرىكباشىلىرى يۈرۈش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىشتى، ئەھۋال

ياخشىكەن، ئات-ئۇلاغ، كىيىم-كېچەك، تاماقلىنىشى ياخشىكەن. بىرنەچچە يىلدىن بېرىكى تەيپارلىق ئۇبىدان ئۇنۇم بەرمەكتە. چېرىك ۋە چېرىكباشىلىرى ئەگە بارىدىغانلىقىنى، كىم بىلەن ئېمىشقا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ئەلنى قوغداشنىڭ ھەم كۆنىپېتىشتىكى قېرىنداشلىرىنى ياغى قىلىچى ئاستىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار "خانىدانلىقىمىز ئۈچۈن"، "بۇغراخان ئۈچۈن!" دېگەن ئۇران ئاستىدا، تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن چۆل كېزىپ، داۋانلار ئېشىپ، جاپاغا چىداپ يۈرۈش قىلماقتا... بۇغراخان بۇنداق ياخشى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى. "بۇنداق قوشۇن ئۇتۇق قازانماي قالمايدۇ. چېرىكلەر بىزنىڭ قەدىرلىك كىشلىرىمىز. ئۇلارنى جېنىمىزنى كۆزگەندەك كۆرەيلى!" دېدى بۇغراخان.

قۇتلۇق سۇباشى ياغىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى! بارغان كىشىمىز يېقىندا كارۋان بىلەن قايتىپ كىلىپتۇ. تېرەكداۋاندىن ئېشىپ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن "تاغ ئارىسى" دەپ ئاتالغان جايدا ياغىنىڭ بەش مىڭ چېرىكى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇش شەھىرى. "تاغ ئارىسى" بىلەن ئۇش ئارىسىدا ئالاي تېغى بار. مانا بۇ تاغ بەك ئېگىز... ئالاي تېغىدىن ئۇش شەھىرىگىچە بولغان كەڭ تۈزلەڭلىكتە ياغى قوشۇنىنىڭ بىزنى توسۇشى مۆلچەرلەندۇ. ئاندىن ئۇشتا چوڭراق جەڭ بولىدۇ. ئۇشتا ياغىنىڭ يىگىرمە مىڭ چېرىكى بار دەيدۇ. ئۆزگەندە ئوتتۇز مىڭ چېرىكى بار ئىكەن...

— بالاساغۇنغا قاراتقان كۈچى قانچىلىك ئىكەن؟ — سورىدى بۇغراخان.

— ئوتتۇز مىڭچە بولۇشى مۆلچەرلىنىدۇ.

— جەڭ ھەرىكىتىمىز مۇنداق بولماقچى، — دېدى قۇتلۇق سۇباشى ئاخىرىدا، — تاغ ئارىسىنى ئالغاندىن كېيىن توختىماي ئالايىنى ئېتىپ ياغىنى ئاغىنىڭ ئۇ ياقىدا توسۇش، ئوشتا جەڭنى ئارقىغا سۈرۈپ، ئۆزگەندىن ياغىنىڭ چېرىك يۆتكىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ شۇنداق قىلىپ، ئالىپ ئارسلاننىڭ ئۆزگەننى ئېلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش؛ ئارسلان ئۆزگەننى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوشنى ئېلىش، ياغى كۈچىنى يوقىتىپ، ئەنجانغا بېرىش؛ ياغىنىڭ بىزنى توسۇشىدىكى تۈپ ئورنى ئۆزگەن ئوخشايدۇ. ئۆزگەننى ئېلىپ، ياغىنىڭ بەش تۈمەندىن ئارتۇق چېرىكىنى يوقىتىش — بىزنىڭ بىرىنچى چوڭ ئۇتۇقىمىز بولىدۇ. ئۆزگەندىن ئىلگىرىلەشنى شۇ يەردە قارار قىلغان تۈزۈك.

— ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، — دېدى بۇغراخان بىر ئاز ئويلىغاندىن كېيىن، — بەك ياخشى. ئەتە ئاتلىنايلۇق.

* * *

ئەتىسى كۈن چىقىش بىلەنلا قىزىلئۆيدىن تىرەكداۋانغىچە سوزۇلۇپ ياتقان ھەيۋەتلىك "بۇغرا قوشۇن" ھەرىكەتكە كەلدى. چۆل-ئېدىر، تاغ-باغرى، تاغ ئارىلىقى، ساي-بەللەردىكى يالغۇز ئاياغ ئۇزۇن يوللاردا ئاتلىق-پىيادە چېرىكلەر قارشىسىدىكى ئاسمان پەلەك تاغلارنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ شىمال ياقىغا يۈرۈش قىلماقتا...

سۇتۇق بۇغراخان قىزىلئۆيدىن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى. ئۇلار بازارنىڭ شىمالىغا سوزۇلغان كوچىسىدىن چىقىپ كەڭ ئېدىرغا چۈشۈپ تاسمىدەك سوزۇلغان ئۈچ چىغىر يول بىلەن ئىلگىرىلىدى. بۇغراخان ئاتلىق قاراۇغچى قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلى ئايغىرچى ۋە

ئەرگىنلەر بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ بىراقتا كۆز سېلىپ، بېشى تاغ ئۈچىگە كىرىپ كېتىپ بارغان قوشۇننى كۆرۈپ ئىچىدىن مەسلىكى كەلدى. ئەمدى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى چېرىكلەرنىڭ نەيزە تىغىدا، قالقان يۈزىدە پارقىرىماقتا.... ئۇزاقتىكى ئاقباش تاغ گويا ئۇنى قارشى ئېلىپ باش ئېگەتتى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازلىرى، يۈرقۇشلىرىدىن باشقا ئادەم ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. گايى چېرىكلەر خۇش چىراي ئەتراپقا، تەبىئەت مەنزىرىسىگە سەپ-سالاتتى. گايىلىرى قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئايرىلغىنىغا بەزىلىرىگە ئۈچ-تۆت يىل، بەزىلىرىگە بىر-ئىككى يىل بولدى. ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنى، ئۆزى ئوينىپ ئۆسكەن يېزىلىرىنى يادلاپ سېغىناتتى. بەزىلىرىنىڭ ئۆيىدە ياش خاتۇنى، ئەمدى چۈچۈك تىلى چىققان بالىسى بار ئىدى. بەلكىم خاتۇنى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، بۇدۇرۇق قوللىرىنى سوزۇپ يىغلاپ تۇرغان بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ھەر كۈنى كۈتىدىغاندۇ. ئۇلارنى قانداقمۇ سېغىنمىسۇن؟! ئەل ئىچىدە چېرىك بولۇش كۆڭۈللۈك ئىش. لېكىن، ئەمدى چەت ئەلگە، يەنە كېلىپ ئۇرۇشقا كېتىپ بارىدۇ-دە! تىرىك قايتىپ يۇرتىنى، ئاتا-ئانىلىرىنى، خاتۇن بالىلىرىنى كۆرەلەرمۇ؟!

ئەركىن ئويلىماقتا. لېكىن، ئۇنىڭ ئويى ئىزچىل، چوڭقۇر بولالمايتتى. ئۇ ئالدى-كەينىگە، يانلىرىغا قاراپ، خانغا سەپ-سالاتتى. خاننىڭ خاتىرجەم، كەيپى ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە ئويغا كېتەتتى. ھايۋاندەك ياشىغان بىر قول بالىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك مىڭباشى ئەمەلدارغا ئايلىنىپ قېلىشى، يەنە كېلىپ، ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئىشەنچلىك قارۇغچىسى بولۇپ قالغانلىقى ئەقلىنە

سىغمىغۇدەك بىر ئىش ئەمەسمۇ! ئۇ مۇشۇنى ئويلىغاندا، بۇغراخانغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن تۈگىمەس مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن "لاپ" قىلىپ قۇندۇز ئۆتۈپ كەتتى: ئۇ چىرايلىرى زەپىرەڭدەك سارغايغان، زىنداندا يېتىپتۇ... ئەنە، ئۇ قالداقۇر چۆللەردە، تاغلاردا پاراكەندە هالدا قېچىپ يۈرۈپتۇ. ئەنە، ئۇ تاغلىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن قولىدىكى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سامانىلارنىڭ چېرىكلىرىنى چېپىۋاتىدۇ... ئەنە ئۇنىڭ تۇپا دۆۋىلەنگەن قەبرىسى. قايسىدۇ بىر موماي قەبرىگە گۈل سانجىپ، تىز چۆكۈپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ... يەنە زىندان، قۇندۇز قوللىرىدىن ئېسىلغان، قارا تەنلىك، ئىشتانچاق كىشىلەر ئۇنى دۇمبالاۋېتىپتۇ... ئەركىن قولىدا قىلىچ ۋاقىرىغانچە بېرىپ، زىنداننىڭ ئىشىكىنى بىر تېپىپ سۇندۇرۇپ ئېچىپ كىردى. كاللەكچىلەرنىڭ بېشىنى ئېلىپ، قۇندۇزنى بوشىتىپ يەرگە چۈشۈردى ۋە باغرىغا بېسىپ هوشىغا كەلتۈردى. قۇندۇز ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىدى... ئەركىننىڭ سىياقىدا جىددىيلىك ۋە هاياجانلىق پەيدا بولدى...

بۇغراخاننىڭ: "مانا، تاغقا يېقىنلاشتۇق" دېگەن ئاۋازى ئەركىننىڭ ئوي-خىيالىنى بۇزدى. ئۇ تاغ يوتىسىدىن ئۆتۈپ، تاغ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپ بارغانلىقلىرىنى كۆردى، "شۇنداق، تاغقا كىرىشكە باشلىدۇق" دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خانغا. ئاتلار كۆچەپ يۇقىرى ئۆرلەيتتى...

ئۇلار تاغ ئارىلىقىدا، سايدا ئۇزاق مېڭىپ، كۈن قايرىلغاندا، بىر داۋاندىن ئېشىپ، تۆۋەنلىدى. يىراقتا، پەس تاغ كەينىدە، ئانچە كەڭ بولمىغان بىر ئوتلاق كۆرۈندى، ئوڭ ياقتىن چۈشكەن بىر ئۆستەڭ سۇ سايغا كىرىپ كېتەتتى. ئۆستەڭنىڭ سول ياقىدا،

تاغ ئېتىكىدە يىگىرمىدەك قارا ئۆيلەر تىكىلگەن. ئۆيلەر ئەتراپىدا يىلقا، كالا، قويلار ئوتلايتتى. ئۇلار داۋاندىن چۈشۈپ، ئۆستەڭنى بويلاپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئوتلاققا چىقتى. يول بويىدا باشقا ئاۋۇللاردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىرمەر مىڭ كىشى بۇغراخاننى قارشى ئالدى. ئۇلار يول چېتىدە قاتار تۇرغان چېرىكلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇشاتتى. بۇغراخان كېلىشى بىلەن "ئامان-ئامان، بۇغراخان ئامان!" دەپ توۋلاشتى. بۇغراخان توختاپ قوچقارغا بىرنېمە دېگەندى، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ چېرىكلەرنى چېكىندۈرۈپ قارشى ئالغۇچىلارغا يول ئاچتى. ئۇلار يولغا چۈشتى. بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. كىشىلەر توپى ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاقساقال بوۋاي توختىشى بىلەن ھەممىسى توختىدى. بوۋاينىڭ قولىدا ياغاچ ئاياققا ئاغزى ئېچىلغان بىر قېرىن سېرىق ياغ، بىر ياغاچ قوشۇق ياغقا پاتۇرۇلغان ھالدا تۇراتتى. بوۋاي ئاياقنى بۇغراخانغا سۇنۇپ بېشىنى ئەگدى. بۇغ-راخان سېرىق ياغدىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ۋە ئاۋال بوۋايغا، ئاندىن كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردى. بوۋاي قولىدىكى ئاياقنى بىرسىگە بېرىپ "ئۇلۇغ خاقانىمىز بۇغراخان ئۇزاق يىللار ئامان بولغاي" دېدى. كۆپچىلىك "ئامان-ئامان!" دەپ توۋلاشتى.

— سالام ئۇلۇغ بۇغراخان، — دېدى بوۋاي بۇغراخانغا قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، — يوللىرى ئاق، ئىشلىرى ئوتۇقلۇق بولغاي.

— ھەشقاللا، سىزگە، يارانلارغا ھەشقاللا، — دېدى بۇغراخان بوۋاينىڭ قوللىرىنى سىقىپ، — ئۆزىڭىز ئامانمۇ كۆلۈك باتىر؟ دوستلار بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن بەك خۇشمەن.

بۇغراخان كۆلۈك باتىر بىلەن راستىنلا كونا دوستلاردەك

لەممىي كۆرۈشتى.

بۇغراخاننىڭ ئەلباشى كۆلۈك باتىرغا ھۆرمەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر ھەيران قالدى. "بىزنىڭ كۆلۈك باتىرنى ئۆلكۈن ئادەم كۆردىڭمۇ؟" دېدى بىرسى، يەنە بىرسى: "شۇنداق بولمايچۇ، ئۇمۇ بىزنىڭ خانىمىزدە" دېدى. دېگەندەك كۆلۈك باتىر مۇشۇ تاغلىق ئەلنىڭ "خانى" ئىدى. ئۇ ئۆز ئېلىنى ياقلىقتىن چىڭ تۇرۇپ قوغدايتتى. ئات بەيگىسىدە ھەممىدىن ئالدىدا ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى-يامانىنى ئايرىپ ئەقىل كۆرسەتەتتى. باشلامچىلىق قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ داغلىق چىپار كۆلۈكى ئۈستىگە چىقتىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. شۇڭا كونا ئاقساقىلى ئۆلگەندىن كېيىن يۇرت ئۇنى ئوتتۇرا ياش بولسىمۇ، ئاقساقال قىلىپ كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ چېۋەر ۋە داغلىق كۆلۈكىگە قاراپ كۆپچىلىك ئۇنىڭغا "كۆلۈك" دەپ لەقەم قويدى. كېيىن لەقەمنى ئىسمىغا قوشۇپ "كۆلۈك باتىر" دەپ ئاتاشتى. كۆلۈك باتىر ئۇزاقى يىللى قەشقەرگە بېرىپ، بۇغراخان بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇ ئەلنىڭ دەردىنى، تىلىكىنى سۆزلەپ "خانلىق كۆزىمىزنى باغلاپ قويمىسۇن، خاقانىم" دېگەنىدى. ئۇ يەنە ياغىنىڭ باستۇرۇپ كېلىپ، يۇرتنى تالاپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ: "ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قوينى ساقلىغىلى بولمايدۇ. بۆرىنى قوغلاپ ئۇرۇش كېرەك" دېگەنىدى. كۆلۈك باتىرنىڭ بۇ ئىككى جۈملە سۆزى بۇغراخانغا بەك تەسىر قىلغان. شۇڭلاشقا بۇغراخان ئەل غېمىنى يەيدىغان بۇ ئاقساقالنى ئۇنتۇمىغانىدى.

— مەن ئۇلۇغ بۇغراخاننى يۇرتىمىزدا كۆرۈپ، خۇشاللىقىمدىن يېرىلاي دېدىم، — دېدى كۆلۈك باتىر ھاياجان بىلەن.

— كۆردىڭىزمۇ، "بۆرىنى قوغلاپ ئۆرەلى" ئاتالدۇق، — ئىككىلىسى كۈلدى.

— مانا بۇ ئۇلۇغ ئاتلىنىش خاقانىم. تاغ كەينىدە بۆرە ماراپ ياتسا، تىنچ ئۇخلىغىلى بولمايدۇ.

— سۆزىڭىز توغرا. بۆرىنى يوقاتقاندىن كېيىن يەنە ئۇخلىماي چېلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دوستۇم. قويلارنى ئوبدان بېقىپ سەمرىتىش كېرەك - تە؟

— شۇنداق، شۇنداق ئۇلۇغ خاقانىم. دانالىقلىرىغا قايىلمەن.

كۆلۈك باتىر بۇغراخاننى يولنىڭ سول ياقىدىكى ئوتلاققا باشلىدى. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تاغ يوتىسىغا يۆلەپ تىكىلگەن قاتار قارا ئۆيلەرنى كۆردى. ئوتتۇرىدا، كەڭ، — ئېگىز بىر ئاق ئۆي ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. قارا ئۆيلەرنىڭ يۇقىرىراقىدا تاغ باغرىدا بۇغراخاننىڭ سۆلەتلىك چۇشكۈنى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا قاتار قارا ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۇشكۈنىنىڭ پېشانىسىگە قادالغان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت تۇغى يەلپۈلدەپ تۇراتتى. قارۇغچىلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئاللىقاچان كېلىپ قونالغۇنى تەييارلاپ بولغانىدى. ئەركىن ئۆز چېرىكلىرىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ بەلگىلىك جايغا ئورۇنلاشتۇرغىلى باشلىدى.

بۇغراخان ئاق قارا ئۆيگە يېقىن كەلگەندە، ئىككى ياققا قاتار تىزىلىپ تۇرغان قىز - يىگىتلەر قارشى ئېلىش ئىرىنى باشلىۋەتتى. مومايلار، كېلىنچەكلەر چاچقۇ چاچتى. باشلىرىغا چوڭ تۈلكە تۇماق كىيگەن تۆت نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئۆيدىن بىر شىرداقنى ئەپچىقىپ خان ئالدىغا پايانداز سالدى. ئۇزۇن

ئاق-قىزىل گۈللۈك پايانداز خاننىڭ ئالدىغا يېيىلدى. خان پايانداز دىن مېڭىپ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئارقىغا بۇرالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىش تەنتەنىسىگە رەھمەت بىلدۈردى. كېيىن ئىرچى قىزلارغا زوق بىلەن نەزەر سالدى. قىزلار يېرىم ئۇسۇللۇق شوخ ھەرىكەت بىلەن ئىرلايتتى. ئۇلارنىڭ بوينىغا ئاسقان تەڭگە-مارجانلىرى مەيدىسىدە جاراڭلايتتى. گۈللۈك تەخسىنىڭ ئۈستىگە قادالغان ئۈزۈن پارقىرىما ئۆكەلەر يەلپۈلدەپ قىزلارنىڭ قېنى تېشىغا تەپچىپ تۇرغان دۇگىلەك قىزىل مەڭزىگە سايىلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆسنىلىرىگە ھۆسن قوشاتتى. قىزلار خاننىڭ سەنئەتكارلىق ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى.

قىزلار ئويناپ كېلىپ، بۇغراخاننىڭ ئالدىدا قاتار تىزىلىپ، ئوڭ تىزىنى يەرگە قويۇپ، تىزىغا ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى ئۈستى-ئۈستىگە قويۇپ ئۆكەلىك باشلىرىنى ئەگدى. مۇشۇ ھۆرمەت سالامنىڭ ئۆزىلا بىر گۈزەل سەنئەت ئىدى. بۇغراخان مەيدىسىگە قوللىرىنى قويۇپ، قىزلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە قوللىرى بىلەن ئۇلارنى قوپۇشقا شەرەت قىلدى. ئاقساقال خاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. خان تۆردە، شىرداق ئۈستىگە سېلىنغان ئاق ئېيىق تېرىسىدە ئولتۇرۇپ ئۆيگە قاراپ چىقتى. ئۆي بەك ياخشى بېزەلگە-ندى. بۇ ئادەتتىكى ئۆي ئەمەس، تاغلىقلارنىڭ نەپىس قول سەنئەتلىرىنىڭ كۆرگەزمىسىگە ئوخشايتتى... داستىخان سېلىپ چاي قۇيۇلدى...

كەچقۇرۇن، چۈشكۈن ئىچىنى سېرىق قەغەزلىك چوڭ پانۇس يورۇتقاندى. بۇغراخان ئەلى ئايغۇچى، ئەركىن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىككى نەپەر چۈشكۈن غۇلامى كىرىپ ئاق

داستىخاننى يايدى. ئىشىكتىن ئاقسافال كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوللىرىدا يوغان ياغاچ تاۋاق كۆتۈرگەن قىزلار قاتار كىرىپ كەلدى. تاۋاقلار داستىخانغا قويۇلدى. سارغىيىپ پىشقان، ياغلىرى تەپچىپ تۇرغان تاي گۆشلىرى، تاۋاق ئوتتۇرىسىغا بىشى قويۇلغان، يانپاش-قورۇقلىرى سېلىنغان پاقلان گۆشلىرى كىشىنىڭ ئىشتىهايىنى قوزغايتتى. ئۇزاق ئاتلىق سەپەردىن كەلگەن مېھمانلار گۆشكە تۇتۇش قىلدى...

ئەتىسى ئەتىگەن بۇغراخان چۇشكۇنىڭ ئالدىدىكى تاش ئۈستىدە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ ئارقىسىدىن چېچىلىپ يۇقىرى چاچراۋاتقان قىزغۇچ قۇياش شولىسىغا قاراپ ئويلايتتى. كۈنلەر ئۆتمەكتە. مانا ئۇ بىر ئۇخلاپ ئويغاندى. تەبىئەت كىشىگە ھۇزۇر بېرىپ كەلمەكتە. قۇياش ئۇنى ئەركىلىتىپ نۇرىنى چاچماقتا. ئەنە، تاغ كەينىدىن، شولىلار ئاستىدىن ئەگمە قۇياش كۆلۈپ چىقتى. ئۇ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كائىناتقا مەرت قۇچىقىنى ئاچاتتى. ئەنە ئۇنىڭ بېرىسى چىقتى... پۈتۈن چىقتى. دۈپ-دۈگىلەك قىزغۇچ قۇياش تاغ-دالانى، يايلاق-ئوتلاقلارنى نۇرىغا چۆمدۈردى. ئاسمان پەلەك ئاق چوققىلار قۇياش نۇرى بىلەن گىرەلىشىپ كۆلشەتتى. بۇغراخان بارلىق كائىناتنىڭ قۇياش نۇرى بىلەن قۇچاقلىشىپ قىلىۋاتقان كارامەت تەنتەنىسىنى تاماشا قىلغاچ ئويلايتتى:

"... شۇنداق، قۇياش قۇدرەتلىك. ئۇ بولمىسا دۇنيامۇ يوق. ھاياتمۇ بولمايتتى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتلىققا، ناباتاتلارغا ھايات بەخش ئېتىدۇ... لېكىن، ئەجەب ئۇ دۇنيادىكى تەڭسىزلىكنى تەڭشىيەلمەيدىكەن؟! بۇ ئاللانىڭ قولىدىنلا كېلىدىغان ئىش بولسا

كېرەك... شۇنداقمىدۇ؟ ئەگەر ئۇ تەڭشىلەيدىغان بولسا، دۇنيانى ئېمىشقا تەكشىسىز يارىتىدۇ؟ يەنە قۇياش قۇدرەتلىك. ئۇ ھاياتقا، دۇنياغا مەڭگۈ ياشاش شارائىتىنى بېرىدۇ. ئادەملەر شۇ دۇنيادا، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن دۇنيا بايلىقلىرىدىن ھەممە ئادەم تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. ئەقىللىق، ئىدراكلىق، يۈرەكلىك ئادەملەر تەڭسىزلىكنى تەڭلىككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. سۇتۇق! سەنمۇ ئادەمغۇ؟ يەنە كېلىپ، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئىدىقۇت، خاقان، بۇغرا، سۇلتان... ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن جىق مەنسەپلەر بۇ!؟ شۇنچىلىك جىق مەنسەپ ۋە ھوقۇقلىرىڭ تۇرۇپ تەڭسىزلىكنى تەڭشىيەلمەمسەن؟ كۆلۈك باتۇر ئېيتقاندەك "خانلىق كۆزىمىزنى باغلاپ" قويمىدىمۇ؟! ئىلىك ئېيتقاندەك ئەركىنلىك، يەنە ئەركىنلىك... فارابى ئېيتقاندەك تەڭلىك بىلەن باشقۇرىدىغان شەھەرمۇ بولار. پۈتكۈل ئەلچۇ؟..."

ئويلىغانچە بۇغراخان ئۆزى قويغان سوئاللارغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇنىڭ بېشىنى ئورىۋالغان بۇنداق چىگىش، چېكى يوق خىياللار ئۇزۇندىن بېرى بۇغراخاننى ئاۋارە قىلاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ بۇ چىگىش تۈگۈننى يېشەلمىدى. ئاخىر ئۇ "كېيىنكىسىنى بارا-بارا كۆرەرمىز. ھازىرقىسىنى ئويلاش كېرەك" دەپ تۈگۈننى چىگىش بويىچە تاشلاپ قويدى. ئاندىن ئويى چېرىك يۈرۈشىگە ۋە ئاقىۋىتىگە بۇرالدى. "يۈرۈشىمىز راستىنلا ئۇلۇغ يۈرۈش بولدى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — رۇم ئىمپېراتورلىرى كۈنچىقىشقا يۈرۈش قىپتىكەن، ئاندىن ھونلار، تۈركلەر، ئوغۇزلار... كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىپتىكەن. ئەرەبلەرنىڭ يۈرۈشلىرىمۇ كىچىك يۈرۈش بولماپتىكەن، قىلىچىدىن قان تامغۇزۇپ تۆتلا تەرەپكە

يۇرۇش قىپتۇ. ئۇلار ھەم ئۇرۇش قىپتۇ، ھەم دىن تارتىپتۇ. باشقا يۇرۇشلەرنىڭ ئەلەملىرىگىمۇ دىنىي ئۇرانلار پۈتۈلگەنىدى... يۇرۇش بولىدىكەن، ئۇرۇش بولىدۇ. ئۇرۇش — ئۆلتۈرۈش-ئۆلۈش، ئېتىلىپ قان تۆكۈش دېگەن گەپ. قان تۆكۈش ياخشى ئىشمىكەن؟!... بىراق، جىق ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئازراق قۇربان بېرىش، جىق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئازراق قان تۆكۈش كېرەك ئىكەن. قان تۆكمىگۈچە ئامانلىق يوق، "چاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق..."

— ھەممە تەييار بولدى، — يېنىغا كەلگەن قوچقارنىڭ سۆزى بۇغراخاننىڭ ئويىنى بۇزدى.


— ھە، خوپ ئاتلىنايلىق، — دېدى ئۇ ۋە قوپۇپ چۇشكۈن تەرەپكە ماڭدى. چۇشكۈن ئالدىدىكى بىرنەچچە كىشىلەر ئالدىدا كۆلۈك باتۇر ئېگەرلىك ئېگىز بىر چىرايلىق چىپار ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— خاقانىمىز ئامان، — دېدى ئاقساقال ئاتنى كۆرسىتىپ، — بۇ چىپار ئايغىر سىزگە يوللۇقىمىز. ئۆزەمنىڭ قەدىناس ئېتىم ئىدى، سىزگە بۇيرۇغانىكەن.

— ھەشقاللا باتۇر، مېنىڭ ئېتىم يامان ئەمەس، — دېدى بۇغراخان.

— سىزنىڭ ئارغىمىقىڭىز تۈزلەڭلىكتە ئاتتىن قېلىشماس، بىراق تاغ-داۋاندا بۇ ئايغىرغا يەتمەيدۇ. نامراتلارنىڭ كۆڭلىمىز، — دېدى باتۇر.

خان سۆز قايتۇرالمىدى. باتۇر خاننى قولتۇقلاپ چىپار ئايغىرغا مىندۈردى. خان باتۇرغا، كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ يولغا چۈشتى...



بۈگۈن بۇغراخان قوشۇن بىلەن سۇ كېچىپ، داۋان ئېشىپ بىر كۈن ماڭدى. چۈشتىن كېيىن ئاتلار قىيىنلىشىشقا باشلىدى. قېلىن قار كېچىپ ئۆرلەش ئاتلارغا يېنىك چۈشمەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ مېڭىشىغا تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ھۆمۈدەپ قاردىن يۇقىرى يۆتكىگىلى بولمايتتى. چىپار ئايغىر بولسا قاردىمۇ، داۋاندىمۇ، ئاياغلىرىنى سالماق بېسىپ بۇغراخاننى ئېلىپ ماڭاتتى. خان ئارسلان تېكىن سوۋغا قىلغان، تۆلۈپ كەتكەن چىپار ئارغىماقنى ئەسلىدى ۋە بۇ ئايغىرغا مەسلىكى كەلدى.

كۈنپېتىشقا يېقىن گەۋدە قوشۇن بىر داۋاندىن ئېشىپ، بېغىردا قونىدى. ئاتلاردىمۇ، ئادەملەردىمۇ ھارغىنلىق، دەم سىقىلىش بىلىنىپ تۇراتتى. بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈپ قارشىسىدىكى تاغقا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، تۇمىقى ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاسمانغا بېشى تاقاشقان تېرەكداۋاننىڭ ئاق چوققىسى ئارقىسىدىكى قۇياش نۇرى بىلەن ئويىنىشىپ كۈلەتتى. ئۇ گويا بۇغراخانغا قاراپ دىمىقىدا كۈلۈپ: "قېنى بۇغرا، باتۇر بولساڭ ئاۋۋال مەن بىلەن ئېلىشىپ باققىنا؟ ئاندىن ياغى بېشىدا قىلىچ ئويناتالايسەن!" دېگەندەك بولاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە چېرىكلەر قارا ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاران ئاچتى. قارىسا قارا ئۆيلەرنىڭ ئېتەكلىرىنى بىر گەزدىن ئارتۇق قېلىن قار بېسىپ كېتىپتۇ. بۇغراخان قوپۇپ كىيىملىرىنى كېيىپ بولغانىدى. ئەتراپنى تىترەتكەن قارسىلدىغان دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ قارا ئۆيدىن چىقىپ قارىسا، قارشىسىدىكى تېرەكداۋاننىڭ تۆۋەن سوزۇلغان "قولى"دىن تاغنى گۈلدۈرلىتىپ ئاۋاز چىقماقتا. ئېتىلىپ چىققان قار تۇتەكلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈل-

مەكتە. قارسىلداپ-دۈپۈلدىگەن ئاتلار ئاۋازى بارغانچە كۈچەيمەكتە. ئادەملەر قارا ئۆيلەردىن ھودۇقۇپ چىقىپ تاغ ھەيۋىتىگە قارىماقتا. ئاتلار چۆچۈمەكتە. "قار كۆچتى" دېدى قوچقار بۇغراخانغا. ئۇلار "كۆچ" دەھشىتىگە خېلى قاراپ تۇردى. ئاۋاز، تۈتەكلەر ئازراق بېسىلغاندىن كېيىن ئەلى ئايغۇچى: "قار يولىمىزنى توسۇۋالدى. يول باشلىغۇچىلار يول ئاچقۇچە، بىزگە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ" دېدى. قارا ئۆيلەر ئالدىدىن تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلدى. ئەگەر چېرىكلەر تۆۋەندىن ئوتۇن ئالمىغانلىرىدا، چاي ئىچىشكىمۇ بولمايتتى. بىراق، قانچە ئوت قالىغان بىلەنمۇ قاينىغان سۇدا قول كۆيمەي، يېلىمان پېتى تۇراتتى. ئاخىر ئۇلار يېلىمان سۇ بىلەن ناشتا قىلىشتى. ناشتىدىن كېيىن قوشۇن ئاتلاندى.

ئۇلار سايىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قارىغۇدەك بولسا كۆچكەن قار پۈتكۈل سايىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىز قارلىق داۋان كۆرۈندى. سول ياقتىكى تاغنىڭ كۆكسى قىپيالىڭاچ، يوغان-يوغان تاشلار ئارىسلىرىدا سۆزگەنلەر ۋە قۇرۇق ئوتلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر توپ بەرلىك چارۋىچى كىشىلەر پېيما كىيگەن پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، قوتازلارنى يېتىلەپ دەسسىتىپ كۆچكەن قاردىن يول ئاچماقتا. بىر ھازادىن كېيىن قارنىڭ بېلىدە چوڭقۇر، ئۇزۇن خەندەك پەيدا بولدى. مالچىلار قوتازلارنى يېتىلىۋالدى-دە، كەينىگە مېڭىۋېرىپ "خەندەك"نىڭ تېگىنى چىڭىتىپ، ئاندىن چېرىكلەرنىڭ مېڭىشلىرىغا رۇخسەت قىلدى. يولنىڭ ئاستى خېلى چىڭىپتۇ. خەتەر بولماي ئالدىنقى قىسىم ئۆتۈپ كەتتى. يول بارغانچە چىڭىدى.

بۇغراخان "كۆچ"دىن ئۆتۈپ بىرھەس يۈرگەندىن كېيىن،

باشقىلارنىڭ ئاتتىن چۈشكىنىگە قاراپ ئاتتىن چۈشتى. قوچقار: "بۇ يەردىن پىيادە مېڭىپ داۋانغا كۆتۈرۈلىمىز" دەپ قولى بىلەن داۋاننى كۆرسەتتى. نېرەكىدە داۋاننىڭ باغرىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تارتىلغان ئۇزۇن ئاق يولدا كېتىپ بارغان كىشىلەر، ئۇزۇن ئاغامچا قىسىرلىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇندىن-ئۇندىن بىر-بىرىنىڭ بەللىرىدىن ئارغامچا بىلەن چېتىۋالغان چېرىكلەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ، ئاستا قەدەم ئېلىپ تاغنى بېغىرلاپ قاتار يۇقىرى ئۆرلىمەكتە...

— بىزگىمۇ شۇنداق مېڭىپ چىققىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى قوچقار، — ئاتقا مىنىپ يۈرۈش خەتەرلىك، ئاتلار ماڭالمايدۇ، يەنە ئات تېيىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

— كۆپچىلىك قانداق قىلسا، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز، — دېدى بۇغراخان، — قېنى ئارغامچا، بەللىرىمىزنى چاتايلۇق.

ئەركىن قارۇغچىلاردىن تاللانغان كەڭ گەۋدىلىك سەككىز يىگىتنى باشلاپ كېلىپ خاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چاتتى، قوچقار خاننىڭ ئارقىسىغا چېتىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئون، ئارقىسىغا يەنە بىر ئون چېتىلدى. ئاتلىرىنى باشقىلار يېتىلىدى. ئۇلار داۋاننىڭ پەللىسىگە قاراپ قەدەم قويدى...

ئەنە، ئۇلار تاغنىڭ يوتىسىنى بويلاپ يۇقىرى سوزۇلغان قارلىق بالغۇز ئاياغ چىغىر يولدا ئۆرلىمەكتە. يول يۇقىرىلىغانسېرى تىكلەنمەكتە. قەدەم ئېلىش قىيىنلاشماقتا، دەم سىقىلماقتا. ھەر ئون-يىگىرمە غۇلاچ ماڭغاندىن كېيىن توختاپ ھاردۇق ئېلىپ، يەنە مېڭىشماقتا. سول ياق تىك تاغ. ئوڭ ياق تىك سىرت. قارىسا باش قايىدۇ. ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان تايغاق مۇز داۋاندىن چېرىكلەر ئاشماقتا. ئۇلارنىڭ قىينىلىپ ئۆتۈشىگە قاراپ بۇغراخاننىڭ

تېنى جۇغۇلدىدى. ئۈزلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. سىرت تايغاق مۇز ئۈستىدە، مۇزلىغان ئاياغ بىلەن تايغاق مۇزغا ئاياغنى بېسىپ يىقىلماي يۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئاسان دېمەيسىز. ئەگەر سىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ باققىنىڭىزدا، ئۇنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان بىلگەن بولاتتىڭىز. بۇغراخان بەك تەسلىكتە، ئىشقىلىپ ئامان ئۆتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم قىلمىدى. باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشقا نەدە ھالى بولسۇن، تۇيۇقسىزلا بەلدىكى ئارغامچىلار ئارقىغا تارتىلدى. ئەركىنىڭ "يېتىڭلار!" دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممىسى دەرھال پۈك چۈشتى. بۇغراخان توپىنىڭ ئىككى ئونى ئۆتۈپ بولۇپ، ئۈچىنچى ئونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بىرسى مۇزدىن تېيىلىپ تۆۋەنگە دومىلاپ كەتكەنىكەن. ئۇ بېرىپ بېلىدىكى ئارغامچىدا ساڭگىلاپ قالدى. ئالدىدىكىلەر ئاستا قويۇپ ئۆملەپ-كۆچەپ ئالدىغا ماڭدى. مۇز ئۈستىدىكى تۆت-بەش كىشى چىشلىرىنى قاتتىق چىشلەپ بېسىپ، تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ يۆتكەپ ئىلگىرىلىدى. ئېسىلىپ قالغان ئادەم سۆرەپ چىقىرىلدى.

"ئۇھا!" دېيىشتى ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ ۋە تۇرغان ئورۇنلىرىدا بىرپەس دەم ئېلىپ يەنە ئىلگىرىلىدى.

ئەمدى تاغ باغرى تۈگىدى. قورام تاشلىق تىك تاغ تۆۋىنىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدىن ئۆرلەشكە توغرا كەلدى. سولدا تىك تاغ، ئوڭدا تۈپسىز تىك ھاڭ. ھاڭغا قارىسا باش قېيىپ، كۆڭۈل ئېلىشىدۇ. ھاڭنىڭ قاپقاراڭغۇ تۆۋىنىدە گايىدا يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ پارقىراپ كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ قاراشقا كىمنىڭمۇ چولىسى بولسۇن؟ ھەركىم ئۆز ھالى بىلەن، يول شۇنچىلىك تاركى، ئۆزەڭنى توغرىلاپ، پۇتلىرىڭنى تۈز بېسىشىڭ

كېرەك. ئەگەر سول تەرىپىڭىزنىڭ بىرەر جايى تاغقا سوقۇلۇپ
ئىغا ئىلدىڭىزمۇ، ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىڭىز دېگەن شۇ. بۇ يول قىسىن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە دەم ئېلىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. كالىلارنىڭ
چىرايلىرى سارغىيىپ ماڭالماي قالدى. بۇنداقلارنى ھالى تۈزۈك-
رەكلەر يۆدەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئەنە، بۇغراخانمۇ باشقى-
لارنىڭ توسقىنىغا قارىماي بىر چېرىكنى يۆدەۋاپتۇ. ئۇ ئاياغلىرىنى
قىيىنلىپ ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، مەزمۇت ئىلگىرىلىمەكتە. بۇنى كۆرۈپ
ھالسىزلانغانلارنى يۆدەپ ماڭغۇچىلار كۆپەيدى. بەزىلەرنىڭ
چىرايلىرى قارىداپ كەتكەنلىكىگە قاراپلا قانچىلىك قىينىلىۋاتقان-
لىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، شۇنداقلاردىمۇ بەزىلىرى يىقىلىپ
قالغانلارنى يۆدەپ ماڭماقتا. ئەنە بىرسى كېلىپ بۇغراخاننىڭ
ئۈششىسىدىكى ئادەمنى ئېلىپ يۆدەپ ماڭدى. ئاشۇنداق چاپالىقتا
ئۆزى ئاران كېتىپ بارغىنىغا قارىماي، ھالسىزلارنى يۆدەپ ماڭغان
ئادەمنى "راست ئوغۇل بالا" دېسە بولىدۇ.

ئۇلار بىر "سەكرەتمە داۋان"غا كېلىپ قالدى. داۋان ئېگىز
ئەمەس، بىر غۇلاچچە كېلەتتى. لېكىن ئۇ تىك قورام تاشلىق،
تاشلارنى ئويۇپ تارغىنا پەلەمپەيلەر ياسالغان. ئادەملەر يۇقىرىدىن
تارتىپ، تۆۋەندىن يۆلەپ، تىترەپ دەسسەپ ئاران بالالىقتا
چىقاتتى. ئات-خېچىرغا تېخىمۇ قىيىن چۈشەتتى. بۇغراخانلارنىڭ
ئالدىدا چېرىكلەر ئاتلارنى سەكرەتمە داۋاندىن چىقىرىۋاتاتتى.
ئاتلىرىنى يۇقىرىدىن چۇلۇۋۇرىدىن تارتىپ، تۆۋەندىن قامچا بىلەن
ئۇرۇۋاتاتتى، ئات بىر "پەلەمپەي"گە ئالدى ئاياغلىرىنى قويۇپ،
بەك تەسلىكتە ئارقا ئاياغلىرىنى ئالاتتى. ئەنە، ئۇ تۆت ئايىغى
بىلەن ئوتتۇرا بەلدىكى كىچىككىنە تاش پەلەمپەيگە دەسسەپ

سىرەپ تۇرماقتا. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى "پەشتاق"قا چىققان ئويۇنچى تېكىگە ئوخشايتتى. ئات بەك تەسلىكتە ئالدى ئاياغلىرىنى يۇقىرىقى پەلەمپەيگە قويدى. بىر ئارقا ئايىغىنى ئالغاندا تېيىلىپ كەتتى-دە، ئوڭ ياققا ئۆرۈلدى... ئەنە ئۇ بارغانچە تېز سۈرئەت بىلەن دومىلاپ تۆۋەنلەپ ئاخىرى كۆرۈنمەي كەتتى. بىرھازادىن كېيىن، تاغلاردىن "پولدۇڭ" قىلغان چوڭ ئاۋازنىڭ ساداسى كۆتۈرۈلدى.

بۇغراخاننىڭ ئۈچ ئونلۇق چېرىكلىرى سەكرەتمە داۋاندىن ئامان ئۆتۈپ كەتتى. بىرەر چاقىرىمدىن كېيىن داۋان تۈزلۈڭگە قاراپ كۆتۈرۈلدى. ئۈڭكۈر ئوڭ ياقتا، يىراقتىراق قالدى. سول ياقتىكى تاغمۇ خېلى چېكىنگەن. كىشىلەر خەتەردىن ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خېلى خاتىرجەم ماڭدى. لېكىن، ئويلىمىغان خەتەر يەنە بار ئىكەن. بۇغراخاننىڭ ئالدىدىكى چېرىكلەردىن بىرى سول ياققا — قار ئۈستىگە يېقىلغاندەك قىلدى-دە، يوقىلىپ كەتتى. بىر چېرىكنىڭ بېلىگە بىر ئۇچى باغلانغان ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى قارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئادەم يوق، "ۋاي تارت دېسە-تارت" دەپ ئاخىرى چېرىكنى قار تېگىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ تىنالماي ئاران قاپتۇ. كېيىن قارىسا، ئۇ جاي قار بىلەن قاپلانغان بىر چوڭقۇر ئورەك ئىكەن...

ئۇلار بىر پارچە تۈزلۈكتىن ئۆرلەپ داۋاننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. پەللىنىڭ ئۇچىدا كىگىزچىلىك بىر پارچە تۈز يەر بار ئىكەن. بۇ يەردىن پەسكە قارىغاندا، پۈتكۈل دۇنيا ئاياغ تېگىدە تۇرغاندەك، يۇقىرى قارىغاندا باش ئاسمانغا تاقاشقاندەك قىلىدۇ. ھاۋا ئوچۇق، قايرىلغان قۇياش يۈزلىگەن تاغ چوققىلىرىنى پارقىرىتاتتى. يوغان-

بوغان پاختىغا ئوخشاش بۇلۇتلار ۋە بېرىم قارا بۇلۇتلار تاغ چوققى-لىرىنى چۈگىلەپ تاغ قولتۇقلىرىدا ئەگىپ يۈرەتتى.

— ياللا، كارامەت يەر ئىكەنغۇ بۇ؟ — دېدى قوچقار، — دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دېسە بولغۇدەك.

— ئاسماننىڭ پەشتىقى دېسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەركىن جەنكى يوق پەس تاغلارغا قاراپ، — بىزنىڭ قەشقەرلەر نەدە قالدىكىن- تاڭ!

— ھەي، قاراڭلار، — دېدى بۇغراخان يىراقتىكى بۇ يەردىنمۇ ئېگىز قارلىق تاغنى كۆرسىتىپ، — ئۇ قانداق تاغدۇ؟ ئېخمۇ ھەيۋەت كۆرۈنىدىغۇ!

— ئۇنى "ئالاي تېغى" دەيدۇ، — جاۋاب بەردى قوچقار، — ئۇ تاغدىنمۇ ئاشىمىز.

— تېخى كۆرىدىغىنىڭ ئالدىدىكىدا دېگىنە؟ — كۈلۈپ دېدى ئەركىن.

— ئېگىزلىكى ئېگىز، بىراق بۇنداق قىيىن ئەمەس. تاغ باغرىدىن ئەگىپ چىقىمىز.

— قوچقار، سىز مۇشۇ داۋانلاردىن نەچچە قېتىم ئاشتىڭىز؟ — سورىدى بۇغراخان.

— ئۈچ قېتىم. بىرىنچى بولۇپ سامانىلار چېرىكلىرى بىلەن چېگرىدىن ئۆتكەندە، تۇتۇلۇپ قالغاندا بىر قېتىم، سەمەرقەنت-بۇخاراغا بېرىپ قايتىشتا ئىككى قېتىم.

— قىلىچ بىلەن نەمەنگانغا غۇلامخان بىلەن توختام تۈزۈشكىلى بارغانىدىچۇ؟

— ئۇ قېتىم يەتتەسۇ-ئارغۇ بىلەن بېرىپ قايتتۇق.

— مۇشۇ داۋانلاردىن ئۈچ قېتىم ئۆتكەن بولسىڭىز نۇھ پەيغەم-

بەردىڭمۇ يامان ئىكەنسىز، جۇمۇ؟ — دېدى ئەركىن ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ.

— ئۇھ پەيغەمبەر توپان بالاسى كەلگەندە كېمىدە ئولتۇرغانىكەن، مۇشۇ داۋانلاردىن ئېشىپ باقسۇن قېنى!

— توغرا — دېدى بۇغراخان چاقچاق قىلىپ، — ئۇھ پەيغەمبەر ئەگەر سىزنىڭ بۇ ئىككى چوڭ داۋاندىن ئۆچ قېتىم ئۆتكىنىڭىزنى بىلگەندە، سىزگە قايىل بولغان بولاتتى.

ئۇلار كۈلۈشتى.

— ئەمدى ماڭايلۇق، — دېدى قوچقار سول ياقتا ئەگىپ كېلىۋاتقان ناھايىتى چوڭ بىر پارچە قارا بۇلۇتنى كۆرسىتىپ، — بوران چىقىشى مۇمكىن.

ئۇلار ئاتلىنىپ تەۋرەنلىدى. ئەمدى يول قىيىن ئەمەس ئىدى، كەڭرەك يوتىلارنى ئايلىنىپ بىر تەكچىدە توختىدى. بۇغراخان تەۋەنگە قاراپ ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتىپ بارغان ئادەم ۋە ئاتلارنى كۆرۈپ:

— كۆردىڭلارمۇ، ئۇلار ئەجەب چاپسان ئۇچىدىغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، بىزمۇ ئۇچىمىز، — جاۋاب بەردى قوچقار، — بۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىز تۈز، لېكىن بەك تىك ۋە بېغىر بولىدۇ. ئارىلىقتا تەكچىلەر بولىدۇ. بىر تەكچىدىن بىر تەكچىگە سىيرىلىپ چۈشىمىز. قارنىڭ تەكتى تىگىز ئوتلاق، تاش يوق.

بۇغراخانلار بەللىرىنى چىڭ باغلاپ تەكچىدىن چۈشۈشكە تەييارلىق قىلدى. ئالدىدىكى ئۆچ ئۇنلۇق چېرىك ئۆچ-ئۆچتىن قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قار ئۈستىدە تىككىسىگە سىيرىلىپ ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇغراخان بىر يېنىدا قوچقار، بىر

يېنىدا قارۇغچى سادىق غۇلام قوللىرىنى كىرەلگەنچە تەكچىنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى-دە، تۆۋەنگە سىيرىلدى. ئۇلار تۆۋەنلىگەنچە چاپسانلىشىپ، يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقاندەك سىيرىلدى. ئاۋۋال ئەنسىرەش ھېس قىلىشتى، كېيىن كۆنۈپ قالدى، ئاندىن كېيىن ھوزۇرلاندى. بىر ھازادىن كېيىن تۆۋەن تەكچىگە چۈشۈپ ئاستىلاپ توختىدى. بۇغراخان ئېسىنى ئېلىپ ئارقىغا قارىغانىدى، بىر توپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئات-خېچىرلارمۇ زوڭ ئولتۇرۇپ خۇددى ئادەم-دەك سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپتۇ. بۇ كۆڭۈللۈك مەنزىرىگە قاراپ كۈلدى بۇغراخان.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرقانچە تەكچىدىن تەكچىگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، ناماز شام بولغاندا، تاشلىق سۇ ئېقىۋاتقان بىر سايغا چۈشتى. ئۇ يەردىن ئاتلىنىپ ساينى بويلاپ تۆۋەنلىدى. ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى تاشلىق ساي ئىچىدە قايتا-قايتا سۇدىن كېچىپ مېڭىش ئاتلارغا ئاسان چۈشمىدى. لېكىن، بۇ يۇرۇش تېرەكداۋانغا چىقىشتىن يۈز ھەسسە ئاسان بولدى. يۈرەكلەرنىڭ سىقىلىشى ئازىيىپ، ئەركىن دەم ئېلىش باشلاندى... خۇپتەندىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئەمدى تاغ باغرىدىن چىققانىدى، داۋاندىن چۈشۈپلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئەلى ئايغۇچى ئالدىدىن كېلىپ بۇغراخانغا مەلۇمات بەردى:

— ئالدىمىزدىكى تۈزلەڭلىك "تاغ ئارىسى" دەپ ئاتىلىدىغان جاي. تۈنۈگۈن باشلامچى قوشۇن كېلىپ، ياغىنىڭ بەش مىڭدەك چېرىكىنى يوقىتىپتۇ.

بۇغراخان ئاي يورۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاش ۋە ياغاچ ئۆيلەر ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، ئەتراپقا قارىدى، ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بۇ تۈزلەڭلىك چېرىكلەر بىلەن تولغان. ھەممە

ياقتا قىقاس-سۈرەن. قارا تۈيلەر ئالدىدىن ئوت يورۇقىدا تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ بېرىپ مەخسۇس تەييارلانغان بىر تۈيگە چۈشتى.

بۇغراخان تۈيگە كىرىپلا، ياغاچ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە قۇتلۇق سۇباشىدىن سورىدى:

— بۇ قانداق يەر ئىكەن؟

— بۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ئىكەن. چېرىكلىرىنىڭ بىر بۆلۈكى ئۆلتۈرۈلدى. كۆپرەكى ئەل بولدى. مىڭباشى، يەنە بىر نەچچە چېرىكباشى قولغا چۈشتى.

— ئەسىرلەر ئىچىدە تۈرك ئۇلۇسلاردىن بارمىكەن؟

— بار ئىكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئەڭ كۆپچىلىكى شۇلار. ئۇلار ئۇرۇشۇشنى ئانچە خالىمايدىكەن.

— ياخشى، ئازراق ئارام ئالايلۇق. تاماقتىن كېيىن بىر باش قوشۇۋالارمىز.

قۇتلۇق سۇباشى "ئەلەل" دەپ چىقىپ كەتتى. بۇغراخان پۇت-قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى...

تاماقتىن كېيىن قۇتلۇق سۇباشى، ئەلى ئايغۇچى، گەۋدە قوشۇن تۈمەنباشى پاقلانبەگ، باشلامچى قوشۇن تۈمەنباشى مەھمۇت قاداش، ئوڭ قانات قوشۇن تۈمەنباشى تۇلپار، سول قانات قوشۇن تۈمەنباشى توختى، يەتكۈزۈش قوشۇن تۈمەنباشى يولداشبەگلەر كەلدى. باش قوشۇش بولدى. ئەركىن بىلەن سۇباشى قوچقارمۇ قاتناشتى.

— قېنى، سىلەردىن ئىشتەيلىك، — دېدى بۇغراخان قۇتلۇق سۇباشىغا قاراپ.

— ياغى مىڭباشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوشتا ئوتتۇز مىڭ چېرىكى

بار ئىكەن. ئۆزگەندە ئەللىك مىڭ، ئالدىنقى چاڭ مەيدانغا قارىغان يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرنى ئاۋۋال ئۇشتا، بولمىغاندا، ئۆزگەندە توسۇپ يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن نېرى قىيەردە، قانچىلىك چېرىكى بار، ئۇلارنىڭ نەپسى قانداق؟ ئۇنى ئېيتمايدۇ. بەلكى بىلمىسە كېرەك.

— يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟

— ئەنجانلىق بىر يۈزباشى ئېيتىدۇ: ئۇرۇشقا تەييارلىق باشلانغاندىن بېرى ئېرىش-تالاش ئېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بىرنىڭ كېلىشىۋاتقىنىمىزنى خەلق بىلىدىكەن. ئوت كۆزى بىلەن كۈتىدىكەن.

— ياغى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— چېرىكلىرىدە ھەم چېرىكباشلىرىدا قورقۇش بار ئىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا تارالغان ھەر خىل چۆچەكلەر ئۇلارنى بەك قورقۇتۇۋېتىپتۇ: "سۇتۇق بۇغراخان ھەيۋەت يوغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇغرىغا ئوخشاش غارقىراپ بېسىپ كەلگەندە، دۇنيانى تىترىتىدىكەن. تاغ-دەرەخلەر باش ئېگىدىكەن. ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەيزە-قىلىچ ئۆتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئوت چىقىپ تۇرىدىغان بىر گۈرزىسى بار ئىكەن، بىر ئۇرغاندا، بىر شەھەرنى پاچاقلاپ تاشلايدىكەن..." دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى، بۇغراخان باشقىلاردىنمۇ جىقراق تېلىقىپ كۈلدى.

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ مۈڭگۈزىمۇ بىر ياقتا قاپتۇ دەگە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ يۇنانلىق ئىسكەندەر كۈنچىقىشقا يۈرۈش قىلغاندا، "ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بار ئىمىش. ئۇ بۇقىدەك ھۆركىرەپ ماڭغاندا، مۈڭگۈزى بىلەن

ئالدىغا كەلگەننى بىلجىمت قىلىۋېتەر ئىمىش، ئۇنىڭغا ساداق، قىلىچ ئۆتمەس ئىمىش...» دېگەن سۆزلەر تارقالغانىكەن. «زۇلقەرنەيىن» دېگەن ئەرەبچە سۆز «ئىككى مۈڭگۈزلۈك» دېگەن بولۇپ، ئاشۇ گەپتىن چىقىپتىكەن.

— يۇرۇشىمىزدە قانداق يېڭى ئويىڭىز بار، ئەلى ئايغۇچى؟

— ئۆزلىرىنىڭ قىزىلئۆيدىكى ئىبتىقانلىرىدەك ئۇرۇش قىلساق، — دېدى ئەلى خانغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇلار بىزنى ئالاي تېغىنىڭ ئېرىسىدا، ئوش شەھىرىنىڭ بېرىسىدە توسىدۇ. بىز، شەھەر تېشىدا ھەپتە-ئون كۈن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى شەھەردىن تارتىپ چىقىپ ئۇرۇپ يوقاتساق. بۇنىڭ بىلەن ئۆزگەندىن بىر بۆلۈك كۈچىنى تارتىپ كېلىمىز. ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەي يولدا يوقىتىمىز. ئاندىن ئوشنى ئالىمىز، ئالىپ ئارسلاننىڭ ئۆزگەننى ئېلىشىغا ياردەم قىلىمىز.

— يېمەكلىك، يەملىك قانچىلىك بار، يولداش تۆمەنباشى؟ — سورىدى بۇغراخان يەتكۈزۈش قوشۇنباشىدىن.

— ئازلاپ قالدى، ھەيدىگەن قوي-كالىلار ئەتە يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئوش شەھىرىگە كېچىكىپ كىرىدىغان بولساق يەتمەيدۇ.

— ئەھۋال ياخشى. بىز ئۈچۈن پايدىلىق. بىراق، قىيىن تەرەپلىرىنىمۇ يادىمىزدا تۇتايلۇق، — دېدى بۇغراخان، — قۇتلۇق سۇباشىنىڭ ۋە ئەلى ئايغۇچىنىڭ ئۇرۇش رېجىسىگە قوشۇلدۇق. ئوش شەھىرىنىڭ بېرىسىدە ئىككى ئۇرۇش قاتىرى قۇرايلۇق. ئالدىنقى قاتاردا مەھمۇت قاداشنىڭ باشلامچى قوشۇنى. تۇلپاربەگنىڭ ئوڭ قانات قوشۇنى جايلاشسۇن. ئىككىنچى قاتاردا پاقلانبەگنىڭ قوشۇنى ۋە سول قانات توختى تۆمەنباشىنىڭ قوشۇنى سەپ تارتسۇن.

باشقا قوشۇنلار ئارقىدا تەييار تۇرسۇن. ئۇشنى ئېلىپ ياغىنىڭ بىر پۈتىنى سۇندۇرۇش، ئۆزگەننى ئېلىپ ياغىنى پالەچ قىلىپ قويۇش — بۇ بىزنىڭ ياغى بىلەن بىرىنچى ئېلىشىشتىكى نىشانىمىز. ئۆزگەن مۇھىم ھالقا. بۇ ھالقىنى ئۈزسەك، ياغىنىڭ چەمبىرىكى ئۈزۈلىدۇ. بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى سىمجۇق بىلەن غەزنە ئەمىرى سەبۇق تېكىن بەشىنچى ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۆزگەن ئېلىنىشى بىلەنلا قوزغالماقچى. دېمەك، ئالدىدىن چەمبىرەكنى ئۈزۈش، ئارقىدىن خەنجەر ئۇرۇش بىلەن رىجىمىز ئىشقا ئاشىدۇ. بەشىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۆزگەننى ئالىپ ئارسلان چوقۇم ئالىدۇ. شۇ كۈنى ئىككى ئەمىر قوزغىلىدۇ. بىز ئۇشنى ئېلىپ ئۆزگەنگە يېتىپ بارىمىز. كېيىنكى يۈرۈشىمىزنى شۇ يەردە ئورۇنلاشتۇرىمىز، — بۇغراخان بىرئاز ئويلاپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بىز تۆت ئىشنى چىڭ تۇتايلۇق: بىرى، ياغى كۈچىنى پارچىلاپ يوقىتىش؛ بىرى خەلقنى خاپا قىلماسلىق، مال-پۇلىغا تەگمەسلىك؛ يەنە بىرى، بىز ياققا ئۆتكەن يەرلىك چېرىكلەرنى قارشى ئېلىش، ئۇلاردىن جاي-جايىدا "قاداش قوشۇن" قۇرۇش. ئاندىن قالسا، يۇقىرى-تۆۋەن يەرلىك باشلىقلارنى ئۆز خەلقى سۆيگەن ئادەملەردىن قويۇش. ئېلىنغان جايلارنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇش. بۇ تۆت ئىش بەك مۇھىم. بۇنى چېرىكلەر، چېرىكباشلىرىغا ئوبدان چۈشەندۈرۈش كېرەك. كىمكى بۇ تۆت ئىشقا قايچى ئىش قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىش كېرەك... سۇباشى، سىز ئەتە يولغا چىقالامسىز؟

— چىقالايمەن.

— بىز ئۈچكۈنلۈككە يولغا چىقايلۇق...

باش قوشۇش تۈگەپ باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇغراخان

قانىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلدى-دە، ئۇخلاشقا ياتتى.

ئۆگۈنى ئەتىگەن بۇغراخان ئاتلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئالاي داۋان ئاستىغا يېتىپ باردى. تاغنى بويلاپ يىلان باغرى كۆتۈرۈلگەن كۆز يەتمەس تىك ئېگىز چىغىر يولدا چېرىكلەرنىڭ گايىلىرى ئات مىنىپ، گايىلىرى ئات يېتىلەپ چىقىپ كېتىپ باراتتى. بۇغراخان ئازراق قاراپ تۇردى-دە، ئۆزىنىڭ ئاق ئارغىمىقىنى چاپار ئايغىرغا ئالماشتۇرۇپ داۋانغا كۆتۈرۈلدى...

داۋاننىڭ ئۈستىگە چىققاندا كۈن چۈش بولغانىدى. بۇ جاي-دىن قارىغاندا باشقا تاغلارلا ئەمەس، تېرەكداۋانمۇ تۆۋەندە كۆرۈنەتتى.

دەم سىقىلىشمۇ ئېغىرراق بولدى. بىرەر ئاش پىشىم دەم ئېلىپ، تاماقلانغاندىن كېيىن يەنە ئاتلاندى. داۋاندىن چۈشۈش قىيىن ئەمەسكەن. ئۇلار ئاتتىن چۈشمەي تۆۋەنلىدى. پەس-پەس تاغلار-دىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىر تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدى. بەش-ئون چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان ئۇچسىز، سىمدەك سوزۇلغان تۈپتۈز يول بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

بۇغراخان كەچقۇرۇنلۇقى كەڭ تۈزلەڭلىكتىكى بىر ئۆستەڭ بويىغا تىكىلگەن چوشكۇنگە كېلىپ چۈشتى. پۈتكۈل دالىنى چېرىك-لەر قاپلىغان. ئالدىدا — يىراقتا قۇتلۇق سۇباشىنىڭ باشلامچى قوشۇنى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوڭ-سولدا، ئارقىدا ھەر خىل ھەرىكەتتىكى چېرىكلەر، بىر جۈپتىن كاللىپاي قىلىپ چېتىلغان ئاتلار، ئالدىدا تۈتۈنلەر كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھېسابسىز قارا ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. ئوپۇققا ئولتۇرغان قىزغۇچ قۇياش قاراخانىلىق-لارنى كۈتۈپ قارشى ئالماقتا. ئۇ، گويا "ئەتە كۆرۈشكىچە خوش"

دەپ كۆز قىسىپ، كۈلۈمسىرەپ، قىزىل نۇرىنى چېچىپ ئۇيۇقىغا چۆكمەكتە...

بۇغراخان ئۇخلاش ئالدىدا ئادىتى بويىچە مەلۇمات ئاڭلىدى. قۇتلۇق سۇباشى بىلەن ئەلى ئايغۇچى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

ياغى ئوش شەھىرىنىڭ ئەللىك چاقىرىمچە بېرىسىدە تەييارلىنىپتۇ. شەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ قاتار تۇرۇپتۇ. بىر قاتاردا بىر تۈمەندىن، ھەممىسى ئۈچ تۈمەن چېرىكى بار ئىكەن. شەھەردە ئىككى تۈمەن چېرىكى بار دەيدۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇلار ھودۇقۇپ قاپتۇ ئىمىش، ئالدىراپ چېرىك تۇتۇۋېتىپتۇ، ئىچكىرىدىن كۈچ كەلتۈرۈشى ئېنىق ئەمەس.

## ئىككىنچى باب

# ھالقىنى ئۈزۈش

ئالىپ ئارسلان قەشقەردىن چىقىپ يەتتەسۇ خانلىقىغا قاراپ يۈرۈپ تورۇقلانتىن ئۆتۈپ، بىر ھەپتە دېگەندە ئاتبېشى شەھرىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە يەتتەسۇ خانى ئارسلان ئىلىكخان ئەۋەتكەن ئوردۇ باش بىتىكچىسى بوز بالا قارشى ئالدى. ئالىپ ئارسلان ئاتبېشىدا بىر كۈن دەم ئالدى. ئۇنىڭ ئاشقان داۋانلىرى ئاز بولمىسىمۇ، بۇغراخان ئاشقان داۋانلاردەك جاپالىق ئەمەس ئىدى. ئادەم سانىمۇ ئاز، بىر مىڭلىك قارۇغچى قوشۇن بىلەنلا چىققانىدى. ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈشىدىكى تۇپ قوشۇنى چەبەر سۇباشىنىڭ قوشۇنى بولۇپ، ئۇلار بالاساغۇندا ئالىپ ئارسلاننى كۈتەتتى.

ئالىپ ئارسلان نارىن شەھرىدىن ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈن مېڭىپ بالاساغۇنغا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، ئىسسىق كۆلگە يېتىپ باردى. كۆل بويىدىكى كەڭ ئوتلاقلىقتا بىرمۇنچە قارائۆيلەر كۆرۈنەتتى. چەبەر سۇباشى ئالىپ ئارسلاننى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى. ئالىپ ئارسلان ئاق قارائۆيي ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشكەندە، چەبەر سۇباشى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

ئالىپ ئارسلان كۆل بويىغا بېرىپ، پۇت-قوللىرىنى يۇدى، كېيىن ئېرىقتا قاراپ تۇرغان ئاياچ سۇباشىنىڭ يېنىغا بېرىپ تاش

ئۈستىدە كۆلگە قاراپ، ئۇلار ياندىكى كولىيىشىغا قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بەك گۈزەل جاي ئىكەن، — دېدى ئالىپ ئارسلان ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، — كۆل، تاغ، ئورمان، سۇ، ئوتلاق... نېمىدېگەن گۈزەل!

— شۇنداق، چىگىللەر بۇ جاينى "يەتتەسۇ ئېلىنىڭ تاجىسى" دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى چەبەر كولۇمسىرەپ.

دېمىسىمۇ بۇ جاي بەك گۈزەل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا — ئۇزاق كۆل چېتىنىڭ نېرىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان كەڭرى ئوتلاق، ئۇڭ تەرەپتە كۆلنى يېرىم ئاي شەكلىدە ئورىغان ياپيېشىل قىلىن قارىغايلىق تاغ، سول ياقتا — كۈنپېتىش تەرەپتە پەس-پەس تاغلار... ئالىپ ئارسلان كۆزىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن سۇغا قارىدى. كۆلنىڭ ئىچىدە، سول قول تەرەپتە سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدا قىزىل-ئالا بۇلۇتلار تېگىدە يېشىل ئاسمان پارچىلىرى كۆرۈندى. ئاندىن، ئۇ بېشىنى سولغا بۇراپ قارىغاندى، تاغلار ئۈستىدە، ئاسماندا ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆردى. گويا، قۇياش بۇلۇتلار بىلەن مۆكۈشمەك ئوينايتتى. ئۇ ئۆزى نۇر چېچىپ قىزارتقان بۇلۇتلار ئارقىسىغا مۆكەتتى، كېيىن يۈزىنى ئوگەل كۆرسىتىپ كۈلەتتى، يەنە بۇلۇت كەينىگە مۆكەتتى.

— قاراڭ، ھەم شوخ ۋە ئەركىلەتكۈچ كۆرۈنۈش. يېشىل ئاسمان تېگىدە قۇياش، بۇلۇتلار ئويناشماقتا، بىر-بىرىنى ئەركىلەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئالىپ ئارسلان تاغلار تۆپىسىدىكى ئاسماننى كۆرسىتىپ.

— ھە، بەك گۈزەل، بىرەر شېئىر يازسا، ياكى سۈرەت سىزسا

دېمەن، بىراق، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بەلكى سىز...

— مەن قوشۇقچىمۇ ئەمەس، سۇرەتچىمۇ ئەمەس، بولمىسا ئازا يازغىم، سىزغىم بار. ئىلىك ئۇستاز بولسا ئاللىقاچان يازاتتى... ھە، تەييارلىغىڭىز پۈتكەندۇ؟

— پۈتتى. قوشۇننى چېگرىغىچە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئالدى تىرازدا، ئارقىسى ئالاي، ئارغۇدا.

— ياغى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟

— بىلدۇق. چېگرىدا ئۈچ-تۆت مىڭ چېرىكى بار ئىكەن، ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆتۈشىمىزدە گەپ يوق. ئۆزگەنگە بارغۇچە بىزنى ئىككى جايدا توسماقچى ئىكەن. بىرى، چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مايلى ساي دېگەن بىر تاغلىق يول بار. بۇ جايدا ئون مىڭدەك چېرىكى بار دەيدۇ. جاغداي ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ يەردىن ئۆتۈش ئاسان بولمايدىغان ئوخشايدۇ. يەنە بىرى، ئۆزگەن بىلەن نەمەنگاننىڭ ئارىلىقىدا بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن، بۇ يەردە يىگىرمە مىڭدەك چېرىكى بار ئىمىش. پەمىمىزچە، بىزنى مەشەدە توسۇپ، نەمەنگان-ئۆزگەن ئىككى تەرەپتىن قىسماققا ئېلىپ "يوقاتماقچى" ئوخشايدۇ.

— شۇنداق دەڭ. دېمەك، ياغىنىڭ بىزگە قاراتقان قوشۇنى ئوتتۇز مىڭدىن ئوشۇق كىشى ئوخشايدۇ. يەنە نەمەنگاندىن چېرىك كەلتۈرۈپ، ئۆزگەندىن چېرىك كەلتۈرمىسە كېرەك. بۇنداق قىلىشتا، بەلكى سۇتۇق بۇغراخاننى توسۇش ئۈچۈن ئۆزگەندىن ئوشقا چېرىك يۆتكىشىنى پەم قىلىشقا بولىدۇ. سۇتۇق بۇغراخانمۇ ياغىنى شۇنداق قىلىشقا قىستايدۇ. نەمەنگاندىن چېرىك يۆتكەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياغىنىڭ ئىككىنچى توسقىغا يېتىشتىن ئاۋال نەمەنگانغا بىر بۆلەك

قوشۇن ئەۋەتەيلۇق، ئوشنى ئېلىش، ئەمەلگاتنى تۇسۇش، ئۆزگەنگە ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قىلىش — مۇشۇنداق بولغاندا، ياغمىلىق تۇساق-لىرىنى بۆسۈپ، ئۆزگەننى ئالىمىز، بۇ "ھالقىنى ئۈزۈش" دېگىنىمىز ئىشقا ئاشىدۇ.

— بەك ياخشى رىجە. مۇشۇنداق بولغاندا، مۇشۇ ئۈچ جايدا ياغمىلىق يەتمىش مىڭدەك چېرىكىنى يوقىتىمىز. مەرغىلان، پەرغانە ياقتىن كۈچ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ياغمىلىق ئىچى، ئارقىسى تىنچ ئەمەس.

— مۆلچەرىڭىز توغرا. بۇغراخاننىڭ ئىلىكى بويىچە بەشنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى چوقۇم ئۆزگەننى ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ ھالقا ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ياغمىلىق پۇتى تىترەيدۇ، ئارقىڭىز قانداق؟

— گەپ يوق. ئىلى بالى تەييار. ئېرتىش، ئېمىل، سايرامغىچە قاراقوچۇ خانلىقىنىڭ كۈچى مەزمۇت. ئۇ ياقلاردا ياغما ئۇلۇسى بوش كەلمەيدۇ. ئىلى بالى خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئالمالىقنى كېرەك بولسا، ئىككى ياكى ئۈچ تۈمەنلىك قوشۇننى بالاساغۇنغا يۆتكەپ كېلەلەيمىز.

— ھە، توغرا. ئۇيغۇر، قارلۇق، چىگىل، ياغما ئۇلۇسلىرى چىڭ ئۇيۇشتۇق. ئارقىمىزدا قاراقوچۇ، ماچىن بار. قېنى بىزگە كىم تەڭ كېلەركىن؟ بىراق ئۆزىمىزنى پىششىق چاغلاپ، ياغىنى خام چاغلاپ قويساق بولمايدۇ...

ئۇلۇغ ياقنا قاتتىق مەرىگەن قوي-قوزىلارنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويىدى.

— مال پادىسىدىن يانىدى، — دېدى چەبەر سۇباشى قويلارنى

كۆرسىتىپ، — بىرىپ كۆرەيلىكمۇ؟

— مەيلى، — دېدى ئالىپ ئارسلان. ئۇلار كۆلنى بويلاپ شۇ ياققا ماڭدى.

ئۇلار يېقىنلاشقانچە قويلارنىڭ ئاۋازى كۈچەيدى. بىرنەچچە يۈز ساغلىق بىرنەچچە چوڭ-كىچىك قارائۆيلەر تىكىلگەن ياققا قاراپ مەرىگەنچە ئالدىراپ كەلمەكتە ئىدى. ئاۋۇلنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە يۈز قوزا ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ-مەرەپ ساغلىقلار ياققا يۈگۈرۈشمەكتە. ساغلىق قوزىلار ئارىلىشىپ كەتتى. ئەنە، بىرمۇنچە قوزىلار ئالدى ئاياغلىرىنى پۈكۈپ ئانىلىرىنىڭ يېلىنىگە ئۇسۇپ ئالدىراش ئەممەكتە. يەنە بىرمۇنچە قوزىلار مەرەپ يۈرۈپ، ئۇ ساغلىققا-بۇ ساغلىققا ئۇسمەكتە. ساغلىقلار ئەمگۈزمە-گەندىن كېيىن، ئانىسىنى ئىزدەپ مەرەپ پىرقىرىماقتا. شۇنداق مالىماناڭچىلىقتىن كېيىن قوي-قوزىلار ئاۋازى جىمىدى. ئانا-بالا تېپىشىپ ئەمگۈزمەكتە، ئەممەكتە ئىدى. كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن ئوتلاق قوينىدا ئاڭلانغان قوي-قوزىلارنىڭ بوم-زىل ئاۋازلىرى كىشىگە بىر خىل شېرىن ھېسسىيات بېغىشلايتتى.

— قارا، نېمىدېگەن يېقىملىق ئاۋاز؟ ئانا-بالىلىق مۇھەببىتى-دىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ يېقىملىق تەبىئىي ئاۋازنى ھەرقانداق سازەندىنىڭ چېلىشى تەس. ئاخىر ئانا-بالا تېپىشىپ جەم بولۇپ قېلىشتى. ئانا باغرىدىن ئېقىپ چىققان سۈتىنى باشقىلاردىن قىزغە-نىپ بالىسىغا ئەمگۈزدى. بالا ئانىسىغا ئۇسۇپ ئەركىلەپ چاڭقىشىنى قاندۇردى. بۇ ھاياتتىكى ئەڭ لەززەتلىك مېھرىبانلىق ۋە شېرىن مۇھەببەت بولسا كېرەك. شۇنداق، ئانا-بالا مۇھەببىتىدىن شېرىن مۇھەببەت بولماس دۇنيادا...

چەبەر سۇباشىنىڭ قارۇغچىسى كېلىپ تاماقنا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئارقىلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئاق قارا ئۆيى تەرەپكە مېڭىشتى...

ئالىپ ئارسلان چەبەر سۇباشى بىلەن بىللە ئەتىسى كەچقۇرۇن بالاساغۇنغا يېتىپ كەلدى. شەھەر تېشىدا ئوردۇ ئاغىسى ئادانبەگ بىرنەچچە مىڭ چېرىك ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار بىلەن مېھمانىنى قارشى ئالدى.

ئالىپ ئارسلان ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئارسلان ئىلىكخان ئۇنى ئوردۇ ئىچىدىكى ئۆيىدە قوبۇل قىلدى. ئارسلان ئىلىكخان ئالىپ ئارسلان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. كونا دوستلار يېنىشلاپ بىر-بىرىدىن ھال سوراشتى. قوبۇلغا يەتتە سۇ ئىلكانلىقىنىڭ چېرىك ئىشلار ئولىچىسى ئامانقۇل، ئوردۇ ئاغىسى ئادانبەگ، چەبەر سۇباشى. بوز بالا بىتىكچىلەر ۋە باشقا بىرنەچچە ئوردۇ ئەمەلدارلىرى قاتناشتى.

— ھارمىغايلا، يول ئۇزاق، — دېدى ئارسلان ئىلىك ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن.

— ھەشقاللا، ئىككى كۈندىن بېرى ھاردۇق ئالدۇق. ئۆزلىرى ئەدگۇ تۇرۇپلا، — دېدى ئالىپ ئارسلان ئىلىكخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— يامان ئەمەس، ئىشقىلىپ تىرىشىپ كېتىپ بارىمىز. ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ يۇرۇشىگە ئازراق بولسىمۇ تىرەك بولالىساق بولغىنى.

— ئۆزىڭىزنىڭ يار-يۆلەك بولۇشلىرى ئۇلۇغ يۇرۇشىمىز ئۈچۈن مەدەت. "ھە، دېسە، تۆگىگە مەدەت" ئەمەسمۇ؟

— ھە، سۇتۇق بۇغراخاندىن خەۋەر بارمۇ، قەيەرگە يېتىپ

بارىدىكىن؟

— بۈگۈنكى كۈنلەردە ئوشتا يېقىن كېلىپ قالغاندۇ. بەشىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۇ كىشىمۇ ئۆزگەنگە ئەلگ يېتىپ كەلمەكچى.

— ئۆز ۋاقتىدا ئۆزگەننى ئېلىش كېرەك. بۇغراخان توغرا سۆزلۈك كىشى. ئۇ چوقۇم دېگىنىنى قىلىدۇ.

— ھە، چەبەربەگ، گەپ سىزدە، سىزنىڭ بېلىڭىز مەھكەم بولسا بولغىنى، — دېدى ئىلىكخان كۈلۈمسىرەپ چەبەر سۇباشىغا قاراپ.

— بوش كەلمەيمىز، بېلىمىز مەھكەم باغلانغان، — چەبەربەگ بېلىدىكى كۈمۈش گۈللەر ئورنىتىلغان كەڭ كەمەرنى كۆرسەتتى.

خان ۋە باشقىلار كۈلۈشتى، — بەش تۈمەن چېرىك ياغى يوسۇغىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. — بەك ياخشى. سامانىلار دۆلىتى غۇلاش ھارپىسىغا كېلىپ قالدى. بىراق يەنە گەپ بىزدە.

— شۇنداق، — دېدى ئالىپ ئارسلان خاننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — سامانىلار دۆلىتى ئۆزلۈكىدىن غۇلىمايدۇ، ئۇنى غۇلىتىش كېرەك.

— شۇنداق، غۇلىتىش كېرەك. سامانىلار قاراخانىلار خاندانلىقى تەۋەسىدىكى قېرىنداش ئۇلۇسلارنىڭ ياغىسى. بىزنىڭ يەتتەسۇلۇقلارنىڭ بولسا تېخىمۇ ئۆچ ياغىسى. ئۇلار بىزنى تۇنجۇقتۇرماقچى، يەپ يوقاتماقچى بولدى. سامانىلارنىڭ چېرىكباشلىرى ناسىر ئىبنى ئەھمەت، ئىسمائىل سامانى، فايىقلار بىزنىڭ ئېلىمىزگە بىرنەچچە قېتىم باستۇرۇپ كەلگەن، بىراق، تىلەكلىرىگە يېتەلمىدى. ئۇلارنى ئۇرۇپ قايتۇرۇپ تۇردۇق. يەنە چوڭراق كۈچ بىلەن كېلىشكە جابدۇنماقتا. بۇ ياغىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىمساق، بىزنىڭ

ئېلىمىزگە ئامانلىق يوق. ئەمدى تازا ۋاقتى كەلدى. ئۇلۇغ بۇغراخان بىزگە باشچىلىق قىلىپ ئۇلارغا قارشى يۈرۈش باشلىدى. بىز ياغىنى يەنچىپ تاشلىماي قويمايمىز...

ئارسلان ئېلىكخاننىڭ ھاياجانلىق سۆزى ئولتۇرغانلارغا تەسىر قىلدى. ئۇلار ئېلىكخاننىڭ بۇ قارارلىرىنى بىردەك قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئارسلان ئېلىكخان كەچكى تاماقنى مېھمان ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە يېدى. سۈت ھارىقى بىلەن ئالىپ ئارسلانغا ئاق يول ۋە ئۇتۇق تىلىدى.

ئالىپ ئارسلان بالاساغۇندىن چىقىپ، ئارغۇ ئوزلەئېلىكنى بېسىپ ئۆتۈپ تالاس دەرياسى بويىدىكى تالاس شەھىرىگە كەلدى. بۇ جايدا ئۇ چەبەر سۇباشى، بوز يىگىت ئايغۇچى بىلەن بىللە يىغىن ئاچتى. يىغىندا چەبەر قوشۇن ئونمەنباشىلىرى — مىرگەن، مەتقۇل، بوتىلاقلار قاتناشتى. بوز يىگىت ئايغۇچى چېرىكلەرنىڭ، ياغىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— ياغى بىزنى "مايلى ساي" دېگەن يەردە توسماقچى، — دېدى بوز يىگىت ئايغۇچى بىر خەرىتىنى كۆرسىتىپ، — "مايلى ساي" مانا بۇ تاغنىڭ ئۇ ياقىدىكى بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭغا بېرىش ئۈچۈن ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى مانا بۇ مايلى "ساي"دىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ سايىنىڭ بېرىقى ئاغزىدا، مۇشۇ جايدا بىزنى توسماقچى.

— قانچىلىك كۈچى بار ئىكەن؟ — سورىدى ئالىپ ئارسلان.

— مۆلچەرلىشىمىزچە ئىككى تۈمەن.

— "مايلى ساي"نى تاشلاپ، تاغنى باشقا جايدىن ئاشقىلى

بولماسمۇ؟

— يېقىن ئارىدا ئاشۇ يوق. ئەگەر بىز تاغدىن ئاشقاندىسمۇ، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن بېرىپ تۇرىدۇ.

— سىزنىڭچە "مايلى ساي"دىن قانداق ئۆتۈشكە بولار؟

— چوڭ كۈچ بىلەن ئالدىدىن ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆتكىلى بولىدۇ. بىراق، چىقىم جىقراق بولىدۇ.

— مېنىڭچە كۈچىمىزنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئالدىدىن ھەم ئىككى ياندىن ئۇرساق قانداق ئىكەن؟ — دېدى مىرگەن تۈمەنباشى.

— ئىككى يان تاغ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئايغۇچى سوئال بىلەن.

— ئادەم تاغقا چىقالايدۇ، — دېدى مىرگەن تۈمەنباشى.

— بولىدىغان گەپ، — دېدى مەتقۇل تۈمەنباشى، — ئاۋۋال تاغقا چىقىپ ئالدىدىن ئۇرغاندا، يۇقىرىدىن ئىككى تەرەپلەپ ئۇرىمىز.

— ھە، ئۈچ تەرەپلەپ دېگىن، — قوشۇپ قويدى بوتىلاق تۈمەنباشى، — بىر بۆلۈك يىگىتلىرىمىزنى تاغ ئارىلاپ ياغىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ئارقىدىنمۇ ئۇرىمىز.

— ئۇنداق بولسا تۆت تەرەپلەپ دېگىنە، — دېدى چەبەر سۇباشى كۈلۈپ، — نېمىدېگەن چوڭ يۈرەكلىك. ياغىنىڭ كۆكرىكىگە، ئارقىسىغا ۋە بېشىغا ئۇرۇپ يوقىتىش — بۇ ياخشى رىجە. ئۇنداق قىلمىغاندا ياغىنىڭ توسقىنى بۆسۈپ تاغدىن ئۆتەلمەيسەن.

— قاراڭ، ئايغۇچى، — دېدى ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭغا قاراپ، — تۈمەنباشىلىرى بىزدىن جىقراق ئويلايدىكەن، مۇشۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۆزگەننى چوقۇم ئالىمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق، بۇغراخاننىڭ رىجىسى بۇزۇلىدۇ. بىز "مايلى ساي"دىن كېيىن يەنە توساقلارغا ئۇچرايمىز. "مايلى ساي"دىن ئۆتۈش ھەل قىلغۇچ جەڭ

بولغۇسى. مەن تۇمەنباشىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىمەن. ئاۋۋال ئىككى يان تاغ ئۈستىگە چېرىك چىقىرىش، ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكىنى سايغا چۈشۈرۈپ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈش. ئاۋال ئالدىدىن ئۇرۇش، ئاندىن ئارقىدىن، ئۈستىدىن ئۇرۇش. ئالدىدىن ئۇرۇشقا ئالدىرىساق بولمايدۇ.

چەبەر سۇباشى ۋە تۇمەنباشىلىرى قوشۇلدى. ئايغۇچى زورمۇزور قوشۇلدى.

بۇغرا قوشۇن بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، بۈگۈن چۈش بىلەن مايلى تېغىنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىككە يېتىپ باردى. ئالىپ ئارسلان بىلەن چەبەر سۇباشىنىڭ چۈشكۈنى بېرىرەك تىكىلدى. "مايلى ساي" ئاغزىدا ياغىنىڭ چېرىكلىرى ئورۇنلاشقانىدى. مەتقۇل تۇمەنباشى ئالدىغا بېرىپ ياغىغا روبىرو سەپ تارتتى. بوز يىگىت ئايغۇچى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. بۈگۈن يېرىم كۈن ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى بايقاش، سەپسېلىش بىلەن ئۆتتى. ئاخشىمى ئوڭ ياندىن مىرگەن تۇمەنباشى، سول ياندىن بوتىلاق تۇمەنباشى يولغا چىقتى. بۇلار ياغىغا بىلدۈرمەي چەتتىن ئايلىنىپ تاغقا چىقىپ، ئىككى ياقتىن ئىككى مىڭباشىنى ياغى ئارقىسىغا چۈشۈرمەكچى بولدى. بۇ ئىش ئەتە چۈشكىچە تۈگىمەكچى. كۈن قايرىلغاندا، مەتقۇل تۇمەنباشى ياغىنى ئۇرۇپ ئالدىغا تارتماقچى، كېيىن ئۇرۇپ ياندۇرۇپ سايغا كىرگۈزمەكچى، شۇ ۋاقىتتا تۆت تەرەپتىن بىراقلا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

چېرىكلەرگە تىك تاغقا چىقىش ئاسان بولمىدى. ئەتىسى كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەندە چىقىپ بولدى. ئىككى تاغ چوققىسىدىن ئۇلار بىر-بىرى بىلەن خەۋەرلىشىش بەلگىلىرىنى بېرىشتى.

بىرپەس دەم ئالغاندىن كېيىن ئۇلار تۈۋەنلىدى. تاغنىڭ ئايىغىغا چۈشكەندە، ئىككى مىڭباشى ياغى ئارقىسىغا تۈۋەنلىدى. باشقىلار ئۆز ئورۇنلىرىدا يوشۇرۇنۇپ كۈتتى. ياغىنىڭ ئارقىسىدىن بەلگە بېرىلگەندە، بۇلار تۈۋەنلەپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ياغى تەرەپتە ئالدىراشلىق كۆرۈلدى.

— ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى، — دېدى ئايغۇچى مەتقۇل تۇمەنباشىغا، — چېرىكلەرگە تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىڭ.

بۇيرۇق بېرىلدى. ئۇدۇل سەپتىكى ۋە ئوڭ-سول قاناتتىكى چېرىكلەر سەپنى چىڭىتىپ ئالدىدا پىيادە، ئارقىدا ئاتلىقلار تەق تۇرۇشتى.

چۈش بولمايلا ياغى باستۇرۇپ كەلدى، ئايغۇچى مەتقۇل تۇمەنباشىغا ياندۇرما ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. مەتقۇل "چۈش بولمىدى" دەپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلمىدى. ئايغۇچىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. "ياغىنى تۈزلەڭدە يوقىتىمىز، بۇيرۇق قىلىڭ!" دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مەتقۇلغا. "چەبەربەگ سايدا قاپقانغا سولاش، دېگەن ئەمەسمىدى، بىزنىڭكىلەر تېخى يېتىپ بارمىدى." دېدى مەتقۇل ئۇنىماي. ئايغۇچى ئات چاپتۇرۇپ بارغانچە، سەپ ئالدىدىكى ئەلەمچىنىڭ قولىدىن "چەبەر قوشۇن" ئەلىمىنى تارتىۋېلىپ ئىككى ياققا يەلپۈلدەتتى. بۇ "ھۇجۇم بۇيرۇقى" ئالامىتى ئىدى. مىڭباشىلار يىگىتلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاۋال پىيادە نەيزىلىكلەر ياغى بىلەن توقۇنۇشتى...

چەبەربەگنىڭ چاپارمىنى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئايغۇچىغا "چېكىنىپ ياغىنى توسۇپ تۇرۇش" دېگەن بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. مەتقۇل چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرگىلى تۇرغاندا، ئايغۇچى ئۇنى

توسۇپ ھۇجۇمنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇدى، ھۇجۇم كۈچەيتىلدى. بىراق، ئوڭ-سول قانات قوشۇن ئاۋالقى رەتجە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى ئۈچۈن، ئۈلگۈرەلمىدى، ئۇدۇل سەپ چىقىمغا ئۇچراپ كەتتى...

ئالىپ ئارسلاننىڭ چاپارمەنى كېلىپ ئايغۇچىغا: "ئۆرۈپ تۇرۇپ چېكىنىپ، ياغىنى توسۇپ تۇرۇش" دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. ئايغۇچى تېخى بىرنېمە دېمىگەنىدى، مەتقۇل تۈمەنباشى ئەلەم بىلەن "ئۆرۈپ تۇرۇپ چېكىنىش" بەلگىسىنى بەردى. مىڭباشىلار ئاۋايلاپ چېكىنىشكە باشلىدى. ياغى قۇتراپ باستۇرۇپ كەلدى. بىراق ئۇلار ئەمدى ئورنىدا چىڭ تۇرغان چەبەر قوشۇننىڭ زەربىسى بىلەن ئۇرغۇن چىقىم بېرىپ توختاپ قالدى. بۇ ياقدىنمۇ چىقىم ئاز بولمىدى، سەپ ئالدىدا ئاتلىق باشلامچىلىق قىلىۋاتقان مەتقۇل تۈمەنباشىنىڭ كۆكرىكىگە ياغى ساداقى كېلىپ تەگدى-دە، ئۇ ئاتتىن يىقىلدى.

ئالىپ ئارسلان بىلەن چەبەر سۇباشى چوشكۇنلىرى ئالدىدا تۇرۇپ ياغى ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇلار مەتقۇلنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى. ئۇلار كۈنگە قاراپ قويۇشاتتى، بىر كەمدە ئالىپ ئارسلان كۈنگە قارىسا، كۈن ئېگىلىپتىكەن، ئۇ چەبەر سۇباشىغا قاراپ باش لىڭشىتتى. چەبەربەگ سەپكە قاراپ ئات سالدى. بېرىپ "چەبەر قوشۇن" ئەلەمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاۋال ئىككى ياققا يەلپۈلدىتىپ، ئاندىن ئۇدۇل ئەگدى. "پۈتكۈل سەپ بويىچە ھۇجۇم" دېگەن بۇ بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇدۇل سەپ ئايتۇرما ھۇجۇم باشلىۋەتتى. پىيادە، يەنە پىيادە-ئاتلىق چېرىكلەر ئەسلىشىپ ئىلگىرىلىدى. ياغى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، بولالمىغاندىن

كېيىن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ چېكىندى. شۇنداق قىلىپ تاغقا يېقىن بارغاندا، ساي ئىچىدىن بىرنەچچە مىڭ ياغى ئاتلىقلىرى قىلىچ-لىرىنى ئوينىتىشىپ ھۇقۇيىشىپ چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ئاتلىق-لارنىڭ ئارىلاش جېڭى قىزىپ كەتتى. ئاندىن بۇيرۇق بويىچە "چەبەر قوشۇن"نىڭ ئوڭ-سول قانات ئاتلىقلىرى "ئۇررا" دېگەن چۇقان بىلەن جەڭگە ئېتىلدى. ياغى چىقىم ئارتىپ ساراسىمىدە قالدى، ھۇجۇمغا چىدىيالماي، جەڭ مەيدانىدا سانسىز ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قاچتى. بۇغرا قوشۇنى قوغلاپ ئۇرماقتا. ياغى چېرىكلىرى ئەمدى ساينىڭ ئىچىگە كىرگەندى، ئويلىمىغان يەردىن ساي ئىچكىرى-سىدىن بۇغرا قوشۇنلىرى چىقىپ قالدى، ئارقىغا چېكىنىشكە بولمايتتى. تاغقا يامىشىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇلار ئۆلگەن-تىرىل-گىنىگە قارىماي ئىككى ياقتىن تاغقا ياماشتى. خۇدا ئۇردى! تاغدىن تاشلار دومىلاپ چۈشۈپ چېرىكلەرنى يىقىتىشقا باشلىدى. ئاندىن "ئۇررا" دەپ ۋارقىرىشىپ ئىككى يان تاغدىن ھۇجۇم باشلاندى. ئەمدى تۆۋەن چۈشمەي ئىلاجى يوق. بىراق، ئالدى-كەينىدە بۇغرا قوشۇن قىستاپ كەلگەن. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەلدى. ئەنە ئۇلار قاپقانغا چۈشتى...

قوشۇن كېچىلەپ مېڭىپ ئەتىسى ئەتىگەندە "مايلى ساي" شەھىرىگە بارغاندا، شەھەر تېشىدا ئىككى رەت تىزىلغان بىرنەچچە مىڭ كىشى ئۇلارنى قارشى ئالدى، ئۇلار نان، تۇخۇم، چاي بىلەن قوشۇننى كۈتەتتى. قارا ساقال، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىرسى قاتاردىن ئالدىغا چىقىپ "ئۇلۇغ بۇغراخان چېرىكلىرىگە سالام!" دەپ توۋلىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توۋلاشتى. قارشى ئالغۇ-چىلار ئارىسىدىن مىڭلىق قوشۇنلار ئۆتتى. تۈمەن قوشۇن ئۆتتى.

ئاخىردا قارۇغچىلار قوشۇنى بىلەن ئالپ ئارسلان، چەبەر سۇباشى كەلدى، ئۇلار قارشى ئالغۇچىلار قاتارىنىڭ بېشىدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى. قارا ساقال كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ چەبەر سۇباشى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.

— ئامانمۇسىز، مەمەتالى؟ — دېدى چەبەر ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقىپ ۋە ئالپ ئارسلانغا تونۇشتۇردى، — ھېلىقى مەن ئېيتقان مەمەتالى لەشكەرباشى مۇشۇ كىشى شۇ، — ئاندىن ئۇ مەمەتالىغا قاراپ، — بۇ كىشى بىزنىڭ باشلامچىمىز، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېقىن دوستى ئالپ ئارسلان دېگەن كىشى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

مەمەتالى ئالپ ئارسلان بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى دومىلىدى... مېھمانلار ئاتلىنىپ، قارشى ئالغۇچىلار قاتارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ شەھەرگە ماڭدى. كۆپچىلىك "بۇغراخان لەشكەرلىرى ئامان بولغاي!" دەپ ئۇران توۋلاپ تۇردى...

بۈگۈن بىر كۈن چېرىكلەر دەم ئالدى. چېرىكباشىلىرى رەتكە سېلىش، ئېپدىتلاش ئىشلىرىنى قىلدى.

كەچقۇرۇن چەبەر سۇباشى ۋە تۈمەنباشىلىرى ئارسلاننىڭ يېنىغا كېلىشتى. قوشۇن بېشىكچىسى قولداش مىرزا قاتناشتى. بوز يىگىت ئايغۇچىمۇ بار ئىدى.

— "مايلى ساي جېڭى" ئۇتۇق قازاندى. بىراق ئورۇنسىز چىقىم تارتىپ كەتتۇق. — دېدى چەبەر سۇباشى خاپىغان بولغان ھالدا، — باتۇر تۈمەنباشىمىز مەتقۇل شېھىت بولىدى. بۇنىڭغا بوز يىگىت ئايغۇچى ئورۇنسىز سەۋەب بولىدى. ئۇ ئاۋۋالقى قارارنى بۇزدى. بۇيرۇققا بويسۇنماي ئالدىراپ ھۇجۇم باشلاپ قويىدى. بۇ

كەچۈرۈپ بولمايدىغان خاتالىق...، — چەبەر جىددىيەت بىلەن سۆزلەپ، تىترەپ، ئاخىرى سۆزىنى داۋام قىلدۇرالماي يېشىنى سۈرتتى. باشقىلارمۇ مۈكلىنىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— ئايغۇچى بەك ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، — دېدى مىرگەن تۇمەنباشى، — مەتقۇل تۇمەنباشى ئايغۇچىنىڭ بۇيرۇقىغا قوشۇلمىغانىدى، ئايغۇچى ئۆزى ئەلەمنى ئېلىپ ھۇجۇم بۇيرۇقىنى قىلدى...، — مىرگەن تۇمەنباشىنىڭ ئاۋازى تىترەپ توختاپ قالدى.

— جەڭدە ئادەم ئۆلمەيدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. بىراق، ئاز چىقىملىق جەڭ ئۇتتۇقلۇق جەڭ بولىدۇ، — دېدى بوتىلاق تۇمەنباشى، — جىق چېرىكلىرىمىز، بىر تۇمەنباشىمىز ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر يۇقۇرى باشچىلارنىڭ قارارى بويىچە ئىش قىلساق، بۇ يوقىتىشتىن ساقلىنىپ قالاتتۇق. بۇ چوڭ ساۋاق. جەڭ قارارىنى بۇزۇپ ئېغىر خاتا قىلغان بوز يىگىت ئايغۇچىغا جازا بېرىش كېرەك.

— سىز نېمە دەيسىز، ئايغۇچى؟ — سورىدى ئالپ ئارسلان.

— مەن خاتا قىلدىم. جازاغا تېگىشلىك. مەن...، — ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— سىز قارار قىلىڭ سۇباشى، — ئالپ ئارسلان چەبەرگە قارىدى.

— بوز يىگىت ساۋاقنى ئويلاشسۇن. قوشۇن ئايغۇچىلىقتا قوشۇن بېتىكچىسى قولداش مىرزا بەلگىلەنسۇن. باش بېتىكچىلىككە باشقا كىشىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ.

— خوپ. چەبەر سۇباشىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدۇق، — دېدى ئالپ ئارسلان، — بوز يىگىت! خاتانى تونۇغان ياخشى. بىراق ساۋاقنى تونۇش ئاسان ئەمەس. ساۋاق بىزنى ئۆگىتىدۇ، جەڭ بىزنى ئۆگە-

تىدۇ، دوستلار بىزنى ئۆگىتىدۇ. ئوبدان ئويلاڭ. ئالدىمىزدا يېڭى ئېغىر كۈرەشلەر تۇرۇپتۇ. خوش، سۇباشى، چېرىكلەر ئەھۋالى قانداق؟

— بىزدىن ئىككى مىڭدەك كىشى چىقىم بولدى. يارىدار ئاز ئەمەس. ياغىنىڭ بەش مىڭدىن ئارتۇقراق كىشىسى ئۆلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. يارىدارلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. قولغا چۈشكەن ياغى چېرىكلىرى يۇقىرى-تۆۋەنلىرى ئايرىلىپ قاماققا ئېلىندى. بىر تۈمەنباشى ئۆلگەن. قالغان بىر تۈمەنباشى سوراق قىلىنماقتا. ئۇ تېخى ھېچ نەرسە دېمىدى. ياغى چېرىكلىرى ئىچىدىكى يەرلىك ئۇلۇسلاردىن بولغان چېرىكلەر ئايرىلىپ، ئۇلارغا "ھازىرچە كۈتۈپ تۇرۇش، كېيىن ئۆيىگە قايتىدىغانلار قايتىدۇ، بىزگە چېرىك بولىدىغانلار چېرىك بولىدۇ" دەپ ئۇقتۇرۇلدى.

— ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك ئىكەن؟

— قالغانلىرى ئالتە مىڭدىن ئارتۇقراق. مېنىڭچە چېرىك بولۇشنى خالايدىغانلار بىلەن بىر "قاداش قوشۇن" قۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەمەتالىنى مىڭباشى قىلساق.

چەبەر سۇباشى مەمەتالىنى تونۇشتۇردى. ئۇ كونا چېرىك بولۇپ، كونا چېرىكباشى بولغان دادىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كېلەتتى. چېرىك ماھارىتىگە قاراپ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ مىڭباشى بولغان. سامانىلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلانغان. ئۇنىڭ ئۆز ئۇلۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، دادىسىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىش نىيىتى ئۈستى. بولۇپمۇ، سامانىلارنىڭ زۇلمى كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقى كۈچىيىۋەردى. ئۇ يۈزباشى ۋاقتىدا بىر ئىلاجى قىلىپ، يەتتەسۇغا بېرىپ چەبەربەگ بىلەن كۆرۈشۈپ،

ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئېيتقانىدى، چەبەر ئۇنىڭغا "ياخشى نىيەت، بىز قوللايمىز. ئالدىراپ ھەرىكەت قىلماڭ، ھوقۇق ئىگىلەڭ، دوستلارنى كۆپەيتىڭ" دېگەنىدى، ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ سامانىلارغا قارشى روھى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ تۇتۇپ كېتىلگەنىدى. چەبەر ئۆزىنىڭ پايلاقچىلىرى ئارقىلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانىدى.

— ياخشى پىكىر، بەك ياخشى، — دېدى ئارسلان ئىلىك، چەبەر سۇباشىنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇ ئادەم كەلگەنمۇ دەيمەن؟

— كەلگەن، كۈتۈپ ئولتۇرماقتا.

— كىرسۇن، سۆزلىشەيلۈك.

چەبەر سۇباشىنىڭ يىگىتى چىقىپ مەمەتالىنى باشلاپ كىردى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭ بىلەن سەممىي كۆرۈشكەندىن كېيىن، — چەبەر سۇباشى بىلەن كونا دوست ئىكەنسىز. بىزمۇ دوست بولايلۇق. ھەممىمىز ئەل دوستى بولايلۇق.

— شۇنداق، ئارسلانبەگ، مەن سىز دوستلىرىمنى تۆت كۆز بىلەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتتۈم. ئەل دوستى بولماق بەك چوڭ ئىش.

— ئەل دوستى بولۇش ئۈچۈن ئەلگە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش كېرەك دوستۇم، — دېدى چەبەربەگ.

— ئەل ئۈچۈن جېنىم بىلەن تەييارمەن دوستۇم. قېنى مېنىڭ قولۇمغا قىلىچ بېرىڭ.

— بىز سامانىلار قوشۇنى ئىچىدىكى ئەل بولغان يەرلىك چېرىكلەردىن بىر مىڭلىق قوشۇن تۈزۈپ، ئۇنىڭغا "قاداش قوشۇن" دەپ نام بەرسەك دەيمىز، — دېدى ئالىپ ئارسلان، — بۇ قوشۇنغا سىز

مىڭباشى بولسىڭىز قانداق؟

— جېنىم بىلەن. ئەل ئىچىدىن يەنە چېرىك ئېلىشقا بولامدۇ؟

— بولىدۇ. بىراق ئۆز مەيلىچە كەلگەنلەردىن ئېلىشقا بولىدۇ. خوپ، كېلىشتۇق. بىر-ئىككى كۈن چېرىكلەرنى رەتلەپ چىقىڭ. سىز بوتىلاق تۈمەنباشى بىلەن يولداش بولىسىز، — ئالىپ ئارسلان بوتىلاق تۈمەنباشىنى كۆرسەتتى. بوتىلاق مەمەتالىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى، مەمەتالى ئۇنىڭغا سەممىي قارىدى.

— بىز ئەتە ئۆزگەنگە قاراپ ئاتلىنايلۇق، — دېدى ئارسلان، — بوتىلاق تۈمەنباشى، سىز ئىككى كۈن تەييارلىنىپ، مەمەتالى مىڭباشىنى ئېلىپ تەمەنگانغا يۈرۈڭ. سىلەرنىڭ ئىشىڭلار تەمەنگان بىلەن ئۆزگەن يولىنى توسۇش. تەمەنگانغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېيىن بۇيرۇق بولىدۇ. چەبەربەگ، سۆزىڭىز بارمۇ؟

— يوق، قوشۇلىمەن.

— خوپ، ئەمدى دەم ئالايلۇق.

ئالىپ ئارسلان تاماقتىن كېيىن، ئۇزاق ئويلاپ ياتتى، كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى.

* * *

سۇتۇق بۇغراخان قۇتلۇق سۇباشى بىلەن ئۇش يېنىدىكى جەڭگى ئارقىغا سوزۇپ ياتتى. "ياغىنى تارتىپ چىقىرىپ ئۇرۇش" رىجىسى بويىچە ھەر كۈنى بىرەر قېتىم كىچىك جەڭ قىلىپ تۇردى. بىر ھەپتە دېگەندە ياغى ئۆزگەندىن ئوشقا چېرىك يۆتكەپ كېلىۋاتقۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. تۇلپار تۈمەنباشىنى "توسۇپ يوقىتىش"قا ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياغىنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيدى. ياغىنىڭ ئارقىسى كېسىلدى، ئىچى ئەنسىز... تۇلپار

تۇمەنباشى ئوشقا ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتا ئۆزگەندىن كەلگەن باقى چېرىكلىرىنى "توسۇپ يوقىتىش" جېڭىنى باشلىۋەتتى. قۇتلۇق سۇباشىمۇ ئوشقا ھۇجۇم باشلىدى. خۇددى مۇشۇ كۈنلەردە ئالىپ ئارسلان، چەبەر سۇباشىمۇ شەرقتىن يېتىپ كېلىپ، مايلى ساينى ئېلىپ، ئۆزگەنگە قاراپ يۈرگەندى. قۇتلۇق سۇباشى ياغمىلىق ئاجىز كۈچىنى ئۇرۇپ، توختاۋسىز ئوشقا يېتىپ كىردى. تۇلپار تۇمەنباشى "توسۇپ يوقىتىش" بىلەن ياغمىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. "مايلى ساي جېڭى"نىڭ ئۇتۇقى، ئوشنىڭ ئېلىنىشى، يولدا توسۇپ يوقىتىش — ئۈچ سەپتە تەڭ ئۈچ ئۇتۇق قازىنىش ياغمىغا قاتتىق زەربە بېرىپ چۈچۈتىۋەتتى. ئەمدى ئۆزگەننى ئېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس ئىدى.

سۇتۇق بۇغراخان ئوشتا قوشۇننىڭ ئارام ئېلىشىنى بۇيرۇدى، قۇتلۇق سۇباشى ۋە ئەلى ئايغۇچلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوشنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قوزغىلاڭچى تاغلىقلارنى ئاساس قىلىپ، ياغى قوشۇنى ئىچىدىكى يەرلىك چېرىكلەرنى قوشۇپ "قاداش قوشۇن" قۇردى. قوشۇن باشلىقلىقىغا تاغلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى دوسمەت دېگەن كىشىنى بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن رەتلەش، تولدۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى.

بۇغراخان شەھەرگە كىرمىدى. ئۇنىڭ چۈشكۈنى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يېقىدىكى بىر يان يېغىر ئوتلاقتا تىكىلگەندى. بۈگۈن ئۇ خېلى ھاردۇق ئېلىپ قالدى بولغاي، ئەتىگەنرەك ئويغىنىپ، ئۆزىنى يېنىك سەزدى. ئۇ چۈشكۈن ئاشقىرىسىدىكى پىچىرلاپ سۆزلىگەن ئاۋازلارنى ۋە ئاۋايلاپ باسقان شىپ-شىپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ بىرپەس ياتتى. قوچقار پۈتىنىڭ ئۈچىدا

دەسەپ كىرىپ بىرنېمە ئېلىپ چىقماقچى بولغاندا:

— ھە، قوچقار، جېلى ۋاق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ؟ — دېدى بۇغراخان.

— ئېلەل، بىز ئويغىتىشقا تەنزىقتۇق دەيمەن. بەك ئازراق ئۇخلاپ ئالسىلا.

— ئويقۇم قېنىپتۇ، قويباي.

بۇغراخان ئورنىدىن قوزغالدى. ھايال ئۆتمەي خادىم سادىق غۇلام كىرىپ كەلدى. بۇ كىچىك تاتلىق چاققان بالىنى كىشىلەر "سادىق غۇلام" دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ ئۇ راستىنلا بۇغراخانغا سادىق ئىدى. بۇغراخان ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۇخلايتتى، ھەممىدىن بالدۇر قوپۇپ ئىشىك ئالدىدىن كەتمەيتتى. ھېرىپ يىقىلغۇدەك بولسىمۇ، قورسىقى ئېچىپ ئىچى تارتىشىپ كەتسىمۇ غىڭ قىلمايتتى. بۇغراخان "يېتىپ ئۇخلا... تاماق يەۋال" دېسىمۇ ئۇ: "ئويقۇم كەلمىدى، قورسىقىم ئاچمىدى" دەپلا جاۋاب بېرەتتى. بىرنەچچە قېتىم بۇغراخان ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ تاماق يېگۈزگەن ۋە ئۇخلاتقانىدى.

— نېمانچە ئەتىگەن قوپۇپ كەتتىڭ؟ — دېدى بۇغراخان سادىقنىڭ كەيپىياتىغا سەپسېلىپ.

— ئانچە ئەتىگەنمۇ ئەمەس. قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — ئۇ بۇغراخاننىڭ ئۆتۈكلىرىنى ئەكىلىپ ئالدىغا قويدى.

— نېمە چۈش كۆردۈڭ؟

— چۈش،... ئانچە ياخشى چۈش ئەمەس.

— قېنى، ئېيتقىنا، ئاڭلاپ باقاي.

— ئانامنى كۆرگىلى بېرىپتىمەن. تېرەكداۋاندىن ئۆتەلمەي

يامشىپ بۇرسەم، ئاسماندىن قاناتلىق ئاقساقال ئادەم كېلىپ بېشىمنى سىلاپ قويغانىدى، تۇرۇپلا ماڭا ئىككى قانات چىقىپ قالدى. دوغداق قۇشتەك سەكرەپ-سەكرەپ قانىتىمنى قېقىپلا ئاسماندا قەئرىگە كۆتۈرۈلۈپ تېرەكداۋاننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارىمىشمەن، — سادىق بارغانچە زوق بىلەن قوللىرىنى ھەرىكەتكە سېلىپ سۆزلەيتتى. بۇغراخان كىيىملىرىنى كىيگەچ بۇ ياش غۇلامغا مەسلىكى كېلىپ ئاڭلايتتى، — ئۇچۇپ-ئۇچۇپ بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپتىمەن. ئەگىپ پەسلىسەم ئانام ئىشىك ئالدىدا چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ ئىمىش. كۆزلىرى ياش ئىكەن. ئاستا ئالدىغا بېرىپ قونغانىدىم، چۆچۈپ كەتتى. كېيىن مېنى تونۇپ قۇچاقلاپ يىغلىدى، مەنمۇ يىغلىدىم. تۇرۇپلا ئانام يوقاپ كېتەر ئىمىش. بىرپەستىن كېيىن...

— ھە، نېمە بولدى؟

— ياق، ئايىغى تايىنى يوق ئىشلار.

— ئاناڭ سېنىڭ تويۇڭنى قىلماقچى بولغىيدى، شۇنداقمۇ؟

— ئاپلاھۇئەكبەر، تېپىۋاللا-دە؟ ئېيتاي، ئەمدى، — سادىق ئىزا ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى، — بىر ۋاقىتتا ئانام پەرىلەردەك كىيىنگەن، بېشىدىن ئايىغىچە ئۈنچە-مارجانلار بىلەن بېزەلگەن بىر قىزنى يېتىلەپ كېلىۋاتار ئىمىش. قارىسام بۇ قىزنى تونۇغاندەك قىلىمەن... — ئۇ ئىزا تارتىپ توختاپ قالدى.

— ھېلىقى مەھەللەڭدىكى ئادىشىڭدۇ، تايىنلىق.

— ھە، شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىراق، بەك ئۆز بولۇپ كېتىپتۇ. ئانام ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ئىككىمىزنىڭ قوللىرىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. مەنمۇ ھېلىقى ئاسماندىن چۈشكەن ئادەمدەك قىزنىڭ بېشىنى سىلـ

قاندىم، ئۇنىڭغىمۇ چىرايلىق ئىككى قانات چىقتى. ئىككىمىز تەڭ كۆتۈرۈلۈپ ئۇچتۇق. ئاسماندا تېخىمۇ ئېگىزدىن بىر توپ قاناتلىق قىزلار ئۇچۇپ چۈشۈپ بىزنى قارشى ئالدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئۇچتۇق. بىرھازادىن كېيىن قارا بۇلۇت كەلدى. بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن ئۈچ بېشى بار، ئۇن قولى بار بىر قارا قاناتلىق يالماۋۇز ئۇچۇپ چىقتى، ئۇ بىزگە ئوت چاچقىلى تۇردى، قىزلار قاچتى. تازا سەپ-سېلىپ چىرايىغا قارىسام، ئۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى باينىڭ ئوغلى ئىمىش. ئۇ ماڭا ئوت چېچىپ تۇرۇپ، قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ قاچتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرسام، ھېلىقى قاناتلىق ئاقساقال ئۇچۇپ كېلىپ ماڭا پارقىراپ نۇر چاقناپ تۇرغان بىر قىلىچ بېرىپتۇ ئىمىش. قىلىچنى ئالغانچە ئۇچۇپ بېرىپ يالماۋۇزنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغانىدىم، ئۇنىڭ بېشى تېنىدىن ئايرىلىپ بىر ياققا، تېنىسى بىر ياققا چۈشۈپ كېتىپتۇ ئىمىش. ئاندىن مەن قىز دوستۇمنى ئېلىپ بىللە ئۇچۇپ بىر باغقا چۈشكەنىدۇق... قوچقار ئاكام ئويغىتىۋەتتى.

— ھەي، ماۋۇ قوچقارنى قارا، — دېدى بۇغراخان تېلىقىپ كۈلۈپ، — بىكار قىپتۇ-دە. ئەمدى تويۇڭلار بولماقچىكەن.

— نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن سادىق؟ — دېدى قوچقار تاشقىرىدىن كىرىپ.

— بىلجىراش ئەمەس. ئەجەب ياخشى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، بىلدىڭمۇ؟ ئۇچۇپ، تېرەكداۋاندىن ئۆتۈپ بېرىپ ئانىسىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن قىز ئادىشى بىلەن بىللە ئۇچۇپتۇ. سادىق، چۈشۈڭ چوقۇم ئوڭغا كېلىدۇ، بىز قايتىپ بارغاندا، سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قىلىمىز.

سادىق قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

— توخۇ داڭگال، نۆچكە جاڭگال چۈشەيسىدۇ، دەپ سەن ئاشۇ قىز ئادىشىكنى چۈشەپسەن-دە؟

— سەنمۇ ئا كۈنى لەلاخان ئاچامنى چۈشەپ قاپتىكەنسەنغۇ؟

قوچقار گەپ قىلالماي قالدى. كېيىن بۇغراخانغا قوشۇلۇپ كۈلدى.

بۇغراخان چېرىكچە چوڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چۈشكۈنىدىن چىقىپ، قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى چاقنىغان قۇياش نۇرىنى توسۇپ ئەتراپقا قارىدى. يىراقتا بىرىدىن بىرى ئېگىز تىزما تاغلارنىڭ چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. تاغ باغرىدا قاتار تىكىلگەن قارا ئۆيلەر چۆرىسىدە چېرىكلەرنىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول ياقتا قارا ئۆيلەر ئالدىدا ئوچاقتىن چىققان تۈتۈنلەر تىكلىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. بۇغراخان شۇ ياققا قاراپ ماڭدى.

بۇغراخان بارغاندا قارا ئۆيدىن ئەركىن چىقىپ سالام بەردى.

— ئاۋۇ چېرىكلەر نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟ — سورىدى بۇغراخان چەتتىرەك تۇپلىشىپ، قوللىرىنى شىلتىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرسىتىپ.

— ئانچىكىلا، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان ئوخشايدۇ.

بۇغراخان شۇلار تەرەپكە ماڭدى. ئەركىن، قوچقار ئەگەشتى. يېقىنراق كەلگەندە، بىرىنىڭ قول شىلتىپ سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاندى.

— شۇنچە تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ بىر ياغىنىڭ كاللىسىنى ئالالمىساق نېمەك بىلەن بۇغراخان چېرىكى بولدۇق!

— قارۇغچىلىق دېگەنمۇ چوڭ ئىش ئاداش!

— راستلا، ھەي، مەن سىلەرگە ئېيتاي، بىزنىڭ بۇغراخان يامانكەن جۇمۇ! كۆردۈڭلارمۇ، بۇغرىغا ئوخشاش ۋارقىرىغىنىچە ياغىنى يەلچىپ ئىلگىرى كېتىپ بارىدۇ، قالتىس ئىش بۇ، مەن سىلەرگە ئېيتاي، — دېدى يەنە بىرسى.

— ھەي، مەن بۇغراخان بولسام "تۇررا" دەپ ۋارقىراپ تۆت كۈندە ھېلىقى ساماساخانمۇ نېمە، شۇ يەرگە بېرىپ توختايتتىم.

— ھەي، سەمەرقەنت دېسەڭچۇ. سەن نېمىنى بىلسەن بەڭباش؟ خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن-دە؟

— مۇشۇ شەھەرنىڭ تېشىدا ياغى بىلەن ئويىنشىپ بىر ھەپتە ياتقىنىمىزنى مەن زادى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى يەنە بىرسى.

بۇغراخاننى كۆرۈپ ئۇلار قوپۇشتى.

— ئولتۇرۇڭلار ئولتۇرۇڭلار، — دېدى بۇغراخان ۋە ئۆزىمۇ بېرىپ بىر تاشقا ئولتۇردى.

بۇغراخان چېرىكلەر بىلەن سەممىمىي پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ ئوبدان پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. يىراقتىن، يېقىندىن، سامانىلارنى يوقىتىپ يۇرتقا قاچان قايتىش... ياقلىرىدىن سۆز بولدى. چېرىكلەر بەك ھاياجان بىلەن بۇغراخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

— ياغىنى يوقىتىپ ئامان-ئېسەن يۇرتىمىزغا قايتىمىز. ئاتا-ئاناڭلارنى كۆرىسىلەر. قىز ئاداشلىرىڭلار كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ، تايىنلىق؟ — بۇغراخان يېنىدا ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلاردىكى بىر يىگىتنىڭ دولىسىنى ئۇرۇپ قويدى، — شۇنداق ئەمەسمۇ يىگىت؟ — چېرىكلەر كۈلۈشتى، — بىراق ئالدىمىزدا جىق جەڭلەر بار. سىلەر-گىمۇ ياغىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئارمانىڭلارغا يېتىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ. ئەركىن سىلەرنى باشلاپ جەڭگە كىرگەندە، كۈچۈڭلارنى

شۇ ۋاقىتتا كۆرىمىز.

— بوش كەلمەيمىز، بىرىمىز ئۇنىڭغا تېتىمىساق ھېساب ئەمەس، — دېدى يوغان مۈرىلىك بىر چېرىك ئورنىدىن قوپۇپ.

— بەك ياخشى. ئارام ئېلىڭلار، — دېدى بۇغراخان ۋە قوپۇپ چۈشكۈنى ياققا ماڭدى.

بۇغراخان ئۆزگەنگە قاراپ ئاتلاندى. قۇتلۇق سۇباشى ئالدىن يۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئۆزگەننىڭ جەنۇبىدىن بېرىپ چەبەر سۇباشىغا ماسلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئاخشىمى باشلانغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ياغىنىڭ بىر قىسىم باشچىلىرى نۇرغۇن ئۆلۈك ۋە يارىدارلىرىنى قالدۇرۇپ شەھەرنىڭ غەربىي شىمال ياقىغا قاچتى. ئۇلار قۇتلۇق قوشۇن تەرىپىدىن توسۇلۇپ قولغا چۈشتى. ئەتىگەن، چەبەر قوشۇن بىلەن قۇتلۇق قوشۇن ئۆزگەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى، ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى نەيزە-قىلىچلار بىسلىرىدا پارقىرايتتى. شەھەر ئەتراپىدا دومىلاپ ياتقان سانسىز ئۆلۈكلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسسىق قانلارمۇ پارقىرايتتى.

بۇغراخان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزگەنگە يېتىپ كەلدى. چۈشتىن ئىلگىرى شەھەرگە كىرگەن ئالىپ ئارسلان، ئىككى سۇباشى شەھەر تېشىغا چىقىپ خاننى قارشى ئالدى. شەھەر بوسۇغىسىدا ئۇن مىڭدىن ئارتۇقراق شەھەر خەلقى بۇغراخاننى قارشى ئالدى. شەھەر مۆتىۋەرلىرى، ئۆلىمالار كىشىلەر ئالدىدا تىزىلىپ تۇراتتى. بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. بىر ئاقساقال پەتنۇستا نان-تۇز تۇتتى. بۇغراخان بىر بۇردا ناننى تۇزغا تۆگۈرۈپ يېدى ۋە قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدىن ماڭدى.

"ئۇلۇغ بۇغراخانغا سالام!"، "سۇتۇق بۇغراخان ئامان بولغاي!" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بۇغراخان كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئاتقا مىندى-دە، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خەلققە ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يولداشلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى.



## ئۈچىنچى باب

# غۇلاش ھارپىسىدا

سامانىلارنىڭ تەختىنى غۇلاش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئايان بولۇپ قالدى. سامانىلار خانى نۇھ II مەنسۇر ئۆز تەختى-بەختىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ كۈندۈزى تىنىماي، كېچىسى ئۇخلىماي ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئىككى چوڭ ئىش ئۇنى يامان چۆچۈتۈۋەتتى. بىرى، ئۆزگەننىڭ بۇغرا قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئېلىنىشى؛ يەنە بىرى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەبۇ ئەلى سىمجۇق بىلەن سىبۇق تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش. بۇغرا قوشۇنىنىڭ ئىككى تەرەپتىن كېلىشى مەنسۇرنى ئالدىرىتىپ قويغاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ "ئۆزگەندە ياغى چوقۇم توسۇلىدۇ" دەپ ئىشەنگەندى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۆزگەن چاپسانلا قولدىن كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي تەمەنگانمۇ تۈگەپ كەتتى. قالغىنى شاش، مەرغىلان، قوقەنت. ھەي، ئىش چاتاق. بۇ كېلىشتە بۇغرالارنىڭ سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىشى... ئاھ! ياق كېلەلمەيدۇ. ئۇلارنى توسۇش، ئۇرۇش، يوقىتىش كېرەك. شاش بىلەن قوقەنت ئۆتكۈزمەيدۇ. كەلگەندىمۇ بۇغرالار سەمەرقەنت بوسۇغىسىدا يەنچىلىپ تۈگەيدۇ. ئارقىدىن كۈچ كېلىدۇ... لېكىن، ئۇ كۈچ سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلەلەرمۇ؟! بۇخارا بىلەن غەزنە ئۇلارنى توسىماسمۇ؟! مانا قاراڭ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ "خائىن"

لىقى بەك ئەلەم قىلدى. چەتتىن كەلگەن قىلىچقا بەۋا كېلىش قىيىن بولۇۋاتقاندا، ئىچىدىن خەنجەر ئۇرغىنىنى دېمەمدىغان! ئۇلار رادى ئەل بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا جاھىسى بەرگەندە بۇ ئىش چىقمايتتى. يامان بولدى، بەك يامان بولدى، تارىخچىلارنىڭ قارشىلىقى، تاغلىقلارنىڭ قوزغىلىڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ يوغان سەللە قازى-كالانلارنى دېمەمدىغان! ئىشەنگەن ئىشانلار كارغا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەبلەخلەر! باققىنىڭ بىكار كېتىدىغان ئوخشايدۇ... ئاھ! دەھشەت، بەك ئېغىر ئاپەت!... قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ دەھشەتلىك ئاپەتتىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟!...“

نۇھ II مەنسۇر ئاخشام ئوردۇ كېڭىشى كەچ يېپىلغىنى ئۈچۈن كەچ ياتقانىدى. ئوردۇ كېڭىشىدە ئۇزاق تالاش-تارتىشلار بولۇپ بىر قارارغا كېلىش قىيىن بولدى. ئۆزىمۇ خۇلاسە قىلىشقا ئامال قىلالمىدى.

نۇھ II مەنسۇرنىڭ بۈگۈنمۇ ئۇيقۇسى قېچىپ ئەتىگەن قوپۇپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇ ياتاقخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سارايدا مېڭىپ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن چۇلغىنىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىسىغا چىقالمايتتى. ئۇ ئۆزىنى جاڭگاللىقتا ئۇۋچىلار چەمبىرىكىدە قالغان بارستەك ھېس قىلاتتى. ”نېمىدەك يولۋاس بولسۇن، سېنىڭ“ دېگەن تۇيغۇ دەرھال ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى رەت قىلاتتى. ”بىر پۇتى چېقىلغان بۆرىگە ئوخشايمەن“. ياق، بۆرىگە ئوخشىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، زادى مۇمكىن ئەمەس، مەن يەنە بارس. ”ئەمما بىر پۇتۇڭ چېقىلغىنى راستقۇ. بىر پۇتۇڭ، قوللىرىڭ، ئاندىن بېشىڭ... ياق. بۇ تامامەن ئەخمىقانە

خىياللار. مەنسۇر ھايات، ئۇ تىمەن، ئۇ بۇغرالار بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ، ئېخى! ئۇلارنى تارمار قىلىدۇ... ھەي، بۇ ئۇمكىن بولارمۇ؟!... ئاخىر سەن جاڭگاللاردا، بۇغرالار چەمبىرىكىدە قالغىنىڭنى ئىنكار قىلامسەن؟!... ئاھ، خۇدا، ئۆز دەرگاھىڭدا ساقلىغايسەن...»

مەنسۇر بېرىپ بىر چەتتىكى كۆرپە-ياستۇققا سوزۇلدى، ئۆزىدە قاتتىق ھارغىنلىق سەزدى. تۈزۈككىنە ئۇخلىمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغاچقا، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتتى. كۆزىنى يۇمدى، يەنە ھېلىقى قورقۇنچلۇق خىياللار... بىرھازادىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇيقۇسىدىمۇ دەھشەتلىك بىر چۈش كۆردى:

...مەنسۇر ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى جەننەتتەك بىر چوڭ تاماشا بېغىغا بارغانمىش. ئۆزى شاھانە كىيىنىپتىكەن، بېشىدىكى تاجىسىنىڭ ئۈنچە-مارجانلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرار ئىمىش. باغقا لىق تولغان كىشىلەر ئۇنى ئالقىشلاپ تەنتەنە قىلار ئىمىش. ھۆرلەر ئۇسۇل ئويناپ، غۇلمانلار تازىم قىلار ئىمىش. بىر ۋاقىتتا قارىسا، ئالدىدا پەلەككە تارتىلغان ئۇچى يوق بىر مەرمەر پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. ھۆرلەر ئالدىدا ئۇسۇل ئويناپ مېڭىپتۇ. خان ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. مېڭىپ-مېڭىپ بۇلۇتلاردىن ھالقىپ چىقسا، بىر كارامەت كاتتا ياسداق ئىمارەت كۆرۈنۈپتۇ. بۇ جاينى ئۇ "ئەرشئەلا" دەر ئىمىش. دەرۋازا ئالدىدىكى سەينادا ئۇنى نۇرغۇن ھۆر-غۇلمانلار قارشى ئاپتۇ. ئۇ "ئەرشئەلا"نىڭ سەيناسىغا چىقاي دەپ تۇرغاندا، ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئاۋاز چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاسماننىڭ بىر ياقىدىن كارامەت چوڭ بىر بۇركۈت ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، مەنسۇرنى بوغۇزىدىن ئېلىپ يەرگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئۇنى يەرگە ئىرغىتىۋېتىپتۇ. مەنسۇر بىركەدە

ئېسىگە كېلىپ قارىسا، بىر ئورمانلىقتا ياتقۇدەك. ئوقيا تۇتقان بىر مۇنچە كىشىلەر ھۇقۇيتىپ ئۇنى ئوراپ كېلىۋاتار ئىمىش. ئۇ بىر بوش ياققا قېچىپتۇ. قارىسا كىشىلەر ئايلىنىپ ئۇنى قوغلاپ-قىستاپ كەپتۇ. ئۇ قېچىپ بېرىپ بىر تىك يارغا دۇچ كەپتۇ. يارنىڭ ئاستى كۆز يەتمەس كاتتا ھاڭ ئىكەن. ئۇنىڭدا ھەيۋەتلىك يالقۇن بولۇپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى ھەممە ياققا چاچرايدىكەن. "ھە، ئەسپلى-ساپلىن دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ" دەپتۇ، دەھشەت بېسىپ مەنسۇر. كەينىدىن كىشىلەر قىستاپ كېلىپ ۋارقىراپ تەڭ ئېتىلغانىكەن، مەنسۇر ئارقىسىچە چېكىنىمەن، دەپ ئوتلۇق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. چۈشۈپ كېتىپ بېرىپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ...

ئوردۇ ھەرەم باشلىقى ماھىبانۇ ئەمدى سارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەنىدى، سارايىنىڭ ئىچىدىن "ۋا!..." دەپ تۈۋلىغان دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يۈگۈرۈپ كىرسە، مەنسۇر كۆزلىرى يۇمۇق ياتقىنىچە ياقىسىنى تارتىپ كۆرپە ئۈستىدە دومىلاۋېتىپتۇ، پېشانىسىدىن تەر ئېقىۋېتىپتۇ.

— سۇلتان ئالىيلىرى. سۇلتان، — دېدى ماھىبانۇ يېنىغا كېلىپ، — ئويغىنىسىلا، قارا بېسىۋاتىدۇ، ئويغىنىسىلا.

مەنسۇر جىم بولۇپ قالدى ۋە دەرھال كۆزلىرىنى ئېچىپ سەكرەپ قوپۇپ پەرىشان ھالدا:

— مەن قەيەردە؟ ماڭا نېمە بولدى؟ — دەپ قوللىرىنى سوزدى.

— ھېچ گەپ يوق، سۇلتان ئالىيلىرى، قارا بېسىپتۇ. ئارام ئالسىلا دېدى ماھىبانۇ خانىنىڭ يېنىدا قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپ.

مەنسۇر قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ كۆزىنى يۇمۇپ سۆزسىز ئولتۇراتتى. خېلى جىملىقتىن كېيىن ماھىبانۇ سۆز ئاچتى:

— يېقىندىن بېرى بەك ھېرىپ كەتتىلە، دەم ئالسىلا، قىزلارنىڭ
ئۇندان ئىككى ئۇسسۇللىرى تەييار بولغانىدى. يەنە بىرنەچچە
نەپەر نەشۇلەچى گۈزەل كەلتۈرۈلدى. بۈگۈن ئاخشام...
— يوقال كۆزۈمدىن، گۈزەللىرىڭ بىلەن يوقال!!! — تۆ
قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ شۇنداق سەت، قاتتىق ئاۋاز بىلەن
تۈۋلىدىكى، ماھبانۇ قورقۇپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ كەينىگە
چېكىنىدى ۋە دەلدۈگۈنۈپ تۈزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. تاشقىرىدىن
ئىككى نەپەر نەۋكەر يۈگۈرۈپ كىرگەندى، ماھبانۇ ئۇلارنى
قولى بىلەن شەرەت قىلىپ چىقىرىۋەتتى، ئۇ يەنە باشلىرىنى
چاڭگاللاپ ياتقۇسلاڭ ئولتۇرغان سۇلتانغا قارىغىنىچە ئارقىسىچە مېڭىپ
ئىشىكتىن چىقتى، ئاۋايلاپ ئىشىكنى ياپتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ،
ئالدىدا تۇرغان ئالىي لەشكەر باشلىقى سەردار ئەبۇ ئىبراھىم، باش
ۋەزىر ئابدۇل كېرىم ئامانى ئالى ۋە ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللانى
كۆرۈپ، ئۇلارغا تازىم قىلدى. باش ۋەزىر "نېمە گەپ؟" دېگەندەك
ئىچكىرىنى ئىما قىلدى. "ئۇخلاپ قارا باسقان ئوخشايدۇ" دېدى
ماھبانۇ پىچىرلاپ ۋە يەنە تازىم قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.
باش ۋەزىر، سەردار، ئوردۇ ئاغىسى كىرگەندە، مەنسۇر قەيەر-
گىدۇ تىكىلىپ قاراپ قايغۇلۇق ئولتۇراتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى! — دېدى كىرگەنلەر
تەڭ ۋە ئوڭ قوللىرىنى مەيدىلىرىگە قويۇپ تازىم قىلدى.
— ھە، مەرھەمەت، — دېدى سۇلتان ئاستا قوپۇپ، ئۇ كىرگەن-
لەرنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ساراي تۆرىدىكى كىچىك يىپەك گىلەم
يېپىلغان چوڭ ئورۇندۇقلارغا تەكلىپ قىلدى.
— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تەنلىرى ساق بولغاي! — دېدى باش

ۋەزىر، ئاۋۇ ئىككىسى ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى.

مەنسۇر قاپىقى سىلىقلىق جىم ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ ئەرباب‌لىرى سۆزنى قەيەردىن باشلىشىنى بىلمەيتتى.

ئاخىر يەنە سۇلتان جىملىقنى بۇزۇپ غودۇڭشىدى:

— يەنە قانداق شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار؟

— خەۋەرلەر ئانچە كۆڭۈللۈك بولمىسىمۇ، بىز ئۈمىدسىزلەنمەيمىز، — دېدى باش ۋەزىر، — ئاۋۇنىڭ خۇدا، ئاندىن قالسا، جانابىي ئالىيلىرىدەك دانىشمەن ئۇلۇغ سۇلتانىمىز تۇرغان يەردە...

— بولدى، بۇنداق چىرايلىق گەپلەردىن تويدۇم مەن. ماڭا تەدبىر كېرەك، چارە كېرەك، ئاپەتتىن قۇتۇلۇش چارىسى كېرەك.

— بىر-ئىككى شەھىرىمىزنى ئېلىشى بىلەن ياغى غەربىگە يېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ قۇدرەتلىك چېرىك كۈچىمىز بار، ئەل بار، جانابىي ئالىيلىرى...

— لەشكىرىي كۈچ، ئەل...! — باش ۋەزىرنىڭ سۆزىنى كەستى مەنسۇر، — "ئالدىنقى پولات سەپ" دەپ ئاتالغان لەشكىرىي كۈچ نېمىگە ياردى؟ ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق نېمىلەر قىلماقتا؟ تاغلىق ئوغرىلارنىڭ قۇترىشىنى، يامان ئادەملەرنىڭ ئەل ئىچىدە تارتىۋاتقان ئىغۋالىرىنى ئاڭلىمايۋاتامسىز، جانابىي باش ۋەزىر؟ بىزگە ھازىر ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىش ئەمەس، ياغىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى كېرەك، بىلدىڭىزمۇ؟

— چارە بار.

— خوش؟

— لەشكەر كۈچىنى ئاشۇرۇش، بۇغرا قوشۇنلىرىغا ئىچىدىن خەنجەر ئۇرۇش، ئىچىمىزدىكى خائىنلارغا شەپقەتسىز ئۇرۇش،

ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېكىننىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى تۇلجۇقتۇرۇش.

— ھە، ھە،... شۇنداق دەڭ، — ئورنىدىن قوزغالدى مەنسۇر، — خوش، قېنى، ئوچۇقراق ئېيتىڭلارچۇ؟

— لەشكەر كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ چارىسى ئىككى، — دېدى ئەبۇ ئىبراھىم سەردار، — بىرى خۇراساندىن لەشكەر سوراش. يەنە بىرى، يېڭىدىن لەشكەر ئېلىپ سەپنى تولدۇرۇش. ئەللىك مىڭ يېڭى لەشكەر ئالساق، دەيمەن.

— خوش، يەنە؟

— بۇخارا، غەزنە لەشكەرلىرى ئىچىدە قوزغىلاڭ چىقىرىپ، ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېكىنگە زەربە بېرىش، — دېدى مىرزا ئۇبەيدۇللا.

ماھىبانۇ تاشقىرىقى ئۆيگە پۇت ئۇچىدا دەسسەپ كىردى ۋە بىر ئىش قىلغان بولۇپ، پەنجىرىدىن ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى.

— سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئارسلاننى ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈپ ئۆلتۈرۈش، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن ئېڭىشىپ، باش ۋەزىر، — بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قوشۇنى تەپرىقچىلىككە ئۇچرايدۇ. بۇندىن باشقا، دىنىي ئىشلار ۋەزىرى مۇفتى شاھاۋۇدىن، خەزىنىچى ۋەزىر ئېركەشبەگ، ئەبۇ ئەلىنىڭ قېيىن ئاغىسى سايىم باشلىق خائىنلار يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتمەكتە. ئۇلار شاش، بۇخارا، پەرغانە...دىكى ئۆلىمالارنى قۇتراتماقتا. بۇلارنى دەرھال تۇتماق كېرەك. ئوردۇ ئىچىدىمۇ ئۇلارنىڭ باشقا شېرىكلىرى بولۇشى ئېھتىمال. ئۇلارنىمۇ تېپىپ ئوردۇنى تازىلاش كېرەك.

مەنسۇر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى ئالدىغا يەڭگىل لىڭشىتىپ،

ئالدىدىكى شىرەنى بارماقلىرى بىلەن چېكىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. سۆز تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بىر پەس جىم ئولتۇردى-دە، قوپۇپ ئۆيدە ئايلىنىشقا باشلىدى. باشقىلار دىققەت بىلەن مەنسۇرغا "نېمە دەركىن" دېگەندەك تىكىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭمۇ يۈرىكى "پوك-پوك" ئىدى. سۇلتان تەختتىن غۇلىسا ئۇلار ئامان قالالامدۇ؟ سۇلتانغا قىلىچ ئۇرۇلسا، سادىق ۋەزىرلەرگە، سەردارغا نەيزە ئۇرۇلمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئاخشامقى كېڭەشتە بىرقانچىسىنىڭ قارشى سۆزلىرى بەك خەۋپلىك بولدى. ئۇلار بۇ ئورتاق خەۋپتىن قۇتۇلۇشنىڭ كۆپلىگەن چارىلىرىنى تەكلىپ قىلدى، لېكىن نەتىجە بەرمىدى. يەنىلا "ياغى" باستۇرۇپ كەلمەكتە، ئەل ئىچى تىنچسىز، تەخت لىڭشىپ قالدى. باش ۋەزىر بىلەرمەنلىك قىلىپ بىرنەچچە قېتىم "دانا تەدبىرلەر"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىلىپ، تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەندە، مەنسۇر كايىپ "ياغىغا تاقابىل تۇرۇش، باغ سەيلىسى ئەمەس" دەپ كىنايە قىلغانىدى. "يېڭىلمەس سەردار" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئەبۇ ئىبراھىم بۇغرا قوشۇنىنىڭ پەشۋاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ. "سەردارنى سىنايدىغان مەيدان كەلدى" دېگەنىدى مەنسۇر ئۇنىڭغا. لېكىن ئۇنىڭ "ئىشەنچلىك لەشكىرىي رىجەللىرى، قاتمۇقات سەپلىرى ۋەيران بولماقتا، ئەمدى سەردارنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەنسۇرنىڭ خاپىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالغان باش ۋەزىر، سەردار، ئوردۇ ئاغىسى جىق باش قاتۇرۇپ يۇقىرىدىكى "ھەل قىلغۇچ" رىجىنى تەييارلىغانىدى. ئۇلار سامانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى تەس ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان سەزگەن

بولسىمۇ، ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمىگەن بۇ رەسىمنى ئىلاجىسىز مەنسۇرنىڭ ئالدىغا قويدى. لېكىن، مەنسۇر قوشۇلامدۇ، يوق؟ ئەگەر ئۇ بۇ پىكىرنى رەت قىلسا، نېمە قىلغۇلۇق؟ ئۇلار مۇشۇنداق ئەندىشە بىلەن تاقەتسىزلىنىپ مەنسۇرغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەنسۇر ئۆيدە ئويلىغاچ خېلى چۆگىلىگەندىن كېيىن، كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە دېدى:

— كۆرمەكچى بولغان تەدبىرىڭلار يامان ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ، يوق؟ ئۆيدىكى رىجە بازارغا توغرا كەلمەي قېلىشى مۇمكىن. ئىش ھازىر بىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەللىك مىڭ لەشكەرنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ تەييارلاشقا بولامدۇ؟ ئارقىدىن كەلتۈرىدىغان كۈچ سىبۇق تېكىنىنىڭ توسۇشىغا ئۇچرىماسمۇ؟ بۇغرا قوشۇنلىرىغا ئىچىدىن خەنجەر ئۇرۇشنى شۇنچىلىك ئاسان ئىش دەمسىلەر؟ "خائىنلارنى باستۇرۇش" — بۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزگە قارشى تۇرىدىغانلارنى كۆپەيتىۋالمامدۇق؟ ئاخشام كېچەشتىكى ئەھۋالنى كۆردۈڭلىغۇ، ئۇلار يالغۇز ئەمەس. ئىشنىڭ مانا بۇ ياقلىرىنى چوڭقۇر ئويلىشىش كېرەك.

— شۇنداق، ئاسان ئەمەس، ئەزىز سۇلتان، — دېدى باش ۋەزىر، — تەس بولسىمۇ، زورۇر تەدبىرلەرنى قوللانماي بولمايدۇ.

— لەشكەر سېپىنى تولدۇرماي بولمايدۇ. كۈچىمىز بارغانچە ئاجىزلىشىپ كەتمەكتە، — دېدى ئەبۇ ئىبراھىم.

— يەرلىك خەلقتىن لەشكەر ئالسىڭىز كۈچىڭىز ئاشارمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىزگە نارازىلىقى كۆپەيمەكتە. "قېرىنداش لەشكەر" دېگەن نەرسە ئەشۇ يەرلىك خەلقتىن تۈزۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، جانابىي سەردار؟ "ياغلىغان ئىت ئۇۋغا يارىمايدۇ". بەلكى سىز

لەشكىرىي سېپىمىزدە ئارقىغا يۆرۈلۈپ "قىلىچ ئۇرغۇچى"لارنى كۆپەيتىۋالىسىز.

— سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئارسلاننى جايلاش ئۈچۈن بەرلىك-لەردىن ئىشەنچلىك كىشىلەرنى كۆزلەپ قويدۇق، — دېدى ئوردۇ ئاغىسى، — جانابلىرى رازى بولغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرماقچىمىز.

ماھبانۇ پەنجىرە تېشىدا دىققەت بىلەن قولاق سېلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ كېيىنكى قەستنى ئاڭلىغاندا تەئسىرەپ ئالدى-كەينىگە قاراپ قويدى.

مەنسۇر بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— ئەھۋال ئېغىر بۇرادەرلەر! ھالىمىز بارغانچە ئاشكارا بولماقتا. قاراخانىلار قوشۇنىنى بىز خام چاغلاپتىمىز. بىر ئايغا يەتمەي ئوش، ئۆزگەن، نەمەنگان قولدىن كېتىپ قالغىنى ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. دەرۋازىمىز بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئالدىنقى سەپتىكى يەتمىش مىڭ لەشكەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، بۇ ئىش پۈتكۈل لەشكەرلەرگە روھىي تەسىر قىلدى. بىز بىر ياقتىن، كۈچىمىزنى يۇقىرى مۆلچەر-لەپتىمىز، يەنە بىر ياقتىن ئىچكى ئەھۋالىمىزنىڭ ناچارلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەپتىمىز. كۆردۈڭلارمۇ، ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا ئەل تەۋرىنىپ كەتتى. يوشۇرۇن كۈچلەر باش كۆتۈرمەكتە...، — مەنسۇر بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرى، باش ئېگىپ مۇنقەرز بولۇش. بىرى، جان تىكىپ قوغدىنىش... باش ئېگىش جىنايەت. مۇمكىن بولىدىغان كۈچلەرنى ئاياققا تۇرغۇزۇپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ئاۋالقى "دۈشمەننى چېگرا دەرۋازىسى ئالدىدا يوقىتىش" دېگەن رېجىمىز بۇزۇلدى. ئەمدىكى رېجىمىز: "قوغدىنىپ كۈچ توپلاش، قارشى

ھۇجۇم قىلىپ قوغلاپ چىقىرىش" ھەم "قاتتىق" ھەم "يۇمشاق" بولۇش. ئاۋايلىماق ئۆزىمىزنىڭ بارمىقىنى چىشلىۋالىمىز... مۇپتى شاھاۋۇدىن، ئىركەشبەگلەرگە ھازىرچە چېقىلماي، ئارغامچىنى ئۇزۇن تاشلاپ پايلاش كېرەك. ۋاقتى كېلىدۇ. يەرلىكلەردىن ئەللىك مىڭ لەشكەر ئېلىشقا بولىدۇ ھەم مەجبۇر قىلىش، ھەم چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇلارنى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، نازارەت قىلىش، گۇمانلىقلار بولسا ئەپ ئالدىغا ئەۋەتمەسلىك لازىم. ئارقىدىن ئەللىك مىڭ لەشكەر كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرىمىز. بۇ خۇسۇستىكى تەلىپىمىز ئېيتىلغان. بۈگۈن كېچىلەپ يەنە ئالدىرىتىپ ئادەم ئەۋەتىش كېرەك. سۇتۇق بىلەن ئارسلانغا چارە قىلىشقا بولىدۇ. پۇختا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇققا ئاۋۋال ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرەيلى. ئۇلارنىڭ بەزى شەرتلىرىگە، مەسىلەن: ئىككى ئەمىرنىڭ مۇستەقىل خان بولۇشىغا قوشۇلساق بولىدۇ... باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلاڭلار. خەۋەرلەرنى تېزلىتىش كېرەك. لەشكەرلەر ئىچىدە، كىشىلەر ئارىسىدا پايلاش ئىشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ۋەزىر، سەردار، ئوردۇ ئاغىسى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇلتانغا تازىم قىلىپ سارايدىن چىقىشتى.

ماھىبانۇ مەنسۇر چۈشلۈك ئاشامغا ئولتۇرغاندىن كېيىن "غىپ" قىلىپ ئوردۇنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن چىقتى-دە، ئىركەش ۋەزىرنىڭ ھويلىسىغا چاپتى.

— ئولتۇر ماھىبانۇ، — دېدى ئىركەش ۋەزىر ھودۇقۇپ، ھۆمۈدەپ كىرگەن ماھىبانۇغا، — نېمە بالا بولدى، ئەجەب ئەنسىز كۆرۈنىسەنغۇ؟!

— شۇنداق، ۋەزىر جانابلىرى، ئەنسىرىمەي بولمايدۇ، ئۇلار سۇيىقەست تەييارلىماقتا.

— خوش، قانداق قىلىپ؟

— مەۋلانا ھەزرىتىم بىلەن سىزنى قاماقچى، سۇتۇق بۇغرا، يەنە ئارسلان دەمدۇ، ئىشقىلىپ بېسىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ باشچىلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ سەن نەدىن بىلدىڭ؟

— ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن. باش ۋەزىر، ئوردۇ ئاغىسى، سەردارلار سۇلتان بىلەن بىللە مەخپىي سۆزلەشتى.

— ئۇلار قانداق قىلىشماقچىكەن؟

— سىلەرنى "خائىنلار" دېدى. باشقىلار دەرھال قاماش كېرەك دېگەندى، سۇلتان "ئارغامچىنى ئۇزۇنراق قويۇپ، پايلاش كېرەك" دېدى. بېشىڭلارنى بىر ياقتا ئالمىساڭلار بولمايدۇ.

— يەنە نېمىلەرنى دېيىشتى؟

— يەنە... ھە، ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇقتا ۋەكىل ئەۋەتىش، ئەللىك مىڭ لەشكەر ئېلىش، يەنە بىر جايدىن لەشكەر كەلتۈرۈش... ئىشقىلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جىق گەپلەر...

— ئېركەشبەگ خەزىنىچى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بېشىنى ئالدىغا لىڭشىتىپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— بەك ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ماھىنۇر. يەنە قۇلاق سال. ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگە كەلمە. ئاڭلىغىنىڭنى... — ئېركەش بىرئاز ئويلاپ قالدى، — ھە، ھەرەم قارۇغچىسى زامانقۇلغا ئېيتىپ بەرسەڭ بولىدۇ.

— خوش، — دېدى ماھىبانۇ ۋە تازىم قىلىپ ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئېركەشبەگ ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇردى:

"ئۇلار ئالدىراپ قالدى. ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشقا يول ئىزدىمەكتە. بۇنداق چارىلەرنى قىلىشلىرى مۇمكىن... لەشكەر ئېلىش... بۇ ياخشى ئىش. بىزگە كۈچ توپلاپ بېرىدۇ-دە. قەست، قاماش، ۋەكىل ئەۋەتىش... ئاغامچىنى ئۇزۇن تاشلاپ پايلاش، دېگىنى ياخشى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىش كېرەك. بۇ گەپلەر راستمىدۇ؟ ماھىبانۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟... ياق. بۇ ئايال يالغان سۆزلىمەيدۇ..."

ئېركەشبەگ ماھىبانۇغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ياخشى بىلەتتى.

ماھىبانۇ ياش ۋاقتىدىنلا ھېراتنىڭ داڭلىق ئۇسۇلچى قىزلىرىدىن بولۇپ، ئون سەككىز يېشىدا سەمەرقەنت ئوردىسىغا ئەكىلىپ تاشلانغانىدى. ئۇنىڭ يالغۇز ئانىسى، سۆيۈملۈك ئېرى زامانقۇل زار قاقشاپ قېلىشقانىدى. بۇ ھەم شېرىن، ھەم ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى ماھىبانۇ دائىم ئەسلەيتتى.

ماھىبانۇ دادىسىدىن كىچىك قالغان. ئۇنىڭ دادىسى قويغان ئەسلى ئېتى "ماھگۇل" ئىدى. ئانىسى چاق ئىگىرىپ، بىر بالىلىقنا ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۇسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ياخشىلا ئۇسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. زامانقۇل ماھگۇل بىلەن تەڭداش بولۇپ بىللە ئويناپ، بىللە ئەمگەك قىلىپ چوڭ بولدى. زامانقۇل داپ چېلىشنى ئۆگەندى. ئۇ داپ چالاتتى، ماھگۇل ئۇسۇل ئوينايتتى. ماھگۇل

ئانىسى بىلەن چاق ئىگىرەتتى. زامانقۇل دادىسى بىلەن ماتا توقۇيتتى. ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى ئىشىنى يىغىشقا ئالدىرايتتى. ئىككىسى ماھگۇلنىڭ كىچىككىنە بېغىدىكى ئۈزۈم بارىڭىدا مەشق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار چوڭ بولۇپ قورامىغا يېتىپ قالدى. بىر-بىرىنى باشقىچە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئاۋالقى بالىلىق قىلىقلىرى ئۆزگىرىپ، ناز تارتىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇسۇل مەشق قىلغاندا، ئويۇنىنى زادى توختاتقۇسى كەلمەيتتى. ماھگۇل سەنەمگە يەڭگىل دەسسەپ، جىلۋە قىلىپ، كۈلگۈنچەك كۆزلىرى بىلەن قارىغاندا زامانقۇلنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. زامانقۇل بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ، ئادىشىغا تەلمۈرۈپ، داپنى تاراڭلىتىپ قوللىرىدا ئويناۋاتقاندا، ماھگۇل ئازراق چۆگىلەپ ئۇنىڭ مەردانە سىياقىغا تويماي قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ماھگۇلنىڭ بېغىغا ئويناشقا كەلگەن ئۇسۇلچى، ناخشىچى قىز-يىگىتلەر بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى سىرنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار چاقچاق قىلىپ ئىككىسىنى ئىزا تارتقۇزاتتى.

ماھگۇل ھۆسنىگە تولۇپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى. ھېرات شەھىرىنىڭ چوڭ سودىگەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ئۆيىنىڭ كەينىدە چۆگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. ماھگۇلنىڭ ئانىسى زامانقۇلنىڭ دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇلارنىڭ تويىنى چاپسانراق قىلىۋېتىشكە كېلىشتى. ئىككى تەرەپ تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ، شۇ يىلى كۈزدە توي قىلماقچى بولدى.

توي كۈنى نىكاھتىن كېيىن قىز-يىگىتلەر ماھگۇلنىڭ بېغىغا يىغىلىشتى، توي تاماشىسى باشلىنىپ كەتتى. ئۇسۇل-ناخشا، ناخشا-ئۇسۇل قايناپ كەتتى. ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىقلارمۇ كىرىپ

تاماشا كۆرۈشتى. شاپ بۇرۇت، ئوغرى كۆز، ئېگىز بىر ئادەم ئاستا
كىرىپ كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ ئويۇن
كۆردى. ئۇ ماھىگۈلنىڭ ئۆز ھۆسنىگە تىكىلىپ بىرئاز قاراپ تۇرۇپ
غىپپىدە يوقاپ كەتتى. قىز-يىگىتلەر ئويناپ كېلىپ قاتار تىزىلىپ
ماھىگۈل بىلەن زامانقۇلنى ئوسۇلغا تارتتى. ئىككىسى ئىزا تارتىپ
ئۇنىمىدى. كېيىن زورىغا قويۇپ ئوسۇلغا چۈشتى. ئاۋۋال ئۇلار
ئېچىلالماي ياۋاش ئوينىدى، كېيىن قىز-يىگىتلەرنىڭ ھوكا-سۈرەن-
لىرىگە، سازنىڭ شوخ ئاھاڭىغا ئەگىشىپ ئەركىن ئويناشقا باشلىدى.
ئۇلار بەك ئېسىل ئويناشتى. ماھىگۈلنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ئەتلەس
كۆڭلەكلىك بەستىدە بېلىنىڭ تۆۋىنىدە بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ
ياققا ئىغاڭلايتتى. قاپقارا قوشۇما قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى قوي
كۆزلىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ كۈلۈمسىرەيتتى، لېۋىنى ياۋاشقىنا
چىشلەپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوينايتتى. چۆرىسىدە شەيدا
بولۇپ پىرقىراپ يۈرگەن زامانقۇلغا جىلۋە بىلەن كۆز تاشلايتتى-دە،
شوخ قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالاتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر پارقى-
رايتتى. ئۇنىڭ ئالمىدەك يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ، گۈزەللىشىپ
كەتكەنىدى. زامانقۇل كۆك يوللۇق قەلەمى يەكتەك ئۈستىدىن
گۈللۈك شايى بەلباغ باغلىغان، بېشىدا يېڭى بادام دوپپا، ئۇنىڭ
قارا كۆن ئۆتۈك كىيگەن پۇتلىرى گويا يەرگە تەگمىگەندەك يېنىك
ئوينايتتى، قويۇق قارا قاشلىرى ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى يېپىپ
تۇرغان قارا كۆزىنى ئۈزمەي ماھىگۈلگە تەلمۈرەتتى ۋە قۇچىقىنى
كەڭ ئېچىپ ماھىگۈلنىڭ چۆرىسىدە ئايلىناتتى. قىز-يىگىتلەرنىڭ
ئۇلارغا مەسلىكى كېلىپ ۋارقىرىشاتتى، ئوسۇلغا تەڭكەش قىلىپ
ناخشا ئېيتىشاتتى. كېيىن، ماھىگۈل بىلەن زامانقۇلنىڭ تارتقىنى

بىلەن ئۇلارمۇ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى...

ئويۇن راسا قىزىغاندا ھېلىقى شاپ بۇرۇت ئون نەچچە لوكچەكنى باشلاپ كىرىپ، بارغانچە ماھىگۈلنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى، ئويۇن توختاپ، ئويۇنچىلار ھودۇقۇپ قالدى.

— قولۇڭنى تارت، — دېدى زامانقۇل ماھىگۈلنى يېنىغا تارتىپ، — نېمە قىلماقچىسەن؟

— بۇ گۈزەل ئوردۇغا بارىدۇ، — شاپ بۇرۇت ماھىگۈلنى يەنە قولىدىن تۇتۇپ تارتتى.

زامانقۇل كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرغانىدى، شاپ بۇرۇت تىكە موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ قوپۇپ بۇرنىنىڭ قېنىنى سۈرتۈپ ۋارقىرىدى:

— ئۇرۇڭلار بۇنى!

شاپ بۇرۇتنىڭ ئادەملىرى زامانقۇلغا ياماشتى. زامانقۇل ئىككىسىنى ئۇرۇپ يىقىتتى. يىگىتلەر بۇلاڭچىلارغا ئېتىلدى، ماھىگۈل بىر چەتتە توپلىنىپ قورقۇپ تۇرغان قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. قاتتىق ئېلىشىش بولۇپ، بۇلاڭچىلاردىن ئۈچى يىقىلدى. يىگىتلەر يارىلىنىپ ھالسىزلاندى. بۇلاڭچىلار زامانقۇلنى تۇتۇپ باراڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويدى-دە، ماھىگۈلنى قىزلار ئىچىدىن بۇلاپ، بىر ئاق كىگىزگە ئوراپ كۆتۈرۈپ ماڭدى، كىگىز ئىچىدە ماھىگۈلنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. زامانقۇل "ماھىگۈل!!!" دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى. قىزلار يىغلاشتى، يىگىتلەر غەزەپلەندى...

ماھىگۈلنى بىر ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋېتىپ، تاشقىرىدىن ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئۇ كىرسە ئون-ئون بەش قىز قورقۇپ شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بېرىپ بىر چەتكە ئۆزىنى تاشلاپ تازا ھۆركىرەپ

يغلىدى، شۇنچىلىك جىق يىغلىدىكى، يىغلاپ ئاۋازى چىقماي قالدى. ئۇ ئىسەدەپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭدىن يېشى چوڭراق بىر قىز كېلىپ جوۋۇتتى:

— بولدى دوستۇم، يىغلىما. بىز يىغلاپ-يىغلاپ ھاردۇق، يېشىمىز تۈگەپ بولدى. تېخى كۆرىدىغىنىمىز بارغا ئوخشايدۇ. ئۆزىمىزنى ساقلايلۇق.

ماھىگۈل يەنە ئىسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئانامنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ ئىسىت، ئانام خاراب بولدى، تويۇم ۋەيران بولدى. ۋاي زامانقۇل، بىچارەم، مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئەجەبمۇ تاياق يەپ كەتتىڭغۇ! بۇ دەردلەرگە قانداقمۇ چىداي-مەن! — ئۇ پۈتۈك ئاۋازدا خىرقىراپ يىغلىدى. ئولتۇرغان قىزلار كۆز يېشى قىلدى. يەنە ئىككى قىز كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— بىزنىڭ دەردلىرىمىزمۇ سېنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دېدى ھېلىقى يېشى چوڭراق قىز، — سەۋر قىلغىن، خۇدايىم بۇ جوۋاينە-مەكلەرنىڭ جاجىسىنى بېرەر، بىر كۈن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قىزلارنى ئۈستى پالاس بىلەن يېپىلغان ئېگىز چاقلىق ئىككى ھارۋىغا بېسىپ قەيەرگىدۇ ئېلىپ ماڭدى. بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىر چوڭ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، كاتتا بىر بىنانىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، بىر چوڭ ئۆيگە كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى يېپىپ قويىدى. بىرھازادىن كېيىن چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— يىغلاپ كۆزلىرىڭلار قۇرۇپ كەتكەندۇ قىزلىرىم؟ — دېدى چارباش ئايال يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — مەنمۇ قىز ۋاقتىمدا سىلەردەك بىرقانچە كۈن يىغلىغان. نېمە چارە بار؟ سىلەر قەيەرگە كېلىپ

قالدىڭلار، بىلەمسىلەر؟

قىزلاردىن ئۈن چىقمىدى. ھەممىسى ئايالغا ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار گەپ قىلىشتىن قورقاتتى. بىراق بۇ ئايالنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل مېھرىبانلىق سېزىلىپ ھاياتىدىن ئۈمىدلەنگەندەك قىلاتتى.

— سىلەر سەمەرقەنت شەھرىگە كەلدىڭلار. بۇ جاينى "ئوردۇ" دەيدۇ. كاتتا پادىشاھنىڭ ئوردۇسى، — دېدى چارباش ئايال ۋە ئىشىككە قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بۇنىڭ ئىچىدە ھەممە بالايى بەتتەر بار. بۇ يەر شاھلارغا جەننەت، غېرىپلارغا دوزاخ، — ئۇ قورقۇپ سەسكەنگەن قىزلارغا قارىدى، — قورقماڭلار، سىلەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئۇسۇل ئوينىتىدۇ، ناخشا ئېيتقۇزىدۇ، يەنە... ئۇنىڭدىن باشقا بېشىڭلارغا قانداق كۈلپەتلەر كېلىشىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ... ھە، قورقماڭلار، يۇرۇڭلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار.

چارباش ئايال قىزلارنى باشلاپ مېڭىپ گۈمبەزدەك بىر جايغا كىرگۈزۈپ:

— بۇ يەرنى "ھاممام" دەيدۇ. يۇيۇنۇپ، تارىنىپ چىقىڭلار، مەن كېيىن كېلىمەن، — دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

قىزلار نەگە بېرىشلىرىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ دالاندا تۇرۇشاتتى. "ما ياققا مېڭىشسىلا، خانىلىرىم" دېگەن ئاۋاز ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. دالاننىڭ نېرىسىدىن بەستى يوغان، سېمىز بىر ئايال كېلىۋاتاتتى.

— قېنى مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭلار، — دېدى سېمىز ئايال ۋە قىزلارنى باشلاپ بىر چاسا ئۆيگە ئېلىپ كىردى، — مانا مەشەدە كىيىملىرىڭلارنى يېشىپ، ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ يۇيۇنسىلەر. ئۇ يەردە، سۇ، سوپۇن ھەممىسى بار. قېنى كىيىملىرىڭلارنى يېشىڭلار.

قىزلار نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىر-بىرىگە سوئاللىق قارىشاتتى، قورقۇپ ئەنلىرى جۇغۇلدايتتى. ئۇلار چەكچىيىپ، دۈغدىيىشىپ تۇرۇشاتتى.

— كېيىملىرىڭنى يەش دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى سېمىز ئايال.

قىزلار چۆچۈپ تىترەپ سېمىز ئايالغا قاراشتى، ئۇ بىلەكلىرى شۇمدەكلەنگەن قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قورقۇنچلۇق ئىدى. كېيىنگە كىرمىسە ئۇرۇپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. قىزلار كېيىملىرىنى يېشىشكە باشلىدى. ماھىگۈل تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ئىچىدە كېيگەن تويلۇق كېيىملىرىنى ئېغىر قايغۇ ۋە قورقۇنچ ئىچىدە بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ يەشمەكتە. قىزلار ئىشتانچاق بولۇپ "ئەمدى بولار" دەپ مەيدىلىرىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ سېمىز ئايالغا قاراپ تۇرۇشتى، "ئىشتان، ئىشتان!" دەپ ۋارقىرىدى سېمىز ئايال. قىزلار ئىلاجسىز ئىشتانلىرىنىمۇ سالدى. بىر توپ يالىڭاچ قىز دۈغدىيىشىپ ھامماغا كىرىپ كەتتى. "ئاھ بىچارە قىزلار، خۇددى نارىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقلارغا ئوخشايدۇ..." دېدى سېمىز ئايال يالىڭاچ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە.

قىزلار يۇيۇنۇپ چىقىپ كېيىملىرىنى كېيىشكە ئالدىرىغانىدى، بىراق كېيىملىرى يوق. ئاشخۇچە سېمىز ئايال بىر بوپا كۆتۈرۈپ كىردى. بوپىنى ئېچىپ قىزلارغا كىيىم ئۈلەشتۈردى. بىر قىزغا بىردىن ئەتلەس ئىشتان-كۆڭلەك، بىر ئاق ئىچ كۆڭلەك، بىر جۈپتىن قىزىل كۆن ئۆتۈك ئۈلەشتۈردى. قىزلار ئىككىلىنىپ كىيىملەرنى كىيمەي تۇرۇشتى. "مېنىڭ كېيىملىرىم" دېدى ماھىگۈل ئۇھ تارتىپ. "ئەمدى سېنىڭ كېيىملىرىڭ مۇشۇ" دېدى ئايال. "ئۇ كېيىملىرىم...

ئۇنى ئۇ ئېلىپ بەرگەنىدى. تويلۇق..." دېدى ماھىگۈل پەس ئاۋاز بىلەن ئىزا تارتىپ. "ھە، توي ئۈستىدىن كەپتىكەنمەن-دە؟ ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. ماۋۇ كىيىملەرنى كىيىۋەر" دېدى سېرىز ئايال ناگولا ھالەتتە كىيىم كىيىۋاتقان ماھىگۈلگە قاراپ تۇرۇپ، كېيىن بېشىنى بۇراپ كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

قىزلار ئەمدى كىيىملىرىنى كىيىپ بولغانىدى، چارباش ئايال كىرىپ كەلدى.

— مېنىڭ ئارقامدىن يۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ ۋە قىزلارنى باشلاپ تاشقىرىغا ماڭدى.

قىزلار ئوردۇ ھەرەمىدىكى بىرنەچچە يۈز قىز-چوكانلار ئارىسىغا تاشلاندى.

ماھىگۈل خېلى ۋاقىتلارغىچە قايغۇ-ھەسرەت بىلەن ئېغىر كۈن-لەرنى ئۆتكۈزدى. بۇنداق ھەسرەتلىك قىزلار ئاز ئەمەس ئىدى. خۇش ئاۋاز، شوخ قىزلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار خالىي جاي تاپقاندا، ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، ياش تۆكۈپ كۆڭلىنى بوشىتاتتى. ماھىگۈل گۈلجاھان دېگەن ئاشۇنداق بىر دەردمەن قىز بىلەن تونۇشۇپ ئاداش بولۇۋالدى. ئىككىسى مۇڭدىشاتتى، بىللە ناخشا ئېيتاتتى، گايىدا شېرىن كۈنلىرىنى سۆز-لەپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىككىسى ئوردۇ ئارقا بېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كىچىك بوستانلىقتا ماھىگۈلنىڭ "دەردمەن" دېگەن ناخشىسىنى بىللە ئېيتىپ ئولتۇراتتى. زىل-بوم پىغانلىق ئاۋازلار باغدىكى قىزلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، قىزلار بۇ ياققا توپلاندى. ئۇلار پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ كېلىپ ئىككە-

ـسىگە تۇيدۇرماي بوستان ئەتراپىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇشتى. ناخشىغا مۇڭلىنىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشتى. "دەردـمەن"نىڭ پىغانلىق ئاھاڭى قىزلارنىڭ ئورتاق ھەسرەتلىرىنى قوزـغايتتى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى شېرىن ئارزۇلىرىنى ۋە ھازىرقى شۇم تەقدىرلىرىنى ئارمان بىلەن ئويلىشاتتى. دەردمەنلەرـنىڭ "دەردمەن" ناخشىسى جىمجىتلىق ئىچىدە باھارنىڭ كەچكى سۈزۈك ھاۋاسىنى يېرىپ لەرزان كۆتۈرۈلەتتى:

ئاھ! جۇدالىق ئايرىدى، ئايدەك يۈزۈڭگە قانمىدىم،
سۆيگۈدىن نۇر چاقنىغان ئۆتكۈر كۆزۈڭگە قانمىدىم.

قوشۇغۇڭ دەردمەن يۈرەكلەرگە بولار ئىدى شىپا،
خەستە كۆڭلۈمگە مەدەت شېرىن سۆزۈڭگە قانمىدىم.

ھەر زامان قويسام بېشىمنى قۇچىقىڭغا ئەركىلەپ،
جانىمە بەرگەن ئارام، شەربەت لېۋىڭگە قانمىدىم.

سەن مېنىڭ يانىمدا بولغاچ، يات ئىدى قورقۇش ماڭا،
شۇم رەقىبكە زۇلپىقار، چوغ يۈرىكىڭگە قانمىدىم.

دوست-يارانلار سېنىڭ سۆھبەتلىرىڭدىن شاد ئىدى،
دىلغا ئارام، بىباھا مايدەك تىلىڭگە قانمىدىم.

دوستقا دوست، دۈشمەنگە دۈشمەن ئاق كۆڭۈل مەردان ئىدىڭ،
ئەي زامانغۇل چىن ۋاپادار، ساپ دىلىڭغا قانمىدىم.

ناخشا ئاياغلاشقاندا، ماھىگۈل بىلەن گۈلجاھان مەكتەپلەردە دومىلاۋاتقان ياشلىرىنى تېخى ئېرتىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى، قەيەر-دىدۇ قىزلارنىڭ پىخىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كېيىن بىر قىزنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئاندىن قىزلار تەڭ يىغ-لاشتى. ئۇلار كەينىگە قاراپ، مېۋە دەرەخلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ يىغلىشىۋاتقان قىزلار يېنىغا بېرىپ، بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ ئۇزاق يىغلاشتى...

ئۇسۇلچىلار ئارىسىدا ماھىگۈل، ناخشىچىلار ئارىسىدا گۈلجاھان ھەممىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. بۇ ئىككىسىنى قىزلار ياخشى كۆرۈپ قالدى. پىرقىراپ ئۇلارنىڭ يانلىرىدىن كەتمەيتتى. بۇ مەسۇمە جانلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرلىرى قانداق بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەت بولمىسا كېرەك.

ئايلار، يىللار ئۆتتى. ماھىگۈلنىڭ يارا قەلبى ساقايماق تۇگۇل، يارىسى چوڭىيىۋەردى. ئوردۇغا كېلىپ بەش يىل ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئۇ باغدىن غەمكىن يېنىپ چىقىۋاتقاندا، ئاشخانا ھويلىسىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان بىر ئەر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ، يۈرىكى "قاتتىدە" قىلىپ ئارقىغا تارتقاندەك قىلدى ۋە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن "لاپ" قىلىپ زامانقۇلنىڭ سايىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدا مىختەك قېتىپ قالدى. "ئاھ! بۇ كىمدۇ؟ ئەجەب ئوخشاپ كەتتى... ياق، ئۇ ئەمەس، زامانقۇل بۇ يەردە نېمىش قىلسۇن..." ئۇ بېشىنى سىگايان ئېگىپ يەر ئاستىدىن ئوتۇن يېرىۋاتقان كىشىگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى. بىراق، نېمىشقىدۇ پۇتلىرى كەينىگە تارتاتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئارقىسىغا بىر قاراپ ئالدى-دە، ئاستا بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن ماھىگۈل ئاشخانىنىڭ ھويلىسىدىن تېز-تېز
ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولدى. بەزىدە ئوتتۇن يارىدىغان يىگىتنى كۆرەل-
مەي ناگولا قايتىپ كېلەتتى، بەزىدە ئۇچرىشاتتى. يەنە ئۇ يىگىت
زامانىۋىلىكىن دېسە، ساقال-بۇرۇتلىرى بار ئىدى، چىرايى چوڭراق
كۆرۈنىدۇ. قاپىقىنى سېلىپ پالتىنى ئۇرغاندا، ئوتتۇن چاراسلاپ
يېرىلىپ تۇرىدۇ. ئەمەسمىكىن دېسە، ئۇ توختاپ، بەللىرىنى تىكلەپ،
بەلبېغى بىلەن پېشانە تەرلىرىنى ئېرتقاندا، قاش كۆزلىرى بەك
ئوخشايدۇ، ئۇ "مانامەن" دەپ تۇرىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر
گەپ ئېچىپ بېقىش كېرەكمۇيا؟ ھەي بولمايدۇ. باشقىلار كۆرۈپ
قالسا، بالاغا قالىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر ئۇ بولمىسا، بىر يات
ياۋا ئادەمگە گەپ قىلىش ئۇيات ئەمەسمۇ! ماھىگۈل ھەر قېتىم
ئاشخانا ھويلىسىدىن ئۆتكەندە، ئاشۇنداق ئويلار بىلەن يىگىتكە
قايتا-قايتا قاراپ ئۆتەتتى، كۆزىنى ئۈزەلمەي كىرىپ كېتەتتى.
يىگىت بولسا، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى، قاپىقىنى تۈرۈپ گۈپۈلدى-
تىپ ئوتتۇن يېرىۋېرەتتى...

بىر كۈنى ماھىگۈل ئارقا باغدا، چىنار تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇرغاندا، ھېلىقى ھامامدىكى سېمىز ئايال كىرىپ كەلدى.

— ئەجەب خىيال بىلەن ئولتۇرىسەنغۇ ماھىگۈل؟ — دېدى ئۇ
سۇيا چېتىگە، ماھىگۈلنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، — سەن يېقىندىن
بۇيان تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ قالدىڭ. غەم ئۈستىگە غەم قوشۇلدىمۇ،
نېمە؟ كۆرۈنۈشى قوپال، كۆڭلى يۇمشاق بۇ خوتۇن گايىدا ۋارقىراپ
قوياتتى، گايىدا يۇمشاپ قىزلارغا مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى
ھامامدا خاپا قىلماي يۇيۇندۇرۇپ چىقىراتتى. ئۇ ماھىگۈلگە بۆلەكچە
مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر-ئىككى قېتىم ماھىگۈلنىڭ

مەڭزىدىكى ياشلىرىنى ئېرتىپ، بېشىنى سىلىغانىدى. ماھىگۈلمۇ ئۇنى ئوردۇ ئىچىدە بىردىنبىر شەپقەتلىك ھېسابلاپ ياخشى كۆرەتتى. بۈگۈن خىيال قىلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا "سېمىز ئاپامغا ئېيتىپ باقايمۇيا؟" دېگەن ئوي كەلگەنىدى. ئۇ خۇددا يەتكۈزگەندەك مانا مەن دەپ كىرىپ كەلسە بولامدىغان، ماھىگۈل ئۇنى كۆرۈپ تولۇپ تېشىپ تۇرغان ئۆپكىسىنى باسالمىدى، بۇقۇلداپ يىغلاپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى.

— نېمە دەردىڭ بار قىزىم؟ ئېيتقىنا، بەلكى مەن ياردەم قىلالارمەن، — دېدى سېمىز ئايال ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ جۇۋۇتۇپ.

ماھىگۈل ئاستا يىغىسىنى توختىتىپ، ئېسەدەپ رومىلىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئاشخانا ھويلىسىدا ئوتۇن ياردىغان بىر يىگىت بار. ئاشۇ يىگىت...

— ھە، شۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپسەن-دە؟

— ياق، ئۇ ئادەم زامانقۇلغا بەك ئوخشايدۇ. بىلگىم كېلىدۇ، كۆڭلۈم تارتىپلا بولمايدۇ.

— ھە، شۇنداق دېگىن، ئېرىم زامانقۇلمىدۇ، دەمسەن؟ ئۇنىمۇ دەپ بولمايدۇ، قىزىم. سەن غەم قىلما. مەن بىلىپ باقاي.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەچقۇرۇن ھەرەم قىزلىرى ھاممامغا بارغانىدى. سېمىز ئايال ماھىگۈلنى ئىملاپ دالاندا ئېلىپ قالدى. قىزلار كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى باشلاپ ھاممامنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر كىچىك ئىشىكتىن كىرگۈزۈپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى تېشىدىن ئېلىپ قويدى. ماھىگۈل يېرىم قاراڭغۇ ئۆيدە بىر كىشىنىڭ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ ئىشەنمەي كۆزلە-

رىنى ئۇۋۇلاپ ياخشى قارىغانىدى، ئالدىدا ئوتتۇن يارغۇچى ئادەم كېلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتقۇسى كەلدى. لېكىن، پېتىنالمىدى.

— تونىمىدىڭمۇ ماھىگۈل؟ — دەپ كۈلۈپ قوللىرىنى سوزدى ئوتتۇنچى.

— ئاھ جېنىم، زامانقۇل، — دېدى ماھىگۈل ۋە ئۆزىنى زامانقۇلغا ئاتتى. ئۇ زامانقۇلنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. زامانقۇل ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، بېشىنى سىلايتتى...

ئۇلار تام تۈۋىدىكى پالاس سېلىنغان سۇپىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ماھىگۈل گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئۇ يەر-بۇ يەردىن سۆزلەيتتى. زامانقۇل بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئايرىلىپ، بىر يىلغا يەتمەي ئۇنى نەۋكەرلىككە تۇتۇپ كېتىپتۇ. سەمەرقەنتكە يېقىن بىر جايدا ئۈچ يىل نەۋكەر بوپتۇ. كېيىن ئالدىنقى يىلى بىرنەچچە ياش نەۋكەرلەرنى تاللاپ مۇشۇ ئوردىغا ئىشقا سېتىپتۇ. ئۇنى ئاشخانىغا بۆلگەنىكەن، كۈچى بار دەپ، ئوتتۇن يارغىلى سېلىپتۇ...

ئۇلار سۆزلەشتى، بىر-بىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشتى، سۆيۈشتى، قۇچاقلاشقان پېتى سۇپىغا سوزۇلۇپ بىر-بىرىگە چىرماشتى... نىكاھتىن كېيىن مۇرادىغا يەتمەي كالتەك-ئەلەم بىلەن ئايرىلغان ياش يۈرەكلەر قوشۇلۇپ كەتتى...

تاشقىرىدىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرى شاراقلىدى ۋە "قىزلار، يۈيۈنۈپ بولاي دېدى، ماھىگۈل، چىق ئەمدى" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئامال تېپىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ۋەدىلىشىپ، قېنىشمىغان ياش يۈرەكلەر ئىلاجسىز ئايرىلىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ماھىگۈل زامانىگۈل بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئاشخانا ھويلىسىدا ئۇ كۆرۈنمىدى. ماھىگۈل ئىزدىدى، زارلىدى. "دەردمەن" ناخشىسى ئۇلغايدى. ئۇنىڭ سىرداش دوستى گۈل-جاھانىڭ جۇۋۇتۇشلىرىمۇ ئۇنىڭ يۈرەك يارىلىرىغا داۋا بولالمىدى...

ئۈچ-تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەرەمخانىدا — ھەرەم قارۇغ-چىلىرى ئارىسىدا كۆزلىرى زامانىگۈلنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى يوق، ئاۋازى ئىنچىكىرەك چىقاتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ گۈلجاھانغا ئېيتتى، گۈلجاھان "شۇ بولمىسۇن يەنە، ئۆزگىرىپ قالغاندۇ، بەلكىم" دېدى. ماھىگۈل ھەرەمخانىغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ھەرەم قارۇغچىلىرىغا ھەيران بولۇپ، گۈلجاھاندىن سورىغاندا، ئۇ "ئەر كىشىنى پىچۇەتسە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كۆردىڭمۇ، بۇ يەردىكى ھەرەم قارۇغچىلىرىنىڭ ھەممىسى "ئەر كىشىگە ئوخشىماي ئۆزگىرىپ قالغان" دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. "پىچىدۇ، دېگىنىڭ نېمىسى؟" دەپ ھەيران بولۇپ سورىغاندا، گۈلجاھان: "ئەركەك ئاتلارنىڭ ئىچىدە ئايغىرى، ئاختىسى بولىدىغۇ، بۇلار ئاشۇنداق ئاختا قىلىنغان ئادەم-لەر، بولمىسا ئەرلەرنى بۇ يەرگە كىرگۈزەتتىمۇ؟" دېگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ماھىگۈل ھەرەم قارۇغچىلىرىغا سەپسالاتتى. ئوردۇ ئىچىدىكى "ھەرەمخانا" دەپ ئاتالغان بۇ ھويلىدا پەنجىرىلىرى ئارقا باغقا قارىتىپ سېلىنغان بىر بىنا بار ئىدى. قىز كېنىزەكلەر، ئۇسۇل-ناخشىچى قىز-چوكانلار مەشەدە تۇراتتى. بۇ بىنادا ياتاق ئۆيلىرىدىن باشقا ياسىنىش ئۆيلىرى، مەشق قىلىش ئۆيلىرى بار ئىدى. چارباش ئايال مۇشۇ بىنانىڭ بىر چوڭراق ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئون نەچچە ئەر كىشى ئاشخانىدا ئىش-

لەيتتى. بىنانىڭ تازىلىقىنى قىلاتتى، تاماق، سۇ توشۇيتتى. ئۇلار تاۋاق، چېلەك ياكى ئاپتۇۋا-چىلاپچى كۆتۈرۈپ يەرگە قاراپ باشلىرىنى سىلىپ ماڭاتتى. ئايالغا قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋازى ئاياللارنىڭكىگە يېقىن چىقىدىغان كوسا ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ مەنىلىك كۆزلىرىدىن ئەلەم ۋە غەزەپ سېزىلىپ تۇراتتى. مانا بۇلار گۈلجاھان ئېيتقان پىچىپ تاشلانغان "ئاختا ھەرەم قاراۋغۇچىلىرى" ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا زامانقۇلنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ماھگۈلگە بەك دەھشەتلىك تۇيۇلدى. ئۇ باشلىرى قېيىپ، ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلاپ، كۆز يۇمماي تورۇسقا قاراپ ئۇزاق ياتتى...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ماھگۈل يەنە ئاشۇ سېمىز ئايالنىڭ ئۆيىدە زامانقۇل بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىش ھەم كۆڭۈللۈك ھەم ئېچىنىشلىق بولدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. بولۇپمۇ زامانقۇل ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئارمان بىلەن ئىچ-ئىچىدىن قايناپ يىغلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر خوتۇنى ھەم دوستىنى قۇچاقلاپ يۈز-كۆزلىرىگە تويماي سۆيەتتى. سۆيگەچ يىغلايتتى، يىغلاپ سۆيەتتى. بىراق، ئىلاجى قانچە؟ ئەمدى ئۇنىڭ قولىدىن سۆيۈشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. ماھگۈل ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى. يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىنى جۇۋۇتتى. "ھېچقىسى يوق جېنىم، ماڭا قارا، يىغلىما، بىر ئامان بولساقلا بولادى..." دەيتتى ئۇ زامانقۇلنىڭ بېشىنى ئېرىتىپ، ئەركلىتىپ. ئۇلار يىغا-زارى بىلەن خوشلاشتى. ماھگۈل ئاۋال ئۆيدىن چىقتى...

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماھگۈل زامانقۇل بىلەن ھەرەم ھويلىسىدا، تاماقخانىدا ئۇچرىشىپ تۇردى. بىراق بۇ ئۇچرىشىشلار، ئارمانلىق

كۆزلەرنىڭ غەمكىن ئۇچرىشىشلىرى بولۇپ تۈگەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەربىر ئۇچراشقاندا، سوغۇق كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى. خالىي يەردە ئۇلار يىغلاپ-يىغلاپ كۆڭلىنى بوشىتاتتى.

يىغلاش كىشىگە بەك ئېچىنىشلىق ئىش. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ دەردكە تولغان كۆڭلىنى خېلى بوشىتىپ قويىدۇ، دۇنيادا ھەر خىل ئادەملەر بولىدۇ، گايى ئادەملەر ھېچنىمىدىن ھېچنېمە يوق ھاپىلا-شاپىلا پوتلا-مىشقىنى ئېقىتىپ يىغلايدۇ. گايى ھارامزادىلەر ياش چىقمىغان كۆزلىرىنى ئېرتىپ يالغان يىغلايدۇ. گايى ئادەملەرنىڭ باغرى قاتتىق كېلىدۇ، ئۇلار ھەتتا ئېغىر پاجىئەلىك ئىشلارنى كۆرسىمۇ بۇتقا ئوخشاش زۇۋان سۈرمەي قېتىپ تۇرىدۇ. گايى باغرى يۇمشاق، ۋىجدانلىق ئادەملەر بولىدۇ، بىراق ئۇلار يىغلىمايدۇ. كۆزىدىن ياش چىقىرىشنى چىدامسىزلىق، ئەخمەقلىق دەپ بىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ياخشى-يامان ھەر خىل ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشىغا ئەجەبلەنمەيدۇ، مۇقەررەر ھال دەپ قارايدۇ. ياخشىسىغا ئانچە كۈلۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ياخشىسىنىڭ يامان تەرىپىمۇ بولىدۇ. يامىنىغا يىغلاپمۇ كەتمەيدۇ، چۈنكى، يامان ئىش سەۋەبسىز بولمايدۇ. يىغلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. يىغلىغاندىن كۆرە، ئاۋال يىغلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق كىشىلەر، ئۆزلىرى ئېچىنىشلىق، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرگە ئۇچرىغاندا، كۆز يېشى قىلمايدۇ، قەلبىدىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ، ساۋاقىنى خۇلاسىلەيدۇ. باشقا كىشىلەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇ كۆز يېشى بىلەن ئەمەس، چىن قەلبىدىن ئېچىنىپ ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ياخشى پەزىلەتلىك ئادەم دېيىش كېرەك. لېكىن، ئادەمدىن زادى يىغلىمايدىغان بولۇش كېرەك دەپ تەلەپ قىلىشقا

بولمايدۇ. ئادەم ئۆمرىدە شۇنداق ئېغىر، ئېچىنىشلىق، دەردلىك، ئەلەملىك، يۈرىكىنى چىغان تېزىكەنلىرى بىلەن ئاتىلغاندەك ئازاپلايدىغان ئىشلارغا دۇچ كېلىپ قالىدۇكى، ئۇنداق ۋاقىتتا ھەرقانچە چوڭ ئادەممۇ يىغلىماي تۇرالمايدۇ. يىغلىمايمەن دېسىمۇ، ئۇ يۈرەك باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ياشنى تۇسيالمايدۇ، توسۇشقىمۇ ئىلاجى يوق. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى يىغلاڭغۇ دەپ ئەيىبلىسەك بولامدۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. يىغلاپ-يىغلاپ ئازراق بولسىمۇ يۈرىكىدىكى پىغانلارنى بوشىتىۋالسۇن!

ماھگۈلنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئىدى. يىپشى كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئەگىپ كەتمەيتتى. زامانقۇل بولسا يىغلىمايتتى. ئانىسى ئۆلگەندە بىرىنچى قېتىم كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار ئاراملىغانىدى. كېيىنكى ئېغىر سەرگۈزەشتلىرى ئۇنى تاۋلىدى. ئۇ دۇنيادىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىكلەرگە ياشلىق كۆزى بىلەن ئەمەس، غەزەپلىك ئۈتكۈر كۆزلىرى بىلەن ھومىيىپ قارايتتى. ئېغىر ئەلەملەردىن كېيىن، ماھگۈلنى سېمىز ئاپالنىڭ ئۆيىدە بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقاندىمۇ ئۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ قارشى ئالغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. ئانىسىنى سېغىنىپ تەلمۈرگەن بالىدەك ماھگۈلنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىدى. ئۇ سۆيگەن يارىدىن، يەنە كېلىپ توي ئۈستىدە ئايرىلدى، قەدىردان ئانىسىدىن ئايرىلدى. نەۋكەرلىككە تۇتۇلۇپ، تاياق-قامچا ئاستىدا بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئوردۇ ئاشخانىسىدا ھايۋاندەك ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىغا يىغلىمىدى. ماھگۈل بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ دەردلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى تۇسالمىدى. چۈنكى، ئەمدى ئۇ بارلىق

كىشىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلىش ئۈستىگە، ئەرلىك خوسۇسىيىتىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۆزىنىڭلا ئەمەس، قەدىردانى ماھىگۈلگە قاتتىق ئېچىناتتى. ئۇ ئەمدى يىغلاشقا ھەقلىق ئىدى. ئەمدى ئۇنى يىغلىغىنى دەپ ھەرگىز ئەيىبلىمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. ئۇ يىغلاپ ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋالسۇن.

ماھىگۈل بىلەن زامانقۇل ئېچىنىش بىلەن بىر-بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ، ئوردۇ ھەرەمخانىسىدا ئۇزاق يىللارنى ئۆتكۈزۈپ باشلىرىغا ئاق كىردى. ماھىگۈل "ۋاقىتلىق ئۆتتى" دەپ قاتاردىن چىقىرىلدى. ھەرەم باشلىقى چارباش ئايال قېرىپ ئوردۇ ھەرەمخانىسىدىن ئايرىلىشتا ماھىگۈلنى ئۆزىگە "ئىزباسار"لىققا كۆرسەتتى. ئوردۇ ئەمەلدارى ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىدىكى "گۈل" "بانۇ"غا ئالماشتۇرۇلدى. ئەمدى ھەرەم باشلىقى ماھىبانۇ ھەرەمخانىدىكى بىرنەچچە يۈز كېنىزەكلەرگە، ئۇسۇلچى-ناخشىچى قىز-خاتۇنلارغا باشچىلىق قىلىدۇ.

سەمىمىي، مېھرىبانلىقىدىن ھەرەمخانىدىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىدراكى ئوردۇ ئەمەلدارلىرىنى، ھەتتا پادىشاھنىمۇ قايىل قىلغانىدى. ئۇ ئۆزى ئەسلى ئۇسۇلچى بولغىنى ئۈچۈن، ئوردۇ ناخشا-ئۇسۇلچىلار ئۆمىكىنى بىۋاستە باشقۇراتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ مەنسۇرغا خېلى يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

ئېركەش ۋەزىر ماھىبانۇ بىلەن كېيىنرەك تونۇشتى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئېركەش ئۇنىڭغا غەمخورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ماھىبانۇ ئوردۇ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە بىرلا ئوبدان ئادەم، دەپ ئېركەش ۋەزىرنى ياخشى كۆرەتتى. ئىشخانىسىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ تۇراتتى. بەزى كۈنلىرى ئېركەشبەگ ئۇنى ئۆيىگە چاقىرتىپ

ئېلىپ بېرىپ ئۇزاق-ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. ئەمدى ئۇلار سىرداش بولۇپ قالدى. پادىشاھنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى توغرىسىدىمۇ سۆزلىشە-دىغان بولدى...

دېمەك، ماھىبانۇنىڭ پادشاھ مەنسۇر، باش ۋەزىر، سەردار ۋە ئوردۇ ئاغىسى بىلەن سۆزلەشكەن مەخپىي سىرلىرىنى ئېركەشبەگكە ئالدى-راپ بېرىپ ئېيتىشى ئۇشتۇمتۇت ئەمەس ئىدى.

زامانقۇلمۇ ئېركەشبەگنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۆيىنى تازىلاپ، چاي قويۇپ ئۇراتتى. ئۇمۇ ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنى ئېركەشبەگكە ئېيتىپ تۇرىدىغان بولدى.

ماھىبانۇنىڭ بۇ قېتىم يەتكۈزگەن خەۋىرى بەك مۇھىم ئىدى. ئېركەشبەگ ماھىبانۇنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى باشقىلار سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزى كەلمەي، ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى زامانقۇل ئارقىلىق يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشى مۇشۇ جەھەتتىن ئىدى.

* * *

ئېركەشبەگ ماھىبانۇدىن مۇھىم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاخشىمى ئۆزىنىڭ سىرداشلىرى بىلەن باش قوشتى. باش قوشۇشقا: سەمەرقەنت مەدرىسىسىنىڭ باش مۇدەررىسى داڭلىق ئۆلىما مەۋلانە بىن شەمشىدىن، بۇخارالىق مەشھۇر سودىگەر ئەبۇ ئەلىنىڭ قېيىن ئاغىسى ئابدۇل خالىق شايىچى ۋە "راۋاپچى قەلەندەر" قاتناشتى.

ئابدۇل خالىق شايىچى "راۋاپچى قەلەندەر"نى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ قەلەندەرنى ئۇ شەھەر كوچىلىرىدا جىق كۆرەتتى. "قەلەندەر" شايىچىغا: "ئامانمۇسىز باي ئاكا؟" دەپ يەر ئاستىدىن كۈلۈمسىرەپ قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرى كۆرگەن سىرلىق كۆز بىلەن

ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر قېتىم سەدىقە سوراپ كەلگەندە، شايىچغا "ئەسلى-نەسلىڭنى ئۇنتۇما، ئاللا ساڭا يار بولغاي!" دەپ دۇئا قىلغاندا، قەلەندەرنىڭ كۆزى ئاشۇنداق سىرلىق قارايتتى. ئۇ قاراش بىكار ئەمەسكەن-دە!

راۋاپچى قەلەندەر راستىنلا پارچە ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەل ئوغلىنىڭ يېقىن سەپدىشى، تاغلىقلار قوزغىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى ئىدى. بىراق، ئۇ تاغدا ئەمەس، باغدا، سامانىلار پادىشاھنىڭ يۈرىكى سەمەرقەنتتە يۈرۈپ قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلاتتى. شەھەردە بولسا ئۇنىڭ دوستلىرى جىق ئىدى، سازچى-قوشاقچىلار، تۆۋەن، ئوتتۇرا قاتلامدىكى مۆتىۋەر كىشىلەر، ياش ھەۋەسكار تالىپلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا ساقال-بۇرۇتلۇق قىياپىتى، ئۆتكۈر ناخشىسى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، كونا، قىزىل چەكمەن يەكتەك ئۈستىدىن كۆك بەلباغ باغلاپ، بېشىغا سالۋا تەلپەك ياكى كونا بۆك، پۇتىغا تېرە چورۇق كىيگەن، ئۈشنىسىگە ئالا خۇرجۇن ئارتىۋالغان بۇ "قەلەندەر" قولىدىن تاشلىمايدىغان خارىزىم راۋاپىنى چېلىپ ئىشتىياق بىلەن ناخشا ئېيتقاندا، كىشىلەر زوقلىنىپ ئاڭلايتتى. ئۇ ئېركەشبەگ بىلەن كونا دوست ئىدى. "سەدىقە تىلەپ" ئۆيىگە بېرىپ مۇڭدىشاتتى. مۇقەددەس مەۋلانە شەمسىدىن بىلەن ئېركەشبەگنىڭ ئۆيىدە تونۇشقاندا، مەۋلانە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل قالغانىدى. ئۇ شەھەردە ۋە جايلاردا بولۇۋاتقان مۇھىم، مەخپىي خەۋەرلەرنى دوستلىرى ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. بۇلتۇر ئەل ئوغلىنى دارنىڭ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشىغىمۇ مۇشۇ "قەلەندەر" باشچىلىق قىلغان. بىراق، ئۇنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھازىر ئەل ئوغلى ئۇنىڭغا ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرغا-

ئىدى؛ بىرى، ئوردۇدىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى بىلىپ تۇرۇش، يەنە بىرى، بۇغراخانلارنىڭ يۈرۈشىنى ئۇقۇپ خەۋەر قىلىپ تۇرۇش. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ مەنسۇرنىڭ قاماقخانىسىدىكى دوستلىرىنى ۋە ئەل ئوغلىنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنى قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسى بار ئىدى. كېيىنكى بۇ ۋەزىپىنى ئەل ئوغلى تاپشۇرمىغان. بۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم ۋەزىپىسى ئىدى. "قەلەندەر"نىڭ كۈيئوغلى ئەل ئوغلىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، بۇلتۇر سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى ئەل ئوغلىنى ئىزدەپ چىققاندا، خاتۇنى بىلەن ئىككىسىنى تۇتۇپ كەتكەن. "قەلەندەر" پەيتى كەلگەندە، بۇلارنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى.

مەۋلانا شەمسىدىن ئەل-يۇرت ئىشىغا قايغۇرىدىغان، مەنسۇرنىڭ ئىستىبداتىغا قارشى تۇرىدىغان ئەلسۆيەر، خەلقپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئالىم، مۇدەررىس. ئۇ يالغۇز ئىسلام دىنىدىنلا ئەمەس، ئەدەبىياتتىن، ئالجەبىردىن، تارىختىن دەرس بېرەتتى. ئۇنىڭ يەنە ئىلمى مەنتىقە، ئىلمى نۇجۇمدىن خېلى چوڭقۇر مەلۇماتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتلىك ئادەم ئىدى. مەنسۇر بىر ياقتىن ئۇنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىناتتى، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭ ئابرويىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ مۇتەئەسسىپ ئىشانلار سەدر ئەزەم ئابدۇل ۋاھىد ھەزرەت بىلەن شەيخ شاھاۋۇدۇن ئىشانلارنىڭ مەۋلانە شەمسىدىنگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىناتتى. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى سۈننىلەر مەزھىپىدە ئىدى. لېكىن، مەۋلانە شەمسىدىن سۈننىلەر ئىچىدىكى جاھىللاردىن پەرق قىلاتتى. سەدر ئەزەم بىلەن شەيخ شاھاۋۇدۇن بولسا مۇتەئەسسىپ ئىشانلار ئىدى. مەنسۇر ئىككى ئىشاننىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلاردىنمۇ پايدىلىناتتى.

ئابدۇل خالىق شايىچى — ئەسلى بۇخارالىق. ئەبۇ ئەلى ئەمىرنىڭ

قېيىن ئاتىسى، سەمەرقەنتتە ئەتلەس، شايىچىلىق دۇكىنى بار سودى-گەر. ئەبۇ ئەلنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭدا ئەلسۆيەر چۈشەنچە بىر قەدەر ئۆسۈپ قالغان. كېيىن ئەبۇ ئەلنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىركەشبەگ بىلەن تونۇشۇپ "سىرداشلار" قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. مەنسۇر ئاۋۋال-لىرى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، كېيىن گۇمانلانمايدىغان بولۇپ قالدى. يېقىندا ئەمىر ئەبۇ ئەلى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرۇن نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. مەنسۇر "خائىنلار" دېگەندە سەمەر-قەنتتە ئىركەشبەگ، مۇدەررىس مەۋلانە ۋە شايىچى ئابدۇل خالىقلارنى كۆزدە تۇتاتتى. "راۋاپچى قەلەندەر"نى ئۇ بىلمەيتتى.

سىرداشلار بۇ قېتىمقى باش قوشۇشتا خېلى ئۇزاق، جىددىي سۆزلەشتى. ئاخىرىدا مەۋلانە شەمشىدىن مۇنداق دېدى:

— "ئۆششۈك ھەرىسى ئاچچىق چاقىدۇ". مەنسۇرنىڭ تەختى لىكشىپ قالدى. ئۇ تەختنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزى خالىغان ھەرقانداق يامان ئىشتىن يانمايدۇ. "بىزگە ئارغامچىنى ئۇزۇن قويغان" ئىكەن، بىز بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز لازىم. ئەلنى داۋاملىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، مەنسۇرنى ئىسكەنجىگە ئېلىش كېرەك. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۇنۇملۇك ياردەم قىلايلۇق. بۇغرا-خانغا ۋە ئارسلانبەگكە ئادەم چاپقۇزۇپ مەنسۇرنىڭ قەستىدىن خەۋەردار قىلىش لازىم. ئەمىر ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېگىنگە خەۋەر قىلايلۇق، ئالدانمىسۇن. ئەل ئوغلى زەربە بېرىشنى كۈچەيتە-سۇن. ئالدىدىن چوڭ قوشۇن كەلسە، ئوڭ-سولدىن، ئارقىدىن قىلىچ ئۇرۇلسا، مەنسۇر قانچە قىلغان بىلەنمۇ، تەختنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

— رەقىبىنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بولسىمۇ، يەنە چەكلىك، —

دېدى ئېركەش ۋەزىر، — ئۇششۇك ھەربىرىنىڭ زەھرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋاقتى كەلگەندە يوشۇرۇنىدىغان بىر ئۇۋا تەييارلاپ قويىدۇ، دەيمەن. مەنسۇر مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا ھەر بالادىن بالىمايدۇ. قاماقتىكى بۇرادەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ ئىش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز، ئەلۋەتتە، — ئۇ «قەلەندەر»گە قاراپ قويىدى. قەلەندەر بېشىنى ئەگدى، — جانابىي مەۋلانىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە دەرھال ئىشقا كىرىشەيلى. جىقراق باش قوشۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

سىرداشلار بۇداقى باش قوشۇشنى تۈگىتىپ، جىدەللەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

* * *

نۇھ II مەنسۇر جىددىي كېڭەش ئاچتى. ئوردىنىڭ كېڭەش سارىيىدا ۋەزىر-ۋۇزرالار، ئوردۇ ئەربابلىرى مەنسۇرنى كۈتۈپ ئەندىشىلىك ئولتۇرۇشاتتى. يېقىندىن بۇيان مەنسۇر خاپىغان بولۇپ قالغان. ئۇ باشقىلارغا ئاسانلا ئازار بېرەتتى، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلايتتى، ھەتتا غەزىپى كەلگەندە جاللاتقىمۇ تاپشۇراتتى. قىلچىدىن قان يۇراپ تۇرغان غەزەپلىك «پادىشاھى ئالەم»دىن ئۇلار قانداقىمۇ قورقمىسۇن؟!

ئەنە ئىشىك ئېچىلىپ ئۈچكىرىدىن شاھانە تاج، سەرپايلار كىيگەن مەنسۇر قاتتىق دەسسەپ، سۈرلۈك كىرىپ كەلدى. سارايدىكىلەر «گۇر» قىلىپ قوپۇپ، ئۇنىڭغا تازىم قىلىشتى. مەنسۇر تەخت ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئىلاھا ئامىن! — دېدى سەدر ئەزەم، باشقىلار قول كۆتەردى، — ئاللاھۇ تابارەك ۋە تائالا ئۇلۇغ شاھەنشاھىمىز سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، مۇھەممەد

مۇستافا سەللاھۇ ئەلەيھىسسالام مەدەتكار بولغاي، ئاللاھۇئەكبەر! — ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەممەيلەن يۈز-ساقاللىرىنى سىلىدى.

مەنسۇر باشقىلارنى ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلىپ تەختكە ئولتۇردى. ۋەزىر-ۋۇزرالار ئوڭ-سول ياقتا قاتار تىزىلغان ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشتى. ئوڭ قولدا: باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم سامانى، سەدر ئەزەم ئابدۇل ۋاھىد ھەزرەت، ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللا، شەيخ شاھاۋۇدۇن ئىشان ۋەباشقىلار. سول ياقتا: سەردار ئەبۇ ئىبراھىم بىن ئىسمائىل، مۇدەررىس مەۋلانە، خەزىنىچى ئېركەشبەگ، قازى كالان سالاھىددىن بىن غىياسىددىن ۋە باشقىلار، ئىككى ياقتا ئالتىدىن ئون ئىككى كىشى ئولتۇرۇشتى.

مەنسۇر قاپىقىنى سىلىپ، كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، ئولتۇرغانلارغا سىناق نەزىرى بىلەن بىر قاراپ چىقتى. ۋەزىرلار ھودۇقۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى. يالغۇز مۇدەررىس مەۋلانە ئۇنىڭغا تىكىلگەنچە قاراپ تۇردى. ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە مەنىلىك قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەنسۇرنىڭ كۆزى يۈتكىلىپ كەتتى.

— ئەل بېشىغا ئاپەت كەلدى، ئەربابلار، — دېدى مەنسۇر يوغان ئاۋاز بىلەن غودۇڭشىپ، — ئاپەتتىن قورقماسلىق كېرەك، ئەمما، ئۇنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. قاراخانىلارنىڭ كاتتىبېشى سۇتۇق بۇغرا دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىگە كىردى. بىز ئۇنىڭ ئالغا بېسىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز. خەۋپلىك دۈشمەننى كەلگەن ئورنىدا مىجىپ تاشلايلىۋقكى، ئۇ قەددىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولسۇن. ئەمما، بىز بىغەم ياتساق، دۈشمەن ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كەتمەيدۇ. تەدبىر-چارە كېرەك، ئۇنى ئورۇپ قايتۇرۇش كېرەك. لەشكىرىي تەدبىر توغرىسىدا سەردار ئەبۇ ئىبراھىم سۆز قىلسۇن.

— بىرىنچى سەپتە بىز مەغلۇپ بولدۇق، بۇنى يوشۇرمايمىز، — دېدى ئەبۇ ئىبراھىم ئورنىدىن قوپۇپ، — ئەمما، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى سېپىمىز مۇستەھكەم. شاش، پەرغانە، قوقەنتتە تۇرۇشلۇق باتۇر لەشكەرلىرىمىز دۈشمەننى تارمار قىلىشقا تەييار تۇرماقتا. دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرسەن، ئۆزەڭمۇ ئاجىزلىشىسەن، لەشكىرىي كۈچىنى تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن دەرھال ئەللىك مىڭ لەشكەر ئېلىپ، بىر ئاي ئىچىدە سەپكە تىزىشنى تەكلىپ قىلىمەن، — ئۇ ھەشەمەتلىك سەردار كىيىمىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ غادىيىپ ئولتۇردى.

ئەربابلار بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى. بەزىلىرى غودۇڭشىدى.

— ئەللىك مىڭ لەشكەر ئېلىش، يەنە كېلىپ بىر ئايدا، ئاسان بولماس سەردار؟ — دېدى سەدر ئەزەم كۆلىسىنىڭ ئۇچى ئۈزۈن چىقىپ تۇرغان چوڭ سەللىلىك بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭدىن كېيىن لەشكەر كۆپەيسە بېقىش كېرەك. ئەلگە يۈك كۆپىيىپ كەتمەسمىكىن.

— يۈك ئېغىر بولغانچە، پۇت تىرەش كۈچىيىدۇ، — دېدى مەۋلانە مۇدەررىس خاتىرجەم ھالدا.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى مەنسۇر ۋە مەۋلانىگە قارشىلار ئەبۇ ئىبراھىمنى قوللاش، دەپ چۈشەندى ۋە ھەيران قالدى. باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم سامانى ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلدى.

— سۆزلىرى ئۇچۇقراق بولسىدى، جانابىي مەۋلانە، — دېدى ئۇ كىنايىلىك ئاۋاز بىلەن.

— مېنىڭ سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەلنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، لەشكىرىي كۈچىنى ئۇلغايتىشقا قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىگە ئوچۇق بولسا كېرەك، باش ۋەزىر جانابلىرى، — مەۋلانە يەر ئاستىدىن سەدر

ئەزەمگە قاراپ قويدى.

— دېمەك، مەن دۈشمەنگە قارشى تەدبىرگە قوشۇلمايدىكەنمەن-دە، مۇدەررىس مەۋلانە؟ — دېدى ئىشان سەدر ئەزەم ئۇزۇن ئاق ساقىلىنى تىترىتىپ، — بۇ ماڭا ھاقارەت!

— باغداد خەلىپەمىزنىڭ مۇخلىسى، دىنىي پېشۋايىمىز جانابىي سەدر ئەزەمگە ھاقارەت قىلىشقا يول قويمايمىز، — دېدى شەيخ شاھاۋۇدۇن ئىشان ئۇزۇن ئۈچكە ساقاللىرىنى تىترىتىپ.

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دانا تەدبىرىگە قارشى بولۇشقا يول قويۇشقا بولىدىكەن-دە، جانابىي شەيخ؟ — دېدى ئېركەش ۋەزىر زەردە بىلەن.

شەيخ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تېرىكىپ قوپتى-دە، ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدى. نېمىشقا سەدر ئەزەمنى قوللاپ، مەۋلانىگە قارشى بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

"قىزىق ئىش، — ئويلىدى مەنسۇر، — بۇ ئىككى تەرەپ بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن تەتۈر چىقتى. بۇنىڭ ئاستىدا گەپ بار..." باش ۋەزىرمۇ ئويلايتتى: "بىزنىڭ ئەخمەق ئىشانلىرىمىز نادانلىق قىلىمەن دەپ، نادانلارنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قالدى. ئىلاجىڭ يوق، قوللىغۇچىلارنى قوللاش، قارشى بولغانلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە..."

باش ۋەزىر مەنسۇر بىلەن يەر ئاستىدىن قارىشىۋالدى.

— مەۋلانە ھەزرىتىمنىڭ دۆلەتنى ھىمايە قىلىش ئىرادىلىرىنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، — دېدى ئۇ ھەزرىتىمگە قاراپ يالغان كۈلۈپ، — سەدر ئەزەمنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرىنى تونۇشىمىز كېرەك.

ئەلگە ئېغىرچىلىق بولۇپ قالمىسۇن، دېمەكچى بولسا كېرەك، ئېيتمالىم.

— شۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، — ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سۆزلىدى شەيخ شاھاۋۇدۇن، — سەدر ئەزەم جانابلىرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا دائىم تەييار ئىكەنلىكىمىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ بىز ئىبادەت-تىلاۋەت بىلەن غازات قىلىشقا خەلقنى تەييارلايمىز.

— ئىشانلىق بىلەن غازات قىلغىلى بولمايدۇ جانابىي شەيخ، — دېدى مەۋلانە ھەزرەت نارازى قىياپەتتە، — سىلەر تەرغىپ قىلغان مۇنداق بىدئەت قىلىقلار رەسۇلۇللانىڭ ئىرادىلىرىگە خىلاپ.

سەدر ئەزەم ئولتۇرالماي قالدى. بولۇپمۇ، ئىشانلىقنى "بىدئەت قىلىق" دېيىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى بولغاي، ئۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئۈمەللەپ دېدى:

— مەۋلانە ھەزرەت، بىز ھەممىمىز ئەھلى مۇسۇلمانلاردىنمىز، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش، ئاللاغا يېتىش ئۈچۈن تەرىقەت يولىدا جان تىكىپ ئىبادەت قىلىشنى "بىدئەت" دېيىشىڭىز ئۆزى رەسۇ-لۇللانىڭ نەبىرىلىرى بولغان ئابدۇقادىر شەيخ جىلانى غەۋسىل ئەزەمنىڭ يولىغا خىلاپلىق.

— پەيغەمبىرىمىز قايسى ھەدىسىدە ئىشانلىقنى سۈننەت دەپ كۆرسەتكەن، ئابدۇل ۋاھىد ئىشان؟ ئاللاغا يېتىش ئۈچۈن، ئاللا بۇيرۇغان پەرزلەرنى، رەسۇلۇللا كۆرسەتكەن سۈننەتلەرنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلمىقىمىز شەرت. ئۇنىڭدىن باشقىسى بىدئەت-خۇراپات، ئەپسانە بولىدۇ، سەدر ئەزەم.

— مەۋلانە ھەزرىتىمنىڭ بايانلىرى بەك توغرا. بىز شەرىئەت

ئىشلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق پەرز ۋە سۈننەت بويىچە ئىش قىلماقشىمىز، — دېدى قازى كالان مەۋلانىنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— شەرىئەت پېشۋاسىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدە پارىخورلۇق قىلىشى "بىدئەت" ئەمەسمىكىن، جانابىي قازى كالان؟ — دېدى شەيخ شاھاۋۇدۇن تىترەپ.

— بىز دىنىي مۇنازىرىلەرنى قويۇپ تۇرايلۇق. بۈگۈنكى ۋەزىپەمىز دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، — مەنسۇر تالاشنى بۇرىدى، — بىز ئەللىك مىڭ لەشكەر ئېلىشقا كېلىشتۇق. بۇ ئىشنى سەردار ئەبۇ ئىبراھىمغا تاپشۇرايلى. ھەممىيلەن يېقىندىن ياردەم قىلساق، بىر ئاي ئىچىدە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. قەتئىي ئورۇنداش كېرەك. بۇ توغرىدا ۋە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ئەلنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا يەنە سەپەرۋەرلىك پەرمانى چىقىرىلسۇن. ھەممە ئىشنى ئۇرۇشقا قارىتىش لازىم. كىمكى خىلاپلىق قىلسا، خانلىقىمىزنىڭ پەرمانىغا قارشى تۇرغان جىنايەتكار قاتارىدا جازا بېرىلسۇن!

باشقا بىر قاتار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن مەنسۇر كېڭەش تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن قوپتى. باشقىلارمۇ قوپۇپ مەنسۇر ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكۈچە قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ باش ئېگىپ تۇرۇشتى.

باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم سامانى مەنسۇرنىڭ كەينىدىن كىردى. مەنسۇر ئارقىسىغا قارىغانىدى، باش ۋەزىر گۇمانىنى ئېيتتى:

— مەۋلانە بىر ئويۇن ئوينىدى، ئوينىغاندىمۇ، ئۇستىلىق بىلەن ئوينىدى. بىزگە ئۇنى قوللاشقا توغرا كەلدى. قارىڭ، ئاۋۇ ئەخمەق ئىشانلار ئۆز ئاغزىغا ئۆزى ئۇردى، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ

سۆزلىدى، — مەن يەنە قارشىلارنى تۇتقۇنغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، بۇلارنىڭ چوڭراق خائىنلىق ئىشلىرى بولۇش مۇمكىن.

— كېرەك يوق، چاڭگىلىمىزدىن چىقارمىساق بولغىنى. لازىم بولغان ۋاقىتتا، بىرەر جىنايىتى پاش بولغاندا، دەرھال تۇتۇشقا ئۈلگۈرىمىز.

## تۆتىنچى باب

# گۈزەل پەرغانە

قۇتلۇق سۇباشى پەرغانىغا بىر كۈنلۈك يول قالغان جايدا دەم ئېلىپ تۇرغاندا، باشلامچى قوشۇن چاپارمىنى كېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تەرەپنىڭ قاراۋۇللىرى كۆرۈنگەنلىكىنى، ئۇ ياقتىن كەلگەن بىر تارىغچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئون چاقىرىمچە يىراقلىقتا ياغى قوشۇنى بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. قۇتلۇقبەگ قوشۇنغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بەردى. ئەمدى ئەتىگەنلىك تاماققا ئولتۇرغان چېرىكلەر ھاپىلا-شاپىلا يەپ-ئىچىپ يولغا چىقتى.

ئىككى ئاش پىشىم يول مېڭىپ، قۇتلۇق سۇباشى باشلامچى قوشۇن تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى. باشلامچى قوشۇن مىڭباشى مەھمۇت قاداش ئۇنىڭغا ئالدىدا ياغىنىڭ بىر تۈمەن چېرىكى بارلىقىنى، ئۇلار خەۋەر تېپىپ جەڭگە تەييارلانغانلىقىنى ئېيتتى.

سۇباشى پاقلان تۈمەنباشىنى بىرىنچى سەپكە، توختى تۈمەنباشىنى ئىككىنچى سەپكە تەيىن قىلىپ بۇيرۇق بەردى. قالغان قوشۇن ئارقىدا تەييار تۇرماقچى بولدى. كۈن چۈش بولغاندا ئىككى تۈمەنباشى يولغا چىقتى.

پاقلان تۈمەنباشى قوشۇنى بىر تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ تۈۋەن تەرەپكە ئىلگىرىلىگەندى. كۆز يېتىم جايدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ياغىنىڭ پىيادە چېرىكلىرى سەپ تارتىپ چىقىپ كەلدى.

ئۇلار ئوتتۇرا، ئوڭ، سول سەپ بولۇپ قىلىچلىرىنى تىگىز كۆتۈرۈپ ھەيۋەت بىلەن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئارقىلىرىدا يىراقتا ئاتلىق چېرىكلەر ئۇزۇن سەپ تارتىپ قاتار تۇرۇپتۇ. پاقلان قوشۇن زىچ سەپ بولۇپ دىققەت بىلەن ياغىنى كۆزىتىپ تۇرماقتا. ئارقىلىرىدا مەھمۇت قوشۇن، ئۇلارنىڭ كەينىدە — بىر دۆڭدە قۇتلۇق سۇباشى بىر توپ چېرىكباشى ۋە قارۇغچىلار بىلەن تۇرماقتا ئىدى...

ياغى سېپى يېقىنلاپ كەلدى. بۇ ياقتىكى چېرىكلەر قوللىرىدا ھېچ نەرسە يوق، پەرۋاسىز تۇراتتى. ياغى چېرىكلىرى ئالدىدىكى باشلىقلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا يالاڭ قىلىچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھوگا سېلىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇلار قارشى كۈچنى چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك ھەيۋەتلىك كۈچ بىلەن كېلىپ ئۆزىنى ئۇردى، بىراق قارشىلىرىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان "نەيزە تېمى"غا سوقۇلۇپ ئۇرغۇنلىرى دومىلىدى. ھودۇققان ياغى ئالتۇپلاڭ بولۇپ تۇرغاندا، ئارقا سەپ كۈچى ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن ئۇرۇندى. پاقلان قوشۇن تۇيۇقسىز ئارقىسىغا يىگىرمە قەدەم چېكىنگەنىدى، ياغى مەھمۇت قوشۇنىنىڭ ئوخشاش "نەيزە تېمى"غا سوقۇلۇپ توختىدى. ئۇلار بۇ ئىككى قېتىملىق سوقۇشتا بەك كۆپ چىقىم تارتىپ چېكىندى. بىرپەستىن كېيىن ياغى ئاتلىقلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭداپ ھوگا-سۈرەن بىلەن ئات سالدى، قۇتلۇق قوشۇنىنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى پىيادىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ياغىنى توسۇۋېلىشتى، ئاتلىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى... چاڭ-توزانلار ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنگەن ئادەملەر ئاتلىق، پىيادە ئېلىشاتتى. قىقاس-سۈرەن قىلىچ-نەيزە ئاۋازلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى...

ئارقىسىدىن ياردەمگە كۆچ كېلىپ دۈشمەن قايتىدىن قىستاپ كەلدى. قۇتلۇق سۇباشى تەييار قوشۇنغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار جەڭگە كىرىپ ئاز ئۆتمەي، ياغى ئارقىغا داجىدى. قۇتلۇق سۇباشى سەپ بويىچە ئومۇمىي ھۇجۇمغا بۇيرۇق بەردى... "ئۇررا!" ئاۋازلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن چېرىكلەرنىڭ كۆچىگە بەۋا كېلەلمىگەن ياغى قېچىشقا باشلىدى. قۇتلۇق قوشۇن قوغلاپ ئۇرۇپ، دەرەخلىكتىن ئۆتۈپ بىر ئېدىرغا چىققاندا، ياغى چېرىكلىرى پىتىراپ كەتتى، قاچقىنى قاچتى، قالغىنى ئەسىرگە چۈشتى. كۈن ئولتۇرۇشقا تېرەك بويى قالغاندا، جەڭ تۈگىدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، ياغى پەرغانىدىن يەنە بىر تۈمەن چېرىك ئەۋەتىپتىكەن. ئىككى تۈمەنگە قارشى ئىككى تۈمەننىڭ ئۇرۇشى بوپتۇ. قۇتلۇق قوشۇننىڭ يەنە ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق چېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ھاجەت بولمىدى...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قۇتلۇق قوشۇن پەرغانىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئالدىدا ھېچنىمىدىن دېرەك يوق. يېزا-كەنتلەر بوش. ئادەملەر ئۇرۇشتىن قورقۇپ قاچقان ئوخشايدۇ. شەھەرگە ئون بەش چاقىرىمچە يول قالغاندا، بىر يېزا چېتىدە قۇتلۇق سۇباشى قوشۇننى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى. "ئەھۋال ئېنىقسىز، بايقاپ مېڭىش كېرەك." دېدى ئۇ.

قوشۇن توختاپ، دەم ئالغاچ تەييار تۇردى. بىرھازادىن كېيىن باشلامچى قوشۇن چاپارمەنى كېلىپ، شەھەردىن بىر قىسىم ئادەملەر كەلگەنلىكىنى، "چوڭ باشلىق بىلەن كۆرۈشىمىز" دەپ تەلەپ قىلغانلىقلىرىنى ئېيتتى. قۇتلۇقبەگ ئۇلارنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

بىرپەستىن كېيىن، ئوتتۇزدەك ئادەمنى باشلاپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەللە-تەلپەكلىك، پەشمەت-يەكتەكلىك ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلاردا قورقۇش ۋە ھودۇقۇش كەيپىياتى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چىنار تېگىدىكى سۇپىغا ئەمدى كېلىپ تۇراتتى، قۇتلۇق سۇباشى ھويلىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۇنچە ھەيۋەتلىك بولمىسىمۇ، يېنىدا باشلىق، قارۇغچىلار بىللە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كەلگەنلەر ئەيمەندى، گايىلىرى بولسا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمايتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قېرىنداشلار، — دېدى قۇتلۇقبەگ ئۆڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ كۈلۈمسىرەپ، — قېنى، سۇپىغا ئولتۇرىلى.

— بۇ كىشى بىزنىڭ قوشۇنباشىمىز قۇتلۇق سۇباشى بولىدۇ، — تونۇشتۇردى ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن باشلامچى قوشۇنباشى مەھمۇت قاداش.

كەلگەنلەر سالام بېرىشتى. گايىلىرى قىزغىن، گايىلىرى سوغۇقراق ئىدى.

— كەچۈرگەيلا جانابىي باشلىق، بىز كېچىكىپ كەلدۇق، — دېدى بىر ئاقساقال، كېلىشكەن ئادەم ئالدىغىراق چىقىپ، — بىز پەرغانە خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ ئۇلۇغ بۇغراخان لەشكەرلىرىنى قارشى ئالغىلى كەلدۇق. ياغى ئاخشاملا قوقەنت تەرەپكە قاچتى. مانا بۇ كىشى، — ئۇ يېنىدىكى سالاپەتلىكرەك بىرىنى كۆرسەتتى، — بەھرەمبەگ. ئىلگىرىكى پەرغانىلىق ئەمىرىمىزنىڭ ئوغلى بولىدۇ. مانا بۇ كىشى، — ئۇ بويى ئېگىز، گەۋدىلىك، قاپىقى سېلىقلىق بىرىسىنى كۆرسەتتى، — دوسمەتبەگ، ئىلگىرىكى لەشكەر باشلىقى... ماۋۇ كىشى شەھىرىمىزنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىماسى، — ئۇ بىر چار ساقال، سەللىلىك

ئادەمنى كۆرسەتتى.

— بەك ياخشى. ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — قۇتلۇقبەگ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — دوستلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن خۇش بىز. ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرمامىلا ئاغا؟

— پېقىر بىر كەمبەغەل قېرى، "سەئەد" دەپ ئاتىسىلا بولىدۇ.

— بۇ ئاغام ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ كونا لەشكەر باشلىقى بولۇپ كەلگەن ئادەم، كىشىلەر قەدىرلەيدىغان بوۋاي، — دېدى قارا ساقال بىر ئادەم.

— ياخشى، بەك ياخشى. ھەممىلىرىگە سالام، دوستلار، قېنى ئولتۇرسىلى، — قۇتلۇقبەگ ئۇلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى، ئولتۇرۇشتى.

— ئۇزاق، قىيىن يوللارنى بېسىپ، جاپالىق جەڭلەر بىلەن كەلگەن بۇغراخان لەشكەرلىرىنى بىزنىڭ خەلقىمىز قىزغىن قارشى ئالدۇ، — دېدى بەھرەمبەگ، — سامانى لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى خەلقىمىز خۇش. بىراق...

— بىراق، بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ كېلىش مەقسەتلىرىنى بىز ئۇچۇق بىلمەيمىز، — دېدى دوسمەتبەگ ۋە بىر ئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — بىز چەت ياغىنىڭ خەلقىمىزنى ئېزىشىگە قارشى تۇرىمىز. مەيلى ئۇ غەربتىن كەلسۇن، ياكى شەرقتىن كەلسۇن.

— شۇنداق، جانابىي لەشكەرباشى، ئۆزگەن، تەمەنگان تەرەپلەردە بۇغرا لەشكەرلىرى كىشىلەرگە ئازاپ سالماقتا، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىز، — دېدى سەللىلىك مۆتىۋەر ۋە ئېھتىيات قىلىپ يەر ئاستىدىن قۇتلۇقبەگكە قاراپ قويدى.

— بىزنىڭ توغرىمىزدىكى ئاشۇنداق گەپلەرنى كىملەر تارات-

قاندۇ؟ — سورىدى قۇتلۇقبەگ.

— كىم بولاتتى؟ سامانىلار-دە! — دېدى سەمەد ئاقساقال. — ئۇلارنىڭ تاراتقان سۆزلىرى جىق: بۇغرالار يەرلىك لەشكەرلەرنى قىرماقتا، شەھەرگە ئوت قويماقتا، خەلقنى تالاپ، خاتۇنلارغا باسقۇنچىلىق قىلماقتا ۋەھاكازا. بىراق بۇ سۆزلەرگە بىزنىڭ ئىشەنگىمىز كەلمەيدۇ.

— يوق نەرسىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما، يالا. كىشى ئەۋەتىپ ئۇ ياقلاردىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ تەكشۈرۈپ بېقىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پەرغانىلىق بىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈۋالىدۇ، — قۇتلۇقبەگ ئوچۇق چىراي، سالماقلىق سۆزلىدى.

— ئۇنداق ئىشلارنى يوقمۇ دەيلى، — دېدى دوسمەتبەگ قورۇنۇپراق، — بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ بۇ ياققا كېلىشتىن مەقسەتلىرىنى بىلگىمىز كېلىدۇ. بىزگە ئەلنىڭ ئەركىنلىكى كېرەك. بىراق خەلقىمىز قوشتىن چىقىپ سۆرەمگە چۈشۈشنى خالىمايدۇ...

— ئەھۋالنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، مەسىلىنى بۇنداق قويۇشقا بولمايدۇ، دوسمەتبەگ، — دېدى بەھرەم خان ۋە قۇتلۇقبەگكە قاراپ داۋام قىلدى، — بۇ كىشى سامانىلارنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتقان. خەلق ئازادلىقى يولىدا جىق تىرىشقان ئادەم، — ئۇ قۇتلۇق سۇباشىغا "كەچۈرسىلە" دېگەندەك ئىپادە بىلەن سۆزلىدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، دوسمەتبەگ ئەسلىدە يەرلىك خانلىقنىڭ لەشكەرباشى ئىكەن. سامانىلار كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىپتۇ. لېكىن ئۇ سامانىلار بىلەن كېلىشەلمەي، تاغقا قېچىپ كەتكەنىكەن. يېقىندا سامانىلارنىڭ ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ

قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئاشقىرىسىدىكى بىزىدا بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن كېلىپ مۆكۈپ ياتقانىكەن. ئۇ ئاخشام، سامانىلار قاچقاندىن كېيىن بەھرەمخاننى يېپىپتۇ. بۈگۈن باشقا ئاغىنىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇ بۇغرا قوشۇنىنىڭ كېلىشىگە خۇش بولىمىز. بۇغرالار سامانىلارنى قوغلىۋېتىپ، بۇ ئەلنى بېسىۋالارمىكىن، خەلقنى ئوخشاشلا ئېزەمدىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. بۇ توغرىدا بەھرەمخان بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پىكىر ئوخشىمايدىكەن.

بەھرەمخان سابىق پەرغانە خانىنىڭ ئوغلى ئىكەن. سامانىلار كەلگەندە، كىچىك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تېگىشمەپتۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەل ئازادلىقىنى ئويلايدىغان، باش قاتۇرىدىغان بوپتۇ. ئۇ يار-بۇرادەرلىرى ئارىسىدا بەزى تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىشتىن باشقا ئىلاجى قىلالماپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خەلق ئازاد بولىدىغان بولدى، دەپ خۇش بوپتۇ. بىراق بۇغرا قوشۇنىنىڭ كېلىش مەقسەتلىرىنى ئوچۇق بىلمىگىنى ئۈچۈن دوسمەتبەگنىڭ قارشىلىقىغا قاتتىق بىرنېمە دېيەلمەيدىكەن، لېكىن، قاراخانىلار بۇ ئەلگە چوقۇم ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن.

بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگۈچە يولدا بۇ ئىككىسى خېلى تالىشىپتۇ. دوسمەتبەگ "بىرى كەتسە بىرى كېلىدۇ، ھەممىسى تالا مۈشۈكى، ئىشەنگىلى بولمايدۇ." دەيدىكەن. بەھرەمخان "قارىسىغا گەپ قىلماسلىق كېرەك. ئۇلار ھەم قېرىنداش، ھەم دىنداشلىرىمىز، ياخشى بولىدۇ" دەيدىكەن. ئاۋۇ موللام "بۇغرالار كېيىنرەك

مۇسۇلمان بولغان خەلق. ھەي، دىشمەن قانداق بولاركىن؟!» دەپتۇ.
سەمەد بوۋاي «سانىماي سەككىز دېمەيلى، ئاڭلىشىمىزچە بۇغرا-
خانلار خەلققە ياخشىلىق قىلىۋاتار ئىمىش. سامانىلار ئۇلارغا قارشى
بولدى. شۇڭا ئۇلار قارشى تۇردى. سامانىلارنىڭ ياغىسى بولغانلار
بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ. شەك كەلتۈرمەسلىك كېرەك» دەپتۇ.
ئۇلار قارشى ئالغىلى كەپتۇ. لېكىن، ئاشۇنداق ھەر خىل قاراشلار
بىلەن: ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك، ئەندىشىلەر بىلەن كەپتۇ. قارشى
ئالغىلى كەلگىنىگە قارىغاندا، ھەر ھالدا ياخشى نىيەت بىلەن
كەلگەن ئوخشايدۇ.

— سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەردىكىنى ئېيتقانلىرىڭلار ياخشى، — دېدى
قۇتلۇق سۇباشى، — بۇ ياقلاردا خەلقنىڭ ھالى قانداق، ياغى
نېمىلەرنى قىلدى، كىشىلەر بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟ مۇشۇ
خىل ئەھۋاللارنى بىلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم. بۈگۈن ھەربىرلىرىڭنىڭ
ئېيتقانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، كىشىلەر بىزنى قارشى ئالغىنىدىن
باشقا، بەزى گۇمانلىق ۋە ئەندىشىلىك قاراشلارمۇ بار ئىكەن. بۇ،
بىزنى چۈشەنمەسلىك ۋە سامانىلارنىڭ ئىغۋالىرىدىن بولسا كېرەك.
مەن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بىر قوشۇنباشى بولۇش ئورنۇم
بىلەن ئوچۇق ئېيتايكى، بىز بۇ ياققا يەر كېرەك بولۇپ قېلىپ،
ياكى باشقىلارنى ئېزىش ئۈچۈن كەلمىدۇق. سىلەرنى ئەزگەن،
بىزگىمۇ باسقۇنچىلىق قىلغان ئورتاق ياغىمىز سامانىلارنى يوقاتقىلى،
بۇ جايلاردىكى قېرىنداشلارنى قۇتقۇزغىلى كەلدۇق. مۇشۇ ئىش
تۈگىگەندىن كېيىن، بىز قايتىپ كېتىمىز. بىزنىڭ خاقانىمىز سۇتۇق
بۇغراخان بىزگە «ياغىنى يوقىتىش، قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇش
كېرەك. ئۇلار لەشكىرىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرسۇن،

خەلقنىڭ ھېچ نەرسىگە تەگمەسلىك كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن. بىز شۇنداق قىلماقچىمىز. يولدا — ئوش، ئۆزگەندە شۇنداق قىلدۇق. ئۇ جايلارغا ئۆزلىرىدىن خان، لەشكەرباشى تەيىنلىدى. يەرلىك چېرىكلەردىن "قاداش قوشۇن" قۇرۇلدى. دىن توغرىسىدا ئەندىشە بولۇشى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز. ئۇلۇغ ئىسلام دىنى سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئورتاق دىنىمىز. ئىسلام دىنى بىزنىڭ دۆلەت دىنىمىز. بىز بۇ ياقتىكى قېرىنداشلارنى قوشتىنمۇ، سۆرەمدىنمۇ قۇتقۇزغىلى كەلدۇق. ئىشىمىز تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز. سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار باشقۇرىسىلەر. ئەگەردە سىلەرنىڭ باشلىرىڭلارغا چەتنىڭ كالتىكى كېلىپ تېگىدىغان بولسا، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بولسا بىز يەنە كېلىمىز. بىزنىڭ ئۇلۇسىمىز بىر، تىلىمىز بىر، دىنىمىز بىر، بىز بىرلىكتە ياغىغا قارشى كۆرىشىمىز كېرەك...

قۇتلۇقبەگنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سۆزى ئۇلارغا تەسىر قىلدى. سەمەد بوۋاي "قانداق، دېمىدىممۇ" دېگەندەك قىلىپ ساقاللىرىنى سىلاپ كۈلۈمسىرەپ يەر ئاستىدىن ئاۋۇ ئىككىسىگە قاراپ قويدى.

— ئاكىمىزنىڭ بۇرادەرلەرچە سەممىي سۆزلىرى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يورۇتتى، — دېدى بەھرەمخان ئەركىن قىياپەتتە، — بىزنىڭ بۇغراخانلاردىن كۆتكىنىمىزنىڭ ئۆزى جانابلىرى ئېيتقاندەك ئىدى. بىز بەك رازى، جان-دىلىمىز بىلەن بۇغراخانلارنى قارشى ئالىمىز. بىزنىڭ ئورۇنسىز گۇمانلىرىمىز ئۈچۈن كەچۈرگەيلا قوشۇنباشى قۇتلۇقبەگ جانابلىرى.

— بىزنىڭ ئارىلىرىمىزدا كەچۈرۈش-كەچۈرمەسلىك دېگەن گەپ يوق. تىلەكىمىز، يولىمىز بىر.

— خەلقىمىزنىڭ ھالى يەنە نېمە بولار، دېگەن ئەلدىشە مېنى ئورۇنسىز ئويغا سالغان، — دېدى دوسمەتبەگ ئۆزىدە يەڭگىللىك ھېس قىلىپ، — مەن لەشكىرىي ئادەم، كۆڭلۈمدە بارنى ئېيتتىم، كۆڭلۈم ئايدىڭلاشتى. بەھرەمخاننىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن. بىز بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا تەييارمىز.

— مانا، گەپنىڭ ئوڭى مۇئداق بولىدۇ-دە، دوسمەتبەگ، — دېدى بوۋاي، — بۇغراخانلار ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بىز ئۈچۈن جان تىكىپ بۇ ياقىلارغا كەلگەن تۇرسا بىز ئەلۋەتتە ئىككى قوللاپ قارشى ئېلىشىمىز كېرەك-تە؟

— بىز قايتىپ شەھەر خەلقىنى خاتىرجەم قىلساق، ئۆزلىرىنى پەرغانە بوسۇغىسىدا خەلق بىلەن بىللە قارشى ئالىمىز، — دېدى بەھرەمخان خۇشال بولۇپ.

— خوپ، شۇنداق بولسۇن. بىز ئەتە كەچكە يېقىن يېتىپ بارىمىز، — دېدى قۇتلۇقبەگ.

پەرغانىلىقلار خۇشال-خۇرام قايتىشتى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا، ئادەمسىز جىمجىت كەنت تىلغا كەلدى. ئاۋال يېقىن مەسجىدتە مەزىننىڭ ئەزان ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر خاتىرجەم نامازغا مېڭىشتى. كاتەكلەردىن چىقىرىلغان توخولار قاقىلداشقا، خورازلار قىچقىرىشقا باشلىدى.

قۇتلۇقبەگ ئورنىدىن قوپۇپلا بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالدى.

— ئەجەب ئىش. ئىككى كۈندىن بېرى كەنتتە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنىدى، تۇيۇقسىز جانلىنىپ كەتتىغۇ؟! — سورىدى ئۇ تالادىن كىرىپ كەلگەن قاراۋۇلباشىدىن.

— سامانىلارنىڭ ئىغۋالىرى بىلەن كەنتتىكى ئادەملەر قاچقىنى

قېچىپ، مۆككىنى مۆككەن ئىكەن. تۈنۈگۈن بەھرەمخانلار بىر نەچچە كىشىنى قالدۇرۇپ كېتىپتىكەن. ئۇلار خەلقنى چۆچەندۈرۈپتۇ...

— ھە، مۇنداق دەڭ. تۈنۈگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسى بوپتۇ دەڭ؟

بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىن كەنتنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئەر-خاتۇن، ياش-قېرى كىشىلەر قوشۇن تۇرغان جايغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا نان، چاي، تۇخۇم، گۆلە-قاق، ياڭاق، مېغىز... ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار چېھرىكلەر بىلەن خۇشال ئامانلىشىپلا، ئۇنىمىغىنىغا قويماي نەرسىلىرىنى بېرەتتى، قىزغىن پاراڭلىشاتتى ۋە ھەر خىل سوئاللارنى سوراتتى. سامانىلارنى تىللاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلاتتى.

قۇتلۇقبەگ تۇرغان ھويلىغا بىر بوۋاي باشلىق ئوندەك كىشى كېلىپ ھال سورىدى. ئۇلار بىر چۆگۈن سۈتلۈك چاي، بىر داستىخان نان ۋە بىر قوي ئېلىپ كېلىشكەنىكەن، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ چاي ئىچتى. كەلگەنلەر خۇشال، رازى قايتىشتى.

ئەتىسى ئامازدىگەر دېگەندە قۇتلۇق سۇباشى پەرغانىغا يېتىپ كەلدى، باشلامچى قوشۇندىن كېيىن قۇتلۇقبەگ شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، بەھرەمخان، دوسمەتبەگ باشلىق شەھەر خەلقى قىزغىن قارشى ئالدى. خەلق توپىدىن "خۇش كەلدىڭىز"، "بۇغرا لەشكەر ئامان!" دېگەن ئاۋازلار ۋە ناغرا-سۇنايىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل شەھەر خەلقى دېگۈدەك شەھەردىن بەش چاقىرىمچە جايغا چىقىپ

ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. كۈن قايرىلىپ پېشىن بولغاندا، بۇغراخان ئاتلىق بەھرەمخان ۋە دوسمەتبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا (ئۇلار ئالدىغا بارغان) يېقىن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. خەلقنىڭ قارشى ئېلىش ئاۋازلىرى ياڭرىدى. بىرمۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئاقساقاللار كېلىپ كۆرۈشتى. بۇلار ئارىسىدا سەمەد بوۋايمۇ، ھېلىقى موللاممۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇتلۇقبەگ بۇغراخان بىلەن ئامانلاشتى. بۇغراخان قارشى ئالغۇچى ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەندە كىشىلەر كەينى-كەينىدىن "خۇش كەلدىڭىز بۇغراخان"، "بوغراخان ئامان!" دەپ تۆۋلىشىپ تۇردى. ناغرا-كانايلار ئاۋازلىرى يىراق-يىراقلارغىچە ياڭرايتتى. بۇغراخان ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ، ئاتلىنىپ شەھەرگە مېڭىپ كەتتى...

سۇتۇق بۇغراخان پەرغانىغا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى پەرغانە شەھىرىدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەت مەجلىسىنى ئاچتى. مەجلىسكە يۇرت كاتتىلىرىدىن، ئاخۇن ئۆلىمالاردىن باشقا، ئاددىي پۇقرالار بولۇپ ئۈچ يۈز ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى.

مەجلىستە بۇغراخان پەرغانە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق، تەپسىلىيرەك سۆزلىدى. ئۇ پەرغانە خەلقىنىڭ باشقا جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن بىللە قاراخانىلار قوشۇنىغا ياردەملىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، سامانىلارنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا چاقىردى. ئاخىرىدا بۇغراخان بەھرەمخاننى پەرغانە ئەمىرلىكىگە، دوسمەتبەگنى لەشكەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا

قويدى. مەجلىس قاتناشچىلىرى قىزغىن چاۋاكلار بىلەن قوشۇلدى، ئاندىن بوز يىگىت سۇتۇق بۇغراخان نامىدىن يېزىلغان ئەمىرلىك پەرمانىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

مەجلىس ئاخىرىدا بەھرەمخان ۋە دوستمەتبەگلەر سۆز قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننى ۋە بۇغرا قوشۇنىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ رەھبەرلىكىدە سامانىلارنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلىقىنى يىقىتىپ، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى...

* * *

بۈگۈن بەك ياخشى كۈن بولدى. كۈزنىڭ يېقىملىق ئاپتىپى پەرغانە ۋادىسىنى يىلىلىق باغرىغا بېسىپ، پەرغانىلىقلارنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيمەكتە، پەرغانە قىزلىرىنىڭ شوخ ناخشا سادالىرى سۈزۈك ئاسماندا جاراڭلىماقتا، پەرغانە بۈگۈن باشقىچە خۇش. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى تەنتەنە قىلماقتا، ئۇلۇغ بۇغراخاننى سەممىيەت بىلەن قارشى ئالماقتا ئىدى...

شەھەر تېشىدىكى خۇددى تويغا بېزەلگەن قىزدەك گۈزەل بىر مېۋىلىك باغ. قىپقىزىل ئانارلار، ھال-سېرىق ئەتىشاپتۇللار، ياپراق ئارىلىرىدىن ماراپ كۆلۈپ تۇرغان شېرىن ئەنجۈرلەر، تەك بارائىلىرىدا "مانامەن" دەپ ماراپ تۇرغان چىرايلىق ئۈزۈملەر، باراڭلار ئالدىدا، ئېتىز قىرلىرىدا ئېچىلغان ھەر خىل گۈللەر... باغنىڭ كۆزلۈك تەنتەنىسىنى تەبرىكلەپ دەرەخ شاخلىرىدا قۇشلار سايراشماقتا...

تەك ئاستىدا، شوتىلاردا ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقان قىزلار، باراڭ كەينىدە ئەنجۈر، ئانار ئۈزۈۋاتقان قىزلار بىلەن تەڭكەش بولۇپ

ناخشا ئېيتماقتا:

قۇياش چىقتى، نۇر چاچتى،
كۈلدى گۈزەل پەرغانە.
قىز-يىگىتلەر جور بولۇپ،
قوشاق قوشتى مەردانە.

پەرغانىنىڭ قىزلىرى،
ئالما-ئانار يۈزلىرى.
دوستىغا دوست مېھرىبان،
ياغىغا ئۆچ كۆزلىرى.

ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئاناردىن
خىللاپ زەللە تىزىمەن.
قەشقەرلىق يىگىتلەرگە
ئىككى قوللاپ سۇنىمەن.

ھەي قارلىغاچ، قارلىغاچ،
ئوك دولامغا قونساڭچۇ.
ئۇلۇغ بۇغرا ئاتامغا
مەندىن سالام ئېيتساڭچۇ.

دولىسىدىكى ئۈزۈم شىڭگىللىرى سېلىنىۋاتقان سېھۋەتىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ تۇرغان يىگىتلەر ئۈزۈمچى-ناخشىچى قىزلارنىڭ پەيزىگە زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەپ قارىشاتتى. باراڭ ئاستىدىكى شوقىدا ئوك-سول،

يۇقىرى-تۆۋەن تولغىنىپ تۇرغان قىزلارنىڭ تۇرۇپ ئۆرۈمە چاچلىرى بېلىدە ئويناپ، ئەتلەس كۆڭلەكلىرى يەلپۈپ تۇراتتى. ناخشىدىن كېيىن قىزلارنىڭ چاقچاقلىرى، كۈلكە ئاۋازلىرى باغدا جاراڭلىدى. قارىمۇتۇق كەلگەن، خۇمار كۆز بىر قىزنىڭ شولىسى تۆۋىدە سېۋەت تۇتۇپ تۇرغان بىر قاۋۇل يىگىت، قىزنىڭ كۈلگۈدەك-چەك-ئويناق سىياقىغا ھوزۇرلىنىپ قارايتتى. قارىغانچە ئۇنىڭ يۈرىكى دولقۇنلىناتتى. قىز ھەر قېتىم سېۋەتكە ئېگىلگەندە، كۈلۈپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرىنى يىگىتكە تاشلايتتى. يىگىت ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب قايتۇراتتى. بىراق، ناخشىدا قىز قەشقەر يىگىتلىرىنى ئاغزىغا ئالغاندا، ئۇ يۈزىگە سوغۇق سۇ سەپكەندەك بىلىنمەس ئەندىكىپ قىزغا سەپ-سالدى. قىز يىگىتتىكى بۇ كۆڭۈلچىلىك بىخمىنى سەزدى بولغاي، ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— مەستان يىگىت، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ كۈلكە ئارىلاش ۋە قولىدىكى بىر تال ئۈزۈمنى شىڭگىلدىن ئېلىپ دېدى، — مانا قاراڭ، پەرغانىنىڭ مۇناقىسىنى، تىلىڭىزنى يېرىۋەتمىسە ھېساب ئەمەس، ئېچىڭا ئاغزىڭىزنى، — ئۇ قولىدىكى ئۈزۈمنى يىگىتنىڭ ئاغزىغا تاشلىدى، — قانداق، تاتلىقمىكەن؟

— تاتلىقكەن، بەك تاتلىقكەن، تىلىم سەككىز پارچە بولۇپ كەتتى، — دېدى يىگىت كۈلۈپ، — يەنە بىرنى، — ئۇ بېشىنى يۇقىرىغا سوزۇپ ئاغزىنى ئاچتى.

— ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز، بېرىمەن.

— قايسى ناخشىنى؟

— قايسىسىنى بولاتتى. ھېلىقى... جانان... دېگەن ناخشىنى-دە،

— ئۇنى بۇ يەردە ئېيتقىلى بولامدىغان؟ قارىغا، ئاۋۇ قىزلارنى...

— ھا، ھا، ھا!...

قىزلارنىڭ باراڭلىقىنى بىر ئالغان كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئېگىلىپ تېلىقىپ كۈلۈشەتتى. ئارقىدىكى شوتىدا تۇرغان قىزلاردىن بىرسى بېيىت بىلەن چاقچاق قىلدى:

مەردانەخان خۇماركۆز،

يارىڭنى قىلما خىجىل.

كۈلكە: ھا، ھا، ھا!...

سول ياقتىكى قىزلاردىن بىرى ئېيتتى:

شۇنچە بىخىل بولامسەن،

يار ساڭا بولسا ئىجىل.

يەنە كۈلكە: ھا، ھا، ھا...

مەردانە يۈزلىرى قىزىرىپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى. يىگىت ئۇيالغىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتى، بىر ئەر كىشىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي قاۋۇل، چاپسان بول!

قاۋۇل ئۈشىنىسىدىكى ئۈزۈم تولغان سېۋەت بىلەن باراڭدىن چىقتى. ئۇ بېرىپ سېۋەتنى پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا قويدى. ئۇ يەردە قاۋۇلنىڭ بوۋىسى سەمەد ئاقساقال يېنىدىكى سېۋەتلەردىن ئۈزۈم تاللاپ بىر سېۋەتكە قاچىلاۋاتاتتى.

— نېمە شۇنچىلىك كېچىكتىڭ؟ قېنى سېۋىتىڭنى يېقىنراق ئەكىلە.

— ھە، ھە... مانا بۇ ئۈزۈملەر ياخشى خىللاپ ئۈزۈلگەن. كىم

ئۈزگەن ئۈزۈم بۇ؟ — بوۋاي چوڭ شىكىل مۇناقى ئۈزۈملەرنى سېۋەتتىن ئالغاچ سۆزلەيتتى.

— مەردانە.

— ھە، مەردانە، شۇڭا كىچىكىپ قالدىم دېگىنە؟ بوپتۇ، ئاۋۇ سېۋەتلەرنى بېرى تارتقىنا.

قاۋۇل ئەنجۇر سېلىنغان سېۋەتنى بوۋىسىنىڭ ئالدىغا سۈردى. بوۋاي ئۈزۈم قاچىلانغان سېۋەتنىڭ ئۈستىنى ئۈزۈم ياپراقلىرى بىلەن ئاۋايلاپ ياپقاندىن كېيىن، يەنە بىر بوش سېۋەتكە ئەنجۈر قاچىلىغىلى تۇردى. ئۇ قاۋۇلنىڭ ياردىمى بىلەن شەرۋەتلىرى تېمىپ تۇرغان سېرىق ئەنجۈرلەرنى كىچىكرەك يالپاق سېۋەتكە، ھەر قەۋىتىگە ئەنجۈر ياپرىقى قويۇپ تىزىپ چىقتى. ئۈستىنى يەنە ئەنجۈر ياپرىقى بىلەن يېپىپ، سېۋەت ئۈستىنى پىچان بىلەن باغلاپ قويدى.

بىر يىگىت چوڭ بىر سېۋەت ئانار ئەكەلدى.

— ھەببەللى، مانا بۇ ياخشى ئانار ئىكەن. تاتلىق ئانار. ئىككىڭلار ماۋۇ سېۋەتكە ياخشىسىدىن خىللاپ قاچىلاڭلار، — بوۋاي يېنىدىكى چەينەكتىن چىنىگە كۆك چاي قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر سېۋەت ئۈزۈم، بىر سېۋەت ئانار، بىر سېۋەت ئەنجۈر تەييارلاندى.

سەمەد بوۋاي پەرغانە شەھىرىنىڭ چېتىدىكى بىر چوڭ باغلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشەكتىن چۈشتى. ئۇ ئىشەكنى قاۋۇلغا بېرىپ، قوۋۇق ئالدىدىكى قارىغاچلاردىن ئىچكىرى كىرىپ بوغراخان بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، قارىغىچى چىرىكلەر كىرگۈزمىدى، "بالىلار، سىلەر مېنى كىرگۈزۈڭلار. ئۇلۇغ بوغراخاننى

ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم كېرەك" دەپ چۈشەندۈرەتتى بوۋاي
قارۇغچى چېرىكلەرگە.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پېشايۋانلىق سارايدىن چىققان ئەركىن
قوۋۇق ئالدىدا قارۇغچى چېرىكلەر بىلەن تاكاللىشىۋاتقان بوۋاينى
كۆرۈپ ئۇ يەرگە كەلدى. "نېمە گەپ؟" دەپ سورىدى ئۇ قارۇغ-
چىدىن. قارۇغچى جاۋاب بەرگۈچە بوۋاي سۆزلەپ كەتتى:

— مانا قاراڭ ئوغلۇم. مەن بۇغراخاننى كۆرىمەن دېسەم، بۇلار
كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. مەن چوقۇم كۆرۈشۈم كېرەك. سىزنى مەن
تونۇيمەن. بۇ بالىلارغا بۇيرۇق بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ئەركىن پاكىز قىرىنغان بۇ ئاقساقالغا سەپسالدى. بوۋايدا
سەممىيەت سېزىلىپ تۇراتتى. ئارقىسىدا بىر كېلىشكەن يىگىت بىر
قولىدا دولىسىدىكى سېۋەتنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئىككى سوكەن
ئارتىلغان ئېشەكنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ يىگىت سىزنىڭ كىمىڭىز بولىدۇ؟ — سورىدى ئەركىن
يىگىتكە قىزىقىپ.

— بۇ مېنىڭ نەۋرەم، ئېتى قاۋۇل، بىلەمسىز ئوغلۇم، مەن مانا
مۇشۇ نەۋرەمنى بۇغراخانغا تۇتقىلى كەلدىم. ئۇنىدىن كېيىن بۇلار
ئۆز بېغىمدىن چىققان مېۋىلەر. پەرغانىنىڭ مېۋىلىرى سىلەرنىڭ
قەشقەرنىڭ مېۋىلىرىدىن قېلىشماس دەيمەن. مېنى كىرگۈزۈڭ
ئوغلۇم، مەن كىرىپ بۇغراخان بىلەن كۆرۈشەي.

ئەركىن بوۋاينى ئوغلى بىلەن باشلاپ كىردى. بوۋاي قوۋۇقتىن
كىرىپلا ئېشەك ئۈستىدىكى سوكەندىن سېۋەتلەرنى ئېلىشقا باشلىدى،
قاۋۇل ياردەملەشتى. بىر چېرىك ئېشەكنى چەتكە ئېلىپ كەتتى.

بوۋاي كىچىك سېۋەتنى، قاۋۇل، يەنە بىر چېرىك ئىككى چوڭ

سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئەركىننىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. بوۋاي قىزىل ياغلىقتا مەھكەم ئورالغان ئۈزۈم بىرنەچچىنى قولتۇقىغا چىڭ قىسۇالغانىدى.

ئەركىن بوۋايىنى نەۋرىسى بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىكى بىر تەرىپىنى ئۈزۈملۈك باراڭ بېسىپ تۇرغان سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. بوۋاي گىلەمدە ئولتۇرۇپ قولتۇقىدىكى ئوراقلىق نەرسىنى ئاۋايلاپ يېنىغا قويدى ۋە دۇئا قىلدى. ئاندىن باراڭ تېگىدە ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم شىڭگىللىرىگە قارىۋالدى-دە، "ھە، مېنىڭ ئۈزۈملىرىمگە يەتمەيدىكەن" دېدى ئىچىدە ئۆزىچە ماختىنىپ.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەخسۇس بىتىكچىسى بوز يىگىت (ئۇ، ھازىر مۇشۇ خىزمەتتە ئىدى) سارايدىن چىقىپ بوۋايغا ھەيران بولۇپ قاردى، كېلىپ سالاملاشتى.

— بۇ ئاتا بۇغراخان بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ماۋۇ نەۋرىسىنى خانغا تونۇتىدىكەن، — دېدى ئەركىن بوز يىگىتكە، — كۆردىڭىزمۇ؟ ئەجەب قاۋۇل يىگىت، ئېيتىمۇ "قاۋۇل" ئىكەن، — ئۇ بوۋايىنىڭ يېنىدىكى قىزىل لاتىغا ئورالغان نەرسىنى ئىملاپ قويدى.

بوز يىگىت سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان قاۋۇلنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى، يىگىت ھۆرمەت قىلىپ ئورنىدىن قوپتى. بوز يىگىت قاۋۇلنىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، كېلىشكەن يوغان بەستىگە، ئەمدى خەت تارتىپ چىققان بۇرۇتىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى.

— چېرىك بولامسەن؟

— بولىمەن.

— نېمىشقا؟

— يۇرتۇمنى، ئېلىمنى قوغدايمەن.

— بەللى، يارايدۇ، كۆردىڭىزمۇ مەزمۇتلۇقىنى، — دېدى ئەركىن قاۋۇلغا زوقى كېلىپ.

— خېلى كۈچلۈك بار ئوخشايدۇ، — دېدى بوز يىگىت، كېيىن سىناپ كۆرمەك بولدىمۇ، ياكى زوقلانغانلىقىنىمۇ، يىگىتنىڭ دولىسىغا بىر مۇشت ئۇرغانىدى، يىگىت تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتنىڭ كۈچى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ، ئارقىغا داجىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىززا تارتىپ بوۋىسىغا قارىغانىدى، بوۋاي بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. قاۋۇل تۈگۈلۈپ كېلىپ بوز يىگىتنى دەس كۆتۈرۈۋالدى-دە، پىرقىرىتىپ يەرگە ئاتتى. ئەمدى سارايىنىڭ پېشايۋىنىغا چىققان سوتۇق بۇغراخان قاۋۇلنىڭ بۇ شىردەك كۈچىگە قايىل بولدى ۋە يەردە دومىلاپ ياتقان بوز يىگىتكە قاراپ كۈلدى.

— يارايسەن، كۈچلۈك بار ئىكەن، — دېدى بوز يىگىت قوپۇپ چاپانلىرىنى قېقىپ، — ماۋۇ بىزنىڭ يىگىتىمىز بىلەن بىر چېلىشىپ باقامسەن؟ — ئۇ نېرىراقتا تۇرغان بەستلىك بىر قارۇغچى چېرىكنى كۆرسەتتى.

— مەيلى، — دېدى قاۋۇل ۋە بەلباغ، يەكتىكىنى يېشىپ سۇپىغا، بوۋىسىنىڭ يېنىغا تاشلاپ بىلەكلىرىنى تۈردى. چېرىكمۇ تەييارلىنىپ، ئىككىسى چېلىشقا چۈشتى. بىر-بىرىنى سىناپ ئازراق چۆگىلىگەندىن كېيىن، چېرىك ھۇجۇم قىلىپ قاۋۇلنىڭ بېلىدىن تۇتتى-دە، ئۇنىڭ پۇتى بىلەن يۆگەپ چىماق سېلىپ قاۋۇلنى يىقىتتى.

— ھېساب ئەمەس، — دېدى قاۋۇل قوپۇپ، — مەرت چېلىشچى چىماق سالمايدۇ. بىز پەرغانىچە چېلىشىمىز.

— ھە، بولىدۇ، كۆتۈرۈپ تاشلاش. قەشقەرچە چېلىشىمۇ شۇنداققۇ؟ قېنى باشقىدىن، — دېدى ئەركىن. ئۇلار كېلىپ بەل

تۇتۇشۇپ، بىرپەس تۇتۇشۇپ، بىرپەس چۆگىلەشكەندىن كېيىن چىرىك ئۇنىڭ يامپاشقا ئالماق بولغانىدى، قاۋۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىرىكنىڭ بېلىنى قورۇپلا "يائەلى" دەپ كۆتۈرۈۋالدى ۋە پىرقىرىتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتى بىلەن ئېلىپ ئاتتى. چىرىك ئۈگدىسىچە يەرگە چۈشۈپ ئىككى دومىلىدى. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ چاۋاك چېلىشتى. نەۋرىسىگە مەغرۇرلانغان بوۋاي كۈلۈمسىرەپ ساقىلىنى سىلىدى. بوز يىگىت بوۋاينىڭ يېنىدىكى ئوراقلىق نەرسىگە قارىدى-دە، يەنە بىر چىرىكنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يىقىلغان چىرىككە تاشلاپ بەردى. بوۋايمۇ ئىككىلەنمەي ئوراقلىق قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ قاۋۇلغا تاشلاپ بەردى. ئۇلار خېلى ئۇزاق قىلىچلىشىپ، ئاخىر ماھىر قىلىچۋاز قاۋۇل قاتتىق بىر قىلىچ ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ قىلىچى چىرىكنىڭ قىلىچىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. چىرىك باش ئەگدى.

— يارايدۇ، پالۋان يىگىت! — دېدى بۇغراخان پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، — قىلىچمۇ ئېسىل ئىكەن، قانداق بوز يىگىت، كۈچى بارمىكەن؟

— ۋايجان، سىزدەك كۈچى بار ئىكەن، مەندەكدىن ئۇنى قاتلاپ سالىدىغان پەيلى بار، ھەزرىتى ئېلىدىن قېلىشمايدىغان ئوخشايدۇ. نېمىدېگەن چەبدەس قېلىچۋاز دېسە، — دېدى بوز يىگىت.

— يوقسۇ، ئوغلۇم، ئاللانىڭ ئاددىي بەندىلىرىنى جانابىي ھەزرىتى ئېلىغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئازراق كۈچى بولغان بولسا، بۇمۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى. قىلىچۋازلىق ئاتا كەسپى، — دېدى سەمەد بوۋاي يېنىدىكى يەكتەك، بەلباغلارنى نەۋرىسىگە

تاشلاپ بېرىپ،

بۇغراخان قىزىقىپ بوۋايغا قاراپ تۇراتتى، ئەركىن؛

— بۇ بوۋاي ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىكەن، ماۋۇ بالا نەۋرىسى ئىكەن، — دېدى.

بوۋاي ئالدىراپ سۇپىدىن چۈشۈپ تازىم قىلدى؛

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي!

— رەھمەت، ئولتۇرسىلا، — سۇتۇق بۇغراخان بوۋايىنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى، — ھە، بىز كۆرۈشكەن، تونۇش بىز. سەنمۇ ئولتۇر يىگىت، كەل، تارتىنما.

قاۋۇل قىلىچنى بوۋىسىغا بەردى. بوۋاي يېڭى بىلەن قىلىچنىڭ پارقىراق سېپىنى سۈرتۈپ، يەنە لاتىغا ئوراپ قويدى.

— ئۆزلىرىنىڭ قوشۇن تارتىپ كېلىپ بىز پەرغانىلىقلارنى زالىم ياغىنىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن پۈتكۈل ئەل خۇشال، — بوۋاي قوپۇپ تازىم قىلىپ يەنە ئولتۇردى، — شاش، قوقەنت، سەمەرقەنت، يەنە بۇخارا، غەزنە، ھېرات... قىسقىسى، پۈتكۈل خەلق ئۆزلىرىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە.

— پەرغانە خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ھەشقاللا. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەيمىز، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز.

سۇپىغا داستىخان، مەزە قويۇلۇپ چاي قۇيۇلدى. قاۋۇل تارتىنىپ پىيالىنىمۇ قولىغا ئالالماي ئولتۇراتتى. بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتەتتى ۋە خىجالەت بولۇپ، يەر ئاستىدىن بوز يىگىتكە قاراپ قوياتتى. بوز يىگىت ئۇنىڭغا كۈلۈپ كۆز قىسىپ قويغاندىن كېيىن بىرئاز كۆڭلى تىنچىدى. لېكىن ئۇ يەنە قورۇنۇپ

ئولتۇراتتى.

— ئۇلۇغ خاقان بۇغراخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن زىيادە خۇرسەنمەن، — بوۋاي ئولتۇرغىنىچە ئازراق ئالدىغا ئېگىلىپ قويدى، — ئېغىز ئېگەرمىگەن دەپ ئۆز يېمىزنىڭ مۇسىدىن ئازراق ئالغاچ كەلدىم، — بوۋاي سۇپىدىكى سېۋەتلەرنى كۆرسەتتى. قوچقارنىڭ شەربەتى بىلەن قارۇغچى باللار سېۋەتلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى، — ئەمدى ئۆزلىرىگە بىر زور ئىلتىماسىم بار.

— ئېيتسىلا.

— مانا بۇ بالا مېنىڭ نەۋرەم، ئېتى قاۋۇل. بۇنى ئۆزلىرىگە تۇتماقچىمەن، قوبۇل قىلماقلىرىنى سورايمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ، بەك ياخشى، — بۇغراخان كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان قاۋۇلغا قاراپ قويدى، — ياخشى گەپ. ئەل ئازادلىقى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق قاۋۇل يىگىتلەر كېرەك. ھە، يىگىت قانداق، ئۆزەك رازىمۇ؟

— چېرىك بولىمەن، ئاتا-بوۋامنىڭ يولىدا ماڭىمەن.

قاۋۇلنىڭ كەسكىن جاۋابى بۇغراخاننى قايىل قىلدى، مەسلىكى كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— توغرا دەيدۇ، ئاتا بالىسى-دە! -دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە زوقلىنىپ، — بوۋام ھەم ئاتام چېرىك بولۇپ مىڭباشى بولغانىكەن. مەن يىگىرمە بەش يېشىمدا چېرىك بولۇپ يۈزباشى، كېيىن مىڭباشى بولدۇم. مانا بۇ قاۋۇلنىڭ ئاتىسى ئوغلۇم چېرىكلىكتە ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمدى نۆۋەت قاۋۇلغا كەلدى. بۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، نۆۋەتى ياخشى ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ زامانىدا قىلىچ كۆتۈرسە ئارمان يوق.

— بۇنداق قىلىچۋازلىققا ھەيران قالسىمۇ بولىدىكەن. بۇۋىلىرىنىڭ كەسپى ئىكەن، — دېدى ئەركىن.

— شۇنداق، بالىدىن بالىغا ئۆگىتىپ كېلىۋاتىمىز. مەن بۇ بالىنى ئون يېشىدىن قىلىچۋازلىققا ئۆگىتىپ كەلگەنمەن.

— مۇنداق گەپ دەڭا، بوۋا، — دېدى بوز يىگىت چاقچاق ئارىلاش، — ئۇقۇشماي چاقچاق قىپتىمىز-دە؟ ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ.

بوۋاي ئوراقلىق قىلىچنى چىقىرىپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ساغرالاپلىق قىلىچنى بۇغراخانغا سۇندى:

— نەۋرەم بىلەن، بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى، ئاتا مىراسى بۇ قىلىچنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىمەن، — ئۇ قىلىچ تۇتقان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا سۇنۇپ بېشىنى ئەگدى. قاۋۇلمۇ بوۋىسى بىلەن قاتار تۇرۇپ، قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تازىم قىلدى.

— ھەمشاللا، رەھمەت، ئولتۇرسىلى، — دېدى بۇغراخان ئورنىدىن قوزغىلىپ ۋە قىلىچنى قولىغا ئالدى. بوۋاي بىلەن قاۋۇل ئولتۇردى. بۇغراخان قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، پالتىراپ تۇرغان قىلىچقا سەپسېلىپ ئايلاندۇردى. قىلىچنىڭ سېپىغا ئويۇلغان "رۇستەم" دېگەن خەتنى ئۈن چىقىرىپ ئوقۇدى.

— شۇنداق، رۇستەم، بوۋامنىڭ ئېتى. بۇ قىلىچنى ئۇ چېرىكنىڭ باشى بولغانىدا تۇتقانىكەن. پەرغانىدا داڭلىق بىر تۆمۈرچى بوۋاي بۇ قىلىچنى ئاشۇ كىشىگە ئاتاپ سوقۇپ، ئېتىنى ئويۇپ سوۋغانىكەن...

— ھە، ھە، بۇ بەك قىممەتلىك قىلىچ ئىكەن، — دېدى بۇغراخان تەسىرلىنىپ، — راستىنلا سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنىڭ ئاتا مىراس ئەڭگۈشتىرى ئىكەن. ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت.

— رەھمەت ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ خاقانىم، بىزنىڭ ئەڭگۈشتىرىمىز
ئەمدى جايىنى تاپتى.

— ئەمدى ئەڭگۈشتەر بىزنىڭ بولدى. قاۋۇلمۇ بىزنىڭ بولدى،
شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەن ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمانسىز ئۆلىمەن، جانابىي
بۇغراخان.

— ياخشى، ئەمدى مەن بىزنىڭ بۇ ئەڭگۈشتەر "رۇستەم"نى شۇ
رۇستەمنىڭ ئەۋرىسى بىزنىڭ قاۋۇلجانغا تەقدىم قىلىمەن، قانداق
دەيلا؟ — بۇغراخان قىلىچنى قاۋۇلغا سۇندى. قاۋۇل بوۋىسىغا قاراپ
قويۇپ قوپتى، — بۇ ئەڭگۈشتەرنى چىڭ تۇت ئوغلۇم، بوۋاڭنىڭ
بوۋىسى رۇستەم چېرىكباشى باشلاپ بەرگەن ئائىلە قەھرىمانلىق
يولىدا مەزمۇت ماڭ. بۇ ئەڭگۈشتەر ئەۋلادىڭدىن ئەۋلادىڭغا مىراس
بولۇپ "ئەل ئەڭگۈشتىرى" بولۇپ قالغاي!

بۇغراخاننىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن سەمەد بوۋاي
ئورنىدىن قوپۇپ بۇغراخانغا تازىم قىلدى:

— بارىكاللا ئۇلۇغ بۇغراخان. مېنىڭ نەۋرەم بۇ تاپشۇرۇقلىرىنى
چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

قاۋۇل تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىكى قىلىچنى چىڭ تۇتقىنىچە
خاننىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى:

— ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، —
ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى قەسەمياد قىلغاندەك قەتئىي، ئۆتكۈر
چىقتى. ئۇنىڭدىكى دولقۇنلانغان روھىي كۈچ ئۇنى شۇنداق سۆز-
لەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى، بارلىق ھاياتىنى ئەلگە، بۇغراخانغا
بېغىشلىغاندى.

— قوپ ئورنىڭدىن قاۋۇل، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان، — ياخشى گەپ، ئەل ئۇمىدىنى ئۇنۇتما، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئۇمىدىنى ئۇنۇتما.

قارۇغچى باللار بوۋاي ئېلىپ كەلگەن ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانارلارنى داستىخانغا قويدى.

سۇتۇق بۇغراخان بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تاتلىق، كۆلۈپ تۇرغان مېۋىلەرگە قاراپ دېدى:

— پەرغانىلىنىڭ مېۋىلىرى بەك ياخشى ئىكەن، ئۆزلىرى ئۇستا باغۋەن ئوخشايلا؟

— قېرىنداندا، ئىشقىلىپ مېۋە دەرەخلىرى بىلەن ئېلىشىمەن. كۆزلۈك ئەنجۈر ياخشى بولىدۇ، قېنى، ئېلتىپات قىلسىلا، — بوۋاي بىر ئەنجۈرنى خان ئالدىغا قويدى. بۇغراخان ئەنجۈرنى شۆپىكىدىن ئايرىپ ھوزۇرلىنىپ يىگەچ سورىدى:

— قاۋۇل ئۆيلەندىمۇ؟

— يوقسۇ، تېخى بالا ئەمەسمۇ؟

— بىرەر لايىقى بارمۇ؟

— لايىقى... ھا، ئۆيىمىزدە ئۆزەم بېقىپ چوڭ قىلغان بىر يېتىم قىزىمىز بار، ئۇلار ئۆزلىرى خېلى ئامراق. ھازىر چېرىك بولۇنچۇ، ئۇ ياقنى كېيىن كۆرەرمىز.

— ئۇ قىزنىڭ ئېتى نېمە، قاۋۇل؟ — بۇغراخان بەلبېغىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان قاۋۇلدىن سورىدى.

— ئېتى، ھە، ئۇنىڭ ئېتى مەردانە، بوۋام دەۋىرىدۇ...، — قاۋۇلنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، مەردانە، ئوبدان ئېتى بار ئىكەن. ئۇ قىز قانچە ياشتا؟

— بۇ يىل ئۇن تۇققۇزغا كىردى، — جاۋاب بەردى بوۋاي، — بىر دوستۇمنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئاتا-ئانىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قېلىپ، مەن بېقىۋالغانىدىم. زېرەك قىز بولىدى، قاۋۇلنى ئوقۇۋېتىدۇ دېسىلە، ئۇ.

— بوۋا، بالىلارنىڭ تويىنى قىلىۋەتسەك قانداق؟ قاۋۇل ئانىدىن چېرىكلىككە كەتسە.

— بۇ ئىشنى... ھە، بىز تېخى ئويلاشماپتىمىز، تەييارلىقىمىزمۇ يوق ئىدى.

— ئويلاشمىغان بولساق، ئەمدى ئويلىشايلۇق، بوۋا، — دېدى ئەركىن، — خانىمىز ياخشى گەپ قىلدى. تەييارلىقنى بىللە قىلمايمىزمۇ؟

— بۇ تەرىپىنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە. شۇنداق قىلايلۇق بوۋا. قاۋۇل بۆكىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ دېسىلە، — بوز يىگىت قاۋۇلغا چاقچاق قىلدى، — قانداق دېدىم يىگىت، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتتىممۇ؟

ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى، قاۋۇل قىزارغانچە بېشىنى ئىچىگە تىقاتتى.

— بوپتۇ، خانىمىزنىڭ سۆزى بويىچە بولسۇن، — دېدى بوۋاي رازىلىق بىلدۈرۈپ.

بوۋاي قاۋۇل بىلەن خۇشال-خۇرام ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ سۆكەن ئارتىلغان ئېشەككە مىنىپ، چىگە "ئۆزەڭگە"دىكى پۇتلىرىنى ئوينىتىپ، يول ياقىسىدىكى سەگى تېرەكلەرگە، ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇغا قاراپ كېتىپ باراتتى. سەمەد بوۋاي بىر خوش ئاۋاز ئادەم ئىدى. ئەمما ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك شېرىن خۇشلۇق سەزمىگەنىدى. كىملەردۇ ئۇنى مەرەكىلىگەنىدەك قىلاتتى. تېرەكلەر ياپراقلىرىنىڭ "چاۋاك چېلىشلىرى"مۇ، سۇنىڭ شىلدىرلىشىمۇ باشقا

كۆڭلەردىكىدىن يېقىملىق تۇيۇلماقتا. "... بۇغراخان، ئەجەب ئېسىل كىشى ئىكەن، قارالىڭ، مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەر خاقان بولسا، ئەل بەختلىك بولماي قالمايدۇ، تېخى قاۋۇلنىڭ تويىنى قىلىپ قويماقچى بولغىنىنى دېمەمدىغان! چوڭ غەمخورلۇق، ئاتىدارچىلىق بۇ. ئەمدى باللاردىن خاتىرجەم بولىدىغان بولدۇم. بۇ تېخىمۇ ياخشى بولدى..." بوۋاي ئۆيلىغاچ يېنىدا قىزىل لاتىغا ئورالغان "ئەنگۈشتەر"نى چىڭ قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان نەۋرىسىگە قارىغانىدى، قاۋۇل كۈلۈمسىرەپ كېتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق، ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى، لەۋلىرىنى چىشلەپ چاندۇرماسلىققا تىرىشسىمۇ، چىرايىدىن ئۇرغۇپ تېشىغا تېپىپ تۇرغان كۈلكە كۈچىنى بېسىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. مەردانىگە بولغان، بارغانچە ئۇنى رەھىمسىز چاڭگىلىدا قىستاۋاتقان مۇھەببەت كۈچى ئۇنى ئالىقاچان ئەسىر قىلىپ بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە چېرىكلىككە كېتىشكە رازى بولغانىدى. ئەمما، چېرىكتىن قايتىشىنى، مەردانىدىن ئايرىلىش قىيىنچىلىقىنى ئويلىغاندا كۆڭلى خىرە بولاتتى.

قارالىڭ، بۇ بۇغراخان نېمىدېگەن دانىشمەن ئادەم-ھە؟ چېرىكلىككە كېتىش ئالدىدا ئۇنى يۈرەك پارچىسى مەردانە بىلەن قوشۇپ قويىدىغان بولغىنىنى، يەنە ئائىلە ئەنگۈشتەرى بولغان قىلىچىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ تەقدىم قىلدى. نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەم ئۇ؟ بۇنداق كىشىنىڭ قول ئاستىدا چېرىك بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەك ئارمانىڭ نېمە! ئاھ... مەردانە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر...

شۇنداق شېرىن ئويلاردا كېلىۋاتقان بوۋاي بىلەن قاۋۇل ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. مەردانە يۈگۈرۈپ چىقتى:

— بوۋا، بۇغراخان دېگەن قانداق كىشىكەن، ئۇ نېمە دېدى؟

قاۋۇلنىڭ چىرىك بولۇشىغا قوشۇلدىمۇ؟ قىلىچنى ئېلىپ خۇش بولغاندۇ...؟ — مەردانە ئارقا-ئارقىدىن سوئاللار بەرگەچ بوۋىسىنى قولتۇقلاپ ھويلىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ ئويناقلاپ بوۋىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەلمۈرەتتى.

— شەيتان قىز، ماۋۇ ئاكاڭدىنمۇ سورا! — دېدى ئاقساقال ۋە ئارقىسىدا ھويلىغا كىرىۋاتقان قاۋۇلنى كۆرسەتتى. ئۆزى ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

مەردانە ئالدىراپ قاۋۇلنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى يۆگەكلىك قىلىچنى كۆرۈپ سورىدى:

— ۋاي بۇ قىلىچنى ئالماپتىغۇ، نېمىشقا قايتۇرۇپ كەلدىڭىز؟ — ئۇ جاۋاب بەرمەي، باشقىچە كۈلۈپ تۇرغان قاۋۇلغا قاراپ ھەيران قالدى — نېمە بولدى، ياتۇۋالام كۈلمىسىزغۇ، چىرىككە ئالدىمۇ؟ ۋايجان، نېمىگە كۈلۈۋېرىدىغاندۇ؟ ماڭا ئەجەب بۈگۈن كۆرگەندەك قارايسىزغۇ؟ — مەردانە گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرغان قاۋۇلغا قاراپ سوراۋەردى، — ئېيتسىڭا، بىر ئىش بارغۇ، ياخشى ئىشمۇ، يامان ئىشمۇ؟ بولمىسا خاپا بولۇپ قالىمەن...

مەردانە نارازى بولۇپ دودىلانغىلى قوپقانىدى، قاۋۇل ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقانچە يۈگۈرۈپ-يۈگۈرۈتۈپ باغقا چاپتى.

— ۋايجان، ئاستىراق چېپىڭ، پۇتۇم سۇنۇپ كېتىدۇ. ۋاي ئاستىراق... — دېگەچ مەردانە دىڭگۇسلاپ كېتىپ باراتتى.

بوۋاي ئۆيدىن چىقىپ مەردانىنىڭ باغدا قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ يەنە باغقا قۇلاق سالدى. مەردانىنىڭ كۈلكە ئارىلاش سۆزى ئاڭلاندى. ئۇ باراڭ ئاستىدا ئۈچ-ئۈچىگە پاتماي پىرقىرايتتى.

— ئەجەب بوپتۇ، خوپ بوپتۇ، قاۋۇل-مەردان جۈپ بوپتۇ...، لام-تىرلاللام، تىرى لام-لام، خوپ بوپتۇ، جۈپ بوپتۇ. تىرلام-لام،— ئۇ، زوقلىنىپ قاراپ تۇرغان قاۋۇلنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيدى ۋە ئۇنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ پىرقىراتتى،— ئەجەب بوپ-تۇ، خوپ بوپتۇ، ئويناك ئاكام چۆگىلەي. مەردانىگە توي بوپتۇ، ئويناك ئۇكام چۆگىلەي. قاۋۇل جانغا ئۆي بوپتۇ، ئويناك ئاكام چۆگىلەي .... ها، ها، ها... ئەمدى بولار، تويىنىڭ ئالدىدا پۇتلىرى سۇنۇپ قالمىسۇن، يەنە. ئاۋۋىلى توي، ئاندىن چىرىك-دە. بۇغرا ئاكامنىڭ قارارى، بويسۇنمىسىڭىز بېشىڭىز كېتىدۇ، يىگىت، پەخەس بولۇڭ.

يەنە كۈلكە ئاۋازلىرى. بۇ قېتىم كۆتۈرۈلگەن بوم-زىل ئاۋاز باغدا جاراڭلاپ كەتتى...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاۋۇل بىلەن مەردانىنىڭ تويى بولدى. بۇ تويىنىڭ قانداق شادىيانە، داغدۇغىلىق بولغىنىنى پەرەز قىلىۋېلىش مۇمكىنىدى. قىسقىسى: پەرغانە سازەندىلىرى بار-يوق ھۈنىرىنى كۆرسەتتى، شوخ پەرغانە قىز-يىگىتلىرى خۇماردىن چىققۇدەك يايراپ ئوينىدى. بۇغراخانىنىڭ ئەركىن بىلەن بوز يىگىتنى ئەۋەتىپ مەرەكىلىشى، قاۋۇل بىلەن مەردانىگە بىر جۈپ كۈمۈش تۇمار سوۋغا قىلىشى تويىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. سەمەد بوۋاينىڭ بېغى بىر كۈن — ئەتىگەندىن تۈن يېرىمىغىچە قاينىدى. تويىنىڭ داڭقى، بۇغراخانىنىڭ بىر جۈپ ياشقا قىلغان غەمخورلۇقى پۈتۈن پەرغانىگە تارالدى...

* * *

سۇتۇق بۇغراخان باغدىكى گۈلزارلىق يولدا مېڭىپ يۈرۈپ

ئويلايتتى:

پەرغانىگە كەلگىلى ئون كۈن بولدى. ئۇ قۇتلۇق سۇباشىدىن ئۈچ كۈن كېيىن كەلگەنىدى. بۇغراخان كېلىپ، مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قۇتلۇق سۇباشى قوقەنتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قوقەنتتە ئۇرۇش باشلاندى، بولغاي، لېكىن، تېخى خەۋەر يوق. خانىش ئايدىڭنىڭ خېتىگە قارىغاندا، دۆلەت ئىشلىرى ياخشى كېتىپ بېرىپتۇ. ئالىپ ئارسلاننى ئۆزگەندىن نەمەنگانغا يولغا سېلىپ، ئاندىن ئۆزى يولغا چىققان، قوچقارنى ئۆزگەنگە قويۇپ بەرگەنىدى. بۇ يىل قىشتا قالماستىن سەمەرقەنتنى ئېلىش كېرەك. ۋاقىت قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، قانداق بولاركىن. قوقەنت بىلەن شاش — ياغمىنىڭ ئىككى قولى. ئەمدى، توكۇز مەنسۇرنىڭ قوللىرى پاتىراق كېسىپ تاشلانسا بولاتتى. مەنسۇر سەمەرقەنتنى كۈچ توپلىماقتا، ئۇ ئۆلگۈچە تىركىشىشى مۇمكىن، گەپ يوق. بۇغرا قوشۇنى يەرلىك قاداش قوشۇنلار بىلەن ئۇلغايماقتا. بەنە، ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېكىنلەر بار... خەلق بۇغرا قوشۇنىنى ئوبدان قوللاۋاتىدۇ. چېرىكلەرنىڭ تەرتىپى يامان ئەمەس. لېكىن، خەلقنى نارازى قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك... ئىشلار ياخشى. لېكىن، شۇنداق ئۇتۇشلۇق كېتىۋېرەرمۇ؟ هوشيار بولۇش كېرەك. ئۇرۇشنى ئۇتۇقلۇق تۈگەتىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار، بەلكى، ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن...

بۇغراخان ئويغا بۆرىلىپ، خۇشال كېلىۋاتقان بىتىكچىسىگە قارىدى:

— ھە، بوز يىگىت، سىياقىڭىزغا قارىغاندا، ياخشى خەۋەر ئالغان ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئىككى ياقتىن تەڭ چاپارمەن كەلدى. مانا، قۇتلۇق، سۇباشىدىن ھەم ئالىپ ئارسلاندىن خەت كەلدى.

— ھە، راستىنلا ياخشى خەۋەركەن. قېنى كېلىڭلار، — ئۇ بېرىپ گۈلزارلىق چېتىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇردى، — قېنى، خەتلەرنى ئوقۇڭ.

سادىق غۇلام بىر پەتنۇستا ئۈچ چىنە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەركىنمۇ يېتىپ كەلدى. بوز يىگىت خان جىقراق قىزىققان قۇتلۇق سۇباشىنىڭ خېتىنى ئاۋۋال ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئۇلار قوقەنتكە يېتىپ كەلمەيلا ياغىنىڭ چوڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپتۇ. ياغىنى بوش چاغلىغانلىق ۋە ئاز كۈچ بىلەن ئېلىشقانلىق ئۈچۈن، ھە دېگەندە جىقراق چىقىم تارتىپ كېتىپتۇ. شۇڭا كەينىگە يېنىپ تەييارلىنىشقا توغرا كەپتۇ. كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ باشلىنىپ، ياغى چېكىنىپتۇ. قارشىلىق كۈچى يەنە چوڭراق ئىكەن. ئۈچىنچى جەڭدە قوقەنتنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، خاننىڭ قوقەنت ئېلىنغاندىن كېيىن كېلىشىنى سوراپتۇ.

بۇغراخان دىققەت بىلەن خەتكە قۇلاق سالدى. بەزى جايلىرىنى قايتا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

— ئارسلاننىڭ خېتىنى ئوقۇڭ، — دېدى خان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ يىراققا قاراپ تۇرغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي.

بوز يىگىت ئالىپ ئارسلاننىڭ خېتىنى ئوقۇدى. ئالىپ ئارسلان نەمەنگانغا چەبەر سۇباشىدىن ئىككى كۈن كېيىن يېتىپ بېرىپتۇ. بوتىلاق تۈمەنباشى قاداش قوشۇنلار باشلىقى مەمەتالى بىلەن مايلى سايدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، نەمەنگاندىن ئۆزگەنگە قاراپ يولغا چىققان ياغى چېرىكلىرىنى توسۇپ جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى نەمەنگان ياقىغا

قىستاپ بارغانىكەن. ئاندىن چەبەر سۇباشى بېرىپ بىرلىكتە بىر كۈن جەڭ قىلىپ، بىرلا جەڭدە نەمەنگاننى ئاپتۇ. ئۇندىن كېيىن ئارسلان بېرىپتۇ. قوچقار بەگنى نەمەنگانغا ئەمىر، مەمەتالىنى لەشكەر سۇباشى قىلىپ جاكالاپتۇ. شەھەر تىنىچ، ئەل ئامان ئىكەن. چەبەر سۇباشى قوشۇنىنى باشلاپ شاشقا قاراپ كەتكىلى ئون كۈن بوپتۇ. ئالىپ ئارسلان ئەتە يولغا چىقماقچى ئىكەن. ”ئىشلار جايىدا، ئامان بولۇڭ“ دەپتۇ ئالىپ ئارسلان خېتىنىڭ ئاخىرىدا.

بوز يىگىت خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇغراخان گۈلخان ئالدىدىكى كىچىك سەينادا ئىككى قېتىم ئايلاندى، بوز يىگىتنىڭ ئالدىدا توختاپ دېدى:

— ئارسلاننىڭ ئىشى ياخشى ئىكەن. ئەمدى گەپ شاشتا. شاشنى ئېلىشمۇ قىيىن بولماس. قۇتلۇقبەگنىڭ ئىشى قىيىنراق ئوخشايدۇ. قوقەنت سەمەرقەنتنىڭ بوسۇغىسى. ياغى ئۇ يەرگە جىق كۈچ توپلىغان. بىز چاپسانراق ئاتلىنايلۇق. بۇ يەردىكى ئىشلار تۈگىدىمۇ؟

— تۈگەپ قالدى. قالغان ئىشلارنى بەھرەم ئەمىر بىلەن دوسمەت لەشكەرباشى باشقۇرار. بۇلارنىڭ پەرغانىدا نامى بار ئىكەن.

— ئۇلارنى ئەمىر، لەشكەرباشى قىلىپ تەيىنلىگىنىمىز توغرا بوپتۇ دەڭ.

— توغرا بوپتۇ، — دېدى ئەركىن، — ئۇلار كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىمەكتە. ئەل ئىشىغا ئوبدان كۆڭۈل قويىدىكەن. پەرغانە خەلقى ئۆزلىرىنى كۆرۈشنى خالايدۇ. بىر ۋاقىت بەلگىلەپ بەرسىلەكەن، — دېدى بوز يىگىت ئاخىرىدا.

— يەنە يەرلىك قوشۇنلار بار. دوسمەتبەگ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى خېلى جىق چېرىك ئالدى، — قوشۇپ قويدى ئەركىن.

— ئەنە جۇمە ئەمەسمۇ، جۇمە نامىزىغا بېرىپ خەلق بىلەن ئۇچرىشايلۇق. بۇنى ئالدىن ئۇقتۇرماسلىق كېرەك. يەرلىك چېرىكلەر بىلەن كېتىش ئالدىدا كۆرۈشەيلى. بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقساق بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — بوز يىگىت، ئەركىن تەك جاۋاب بەردى.

قوۋۇق ئالدىدا كىشلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەركىن دەرھال ئۇ ياققا كەتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ" تۈنۈگۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇلاغچى چېرىكنى ئېلىپ بىرمۇنچە كىشى-لەر كەپتۇ، ئۇنى كەچۈرسە دەيدۇ. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى سورايدۇ.

— ئۇلارنى ھويلىغا كىرگۈزۈڭ، — دېدى بۇغراخان. ئەركىن قوۋۇق تەرەپكە ماڭدى.

بىرپەستىن كېيىن بۇغراخان ھويلىغا كەلگەندى، ئىككى-ئۈچ يۈز كىشى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇلاغچى چېرىك باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ. كىشلەر تازىم قىلىپ بۇغراخانغا سالام قىل-غاندىن كېيىن، بىر ئاقساقال كىشى ئالدىغا چىقىپ سۆز قىلدى:

— ئۇلۇغ بۇغراخان. بۇ بالىنى كەچۈرگەيلا. بىز بۇنى دارنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ كەلدۇق.

— بۇ بۇلاغچى. بىزنىڭ پەرمانىمىزغا قارشى ئىش قىلغان. ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك.

— شۇنداق ئۇلۇغ خاقان، ئۆزلىرى پەرمانىنى ئەل مەنپەئىتى ئۈچۈن چىقارغان. ئەنە شۇ ئەل ئۆزلىرىدىن سورايدۇ. بۇ بالا گۇناھىنى ئىقرار قىلىپ تەۋۋا قىلدى. ياش ئىكەن، ئاتا-ئانىسى بار ئىكەن، ئۆزلىرىگە تېخى بۇنداق چېرىكلەر كېرەك.

ئاقساقالنىڭ سۆزى بۇغراخاننى ئويلىنىپ قويىدى. بۇ چېرىكنى بۈرناكۈن قارۇغىچى چېرىكلەر باغلاپ ئېلىپ كەلگەنىكەن، ئۇ بىر ھويلىغا كىرىدىپ بىر ياقىلانى بۇلاپتىكەن، ياقىلان ئىگىسى ئايال زارلاپ توسۇۋالسا ئۇنى تېپىپ يىقىتىپ ياقىلانى ئېلىپ ماڭغاندا، ئەتراپتىكى كىشىلەر توسسا زورلۇق قىپتۇ. شۇ چاغدا قارۇغىچى چېرىكلەر كېلىپ قېلىپ ياقىلانى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى باغلاپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. "كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ" دېگەن پەرمان بويىچە، بۇغراخان ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى. بۈگۈن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماقچى بولغاندا، بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ توۋا قىلىپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، ياشلىقلاردىن سوراپ، بوشىتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ھۆكۈمنى بۇغراخاننىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار بىلەتتى. "ئۇ توۋا قىپتۇ. ئاتا-ئانىسى بار ئىكەن. بۇنداق ياش چېرىكلەر كېرەك" دېگەن سۆزنى ئىچىدە تەكرارلىدى بۇغراخان.

يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئالدىغا چىقىپ "پەرمانغا، ئەگەر ياخشى ئادەم بولۇپ توۋا قىلىشنى خالىسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشنى جانابىي ئالىيلىرىدىن سورايمىز" دېدى.

بۇلاڭچى چېرىك خاننىڭ ئالدىغا يىقىلدى:

— توۋا قىلدىم ئۇلۇغ ئاتا، مىڭ توۋا. ئادەم بولىمەن. ئون كىشىلىك جەڭ قىلاي. قېرى ئاتا-ئانامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن...، — دەپ ئۇ بۇكۈنگىنىچە قوللىرىنى سوزۇپ خانغا يېلىنىدى. ئۇنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىغا قاراپ خاننىڭ كۆڭلى ئېرىدى.

— مەيلى، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار، ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىشقا

بولىدۇ، — دېدى بۇغراخان، — لېكىن، بىزنىڭ پەرمانىمىز بەنىلا ئۆز كۈچىدە قېلىۋېرىدۇ.

جەڭچى خۇشلۇقىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلىرى بىلەن خانغا ھەشقاللا ئېيتتى. كېيىن ئۇ قوپۇپ بېرىپ ئاقساقالنى قۇچاقلاپ يىغلىدى...

بۈگۈن ئازنا كۈنى. جۈمە مەسجىدىنىڭ ئىچكىرى-تاشقىرىسى جامائەت بىلەن لىق تولغان. ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر نامازنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغانىدى. بۇغراخان ئەمىر بەھرەمخان، دوسمەت چېرىكباشى، بوز يىگىت، ئەركىنلەر بىلەن كىرىپ كەلگەندە، خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئەمدى قوزغالغان خەتىب خانىنى كۆرۈپ قالدى، جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا، پىچىر-پىچىر بولۇپ كەتتى. تونۇغانلار تونۇمىغانلارغا تونۇشتۇرۇپ، بىردەمدىلا ئىچكىرى-تاشقىرى مەسجىدنىڭ ھەممىسىگە تارىلىپ بولدى. كىشىلەر ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. خەتىب ئاخۇنۇم خۇتبە پەشتىقىغا چىقىپ، بىر ياققا يۆلەكلىك تاياقنى قولىغا ئېلىپ توغرىسىغا تۇتتى ۋە ئوقۇشقا باشلىدى: "ئەلھەمدۇلىللا، ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن ۋەلئاقىبەتۇ لىلمۇتتەقىن..." خەتىب يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ راست يۆتىلى كەلدىمۇ، ياكى ھودۇقۇپ قالدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. لېكىن قولىدىكى تاياق تىترەپ تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە جايدا ئېزىپ تاشلاپ، ئاخىرى خۇتبىنى تۈگەتتى. ئۇ مېھرابقا كېلىشىگىلا جامائەت "گۇر" قىلىپ قوپتى ۋە خەتىبكە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدى. جۈمە نامىزىنىڭ ئىككى رەكەئەت پەرزى تۈگىگەندىن كېيىن، بىر قارىم ساز ئاۋاز بىلەن تىلاۋەت قىلدى. خېتىب قول كۆتۈردى: "ئىلاھا ئامىن، ئاللاھۇ تابارەك ۋە تائالا ئۇلۇغ خاقانىمىز

سۇلتان[1] سۇتۇق بۇغراخانغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، ئاللاھۇئەكبەرا...» ئۇ ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلىدى، جامائەت ئەگەشتى.

بۇغراخان ئىچكىرىكى مەسجىدتىن چىققاندا، كىشىلەر مەسجىد هويلىسىغا تولۇپ ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. خەتىب ئاخۇنۇم ۋە بۇغراخان يېقىندا قوبۇل قىلىپ تونۇشقان بىرقانچە يۈزلەپ سەللىلىك ئۆلىما-ئىكراملار، سەللىسىز ياي سۈپەت كىشىلەر بۇغراخان بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. مەسجىد هويلىسىغا كەينى-كەينىدىن ئادەم توپلىنىشقا باشلىدى. خەتىب ئاخۇنۇم كۆپچىلىككە قاراپ سۆز قىلدى:

— ئۇلۇغ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاتاقلىق پېشۋاسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالىيلىرى مەسجىدىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئەھلى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغانلىقى بىزنى زىيادە خۇرسەن قىلدى. ئۇلۇغ بۇغراخان خەلقىمىزنى زالىملار زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ، ئەركىن هايات بەخش قىلماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز چەكسىز مىننەتدار. جانابىي ئاللا سۇلتان ئالىيلىرىغا نۇسرەت ۋە ئاق يول بېغىشلىغاي، ئامىن! — دېدى، كۆپچىلىك «ئامىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

بەھرەم ئەمىرنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇغراخانمۇ قىسقا سۆز قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جامائەت، — ئۇ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئېگىلدى. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن كۆپ كىشىلىك تەسىرلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. — بىز پەرغانىغا كەلگەندىن بېرى ئۆز ئۆيىمىزدىكىدەك خۇشاللىق ھېس قىلماقتىمىز. بىز قەشقەرلىق، پەر-

---

① خەتىب ئۇ ياقتىكى ئادەت بويىچە «سۇلتان» سۆزىنى قوشۇپ ئاتىدى.

غانەلىق، بالاساغۇنلۇق، سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ ھەممىمىز ماكانىمىز بىر، ئۇلۇسىمىز بىر، دىنىمىز بىر، تىلىمىز بىر قان قېرىنداشلارمىز، بىز ئەل ئەركىنلىكى ئۈچۈن، بىرلىك ئۈچۈن، مۇقەددەس دىنىمىز ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندۇق. بىزنىڭ جەڭلەردىكى ئۇتۇقلىرىمىز، بىزنى سەممىي قارشى ئالغان، بىز بىلەن بىللە ياغىغا قارشى چىقىل-شىۋاتقان خەلققە، سىزلەرگە مەنسۇپ. بىز سامانىلار ھۆكۈمرانلىرىنى بۇ ئەلدىن قوغلاپ چىقارغۇچە جەڭ قىلىمىز. قېرىنداش ئۇلۇسلىرى-مىزنى چوقۇم ئازاد قىلىمىز. باتۇر، خۇش ئاۋاز پەرغانىلىقلارنىڭ ئەمىر بەھرەمخانىنىڭ ۋە چېرىكباشى دوسمەتبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆرەش بىلەن ئالغا باسىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. سىلەرگە ئاللا يار بولغاي!....

بۇغراخاننىڭ ئوچۇق، سەممىي، قەتئىي سۆزى كىشىلەرگە چوڭ-قۇر تەسىر قىلدى بولغاي، كۆپچىلىك ھاياجان بىلەن ئاڭلىدى. دېمىسمۇ، ئۇنىڭ سۆزى تەسىرلىك بولدى. ئۇنىڭ سېرىق شايە سەللىلىك، ماش رەڭ تونلۇق كېلىشكەن قىياپىتى، ئىشەنچ ۋە مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قاراپ تۇرغان سىياقى ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇ ئۇلۇغ ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى، يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆز يۇرتىدا بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىسلام دىنىنى تاراتقان ئادەم. ئۇ راستىنلا شەرەپلىك، ئۇلۇغ كىشى. بۇنداق كىشىنىڭ ئوبدان سۆزلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغۇچىلار قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟!. "ئۇلۇغ بۇغراخان ئامان بولغاي!" دەپ تۇۋلىدى كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇرغان كىچىك سەللىلىك، چار ساقال ئادەم. "ئامان-ئامان!" دەپ تۇۋلىدى كۆپچىلىك. كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم ئاز قالدى، بەزىلەر بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

بۇغراخان ئەمىر بەھرەمخان ۋە دوسمەتبەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەسجىد سۇپىسىدىن چۈشكەندە، كىشىلەر توپى ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇلار تىقما-تىقماق، بۇغراخاننىڭ قولىنى ئېلىپ يۈزلىرىگە، كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. قولى يەتمىگەنلەر چاپىنىنى سىلاپ كۆزىگە سۈرتەتتى. ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق ياشلىرى يۈز، ساقاللىرىدا ئاقاتتى. ئادەملەر تىقىلىپ كۆپىيىپ كەتتى، بۇغراخان سىقىلىپ قالدى. دوسمەتبەگ "خالايىق، يول بېرەيلۇك" دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن جامائەت بىر ئاز يول بوشاتتى. ئەركىن مەسجىد قوۋۇقى ئالدىدا تۇرغان قارۇغچى چېرىكلەرنى باشلاپ كىرىپ يول ئاچتى. شۇنىڭدىمۇ ئاسان بولمىدى. بۇغراخان ئاران بالالىقتا تەرلەپ-پىشىپ قوۋۇقتىن چىقتى...

سۈتۈق بۇغراخان قوقەنتكە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ، ئەمىر، لەشكەر باشىنىڭ ھەمراھلىقىدا، بوز يىگىت، ئەركىنلەر بىلەن بىللە، قارۇغچى چېرىكلەر قاتارى ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق كېتىپ بارىدۇ. پەرغانىنىڭ كۈزگى ئەتىگەنلىك قۇياشى ئۆتكۈر نۇرىنى چېچىپ ئۇنى ئۇزاتماقتا. ئۇلار شەھەر تېشىدا ئىككى ياقتا قاتار تىزىلىپ تۇرغان قاداش قوشۇنلار ئارىسىدىن ئۆتتى. چېرىكلەر "سۇلتان ئامان!"، "ئامان-ئامان!" دەپ توۋلىشىپ تۇردى. بۇغراخان كۈلۈمسىرەپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئات ئۈستىدە ئىككى ياققا قاراپ قول كۆتۈرۈپ ماڭدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى چېتىدە رەتسىز تۇرغان چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ئادەملەرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى بالىلىرىنى، ئەرلىرىنى ئەمدى ئۇزىتىپ ئايرىلغان بولسا كېرەك، ئىسەدەپ رومال، بەلباغلىرى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى ئېرتەتتى. قارۇغچى قوشۇن كېلىش بىلەن بىرمۇنچىلىرى

ئۇلارغا يۈگۈرۈشتى. ئۇلار چېرىكلەرگە كىچىك بوۋاي، ئاي، بەنە
بىر نېمىلەرنى ئۆزىتىپ، قوللىرىنى چىڭ قىسىپ، كۆز يېشى قىلىپ
ئۇزىتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بۇغراخاننىڭ كۆزى
سەمەد ئاقساقالغا چۈشتى. ئۇ ئات ئۈستىدىكى قاۋۇلنىڭ يانچۇقىغا
بىر نېمىلەرنى تىقىپ سۆزلەۋاتاتتى. كېيىن ئاقساقالنىڭ يېنىدا
تۇرغان بىر چوكان قاۋۇلغا قىزىل ياغلىقتا ئورالغان بىر كىچىك بوپا
بەردى-دە، تەتۈر قاراپ، بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن
يېشىنى سۈرتتى. قاۋۇل ناگولالىقتا بىردەم قاراپ تۇردى-دە،
ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. لېكىن، خېلى ئۇزاققا
بارغۇچە بوۋىسى بىلەن چوكىنىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئاڭغۇچە
بۇغراخان يېقىن كېلىپ قالدى "سالام ئۇلۇغ خانىم، — دېدى
بوۋاي بۇغراخانغا تازىم قىلىپ، — ئىلاھىم ئاق يول بولسۇن!"
"ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دېدى بۇغراخان ئېتىنى توختىتىپ، — بۇ
سىڭىل مەردانە بولسا كېرەك، — چوكان يۈزىنى سۈرتۈپ باش ياغلى-
قىنى تۈزىتىپ، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تازىم قىلدى، —
كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان مەردانە بولالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ،
سىڭلىم؟

مەردانە ئىزا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ يەرگە قارىدى.

— باللار كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەندى. ئايرىلىش ئاسان
كەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى بوۋاي مەردانىنىڭ بېشىنى
سىلاپ.

— كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن، ئەمدى بىر تەن، بىر جان بولدى،
ئەبەدىي بىللە ياشايدۇ. قاۋۇل ئوتتۇق قازىنىپ قايتىپ كەلگەندە،
سىز مەردانىلىق بىلەن قارشى ئالدىغان بولۇڭ، بولامدۇ؟

مەردانە يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— كامال ئاپىسلا، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق بولسۇن ئۇلۇغ خانىم، — دېدى ئاقساقال يۈز-ساقاللىرىنى سىلاپ.

— خەير-خوش، — دېدى بۇغراخان ۋە يەنە بايىقىدەكلا، لېكىن خۇشال تازىم قىلغان مەردانىگە قاراپ قويۇپ ئېتىنى قويۇپ بەردى. خاننى كۈتۈپ تۇختىغان قارۇغچىلارمۇ قوزغالدى.

كىشلەر ئارىسىدىن چىققاندىن كېيىن بۇغراخان بەھرەم ئەمىر ۋە دوسمەت چېرىكباشى بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

## بەشىنچى باب

# سەمەرقەنتكە تەھدىت

سۇتۇق بۇغراخان قوقەنت يېنىدا، چۈشكۈنى ئالدىدا قۇتلۇق سۇباشى بىلەن جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەنلا ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق جەڭدە ياغىي قاتتىق تىركەشتى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم "ئاۋۋال چېكىنىش، ئاندىن تۇيۇقسىز قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش" چارىسىنى قوللىنىپ، قۇتلۇق قوشۇنىنى خېلى جىق چىقىمغا ئۇچراتتى. ئىككىنچى قېتىم چارىسىنى ئۆزگەرتىپ "ساداق ياغدۇرۇش، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش" چارىسىنى قوللاندى. ئاخىردا ئاتلىق قوشۇنى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. بۇ قېتىم قۇتلۇقبەگ تەييار قوشۇن بىلەن ياغىنى ئۇرۇپ قايتۇردى. لېكىن، ياغىي "تام سەپ" تۈزۈپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىر كېچە-كۈندۈزلۈك بۇ جەڭدە قۇتلۇق قوشۇن ئازراق چىقىم بەردى. چېرىكلەرنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن قۇتلۇقبەگ جەڭنى توختاتتى. تۈنۈگۈن بۇغراخان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەسلىھەتلىشىپ بۈگۈن ئۈچىنچى جەڭ باشلاندى. بۇغراخاننىڭ "ئامبۇر بولۇپ قىسىش، ئوراپ يوقىتىش چارىسى بويىچە قوشۇن بىر كۈن تەييارلانغانىدى. ئالدى سەپتە ياغىنى ئارتىپ تۇرۇپ، ئوڭ-سولدىن ئوراش ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى، چۈش بولغاندا "ئامبۇرنى

سىقىش" باشلاندى. ئىككى يانغا يەڭگىللىك بېرىش ئۈچۈن ئۇدۇل سەپ ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. بۇغراخان بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى قانلىق ئېلىشىشنى ھاياجان بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، قۇتلۇق سۇباشىغا قاراپ "ئەمدى ياغىنى ئوراشقا بۇيرۇق بېرىڭ" دېدى. ئىككى ئاتلىق چاپارمەن ئىككى ياققا چاپتى...

ئالدىدىن بېرىلگەن زەربە، ياندىن قىسىپ كېلىش ياغىنى ئالدىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ چەمبىرەكتە قېلىش قورقۇنچى ياغىدا قاتتىق ئەندىشە پەيدا قىلدى. نامازدىگەر بولغاندا، ياغىنىڭ يۇقىرى باشلىقلىرى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە چېكىندى. بۇنى كۆرگەن باشقا چېرىكلەردە ھودۇقۇش پەيدا بولدى. كەچكى قاراڭغۇلۇق ئۇلارغا دەھشەتلىك ئەجەل ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۈچەپ جەڭ قىلىۋاتقان چېرىكباشلىرى بېلىنى قويۇپ بەردى. ئۇلارمۇ سەپتىن چېكىنىپ، شەھەر تېشىغا مېڭىشقا باشلىدى.

قۇتلۇقبەگ ئارقىدىكى ئاتلىق قوشۇنغا بۇيرۇق بەردى. بەش مىڭدىن ئارتۇق چېرىك يالاڭ قىلىچلىرىنى باشلىرى ئۈستىدە ئوينىتىپ "ئۇررا!..." دېگەنچە جەڭ مەيدانىغا ئات سالدى. چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرگەن قوشۇن روھلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەر-زېمىننى تىترەتكەن ھەيۋەتلىك ھۇجۇمغا ياغى بەۋا كېلەلمەي قېچىشقا باشلىدى. ياغى چېرىكلىرى پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۆلگەن-تىرىلگىنىگە باقماي، دومىلاپ ياتقان ئۆلۈكلەرنى، زارلاپ ياتقان يارىدارلارنى ئاتلاپ-دەسسەپ، شەھەرگە، شەھەردىن تاشقىرىغا قاچاتتى....

ئىككى ياندىن بارغان قوشۇن شەھەرنىڭ كۈنپېتىشىغا يېتىپ بارغاندا، ياغى چېرىكلىرىنىڭ كۆپچىلىكى شەھەردىن چىقىپ بولغا-

نىدى، بىر قىسمى چەمبىرەكتە قالدى. كۆلپەتتىشكى قوشۇن ئۇدۇل سەپنى چەيلەپ ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى...

كەچ كىردى. ئۇرۇش توختىدى. جەڭنىڭ تامام بولغىنىغا ئەلگە ھېرىپ، دۇمباق ۋە كانايلار چېلىندى. قۇتلۇقبەگ قوشۇن كەينىدىن شەھەرگە ماڭدى. بۇغراخان ھامان دۆڭلۈك باغىرىدىكى چوشكۈنى ئالدىدا تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھارغىن قوقەنت سۆزسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. كەچكى قۇياش نۇرى بىلەن قىزارغان چاڭ، جەڭ مەيدانلىرى ئۆپىسىدە، شەھەر ئۈستىدە ياۋاش ئەگىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى...

ئەتىسى شەھەردە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى، قوقەنتنىڭ شىمالىي چېتىگە ئورۇنلاشقان قوشۇنغا بىر توپ ئاتلىقلار تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ ئون نەچچە چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، بىر مۇنچىسىنى يارىدار قىلىپ كېتىپتۇ. قوشۇن باشلىرى قەيەردىن كەلگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قاپتۇ. نەھۋالدىن قارىغاندا، يەرلىك ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن. بۇغراخان چوشكۈندە ناشتا قىلىپ ئولتۇرغاندا، قۇتلۇقبەگ كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ ھەيران قالغان بۇغراخانغا دېدى:

— بۇلار بىز ساقلاپ كېلىۋاتقان ئانىنىڭ ئوغلى، ھېلىقى ئەل ئوغلىنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، قوشۇن قوقەنتكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، كېچىسى موشۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. كېيىن بىلسەك، تاغدىكى ئەل ئوغلى دېگەننىڭ قوراللىق كىشىلىرى ئىكەن.

— ئەل ئوغلى...— ئويلىدى بۇغراخان،— ئۇ كىمگە قارشى ئىكەن؟

— سامانىلارغا. بىراق چوشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ، بىز ئانىنى

ساقلاپ ئېلىپ يۈرگىنىمىزدىن باشقىچە گۇمان قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

قۇتلۇقبەگ پەرغانىغا كەلگىنىنىڭ ئەتىسى كۈنى يالىنىڭ قاماقخانىسىدىن بىر ئاقباش موماي تېپىلغانىدى. ئۇنى دەرھال بوشىتىپ، ياخشى جايلاشتۇردى. ئېتىنى سورىسا موماي "ئەل ئوغلىنىڭ ئانىسى مەن. قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش" دەپ جاۋاب بەردى. "بىز ئەلگىمۇ، ئەل ئوغلىغىمۇ قارشى ئەمەس، ئەلنىڭ ياغىسى سامانىلارغا قارشى" دېگەندە موماي "ئۇلار كەلگەندىمۇ شۇنداق دېگەن. سىلەرنىڭ نەدىن كەلگەن، قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەيمەن" دېدى. مومايغا ئوبدان چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلدى، لېكىن چۈشەندۈرۈش ئاسان بولمىدى. "ئەگەر مېنى راستىنلا ئۆلتۈرمەسەڭلا، ئوغلۇمغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار" دېدى موماي بىر ئاز ياۋىشىپ. مومايغا ھازىر ۋاقىت ئەمەسلىكىنى، ياغى تازىلىنىپ بولغاندا، ئەل ئوغلى كەلگەندە ئۆز قولىغا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئاڭغۇچە خاتىرجەم بولۇشنى ئېيتقانىدى. موماي يېرىم-ياتا ئىشىنىپ ماقۇل بولدى. تىنچلىنىپ تاماق يەپ، ياخشى ئۇخلايدىغان بولدى. قۇتلۇقبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئارقىدىكى قوشۇن ئالاھىدە ئادەم قويۇپ مومايىنى قوقەنتكە بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ، شەھەر تېشىدا قوشۇن بىلەن بىللە ئىدى.

— ئەل ئوغلىغا چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇ، بىزنىڭ دوست ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەنسۇن. ئانىسىنى ئۆز قولىغا ساق تاپشۇرىدىغانلىقىمىز ئېيتىلسۇن. ئادەم ئەۋەتىڭ، ئۆزىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلسۇن، — دېدى بۇغراخان ئاخىرىدا، — ئەيىبلىمەسلىك كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

قۇتلۇقبەگ دەرھال تاغقا يەرلىك ئىككى كىشىنى چىقارغا-

نىدى، ئەل ئوغلى چوگىراقنى دەرەخكە باغلاپ، كىچىكىنى قايتۇرۇپتۇ. "سەن ئېيت، ئاشۇ بۇغراخانلارنىڭ بىر باشلىقى كەلسۇن!" دەپتۇ. ئاندىن قۇتلۇقبەگ پاقلان تۇمەنباشىنىڭ مەسلىھەتچىسىنى ئىككى چېرىك بىلەن چىقاردى.

ئەل ئوغلى ئەتراپى قورالىلىق ئادەملەر بىلەن تولغان بىر تاغ ئۈستىدە ئۇلارنى "قارشى ئالدى". ئۇ بۇلارنىمۇ باغلاشقا بۇيرۇق قىلماقچى بولۇپ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كېيىن مەسلىھەتچىنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ يۇمشىدى بولغاي، بىر ياپىلاق تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— سىزگە خاقانىمىز سۇتۇق بۇغراخان سالام دېدى — دېدى مەسلىھەتچى، — بۇغراخان سىزنى شەھەرگە كەلسە دەيدۇ.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەل ئوغلى بىلىنەر-بىلىنمەس ئەندىكىپ قالدى. بۇنى پەملىگەن بىر سالپا تۇماقلىق، قارا بۇرۇتلۇق ئادەم گەپكە قىستۇرۇلدى:

— سۇتۇق بۇغراخان چاقىرىپتۇ ئىمىش تېخى. ئۇ ئەگەر ئەل ئوغلىغا دوست بولسا، نېمىشقا ئەلنى قىرىدۇ؟ نېمىشقا ئەل ئوغلىنىڭ ئانىسىنى تۇتۇۋالىدۇ؟

مەسلىھەتچى گەپ قىلماي يېنىدىن ئەل ئوغلىنىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن خەتنى ئوغلىغا بەردى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە خەتنى ئوقۇدى. خەتتە: "بالام سىيىتجان (ئەسلى ئېتى شۇنداق ئىدى) مەن سالامەت. بۇلار ياخشى ئاسىرىدى. يامان ئادەملەر ئەمەس ئوخشايدۇ، ئۇنچە قاتتىق بولمىغىن. مەندىن خاتىرجەم بول. كېلىپ يۈزمۇيۈز سۆزلەشكىنىڭ ياخشى بولارمىكىن" دەپ يېزىلغان. ئەل ئوغلى ئانىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆشۈپ قالدى. قولدىكى

خەتنى قارا بۆرۆتنىڭ ئالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى.

— دەۋىرىدۇ، خەتنى كىم يازالمايدۇ، — دېدى قارا بۆرۆت ھەيباتلىق بىلەن، — بۇلارنىمۇ باغلاپ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك. مومايىنى بەرمىگۈچە بوشاتمايمىز، ئۇلار ئالدايدۇ، چىڭ تۇرۇش كېرەك...

ئەل ئوغلى ئۇنىڭغا كۈلۈپ بىر قارىدى-دە، كېلىشتۈرۈپ بىر تەتۈر كاچات سالدى. قارا بۆرۆت ئولتۇرغان يېرىدىن دومىلاپ كەتتى.

— ئەپ كېتىڭلار بۇ ھارامزادىنى! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئەل ئوغلى. ئىككى قىلىچلىق يىگىت تېخىچە ئۆمىلەپ تۇرالمايۋاتقان قارا بۆرۆتنى ئېلىپ ماڭدى.

قارا بۆرۆت تاغدا ئەل ئوغلىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغىلى ئۈچ ئاي بوپتىكەن، ئۇ دەپ، بۇ دەپ، ئەل ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ تاغلىقلار ئىچىگە سىڭىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەلپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىپ دائىم ۋايسايدىكەن، كىشىلەر ئالدىنىپ ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان، سۆزىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەل ئوغلىغا "قەشقەر ياقتىن بۇغرا دېگەن نېمىلەر كېلىۋاتار ئىمىش. قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. پەخەس بولۇش كېرەك. تۈلكىدىن قېچىپ بۆرىگە يەم بولۇپ قالمايلى..." دېگەندەك ئىغۋالارنى قىلىدىكەن. كېيىن: "...ئوشتىن، ئۆزگەندىن بىرمۇنچە كىشىلەر ئاران جانلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەپتۇ. بۇغرا دېگەنلەر تىزىغىچە قان كېچىپ يۈرەر ئىمىش..." دېگەن سۆزلەرنى تارىتىپ كىشىلەرگە بۇغرالار توغرىسىدا يامان تەسىر بېرىپتۇ. ئەل ئوغلى ئىشىنىپ-ئىشەنمەي يۈرگەن ۋاقىتلاردا، قارا بۆرۆت يوق بولۇپ كېتىپ خەۋەر تېپىپ

كەپتۇ: "بۇغرالار يەرغانىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلاپتۇ. ساقا-نلارنىڭ قولىدىكى ئاتىڭىزنى قولغا ئېلىپ قېناۋاتار ئىمىش..." دەپتۇ ئۇ ئەل ئوغلىنى قۇترىتىپ. ئانىسى ئوغۇسىدىكى گەپ ئەل ئوغلىغا ئېغىر كەپتۇ، شۇڭا ئۇ، قارا بۇرۇتنىڭ پىكرى بىلەن قوقەنت يولىدا كېچىسى بۇغرا قوشۇنىغا تېگىپ، بىرنەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قايتقانىكەن. ئالدىنقى كۈنى سەھەردىكى تويۇقسىز ھۇجۇممۇ يەنە شۇ قارا بۇرۇتنىڭ پىكرى بىلەن بولغانىكەن. ئەمدى ئۇ يەنە قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ.

ئەل ئوغلى بىرنەچچە كۈندىن بېرى قارا بۇرۇتقا گۇمانلىق قاراپ يۈرەتتى. ئالدىنقى كۈنكى قان تۆكۈش ۋەقەسىگە پۇشمان قىلغاندا، ئۇنىڭدىن گۇمانى ئاشقانىدى. ئەمدى بۇغرالارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈپ-ئاڭلاپ تۇرغاندا، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ خېتىنى كۆرۈپ تۇر-غاندا، ئۇنىڭ يەنە قۇترىتىشى ئەل ئوغلىنى غەزەپلەندۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ قارا بۇرۇتقا كاچات سالدى.

ئەل ئوغلى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەس قوپتى.

— يۈرۈڭ، كەتتۇق، — دېدى ئۇ مەسلىھەتچىگە ۋە ئات ئەكىلىشنى بۇيرۇدى...

ئەنە، ئەل ئوغلى مەسلىھەتچى بىلەن، ئارقىلىرىدا بەش-ئالتە كىشى، ئاتلىق ئاغ يوتىسىدىن تۆۋەنلەپ قوقەنت شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

مەسلىھەتچى ئەل ئوغلىنى قوقەنت شەھىرىنىڭ تېشىدا چېرىكلەر تۇرغان يەردە بىر كىچىك باغلىق ھويلىغا باشلاپ كىردى، ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئەل ئوغلىنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆيدە

ئولتۇرغان ئانا ئوغلىنى كۆرۈپ ئىشەنمەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى-دە، ئورنىدىن قوپتى. ئوغلى ئىتتىك بېرىپ "ئاپا!" دېدى ۋە ئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى. ئانا ئوغلىنى قۇچاقلاپ ياش تۆكتى. "ئامان بولساق بولدى ئوغلۇم، كۆرۈشتۇق." دېدى ئانا ئوغلىنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ. ئانا-بالا ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ تۇغقىنى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال چاي، مېزە ئەكىرىپ قويدى ۋە ئەل ئوغلى بىلەن ئاماللىشىپ چىقىپ كەتتى...

سۈتۈق بۇغراخان ئەل ئوغلىنى ئانىسى بىلەن بىللە قوبۇل قىلدى. قۇتلۇق سۇباشى بىللە بولدى.

— ھە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كېلىڭلار، يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — دېدى ئۇ مېھمانلارنى قارشى ئېلىپ، — قاراڭلار، ئانا-بالا تېپىشـ ۋاپسىلە، نېمىدېگەن ياخشى ئىش.

— ئامان بولۇڭ بۇغراخان، مېنى سامانىلاردىن قۇتقۇزۇۋېلىپ ئوبدان ئاسرىدىڭىز. ئەل سىزدىن رازى. بۇ بالام تەنتەكلىك قىلىپ سىلەرنى خاپا قىلىپ قويدىغۇ دەيمەن؟ — ئانا بۇغراخانغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— مېنى كەچۈرگەيلا ئۇلۇغ بۇغراخان. كۆزۈم ئېچىلدى. ياغىنى يوقىتىپ، خەلقىمىزنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن پەرمانلىرىغا تەييار-مەن، — دېدى ئەل ئوغلى قوپۇپ، چېرىكچە تەييار تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ. بەك ياخشى. ئوغلىڭىز تەنتەك ئەمەس ئانا، باتۇر يىگىت، راست ئەل ئوغلى. چۈشەنمەسلىكلەر ئۆتۈپ كەتتى. دوستلار تېپىشقاندىن كېيىن باشقا ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدۇ، — بۇغراخاننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى.

— غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا، ئەل ئوغلى، — دېدى قۇتلۇق-

بەگ، — ئەمدى بىللە كۆرەش قىلىمىز. ياغىنىڭ يۇت-تولى كېلگەن بىلەن يۈرىكى مىجىلغىنى يوق. ئۇنىڭ تەختى-بەختىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشىمىز كېرەك.

— مىڭ ياشقا كىرگىلار بالىلىرىم، بىللە كۆرەش قىلىڭلار. ئوغلۇم سېيىتجان ئەلنىڭ ئوغلى ھەم سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولسۇن. سىزگە تاپشۇردۇم، ئۇلۇغ بۇغراخان!

بۇغراخان ئانىغا "رەھمەت" دېدى، قۇتلۇقبەگ بىلەن ئەل ئوغلى خۇشال ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق قارارغا كېلىشتى: ئانا ھازىرچە يەنە قوقەنتتە تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئەل ئوغلى قايتىپ بېرىپ، قوراللىق كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ شىمالدىن سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماق بولدى. ۋاقتىنى قۇتلۇقبەگ كېيىن خەۋەر قىلىدىغان بولدى.

ئانا قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ بۇغراخان بىلەن خوشلاشتى. ئۇ مەسلىھەتچى بىلەن ئوغلى ئىككى ياندىن يۆلەپ ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىتىپ قاراپ تۇرغان بۇغراخانغا قولىلىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى...

* * *

ئالىپ ئارسلان چەبەر سۇباشى بىلەن شاش ياقتىكى چېرچىق تېغىغا كەلگىلى بىر ھەپتە بولۇپ قالدى، ئۇلار نەمەنگاندىن يولغا چىققاندىن بېرى ياغىنىڭ چوڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىدى. يېگى ئاۋات دېگەن جايدا بىرنەچچە مىڭ ياغى چېرىكى بار ئىكەن. ئۇلار بۇغرا قوشۇنىنىڭ شامال ئەپكىنىدىن① ئۈركۈپلا قېچىپ كەتتى.

① ئەپكىن — شامال، بوران ئالدىدىكى ھاۋا دولقۇنى.

شاشتىكى ياغى باشلىقلىرى شاشنى قوغداش بىلەنلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىچى تىنچىسىز ئىدى. بۇرناكۈن چىرچىق دەرياسى بويىدىكى جەڭدە ياغى قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئەندىشە كۈچەيدى. ئىچىدىكى مەزەمخان قۇرباشى باشچىلىقىدىكى يەرلىك قوشۇننىڭ قارشى ھەرىكىتى ئۇلغايدى.

تۈنۈگۈن مەزەم قۇرباشىنىڭ مەخپىي كەلگەن ۋەكىلى ئالىپ ئارسلانغا مەزەمخاننىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزدى. "بىزنىڭ تەييارلىقىمىز پۈتمىدى. يەنە بەش كۈندىن كېيىن ھەرىكەت قىلساق" دەپتۇ مەزەمخان. ئالىپ ئارسلان ۋە چەبەر سۇباشى رازى بولدى. "بىز تاشقىرىدىن، سىلەر ئىچىدىن ياغىغا بىسىم سالايلۇق. ئەگەر ياغى ئەل بولسا تېخى ياخشى" دېدى ئارسلان. "شەھەر ئۇرۇشسىز ئېلىنسا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ" دەپ قوشۇپ قويدى چەبەر سۇباشى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئالىپ ئارسلان شاشتىكى چېرىكباشى ئايۇپ بىن بىلالغا خەت يېزىپ، يەرلىك كىشىلەردىن ئۈچ ۋەكىلنى شاشقا ماڭغۇزدى. تەلەپنامىدە: "ئەل بولۇڭلار، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز، سىلەرگە بەش كۈنلۈك ۋاقىت بېرىمىز" دېيىلگەنىدى. بىن بىلال رەت قىلىپ ۋەكىللەرنى قايتۇرۇپ تۇرۇشقا مەزەمخاننىڭ ۋەكىلى كەلدى. ئۇلار سامانىلار قوشۇنىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، بۇغرا قوشۇنى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ مەزەمخان قۇرباشى ياغىنىڭ دەرھال ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان.

مەزەمخاننىڭ بىر تۈمەنلىك قوشۇنى شاشنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى "قوغۇنچى" دېگەن جايدا تۇراتتى. بۇغرا قوشۇن

ئۆزگەننى ئالغاندىن كېيىن، سامانىيلار مەزمەخانغا گۇمانلىق قاراپ ئۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن مەزمەخاننىڭ قارشىلىقى كۈچەيدى. بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلىدىن مەخپىي كىشى كېلىپ، مەزمەخاننىڭ مۇۋاپىق مەزگىلدە قوزغىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. مەزمەخان قارشى ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. لېكىن، ياغىنىڭ سىقىمى چىڭ بولغىنى ئۈچۈن جۈرئەت قىلالمايتتى، خەلق مەزمەخاننى قوللايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغرا قوشۇن يىغىنلاپ كەلمەكتە، قوشۇننىڭ بىرلىكىنى ساقلاش زۆرۈر، شۇڭا بىن بىلال مەزمەخانغا چارە قىلالمايتتى.

بىن بىلال خېلى ئۇزاقتىن بېرى قارىمۇقارشى ئويلار ئىچىدە قىينىلاتتى. قاراخانىيلار خانى بۇغراخان ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، خەلقنىڭ سامانىيلارغا قارشىلىقى كۈچەيدى. بۇغراخان دۆلەت چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەت چاك-چېكىدىن سۆكۈلۈپ كېتىپ بارىدۇ. "ئۇلۇغ سامانىيلار دۆلىتى"نىڭ "ئۇلۇغ"لۇقى نەگە كەتتى؟ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئېغىر ئىش يوق. بۇنىڭغا كىم جاۋابكار؟ مەنسۇرخان بولماي كىم بولاتتى؟! زۇلۇم، تالاش، بۇلاش... باغداد خەلىپىسىنىڭ سادىق مۇرىتى، ئاللا يولىدا، دىن يولىدا ئىشلەش، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش-يامانلىق قىلماسلىق... دېگەن گەپلەر نەدە قالدى؟!... ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟! ھە، راست ئالدامچىلىق! ئەمدى قانداق قىلىسەن، مەنسۇر؟ "ئۆزەڭ تاپقان بالاغا، نەگە بارسەن دەۋاغا"... نېمە قىلىش كېرەك؟ مەزمەخان بىلەن بىرلىشىپ بۇغرا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش... ياق، بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ. تېخى دۆلەتتىن ئۈمىد بار. ئارقىمىزدا خوراسان بار. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇغراخان سامانىنىڭ

بۇنداق بىر "زالىم" چېرىكباشنى ئامان قويماسلىقى تۇرغان گەپ... ئەمما، يېڭىلىپ، خەلق ئالدىدا سوراق قىلىنسا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرمەندىچىلىك بولامدۇ؟ يەنە تېخى دار تۈۋىگىمۇ بېرىپ قىلىشىڭ مۇمكىن... ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك!... بۇلارنى ئاز دەپ بالانىڭ چوڭى كەلدى. بىر ياقتا ئارسلان، بىر ياقتا مەزەم، بۇ ئىككى تاغنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقىنىنى دېمەمدىغان؟ "تەسلىم بولساڭلا ئۆلتۈرمەيمىز، بەش كۈن ۋاقىت..."

ئىبن بىلال مۇشۇنداق ئويلاردا قىينىلىپ يۈرگەندە، مەنسۇر خاندىن قەتئىي بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇقتا "بۇغراغا قارشى ئۇرۇش — ھايات-مامات كۈرىشى. باغداد خەلىپەم بىزگە يار، خۇراسان تەڭداشسىز كۈچ بىلەن ياردەم بەرمەكچى. ئەللىك مىڭ چېرىك يولغا چىقتى. چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشۇش كېرەك. شاشنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك. ياردەمگە چېرىك بارىدۇ. كىمكى ياغىغا قارشى تۇرۇشتا بوشاڭلىق قىلسا، ئۇ دۆلەت قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ..." دەپتۇ. بۇيرۇقنى ئېلىپ ئىبن بىلال غەيرەتكە كەلدى. خاننىڭ بۇيرۇقى دۆلەت پەرمانى، خەلىپەم يار، خۇراسان مەدەت... سەن ئۇلۇغ سامانىلار دۆلىتىنىڭ بىر شەرەپلىك چېرىكباشى-دە! تەسلىم بولۇش-جىنايەت. ئەمما، لېكىن...

ئەتە بەش كۈن، دېگەندە ئىبن بىلال ئۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇقتا "مەزەمنى توسۇپ تۇرۇپ، ئارسلاننى يوقىتىش" دېيىلگەندى. ئۇ "تۆمۈر لەشكەر" دەپ ئاتالغان ئەللىك مىڭ "يېڭىلمەس" قوشۇننى ئىشقا سالدى. بىر تۈمەن چېرىكنى مەزەمنى توسۇشقا قالدۇرۇپ، قىرىق مىڭ چېرىكنى ئارسلاننى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. لېكىن، ئىش ئىبن بىلالنىڭ ئويلىغىنىچە بولماي چىقتى.

چىرچىق دەرياسى بويىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە ئۇنىڭ قوشۇنى قاتتىق زەربە يەپ، يېڭىلىپ قاچتى. ئۇلار توپتوغرا سەمەرقەنتنى كۆزلەپ، مىرزا چۆلىگە قاراپ قېيرۇقىنى تىكىۋەتتى. چىرچىق دەرياسى بويىدا جەڭ باشلىنىش بىلەن تەڭلا مەزەمخان قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بىن بىلالنىڭ بىر تۈمەنلىك چېرىكىنى تارمار قىلىپ، شەھەرگە يېقىنلاپ كەلدى...

بىن بىلالنىڭ بېشى قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تەسلىم بولۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئەمدى بۇغرا سېنى كەچۈرمەيدۇ، مەزەم بولسا تېرەڭنى سويىدۇ. جاننى ئېلىش كېرەك.

بىن بىلال شۇ كۈنى تۈنىدە ئۆزىنىڭ بىر مىڭلىك قاراۋۇلچى چېرىكى بىلەن جېنىنى ئالدى... ئۇ شاشنىڭ شىمال دەرۋازىسىگە مېڭىپ، قوغۇنچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، مىرزا چۆلىگە قاراپ يول ئالدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاۋال مەزەمخان قوربېشى، ئاندىن ئالىپ ئارسلان ئىككى تەرەپتىن شاشقا كىردى. مەزەمخاننىڭ ئورتاقلىرىنىڭ چۇشەندۇرۇشى بىلەن خەلق ئاممىسى مەزەمخان ۋە ئۇنىڭ چېرىكلىرى بىللە ئالىپ ئارسلاننى، چەبەر سۇباشىنى، بۇغرا قوشۇنىنى قارشى ئالدى.

شاش ئازاد بولدى. شەھەر خەلقى ئۆز ئەركىنلىكىنى شاد-خۇرام تەنتەنە قىلدى. بۇغرا قوشۇنىنى مەدھىيىلىدى. مەزەمخانغا بارىكاللا ئېيتتى...

* * *

نۇھ مەنسۇر II نىڭ ھالى خاراپلاشتى. ئۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ، غالجىر ئىتتەك كۆرگەنلا كىشىنى چىشلەيدىغان

بولۇپ كەتتى. "مېنى قىلىچىدىن قان تامىدۇ دېگەنلەر ئەمدى قىلىچنى كۆرۈپ قويسۇن!" دەپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يالا - چاقىلىرىنى، ئارقىغا ماڭغۇزۇۋېتەتتى. "ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان" بىردىنبىر ئايال كىشى ماھبانۇ بولۇپ قالدى. ئۇ كۆڭۈللۈك تىنچ چاغلاردا ماھبانۇنىڭ "ياشلىق" ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ، ھەر ئاتتىدىن قاراپ كۈلۈپ قوياتتى. ماھبانۇمۇ "ھۆرمەت" يۈزىسىدىن زورمۇ - زور كۈلۈپ قوياتتى. لېكىن، ئۇنىڭ پادىشاھقا بولغان ئۆچمەنلىك ئوغىسى قايناپ، ئۇنىڭ چاپسانراق زاۋال تېپىشىنى تىلەيتتى. كېيىنكى كۈنلەردە پادىشاھ ماھبانۇغا قاراپ كۈلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ماھبانۇنىڭ پادىشاھقىمۇ "مېھرىبانلىقى" ئېشىپ كەتتى. ئۇ "قەدىردان ئۇلۇغ پادىشاھىم" دېگەندە، پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئېرىمەي قالمايتتى. لېكىن، بۇ سابىق كېنىزەكنىڭ ئىشىدىن پادىشاھنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ئېرىكەش ۋەزىرنىڭ پادىشاھ يېنىدىكى كۆزۈنمەس سايىسى ئىدى.

ئاخشام مەنسۇر باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم سامانى، سەردار ئەبۇ ئىبراھىم بىن ئىسمائىل ۋە ئوردۇ ئاغىسى مىرزا ئۇبەيدۇللالار بىلەن ئۇزاق مەخپىي سۆھبەتلەشتى. بۇ سۆھبەتنىڭ مەخپىيىتىنى ماھبانۇ بۈگۈن سەھەردىلا ئېرىكەشبەگكە يەتكۈزۈپ بولغانىدى. پادىشاھ بولسا خاتىرجەم ھالدا بۈگۈن كەچكە ئورۇنلاشتۇرغان پىلاننىڭ ئىجراسىنى كۈتەتتى. تۈن يېرىمىدا مىرزا ئۇبەيدۇللا ھودۇقۇپ تۇرۇپ، پىلاننىڭ بۇزۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، پادىشاھ بىرىلغۇدەك خاپا بولدى. "زادى بىزنىڭ مەخپىيەتلىرىمىزدىن ئۇلار قانداق خەۋەر تاپتى، كىم ئېيتتى؟ ئېيت، كىم؟ سىلەر ئۈچەيلەردىن باشقا كىشى يوق ئىدىغۇ؟" دەپ ۋارقىرىدى پادىشاھ.

— بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە قاتناشمىغان گۇمانلىق بىر كىشى بار، ئۇلۇغ شاھىم.

— ئۇ كىم؟

— ماھىبانۇ. ئۇ ئىشىك - پەنجىرە تۈۋىدىن كەتمەيدۇ. تۈنۈگۈن ئۇ كىرىپ چاي قويۇپ تۇردى - دە!

— ھە، نېمە دەيسەن؟ ماھىبانۇ؟ ياق، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ ماڭا سادىق.

— لەۋزى تاتلىق، قەلبى ئاچچىق بولۇشى مۇمكىن، شاھىم. ئوردۇغا مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنىپ خورلانغان، سۆيگەن ئېرى ئاختا قىلىپ تاشلانغان بىر ئايالنىڭ ئۆزلىرىگە "سادىق" بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. مەن دائىم ئۇنىڭ كۆزىدە بىر يوشۇرۇن سىرنى كۆرىمەن.

— ھە، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاۋۋالقى بىر مۇنچە "دوستلار" مەندىن قاچقان يەردە ماھىبانۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. خوپ، ئۇنى بايقاش، دەلىل بىلەن تۇتۇش كېرەك. ئەتە ئوردۇ مەجلىسىنى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىڭ. خۇراساندىن كېلىدىغان چېرىكلەرنى چاپسانلىتىڭ. قوشۇنىڭ ئىچىدىكى خائىنلارنى پايلاش كېرەك. ئېركەشنىڭ ئىزىنى تېپىش لازىم. يەنە ھېلىقى راۋاپچى، بىر قەلەندەرگە شۇنچە ئالدانغان بارمۇ؟

— ئۇلارنى ئەمدى تېپىش قىيىن، جانابىي ئالىيلىرى، ئۇلار...

— تېپىش كېرەك، ئۇ خائىنلارنى چاپسان تېپىپ دارغا ئېسىش كېرەك! — سەت ۋارقىرىدى پادىشاھ، — سىز بۇنىڭغا بېشىڭىز بىلەن جاۋاب قىلىسىز!...

ئوردۇ ئاغىسى گەپ - سۆزسىز ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ بېشىغا بالا

كەلدى. قانداق قىلسۇن، ئۇلارنى تاپقىلى بولارمۇ؟

ئۇلارنى بىر ئوردۇ ئاغىسى ئەمەس، پادىشاھنىڭ ئۆزى ئالالىسۇ تاپالمايتتى.

تۈنۈگۈن سەھەردە ئېركەشبەگ ماھىرلىقنىڭ مەخپى خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئاغىلىرى بىلەن مەسجىدتە قالدى. ئۇلار غەيىپتە قىلىپ مۇدەررىس مەۋلانە شەمسىدىننىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئېركەشبەگ خەۋەرنى ئېيتىپ بەردى. مەنسۇرنىڭ ئەمرى بويىچە ئېركەش ۋەزىر، مەۋلانا شەمسىدىن ۋە ئابدۇل خالىق شايىچى تۇتقۇن قىلىنىشى؛ قاماقتىكى ئەل ئوغلىنىڭ ئىنىسى باشلىق "باش گۇناھكارلار" شەھەر تېشىغا ئەپچىقىپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈلۈشى كېرەك ئىدى. سەرداشلار بۈگۈن قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا يەر تېگىگە چۆكۈشكە، راۋاپچى قەلەندەر بولسا قاماقتىكىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كېلىشتى. كېلىشىم بويىچە ئاخشىمى سەرداشلار غايىب بولدى. ئۇلار ئۈۋچىنى ماراپ ئۈۋىسىنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرغان سۈغۇردەكلا يوقاپ كەتتى. ئۇۋا بەك يوشۇرۇن ئىدى، تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. راۋاپچى قەلەندەر بولسا دوستلىرى بىلەن كۈندۈزى تەييارلىق قىلىپ، خۇپتەندىن كېيىن كىشىلەر ئەمدى ئۇخلىغاندا ئىشقا كىرىشتى.

تۈن قاراڭغۇسىدا بىرسى قاماقخانىنىڭ قوۋۇقىنى ئۇردى. قوۋۇقباقار قوۋۇقنى ئېچىپ قارىسا ئوردۇ قاراۋۇلچى ئەمەلدارى كىيىمدىكى بىر كىشى ئون-ئون بەش قاراۋۇلچىلىرى بىلەن تۇرۇپتۇ. ئۇلار پەرۋاسىزلا ئىچكىرى كىرىپ، تۇپتوغرا قاماقخانا باشلىقىنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، ئويغىتىپ چىقتى. "بىز گۇناھكارلارنى ئالغىلى كەلدۇق، — دېدى 'باشلىق' كىيىملىرىنى كىيگەچ ئۆيىدىن چىققان

قاماقخانا باشلىقىغا، — ئوردۇنىڭ قارارىنى ساڭا يەتكۈزگەن ئەمەسمۇ؟"، "شۇنداق، خەۋىرىم بار. تەييارلاپ قويدۇم" دېدى، قاماقخانا باشلىقى ۋە "باشلىق"نى چېرىكلىرى بىلەن قاماقخانىغا باشلاپ باردى. ئۇ گوندىپايغا "ئىشىكنى ئاچ" دېگەن شەرەت بىلەن بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە گوندىپاينىڭ جىن چىرىقىنىڭ يورۇقىدا، ئۆرە-تۆپە تۇرغان ئون نەچچە "ئاساسىي گۇناھكار"لار كۆرۈندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەل ئوغلىنىڭ ئىنىسى، ئۇنىڭ خاتۇنى ۋە ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر ئوغۇل، بىر قىزىمۇ بار ئىدى.

— ئورنىڭدىن قوپۇش! — دەپ ۋارقىرىدى قەلەندەر، — قاتار تىزىلىش!

"گۇناھكار"لار قاتار تىزىلىشتى. قەلەندەر قاتارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەل ئوغلىنىڭ ئىنىسىنى "مېڭىش" دەپ پەللىكىگە بىرنى تەپكەندى، ئۇنىڭدىن ئىشكەللىك قوش مۇشتىن بىرنى يەپ، يېرىسپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى قىسقاندى، كۆرۈنمىدى، يەنە بىر تەپكە يېدى. "ئېلىپ مېڭىڭلار، ئۆلگۈسى كەپتۇ بۇنىڭ" دېدى قەلەندەر قاراۇغچىلارغا. "قاراۇغچىلار" "گۇناھكارلار"نى ھەيدەپ "ئۆلتۈرۈش" ئۈچۈن شەھەر تېشىدىكى ئادەم يوق بىر يارلىقنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ئالدىراش "گۇناھكار"لارنىڭ قوللىرىنى بوشاتتى. ھەيران قالغان كۆيئوغلى چۆچۈپ قاراپ، قەلەندەرنى تونۇۋالدى-دە، ئۇنى قۇچاقلىدى. سىڭلىسى بىر ئاز ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن "ئاكا!" دەپ ئۆزىنى ئاتتى. باللار ئېسىلىپ يىغلاشتى...

باشقا "گۇناھكارلار" ھېچنېمە بىلمەيتتى. پەقەت بۇ كىشلەرنىڭ

ئۇلارنى قوتقۇزغانلىقىنىلا چۈشىنەتتى.

— ۋاي ئادەم كەلدى، — دېدى بىرسى قاراڭغۇدا بوغۇلۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسىتىپ. بۇلار "گۇناھكار"لارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قاماقخانىغا بارغان ھەقىقىي ئوردۇ قارۇغچىلىرى ئىدى.

— توسۇڭلار، ئۇلارنى! — دېدى "قەلەندەر" دوستلىرىغا — "گۇناھكار"لارغا قاراپ، — ئاۋۇ يارلىقتا ئات بار، چاپسان قېچىڭلار، — دېدى يارلىقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ. "گۇناھكار"لار يارلىقتىكى ئىككى كىشى تۇتۇپ تۇرغان ئاتلاردىن ئۇنىنى ئېلىپ مىندى-دە، يار ئىچى بىلەن يۇقىرى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

"قەلەندەر" ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئوردۇ قارۇغچىلىرى بىلەن تۇتۇشتى، قاتتىق ئېلىشىش بولدى. قاراڭغۇدا قىلىچلارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ئۇرۇلغان قىلىچلاردىن چاقنىغان ئوتلار كۆرۈنەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئېلىشىشتىن كېيىن دوستلار قارۇغچىلارنىڭ بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى، بىرقانچىسىنى يارىدار قىلدى. ئىككى يارىدار دوستىنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ئۇلارمۇ "گۇناھكار"لار كەتكەن ياققا قاراپ چېپىشتى.

* * *

بۈگۈنكى ئوردۇ كېڭىشى ئەتىگەنلا ئېچىلدى. بۇنداق ئالدىراش چاقىرىلىشتىن ئەنسىرىگەن ۋەزىر-ۋۇزرالار بىر-بىرىگە يەر ئاستىدىن سىڭايان قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. مەنسۇر ئالدىراش چىقتى. ئۇ بۆرە تېرىسىنى كىيىپلا چىقىپتۇ. تەختكە ئولتۇرا-ئولتۇرماستىنلا ۋارقىرىدى:

— بۇغرالار بېسىپ كەلمەكتە. قوقەنت بىلەن شاش قولدىن كەتتى. ئېركەش بىلەن مەۋلانە خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى.

ھاماقەتكى گۇناھكارلارنى ئوغرىلار ئېلىپ قاچتى... ئىشەنگەن تاغدا
كىيىك ياتمىدى، چېرىكباشلىرى كارغا كەلمەيۋاتىدۇ. سىلەرچۇ،
جانابىي ۋەزىر، ئەربابلار؟! — ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ توختاپ قالدى،
بېشىنى تۇتۇپ تىترەپ يەنە ۋارقىرىدى، — قېنى ئېيتىڭلار، جانابلار،
ۋەزىر ئېركەش، مۇدەررىس مەۋلانە، يەنە ھېلىقى ئەبۇ ئەلىنىڭ
تاغىسى شايىچىغا ئوخشاش ئىچىمىزدە خەنجەر يوشۇرۇپ يۈرگەن
خائىنلار يەنە يوقمۇ؟...

— ئۇلارنى ئاللىقاچان تۇتقۇنغا ئېلىش كېرەك ئىدى، جانابىي
ئالىيلىرى، — باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم سامانى ئېھتىيات بىلەن
سۆزلىدى، — ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى گۇمانلىق ئىدى...

— گۇناھنى ماڭا ئارتماقچىمۇسىز، جانابىي باش ۋەزىر؟ — مەنسۇر
ئۇنىڭ سۆزىنى كەستى، — سىز زادى باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىڭىزنى
قانچىلىك ئىجرا قىلىۋاتىسىز؟ ياغىنى چېگرىدا يوقىتىش پىلانلىرىڭىز
نەگە كەتتى؟...ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇققا كۈچىڭىز يەتمىدىمۇ! ياغى
بوسۇغىمىزغا يېقىنلاشتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆتكەننى
قويۇپ ھازىرقىنى سۆزلەڭ...

بىر ئوردۇ خىزمەتچىسى كىرىپ ئوردۇ ئاغىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-
لىدى. ئۇ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

— ياغىنى بوسۇغىمىزغا كەلتۈرمەي يوقىتىشىمىز كېرەك، — دېدى
سەردار ئەبۇ ئىبراھىم ئۆزىدىكى ئىشەنچسىزلىكنى يېپىش ئۈچۈن
ياسىما ئاۋاز بىلەن، — بارلىق كۈچنى سەپەرۋەر قىلىش، سەپتىن
قايتقان چېرىكلەرنى رەتلەش...

— يەنە شۇ رەتلەش، تەييارلىق، سىز رەتلەپ بولغۇچە ئۇلار
كېلىپ بولىدۇ سەردار. ھازىر ياغىنى كەلتۈرمەي يوقىتىش ئەمەس،

سەمەرقەنتنى قانداق ساقلاشنى ئويلىشىڭىز كېرەك.

— يەتمىش مىڭ چېرىكىمىز بار. ئارقىدىن ئەللىك مىڭ چېرىك كەلسە بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى. قوقەنت، شاشنى ئالغان چېرىكلەردىن ئاز دېگەندە ئوتتۇز مىڭ چېرىكنى ئويۇشتۇرۇشقا بولىدۇ. جەمئىي بىر يۈز ئەللىك مىڭ. بۇغرالار يۈز مىڭ كىشىدىن ئۆلگەنلەر، يارىدارلار ۋە شەھەرلەرگە تاشلاپ كەلگەنلەردىن باشقا يەتمىش-سەكسەن مىڭ چېرىك بىلەن كېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنى يوقىتىمىز، پايتەختىمىزنى، جانابىي ئالىيلىرىنى چوقۇم قوغدايمىز.

— ھېسابىڭىز پۇچەك، جانابىي سەردار. ئارقىدىن ئەللىك مىڭ كىشى كېلەلىشى ئىككى تايىن. بۇغرالاردىن باشقا يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنى ھېسابقا ئالمىدىڭىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، چېرىكلىرىڭىزنىڭ چېرىكباشلىرىڭىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا ياغىغا تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئوبدان مۆلچەرلىشىڭىز كېرەك. سىز چوڭ ئىشەنگەن بىن بىلال قورباشى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قانچىلىك ئىشقا ياردى؟

— بىن بىلال قەتئىي بولمىدى، ئۇ ئىككىلەندى، مەزەمخانغا ۋاقتىدا چارە قىلمىدى...

خاننىڭ چېرىك ئىشلىرى كاتىپى ئالدىراش كىرىپ مەلۇمات بەردى:

— ئارقىدىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەر سىبۇق تېكىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ.

— ھە! — دېدى خان چۆچۈپ قوزغىلىپ.

— قانچىلىك چېرىكى بار ئىكەن؟

— يىگىرمە مىڭ.

— كەلگەنلەرچۇ؟

— ئۇنىڭغا ئىشەنمە. (؟)

— سەردار، ياردەمگە بىر تۈمەن چېرىك ئەۋەتساق، — خان سەردارغا بۇيرۇق قىلدى. سەردار رازىلىق بىلدۈرۈپ، كاتىپقا باش لىڭشىتتى. كاتىپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ئوردۇ ئاغىسى ھودۇقۇپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى قارۇغچى ماھىبانۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلىدى. ئولتۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ ئەبلەخ خائىنلارنىڭ پايلاقچىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئىشىك ئارقىسىدا تىڭ-تىڭلاپ تۇرغاندا تۇتۇلدى. ئۆزى ئىقرار قىلدى، — دېدى ئوردۇ ئاغىسى تىترىگىنىچە...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — غەزەپلەندى خان، — سەن ئۇلارغا نېمە خەۋەرلەرنى يەتكۈزدۈڭ؟

— ئاگلىغان-بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى، — ماھىبانۇ ئۆرە تۇرغىنىچە بېشىنى تىك تۇتۇپ سۆزلىدى.

— ئېركەشلەرنى سەن قاچۇردىڭمۇ؟

— ئۆزلىرى قاچۇردىلا، پادىشاھى ئالەم، — دېدى ماھىبانۇ كىنايە بىلەن.

— ھە، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىشقا، قاماشقا قارار قىلغان كىم؟

— ئۇلار قانداق بىلىدۇ؟

— مەن يەتكۈزدۈم-دە!

— ئوردۇدا مېنىڭ زور شەپقىتىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق سېنى شۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئاشۇ"شەپقەتلىرى" مەجبۇر قىلدى. مېنى

ئېرىمدىن ئايرىپ بۇلاپ كەلگەن شەپقەتلىرى مەجبۇر قىلدى، ئېرىمنى ناكار قىلىپ قويغان شەپقەتلىرى مەجبۇر قىلدى، ئەلگە سالغان زۇلۇملىرى مەجبۇر قىلدى، پادىشاھى ئالەم! مەن ساڭا ئۆچمەن. پۈتۈن قېنىم بىلەن ئۆچمەن. سەندىن ئۆچۈمنى ئالدىم، قىلغىنىڭنى قىل!...

— ئاغزىڭنى ياپ ئەبلەخ!

— ئۆزەڭ مۇناپىق، جاللات سەن.

— ھەي قايسىڭ بار؟!

ئىككى نەيزىلىك چېرىك كىرىپ تەق تۇردى.

— بۇنىڭ تىلىنى كېسىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى خان.

— يېقىندا ئۆلىسەن، بۇغراخاننىڭ قىلىچى بىلەن بېشىڭ كېسىلىدۇ، قانخور! — ماھىبانۇ چېرىكلەرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، بېشىنى كەينىگە بۇراپ ۋارقىرىغانچە چىقىپ كەتتى...

چېرىك كاتىپ كىرىپ مەلۇمات بەردى:

— قوقەنت چېرىكباشىنىڭ ئورۇنباسارى كەپتۇ.

— كىرسۇن!

قوقەنت چېرىكلىرىنىڭ ئورۇنباسارى پاراكەندە كىرىپ كەلدى:

— ئۇلۇغ شاھىم، قوللىرىنى ئەپۇ قىلغايلا. بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلالمىدىم، — دېدى ئۇ خاننىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ.

— لەشكەرباشى قېنى؟

— شېھىت بولدى. قوقەنت يېنىدىكى جەڭدە ۋاپات بولدى.

— سەردار! بۇ كىشىگە قوقەنت لەشكەرباشى نامى بېرىلسۇن! سىز لەشكەرباشى، — دېدى مەنسۇر، شۇ تاپتا يارلىق ئالغان

ئەسلىدىكى ئورۇنباسار چېرىكباشقا — قوقەنت چېرىكلىرىنى رەتكە سېلىپ، سەمەرقەنتنى قوغداشقا تەييارلىق قىلىڭ.

چېرىكباشى ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەمىرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى بېشىنى ئېگىپ ۋە بۇرۇلۇپ، قاتتىق دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

چېرىك كاتىپ يەنە كىرىپ مەلۇمات بەردى:

— شاش چېرىكلىرى باشى ئايۇپ بىن بىلال كەلدى!

— كىرسۇن!

بىن بىلال ھارغىن قىياپەتتە سالماقلىق مېڭىپ كىرىپ مەنۇر-نىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە يېنىدىكى قىلىچىنى غىلىپى بىلەن بويىنىدىن ئېلىپ خاننىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئۇلۇغ شاھ! ماڭا جازا بەرسىلە، — ئۇ تەكەللۇپ بىلەن ئازراق بېشىنى ئېگىپ قويدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— خەلقتىن ئايرىلغان دۆلەتنىڭ چېرىكباشلىقى بولغىنىم ئۈچۈن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، كىم خەلقتىن ئايرىلىپتۇ؟

— ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم. ئاللا بەندىلەرگە شەپقەت قىلىڭلار، پەيغەمبىرىم ئۈممەتلىرىگە غەمخورلۇق قىلىڭلار دېدى. سىز بولسىڭىز شەپقەتمۇ ئەمەس، غەمخورلۇقمۇ ئەمەس، جەبىر-زۇلۇم قىلدىڭىز. بىز ئەمەلدارلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلدىڭىز، ئەل بىلەن بولۇش ياكى ئەلدىن ئايرىلىش بىر دۆلەتنىڭ، بىر دۆلەت باشلىقىنىڭ تارازىسى. بارغانچە غالىبىيەت

بىلەن ئالغا ئېسىۋاتقان بۇغراخان بىلەن داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋاتقان سىز بۇنىڭ روشەن دەلىلى، جانابىي سۇلتان...

— ئاغزىڭنى يۇم ئەخمەق! نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟

— مەن بىر ئەخمەققە ئالدانغان ئەخمەقمەن!

— تىلىڭنى تارت! قەيەردە سۆزلەۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇما!!

— ئۇنتۇمايمەن، جانابىي ئالىيلىرى، ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. قان پۇراپ تۇرغان بۇ ماكاننى مېنىڭ روھىممۇ ئۇنتۇيالمايدۇ. سەنمۇ ئۇنتۇيالمايسەن، شاھ، بۇ سېنىڭ بوينۇڭغا ئېسىلغان تەۋقى لەنەت تۇمارى...

— جاللات!!!

ئالدىدا ئىككى، كەينىدە بىر ئىشتانچاق، مەيدىلىرىنى تۈك باسقان، قىزىل كۆز، يوغان گەۋدىلىك ئۈچ جاللات كىرىپ كەلدى. ئالدىدىكى ئىككىسى بىن بىلالنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ توختىدى. چوڭراق بىرسى يوغان قىلىچنى پاينىكى بىلەن دولىسىغا قويۇپ تىك تۇردى.

— ئەپچىقىڭلار، بۇ مەلئۇننى!

ئىككى جاللات بىن بىلالنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىدى.

— مەلئۇن! ھا، ھا، ھا... پېشانەڭنى سىلاپ باق جاناب، مەلئۇن دېگەن تامغا ئويۇقلۇق تۇرۇپتۇ ئەنە... ھا، ھا، ھا...

— مۇشۇ يەردىلا بېشىنى ئال، دەرھال چاپسان!... — ۋارقىرىدى مەنسۇر ئورنىدىن قوپۇپ غەزەپ بىلەن.

بىن بىلال بېشىنى ئارقىسىغا ئەمدى بۇرىغانىدى، ئارقىدىكى جاللات قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۈچ بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا ئۇردى. تېنىسى كاللىسىدىن ئايرىلىپ يوغان كۆپتەك "كۆپ"

قىلىپ يىقىلدى، سىلكىنىپ، پۇت ئېتىپ جىمىپ قالدى. كاللىسى ئىرغىپ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇ قان ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، دومىلاپ تەختكە يېقىن باردى-دە، مەنسۇرغا كۆزلىرىنى ئالايتقاچ تىك توختاپ قالدى...


مەنسۇر ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە داجىدى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئارقىسىغا دەسسەپ تەخت سۇپىسىدىن چۈشتى-دە، شاپاشلاپ ئىچكىرى ماڭدى...

— ئەپچىقىڭلار بۇنى، — دېدى باش ۋەزىر ئابدۇل كېرىم. جاللاتلار باشنى ئېلىپ، تېنىنى سۆرەپ چىقىپ كەتتى، — ھېچ قورقۇلۇق ئەمەس جانابلار. دۆلەتكە، پادىشاھقا قارشى بولغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ھەممىنى سەمەرقەنتنى قوغداشقا قارىتىش كېرەك. سەردار ئەلى ئىبراھىم مۇداپىئە چارىسى بويىچە ئىشقا كىرىشسۇن. كېڭەش تۈگىدى. يۈرۈڭ سەردار، ئوردۇ ئاغىسى، سىزمۇ...

ئۇلار ئىچكىرى كىرىپ كەتتى...

# سەككىزىنچى قىسىم

تىنمۇ-تىنىغ چېلىشتا يېڭىلمەس بۇغرا،
قىلىچىن ئۈزەر ئۇل ياغىغا تۇغرا،
تۈمەن مىڭ چېرىگە «ئۇران» تۇۋلىسا،
جەڭگاھتا ياڭرىغاي سۇنايۇ ناغرا،



## بىرىنچى باب

# سەمەرقەنتنى ئېلىش

بىر يىل كېيىن، يىلان يىلى ئەتىياز پەسلى.

سەمەرقەنتنىڭ ئون چاقىرىمچە شەرقىدە، پېشانىسىدە دۆلەت تۇغى يەلپۈلدەپ تۇرغان چۈشكۈن ئالدىدا سۇتۇق بۇغراخان مېڭىپ يۈرەتتى. كۈن تېرەك بويى كۆتۈرۈلدى، ئۇ تېخى ناشتا قىلمىدى. ئۇ ماڭغاچ پات-پات ئۇڭ تەرەپتىكى يولغا قاراپ، كىمنىدۇ كۈتەتتى. ئۇ بۈگۈن سەھەر كۈن چىقماستىن ئىلگىرىلا قوپۇپ كەتكەن، روھلۇق، تېتىك، لېكىن، كەيپىياتى جىددىي ئىدى.

سول ياق بېغىردىن قۇتلۇق سۇباشى كېلىپ سالام بەردى.

— كېلىڭ سۇباشى، قاراڭ، ئۇ تېخى كۆرۈنمەيدۇ. ئەتىگەن بارىمەن، دەپتىكەنغۇ؟

— كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئارىلىق خېلى يىراق. ئايلىنىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— ھە، شۇنداق، ئايلىنىپ مېڭىش كېرەك. سۇباشى، يەنە بىر كېچە تىنچ ئۆتتى. ياغى ئەجەب ھەرىكەت قىلمايدىغۇ؟

— ئۇلار بىرەر نەرسىنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك، پەممىچە ياغى قوغدىنىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— مەنسۇرنىڭ قوغدىنىشتىن باشقا ئىلاجى قالمىدى، دەڭ. ھە، ھە، ئۇنىڭ ھالى خاراب. قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىگە ئوخشايدۇ.

لېكىن ئۇ جان ئاچچىقىدا ئېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەركىن، بېرىپ يولغا قاراپ بېقىڭلا، — دېدى بۇغراخان چۈشكۈندىن چىقىۋالغان ئەركىنگە.

— شۇنداق. بىرتۇتقۇچ ئاسانلىقچە بوي بەرمەيدۇ، ئېتىلىپ جەڭ ئاخىرلىشىپ قالدى. سەمەرقەنت ئېلىنسا، مەنسۇرنىڭ تەقدىرى ھەل بولىدۇ.

— سەمەرقەنتنى ئېلىش ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ، قۇتلۇق-بەگ. ئۇۋۇسىدىكى تۈلكىنى تۇتۇۋېلىش تەس. ئىلاجى بار ئازراق چىقىم بولسىمۇ ئۇنى ئەپلەپ تارتىپ چىقىش كېرەك ئىدى.

— ئەنە كېلىشتى! — دېدى ئەركىن ئوڭ تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە، ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ.

— ھە، كەلدى، — ئۇلار يېتىپ كەلدى. يۈزلۈك سۇباشى... — بۇغراخان ئالدىراپ ماڭغانىدى، ئاتلىقلار كۆرۈندى. بىر توپ ئاتلىقلار ئالدىدا ئالىپ ئارسلان، ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن بوز يىگىت، جەبەر سۇباشى كېلەتتى. ئارسلان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بۇغراخاننىڭ ئالدىغا ئىلدام باردى. بۇغراخان قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئارسلاننى قۇچاقلىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ سىياقىغا تىكىلدى:

— ئاھ، دوستۇم ئارسلان، ئامان كەلدىڭىز. قاراڭ، ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزاق بولمىسىمۇ بەك سېغىندىم سىزنى.

— مەنمۇ بەك سېغىندىم، خەتەرلىك سەپەرلەردىن كېيىن...

— ھە، جەبەر سۇباشى، — دېدى بۇغراخان ئۇنىڭ بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، — قىينالدىڭىز، ھارمىغايسىز.

— ئۇلۇغ خاندانلىقىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ياخشى

ئۇرۇپلا. ئۇلار ماڭغاچ سۆزلەشتى.

— ئەل ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئامانلىقى كېرەك، — دېدى ئارسلان.

— ھەممىگە ئامانلىق كېرەك. بىراق، "بۇغراخان" دېگىنىڭنى قاراڭ. بىز ئوردۇدا تەخت ئۈستىدە ئەمەسقۇ. بىر ۋاقىتلاردا مېنى "سۇتۇق تېكىن" دەپ ئاتايتتىڭىزغۇ؟

— ھازىر سىز ئۇ چاغدىكى بالا، خان ئوغلى ئەمەس-تە!

— يەنە "خان ئوغۇل" بەگباش سۇتۇق دەڭ. خوپ، قۇتلۇق-بەگ ئوخشاشلا ئەزىيەت چەكتى، — قۇتلۇقبەگنى كۆرسەتتى.

ئارسلان، چەبەربەگ، قۇتلۇقبەگ ھەم ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى.

— مانا قاراڭلار، سەمەرقەنت، مىڭلاپ چاقىرىم يول بېسىپ كەلگەن مېھمانلارنى توسۇپ بۇ ئارزۇلۇق شەھەرگە كىرگۈزمەيۋاتىدۇ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ بۇغراخان ۋە شەھەر سېپىلى تېشىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان قاتار-قاتار سەپ بولۇپ تۇرغان ياغى چېرىكلىرىنى كۆرسەتتى، — بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز كۈتۈپ تۇرماقتا. كىرگۈزمىسە، ئىلاجى يوق، ئۇرۇپ كىرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئارسلان بىلەن چەبەربەگ شەھەر سىرتىغا سەپ سالدى. يىراقتا سەمەرقەنت، ئۇنىڭ سېپىلى ئۈستىدە ئاق-قارا تۇغ-ئەلەملەر ھەم كۆرۈنە-كۆرۈنمەي نەيزىلىك چېرىكلەر تۇراتتى. سېپىل تاشقىرىسىدا قات-قات ياغى چېرىكلىرى، پىيادە-ئاتلىق، يەنە پىيادە ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلغان. بۇ يەردە تۇرغان ياغى چېرىكلىرىنىڭ ئەلەملىرىنى، ئاتلىرىنى، نەيزە، قىلىچ ۋە كىيىملىرىنى كۆرگىلىمۇ بولمايتتى.

— مۆلچەرچە ئوتتۇز مىڭ كىشى، بۇلار ياغىنىڭ قوزۇق قوماندار قوشۇنى بولسا كېرەك، — چۈشەندۈردى چەبەر سۇباشى. — سېپىلدە، سىز ياقتا، شەھەرنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىمۇ چېرىكلىرى ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ.

ئارسلان ياغى قوشۇنىنىڭ ئىككى چاقىرىمچە نېرىسىدە پىيادە-ئاتلىق ئۇلارغا قارشى تىغمۇتىغ سانجاق تۇرغان ئۆز قوشۇنىغا قاراپ زوقلاندى. قوشۇن باشلىرىدا يەلپۈلدىگەن بۇغرا قوشۇن ئەلەملىرىنى كۆرگەندە، ئۆزىدە بىر خىل مەغرۇرلۇق سەزدى. چۈشكۈنىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىدە ئىككى قانات قوشۇن، ئارقىدا — يىراقىراقتا تەييارلىق قوشۇن تۇراتتى.

— كۆردىڭىزمۇ، جەڭ ئالدىدىكى سۈرلۈك كۆرۈنۈش ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈش، — دېدى بۇغراخان، — ياغىنى يوقىتىش كۆڭۈللۈك، قان تۆكۈلۈشى كۆڭۈلسىز. ئامال قانچە؟ چىقراق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئازراق قان تۆكمەي بولمايدۇ.

— شۇنداق. بىز بەرگەن قانلاردىن گۈل ئۈنۈپ چىققاي، — دېدى ئارسلان بۇغراخاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— يۈرۈڭلار، ئەچكىرى كىرەيلۇك، — بۇغراخان ئۇلارنى باشلاپ كىرىپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، — ئولتۇرۇڭلار، بىللە ناشتا قىلايلۇق.

— تېخىچە ناشتا قىلماپلى-دە؟ — ھەيران بولدى ئارسلان.

— دوستلار بىلەن بىللە يېگەن تاماق لەززەتلىك بولىدۇ...

ناشتىدىن كېيىن ئۇلار سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۇرۇشى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. مەسلىھەتكە ئىككى سۇباشىنىڭ ئايغۇچىلىرى، تۈمەن-

باشلىرى قاتناشتى.

ئالىپ ئارسلان ئۆزىنىڭ سەپىرىدىن، شاشنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى. ئۇ شاشقا مەزەمخانىنىڭ ئەمىر ھەم لەشكەرباشى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى، مەزەمخانىنىڭ ۋە شاش ئۇلىسى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بۇغراخانغا سالام ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ، "ئۇلار ئۆزلىرىگە مانا بۇ خەتنى ئەۋەتتى" دەپ، بىر چوڭ لېپاپىغا سېلىنغان خەتنى تاپشۇردى. لېپاپا ئۈستىگە "ئۇلۇغ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا شاشلىقلارنىڭ قەلب سالىمى" دەپ ئەرەب يېزىقىدا خەت يېزىلغانىدى. بۇغراخان خەتنى ئېچىپ كۆزدىن كۆچۈردى ۋە كۈلۈمسىرەپ، خەتنى بوز يىگىتكە بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىپ ئارسلان سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۇرۇشى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. باشقىلارمۇ ئىلگىرىكى جەڭلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا ئاساسەن ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بۇغراخان مۇنداق دېدى:

— باش باھاردا قەشقەردىن چىقىشقانىدۇق. كەچ كۈزدە سەمەرقەنتنىڭ بوسۇغىسى تۆۋىگە كەلدۇق، يۇرۇشىمىزنى ئويلىساق، بىرىنچى يولدا ئۈچ مىڭ چاقىرىمچە، ئىككىنچى يولدا تۆت مىڭ چاقىرىمچە يول بېسىپتىمىز. بىرىنچى يولدا ئوش، ئۆزگەن، پەرغانە، قوقەنت. ئىككىنچى يولدا مايلى ساي، ئۆزگەن، نەمەنگان. شاشتا سەككىز قېتىم جەڭ قىپتىمىز، كۆردۈڭلارمۇ، ئىككى يولنى قوشقاندا ئالتە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق سەپەر، سەككىز قېتىملىق چوڭ-كىچىك جەڭ بوپتۇ. ئۇزاق سەپەر، چوڭ ئېلىش، ئۇلۇغ يۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئىككى تۈمەندەك كىشىمىز شېھىت بولدى، لېكىن، چېرىكلىرىمىزنىڭ سانى ئازايمىدى، ئۇ يەرلىك

قوشۇنلار بىلەن كۆپىيىپ تۇردى. يىگىتلىرىمىز، باشلىرىمىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. خەلق بىزنى قارشى ئالدى. ياردەم بەردى. بۇ ئۇلۇغ يۈرۈش، بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ يۈرۈش. ئۇتۇق چوڭ، بىراق، تېخى بۇ ئاخىرقى ئۇتۇق ئەمەس. ياغىنىڭ ئۇۋەسىنى يىمىرىش ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇ ئىشنىمۇ ئۇتۇقلۇق تۈگىتىشىمىزگە ئىشەنسەك بولىدۇ...، — بۇغراخان بىرئاز توختۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — "ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل" دەپتىكەن خەلق ماقالىسىدا. بىز ھەرگىز بېلىمىزنى بوشاشتۇرمايلۇق...

بۇغراخان يولداشلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتنى ئېلىش "رىجىسى"نى ئوتتۇرىغا قويدى:

سەمەرقەنتنى ئېلىش؛ شەھەرنى، شەھەر خەلقىنى ئامان ساقلاش؛ ياغىنى شەھەر تېشىغا تارتىپ چىقىپ ئۇرۇش، بولىسا قاماپ بويسۇندۇرۇش. مۇشۇ باش رىجە بويىچە، بىر ياقتىن ئۇرۇشۇپ، بىر ياقتىن قامالغا ئېلىش جېڭىنى باشلاش قارار قىلىندى. پۈتكۈل جەڭگە بۇغراخاننىڭ ئالىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئالىپ ئارسلان باشچىلىق قىلىدىغان بولدى. شەرقىي سەپكە قۇتلۇق سۇباشى، شىمالىي سەپكە چەبەر سۇباشى باشچىلىق قىلىش، غەربىي سەپنى ئەبۇ ئەلىگە، جەنۇبىي سەپنى سىبۇق تېكىنگە قالدۇرۇش. ئىككى ياقتىن قۇتلۇقبەگ بىلەن چەبەر ئۇلارغا ياردەملىشىش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

— ئەبۇ ئەلى ئەتە كېلىدۇ. سىبۇق تېكىن بىرنەچچە كۈن كېچىكىشى مۇمكىن. ئۇ يولدا جەڭ قىلماقتا، — دېدى بۇغراخان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ياغىغا ئەل بولۇپ بويسۇنۇشقا

تەلەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا كۆنمىسە جەڭنى باشلايلى. ئارسلان مۇشۇ يەردە تۇرۇپ جەڭگە باشچىلىق قىلسۇن. باشقا سۇباشىلار دەرھال ئۆز ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار.

باشقىلار كەتكەندىن كېيىن، بۇغراخان ئارسلان بىلەن مەنسۇرغا ئەۋەتىلىدىغان ئەل قىلىش تەلىپىنى تەييارلىدى ۋە جەڭ باشلىشنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇزاكىرە قىلدى

كۈن قايرىلىپ پېشىن بولغاندا جەڭگە تەييارلىق قىلىش كانىيى چېلىندى. ياغى تەرەپمۇ ھەرىكەتلىنىپ قالدى. بۇغراخان ئارسلان بىلەن چۈشكۈن ئالدىغا چىقىپ، ئارقىش قوشۇنىنىڭ باشلىقىنى قىچقاردى. ئارسلان ئاتلىق تەييار تۇرغان باشلىققا بىر لېپاپىلىق خەتنى بېرىپ، "مەنسۇرنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇڭ، جاۋابىنى ئېلىپ قايتىڭ" دېدى. باشلىق ئېتىنى بۇراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھاۋا ئوچۇق كەچ كۈزنىڭ يىللىق كۈنلىرى. قاتار سەپ بولۇپ تىزىلغان قاتمۇقات بۇغرا قوشۇنى قىلىچ-نەيزىلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، جەڭگە تەييار تۇراتتى، ئۇلار ئېتىنى يورۇتۇپ كېتىپ بارغان يالغۇز ئاتلىق ئارقۇ باشلىقىغا تىكىلىشەتتى. ھەممە ياق جىمجىت، دەھشەتلىك قانلىق غوۋغانىڭ ئالدىدىكى جىمجىتلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئازاپلايتتى.

ئەنە، ئارقۇ باشلىقى بۇغرا قوشۇنىنىڭ سەپلىرىدىن ئۆتتى. ئۇ قولىدىكى لېپاپىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۆزسىز ئىلگىرىلىدى. ياغى سېپىدىمۇ جىمجىت، چېرىكلىرى ئەندىشە بىلەن ئارقۇ باشلىقىغا قارىشاتتى. مەنسۇر سېپىل ئۈستىدىكى راۋاقتا چوڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن ئەھۋالنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ، سەپنىڭ ئالدىدىكى چېرىكلەرنىڭ ئارقۇ باشلىقىنى توسمىغانلىقىنى كۆرۈپ،

ئۇنكىرزۇۋىتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئارقۇ باشلىق سېپىل قوۋۇقىغا قاراپ كەلدى...

ئەنە ئۇ، سېپىل ئۇستىدە، مەنسۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ قولىدىكى لېپاپىنى مەنسۇرغا سوزدى، مەنسۇر ئېلىپ كاتىپقا بېرىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

"مەنسۇر شاھقا!

بىز ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋە ئەلنىڭ خاھىشى بويىچە چەڭگە ئاتلانغان. بىز ئەسلىدە قان تۆكۈلۈشنى خالىمايمىز. بىزنى بۇ ياققا كېلىشكە سىز ھەيدەكچى بولدىڭىز. سىز پۈتكۈل چېرىكلىرىڭىز بىلەن بىزگە ئەل بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق بولمىسا ئۆز ئۇۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان."

مەنسۇر خەتنى ئاڭلاپ چاچراپ قوپۇپ كەتتى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ راۋاقتا ئىككى ئايلىنىپ توختىدى. كېيىن كاتىپقا بىرنېمىلەرنى دېدى. كاتىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قەغەزگە يېزىپ ئارقۇ باشلىقىغا تاپشۇردى. ئارقۇ باشلىق خەتنى ئېلىپ سېپىلدىن چۈشتى... ئەنە، ئارقۇ باشلىق ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئارىلىقىدىكى بوش مەيداندا ئېتىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ جىم تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرىسىدە بىر خىيال. ئۇ ئېلىپ بارغان خەتتە نېمىلەر پۈتۈلگەندۇ؟ مەنسۇر قانداق جاۋاب بەردىكىن؟ ئەمدى نېمە بولار؟ ياكى ئەل بولۇش، يا ئۇرۇش. يا ئۆلۈم-يا كۆرۈم. ئىككىسىنىڭ بىرى بولىدۇ. مەنسۇر، بۇ ھىيلىگەر ھەم جاھىل تۈلكە، ئەل بولۇشى قىيىن، ئۇنداق بولسا ئۇرۇش بولىدىغۇ! ھە، ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى چوڭ... بۇ تېپىنچ مەيدان بىردەمدىن

كېيىن قانغا بويالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ باشلارنىڭ قانىنى يەرگە دومىلاپ، قايسىسى ساق قالاركىن-تاڭ! ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەتلىك!...

ئارقۇ باشلىق قايتىپ كېلىپ مەنسۇرنىڭ جاۋاب خېتىنى چۈشكۈن ئالدىدا ئارسلان بىلەن ئاتلىق كۈتۈپ تۇرغان بۇغراخانغا تاپشۇردى. مەنسۇرنىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق يېزىلىپتۇ:

"سۇتۇق بۇغرا:

سامانىلار ئەل بولۇش دېگەننى بىلمەيدۇ، سەن ئەل بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنداق بولمىسا سەمەرقەنت بوسۇغىسىدا قانغا مىلىنىسەن، مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق، مېنىڭ قىلىچىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆر!

سامانىلار پادىشاھى نۇھ II مەنسۇر."

سۇتۇق بۇغراخان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئارسلانغا بەردى-دە، ئۆزى چوڭقۇر ئويلاپ قالدى. ئارسلان ۋە باشقا دوستلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— مەنسۇرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش نامەردلىك بولىدۇ، — دېدى ئۇ جىددىي، يىراققا تىكىلىپ.

— بېرىشقا بولمايدۇ. بۇ تەۋەككۈلچىلىكنى قىلماسلىق كېرەك، — دېدى ئارسلان كەسكىن.

— بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— ھۇجۇم بىلەن جاۋاب بېرىمىز.

— دېيىدىغىنى، نامەردلىك بولىدۇ. ئۇ بىزگە "شاھ" بەردى، "مات" قىلماقچى، بىزمۇ "شاھ" بىلەن جاۋاب بېرەيلى. مەنسۇرمۇ بۇغرا قىلىچىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن.

ئارسلان بۇغراخاننىڭ قەتئىي ۋە ئىشەنچلىك سۆزلىرىگە ھەم خاتىرجەملىكىگە قاراپ مەغرۇرلاندى. لېكىن، ئەنسىرەش ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ تۇراتتى.

— نامەردلىك بولارمۇ؟

— شۇنداق، ھەم قورقۇنچاقلىق بولىدۇ. بىزگە نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق راۋا ئەمەس. ئۇرۇش قانسىز بولمايدۇ... بىز بىر ئۇتۇق بىلەنلا ھېسابىسىز قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالارمىز، بەلكى.

— مەنسۇر نامەردلىك قىلىشى تۇرغان گەپ، — دېدى قۇتلۇق سۇباشى، — باشقىمىز بارايلۇق، مەن باراي.

— مەن باراي، — دېدى ئارسلان قەتئىي.

— مەن بارىمەن، — دېدى چەبەر سۇباشى مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

— بولمايدۇ، ئاداشلار، مەنسۇر مېنى قىچقاردى... شۇڭا مەن بېرىشىم كېرەك. مەن كەتتىم، دوستۇم ئارسلان، ئەگەردە... ھە، سىز تەييار تۇرۇڭ.

ئارسلان قىلىچىنى ئاۋال يانىغا سوزدى. كېيىن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى، ئارسلاننىڭ بۇ چىرىكچە سالىمى شۇنداق چاققان ۋە سۈرلۈك بولدىكى، بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان دوستلىرىنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. سادىق غۇلام بىلەن قاۋۇل كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇ، ئارسلاننىڭ ئادەتتىكى چېرىك سالىمى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئالىي قوماندانىغا، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بۇغراسىغا، قەھرىمان، ئىناق دوستىغا قەسەمياد قىلىشى ئىدى.

— قاۋۇل، قىلىچىڭنى ماڭا بەر، — دېدى سۇتۇق ۋە ئۆزىنىڭ قىلىچىنى ئۇنىڭ قىلىچى بىلەن ئالماشتۇردى. قىلىچىنىڭ بىسىنى پېشانىسىگە قويۇپ، — ئامان ئاداشلار — دېدى-دە، قىلىچنى يانتۇ

تۇتۇپ ئېتىنى بۇراپ ماڭدى. ئارقىسىدىن ئەركىن، قازۇل باتلىق ئون نەپەر تايانچ قارۇغچىلىرى قاتار بولۇپ ماڭدى...

پۈتكۈل قوشۇن ئۇلۇغ خاقانىنى ھاياجان بىلەن قارشىلاتتى. خان يول ئېچىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان چېرىكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ياغى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە...پۈتكۈل مەيدان ھاياجاندا، جىمجىت، سۈرلۈك ئىدى. ئۇ ياقتىكى ياغى سىپىدىن مەنسۇر، ئارقىسىدا ئون نەچچە ياساۋۇللىرى بىلەن چىقىپ كەلدى.

ئەنە ئىككى خان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ يۈزمۇيۈز توختىدى. مەنسۇر ئات ئۈستىدە قىلىچىنى يانتۇ تۇتقان، ئۇنىڭ ئارغىمىقى تىپىرلاپ تۇراتتى. بۇغراخاننىڭ تەجرىبىلىك ئاق ئارغىمىقى بولسا ئىگىسىگە ”مەن بار، غەم يېمە“ دېگەندەك قىلىپ خاتىرجەم تۇراتتى. ئىككى خان تەڭلا قىلىچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پېشانىلىرىگە قويدى-دە، ئاندىن ”شارت“ قىلىپ بىر-بىرىگە توغرىلىدى، قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ئۇلاردىن ئون-ئون بەش غۇلاچ ئارقىسىدا قارۇغچىلىرى، ياساۋۇللىرى يالاڭ قىلىچلىرىنى پايىنىكى بىلەن دولىسىغا قويۇپ ئاتلىق تۇرۇشاتتى.

ئاق-قارا ئىككى ئارغىماق دەسلەپ ياۋاشراق بولۇپ ئوڭ-سولغا بۇرالدى. كېيىن پىرقىراشقا، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ چۆگىلەشكە باشلىدى. قىلىچۋازلىق قىزىپ كەتتى. بۇغراخان ئات ئۈستىدە ئۇ ياق-بۇ ياققا تاشلىنىپ، چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئوينىتاتتى...ئىككى ياقتىكى چېرىكلەر بەك ھاياجان بىلەن بۇلارنى كۆزىتەتتى. ئۆز خانى ئۈستۈن بولغاندا خۇش بولۇش، قارشى تەرەپ ئۈستۈن بولسا ئەنسىرەش كەيپىياتى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر



چۈشۈپ تۇراتتى.

قىلىچۋازلىق ئەۋجىگە چىقتى. قىلىچلارنىڭ جاراڭلاپ ئۇرۇلغان ئاۋازلىرى ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇغراخاننىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۇرغان قىلىچى بىلەن مەنسۇرنىڭ قىلىچى ئۇچۇپ كەتتى. بۇغراخان ئالدىرىماي قىلىچى بىلەن يەردىكى قىلىچنىڭ ئوتتۇقۇچىدىن ئىلىپ ئېلىپ، قورقۇپ، ھودۇقۇپ تۇرغان مەنسۇرغا تاشلاپ بەردى. قىلىچۋازلىق يەنە باشلاندى.

بىركەمدە مەنسۇر ئېتىنى ئويىنىتىپ كېلىپ بۇغراخانغا قىلىچ ئۇرغانىدى، قىلىچنىڭ ئۇچى بۇغراخاننىڭ بىلىكىنى تىلىۋەتتى. بۇغراخان قان ئېقىپ تۇرغان بىلىكىگە قاراپ قويۇپ، ئاتىنىڭ تىز-گىنىنى تارتىپ بىقىنىغا تېپىپ قويۇۋەتتى. ئاق ئارغىماق ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنىدى ۋە ئالدىغا ئىرغىدى. بۇغراخان ئاتنىڭ ئىرغىشى بىلەن تەڭ قىلىچىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇرغانىدى، تەۋەررۈك پەرغانە قىلىچى مەنسۇرنىڭ قىلىچىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. باش ئايلاندۇرۇپ ئوڭغا پەس ئۇرۇلغان قىلىچ بىرىپ قارا ئارغىماقنىڭ بىقىنىنى يېرىۋەتتى. مەنسۇر ئالدى ئاياغلىرى كۆتۈرۈلگەن ئېتى بىلەن موللاق ئېتىپ يەرگە دومىلىدى.

ئارقىدىكى ياساۋۇللار كېلىپ مەنسۇرنى دالدىغا ئالدى ۋە بۇغراخانغا ئېتىلدى. بۇغراخاننىڭ قارۇغچىلىرىمۇ دەرھال كېلىپ خاننى قوغداپ، ياساۋۇللارنى چېكىندۇردى. ئۇلار قىلىچلىشىپ كەتتى. مەنسۇرنىڭ بىرىنچى سەپتىكى چېرىكلىرى بىر باشلىقنىڭ باشلامچىلىقىدا باستۇرۇپ كەلدى...

ئارسلاننىڭ شەرىتى بىلەن بۇ تەرەپتىمۇ جەڭ دۇمباقلىرى ۋە

كانايلىرى چېلىندى، سەپ كەينىدە "ئۇررا" دېگەن ھەيۋەتلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىرىنچى سەپ قوشۇن ئىلگىرىلىدى، ئومۇمىي جەڭ باشلىنىپ كەتتى...

بۇغراخان ئالدى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرغان ئاق ئارغىماقنىڭ بويىنىغا ئالقىنى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ جېنىنىڭ بېرىچە "ئۇررا!!!" دەپ ۋارقىراپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇنغا زوق بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئارسلان كېلىپ ئۇنى ئارقىغا باشلاپ كەتتى...

ئارسلان جەڭگە باشچىلىق قىلماقتا. سۇتۇق بۇغراخان چۇشكۈنى ئالدىدا ئات ئۈستىدە جەڭنى كۆزەتمەكتە...

ئارىلاشما جەڭ داۋام قىلماقتا ئىدى. مەيداندىن توپا-چاڭ كۆتۈرۈلمەكتە. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، نەيزە-قىلىچ، قالقانلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ئاڭلانماقتا. ئىككى ياقتىن چېلىنغان داقا-دۇمباق، كاناي-سۇناي ئاۋازلىرى بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە. باشلار، تەنەر دومىلىماقتا، قانلار ئاقماقتا. جەڭ مەيدانىغا كەينى-كەينىدىن كۈچ قوشۇلۇپ تۇرماقتا. ئىككى تەرەپنىڭ ئىككىنچى سەپلىرى جەڭگە كىردى. ئۈچىنچى سەپ قوزغالماي تۇردى. لېكىن ئارقىدىن ئاتلىقلار قوشۇلۇپ تۇردى. جەڭ مەيدانى گويا بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقان ئادەملەر دېڭىزىغا ئوخشاش داۋالغۇيتتى. قان ھىدى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ قەھرلىك "دېڭىز" دەھشەت بىلەن ھۆركىرەپ "قىرغاق"لارغا ئۇرۇلاتتى...

كەچكى قۇياش قىزىل شولىسىنى چېچىپ ئۇپۇققا مۆكمەكتە. ئۇنىڭ كىمنى مۇبارەكلەپ، كىمگە نەپرەت ياغدۇرغانلىقىنى، كىمگە تەنتەنە، كىمگە تەزىيە بىلدۇرۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ ئۇ جاھانغا، سەمەرقەنتكە، قانلىق جەڭ مەيدانىغا

قاراڭغۇ سايىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى بولسا كۆزىنى قىسىپ ئوپئوق ئارىسىغا يوشۇرۇنماقتا ئىدى. بۇلۇتتەك ئۇچۇپ يۈرگەن چاڭ ئارىسىدىن قارىغاندا قۇياش ناكولا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئەنە شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈشنى خالىماي-دىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى...

بۇغراخان جەڭ مەيدانىدىن كۆز ئالماي كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، باغلانغان بىلىكىنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ناگوللۇق چىقىپ تۇراتتى. راست، بارغانچە يۈرىكى چىڭراق سىقىلىشقا باشلىدى. دەھشەت، ئۆلۈم، قان...كىم بولسا بولسۇن ئادەملەر ئۆلمەكتە. ئادەم قانلىرى تۆكۈلمەكتە. بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، بولۇپمۇ جەڭ قىلالايدى-غان بولۇپ ئۆسۈشى ئاسان گەپ ئەمەس-تە! ...بۇغراخان ئاققان پېشانە تەرلىرىنى ئېرتىپ، ئارسلانغا دېدى:

— قان تۆكۈلۈشنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك. كۈچ ئاۋۇتۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ياغىنى ئۇۋۇسىغا تىقىۋېتىش كېرەك، بۇيرۇق قىلىڭ.

ئارسلان ئوڭ قولىنى كەسكىن يۇقىرى كۆتۈردى. ھايال ئۆتمەي ئارقىسىدا ئىككى قاناتتا تەييار تۇرغان قوشۇن قىلىچلىرىنى يالاڭلاپ "ئۇررا..." دەپ جەڭ مەيدانىغا ئات سالدى. بىرىنچى سەپ ئالدىغا ئېتىلدى. قاتتىق سىلكىنىپ دەھشەت بىلەن ئالدىغا سىل-جىغان بۇ قۇدرەتلىك كۈچ ياغى كۈچىنى كەينىگە چېكىندۈردى. ياغى قوشۇنى سېپىل تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. باياتىن جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان مەنسۇر سېپىل راۋىقىدىن چۈشۈپ كەتتى...

قاراڭغۇ چۈشكەندە سېھىل قوۋۇقلىرى ئاقىلىپ، قوۋۇقلار ئالدىدىكى خەندەكنىڭ كۆۋرۈكى كۆتۈرۈلدى…

جەڭ توختىدى. مەيدان جىمىدى. تۈن قاراڭغۇسىنىڭ كۆڭۈلسىز قوينىدا سەمەرقەنت شۈك بولۇپ قالدى. ئۇ مۈگدەۋاتامدۇ، ئۇخلاپ قالدىمۇ، يا بولمىسا ئەتە تاڭ ئالدىدىكى تېخىمۇ چوڭ دەھشەتنى… دەھشەتلەردىن كېيىنكى تاڭ يورۇقىنى ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇنىسىنى بىلىپ بولمايتتى…

بۈگۈن كېچە جىم ئۆتتى. ئەتىسى مەنسۇرغا بىر خۇشلۇق، ئىككى خاپىلىق بولدى: خۇشلۇق خۇراساندىن كەلمەكچى بولغان ياردەمچى چېرىكتىن ئوتتۇز مىڭ كىشى يېتىپ كەلدى. خاپىلىق: بىرى، بۇ چېرىكلەرنى قوغلاپ سىبۇق تېكىنمۇ كەلدى-دە، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى ئىگەللىۋالدى. بۇخارادىن ئەبۇ ئەلى يېتىپ كەلدى، ئۇمۇ شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئىگەللىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، سەمەرقەنت چەمبىرەك ئىچىگە كىرىپ قالدى، مەنسۇرنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلدى. ئەمدى ئىش چاتاق. تاشقىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا بولمايدۇ. ئورنىۋېلىش ئۇزاق داۋام قىلسا قورساقنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇغرا قوشۇن قاراپ تۇرىۋەرمەيدۇ. ئاخىرى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئەمىسچۇ، قەشقەردەك يەردىن ئاۋارە بولۇپ كېلىپ "بولدىلا" دەپ قايتىپ كېتەتتىمۇ؟! توۋا دېگىن. ھە، مەنسۇر ئەمدى يا ئېلىشىپ ئۆلۈپ تۈگەش، ياكى ئەل بول… "ئەل بولۇش…" ئېيتىشقا ئەجەب قىيىن سۆزكەن. ياپىرىم، خۇدا ساقلىسۇن. ئەل بولۇپ ھايات قالغاندىن ئۆلگىنىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ! مەنغۇ بىرنېمە قىلىپ… ۋايجان، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن. ياغىغا بوش كەلمەيمەن. بۇغرالارنى سەمەرقەنت بوسۇغىسىدا تۇنجۇقتۇرىمەن.

ئۇلار يوغانچىلىق قىلىپ كەلگەنلىرىگە پۇشايمان يەپ قالدۇ، تېخى... ياردەمچى كۈچ كەلدى. شەھەردىن چىقىپ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىش كېرەك. بۇغرالار قورققىنىدىن تىكۋەتتى. بەلكىم. ھە، ھە، شۇنداق بولمايچۇ! سامانى ئوغۇللىرىغا كىممۇ بەۋا كېلەلىسۇن!

ئويلاپ-ئويلاپ مەنسۇرغا جان كىرىپ قالدى بولغاي، ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇپ كەتتى. سەردار، ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ: "كۈچىمىز ئۇلغايدى، شەرقىي قوۋۇقنى چىقىپ بۇغرالارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلىسۇن! سەردار چاپسان ھازىر بولۇڭ، بۈگۈن ياغىنى چېكىندۇرۇش كېرەك" دەپ ۋارقىرىدى.

ۋەزىر، سەردارلار ئويلىنىپ قالدى.

— پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى سەردار، — شۇنداق بولسىمۇ سەمىلىرىگە سېلىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلىمەنكى، بۇغرا قوشۇنىنى تەۋرىتىش ئاسان ئەمەس. ئاۋۋال چەمبىرەكنىڭ ئاجىز ھالقىسىنى ئۈزۈش كېرەك.

— ھە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سەردار ئاۋۋال ئەبۇ ئەلى بىلەن، سىبۇقنى ئۇرۇپ ياندۇرۇش كېرەك، دېمەكچى، — دېدى باش ۋەزىر.

— ھە، ھە، بۇ دانا پىكىر. ئاجىز ھالقىنى ئۈزۈش... مەيلى، بولىدۇ، ئۈزۈڭلار، چاپسان ئۈزۈڭلار!، ئاندىن ئىككى ياندىن ئوراپ بۇغرانى... سەردار، چاپسان بولۇڭ، چاپسان!...

— بۈگۈنلا بولماس، تەييارلىق قىلىش كېرەك. ياردەمچى چېرىكلەر يول بويى ئۇرۇشۇپ ھېرىپ كەلدى، — دېدى سەردار.

— ئەمىسە قاچان؟

— ئۈچ كۈندىن كېيىن.

— توغرا، ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى ئىندىنلىقتا. سەردارنىڭ تەكلىپى توغرا. پادىشاھى ئالەم، — دېدى باش ۋەزىر ۋە ئۆز-ئۆزىگە "پۈتكۈل ئەلدىن ئايرىلىپ سەمەرقەنت ئىچىدە قامىلىپ ياتقان ئەخمەقنى پادىشاھى ئالەم دېگىنىم نېمىسى" دەپ ئىچىدىن كۈلدى ئۇ.

— ئاڭغىچە بۇغرالار شەھەرگە بېسىپ كىرمەسمۇ؟

— سۈتتۇق بۇغرا بىزنى ئوراپ ئەل قىلماقچى. بۇ يېقىن ئارىدا بېسىپ كىرمەيدۇ، — دېدى باش ۋەزىر. ئۇ سۆزىنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى سېزىپ قوشۇپ قويدى، — بۇغرالار پايتەختىمىزگە بېسىپ كىرەلمەيدۇ، شاھىنشاھىم.

— ھە، شۇنداق، مەيلى، سىلەر دېگەنچە بولسۇن، — ھەسەن قوپۇپ جىددىي بىر ئىش كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىلدام ئىچكىرى ماڭدى. لېكىن، نېمىشقا بۇنداق ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ خاس ئۆيىگە كىرىپمۇ ئۇڭ-تەتۈر پىرقىراشقا باشلىدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن غەربىي ۋە شىمالىي قوۋۇق تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ئەبۇ ئەلى بىلەن سىبۇق تېكىنگە تەڭ ھۇجۇم باشلاندى. ھە دېگەندە ياغى چېرىكلىرى ئۆزىدىن ئاجىزراق بولغان بۇخارا ۋە غەزنە قوشۇنلىرىنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇلارنى بىر-ئىككى چاقىرىم چېكىندۈردى. كېيىن ئىككى قوشۇن ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ ياغىنى توسۇپ تىركىشىپ جەڭ قىلدى. لېكىن ياغى قوشۇنىنىڭ بېسىمى چوڭ ئىدى. ئالىپ ئارسلاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئەبۇ ئەلى ھەم سىبۇق تېكىن سېپىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان قۇتلۇق قوشۇن بىلەن چەبەر قوشۇنىنىڭ قىسملىرى ياردەمگە كەلدى. قاداش

قوشۇنلار بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياغى قوشۇنلىرىنى قايتۇردى ۋە يەنە ئۇۋۇسىغا تىقتى...

سەمەرقەنت مۇھاسىرىدە قالدى. "چەمبىرەك بۇزغۇچى" قوشۇن ئارىلاپ ئۇۋۇسىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، مۇشت يەپ، بېشىنى ئارتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇغرا قوشۇن سۈتۈق بۇغراخاننىڭ "شەھەرنى ساقلاش، خەلقنى قوغداش، ئەل قىلىش" سىياسىتى بويىچە ئوراپ يېتىۋەردى. بۇغراخان بىرنەچچە قېتىم مەنسۇرنىڭ ئەل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. مەنسۇر جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى. شەھەر ئىچىدە قىيىنچىلىقلار كۆپەيدى. مۇھىمى، يېمەك-ئىچمەك بارغانسېرى ئازايدى، قۇدۇقلاردىن سۇ ياخشى چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاشلىق ئازايدى. قوي-كالا سويۇلۇپ تۈگىدى. چېرىكلەر ئاتلىرىنى سويۇپ يېيىشكە باشلىدى. قىيىنچىلىقلار كۆپىيىۋەرگەنسېرى تارتقۇلۇق يەنە يۇقىرىلارغا، چېرىكلەرنىڭ بېشىغا چۈشەتتى.

بۇغراخان چېرىك كېڭەشى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرىدا "ئاخىرقى تەلەپنى قويۇش، بولمىسا ھۇجۇم قىلىش" كېرەك دەپ قارار قىلىندى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بېرىلگەن ئاخىرقى تەلەپنى مەنسۇر يەنە رەت قىلدى. بۇغراخان كەچقۇرۇن ئالىپ ئارسلان ھەم يۇقىرى چېرىك ئەمەلدارلار بىلەن باش قوشۇپ "ئەتە كۈنچىقىش بىلەن تەڭ پۈتكۈل سەپ بويىچە ياغىغا ھۇجۇم قىلىش" قارارىنى چىقاردى. قوشۇن كېچىچە ئالدىراش تەييارلىق قىلدى.

ئەتىسى كۈنچىقىشى بىلەنلا ھەممە سەپتە جەڭ كانايلىرى چېلىندى، كاناي-دۇمباقلار ئاۋازى ياڭرىدى. پۈتكۈل چەمبىرەك سەپ بويىچە ھۇجۇم باشلاندى...

بىر ئايلىق جىملىقتىن كېيىن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بۇ ھەيۋەتلىك جەڭ سادالىرى يىراقلارغا كەتتى، ئۇ شەھەر ئىچىدىكى ھالايىقنى چۆچۈتۈۋەتتى. ھودۇقۇپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ قالغان ياغى جان تالىشىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.

بۈگۈن قىلىنغان ئىككى قېتىملىق ھۇجۇم نەتىجىسىز بولدى. يېپىق قوۋۇققا ئۇرۇلۇش، ئېگىز سېپىلگە چىقىش ئاسان بولمىدى، چىقىم جىقراق بولدى.

قوشۇن بۈگۈن كېچە، ئەتە بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ كېچىسى ھۇجۇم قىلماق بولدى. ئاساسىي تەييارلىق — سېپىلگە چىقىش تەييارلىقى بولدى.

ئەتىسى تۈن يېرىمىدا ئۈچىنچى ھۇجۇم ئۈن-تىنسىز باشلاندى. ئالاھىدە تەييارلانغان تۆت مىڭ پىدائىلار قوشۇنى تۆت سەپتە سېپىلگە تەڭ ياماشتى. ئۇلار ئاستا قويۇلغان ئۇزۇن شوتىلاردىن ئاۋايلاپ چىقىپ سېپىل تۆپىسىگە ئېتىلدى. گايىلىرى كەينىگە دومىلاپ كەتتى، لېكىن كۆپچىلىكى سېپىلگە چىقتى. كېيىن يۈزلىگەن شوتىلاردىن تۈمەنلىگەن قوشۇن بىراقلا سېپىلگە چىقتى. دەھشەتلىك سېپىل جېڭى باشلىنىپ كەتتى. شاراق-شۇرۇق، جالاق-جۇلۇق، ۋايداد ئاۋازلىرى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى...

ئەنە، ئەركىن ئۆزىنىڭ قارۇغچى قوشۇنىنى باشلاپ شوتىدا چىقىپ كېتىپ بارىدۇ، ئارقىسىدا قاۋۇل. ئۇلار چىقىپلا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئەركىننىڭ تەلپى بويىچە بۇغراخان بىر قىسىم قارۇغچىلار بىلەن جەڭگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلغان، ئۇنىڭغا قاۋۇلنى قوشۇپ بەرگەنىدى.

ئەركىن قوشۇنى قەيەردە جەڭ ئېغىر بولسا شۇ يەرگە ئۆزلىرىنى

ئېتىپ ئوڭغا سىلجىپ كەتتى. ئۇلار سەپداشلىرىنى ئورىۋالغان بىر توپ ياغى چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتى.

ئۇلار كارامەت باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشاتتى، بولۇپمۇ ئاۋۇل. ئۇ ئالدىغا كەلگەننى قىلىچ بىلەن، ياندىن كەلگەننى مۇشت بىلەن، كەينىگە كەلگەننى تېپىك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتاتتى. ئۇنىڭ تەۋررۈك قىلىچى تەگكەن ياغى قىلىچى ئىككى پارچە بولاتتى. ئادەم يىقىلماي تۇرالمايتتى. ئۇلار ئۇرۇشا-ئۇرۇشا ئۆزلىرىگە ئوخشاشمايدىغان كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ قالدى. تاڭ ئاتاي دەپ قالغان، بايىقى قارىسا سول بىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئاق لاتا باغلاقلىق چېرىكلەر تۇرۇپتۇ. كېيىن بۇلارنىڭ ئەبۇ ئەلى قوشۇنى (ئەمىر ئەبۇ ئەلىنىڭ قوشۇنى شۇنداق ئاتالغانىدى.) ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى...

ئۇلار ئۇرۇشا-ئۇرۇشا ئىلگىرىلەپ بارسا بىر يەردە ئون-ئون بەش ئەبۇ ئەلى قوشۇنىنىڭ چېرىكلىرىنى بىر توپ ياغى چېرىكلىرى ئورىۋېلىپ ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. ياغى قىستاپ يېقىنلاشماقتا. ئورىلىپ قالغانلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولسىمۇ، غەيرەت بىلەن ئۇرۇشاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە يوغان گەۋدىلىك، ئېگىز بويلۇق بىر چېرىك بىلەن يەنە بىر جۈغى كىچىكرەك باشلىقسىمان بىر ئادەم غەزەپ بىلەن ئۇرۇشۇپ ياغىنى توسۇيتتى. يوغان چېرىك ھارۋىنىڭ شوتىسى بولسا كېرەك، يوغان بىر ياغاچ كالتەك بىلەن ياغى چېرىكىنى بىرنى ئۇرۇپلا يىقىتاتتى. جۈغى كىچىك ئادەم بولسا بەك چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئوينىتاتتى.

ئەركىن قاۋۇل بىلەن ئورىۋالغان ياغى چېرىكلىرىنىڭ ھالقىسىنى بۆسۈپ يېرىپ ئىچىگە كىردى ۋە قاداش چېرىكلەر بىلەن بىرلىك-

جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئەركىن قىلىچىنى ئوينىتىپ ھەربىر ئۇرغاندا بىرنى يىقىتىپ تۇردى، قاۋۇلنىڭ تەۋەررۇك قىلىچى بولسا تەگكەن نەرسىنى ساق قويمايتتى، يۈز-كۆزلىرى قارا بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق قاۋۇل بوۋىسى ئۆگەتكەن قىلىچۋازلىق ھۈنىرىنى ماھىرلىق بىلەن كۆرسەتتى. ئۇ ئوراپ كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك ياغى چېرىكىنى بۆلۈۋېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. جوغى كىچىك باشلىقنىڭ چاققان ئۇرۇشۇۋاتقان ئەركىنگە كۆزى چۈشكەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قانداقتۇر بىر تونۇش ئادەمنىڭ تونۇش قىلىچ ئوينىتىشى لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ ياغى ھالقىسىنى بۇزۇپ چېكىندۇرۇپ كېتىپ بارغاندا، ھېلىقى يوغان ئادەمنىڭ:

— ئەركىن، ۋاي ئەركىن، ماڭا قاراڭ!... — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەركىن بۇرۇلۇپ بارسا، ئۇ قۇچىقىدا ھالسىراپ ياتقان جوغى كىچىك باشلىققا قاراپ ئەندىشە بىلەن سۆزلەۋاتقانىكەن. ئۇ بېرىپ:

— ھە، مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟ قەيېرىدىن يارىدار بولدى؟ — دەپ سورىدى-دە، قارىسا يۈزلىرى لاي-توپا بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جوغى كىچىك باشلىقنىڭ ئوڭ مەيدىسىدىن چىققان قان كىيىملىرىدىن ئۆتۈپ چىلىقلاپ كېتىپتۇ.

— بەلبېغىڭىزنى يىرتىڭ! — دېدى ئەركىن كۆزىنى يارىداردىن ئالماي تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ كىيىمىنى يىرتىپ يارىنى ئاچتى-دە، چۆچۈپ كەتتى. قارىسا ئۇ ئايال ئىكەن. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چېرىكنىڭ بەلبېغى بىلەن يارىنى تاڭدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تويۇقسىزلا

سوقۇپ كەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن پارىدارغا قارىدى. ئۇنىڭغا پارىدارنىڭ بىر يەرلىرى تونۇشتەك سېزىلىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ پارىدارنىڭ بويىنىنى سىلاپ، ئاۋال يېپى، كېيىن بوغۇزىغا ئېسىقلىق ئانىسى بارىبىتچى موماي ئېسىپ قويغان ئۈچ بۇرجەك تۇمارنى تاپتى، تونۇش تۇمارغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى-دە، — ۋاي قۇندۇزغۇ بۇ! — دېدى ئەركىن ۋە ئىختىيارسىز قۇندۇزنى قۇچاقلىدى.

ئۇ قۇندۇزنىڭ يۈزىدىكى لاي، توپىنى قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ سۆزلەيتتى:

— قۇندۇز، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن، ئەركىن!..

ئامانقۇل چۆچۈپ كەتتى:

— هە! سىز ئەركىن ئاكامۇ؟ — دېدى ئەركىنگە، كېيىن قۇندۇزغا قاراپ، — قۇندۇز ئاچا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئەركىن ئاكام... — دېدى.

قۇندۇز كۆزىنى ئاستا ئېچىپ ئەركىننى كۆردى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ئۆزىنى ئارقىسىغا تارتتى.

— مەن ئەركىن، قۇندۇز، مەن...

قۇندۇز ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئەركىننىڭ بوينىغا گىرە سالدى، يۈزىنى ئەركىننىڭ يۈزىگە ياقتى. ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن ياش مونچاقلىرى دومىلايتتى.

— ۋاي، ياغى — دېدى ئامانقۇل قولى بىلەن ئوراپ كېلىۋاتقان ياغى چېرىكلىرىنى كۆرسىتىپ.

— سىز قۇندۇزغا قاراڭ! — دېدى ئەركىن ئامانقۇلغا ۋە يەردىكى قىلىچنى ئېلىپ، ياغى چېرىكلىرىگە ئېتىلدى. ئۇ باستۇرۇپ كېلىۋات-قان ئالتە-يەتتە ياغى چېرىكى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى.

ئەركىن هازىر بالادىنمۇ قورقمايتتى. ئۇنىڭ جېنى، قۇندۇزى

غەيرىتىگە غەيرەت قوشقان. ئۇ چۆگىلەپ يۈرۈپ ياغى چېرىكلىرى-
نىڭ نەيزە-قىلىچلىرىنى قايتۇراتتى. ئىككى ياغى چېرىكنىمۇ
يىقىتتى. لېكىن، ياغى يەنە قىستاپ كەلدى.

— سىز بېرىڭ، — دېدى قۇندۇز ئامانقۇلغا، — ئەركىنگە ياردەم قىلىڭ.

ئامانقۇل يىقىلغان ياغى چېرىكنىڭ نەيزىسىنى ئېلىپ ياغىغا ئېتىلدى.

هايت-هۇيت دېگىچە بىرنەچچە ياغى چېرىكلىرى يىقىلدى، قۇندۇز ئۆمىلەپ بېرىپ، هارۋىنىڭ چاقىغا يامىشىپ كۆتۈرۈلدى. هارۋىنىڭ ئۈستىدىكى بىر كالتەكنى ئېلىپ ماگماقچى بولغاندى، دەلدۈگۈنۈپ يىقىلاي دېگەندە چاققا يۆلىنىۋالدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ئىككى نەپەر ياغى چېرىكى ئەركىننى قىستاپ كېلىۋېتىپتۇ. قۇندۇز كالتەك بىلەن بىرىسىنىڭ ئارقىسىدىن بېشىغا بىرنى سالغاندى، چېرىك چۆگىلەپ بېرىپ يىقىلدى.

— قۇندۇز سىز ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ، — دېدى ئەركىن ۋە يەنە هۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بەش نەپەر ياغى چېرىكى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى.

ئەركىن ياغى چېرىكنىڭ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى يارىدار قىلدى، شۇ ئارىدا بىر ياغى چېرىكى ئەركىننىڭ ئارقىسىدىن نەيزە ئۇرغاندى... بۇنى كۆرگەن قاۋۇل ئېتىلىپ كېلىپ چېرىكنىڭ بوينىغا چېپىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. قالغانلىرىنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتتى.

ئۇ ئەمدى ئەركىن تەرەپكە بۇرالغاندى، قولىدىكى سۇنۇق كالتەك بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ياغى چېرىكىگە قارشىلىق قىلىپ

كەينىگە چېكىنىۋاتقان ئامانقۇلنى كۆرۈپ، ئۇ ياقىقا ئېتىلدى. بىر پەستىلا ياغى چېرىكىنى قىلىچىدىن ئۆتكۈزدى، ئىككىلىسى ئەگ يۈگۈرۈپ بارسا ئەركىن سول كۆكسىدىن قان ئاققان، يوغان كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا ئۈن-تىنسىز قۇندۇزنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتۇ.

قۇندۇز ئەركىننىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۇ سۆز قىلمايتتى. قاۋۇل بىلەن ئامانقۇل ئەركىننىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

— ئەركىن ئاكا! — دېدى قاۋۇل قوللىرىنى سوزۇپ.

ئەركىن جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن كۈلۈمسىرەش سېزىلىپ تۇراتتى...

دوستلار يىغلاشتى...

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن "ئۇررا" ئاۋازى بولارنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ، قوۋۇقتىن ئىچكىرىگە، سېپىلدىن تۆۋەنگە قاراپ هۇجۇمغا ئۆتكەن تۈمەنلىگەن بۇغرا قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار ئاۋازى ئىدى...

ئەركىننىڭ قۇربان بولۇشى بۇغرا قوشۇنىنىڭ بىر چوڭ يوقىتىشى بولدى. ئۇ شەرەپ بىلەن كەتتى. ئەسلىدىكى بىر كۆك-قۇلنىڭ سۈتۈق بۇغراخاننىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ كېلىپ، سەمەرقەنت سېپىلى ئۈستىدە ياغى بىلەن جەڭ قىلىپ قەهرىمانلىق بىلەن شېهىت بولۇشى هەقىقەتەن چوڭ شەرەپلىك ئىش. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى، قۇندۇز ئالتە-يەتتە يىلدىن بېرى تەلمۈرۈپ كۈتكەن قەدىناسىنى تاپتىيۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ئەركىننى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇش بولغانىدى. ئۇ بۇنداق بەختسىزلىك بولار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، پېشۋاسى بۇغراخان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆز يۇرتىغا

قايتقاندا ئەركىن بىلەن بىللە بولالمىدى-دە! ئىسىت، ئاھ ئىسىت، بەك ئارمان بولدى! ئۇ يىغلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ئەلەملىك ياشلىرىنى توسۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

ئۆزىنىڭ قەھرىمان باشلىقىدىن ئايرىلىش قاۋۇلنى بەك قىيناپتتى، ئامانقۇلنىڭ مېھرىبان ئاچىسى ئېغىر بەختسىزلىككە دۇچار بولدى، ئۇ ئەركىن بىلەن تونۇش ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنى بىلەتتى. ئەمدى ئەركىننىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. مۇشۇنداق دوستتىن ئايرىلىپ قېلىش قۇندۇزغا قانچىلىك ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى.

ئامانقۇل قۇندۇزنى بۇغراخانلارغا، ئەركىنگە ئامان-ئېسەن ئۇچراشتۇرۇشقا چىن دىلىدىن قەسەم قىلغانىدى. قۇندۇزنىڭ يارىدار بولغىنى ئۇنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. لېكىن، قۇندۇز ئامان قالدى، ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى. بىراق، دەرھال ئايرىلدى. ئاھ، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق!

ئامانقۇل قۇندۇزنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى ئويلىغاندا يۈرىكى ئازاپ-لىناتتى. ئامانقۇل قۇندۇزنى قىيىن ۋاقىتلاردا قوغداپ قالدى. ئەگەر ئۇ بولمىغاندا، سامانى چېرىكلىرى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىش يولىدا قۇندۇزغا ئازاپ سېلىشى، بەلكى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئېركەشبەگ قۇندۇزنى يوشۇرۇن قاچۇرغاندا، ئامانقۇل ئۆزىگە ئەركىن دەپ يېڭى ئات قويۇۋالغان بۇ قەدىرلىك ئاچىسىغا، ياق، ئاكىسىغا ھەمراھ بولۇپ چۆل-جەزىرىلەردە ئاسراپ بۇخاراغا، ئەبۇ ئەلى ئەمىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. قۇندۇز ئەرەنچە ياسىنىشنى ئۆزگەرتمەي، چېرىك بولۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەبۇ ئەلى

قوشۇلۇپ، ئۇنى مىڭباشى قىلىپ قوشۇنغا ئەۋەتتى. ئامانقۇلنى قارۇغچى قىلىپ بىللە ئەۋەتتى. ئەبۇ نەلى قوزغىلاڭ قىلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغاندا، ئامانقۇلغا قۇندۇزنى ئۆيىدىن ئاسراشنى جېكىلىگەنىدى. ئامانقۇل قۇندۇزنى راست ئاچىسىدەك ياخشى كۆرۈپ، ئاسراپ كەلدى. ئۇ قۇندۇزنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېڭىچە ئادەم بولدى. قۇندۇزنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب خىسلىتى ئامانقۇلغا بەك چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ھازىر ئامانقۇل بالدۇرقى گۆدەك تارىغچى بالىسى ئەمەس. ئۇ بۇغراخاننىڭ نېمە ئۈچۈن سامانىلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. قۇندۇزمۇ بۇ ساددا، زېرەك، پالۋان تارىغچى يىگىتنى كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆز ئىنىسىدەك مېھرىبانلىق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر، سەممىي، دوستانە مۇھەببەت پەيدا بولغانىدى...

قاۋۇل بىلەن ئامانقۇل ئەركىننىڭ جەستىنى بىر تاختايغا سېلىپ دولىلىرىغا ئېلىپ ياۋاش قەدەم تاشلىدى. قۇندۇز ئارقىسىدىن بىر قولى بىلەن يارىدار مەيدىسىنى يەنە بىر قولى بىلەن تاختاينى تۇتۇپ باش ئەگكەنچە ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەركىننىڭ قارۇغچى چېرىكلىرى ماڭدى. ئۇلار سېپىلدىن تۆۋەنلىدى ۋە شەھەردىكى غالىبىيەت تەنتەنىسىگە نەزەر سالدى. بۇغرا قوشۇن مەنسۇر ئوردۇسىغا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا. جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك قۇدرەتلىك "ئۇررا!" ئاۋازى بارغانچە ئەۋج ئالماقتا...

* * *

ئوردۇ ئالتوپىلاڭ. مەنسۇر ئالدىغا كەلگەننى تىللاپ ۋارقىرايتتى. ئۇ چوڭ سارايدا قالايمىقان پىرقىراپ يۈرەتتى. كەينى-كەينىدىن

شۇم خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى.

— بۇغرا قوشۇنلىرى سېپىل قوۋۇقتىن كىردى!

— توسۇڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار!

— ئۇلار سېپىلدىن چۈشتى!

— توسۇڭلار، يوقىتىڭلار!

— ئوردۇغا يېقىنلاشتى!

— سەردار قېنى، توسسۇن!

— سەردار بىر قىسىم چېرىكلەر بىلەن قوۋۇقتىن چىقىپ، ياغى سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى!

— ھە! خائىن! — مەنسۇر بېرىپ تەخت ئالدىدىكى سۇپىدا پەرىشان ئولتۇردى. ئوردۇ ئاغىسى ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئىچكىرىگە شەرەت قىلدى. چەتتىرەك ئولتۇرغان باش ۋەزىر بۇنى بايقاپ قالدى. مەنسۇر ئوردۇ ئاغىسى بىلەن ئارقىغا قاراپ-قاراپ ئۆركۈپ ئىچكىرى مېڭىشتى. باش ۋەزىر پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى...

بۇغرا قوشۇن ھوگا-سۈرەن سېلىپ ئوردۇغا بېسىپ كىردى. ئەنە، بوتىلاق تۇمەنباشى بىر بۆلۈك چېرىكلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ چوڭ سارايغا كىردى. قارىسا، مەنسۇر يوق. ئۇ ئىچكىرى مېڭىپ تەخت سارايغا كىردى. ئۇ بېرىپ چېرىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەختنى ئۆرىگەندى. ئۇ يەردە يەر ئاستىغا قاراپ كەتكەن بىر يولنىڭ ئاغزى كۆرۈندى. ئېغىزنىڭ يېنىدا باش ۋەزىرنىڭ تېنىسى خىرقىراپ جان تالىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە خەنجەر سانجىلىپ تىك تۇراتتى.

— ئەتتەڭ، قېچىپتۇ-دە! — دېدى بوتىلاق تۇمەنباشى ۋە غەزەپ

بىلەن بانتۇ يانقان تەختىكە قىلىچ ئۇردى. تەخت ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى...

* * *

شەھەرنىڭ ئىچىدە، يۇلغۇن، شۇۋاقلار قاپلاپ كەتكەن كەڭ زەرەتكارلىقتىكى بىر شام گۈرنىڭ ئاغزىغا تىزىلغان خىشلارنى ئىچىدىن بىرسى بىر-بىرلەپ ئېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ قالىدى. خىشلار ئېلىنىپ گۈرنىڭ ئاغزى ئېچىلىدى. گۈردىن ئىككى "ئارىغچى" چىقىپ ئەتراپنى بىرپەس بايقاپ تۇرىتۇردى. كېيىن ئەتراپقا سەپىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى...

* * *

ئۇردۇدا ھوگا-سۈرەن ئەۋج ئالىدى. شەھەردە غالىبىيەتنى تەنتەنە قىلىش سادالىرى ياڭرىدى... بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىز چىلىنغان جەڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كاناي ئاۋازى بىلەن ئۇردۇ، شەھەر "شىپپىدە" بولۇپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ توختىدى.

پۈتكۈل شەھەر دىققەت-نەزىرىنى يۇقىرىغا قاراتقان. ئۈچ چېرىك ئارقىسىدىكى ئون چېرىك بىلەن ئۇردۇ كىندىكىدىكى مۇنارغا قاراپ كۆتۈرۈلمەكتە... ئەنە ئۇلار مۇنارغا تۇغ ئېسىشقا باشلىدى... تۇغ ئېسىلىپ بولدى. پۈتكۈل شەھەردە "ئۇررا!" ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ھەممە جايدا چېرىكلەر سەكرىشەتتى، قۇچاقلىشاتتى، ئىسىق ياشلار تۆكۈلەتتى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ توققۇز پۇتاقلىق شانلىق دۆلەت تۇغى سەمەرقەنتنىڭ كۆك ئاسمىنىدا ئەركىن يەلپۈنەيتتى...

# ئىككىنچى باب

# غالىبىيەت تەنتەنىسى

سەمەرقەنت ئېلىنىپ ئەتىسى سۇتۇق بۇغراخان شەھەرگە كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن شەھەر تېشىدىكى چۈشكۈنى ئالدىدىن ئاتلىنىپ ماڭغاندا، كۆزگە ئەتىگەنلىك قۇياش ئارقىلىرىدىن نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئەنە ئۇلار سېپىل قوۋۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. تۆتتىن قاتار تىزىلىپ كېتىپ بارغان ئاتلىق چېرىكلەر ئارقىسىدا بۇغراخان ئاق ئارغىماق ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇپتۇ. ئوخشاش ئاق ئارغىماقلىق قەدىناس دوستى ئالىپ ئارسلان ئۇنى يانداپ ماڭماقتا. ئوڭ ياندا ئەبۇ ئەلى سىمجۇق، سول ياندا سىبۇق تېكىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا چېرىك ئەمەلدارلار، ئاندىن قارۇغچى چېرىكلەر كەلمەكتە. بۇغراخان سېپىل قوۋۇقى ئالدىغا كەلگەندە، سېپىل ئۈستىدە قاتار تىزىلىپ تۇرغان چېرىكلەر نەيزىلىرىنى تەڭ ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە راۋاق ئۈستىدىن ناغرا-سۇناي ئاۋازلىرى ياڭرىدى. قوۋۇقتىن كىرگەندە يول چېتىگە تىزىلغان قاتار-قاتار چېرىكلەرمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلار ئوردۇ ئالدىدىكى مەيدانغا كىرىپ كەلگەندە، قوتلۇق سۇباشى بىلەن چەبەر سۇباشى ئات ئويىنىتىپ، يالاڭ قىلىچلىرىنى يانتۇ تۇتۇپ بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، ئوڭ قوللىرىدىكى پارقىراپ تۇرغان قىلىچلىرىنى تەڭ ئاۋۋال ئوڭغا ئوڭدۇل سوزۇپ،

كېيىن يۇقىرى كۆتۈردى ۋە قىلىچىنى چۈشۈرۈپ، بىسىنى پېشانىلىرىگە تەگكۈزدى-دە، ئىككىلىسى تەڭ مەلۇمات بەردى:

— ئالىپ بۇغرا قوشۇن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ خاقانىغا قۇتلۇق سالام بېرىدۇ. سۇباشى قۇتلۇق، سۇباشى چەبەر!

بۇغراخان ئوڭ قولىنى چېكىسىگىچە كۆتۈرۈپ سالامغا جاۋاب قايتۇردى.

ئىككى نەپەر غالىب سۇباشىنىڭ ئۆز خاقانىغا بەرگەن بۇ تەنتەنىلىك چېرىكچە سالىمى بىر يىل داۋام قىلغان ئۇلۇغ يۈرۈشنىڭ غالىبىيەت مەلۇماتى، بۇغرا قوشۇنىنىڭ پۈكۈلمەس ئىرادىسى ئىدى. بۇغراخان ئوڭ قولىنى چېكىسىگىچە ئاپارغاندا، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھاياجانلىق تەسىرات ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىنى ياشقا تولدۇردى. لېكىن ئۇ نەمدەلگەن كىرپىكلىرىنى قاقماي تۇرۇۋېلىپ كۆز يېشىنى سىڭدۈرۈۋەتتى. بۇنداق ئۇلۇغ غالىبىيەت تەنتەنىسىنى كۆرگەندە، يۈرۈشنىڭ باشلامچىسى بولغان ئادەم قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟! بىراق كۆزدىن ياش چىقىرىش بىر خاقان ئۈچۈن ئەپلەشمەيدىغان ئىش-تە!

بىرنەچچە تىنىق ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ تەنتەنە نامايىشى مەيدانىغا لىق تولغان چېرىكلەرنىڭ جۇشقۇن روھىنى پەلەككە كۆتۈردى، مەيدان ۋە كوچىلارغا توپلانغان سەمەرقەنتلىكلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. پۈتكۈل مەيداندا تۇمەنمىڭ كىشىلەرنىڭ قودرەتلىك ھوگىسى كۆتۈرۈلدى. ھوگا ئىچىدىن: "بۇغراخان ئامان!"، "ئامان-ئامان!" دېگەن سۆزلەر ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇغراخان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قوشۇنىغا، ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئىلگىرى ماڭدى.

سۇتۇق بۇغراخان ئوردۇ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشكەندە، مۇدەررىس مەۋلانە ھەزرەت، ئېركەشبەگ، ئەل ئوغلى، ئابدۇل خالىق ئايىچى ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار، يۇرت مۇتىۋەرلىرى قارشى ئالدى.

— قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇل كېرىم جانابلىرىنىڭ غالىبىيەت قەدەملىرى مۇبارەك بولغاي! — دېدى مەۋلانە ھەزرەت.

بۇغراخان رەھمەت ئىزھار قىلدى. ئۇ ئالدىدا ئايغۇچى، كەينىدە تۇمەنباشلار، ھەر مىڭلىك ئالدىدا مىڭباشلار قىلىچ-لىرىنى پېشانىلىرىگە كۆتۈرۈپ، تىزىلىپ تۇرغان قوشۇن ئالدىدىن ئۆتكەندە، "قۇتلۇق قوشۇن" ۋە "چەبەر قوشۇن" دەپ خەت چې-كىلگەن ئەلەمنى تۇتۇپ تۇرغان چېرىكباشى ئالدىغا كېلىپ توختاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن "ئامان قاداشلار!" دېدى. پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ "ئامان-ئامان!" دېگەن ئاۋازلىرى شەھەر ئۈستىدە ياڭرىدى....

سۇتۇق بۇغراخان قوۋۇقتىن كىرگەندە، ئوردۇ ئۈستىدىكى مۇنارە ئۇچىدا يەلپۈلدەپ تۇرغان تۇغقا كۆزى چۈشتى. بىر يىلدىن بېرى يۇرۇش ئۈستىدە ئۇنىڭ چۈشكۈنى چېكىسىگە قادىلىپ كەلگەن قاراخانىلار دۆلەت تۇغى، گويا بۇغراخاننى قارشى ئېلىپ غالىبىيەت بىلەن تەبرىكلەۋاتقاندەك مەغرۇر يەلپۈلدەيتتى...

ئەتىسى ئەتىگەن سەمەرقەنت تېشىدىكى بىر باغ ئادەملەرگە لىق تولغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چېرىكلەر بولۇپ، پۇقرالارمۇ بار ئىدى. باغ ئوتتۇرىسىدا، گۈلزارلىق ئالدىدىكى سەينادا سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ يېنىدا ئالىپ ئارسلان، ئەمىر ئەبۇ ئەلى سى-

جوق، ئەمىر سىبۇق تېكىن، قۇتلۇق سۇباشى، چەبەر سۇباشى، مەۋلانە ھەزرەت، ئېركەشبەگ، ئابدۇل خالىق شايىچى، لەل ئوغلى... قاتارلىق كاتتىلار قاتار تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەتتە گۆر قاتار كولاقلىق تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۈمەنباشىلىرى، ئايغۇچىلار ۋە بىرقانچە تۇلسىمالار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشاتتى. كىشىلەر چوڭقۇر ماتەم جىملىقىدا كىمنىدۇ كۈتۈشەتتى ۋە پات-پات ئارقىلىرىغا قارىشىپ قوياتتى.

ئەنە، باغنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىلار كۆرۈندى. يەتتە جىنازىنى كۆتۈرگەن چېرىكلەر ئاستا قەدەم بېسىپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ كەينىدە يۈزدەك نەيزىلىك چېرىك قاتارلىشىپ قايغۇلۇق مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى...

چېرىكلەر جىنازىنى ئېلىپ كېلىپ بۇغراخانلار ئالدىغا، گۈلزارلىق بېرىسىدىكى گۆرلەر يېنىغا قويدى. ئالتە جىنازىنىڭ ئاق يوپۇقلىرى ئۈستىگە سېرىق سىيا بىلەن ئەرەبچە يېزىقتا ئەركىنبەگ، مىرگەن تۈمەنباشى، توختى تۈمەنباشى، ئالىپ چېرىكباشى، ئەلى شاھ قۇرباشى، ”«قەلەندەر“ دەپ قۇربانلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان. ئوتتۇرىدىكى چوڭراق بىر جىنازا ئۈستىگە ”بارلىق شېھىتلەر ئۈچۈن“ دەپ يېزىلغانىدى.

مەۋلانە ھەزرەت قاتاردىن ئۈچ ماڭدام ئالدىغا چىقىپ تەييارلاندى، ئاندىن ”ئاللاھۇئەكبەر!“ دەپ قولاق تۇتتى. ئارقىدىكى بىر كىشىنىڭ تەكرارلاپ توۋلىشى بىلەن پۈتكۈل باغدىكىلەرمۇ ئەگىشىپ قولاق تۇتتى... شېھىتلەرنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تەڭ يەرلىككە قويۇلدى. ئوتتۇرىدىكى گۆرگە ئاۋال بۇغراخان توپا تاشلىدى. يەتتە كەتمەندىن توپا تاشلانغاندىن

كېيىن، چەتتىرەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر يەستىلىك ئارىسىم قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. تەسىرلىك ئوقۇلغان قۇرئان ئايەتلىرى ھازىدارلارنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يۇمشىتىۋەتتى، بەزى چېرىكلەر ئېسەدەپ يىغلىدى...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇغراخان ئارسلان بىلەن قۇندۇزنى يوقلاپ باردى. قۇندۇز ئېركەشبەگنىڭ ئۆيىدە داۋالىنىپ ياتاتتى. ئۇ بۇغراخاننى كۆرۈشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتسىمۇ، لېكىن بۇنداق چاپسان بۇ يەرگە كۆرگىلى كېلىدۇ، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى.

— قۇندۇزخان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سىزنى كۆرگىلى كەلدى، — دېدى ئېركەشبەگ ئالدىراش كىرىپ.

قۇندۇز قولىقىغا ئىشەنمەي ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، بۇغراخان، ئارسلان، ئەبۇ ئەلى بىلەن كىرىپ كەلدى. قۇندۇز ھاياجانلانغانلىقىدىن تەمتىرەپ قالدى. ئاڭغۇچە بۇغراخان كېلىپ، كارىۋىتى ئالدىدا ئولتۇرغانچە سۆزلىدى:

— قۇندۇز، سىڭلىم، مانا بىزمۇ كەلدۇق، — ئۇ يېرىم ئۆرە بولغان قۇندۇزنىڭ سوزۇلغان قوللىرىنى سىقىپ، كېيىن ئاستا ياتقۇزدى، — يېتىڭ. قانداقراق؟

قۇندۇز بۇغراخانغا تاراملاپ تۆكۈلگەن ئىسسىق ياشلىرى بىلەنلا جاۋاب بېرەتتى.

— قاراڭ بىز سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن كېلىپ غەلىبە قازاندۇق. سىز بىزنى باشلاپ كەلدىڭىز ھەم قەھرىمانلىق بىلەن قارشى ئالدىڭىز. ئەركىن، ئۇ ھايات، ئۇ شېھىتلىك مۇقامىغا يەتتى. ئۇنىڭ روھى، ئۇنىڭ باتۇرلۇق ئىشلىرى بىز بىلەن دائىم بىللە...

قۇندۇز ئۆزىنى بۇغراخاننىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، بۇغراخان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، پېشانىسىنى سىلاپ جىۋۈتۈپ ياتقۇزدى.

قۇندۇز سۆز قىلالمايتتى. ئىسسىق مېھرىبانلىق، ھاياجانلىق تۇيغۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتالىغانىدى. ئاھ نېمىدېگەن مېھرىبانلىق. دادىنىڭ مېھرىبانلىقى مۇشۇنداق بولامدىكىن-تاڭ! دادا كۆرمىگەن كىشىگە ئۇنى تەڭلەشتۈرۈش قىيىن، ئاشۇ ئىسسىق قول، ئاشۇ مۇلايىم سۆزلەر... بۇغراخان قۇندۇز ئۈچۈن، ئەركىن ئۈچۈن ئۇلۇغ خاقانلا ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، تەربىيىلىگۈچىسى، پېشۋاسى، دادىسى... تېخى تۈنۈگۈن كېلىپلا بۇگۈن يەنە كۆرگىلى كەلگىنىنى قاراڭ، يادىدىن چىقارماپتۇ...

— قۇندۇز، سالام، تۈزۈكمۇ؟ — دېدى ئارسلان يېنىغا كېلىپ.

ئۇنى كۆرگەن قۇندۇزنىڭ بېسىلاي دېگەن يىغىسى يەنە كۈچەيدى، ياشلىرى تاراملىدى.

— يىغلىماڭ قۇندۇز، جاپا چەكتىڭىز، ئەركىنىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، لېكىن، بىز بىللە بىللە جىق جەڭلەرنى قىلىمىز، — ئارسلان ئارقىسىدا تۇرغان يەبۇ ئەلىنى كۆرسەتتى، — قاراڭ، مانا ئەمىرمۇ سىزنى كۆرۈشكە كەلدى.

قۇندۇز قوزغىلىپ قول سوزغانىدى، ئەبۇ ئەلى تۇرغۇزمىدى. ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ، پېشانىسىنى سىلىدى.

— ئاكا، مەن سىزنى تىك تۇرۇپ قارشى ئالالمىدىم...، — دېدى قۇندۇز ناگولا، ۋە يەنە كەلگەن يىغىسىنى ئاران باستى.

— بىز جەڭلەردىن كېيىن بىر-بىرىمىز بىلەن ھايات كۆرۈشتۇق سىڭلىم قۇندۇز، ھە، راست، ئىنىم ئەركىن دېيىشىم كېرەك ئىدى-

دە! — دېدى ئەبۇ ئەلى ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى. قۇندۇزنىڭ چىرايىدا ئازراق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، — شۇنداق، ئەركىنلىك ئۇلۇغ نەرسە. ئەركىنلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشتى. ئەل ئەركىن بولدى. ھەممىمىز ئەركىن. شۇنداق ئەمەسمۇ، قۇندۇزخان؟ ھە، مانا بۇ ياخشى. كۈلۈش كېرەك. يىغلاش، بۇغراخاننىڭ چېرىكلىرىگە يات ئىش. ھەممەيلەن كۈلۈشتى، قۇندۇزمۇ كۈلۈمسىرىدى.

— توغرا گەپ، — دېدى ئېركەشبەگ، — سىز ھازىر ئۆز زامانىسىدىكى يىغلاڭغۇ دېدەك ئەمەس قىزىم، قەھرىمان بۇغرا قىزىسىز. يۈز ئوغۇلغا بەرمەيدىغان پەلۋانسىز. مانا قاراڭ، ھەممىمىز جەم بولدۇق، ئاتىڭىز بۇغراخانمۇ يېنىڭىزدا، سىز يىغلاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، تېخى بىزگە ھېلىقى قەشقەر غەزەللىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرىسىز... — يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، قۇندۇز خېلى روھلىنىپ قالدى.

— رەھمەت سىلەرگە، چىن دىلىمدىن ھەشقاللا، ئەمىر ئاكام مېنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ ئاسرىدى، تەربىيىلىدى، — دېدى ئۇ بۇغراخانغا قاراپ، — ئەمىر ئاكام مېنى "سىڭلىم" دېمەكچى بولغانىدى، كېيىن مېنىڭ تەلىپىمگە كۆنۈپ "ئىنىم" دېدى، ماڭا ھەم ئاكا، ھەم رەھبەر بولدى، جىق تەربىيىلىدى.

— بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سىڭلىم، ياق ئىنىم، ھە، نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەمدى دەۋەرسەك بولار، سىز ساقلايدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىغۇ!

ئەمىرنىڭ خۇش چاقچاق سۆزلىرى ھەممىنى كۈلدۈردى،

— ۋەزىر ئاتام بولسا ئۆز دادامدەك مېھرىبانلىق قىلدى،

ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەدبىرى بولمىسا، مەن مەنسۇرنىڭ زىندانىدا چىرىپ كەتكەن، پاكى دارىغا ئېسىلغان بولار ئىدىم. ئۇندىن كېيىن...

— بولدى، قۇندۇزخان، ئېغىزغا ئالغىچىلىك گەپ يوق، — دېدى ئېركەشبەگ، — راستىنى ئېيتسام، سىز مېنى جىق تەربىيىلىدىڭىز، سىزنىڭ ئەخلاق ۋە ئىدراكىڭىزدىن مەن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ، ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئالىي پەزىلىتىنى كۆردۈم.

— ئاشۇرۇۋەتتىلە ئاتا، — قۇندۇز ئىشىك تۈۋىدە توپلىشىپ تۇرغان دوستلىرىغا قاراپ دېدى، — كىرىڭلار، كېلىڭلار دوستلىرىم، بۇغرا دادام بىلەن كۆرۈشۈڭلار، — ئۇلار كىرىپ بۇغراخانغا تازىم قىلدى، — مانا بۇ يىگىتنىڭ ئېتى ئامانقۇل، باشتىن-ئاياغ مېنى جان تىكىپ ئاسرىغان ئىنىم، ماۋۇ يىگىت بولسا جەڭ ئۈستىدە تونۇشتۇق، ئېتى قاۋۇل، راستتىنلا قاۋۇل يىگىت، ئەركىن بىلەن بىللە مېنى، بىزنى ياغىي چەمبىرىكىدىن قۇتقۇزدى، ماۋۇ چوكان بولسا ۋەزىر ئاتامنىڭ ئەتىۋار قىزى رەيھان، چاقچاقچى، خۇش ئاۋاز چوكان، ناخشىغىمۇ ئۇستا، ماۋۇ ئانا بولسا...

ماھبانۇ بۇغراخاننىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى، ئۇ خانغا تەلمۈرۈپ قاراپ يىغلايتتى.

— قوپسىلا ئانا! — بۇغراخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، — ئۇنداق قىلمىسىلا، يىغلىمىسىلا، — ئۇ، ئۈن-تىنسىز يىغلاۋاتقان چارباش مومايغا قاراپ ھەيران بولۇپ ئېركەشبەگكە قارىدى.

ئېركەشبەگ ماھبانۇنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردى، ماھبانۇ بۇغراخانغا ئېسىلىپ يەنە يىغلىدى، ئۇ سۆزسىز ئاۋاز چىقىرىپ قول شەرىتى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى، باشقىلار ئۇنىڭ

دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۆرۈپ بەردى، ئۇ: "ئۆلۈمدىن ئايرىلىپ قالدىم، لېكىن، ئۇلۇغ بۇغراخاننى كۆردۈم، ئۆلسەممۇ ئارمانىم يوق" دەپتۇ. بۇغراخان، ئارسلان ۋە ئەمىر ئەبۇ ئەلى ماھبانۇنىڭ ئايىنچىلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ بەك تەسىرلەندى، مەنسۇرنىڭ جاللاتلىق قىلمىشلىرىغا غەزەپلەندى.

— زامانقۇل قەيەردە؟ — سورىدى بۇغراخان.

— ئوردۇ ئاشخانىسىدا.

— بۇ ئىككىيلەنگە بىر باغلىق ھويلا-جاي بېرىلىك، ياكى سالدۇرۇپ بېرىلىك، ئېركەشبەگ، بۇلار ئاخىرقى ھاياتىنى ياخشىراق ئۆتكۈزىدىغان بولسۇن.

ماھبانۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ خانغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

خان كېتىش ئالدىدا قۇندۇزغا:

— ياخشى ئەمەلىنىپ چاپسانراق ساقىيىڭ، بارىستچى ئانىڭىز سىزنى قەشقەردە ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— ھە ئوبدان دەم ئېلىڭ، ماۋۇ خۇش ئاۋاز چوكان بىلەن جىقراق ناخشا ئېيتىشىڭلار، ماقۇلمۇ؟ — ئەمىر ئەبۇ ئەلى رەيھانغا قاراپ كۈلدى، ئۇ قىزىرىپ كۈلۈمسىرەپ يەرگە قارىدى...

* * *

سەمەرقەنت ئېلىنغىنىغا ئۈچ ئاي بولدى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىككى دەريا ئارىلىقى سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىندى. بۇ دىيارلاردىكى خەلقنىڭ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۈچ ئايدىن بېرى پۈتكۈل ئەل غالىبىيەتنى تەنتەنە قىلماقتا. سۈتۈق بۇغراخانىنىڭ ئۇلۇغ چېرىك يۈرۈشى غەلىبە قىلدى. لېكىن، بۇغراخاننىڭ

ۋەزىپىسى تېخى تۈگىمىگەنىدى. سەمەرقەنت ھاكىمىيىتى ۋە باشقا خانلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك، ئەلنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك، ئاندىن ئۆزى خاتىرجەم بولۇپ قەشقەرگە قايتالايدۇ.

سامانىلار يەنە كەلمەسمۇ؟ بۇنى بىرنېمە دەپ بولمايتتى. مەنسۇر قېچىپ كەتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن كەتتى، يەنە ئەبۇ ئىبراھىم بار، ئۇلار يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ جىم ياتارمۇ؟ مەنسۇرنىڭ بۇغراخانغا بولغان ئۆچلۈكى تۈگەپ كېتەر، دەمسىز؟ ئىشنىڭ بۇياقىنىمۇ ئويلاش كېرەك.

ئۈچ ئايدىن بۇيانقى ئاقشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە مەنسۇر خۇراسان، ئىرانلاردا قايتا كۈچ يىغماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىغا باغداد خەلىپىسىمۇ بەزى ئاشكارا، بەزى خۇپىيانە ھالدا قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتماقتا. بۇ ئالامەتلەر مەنسۇرنىڭ قايتىدىن كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

ھاكىمىيەت، دۆلەت تۈزۈلۈشى — بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس. "ھەر جايىنى ئۆز خەلقى سورىسۇن!" بۇ بەك توغرا. لېكىن كىملەر خەلققە راست ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ بۇنى تاللاش خېلى مۇشكۈل ئىش. ئىركەشبەگ بىلەن مەۋلانە ھەزرەتتىن جىقراق پىكىر ئېلىش كېرەك. ئىركەشبەگ ئاق كۆڭۈل، خەلقپەرۋەر ئادەم. مەۋلانە ھەزرەت بولسا بىلىمدان، دانا، خەلقچىل ئۆلىما ئادەم. شۇڭا ئۇنى ئامما ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ ئىككىسى غەربكە يۈرۈش سەپىرىنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئوبدان تۆھپە قوشتى. خەلق ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشى ئۈچۈن، خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادىل، ساغلام ئادەملەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا قويۇش كېرەك.

سەمەرقەنت ئېلىنىپ، ھازىرغىچە سۇتۇق بۇغراخان باش يېتەكچى بولۇپ، ۋاقىتلىق كېڭەش بىلەن كېڭىشىپ ئىش ئېلىپ بارماقتا. بۇنداق كېتىۋەرگىلى بولمايدۇ، خانلىقنى رەسمىي ئېلان قىلىش كېرەك. قەشقەردىن چىققىلى بىر يىل بولۇپ قالدى. قايتىش كېرەك-تە...

سۇتۇق بۇغراخان ئاۋۋال ئارسلان بىلەن قايتا-قايتا پىكىر ئېلىشقاندىن كېيىن، مەۋلانە ھەزرەت ۋە ئېركەشبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يېڭى تەيىنلەنمەك بولغان خان ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ناملىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتتى. چۈنكى ئۇلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش كېرەك ئىدى.

ئەتىسى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پەرمانى جاكالاندى. پەرماندا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

"...پۈتكۈل ئەلگە جاكالايمىزكى، ئۇلۇغ قاراخانىلار خاندانلىقى نەۋەلىكىدە سەمەرقەنت خانلىقى قۇرۇلدى.

ئېلىكخانلىققا مۇدەررىس مەۋلانە ھەببۇللا ھەزرەت قويۇلىدۇ، ئالىپ ئارسلان ۋاقىتىنچە مەسلىھەت-كېڭەشچى بولۇپ تۇرىدۇ.

ئېلىكخانلىقنىڭ ئوردۇ ئەربابلىرىغا تۆۋەندىكى زاتلار بەلگىلەندى:

باش ئولچىلىققا — قوشۇمچە مۇدەررىس مەۋلانە ھەببۇللا ھەزرەت.

مەمۇرىي ئىشلار ئولچىلىقىغا — ئەبۇ ئەلى سىجۇق.

ئوردۇ ئاغىلىققا — ئېركەشبەگ.

ئوردۇ باش بېتىكچىلىككە — غۇلامخان بۇخارى...لار تەيىنلىندۇ."

ئاندىن پەرماندا: دىنىي ئىشلار ئولچىلىقىغا، خەزىنە ئاغىچىلىقىغا، چېرىك ئولچىلىقىغا، ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرى ئولچىلىقىغا، ئەل بارا-

ۋائىلىقى ئۇلچىلىقىغا بەلگىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ناملىرى ئېلان قىلىندى.
پەرماندا يەنە:
بۇخارا خانى بولۇپ ئەمىر ئەبۇ ئەلى سىمجۇق.
بۇخارا خانلىقىنىڭ باش ئۇلچىسى — سىبۇق تېكىن تەيىنلەنگەنلىكى؛

بۇخارا خانلىقىغا غەزنە، ھېرات ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقى قارايدىغانلىقى سىبۇق تېكىن خان غەزنە خانلىقىنى قوشۇپ باشقۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئاندىن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن: شاش، پەرغانە، نەمەنگان، ئۆزگەن، قوقەنت خانلىرىنىڭ ناملىرى كۆرسىتىلگەن. پەرمان ئاخىرى: "بارلىق پۇقرالارغا، دۆلەت خەزىنىچىلىرىگە، چېرىكلەرگە، لەشكەرباشلىرىغا مەلۇم بولغاي، دەپ:
ئۇلۇغ قارا خانلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان.

سەمەرقەنت، توشقان يىلى تۆتىنچى ئاي" دەپ تاماملانغان.
پەرمان جاكالانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئەمەلدارلار، چېرىكباشلىرى، ئۆلىمالار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، خەلق قوشۇلدى. كۆپچىلىك: "بۇغراخان ئادىل پادىشاھ ئىكەن، ئۆز كىشىلىرىمىزنى خان، ئۇلچى قىلىپ قويدى. يەنە كېلىپ خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنى تاللىدى..." دەپ قارىدى. بۇغراخاننىڭ ۋە قاراخانلار دۆلىتىنىڭ ئابرويى يەنىمۇ كۆتۈرۈلدى. قوشۇلمايدىغانلار، ھەتتا قارشىلارمۇ بولدى. بولۇپمۇ نۇھ مەنسۇرنىڭ سابىق دوستى شەيخ شاھاۋۇدۇن ئىشان قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. "سەمەرقەنت خانغا نېمىشقا ئۆز كىشىمىز قويۇلمايدىكەن؟ مەۋلانە بىن ھەبىبۇللا باش ئۇلچىلىققا يارىمايدۇ، سەدر ئەزەم ئىشان بولغان بىلەن باشقا

مەزھەپتىكى يەنە ئابدۇل خالىق، غۇلامخان، سېيىتتەك بىرنەچچە مەيرىيلەر خان ئوردۇسىغا كىرىۋېلىشتى. غۇلامخان نامى چىققان دەھرى، سېيىتنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ ھېلىقى ئۆرۈسكە ئەل بولىلى دەپ ئات قويۇۋالغان توپىلاڭچى ئوغرى ئەمەسمۇ...» دېدى ئۇ ۋە مۇشۇنداق ئارازىلىق پىكىرلىرىنى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈردى، ھەتتا بەزى ئىغۋالاردىنمۇ باش تارتمىدى. ئۆرۈسنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى ۋە مۇرت-مۇخلىسلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، تۇشمۇ-تۇشتا سۆز-چۆچەك تارقىلىپ تۇردى. شاھاۋۇدۇن ئىشان كېچىلىرى ئۇخلىماي ئازابلىنىپ چىقاتتى. «زادى مېنىڭ قەيىرىم ئوردۇغا ياراشمايدىكەن؟ ئاشۇ مەۋلانە بىلەن سەدر ئەزەمنىڭ ئىشلىرىغۇ بۇ، ئايىنلىق؟، — دەيتتى ئۇ خانىقادا سوپىلىرىغا ۋەز ئېيتقان چاغلىرىدا ۋە دۇئاسىغا، — ئىلاھا، پېقىر سادىق قۇلۇڭنى كۆرەلمىگەن ئاسىيلارنىڭ زاۋالىنى بەرگەيسەن!» دەپ قاغاپ قوشۇپ قوياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، شاھاۋۇدۇن ئىشاننىڭ جۈمە نامىزىغا خەتىبلىق ۋەزىپىسىگە تېگىشمىدى. بۇ بولسا ئىشاننىڭ ناگولا كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ جۇۋۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئازنا كۈنلىرى خۇتبىغا چىققاندا، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن مەيدىسىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆتۈرۈۋېرەك ئۇتاتتى. ئۇ ئوردۇدىن چىققان بىلەن، خۇتبىدىن چۈشۈپ كەتمىدى-دە! جۈمە، ھېيت نامازلىرىدا مىڭلىغان كىشىلەر «ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامىغا» دەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. مىڭ، ئونمىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا ئىبادەت قىلىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش — بۇ كىچىك گەپمىكەن؟ جەننەتتە يۇقىرى مەرتىۋەك بولغانلىقىنى ئۇ ئۇلچى جانابلار مەھشەرگاھدا كۆرۈپ قالىدۇ، تېخى ئۇ دۇنيادا مەھشەرگاھدا خۇدا قازى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز

شاپائەت ئەختىگە چىققاندا، كىمنىڭ قانچىلىك شاپائەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز، ھازىر تۆردە ئولتۇرغانلار مەھشەر-گاھنىڭ چۈشكىنىمۇ ئېلىنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئىشان ئاغامغا يېپىشارسەن، بەلكى. ھە، ئۇزۇنغا چىقىپ كەتتى، بىلىنىش تۈگۈل باش قويساڭمۇ پەرۋايىم پەلەك... ھەئە، بۇ خانىدانلىقتا مەنسەپدار بولمىغانمۇ ياخشى ئىش. ئەتە-ئۈگۈن مەنسۇر پادىشاھ قايتىپ كېلىپ قالسا... ئۇ ۋاقىتلاردا ئاكاڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈشسەن، تېخى مەلئۇنلار...“ شاھاۋۇدۇن ئىشاننىڭ بۇ ياغىنى ئويلىغانسىرى كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، مەيدىسىنى كۆتۈرەتتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە بېشى چۈشۈپ كۆڭلى خىرە بولۇپ قالاتتى: ”خۇتبىگە چىققىنىڭ بىلەنمۇ، يەنىلا بىر ئىمامىغۇ، سەن؟ مەھشەرگاھ بولسا يىراقنىڭ داۋرىڭى. مەنسۇر قايتىپ كېلەلەمدۇ، يوق، ئۇنى كىم بىلسۇن؟! بۇ، بۇغراخان دېگەننىڭ بېلى چىڭ، گېپى چوڭ تۇرىدۇ. ھەي قانداق بولاركىن...“

شاھاۋۇدۇن ئىشان بىركۈنى خانىقادىكى ھۇجرىسىدا ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز، كۆڭۈللۈك، يەنە كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ئېلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئۇزۇن پەرىجىلىك، چار ساقاللىق، چوڭ سەللىلىك بىر غەيرىي ئادەمنى باشلاپ كىردى. ئۇ ئادەم كىرىپلا ئىشاننىڭ ئالدىغا يۈكۈندى ۋە ”ئاللاھۇئەكبەر!“ دەپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئېگىلدى.

— ئىشان پىرىم، پېقىر مۇخلىسلىرىنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى ئۇ خىزمەتچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پارسچە.

— ئۆزلىرىنى قەيەردىن سورايمىز؟

— خوراساندىن. ئىشان ھەزرىتىمنىڭ مۇرىتى بولسام، دېگەن ئارزۇ بىلەن يىراق يوللارنى كېزىپ كەلگەن بىر ئاشىق مەن.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرى؟...

— ساھىب كالام، دەپ ئاتايدۇ پېقىرنى كىشىلەر.

— ساھىب كالام. ياخشى ئىسىم، يەنى، سۆزگە ماھىر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداق ئاتاشقان بولسا كېرەك.

— يوقسۇ، ماھىر دېگۈچىلىكى يوق. جانابىي ئاللا ھەربىر بەندىسىگە تىل بەردى، ئىمان بەردى، ئاللا يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەشمەككە كۈچ بەردى. كاپىرلار ئالدىدا تىز چۆكمەك ھەربىر بەندىگە ئاسىيلىق بولىدۇ ئىشان پىرىم...

— ھە، شۇندا دېسىلە. كاپىرلار كىملەر ئىكەن؟

— كىم بولاتتى، ياقا يۇرتلۇقلار، ئۇلار ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلماقچى. ئەسلى مەجۇسى ئەمەسمۇ ئۇلار؟ گەپىنىڭ ئۇ ياقىنى تېخى سۆزلىشىۋالارمىز، ھەزرىتىم، — ساھىب كالام يانچۇقىدىن بىر كىچىك خالتا چىقىرىپ ئىشانغا سۇندى، — ئازراق نېسىۋىلىرى. خوراساننىڭ ئالتۇنىدىن ئۆزلىرىگە يادىكارلىق.

ئىشان خالتىنى ئۇنچە مەنسىتمەي ئالغىلى تۇرغانىدى، "ئالتۇن" سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرىكى "قارت" قىلىپ، قوللىرى ئازراق تىترەپ كەتتى. لېكىن، مېھمانغا چاندۇرمىدى.

— بۇ كېرەك ئەمەس ئىدى، مېھمان...

— ھېچ گەپ ئەمەس، كۆرۈشكەنلىكىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن.

— جانابلىرىنىڭ پېقىرگە مۇرىت بولۇش ئارزۇلىرىنى قاندۇرماق بىزنىڭ بۇرچىمىز. ئەتىگەنلىكتە رەسمىيەتنى ئۆتەيلۇك، قانداق؟

— جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا. مەن ئەتە كېلەي، — ساھىب كالام ئورنىدىن قوپتى ۋە سىرلىق ئاۋازدا، — ياقىلىق كاپىرلار يادىلىرىدىن چىقمىغاي ئىشان پىرىم، — دېدى ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئىشان خالتا بوغقۇچىنى يېشىپ كۆرۈپ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى. راستىنلا، كېپەك ئالتۇن، ئاز ئەمەس ئىكەن. ئەجەب ياخشى ئادەم ئىكەن بۇ؟ مۇرت بولماقچى بولسا بولىۋەرگەي. چاكىنا ئادەم ئەمەس، ئىسمىمۇ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. خوراساندىن كەلگەن مۇرىتلىرىنىڭ بولسا، بۇ ئېمىدىگەن ياخشى... ئۇنىڭ "ياقا يۇرتلۇق كاپىرلار، ئۇنتۇماڭ" دېگىنى نېمىسى؟ دېمەكچى، يېقىندىلا مۇسۇلمان بولغانلارغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىرىنچى كۆرۈشۈپلا بىر خالتا ئالتۇن!.. قىزىق گەپ. بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىدىنلا ئەمەس، كۆزلىرىدىنمۇ، قانداقتۇر بىر سىر بىلىنىپ تۇرىدۇ...

ئىشان ئويلىغاچ قويۇپ كىچىك ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. خالتىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئەپلەپ قويۇپ قۇلۇپ سالدى ۋە قۇلۇپنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئاچقۇچىنى جىلتىكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى-دە، خۇشال تاشقىرىغا ماڭدى...

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن بىر خادىم ساھىب كالامنى خانىقا ھۇجرىسىغا، ئىشاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئۇ كىرىپ سالام قىلىشىغا ئىشان:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. كايىپ قوي ئېلىپ كەلمىسىلىمۇ بولاتتى. رەھمەت، ئولتۇرسىلا. كۆك قوچقار ئۇلۇغ. ئاللا "قۇربانلىق قىلىڭلار" دېگەندە، ئىسمائىل پەيغەمبەر ئوغلى ئىبراھىمنى قۇربان قىلماق بولغاندا، ئاللا ئۇنىڭ ساداقىتىنى تەقدىرلەپ

ئاسماندىن بىر كۆك قوچقار چۈشۈرۈپ بەرگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بولسا كېرەك.

“بۇمۇ بىر ھىيلىگەر ئالدامچى ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ساھىب كالام، — مېنى باشلاپ كىرگەن سوپىنىڭ ئىسمى كۆك قوچقارلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ، دەيدۇ. سەن ئادانلارنىلا ئالدىيالايسەن، ئىشان.

ئۇ خۇراساندا بىر ئىشاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىر ئالا توپاق ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ كىرىشى بىلەن ئىشان “ئالا توپاقلىرىڭغا رەھمەت” دېگەنىدى. كېيىن، ئۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئىشاننىڭ ئادەملىرىنىڭ مەخسۇس ئىسملىرى بارلىقىنى بىلدى. ھېلىقى خادىمنىڭ ئىسمى “ئالاتوپاق” ئىكەن. ئەمدى “كۆك قوچقار” ئالدىدىن چىقتى.

— ئۇلۇغ ئىشان ھەزرىتىمنىڭ كارامىتىگە قايىلمەن، — دېدى ساھىب كالام مۇغەمبەرلىك بىلەن، — جانابىي ئاللا ئۆزلىرىگە غايىبانە بىشارەت ئىقتىدارى ئاتا قىلغانلىقى، ئۆزلىرىگە خاس ئۇلۇغ خىسلەتتۇر.

— شۇنداق. ئاللانىڭ سادىق بەندىلىرىگە رەھمىتىنىڭ چېكى يوق، مېھمان.

— پېقىرمۇ ئاللانىڭ بىرەر مەرھەمىتىگە ئىگە بولالىسام ئەجەب شەرەپلىك بولغان بولاتتىم.

— بۇ سىزنىڭ ئاللا يولىدا پىداكارلىقىڭىزغا باغلىق، مېھمان.

ئىشان ساھىب كالامنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار خېلى جىق ئاشكارا-خۇپىيانە سۆزلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

شۇنداق قىلىپ ساھىب كالام ئىشانغا سادىق مۇرىت بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشاننىڭ سىزغان سىزىقىدىن چەتكە چىقماسلىقى كېرەك.

ھاماقەت ئىشان بولسا ئۇنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىزنىڭدىن چىقالمايدىغانلىقىنى سەزمەيتتى. كېيىن ئىشان بۇنى سېزىپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق ئىلاجى قانچە! بىر خالتا ئالتۇن، "سادىق مۇرىت"لىق ئۆزىنىڭ رەھىمسىز كۈچىنى كۆرسەتمەي قويمايدۇ-دە...

* * *

بىركۈنى قاۋۇل ئامانقۇل بىلەن ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ بازارغا چىقتى. بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا، سەمەرقەنت بازىرىنىڭ ئاۋات كۈنى ئىدى. ئادەملەر تىقما-تىقماق، گۈزەرلەردىن ئۆتۈش تەس ئىدى. ئۇلار ئاشلىق بازىرى، دوپپا بازىرى، ئۆتۈك بازىرى، قاساپ بازىرى ۋە ئۇتياش بازارلىرىنى چۆگىلەپ تاماشا قىلدى. بىر يەرگە كەلسە، كىشىلەر ھالقا بولۇپ ئۆرە-تۆپە بولۇپ تۇرۇپتۇ. بېرىپ قارىسا بىر مەدداھ قۇلاقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلەۋېتىپتۇ. "ئەجەب قايناپ كېتىپتۇ، بۇ نېمە دەيدىكىن-تاڭ" دېدى ئۇلار مەدداھ بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مېڭىپ كەتتى. بۇ بازار پەرغانە، قوقەنت بازارلىرىدىن چوڭ ئىكەن. ساتىدىغان نەرسىلىرىمۇ جىق ئىكەن. ئويۇن-تاماشىلىرىمۇ جىق ئىكەن. ئۇلار تېكە ئوينىتىش، خوراز سوقۇشتۇرۇشنى ئازراق تاماشا قىلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ چوڭ مەسجىدنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەسجىد قوۋۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك قەلەندەرلەرنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى غەش بولدى. قاۋۇل سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان بىر ئاقساقالنى كۆرۈپ، بوۋىسى يادىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بىرنەچچە تەڭگە پۇل بەردى. جۈمە نامىزىدىن چىققانلارنىڭ كايىلىرى

يانچۇق كولاپ ئۇلارغا ئاز-ماز پۇل بېرەتتى. گايلىرى پەرۋاسىز غادىيىپ ئۆتۈپ كېتەتتى... قاۋۇل بىلەن ئامانقۇل قايتىپ ئوردۇ ئالدىغا كەلسە، بىر چىرىك ئىككى ئايال بىلەن تاكاللىشىۋېتىپتۇ.

"ئاۋۇ بىچارىلەرنى قارىغىنا، ئۇلارنىمۇ ئاتا-ئانىلىرى ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان بولغىيدى؟" دېدى ئامانقۇل ئاياللار تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

"شۇنى دېمەمسەن. قارا ئۇلارنىڭ ئۇرقىنى؟" دېدى قاۋۇل.

ئاياللارنىڭ تۇرقى راستىنلا بەك ئاۋارە ئىدى، كىيىملىرى جۇل-جۇل، بەللىرىنى چىگە بىلەن باغلىۋالغان، بىرى ئۇششىسىگە بىر كىچىك خورجۇن ئارتىۋاپتۇ، بىرى بىر تۈگۈنچەكنى قولتۇقلىۋاپتۇ، ئاياغلىرى كىرلىشىپ يېرىلىپ كەتكەن، يۈزلىرى كىر، چاچلىرى پاقىماق كۆرۈنىدۇ. ئاياللارنىڭ بىرسى: "بىزنى كىرگۈزۈڭلار، بولمىسا قاۋۇلنى قىچقىرىپ بېرىڭلار" دەپ چېرىككە يېلىناتتى.

"قاۋۇل" دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ، ئاياللارغا يېقىن باردى. قاۋۇل ئايالنىڭ كۆزىدىن بىرنەرسە سەزگەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئاڭغۇچە بىر ئايال يۈگۈرۈپ كېلىپ: "قاۋۇل ئاكا!..." دېگەنچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. "ھە!!!" دېدى قاۋۇل ئايالغا تىكىلىپ ۋە دەرھال تونۇدى. "ئاھ مەردانە!" دېدى-دە، ئۇنى قۇچاقلىدى. مەردانە ئىچ-ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلايتتى، قاۋۇل ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ جوۋۇتاتتى. ئامانقۇل ھەيران بوراپ ئۇلارغا قاراپ تۇردى-دە، ئاۋۇ ئايالدىن سورىدى:

— بۇ مەردانىمۇ، يا؟

— ھەئە، شۇ، — دېدى ئايال كۆز ياشلىرىنى يىرتىق يېڭى بىلەن سۈرتۈپ.

— شۇنداقمۇ بولۇپ كېتەرمۇ، نېمە بولدى؟

— ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەلەملەرنى تارتتى.

— سىزچۇ؟

— مەردانىنىڭ دوستى، مەنمۇ بىر ۋەيرانە سەرگەردان... — ئايال ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئامانقۇل ئۇنى جوۋۇتتى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، يېشىنى سۈرتكۈسى كەلدى. بىراق ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— يىغلىماڭ سىڭلىم، يىغلىماڭ. بىز بىلەن كېتىڭلار — ئۇ بېرىپ قاۋۇل بىلەن مەردانىنى ئاجراتتى، — بولدى، يىغلىماڭلار، قاۋۇل بۇلارنى چاپسان ئېلىپ كېتەيلى. قېنى يۈرۈڭلار.

— ماۋۇ كىشى كىم؟ — سورىدى قاۋۇل مەردانىدىن.

— دوستۇم زۇمرەت ئەمەسمۇ! تونۇمىدىڭىزمۇ؟

— ۋاي زۇمرەتمۇ، نېمە بولۇپ كەتتىڭلار، ئەجەبمۇ ئېغىر كۈنلەر كەپتىغۇ بېشىڭلارغا؟ — قاۋۇل زۇمرەتنىڭ بېشىنى سىلىدى، — يۈرۈڭلار كەتتۇق...

ئۇلار مەردانە بىلەن زۇمرەتنى يېتىلەپ قۇندۇزنىڭ ئۆردۇدىكى ئىشخانىسىغا كىرگەندە، قۇندۇز ھاڭۋېقىپ ھەيران قالدى.

— بۇ نېمە گەپ، بۇلار كىملەر؟

— ماۋۇ مەردانە، ماۋۇ، بۇنىڭ دوستى، ئېتى زۇمرەت، — دېدى قاۋۇل.

— ھە؟! نېمە دەۋاتىسىز قاۋۇل، مەردانە!؟

— شۇنداق ئاچا، — دېدى ئامانقۇل، — بۇلارنى ئۆردۇ ئالدىدا قاۋۇلنى ئىزدەپ تۇرغان يېرىدىن ئېلىپ كەلدۇق. مەردانە قاۋۇلنى تونۇۋالدى.

— بۇ كىشى بۇغراخان ئاتامنىڭ سىڭلىسى قۇندۇز ئاچام، — دېدى قاۋۇل يېتىرقاپ تۇرغان مەردانىگە.

مەردانە بېرىپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا تىزلاندى، ئۇنىڭ كەينىدىن زۇمرەتمۇ تىزلاندى.

— جېنىم ئاچا، بۇغراخان ئاتامغا ئېيتىڭ، بىزنى، كەمبەغەل بىچارىلەرنى قۇتقۇزسۇن، — دېدى مەردانە. ئىككىسى قوللىرىنى سوزۇپ يىغلىدى.

— ۋاي بولدى، قوپۇڭلار، چاپسان قوپۇڭلار، — قۇندۇز ئۇلارنى قوللىرىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدى، — قاۋۇل! بۇلارنى باشلاپ ماھىبانۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭ. ئاۋال يۇيۇندۇرۇپ كىيىندۈرسۇن. ئاندىن قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار. بېرىڭلار، سىڭلىلىرىم، يېشىڭلارنى سۈرتۈڭلار، يىغلىماڭلار. ئەمدى ئازاپ چەكمەيسىلەر، — قۇندۇز ئۇلارنى جۇۋۇتقان بىلەن ئۆزىمۇ كۆز يېشىنى باسالمىدى. لېكىن، ئۇلارغا كۆرسەتمەي ئۆرۈلۈپ كۆزىنى سۈرتىۋالدى ۋە قاۋۇل بىلەن ئامانقۇل باشلاپ چىقىپ كېتىپ بارغان ۋەيرانە ئاياللارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. "...بىزنى، كەمبەغەل-بىچارىلەرنى قۇتقۇزسۇن!...شۇنداق، مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يىقىتىش بىلەن ئىش پۈتمەيدىكەن. كەمبەغەل-بىچارىلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىكەن... ئەركىنلىك، چىن ئەركىنلىك... ئىلىك ئۇستاز توغرا ئېيتقان. لېكىن، ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، قانداق قىلغاندا، كەمبەغەل-بىچارىلەر ئازاد بولىدۇ؟!..." قۇندۇز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇراتتى.

قۇندۇز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ يەنە ئويلايتتى: "ئەسلى-نەسلىنى ئۇنتۇش جىنايەت! دەيتتى ئىلىك ئۇستاز. مېنىڭ

ئەسلى-نەسلىم مۇشۇنداق ئەمەسمىدى، ھالىم بۇلارنىڭكىدىنمۇ خاراب ئىدى، بىراق زامان باشقا، لېكىن يەنە مۇشۇنداق ئېزىلىش... دامراتلارنىڭ نوختىسى ئېلىنىپ يۈگەن سېلىندى، دېگىنى راست ئىكەن. مەن ئەسلى-نەسلىمنى ئۇنتۇماسلىقىم ئۈچۈن ئاشۇنداق ئازاب ئىچىدىكى بىچارىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ قوشۇشۇم كېرەك... بىرنەچچە سەرگەردانىنى، قەلەندەرنى قۇتقۇزۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن قەلەندەرلەرنى، مەردانە-زۇمرەتلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەك. نوختىسىمۇ يوق، يۈگىنىمۇ يوق دۇنيا بولارمۇ؟! ئۇ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك... سۇتۇق بۇغراخان ئۇلۇغ ئادەم، ئەگەر ئاشۇ ئەركىن دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرەلىسە، تېخىمۇ ئۇلۇغ بولۇپ كېتەتتى-دە!...»

قۇندۇز ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى بۇغراخانغا ئېيتماقچى بولدى. بۇغراخان رەنجىپ قالارمۇ؟ ئۇنداقمۇ بولماس. قۇندۇز بۇغراخان قۇتقۇزۇپ ئۆستۈرگەن كۆچەت. بۇغراخان ئۇنى سىڭلىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ. قۇندۇز ياغىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇغراخان ئۇنىڭغا بەك قايغۇردى. قۇندۇز ئامان قاپتۇ. ئۇ يەنە سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۇرۇشىدا، سەمەرقەنت سېپىلى تۈۋىدە يارىدار بولۇپ ئامان قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزغان يۈرەك باغرى ئېرىدىن ئايرىلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بۇغراخان، ئارسلان ۋە باشقىلار قۇندۇزنى ھۆرمەتلەيدۇ. ھازىر ئۇ بۇغراخاننىڭ بىتىكچىسى بولدى. بۇغراخان ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدا مۇشۇ ۋەزىپىنى بەردى. قۇندۇزمۇ بۇغراخاننىڭ يېنىدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى شەرەپلىك ئىش دەپ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى، مۇھىم خىزمەت. بۇغراخان ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى رەت قىلمايدۇ، بەلكى خۇش بولىدۇ.

بۇنىڭغا قۇندۇز ئىشىنىدۇ. لېكىن، قۇندۇز ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشىنىپ كەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىپ بېقىشقا قارار قىلدى...

## ئۈچىنچى باب

# سەمەرقەنت مەدرىسىدە

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قۇندۇز مەردانە بىلەن زۇمرەتنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلىدى. ئەتىسى ئۇ ئىككى چوكاننى بۇغراخاننىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى.

— قاراڭ چوڭ دادا، كىم كەلدى؟ — دېدى قۇندۇز ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مەردانە بىلەن زۇمرەتنى كۆرستىپ.

مەردانە بىلەن زۇمرەت كۆڭلەك پەشلىرىنى تۇتۇپ، پۇتلىرىنى پۈكۈپ يۇۋاش ئېگىلىپ، بۇغراخانغا تەڭ تازىم قىلدى.

— ھا، بۇ مەردانە، — دېدى خان ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز كونا تونۇش، بۇ قىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم.

— بۇ ياق مەردانىنىڭ دوستى — زۇمرەت.

— بەك ياخشى، ئولتۇرۇڭلار، گۈزەل قىزلار.

— ئەگەر تونۇغۇن كۆرگەن بولسىڭىز كونا تونۇش مەردانىنى زادى تونۇمىغان بولاتتىڭىز. ھازىر مانا بۇلار باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى.

راست ئۇلار تونۇگۈنكى چوكانلار ئەمەس ئىدى. ماھبانۇ ئانا بازارغا باشلاپ چىقىپ، يارىشىملىق كىيىملەر ئېلىپ بەرگەن. ئۇلار ئۇخشاش ئەتلەس كۆڭلەك، تاۋار جىلىتكە، گۈللۈك پوپۇچ كىيگەن. ئارقىسىغا تاشلانغان قارا چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ. مەردانىنىڭ

ئوينىاق قارا كۆزلىرى كۈلۈمسىرەيتتى. ئىككى مەڭزى قىزىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىگە ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلغان مېھرىبان ئادەمنى كۆرۈپ چەكسىز ھاياجانلانغىدى بولغاي، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. زۇمرەت نامىنى تولا ئاڭلىغان بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرەرمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئېيمىنىپ بۇغراخانغا قارىيالمايتتى.

— ياخشى كەپسىز مەردانە، دوستىڭىزنى ئېلىپ كەلگىنىڭىز ياخ-شى بوپتۇ، قالغان ئىشلارنى قۇندۇز ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھە، كېلىڭلار، ماۋۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، — دېدى بۇغراخان تاشقىرىدىن كىرگەن ئېركەشبەگ غۇلامخانغا ئۇلارنى كۆرسىتىپ. چوكانلار ئۇلارغا تازىم قىلدى.

— سىلەر ئەمدى چىقىپ دەم ئېلىڭلار، مەردانە، — دېدى قۇن-دۇز، ئۇلار خانغا تازىم قىلىپ، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇندۇز ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. بۇغراخان ھەم ئوردۇ ئاغىسى ئېركەشبەگ باش بىتىكچى غۇلامخان ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى...

قاۋۇل بۇغراخان بىلەن پەرغانىدىن يۈرۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆت-مەي بوۋىسى تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مەردانە خوشنىسى بايدىن پۇل قەرز ئېلىپ بوۋىسىنى يەرلىكىدە قويۇپتۇ. كېيىن باي "شەپقەت قىلىپ مەردانىدىن ھال سوراپ تۇرۇپتۇ"، "قىينالما قىزىم، خەجلە" دەپ پۇل بېرىپتۇ. خوتۇنىنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن كىرگۈزۈپ "ھال سورىتىدىكەن". "يالغۇزلۇقۇمدا بېشىمنى سىلىدى، ئوبدان ئادەم ئىكەن دەپتۇ" مەردانە... باي ئاستا-ئاستا غەمخورلۇقنى توختىتىپتۇ. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دەپتىرىنى،

كۆتۈرۈپ چىقىپلا پۇلنىڭ ھېسابىنى كۆرسىتىپتۇ. مەردانە يىغلاپتۇ، باي: "گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، يا سەن ماڭا تېگىسەن، بېغىدا تۇرسۇبېرىسەن، ياكى باغ-ئۆيىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن" دەپتۇ. مەردانە "ئاللا-كاللا" دەپ زارلاپتۇ، بۇ ھارامزادىگە ئۆلۈم تىلەپتۇ. "كۆتۈپ تۇرسىلا، قاۋۇل كەلگەندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ پۇللىرىنى بېرەيلى" دەپ يېلىنىپتۇ بايغا، بۇ بولمايدۇ، ئىككىنىڭ بىرى دەپتۇ باي. ئۇ ھەر كۈنى كىرىپ مەردانىنى قىستايدىكەن. مەردانە نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلايدىكەن. دوستى زۇمرەت ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ مۈڭدىشىدىكەن، زۇمرەتنىڭ ئېرى چېرىكلىكتە ئۆلۈپ كېتىپ، كوچىدا قالغان بىر يېتىم چوكان ئىكەن. ئۇ بوۋىسى ئۆلگەندىن كېيىن مەردانە بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئۇ دوستىنىڭ ھالىغا يېتىدىكەن. باي مەردانىنى قىستاۋېرىپتۇ. بىر كۈنى كىرىپ: "ساڭا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىمەن، يا ماڭا تېگىسەن، يا باغ-ھويلاڭنى ئۆتكۈزىسەن!" دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى مەردانىگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ. زۇمرەت بىلەن ئىككىسى يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئەھۋالنى بىلىپ تۇرغان قوشنا بوۋاي كىرىپ مەسلىھەت بېرىپتۇ: "كۆز يېشى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ باي قارا يۈرەك ئەبلەخ. ھەر ئىشتىن يانمايدۇ، جېنىڭنى بىر ياقىغا ئال قىزىم، قاۋۇلنى ئىزدەپ تاپ..." دەپتۇ. ئاخىرى مەردانە زۇمرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر كېچىدە سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. قوشنىسى بوۋاي بۇلارنى بىر ھارۋىكەش دوستىغا تاپشۇرۇپ قويۇپتىكەن. ئۇلار ئۆزئارا ياردەملىشىپ فوقەنتكە كەپتۇ. ئۇ يەردە بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلەپ يۈرۈپ بىرەر ئاي جان بېقىپتۇ. ھېلىقى ھارۋىكەش پەرغانىدىن يەنە بىر كەلگىنىدە

بۇلارنى بىر ئېشەكچى كىراكەش دوستىغا تاپشۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ يامان ئادەم ئىكەن. ئۇلارنى ئېشەككە مىندۈرۈش تۈگۈل، قونغانلا جايدا چاۋار تەرگۈزۈپ، تاماق ئەتكۈزىدىكەن. قورساقلىرىنىمۇ تويغۇدەك بىرنەرسە بەرمەيدىكەن، ئۇلار "ئىشقىلىپ قاۋۇلنى تېپىپ ئالساقلا بولدى." دەپ، قىينالسىمۇ رازى بوپتۇ... شۇنداق قىلىپ مىڭبىر ئازاب بىلەن ئۇلار سەمەرقەنتكە كەپتۇ. كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بوپتۇ، ئاچ قاپتۇ، ھەر كۈنى ئوردۇ ئالدىغا كېلىدىكەن، ئامال يوق كېتىدىكەن. تۈنۈگۈن قاۋۇل بىلەن ئامانقۇلغا ئۇچراپ قاپتۇ...

بۇغراخان قۇندۇزنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە سۆزسىز ئايلىناتتى...

— مەردانە ماڭا: "بۇغرا ئاتامغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىزدەك كەمبەغەل-بىچارىلەرنى قۇتقۇزسۇن" دېدى، دېدى قۇندۇز، — قاراڭ چوڭ دادا، ئۇنىڭ سۆزى قانچىلىك چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر! بۇغرا ئاتام كەمبەغەل-بىچارىلەرنى قۇتقۇزسۇن! ئۇ سانسىز مەردانىلەرنىڭ سۆزىنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب چېكىۋاتقان نامراتلارنىڭ سۆزىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۆزى قەدىرلىگەن بۇغرا ئاتىسىدىن، تېخىمۇ چوڭراق ياخشىلىق تىلەيدىكەن، — بۇغراخان ئويچان ھالدا ھامان ئايلىناتتى. بىر توختاپ ئېلىپ يەنە ماڭدى. بۇنىڭدىن "سۆزۈم سىڭىۋاتقان ئوخشايدۇ." دېدى قۇندۇز ئىچىدە ۋە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — ئەلنىڭ ھۆرمىتى بەك قىممەت. بۇنىڭدىن چوڭ بەخت بولمايدۇ كىشىگە. لېكىن، ئەل تىلىكىنى قاندۇرمىسا، ئۇنداق بەخت يىلتىزسىز دەرەخكە، پو تېرەككە ئوخشاپ قالىدۇ...، — ئۇ قاتتىقراق كەتتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، سۆزىنى يۇمشاتتى، — ئەركىنلىك دېگەن سۆز، ئىلگىرى، قۇلدارلىق مەزگىلىدە قانداق چوڭقۇر مەنىلىك بولسا،

ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇ بىزدىن ئەلنىڭ تولۇق ئەركىنلىكى ئۈچۈن يېڭى دەۋردە يېڭى تەلەپ قويۇۋاتىدۇ، بۇ تۈمەنلىگەن يوقسۇل قۇللارنىڭ ئاۋازى...

قۇندۇز نېمە دەركىن دەپ بۇغراخانغا قاراپ ئەيمىنىپ سۆزىنى توختاتتى.

— بەللى قۇندۇز، سىزنىڭ ئەلگە كۆيۈمچان يۇقىرى تىلىكىڭىزگە قايىلمەن، — دېدى بۇغراخان ئولتۇرۇپ، — سىزنىڭ، ئاۋۋالقى بىر دېدەكنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ تىلەك ئىگىسى بولۇپ قالغىنىغا بەك خۇشمەن، تۇرمۇش سىزنى تەربىيەلەپ ئۆستۈردى. ئىلىك ئۇستازىمۇ تەربىيەلىدى. ئىلىك ئۇستازنىڭ "ئەركىنلىك" تىلىكى سىزگە ئوبدان سىڭىپتۇ. تەتۈرلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىلىك سىزنى ئوبدان زەھەرلىگەن ئوخشايدۇ، — ئۇ زوقلىنىپ قۇندۇزغا قارىدى.

— ئالدى بىلەن زەھەرلىگەن ئۆزلىرى چوڭ دادا، يەنە زەھەرلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئايدىڭ ئاچام بىلەن يۇلتۇز ئاچاملارمۇ بار.

— ۋايجان، ئۇنداق بولسا، بىز ھەممىمىز بىر بولۇپ دۇنيانى زەھەرلەپ بولىدىكەنمىز-دە؟ — كۈلدى بۇغراخان، — بىز ئۇستازدەك زەھەر تارقاتالىساق، بۇ ياخشى ئىش. خوپ، قۇندۇز، ئەركىنلىك دېگەن يەنە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؟ بۇ ياقىنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟

— ئۇ ياقىنى ئويلاپ كېتەلمىدىم. قۇللارغۇ ئەركىن بولدى. لېكىن، ئۇلار ئېيتقاندەك، يەنە نوختا يۈگەنگە ئايلىنىپ قالغىنى راست. نوختىسىمۇ يوق، يۈگىنىمۇ يوق دۇنيا قۇرۇلسا دەيمەن.

— بەك ياخشى ئويلاش. بىراق نوختا بىلەن يۈگەننى تاشلىۋەتسەك، تەتۈرلەرنى، يوغان قورساقلارنى قانداق باشقۇرىمىز؟

— بۇ نوختا-يۈگەنلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارغا باشقىراقىنى ياسىمايسىزمۇ!

— ھا، ھا، ھا...، — راھەتلىنىپ كۈلدى بۇغراخان، — كونىسىنى كۆيدۈرۈپ يېڭىسىنى ياساش، توغرا، بەك توغرا... سىڭلىم! بىز ئىككى چوڭ ئىشنى قىلدۇق: بىرى يېڭى دۆلەت قۇرۇش، بىرى، قۇلدارلىقنى يوقىتىش. دۆلەت قۇرۇش ئىشىمىز تېخى تۈگىمىدى. بۇ ياقلاردىكى قاداشلىرىمىزنى چەتنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزدۇق. بىراق بۇنىڭ بىلەن تىنچ ياتقىلى بولمايدۇ. ياغىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ چىشىغا تېگىپ قويدۇق-تە! بۇنىڭدىن باشقا، ئوڭ-سولدىن باشقىلىرى كېلىشى مۇمكىن. قوشۇننى ئۇلغايتىش كېرەك. بىرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنە بىر چوڭ ئىش — بىلىگ، ئاقارتىش. بۇ ئىشىمىز تېخى چالا. ئاۋۋال مۇشۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىۋالساق، ئاندىن سىز دېگەن ئىككىنچى ئەركىنلىكنى ئويلاشساق. تولۇق ئەركىنلىك قانداق بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتىمۇ ئەركىنلىك شۇنداق تۈگەل بولۇپ كېتەرمۇ؟ كونا نوختا بىلەن يۈگەننى شۇنداق ئاسانلا كۆيدۈرۈپ تاشلىغىلى، يېڭىسىنى شۇنداق ئاسان ياسىغىلى بولارمۇ؟ مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلىشىش كېرەك. ئاڭغىچە نامراتلار يەنە ئېزىلىپ تۇرىدۇ. ئىلاجى بار ئازراق ئېزىلىشى ئۈچۈن چارە تېپىش كېرەك. ئۆتكەن قېتىم يەر-سۇنى تەكشۈردۇققۇ. لېكىن ئېزىلىشنى ئۇنداق ئاسانلا تۈگەل يوقاتقىلى بولمايدۇ. بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ.

— كەچۈرىسىز چوڭ دادا. مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بەلكى توغرا ئەمەستۇ؟

— قاراشلىرىڭىز بەك توغرا. ماختاشقا لايىق. ۋاقىت، چارىسىنى

ئويلاشماق لازىم...ھە، ئېيتماقچى مەردانىلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچىسىز؟

— ئۇلارنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە تۇتۇپ بىللە يۇرتقا ئېلىپ كەتسەك، دەيمەن.

— مەيلى سىزنىڭچە بولسۇن، ئەمدى بۇ سۆھبىتىمىزنى تۈگەتسەك قانداق؟ باشقا ئىشلارغا ئۆتەيلۈك.

— خوش يىغىننىڭ تەييارلىقى قانداق بولىدى؟ — بۇغراخان ئوردۇ ئاغىسى بىلەن باش بىتىكچىگە قارىدى.

ئۇلار دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. بىرئاز تەمتىرەش سېزىلىپ تۇراتتى، قۇندۇز قاراپ ھەيران بولدى. قۇندۇز بىلەن بۇغراخاننىڭ سۆھبىتى بۇ ئىككىسىنى راستلا ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ ئۇلار قۇندۇزنىڭ قانچىلىك بىلىمدان ئايال ئىكەنلىكىگە قايىل قالدى. ئەركىنلىك، يەنە ئەركىنلىك، ئىككىنچى ئەركىنلىك... ئۇلار بۇ توغرىدا ئويلاپ باقمىغان. پەقەت مەنسۇر ھاكىمىيىتىنى يىقىتىشنىلا ئويلىغان. شۇڭا ئۇلار سۆھبەتكە گەپ قىستۇرالمىدى. لېكىن، سۆھبەتتىن ئۇلار يەنە قانداقتۇر ئالىي غايە بارلىقىنى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— ھە، يىغىن... يىغىن تەييارلىقى ياخشى، — دېدى ئېركەشبەگ ئازراق ھودۇقۇپ، — غۇلامخان، سىز...

— يىغىن تەييارلىقى تۈگەپ قالدى، — دېدى غۇلامخان ئۆزىنى رۇسلاپ، — خانلارغا، چېرىكباشلىرىغا ۋە باشقا مېھمانلارغا خەۋەر قىلىندى. دۆلەت قانۇنى بېسىپ تەييارلاندى، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى ئۆتكەن نۆۋەت ئېيتىپ بەرگەنلىرىدەك يېزىلدى. ياغاچ باسمىدا باستۇرۇلماقتا.

— ھە، تەييارلىقلار بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يىغىنى ئىككىنچى ئايدا ئېچىشقا بولىدۇ، — دېدى ئېركەشبەگ.

— سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىگە دېگەنىمىدۇق. بۈگۈن بەشىنچى ئاينىڭ بەشى. يەنە يىگىرمە بەش كۈن قالدى، ئۈلگۈرەمسىزمۇ؟

— ئۈلگۈرىمىز.

— بولىدۇ، دېگەن ۋاقىتتا ئاچايلۇق. دۆلەت قانۇنى شۇ ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ تۈزۈلگەن باش قانۇن. دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭدا "ئىلىكخانلىقلار مۇشۇ باش قانۇننى يېتەكچى قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قانۇن تۈزىدۇ" دەپ پۈتۈلگەن. سەمەرقەنت خانلىقىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇ يىغىندا باش قانۇننى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇنى چۈشەندۈرسەك بولىدۇ. سۆزلەيدىغان سۆزنى يەنە ئويلىشايلۇق. بابا قۇندۇزنىڭ ئېيتقانلىرى بەك مۇھىم. كەپنى ئۇنداق قىلمىساقمۇ، ئەركىنلىك بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى تۈگەللەش لازىملىقىنى ئېيتىش كېرەك. سۆزنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا بىر پارچە بېرىڭ، ئۇنىڭغىچە تارانماي تۇرۇڭلار... بۇغراخان بىر ئاز ئويلاپ دېدى، — مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر نۆۋەت ئوردۇ كېڭىشىنى ئۆتكۈزەيلۇك. ئارسلان ئۈلگۈرۈپ كېلەرمۇ؟

— كېلىشى مۇمكىن. ئۇ ئەبۇ ئەلى بىلەن بۇخارادىن ھېراتقا بارغانىدى. بۇ ياققا قاراپ يولغا چىققىلى ئىككى كۈن بولدى.

— ياخشى، ئۇلار كەلمەي يىغىننى ئېچىشقا بولمايدۇ.

* * *

ئوردۇ كېڭىشى مۇزاكىرىسىدىن كېيىن، چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا سەمەرقەنت خانلىقىنىڭ ئەمەلدار، ئەربابلىرىدىن باشقا، ھەربىر

خانلىقنىڭ ئەمىر-خانلىرى، چېرىكباشلىرى قاتناشتى. يىغىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سۆزىگە ئاساسەن، ئەلنىڭ ئەھۋالى، قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن بولغان بىرلىكى، ھاكىمىيەت-ھۆكۈمەت تۈزۈمى، تەڭلىك، ئالۋاڭ-سېلىق ۋە باشقىلار مۇزاكىرە قىلىندى، باشقا مەسىلىلەر دەتالاش جىق بولمىدى، تەڭلىك ۋە ئالۋاڭ-سېلىق توغرىسىدا جىقراق سۆز بولدى. ئاخىرى، بۇغراخاننىڭ پىكرى بويىچە "نامرات تارىغچىلارنى تەڭ كۆرۈش؛ دۆلەت سېلىقىنىڭ ئوندىن ئۈچىنى كېمەيتىش؛ ئادەم سېتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق چەكلەش" دېگەن سۆزلەر قارارغا كىرگۈزۈلدى. يىغىننىڭ بەشىنچى كۈنى بۇغراخان يەنە سۆز قىلدى. ئاندىن بىر قارار قوبۇل قىلىندى. قاراردا: "سەمەرقەنت ئىلىكخانلىقى قاراخانىلار خاندان-لىقىنىڭ بىر قىسمى، قاداشلىقنى، بىرلىكنى كۈچەيتىپ ئەلنى ياخشى باشقۇرۇش، ئەلنى پاراۋان قىلىش ۋە ئەلنى قوغداش" دەپ بېكىتىلدى.

يىغىن تۈگىگەن كۈنى ئاخشىمى ئوردۇ زىياپىتى بېرىلدى. زىياپەت چوڭ سارايدا ئۆتكۈزۈلدى. سەمەرقەنتنىڭ داڭلىق ئاشپەز ئۇستىلىرى يەرلىك تاماقلار تەييارلاشتى، ھەممە ھۈنىرىنى كۆرسەتتى.

زىياپەتتىن كېيىن ئويۇن كۆرسىتىلدى. شاش، بۇخارا، پەرغا-نىدىن خەلق سازەندىلىرى، قوشاقچىلار-ناخشىچىلار، ئۇسۇلچىلار ئەكەلدۈرۈلگەن. ئۇلار سەمەرقەنت سەنئەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى-نىڭ ئەڭ ياخشى ھۈنەرلىرىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن كۆرسەتتى. شاش ئۇسۇلى، بۇخارا قوشاقلىرى، پەرغانە ناخشىلىرى تاماشىچىلارنى بەك قايىل قىلدى.

يىغىن تۈگەپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قۇربان ھېيت بولدى.

بۇغراخان مەسجىدكە بارغىنى ئۈچۈن ھېيت نامىزى ھەر ۋاقىتتىكىدىن تەنتەنىلىك باشلاندى. لېكىن، ناماز ۋاقتىدا كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بەردى...

سەمەرقەنت مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى ھەشەمەتلىك ياسالغان چوڭ مەسجىدكە جامائەت لىق تولغانىدى. ئىمام خۇتبىسىنى تۈگىتىپ مېھراب ئالدىغا كەلگەندە، جامائەت "گۇر" قىلىپ قوپۇشتى. خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئالا يەكتەك كىيگەن بىر كوسا ئادەم ئالدىراپ سەپنى يېرىپ ئىچكىرىلىدى. بەشىنچى سەپكە بارغاندا تۈۋرۈك يېنىدا تۇرغان ساھىب كالامنىڭ شەرىتى بىلەن ئۇ قىستاپ يۈرۈپ ئۈچىنچى سەپكە، مېھرابنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتتى. ئارقا سەپتە ئوردۇ قاراۋۇلچى ئىشلار خادىمى شاھىمەردان ئۇنى بايقاپ قالدى ۋە ئىككىنچى سەپتە، بۇغراخاننىڭ كەينىدە، مېھراب ئۇدۇلىدا تۇرغان سادىق غۇلامنى ئىملاپ قويدى. شاھىمەردان ياغىنىڭ بۈگۈن ھېيت نامىزىدىن پايدىلىنىپ بىرەر ۋەقە چىقىرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ ئۆز قاراۋۇلچىلىرىنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى سەپكە ئارىلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇ بۇغراخاننىڭ مەخسۇس قاراۋۇلچىسى سادىق غۇلامنى مەسجىدكە كېلىش ئالدىدا ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا سادىق غۇلام شاھىمەردان شەرەتلىگەن ئالا يەكتەكنى كۆزلەپ قويدى. ناماز باشلاندى. پۈتكۈل جامائەت رۇكۇدىن ئۆتۈپ سەجدىگە باش قويدى. شاھىمەردان بىلەن سادىق غۇلام ئولتۇرۇپ سەجدىگە ئېگىشتى، لېكىن باش قويماي يەر ئاستىدىن پايقىدى. نامازنىڭ بىرىنچى رەكەئەتنى ئامان ئۆتتى. ئىككىنچى رەكەئەتكە سەجدىگە باش قويۇلغاندا، سادىق غۇلام بايقاپ تۇراتتى، ھېلىقى ئالا يەكتەك كىيگەن ئادەم سەجدە قىلماي قويىنىغا قول سېلىۋېتىپتۇ. سادىق غۇلام

ئەندىشە قىلىپ بۇغراخانغا قارىغانىدى، شاھمەرداننىڭ "سادىق!" دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بۇرىلىپ قاراپ غۇيۇلداپ كېلىۋاتقان بىر پىچاقنى كۆردى-دە، دەرھال بېرىپ سەجدىدە تۇرغان بۇغراخاننى قوغدىدى، ئاڭغىچە پىچاق كېلىپ سادىق غۇلامنىڭ مەيدىسىگە قادالدى، سادىق يىقىلدى. شاھمەردان ئېتىلىپ بېرىپ، سەپ ئاتلاپ قېچىپ كېتىپ بارغان ئالا يەكتەكنى گەجگىسىگە بىرنى ئۇرۇپلا دومىلاتتى. ناماز بۇزۇلدى. مەسجىدنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بۇغراخان مەيدىسىدىن قان ئېقىپ ياتقان سادىق غۇلامنىڭ بېشىنى ئىزىغا ئالدى. "سادىق، ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ!" دېدى. ئۇ ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ. سادىق غۇلام كۆزىنى ئېچىپ بۇغراخانغا تەلمۈرۈپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقاتتى. ئۇ شۇ پېتى ئاستا كۆز يۇمدى. ئارسلان قارۇغچى چېرىكلەرگە سادىق غۇلامنى ئەپچىقىشقا بۇيرۇدى. سادىق غۇلامنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ماڭغاندا، مەسجىد ھازا قىيامەتنى ئالدى. بىرمۇنچە كىشىلەر كۆز يېشى قىلدى. بۇغراخان كۆز يېشىنى سۈرتتى. "قاتىلنى، ئۇنىڭ خوجايىنىنىمۇ تۇتقۇنغا ئالدۇق" دەپ ئارسلانغا مەلۇم قىلدى شاھمەردان.

— بىزنىڭ بىر ياخشى غۇلامىمىز ناماز ئۈستىدە شېھىت بولدى، — دېدى بۇغراخان جامائەتنى تىنچلاندۇرۇپ، — قاتىل قولغا چۈشتى. ھوشيار بولۇش كېرەك. ئىمام ئاخۇنۇم، نامازنى قايتىدىن ئوقۇساق قانداق؟

— بەك ياخشى، شۇنداق قىلايلۇق، — دېدى ئىمام. ئۇ مېھرابقا ئۆتتى. سەپ جايىغا تىزىلدى. ئىمامغا ئەگىشىپ جامائەت قولاق تۇتتى...

ھېيت نامىزى ھەم سۇرلۇك، ھەم تەزىيىلىك ئۆتتى. نامازدىن كېيىن بۇغراخان قارۇغچىلارنىڭ قوغدىشىدا ئەربابلىرى بىلەن بىللە مەسجىدتىن چىققاندا، جامائەت يول ئېچىپ ئىلگىرىكىدىنمۇ يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ئۇزاتتى...

سادىق غۇلامنى ئەتىسى شەھستاھ قەبرىلىرى يېنىغا قويدى. بۇ چەبدەس، خۇش ئاۋاز يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى كۆپچىلىكنى ئېچىندۇردى. بولۇپمۇ بۇغراخان بەك ئېچىندى. ئۇنىڭ ئورنىدا قاۋۇل بۇغراخاننىڭ يېنىدا ئىشلەشكە باشلىدى. بۇغراخان قاۋۇلنى ياخشى كۆرەتتى. پەرغانىدە بوۋىسى بىلەن كەلگەندە، ئۇنىڭ باتۇر، قىلىچۋازلىقىنى كۆرگەندە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ تېخى سادىق غۇلامغا يەتمەيتتى. سادىق غۇلام راستىنلا بۇغراخاننىڭ ئوبدان، ساداقەتلىك غۇلامى ئىدى. ئۇ بۇغراخاننىڭ يېنىغا كەلگىنىگە ئۈچ-تۆت يىل بولغان، بىر كۈنمۇ ھاردىم-تالدىم دېمەي بۇغراخاننىڭ ھەممە كېرىكىنى تەييارلاپ تۇراتتى. بولۇپمۇ سىرتقا چىققان ۋاقىتلاردا، ئۇ بۇغراخان ئۇخلىمىغىچە ياتمايتتى. ئەتىگەن سەھەر تۇرۇپ بۇغراخاننى كۈتەتتى. ئۇ ئوبدان خىزمەتچى بولۇپلا قالماي، ئوبدان مۇھاپىزەتچى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەركىن ئۇنىڭغا مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىكنى تاپشۇرغان. كېيىن سادىق غۇلام ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئۇ خاننىڭ يېنىغا كىرىپ-چىقىدىغان كىشىلەرگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، تالا-تۈز، ھويلا-ئارام، ئاشخانا، ھەتتا ئاتخانىغىچە كۈنىگە بىرنەچچە قېتىم ئايلىناتتى. خاننىڭ تامىقىنى تېتىپ كۆرەتتى. خان كېيىنىش ئالدىدا كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يانچۇق-قويۇنلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقاتتى.

سادىق غۇلامنىڭ دۇنيالىقتا ئىككىلا ئارزۇسى بار ئىدى بىرى، بۇغرا-

خاننى ياخشى قوغداش، خىزمىتىنى ياخشى قىلىش، يەنە بىرى، يالغۇز ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش. بۇغراخاننىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى، ئۇ ئالىي بۇرچى دەپ ھېسابلايتتى. بۇغراخان ئانىسىنىڭ ھالىنى سورىتىپ پۇل، نەرسە-كېرەك ئەۋەتتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ سادىق غۇلامنىڭ ئانىسىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، دەمىشە ئانىسىنى چۈشىدە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ سادىق غۇلام-نىڭ سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئانىسىنى كۆرگەن چۈشلىرىنى سۆز-لەپ بېرىشىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە قىزىقىپ ئاڭلايتتى. "ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ خىزمىتىنى قىلسەن، ياكى ئاناڭنى شەھەرگە ئالدۇرار-سەن..." دەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قوياتتى بۇغراخان. خانىش ئايدىڭمۇ سادىق غۇلامنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بولغىنى ئۈچۈن خانىش ئايدىڭ بۇغراخاندىن خاتىرجەملىك سېزەتتى.

ئىككى كۈندىن بېرى بۇغراخاننىڭ كۆڭلى ئېچىلمىدى. سادىق كۆزىدىن كەتمەيتتى. ئۇ بۇغراخاننى قوغدايمەن دەپ شېھىت بولدى. ئۇ شېھىت بولۇپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئامان قالدى. سادىق غۇلاممۇ جېنىنى تىكىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ خانىنى، ياق، ئۆزىنىڭ قەدىردان ئاتىسىنى ساقلاشقا دائىم تەييار ئىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. بۇلارنى ئويلىغاندا، بۇغراخاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلاتتى. "ئانىسى بىچارە ئاڭلىغاندا، قانچىلىك يىغلاپ قاخشاركىن..." دەپ ئېچىناتتى بۇغراخان.

بۇ قېتىمقى ئۇلۇغ يۈرۈشتە شېھىت بولغانلار ئاز بولمىدى. ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن ئۆلۈش بولىدۇ، قۇربانسىز غەلىبە بولمايدۇ، بەدەلسىز ئۇتۇق بولمايدۇ. بۇنى بۇغراخان ئالدىن مۆلچەرلەپ قويغانىدى، مىڭلىغان چېرىكلەر شېھىت بولدى. ئۈچ نەپەر تۇمەن-

باشى ۋە بىر قانچە مىڭباشى ۋە يۈزباشىلار شېھىت بولدى. بۇغرا قوشۇنىنىڭ بۇ ئېغىر يوقىتىشى بۇغراخاننى قايغۇغا سالغانىدى. سەمەرقەنت سېپىلى ئاستىدا ئۆزى ئازاد قىلغان، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئەركىنىنىڭ شېھىت بولۇشى، شەھەر ئېلىنىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە سادىق غۇلامنىڭ جان پىدالىق بىلەن شېھىت بولۇشى بۇغراخانغا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. "شۇنداق، جاندىن كەچكۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇرۇشسىز جەڭمۇ بولۇپ تۇرسىدۇ..." دېيدى بۇغراخان ئاخىرى ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ.

شاھمەردان ئاۋۋال ئالايەكتەك قاتىل، كېيىن ساھىب كالامنى سوراق قىلىپ ئاندىن ئىشان بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئىشنى ئېنىقلىدى:

ئالايەكتەك شەيخ شاھاۋۇدۇن ئىشاننىڭ جاھىل مۇرىتى ئىكەن، ئۇ دىن يولىدا جان پىدا، ئىشاننىڭ ئەمرىگە تەييار سادىق مۇرىت ئىكەن، ئۇ ساھىب كالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىپتۇ. ساھىب كالام ئىشاننىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، بۇغراخان "ئىسلام دىنىنىڭ ياغىسى" ئىكەنلىكىگە ئىشاننى ئىشەندۈرۈپتۇ. بۇغراخاننىڭ ئىشانغا مەنسەپ بەرمەي ئەلەم قىلغىنىنى ئاز دەپ، ئېخى ئۇ "دىن ياغىسى" بولۇپ چىققانلىقى ئىشاننىڭ ئۇغىسىنى قايناتتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇغراخانغا ئۆچمەنلىكى ئېشىپ-تاشقاندىن كېيىن، ساھىب كالام بۇغراخاننى "يوقىتىۋېتىش"نى ئېيتىپتۇ. ئىشان ئاۋۋال ئۇنىماپتۇ، ئۇ "قولنى قانغا تىقىش گۇناھ... ئىش چاتاققا ئايلانسا ئۆزەڭنىڭ بېشىغا كېلىدۇ." دەپ رەت قىپتۇ. كېيىن ساھىب كالام "بۇغرانى يوقىتىپ باشقىدىن قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتتە يۇقىرى مەنسەپ بېرىش"نى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئويلاشقا باشلاپتۇ. كېيىن يەنە يېنىۋاپتۇ. "گۇناھكار بولمايمەن، ئاللانىڭ ئالدىغا ئاق

يۈز بىلەن بارىمەن" دەپتۇ ئۇ. ئاخىرى ساھىب كالام "قاتتىق قول" ئىشلىتىپتۇ. "سەن ئاللىقاچان بۇغرانى ئۆلتۈرۈش قەستىگە قاتنىشىپ بولدۇڭ. بۇنى بۇغرا بىلىپ قالسا، ھالىڭنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلا!" دەپ تەھدىت سېلىپتۇ. ئىشان نائىلاج رازى بوپتۇ. ساھىب كالامنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشان "دىنغا جان پىدا، باتۇر" پىر سوپى "ئاللاپ" يۈرۈپ، ئاخىرى ئالا يەكتەكنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئىشان ئالا يەكتەككە "مۇقەددەس دىنىمىز تەھلىكىگە دۇچار بولدى. بۇغرا يالغان مۇسۇلمان. دىن يولىدا، ئاللا يولىدا شېھىت بولۇشتىن باش تارتماي كاپىرلار بىلەن، مەجۇسىلەر بىلەن كۆرەشمەك كېرەك" دەپ تاپشۇرۇپتۇ. ئالا يەكتەك بۇنى ئاڭلاپ سەۋدايىلەرچە غەزەپلىنىپتۇ. ئىشان ساھىب كالامنى ئالا يەكتەككە تونۇشتۇرۇپ: "بۇ كىشى باغداد خەلىپەم ئالدىدىن كەلگەن، دىنىمىزنى قوغدىغۇچى ئالىيجاناب كىشى. سىز بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغايسىز" دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ساھىب كالام ئالا يەكتەك بىلەن ئاغىنە بوپتۇ، غەزىپىنى ئاشۇرۇپتۇ. ئالا يەكتەك ئىشان ھەم ساھىب كالام ئالدىدا "دىن يولىدا ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى بولىمەن" دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھېيت نامىزىدا سەجدىدىكى ۋاقىتنى تاللاپ ئالغانىكەن.

ئالا يەكتەك دەلىل ئالدىدا غىڭ قىلالماي ھەممىنى ئېيتىپ بەردى. ئىشان ئاۋال: "ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق" دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ساھىب كالامنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىشاننى ئالداپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىشان باش ئېگىپ كۆز يېشى قىلدى. "مەن نەخمەق بولدۇم، كور بولدۇم، ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم"

دېدى ئۇ.

ساھىب كالام بولسا ئۆزىنىڭ كونا تەجرىبىلىرىنى ئىشلىتىپ، شاھمەردانىنى يېڭىشكە تىرىشىپ باقتى. قىلمىغان لولىلىقلىرى قالمىدى. ئاخىرى شاھمەردان ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى.

شاھمەردان ”ساھىب كالام“نى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئېتى ”قەمەرىددىن“ ئىدى. ئۇ، ھېچقانداق موللا، سوپى ئەمەس، سەردار ئەبۇ ئىبراھىمنىڭ پايلاقچى ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇل خىزمەتچىسى ئىدى. شاھمەردان سەمەرقەنتتە ياشىغان ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن. چېرىك پايلاقچى ئىدارە شاھمەردانىنى ئالىپ ئارسلاننى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن شاشقا ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا شاھمەردان قەمەرىددىننى يەنە بىر قېتىم كۆرگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ قويۇق قارا ساقال-بۇرۇتلۇق، چېرىكچە كىيىنگەن سۇرلۇك ئادەم ئىدى.

شاھمەردان سامانىلارنىڭ چېرىك قوشۇنىغا تۇتۇۋېلىنغان خۇراسانلىق چېرىك ئىدى. سەمەرقەنتكە كەلگىلى ئۈچ يىل بولغاندا، بۇغرا قوشۇن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇ ئەسلى بىر تارىغچى بالىسى بولۇپ، ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، كىچىكىدىنلا جاپالىق ئەمگەك قىلىپ دادىسىغا ياردەملىشىدىغان. ئون بەش ياشقا كەلگەندە، دادىسى قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى بىرەر ئاغرىققا ئۇچراپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئەمگەك قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى بىر ئۆينىڭ ئىشى شاھمەردانىنىڭ بېشىغا قالدى. ئون سەككىز يېشىدا ئۇنى چېرىكلىككە تۇتۇۋالدى. ئۇ ئەسلىدە ھۆكۈمەتكە قارشى ئىدى.

دادىسى: "زامانە زورنىڭ بولۇپ كەتتى. كۈن كۆرۈش قىيىن بولۇپ قالدى..." دەپ زارلىغاندا، شاھمەردان تۆرىلەرنىڭ تۆپىلىرىگە ئوت قويغۇسى كېلەتتى. چېرىككە تۇتۇلۇپ دادىسى يالغۇز قالغاندا، ئۇ ئۇلارغا تېخىمۇ قارشى بولۇپ كەتتى. چېرىك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جاپاسى كۆپىيىپ كەتتى. بەزىدە ئۇ كونا چېرىكلەرنىڭ ئاغزىدىن: "ئادالەت"، "ھەققەت" دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مەنىسىگە چۈشىنەلمىدى. كېيىن، ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالدى. "ئادالەت بولۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئادىل بولۇش كېرەك" دېگەن ئوي ئۇنىڭ بېشىغا كىرىۋالدى. چېرىك بولۇپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئونباشى قىلدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن يۈزباشى قىلىپ سەمەرقەنتكە ئەۋەتتى. چېرىك پايلاقچى ئىدارە ئۇنى تەربىيىلەپ ئىشلەتتى. ئۇ ئىشلىدى، لېكىن "ئادىل ھۆكۈمەت نەدىكىن-تاڭ!" دېگەن ئوي ئۇنىڭدا كۈچىيىۋەردى. ئارىلىقتا دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن خەۋىرى كەلدى. ئۇنى يۇرتىغا قايتۇرۇشمىدى. بۇ ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلدى. بىرنەچچە كۈن كېچىلەپ يىغلاپ چىقتى. ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچلۈكى كۈچەيدى. بىر كۈنلەردە "كۈنچىقىشتىن بۇغراخان دېگەن بىر سۇلتان چېرىك باشلاپ كېلىۋاتقۇدەك..." دېگەن گەپ چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي "ئوشنى ئاپتۇ، ئۆزگەنگە بېسىپ كەپتۇ ئىمىش، نەمەنگان قولدىن كەتتى..." دېگەن خەۋەرلەر كەينى-كەينىدىن تارىلىپ ھۆكۈمەتتە ئەندىشە كۈچەيدى، چېرىكلەر ئالدىراپ قالدى. شاھمەردان "ھەي، كۈنچىقىش پادىشاھىنىڭ بىزنىڭ پادىشاھقا كۈچى يېتەرمىكىن-تاڭ" دەپ ئويلاپ يۈرگىنىدە "ۋاي، ئۇ بۇغراخان دېگەن قالتىس پالۋان ئىكەن، ئۇنىڭ چېرىكلىرى بىر ئاندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك" دېگەن مىش-مىشلار

كۆپەيدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دېگەندەك پەرغانە قولدىن كېتىپ بۇغرا-
خان قوقەنتكە كەلدى. يەنە "ئۇنىڭ بىر سەردارى شاشقا يېتىپ بېرىپتۇ
ئىمىش. مەنسۇرنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشۈپ ھودۇقۇپ قالدى" دېگەن
خەۋەر كەلدى. بۇ مەنسۇر دېگەن زالىمنىڭ كۈنى ئاز قالدى، بولغاي
دەپ خۇش بولدى، شاھمەردان.

شۇ كۈنلەردە چېرىك پايلاقچى ئىدارە شاھمەردانىنى يەنە
ئىككى كىشى بىلەن شاشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋەزىپە — ئالىپ
ئارسلاننى ئۆلتۈرۈش ئىدى. تاپشۇرۇق بويىچە، ئۇ ئاۋال ئارسلانغا
"ئەل" بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىش، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ
ئارسلاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىدى. بىر باشلىق ئۇنىڭغا مۇشۇ
تاپشۇرۇقلارنى بېرىۋاتقاندا، ھازىر "ساھىب كالام" دەپ ئاتالغان
ئەسلى قەمىرىددىن كىرىپ "شەپقەتسىز بول. ئۆزەڭ ئۆلمەسلىكىڭ
ئۈچۈن ياغىنى ئۆلتۈرۈشۈڭ كېرەك" دەپ سۆز قوشقانىدى.

شاھمەردان تاپشۇرۇقنى ئېلىپ شاشقا ماڭدى. ئۇ چىڭگىش،
قورقۇنچلۇق ئويلار بىلەن قىينىلاتتى: "ياغىنى ئۆلتۈرۈش..."، "ئەل
بولۇپ ئاندىن چارە تېپىش... ئۇلار قاراپ تۇرىدىكەن-دە! ئەل
بولغىنىڭدا ساڭا ئىشىنەمدۇ؟ ئۇنداق چوڭ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈ-
زۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر قاراپ تۇرامدىكەن؟... ئۇنىڭچىلىك دۆت
بولسا، ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، دۇنياغا تېتىيمەن، دەپ تۇرغان مەنسۇر
پادىشاھنى قورقۇتالايتتىمۇ؟!..."، "ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئويۇن گەپ
ئەمەس، بىراق ئۆلتۈرەلمەي قايتساڭ سېنى پايلاقچى ئىدارە ئامان
قويارمۇ؟... قىزىق گەپ. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم بولۇپ قالدى-دە..."
"ياغىنى ئۆلتۈرۈش... ئارسلان ياغى بولسا، زادى كىمنىڭ ياغىسى؟
ئۇ مەنسۇرنىڭ ياغىسى بولسا، ماڭا دوست بولۇپ قالامدىمۇ؟...

ھەي، ياغىڭنى ئەمەس دوستۇڭنى ئۆلتۈرىدىكەنسەن-دە؟ بۇ قاملاشمىغان گەپ...»

شاھمەردان شاشقا بارغاندا، بۇغرا قوشۇنى شەھەرگە يېقىن چىرچىق دېگەن يەرگە كېلىپ بولغانىدى. شاشتىكى ئەمەلدارلار پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلىشىپ قاپتۇ. چېرىكلەر ئۆز جېنى بىلەن بولۇپ قاپتۇ. يەرلىك قوشۇن باشلىقى مەزەمخان بولسا چەتكە چىقىۋاپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئارسلان تەرەپ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇغرالار كەلگەنلا يەردە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىدىكەن، خەلق ئۇلارنى قوغدايدىكەن. تەسلىم بولغانلارغا جازا بەرمەيدىكەن. ئادىل پادىشاھ ئىكەن. ياغى بولسا، خەلق قوغدىمايدۇ-دە! مەنسۇرنى قوغدىمايدۇ، قارشى تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار خەلق ياغىسى ئەمەس، خەلق دوستىكەن. تازا قىزىق گەپ بولدى-دە. خەلققە دوست بولغان ئادەمنى مەنسۇرنىڭ خەنجىرى بىلەن ئۆلتۈرۈش ئىمىش...

ئارسلان شاش ئەمەلدارلىرىغا بەش كۈنلۈك ۋاقىت بېرىپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، شاھمەردان بىر خۇلاسىگە كەلدى: راست ئەل بولۇش، ئارسلانغا ئىشنىڭ تېگىنى سۆزلەپ بېرىش...ھە، شۇنداق. بۇ «ھايات» يولى. ئامان قالىسەن. ياغىغا ياردەم قىلساڭ ئۆزەڭنىڭ پايداڭ ئۈچۈن ئىش قىلىسەن ئەمەسمۇ! بۇ يالغۇز ئۆزەڭنىڭلا ئىشىڭ ئەمەس-تە...

شاھمەردان شۇنداق قارارغا كېلىپ، شۇ كېچىسىلا مەزەمخاننىڭ بىر چېرىكى بىلەن چىرچىققا قاراپ ماڭدى. ئەتىسى ئۇلارنى بۇغرا چېرىكلىرى تۇتۇۋالدى. شاھمەردان «ئارسلان سەردارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى سوراق قىلغاندا «مەن

ئارسلان سەردارنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىم، ئۆزىگە كېيىم بار." دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى. بۇ خەۋەر ئارسلانغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ شاھسەردانىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئارسلانغا ھەممىنى ئوچۇق سۆزلەپ بەردى، ئارسلان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، يەنە سىناپ كۆرمەك بولدى. شاش ئېلىنغاندىن كېيىن، شاھسەردان ياغى پايلاقچى ئىدارىسىنى، نۇرغۇن مەخپىي ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈشتە ئەستايىدىل خىزمەت قىلدى. ئاندىن ئۇ ئارسلاننىڭ بىر مەسلىھەتچىسى ئورنىدا ئىش قىلدى. خەلق تىلىكى، مەنسۇر ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، ئەل ئەھۋالى، ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلەپ بېرىپ ئارسلاننى نۇرغۇن ياخشى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. سەمەرقەنت ئېلىنغاندىن كېيىن، شاھسەردان بۇغرا قوشۇنىنىڭ قاراۋغچى ئىشلار ئىدارىسىگە مەسئۇل خىزمەتكە قويۇلدى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى...

شاھسەردان سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياردىمى ئاز بولمىدى، ئۇنىڭغا بۇغراخاننىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. سامانىلار باشلىقى مەنسۇر بىر ئامال قىلىپ بۇغراخاننى يوقىتىش كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ قوقەنتكە كەلگەندە، سەردار ئەبۇ ئىبراھىمنىڭ پايلاقچى ئىدارىسى قوقەنتكىمۇ بىر "ئۆلتۈرگۈچىلەر" ئەۋەتكەنىدى. كېيىن شاھسەردان ئاڭلىسا، ئۇلار قوقەنتكە بارغاندىن كېيىن بۇغرالار قولىغا چۈشۈپ قالغانىكەن.

سامانىلار دۆلىتى يىقىلدى. مەنسۇر بىلەن ئەبۇ ئىبراھىم قېچىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغانلىقىنى شاھسەردان ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھوشيارلىق بىلەن كۆز-قۇلاق

بولۇپ ئىشلىدى. بىركۈنى شاھمەردان جۈمە نامىزىدىن چىقىۋې-تىپ ئۇزۇن چاچ ساقاللىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ دىققەت قىلدى، ئۇ قارىغاندا ھېلىقى ئادەم دەرھال بېشىنى بۇرىدى. شاھمەردان بولسا ئۇنىڭ سىرلىق شەيتان كۆزىنى كۆرۈپ بولغانىدى. "قىزىق، ئەجەپ ھېلىقى قەمبىردىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كەتتا بۇنىڭ كۆزى؟" دەپ ئويلىدى ئۇ. قاراپ تۇرسا ھېلىقى ئادەم مەسجىد قوۋۇقىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ شاھمەردانغا بىر قارىدى-دە، غايىب بولدى. شاھمەردان شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم قويۇپ پايلىدى ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ قەمبىردىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق-لىدى. ئۇ شاھۋۇدۇن ئىشاننىڭ خانىقاسىدا تۇرىدىكەن، ئىشاننىڭ ئۆيىگە كېچىلىرى بېرىپ تۇرىدىكەن. يەنە چوڭ گۇمانلىق بىر ئىش، قەمبىردىن ئالا يەكتەك سوپىنىڭ ئۆيىگە تۈن يېرىمىدا "غىپپىدە" كىرىپ چىقىدىكەن. ئالا يەكتەك بولسا سەمەرقەنتىكى بىر كاللا كېسەر لۈكچەك بولۇپ، جىق جىنايەتلەر ئۆتكۈزگەن. ئىككى يىل ئىلگىرى يالغۇز بىر تۇل خوتۇنغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن. قارۇغچىلار يېزىلاردا ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇ يوشۇرۇنچە شەھەرگە كېلىپ شاھۋۇدۇن ئىشاننىڭ سوپىسى بولۇۋالغان. ئاندىن ئىشان ئۇنى قوغداپ قالغان، بۇ ۋەقەنى شاھمەردان ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، "ئىشاننىڭ يېنىدا بىر غالجىر بار" دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە قەمبىردىن بۇ غالجىرنى تېپىپتۇ. ئۇ چوقۇم ئۇنى ئىشقا سېلىپ بىرەر سۇيىقەست قىلىدۇ، دەيتتى ئۇ. ھېيت كۈنى مەسجىدتە بىرەر ئىش تۇغۇلمىغىيدى دەپ شاھمەردان قوغدىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. قەمبىردىن بىلەن ئالا يەكتەك مەسجىدتە پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى

گۇمانلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ سادىق غۇلامنى بۇغراخاننىڭ ئارقىسىدىكى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى ئاۋۇ ئىككىسىنى بايقىدى. دېگەندەك ۋەقە چىقتى. ئۇ پىچاقنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇغراخان ئامان قالدى. بىراق بىر ئوبدان غۇلام شېھىت بولدى-دە...

شاھمەردان مەسىلىنى ئېنىقلاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. بۇغرا-خاننىڭ تەستىقى بىلەن قەمبەردىن بىلەن سوپىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئىشانغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلىندى.

* * *

سۇتۇق بۇغراخان سەمەرقەنت مەدرىسىگە بېرىپ كېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن ئالىپ ئارسلان، باش ئولچى مۇدەررىس مەۋلانە ھەزرەت، بوز يىگىت بىلەن مەدرىسىگە باردى. ئۇ مەدرىسىگە خەۋەر قىلماس-لىقنى تاپىلىغان، يالغۇز مەۋلانە ھەزرەت بىلەتتى. بىراق باشقىلارغا مەلۇم بولماي قالمىدى. شاھمەردان بىر قىسىم قارۇغچىلارنى ئېلىپ بېرىپ مەدرىسە ھويلىسىغا جايلاشتۇردى. دەرسخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. "تىنچ، دەرسىمىز بىلەن شۇغۇللىنايلۇق، ھېچ گەپ يوق" دېدى دەرس ئۆتۈۋاتقان مۇدەررىس مۇنەججىم① دەرسخا-نىدىكى ئالىملارنى، تالىپلارنى تىنچلاندۇرۇپ. ئۇ بۇغراخاننىڭ كېلىش ئېھتىمالىنى بىلەتتى. شۇڭا دەرسنى داۋام قىلىۋەردى. كىشىلەرنىڭ قۇلىقى دەرستە، كۆزى ئىشىكتە ئىدى.

بۇغراخان مەدرىس ھويلىسىغا كىرىش بىلەنلا ھەيۋەتلىك گۈم-

---

① مۇنەججىم — ئاسترونوم.

پەزگە كۆزى چۈشتى. ئۈستى-ئاستى دۈگىلەك گۈزەل بىنا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تاملىرىدىكى ئاق، يېشىل رەڭلىك نەقىشلەر، ئۆگزىسىدىكى سىرلىق يېشىل ساپالار كۈن شولىسىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئالدىنقى تامنىڭ ئىككى يۆلىكىدىكى نەقىشلىق ئېگىز ئىككى مۇنارە ئۇچىدا ۋە گۈمبەزنىڭ كىندىكى ئۈستىدە ئاق تۆمۈردىن ياسالغان ئاي-يۇلتۇز ئەكس نۇر چاچاتتى. بۇغراخان ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ئىشىك بېشىغا "لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا" دەپ يېزىلغان چىرايلىق چوڭ مەشق خەتكە قارىدى. چوڭ ئىككى قاناتلىق ئىشىككە ئويۇلغان نەقىشلەر قىزىل-يېشىل رەڭلەردە بويالغان. ئىشىكنىڭ يانلىرىغا ۋە يۇقىرىسىغا گەجدىن ھەر خىل چىرايلىق نەقىشلەر چىقىرىلغان. يۇقىرىراقتىكى پەنجىرىدىن كىرگەن قۇياش نۇرىدا گۈمبەز ئىچىدىكى، تام تورۇسىدىكى بىر-بىرىدىن گۈزەل ھەر خىل نەقىشلەر ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇغراخان گۈمبەزنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئارقا ھويلىغا ئۆتتى، ئۇ يەردە چوڭ-چوڭ تۈۋرۈكلۈك، ئېگىز پېشايۋانلىق دەرسخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

بۇغراخان دەرسخانىغا كىرگەندە، ئالىم ۋە تالىپلار قوپۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدىكى تالىپلار بولۇپ، يەنە دەرس ئاڭلىغۇچى ھەر خىل پەننىڭ ئالىملىرىمۇ بار ئىدى. مەۋلانە ھەزرەت بۇغراخاننى ئالدى تەرەپكە باشلاپ بېرىپ، دەرسخانىنىڭ تۆرىدىكى كىچىك پەس سۇپىدا تازىم قىلىپ تۇرغان بىر كىشىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى ئېلىمىزنىڭ نامدار ئالىمى، نۇجۇم① دەرسىنىڭ

① ئىلمى نۇجۇم — ئاسترونومىيە.

مۇدەررىسى ئابدۇسالام مۇنەججىم بولىدۇ.

ئابدۇسالام قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تازىم قىلدى. بۇغراخان ئۇنىڭ قىياپىتىگە نەزەر سالدى. مۇنەججىمنىڭ ئۇرنىدىن ئالىملىق سىياقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساقال-بۇرۇتىنىڭ تەگىدىن تولىسى ئاقارغانلىقىغا قارىماي، يۈزلىرى قىزغۇچ، يىرىك-تۈزۈن چار قاشلىرى ئاستىدىكى ئويچان كۆزى نۇرغۇن ھېكمەتلەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كۆلاھلىق ئەپچىل سەللىسى، چاسا بەلباغ باغلىۋالغان پەشمىتى ئۈستىگە كىيگەن چەكمەن يەكتىكى بەستىگە تازا ياراشقانىدى. ئۇ تازىم قىلغاچ چوڭ، قېلىن كىتابلار ئوچۇق قويۇلغان پەس شىرەنى ئايلىنىپ كېلىپ بۇغراخان بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

— ئۇلۇغ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەدرىسىمىزگە تەشرىپ قەدەم قىلغانلىقى ئۈچۈن زىيادە خۇرسەنمىز، — دېدى ئۇ ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئارقىسىغا چېكىندى.

— كۆرۈشكىنىمىز ئۈچۈن خۇرسەنمەن، — دېدى بۇغراخان، كېيىن مەۋلانە ھەزرەتكە قاراپ، — بۇ كىشىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانىمىز، — دەپ ئالىمغا قارىدى، — قەشقەردىكى خانلىق بىلىگ يۇرتى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي نۇجۇم تەلىماتلىرىنى دەرس قىلىپ ئوقۇيدۇ.

— كەمىنە ئىلمى نۇجۇمدا تېخى كەمتۈك. ئۇلۇغ بۇغراخان رەھبەرلىكىدىكى قەشقەر خانلىق بىلىگ يۇرتى يىراق-يېقىن ئەل بېشىغا نۇر چاچماقتا. ئىلىك ئۇستازىنىڭ تەلىماتلىرى بىزگە ساۋاق بولماقتا، — دېدى ئابدۇسالام بىر خىل مەغرۇر قىياپەتتە.

— توغرا گەپ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مەۋلانە، — قەشقەر خانلىق بىلىگ يۇرتىدىن تارالغان بىلىم، يېتىشكەن بىلەرمەنلەر پۈتكۈل تۈرك ئۇلۇسلىرى ئارىسىغا بىباھا نۇرۇقلار سالماقتا. ئۇلار ئالىم قارابىنىڭ

قىممەتلىك بىلىملىرىگە ۋارىسلىق قىلماقتا. بۇ ئۇرۇقلاردىن ھاسىل بولغان مېۋىلەر ئەلگە نەپ بەرگۈسى.

— بىر قەشقەر بىلىگ يۇرتى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى بۇغراخان، — سىلەرنىڭ مەدرىسەڭلەر بەزى جەھەتلەردە ئالدىدا ماڭماقتا. يەنە، بۇخارا، شاش مەدرىسلىرى... ھە، شۇنداق، بىرلىكتە نىجات يولىنى ئىزدەش كېرەك. ئەلنىڭ بىرلىكى ۋە تولۇق ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىرلىكتە بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. ھە، مەۋلانە ھەزرەت، مۇنەججىم ئالىمنىڭ دەرسىنى بىللە ئاڭلايلى.

بۇغراخاننى سۇپىغا تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ ئۇنىماي پەستە — ئالدىدا ئولتۇردى. مەۋلانە ھەزرەت، ئارسلان، بوز يىگىت بىللە ئولتۇردى. ئۇلار مۇدەررىسكە تىكىلىشەتتى. مۇدەررىس كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قوشۇملىرىنى تۈرۈپ بىرپەس ئولتۇردى-دە، دەرسىنى داۋام قىلدۇردى:

— بىز ئاسمان جىسىملىرى ئۈستىدە سۆزلەۋاتقانىدۇق، — ئۇ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ، ئازراق تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — شۇنداق، ئاسمان — بىر چەكسىز ئالەم. بۇ ئالەمدە نېمىلەر بارلىقى توغرىسىدا بىزدىن مۇقەددەم ئۆتكەن مۇنەججىملەر كۆپلىگەن قىممەتلىك ئىزدىنىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسەن شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئالەم بوشلۇقىدا سانسىز، خىلمۇخىل جىسىملار بار. بىز كۆرۈپ تۇرغان قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىن باشقا، بىز كۆرەلمەيدىغان جىسىملارمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. قۇياش — بۇ كارامەت ئۇلۇغ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ، باشقا جىسىملارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. قۇياش بولمىسا ئالەمدە ھېچنېمە بولمايتتى. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئالەم سەييارىلىرىمۇ بولمايتتى. بىز ياشاپ تۇرغان بۇ دۇنيامۇ

بولمايتتى... "يەتتە قات ئاسمان" دېگەن سۆز يەتتە سەييارىگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ دۇنيامۇ ئالەم جىسىملىرىنىڭ بىرسى. دۇنيا قانداق يارالغان، دۇنيادىكى ھايات (جۈملىدىن ئادەم) قاچان، قانداق يارالغان؟ بۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم ۋە مۇرەككەپ بىر مەسىلە. ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن ئىلگىرى دۇنيا بار ئىدى، ھايات بارمىدى؟ ھايۋانلار، قۇرۇتلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا دەقىقىدە يارالغانمۇ؟ ئادەمچۇ؟!...

— ئادەمنى ئاللا ياراتقان — دېگەن بىر ئاۋاز چىقتى تۆۋەندىن — ئادەملەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ھاۋا ئانامدىن يارالغان.

— شۇنداق. شۇنداق بولسىمۇ، دۇنيانى، ھاياتنى، ئادەمنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش لازىم. بولارمۇ ئالەم جىسىملىرى، ئالەم جىسىملىرىنىڭ پارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش ۋە ئۆلۈش جەريانى بولىدۇ... زادى ئالەم، ئالەم جىسىملىرى، دۇنيا قانداق يارالغان، قانداق داۋام قىلىپ كەلمەكتە؟ پېقىر بۇنىڭغا تېخى كېسىپ بىرنەرسە ئېيتالمايمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ياراتقۇچى بىر قۇدرەتلىك ئىلاھىي كۈچ بار.

مۇنەججىم سۆزىنى توختىتىپ، يەنە كۆزىنى يۇمدى. ئۇ باشتىكى سۆزلىرىنى خېلى ئىشەنچلىك سۆزلەۋاتاتتى. كېيىن سۆزلىرى مۇجمەللىشىپ كەتتى. سۆزلەۋاتقانلىرىنىڭ توغرا، ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ئۆزىمۇ گۇمان قىلاتتى. ھەممىنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك ئاللانى قانداقمۇ ئىنكار قىلغىلى بولسۇن (؟!). توۋا، بۇ كۇفرىلىق ئەمەسمۇ؟... تېخى ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ ئېيتقانلىرى، ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللاپ قىلغان تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى "ئىلاھىي كۈچ"

نى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئالەم يوقتىن بار بولغان. ئۇ ئۆز يولى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتۇر! بىراق، بىرەر كۈچ ياراتمىسا ئۇ قانداقچە ئۆزلۈكىدىن بار بولسۇن؟! مۇنەججىمنىڭ مېڭىسىدە ئۇزاقتىن بېرى كۈرەش قىلىنىپ كېلىۋاتقان روھ بىلەن ماددا، ياراتقۇچى بىلەن يارىلىش ئارىسىدىكى زىددىيەت يەنە ئۆتكۈر ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ زىددىيەتلەر گويا كى ئۇنىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك ئىككى ئادەمدەك ئۇنىڭغا تەھدىت سالاتتى: بىرى "مەۋجۇدىيەتتىن كۆز يۇمما، ھەقىقەتنى ئۇنتۇما" دېسە، يەنە بىرى "مەۋھۇمىيەتنى ئۇنتۇما" دەيتتى. ئۇ بىرسىنى تېپىپ يىقىتىپ، بىرسى تەرەپكە ئۆتۈشنى خالايتتى. لېكىن قايسىسىنى تاشلاپ، قايسىسىغا ئۆتۈشتە بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ دائىم مۇشۇ مەسىلىگە كەلگەندە قىينىلاتتى. باشقىلارنىڭ سوئاللىرىدىن ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ئۇ ئالەمنى، ئالەم جىسىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلگەن، لېكىن، تېخى بىلىپ كېتەلمىگەن. ئۆزىنىمۇ بىلىپ يەتمىگەن. ئۇنىڭدا بۇنداق يېتىشكەن ئىدراك يوق ئىدى. جىسىمنى، ماددىنى ئىنكار قىلاتتى. لېكىن، ئۇنى ئاخىرى بېرىپ ئاللاغا باغلايتتى. شۇنداق بولسىمۇ مۇدەررىس ئابدۇسالام ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار مۇنەججىم ئالىملىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ يۆلىشىگە، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى.

مۇنەججىمنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ قارىمۇقارشىلىق كۆپلىگەن ئالىملاردا مەۋجۇت ئىدى. ھازىر دەرس ئېلىۋاتقان تالىپلاردىمۇ، مۇدەررىس مەۋلانە ھەزرەتتىمۇ، سۇتۇق بۇغراخاندىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ھېلىقى بىر كىشىدىن باشقىسى سوئال قويمىدى. بۇغرا-

خانىمۇ، مەۋلانىمۇ غىڭ قىلمىدى. "بۇ تارتىشلار بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن، — دەپ ئويلىدى بۇغراخان، — ئۆتكەن يىلى مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە پەلسەپە توغرىسىدىكى تالاش تېخىمۇ چوڭراق ئىكەن... بۇ يەردىكى ئالىملار بىزنىڭ ئۇستاز ئىلىكچىلىك قەتئىي، ئۆتكۈر ئەمەس ئوخشايدۇ."

بۇغراخان ئوردۇغا قايتىپ، مۇنەججىمنىڭ دەرسىنى ۋە ئۇنىڭ مۇجمەل، سوئاللىق سۆزلىرىنى قۇندۇزغا سۆزلەپ بەرگەندى، قۇندۇز: "بۇ سوئاللارنى ئاخىر ئىلىك ئۇستاز يېشىدۇ" دېدى.

## ئۈچىنچى باب

# قەشقەرگە قايتىش

سۇتۇق بۇغراخان سەمەرقەنتنى ئېلىپ، ئۇلۇغ يۈرۈش ۋەزىپە- سىنى تاماملىدى. يۇرتتىن چىققىلى بىر يىل بولۇپ قالدى، ئەمدى قايتىش كېرەك. بۇ ياقتىن كۆڭلى تىنىپ قالدى، قالغان ئىش بولسا ئارسلان ھەل قىلىدۇ. ئۇ ياقتا ئىشلار يامان ئەمەس ئوخشايدۇ. خانىش ئايدىڭ بار، ئىلىك ئۇستاز ياخشى مەدەتكار. خان ئوغۇل بايتاش بىلەن تونغان تېخى ياش-دە! ئەل بىرلىكى ياخشى دەيدۇ. چاتاق- چىلار يەنە ئاشۇ يوغان قورساق، چوڭ سەللىلىكلەر. بىرسى گادايلار بېشىمىزغا چىقىۋالدى دېسە، بىرسى، دەھرىلەر دىنىمىزنى بۇزدى دەيدۇ. نامراتلارنىڭ قورسىقى تويۇپ كىيىمى پۈتۈن بولۇپ كەتكىنى يوق. يەر، سۇ تەڭشەلگەندىن كېيىن ياخشىراق بولۇپ قالدى. بىراق يەر ئىگىلىرى، تۆرىلەرنىڭ قولى ئۇزۇن، دېگىنى دېگەن، بىرى ئوڭغا تارتسا، بىرى سولغا تارتىدۇ. يەنە نامراتلار ئېزىلمەكتە. قاچان تۈگەيدىكىن-تاڭ، بۇ ئېزىلىشلەر؟ ھەي، تۈگە- مەيدىغان ئوخشايدۇ، ئىلىك ئېيتقان "تۇگەل ئەركىنلىك" بىلەن بۇ تالاش-تارتىشنى بىر ياقلىق قىلغىلى بولارمۇ! ھازىر "ئەركىن- لىك" دەيدىغانلار جىقلاپ كەتتى. قاراڭ، قۇندۇزنىڭ سۆزلىرىنى، ئۇ توغرا دەيدۇ. ئۇ گادايلارنىڭ دەردىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن-دە! مەردانىنىڭ "جاپاكەشلەرنى قۇتقۇزسۇن"

دېگەن سۆزى قۇلىدۇزغا شۇنچىلىك ئۆتكۈر تەسىر كۆرسەتكەن.
نېمىشقا بۇغراغا ئۇنچىلىك تەسىر قىلمايدۇ؟ مەردانە بۇغرادىن
جاپاكەشلەرنى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟! مەردانە "زىمىس-
تان كۆرگەن بۇلبۇل"، بۇغرا بولسا خاننىڭ "ئالتۇن بۆشۈكى"دە
چوڭ بولغان - دە! ھە، شۇنداق، گەپنىڭ تەگتى مانا مەشەدە.
شۇنچە ئادەم "ئەركىنلىك"، "تۈگەل ئەركىنلىك" دەيدۇ. بۇ سۆز
بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا نېمىشقا ئانچە يېقىپ كەتمەيدۇ؟ بۇغراخان
قۇلدارلىق تۈگىشى بىلەن ئەركىنلىك ئىشى تۈگىدى دەپ قارىدى.
كۆپچىلىك نامراتلارنىڭ زارىنى ئۇ نېمىشقا ئىلىكتەك، قۇندۇز، مەر-
دانىلەردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ؟!...ھە، ھە، شۇنداق. ئىلىكنىڭ
"ئىش تېخى تۈگىمىدى" دېگىنى راست ئىكەن. بۇغرالارنىڭ
بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرى ئىشنىڭ تۈگىشى ئەمەس،
باشلىنىشى ئوخشايدۇ...ئۇنداق بولسا قانداق قىلىپ ئوبدان داۋام
قىلدۇرۇش، ئايىغىغا يەتكۈزۈش كېرەك؟...ئاھ، ئىش جىق،
يۈك ئېغىر، دۆلەت ئۇلغايدى، ھازىر يۈك تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا.
يۈكنى غەيرەت بىلەن كۆتۈرۈپ، مەردانە ئالغا بېسىش كېرەك.
توغرا، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك...چاپسان قايتىپ دوستلار
بىلەن بىرلىكتە چېلىشىش كېرەك...

مۇشۇلارنى ئويلىغاندا سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرگە قايتىشقا ئالدى-
رايتتى. ئۇ توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەرگە يېتىپ بېرىشقا
قارار قىلدى.

بۈگۈن سەككىزىنچى ئاينىڭ باشلىرى. ئىللىق ياز ھاۋاسى
پەيزىدە سەمەرقەنت ئۇلۇغ خاقانى ئۈزىتىشقا تەييارلاندى. شەھەرنىڭ
شىمالى قوۋۇقى تېشىدىكى يول ياقىلىرىدا ئادەملەر لىق تولغان.

ئۇلار خاننى كۈتەتتى... ئەنە، قوۋۇق ئۈستىدىكى ناغرا - كاناي ئاۋازى ياڭرىدى. كىشىلەر ئۇ ياققا تەلمۈرۈشتى. قوۋۇقتىن بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەلدى، يېقىنلاشتى. ئالدىنقى قاتاردا ئوتتۇرىدا چاقنان سەپەر كىيىمى كىيگەن سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ يېنىدا چار ساقال، سەللىلىك باش ئولىچى مەۋلانە ھەزرەت، سول يېنىدا سۆلەتلىك چېرىكچە كىيىم كىيگەن ئالىپ ئارسلان كېلەتتى. بۇغراخاننىڭ چىپار ئايغىرى قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ئىككى يېنىدىكى ئاتلارغا كۆز ئالايتىپ ئويناپ ماڭماقتا. ئارقىدىكى قاتاردا ئەبۇ ئەلى، ئېركەش-بەگ، سىبۇق تېكىن، ئۈچىنچى قاتاردا — ئوتتۇرىدا قۇندۇز، ئىككى ياندا چەبەر سۇباشى بىلەن بوز يىگىت. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئوتتۇرىدا مەردانە بىلەن زۇمرەت، يانلىرىدا قاۋۇل بىلەن ئامانقۇل، ئاندىن كېيىن ئولىچى ئەربابلار ۋە بىر قىسىم چېرىك-مۇلكىي ئەمەلدارلار ئۈچ-تۆتتىن قاتار تىزىلىپ كەلمەكتە. ئۇزاتقۇچىلارغا يېقىنلاشقاندا بۇغراخان يولداشلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشتى. يىگىرمە نەچچە كىشى ئالدىغا كېلىپ بۇغراخانغا سالام بەردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم ئەمەلدارلار، قازى-كالان، مۇپتى، ئىشانلار، مۇدەررىس، ئۆلىمالار بار ئىدى. بۇغراخان ئۇلار بىلەن سەممىي سالاملىشىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئۇزاتقۇچى كىشىلەر قاتارى ئوتتۇرىسىدىن ماڭدى. قاتارلارنىڭ بېشىدا مەدرىس تالىپلىرى، شەھەر ئەمەلدارلىرى خاننى ئىززەت بىلەن ئۇزاتتى. بۇغراخان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە "بۇغراخان ئامان!"، "ئاق يول بولسۇن!" دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بۇغراخان ئۇلارغا سەممىي ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ماڭدى. ئۇ بىردەم قول كۆتۈرەتتى، بىردەم قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ باش لىڭشىتاتتى. كىشىلەر

چوڭقۇر ھاياجان بىلەن گايىلىرى كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى، بۇغراخان ئۇزاتقۇچىلار قاتارىنىڭ ئايىغىغا چىققاندىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن باياتىن ئاتتىن چۈشۈپ سالاملاشقان كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئاتلاندى، شەھەردىن بىللە چىققان ئۇزاتقۇچىلارمۇ ئاتلاندى...

شەھەردىن ئون چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى بىر قىشلاقنىڭ چېتىدە بۇغراخان ئاتتىن چۈشتى ۋە ئۇزاتقۇچى يارانلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئاۋال ئالىپ ئارسلان بىلەن چىڭ، ئۇزاق قۇچاقلاشتى. ئاندىن چەبەر سۇباشى بىلەن (ئۇ ئارسلان بىلەن بىللە قالماقچى بولغان، قوتلۇق سۇباشى ئىككى ئاي ئىلگىرى قوشۇن بىلەن قايتىپ كەتكەن)، مەۋلانە ھەزرەت، ئېركەشبەگ، ئەبۇ ئەلى، سىبۇق تېكىن...لەر بىلەن قۇچاقلىشىپ بولۇپ ئاتقا مىندى. ئات ئۈستىدە ئۇلارغا تازىم قىلىپ، ئېتىنى يولغا بۇرىدى. ئۇ بۇرىلىپلا، كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. باشقىلارمۇ ياشلىرىنى توسالمىدى. ئۇزاتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ كوز ياشلىرىنى سۈرتكۈچىلەر ئاز بولمىدى. بولۇپمۇ ئالىپ ئارسلاننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى بولغاي، كۆزىنى سۈرتۈۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانلا ئەمەس، بىردىنبىر قەدىردان ئىناق دوستىنى ئۇزاتماقتا. "ئۇزاق سەپەر ۋەزىپىسى مۇشكۇل...ئامان بولغاي..." دەپ ئىچىدە ئويلايتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا "ئامان كۆرۈشەرمىزمۇ؟" دېگەن بىر سوئال پەيدا بولغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ سوئاللارنى دەرھال رەت قىلدى. "كۆرۈشمەيچۇ؟ تېخى يەنە ئۇزاق بىللە كۈرەش قىلىمىز..."

سۈتۈق بۇغراخان ئات ئۈستىدە شۈك كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ

يولداشلىرى، ئالدى-ئارقىدا كېتىپ بارغان قاراۋۇلچى قوشۇنلىرىمۇ شۇڭا بولۇپ قېلىشتى، ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازلىرى ۋە پۇرقۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇغراخان ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دوستى ئارسلاننىڭ شەكلى كەتمەيتتى. ئارسلان بىلەن بىللە ھەم ئايدىڭ، يۇلتۇز بىلەن ئال چۈشقىنى ئات ئېتىپ ئويناشلىرى، مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان چاغلىرى باتۇرتاغنىڭ ئۆيىدە بىللە چېرىك مەشقى قىلغانلىقلىرى، ئوۋ، ئاماشا، تەختنى ئېلىش، خانلىق ئوردىسىدىكى ئۆتكۈر كۈرەشلەر... ئاخىر ئۇلۇغ يۈرۈش... ھەممىسى ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تېزلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارسلان ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرىكىدەكلا سەممىي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بايا ئايرىلىش ۋاقتىدا بۇغراخان ئارسلان بىلەن قول سىقىشقاندا، "ئامان بولۇڭ دوستۇم، كۆرۈشكىچە خوش" دېگەندە، ئاۋازى تىترەپ بۇ سۆزنى ئاران ئېيتالدى. ئارسلان "ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ، چوقۇم كۆرۈشىمىز" دېگەندە، ئۇ كۆزىگە لاپپىدە ئۇرغۇپ چىقىپ چاناقلىرىغا تولغان ياشنى كىرپىك قاقماي تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا دوستىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئېتىنى بۇرىغانىدى. بۇغراخان ئەڭ قەدىناس دوستىدىن، جانغا جان، قولغا قول بولىدىغان يېقىن سەپدىشىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئايرىلدى. ئۇ گويا يۈرىكىنىڭ بېرىسمى قېپقالغاندەك، مادارى بوشاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ھەممە جىم، قوشۇن جىم، ئەتراپ جىم. پەقەت ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازلىرى، ئارىلاپ-ئارىلاپ پۇرقۇپ قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

بۇغراخان كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا مىرزاچۆل ياقىسىدىكى بىر قىشلاققا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. باشلامچى قوشۇن بۇ يەردە قونالغۇ

ئۈچۈن ھەممىسىنى تەييارلاپ قويغانىكەن. سەھەرنىڭ بىرىنچى قونالغۇسىنى ئۇ ياخشى ئۆتكۈزدى...

ئۆگۈنى كەچقۇرۇن چۆلنىڭ ئېرىقى چېتىدە شاش خانى مەزەم-خان باشلىق بىر توپ كىشىلەر بۇغراخاننى قارشى ئالدى ۋە قونالغۇغا باشلاپ باردى. مەزەمخان دوستلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى كۈن بوپتىكەن. ئوبدان تەييارلىق قىپتۇ. ئۇ بۇغرا-خاننى بىر ئاجايىپ گۈزەل باغقا باشلاپ كىردى. ئۇلار باغنىڭ ئوت-تۇرىسىدىكى راۋاققا چىققاندا، باغنىڭ مەنزىرىسى تۈگەل كۆرۈندى. ئۇدۇلدا شاپتۇل-توغاچلار، ئەنجۈر-ئانارلار كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئوڭ-سول ياقتا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز باراڭ تېگىدە ھەر خىل ئۈزۈم شىڭگىللىرى چىرايلىق ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. باراڭغا گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنىپ ياستۇقلار قويۇلغانىدى. راۋاقنىڭ ئەتراپىدا خىلمۇخىل گۈللەر غۇنچىدە ئېچىلىپ كەتكە-ندى. راۋاقتىمۇ كۆرپە-ياستۇقلار سېلىنىپ، داستىخانغا ھەر خىل شېرىن مېۋىلەر، نان، ھالۋا، شىرنە...لەر قويۇلغانىدى.

بۇغراخان راۋاققا چىقىپ باغنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، خېلى ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولدى. "ياخشى باغ ئىكەن، بەك گۈزەل..." دېدى ئۇ.

بۇغراخانلار بۇ يەردىمۇ ياخشى قوناق بولۇپ ئوبدان ئۇخلىدى...

بۈگۈن شاش بېزەندى. ئەسلى بېزەكلىك شەھەر تېخىمۇ گۈزەل-لىشىپ كەتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى، كۈن چىقىش بىلەنلا شەھەرنى قىزىتىۋەتتى. ناشتىدىن كېيىنلا شەھەر كوچىلىرى ئادەم-لەرگە تولۇشقا باشلىدى. كىشىلەر شەھەر تېشىغا، كۈنپېتىش ياققا

شەھەر سىرتىدا قوغۇلچى تەرەپتىن كېلىدى-
قاراپ ئاقماقتا ئىدى...
غان يول پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چېچىلغان، ئادەملەر يولنىڭ ئىككى
يېقىغا توپلانغان، ئاتلىق قاراۋۇلچىلار تەرتىپ ئورناتماقتا ئىدى. كىشى-
لەردىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىقتا يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئىككى
تۈپ يوغان چىنارنىڭ چوك شاخلىرى ئارىسىغا ناغرا باغلانغان،
ئىككىدىن تۆت كانايچى ئۇزۇن كانايلىرىنى تۇتۇپ يىراققا تىكىلىپ
تۇرۇشاتتى...

بىر پەستىن كېيىن بىر چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ
قامچىسىنى بېشىدا پۇلاڭلىتىپ: "كەلدى، كەلدى..." دەپ ۋارقىرايتتى.
ئۇنى كۆرۈپلا ناغرا-كانايچىلار ھەرىكەتكە كەلدى. پۈتكۈل
ئەتراپنى ناغرا-كاناي ئاۋازى قاپلىدى. ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-
چۇرۇڭلىرى جىمىدى. ئۇلار باشلىرىنى ئېگىپ يولغا قارىشاتتى...

ئاتلىقلار توپى چاڭ توزۇتۇپ يېتىپ كەلدى. سۇتۇق بۇغراخان-
نىڭ ئالدىدا ماڭغان قاراۋۇلچى قوشۇن چېرىكلىرى قارشى ئالغۇ-
چىلارنىڭ يۇقىرىسىدا، يولنىڭ ئىككى چېتىگە تىزىلدى. ئارقىدىن
بۇغراخانلار يېتىپ كەلدى.

بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈشى بىلەن مەزەمخان ئاتتىن سەكرەپ
چۈشۈپ قارشى ئالغۇچى ئەربابلار، ئەمەلدارلار، چېرىكباشى-
لىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تونۇشتۇردى. بۇغراخان ئۇلار بىلەن
سەمىمىي كۆرۈشتى. "ئۇلۇغ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەھىرى-
مىزگە تەشرىپ قەدەم قىلغانلىرىنى پۈتكۈل شاش خەلقى قىزغىن
قارشى ئالىدۇ!" دېدى بۇغراخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر سەل-
لىلىك ئاق ساقال كىشى. بۇ شاشنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىماسى ئىدى.
بۇغراخان ئۇنىڭغا رەھمەت بىلدۈردى. ئاندىن مەزەمخان ئاتقا



مىنىشكە تەكلىپ قىلغانىدى، بۇغراخان ئۇنىمىدى. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىن پىيادە ئۆتتى. "ئامان-ئامان!" "بۇغراخان ئامان!" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇغراخان "ئەل ئامان!" دەپ ئۇلارغا جاۋاب قايتۇراتتى. كىشىلەر بۇغراخانغا ھەر خىل گۈللەرنى ئاتاتتى. ئوغۇل-قىز ئۆسمۈرلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ گۈل تۇتاتتى. ناغرا-كاناي جاراڭلايتتى...

شەھەرگە كىرگەندە، ئادەملەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا تىقىلىپ كەتتى. ھاياجان، خۇشال كەيپىيات تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۇلار ئوردۇ ئالدى كوچىسىغا كەلدى. يول چېتىدىكى مەسجىدنىڭ پەشتىقىدا يەنىمۇ چوڭ ئاۋازلىق ناغرا-كاناي چېلىنماقتا ئىدى. مىللىي كىيىم-لىرى بىلەن گۈزەل بېزەلگەن بىرەر يۈزدەك قىز-يىگىتلەر تۆتتىن قاتار بولۇپ ناغرىغا تەڭكەش قىلىپ ئەركىن ئۇسۇل ئويناپ كەلدى. بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار ئۇسۇللۇق خوش ئاۋاز ھەرىكەت بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلدى. ئاندىن بىر قىسمى ئىككىدىن بۆلۈ-نۈپ چەتلەپ بۇغراخانغا يول بەردى ۋە خاننى يانداپ ئۇسۇل ئويناپ ماڭدى. بىر قىسىم قىز-يىگىتلەر بۇغراخانلارنىڭ ئالدىدا ئويناپ ماڭدى. ئۇلار غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ چوڭ قەدەم تاشلاپ، بىر-بىرىنى چۆگىلەپ مەردانە، شوخ، چەبدەس ئوينايتتى. بۇغرا-خان كەينىگە قاراپ قويغانىدى. قۇندۇز شەرەتنى چۈشىنىپ مەردانە بىلەن زۇمرەتكە شەرەت قىلدى. ئۇلار ئويىنغاچ توپ ئىچىدىن ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئۇسۇلچىلار توختاپ ئورۇن بوشىتىپ چاۋاك چېلىشتى.

كۆپچىلىك توختىدى. يېڭىباشتىن بىر مەيدان ئويۇن باشلىنىپ كەتتى. مەردانە بىلەن زۇمرەت ئەپچىل سەپەر كىيىمى كىيى-

ۋالغان، باشلىرىغا باغلىۋالغان قىزىل شايى ياغلىقلىرى ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان. يېنىك كۆللۈك چورۇق كىيگەن ئاياغلىرى خۇددى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك يەڭگىل دەسسەيتتى. ئۇلار داغلىق پەرغانە ئۇسۇلىنى شۇنداق ياخشى ئوينايتتىكى، كىشىلەر گويا ئۇسۇل مەرىكىسىگە كەلگەندەك بۈگۈنكى قارشى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن شاشلىق قىز-يىگىتلەرمۇ ئۇسۇلغا چۈشتى. ئۇلار ئىككى مېھمان قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ بىللە ئوينىشىپ ئىلگىرىلىدى. قارشى ئېلىش خۇددى مەرەمگە ئايلاندى.

بۇغراخان ھوزۇرلاندى. مەزەمخان مەغرۇرلاندى. قارشى ئالغۇچىلار ۋە مېھمانلار تولۇپ تاشقان خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن ئوردۇ قوۋۇقىدىن كىرىپ كەتتى. لېكىن ئوردۇ ئالدى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. ناغرا-كاناي شوخ پەدىگە يۆتكەلدى. يۈزلىگەن ئەر-ئايال، ياش-قېرى كىشىلەر ئۇسۇلغا چۈشۈپ، بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ، ھارغىنىغا قارىماي ئۇسۇل ئوينايتتى...

سۈتۈق بۇغراخان شاشتا بىر ھەپتە تۇردى، ئۇ مەزەمخاننىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىدى، ئەمەلدارلار، چېرىك باشلىقلىرى بىلەن ئۇچراشتى. كېيىن، شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى ۋە تارىغچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ، بۇ ئۇچرىشىشلاردا، كېتەر ئالدىدا مەزەمخان بىلەن بولغان سۆھبەتتە "قاداش بولۇش، ئەلنى قوغداش، نامراتلارنىڭ يۈكىنى ئازايتىش" دېگەن ئۈچ چوڭ ئىشنى تەكىتلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇقۇشىچە قاداشسىزلىق ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمەلدارلار ئارىسىدا، ئۆلىمالار ئارىسىدا، خەلق بىلەن ئوردۇ ئارىسىدا، بولۇپمۇ نامراتلار بىلەن ھۆكۈمرانلار ئارىسىدا ئاز بولمىغان زىددىيەتلەر

بار بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەر ئاساسەن كونىچىلىق بىلەن يېڭىچىلىق ئارىسىدىكى مەنپەئەت ئالىشىشلار زىددىيىتى، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ زىددىيىتى ئىدى. زىددىيەتلەر ئارىسىدا خەلق بىلەن ئوردۇ ئارىسىدىكى زىددىيەت بۇ كۈنلەردە گەۋدىلىنىپ چىققان، تارىغچىلارنىڭ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان، زېمىندارنىڭ "سېتىشى" ئازايغان بىلەن كالتىكى ئوخشاشلا تارىغچىلار بېشىدا تېخىمۇ قاتتىق ئويناۋاتقانىدى. سامانىلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئوردۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ دۇمبالىشى، مەجبۇرى چېرىك تۇتۇشى، قاماپ ئۆلتۈرۈشى ئاساسەن يوقالغان. بىراق، ئالۋاڭ-سېلىق ئاۋۋالقىدەكلا ئېغىر پېتى قېلىۋەرگەن. "ھازىرقى ئوردۇ يەنىلا قورسىقى يوغان، مۇشتۇمزورلارنىڭ ئوردۇسى بولدى، — دېدى تارىغچىلار بۇغراخانغا، — ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەر-سۇنى تارتىۋالمىغۇچە كالتەكدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ..."

بۇغراخان يىغىندىكى مەسىلىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ۋاقتى كەلمىدى، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما ئۇ قاداشلىقنى كۈچەيتىش، خەلقنىڭ يۈكىنى ئازايتىش ئىشى ھەل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەمەلدارلارغا، موللىلارغا: "قاداشلىق بولمىسا، ئوردۇنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، ئوردۇ خەلقتىن ئايرىلسا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ" دېدى. تارىغچىلارغا: "سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلار توغرا. لېكىن، بىراقلا تۈگەل ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئىش ئاستا-ئاستا بولىدۇ. كالتەكنى يوقىتىش، قورساقنى تويغۇزۇش كېرەك. تولا ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ. سەۋر قىلسا غورىدىن ھالۋا بولىدۇ" دېدى...

بۇغراخان شاشتا خەلق سەنئىتىنى بەك قىزىقىش بىلەن كۆردى.

قارشى ئېلىش زىياپىتىدىن كېيىن بىر قېتىم، ئۇزىتىش ئالدىدا بىر قېتىم ناخشا-ئۇسسۇل كۆردى. شاشنىڭ سازەندىلىرى، ئەششۇلىچىلىرى، ئۇسسۇلچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايىش قىلدى، بۇلار ئۇنىڭغا بەك ياقتى. ئۇ مەزەمخانغا: "شاشلىقلار يول سەنئەت بايلىقىغا ئىگە، خۇش ئاۋاز خەلق ئىكەن" دېدى.

بۇغراخان شاشتىن ئايرىلىشتا كەلگەندىكىگە ئوخشاش تەنتەنە بىلەن ئۇزىتىلدى...

سۈتۈق بۇغراخان ئەمەنكانغا كېلىپ ئۇزاق تۇرمىدى. جىق ئىشىمۇ قىلمىدى. ئەمەنكان خانى قوچقارخان ۋە چېرىكباشى مەمەتاللار بىلەن جىقراق سۆھبەتلەشتى. قوچقارخان قەدىردان خاننى ئوبدان كۈتۈپ، ياخشى دەم ئالدۇردى. لالەخان قەشقەردىن كەلگىنىگە ئىككى ئايچە بوپتىكەن. ئۇ بۇغراخاننى ھەم "بۇغداي سۆزى" بىلەن، ھەم "بۇغداي نېنى" بىلەن ئارماندىن چىققۇدەك مېھمان قىلدى. لالەخان قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئوردۇ خىزمىتىنى، ئايدىنىڭ، ئوغۇل-قىزلىرى توغرىسىدا كۈلۈپ-كۈلدۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. خان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قىزىقىش بىلەن تىڭشىدى. قۇندۇز لالەخان بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئۇ ئانىسىنىڭ، ئاكىسىنىڭ ياخشى تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئەمەنكاندىن مېڭىش ۋاقتىدا، بۇغراخاننى قارشى ئالغان كۈندىكىگە ئوخشاشلا قىزغىن ئۇزىتىشتى. قوچقار بىلەن مەمەتالى يېرىم كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ كەلدى...

سۈتۈق بۇغراخان يول ئۈستىدە ئارغۇ دېگەن يۇرتتىكى كەڭ بىر ئويلاقتىن ئۆتۈپ، بىر تاغ جىلغىسىغا كىردى. ئازراق مېڭىپ، بىر دەريانى بويلاپ ئۆرگە يۇرالدى. بۇ دەريانى "تالاس دەريا" دەيتتى.

ئۇلار دەريانى بويلاپ، ئوڭ-سول بۇرۇلۇپ، كېچىكلەردىن ئۆتۈپ
بۇقۇرۇلاپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كەڭرەك بىر سايغا يېتىپ
كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. باشلامچى قوشۇن بۇ يەردە چۈشلۈك
ھاردۇق ئېلىشقا تەييارلىق قىلغانىكەن. بۇغراخان دەريا بويىغا
سېلىنغان گىلەم ئۈستىدىكى ئېيىق تېرىسىگە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا
نەزەر سالدى. سول ياقتا سىرت تاغ يوتىلىرىنىڭ كەينىدە قاتمۇقات
تاغلار كۆرۈنەتتى. ئوڭ ياق ئاسمان-پەلەك ئېگىز قورام تاشلىق
تىك تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېنىدىكى دەريانىڭ سۈزۈك سۈيى تاشتىن
تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاقاتتى. جىلغىنىڭ ئېتىكىدە قازان
ئېسىلغان ئوچاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلەر يوغان سۇر ئاغامچىدەك
تىككىسىگە ئۆرلەيتتى. شۇ تەرەپتىن چېرىكلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇغراخان ئېيىق تېرىسىگە سوزۇلۇپ، ئىككى
قولىغا بېشىنى قويۇپ ئوڭدا يېتىپ تىك تاغنىڭ چوققىسىغا قارىدى.
تاغ چوققىسى گايىدا بۇلۇتلارنى تېشىپ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقاندەك،
گايىدا بۇلۇتلارنى يېرىپ تۆۋەنگە شۇڭغۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
ئالا بۇلۇتلار ئارىلىرىدىن قۇياش شولىسى بىر كۆرۈلۈپ، بىر مۆكۈپ
نۇر چاچاتتى ۋە نۇرىنى يىغىۋالاتتى، سۈزۈك يېشىل ئاسمان بىر
ئېچىلىپ بىر يېپىلاتتى. "بۇ تاغ چوققىسى نېمىدېگەن قۇدرەتلىك
ھە، — دەپ ئويلىدى بۇغراخان، ئۇ بورانىدىنمۇ، قارىدىنمۇ، يامغۇر-
دىنمۇ، چاقماقتىنمۇ قورقمايدۇ. ئۇ ھامان تىك تۇرغىنىنى تۇرغان، بۇ
تاغ قاچانلاردا پەيدا بولغان بولغىيدى؟ ئەزەل-ئەزەلدىن بار
بولغىيمىدى، ياكى يەر ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ياكى يىراقلار-
دىن ئۇچۇپ كېلىپ بۇ جايغا قونغان بولغىيمىدى؟ تەبىئەت ئۆمرىگە،
كۆچىگە قارىغاندا، ئادەم ھېچنېمە ئەمەس... بىراق ئادەم — بەربىر

ئادەم-دە!. ئۇنىڭدا ئەقىل بار، ئىدراك بار. ئەگەر ئۇ ئەمرەتلىك بولسا، قىسقا ئۆمرىدە تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلالايدۇ. سەنچۇ سۇتۇق، سەنمۇ ئادەمغۇ، سەن ئەلگە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدىڭ؟!...ماختانما، ماختىنىشقا ھەققىڭ يوق..."

چوققىدا بىر قارا نەرسە كۆرۈنگەندەك قىلدى. ئۇ كېيىن، كۆزىنى يۇمچەكلەپ قارىغاندى، چوققىدا بىر ھايۋان تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇ قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ دىققەت بىلەن قارىغاندى، راستىنلا، بىر ئارقار تىك چوققىدا پەسكە قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇغراخان ياتقان پېتىچە: "قاۋۇل، ئوقيانى ئەكىلە!" دېدى، نېرىراقتا بىرنېمە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قاۋۇل خاننىڭ يېتىپ تۇرۇپ ئوقيا تەلەپ قىلغانلىقىدىن سەل ھەيران بولۇپ ئوقيانى ئەكىلىپ بەردى. بۇغراخان ئوڭدا ياتقىنىچە ياغا ئوقنى سېلىپ كىرىچىنى تارتىپ بىر كۆزىنى قىسىپ ئارقارنى چەنلىدى، ئاندىن دېمىنى ئىچىگە ئېلىپ، يانىڭ يېيىنى قويۇپ بەردى، غۇيۇلداپ ئۇچقان ئوق كۆرۈنمەي قالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چوققىدىن بىر يوغان تاش غولىغاندەك قىلدى-دە، بىردەمدىلا "گۈپ" قىلىپ يەرگە — دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاغ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتتى. تىنماي دېگۈدەك ئارقارنىڭ نېمە بولۇشىغا جىم قاراپ تۇرغانلار ھوگا سېلىشىپ كەتتى. بۇغراخان قوپۇپ ئولتۇردى، ئۇ مەغرۇرلانىدى بولغاي، مەيدىسىنى ئازراق كۆتۈرۈپ كۈلدى. ئۇ ئارقارنى بۇنداق غۇلاپ ئالدىغا چۈشەر دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇ راستىنلا بەك كۆڭۈللۈك ئىش بولدى.

ئامانقۇل بىلەن قاۋۇل دەرھال ئاتقا مىنىپ دەريادىن ئۆتتى ۋە ئارقارنى ئالدىغا ئېلىپ قايتىپ كەلدى-دە، ئارقارنى بۇغراخاننىڭ

ئالدىغا تاشلىدى، ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تاماشا قىلدى. مۈڭگۈزلىرى بىر يېرىم ئورالغان يوغان بوز ئارقار كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا پۇتلىرىنى سوزۇپ مىدىر قىلماي ياتاتتى. «بۇ ئەڭ چوڭىنى، ھازىرلا كاۋاپ قىلىمىز.» دېدى ئاشپەز قولىدىكى چوڭ پىچاقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ. ئاشپەز يەنە ئۈچ كىشى بىلەن ئارقارنى تۆت پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.

بۇغراخان ھامان كۈلۈمسىرەيتتى ۋە ئېلىپ كېتىپ بارغان ئارقار-دىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قاۋۇل كېلىپ قولىدىكى ئوقيانى ئالغاندا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى يىغىپ يەنە ئېيىق تېرىسىگە سوزۇلغىنىچە خۇشال كەيپىياتتا چوقچىغا قاراپ ئوڭدا ياتتى. كېيىن ئېغىر ھارغىنلىق سېزىپ كۆزىنى يۇمدى...

بىرھازادىن كېيىن بۇغراخاننىڭ دېمىقىنى بىرنېمە غىدىقلاۋات-قاندەك قىلىپ ئويغاندى. پۈتكۈل جىلغىغا يېيىلغان مەززىلىك كاۋاپ ھىدى ئۇنى ئويغاتقانىدى. ئۇ كاۋاپ ھىدىغا مەس بولغاندەك كۆزىنى ئاچماي بىرپەس ياتتى. ئۇنىڭ ئىشتىھاسى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇزاق يول مېڭىپ ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە، تاغ جىلغى-سىدا، سۈزۈك سۇلۇق دەريا بويىدا كاۋاپ...ئۇ ئارقار كاۋىپى، يەنە كېلىپ ئۆزى ئاتقان ئارقارنىڭ كاۋىپى قانداقمۇ ئىشتىھاسىنى قوز-غىمىسۇن؟!...ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ دەريانىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۈز-كۆزىنى يۇدى. قايتىپ كەلسە، داستىخان سېلىنىپ بوپتۇ، نان-توقاچ، قەنت-گېزەكلەر تىزىلىپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت بىلەن قوندۇزمۇ كەلدى. بۇغراخان ئۇنىمىغىنىغا قويماي مەردانە بىلەن زومرەتنىمۇ چاقىرتىۋالدى. ئاڭغىچە قاۋۇل زىخ كاۋاپلارنى ئەكىلىپ داستىخانغا قويدى.

— قېنى ئىلىگلار، ئارقار كاۋىپى ئوبدان بولامدۇ، — دېدى بۇغرا-خان ۋە ئاۋۋال باشلاپ بىر زىخ كاۋاپنى قولدۇزغا بەردى. ئاندىن ئۆزى يېدى، باشقىلارمۇ كاۋاپنى ئازراق يەپلا ماختىشىپ كەتتى.

— قۇندۇز!

— ئىلەل.

— ئېيتىپ بېقىڭا، كاۋاپ راست ئوخشاپتىمۇ، ياكى مېنىڭ ئاغزىمغا شۇنداق تېتىپ كەتتىمۇ؟

— راستلا بەك مەززىلىك بوپتۇ.

— راستلا ئوبدان بوپتۇ، — دېدى بوز يىگىت، — ئىلگىرى مۇنداق مەززىلىك كاۋاپ يەپ باقمىغانىدىم، ئۇستامۇ ئۇستىكەن.

— ئۇستام ئىلگىرى نېمىشقا بۇنداق كاۋاپ قىلالمىغان؟ — دېدى قۇندۇز.

— كاۋاپقۇ ياخشى بوپتۇ، قورساق ئاچقاندا، بىزگە تېخىمۇ تېتىپ كەتكەندۇ، بەلكى؟ — دېدى بۇغراخان، — ھەي قىزلار تارتىنماي ئېلىڭلار، — دېدى ئۇ مەردانە بىلەن زۇمرەتكە ۋە ئۆزى ئۈچىنچى زىخنى قولىغا ئالدى.

بۇغراخان كاۋاپنى يېگەنچە يېگىسى كېلەتتى. بۇرۇن ئارقار كاۋىپىنى يېگەندە، بۇنچىلىك تېتىپ كەتمىگەندى. ھە، راستلا، ئۆزەك ئاتقان ئارقار گۆشى-دە! ئۆزەك ئەمگەك قىلىپ تاپقان نان ياخشى تېتىيدۇ...

كۆن قايرىلىپ پېشىن بولغاندا، ئۇلار ئاتلاندى. بۇغراخانىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ كەيپى بەلەن ئىدى، ئۇلار ياخشى دەم ئالدى، تويغۇدەك كاۋاپ يېدى. تاغ، دەريا، يايلاق گۈزەللىكى قوشۇلدى... سەپەر كۆڭۈللۈك ئىدى. قۇندۇزنىڭ تەكلىپى بىلەن مەردانە،

زۇمرەتلەر ناخشا باشلىۋەتتى. مەردانىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، قۇندۇزغا يېقىپ قالغان ھېلىقى پەرغانە ناخشىسى جاراڭلىدى. ئۇلار-نىڭ شوخ ئاۋازلىرىنىڭ سادالىرى تاغدىن تاغقا ئۇرۇلۇپ يىراقلاردا ئاڭلىناتتى:

قۇياش چىقتى، نۇر چاچتى،
كۆلدى گۈزەل پەرغانە.
قىز-يىگىتلەر جور بولۇپ،
قوشاق قوشتى مەردانە.

بۇ كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا مەردانىنىڭ ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ چىقتى. قۇندۇز ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى. قاۋۇل كۆزىنى باشقىلاردىن يوشۇردى. ئۇلار ئانا ماكانى پەرغانىنى سېغىندىمۇ، ياكى پورەكلەپ ئۆرگەن ئاشۇ چاغلىرى يادىلىرىغا چۈشتىمۇ، يا بولمىسا بۇۋىسى ئېسىگە كەلدىمۇ، بۇنى مەردانە بىلەن قاۋۇلدىن باشقىلا ئېيتىپ بېرەلمەيتتى.

. . . . . . . . . . . .

قارلىغاچ، جان قارلىغاچ،
ئۇچۇپ دولامغا قونساڭچۇ.
ئۇلۇغ بۇغرا ئاتامغا،
مەندىن سالام ئېيتساڭچۇ.

ناخشىنىڭ بۇ يېرىگە كەلگەندە، مەردانىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ جاراڭلاپ كەتتى. ھەممەيلەن كۈلۈشتى. بۇغراخانمۇ ئارقىسىغا قاراپ قىزلارغا كۈلۈپ قويدى.

— ئەمدى قارلىغاچنى ئاۋارە قىلماي ئۆزەڭ سالام بەرسەڭمۇ بولار مەردانە، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ.

— بۇغراخان ئاتامنى كۆرەلمەيدىغان، تەلمۈرىدىغان باشقا مەردانىلەر ئاز دەملا خانئاچا، شۇلارنىڭ سالمى بولىۋەرمەمدۇ؟

— بەك توغرا ئېيتتىڭ سىڭلىم، "كۆرەلمەي، تەلمۈرگەنلەر..." بۇ توغرا گەپ. كۆرەلمەي خان ئاتىمىزدىن يەنە چوڭ-چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تەلمۈرۈپ يۈرگەن مەردانىلەر ئۈچۈن ئېيتىۋېردمەن، دېگىن. مەيلى ئېيتىۋەر. سېنىڭمۇ شۇ چاغدىكى قەلبىڭنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن!...

بۇغراخان ئارقىسىدا ئاتلىق كېلىۋاتقان بۇ خاتۇنلارنىڭ سۆزلەرىگە دىققەت قىلىپ، تاغ-جىلغىلارنى كۆزىتىپ، ئات ئۈستىدە جىم كەلمەكتە ئىدى. "كۆرەلمىگەنلەر تەلمۈرمەكتە" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇ قايتا-قايتا ئويلايتتى. بۇ سۆزنى سەمەرقەنتكە يېڭى كەلگەندە، مەردانە ئېيتقان "بۇغرا ئاتامغا ئېيتىپ قويۇڭ. بىزدەك جاپا تارتىۋاتقانلارنى قۇتقۇزسۇن!" دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇندۇز مەردانىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ "تولۇق ئەركىنلىك" مەسىلىسىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھازىر يەنە ئۇ "تەلمۈرگەنلەر" دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋاتىدۇ... بۇ، ھە... توغرا گەپلەر...

ئاتلار ساي ئىچىدىكى بىر كىچىك داۋاندىن ئېشىپ، كەڭ ئوتلاقتا قاراپ تۆۋەنلىدى. بۇغراخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوشراق قويۇۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا ئاتلىقلارمۇ ئېتىنى تېزلەتتى. سىراقتا، ئوتلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ چىغىر يولدا كېتىپ بارغان باشلامچى قوشۇن ئۇزۇن ئۈچ تال تاناپتەك تولغىنىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى...

يايلاقنىڭ ئۇ يېقىدا، ئانچە ئېگىز بولمىغان تاغ تىزمىلىرىنىڭ

باغرىدا، بالاساغۇن خانلىقىنىڭ خېنى ئارسلان ئىلىكخان قونالغۇ تىكىپ بۇغراخاننى كۈتەتتى. ئۇ ئۆز يارانلىرى بىلەن قونالغۇدىن ئون نەچچە چاقىرىم يەرگە كېلىپ، بۇغراخاننى قارشى ئالدى. كونا دوستلار قۇچاقلىشىپ ئامانلاشتى ۋە يەنە ئاتلىنىپ ئىلگىرىلەشتى. ئۇلار يېقىنلاشقانچە تاغ باغرىدىكى ئاۋۇللار، يېڭى، چوڭ قارا ئۆيلەر، ئوتلاپ يۈرگەن كالا-قوتاز، ئات-تۆگە، قوي-ئۆچكىلەر ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئارقىدىكى ئېگىز تاغ چوققىسىغا تېگەي دەپ قالغان قۇياش قىزغۇچ نۇرى بىلەن پۈتكۈل يايلاقنى پۈركىگەنىدى.

— بەك گۈزەل جاي ئىكەن، — دېدى بۇغراخان يانداش ئاتلىق كېتىپ بارغان ئارسلان ئىلىكخانغا، — يايلاقنىڭ پەيزى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدۇ.

— بۇ جاي ئېلىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى يايلىقى، — دېدى ئارسلان ئىلىكخان، — بۇ يەرنىڭ ماللىرى داڭلىق، ئوبدان كۈلۈك ئاتلار چىقىدۇ.

— بەك ياخشى. ئەنە قاراڭ، — قارشىسىدىكى قىزغۇچ تاغنى كۆرسەتتى بۇغراخان، — قۇياش بىر تاغ كەينىگە مۆككەن بىلەن يەنە تاغدىن نۇرىنى يوشۇرمايدىكەن.

ھازىر ئەمدى كەچكى شەپەق بىلەن يايلاق تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇدۇلىدىكى تاغنىڭ قىزغۇچ باشلىرىدا قىزىل-ئالا بۇلۇتلار ئوينىماقتا. تىزغا كېلىدىغان ئوتلارنىڭ ھەر خىل گۈللىرى يېنىك شامالدا ئېگىلىپ كۈلۈپ، ئەزىز مېھمانلارنى قارشى ئالاتتى...

بۇغراخانلار ئاق قارا ئۆيلەر تىكىلىپ قىلىنغان قونالغۇ ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشكەندە، بىر توپ قىزلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاغ

گۈللەردىن تىزغان دەستىلەرنى تۇتتى. كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ بارغاندا، قارا ئۆي ئالدىدا بىرنەچچە موماي قولىدىكى ياغاچ ئاياق-نى سىقىملاپ ئېلىپ چاچقۇ چاچتى. بۇغراخان ئۇلارغا قايتا-قايتا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆزى ئۈچۈن راسلانغان قارا ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، يايلاقنىڭ ئەڭ مەززىلىك، ئەلدە داڭلىق تاماقلىرى بولغان تاي گۆشى، قوناژ قوردى-قى، قوزىنىڭ يوتا كاۋىپى...كەلتۈرۈلدى. بۇغراخان بىلەن ئارسلان ئىلىكخان ئالدىغا ئىككى قوي بېشى قويۇلدى. چوڭ قارا ئۆيگە ھەر خىل گۆشلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى تولدى. قىمىز قۇيۇلۇپ، گۆشكە تۇتۇش قىلىندى...

تاماقتىن كېيىن، ئەل ئويۇنلىرى كۆرسىتىلدى. بۇغراخان ئويۇنلارنى بەك قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلدى. بولۇپمۇ قىز-يىگىتلەرنىڭ بەسلىشىپ بېيىت-قوشاق ئېيتىشلىرى ئۇنىڭغا بەك يېقىپ كەتتى.

بۇغراخان يايلاقتا ئۈچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، بالاساغۇنغا كېلىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ يايلاقتا، بالاساغۇندا ئارسلان ئىلىكخان بىلەن كۆپ سۆزلەشتى، ئوردۇ ئەربابلىرى بىلەن ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچراشتى، يەنە ئۇزاق تۇرالمىدى. ئۇ قەشقەرگە چاپسانراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى.

ئارسلان ئىلىكخان ئوردۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىسسىق كۆل بويىغىچە كېلىپ ئۇزىتىپ بۇغراخانغا ئاق يول تىلىدى، بۇغراخان ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ ئۆز سەپىرىگە ئاتلاندى...

* * *

بۈگۈن پۈتكۈل قەشقەر يەنە بىر قېتىم بېزەندى. ئۇ ئۇلۇغ يۈرۈشتىن غالىبىيەت بىلەن قايتىپ كەلگەن، بىر يىلدىن ئارتۇق كۆرمىگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى قارشى ئېلىشقا راسلانغاندى.

توققۇزىنچى ئاي، قەشقەرنىڭ باش كۈزى ئازىمۇ پەيزىگە تولغان. ئاق ئېتىشى بىلەنلا شەھەر كۈلۈپ ئورنىدىن قوپۇپ، ئەركىلەتكۈچ قۇياش نۇرىنى قارشى ئالدى. كىشىلەر ئالدىراپ ناشتا قىلىپ رەستىگە يۈگۈرۈشتى. ساندۇقنىڭ تېگىدىكى قاتلاقلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بېزەنگەن قىز-چوكانلار، يىگىت-بوز باللار ئازنا مەسچىد ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىشقا باشلىدى. كوچا-كوچىلاردىن ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بىلەن مەيدان تولىۋەردى، تۇيۇقسىزلا ناغرا بىلەن سۇناي ئاۋازى جاراڭلىدى. كىشىلەر يۇقىرىغا قاراشتى. ئېگىز پەشتاقتا ئىككى ئادەم ناغرا چېلىۋېتىپتۇ. بىرى قولىدىكى قوش چوكا بىلەن ئالدىدىكى چوڭ زىل ناغرىنى پەيزى بىلەن چالاتتى. بىرسى ئاۋۇنىڭغا كەلتۈرۈپ بوم ناغرىسىنى ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى سۇنايچى، يانلىرىدىكى ئىككى كانايچى ناغرىغا ماسلىشىپ سۇناي-كانايلىرىنى چالاتتى. ساز ئاۋۋال بىر خىل يېقىملىق ئاھاڭغا سوزۇپ، ياۋاش چېلىندى، كېيىن ئاستا-ئاستا ئېگىز كۆتۈرۈلدى، يەنە تۆۋەن چۈشتى، ئاخىرى چۈشۈرگىگە ئۇلىنىپلا شوخ ئۇسۇل ئاھاڭىغا جاراڭلاپ كەتتى. مەيداندىكىلەر بىرەر كىشىنىڭ تارتىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ساماغا چۈشۈپ كەتتى. مىڭلىغان كىشىلىك بىرلەشمە ئۇسۇل قايناپ كەتتى. بارلىق مەيدانچاقلاردا، ھەتتا ئۆگزىلەردىمۇ ئۇسۇللار باشلىنىپ كەتتى. خاقانىيەلىكلەرنىڭ بايرام كۈنلىرىدىكى بۇ ئەنئەنىلىك شوخ مىللىي ئادىتى

بۈگۈن باشقىچىلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېكىلمەس خىيالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە تېخىمۇ سۆيۈنۈپ ئويناپتتى. بىرپەس قاينىغان ئويۇندىن كېيىن كىشىلەر تېخى ۋاقتى بولمىغىنىغا قارىماي تۈمەن دەريا تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى...

ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئايىغىدىكى تاغ باغرىدا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش سورۇنى تەييارلانغان، بۇ تەنتەنە بۇلتۇر باھاردىكى ئۆزىنىڭ تەنتەنىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن ئارتۇق يېرى، ئادەم تېخىمۇ جىق، بېزىنىشلەر يەنىمۇ كۆركەم، داغدۇغا چوڭ، خۇشال-خۇراملىق تولۇپ تاشقاندى، يولنىڭ ئوڭ يېقىغا — بۇلتۇرقى جايغا چوڭ قارا ئۆي تىكىلىپ، ئالدى-ئىچىگە زىلچىلار سېلىنغان. قارا ئۆي باشلىرىدىكى تۇغ-ئەلەملەر يېشىل هاۋادا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ يوتىلىرى ئادەم بىلەن تولغان، دۆڭلۈكلەردە، تاغ چوققىلىرىدا ناغرا-سۇنايچىلارنىڭ بەسلىشىپ چالغان ساز ئاۋازلىرى تاغ باشلىرىدا، كەڭ دالىدا ياڭرىماقتا. ئۇ يەر-بۇ يەردە ئادەملەر هالقىلىرى ئىچىدە ئۇسسۇلچىلار قايناپ ئوينىماقتا ئىدى...

قارا ئۆي ئالدىدا ئەمەلدارلار، يۇرت كاتتىلىرى ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ پارقىلاشقاچ بۈگۈنكى زوقلۇق تەنتەنىنىڭ ئەمىدىلاتىن باشلىنىۋاتقان پەيزىنى ماختاشماقتا ئىدى. خاننىڭ ئايىغىدىك بىر قىسىم ئوردۇ ئەربابلىرى ۋە باللىرى بىلەن ئەتىگەندىلا خان ئالدىغا قارشى ئېلىشقا كەتكەن. مانا ئەمدى چۈش بولۇپ، كۈن قايرىلاي دەپ قالدى. كىشىلەر "كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدىمۇ" دېگەندەك يولغا قارىشاتتى....

قەيەردىندۇر بىر ئېگىزلىكتىن بوم ناغرىنىڭ "دۇم-دۇم" قىلىپ

ئۈچ قېتىم ئۈزۈلگەن ھەيۋەتلىك ئاۋازى، ئۇنىڭغا تەڭكەش بولۇپ سۇنايىنىڭ "تا-تا-تا..." قىلىپ چىققان جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن باشقا ساز ئاۋازلىرى، ئۇسسۇللار، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى شىپپىدە توختاپ قالدى. ئادەملەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ يولغا قاراشتى...

ئۇزۇن تاسمىدەك سوزۇلغان يولنىڭ ئۇ بېشىدا، تاغ ئېتىكىدىن چۇشۇۋاتقان ئارغامچىدەك بىر قارا كۆرۈندى. ئۇ يېقىنلاشقانچە ئاتلار، ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەملەر، كىشىلەر باشلىرىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئەلەملەر ئاۋال تۇتۇق، كېيىن ئوچۇق كۆرۈندى...

ئاتلىقلارنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمچە قالغاندا، ناغرا-سۇنايلار يەنە جاراڭلاپ كەتتى. كىشىلەر يول چېتىگە تىزىلىپ كۈتۈشتى. ئەنە، ئاتلىقلار يېقىنلاشتى. ئالدىدا باشلامچى قوشۇن، ئۇنىدىن كېيىن قارۇغچى قوشۇن ئۆتتى. كۆپچىلىك بۇ قوشۇنلارنى "ئۇررا...!" دەپ قىزغىن چاۋاك بىلەن قارشى ئېلىپ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇردى. قوشۇننىڭ كەينىدىن بۇغراخان يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ سۆلەتلىك چېرىكچە كىيىمگە، ساقال-بۇرۇتلىرىغا ئازراق چاڭ قونغاندى، ئۇ شۇنچە ئۇزاق سەپەردىن ھېرىپ كەلگىنىگە قارىماي ئاق ئارغىماق ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشتىن ئازراق قىسىلغان كۆزلىرىدىن ھەم خۇشاللىق، ھەم مەغرۇرلۇق سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىشىغا ھەققى يوق دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ بۇلتۇر مۇشۇ يەردە ئۇزىتىلغاندا بۇ يۈرۈشتىن غالىبىيەت بىلەن قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇتۇقنىڭ بۇ قەدەر مول بولۇشىغا بولغان ئىشەنچىسى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئەمدى نىيىتى ئەمەلگە ئاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىككى دەريا

ئارىلىقنى — بۇ ماكاندا ياشىغۇچى تۈرك ئۇلۇسلىرىنى دەھشەتلىك سامانلار زۇلمىدىن خالاس قىلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ شىرمەلىك دۆلەت تۇغىنى سەمەرقەنتكە قاداپ قايتتى. بۇ كىچىك ئىشنى ئەمەس ئىدى. بۇ مۇشۇ ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيانقى چوڭ يېرىك يۈرۈشلىرىدىن قېلىشمايدىغان، بېقىلمەس ئۇلۇغ يۈرۈش بولدى. ئۇنىڭ دۆلىتى زورايدى، داڭقى ئۇلغايدى. ئۇ غالىب، مەغرۇر ئىدى. بىراق ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان بىر كۈچ "كەمتەر بول" دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ هامان كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا هۆرمەت بىلدۈرەتتى. بۇغراخان بىلەن بىر قاتاردا خانىش ئايدىڭ، ئىلىك ئۇستاز، ئالىپ سۇباشى، توغرۇلبەگلەر ئاتلىق كېلەتتى. كېيىنكى قاتاردا ئوتتۇرىدا بايتاش، ئىككى ياندا ئالانۇرخېنىم بىلەن تونغان، ئۇندىن كېيىنكى قاتاردا قىلىچبەگ، يۇلتۇز، قۇندۇز ۋە مەردانە، زۇمرەتلەر بىلەن بوز يىگىت، قاۋۇل، ئامانقۇللار قاتار كېلىشەتتى. كىشىلەر "بۇغراخان ئامان!"، "خاقان ئامان!"، "ئامان-ئامان!" دەپ توۋلىشاتتى. ئارىلاپ "خانىش ئامان!" دېگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىناتتى. بۇغراخان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ خەلققە هۆرمەت بىلدۈرەتتى. "ئەل ئامان!"، "يۇرت ئامان!" دەپ توۋلايتتى...

بۇغراخان قارشى ئېلىش جايىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئوردۇ ئۇلۇغلىرى، ئەربابلار، يۇقىرى ئەمەلدارلار، يۇرت كاتتىلىرى هۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلار قارا ئۆيدە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، مېۋە-چېۋە يەپ هاردۇق ئالغاندىن كېيىن شەهەرگە قاراپ ئاتلاندى...

ئەنە، بۇغراخان يولداشلىرى بىلەن، قارشى ئالغۇچىلار بىلەن قورغان يېنىدىكى باغلىرى ئارىسىدىكى ئەگمە يوللاردىن ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. قارشى ئالغۇچىلار، ئالدى-كەينىدىكى قوشۇنلارنىڭ باش-ئايىغى كۆرۈنمەيدۇ. بۇغراخاننىڭ ئالدىدا كەڭ، ئېگىز تۆت ئاتلىق هارۋىدا بىر توپ ناغرا-سۇنايچىلار ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ناغرا-سۇناي چالماقتا. هارۋىنىڭ بۇرجەكلىرىگە قىزىل ئەلەملەر قادالغان. بويۇنلىرىغا قىزىل تاۋار باغلانغان، بېلىگە گۈللۈك يوپۇق تۇغرىسىغا يېپىلغان ئارغىماقلار ناغرىغا تەڭكەش قىلغاندەك پۇتلىرىنى سالماق تاشلاپ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ هارۋىنى ئەركىن تارتىپ كېتىپ بارماقتا. يولنىڭ ئىككى چېتىگە تولغان ئادەملەر خاننى قىزغىن قارشى ئالماقتا... ئۇلار تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتكەندە، بىر توپ ئۇسۇلچى قىز-يىگىتلەر هارۋىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇسۇل هەرىكىتى بىلەن ئاۋۋال بۇغراخانغا تەڭ تازىم قىلدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئۇسۇل ئوينىغىنىچە هارۋىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى پەيزىگە پەيزى قوشۇۋەتتى. شەهەر گويا ئەسلى ئورنىدىن قومۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. ئادەملەرنىڭ قىزغىن روهى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. كوچىلاردىلا ئەمەس، ئۆگزە-ئۆگزىلەردە تىقما-تىقماق ئادەم، ئۇسۇل، ناخشا، هەر خىل خۇشاللىق ئاۋازلىرى... مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا يېقىنلاپ قالغان قۇياش غالىب بۇغراخاننى ۋە قەشقەرلىقنى مۇبارەكلەپ قىزغۇچ نۇرىنى چېچىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بۇغراخان ئوردۇ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە پىيادە هالدا كىشىلەر دولقۇنى ئىچىدە ئىلگىرى ماڭدى. قىزلار سالغان قىزىل زىلچا پاياندازغا قەدەم قويۇپ قوۋۇققا كۆتۈرۈلدى. پەلەمپەيدىن چىقىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، مەيدانغا تولغان كىشىلەرگە قول

كۆتۈرۈپ بەنە ھۆرمەت بىلدۈردى. خانىش، ئىلىك...لەرمۇ قوۋۇق ئالدىغا چىقتى، ئىلىك قول كۆتۈرۈپ مەيدانىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن:

— قۇتلۇق سەپەردىن غالىبىيەت بىلەن قايتقان ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى مەرەكلەپ قارشى ئالىمىز!... — دېدى.

مەيدان گۈلدۈرلەپ كەتتى، پۈتكۈل شەھەر خۇشاللىق سادالىرىغا چۆمدى...

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرگە قايتىپ كەلگەننىڭ ئەتىسى كۈنى پېشىندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقان، ئائىلە-تاۋابىئات، دوست-ئاغىنىلەر ئوردۇ ئارقىسىدىكى خان سارىيى ھويلىسىغا جەم بولدى. ھويلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كەڭ-ئۇزۇن ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئىچى چوڭ-كىچىك، ئەر-خاتۇن، بالا-چاقىلار بىلەن تولغان، باراڭ نېگىزىگە زىلچىلار ۋە ئۇزۇن كۆرپىلەر سېلىنغان، كۆرپە ئالدىدا داستىخان يېيىلغان پەس شىرەلەر ئۈستىدە لېگەن-لېگەندە ھەر خىل مېۋىلەر قويۇلغان، ھەممە خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ئۆز دېمەت-لىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى. خان ئوغۇللار بايتاش، تونغان، توغرۇل-بەگ، قىلىچلار ئىلىك ئۇستاز بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ قىزغىن سۆزلىشەتتى. خان قىز ئالانۇرخېنىم، يۇلتۇز، گۈللەيلى، ئادار-گۈللەر قۇندۇز ھەم مەردانە بىلەن زۇمرەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇلار كەينى-كەينىدىن ھەر خىل سوئاللارنى بېرىشەتتى. ئالانۇرخېنىم مەردانىگە قىزىقىپ قارايتتى. مەردانە بولسا خان قىزدىن تارتىنىپ كۆزىنى ئەپقاچاتتى ۋە كۈلۈمسىرەپ يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى. بۇ قىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز سىياقى تېخىمۇ ئۆزلىشىپ كېتەتتى.

— ھامماچا، كۆردىڭمۇ؟ — دېدى ئالانۇرخېنىم گۈللەيلىگە، — ئۇ ياقنىڭ قىزلىرى ئەجەپ ئۇز بولىدىكەن-ھە؟

— ئۇز بولمايچۇ. ئۇز قەشقەردىلا دەپ ئويلاپمىدىڭ، خېنىم؟ — دېدى گۈللەيلى چاقچاق ئارىلاش.

مەردانىنىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ قىزاردى. ئۇ ئاستا لىۋىنى چىشلەپ بېشىنى ئەگدى.

— پەرغانىنىڭ قىزلىرىنى كۆرسىمۇ قەشقەر يىگىتلىرى ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ، — بۇ قىزلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئاندىن ئاغزىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ، تېخى! شۇنداق ئەمەسمۇ، مەردانە؟

— ۋايەي ئاچا، بىز قەشقەر قوشۇقچىلىرىغا تەڭ كېلەلەمدىغان؟ — دېدى مەردانە بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ئۆزەڭنى كەمسىتمە سىڭلىم، ھېلىقى قوشۇغۇڭدا بىر سۆز بار ئىدىغۇ، زۇمرەت نېمىدى؟

— قايسىسىنى دەيلىكىن؟ — دېدى زۇمرەت.

قۇندۇز قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ئويلاندى، ئاندىن قوشۇغدىن بىر پارچە ئېيتتى:

پەرغانىنىڭ قىزلىرى،
ئالما-ئانار يۈزلىرى.
دوستىغا دوست مېھرىبان،
ياغىغا ئۆچ كۆزلىرى.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

مەردانە ئويۇلۇپ كۈلدى، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر جىلۋە بىلەن ئۇزۇن چېچىنى كەينىگە تاشلىدى-دە، يىراقتا كۆز تاشلاپ

مۇنداق دېدى:

بۇ قەشقەرنىڭ قىزلىرى،
تولۇن ئايدەك يۈزلىرى.
مەرت يىگىتنى ئاللايدۇ،
ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرى.

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلۈشتى.

— ياشا مەردانە، — دېدى باياتىن ئۇنىڭغا قاراپ جىم ئولتۇرغان يۇلتۇز، — راستلا مەردانە قىزكەنسەن. قوشۇغۇڭ بەكلا ئېسىل. بىراق قەشقەرقىزلىرىنى ئاشۇرۇۋەتتىڭ.

— ياق، ئېشىپ كەتمىدى، — دېدى زۇمرەت، — قەشقەر قىزلىرى ئايدىن ئۆتۈپ چولپاننى خىجىل قىلىدىكەن. قارىسىلا، خان قىز ئالانۇر خېنىمنىڭ ئۈزلۈقىنى!

— مەن باشقىسىنى خىجىل قىلىش تۇگۇل، ئۆزەملا خىجىل بولسام بولىدۇ. ئۆزنى ئىزدىسەڭلار ماۋۇ ئادارگۇل ئاچامنى تېپىڭ- لار، — دېدى ئالانۇرخېنىم ئادارگۈلنى كۆرسىتىپ.

ئادارگۈل قىزىرىپ كەتتى. ئاڭغۇچە ئىشككە قاراپ "چىقتى- چىقتى" دېيىشتى. بۇغراخان خانىش ئايدىڭ بىلەن كۆتۈرمە پېيا- ۋانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۈچ-تۆت بالا ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. خان ئوغۇل بايتاشنىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئېلى ئۇلاردىن قېلىشماي ئارقىدىن يۈگۈردى، ئۇنىڭ مۆدۈرۈپ ئىغاڭلاپ-مىتقىلاپ يۈگۈرگىنىگە قاراپ كۆپچىلىك كۈلۈشتى. بۇغراخان ئاۋۋال بارغان باللارنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەتتى. كېيىن، يېقىن كېلىپ يىقىلىپ ئولتۇرۇپ قالغان بىكەچ ئەلىنى كۆتۈرۈۋالدى. كالپۇكلىرىنى ئۈمەللەپ

يەلىغلى قوپقان ئوبۇل ھەسەن ئىبلى بۇغراخانغا قاراپ كەينىگە داجىغانىدى، بۇۋىسى سۆيۈپ كۈلگەندىن كېيىن ئۇنۇ مىجايدى.

بۇغراخان بارائىغا كەلگەندە، ھەممەيلەن ئۇنى خۇشال قارشى ئېلىشتى. بۇغراخاننىڭ كەيپى بىلەن ئىدى. ئۇ ئاۋۋال ئىلىك ئۇستاز بىلەن، كېيىن باربىتچى ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ، باشقىلار بىلەن ئامانلاشتى. ئاندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېيىت ئېيتتى:

دوست-يارانلار جەم بولۇپتۇ دەرقەمتە،
شولىسىنى كەڭ چېچىپتۇ چولپان يۇلتۇز.
دۇنيا كېزىپ ياغى سوقۇپ كەلدى مانا،
قۇچاقلاشتى دوستلار بىلەن پەلۋان قۇندۇز.

كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ قۇندۇزغا قاراشتى.

قۇندۇز:

ئۇزلار ئۇزى، گۈزەللەرنىڭ قىزىل تاجى،
نۇرلار نۇرى، نازاكەتلىك ئەلايىم نۇر.
ئاتىسىنى، جان دوستلارنى مۇبارەكلەپ،
خۇش پۇراقلىق ھەم چېچەپتۇ ئۇز ئىپارگۇل.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك ئىلىك ئۇستازغا قاراشتى. بۇنداق چاغلاردا بېيىت ئېيتماي قويمايدىغان ئۇستاز كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ مۇنداق دېدى:

كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا ئۇچۇپتىكەن،
بۇلۇت يېرىپ، پەرۋاز قىلىپ پەلۋان بۈركۈت.
ھەيۋىتىدىن چىلبۆرىلەر كۈچۈك بوپتۇ،
كۈلۈپ يايراپ خۇشال بوپتۇ ئېزىلگەن يۇرت.

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، كىشىلەرنىڭ پەيزى تېخىمۇ ئاشتى.

— ئەمدى نۆۋەت سىلگە كەلدى، ئانا، — دېدى ئايدىڭ خالتىغا سېلىنغان بارىستنى قولتۇقىغا قىسىپ بۇ يەردىكى ئەھۋالغا روھلىنىپ ئولتۇرغان بارىستچى ئانىغا.

ئانا شىرە ئالدىغا ئولتۇردى. بۇغراخان باشلاپ كۆپچىلىكمۇ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئانىدىن يەنە قوشاق كۈتەتتى.

ئانا بارىستنى خالتىدىن چىقىرىپ، يەڭ ئۇچى بىلەن بارىستنىڭ تارلىق يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، تارلارنى تۈزۈپ كۆردى. بارىست سازلىق ئىكەن. ئۇ بارىستنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قوشۇغ پەدىسىگە بىر پەدە چالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ قوشۇغىنى باشلىۋەتتى:

راست دېگەندەك ئەمدى ساڭا كەلدى نۆۋەت،
كەتتى سېنى زار قاخشاتقان ئاشۇ كۆلپەت،
ئاۋار كىيدىڭ، شىرمان يېدىڭ، ئىچتىڭ شەربەت،
قېنى ئەمدى شوخ پەدىگە سايرا، بارىست.

ئۇلۇغ بولدىن ئامان كەلدى بۇغرا ئاتاڭ،
ئەلگە زور قۇت بېرىپ كەلدى بۇغرا ئاتاڭ،
يۇرتقا كۆۋرۈك سېلىپ كەلدى بۇغرا ئاتاڭ،
ئاتاپ ئاڭا ناخشاڭنى ئېيت يايرا، بارىست.

مىسكىن ئىدىڭ، ئەركىن بولدۇڭ كەلدى بەختىڭ،
ساقايدىغۇ يارا قەلبىڭ، يۈرەك لەختىڭ،
ئوبدان ئاسرا، مەزمۇت بولغاي تاج-تەختىڭ،
ھوشيار بولۇپ خەنجىرىڭنى قايرا، بارىست.

. . . . . . . . . . . .

بارىبىت سايرىماقتا، قوشۇغ ياڭرىماقتا. ئانا كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇقۇلداپ قوشۇغ ئېيتاتتى. بارماقلىرى گويا بەسلەشكەندەك بىم-زىل بارىبىت تارلىرىنى چېكەتتى. ئانا قانلىق ئۆتمۈشنى ئەسلەيتتى، دۇنيانى تىترىتىۋەتكەن ئۇلۇغ ئۆتۈقلارنى كۈيلەيتتى، ئۇغراخانى مەدھىيىلەيتتى. ئۇنى ۋە يارانلىرىنى ھوشيار بولۇشقا، ئەلەمنى يېنىك تۇتۇشقا، قەلەمنى تاشلىماسلىققا ئۈندەيتتى:

بۇ دۇنيادا ياخشىمۇ بار، يامانمۇ بار،
ۋە يەنە بار يامان نىيەت قورسىقى تار،
ئەلنى سۆيگەن ئەل ئوغلىغا ئەل بولۇر يار،
ئاق كۆڭۈلنى مۇغەمبەردىن ئايرا، بارىبىت.

ئەرزىمىگەن قوشۇغۇڭغا قىلما مىننەت،
مەندۇرمەن دەپ ساق بېشىڭغا سالما ئىللەت،
ئوبدان باقساڭ جاھاندا جىق ئاچچىق ئىبرەت،
كۆرەڭلىمەي ئۆك-سولۇڭغا قايىلا، بارىبىت.

. . . . . . . . . .

ئانىنىڭ ئېسىل قوشۇغىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر چوڭقۇر ھاياجانلىق كەيپىياتتا چۆكۈپ پەيىز سۈرەتتى. بۇلبۇللار تىلىدەك سايرىغان بارىبىت ئاۋازى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى روھلاندۇرۇپ پەلەككە كۆتۈرەتتى...

ئانا قوشۇغىنى ئاياغلاشتۇرغاندا، كۆپچىلىك شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ كۆكسىنى كۆتۈرۈشتى.

— بارىكاللا ئانا، — دېدى ئېلىك ئۇستاز، — ئۇلۇغ ئادەمسىز،

بىر ئوبدان بارىنچى-قوشۇنچىلا ئەمەس، دانا ئۇستازسىز.

— ھەشقاللا ئانا، — دېدى بۇغراخانمۇ، — سىز راستتىنلا ئۇلۇغ ئۇستاز، سىزنىڭ بارىستىڭىز ئەل دەردى بىلەن ئاۋارىسىغان، ئۇ ئەل تىلىكىنى سايرايدۇ، بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئاچىدۇ، ئۇ بىزگە ھەم باشلامچى، ھەم قامچا...

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال بۇغراخانغا، كېيىن ئىلىك ئۇستازغا تازىم قىلدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، ئەگەردە مېنىڭ بارىستىم ئەل تىلىكىنى قوشۇپ سايرىيالىسا، ماڭا بۇنىڭدىن چوڭ قۇت بولمايدۇ...

گۈللەيلىنىڭ شەربىتى بىلەن خىزمەتچى قىزلار لىگەنلەردە تاماق كەلتۈرۈشتى. خانىش ئايدىڭ كۆپچىلىكنى تاماققا تەكلىپ قىلدى...

# توققۇزىنچى قىسىم

بىنانىڭ ئۇلىنى پىششىقلا مەزمۇت،

ئوزۇقىدىن يىغالغان مايىسىنى چىڭ تۇت.

كەمتەر بول ئارمانلارىڭ ئالدىڭدا تېخى،

چوڭ ئۈمىد كۈتمەكتە سېنىڭدىن ئەل-يۇرت.

بىرىنچى باب

# خان ئوغۇل ئىز باستى

سۇتۇق بۇغراخان ئۇلۇغ سەپەردىن قايتقىلى ئىككى يىل بولدى. يىلان يىلى، ئات يىلى ئۆتۈپ قوي يىلى كەلدى.

ئەسلىدە ئۇ بىرەر مەزگىل دەم ئېلىشنى ئويلىغانىدى. ئەتۇرىچە، ئىش تېخىمۇ قاتلاڭ بولدى. ئۇ ئۆزىدە بارغانچە ھارغىنلىق، ماغدۇرسىزلىق سېزىشكە باشلىدى. گايىدا يۈرىكى سىقىلىدىغان، بېشى قايىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىكى بۇ ئۆزگىرىش باشقىلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، بولۇپمۇ، خانىش ئايدىڭ ئۇنىڭ ساقسىزلىقىنى، ئۇيقۇسى قېچىپ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە، قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. "ئاز ئىش قىلىپ كۆپرەك ئارام ئالسىلا بولغۇدەك" دەيتتى ئۇ سۇتۇققا.

ئىلىك ئۇستاز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سالامەتلىكىگە چوڭ كۆڭۈل بۆلەتتى. "ئالدىمىزدا قىيىن ئىشلار جىق، سالامەتلىك كېرەك" دەيتتى ئۇ بۇغراخاننى جىقراق دەم ئېلىشقا ئۈندەپ. ئوردۇ تېۋىپلىرى كۆرۈپ گايىلىرى "زىققا كېسەل" دېسە، گايىلىرى "قۇرۇق ئىسسىق چىماپ كەتكەن" دېدى. بىرداڭلىق تېۋىپ بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ ئاندىن يۈرەكنىڭ سوقۇشى بىجىرىم ئەمەس، قان قويۇلۇپراق قالغان، ھارغىنلىق چوڭ. ياخشى دەم ئالسا بولمايدۇ،

دېدى. تېۋىپ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى بۇغراخانغا ئېيتماسلىقنى، روھى يۇك كۆپەيسە، ئاغرىقى كۈچىيىپ قالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

سۇتۇق بۇغراخان ئاۋۋاللىرى پەرۋا قىلمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، دېمى سىقىلىپ بىئارام بولغان چاغلاردا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى: ”ئەجەب ئىش، قېرىلىق يەتتىمىكىن؟ يۈرەك ئالدىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بېشىمدا مۇنچىۋالا ئىش تۇرسا قانداقمۇ دەم ئالسەن؟!... سالامەتلىكنى دېسەڭ ئىشتىن قول ئۈزۈش كېرەك. ئىشتىن تامام قول ئۈزۈشكە بولمايدۇ... بايتاشنى ئىش بېشىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ جىقراق دەم ئالساڭچۇ!... ھە، مۇشۇنداق قىلغان تۈزۈك بولارمىكىن. ئۇزاقراق ئۆمۈر سۈرگىلى بولار، بەلكى...“

سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئويىنى ئايدىڭغا ئېيتقانىدى، ئۇ ”تويلىشقا بولىدۇ. دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەك“ دېدى. شۇ كۈنلەردە ئالىپ ئارسلان سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بۇغراخاننىڭ رازىلىقى بىلەن قايتقانىدى. بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئويىنى دوستىغا ئېيتقاندا، ئارسلان ”ياخشى ئويلاپسىز، ئەل ئۈچۈن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگەن ياخشى“ دېدى

سۇتۇق بۇغراخان دەم ئېلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەچلىكى دوستلار جەم بولۇپ قالدى. ئاۋۋال ئارسلان يۇلتۇز بىلەن كېلىپ نېرى-بېرى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدى، ئىلىك ئۇستاز ئىپارگۈل بىلەن كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئايدىڭ قوشۇلۇپ ئۈچ جۈپ قەدىردان دوستلار دەرقەمتە بولۇشتى. ئالدىراشلىقتا ئاز بولىدىغان بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا دوستلار ئېچىلىپ يېيىلىپ سۆزلە-

چىشەتتى، ياشلىق كۆڭۈللىرىنى ئەسلىشەتتى، ئۇۋۇ ئاماشلارنى سۆزلىشەتتى، بېسىپ ئۆتكەن ھەم قىيىن، ھەم ئۇخۇشلۇق چېلىشىش يوللىرى، ئاچچىق-تاتلىق ساۋاقلار توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. ئەل ئەھۋالى ئۈستىدە، ئېغىر يۈكلەر، تايغاق يوللاردىن، جۇدۇنلۇق داۋانلاردىن قانداق ئۆتۈش توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى. قەدىناس دوستلارنىڭ بۇنداق ئولتۇرۇشلىرىدا چاقچاقلار، بېيت ئېيتىشلار، غەزەل-قوشۇقلار — ھەممىسى بولاتتى. ئاخىرى گەپ يەنە ئەل ئەھۋالى، دۆلەت ئىشلىرىغا كۆچۈپ، مۇزاكىرە، تالاشلار بىلەن، گايىدا ئوبدان يەكۈنلەر بىلەن ئاياغلىشاتتى.

— ھا، مانا قارىسىلا، ئۈستىدىن چۈشۈپتىمىز-دە، — دېدى ئىپارگۈل ئىلىك ئۇستاز بىلەن پەلەمپەيدىن پېشايۋانغا چىقىۋېتىپ، — ھە، سالام، سالام، — ئۇ ئارسلان، يولتۇز، ئايدىڭلار بىلەن سەممىي ئامانلاشتى، — ياق بولمايدۇ، قوزغالماڭ سۇلتان، — دېدى ئۇ تېز بېرىپ ۋە ئورنىدىن قوزغىلىۋاتقان بۇغراخاننىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزمىدى.

— "سۇلتان"، سەمەرقەنتتىن چاپلىشىپ كەلگەن يەنە شۇ ئالىپتە سۆز. "دوستۇم" دېگەن ئىناق سۆزلەر تۈگەپ كېتەرمۇ؟ — بۇغراخان كۈلۈمسىرەپ ئىلىكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. باشقىلارمۇ كۆرپىگە ئولتۇرۇشتى. باغدىن ئەتىر گۈللەرنىڭ يېقىملىق ھىدى پۇراپ تۇراتتى.

— ياق، يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. "دوستۇم" دېگەن بۇ سۆز بىزنىڭ دىل-رىشتىلىرىمىزنىڭ تۈگۈنى. بىردىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، خانىش؟ — ئىلىك ئۇستاز كۈلۈپ ئايدىڭغا قارىدى.

خاپىش ــ ياپ بولۇپ، ــ سىڭايان بېشىنى ئايدىڭ دېدى ــ بىلمەيمەن، ــ

ئۇ ــ ،بىلمەيدۇ گەپلەرنى دېگەن "يار ،دوست" كېيىن بولغاندىن كۆلكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قولى بىلەن ئاغزىنى ياپتى.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، تۇزىتىمەن دەپ بۇزۇپ ئالدىمىزمۇ نېمە؟ ھە، شۇنداق، ئايدىڭ، بىراق ئاي ئەتۇر قارىسۇۋالسا، ئۇنىڭ شولىسى بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ يۇلتۇز؟ ئاينىڭ سىرىنى يۇلتۇز ئوبدان بىلىدۇ-دە!

ــ بىلمەيچۇ؟ يۇلتۇز ئاي بىلەن ھەم نۇرداش ھەم سىرداش، ئاينىڭ كۆڭلى ئاغرىسا، يۇلتۇزنىڭمۇ كۆڭلىگە كېلىدۇ.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئايدىڭ تۇزلىنىپ كۈلۈپ ئىلىككە قارىدى.

ــ توغرا گەپلەر. دوستلۇق رىشتىمىز مەھكەم بىزنىڭ. بىر زاماندا، ياش چېغىمىزدا، ئۇۋغا چىققاندا ئېيتقان بىر بېيىتلىرى بار ئىدىغۇ؟ ــ دېدى ئارسلان بىرنېمىسىنى ئويلىغاندەك يۇلتۇزغا قاراپ، ــ قانداق ئىدى؟

يۇلتۇز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئازراق ئويلىغاندىن كېيىن، قوشۇغنى يادقا ئوقۇدى:

بىر سۆزۈم ئەيتايىن، ئىشتكىل يارۇ،
سۆيۈكلى دوستۇڭا ئاسقىل تۇمارۇ.
بېزەكلى يۈزىگە، باقما سۆزىگە،
ئارىغ دىل دوستىنى تاپ، چىقار خۇمارۇ.

ــ شۇنداق، بىز سۆيۈكلى، ئارىغ دىل دوستلار بىز، ــ دېدى ئايدىڭ، ــ بۇنىڭدىن ئوتتۇز ئالتە يىل ئىلگىرى ئوۋ ئۈستىدە تۇلانغان ئاشۇ دوستلۇق رىشتىسى بىزنى بىر-بىرىمىزگە شۇنداق

مەھكەم باغلىغانىكى، ئۇزۇشكە قەست قىلغان قارا قوللارمۇ ئۇنى ئۈزەلمىدى، ھەم ئۈزەلمەيدۇ. بۇ رىشتىنى شۇ ۋاقىتتا ئىلىك ئۇستاز ئاشۇ چوڭقۇر مەنىلىك بېيىتلىرى بىلەن باغلىغان.

دوستلار خانىش ئايدىڭنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلۇپ باش لىڭشىتتى. شۇ تاپتا چاپقۇنلۇق ئۇزاق يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن قەدىردانلىق، قەدىناسلىق سۈيۈنچىلىرى ئۇلارنىڭ ئارىغ دىللىرىدا دولقۇنلىناتتى.

ئىلىك ئۇستاز كۆزلىرىنى قىسىپ يىراققا قاراپ تۇرغىنىچە مۇنۇ قوشۇقنى ئوقۇدى:

يەر-جاھاننى تىترەتتى بۇغرا ئارسلان،
كەڭ ئاۋۇنغا نۇر چاچتى قوشماق قىز-جۇۋان.
ئاسمانۇزىمىنى ئۇلىغان رىشتە،
جان دوستلارنىڭ تۇمارى بولدى ھەر زامان.

بۇغراخانمۇ چوڭقۇر تەسىرلىنىپ مۇنۇ قوشۇقنى ئوقۇدى:

ئارىغ دىللار يورۇدى نۇرلۇق بىلىگىدىن،
سۈيۈنچىلەر ئۇرغۇدى قاندىن-يىلىكتىن.
بۇغرا بىلەن ئارسلان بولماستى غالىب،
ئايرىلسا گەر ئاداشى، ئۇستاز ئىلىكتىن.

— ۋاي، ئۇستازىم كېلىپ قاپتىغۇ، ئەجەب ياخشى، — دېدى گۈللەيلى ئۆيدىن چىقىپ، — سالام، سالام ئۇستاز. ھە، باياتىن دېمىقىمنى بىر نېمە غىدىقلاپ قويىدى. بايازە، ئىپارگۈلنىڭ ھىدىكەن-دە!

ئۇ ئىپارگۈلگە قاراپ كۈلدى.

— ھىدلەر تۇگۈل، گۈلمۇ توزۇپ بولدى، ھامماچا، — دېدى

نىھارگۈل كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېمەك ئىستىگىنىم. ياخشى گۈل زادى توزۇمايدۇ، ئەمدى تۆكمەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى مەزمۇت بولسىلا بولغىنى، قارىسىڭىز، چېچەكلىرىگە ئاق كىرگەن بولسىمۇ يەنە گۈلدەك تۇرىدۇ. مانا ماڭا قاراڭ، قېرى دېسە تازا قېرىدىم. بىراق "لەيلى"گە كۆڭلى قوشمىسا ئاچچىقىم كېلىدۇ.

— توغرا، گۈلنى لەيلىدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىمىك ئۇستاز، — لەيلىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل گۈل ئەمەسمۇ؟

— ھە، توغرا، گۈل بولسا ئۆز، ھەم چاچىدىغان گۈل بولغىنى ياخشى. يانتاقمۇ گۈل ئاچىدۇ، شۇمبۇيىنىڭمۇ گۈلى بار ئەمەسمۇ؟ يانتاقنىڭ تىكىنى بولسىمۇ، گۈلى چىرايلىق، ئۇنى يەنە تۆگە يەيدۇ. شۇمبۇيا قوغۇننى بۇزىدۇ. ئۇنداق گۈللەرنى سېسىتىپ قىغ قىلۋېتىش كېرەك...

— ھە، بىزنىڭ گۈللەيلى سايراپتۇ-دە، — دېدى ئالىپ سۇباشى، توغرۇلبەگلەر پېشايۋانغا يېقىنلىشىپ، — باشقىلارغىمۇ ئازراق گەپ قالسۇنمىكىن، — ئۇ كېلىپ خان، خانىشلار بىلەن ۋە باشقىلار بىلەن ئامانلىشىپ ئولتۇردى.

— ئۆيدىغۇ بىزگە گەپ تەگمەيدۇ، بۇ يەردىمۇ گەپ قىلغىلى بولمامدىكەن؟ مەن سىلىنىڭ چېرىكلىرى ئەمەس سۇباشى...

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. گۈللەيلىمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى.

— ھاماچام بوش كەلمەيدۇ، ئۇنى خام چاغلىماڭلار. توغرۇلبەگكە تەگ كېلەلمىسە، بىر ئوردۇنى باشقۇرالاتتىمۇ؟ — سۇتۇق بۇغراخان گۈللەيلىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇ ياش چاغلىرىدىكى ئىش، بالام. ئەمدى ئوردۇ ئىشىنى

قوندۇزغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ۋاي، سىلىنىڭ پاراڭلىرىڭلارنى بۇلۇۋەتتىمۇ دەيمەن، كىرىپ كېتەي، — ئۇ تۇرۇپ ئىشىك باقما ماڭدى ۋە توغرۇلغا قاراپ، — ئۆزلىرى چاغلاپ گەپ قىلسىلا جۇمۇ، ئۆيدە يوغان گەپ قىلغان بىلەن، بۇ يەردە قىلالمايسىلا. پاشا بالام بار.

— ۋاي تۇۋا قىلدىم. مىڭ تۇۋا، — دېدى توغرۇلبەگ قولىنى چېكىسىگىچە كۆتۈرۈپ قويۇپ.

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلۈشتى. گۈللەيلىمۇ كۈلگىنىچە ئىچكىرى كىرىپ كەتتى.

— توغرۇل ئاكامۇ ئوبدان كەلدى، — سۆز باشلىدى بۇغراخان، — ھېلىقى ئىشنى مەسلىھەتلىشىپ پۈتۈشۈۋالساق دەيمەن، ئىشقا بايتاشنى جىقراق مەسئۇل قىلىپ، مەن جىقراق ئارام ئالمىسام بولمىغۇدەك.

— ئىككىمىز بۇ ئىشنى جىق ئويلاشتۇق، بۇ كىشى غەيرىتىدىن يانمايدۇ، بىراق تەن سالامەتلىكى راستىنلا بوشاپ قالدى. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم بايتاش ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەرمۇ؟ — ئايدىڭ دوستلارغا بىر قارىۋېلىپ داۋام قىلدى، — يارانلار بارغۇ؟، يالغۇز ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە ئابروي دېگەن گەپمۇ بار.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى جىق ئويلىدىم، — دېدى ئىلىك ئويچان، — ئەل ئۈچۈن خاننىڭ سالامەتلىكى مۇھىم، خان ئوغۇل بايتاش ئوردۇ ئىشىغا مەسئۇل بولسا بولىدۇ. بىراق سۇتۇق بۇغراخان ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرمىسا بولمايدۇ. خان ئوغۇل بىكەچ بايتاش تېكىن يۈكىنىڭ جىقىنى كۆتۈرسۇن. خان جىقراق دەم ئېلىپ، ئەلنىڭ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا يېتەكچىلىك قىلىپ بەرسە،

ئىشىمىز ئېھتىمۇ ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا مەن، خان ئوغۇل بىكەچ بايتاش تېكىن خانلىققا ئولتۇرغىنى تۈزۈك دەيمەن،

— ئۇستازنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق — دېدى ئالىپ ئارسلان قوشۇمچە قىلىپ، — ئابروي دېسەك، بىكەچ بايتاش تېكىننىڭ ئابرويى بار. ئۇ خان ئوغۇل - دە! چوڭ ئابرويلۇق خانىمىز يەنە ئالىپ يېتەكچى بولغاندىن كېيىن گەپ يوق.

— بىكەچ بايتاش تېكىننىڭ چېرىكلەر، چېرىكباشچىلىرى ئارىسىدا ئابرويى يۇقىرى، — توغرۇل قوشۇمچە قىلدى، — ئۇ چېرىك ماھارىتىنى ئوبدان ئۆگىنىپلا قالماي، چېرىكلەر، چېرىكباشچىلىرى بىلەنمۇ يېقىن دوست بولۇشۇپ كەتتى.

— ياخشى پىكىرلەر، — دەپ قوشۇلدى يۇلتۇز، — بىكەچ ئىدراكلىق، چەبدەس ئادەم بولۇپ يېتىشتى. يەنە ياردەمچىسى بىكەچ تونغانىمۇ بار. چوڭ ئىشلاردا خان يۆلەكتە بولمامدۇ؟ خاننىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، ئەلگە جىقراق تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن بالىلارغا كۆپرەك يۈك ئارتقان ياخشى.

دوستلار بۇ ئىش ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئاخىرى بىر ئېغىزدىن "خان ئوغۇل بىكەچ بايتاش تېكىننى ئوردۇ ئىشىغا مەسئۇل قىلىش، تونغانغا خان جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇنۋان تۇزۇمى بويىچە ئۈستۈرۈپ ئىلىك ئۇنۋانى بېرىش[1]، سۇتۇق بۇغراخان ۋاقىت چىقىرىپ دەم ئالغاچ ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش" دېگەن قارارغا كېلىشتى...

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىكەچ بايتاش تېكىن

---

① تونغان ئىلىكنىڭ ئىسلامى ئىسمى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇل كېرىم.

بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن خانلىققا باش بولىدى ۋە تۇنجى ئوردۇ كېڭەشمىسىنىڭ مەجلىسىنى ئاچتى. ئالدىنقى كېڭەشمىدە بۇغراخان ئۆز پىكرىنى ئېيتقان.

خان ئۇغۇل بايتاش بۇغراخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بۈگۈن ئوردۇ كېڭەشمىسى ئېچىلدى. بايتاش بۇغراخاندا ئازراق ھاياجانلىنىشتەك كەيپىيات بار ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم كېڭەشمە مەجلىسىنى باش- قۇرۇۋاتىدۇ، ئەمەسمۇ. بىكەچ بايتاش تېكىن دادىسى ۋە "ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسى"نىڭ پىكرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىسلامى ئېتى بولغان مۇسا ئىبنى ئابدۇل كېرىم بۇغرا قاراخان① نامىدا چاقىرغان بۇ كېڭەشمىگە روھىي جەھەتتىن خېلى تەييارلىق قىلدى. ئۇ تەخت سارايغا كىرگەندە، ئولچى-ئەربابلار زور ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. مۇسا بۇغراخان ئۆزىمۇ سەزمىگەن مەغرۇرلۇق بىلەن ئىككى قاتار تۇرغان ئوردۇ ئەربابلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ بىرپەس جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى ئېلىك ئۇستازنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. مەنىلىك چوڭقۇر بولاق كۆز ئۇنىڭغا ئاشۇ بىرنەچچە تىنىق ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرەتتى. ئۇ گويا "ئېشەلچىلىك بول، يۈرەكلىك بول، ئەلنى ئۇنۇتما، كەمتەر بول..." دەپ مەدەت بېرەتتى. خان "خاتىرجەم بولسىلا ئۇستازىم" دېدى كۆڭلىدە ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ مەجلىسنى ئاچتى.

---

① مۇسا ئىبنى ئابدۇل كېرىم دادىسى سۇتۇقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنى ئارسلان قاراخان دەپ ئاتىغان.

— بۇگۈنكى كېڭەشىمىز يەنە ئىلگىرىكى كېڭەشىمىزنىڭ داۋامى، — دېدى ئۇ خانلارغا خاس مەغرۇر ئاھاڭدا. بىراق، ئۇنىڭ بېشىدىن «دادام بۇنداق سۆزلىمەيتتىغۇ» دېگەن خىيال ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ سۆزىنى سەل مۇلايىملاشتۇرۇپ داۋام قىلدى، — دادامنىڭ پىكرى بويىچە بۈگۈنكى مەجلىستە ئۈچ ئىش ئۈستىدە كېڭەشمەكچىمىز. بىرى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇرانى. بىرى قۇرۇلتاي چاقىرىش. يەنە بىرى، ئوردۇ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە بەزى ئالماش-تۇرۇشلار قىلىش.

مۇسا بۇغرا قاراخان يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى. دۆلەت ئۇرانى — يەنە ئىلگىرىكى بىرلىك، بىلىگ، پاراۋانلىق، قوغدىنىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلىك بىلەن بىلىگنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش لازىملىقىنى سۆزلىدى ۋە بۇ توغرىدا ئالاھىدە توختالدى.

— دادام: «بىلىگسىز ئەل قۇت تاپالمايدۇ» دېدى. ئىلىك ئۇستاز «دۆلەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىرلىكتىدە» دېدى. پەك توغرا، بىز بۇ سۆزلەرگە ئەمەل قىلمىقىمىز كېرەك — دېدى ئۇ ئاندىن، بىلىگ ئاقارتىش ئىشلىرىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش، بىرلىكنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن چېلىشىش، ئەل بىرلىكىنى بۇزىدىغان، بىلىگ ئىشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارغا دەككە بېرىش توغرىسىدا سۆزلىدى.

كېڭەشىمىدە تالاش بولمىدى. ئۇلىچى-ئەربابلار مۇسا بۇغرا قاراخاننىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. قۇرۇلتاي بۇ يىل يازدا ئېچىلماقچى بولدى. خىزمەتكە، يېڭى ئىشقا يېڭى ئادەملەرنى تەيىنلەش ماقۇللاندى...

## ئىككىنچى باب

# ئوۋ سالغۇچىلار سۆھبىتى

سۇتۇق بۇغراخان مۇسا بۇغرا قاراخاننى ئالدىغا چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، يۈكى يەڭگىلەپ قالغاندەك قىلدى. پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ ياتىدىغان، جىقراق ئارام ئالىدىغان بولدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىنى نەۋرە-چەۋرىلەر بىلەن ئويناش، باربىتچى ئانىنىڭ ۋە باشقا ئۇستاز سازچىلارنىڭ سازلىرىنى، دائىملىق قوشۇقچىلارنىڭ قوشۇقلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. دەريا بويلىرىدا، كۆكۆلا-مەيدانلاردا، باغلاردا سەيلە قىلاتتى. بىر قېتىم ئايدىڭ بىلەن ئاتۇشقا بېرىپ ئەتىيازنىڭ ياخشى ھىدلىق قوينىدا ساياھەت قىلىپ كەلدى. بۇ يىل يازدا يايلاققا چىقىپ دەم ئېلىپ كەلمەكچى. چۈنكى، قوزا، قېمىز، تاغ سەيلىسىنى سېغىنىپ قالدى. يايلاققا چىققاندا، ئادىتى قوزغىلىپ قالسا، يۇقىرى چىقىپ ئوۋ قىلىشىمۇ مۇمكىن. يېقىندىن بۇيان ئۇيقۇسى جايىدا بولۇپ قالايمىقان چۈشنى ئاز كۆرىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئوۋ چۈشلىرى كۆپىيىپ، ئۇنى سېغىندۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاھ، بۇغا، ئېيىق، ئارقار... ئوۋلاش ئېمىدېگەن كۆڭۈللۈك!

ئايدىڭ خانىنىڭ دەم ئېلىشىغا لايىق ھەممە شارائىتلارنى تەييارلاپ بېرەتتى. ئىش بىلەن كەلگەنلەرنى چەكلەيتتى. ھال سوراپ كەلگەنلەرگە ئىش توغرىسىدا سۆز ئاچماسلىقنى تاپىلايتتى. لېكىن،

ئۇلار ئىختىيارسىزلا ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىپ كېتەتتى. يارانلار كەلگەندە ئەل ئىشى توغرىسىدا گەپ قىلماسلىق قائىداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! بۈگۈن كەچقۇرۇن ئىلىك ئۇستاز كەلگەندە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن خانىش ئايدىڭ بىر يىل كۆرۈشمىگەندەك سېغىنىش بىلەن قارشى ئالدى.

— كېلىڭ دوستۇم، — دېدى بۇغراخان سەممىي كۈلۈمسىرەپ، — كېلىپ تۇرۇڭ، سېغىنىپ قالدىكەن كىشى.

— ھە، مېنىڭ ھەر كۈنى كەلگىم بار. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ قېلىپ كېلەلمىدىم. قانداق، ياخشى ئارام ئېلىپ قالدىمۇ؟

— رەھمەت، ياخشى. بىراق، تەن ئارام ئالغان بىلەن باش دەم ئالمايدىكەن.

— ياق، بۇ بولمايتۇ. مۇھىمى باشنى دەم ئالدۇرۇش كېرەك ئىدى. بۈگۈن ھەرگىز ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەيمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ خانىش؟

— شۇنداق، شۇنداق. ھەممىسى كېلىپلا شۇنداق دەيدۇ، نەدىكىنى؟ ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغىلى بولمايدىكەن. چوڭ ئىشلار بولسىغۇ ئىلاجىڭ يوق.

— بۈگۈن چوڭراقىنىمۇ سۆزلەشمەيمىز، بولامدۇ؟

— ھاياتلىقنىڭ ھەممە ئىشى چوڭ ئىش، — دېدى سۇتۇق، — نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ياشايسەن؟ ئەل ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇشۇڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇلار چوڭ ئىش ئەمەسمۇ! كىچىك ئىشلار گۆدەكلىك، بالىلىق ۋاقىتلاردا تۈگەپ بولغان. شۇ ۋاقىتلاردىمۇ كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىش تۇغۇلاتتى. ھېلىقى

باللىق ۋاقىتلىرىمىزدا ئوقۇلدا ساۋۇق بىلەن ئۇرۇشقانلىرىمىزنى دەك. شۇ كۈنكى ئېيتقان قوشۇغلار يادىڭىزدا باردۇ، دوستۇم؟

— بولمايچۇ؟ گۆدەكلىك ئۈمىتلۇلۇشلىرىمىز كېيىنكى چوڭ ئىشلارنىڭ تۆرەلمىسى ئىكەن، بايام سىزنىڭ بالادىنمۇ قورقمايدىغان باتۇرلۇقىڭىز بىزگە مەدەت بېرەتتى.

— راستىنلا قورقمايدىكەنمىز، — دېدى ئايدىڭ، — ھېلقى ئۇۋغا چىققاندا، چەتتىن كەلگەن ياغى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتكىنىمىزنى دېمەمدىغان! كېيىن ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ. سۇتۇقنىڭ باتۇرلۇقى بولمىسا بىز ئۇ ئوتقا كىرەلمەيتتۇق. بىراق دوستلار بولمىسا بىر كىشىنىڭ بارلىقى بىر كىشىلىك بولىدۇ-دە!

— توغرا گەپ، — دېدى سۇتۇق كۈلۈپ، — يالغۇز قارىغاي قانچە ئېگىز ئۆسسىمۇ ئورمان بولالمايدۇ. راست گەپ قىلدىڭىز ئىلىك. گۆدەكلىكىمىز ئادەم بولغىنىمىزنىڭ تۆرەلمىسى ئىكەن. بۇ تۆرەلمە "ئادەم" كەلگۈسىدىن چوڭ ئۈمىتلەر كۈتۈپ قالغانىدى. بىز ئۇلارغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك.

مۇسا بۇغرا قاراخان كىرىپ دادىسى بىلەن ئانىسىغا سالام بېرىپ ئولتۇردى. ئىلىك قوپۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— توغرا گەپ. ئادەم گۆدەكلىكىنىڭ ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك، — سۆزىنى داۋام قىلدى ئىلىك، — ئەلنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش كېرەك. ئۆز ۋىجدانىغىمۇ جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. توغرا، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقىي ئادەم، مەنىلىك ئادەم بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ مەنىسى — ئۇنىڭ بارلىقىنى ئەلگە بېغىشلىغان ئىرادىسىدە. مەنىسىز ئادەم ئەلگە پايدىسىز بىر مەخلۇق، خالاس.

— بىزنىڭ مەنىمىز قانچىلىك بولغاندۇ ئۇستاز؟ — قىزىقىپ سورىدى ئايدىڭ.

— بۇنى ئەلنىڭ تارازىسى ئۆلچەيدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەنىمىز ئانچە تۆۋەن ئەمەسكە ئوخشايدۇ. بىراق، ئەلنىڭ ئارزۇسىدىن قارىغاندا، مەنىمىزگە ئازراق تۇز قوشۇشىمىز كېرەك ئوخشايدۇ، — ئىلىك كۈلۈمسىرەپ دوستىغا قارىدى.

— توغرا، — دېدى سۇتۇق، — بۇ تۇزنى يەنە ئەلدىن ئالىمىز. ئەل تۇزنى بىكارغا بەرمەيدۇ.

— "ئېلىڭنىڭ تۇزىنى يېگەيسەن ھالال، تۇزچىنىڭ ئالدىدا بولمىغىن مالال" شۇنداقمىدى ئۇستاز؟ بۇ سىزنىڭ قوشۇغىڭىز ئەمەسمۇ؟ — ئايدىڭ كۈلۈپ ئىلىككە قارىدى.

— شۇنداق، ھەممىمىز ئەل ئالدىدا ھېساب بېرىشىمىز كېرەك. ھېساب بەرگەندە مالال بولۇپ قالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەن مالال بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلمەن. قۇرۇق گېپىم جىق، قىلغان ئىشىم بەك ئاز.

— ئۇنداق ئەمەس دوستۇم. بولۇپمۇ سىزنىڭ بىلىگ ئاقارتىش ئىشلىرىدا، تەتۈر كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئەلگە قوشقان تۆھپىڭىز ئۇنتۇلغۇسىز، مالال بولمايسىز.

— ئاشۇرۇۋەتتىلە. ھە، راست، يەنە شۇ بىلىگ ئۈستىدە ئېيتماقچى ئىدىم، بىلىگ يۇرتىنىڭ نامىنى سىزنىڭ تەكلىپىڭىز بويىچە "ساجىيە مەدرىسىسى" دەپ ئۆزگەرتتۇق. بىلىگ يۇرتىمىز ئەمدى نامىغا لايىق ئۇلگە، بەلكى ئېلىمىزدىن ھالقىپ باشقا ئەللەرگە نۇر چېچىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئادەمگەرچىلىكىمىزنىڭمۇ، ئۆمرىمىزنىڭمۇ مەنىسى ياخشىراق بولىدۇ. مەن بۇ ئىشقا يەنە

جىقراق كۈچ قوشالاق دەيمەن.

— بەك ياخشى، ياخشى پىكىر ئۇستاز. سىز ئېيتىڭ، سۆزلەڭ، چېلىشاڭ. مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن سىزنى قوللايمەن.

— تولا ئوبدان گەپ، ئۇستاز، — دېدى تەسىرلىنىپ ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخان، — زامانىمىزدا ئەلنىڭ يۇقىرى بىلىكى ئۈچۈن بىر مەزمۇتراق ئۇل سېلىۋالساق، بىزنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ ئۆتكۈل، پۈتكۈل خاندانلىقىمىزنىڭمۇ مەنىسى بولىدۇ، بىر ئۇل سالغۇچىلار، ئۇرۇق چاچقۇچىلاردىن بولايلىق.

خانىش ئايدىڭ ئوغلىغا زوقلىنىپ سەپالدى، كېيىن "قانداق" دېگەندەك سۈتۈققا قارىدى.

— ھە، گېپىڭ توغرۇلۇق ئوغلۇم، — دېدى سۈتۈق بۇغراخان كۈلۈمسىرەپ ئوغلىغا قاراپ، — ئېلىمىزگە چەبدەس تامچىلار، سەزگۈر ئۇرۇقچىلار كېرەك. زامانىمىزدا ئۆتكۈل، كەلگۈسى زامانلاردىمۇ ئاشۇنداق چەبدەس سەزگۈر ئەۋلادلار جىقراق چىقسا، بىز بوۋاي، مومايلارنىڭ روھى خاتىرجەم بولىدۇ، — ئۇ ئېلىك ۋە ئايدىڭغا قاراپ قويدى. ئۇلار سۈتۈق بۇغراخاننىڭ سۆزىگە رازى بولۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

— كۆچەتنىڭ يىلتىزى چىڭ بولسا، مېۋىسى مول بولىدۇ، — دېدى ئېلىك مۇسا بۇغرا قاراخانغا قاراپ قويۇپ، — بىزنىڭ روھىمىز خاتىرجەم بولغۇسى. بىراق، يىلتىزنى قۇرۇتتىن ئاسراش كېرەك. خوپ، ئەسلى سۆزگە قايتىپ كېلەيلى. مەدرىسىمىزنى نۇرلاندۇرايلۇق، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مەدرىس بولسۇن دېمەكچىمەن.

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىمىز سىزدە، — دېدى سۈتۈق بۇغراخان دوستىغا قاراپ.

ئاندىن ئۇستاز ئۆزىنىڭ بىلىك-ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئۇلغايتىش رېجىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە، "ساجىيە" مەدرىسىسى كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇشى، تالىپلار كۆپەيتىلىشى، دەرسلەر قوشۇلۇشى كېرەك. ھېسابتىن ئالجەبىر قوشۇلۇشى، يەنە ئىلمى نۇجۇم، تىبابەتچىلىك، ئىلمى مەنتىق دەرسلىرى كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. مەدرىس ئۆزى ئۈچۈن، قەشقەر ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەلگە ئالىملارنى تەييارلاپ بېرىدىغان بولسۇن. بۇنىڭدىن باشقا ئىلكخانىلىقلار، خانلىقلاردا، ئايماقلاردا، ھەتتا يېزا-كەنتلەرگىچە ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئوقۇللارنى كۆپەيتىش كېرەك.

ئىلكىنىڭ سۆزىنى ئۇلار بەك دىققەت بىلەن ئاڭلاشتى.

— بۇ ياخشى پىكىر، بىز چوقۇم سىز ئېيتقاندەك قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى مۇسا بۇغرا قاراخان جانلىنىپ، — تەتۈر كۈچلەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە ئەزىم مەدرىسىگە ئوخشاش تەتۈر مەدرىسلەرنى تاقاش كېرەك، سۇيىقەستچى روھانىلاردىن ۋە تەتۈر ھەرىكەتچى ئىشانلاردىن بىرمۇنچىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك، بۇلار يولىمىزدىكى پۈتلىكاشاڭ.

— بۇ ئىشلاردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇستاز، — يول ئېگىز-پەس، ھاۋا بوران-چاپقۇنلۇق بولىدۇ. ئوڭ بىلەن تەتۈرنىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ چېلىشىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا كۈرەش بولمايدۇ. كۈرەش بولمىسا ئالغا بېسىش بولمايدۇ. تەتۈرلەرنىڭ، يامانلارنىڭ بولغىنى يامان ئىش ئەمەس. تاقاش، ئەدىپىنى بېرىش ئاسان ئىش. لېكىن كاشىلا بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. بەلكى تېخىمۇ چوڭ كاشىلا كېلىپ چىقىدۇ. بىز ھەقنى، ئادالەتنى، ئەركىنلىكنى كۈچەيتىپ ئۆگىتەيلۇك. خەلق ھەق بىلەن

ناھەقنىڭ پەرقىنى بىلسۇن، شۇ ۋاقىتتا يامانلارنى خەلق يۈلىمەيدۇ، بەلكى قارشى بولىدۇ. بىز خەلق تەرەپتە تۇرسىمىز، كاشىلا ئاجىزلايدۇ، يوقىلىدۇ. بىز سەگەكلىك بىلەن، قەتئىي، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

— ئۇستازىڭىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى يادىڭىزدا چىڭ تۇتقىن ئوغلۇم، — سۇتۇق بۇغراخان نەسىھەت ئاھاڭىدا سۆزلىدى، — بىز باشتىلا ئاۋۋال بىلگە تېكىن ئۇستازنىڭ، ئاندىن ئىلىك ئۇستازنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئاشۇنداق چېلىشىپ كەلدۇق. شۇڭا ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەلدى.

ئايدىڭ "راست دەيدۇ" دېگەندەك ئوغلىغا قاراپ قويدى.

— دادامنىڭ، ئۇستازنىڭ سۆزلىرى بەك ئورۇنلۇق، — دېدى مۇسا بۇغرا قاراخان، — مەن تامامەن قوشۇلىمەن.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ئايدىڭ ۋە تاماق كۆتۈرۈپ چىققان قىزغا قاراپ ئالدىدىكى پەس شىرەنى تۈزەتتۈردى، — ئۇستاز، بولار كىچىك ئىشلار بولسا كېرەك. بولدى، چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ توختىتايلۇق. ھازىرقى ئىش — تاماق يېيىش.

— ئۆزلىرىمۇ خانىش، بۇ چوڭ ئىشلار سۆھبىتىدىن چەتتە قالمىدىلىغۇ؟ — دېدى ئىلىك چاقچاق ئارىلاش.

— گەپ دەڭا، ئۆزى ئىشتىن سۆزلەشمەيلى، دەيدۇ، قاراپ تۇرسام چوڭ گەپلەرنى ئۆزى باشلايدۇ، — سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭغا قاراپ كۈلدى.

— ئەمدى بولدى. ھازىرقى گەپ "بىسمىللا"، تاماققا قول كەتتى، — دېدى ئايدىڭ شىرەگە قويۇلغان پولۇنى كۆرسىتىپ.

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن ئاش يېيىشتى. ئارىلاپ چاقچاق سۆزلەردىن باشقا گەپلەر بولمىدى.

## ئۈچىنچى باب

# نورۇز بايرىمى

بۈگۈن بەشىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ــ باھار بايرىمى. تارىغچىلار ئادەتتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن بىر ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈن بەشىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا بىرەر جايغا توپلىنىپ سەيلە-تاماشە قىلاتتى. ئەسلىدە بۇ تارىغچىلارنىڭ بايرىمى ئىدى. ئۇنىڭدا ھەر خىل مىللىي ئويۇنلار بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ياشلارنىڭ پائالىيىتى كۆچىيىپ، چوڭلارمۇ جىقراق قاتنىشىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر مىللىي بايرامغا ئايلىنىپ قالدى. كېيىنرەك "نورۇز بايرىمى" دەپ ئاتالدى.

قەشقەر يەنە بىر قېتىم بېزەندى. بۈگۈنكىسى باشقا بېزىنىشلەرگە ئوخشىمايتتى. تالىپلاردىن تارتىپ مەھەللە ئوقۇل بالىلىرىغىچە بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئالاھىدە تەييارلاندى. ئاتا-ئانىلىرى كىيىم-كېچەك تەييارلىشى، بالىلار ھەرقايسىسى بىر ياكى بىرنەچچە كۆپلەپتىن قوشۇغ تەييارلىشى كېرەك. بۇ قوشۇغنى ئۆزى يېزىشى كېرەك، زادى بولمىغاندا باشقا كىشى يېزىپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇنداق بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندىن باشقا، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە بۇ بىر ئىزا تارتىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى قوشۇغ يېزىپ چىقىش ئوقۇغۇچىلاردا ئاممىۋى سىناق شەكلىنى ئېلىپ قالغان. چوڭلارمۇ يازاتتى، يازالمىسا يادلاپ چىقاتتى، بۇنداق

سورۇنلاردا يەنە مەخسۇس سازچىلار، قوشاقچىلار ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئوغلاق، چېلىش، دار، ساعادى، توپ... ئويۇنلىرى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بايرام ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت بايرىمى بولۇپ قالغانىدى. بايرام تەييارلىقىغا يۇقىرىدىن بۇيرۇقمۇ قىلمايتتى، ھېچكىم ھەيدەكچىلىكمۇ قىلمايتتى، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئالدىراش تەييارلىق قىلاتتى.

قەشقەر بۈگۈن مانا مۇشۇ بايرامغا بېزەلگەنىدى. تەبىئەتمۇ كىشىلەردىن قېلىشماي بېزەلگەن، چېچەك-چوكانلار يېشىلگەن، ئۆرۈك چېچەكلىرى ئاياغلىشىپ، شاپتۇل، توغاچ چېچەك ئاچقان، باھارنىڭ خۇش پۇرىقى ھەممە ياقنى قاپلىغان، يىراقتىن-يۇقىرىدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھىرى گويا بىر گۈللۈك باغ كىندىكىدىكى گۈزەل بىناغا ئوخشايتتى.

ئىلىك ئۇستاز نورۇز بايرىمىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان بىلەن خانىش ئايدىڭ ھەر يىلى دېگۈدەك بايرامغا قاتنىشاتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇ ئوردۇغا بېرىپ سۇتۇق بۇغراخاننى باشلاپ بايرام مەيدانىغا ماڭدى...

ئەنە، ئۇلار قىزىل مەيدانىغا يېقىنلاشتى. سۇتۇق بۇغراخان بىر يېنىدا ئايدىڭ، بىر يېنىدا ئىلىك، ئىككى يېنىدا مۇسا بۇغراخان بىلەن چېچەن كېلىن ئاغىچا ئاتلىق كېتىپ باراتتى. ئارقىدىكى قارۇغچى چېرىكلەر توپا توزۇتماسلىق ئۈچۈن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئاۋايلاپ تارتىپ ماڭماقتا ئىدى. ئارقىدا، ئوتتۇرىدا كېتىپ بارغان قاۋۇل باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ماڭماقتا. ئۇلار چوڭ يولدىن بۇرۇلغاندا، قىزىل مەيدان كۆرۈندى. ئىككى دەريا قوالتۇقىدىكى

ئۆزۈنغا سوزۇلغان بۇ مەيدان ئادەم بىلەن تولاي دەپ قالغان، كەچ قالغان بالىلار چوڭلارنىڭ ئارىلىرىدىن سۇڭگۈپ ئۆتۈپ چاپماقتا ئىدى.

بۇغراخان مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىر پەسكە جىمىپ قالدى-دە، بىردىنلا تېخىمۇ كۈچلۈك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

— بۇغرا ئاتام كەلدى!

— ئۇلۇغ بۇغراخان ئامان! ئامان-ئامان!

بۇغراخانلار ئاتتىن چۈشۈپ ئوردۇ ئاغىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا بايرام تەنتەنىلىرىنى تاماشا قىلدى. قارۇغچى چېرىكلەر ئۇلارغا يول ئاچاتتى. ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ۋە قوشۇغچىلار، سازچىلار، چېلىشچىلار، ساغادى، دارۋازلار...نىڭ ھەممىسىنى كۆردى. كېيىن، قىقاس-سۈرەنلىك ئادەملەر توپى يېنىغا كېلىپ توختىدى. كۈتۈپ تۇرغان بىر كىشى كىشىلەرنى پوش-پوشلاپ يول ئېچىپ، بۇغراخانلارنى تىزدىلىق ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزدى. مەيدان بىر كۆتۈرۈلۈپ بېسىلدى. بۇ يەردە ئۈچىدىكى ئاختايىغا قوشۇغ يېزىلغان تاياقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالىپلار، كىچىك ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر خىل كىيىمدىكى ئادەملەر نېمىگىدۇ ئالدىراپ ئۈمىدلىنىشەتتى. بۇ يەردە قوشۇغچىلار كۆرىكى بولۇۋېتىپتۇ. ئاداش تېكىنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىرقانچە ئالىپلار ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ ئۆزلىرى يازغان قوشۇغلىرىنى ھەرىكەت بىلەن ئوقۇپ بەردى. كۆپچىلىك ئۇلارنى ئالقىشلايتتى. ئاددىيراق تارەچى كىيىمى كىيگەن، بۇرۇتى خەت تارتقان بىر بالا قىلچىلىكمۇ تەپ تارتماي جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تاياق ئۈچىدىكى ئاختىغا قاراپ ئۆزىنىڭ قوشۇغىنى ئوقۇپ بەردى:

بىلىگ ئوت يېرۇر دېدى ئۇستازىم،
بىلىگ ئولپارىدا يىراق ئۇچىمەن.
ئىلىمگە ئاتىدىم بارۇ يوقىمنى،
ئەل ئىلەن قوياشنىڭ نۇرىن قۇچىمەن.

ئەل - ئانام پەيلەپ باقتى مېنى،
تۇزىنى ياندۇرماق مېنىڭ ئارمانىم.
بىلىگدىن قايرىلماس قاناتلار ياساپ،
ئۇچمەن توختىماي بولسا دەرمانىم!

كۆپچىلىك ئۇنى ئۇزاق ئالقىشلىدى.

— بۇ بالا مەدرىسىگە تېخى يۇلتۇز كىرگەن، مۇشۇنداق چاقماقتەك ئۆتكۈر بالىلار ئاز ئەمەس، — دېدى ئىلىك بۇغراخانغا.

— بەك ياخشى بالىكەن، راستىنلا چاقماق ئىكەن، — دېدى بۇغراخان.

ئاندىن چوڭلارغا نۆۋەت كەلدى. گاھىلىرى قولىدىكى تاختىغا يېزىلغان قوشۇغىلارنى ئوقۇدى. گاھىلىرى چىقىپلا يادقا ئوقۇپ بېرەتتى. بىر ۋاقىتتا تارىخچى سىياقىدىكى بىر ئادەم چىقىپ، سۇر باسىمۇ نېمە، ئەتراپقا بىر قاراپ بىر سەل توختىۋىلىپ ئاندىن باشلىدى:

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئاداشلار، مەن خەت پۈتۈشنى بىلمەيمەن. ئەمدى ”ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس“ دەپتىكەن، توخۇمۇ ئۆزىنىڭ ھىلگىنىنى چىللايدۇ. مەنمۇ بىرنېمە دەپ باقاي، — ئۇ بىر يۆتىلىۋېلىپ قوشۇغىنى ئېيتتى:

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
قارا ئاغماق قاشقىسى،
ئەل دەردىنى بىلمەيدۇ،
بۇغراخاندىن باشقىسى.

نېمە دەردى بارىكىن،
تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ.
بۇغراخان ئامان بولسا،
تارىغچىلار يايرايدۇ.

كىشىلەر ئۇنى تازا ئالقىشلىدى. بىر تارىغچى يوغان ئاۋاز بىلەن باشمادىقىنى چىقىرىپ "يارايسەن، ئوغۇل بالا!" دەپ ۋارقىرىدى، كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئەمدى باللارغا نۆۋەت كەلدى. چوڭ-كىچىك باللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ تاختىدىكى شېئىر-قوشۇغلىرىنى ئوقۇدى. تېخى ئۇنغا كىرمىگەن بىر قىز بالا قولىدىكى تاختىلىق تاياقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەزمۇت قەدەم بېسىپ چىقتى. ئۇ كىشىلەرگە بىر قارىدى-دە، قولى بىلەن ئاغزىنى بېسىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ئاداش تېكىن ئۇنى توسۇۋېلىپ بىرنېمىلەرنى دېگەندى. ئۇ يەنە بايىقىدەك مېڭىپ كېلىپ قولىدىكى تاختىغا تۈز قاراپ قوشۇغ ئوقۇدى:

مېنى كۆرسە ئويىنايدۇ،
ھۇرۇن ئالا مۇشۇكۇم.
بىر كۈن بارماي قالمايمەن،
ئوقۇل مېنىڭ بۆشۈكۈم.

مەيداندا پارقىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى، قىرچاق مېچىككە قارىماي يۇگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى.

بىرنەچچە بالىدىن كېيىن ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان ئەپچىل كىيىنگەن چىرايلىق بىر بالا چىقىپ كەلدى. ئۇ كۆزلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىن كىمنىدۇ ئاختۇراتتى.

— ۋاي بۇ بىكەچ ئەلى ئەمەسمۇ؟ — دېدى چېچەن مۇسا بۇغراخانغا.

— ھە، راستلا شۇغۇ، بۇ نېمە دەر ئەمدى؟ — دېدى مۇسا بۇغراخان. ئايدىڭ سۇتۇق بۇغراخانغا بىرنېمە دېدى-دە، ئاندىن مۇسا بىلەن چېچەنگە قاراپ كۈلۈپ بىكەچ ئەلىنى ئىملاپ قويدى. چېچەن ھەم قىزىرىپ، ھەم كۈلەتتى. ئۇنىڭدا قانداقتۇر تىنىمسىزلىق سېزىلەتتى. قانچە دېگەن بىلەن ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇزلۇقىنى قارىڭ! ئۆيدىنغۇ قوشۇغ-بېيت ئوقۇغىنىنى ئاڭلانمىغان. ئەمدى بۇ سورۇندا ئۇ نېمىمۇ دەر؟ ئەنە قارىڭ، بىكەچ ئەلى ئاتا-ئانىسىنى تېپىۋالدى. بۇ ياققا قاراپ كۆزىنى قىسىپ ھىجايدى-دە، قولىدىكى تاياقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاختىدىكى قوشۇغىنى ئوقۇدى:

ئوقۇ ئاداش بىلىگ ئال،
ئۇستازىڭغا قۇلاق سال،
بىلىگ بىلسەڭ ئاغزىڭ بال،
ئوقۇپ، بىلىپ يايرايلى.

بەسلىشەيلى قېنى كەل،
سىنىشايلى تۇتۇپ بەل،

كىم ئوقۇپتۇ بىلىگ دەل،
ساندۇلاچىدەك سايرايلى.

ئوقۇپ - ئوقۇپ تالمايمىز،
ھۇرۇن بولۇپ قالمايمىز،
ھېچكىمگە قول سالمايمىز،
ئاق - قارىنى ئايرايلى.

كىشىلەر بىكەچ ئەلىنى قىزغىن ئالقىشلىدى. ئۇ خان بوۋىسى، خان مومىسى، خان دادىسى، خان ئانىسى ياققا قاراپ كۈلدى ۋە كۆپچىلىككە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، پۇتلىرىنى ئېگىز ئېلىپ، مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇر كىرىپ كەتتى. سورۇندىكى ئادەملەر ئۇنى ئۇزاق ئالقىشلىدى. چېچەنىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. «ئۇھا!» — دېدى ئۇ، ئەلىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرغان قولىنى بوشىتىپ. ئاندىن سۇتۇق بۇغراخانغا ۋە ئايدىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇغراخان، ئايدىڭ، ئېلىك بىلەن كۈلۈشۈپ بىر نېمىلەرنى سۆزلەشتى. قارىماققا ئۇلار بىكەچ ئەلىدىن رازى بولغانغا ئوخشايتتى.

ئەمدى سورۇندا ساز ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ناغرا - سۇناي ئۇسۇل پەدىسىگە ياڭرىدى. چوڭ - كىچىك، ئەر - خاتۇن، بىر - بىرىنى تارتىشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. سازچىلارنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ ياشلار سازغا تەڭكەش بولۇپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇسۇلچىلار تىنىما-تىنىماق بولۇشقا قارىماي بىر - بىرىگە تەگمەي، سوۋالماي چاققان ئويناتتى. ساز ئەۋجىگە ئالدى، ئۇسۇل قايناپ كەتتى...

* * *

سۇتۇق بۇغراخان ئوغلى مۇسا ئىبنى ئابدۇل كېرىم بۇغرا قاراخان

بولغاندىن كېيىنكى چاقىرىلغان قۇرۇلتاينى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئاتۇشقا كېلىپ قەدىم جايىدا دەم ئالدى. ئارىلىقتا بىر ھەپتە ئاتقا چىقىپ يايلاقنىڭ يازلىق گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ، قىمىز ئىچىپ ياتتى.

ئۇ قۇرۇلتاينىڭ ياخشى ئۆتكەنلىكىدىن رازى ئىدى. دېمىسىمۇ قۇرۇلتاي ئالدىنقى قېتىمدىكىدىن ياخشىراق ئۆتتى. مۇھىمى، ئەلنىڭ بىرلىكى كۈچەيتىلدى. قارا قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇت خانى، ماچىن خانى شىرخان قۇرۇلتايغا ئۆزلىرى كېلىپ قاتناشتى. ئۇلار قاراخانىلار خاندانلىقىغا ئۇيۇشۇپ، بىرلىكتە ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىرىق بەش يىللىق خانلىق مەزگىلىدە قىلغان ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ماختىدى. بولۇپمۇ، ئۆزى باش بولغان غەربكە يۈرۈشتە غالىبىيەت قازىنىپ، ئۇ ياقلاردىكى تۈرك قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇپ، دۆلەتنى ئۇلغايتقانلىقىنى، ئەلدە ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئالاھىدە ئاتاپ، ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىدى. ئۇلار سۇتۇق بۇغراخاننى "ئۇيغۇر ئېلىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئۇلۇغ قاراخان، ئەلگە قۇتاتقان ئۇلۇغ بۇغراخان" دەپ ماختىدى. قۇرۇلتاي مۇسا بۇغراخاننىڭ خانلىقىنى قوللاش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئەل ئۈمىدىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

قۇرۇلتاي ئۇتۇقلۇق ئۆتتى. يەنە، ئېلىنىڭ ئۇستازىنىڭ بىلىگ-ئاقارتىش ئىشلىرىنى مۇسا بۇغرا قاراخان ياخشى ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كەلگەنىدى.

بۈگۈن ئازنا كۈنى سۇتۇق بۇغراخان مەشھەد چوڭ مەسچىتىگە

بىرىپ ناماز ئوقۇدى، جامائەتنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقىتلاردىكىدەكمۇ سەممىي ھۆرمەت قىلغانلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈردى. "ئەلنىڭ ھۆرمىتى — ئەڭ يۇقىرى ئارتۇق" دەپ ئويلىدى كۆڭلى تولغان خۇشال ھېسسىيات بىلەن. ئۇ دوستلىرى ۋە قاۋۇل باشلىق قارىغىلار بىلەن، مەسچىدنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقتا ئۆتتى. ئۇ يەردە تۇرغۇن چوڭ-كىچىك قەبرىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئاددىي قىلىپلا پىششىق خىشتىن كۆتۈرۈلگەن گۈمبەز يېنىدا توختىدى. ئۇلار گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ يۇقىرىدىكى كىچىك پەنجىرىدىن كىرىپ تۇرغان يورۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى قەبرە ئالدىدا توختاپ يۈكۈندى. مەسچىدتىن بىللە كىرگەن بىرسى قۇرئان-تىلاۋەت قىلدى. دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ قەبرىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىدا چوڭ-كىچىك ئىككى قەبرە بولۇپ، چوڭراقى دادىسى بازىرخاننىڭ، يېنىدىكى كىچىكرەكى ئانىسى تەركىن بېگىمنىڭ قەبرىسى ئىدى. دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر قەبرىگە لايىق بوش جاي تۇراتتى. بۇ جاي ئانىسىنىڭ يېكرى بىلەن بوش قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ھېچكىمگە ئېيتمىغان، ھېچكىممۇ سورىمىغان، ئۆز ۋاقتىدا سۇتۇقمۇ ئۇنچىقمىغانىدى، چۈنكى بۇ بوش جاي كىمگە قالدۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشسىمۇ باشقىلار بىلىپ تۇراتتى. سۆزسىز ئىپادىلەنگەن بۇ ھاياجانلىق كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى سەزدۈرۈپ تۇراتتى. سۇتۇق بۇغراخان چەتتىكى بىر قەبرە ئالدىغا كېلىپ دۇئا قىلدى. بۇ، ئۇنىڭ دىنىي پېشۋاسى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ قەبرىسى ئىدى. چوڭ قەبرە ئارقىسىدىكى ئۇنىڭدىن چوڭراق

ئەيرە يېنىغا كېلىپ دۇئا قىلدى. بۇ ئۇنىڭ تەربىيىچىسى، غەمخورى باتۇر ئاغىسىنىڭ قەبرىسى ئىدى. بۇغراخان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلدى.

سۇتۇق بۇغراخان چوڭ ھويلىسىنىڭ بېغىدا — كۆل بويىدىكى بوستانلىقتا ئولتۇرۇپ كۆلنىڭ سۈزۈك سۈيىگە قارىغىنىچە ئۇزاققىچە جىمجىت خىيال سۈردى. كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلدا، كۆلنىڭ ئۇ ياقىدا پىشقان ئۈزۈم شىڭگىللىرى ساڭگىلاپ تۇرغان باراڭغا، كېيىن، كۆلنىڭ ئىككى ياقىدىكى گۈلزارلىققا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلزارلىق ئۈستىدە توختاپ قالدى. شۇ تاپتا گۈللەر ئارىسىدىن دادىسى بىلەن ئانىسى كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلگەندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ئوغلىغا قاراپ بىرپەس تۇردى-دە، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوڭ ياقتىكى گۈلزارلىق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. ئانىسىنىڭ سىماسى كېيىنرەك غايىب بولدى. ئۇنىڭ سەممىي سىياقىدىن ئوغلىغا بولغان رازىلىقى بىلىنگەندەك بولدى. لېكىن يەنە قانداقتۇر خاپىلىقى باردەكمۇ قىلاتتى. ئاندىن كېيىن، بېشىدىن تارتىپ ئايىغىچە ئاق رەخت بىلەن ئورالغان ئەبۇ نەسىر سامانى پەيدا بولدى. ئۇ سۇتۇق بۇغراخانغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى-دە، ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. گۈلزارلىقتا چىرىكچە چىرايلىق كىيىنگەن، بويىنىغا قىلىچ ئاسقان، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىنى ياپقان باتۇرتاغا ئاق ئارغىماققا مىنىپ پەيدا بولدى. ئۇ يەر ئاستىدىن چىقىپ كەلگەندەك قىلدى، گۈگۈم تۇتەكلەر تارقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەيەر قىياپىتى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ سۇتۇق بۇغراخانغا قاراپ كۈلۈپ ئازراق تۇردى-دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرگەنچە قاناتلىق ئات بىلەن يانتۇ ئۇچۇپ

كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى...

سۇتۇق بۇغراخان چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئەسىدى گۈلزارلىقتا گۈللەردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. لېكىن سۇتۇق بۇغراخان ھامان شۇ جايغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى.

قىزىق ئىش، ئاتا-ئانىسىنىڭ، پىر-ئۇستازىنىڭ روھلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندىمۇ، يا؟ ھە، بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇلارنىڭ روھلىرى، ئوغلىغا، شاگىرتىغا مەدەت بەرگىلى كەلدى بولغاي. ئىراق ئاتىنىڭ سىياقىدا ئازراق ئەندىشە باردەك قىلامدۇ، قانداق؟! ئاغا بولسا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى تەنتەنە قىلدى، يەنە قىلىچىنى چىقىرىپ ئۆچۈپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ "ئوتتۇرا يولدىن توختاپ قالما" دېگەن بىشارىتى بولسا كېرەك... رازىلىق، ئەندىشە، دۇئا، ئۈمىد... مەدەت بار. لېكىن، تەلەپمۇ بار. كەمتەر بول سۇتۇق، ماختىنىدىغان يولۇڭ يوق. ئاتا-ئاناڭنىڭ، ئۇستازلىرىڭنىڭ روھىنى خۇش قىلىشىڭ، ئەلنى تولۇق رازى قىلىشىڭ كېرەك. ئالغا باس...

"قەيەردە؟"، "باغدا" دېگەن ئاۋازلار سۇتۇقنىڭ ئويىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ بۇرىلىپ ئالىپ ئارسلان بىلەن ئالىپ سۇباشى توغرۇلبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

سۇتۇق بۇغراخان ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئۆزئارا ئامانلاشقاندىن كېيىن سورىدى:

— بىرەر يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەنگە ئوخشىمامسىلەر؟

— شۇنداق، كىچىك يېڭىلىق ئەمەس، — دېدى ئارسلان، — كۈنپېتىش ئۇلۇسلىرىدىن ۋەكىللەر كەلدى. باشلىقلىرى خوجا ئابدۇللا تۈركى بىلەن خوجا ئەبۇ بەكرى شاشى دېگەن كىشىلەر ئىكەن. يەنە قىرىق-ئەللىك ئادەم بار.

— مەقسەتلىرى نېمە ئىكەن؟

— ياردەم سوراپ كەپتۇ.

— ھە، ياردەم؟ ئۇ يەرلەردە ئىشى چاتاق ئىكەن-دە؟

— ھە، شۇنداق ئىكەن. چاتاق بولغاندىمۇ ئازا چوڭ چاتاق چىقىپتۇ.

ئالىپ ئارسلان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ۋەكىللەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەرەپلەرگە بېسىپ كەلگەن سانانى چېرىكنىڭ باشى ئەبۇ ئىبراھىم سەردار قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئاۋال ئىككى دەريا ئارىلىقىنى، ئاندىن سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى تارتىۋاپتۇ. يېقىنقى بىر نەچچە ئايدىن بېرى يەنە ئۇلار شاش، مەرغىلان، قوقەنت تەرەپلەرگە باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىكەن. ئۇلار ھەممە يەردە خەلقنى بۇلاپ-تالايدىكەن، باشلىقلارنى ئۆلتۈرىدىكەن، بۇغراخان بەلگىلەپ قايتقان باشلىقلارنى تۇتقان يېرىدىلا ئۆلتۈرىدىكەن. سەمەرقەنت، قوقەنتتىكى چېرىكباشلىرى چېرىكلەرنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. ھازىر نەمەنگان، ئۆزگەن تەرەپلەر خەۋپ ئاستىدا ئىكەن. ۋەكىللەر سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ خەلقنى ئازاد قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. ۋەكىللەرنى سەمەرقەنت، شاشتىكى يوشۇرۇن يۈرگەن باشلىقلار ۋە ئۆلىمالار، يۇرت كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ مەخپىي ئەۋەتىپتۇ.

— شۇنداق بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى بار ئىدى، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان ئويچان ھالدا — ئەبۇ ئىبراھىم تىنچ ياتمايدۇ. بىز قايتىپ كەلگىلى تۆت يىل بولدى. ئۇ ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كەلمەي قويمايتتى.

— توغرا. سەمەرقەنتتىن قايتىشتا بۇ مۆلچەرنى قىلىشقا-

ىدۇق، — دېدى ئارسلان، — بىز ئەبۇ ئىبراھىمنى قاچۇرۇپ قويغىنىمىز خاتا بولغان.

— شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا ئىلاجى يوق ئىدى، ئۇ بولمىسا، يەنە بىر ئىبراھىم، ياكى ئىسمائىل كېلەتتى. مەن قايتقىلى ئۈچ يىل بولدى. سىز قايتقىلى تېخى بىر يىل بولدى. مانا قاراڭ، چاتاق چىقىپتۇ. سىلەر ئويلاشتىڭلارمۇ، قانداق قىلماق كېرەك! — سورىدى سۇتۇق بۇغراخان.

— بىز ئويلىشىپ، دەرھال تەييارلىق قىلىپ قوشۇن ئەۋەتسەك دېگەن پىكىرگە كەلدۇق، — دېدى توغرۇل ئالىپ سۇباشى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ياقتىكى قاداش ئۇلۇسلىرىمىزنى بىر-ئىككى قېتىم قۇتقۇزۇش بىلەن ئىش تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ. مۇسا بۇغرا قاراخان بۇ پىكىردە چىڭ، خان ئوغۇل تونغان ئىلىك بىلەن ئىلىك ئۇستازمۇ قوشۇلدى.

بىرپەس جىمىلىقتىن كېيىن ئارسلان دېدى:

— ئەمدى ئۇرۇشتىن قولىمىزنى بوشىتىپ باشقا ئىشلارنى قىلغىلى تۇرغاندا، بۇ ئىش يەڭگىل چۈشمەيدۇ. بىراق، ياردەم بەرمەي بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ گەپ قىلماي يەنە ھېلىقى گۈلزارلىققا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يالاڭ قىلىچىنى ئېگىز تۇتۇپ قاناتلىق ئاق ئارغىماققا مىنىپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان باتۇرتاغا يەنە پەيدا بولدى...

— شۇنداق دوستلار، قىلىچنى قولدىن چۈشۈرۈشكە بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەلدىم بىلەن قەلەم بىر-بىرىدىن ئايرىلسا ئىش پۈتمەس، بۇ توغرىدا تېخى يېقىندا

سۆزلەشكەندۇق. قەلەمسىز ئەل گۈللەنمەيدۇ، ئەلەم بولسىما قەلەمنى ساقلىغىلى بولمايدۇ، ياغى ئۇ ياقلاردا توختاپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى — بىزنى يوقىتىش.

— قاداشلارغا ياردەم قىلىش كېرەك. ئۆزىمىزنىمۇ قوغداش كېرەك.

— نۆۋەتتىكى ئىش — ئەلنىڭ ھالىنى تىڭلەش، كۈنپېتىشقا يۈرۈش جېڭىمىز ئاسانغا چۈشمىدى. چىقىم تارتتۇق، چېرىكلەر ھاردى. ئىگىلىك، بىلىك-ئاقارتىش ئىشلىرىغا كاشىلىسى بولدى. بىز بىلىمىزنى رۇسلىۋالماقىمىز كېرەك.

— ھازىرچە ئۇ ياققا ئىككى-ئۈچ تۈمەنلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم قىلىش كېرەك. ياغىنى توسۇپ ئىلاجى بار شاش، پەرغانىگە كەلتۈر-مەسلىككە تىرىشماق كېرەك. بۇ ئىشنى بالاساغۇن خانى ئۆز ئۈس-تىگە ئالسۇن، توغرۇل سۇباشى بالاساغۇنغا بېرىپ كەلسە قانداق؟

باشقىلار بۇغراخاننىڭ سۆزىگە تولۇق قوشۇلۇپ رازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى...

## تۆتىنچى باب

# ئۈمىد دولقۇنلىرى

ئايلار، يىللار ئۆتتى. قاراخانىلار خاندانلىقى بەستىنى رۇسلاپ يەنە ئۇلغىيىشقا باشلىدى، بارغانچە ئۇلغىيىۋەردى. ئونىنچى يۈز يىللىقنىڭ ئىككىنچى يېرىمى، كۈزنىڭ يېقىملىق كۈنلىرىدىن بىرى — ساجىيە مەدرىسىسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولدى. بۇ ئادەتتىكى يىللاردىكى مۇراسىمغا ئوخشىمايتتى. بىرى، ساجىيە مەدرىسىسى ياسالغاندىن كېيىنكى چوڭ مۇراسىم، يەنە بىرى، خانلىق بىلىگ يۇرتىدىن تارتىپ تا ساجىيەگىچە بىر قېتىملىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئەڭ جىق بولغان بىر مۇراسىم ئىدى. يەنە بىرى، بۇگۈن خانلىق بىلىگ يۇرتىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى ئىدى. مۇراسىم بىلەن مەدرىسىنىڭ ئۇتۇقىنى، پۈتكۈل ئەلدە قانات يايغان بىلىگ-ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى شۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى سۆزلەش مەقسەت قىلىنغانىدى. شۇڭا بۇ مۇراسىم ئالاھىدە تەنتەنىلىك مۇراسىم بولدى.

ئەتىگەندىلا مەدرىسىنىڭ ھويلىسى، ئارقىدىكى بېغى كىشىلەر بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ مەدرىسىنى، ھويلا-باغنى تاماشا قىلاتتى. ئىككى يانغا، ئارقىغا تارتىپ كېڭەيتىلىپ ياسالغان بېغى مەدرىس كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتاتتى. كېڭەيتىلگەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتا ياسالغان ئاۋۋالقى خانلىق بىلىگ يۇرتى قەد

كۆلىرۈپ تۇراتتى. نەقىشلەر بىلەن ياسالغاندىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتتى. بۇ بىنا ئەمدى كىچىك بولۇپ قالدى.

"بۇ بىنا يېڭىلىرىغا قارىغاندا، كىچىك، — دېدى مەدرىس تاشلىرىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر كىشى، — بىراق بۇ بىنانىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. بۇ، سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇپ بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغان تارىخى بىنا. بۇ ئۇلۇغ خاتىرە". باشقىلارمۇ قوشۇلۇپ باشلىرىنى لىڭشىتتى.

دېمىسىمۇ بۇ قەدىمىي مەدرىس، نۇرغۇنلىغان كۆرەش ۋە ئوقۇش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بىر تارىخىي مۇزېيغا ئوخشايتتى. كونا مەدرىسنىڭ ئالدىدا چوڭراق مەدرىس، ئارقىغا — باغ ئوتتۇرىسىغا تېخىمۇ چوڭ بىر مەدرىس سېلىنغان، كەڭ پېشايۋانلار، سالاسۇنلار ئوراپ تۇرغان مەدرىسلەر بىلىنگ كۆرگەزمىسى ئەمەس، ئېسىل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئىدى. پۈتۈن تامغا ئاق گەجدىن ھەر خىل نەقىشلەر، ئىشىك-پەنجىرىلىرىگە ئاق-يېشىل نەقىشلەر سېلىنغان. مەدرىس ئۆگزىلىرىنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى پەشتاقلار نەقىشلىق پىشتىق خىشلار بىلەن كۆتۈرۈلگەن. مەدرىسلەرنىڭ ئۆگزە كىندىكىدىكى يېشىل ساپاللىق گۈمبەزلەر، گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن ئالتۇن ئەگىم ئاي قۇياش شولىسىدا پارقىراپ نۇر چاچاتتى. مېۋىلىك، گۈلزارلىق باغ گۈزەل بوستانغا ئوخشايتتى. يېتىشىپ پىشقان باراڭلاردىكى ئۈزۈملەر، دەرەخلەردىكى شاپتۇل، نەشپۈت، كۈزگى ئەنجۈرلەر چىراي-لەۋلىرىنى سۇزۇپ كۈلۈمسىرەپ مېھمانلارنى قارشى ئالاتتى. ئۇز كېيىنگەن ئوماق باللار لېگەن-لېگەندە ھەر خىل مېۋىلەرنى ئۈزۈپ باراڭ ۋە بوستانلاردىكى داستىخانلارغا تىزاتتى. كىشىلەر ئايلىنىپ-چۆگىلەپ داستىخانغا توپلىنىشقا باشلىدى.

ئولتۇرۇپ مېۋە يەۋاتقانلاردىن سەللىلىك بىر كىشى يېنىدىكىلەرگە،
— ئاۋۇ خاتۇنلارنى قاراڭلا، ئۇلارمۇ كەپتۇ، — دېدى ئېرىقى بوستاندا ئولتۇرۇپ خۇش ئاۋاز پاراڭلىشىۋاتقان ئاياللارنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار ئەمدى ئۆيي ئىشىنى قىلما بولاتتى.

— ئۇلارغا بىلىك كېرەك ئەمەسمىكەن؟ — دېدى بىرسى تېرى-كىپ، — ئۆيي ئىشىنى ئەرلەر بىللە قىلىشى كېرەك.

— ھە، ئاغىنە، خاتۇن دېگەن يەنە خاتۇن-دە. ئۇلارنىڭ بىلىك يۇرتىنى ئاقاش كېرەك، — دېدى يەنە بىرسى، — تېخى يېڭىدىن ياسالغىنىنى دېمەمدىغان.

— بۇ خاتۇنلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، بۇ ئۇلارغا ھاقارەت...

بوستاننىڭ بۇ چېتىدە ئولتۇرغان بىر ئايال ئەرلەرنىڭ تالىشىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ ئاخىر چىدىيالماي چاچراپ قوپۇپ كەتتى.

— كىمكەن ئۇ، خاتۇنلارغا ھاقارەت قىلىدىغان! — دېدى ئۇ قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، — ھە، ئۆزلىرىمۇ، تەقسىرىم. خاتۇن بولمىسا ئۆزلىرى نەدىن كەلگەن؟ خاتۇنلار بولمىسا جاھاندار-چىلىقنى كىم قىلىدۇ؟ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانمۇ دەيلۇق، خاتۇنلارمۇ ئادەم، بىزنىڭ ئادەملىك ھوقۇقىمىز بار. بىزنىڭ ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بۇرچىمىز بار. بىز ھارام تاماق، تۇزكور بولۇپ ئۆيدە يېتىۋەرمەيمىز. بىزگىمۇ بىلىك كېرەك. خاتۇنلار ئوقۇماسلىق كېرەك، دېيىش توغرا بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلى-رىگە خىلاپ بولىدۇ. "ئىلىم تەلەپ قىلماق ھەربىر ئەر-خاتۇن مۇسۇلمانغا پەرز" دېگەن ئەمەسمۇ "... مۇسلىمىن ۋە مۇسلىمەتىن" دېگەن سۆزنى ئۇنتۇمايلۇق. خاتۇنلار بىلىك يۇرتىنى يوقىتىش ئۇگۇل، ئۇنى چوڭايتماق، ئەلنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇنداق بىلىك يۇرتىنى

قۇرماق كېرەك. بىزگە ئەرلەرنىڭ قوللىشى، ياردىمى كېرەك. قارشى بولغۇچى چىقسا ياخشى ئىش ئەمەس... قالداق دېدىم ئەرەنلەر!

— توغرا گەپ. خاتۇنلارنىڭ بىلىك ئېلىشىغا قارشى بولۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

تالاشقۇچىلار جىم باشلىرىنى ئېگىپ ئولتۇردى. ئىپارگۇل ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كەتتى.

كىشىلەر قوۋۇق تەرەپكە قاراشتى. قوۋۇقتىن بۇغراخانلار كىرىپ كەلگەندى. سۇتۇق بۇغراخان، خانىش ئايدىڭ مۇسا بۇغرا قاراخان، بىكەچ تونغان ئىلىك، ئىلىك ئۇستاز، ئارسلان، يۇلتۇز ۋە باشقىلار كېلىپ كىشىلەرگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئورىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئىچكىرى ماڭدى. مەدرىس باشلىقى تېكىن ئاداش ئالدىدا باشلاپ ماڭدى. مۇدەررىس، تالىپلار، مېھمانلار بۇغراخانلارنى، خانىش، ئاغىچىلارنى سەممىي قارشى ئالاتتى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇلار بىلەن سەممىي ئامانلىشىپ باراتتى. بوستان ئالدىغا كەلگەندە خاتۇنلار بىلىگ يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرۈپ توختىدى، قۇندۇز بىلەن ئىپارگۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلار تازىم بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ئامان، بالىلار، — دېدى سۇتۇق بۇغراخان زوق بىلەن كۈلۈپ، — ھە، بىزنىڭ خاتۇن بىلگەلىرىمىز مەشەدىكەن-دە، سىلەرنىڭ تۆھپەڭلەر باشقىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئەل سىلەرگە ھەشقاللا دەيدۇ.

باغ تۆرىدىكى يېڭى سېلىنغان چوڭ مەدرىسىنىڭ دەرسخانىسى ئادەم بىلەن لىق تولغان، تۆردە — دەرس سۇپىسىدا بۇغراخانلار،

ئوردۇ ئەمەلدارلىرى، داڭلىق ئالىم-مۇدەررىسلەر ئولتۇرۇپتۇ. تۆۋرۈكلۈك كەڭ-ئېگىز چاسا دەرسخانىدىكى تۆت يۈزدىن ئارتۇق تالىپلار جىم ئولتۇرۇشاتتى.

— مەدرىسىمىزنىڭ بىر قىسىم تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يىغىنىنى باشلايمىز — دېدى ئاداش تېكىن — بۇ يىل توپتوغرا ئىككى يۈز تالىپ ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. بۇداقى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى جىق، ئوقۇش ۋاقتى ئۇزاق، ئالغان بىلىمى يۇقىرى، مەدرىسىمىزنىڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىمقىسى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئەلىنىڭ ھەممە جايىدىن كەلگەن تالىپلاردىن باشقا، چەت ئەلدىن — خۇراساندىن، ئەرەب ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن تالىپلارمۇ بار. بۈگۈن بىزنىڭ مەدرىسىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ئۇچۇر بېرىمىز...

ئاداش تېكىن مەدرىس قۇرۇلغاندىن تا ھازىرغىچىلىك بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە كەڭ توختالدى. ئۇ خاتۇنلار بىلىگ يۇرتىنىڭ ئۇتۇقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى. يۇلتۇز، قۇندۇز ۋە ئىپارگۈللەرنىڭ تۆھپىسىنى ماختاپ "بۇ بىلگۈچىلىرىمىز خاتۇن ئوقۇغۇچىلار ئەمەس، ئەرەن ئوقۇغۇچىلارغىمۇ جىق بىلىگلەر ئۆگەرتتى" دەپ قوشۇپ قويدى.

ئاداش تېكىن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى سۆزلىدى. ئەرەب ئېلىدىن كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىمۇ سۆزلەپ، بىلىگ بەرگەن مەدرىسكە، ئوقۇتقۇچىلارغا ھەشقاللا ئېيتتى. ئاداش تېكىن بۇغراخان بىلەن ئىلىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆزگە تەكلىپ قىلغانىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئىلىك بىلەن ۋە مۇسا بۇغرا قاراخان بىلەن بىرنېمە دېيىشتى. ئاندىن كېيىن ئىلىك ئۇستازغا ماقۇل بولغاندەك باش لىڭشىتىپ ئورنىدىن

قويدى.

— ئالىپ بىلگە، ئۇلۇغ مۇدەررىسىمىز ئىلىك ئۇستاز سۆز قىلىدۇ! — ئېلان قىلدى ئاداش تېكىن. ھەممە تالىپلار ۋە مېھمانلار خۇددى بىرى بۇيرۇق بەرگەندەك تەڭلا گۈررىدە قوپۇپ ئۇستازغا سالام قىلدى. ئوتتۇرىدا، خاتۇنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ئىپارگۈلمۇ قوپۇپ تازىم قىلدى. ئۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر كۈلدى، بەزىلەر زوقلاندى. "تازىم قىلمايمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئۇ مېنىڭ ئېرىملا ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۇستازىم، مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم، مېنىڭ تەربىيىچىم." ئىپارگۈل چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن ئۇستازغا تەلمۈرەتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن تەپچىگەن ئىسسىق سۆيۈنچ يېشىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن كالپۇكىنى چىشلەپ، ئاق كىرگەن چاچلىرىنى سىلاپ قويدى.

— ئولتۇرۇڭلار، بالىلار، رەھمەت سىزلەرگە، — ئىلىك ئۇستاز سۇپىنىڭ لېۋىگىرەك قويۇلغان ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ سۆز تاپالمىغانلىقى ئەمەس، نېمىشقىدۇ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى. بۈگۈن ئۇ باشقىچە ھاياجاندا ئىدى. باياتىن جىق نەرسىلەرنى ئويلىدى. مۇشۇ مەدرىسىنىڭ بىرىنچى ئۇلى چۈشكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلغىيىشى ئارقا-ئارقىدىن مەدرىس پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ تىزىلىپ قوۋۇقتىن چىقىشى، تەتۈرلەرنىڭ مەدرىس چېقىشى، كالتەك يەپ چىشى چۈشۈپ كەتكەنلىكى، مىڭلىغان تالىپلارنى باشلاپ، جىن-شەيتانلارنى يەنجىپ، بىر ئېگىز داۋانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر ئېگىزلىكتە قولىدىكى تۇغنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغىنى — مانا مۇشۇنداق بىر قاتار مەنزىرىلەر بىر-بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن

ئۆتتى. تەنتەنىلىك مۇراسىملار بولغان. لېكىن، بۈگۈنكىدەك كۆڭۈل-
لۈك، تەسىرلىك بولمىغانىدى. ئۇ سۆزلەيمۇ، يوقمۇ دەپ تۇرغاندا،
سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى ئۆزىگە، بۇغراخانغا ۋاكالىتەن
سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. قەدىردان دوستىنىڭ ئىشەنچى ئۇنى
يەنە تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارنىڭ سەممىي ھۆرمىتى
ئۇنىڭ يۈرىكىنى دولقۇنلاندۇردى. "ئەجەب ئىش، ئۆمرۈمدە بۇنداق
ئىش بولۇپ باقمىغان" دەپ ئويلىدى ئۇ چوڭقۇر تىنىپ ۋە
بىرپەستىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

— مەن ئۇلۇغ قەدىناس دوستىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا ۋاكالىتەن
سۆزلەيدىغىنىم ئۈچۈن بەك خۇشمەن. بۈگۈن بىز ئىككى يۈز ئوقۇل-
داشنى ئۇزىتىۋاتىمىز. سىلەرنى بەش يىل ئىلگىرى قارشى ئالغا-
نىدۇق، بۈگۈن ئۇزاتماقتىمىز، قىرىق-ئەللىك يىلدىن بېرى مۇشۇ
بىلىگ يۇرتىمىزدا بىرنەچچە مىڭ ئوقۇلداشلارنى قارشى ئېلىپ،
ئۇزىتىپ تۇردۇق. بۈگۈن سىلەر پۈتتۈرۈپ چىقتىڭلار. بېرىڭلار باللار،
ئەل سىلەرنى كۈتمەكتە. ئەلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاتقۇرۇڭلار، —
ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — سىلەرنى ئەل كۈتمەكتە،
ياخشى كۈنلەرمۇ، ئېغىر يىللارمۇ كۈتمەكتە. سىلەرگە خەلق بىلەن
جىق بايراملارنى تەنتەنە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، تايغاق يوللاردىن
مېڭىپ داۋانلار ئېشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇتتۇقمۇ بولىدۇ، ئۇتتۇلۇشمۇ
بولىدۇ. تەييار تۇرۇڭلار، ئۇتتۇقتا مەغرۇر بولماسلىق، ئۇتتۇلۇشتا
كۆڭۈلسىز بولماسلىق كېرەك. ئادەملەر چېلىش بىلەن ئالغا باسىدۇ،
دۇنيا ئۆزگىرىپ بارىدۇ، ئاخىرى تامامەن ئەركىن، يېڭى دۇنيا
قۇرۇلىدۇ. لېكىن، ئۇ يېڭى دۇنيا ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. بىز ئۇنى
كۈرەش بىلەن كەلتۈرىمىز. ئۇ دۇنيانىڭ نامى نېمە بولسا بولسۇن،

خەلقنىڭ، ئېزىلگەن جاپاكەش خەلقنىڭ ئەركىن دۇنياسى بولىدۇ. بۈگۈن بىز ئۆزگەرتىپ قۇرۇۋاتقان دۇنيامۇ ئەركىن دۇنيا. بۇ ئەركىنلىك ئىلگىرىكى دوزاخ — قۇللۇق دەۋرىگە قارىغاندا شۇنداق. لېكىن بۇ ئەركىنلىك بەك ئاز. بۇ تېخى باشلىنىشى، تولۇق ئەركىن دۇنيا، دۇنيانى ياراتقان، ئۆزگەرتەلەيدىغان ئەمگەكچان خەلقنىڭ راست ئەركىن دۇنياسى تېخى ئالدىمىزدا. ئۇنىڭ يولى يىراق ۋە مۈشكۈل. كىشىلەر نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ ئاندىن يېتىپ بارىدۇ. بىز مۇشۇنچىلىك ئىش قىلالىدۇق. سىلەر ئىلگىرىلەيسىلەر. سىلەر بارالمىساڭلار، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئاخىر شۇ پەللىگە يېتىپ بارىدۇ. بىز ئاشۇ ئەركىن دۇنياغا يول سالغۇچىلاردىن بولالايلۇق. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئارقىسىغا قاراپ بىزنى تىللاپ ئەمەس، ماختاپ ئەسلىرىگە ئالىدىغان بولسۇن! مەزمۇت يول قويغۇچى ئۇستا تامچىلاردىن بولۇڭلار. ئامان، بالىلار!

ئىلىك ئۇستاز توختاپ قوشۇملىرىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن سورالۇق ئاۋاز بىلەن مۇنۇ قوشۇقنى ئېيتتى:

پەللىدە بار دەيدۇ ئەلنىڭ پاناھى،
ئەركىنلىك نىجاتى-قۇياشى، ماھى.
يەتمەككە پەللىگە ماڭغىنىم ماڭغان،
توسالماس يولۇمدىن دېۋە ئىلاھى.

ئوقۇغۇچىلار يەنە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ گۈلدۈرلىتىپ ئۇزاق ئالقىش بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇستاز سۆزلەپ بولۇپ ئورنىغا قايتقاندا، سۇتۇق بۇغراخان باشلاپ ھەممەيلەن قوپۇپ ھۆرمەت قىلدى. بۇغراخان دوستىنى ئۇزاق، چىڭ قۇچاقلىدى، دەرسخانا يەنە گۈلدۈرلىدى. ھاياجاندىن ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ

كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ خاتۇنلاردىن يىغلىمىغىنى قالمىدى، ئايدىڭ بىلەن يۇلتۇز تەتۈر قاراپ كۆزلىرىنى سۈرتتى...

ئاداش ئېكىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇق ئوقۇشنى باشلىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چوڭ-كىچىك تالىپلار كەينى-كەينىدىن چىقىپ ئۆزلىرى يازغان قوشۇقلىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ قوشۇقلىرىنى كۆپچىلىك دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. خاتۇنلار بىلىگ يۇرتىنىڭ يىگىرمە ياشلاردىكى بىر قىز ئوقۇغۇچىسىنىڭ قوشۇقى بولۇپمۇ كىشىلەرگە بەك ياخشى تەسىر قىلدى، ئۇ قىزنى ماختاشتى. قىز قايتىپ ئورنىغا بارغاندا، ئاۋال قوندۇز، ئاندىن ئىسپارگۆل ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئەركىلەتتى.

— مەدرىسىمىزنىڭ باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىككى ئوقۇلداش قوشۇقلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، — ئېلان قىلدى ئاداش ئېكىن. بىرى ئون ئىككى ياش، بىرى ئون ياشلىق ئىككى ئوغۇل بالا چوڭ كىشىلەردەك مېڭىپ سۇپىغا چىقىپ دەس توختىدى. قەددىنى رۇسلاپ، ئاۋال بۇغراخانلارغا تازىم قىلدى، ئاندىن كۆپچىلىككە تازىم قىلدى. كېيىن، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جانلىق ھەرىكەت ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن قوشۇقىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئىككىسى تەڭ:

ئېتىلدىم باش تىكىپ بىلىگ قوينىغا،
بىلىگ سۈمۈرۈغىنى مىنىپ ئۆرلەيمەن.
كىتابىم قالقاندۇر، قەلىمىم خەنجەر،
يانىباستىن ئۇچىمەن، كۆكنى كۆزلەيمەن.

ئا بالا:

يۇرتۇمنى سورىساڭ بالاساغۇنلۇق،

بىلىمگە تەلمۈرۈپ تەلپۈنىدۇ قەلبىم،
تىلىكىم ئەل ئۈچۈن بولماق بىر چاكار،
جىسمىمنى ئاتايمەن تىلىسە خەلقىم.

ب بالا:

نەسلىمنى سورساڭ ئۇيغۇر بالىسى،
بىلىمگە ئەشنا بولۇپ ماڭدىم سەپەرگە.
يولۇمدا بولسىمۇ بوران-چاپقۇنلار،
ئاخىرى يېتىمەن نۇرلۇق سەھەرگە.

ئا بالا:

بىلىم يۇرت ئوقۇلۇم قۇتلۇقتۇر ماڭا،
تەر تۆكۈپ، قان بېرىپ ياراتتى بوۋام.

ب بالا:

بىلىمنىڭ غۇنچىسى ئەزىزدۇر ماڭا،
ئېچىلدۇرۇپ ساقلايمەن ياراتتى دادام.

ئىككىسى تەڭ:

ئېتىلدىم باش تىكىپ بىلىم قوينىغا،
بىلىم سۈمۈرۈغا مىنىپ ئۆرلەيمەن.
كىتابىم قالقاندۇر، قەلىمىم خەنجەر،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن، كۆكنى كۆزلەيمەن!

ئۇلار شۇنداق تەسىرلىك ئوقۇدىكى، پۈتكۈل دەرسخانىنى ھاياجانغا كەلتۈرۋەتتى. بالىلار سۇپىدىن چۈشكىلى ماڭغاندا سۇتۇق بۇغراخان شەرەتلەپ چاقىرىۋالدى. ئۇ بالىلارنى بىر-بىردىن پېشانىلىرىگە سۆيۈپ، باشلىرىنى سىلىدى ۋە ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ ئۇزاق قۇچاقلىدى، كۆپچىلىك ئالقىشلىدى. بۇغراخان

ئېگىلىپ بالىلارنىڭ چاقماقتەك چاقناپ تۇرغان ئوتتىكۈر كۆزلىرىگە، ئىدراكى ئۇرغۇپ تۇرغان چەبدەس سىياقىغا قارىدى. بالىلارمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇغراخانغا قاراپ كۈلۈشتى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆز-ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر شېرىن ھېسسىياتنى سەزدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ بالىلار سىماسىدا خەلقنىڭ كەلگۈسى قۇتلۇق ھاياتىنى، ئەلنىڭ ئەركىن، گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگەندى... سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئىلىك ئۇستازنىڭ سىرداش كۆزلىرى ئۇچراشتى. چوڭقۇر مەنىلىك بۇ كۆزلەردىن ئۈمىد يالقۇنلىرى چاچرايتتى. ئۇچقۇنلار بىللە ئېلىپ چىققان خۇشاللىق ياشلىرى ئاق ساقاللارغا سېپىلەتتى. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ، ياق، پۈتكۈل قاراخانىلار خاندانلىقى تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ بۇ ئۇلۇغ پېشۋاسىغا ۋە ئەلگە داڭلىق دانا ئۇستازىغا تويماي قارايتتى...

بۇ بىر جۈپ چاقماق بالا بەلكى كەلگۈسىنىڭ داڭلىق ئالىملىرى، ئەلنىڭ دانا باشلامچىلىرى بولۇپ يېتىشەر، بىراق، سۇتۇق بۇغراخانمۇ، ئىلىك ئۇستازمۇ، ئۇلتۇرغان يارانلارمۇ، بالىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئالدىن بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

لېكىن قەلبلەردىن ئۇرغۇغان ئۈمىد دولقۇنلىرى، كۆزلەردىن چاچرىغان ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى بۇنىڭدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى!...

سۇتۇق بۇغراخان چوڭقۇر ھاياجان بىلەن، بالىلارنى قولتۇقلىغىنىچە قەلب دولقۇنلىرى بىلەن ئۇرغۇپ چىققان ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە ئارزۇسىنى بايان قىلدى:

پەللىگە يېتەلمەي قالسىمۇ قەدىمىم،
مەنزىلدىن مەنزىلگە باسىدۇ نەۋرەم،

ئەجدادى ئىزلىرى قالغان يول بىلەن،
پەتكۈسى پەللىگە تۇمەنىملىك چەۋرەم

يارانلار دەس تۇرۇنلىرىدىن قوپۇپ كۈلدۈرلىگەن ئالقىشلار ياڭراتتى. ئۇلار هاياجان، ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇلۇغ بۇمرانلىق ئەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمى مۇھەببەتلىرىنى ئىزهار قىلاتتى...

1979 — 1982 - يىللار، بېيجىڭ.

پەلەككە يېتەلمەي قالسىمۇ قەبرەم،

مەنزىلدىن - مەنزىلگە باسقۇنە شۇ دەم،

ئەجدادى ئىزلىرى قالغان يول بىلەن،

سفر، مەسلىك

يەتكۈسى پەلەككە تۈمەن مىڭ چەۋرەم.



مەسئۇل مۇھەررىرى: سىدىق دۇگايلى

مەسئۇل كوررېكتورى: رەشىت ۋاھىدى

خەتتات ۋە رەسسام: غازى ئەھمەت

سەيپىدىن ئەزىزى

سۇتۇق بۇغراخان

(تارىخىي رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1987- يىل 9- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى

1987- يىل 9- ئايدا بېسىلىشىدا 1- قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 4.0[illegible] يۈەن



书号：M10049·4·223
定价：4.15元

www.birhon.com